

ماھنۇر قاسىم

# ئەخمەت ئەپەندىمنى ئەسلەيمەن

1

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ماھنۇر قاسىم

ئەخمەت ئەپەندىمنى ئەسلەيمەن

1

مىللەتلەر نەشرىياتى



يولداش ئەخمەتجاننىڭ شۇ يىللاردىكى تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان چىرايى كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمەيدۇ.

بۈگۈن ئەخمەتجاننىڭ رەپىقىسى ماھنۇر خانىم «ئەخمەت ئەپەندىمنى ئەسلەيمەن» ناملىق بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىپتۇ، بۇ تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان بىر ئىش. مەن ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخنىڭ بىر شاھىتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن تولىمۇ سۆيۈندۈم.

— دېڭ لىچۈن



ماھنۇر قاسىم

# ئەخمەت ئەپەندىنى ئەسلەيمەن

1

مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تارىخ ۋە ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى
كومىتېتى تەكشۈرۈپ بېكىتتى

مەسلىھەتچىلەر: ئۇيغۇر سايرانى
مۇزەپپەر ئابدۇللايېۋ

تەھرىر ھەيئەتلەر: خەن چىبىڭ
نۇرمۇھەممەد دۆلەتى
لياڭ رىمىڭ
غوجائەخمەت يۇنۇس
ئادىلجان قاسىمى

مىللەتلەر نەشرىياتى



ماهنۇر قاسىم

# ئاپتورنىڭ تەرجىمھالى

ماھىنۇر قاسىم 1929 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قورغاس ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، بىر ياشقا كىرگەن چېغىدا ئاپىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەن. ئېغىر غۇربەتچىلىك دەستىدىن ئوقۇشسىز قېلىپ بالا ئىشچى بولغان، 1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن تۇرمۇش قۇرغان ۋە ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ يېنىدا كاتىپلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن يۈزمۇيۈز كۈرەش قىلىش جەريانىدا ھايات ـ ماماتلىق سىناقلارنى باشتىن كەچۈرگەن. 1948 ـ يىلى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئاياللار كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان. 1949 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئۇ قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كېلىشىنى كۈتۈۋالغان. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىنى قىزى بىلەن ئوغلىنى تەربىيەلەپ تەنھا ئۆتكەن. 1951 ـ يىلى ئىلى ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1952 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ باشلىقى بولغان ۋە شۇ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1953 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى بولغان. كۆپ قېتىم ماۋ زېدۇڭ قاتارلىق مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە زەربىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ھەقىقەتنىڭ ھامان رەزىللىك ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئۇزۇل ـ كېسىل ئاقلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ھەمدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 2003 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان.

# بېغىشلىما

1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئالاقىچىسى سۈپىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭنىڭ غۇلجا شەھرىگە يېتىپ كېلىپ، ھەممىدىن ئاۋۋال شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى يولداش ئەخمەتجان بىلەن ئۇچراشتىم، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەلۇماتى مەن قۇرۇپ چىققان «لىچۈن» راتسىيەسىنىڭ ئېلېكتىر دولقۇنلىرى ئارقىلىق مەركىزىي كومىتېتقا يەتكۈزۈلگەن؛ 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى مەن يولداش ئەخمەتجانغا رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇنى بېيجىڭغا كېلىپ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلغانلىقى توغرىسىدىكى تەكلىپنامىسىنى ئۆز قولۇم بىلەن تاپشۇرغان، يولداش ئەخمەتجان ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، دەرھال رەئىس ماۋ زېدۇڭغا جاۋاب تېلېگراممىسى يوللاپ، يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قەرەلىدە بېرىپ قاتنىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

يولداش ئەخمەتجاننىڭ شۇ يىللاردىكى تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان چىرايى كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمەيدۇ.

بۈگۈن ئەخمەتجاننىڭ رەپىقىسى ماھنۇر خانىم «ئەخمەت ئەپەندىمنى ئەسلەيمەن» ناملىق بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىپتۇ، بۇ تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان بىر ئىش. مەن ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخنىڭ بىر شاھىتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن تولىمۇ سۆيۈندۈم.

بۇ كىتابنىڭ قۇربان بولغانلارنى ئەسلەش، خىزمەتداشلارغا ئىلھام بېرىش، ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشكە ئاتالغان قىممەتلىك بىر سوۋغا بولۇپ قېلىشىنى تىلەيمەن.

يولداش ئەخمەتجان مەڭگۈ ھايات!

دىڭ لىچۈن

2006 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى

# نەشرىياتتىن

ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان، جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ سۆيۈملۈك رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ شانلىق ھاياتىنى قايتا يورۇتۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشنى ۋىجدانىي بۇرچۇم، باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىم دەپ، ئائىلىق بۇرچىنى بەجا كەلتۈرگەن ماھىنۇر قاسىم ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق روھى بىلەن ئەسلەپ، ئىزدىنىپ، ئۈزلۈكسىز ماتېرىيال توپلاپ ۋە رەتلەپ، ئون نەچچە يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان «ئەخمەت ئەپەندىمنى ئەسلەيمەن» ناملىق بۇ ئەسىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە تارىخى كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، 2011 - يىلى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ۋە ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى كومىتېتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى نەشردىن چىقتى. نەشرىياتىمىز نەشر قىلغان مەزكۇر كىتاب خەنزۇچە نەشرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرچە ئەسلىي ئارگىنال ئاساسىدا تەھرىرلەندى. بىز بۇ نۇسخىنى ئۈچ يىل ئىچىدە خەنزۇچە نەشرىگە تۆت قېتىم سېلىشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ، تەھرىرلىدۇق، ھەربىر باسقۇچلۇق تەكشۈرۈش، تەھرىرلەش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئاپتورنىڭ يەنە تەكشۈرۈشىگە قايتۇردۇق. تەھرىرلىك جەريانىدا نەشرىياتىمىز مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورى ماھىنۇر قاسىم خانىمنىڭ كۆپ ياردىمىگە ئېرىشتۇق، تەھرىر ھەيئەتلەرنىڭ بىرى بولغان ئادىلجان قاسىمى كىتابنىڭ تەھرىرلەنگەن نۇسخىسىنى قايتا-قايتا كۆرۈپ تۈزەتتى ۋە تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بەردى. تەھرىرلىك جەريانىدا يولۇققان مەسىلىلەرنى كۆپ قېتىم كېڭىشىپ بىر تەرەپ قىلدۇق. بۇنىڭدىن بۇرۇن ۋە بۇ جەرياندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھەر مىللەتتىن بولغان شاھىتلىرى، تەتقىقاتچىلىرى، تا-

رىخشۇناسلار، ئەدىبلەر ۋە رەھبەرلەر بۇ كىتابنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل بولۇشى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان سەمىمىي پىكىرلەرنى بەردى.

2014 ـ يىل 5 ـ ئايدىن باشلاپ، كىتاب ئارگىنالىنى بەشىنچى قېتىم سېلىشتۇرۇش، تەكشۈرۈش، تەھرىرلەش ۋە بېكىتىش خىزمىتىنى يەنە بىر رەت ئىشلىدۇق. بۇ جەرياندا تارىخقا، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇردۇق. كىتاب مەزمۇنىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، تارىخىي شەخسلەر ۋە ۋەقەلەر كۆپ، شۇنداقلا بۇ تارىخىي شەخس ۋە ۋەقەلەر ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ۋە ئازادلىق ھارپىسىدىكى كۈرەش ۋە ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى سەۋەبلىك، بەزى تارىخىي ۋەقەلەرنى ئاپتورنىڭ پىكىر يولىغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا ئىلاج بار ھەقىقىي ھەم دەۋر روھىغا ماسلاشتۇرۇپ يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق. ئەمما تەھرىرلىك ھالقىلىرىدا ھەرخىل يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي بولالماي قالغان بولۇشىمىز مۇمكىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ئەسلىمىنى شۇ دەۋردىكى مەسىلىلەرنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ ھازىرقى دەۋر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە توغرا پوزىتسىيە ۋە ئاڭلىق قاراشتا بولۇپ ئوقۇشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھېس قىلغان كەمچىلىكلەر ۋە نۇقسانلارنى كېيىنكى نەشرىدە تۈزىتىۋېلىشىمىز ئۈچۈن سەمىمىي ۋە تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

# مۇندەرىجە


1. ئوق ئاۋازى ئىچىدىكى نىكاھ ........................................ 1
2. قېيىنئانام شەرۋانەم ........................................ 9
3. ئۆزى تەۋرىگەن بۆشۈك ........................................ 19
4. قېيىنئاتامنىڭ ئۆلۈمى ........................................ 24
5. كىچىك جەننىتىم جەننەتتىمىدۇ؟ ........................................ 32
6. مېنىڭ يۇلتۇزۇم قايسى؟ ........................................ 35
7. كۆزدىكى جاراھەت ........................................ 40
8. ياركەنتكە سەپەر ........................................ 43
9. ياركەنتتىكى دارىلئېتامدا ........................................ 54
10. ئالمۇتادىكى ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ........................................ 58
11. ساگۇدا ........................................ 63
12. موسكۋا شەرق ئەللىرى سوتسىيالىزمچىلىرى ئەمگەك ئۇنىۋېر-
ستېتىدا ........................................ 72
13. ۋەتەنگە قايتىش ........................................ 78
14. سىرلىق ئەينەكچى ........................................ 84
15. تۈرمىدىكى كۈرەش ........................................ 106
16. خۇش پۇراق سەبدەگۈل ........................................ 141
17. «7 - نويابىر» قوراللىق قوزغىلىڭى ........................................ 145
18. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ........................................ 157
19. ئەلەمدىن قەلەمگە — پارتىزانلىق سېپىدىن تەشۋىقات سېپىگە .... 162
20. ھەرەمباغ سوقۇشىدا تەگكەن ئوق ........................................ 177
21. ھەربىي بۆلۈم باشلىقى ........................................ 221
22. مىللىي ئارمىيەنىڭ قۇرۇلۇشى ........................................ 228
23. ئۈچ يۆنىلىش بويىچە جەڭ قىلىش ........................................ 242
24. خەلق ۋەكىلى ........................................ 301

25. تىنچلىق سۆھبىتى ........................................... 322
26. «11 بىتىم»نىڭ ئىمزالىنىشى ................................ 354
27. بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ............................ 386
28. «تىنچلىق بىتىمى» نى تىرىشىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ........... 468
29. جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ غۇلجىدا زىيارەتتە بولۇشى ............ 494
30. بىز ئۈرۈمچىدە .................................................. 520
31. سايلامنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىشى ............................... 530
32. ئادالەت! ئادالەت! ئادالەت! ....................................... 554
33. قازاق، قىرغىز ياشلىرىغا سۆزلەنگەن نۇتۇق ..................... 561
34. «مىللىي قۇرۇلتاي» ............................................ 589
35. دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز ..................... 634
36. تۈرپاننى كۆزدىن كەچۈرگەندە ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن نامايىش ... 656
37. فېۋرال پاجىئەسى ............................................... 723
38. ئەنسىز كېچىلەر ................................................. 768
39. جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ........................... 803
40. كەسكىن كۈرەشلەر ............................................... 818
41. مەخپىي خەت .................................................... 846
42. تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنىڭ غۇلجىغا توپلىنىشى ................ 853
43. بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ پارچىلىنىشى ........................... 879
44. يولۋاس ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ چىقتۇق .............................. 882
45. ئىنقىلابىي بازىنى مۇستەھكەملەش يولىدا ........................ 889
46. گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ بىرىنچى خېتى ۋە ئەخمەت ئەپەن-
دىمنىڭ جاۋاب خېتى ............................................. 903
47. گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ ئەخمەت ئەپەندىمگە يازغان ئىككىنچى
خېتى ............................................................ 936
48. ۋەكىل ئەۋەتمەيمىز ............................................. 959
49. نەۋرە ئىنىم ئوسمانجان ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن بىللە ........ 963
50. ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ جاڭ جىجۇڭغا يازغان ئىككىنچى جاۋاب
خېتى ............................................................ 1010
51. ھەر مىللەت زاتلىرى بىلەن ئىتتىپاق بولۇپ، خەلق ئۈچۈن
خىزمەت قىلىشنى تەكىتلەش ..................................... 1032

52. شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى .... 1056

53. ئۇ ماڭا ئاياللار خىزمىتىنى تاپشۇردى ........................ 1108

54. ئالدىنقى سەپنى كۆزدىن كەچۈرۈش ................................ 1133

55. ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ جاڭ جىجوڭ ئەپەندىگە يازغان ئۈچىنچى جاۋاب خېتى ........................................................ 1145

56. مەسئۇتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇشى ........... 1156

57. ۋەزىيەتتىكى يېڭى تەرەققىيات ........................................ 1160

58. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ غەمگۇزارى ................... 1198

59. كىشىلىك جەمئىيەتتە مۇئەللىمنىڭ مېھنىتىدىن پەخىرلىكرەك مېھنەت يوقتۇر ................................................ 1210

60. مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ تۆت يىللىقى ........... 1239

61. تاپانچا ئاسقانلار ئىچىدە سىزدەك مۇلايىم ئادەمنى كۆرگەن ئەمەسمەن ............................................................... 1249

62. خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ نەنجىڭنى ئىشغال قىلغانلىقىنى سال ئۈستىدە تەبرىكلەش .......................... 1257

63. «بىزنىڭ مەسىلىمىزنىڭ يېقىنقى كۈنلەردە ھەل بولۇشىدا شەك يوق» ........................................................... 1278

64. مىللىي مەسىلىدىكى بەزىبىر خاتالىقلىرىمىز .................. 1288

65. كۈرەشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش ............................ 1300

66. تاڭ نۇرى يېتىپ كېلىش ئالدىدا ................................. 1314

67. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى يولداش دېڭ لىچۈن غۇلجىدا ........................ 1328

68. رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەخمەتجانغا يازغان خېتى ۋە ئەخمەتجاننىڭ رەئىس ماۋ زېدۇڭغا يازغان جاۋاب خېتى ..................... 1360

69. ئەڭ ئاخىرقى سەپەر ................................................ 1370

70. شۇم خەۋەر .......................................................... 1379

71. ماتەم ................................................................. 1401

# ئاپتوردىن

هەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش — ماركسىزمنىڭ جەۋھىرى. مەن بۇ ئەسلىمەمدە ئۆزۈم بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن، ئەخمەتجاندىن ئاڭلىغان ۋە ئەينى ۋاقىتتا جامائەتچىلىككە مەلۇم بولغان ئىشلارنىلا بايان قىلىپ ئۆتتۈم، ئۇقمىغان ئىشلارنى تىلغا ئالمىدىم.

ئەخمەتجان قاسىمى مېنىڭ ئۇستازىم، يولدىشىم ئىدى. 1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى يولداش ماۋ زېدۇڭ ئەخمەتجان قاسىمىغا خەت يېزىپ، ئۇنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا ۋە دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ خېتىدە: «سىلەرنىڭ كۆپ يىلدىن بۇيانقى كۈرىشىڭلەر پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى. غەربىي شىمالدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ تولۇق ئازاد بولۇشىغا ئانچە ئۇزاق ۋاقىت قالمىدى، سىلەرنىڭ كۈرەشلىرىڭلار پات ئارىدا ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشىدۇ» دېگەنىدى.

بۇ يۈكسەك باھا ئەخمەتجاننى تولىمۇ سۆيۈندۈرگەن، ئەپسۇسكى، ئۇ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى 1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋاتقان سەپىرىدە ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قۇربان بولدى، شۇ چاغدا ئۇ ئاران 35 ياشتا ئىدى.

مەن شۇ قېتىمقى ئايروپىلان ھادىسىسىدە ئىككى يېقىن كىشىمدىن، يەنى يولدىشىم ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىر نەۋرە ئىنىم ئوسمانجان ناسىرىدىن ئايرىلىپ قالدىم، ئوسمانجان ئەخمەتجاننىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ، ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەنىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى — بىر ئىنقىلابچى ئىدى. ئۇ خەلق ئاممىسىنى

قوزغىلىپ گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىردى ۋە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى خەلقنىڭ ئىشلىرىغا بېغىشلىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى — بىر سىياسىيون ئىدى. ئۇنىڭ زېھنى ئۆتكۈر، نىشانى ئېنىق بولۇپ، ئىنتايىن مۇرەككەپ مۇھىتتا تۇرغاندىمۇ ھەممىنى ئېنىق كۆزىتىپ، ھەر جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ماھىرلىق بىلەن كەسكىن بىر تەرەپ قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ھەربىي ئىشلارغا ماھىر ئىدى. ئۇ خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن جان تىكىپ كۈرەش قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە مېۋىلىرىنى قولغا كەلتۈردى. ئۆز ھاياتىنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن ھېسابلاشمىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى — بىر مېھرىبان ئاتا ئىدى. ئۇ بالىلىرىمىزغا بەكلا كۆيۈنەتتى، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ خەلققە يارامލىق ئادەم بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى قۇربان بولغاندا، مەن 20 ياشتا ئىدىم. ئۇ ماڭا ئۈچ ياشلىق قىزىمىز ۋە بىر ياشلىق ئوغلىمىزنى قالدۇرۇپ كەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، بىر مۇنچە ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر تېخى ياش ئىكەنلىكىمگە، مېنىڭ يالغۇز قالغانلىقىمغا ئىچ ئاغرىتىپ، جاپا تارتىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ، مېنى قايتا ياتلىق بولۇشقا دەۋەت قىلدى. لېكىن مەن بىر ئۆمۈر تەنھا ئۆتۈشكە نىيەت باغلاپ، ھەممىنى رەت قىلدىم. كۆڭلۈمدە بىرلا ئېتىقادنى، يەنى ئەخمەتجاننىڭ ئۇمىدىنى يەردە قويماي، ھەرقانچە قىيىنچىلىققا يولۇقساممۇ، ئەپەندىمنىڭ ئىزىنى بويلاپ مېڭىپ، ماڭا قالدۇرۇپ كەتكەن ئىككى بالىنى ياخشى تەربىيەلەپ چىقىشنى كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر يېرىگە پۈكتۈم. سىنىپىي كۈرەش ئەۋج ئالغان ئاشۇ يىللاردا مەن گەرچە ناھەقچىلىكلەرگە ئۇچرىغان بولساممۇ، ئەمما پارتىيەنىڭ سىياسىتى ھامان بىر كۈنى ئەمەلىيلىشىدىغانلىقىغا باشتىن ـ ئاخىر ئىشىنىپ كەلدىم. خۇددى ئەخمەتجان ھايات ۋاقتىدا: «ھەقىقەت ئىگىلەر، سۇنماس» دېگىنىدەك.

مەن بۇ يەردە تارىخنى سۆزلەۋاتقانلىقىم ئۈچۈن، كىتابتا تىلغا ئېلىنغان نۇرغۇن كىشىلەرگە قارىتا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق روھ بويىچە



1952 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ جۇڭگونەنخەينىڭ خۋەيرېنتاڭ زا ـ
لىدا كاتتا زىياپەتكە رىياسەتچىلىك قىلىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئۈچ
يىللىقىنى تەبرىكلىدى. مەن ئۇيغۇر ۋەكىللىرى قاتارىدا زىياپەتكە قاتنىشىپ رەئىس ماۋ زېدۇڭ
بىلەن كۆرۈشۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم.

ئۇلارنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىنىلا بايان قىلدىم، ئۇلارنىڭ كېيىنكى سىياسىي ھاياتىنىڭ قانداق بولۇشى ۋە ئۇلار توغرىسىدا قانداق يەكۈن چىقىرىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارغا ھېچقانداق باھا بەرمىدىم.

ئەخمەت ئەپەندىم بەك بالدۇر كېتىپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭ روھى ھامان بىز بىلەن بىللە. مەن ئۇنىڭ روھىنىڭ ئىلھامى بىلەن پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەپ، دادىل ئىلگىرىلەپ، ھەربىر قەدىمىمدە ياخشى ئىز قالدۇرۇشقا ئىرادە باغلىدىم...

تارىخقا ھۆرمەت قىلىش، تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ چىنلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەن شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى نۇرغۇن ئارخىپخانىلارغا بېرىپ، ئالاقىدار ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىقتىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ كىتابنى يېزىش داۋامىدا نۇرغۇن سەپداشلارنىڭ قىزغىن ياردىمىگە ئېرىشتىم. ئۇلار بۇ كىتابنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل بولۇشى ئۈچۈن سەمىمىي پىكىرلىرىنى بەردى. كىتابنى تەھرىرلەش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش جەريانىدا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ۋە ئۆگىنىش كومىتېتى ۋە مىللەتلەر نەشرىياتىدىكى يولداشلار كۆپ جاپا چەكتى. مەن بۇ يەردە ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، كىتابتا بەزى كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەر بولۇشى مۇمكىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش يولىدا ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. مەن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ روھىنىڭ تەسكىن تاپىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن...

# 1. ئوق ئاۋازى ئىچىدىكى نىكاھ

1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى...
غۇلجا.

يەر - زېمىن پۈتۈنلەي قار - مۇزلار بىلەن قاپلانغان، قىشنىڭ سوغۇق شامىلى جاندىن ئۆتىدۇ، ھەممە ئەنسىزچىلىك ئىچىدە.

زىمىستان قىشنىڭ مۇشۇ كۈنلىرىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوراللىق كۈچلىرى بىلەن گومىنداڭ قوشۇنى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ تازا ئەۋجىگە چىقىپ، ئىككى تەرەپ ھايات - مامات ئىچىدە قاتتىق ئېلىشىۋاتاتتى. بۇ جەڭدە يا گومىنداڭ قوشۇنى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، خەلقنى باشقىدىن قىرغىن قىلىدۇ، يا بولمىسا خەلق قوراللىق كۈچلىرى تەرىپىدىن ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىلىدۇ. توپ - زەمبىرەكلەرنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازلىرى پۇقرالارنى ئۇرۇش ۋەھىمىسىگە سېلىپ قويغاچقا، پۇقرالار جېنىنى ئېلىپ سىرتلارغا قاچماقتا ئىدى.

ئائىلىمىزمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. ناۋادا بىزمۇ ئۇرۇشتىن ئۆزىمىزنى ئېلىپ قېچىپ باشقا ياققا كېتىپ قالىدىغان بولساق، كىمنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىپ، كىمنىڭ ئامان قالىدىغانلىقىنى، كىمنىڭ قەيەرلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. مەن قىز بالا بولغاچقا، چوڭلار ھەممىدىن بەكرەك مېنىڭدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىن مېنى ئامان - ئېسەن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، چوڭلار ئاخىر ئىشەنچلىك بىر لايىق تېپىپ مېنى تېزرەك ياتلىق قىلىۋېتىشنىڭ كويىغا چۈشۈشكەنىكەن. مانا مۇشۇنداق ئەنسىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەخمەتجاننى ماڭا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ قىلىپ ئىككىمىزنى چېتىپ قويۇشتى.

چوڭلار غايىب ئوق تېگىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ دىرىزىلەرنى قۇم

خالتىسى بىلەن توسۇپ، كىگىزنى نەملەپ تېشىدىن مىخلىۋەتكەنىدى. مۇز تۇتۇپ كەتكەن دېرىزىدىن كۈن نۇرى چۈشمىگەچكە، ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇ، زەي ھەم سوغۇق ئىدى. ۋىژىلداپ ئۇچۇۋاتقان ئوقلار، قۇلاقنى يارغۇدەك پارتلاش ئاۋازى بىزنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا ھايات ـ مامات گىردابىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىزدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇرۇش ۋەھىمىسى ھەممە ئادەمنى ئەنسىزلىك ۋە تەشۋىشكە چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

ئاپامنىڭ ئىسمى گۈلۈم ئىكەن، مەن تېخى ئىككى ياشقا كىرمىگەن ۋاقتىمدا ئاپام تەتۈر تۇغۇتتا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بىز غۇلجا شەھىرىنىڭ سايبويى مەھەللىسىدە دادام ئاۋاكرى، ئاكام رۇستەم، مومام ئايشەم ھەممىمىز بىر ئۆيدە تۇراتتۇق. دادامنىڭ سىڭلىسى پاتەم، يولدىشى ناسىركاملارمۇ مۇشۇ مەھەللىدە ئولتۇراتتى. ناسىركام بولسا ئەخمەتجاننىڭ كىچىك دادىسى ئىدى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن، دادام بىلەن مومامنىڭ توي ئىشىم ھەققىدە مەخپىي مەسلىھەتلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇلار جاننى ئۇرۇش خەۋپىدىن قانداق ساقلاپ قېلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىۋاتقانىكەن. ئۇلار ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنىڭ ھەممەيلەننىڭ ھاياتىغا بىۋاسىتە خەۋپ يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقانىدى. دادام بىلەن مومام بەزىدە



مېنىڭ بالىلىق ۋاقتىم

غەمكىنلىك ئىچىدە ياش تۆكسە، بەزىدە تۆۋەن ئاۋازدا بىرنېمىلەرنى كۈسۈرلىشاتتى. ئىككىسىنىڭ قىلىشىۋاتقان گەپلىرى مەش تۆپىسىدىكى كونا چۆگۈننىڭ شىڭىلدىغان ئاۋازى بىلەن بىللە قۇلىقىمغا ئاڭلىناتتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت قىلغۇدەك بولسام، گەپلىرى قانداقتۇر مەن بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك تۇراتتى. ئىچىمدە ئەجەبلىنىپ ئۇلارنىڭ مېنى زادى نېمە قىلىشماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئۇققۇم كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇخلاپ قالغان بولۇپ، يوتقان بىلەن بېشىمنى پۈركىۋالدىم ـ دە، دادام بىلەن مومامنىڭ جىنچىراغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ دېيىشىۋاتقان گەپلىرىگە قۇلاق سالدىم:



مېنىڭ (ئىككىنچى قاتار سولدىن ئىككىنچى) 1942 ـ يىلى غۇلجا قارادۆڭ باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چاغدا مۇئەللىم ۋە ساۋاقداشلىرىم بىلەن چۈشكەن سۈرىتىم

ــ ئوغلۇم، قارىغىنە، جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، بالا ـ قازا بېشىمىزدىلا ئەگىپ يۈرىدۇ دېسە، جېنىمىزنى قانداقمۇ ساقلارمىز؟ ــ دېدى موماm ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە.

ــ راست، ئاپا، قانداق قىلساق بولىدىكىنتاڭ. لېكىن خاتىرجەم بولغىنە، باقاندەك ئوغلۇڭ تۇرغان يەردە نېمىدىن قورقاتتىڭ؟ يامىنى كەلسە كۆدە ـ كۆرپىلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ، بالىلارنى ئېلىپ باشقا ياققا كېتەرمىز، بىرنېمىلەرنى قىلىپ جېنىمىزنى ساقلارمىز، ئەلھەمدۇلىللا، ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلار، ــ دەپ جاۋاب بەردى دادام.

ــ بالام، بىزگىمۇ ھېچ گەپ ئەمەس، مۇنۇ ماھىنۇر تېخى

كىچىك، ئاپىسىنىڭ سۈتىگىمۇ تويۇپ بولالماي تۈزۈكرەك قانمىغان دېگىنە، رۇستەمغۇ ئوغۇل بالا، بىر نەرسە قىلار. پاتەم ماھىنۇرنى ھېلىقى نادەمنىڭ (ئەخمەتجاننىڭ دادىسى) رەسىيدىن كەلگەن ئوغلىغا ياتلىق قىلىۋېتەيلى دەپ كېتىپ بارىدۇغۇ... غايىبتىن كېلىدىغان ئوقغا بىر نەرسە دېيەلمەيسەن ـ دە!...

— ئاپا، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ سوقۇشتا ھەممىمىز ھەر تەرەپكە پېتىراپ كەتسەك، ماھىنۇر ئىگىسىز قالامدىغاندۇ دەۋاتامسەن نېمە؟

— ياق، بالام، نادەمغۇ ئۆزى ياخشى ئادەم بولىدىغان، بىراق بالدۇرلا كېتىپ قالدى. ئەخمەتجانمۇ ئوت بىلەن سۇنىڭ ئارىسىدىلا يۈرىدىكەن، ئوقنىڭ كۆزى يوق دېگەن گەپ بار، تېخى يېنىغا ئېسىۋالغان ھېلىقى تاپانچىسىنى قارا، خۇدايىم ساقلاپ بىرەر ئىش چىقىپ قالمىسىدى، دېسەڭ... ئىككىسىنى چېتىپ قويساق... نادەمنىڭ روھى خۇش بولار، بىز نېمە بولساق بولمامدۇق...

مومام توختىماي كۆز يېشى قىلاتتى. مەن بۇ گەپلەرنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاپ يېتىپ، بېشىمنى يوتقاننىڭ ئىچىگە باشقىدىن تىقىۋالدىم.

خەلقىمىزدە ھەممە ئىشنى تەقدىر ـ پېشانىدىن كۆرىدىغان، پېشانىگە پۈتۈلگىنى شۇ دەيدىغان ئادەت بار، مېنىڭ ياتلىق بولۇشۇممۇ بۇنىڭدىن چەتلەپ كەتكىنى يوق. «قىز بالىنى تۇماق بىلەن بىرنى قويسا يىقىلىپ چۈشمىسىلا، بالاغەتكە يەتكىنى شۇ» دەيدىغان قاراش بىزنىڭ ئائىلىدىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت ئىدى.

تالادا زەمبىرەك ـ مىناميوتلارنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازلىرى توختىمايتتى.

ئاشۇ كۈنى 70 ياشتىن ئاشقان مومام ئايشەم كوماك چىشلىرىنى ئۆمەللەپ، ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى ياغلىقنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ، تاشقىرىقى ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا خۇدادىن ئامان ـ ئېسەنلىك تىلەپ دۇئا قىلىپ ئولتۇراتتى. خۇدانىڭ ياۋاش، مۆمىن بەندىسى دادام ئاۋاكىرى ئىچكىرىكى ئۆيدىكى كاڭدا باداشقىنىنى قۇرغان پېتى لام ـ جىم دېمەي ئولتۇراتتى. ناسىركام بولسا يىگىتنىڭ دادىسى ئورنىدا ئۆزى باشلاپ كەلگەن مەھەللە كاتتىسى ساۋۇت بىلىياخان (ئۇ بىزنىڭ مەھەللىنىڭ باشلىقى ئىدى. باشقىلار ئۇنى «ساۋۇت گەيجاڭ» دەيدىغان)، قوشنىلاردىن

ئابدۇۋەلى جارۇللالار بىلەن گۇدۇڭلىشىپ ئولتۇراتتى. مېھمانلار ئەخمەتجان ئىككىمىزنىڭ نىكاھىنى قىلغىلى كەلگەنىكەن. ئائىلىمىز نامرات بولغاچقا، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويغۇدەك تۈزۈك نەرسىمۇ يوق ئىدى. كاڭدىكى كونا شىرە ئۈستىگە پېتىر ناندىن بىرنەچچىسىلا قاتلاپ قويۇلغانىدى، لېكىن ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى تەشۋىش ئىچىدە بولغاچقا، سۇس دەملەنگەن ئىلمان ئەتكەنچايغا ھېچكىمنىڭ تاۋى بارمايتتى...

ناسىركامغا ئەخمەتجاننىڭ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنكى يۈرۈش - تۇرۇشلىرى سىرلىق تۇيۇلۇپتۇ، بولۇپمۇ قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىغاندىن كېيىن ئەخمەتجاننىڭ دېرىكىنىمۇ ئالالماي قاپتۇ. باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، ئەخمەتجان قولىغا قورال ئېلىپ جەڭدە يۈرگۈدەك. يېقىندا گومىنداڭ ئارمىيەسى غۇلجا شەھىرىدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يەر - جاھان ئازراق تىنچىپ، ئەخمەتجان ئۆزىنىڭ تىنچ - ئامانلىقىدىن ئۆيدىكىلەرنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن كەلگەندە، ناسىركام «ئەخمەتجان ئەمدى كېتىپ قالسا، تىنچ - ئامان قايتىپ كېلەلىشى ناتايىن» دەپ ئويلاپتۇ - دە، جىيەنىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىنى تېزرەك پۈتكۈزۈۋېتىپ، ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىۋەتمەكچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپتىكى چوڭلارنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقىپتۇ - دە، بالىلارنىڭ رايىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىشنى يەنە ئارقىغا سۈرمەي ئىككىمىزنى تېزرەك چېتىپ قويۇشنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشىپتۇ.

ئۈچىنچى كونا كالتە جۇۋا كىيىپ، بېلىگە كەڭ كەمەر باغلىۋالغان ئەخمەتجان بىر ئاغىنىسى بىلەن بىللە ئىچكىرىكى ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ ئۆرە تۇراتتى. قالغانلارنىڭ ھەممىسى دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، مەھەللىمىزنىڭ ئىمامى ئىشان قارىمنىڭ ئوقۇۋاتقان ئايەتلىرىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇشاتتى.

مومام بىلەن دادامنىڭ مۇددىئاسى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىۋېتىشلا ئىدى. شۇڭا ئۇلار بوگۇن ھەممىنى خۇداغا تاپشۇرۇپ كۆڭلى ئەمىن تاپقان بولسا كېرەك. لېكىن، يىگىتنىڭ تۇرقىدىن ئۆزىنىڭ نىكاھىنى مانا مۇشۇنداق جىددىي پەيتكە توغرىلاپ قىلىۋاتقانلىقىغا تازا رايى بارمايۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

5



1946 ـ يىلى ئەخمەتجان بىلەن چۈشكەن سۈرىتىم

ئەمما كىچىك دادىسى قاپىقىنى تۈرۈپ، خۇددى «ياۋاشلىق بىلەن گەپ ئاڭلاپ جىم تۇر!» دەۋاتقاندەك سۈرلۈك نەزەرى بىلەن ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭغا چوڭلارغا بويسۇنماي بولمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە، تويى بولىدىغان قىز توي كۈنى بىر دوستىنىڭ ئۆيىدە دوستلىرى بىللە بىللە توي كۆچۈرىدىغانلارنى ساقلاپ ئولتۇرۇشى كېرەك، لېكىن مېنىڭ تويۇم جان قايغۇسى ئىچىدە بولۇۋاتقاچقا، ھېچقانداق بىر دوستۇم مېنى ئۆيىدە ئولتۇرغۇزغىنى يوق. توختىماي ئاڭلىنىپ تۇرغان ئوق ئاۋازى ئىچىدە بولۇۋاتقان بۇ تويدا قىز ئولتۇرغۇزۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، جاننى ساقلاشتىن ئېغىز ئېچىشمۇ تەس ئىدى. شۇڭا مەن بىر نەۋرە ھەدەم ئىمزەتبۇۋىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇردۇم. ئۆزۈم كىچىك بولغاچقىمۇ، توي ھەققىدىكى ئوشۇق ـ تۆشۈك ئىشلارنى ئويلاپمۇ كېتەلمىدىم. بىراق، مۇشۇ چاغدا ئاپام يېنىمدا تۇرغان بولسا قانچە ياخشى بولاتتى دەپ ھەسرەتلىنەتتىم! ئاپام كىچىك چېغىمدىلا ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئاپام ھەققىدە جىق نەرسىلەرنى بىلمىسەممۇ، لېكىن ئىچىمدە ھاياتىمدىكى مۇشۇ ئالاھىدە دەقىقىلەردە جېنىم ئاپام ھايات بولغان بولسا، قانچىلىك خۇشال بولغان بولاتتى، مەن ئۆزۈممۇ قانچىلىك تەسەللى تاپار ئىدىم ـ ھە! دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئۇن

سىلىپ يىغلاپ كەتتىم.

شۇنداق قىلىپ، ئۇرۇش ئوتى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان زىمىستان قىشتا ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن تۇرمۇش قۇردۇق.

بىزدە ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ياخشى بىر ئادەت بار، ئۇ بولسىمۇ توي كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەتىگىنىدە قىزنىڭ ئاپىسى يىگىت بىلەن قىزنىڭ ناشتىلىقىغا ئىسسىقلىق كىرگۈزىدۇ. بۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىككى ياش ئىناق، بەختلىك ئائىلە قۇرۇپ چىقسۇن، بالىلىرى ساغلام چوڭ بولسۇن، دېگەن ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق، بىز كەمبەغەلچىلىك ۋە ئۇرۇش تەھدىتى تۈپەيلىدىن، بۇنداق ياخشى كۆتۈلۈشتىن بەھرىمەن بولالمىدۇق.

شۇ يىلى مەن تېخى 17 ياشقىمۇ كىرمىگەنىدىم.

شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىلگىرى بىزنىڭ ئۆيدە ئانچە ـ مۇنچە ئىش چىقىپ قالسا يۈگۈرۈپ كېلىپ ھەمدەمدە بولىدىغان يىگىت، مېنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىمگە ياردەملىشىپ، دەرسلىرىمنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تۈزىدىغان مۇئەللىمىم، تۆت بۇرجەكلىك ساندۇقنى دۈمبىسىگە ئارتىۋېلىپ كوچىمۇكوچا خەقلەرنىڭ دېرىزىلىرىگە ئەينەك سېلىپ يۈرىدىغان «سىرلىق ئەينەكچى»، ئۇچىسىغا قوپال كالتە جۇۋا كىيىپ، بېلىنى تاسما بىلەن باغلاپ يۈرىدىغان ئىشلەمچى، مانا ھازىر بىقىنىغا تاپانچا ئېسىپ پارتىزانلار بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىپ يۈرگەن جەڭچى ئەخمەتجان مېنىڭ يولدىشىم بولۇپ قالدى. ئەمما، ئۇ ماڭا بىرنەچچە ئېغىز سۆز بىلەن ئاددىيلا تەسەللى بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ھالىمدىن ئوبدان خەۋەر ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى ـ دە، جەڭ مەيدانىغا قايتىدىن ئاتلىنىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مېنىڭ تەقدىرىم ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ، ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىكى تۇرمۇشىمىز باشلاندى. بۇ جەرياندا ئەخمەتجان مېنىڭ ئىنقىلاب مۇساپىسىگە ئاتلىنىپ قەدەممۇقەدەم ئالغا قاراپ مېڭىشىمغا يېتەكچى بولدى، ئىنقىلاب دولقۇنلىرى ئىچىدە پولاتتەك تاۋلىنىشىمغا ئىلھام بەردى؛ مەنمۇ ئەپەندىمگە ياردەملىشىش ئۈچۈن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە

تىرىشىپ، ئەپەندىمنىڭ ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشقا بارلىقىمنى بېغىشلىدىم! ئىنقىلاب يىللىرىنىڭ چىنىقتۇرۇشى داۋامىدا بارا ـ بارا ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى كاتىپىمۇ بولۇپ قالدىم!

## 2. قېيىنئانام شەرۋانەم

مېنىڭ تارىختىن كۆپ خەۋىرىم يوق، لېكىن بۇ يەردە مۇنداق بىر تارىخنى تىلغا ئالغۇم كېلىدۇ:

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇ سەلتەنەتىنىڭ 7 - يىلى، يەنى 1881 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چىڭ ھۆكۈمىتى زىڭ جىزې ئىسىملىك ئادەمنى چاررۇسىيەگە ئەۋەتىپ، سانكت پېتېربۇرگ شەھىرىدە «جۇڭگو - رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى»نى ئىمزالىغان. شەرتنامىدە چىڭ ھۆكۈمىتى چاررۇسىيەگە 9 مىليون رۇبلى تۆلەم تۆلەش شەرتىدىن باشقا، قورغاس دەرياسىنىڭ غەربى، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى 70 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىننى چاررۇسىيەگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش بەدىلىگە جۇڭگو - رۇسىيە چېگراسىنى باشقىدىن ئايرىغان. شۇنىڭ بىلەن بۆلۈنۈپ كەتكەن زېمىندا ياشاۋاتقان خەلق، جۈملىدىن ئەخمەتجاننىڭ ياركەنتتە ياشاۋاتقان بوۋىسى ماخمۇتنىڭ ئائىلىسىمۇ بىر كېچىدىلا چاررۇسىيەنىڭ پۇقراسىغا ئايلىنىپ قالغان.

ماخمۇت بوۋاينىڭ لەقىمى «ساتىراش» بولۇپ، باللارنى خەتنە قىلىدىغان ھۈنىرى بار ئىكەن. ئۇ ئۆمرىدە قادىر، شاكىر، نادىر، ناسىر ئىسىملىك تۆت ئوغۇل، شاراپەت، سائادەت ئىسىملىك ئىككى قىز پەرزەنت كۆرگەنىكەن. ئەخمەتجاننىڭ دادىسى نادىر باللارنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا ئاتا كەسپى خەتنە قىلىشتىن باشقا، ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىشقا ماھىر، ياغاچچىلىق، ئەينەكچىلىككە ئوخشاش ھۈنەرلەرنىڭمۇ ئۇستىسى بولغاچقا، جامائەت ئۇنى ئەركىلىتىپ «نادەم» دەپ ئاتىشىدىكەن.

مەن 1950 - يىلى 11 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان رېسپۇبلىكىسىنىڭ ياركەنت شەھىرىگە بېرىپ، ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئاپىسى — قېيىنئانام شەرۋانەم بىلەن يۈز كۆرۈشتۈم.

ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق:

1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئەمدىلا 35 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئەخمەت ئەپەندىم تۆت سەپدىشى ۋە ئۈچ نەپەر خىزمەتچى خادىم بىلەن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا كېتىۋاتقاندا ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ، بەختكە قارشى قۇربان بولدى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويدۇم، قەلبىمنى چەكسىز قايغۇ - ھەسرەت، ئۈمىدسىزلىك چۇلغىۋالدى. بۇ مەن ئۈچۈن ھاياتىمدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق يوقىتىش، شۇنداقلا ئەڭ قاتتىق زەربە ئىدى. بۇنىڭ ئورنىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ تولدۇرغىلى بولمايتتى، ھەرقانداق تەسەللى بېرىشلەر ماڭا كار قىلمايتتى. مەن ھەممىدىن ئايرىلغاندەك، ھاياتمۇ مەن ئۈچۈن مەنىسىز بولۇپ قالغاندەك تېگىرقاش ئىچىگە چۈشۈپ قالدىم. بۇ زەربىنىڭ تەسىرىدىن قاتتىق ئاغرىپ قالدىم، سالامەتلىكىم ئېغىر دەرىجىدە ناچارلىشىپ كەتتى. يېتىم قالغان بالىلىرىمغا قاراپ قانداق ھايات كەچۈرۈشكىمۇ كۆزۈم يەتمەي قالدى.

ئەپەندىم بېيجىڭغا مېڭىشتىن بۇرۇن، ھامان بىر كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئاپىسىنى قايتۇرۇپ كېلىدىغانلىقىنى ماڭا ئېيتقاندى، ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلاقلىق ئىدى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئۇنىڭ يالغۇز قالغان ئاپىسىنى يوقلاپ، ئەپەندىمنىڭ ئەنە شۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مېنىڭ ئۇنى ئەسلەپ تۇرۇشتىكى بىردىنبىر تاللىشىم بولۇپ قالغانىدى، لېكىن مەن مۇشۇ كەمگىچە ياركەنتتىكى قېيىنئانامنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم، قېيىنئانامنىڭ ھازىر قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بىلمەيتتىم. ئارىمىزدا پوچتا ئالاقىسى بولمىغاچقا، خەت - خەۋەرمۇ ئېلىشىپ باقمىغانىدۇق. مانا ئەمدى ئەپەندىممۇ بۇ



ئەخمەتجاننىڭ ئاپىسى شەرۋانەم

دۇنيادىن كەتتى، قېيىنئانام شەرۋانەمنى يوقلاپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش، ئەپەندىم تۆگەپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئارزۇ - ئارمىنىنى قېيىنئانامغا يەتكۈزۈپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچۇم دەپ ئويلىدىم ۋە بالىلارنىڭ ھەممىسىنى ئەپەندىمنىڭ ماڭا قالدۇرغان ۋەسىيىتى دەپ قاراپ، دەرھال ئورۇنلىماقچى بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن مەن قېيىنئانامنى يوقلاپ، ئۇنىڭغا ئەپەندىمنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈشۈم، نەۋرىلىرىنى كۆرسىتىشىم كېرەكلىكىنى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ مۇۋەققەت رەئىسى ئەسئەت ئىسھاقوفقا ئېيتتىم، ئۇ كىشى بۇنى مەركەزگە مەلۇم قىلغانىكەن، مەركەز قوشۇلۇپتۇ.

1950 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ يىل نەزىرى غۇلجىدا بېرىلدى. نەزىر بېرىشتىن بۇرۇن مەركەزنىڭ مېنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىشىمغا قوشۇلغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭدا: «ئىنقىلابىي قۇربان رەپىقىسىنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن ئۇزۇنىراق تۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا ھەر ئايلىق خىراجىتى ئۈچۈن 4000 رۇبلىدىن ھېسابلاپ تۆت ئايلىق خىراجەت بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىڭلار، ئەگەر يېتىشمىسە، ئېلىمىزنىڭ ئالمۇتادا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بار، نېمە ئىش بولسا شۇلارغا ئېيتسا بولىدۇ، مەركەز ئالمۇتادىكى كونسۇلخانىمىزغا خەۋەر قىلىپ قويىدۇ» دەپ يېزىلغانىكەن. مەن نەزىردىن كېيىن بىر ئايدەك سەپەر تەييارلىقى قىلىپ، 10 - ئاينىڭ بېشىدا تۆت ياشقا كىرگەن قىزىم ئادالەت ۋە ئىككى ياشقا كىرگەن ئوغلۇم ئادىلجاننى ئېلىپ غۇلجىدىن ئايروپىلان بىلەن ئالمۇتاغا قاراپ ئۇچتۇم.

بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، مەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇرۇمچى - غۇلجا ئوتتۇرىسىدا كۆپ قېتىم ئايروپىلان بىلەن قاتناشقانىدىم، ئۇ ۋاقىتتا ئايروپىلانغا ئولتۇرسام ھېچقانداق بىئاراملىق ھېس قىلمايتتىم. بىراق بۇ قېتىمقى سەپەر پەقەتلا ئوخشاش بولمىدى. ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، غۇلجىدىن ئالمۇتاغىچە بولغان بىر سائەتتىن ئارتۇقراق سەپەر

ئون سائەتلىكتەك بىلىنىپ كەتتى. يول بويى مېنى يىغا تۇتۇپ، كۆڭلۈم ئېلىشىپ ياندۇرۇپ، ھېچ ھالىم قالمىدى. ئەھۋالىمنى كۆرگەن ئايروپىلان خادىملىرى بالىلىرىمنى ئويىنىتىپ تۇردى، ماڭا قايناق سۇ ۋە دورا ئەكېلىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ئاران تەسلىكتە ئالمۇتاغا كېلىۋالدۇق. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە مەن ئايروپىلانغا چىقسامىلا ئىچىم ئېلىشىدىغان، بىئارام بولىدىغان بولۇپ قالدىم.

ئالمۇتاغا كەلسەك، قازاقىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىن كامىلە ئىسىملىك 30 ياشلاردىكى بىر قازاق قىز ئايرودۇرۇمغا چىقىپ بىزنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ بىزنى شەھەرگە ئەكىرىپ «دوم سوۋېت» دېگەن مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردى. شۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالدۇق. مەن ياركەنتكە بېرىپ قېيىنئانامنى يوقلاش تەلىپىمنى نەچچە قېتىم دېسەممۇ، ئۇلار: «ئاۋۋال دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ، بالىلارنىڭ سالامەتلىكىنىمۇ تەكشۈرتۈشىمىز كېرەك، ئاندىن كېيىن بارسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز» دەپ تۇرۇۋالدى.

قازاقىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى مېنى ئالاھىدە دەرىجىدە كۈتۈۋالدى، بۇنداق ئەھۋالدا مەن ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنماسام بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بولسام چەت ئەللىك، كۆڭلۈمدە بالدۇرراق ياركەنتكە يەتسەم بولاتتى، دەپ ئالدىرىساممۇ، كۈندىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئىنتايىن زىچ بولغاچقا، ئۇلارغا بىر نەرسە دېيىشمۇ قىيىن كەلدى. ھەتتا تېلېفون بىلەن سۆزلىشىش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە بولالمىدىم، شۇنداق قىلىپ ئالمۇتادا بىر ئاي تۇرۇپ قالدىم.

11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ــ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بايرىمى كۈنى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى كاپىتان پاگونى تاقىغان 30 ياشلاردىكى بىر رۇس ئوفىتسېر «ئىمكا» ماركىلىق پىكاپىنى ھەيدەپ بىز چۈشكەن مېھمانخانىنىڭ ئالدىدا توختىدى، ئۇ بىزنى ياركەنتكە ئاپىرىپ قويماقچىكەن، ئەتىگەن سائەت سەككىزلەردە ياركەنتكە قاراپ يولغا چىقتۇق. يول ناچار بولغاچقا، ئالمۇتا بىلەن ياركەنت ئارىلىقىدىكى 400 كىلومېتىرچە يولنى ئون نەچچە سائەت مېڭىشقا توغرا كەلدى. كەچ كىرىپ كۆز باغلانغاندا، مىڭ بىر جاپادا ياركەنت شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. كاپىتان پىكاپىنى شەھەر-



1949 ـ يىلى يېڭى يىل كۈنى ئائىلە بويىچە چۈشكەن سۈرىتىمىز

لىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدا توختىتىپ، ئۇ يەردە بىزنى كۈتۈپ تۇرغان بىر خادىم بىلەن كۆرۈشۈپ بىر نەرسىلەرنى دېيىشتى ــ دە، قول سومكىسىدىن نەچچە ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ كۆرسىتىپ، ھەربىيچە چاس بېرىپ يېنىپ كەلدى. بىز يەنە بىرەر سائەتتەك يول مېڭىپ، قورغاس چېگرا ئېغىزىغا يېقىن جايدىكى قېيىنئانام تۇرۇۋاتقان جاڭگال يېزىسىغا يېتىپ كەلدۇق.

بۇ يەر غۇلجا يېزىلىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزا ئىكەن. مەن ئەسلىدە سوۋېت دېسە ئاغزىمىزغا لىق كېلىدىغان، كوممۇنىزمچە گۈللەپ ياشنىغان، كاتتا تەرەققىي قىلغان مەنزىرىنى كۆرىمەن دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، بۇ يېزا ئادەتتىكىدەكلا بىلىندى، ھەتتا غۇلجىنىڭ سەھرالىرىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدىغاندەك تۇيۇلدى. يوللارغا قارىمايمۇ ياتقۇزۇلماپتۇ. پەقەت تۇرالغۇ ئۆيلەر چوڭ يولنى بويلاپ بىر ــ بىرىدىن خېلى يىراقتا رەتلىك سېلىنىپتۇ. يولنىڭ ئىككى چېتى بۈك ــ باراقسان دەل ــ دەرەخ بىلەن قاپلانغانىكەن.

بىز يول بويى ھېرىپ ــ ئېچىپ كەچ سائەت ئونلاردا يېزىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە تېخى توكمۇ يوق ئىكەن. ھېلىقى كاپىتان پىكاپنى توختىتىپ، كولخوز بىرىگادىرىنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن جاۋۇلداپ تۇرىدىغان گەپدان بىر ئايال پەيدا بولۇپ، بىزنى يولنىڭ قارشى تەرىپىدىكى غورۇ بېكىتىلگەن بىر ھويلىنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى.

ھويلىغا كىردۇق، ئۆيدىكىلەر يېتىپ قالغاندەك قىلاتتى.

— شەرۋانە ھەدە، ئىشىكنى ئېچىڭ، كېلىنىڭىز، نەۋرىلىرىڭىز كەلدى، — دەپ ۋارقىرىدى ھېلىقى ئايال. ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ، بېشىغا ئاق ياغلىق ئارتقان، ئۇچىسىغا ئاق كۆڭلەك، قارا كەنجە كىيگەن 50 نەچچە ياشلار ئەتراپىدىكى سەل مۈكچەيگەن، مىسكىن بىر ئايال جىنچىراغ كۆتۈرگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەلدى.

مەن بۇ ئايالنى بىرلا كۆرۈپ ئۇنىڭ شەرۋانەم ئاپام ئىكەنلىكىنى بىلدىم، مېنى باشلاپ كەلگەن خادىمنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى كۈتمەيلا، ئۇ «ۋاي!» دېگىنىچە ئوڭدىسىغا يىقىلىپ ھوشىدىن كەتتى.

مەن قېيىنئانامنى ھېچقاچان بۇنداق ھالەتتە كۆرەرمەن دەپ ئويلى-

مىغانىدىم، ئۆزۈمنى خېلىلا غەيرەتلىك، ھەرقانداق ئازابقا بەرداشلىق بېرەلەيمەن دەپ ھېسابلايتتىم، بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ، قېيىنئانام بىلەن كۆرۈشكەندە مەيلى قانداق بولسۇن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويماسلىقىم، ئىچىمدىكى قايغۇ - ھەسرەتلىرىمنى ئاسانلىقچە چاندۇرۇپ قويماسلىقىم كېرەك دەپ ئىدىيەمدە تەييارلىق قىلىپ كەلگەنىدىم، بىراق بۇ تەييارلىقلىرىمنىڭ ھەممىسى بىردىنلا كۆپۈككە ئايلاندى. مەن ئەمدى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم، ئۈن سېلىپ يىغلىغان پېتى ئۆزۈمنى ئاتتىم - دە، قېيىنئانامنى يۆلىدىم.

بىر ھازادىن كېيىن قېيىنئانام ئەس - ھوشىغا كېلىپ ئورنىدىن ئاران تۇردى، ئېتىكىمگە يېپىشىپ تۇرغان ئىككى بالامنى قۇچاقلاپ باغرىغا چىڭ باستى. بالىلار كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىدىن قورقۇپ كېتىپ ئاۋازىنىمۇ چىقىرالمىدى. قېيىنئانام تېخىمۇ ئېسەنكىرەپ ئۆزىنى پەقەت توختىتالماي ھالىدىن كېتىپ يەنە بوسۇغىغا يىقىلىپ چۈشتى...

بالىلارنى يېتىلەپ، قېيىنئانامنى يۆلەشتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىردۇق. قېيىنئانام ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايتتى. كاڭ ئۈستىگە سېلىنغان ئىككى پارچە ئەسكى تېكىمەتنىڭ ئۈستىدە ئۆزىنى ئۇياق - بۇياققا تاشلاپ، چاچلىرىنى قاماللىغىنىچە زارلىناتتى:

— جېنىم بالام، ئاناڭنى ھەسرەتتە قويغان بالام! بويۇڭنى بىر كۆرسىتىپ ئاققان يۇلتۇزدەكلا ئۆچتۇڭغۇ بالام! مېنى دوزاخ ئوتىغا تاشلىدىڭغۇ! مېنى تاشلاپ كېتىشكە قانداقمۇ چىدىغانسەن، يۈزۈڭنى ئاخىرقى بىر رەت كۆرەلمىدىمغۇ بالام!



قېيىنئانامنىڭ نالىلىرى ئىچىدە، مېنىڭ ئاللىقاچان قۇرۇپ بولغان ياشلىرىم يەنە باشقىدىن تاراملاپ تۆكۈلەتتى، ئازاب ئىچىدە ئېسەدەپ يىغلايتتىم. بىچارە ئايال كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆز ئوغلىنى كۆرۈشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلغان، تالاي كېچە كۆز يۇمماي ئوغلىنىڭ يولىغا قانچىلىك تەلمۈرگەن بولغىيدى - ھە!؟ ئەپسۇس، مانا ھازىر بۇ ئانىنىڭ ئوغلى مەڭگۈ كەلمەسكە كەتتى، مېھرىبان ئانىنىڭ قەلبىدىكى ئارزۇ - تىلەكلىرى كۆپۈككە ئايلاندى ئەمەسمۇ!

كېچە يىغا - زار بىلەن ئۆتتى. مەن قېيىنئانامغا ئۆزۈمنىڭ ئالمۇ-

تادا بىر ئاي دوختۇرغا كۆرۈنۈش بىلەن بولۇپ، كېچىكىپ كەلگەنلىكىمنى ئېيتتىم.

— مۇسىبەت خەۋىرىنى بۇلارغا ئۇقتۇرغىلىمۇ 10 كۈنچە بولدى، — دېدى بىزگە كېچىچە ھەمراھ بولغان ھېلىقى ئايال، — تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا مەرھۇمغا ئاتاپ نەزىر بەردۇق. شەرۋانخىندەمنىڭ دېيىشىچە، ئوغلى بۇلتۇر ئاۋغۇستتا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، بىرنەچچە مىنۇت تۇرۇپلا كېتىپ قالغانىكەن. ئوغلى ئولتۇرغان ئايروپىلان تاغقا ئۇرۇلۇپ كۆيۈپ كەتتى دېيىشىدىغۇ؟ بۇ خەۋەرنى تېخى يېقىندىلا ئاڭلىدۇق، بىزنىڭ بىلگىنىمىزمۇ مۇشۇنچىلىكلا!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قېتىپلا قالدىم. بۇ ئېغىر مۇسىبەتنىڭ بولغىنىغا بىر يىل بولغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتى مەرھۇمنىڭ ئۆز ئاپىسىغا ئەمدىلەتىن ئاڭلاتقاندۇ؟!

— يا نېزنايۇ (رۇسچە «مەن بىلمەيمەن» دېگەن سۆز)، — دېدى ھېلىقى رۇس كاپىتان مېنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە سورىغان سوئالىمغا جاۋابەن مۈرىلىرىنى قىسىپ قويۇپ، — ئۈچ كۈن ئىلگىرى سىزنى بۇياققا ئەكېلىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇردى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ماڭا بۇ ۋەقەنىڭ سىبىرىيەدە يۈز بەرگەنلىكىنى، يېقىندا سىلەرنىڭ جۇڭگودىن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىڭلەرنى، سىلەرنى ياركەنتكە ئاپىرىپ قويۇشۇمنى بۇيرۇدى. يولدا بىخەتەرلىكىڭلەرگە مۇتلەق كېپىللىك قىلىشىمنى ۋە سالامەتلىكىڭلەرگە دىققەت قىلىشىمنى ئېيتتى ھەمدە سىلەرنى ياركەنت شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈپ قويۇپ دەرھال قايتىشىمنى جېكىلىدى؛ ياركەنت شەھەرلىك ھۆكۈمەت سىلەرنىڭ ھەممە ئىشىڭلارغا مەسئۇل بولىدۇ. مەن ياركەنت شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىكىلەر بىلەن ئالاقىلەشتىم. ئەمدى سىلەرنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن، شۇنىڭ بىلەن ۋەزىپەم تامام بولىدۇ. ھە راست، قازاقىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى قېيىنئانىڭىزغا مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن سىلەرنى ئەكېلىشنى توغرا تاپقانلىقى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىش ۋاقتىڭلارنىڭ كېچىكىپ كەتكەنلىكىنى سىلەرگە دەپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى.

ئۇ خۇددى بىر مۇھىم ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولغاندەك چوڭقۇر تىنىۋالدى، كەينىگە ئىككى قەدەم داجىپ، مەيدىسىنى تۈز تۇتۇپ چىرايلىق

قىلىپ ھەربىيچە چاس بەردى ـ دە، مېڭىپ كەتتى.

قېيىنئانام شەرۋانەم ئەخمەتجاندىن كىچىك، دادا باشقا ئوغلى ھاكىم بىلەن بىللە تۇرىدىكەن، بۇ بالا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋېتىپتۇ، ھاكىمنىڭ ھەدىسى تۇرسۇنئاي ياتلىق بولۇپ كېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، قېيىنئانام ئىككىمىزنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان پىدغانلىق مۇڭدىشىشلىرىمىز باشلىنىپ كەتتى. ئانا ئۆزىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى. ئۇشتۇمتۇت كەلگەن مۇسىبەتتىن ئېلىشىپ قالايلا دەپ قالغان بۇ بىچارە ئانىنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمايتتى.

قېيىنئانام چەكسىز قايغۇ ئىچىدە قېيىنئاتام نادىر بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرى ۋە ئەخمەتجاننىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ئەھۋاللارنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئەسلىدە شەرۋانەم ئاپام بىلەن قېيىنئاتام نادىرلارنىڭ ئۆيى ياركەنتتە ئىكەن. شۇ ۋاقىتلاردا چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ھەربىر ئائىلىدىن بىر ئادەمنى ئەسكەرلىككە ياكى بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن سىبىرىيەگە مەجبۇري ئەۋەتىش توغرىسىدا پەرمان چىقارغاچقا، بىچارە خەلق دەككە ـ دۈككە ئىچىدە قالغانىكەن.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاش ھارپىسىدا، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى دۆلەت كۈچىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھەربىر ئائىلىدىن بىر ئەرنى مەجبۇري تۇتۇپ يا بوز يەر ئېچىشقا، يا ئۇرۇش مەيدانىغا ئەۋەتىش توغرىسىدا پەرمان چىقارغانىكەن. ئاشۇ مالىمانچىلىق يىللىرىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى نۇرغۇن پۇقرالار ئۆي ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا قېچىپتۇ. بۇ دەل ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ دادىسى نادىر ماخمۇت تازا قۇرامىغا يەتكەن ۋاقىت بولغاچقا، ئۆيىدىكىلەر چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنى تۇتۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، 1910 ـ يىللار ئەتراپىدا ئىككى ئائىلىنىڭ چوڭلىرى نادىر بىلەن شەرۋانەمنىڭ نىكاھىنى ئوقۇپ قويۇپتۇ ـ دە، ئۇلارنى دەرھال يىراقلارغا قېچىپ كېتىشكە ئۈندەپتۇ. تۈن قاراڭغۇسى بولغان بىر كېچىدە، نادىر يېڭى ئالغان كېلىنچەك شەرۋانەمنى ئېلىپ مەھەللىدىكى بىرقانچە ياشلار بىلەن بىللە قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىۋاپتۇ، بەزىلىرى يالغۇز

يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، ئىلى دەرياسى بويىغا يوشۇرۇن يېتىپ كەپتۇ - دە، كېچىلەپ چېگرادىن ئۆتۈپ، جۇڭگو تەرەپكە كېلىۋاپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، نادىرنىڭ ئىنىسى ناسىرمۇ غۇلجىغا قېچىپ كەپتۇ.

مەن جاڭگال يېزىسىدا بىر ئاي تۇرۇش جەريانىدا ئەخمەتجان ھەققىدە ئىلگىرى ئاڭلاپ باقمىغان نۇرغۇن ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولدۇم. قېيىنئانامنىڭ ھەسرەتلىك بايانلىرى مېنىڭ بۇ ئەسلىمىنى يېزىشىمغا قىممەتلىك ماتېرىيال بولدى. بۇنىڭدىن 50 نەچچە يىل ئىلگىرى قېيىنئانامدىن مەرھۇم ئوغلىنىڭ بالىلىق چاغلىرى ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىم ھېلىھەم يادىمدا ئېنىق تۇرۇپتۇ.

# 3. ئۆزى تەۋرىگەن بۆشۈك

مەن سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسىدىكى ياركەنتنىڭ جاڭگال يېزىسىدا تۇرغان كۈنلىرىمدە ئارىمىزدىكى سۆھبەتلەرنىڭ بىرەر جۈملىسىمۇ ئەخمەتجاندىن چەتلەپ كەتمىدى. مەن ھەر كۈنى دېگۈدەك قېيىنئانام شەرۋانەمنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئوغلى ئەخمەتجاننىڭ بالىلىق دەۋرى توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلايتتىم، ئۆزۈممۇ بىر ئانا بولغاچقا، بۇ مېھرىبان ئانىنىڭ قەلبىدە دېڭىزدەك دولقۇنلاۋاتقان باش - ئاخىرى يوق ئارزۇ - ئارمانلارنىڭ نېمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالىغۇدەك ھالەتتە ئىدىم.

قېيىنئانام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى ئۇزۇن سۆھبەت ئەخمەتجاننىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن باشلاندى:





ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى غۇلجا كوچىلىرىدىن بىر كۆرۈنۈش

ئەخمەتجان قاسىمى 1914 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى (سەيشەنبە) غۇلجا شەھىرىنىڭ توغرا كۆۋرۈك مەھەللىسىدىكى ئۆستەڭ ياقىسىدا ئاددىي بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەنىكەن.

سوئاللىرىمنىڭ ئايغى چىقماي تۇرۇپلا قېيىنئانام كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋالدى ـ دە، گېپىنى باشلىدى:

— ئەتىياز پەسلى، قار ـ مۇزلار تېخى ئېرىپ بولالمىغان كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى مېنى قاتتىق تولغاق تۇتۇپ كەتتى، يېنىمدا دادىسى بىلەن ئىككى ياشلىق قىزىم جەننەتبۈۋىدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. دادىسى مېنىڭ بۇ ھالىمنى كۆرۈپ، ئالمان ـ تالمان چاپىنىنى كىيدى ـ دە سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن دادىسى مەھەللىدىكى تۇغۇت ئانىسى ھاشىخان ھەدىنى باشلاپ كەپتۇ. تولغاق ئازابىدا تەر بېسىپ، تىنماي ئىڭرايتتىم... تاڭ ئاتارغا يېقىن بالا ساق ـ سالامەت تۇغۇلدى. مېنىڭمۇ كۆز ئالدىم پاللىدە يورۇپ، يېنىكلەپ قالغاندەك چوڭقۇر ئۇھ تارتتىم. ھاشىخان ھەدە بالىنى ئاۋايلاپ زاكىغا ئالدى ـ دە، ماڭا ئۇزاتقىنىچە «ئوغۇل، ئوغۇل» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. بۇنى ئاڭلاپ چەكسىز بەخت تۇيغۇسىغا چۆمدۈم. ئوغلۇمغا قاراپ پەقەت قانمايتتىم، بوۋاقنىڭ پېشانىسى كەڭ، قوشۇمىسى چىڭ تۈرۈلگەن، قاپقارا يوغان كۆزلىرى پارقىراپ تۇراتتى، يۇمران ئېغىزىنى ئۈمچەيتىپ، بېشىنى تولغاشلىرى ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ ئىڭگەلىگەن ئاۋازى بىزنىڭ بۇ سوغۇق ئۆيىمىزگە چەكسىز خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. ھاشىخان ھەدە قولىنى يۇيۇۋېتىپ، ھويلىغا چىقتى ـ دە، نادەمگە خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. بالىنىڭ ئوغۇل ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان دادىسى نادەم بېشى كۆككە يەتكەندەك بولۇپ، قىن ـ قىنىغا پاتماي خۇشال بولۇپ كەتتى، — شەرۋانەم ئاپام سۆزلەۋېتىپ بىر نەرسىلەرنى يادىغا ئالغاندەك پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى ـ دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — دادىسى نادەم يانچۇقىدىن ئاللىقاچان تەييارلاپ قويغان قىزىل لاتىنى چىقىرىپ ئادىتىمىز بويىچە ئۆيىمىزنىڭ ئىشىكىگە شەلپەر ئېسىپ قويدى.

— بۇ خەۋەر توغرا كۆۋرۈكتىكى كىچىككىنە مەھەللىگە بىردەمدىلا تارقىلىپ كېتىپتۇ، — دەيتتى قېيىنئانام، — سەھەردە مەسچىتتىن چىققان جامائەت نادەمنى مۇبارەكلىشىپتۇ، ئاغىنىلىرىدىن ئاخۇنۇم كا-

رۇشاڭ، مامۇت بېدىكلەر: «ھەي نادىر ساتىراش، مانا بالاڭمۇ ئىككى بول-دى، ئەمدىغۇ يۇرتقا مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرەرسەن؟ يۈزۈڭمۇ قىلىنلىشىپ كېتىپتۇ سىنىڭ! بولمىسا بۇلتۇر قىشتا ئابدۇل خادىكىنىڭ ئۆيىدە مەش-رەپتىن ئىككى توقاچ ئوغرىلىۋالغانلىقىڭنى ماۋۇ بالاڭغا دەپ قويىمىز جۇمۇ» دەپ چاقچاق قىلىشىپتۇ.

شەرۋانەم ئاپامنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ قولاق تۈۋىمدە مەشرەپ-لەردە ئېيتىلىدىغان ئىلى سەنىمى ياڭرىغاندەك بولۇپ كۆڭلۈم يايراپ كەتتى.

— يەتتە كۈندىن كېيىن بالىغا ئىسىم قويۇش ئۈچۈن بىرنەچچە مويسىپىتنى چاقىردۇق، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى قېيىنئانام، — ئىسمىنى قويغان ھېزىم موللام ئايەت ئوقۇغاچ بالىنى كاڭدىكى كىگىزدە دومىلاتقىنىدا، تۇغۇلغىنىغا ئەمدىلەتىن بىرنەچچە كۈن بولغان بوۋاق تو-يۇقسىز كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئەتراپتا بولۇۋاتقان ئىشلارنى بىلىۋات-قاندەك، ھەممىگە نەزەر سالغاندەك قارايتتى. بۇنىڭغا مەستلىكى كەلگەن ھېزىم موللام بالىنى باغرىغا باسقىنىچە دېرىزە ئالدىغا باردى ـ دە، پارلاپ تۇرغان قۇياشقا قاراپ «تەلەي ـ پېشانەڭ ئوك بولسۇن، بالام، مەنزىلىڭ قۇياشقا ئوخشاش نۇرلۇق بولغاي، ئاللانىڭ چەكسىز ئالىمىدە ھىدايەت تاپقايسەن، بالام!» دەپ دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭغا «ئەخمەت» دەپ ئىسىم قويدى.

— بىز ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئوغۇللارنى ئەركىلىتىپ ئىسمىنىڭ ئا-خىرىغا «جان» دەپ قوشۇپ چاقىرىمىز. بۇ بالىنىڭ ئىسمىغىمۇ «جان»نى قوشۇپ، «ئەخمەتجان» دەپ ئاتىدۇق. ئۆيگە كەلگەن جامائەت يۆگەك ئىچىدە كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ياتقان كىچىككىنە ئەخمەتجاننىڭ بەخت ـ تەلىيىنى تىلەپ دۇئا قىلىشتى. قىزىم جەننەتبۈۋىگە ھېچقايسى-مىز دىققەت قىلالماپتىمىز. چىرايلىق قىزىم بىردەم يېنىمدا پۇشۇلداپ ئولتۇرسا، يەنە بىردەم دادىسىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئەگىپ يۈرەتتى. قانداقتۇر ئۆزىچە قايسىبىر ناخشىغا غىڭشىيتتى. ئىشقىلىپ ئۇمۇ بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشنى ئويلاۋاتقان بولسا كېرەك، مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىمەن دەپ ئاپتۇۋىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشىغا يىقىلىپ چۈشتى. قات-تىق چۈشۈپ كەتتىمۇ ياكى مېھمانلاردىن ئىزا تارتتىمۇ، «پاڭڭىدە» ئې-تىلىپ يىغلاپ كەتتى.

بۇ گەپلەردىن كېيىن شەرۋانەم ئاپام چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، گېپىنى داۋام قىلدى:

— مەن بالامنى باغرىمغا باستىم، ئەخمەتجان مەندىن كۆزىنى ئۈزمەي قارايتتى. ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسىنى تىنماي سىلايتتىم، كۆزلىرىمدىن بەخت ياشلىرى تۆكۈلەتتى. «جېنىم بالام، سەنمۇ مەندەك بىر بەختسىز بولۇپ قالمىساڭ بولاتتىغۇ!» دەپ ئىچىمدە خۇدادىن ئامانلىق تىلەيتتىم. مېھمانلار كەتكەندىن كېيىن قىزىم جەننەتبۇۋى ئۆزىنىڭ قونچاق ئويناپ رەتلەپ قويغان پاكىز لاتا - پۇرۇچلىرىنى يېنىمغا ئەكېلىۋېلىپ، بىرنېمىلەرنىڭ ھەلەكچىلىكىگە چۈشۈپ كەتتى. دادىسى مەن كەشتە بېسىپ تىكىپ بەرگەن موخوركا خالتىسىدىن بىر چىمدىم موخوركا ئېلىپ، ئالدىرىماي يۆگەيتتى، قېلىن كالپۇكى بىلەن قەغەزنى ھۆللەپ، ۋىل - ۋىل يېنىپ تۇرغان مەشتىن چوغ ئېلىپ ئوت تۇتاشتۇراتتى - دە، كۈچەپ شورايتتى. ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىدىن بىر خىل تەشۋىش چىقىپ تۇراتتى.

— قوشنا ئاياللارنىڭ بەزىلىرى تاماق ئېتىپ ئەكىرسە، بەزىلىرى ئەتكەنچاي ئەكىرىپ يوقلىشاتتى. ھەش - پەش دېگۈچە ئەخمەتجاننىڭ قىرىقى توشۇپ قالدى. ئادىتىمىز بويىچە ئۇنىڭ قىرىقى سۈيىنى قۇيدۇق. قىرىقى سۈيىنى قۇيۇش ئۈچۈن 40 تال كىچىك توقاچ ياقتىم، ھەر بىر توقاچنى بالىنىڭ بىر كۈنلۈك رىزقى ئورنىدا تەييارلىدىم. يەنە 40 تال چىلان تېپىپ كەلدىم. بۇ ئۇنىڭ ئەل - يۇرت، دوستلىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈشىنى تىلىگىنىم ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا 40 تال مەنپەزىمۇ تاپتىم، بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلىرىنىڭ بەختلىك بولۇشى، سۆزلىرىنىڭ تاتلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىم ئىدى.

— قىرىقى سۈيى قۇيغان كۈنى بىرقانچە كىچىك بالىنى چاقىرىپ كىردۇق. ياشقا چوڭراق ئىككى ئايال بۆشۈكنىڭ ئىككى يېنىدا ئولتۇردى. بۆشۈكنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئايال بۆشۈك ئاستىدىن ئوڭ قولىنى سوزۇپ، «ئىڭگى ماما» دەپ قارشى تەرەپتىن نەرسە سورىدى. بۆشۈكنىڭ سول تەرىپىدىكى ئايال ئالدىن تەييارلىغان يېمەكلىكلەرنى «مانا ساڭا» دەپ بۆشۈك ئاستىدىن ئۇنىڭغا بەردى. ئاندىن بۇ ئايال ئالغان تاتلىق - تۇرۇملارنى ئەتراپىدا كۈلۈشۈپ ئولتۇرغان بالىلارغا تارقىتىپ بەردى (چوڭلارنىڭ مۇشۇنداق قىلىشى بالىلارنىڭ قولى ئوچۇق، مەرد -

مەردانە چوڭ بولۇشنى تىلىگەنلىكى ھېسابلىنىدۇ ـــ ئا). ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇششاق باللارنىڭ ھەربىرىگە بىر قوشۇقتىن ئىلمان سۇ ئالدۇرۇپ، باللىنى يۇيىدىغان داسقا قۇيدۇردۇق. باللىنى شۇ سۇ بىلەن يۇيۇپ بولۇپ بۆشۈككە بۆلەپ قويدۇق. نېسىۋىسىنى ئالغان كىچىك باللار خۇشال بولۇپ دۈكۈرۈشۈپ چىقىپ كېتىشتى. ئەخمەتجانمۇ ئۇيقۇغا كەتتى. بىز بىرنەچچە ئايال تۆۋەن ئاۋازدا پىچىرلىشىپ پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇشتۇق. توساتتىن كىمدۇر بىرى «ۋاي خۇدايىمەي، قاراڭلار! مۇنۇ بۆشۈك ئۆزىچە تەۋرەۋاتىدۇغۇ، نېمە ئىش بۇ؟!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىسام، راست دېگەندەك بۆشۈك ئۆزلۈكىدىن تەۋرەۋېتىپتۇ. مەن دەررۇ بېرىپ بۆشۈكنىڭ ياپقۇچىنى ئاچتىم، قارىسام، 40 كۈنلۈك ئەخمەتجان خۇددى بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلاپ چۈشىنىۋاتقاندەك، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، بوينىنى تولغاپ ئۈمچەرەپ يېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ھەممەيلەننىڭ ئامراقلىقى كېلىپ كەتتى ھەمدە ئەجەبلىنىپ: «توۋا، مانى قاراڭلار! بۇ بالا 40 كۈنلۈك تۇرۇپ بۆشۈكنى تەۋرىتىۋاتىدۇ! چوڭ بولسا قالتىس ئادەم بولۇپ چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىۋېتىدىغان ئوخشىمامدۇ!» دېيىشتى.

ـــ شۇنداق قىلىپ، ئەخمەتجان ھەدىسى جەننەتبۇۋى بىلەن قوش كۈنلىرى سوغۇقتا تىترىشىپ، ياز كۈنلىرى ئۆستەڭنىڭ لاي سۈيىگە چۆمۈلۈشۈپ، مەھەللىدىكى ئۆزى دېمەتلىك بىر توپ باللار بىلەن تەڭ چوڭ بولدى...



مەن قېيىنئانامنىڭ ئۆتمۈش خاتىرىلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ، ئەخمەتجاننىڭ باللىق چاغلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندەك بولدۇم، بۇ ئائىلە ئاشۇ كۈنلەردە گەرچە باياشات بولمىسىمۇ، بارىغا شۈكۈر قىلىپ، بىر قاچا تاماقنى دەرقەمتە يېيىشىپ خاتىرجەم ياشىغانىكەن. بىراق، كېيىنكى كۈنلەردە كۈتۈلمىگەن يەردىن ئەخمەتجاننىڭ دادىسى نادىر ماخمۇت بۇ ئالەمدىن ۋاقىتسىز كېتىپ قاپتۇ.

# 4. قىيىنئاتامنىڭ ئۆلۈمى

1922 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرى بولسا كېرەك، سۈيدۈڭدىكى يۈز بېشى بولۇپ ئۆتكەن بىر باي ئوغلىنىڭ خەتنىسىنى قىلدۇرۇشقا ئەخمەتجاننىڭ دادىسى نادىر ماخمۇتنى چاقىرىپتۇ، شۇنداقلا ئابرۇي قوغلىشىپ، سۈننەت توي بەزمىسىگە غۇلجىدىن ئاخۇنۇم كارۇشاڭ، ئابلا دۇمباق قاتارلىق بىرنەچچە سازەندىنى تەكلىپ قىپتۇ.

غۇلجا بىلەن سۈيدۈڭنىڭ ئارىلىقى يىراق بولمىغاچقا، ئۇلار ۋاقتىدا يېتىپ بېرىپتۇ. سازەندىلەرنىڭ كېلىشى بايغا شان ـ شەرەپ كەلتۈرۈپتۇ. نادىرئاخۇن بالىنىڭ خەتنىسىنى قىپتۇ. ھەر تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلار باغدا سەيلە قىلغاچ، مەززىلىك تاماقلارنى يېيىشىپ تازا يايرىشىپتۇ. مېھمانلارنىڭ تەلىپى بويىچە نادىرئاخۇن، ئابلا دۇمباق قاتارلىقلار دۇتار ـ تەمبۇر چېلىپ مۇقام ئېيتىشىپتۇ، خەلق ناخشىلىرى بىلەن بەزمە قىپتۇ:

سادىرنىڭ ماكانى يوق،
كىيەرگە چاپانى يوق.
يۇرت ئىچى قۇرۇپ كەتتى،
ھەيدەشكە ساپانى يوق.

نۇر بەگنىڭ ئۆيى نەدە؟
چوڭ كۇرە دېگەن يەردە.
قىلمىغىنى قالمىدى،
ئۆلمىدى ھارامزادە.

نادىرئاخۇننىڭ ناخشىلىرىنى زوقى بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرۇشقان

خالايىق تەڭ «بەللى ـ بەللى!» دېيىشىپ ماختىشىپتۇ. لېكىن، شەھەر
ئىچىدە نادىرئاخۇنغا ئۇزۇندىن بېرى ھەسەت قىلىپ يۈرگەن بىرمۇنچە
چىدىماسلار بىر باھانە تېپىپ ئۇنى جايلىۋېتىشنىڭ قەستىگە چۈشكەند-
كەن، ئۇلار نادىرئاخۇننىڭ سۈيدۈڭگە كەلگەنلىكىنى ئوبدان پۇرسەت دەپ
بىلىپ، كەينىدىن سۈيدۈڭگە ئوغرىلىقچە يېتىپ كەپتۇ. شۇ كۈنى مېھ-
مانلار تارقىلىپ ئەل ئايىغى بېسىققاندا، نادىرئاخۇن قونالغۇدىن سال-
قىنلاشقا سىرتقا چىقىشىغا، بايا تىلغا ئېلىنغان ھەسەتخورلاردىن قاسىم
جازانىخور («قاسىم كومشا»مۇ دېيىلىدۇ) دېگەن بىر ئەبلەخ نادىرئاخۇ-
نىڭ كەينىدىن تۇيدۇرماي كېلىپ ئۇنىڭغا پىچاق ساپتۇ ۋە ھەش ـ پەش
دېگۈچە تامدىن ئارتىلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. نادىرئاخۇن شۇ يەردىلا جان
ئۈزۈپتۇ.

نادىرئاخۇننىڭ سۈيدۈڭدە قازا قىلغانلىقى ھەققىدىكى شۇم خەۋەر
بىچارە شەرۋانەم ئاپامنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ، شەرۋانەم ئاپام قان يىغلى-
غىنىچە ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپتۇ.

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قېيىنئانام بىر ھازاغىچە جىمىپ
كەتتى، خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئېغىر خورسىنىپ سۆزىنى داۋاملاش-
تۇردى:

— تۇيۇقسىز كەلگەن قازادىن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمىدىم. ئىككى
بالام تېخى كىچىك. ئۆلگەننىڭ كەينىدىن تەڭ ئۆلمەك يوق! قېيىنئىنىم نا-
سىر خەۋەرنى ئاڭلاپ دېرىزىگە سېلىۋاتقان ئەينەكلەرنى تاشلىدى ـ دە، ماڭا
ئىككى بالىغا ئوبدان قاراشنى جېكىلەپ، سۈيدۈڭگە قاراپ مېڭىپ كەتتى،
بېرىپ قارىسا كۆز ئالدىدا ياتقىنى ئاكىسىنىڭ جەستى.

«مېيىت كۈن ئاتلىسا يامان بولىدۇ» دەيدىغان پەتۋا بويىچە، نادىر
ماخمۇتنىڭ مېيىتى سۈيدۈڭدىكى لەڭگەر شېھىتلىكىگە دەپنە قىلىنىپ-
تۇ، ناسىرئاخۇن ناھەق ئۆلگەن ئاكىسى ئۈچۈن يىغلاپ ـ قاقشاپ غۇل-
جىغا قايتىپ كەپتۇ.

ئەلھۆكمىلىللا! ئەپسۇس، ئەمدى بۇ بەختسىز ئايال ئۆزىنىڭ بىر-
دىنبىر تايانچىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ.

شەرۋانەم ئاپامنىڭ گېپى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مەن تەسەللى بېرىپ
گەپ قىستۇردۇم:

— كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، ئەخمەتجان

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا دادىسىنىڭ قەبرىسىنى جىق سورۇشتۇرۇپ، ئاخىر سۇيدۇڭدىن تاپتى، دادىسىنىڭ بېشىدا خەتمە قۇرئان قىلدى.

بۇنى ئاڭلىغان قېيىنئانام شەرۋانەم يەنە بىر تىنىۋېلىپ:

— ۋايەي شۇنداقمۇ، جېنىم بالامنىڭ كۆڭلى قانچىلىك يېرىم بولغاندۇ؟

ئاشۇ مۇدھىش قاراڭغۇ جەمئىيەتتە نەدىمۇ قانۇن، نەدىمۇ ھەقىقەت بولسۇن! بايلارنىڭ گېپى گەپ، قىلغىنى قىلغان. شەرۋانەم ئاپامغا ئوخشاش نامراتلارنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان كىم بار؟

مەن پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرغان جىنچىراغنىڭ يېنىدا شەرۋانەم ئاپامنىڭ ھەسرەتلىك ئەسلىمىلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ، ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلاتتىم، ئۇ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— مەن تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ سۇيدۇڭدىكى بايدىن قاتىلنى تېپىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. باي قاتىلنى تېپىپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئىتلىرىنى قويۇپ بېرىپ مېنى تالاتتى. مەن بۇ يولدىن قايتماي يەنە شەڭگەن يامۇلغا قاتىل ئۈستىدىن ئەرز قىلدىم. لېكىن، ھېچكىم مېنىڭ زارىمنى تىڭشىمىدى. رەزىل قاتىل قېچىپ ئىز ـ دېرەكسىز يوقالدى. مېنىڭ ئەرزىممۇ ئاقمىدى. ماڭا پەقەت كۆز يېشى قىلىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ئىككى بالامنى باغرىمغا بېسىپ ئاللادىن پاناھلىق تىلەشتىن باشقا نېمە چارەم بولسۇن دەيسىز. قىزىم جەننەتبۇۋى بىلەن ئوغلۇم ئەخمەتجان ماڭا يېپىشىپ ئۆمچىيىپ يىغلايتتى. كاللامدا بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزەرمەن، دېگەن بىرلا سوئال ئەگىيتتى.

— ئائىلىمىز بەك نامرات بولغاچقا، دادىسىنىڭ قىرىقى نەزىرىنىمۇ بېرەلمىدۇق. ئازراق ماي پۇرىتىپ قۇيماق سالدىم. كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا تەسەللى بېرىپ «ئەلھۆكمىلىللا» دېيىشەتتى. بىراق ئەخمەتجان يەنىلا گۆدەك بولغاچقا، بۇ ئېغىر مۇسىبەتنى بىلىپمۇ كېتەلمىدى. بىر چاغدا قارىسام، بالا يېنىمدا يوق. ئۇ مەھەللىدىكى بالىلار بىلەن ئويناپ تالاغا چىقىپ كەتكەنىكەن. قانداقلا بولمىسۇن ئۇ دېگەن كىچىك بالا ـ دە! ئۇ تونۇرنىڭ ئىچىگە چۈشۈۋېلىپ، دادىسىنى دوراپ قومۇشتىن ياسىۋالغان سۇنىيىنى چېلىپ ئولتۇرغۇدەك. كىچىك دادىسى ناسىر تونۇردىن ئۇنى قولىقىدىن تارتقان پېتى سۆرەپ چىقىپتۇ. ئاچچىقىدا كاچىتىغا

نەچچىنى ساپتۇ ـ دە، بېلىگە ئاق پوتىنى يېشىۋېتىپ باغلاپ قويۇپتۇ.

شەرۋانەم ئاپامنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ مۇنداق بىر ۋەقە كۆڭلۈمدىن كەچتى:

1947 ـ يىلى يازدا، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن، ئەخمەت ئەپەندىم ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بارلىق ۋەكىللىرىنى ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتۇرۇپ كەلدى. بۇ يەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بازىسى بولغاچقا، ئەتراپ بىرقەدەر تىنچىپ قالغانىدى. 9 ـ، 10 ـ ئايلارنىڭ بىر كۈنى بولسا كېرەك، ئەپەندىم ئىككىمىز قىزىمىز ئادالەتنى كۆتۈرۈپ، كەچقۇرۇنلۇقى نوۋېيگوردتىكى ئۆيىمىزدىن («ئىستالىن» يولى 4 ـ كوچا) دادامىلارنىڭ سايبويىدىكى ئۆيىگە ماڭدۇق. ئادەتتە ئەپەندىم سىرتقا كىچىك ماشىنىدا مۇھاپىزەتچىسى بىلەن بىللە چىقاتتى، شۇ كۈنى بىز چوڭ ئۆيگە ھېچكىمگە دېمەي پىيادىلا ماڭدۇق، ماشىنىمۇ چاقىرمىدۇق، مۇھاپىزەتچىگىمۇ خەۋەر قىلمىدۇق.

بىز چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، يولبويى پاراڭلىشىپ كېتىپ باراتتۇق. بىردەمدىن كېيىن كەينىمىزدە بىرنەچچە ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى. دەسلەپتە ئۇلارغا دىققەتمۇ قىلماپتىمىز. ئۇلار بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىشىگە، كۆڭلۈمدە بىر گۇمان پەيدا بولدى ـ دە، ئەخمەتجانغا ئاستا ئىشارەت قىلدىم. چۈنكى، ئۈرۈمچىدىكى چاغلىرىمىزدا گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ئەخمەتجانغا كۆپ قېتىم قەست قىلماقچى بولۇپ كەينىگە كىرىۋالغانىدى.

ھېلىقىلار بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى. ئەپەندىم قەدىمىنى توختاتتى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇلارنى كۈتۈپ تۇردى. ئەپەندىمنىڭ توختىغىنىنى كۆرۈپ ھېلىقىلارمۇ جايىدا تۇرۇپلا قېلىشتى. بىراق، ئارىلىقىمىز يېقىن بولغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي، تېڭىرقىغىنىچە ئوڭايسىز ئەھۋالدا قېلىشتى.

بىردەمدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى سالام بېرىپ ئالدىمىزغا كەلدى. مەن يەنىلا قورقۇنچ ئىچىدە قىزىمنى يۆگەشتۈرۈپ ئەپەندىمنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدىم.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەپەندىم، — دېدى ھېلىقى كىشى، — سىلىگە دەيدىغان مۇھىم گېپىمىز بار ئىدى، ئۆيلىرىگە بېرىشقا پېتىنالمىدۇق، بىراق كۆرۈشمىسەك كۆڭلىمىز ئۇنىمىدى، شۇڭا سىلىگە ئەگىشىپ

كېلىشىمىز.
ئەپەندىم تەمكىنلىك بىلەن ئۇ كىشى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈش-
تى ـ دە، ئۇلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى سورىدى.
— بىز بۇ يەردە ئوقەت قىلىپ جان بېقىۋاتىمىز دېسىلە، — دېدى
ھېلىقى ئادەم، — ئاۋۇ تىترەك بېسىپ داجىپ تۇرغان ئاغىنىمىز سىلى-
دىن قورقۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. كۆرۈشمەي كېتەي دېسە، تېخى كۆزى قىيمايدۇ
دېسىلە.
ئەپەندىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەۋەبىنى سورىۋىدى، ھېلىقى كىشى
سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— ئەپەندىم، سىلى خەلقپەرۋەر ئادەم، پۇقرالارنىڭ باشپاناھى، شۇ-
ڭا قورقماي ئالدىلىرىغا كېلەلىدۇق، بۇ ئاغىنىمىزنىڭ ئىسمى مەمەت،
بۇنىڭدا گۇناھ يوق دېسىلە. بۇ يېتىمنىڭ دادىسى جازانىخورلۇق قىلىپ
خەقنىڭ ھەققىنى يېگەچكە، خۇدانىڭ جازاسىغا ئۇچرىدى. 10 يىلنىڭ
ئالدىدا باشقا خەق بىلەن جېدەللىشىپ، ئۆز جېنىغا ئۆزى زامىن بولدى،
بۇ ئاغىنىمىز ئۇ جازانىخورنىڭ بالىسى بولغان بىلەن ئەسكى ئىش قىل-
مايدۇ. ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ كۈن كۆرۈۋاتىدۇ. سىلىنى بىلىپ قال-
سا، مەندىن دادىسىنىڭ قىساسىنى ئالىدۇ دەپ قورقۇۋاتىدۇ. ئەمدى قا-
رىسىلا، راست گەپنى قىلساق، قاسىم جازانىخور دېگەن ئادەم بۇ ئاغىنى-
مىز تېخى تۇغۇلمىغان چاغدا، سۇيدۇڭدە شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ دا-
دىلىرى نادىركامغا قەست...
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەخمەتجاننىڭ چىرايى شۇنچىلىك ئۆزگىدىكى، ئۇنىڭ
تۇرقىغا قاراپ ئۇنى دەرھال مىللىي ئارمىيە كومېندانتى (شەھەر گارنى-
زونى) غا خەۋەر قىلىپ، بۇ كىشىنىڭ پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەيلا
بارىدىغان يېرىگە ئاپىرىۋېتەرمىكىن، دەپ قالدىم. ئەپەندىم سەل تۇرۇۋال-
غاندىن كېيىن ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن كەينىگە داجىپ تۇرغان ھېلى-
قى كىشىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، سىلىق ـ سىپايىلەرچە سۆز ئاچتى:
— قورقماڭ! «ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشى، يامان-
لىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشى!» دەپتىكەن، مەن ئۇنداق نامەردلەر-
دىن ئەمەس! مېنىڭ دادام سىزنىڭ دادىڭىزنىڭ قولىدا جان بەرگەن بول-
سا، باشقىلار سىزنىڭ دادىڭىزنىڭ جېنىنى ئاپتۇ. بىز بۇنى ئۆتمۈش
جەمئىيەتتىنلا كۆرىمىز. خەلقىمىزنى نادانلاشتۇرۇۋەتكىنى ئەنە شۇ مۇد-

ھىش كونا جەمئىيەت. مانا ھازىر بىز يېڭى جەمئىيەت قۇرىمىز دەپ كۆ -
رەش قىلىۋاتىمىز. ئۆتمۈش جەمئىيەتكە سىزمۇ، مەنمۇ مەسئۇل ئەمەس،
بەلكى ئاشۇ دەۋرنىڭ ئۆزىلا مەسئۇل. بۇنداق ئىشلاردىن بىز نېمە ئۇچۇن
ئىبرەت ئالمايمىز؟! ئۆتمۈشتە بولۇپ ئۆتكەن ئاچچىق ساۋاقلاردىن ئىب -
رەت ئېلىشىمىز كېرەك! ئەمدىلىكتە بىر - بىرىمىزگە پىچاق تەڭلى -
شىپ، بىر - بىرىمىزنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان ئىشلارغا قانداق يول
قويالايمىز! بىز ئىناق، ئىتتىپاق بولۇپ، نادانلىق، ئەخمەقلىقلەرگە خا -
تىمە بېرىشىمىز، يېڭى دەۋر يارىتىشقا تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم! مېھ -
نەتكەش خەلقىمىز سۆزسىز كەلگۈسى دەۋرنىڭ ئىگىلىرىدىن بولالايدۇ،
ئەلۋەتتە!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چەتتە تۇرغان ھېلىقى مەمەت ئىسىملىك ئادەم ئۆ -
زىنى تۇتۇۋالالماي پاڭىدە ئېتىلىپ يىغلاپ كەتتى:

— جېنىم ئەپەندىم! مەن سىلى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئۇزۇندىن بېرى
تەشنا ئىدىم، بۈگۈن سىلى بىلەن ئاخىر كۆرۈشتۈم، مەن بىر ئۆمۈر سى -
لىنىڭ ئالدىلىرىدا گۇناھكار...

ھېلىقى ئادەمنىڭ ھۆكرەك سېلىپ يىغلىغان ئاۋازى گۇگۇمدىكى
مەھەللىنىڭ جىمجىتلىقىنى بىر -
دىنلا بۇزۇۋەتتى.


ئەخمەتجاننىڭ دادىسى نادىر ئاكا

شۇنداق قىلىپ، بۇ بىرنەچچە
كىشى خوش دېيىشكەن پېتى كەي -
نىگە داجىشىپ قول قوۋۇشتۇرۇپ
تۇرۇپ قېلىشتى. ئەپەندىم خوشلى -
شىپ قىزىمىز ئادالەتنى قولۇمدىن
ئالدى - دە، سايبويىغا قاراپ يولى -
مىزغا راۋان بولدۇق.

ھەرقانداق كىشى ئۆز جەمەتى -
نىڭ تارىخىنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ -
دۇ، بىز ئۇرۇمچىدىن قايتىپ كەل -
گەندىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك
تىنچ كۈنلەردە، ئەپەندىم دادىسىنىڭ
ئون نەچچە يىل تاشلىنىپ قالغان

قەبرىسىنى ئىزدەپ سۈرۈشتۈرۈپ ئاخىر تاپتى ۋە ئابدۇۋەلى جارۇللا، بىرنەچچە ئابرۇيلۇق مويسىپىت بىلەن بىرگە دادىسىنىڭ سۈيدۈڭ لەڭگەر شېھىتلىكىدە ئىگىسىز قالغان تۇپراق بېشىدا خەتمە قۇرئان قىلدى. قېيىنئاتام نادىر ماخمۇت 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا بىر توپ يەرلىك خەلق سازەندىلىرى بىلەن سۈرەتكە چۈشكەنىكەن، بۇ سۈرەتنى غۇلجىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ يېنىغا جايلاشقان سۈرەتخانىدىكى سۈرەتچى تارتقانىكەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە خەلق سەنئەتكارى زىكرى ئەلپەتتا بۇ سۈرەتنى ماڭا ئەكىرىپ بەرگەنىدى. مەن بۇ سۈرەتنى ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.

تۈرلۈك ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قېيىنئاتامنىڭ قەبرىسىنى ۋاقتىدا يوقلىيالمىدۇق. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ شىددەتلىك بوران ـ چاپقۇنلىرى سەل پەسەيگەندىن كېيىن، تاشلىنىپ قالغان بۇ قەبرىنى يوقلاشقا مۇيەسسەر بولالىدۇق. 1984 ـ يىلى، ئاتاقلىق سەنئەتكارىمىز ئابدۇۋەلى جارۇللانىڭ يول باشلىشى بىلەن ئوغلۇم ئادىلجان ۋە نەۋرەم ئالماس سۈيدۈڭدىكى لەڭگەر شېھىتلىكىگە بېرىپ، قېيىنئاتام



نادىر ئاكا (ئىككىنچى قاتار سولدىن ئىككىنچى) سازەندىلەر بىلەن بىللە

نادىر ماخمۇتنىڭ قەبرىسىنى ئىزدەپ تاپتى، يۇرتقا نەزىر بەردى، قەبرىگە ئابىدە تاش قويدى.

مەن بەزىدە شۇنداق ئويلاپ قالىمەن: «مۇشۇ بولسىمۇ ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ روھىغا تەسەللى بولار!»

# 5. كىچىك جەنننىتىم جەننەتتىمدۇ؟

شۇنداق قىلىپ، قېيىنئانام شەرۋانەم ئىككى بالا بىلەن تۇل قاپتۇ،
ئۇلارنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كېلىشكە باشلاپتۇ. جەننەتبۇۋى توققۇز
ياشتىن ئېشىپ، ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولۇپ قالغاچقا، ئاپىسى-
نىڭ بىردىنبىر مۇڭدىشى ۋە ياردەمچىسى بولۇپ قاپتۇ. بۇ قىز خۇددى
چوڭ كىشىلەردەك ئەقىللىك، تەمكىن ئىكەن، ئاپىسىنىڭ قولىغا قول،
پۇتىغا پۇت بولىدىكەن. ئاپىسى بىلەن دائىم هال ـ مۇڭ ئېيتىشىدىكەن،
ئىنىسى ئەخمەتجانغا قارايدىكەن. قىسقىسى، كېچە ـ كۈندۈز ئاپىسىنىڭ
يېنىدىن ئايرىلماي، دادىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشى-
دىكەن. قىزىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئانا
ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولىدىكەن.

ئارىدىن بىرەر يىلمۇ ئۆتمەي، بۇ بىتەلەي ئائىلىنىڭ بېشىغا يەنە بىر
كۈلپەت كەپتۇ.

ئەخمەتجانىنىڭ هەدىسى جەننەتبۇۋى تۇيۇقسىزلا كالتە يۆتىلىدىغان
بولۇپ قاپتۇ. بەزىدە قاتتىق يۆتىلىپ، يۈزلىرى قىزىرىپ، نەپىسى بوغۇ-
لۇپ كېتىدىكەن. كېچىلىرى قىزىپ تەرلەيدىغان، هەتتا قان تۈكۈرىدىغان
بولۇپ قاپتۇ. يوقسۇزلۇق تۈپەيلىدىن قېيىنئانام قىزىنى داۋالىتىشقا زا-
دىلا چامى يەتمەپتۇ. جەننەتبۇۋىنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ-
تۇ. ئۇنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن شەرۋانەم ئاپام مەهەللىدىكىلەرگە دەم
سالدۇرۇپمۇ بېقىپتۇ، ئىسرىق سېلىپمۇ بېقىپتۇ، بىراق جەننەتبۇۋىنىڭ
بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ ئەجەلنى توسۇپ قالالماپتۇ. كۈندىن ـ كۈنگە ئا-
جىزلاپ كېتىۋاتقان بۇ نارەسىدىنى قۇتقۇزۇپ قالىدىغىنىغا كۆزى يەتمى-
گەن ئانىنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇماپتۇ.

غېرىبلىق باسقان بۇ ئۆيدە كونا يوتقانغا پۈركىنىپ ياتقان جەننەت-



1946 ـ يىلى ئەخمەتجان غۇلجىدا بالىلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن ئۆينىڭ ئالدىدا چۈشكەن سۈرەت.

بۇۋىنىڭ ئۇ ئالەمگە كېتىۋاتقانلىقى ھەممىگە ئايان بولۇپتۇ. جەننەتبۇۋىنىڭ سارغىيىپ كەتكەن چىرايى، نۇرسىز كۆزلىرى ئەسلىدىمۇ مىسكىنلىك ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئانىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ پارە ـ پارە قىلىۋېتىپتۇ. شۇ كۈنى كېچىسى جىنچىراغ پىلىلداپ بارغانسېرى غۇۋالىشىپتۇ، جەننەتبۇۋىنىڭ «ئىسسىپ كەتتىم، تەرلەۋاتىمەنغۇ، يوتقاننى ئېلىۋەتكىنە، ئاپا...» دېگەن سۆزى ئانىغا قىلغان ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزى بولۇپ قاپتۇ.

ئەتىيازنىڭ جۇدۇنلۇق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مەشتىن چىققان ئىس ـ تۈتەك كىشىدە خۇددى ئەزرائىل كېلىپ بۇ نارەسىدە قىزنى ئۇ ئالەمگە ئەكېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلىدىكەن. شۇنچىلىك ئۇزۇن تۇيۇلغان بۇ كېچىدە، شەرۋانەم ئاپام ئۇنى ـ بۇنى قىلىپ بېقىپ، ھېچبىر چارە تاپالماي، سەككىز ياشلىق ئەخمەتجاننى ھەدىسى جەننەتبۇۋىنىڭ قېشىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپلا داد ـ پەرياد قىلىپ قوشنىلاردىن ياردەم تىلەپ سىرتقا يۈگۈرۈپتۇ...

قېيىنئانام بىرنەچچە ئايالنى باشلاپ قايتىپ كىرسە كىچىككىنە ئەخمەتجان ئاپىسىنى دوراپ ھەدىسى جەننەتبۇۋىنىڭ ئاغزىغا قوشۇق بىلەن سۇ قۇيۇۋاتقانىكەن. لېكىن، جەننەتبۇۋى كۆزىنى چىڭ يۇمغان پېتى ئۈن ـ تىنسىز ياتقان، قولۇم ـ قوشنىلار بۇ ھالنى كۆرۈپ نېمە قىلاردىنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ كېتىشىپتۇ. بەزىلىرى دەرھال ئاغزىغا سۇ ئېلىپ جەننەتبۇۋىنىڭ سارغىيىپ كەتكەن يۈزىگە پۈركۈپتۇ، خۇددى بىرسى جەننەتبۇۋىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالىدىغاندەك. ئۇلار قولىدىن كېلىد-

غان ھەممە چارىنى قىلىپ بېقىپتۇ. كىچىككىنە ئەخمەتجان قورقىنىدىن بىر چەتتە داڭقېتىپ قاپتۇ، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا قاراشقا چولىسى تەگمەپتۇ. تاڭ ئاتارغا يېقىن جەننەتبۇۋى ئالەمدىن ئۆتۇپتۇ...

شەرۋانەم ئاپام جانجىگەر قىزىنىڭ بۇ دۇنيادا جەننەت ھۇزۇرى سۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇنىڭغا «جەننەتبۇۋى» دەپ ئىسىم قويغانىكەن، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى توزغاقتەك توزۇپ، يۈرەك پارىسى — جەننىتى مەڭگۈلۈك كېتىپ قاپتۇ.

سەبىي قىزىنىڭ چىرايلىق بوي - تۇرقى، تاتلىق سۆزلىرى، ئوماق چىرايى، كېپىنەكتەك ئوينىغان ئۇسسۇللىرى كېچە - كۈندۈز ئانىنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمەپتۇ. بەختسىز ئانا قوشنىلارنىڭ جەننەتبۇۋى بىلەن تەڭ دېمەتلىك قىزلىرىنىڭ چۇرقىرىشىپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە، ئۆزىنىڭ قىزىمۇ خۇددى ھازىرلا قايتىپ كېلىپ مۇشۇ يەردە پەيدا بولىدىغاندەك تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالىدىكەن، ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ ئېچىنىشلىق رېئاللىقنى قوبۇل قىلالمايدىكەن، دائىم ئاسمانغا قاراپ «كىچىك جەننىتىم جەننەتتىمىدۇ؟» دەپ ئۇنسىز نالە قىلىدىكەن.

# 6. مېنىڭ يۇلتۇزۇم قايسى؟

كەينى - كەيىندىن كەلگەن ئۆلۈم شەرۋانەم ئاپامنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋېتىپتۇ، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە بولغاچقا، ھېچكىممۇ ئۇلارغا ياردەم بېرەلمەپتۇ. شەرۋانەم ئاپام بىلەن ئوغلى ئەخمەتجان بىر - بىرىگە يار - يۆلەكتە بولۇشۇپ، ئېغىر غۇربەتچىلىك ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. كۈن ئېلىشنىڭ تەسلىكىدە شەرۋانەم ئاپام ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىدىن غۇلجىنىڭ توغراكۆۋرۈك مەھەللىسىدىكى كونا ئۆيىنى ئەرزانلا سېتىۋېتىپ، ئەخمەتجاننى يېتىلەپ چىلپەڭزىدىكى ئاكىسى كېۋىرئاخۇننىڭ قېشىغا پاناھ تىلەپ كۆچۈپ كېتىپتۇ.

قېيىنئانامنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئىشلار 1923 - يىللىرىغا توغرا كېلىدىكەن.



شەرۋانەم ئاپامنىڭ ئاكىسى كېۋىرئاخۇن سىڭلىسى شەرۋانەمنى يېنىدا ئېلىپ قاپتۇ. كېۋىر ئاكىنىڭ تۇرمۇشى ھەر ھالدا يامان ئەمەس، يەنە كېلىپ ئۆزىمۇ ئۆلىما كىشى بولغاچقا، مەھەللىدە خېلى يۈز - ئابرۇيىمۇ بار ئىكەن. ئۇ باشقىلارنىڭ «ئۆز سىڭلىسىنىمۇ پاتقۇزماپتۇ» دېيىشىدىن ئەندىشە قىلدىمۇ ياكى مېھرىبانلىقى تۇتۇپ كەتتىمۇ، ئىشقىلىپ، شەرۋانەم ئاپامنى ھويلىسىدىكى بىر ئېغىز ئۆيدە تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

ئىلى ئۇيغۇرلىرىدا قوۋم - قېرىنداشلار بىر قورۇدا ياشايدىغان ئەنئەنە بار. بۇ ئائىلىدىمۇ ئوخشاشلا ئاتا - ئانا، ئوغۇل - قىز، كۈيۇئوغۇل - كېلىنلەر بىرلا قورۇدا تۇرىدىكەن. قېيىنئانام ئۆزى چاققان بولغاچقا، بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ ھەممە ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنى زىممىسىگە ئاپتۇ. نان يېقىش، تاماق ئېتىشكە توغرا كەلسە، يوغان تەڭنىدە خېمىر يۇغۇرىدىكەن. ئەخمەتجان ئاپىسىنىڭ كەينىدە يۈگۈرۈپ

يۇرۇپ، قولىدىن كەلگىنىچە ياردەملىشىدىكەن. ئاپىسى كىر يۇيسا، سۇ توشۇپ بېرىدىكەن؛ كالا ساغسا، موزايىنى تۇتۇپ بېرىدىكەن؛ نان ياقسا، تونۇرغا ئوت سېلىشىپ، راسلانغان نانلارنى توشۇيدىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە چوڭ دادىسى (تاغىسى) كېۋىرئاخۇننىڭ قويلىرىنى دالاغا ئاچىقىپ باقىدىكەن.

ئەخمەت ئەپەندىم كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ ئاشۇ قورۇدا تۇرغان قىسقا ۋاقتىنى ئەسلەپ ماڭا سۆزلەپ بېرەتتى. ئاپىسى خېمىرنى چەيلەپ تەڭنىگە كۆتۈرۈپ تاشلىغاندا، تەڭنىنىڭ ئوتتۇرىدىن يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئالاتتى. دېمەك، شەرۋانەم ئاپامنىڭ بەستلىك، ئىشچان، كۈچتۈڭگۈر ئىكەنلىكىنى بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئەخمەتجان ئوقۇش يېشىغا توشۇپ قالسىمۇ مەكتەپكە بارالماپتۇ. ئانىسى بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرۈپ ئەخمەتجاننى مەكتەپكە بېرىش ئۈچۈن بىرمۇنچە كىشىلەردىن ياردەم تىلەپتۇ. تەلىيىگە كېۋىر چوڭ دادىسىمۇ ئۇنى مەكتەپتە ئوقۇشتىن توسۇماپتۇ.

— شۇ يىلى كۈزدە ئەخمەتجاننى مەكتەپكە بەردۇق، — دېدى گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ قېيىنئانام، — بىز تۇرغان ئۆي بىلەن مەكتەپنىڭ ئارىلىقى خېلىلا يىراق بولىدىغان. ئەخمەتجان ھەر كۈنى ئاقمېت ئىسىملىك قازاق ئاغىنىسى بىلەن بىللە مەكتەپكە باراتتى. يولدا ئېگىزلىقلار، قوراي بېسىپ كەتكەن دالالاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئەخمەتجاننىڭ كىيىم - كېچەكلىرى يىرتىلىپ ياماق ئۈستىگە ياماق چۈشكەن، يېلىڭ بولغاچقا، كەچ كۈز كىرىپ سوغۇق چۈشۈشكە باشلىغاندىن كېيىن مەكتەپكە بېرىشى تېخىمۇ تەسلەشتى.

— بىر كۈنى بالامنىڭ قازاق ئاغىنىسى ئاقمېتنىڭ دادىسى بىر ماتانى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ، «شەرۋانەم قوشنام، — دېدى ئۇ، — سىز بەك قىيىنلىۋاتىسىز، ياردەم قىلاي دېسەم ئۆزۈمدىن ئېشىنالمىدىم، بالا بەك زېرەك چوڭ بوپتۇ، سوغۇقتا مۇزلاپ كېسەل تارتىپ قالمىغاي دەپ بۈگۈن بازاردىن مۇنۇ ماتانى ئالغاچ كەلدىم، بالا يىرتىق ئىشتان بىلەن يۈرمىسۇن، ئىشتان بولسىمۇ تىكىپ بېرىڭ.»

دەرۋەقە، ئەخمەتجاننىڭ ئۈستىبېشى بەك يېلىڭ بولغاچقا، شۇ يىلى قىشتا ئۆپكىسىگە سوغۇق ئۆتۈپ كېتىپ خۇددى ھەدىسى جەننەتبۈۋىگە ئوخشاش قاتتىق يۆتىلىدىغان، تۇزۇك بىر نەرسىمۇ يېيەلمەيدىغان بولۇپ

قاپتۇ، كېچىلىرى ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ قىزىيدىكەن، ھەربىر يوتەلگەندە كۆكىرىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدىكەن.

— بالا رەسمىي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ تېنىمدە جان قالمىدى. تۈگىمەس خىياللار كاللامغا كىرىۋېلىپ، گېلىمدىن ھېچنېمە ئۆتمەيتتى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى شەرۋانەم ئاپام، — شۇ كۈنلەردە ئۆزۈممۇ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدىم، يالغۇز بالامدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كۆرە ئۆلگىنىم ياخشى، دەپ زارلىناتتىم. بالىنى قولۇمدىن كەلگىنىچە داۋالىتىشقا تىرىشتىم، بىراق ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. بىر كۈنى كېۋىركام قەيەردىندۇر «تېۋىپ» دەپ ئاتالغان بىر ئادەمنى تېپىپ كەپتۇ. بۇ ئادەم ئەخمەتجاننىڭ تومۇرىنى بىرەر قۇر مۇنداقلا تۇتۇپ بېقىپ، دالانغا چىقىپ بىرنەچچە خىل داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئېيتتى ـ دە، ئۇزاق تۇرمايلا كېتىپ قالدى.

— مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. مەھەللىدىكى چوڭلار بالىغا يىلان، كىرپە، قىزىل قولتۇق پاقا دېگەندەك نەرسىلەرنى قاينىتىپ بېرىشنى ئېيتىشتى. مەن بۇنى ئوغلۇمنىڭ ھېلىقى قازاق ئاغىنىسىغا ئېيتىۋېدىم، مەھەللىدىكى بىر توپ باللار بىلەن قەيەرلەردىندۇر يىلان، كىرپىلەرنى تېپىپ ئەكېلىپ بەردى. مەن بۇلارنى كوزىدا ئۇزۇن قايناتتىم، قوشنىلارنىڭ: «بالا بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ قالسا كۆڭلى ئاينىيدۇ، شۇڭا كېچىدە يېگۈزۈڭ» دېگەن مەسلىھەتى بويىچە، كۈندۈزى بەرمەي كېچىسى يېگۈزدۈم. ئەخمەتجان ھەر قېتىم بۇ قاڭسىقتىن ـ قاڭسىق، غەيرىي تەملىك شورپا بىلەن گۆشلەرنى ئېغىزىغا ئالغىنىدا ئىچى ئېلىشىپ: «ئاپا، بۇ نېمىنىڭ گۆشى؟ تەمى باشقىچىلىغۇ» دەپ يېمەي تۇرۇۋالاتتى. «بالام، بۇ قوي گۆشى، ساڭا پايدا قىلىدۇ» دەيتتىم مەن بالىنى بەزلەپ.

شەرۋانەم ئاپام بالىسىنىڭ بالدۇرراق ساقىيىشىنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇنى ھەر كۈنى ئەنە شۇنداق گەپلەر بىلەن ئالداپ مەجبۇرىي يېگۈزۈپتۇ.

دەرۋەقە، بۇ خىل يەرلىك ئۇسۇل كارامەت كۆرسەتتىمۇ ياكى باشقا ئامىللار شىپا قىلدىمۇ، ئىشقىلىپ، ئەخمەتجاننىڭ كېسىلى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن ئەخمەتجاننىڭ يۈزىگە قان يۈگۈرۈپ يۆتىلى پەسىيىپتۇ. ئۆزىمۇ خېلىلا ئوڭشىلىپ تالا ـ تۈزلەرگە چىقالايدىغان، دوستلىرى بىلەن تال ـ چىۋىقلار ـ

نى ئـات قـىلـىـپ بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئوينىيالايدىغان بوپتۇ. ئۇش ـ
شاق بالىلارنىڭ كۈلكىلىرى شەرۋانەم ئاپامنىڭ قۇلىقىغا كىرگىنىدە، ئۇ
پېشايىۋاندا قاراپ تۇرۇپ خـۇددى قايتىـدىن ئۇمـىد يۇلتۇزىغا، بـەخـت ـ
سـائـادەتكـە ئېـرىشـكـەنـدەك خۇشاللىقتا چۆمىدىكەن.
— ئوغلۇمنىڭ ياخشى بولۇپ قالغىنىغا قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كـەت ـ
كەنىدىم، — دېدى قېيىنئانام، — شۇ چاغدا ئوغلۇم سەل بوي تـارتىپمـۇ
قالدى. ماڭا ئېغىرنى يېنىك، يىراقنى يېقىن قىلىپ، مىسكىن كۆڭلـۈم ـ
نى ياساپ، ھەدىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۈرمىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇرۇن ـ
قىدەك شوخلۇقى يوقىلىپ ياۋاشلاپلا كەتتى. دادىسىنىڭ پاجىئەلىك ئـۆ ـ
لۈمى، ھەدىسىنىڭ ۋاقىتسىز كېتىشى، ئۆزىنىڭ كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ
تەستە ساقايغانلىقى ۋە ئۇستىلەپ كەلگەن يوقسۇزلۇق، سەرگەردانلىق تۇ ـ
پەيلىدىنمۇ قانداق، ئۇنىڭ پات ـ پاتلا بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە خىيالغا
پېتىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالاتتىم. «بالام، نېمىنى خىيال قىلىـپ
بۇ يەردە ئولتۇرىسەن؟» دېسەم، ئۇ بېشىنى چايقاپلا قوياتتى، يا دادىسىنىڭ
قانداق ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى سوراپمۇ قويمايتتى، ئۆزىمىزنىڭ نېمە ئـۈ ـ
چۈن مۇشۇنداق سەرگەردانلىقتا قالغانلىقىمىزنى ۋە شۇنىڭدەك ئاچ قور ـ
ساق، يالاڭئاياغ قالغانلىقىمىزنىمۇ تىلغا ئالمايتتى.
— بىر ئىش ئېسىـمدىن زادى چىقمايدۇ، — دېدى شەرۋانەم ئاپـام
سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بـىر كۈنى نـامازشام ۋاقتىـدا ئەخمـەتجاننـى
ئىزدەپ ھويلىغا چىقتىم. كۈن خېلىلا كەچ بولۇپ قالغانىدى. بىراق، بالا
ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. كەچ كۈزنىڭ سالقىن شامىـلى ئادەمنـى خېلىـلا
شۈركۈندۈرەتتى. ئەنە شۇ كۈنلەردە ئۇ دائىم كـېۋىركامىـنىڭ قويـلىرىنـى
قوتانغا سولىۋەتكەندىن كېيىن، قورۇنىڭ كەينىدىكى دۆڭگە چىقىپ يـال ـ
غۇز ئولتۇرۇپ خىيال سۈرىدىغان بولۇپ قالـغانىدى. بـۇ قېتىـممۇ ئۇنـى
شۇ يەردىن تاپتىم. ئەخمەتجان جىـمىرلاۋاتقان يۇلتۇزلارغا تىكىلگىنىچـە
خىيالغا پېتىپ ئـولتـۇرۇپتۇ. مـەن بـىر دەسسـەپ ـ ئىـككى دەسسـەپ
ئۇنىڭ قېشىغا باردىم. ئۇ ئاياغ تىۋىشىمنـى ئاڭلاپ ئاسـتاغىنـا بۇرىلـىپ
كەينىگە قارىدى. «نېمىگە قاراپ ئولتۇرىسەن، بالام؟ كىرىپ ئۇخلىغىـن»
دېدىم ئۇنىڭغا. «يۇلتۇز ساناۋاتىمەن، ئاپا، ئاسماندا قانچە يۇلتۇز بـار؟»،
«جېنىم بالام، يەر يۈزىدە قانچە ئادەم بولسـا، ئاسمانـدىمۇ شۇنـچە يۇلتـۇز
بارئەمەسمۇ...»، «ئاپا، ئەمىسە يۇلتۇزلار نېمىشقا بىر ـ بىرىـگە ئوخشىـ ـ
مايدۇ؟»، «يەردىكى ئادەملەر بىر ـ بىرىگە ئـوخشىمـىغاچقـا، يۇلتۇزلارمـۇ

بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ساقام!»، «ئۇنداق بولسا مېنىڭمۇ يۇلتۇزۇم بارمۇ، ئاپا، مېنىڭ يۇلتۇزۇم قايسى؟»، «چوڭ بولغاندا ئۆزۈڭنىڭ يۇلتۇزۇڭنى ئۆزۈڭ تېپىۋالىسەن، بولدى، بالام، ئەمدى كىرىپ يات!»

— ئەخمەتجان مېنىڭ سۆزۈمدىن قانائەتلەنمىگەندەك قىلاتتى، مەن ئۇنى قولىدىن يېتىلەپ، سۆرىگەندەك ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتىم.

— ئەتىسى بامداتقا قوپۇپ يېنىمغا قارىسام، ئەخمەتجان يەنە يوق. نەگە كەتكەندۇ، دەپ ئىزدەپ ئارقىدىكى ھېلىقى دۆڭگە چىقسام، ئۇ يەنە ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ كۆزى سەھەردىكى چولپان يۇلتۇزغا تىكىلگەنىكەن. بەلكىم ئۇ كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ يۇلتۇزىمۇ ئاشۇ جۇلالىق چولپان يۇلتۇزغا ئوخشاش بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان بولۇشى، يەر يۈزىدىن تاپالمىغان بەختىنى ئاسماندىن ئىزدەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئىچىمدە: «جېنىم بالام، ئۆزۈڭنىڭ يۇلتۇزۇڭنى بىر كۈن بولمىسا بىر كۈنى تېپىۋالارسەن. ئىلاھىم سەھەردىكى چولپان يۇلتۇز ساڭا بەخت ئاتا قىلار!» دەپ قايتا ـ قايتا دۇئا قىلدىم.

قېيىنئانامنىڭ ئاۋازى پەسىيىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يەنە باشقىدىن يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە «ئاھ ئوغلۇم، ئەمدى چوڭ بولغانسەن، ئىزدەپ يۈرگەن يۇلتۇزۇڭنى تاپقانسەن بالام دېسەم، ئۆزۈڭ تېخى يانماي تۇرۇپلا ئۆچتۈڭمۇ بالام» دەپ قىلغان نالىسى ئۈزۈنغىچە قۇلاق تۈۋىمدىن كەتمىدى. قېيىنئانامنىڭ شۇ چاغدىكى ئېچىنىشلىق ھالىتى ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمەيدۇ.

ئەتىسى سەھەردە ئۇيقۇم ئېچىلىپ كېتىپ ھويلىغا چىقتىم. كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شامىلى ئادەمنىڭ بەدىنىنى شۈركۈندۈرەتتى. مەن چاپىنىمنى يېپىنچاقلىغان پېتى قارا دېگەندەك ئاسمانغا كۆز سالدىم، راست دېگەندەك چولپان يۇلتۇز سەھەرنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىدا شۇنچىلىك يارقىن چاقناپ تۇرۇپتۇكى، خۇددى ئەخمەتجاننىڭ كىچىك ۋاقتىدا جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار بىلەن مۇڭداشقانلىرىنى ماڭا دەپ بەرگۈسى كەلگەندەك قىلاتتى. مەن ئىختىيارسىز ئۆلۈغ ـ كىچىك تىنىدىم ـ دە، چولپان يۇلتۇزغا يەنە بىر قېتىم قاراپ يېنىك ئاۋازدا:

— سەن بىلەن مۇڭداشقان ئەخمەتجان ئەمدى سەن بىلەن مەڭگۇ يۈز كۆرۈشەلمەيدۇ! — دېدىم.

# 7. كۆزدىكى جاراھەت

ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن بىللە خىزمەت قىلغان ياكى ئۇنى كۆرگەنلەر ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىنىڭ سول كۆزىدىن سەل پەرقلىقرەك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇ پەرق ئەنە شۇ ئۆتمۇش قارا جەمئىيەتنىڭ ئەخمەت ئەپەندىمگە قالدۇرغان يادنامىسى ئىدى. مەن ياركەنتتىكى جاڭگال يېزىسىدا تۇرغان كۈنلىرىمدە قېيىنئانام ماڭا بۇ توغرۇلۇق تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى:

— بىر كۈنى نان ياقىدىغان بولدۇم، — دېدى شەرۋانەم ئاپام گېپىنى باشلاپ، — كېۋىركامىنىڭ ئۆيىدە جان سانى جىق بولغاچقا، ئىككى - ئۈچ تونۇر ناننى بىراقلا ياقاتتىم، شۇ كۈنى ھويلىدا ئوتۇن تۈگەپ، تونۇرغا قالىغۇدەك بىر نېمە قالمىغانىكەن، ئەخمەتجان بېرىپ ھويلىنىڭ بىر چېتىگە دۆۋىلەپ قويغان شاخلارنى كەسلىمەكچى بولدى - دە، دادىسىدىن قالغان ئەپچىل پالتىنى تالاغا ئاچىقىپ كەتتى. مەن پالتىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغاچ ئۆيدە خېمىر چەيلەۋاتاتتىم. كۆڭلۈمدە بولسا، ئوغلۇم قاتارغا قوشۇلۇپ قالدى، خۇدا بۇيرۇسا نەچچە يىلغا قالماي چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالىدۇ، بىزمۇ بۇ غۇربەتچىلىكتىن قۇتۇلارمىز، دەپ خىيال سۈرۈپ قاپتىمەن. بىر چاغدا قۇلاق سالسام، پالتا ئاۋازى ئاڭلانمايدۇ. ئوغلۇم شاخلارنى كەسلەپ بولغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم. ئاڭغىچە خېمىرنىمۇ چەيلەپ بولدۇم. بىراق ئەخمەتجان تېخىچە ئۆيگە كىرمىدى. كۆڭلۈم ئاغقاندەك بولدى - دە، يۈگۈرۈپ ھويلىغا چىقتىم. شاخلار كەسلەكلىك پېتى تۇرۇپتۇ، لېكىن ئەخمەتجاننىڭ ئۆزى كۆرۈنمەيدۇ، قارىسام پالتا تونۇر بېشىغا تاشلاقلىق تۇرۇپتۇ. نېمە بولغاندۇ دەپ كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ يۈگۈرۈپ ئارقىغا چىقسام، ئەخمەتجان ئوڭ كۆزىنى مەھكەم باسقىنىچە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ۋاي خۇدايىمەي، بۇ نېمە بولغىنى؟

قارىسام بالامنىڭ قاپىقىدىن چىقىۋاتقان قان يۈز - كۆز، كىيىم - كېچەكلىرىنى قىپقىزىل بويىۋېتىپتۇ. بىچارە بالام مېنى بىلىپ قالمىسۇن دەپ ئاغرىقىغا چىداپ، ئۈن - تىن چىقارماي مۆكۈپ ئولتۇرۇۋالغانىكەن.

«ۋاي جېنىم بالام!» دېگىنىمچە ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئەخمەتجاننىڭ ئوڭ كۆزىدىن قان تەپچىرەپ چىقىۋاتاتتى. ئەسلىدە ئوغلۇم شاخ كەسلەۋاتقاندا، ياغاچ پارچىسى چاچراپ چىقىپ ئوڭ قاپىقىنى يېرىۋەتكەنىكەن، ئەخمەتجان مېنىڭ بىلىپ قېلىشىمدىن قورقۇپ ئۆزىنى تامنىڭ كەينىگە ئاپتۇ ۋە چوڭلارنى دوراپ، چاپىنىنىڭ يىرتىلغان يېرىدىن بىر پارچە پاختىنى ئېلىپ كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى قاپىقىغا بېسىپتۇ. ئوغلۇمنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەي دېدى - دە، باغرىمغا باستىم، ئانا - بالا ئىككىمىز بىزدەك يوقسۇللارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان تۈگىمەس - پۈتمەس جەبىر - جاپالاردىن قاچانمۇ قۇتۇلارمىز، دەپ ئۈن سېلىپ تەڭلا يىغلىشىپ كەتتۇق...

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ ئەخمەتجاننىڭ قاپىقى ساقىيىپتۇ - يۇ، ئىككى كۆزى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئەپەندىمنىڭ كۆزىدىكى بۇ پەرق ئەخمەتجاننىڭ بالىلىق ۋاقىتلىرىدا باشقىلارنىڭ ئىشىكىدە ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ چەككەن جەبىر - جاپالىرىنىڭ ئۆچمەس دەلىلى، شۇنداقلا ئۆتمۈش جەمئىيەتنىڭ ئۇنىڭدا قالدۇرغان مەڭگۈلۈك خاتىرىسى ئىدى.

مەن ئەپەندىم بىلەن تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن، كۆزىنىڭ قانداقچە مۇشۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى سورىدىم. ھەر قېتىم مۇشۇ ئىش تىلغا ئېلىنسىلا، ئەپەندىم دۇنيادىكى مىليونلىغان نامراتلارنىڭ ئېزىلىش ئىچىدە ئىڭراۋاتقانلىقىنى، سان - ساناقسىز ئانا - بالىلارنىڭ زۇلۇم ئاستىدا تېپچەكلەۋاتقانلىقىنى، ھەتتا قىممەتلىك ھاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ قاتتىق غەزەپكە كېلەتتى.

1945 - يىلىنىڭ ياز ئايلىرى بولسا كېرەك، ئەخمەت ئەپەندىم ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى (ھەربىي تورا دەپمۇ ئاتىلىدۇ — ئا)نىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، تېكەسكە سىياسىي رەھبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى. سىياسىي رەھبەر بولغۇچى شۇ

يەردىكى بارلىق خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. تېكەستىكى كۆندىلىك خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشتىن سىرت، جەنۇبىي يۆنىلىش جەڭ قىسىملىرىنىڭ تەييارلىق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەپەندىمنىڭ يەنە بىر ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىدى. ئەپەندىم ھەربىي ئىشلارغا ئىنتايىن ماھىر ئىدى، ئۆزىنىڭ مىنىدىغان ئاق قاشقىلىق تورۇق ئېتىنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايتتى. بىر كۈنى ئەپەندىم تېكەستىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنى باشلاپ كېچىلىك يۈرۈشكە چىققاندا، توساتتىن بىر چوڭقۇر ئۆستەڭگە دۈچ كېلىپ قاپتۇ. قاراڭغۇ كېچىدە ئەخمەت ئەپەندىم چۈلۈۋۈرنى تارتا ـ تارتمايلا، تورۇق ئات كىشنىگەن پېتى بىر سەكرەپلا ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، تورۇق ئات ئەپەندىمنى بىر خەتەردىن ساقلاپ قاپتۇ ـ يۇ، ئەمما شاخ ـ شۇمبىلار تورۇق ئاتنىڭ قاپىقىنى يېرىۋېتىپتۇ. ئات ئادەمدىن سەزگۈر كېلىدۇ، ئەگەر شۇ چاغدا ئات چاققانلىق قىلىپ ئۆستەڭدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كەتمىگەن بولسا، ئەپەندىم خەتەرگە يولۇقۇشى مۇمكىن ئىدى، سەزگۈر ئات ئۆزى يارىلىنىش بەدىلىگە ئەپەندىمنى خەتەردىن ساقلاپ قاپتۇ. ئەپەندىم گازارمىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاتنىڭ كۆزىدىكى جاراھەتنى كۆرۈپ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بوپتۇ، ئۆز قولى بىلەن ئاتنىڭ كۆزىنى داكا بىلەن تېڭىپ، شەخسەن ئۆزى ئاتنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ، بۇ جەڭ ئېتىدىن ئۇزاققىچە ئايرىلالماپتۇ، ھەتتا كانىۋايلارنىڭ ئوت ـ چۆپ بېرىشىگىمۇ ئىشەنچ قىلالماي، ئۆزى پەرۋىش قىپتۇ. بەلكىم ئەخمەت ئەپەندىم ئۆزىنىڭ كۆزى زەخىملەنگەن ۋاقتىدىكى ئازابلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئېتىنىڭ ئاغرىق ئازابىنى ھېس قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ تورۇق ئات ئەپەندىمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە بىزنىڭ قورۇدىن ئايرىلمىدى. مەن ھەر قېتىم بۇ جەڭ دۇلدۇلىنىڭ باشلىرىنى سىلىغىنىمدا، ئۇنىڭ كۆزىدىكى تارتۇق ماڭا ئەخمەتجاننى ئەسلىتەتتى.

# 8. ياركەنتكە سەپەر

جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۇنلەر كىچىككىنە ئەخمەتجاننىڭ كوزىدە
مەڭگۇلۇك ئىز قالدۇرۇپ كەتتى!
ئانا ـ بالا ئىككىيلەن چىلپەڭزىدىكى كىۋىركامىنىڭكىدە تۇرۇۋاتقان
كۇنلەرنىڭ بىرىدە، شەرۋانەم ئاپامىنىڭ سوۋىت قازاقىستانى ياركەنت شە ـ
ھىرىدە تۇرىدىغان ئىنىسى ئومەر قاسىمى ئۇلارنى يوقلاپ كەپتۇ.
ئومەر قاسىمى ياركەنتتە تۇغۇلغان، شۇ يەردىكى ئوقۇمۇشلۇق
زاتلاردىن بىرى بولۇپ، ياركەنتتىكى ئۇيغۇر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتە ـ
پىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىكەن.
قېيىنئانام شەرۋانەم سوزىنى داۋام قىلدى:
ـــ ئىنىم بىلەن يۇز كورۇشمىگىنىمىزگە خېلى كوپ يىللار بولۇپ
قالغانىدى. ئۇ شۇ چاغلاردا 23 ياشلاردا ئىدى، ئانا ـ بالا ئىككىمىزنىڭ
ئېچىنىشلىق ئەھۋالىمىزدىن خەۋەر تېپىپ، بىزنى ئالاھىدە يوقلاپ كەل ـ
گەنىكەن، كەچۇرمىشلىرىمىزنى ئاڭلاپ بىزگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىل ـ
دى، بولۇپمۇ ئەخمەتجاننىڭ كىچىككىنە تۇرۇپ مۇشۇنچىلىك ئاچ ـ يالىڭ ـ
ئاچلىق، ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىدىن تولىمۇ ئېچىندى.
«ھەدە، ـــ دېدى ئۇ بىر كۇنى مەن خالىي قالغان چېغىمدا، ـــ ئەمدى
ئوزۇڭنىڭ تۇرمۇشىنى باشقىدىن ئويلايدىغان ۋاقتىڭ كەپتۇ... مەن ئەخ ـ
مەتجاننى ياركەنتكە ئەكېتىپ بالا قىلىۋالاي، مەكتەپكە بېرەي، مېنىڭ
كۇنۇم ساڭا قارىغاندا ياخشىراق. سەن تېخى ياش، لايىقىدا ئادەم چىقىپ
قالسا تۇرمۇشلۇق بولۇۋالغىنىڭمۇ تۇزۇك.»
ئومەر تاغا ئاخىر شەرۋانەم ئاپامنى قايىل قىپتۇ. بالىلارنىڭ دادى ـ
سىنى ياشلا ئۇ ئالەمگە ئۇزىتىپ قويغاننىڭ ئۇستىگە، ئوماق قىزىدىن
ئايرىلىپ، دەرد ـ پىراقتا قالغان بىچارە ئانا كوزىگە قاراپ تەسەللى تې ـ
پىپ يۇرگەن بىر تال ئوغلىدىن ئايرىلىشقا زادىلا كوزى قىيمىسىمۇ، با ـ

لىنىڭ ئوبدانراق كۈن كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئىنىسى بىلەن ياقا يۇرتقا يولغا سېلىشقا رازى بوپتۇ - دە، ئوغلىنى ئوقۇتۇپ يارامىلىق ئادەم قىلىش ئارزۇسىدا ئىنىسى ئۆمەر قاسىمغا تاپشۇرۇپتۇ.

يولغا چىققان كۈنى شەرۋانەم ئاپام ئەخمەتجاننى لىق شاخ بېسىلغان كۆتەك هارۋىنىڭ ئارقىسىغا ئاۋايلاپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئەخمەتجان تېخى كىچىك بولغاچقا، بۇ ئىشلارنى تازا دېگەندەك چۈشىنىپ كەتمەپتۇ. شەرۋانەم ئاپام بالىسىدىن ئايرىلىشقا قىيالماي، هارۋىنىڭ ئارقىسىدىن خېلىغىچە ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ئۆمەر قاسىمنىڭ قايتا - قايتا تەسەللى بېرىشى، ئەخمەتجاننىڭ هالىدىن ياخشى خەۋەر ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىشى بىلەن، شەرۋانەم ئاپام كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە، دۇئا قىلىپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆزىنى ئۈزەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. ئانىسىدىن ئايرىلىپ ياقا يۇرتلارغا قاڭقىپ كېتىۋاتقان كىچىككىنە ئەخمەتجان قانداقمۇ ئانىسىدىن رىشتىسىنى ئۈزەلىسۇن؟! ئۇ توساتتىن بىر نەرسىنى سەزگەندەك، ئۆمەر تاغىسىنىڭ توسۇغىنىغا قارىماي، خېلى ئۇزاپ كەتكەن هارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، يۈگۈرگىنىچە يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆزى قىيماي قاراپ تۇرغان ئاپىسىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئانا - بالا هارغۇچە يىغلىشىپ، يەنە بىر قېتىم خوشلىشىپتۇ. ئېغىر كۈنلەرنى بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇپ ئۆتكۈزگەن بۇ كەمبەغەل ئانا - بالىنىڭ قانداقمۇ بىر - بىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلسۇن! كىم بىلىدۇ، ئۇلار مۇشۇ ئايرىلغان پېتى يەنە قايسى زاماندا يۈز كۆرۈشەلەر؟

— ئوغلۇم تاغىسى بىلەن كەتتى، — دەپ گېپىنى داۋام قىلدى قېيىنئانام شەرۋانەم، — بۇ چاغدا ماڭا خۇددى بىرسى يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ ئەكەتكەندەك تۇيۇلدى. ئەخمەتجان كەتكەندىن كېيىن قويغان - تۇتقىنىمنىمۇ بىلمەيدىغان بولۇپ قالدىم، پۈتۈن ئەس - يادىم بالامدىلا قالدى، ئارىمىزدا خەت - خەۋەر يوق، بالامنىڭ كېسەل ۋاقىتلىرىدىكى مىسكىن چىرايى، يۇلتۇز ساناپ قاراڭغۇ كېچىدە ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرۇشى، ئوتۇن كەسلەپ قاپىقىنى يېرىۋالغاندا ئۈن چىقارمىغان قەيسەرلىكى پەقەتلا يادىمدىن چىقمايدۇ. لېكىن، هامان بىر كۈنى ئوغلۇمنىڭ چوڭ بولۇپ مېنى ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم، بۇ كۈنلەر قاچانمۇ كېلەر دەپ خۇداغا نالە قىلاتتىم. شۇنداق قىلىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاكام كېۋىرنىڭ مەسلىهەتى بىلەن نىياز باقى دېگەن كىشىگە تۇرمۇشلۇق

بولدۇم.

شەرۋانەم ئاپام نىياز باقىدىن بىر قىز تۇغۇپ، ئىسمىنى تۇرسۇنئاي قويۇپتۇ، يەنە بىر يىلدىن كېيىن ئوغۇل تۇغۇپ، ئىسمىنى ھاكىم قويۇپتۇ. تۇرسۇنئاي بىلەن ھاكىم تۇغۇلغاندىن كېيىن ئەخمەتجاننىڭ ئوتى سەل بېسىلغاندەك بوپتۇ، لېكىن ھەر بالىنىڭ ئوتى باشقا دېگەندەك، شەرۋانەم ئاپام ئەخمەتجاننى ھەر دائىم ئېسىگە ئالىدىكەن، ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن. چىلپەكزە چېگرانىڭ بويىدىلا بولغاچقا، چېگرا ئاتلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا سودا قىلغىلى بارىدىغان كىشىلەر دائىم ئۇچراپ تۇرىدىكەن. شەرۋانەم ئاپام پات ـ پاتلا ئۇلاردىن ياركەنت تەرەپتىكى ئىنىسى ئۆمەر بىلەن ئوغلى ئەخمەتجاننىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىدىكەن. لېكىن، قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب ئالالمايدىكەن. شۇنداقتىمۇ شەرۋانەم ئاپامنىڭ ياركەنتتىكە بېرىپ ئوغلىنى تېپىش خىيالى كاللىسىدىن كەتمەپتۇ، ئاخىر ئۆزىنىڭ بىر موزايلىق كالىسىنى سېتىپ، بىر ئۆكۈز سېتىۋاپتۇ، كۆدە ـ كۆرپىسىنى ئۆكۈزگە ئارتىپ، تۆت ياشلىق قىزى تۇرسۇنئاي بىلەن ئۈچ ياشلىق ئوغلى ھاكىمنى ئۆكۈزگە مىندۈرۈپتۇ ـ دە، نىياز باقى بىلەن بىر كېچىدىلا چېگرادىن ياركەنتكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ!

بۇ 1933 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلى ئىكەن.

45

شەرۋانەم ئاپاملار چىلپەكزىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە ئۆتۈپ يىراققا بارالماي، چېگراغا يېقىنلا يەردىكى ياركەنت رايونىنىڭ جاڭگال يېزىسىدا ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ. بۇ دەل سوۋېت ئىتتىپاقىدا «ئەكسىل ـ ئىنقىلابچىلار»، «خەلق دۈشمەنلىرى»نى تازىلاۋاتقان پەۋقۇلئاددە مەزگىل بولغاچقا، ۋەزىيەت كەسكىنلىشىپ، ھەممە ئادەم جان قايغۇسىدا قالغان ـ كەن. قېيىنئانام ئىنىسىنىڭ ئەخمەتجاننى ئېلىپ نەلەرگىدۇر قاڭقىپ چىقىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپتۇ، لېكىن ئەتراپنى جىددىيچىلىك قاپلىۋالغانىكەن، ئۆمەر قاسىمنىڭ ئەھۋالىنى ئاندا ـ مۇندا ئاڭلىغان بەزى كىشىلەر ئۆمەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، «ھازىر زامان يامان، ئەڭ ياخشىسى ئۆمەرنى ۋاقىتىنچە ئىزدىمەڭ ـ لەر، ئەگەر ھۆكۈمەت يېقىن تۇغقانچىلىقىڭلار بارلىقىنى بىلىپ قالسا، سىلەرنىڭ بېشىڭلارغىمۇ پېشكەللىك كېلىشى مۇمكىن» دەپ قاتتىق جېكىلەپتۇ. بۇنداق ئەھۋالدا شەرۋانەم ئاپاملارمۇ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ،

ئىنىسى ئۆمەر بىلەن ئوغلى ئەخمەتجاننى ئىزدەشتىن توختاپتۇ.

ئۆمەر قاسىمىنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، شۇ چاغدا ئۇ تاشكەنتتە «خەلق دۈشمىنى» دېگەن بوھتان بىلەن ئىش ـ ھەرىكەتلىرى چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇرغان ۋاقىت ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن شەرۋانەم ئاپاملارمۇ ئاشۇ يەردىلا ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ.

بىچارە ئائىلىغا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان نىياز باقى كېسەل سەۋەبى بىلەن 1937 ـ يىلى ياركەنتتە ۋاپات بوپتۇ.

ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن، 1942 ـ يىلى ئەخمەت ئەپەندىم موسكۋا ـ دىن كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتى غۇلجىغا قايتىپ كەپتۇ. سو ـ رۇشتە قىلىپ ئاپىسىنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ياركەنتتە تۇرۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ، لېكىن ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ بولغۇچە، ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقى تۈپەيلى ـ دىن شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە تاشلىنىپتۇ. ئەپەندىم تۈرمىدىن چىق ـ قاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ ۋە يېتەكچىلىك قى ـ لىپ، ئاساسلىق رەھبەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئاپىسىنى ئىزدەيدى ـ غانغا ھېچبىر پۇرسەت بولمىدى. بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۇزۇلۇپ ئەپەندىم غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋەزىيەتتە سەل خاتىرجەملىك كۆ ـ رۈلگەندە، ماڭا ئەمدىلىكتە بىر ئامال قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئاپىسىنى كۆرۈپ كېلىش خىيالىدا بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بەختكە يا ـ رىشا 1948 ـ يىلى قورغاس ئېغىزىنى مىللىي ئارمىيە ساقلاۋاتاتتى، سوۋېت ھۆكۈمىتىمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللايدىغانلىقتىن، سو ـ ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئەخمەتجانغا چېگرادىن ئۆتۈپ ياركەنتكە بېرىپ ئاپىسىنى كۆرۈپ كې ـ لىشكە ئالاھىدە ئىجازەت بېرىلدى. مەن قېيىنئانام ۋە ئىنى ـ سىڭىللار ـ غا سوۋغا تەييارلاپ، ئەخمەت ئەپەندىمنى يولغا سالدىم.

ئەپەندىم ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ماشىنا بىلەن قورغاستىن ئۆتۈپ، ئايرىلغىلى 25 يىل بولغان مېھرىبان ئاپىسى شەرۋانەم بىلەن ياركەنتتە يۈز كۆرۈشۈپتۇ.

ئەخمەتجاننىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى شەرۋانەم ئاپامنى ناھايىتى خۇشال قىپتۇ. بىچارە ئايال ئوغلىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئويلاپمۇ باق ـ مىغانىكەن، ھەتتا ئۇ ئۆز ئوغلىنى تونۇيالماي «سەن كىم؟» دەپ سوراپ ـ

تۇ. قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، قاۋۇل بىر يىگىتنىڭ مېھرىبانلىق بىلەن «ئاپا» دەپ ئۆزىنى مەھكەم قۇچاقلىشىدىن ئوغلىنىڭ ھىدىنى تونۇغاندەك بولۇپ، سەل ئەسلىگە كەپتۇ ـ دە، «ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ؟» دەپ ئوغلىنى مەھكەم باغرىغا بېسىپتۇ. ھاياجانلىق ئىچىدە كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈپتۇ. ئايرىلغىنىغا 25 يىل بولغان ئانا ـ بالا بىر ـ بىرىنىڭ بوينىغا ئېسىلىشىپ يىغا ـ زار قىلىشىپتۇ. ئانىنىڭ 25 يىللىق دەرد ـ ئەلىمى مۇجەسسەملەنگەن يىغىسى ئەخمەتجاننىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئېزىۋېتىپتۇ، بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ئاپىسىنى قۇچاقلىغان پېتى ئۆيگە ئەكىرىپتۇ ۋە:

— ئاپا، مەن ساڭا قارىيالمىدىم، ئۆزۈم ھەر يەر ـ ھەر يەرلەردە سەرسان بولۇپ يۈردۈم، ھالىڭدىن خەۋەر ئالالمىدىم، مېنى ئەپۇ قىلغىن، جېنىم ئاپا! — دەپ باشقىدىن يىغلاپ كېتىپتۇ، ئۆزىنى زورمۇزور تۇتۇۋېلىپ قول ياغلىقى بىلەن ئاپىسىنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپتۇ. دۈشمەن تۈرمىسىدە جاننى ئالىدىغان قىيىن ـ قىستاقلار ئىچىدە كۆزىگە بىر تامچىمۇ ياش ئېلىپ باقمىغان بۇ قەيسەر يىگىتنىڭ، قانخور جاللاتلارنىڭ قانلىق قىلىچى ئالدىدا تىز پۈكمىگەن ئەزىمەتنىڭ ئەمدىلىكتە ئۆزىگە ئاق سۈت بېرىپ باققان ئاپىسىنى كۆرۈپ، سۇنۇق كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئىختىيارسىز كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، جاپالىق كۈنلەردە بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولغان ئانا ـ بالا ئاخىر تېپىشىپتۇ.

— بارمۇ سەن، بالام، شۇنچە يىللاردىن بېرى نەلەردە يۈردۈڭ؟ — تەقەززالىق بىلەن سوراپتۇ ئانا. ئەنە شۇنداق سوئال ـ جاۋابلار ئىچىدە ئانا ـ بالا ئىككىيلەن ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىشىپتۇ. ئەپەندىم ئاپىسىغا ئۆزىنىڭ ياقا يۇرتلاردا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئاخىر غۇلجىغا قايتقانلىقىنى، لېكىن ئاپىسىنى تاپالمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مانا ئەمدى غۇلجىدا ئايالى ۋە قىزى، ئوغلى بارلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ پات ئارىدا كېلىدىغانلىقىنى دەپتۇ ۋە ئاپىسىغا تەسەللى بېرىپ:

— جېنىم ئاپا، ئەمدى يىغلىما، مانا مەن ھايات كەلدىمغۇ، سېنى ئەمدى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمەن، سەن كۈتكەن كۈنلەر كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

تۇرمۇشنىڭ جىق ئىسسىق - سوغۇقىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ مېھرىبان ئانا غۇۋا جىنچىراغنىڭ نۇرىدا ئوغلىغا تويماي قارايدىكەن، خۇشاللىقتا چۆمۈپ قىن - قىنىغا پاتمايدىكەن، نەچچە ئون يىللىق ئازابلىق كەچۈرمىشلەر كۆز ئالدىدا نامايان بولۇپ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلايدىكەن. ئوغلى بىلەن كۆرۈشكىنىدىن مەمنۇن بولۇپ بەخت ئىچىدە كۆڭلى ئېچىلىپ كۈلىدىكەن، ئانا - بالىنىڭ خۇشاللىق كۈلكىلىرى كىچىككىنە ئەسكى ئۆينىڭ تۆت تېمىدا جاراڭلايدىكەن. لېكىن ھەرقاچان ئۆز مەنپەئەتى بىلەن ھېسابلاشماي كەلگەن بۇ خەلقپەرۋەر ئىنقىلابچى ئاران بىر كۆرۈشكەندە مېھرىبان ئانىسىغا شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ھالقىلىق پەيتتە ئىكەنلىكىنى قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ بۇ يەردە كۆپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە شۇنداقلا ئۇزۇن ئۆتمەي يېتىپ كېلىدىغان ئازادلىق كۈنلىرىدە ئاپىسى بىلەن چوقۇم ئۆز ۋەتىنىدە جەم بولۇپ بىر ئۆمۈر كۈلپەت تارتقان ئاپىسىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. بىچارە ئانىنىڭ شۇنچە تۇتۇۋېلىشىغا، يۈرەكنى ئېزىدىغان يىغىسىغا پەقەت چىداپ تۇرالمىسىمۇ، ئىنقىلاب مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان بۇ ئوغلان كېچىلىرى كىرپىك قاقماي ئېمىتىپ باققان مېھرىبان ئانىنىڭ يېنىدا ئاران بىر كۈنلا تۇرۇپ، غۇلجىغا قايتىپ كەلدى. شۇ چاغدا ئەپەندىم ئاپىسىنى سۈرەتكە ئېلىۋالغانىكەن، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ماڭا خۇشاللىق ئىچىدە ئاپىسىنىڭ سۈرىتىنى كۆرسەتتى، مەن شۇ كەمگىچە شەرۋانەم ئاپامنى كۆرۈپ باقمىغان بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ، بۇ مېھرىبان ئانا بىلەن يۈز كۆرۈشكەندەك بولغانىدىم.

بىر يىل ئۆتۈپ، 1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن تۆت سەپدىشى ۋە ئۈچ خادىم بىلەن بېيپىڭدا ئېچىلىدىغان تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ماشىنا بىلەن قورغاس چېگراسىدىن كېچىدە ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيپىڭغا بارماقچى بولدى. ئىككىنچى كۈنى، يەنى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تاڭغا يېقىن، ئۇلار ياركەنتنىڭ جاڭگال يېزىسىغا كەلگەندە ئەپەندىم ئاپىسى شەرۋانەمنى يەنە بىر قېتىم يوقلاپ ئۆتكەنىكەن. بۇ ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق بوپتۇ:

ئەپەندىم سوۋېت چېگراسىدا ۋەكىللەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋالغان سوۋېت قىزىل ئارمىيە ئوفىتسېرىغا ئاپىسى بىلەن كۆرۈشۈۋېلىش ئارزۇسىنى ئېيتىپتۇ ۋە چېگرادىن 15 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى جاڭگال يېزىسىغا يېرىم كېچىدە يېتىپ كەپتۇ، بىچارە شەرۋانەم ئاپامنىڭ بۇ ئىشتىن نەدىمۇ خەۋىرى بولسۇن؟ كېچىدە ئۇخلاپ ياتقان ئانا ئىتلارنىڭ قاۋشى، دەرۋازىنىڭ قېقىلىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ دەرھال سىرتقا چىقىپتۇ. قارىسا، دەرۋازا ئالدىدا قەددى ـ قامەتلىك، كېلىشكەن بىر ئادەم تۇرغانىكەن. ئەخمەتجان ئاپىسىنى «جېنىم ئاپا» دېگىنىچە مەھكەم قۇچاقلىۋاپتۇ.

ئەخمەتجاننىڭ ھىدىنى پۇرىغان شەرۋانەم ئاپام قاراڭغۇدا چىرايىنى كۆرمەي تۇرۇپ، كەلگەن كىشىنىڭ ئوغلى ئەخمەتجان ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۆزىنىڭ ئوغلى بىلەن بۇنداق تۇيۇقسىز يۈز كۆرۈشىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن مېھرىبان ئانا خۇشاللىقىدا ھۆكىرەپ يىغلاپ، ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويايلا دەپ قاپتۇ. ئانا ـ بالا ئىككىيلەن شادلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈپتۇ.

ئەخمەتجان ئۆيگە كىرىپ ئاپىسى بىلەن ھال ـ مۇڭ قىلىشقاچ، نەۋرىلىرىنىڭ رەسىملىرىنى كۆرسىتىپتۇ، بىچارە موماي نەۋرىلىرىنىڭ رەسىمىنى باغرىغا بېسىپ:



— خۇدايىم بۇلارنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلارمۇ؟ يەنە سەرسانلىقتا داد ـ پەرياد ئېيتىپ ياشارمەنمۇ؟ — دەپ نالە قىپتۇ ھەمدە، — ئەمدىغۇ بۇ قېتىم كەتمەيدىغانسەن، — دەپ سوراپتۇ كۆزى قىيماي.

— ئاپا، مەن ساڭا بىر گەپنى دەي، ھەرگىز يىغلىما، — دەپتۇ ئەپەندىم ئاپىسىغا تەسەللى بېرىپ، — مەن بۇ قېتىم ناھايىتى چوڭ بىر ئىش بىلەن سەپەرگە چىقتىم، مېنىڭ بىلەن بىللە بارىدىغانلار ياركەنتكە كىرىپ كەتتى، مەن بېيپىڭغا كېتىپ بارىمەن. موسكۋا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پايتەختى بولغانغا ئوخشاش، ئۇ يەر جۇڭگونىڭ پايتەختى، ئەگەر قايتار چېغىمدا يەنە مۇشۇ يول بىلەن مېڭىپ قالسام، سېنى چوقۇم غۇلجىغا بىللە ئەكېتىمەن. ئۇ يەردە كېلىنىڭ، نەۋرىلىرىڭ سېنى ساقلاپ تۇرىدۇ، ئەمدى بىللە تۇرمۇش كەچۈرىمىز، بەختلىك كۈنلەر يېتىپ كېلەي دېدى، بۇگۈن ماڭا رۇخسەت قىلغىن، باشقىلار كۈتۈپ قالدى، دۇئا بەر، ئاپا!»

ئوغلىنى تۇتۇپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئانا يەنە بىر قېتىم ئۈن سېلىپ يىغلاپ، ئوغلىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلىۋېلىپ قويۇپ بەرگۈسى كەلمەپتۇ. ئەخمەتجان ئاران دېگەندە ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ جىپقا ئولتۇرۇپتۇ ـ دە، قولىنى پۇلاڭلاتقان پېتى يىراقلاپ كېتىپتۇ. شەرۋانەم ئاپام قاراڭغۇ كېچىدە ئۇزاپ كېتىۋاتقان ئەخمەتجاننىڭ قارىسى يىتكۈچە دەرۋازا ئالدىدا قاراپ قاپتۇ. ھالبۇكى، بۇ قېتىملىق كۆرۈشۈش ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق دىدارلىشىشى بولۇپ قالىدىغىنىنى كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرگەن دەيسىز!

شەرۋانەم ئاپام ھەسرەت ئىچىدە قايغۇرۇپ ماڭا يىغا ـ زار قىلاتتى:

— ئەمدى جاپا ـ مۇشەققەت، غەم ـ ئەندىشىدىن قۇتۇلۇپتىمەن، بالىلىرىم بىلەن جەم بولۇپ بىللە ياشايدىغان ئوخشايمەن دەپ ئويلاپتىكەنمەن، بالام: «مەن بېيپىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سېنى ئەكېتىمەن، ھەممەيلەن جەم بولۇپ بىللە ياشايمىز» دەپ پېشانەمگە سۆيۈپ قويۇپ ئۇزاپ كەتكەنىدى، قاچان كېلىدىكىن دەپ كۈندە يولىغا قاراپ كۆزۈم تېشىلگۈدەك بولدى، بۈگۈن كېلەر، ئەتە كېلەر دەپ ئارىدىن بىر يىلمۇ ئۆتتى، ئاخىر بالامنىڭ ئۆزى ئەمەس، ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ كەلدى.

قېيىنئانامنىڭ ئەسلىمىسى ھەسرەتلىك يىغا بىلەن ئاياغلاشتى، مەن شەرۋانەم ئاپامغا تەسەللى بېرەمەنمۇ يا ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەمەنمۇ بىلەلمەيلا قالدىم. بىز ھەر كۈنى دېگۈدەك چوڭقۇر ئەسلىمىلەر بىلەن مۇشۇنداق يىغا ـ زار ئىچىدە بىر ئاينى ئۆتكۈزدۇق. مېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇش ۋاقتىممۇ توشۇپ قالدى، شەرۋانەم ئاپامغا چوقۇم بىر ئامال قىلىپ يەنە كېلىپ يوقلايدىغانلىقىمنى ھەمدە ئۇنى ئۆز يۇرتىغا ئەكېتىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇزۇن ئۆتمەي غۇلجىغا قايتىپ كەلدىم.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، يەنى 1952 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى، ئاۋستىرىيەنىڭ پايتەختى ۋيېننا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا تىنچلىق يىغىنىغا بارغان جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە مەنمۇ بار ئىدىم، سۇڭ چىڭلىڭ ھەدە ئۆمەك باشلىقىمىز ئىدى.

بىز بېيجىڭدىن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن زۇڭلى جوۋ ئېنلەي ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنى قوبۇل قىلدى، قوبۇل قىلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، زۇڭلى جوۋ ئېنلەي ئالاھىدە قېشىمغا كېلىپ:



1952 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى دۇنيا تىنچلىق يىغىنىغا قاتنىشىش سەپىرىدە موسكۋادا زىيارەتتە بولدۇق. ۋوگزالدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى يولداش جاڭ ۋېنتيەنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتۇق. سۈرەتتە: سولدىن بىرىنچىسى جاڭ ۋېنتيەن، ئىككىنچىسى گو مورو، ئۈچىنچىسى شى لياڭ، ئۆڭدىن بىرىنچىسى مەن.

— سىز ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بىللە چەت ئەلگە چىقىش ئالدىدا تۇرسىز، قانداق قىيىنچىلىقىڭىز بولسا ئۆمەككە ئېيتىڭ، قىيىنلىنىپ قالماڭ، — دېدى. مەن مەركەزنىڭ مېنى چەت ئەلگە چىقىشقا ئورۇنلاشتۇرغىنىغا رەھمەت ئېيتتىم ۋە:

— باشقا قىيىنچىلىقىم يوق، مۇۋاپىق تېپىلسا يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ قېيىنئانامنى كۆرۈپ كەلسەم، ئىمكان بولسا ئۇنى يېنىمغا ئېلىۋالسام، دېگەن ئارزۇدا ئىدىم، — دېدىم مەن.

جوۋ زۇڭلى ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن:

— بالىلىرىڭىزدىن غەم قىلماڭ، بىز بۇ ھەقتە شىنجاڭغا مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرىمىز، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارسىڭىز بولىدۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى نامىدىن قېيىنئانىڭىزدىن ھال سوراڭ، جۇڭگوغا قايتىپ كېلىشنى خالىسا، بىز رەسمىيەت ئۆتەپ قايتۇرۇپ كېلىمىز، پۈتۈن تۇرمۇشىغا جۇڭگو ھۆكۈمىتى مەسئۇل بولىدۇ، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېقىڭ، — دېدى.

ۋىيېنىنادىكى تىنچلىق يىغىنى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتتا «سوتسىيالىزم لاگېرى» دەپ ئاتىلىدىغان 12 دۆلەتنىڭ بۇ يىغىنغا بارگە قاتناشقان ۋەكىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولدى. بىز پويىزغا ئولتۇرۇپ شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى موسكۋاغا يېتىپ كەلدۇق، بىزنى جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى يولداش جاڭ ۋېنتيەن پويىز ئىستانسىسىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى، شۇ كۈنى ئاخشىمى كرېمىل سارىيىدا يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئېكىسكۇرسىيە پائالىيىتى 1953 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاياغلاشتى. جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشقا ئەزالىرى 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى مەخسۇس ئايروپىلاندا بېيجىڭغا قايتتى، مەن جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىغا قازاقىستانغا بېرىپ قېيىنئانام شەرۋانىخاننى يوقلاشنى ئىلتىماس قىلدىم، ئىلتىماسىم تېزلا تەستىقلىنىپ، ياركەنتكە قېيىنئانامنى يوقلاشقا ماڭدىم، موسكۋادىن ئالمۇتاغا ئايروپىلاندا كەلدىم.

ئالمۇتاغا كەلسەم، جۇڭگونىڭ ئالمۇتادا تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى ئۇيغۇر سايرانى ئىكەن. ئۇ يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ كۈيئوغلى، مەن ۋە ئەخمەتجاننىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى سەپدىشىمىز ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىمگە ئاساسەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇمچىدە قۇرۇلىدىغان توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئۈچۈن يىپ ئېگىرىش ماشىنىلىرىنى بەرمەكچىكەن. بۇنى چېگرادىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن جۇڭگو تەرەپتىن چوقۇم بىر مەسئۇل كادىر بىللە كېلىپ چېگرادىن ئۆتۈش رەسمىيىتىگە قول قويۇشى كېرەك ئىكەن. موسكۋادىكى باش ئەلچىخانىمىز ئالمۇتادىكى كونسۇلخانىمىزغا شىنجاڭغا ئەكېتىدىغان مالنى چېگرادىن ئۆتكۈزىدىغان چاغدا، چېگرادىن ئۆتۈش قەغىزىگە جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ماھمۇر قول قويسا بولىدۇ، دەپ خەۋەر قىلغانىكەن. ئالمۇتاغا كېلىشىم بىلەنلا ئۇيغۇر سايرانى بۇ ۋەزىپىنى ماڭا تاپشۇردى ھەم ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ:

ـــ سىز پەقەت چېگرا تاموژنىسىدا بىرلا قېتىم قول قويسىز، يۈك ئېلىپ بارىدىغان شوپۇرلارمۇ جۇڭگولۇقلار، ئۇلار ئەھۋالنى بىلىدۇ، سىز

تېنەپ قالمايسىز، ــ دېدى. مەن ئالمۇتادىن بۇ يۈك باسقان چوڭ ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدا ئولتۇرۇپ ياركەنتكە كەلدىم.

ئەپسۇسلىنارلىقى، جاڭگال يېزىسىغا كەلسەم، قېيىنئانام ئۆپكىگە سۇ چۈشۈش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا يېتىپتۇ، قورسىقىغا سۇ يىغىلىپ پۈتۈن بەدىنى ئىششىپ كېتىپتۇ. مەن زۇڭلىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە قېيىنئانامدىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى نامىدىن ھال سورىدىم، ھۆكۈمىتىمىز ئەۋەتكەن 1500 رۇبلىنى ۋە بېيجىڭدىن ئالغان سوۋغاتلىرىمنى بەردىم، قېيىنئانام مېنىڭدىن بەك مىننەتدار بولۇپ، كۆز يېشى قىلدى، مەن جوۋ زۇڭلىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ، غۇلجىغا قايتۇرۇپ كېتىدىغان ئىشنىمۇ ئېيتتىم، لېكىن قېيىنئانامنىڭ كېسىلى ھەقىقەتەن ئېغىر بولۇپ، ئۇنى ئارانلا چىقاتتى:

ــ جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە رەھمەت، سىزگە رەھمەت. مەن ئوغلۇمنى كۆرگەندەك بولدۇم، مېنىڭ ھازىر مېڭىش بۇياقتا تۇرسۇن، يەرگە دەسسىگۈدەكمۇ مادارىم يوق، خۇدايىم پېشانەمگە نەۋرىلىرىم بىلەن جەم بولۇپ خۇشال ـ خۇرام ياشاشنى پۈتمىگەن ئوخشايدۇ، مەن بىر شور پېشانە بىتەلەي ئايال ئوخشايمەن...

شۇنداق قىلىپ، قېيىنئانامنى غۇلجىغا يۆتكەپ كېتىشكە ئامال بولمىدى، ۋاقتىم توشۇپ ۋەتەنگە قايتىدىغان بولدۇم، قېيىنئانام شەرۋانىمنىڭ ماڭا قىلغان ئاخىرقى سۆزلىرىمۇ شۇ بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى يۈز كۆرۈشۈشۈمىز ئاخىرقى قېتىملىق يۈز كۆرۈشۈش بولۇپ قالدى.

ئۆمرىدە جاپا ـ مۇشەققەت ۋە جۇدالىق دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ پەرزەنت ئوتىدا پۈچىلانغان قېيىنئانام شەرۋانىخان 1955 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى 63 يېشىدا ياركەنتتە ئالەمدىن ئۆتتى.

# 9. ياركەنتتىكى دارىلئېيتامدا

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، ئەخمەتجان غۇلجا چىلپەڭزىدىن ئۆمەر تاغىغا ئەگىشىپ سوۋېت زېمىنىدىكى ياركەنتكە چىقىپتۇ. ئەمما بۇ يەر ناتونۇش بولغاچقا، كىچىككىنە ئەخمەتجاننىڭ كۆڭلى سۇنۇپ، ئۇنى دائىم يىغا تۇتىدىكەن. تاغىسى ئۆمەر ئۇنىڭغا باشقىلار سوراپ قالسا «ئۆمەر قاسىمى مېنىڭ دادام بولىدۇ، ئاپام ئۆلۈپ كەتكەن» دېگىن دەپ قاتتىق جېكىلەپتۇ. ئۆمەر تاغا بىر ئامالالارنى قىلىپ ئۇنى ياركەنتنىڭ پەنجىم يېزىسىدىكى دارىلئېيتامغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ياركەنتتىمۇ غۇلجىدىكى يېزىلارنىڭ نامىغا ئوخشاش پەنجىم، جېلىلىيۇزى... دېگەن جايلار بار ئىكەن. بۇ ئېھتىمال تارىخنىڭ مەھسۇلى بولسا كېرەك.

بۇ مەزگىلدە يېڭىدىن قۇرۇلغان سوۋېت ھۆكۈمىتى ئېزىلگۈچىلەرنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈش دېگەندەك شوئارلىرىغا ئاساسەن، نۇرغۇنلىغان پاراۋانلىق ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلغانىكەن. ھۆكۈمەت يېتىم - يېسىرلارغا ئېتىبار بەرگەن، بولۇپمۇ يېتىم باللارنى دۆلەت تەمىناتى بىلەن باقىدىغان ھەم ئوقۇتىدىغان دارىلئېيتاملارنى ئاچقانىكەن، ياركەنت دارىلئېيتامى مانا شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىكەن.

بىراق، ئەخمەتجاننىڭ دارىلئېيتامغا كىرىشى ئۈچۈن شۇ جاينىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن - تۈزۈملىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان رەسمىيەتلەر بولۇشى كېرەك ئىكەن، بۇ مەكتەپكە كىرىدىغان باللار، تەبىئىيكى، جەزمەن سوۋېت پۇقرالىرىنىڭ پەرزەنتى بولۇشى لازىم ئىكەن، چەت ئەللىك باللار بۇ دارىلئېيتامغا كىرەلمەيدىكەن.

سەككىز ياشلىق ئەخمەتجاننى دارىلئېيتامغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئۆمەر تاغىنىڭ بېشى تازا قېتىپتۇ. ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىلغىنى بىلەن، ھەر خىل كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تىنچىمىغاچقا، يەرلىك ھۆكۈمەت نوپۇس باشقۇرۇشنى

ناھايىتى قاتتىق تۇتۇپ، ئىسىم ـ فامىلىنى ئىنتايىن چىڭ سۈرۈشتە قىلىدىكەن. ئەخمەتجاننى دارىلئېتامغا ئالدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆمەر تاغا يەرلىك ھۆكۈمەتكە ئۆزىنىڭ جىيەنى ئەخمەتجاننى «بۇرۇن مەن بىر ئايال بىلەن ئۆي تۇتقان. بۇ شۇ ئايالىم ئۆزى بىلەن بىللە ئەكەلگەن بالا، ياركەنتتە تۇغۇلغان، ھازىر ئاپىسى تۈگەپ كېتىپ يېتىم قالدى. ئەمدى مەن قايتا ئۆيلىنىشنى ئويلىشىۋاتىمەن، بىراق بۇ بالىنى بېقىشقا قۇدرىتىم يەتمەيدۇ. شۇڭا دارىلئېتامنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۆمەر قاسىمىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىمۇ ياخشى بولمىغانلىقتىن، ئەخمەتجاننى دارىلئېتامغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت تەمىناتىغا ئىگە قىلىش مۇددىئاسىدا ئەنە شۇنداق ئۇسۇل ـ چارىلەرنى قوللىنىپتۇ. ئەخمەتجاننىڭ تاغىسى ئۆمەرنىڭ فامىلىسى ئۆزىنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان ئاپىسىنىڭ فامىلىسى بولغانلىقتىن، ئەخمەتجان ئۇنى قوبۇل قىلىپ، «قاسىموف» دېگەن فامىلىنى ئىشلىتىپتۇ ۋە دارىلئېتام، ئوتتۇرا مەكتەپ، ئالىي مەكتەپ ئانكېتىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئاشۇنداق تولدۇرۇپ كەپتۇ. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ، ئەخمەتجان ئۆمەر قاسىمىنىڭ بالىسىغا ئايلىنىپ، دارىلئېتامغا تىزىمغا ئالدۇرغاندا «نادىرى» دېيىشكە تېگىشلىك فامىلە «قاسىمى» غا، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتى غۇلجا شەھىرىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ياركەنت شەھىرىگە ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ.



كىتابخانىلارنىڭ بەزىلىرىگە مەلۇم بولسا كېرەك، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە نەشر قىلىنغان قامۇسلاردا «ئەخمەتجان قاسىمى قازاقىستاننىڭ تالدىقورغان ئوبلاستى چېلەك رايونى ياركەنت شەھىرىدە تۇغۇلغان» دەپ يېزىلىپ كېلىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا بايا دېيىلگەن ئاشۇ ئىش سەۋەبچى بولغانىدى.

ئەخمەتجان ياركەنتتىكى دارىلئېتامدا ئوقۇش جەريانىدا گەرچە بىر قاچا تاماققا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن خېلىلا جىق خورلۇق تارتىپتۇ، دارىلئېتامدا ئۆزىدىن چوڭ بالىلارمۇ ئوقۇيدىكەن، تەمىناتىمۇ يېتەرلىك بولمىغاچقا، قورساقمۇ تازا دېگەندەك تويۇپ كەتمەيدىكەن. بەزى ۋاقىتلاردا يېڭىدىن كەلگەن ئەخمەتجاننىڭ قاچىسىغا ئاندا ـ ساندا چىقىپ قالىدىغان گۆشلەرنى چوڭراق بالىلار بوزەك ئېتىپ تارتىۋالىدىكەن. كونا ـ يېڭىسى ئارىلاش تارقىتىلغان، چوڭ ـ كىچىك كېلىپ قالغان دارىلئېتام

فورمىسىمۇ كەمبەغەل، يېتىم ئەخمەتجانغا تازا باب كەلمەيدىكەن. ئۇنى يوقلاپ كېلىدىغان ئادەممۇ يوق ئىكەن. بىرىنچىدىن، دارىلئېيتام تۈزۈمىدە بالىلارنى باشقىلار بىلەن كۆپ ئۇچراشتۇرمايدىكەن. ئىككىنچىدىن، تاغىسى ئۆمەرمۇ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ھەر تەرەپتە پېتىراپ يۈرۈپ ئۇنى ۋاقتىدا يوقلىيالمايدىكەن. ئۇرۇق - تۇغقىنى يوق ئەخمەتجان مانا مۇشۇنداق جاپالىق شارائىتتا دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. بەزى كۈنلىرى ئۇخلاش پۇشتىكى چېلىنىپ بولسىمۇ، ئەخمەتجاننىڭ كۆزى ئۇيقۇغا بارمايدىكەن، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئەركىنلىككە چىقىش ئارزۇسىدا يوتقاننى بېشىغا يۆگىۋېلىپ ئۆزىنى بەزلەيدىكەن، قەدىردان ئانىسىنى ئەسلەيدىكەن، بەزىدە ئېگىز دېرىزىگە ئېسىلىپ قاراڭغۇ ئاسماندا پىلدىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى ساناپ، ئۆزىنىڭ يۇلتۇزىنى ئىزدەيدىكەن.

ئەخمەتجان باشلانغۇچ مەكتەپنى ياركەنت دارىلئېيتامىدا ئوقۇپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن، تاغىسى ئۆمەر ئۇنى ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئەكىرىپ ئوقۇتۇشقا باشلاپتۇ. ئوقۇش ۋە تۇرمۇشنىڭ قەدرى ئۆتۈلۈپ كەتكەن ئەخمەتجان پۇرسەتنىڭ ئاسان قولغا كەلمىگەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ مەكتەپتە ئىزچىل تۈردە ئەلا ئوقۇپ، كۆپ قېتىم تەقدىرلىنىپتۇ. ئۇ ئىنتىزامچان، ئەخلاقلىق، تىرىشچان بولغاچقا، مەكتەپ تەرىپىدىن «تالانتلىق، ئالاھىدە زېھىنلىك بالا» دەپ قارىلىپ، بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىردەك ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپتۇ. ئۆمەر قاسىمى ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن لېنىن ئۆز قولى بىلەن بەرپا قىلغان سوتسىيالىستىك دۆلەتتە مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى نامايەندە قىلىش ئۈچۈن، ئالمۇتادا تەسىس قىلىنغان ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ بىرىگە ئوقۇتقۇچىلىققا يۆتكەپ كېتىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەخمەتجان ياركەنتتە يەنە يالغۇز قېلىپ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ ۋە ئەلا نەتىجە بىلەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپتۇ. ئۇ چاغلاردا ياركەنتتە تېخى ئۇيغۇرچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولمىغاچقا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئوقۇش ئۈچۈن ئالمۇتاغا بېرىشقا توغرا كېلىدىكەن، ئادەتتە دېھقان بالىلىرى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆلىنىلاپ ئوقۇيدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆپ ئەمەس ئىكەن. ئەخمەتجاننىڭ نەتىجىسى ياخشى بولغاچقا، مەكتەپ تەرىپىدىن ئالمۇتادى-

كى «سوپى زارۋات» نامىدىكى ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپتۇ. باشقا بالىلارغا ئوخشاش ئاتا ـ ئانىلىرى ئالمۇتادىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە يەتكۈزۈپ قويىدىغان شارائىتى بولمىغان 15 ياشلىق ئەخمەتجان شۇ كۈنى يۈك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ چوڭ يولدا بىرەر يۈك ماشىنىسى ياكى تىراكتور ئۇچراپ قالارمىكىن، دېگەن ئۈمىدتە ساقلاپ تۇرۇپتۇ. تەلىيىگە يارىشا مىشكاپ بېسىلغان كوزۇپنى سۆرىتىۋالغان بىر تىراكتور كېلىپ قاپتۇ، تىراكتورچى بىر رۇس بولۇپ، ئىنسابلىق، چەقشقاق بولشۇېك ئىكەن. ئۇ ئەخمەتجاننى تىراكتورغا سېلىۋاپتۇ، ئىككىيلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ ئالمۇتاغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئالمۇتا بىلەن ياركەنتنىڭ ئارىلىقى 400 كىلومېتىرچە كېلىدىكەن، لېكىن هاۋا شۇنداق ئىسسىق، يولمۇ ياخشى ئەمەس ئىكەن، كەچقۇرۇن بولاي دەپ قالغاندا تىراكتورنىڭ كامېرى ئېتىلىپ كېتىپتۇ. ئەخمەتجان تىراكتورچىنىڭ چاقنى چىقىرىپ كامېرنى يامىشىغا ياردەملىشىپتۇ، شۇ كېچىنى ئۇلار دالادا ئۆتكۈزۈپتۇ. ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەن ئۇلار تىراكتورنى ئوت ئالدۇرۇپ يولغا چىقىپتۇ ۋە ئاران تەستە ئالمۇتاغا كېلىۋاپتۇ. هېلىقى «بولشۇېك» تىراكتورچى ئەخمەتجاننىڭ تېخى كىچىكلىكى، يولنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆمەر تاغا ئەۋەتكەن خەتنىڭ كونۋېرتىغا يېزىلغان ئادرېس بويىچە ئۇنى ئالمۇتا «سوپى زارۋات» مەكتىپىگە ئامان ـ ئېسەن ئاپىرىپ قويۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەخمەتجان تاغىسى ئۆمەر قاسىمى بىلەن يەنە بىر قېتىم جەم بولۇپتۇ، بۇ 1929 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرى ئىكەن.

# 10. ئالمۇتادىكى ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە

ئالمۇتادىكى ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى «سوپى زارۋات مەكتىپى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، مەكتەپكە بولشېۋىكلار پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى سوپى زارۋاتنىڭ نامى بېرىلگەنىكەن. سوپى زارۋات دېگەن بۇ ئۇيغۇر كىشى 1890 ـ يىلى قازاقىستاننىڭ چېلەك رايونىدا تۇغۇلۇپ، 1922 ـ يىلى ۋاپات بولغانىكەن.

بۇ مەكتەپ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ كېڭەيتىلگەن ۋە يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇر ياشلىرى بىلىم ئالىدىغان بىردىنبىر ئۇيغۇرچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ قالغانىكەن. مەكتەپ يالغۇز سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارىسىدىلا تونۇشلۇق بولۇپ قالماستىن، شىنجاڭدىكى نۇرغۇن زىيالىيلارمۇ شۇ مەكتەپتە ئوقۇغانىكەن. جۈملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تىلشۇناس ئايشەم شەمىيېۋا، ئاتاقلىق شائىر قادىر ھەسەن، كومپوزىتور قۇددۇس غوجامياروف قاتارلىقلار مۇشۇ مەكتەپتە بىلىم ئالغانىكەن.

ئەخمەتجان بۇ مەكتەپتە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش ھاياتىنى باشلاپتۇ. ئەمدىلا ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان ئەخمەتجان كەم سۆز، ئەستايىدىل بولۇپ، بېشىنى چۆكۈرۈپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئوقۇيدىكەن. بۇنى كۆرگەن ئۆمەر تاغا ئەجرىنىڭ بىكارغا كەتمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىچىدە ئىنتايىن خۇشال بولىدىكەن.

ۋاھالەنكى، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆمەر تاغا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا مۇئەللىم بولۇپ يۆتكىلىپ بارىدىغان بولۇپتۇ. ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ئۆمەر تاغا مېڭىش ئالدىدا ئەخمەتجانغا دەرستە ياخشى نەتىجە قازىنىشنى، كېيىنچە تاشكەنتكە بېرىپ ئالىي مەكتەپتە



ئۆمەر قاسىمى

ئوقۇش ئۈچۈن ئىمكانىيەت هازىرلاشقا تى-رىشىشنى جېكىلەپتۇ.

ئۆمەر قاسىمى تاشكەنتكە كەتكەندىن كېيىن، ئەخمەتجان يەنە بىر قېتىم يالغۇز قاپتۇ. ئۇ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن كۈن-دۈزى مەكتەپتە ئوقۇسا، ئاخشىمى ئۇ يەر - بۇ يەردە ئىشلەيدىكەن، بىراق ئىش تېپىش-مۇ ئاسانغا چۈشمەيدىكەن. تەلىيىگە يارىشا، مەكتەپتىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى بىر كىنوخانىدىن ئىش تېپىلىپ قاپتۇ.

ئەخمەتجانىنىڭ بۇ ئىشنى تېپىۋېلى-شىغا ئۇيلىمىغان يەردىن بىر پۇرسەت چى-قىپ قالغانىكەن. بۇ ھەقتە ئۇ ماڭا كېيىن-چە تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەرگەنىدى:

— بىر كۈنى ئالمۇتادا ئىش ئىزدەپ ئايلىنىپ يۈرۈپ، سۇلتان قورغاندىكى كىنوخانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالدىم. كىنو باشلىنىشقا ئاز قالغانىكەن. ئادەملەر قىستىلىشىپ كىنوخانىغا كىرىۋاتقانىكەن. شۇ ئا-رىدا چاپىنىنى دولىسىغا ئارتىۋالغان، خېلى كۆپ ئىچىۋالغانلىقتىن، ئاغزىدىن گۆپۈلدەپ هاراق پۇراپ تۇرغان بەستلىك بىر مەست ئۆچرەتنى بۇزۇپ قىستىلىپ كىردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىنوخانا مەسئۇلى بىلەن تەگىشىپ قالدى. مەست هېچ گەپ ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس. ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدىكى جېدەل چوڭىيىپ يامىنىغا چىققىلى تۇردى - دە، هەر ئىككى تەرەپ مۇشت كۆتۈرۈشكە ئازلا قالدى. ئۇ ۋاقىتلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا جەمئىيەت تەرتىپى ئىنتايىن زىل مەزگىللەر ئىدى. مەن بىر چەتتە نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي تۇراتتىم، تۇيۇقسىز ئىككى ساقچى پەيدا بو-لۇپ، نېرى - بېرىسىنى سورىمايلا هەر ئىككىسىنى ئېلىپ كەتتى. ساق-چىنى كۆرگەن خەقلەر داجىشىپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى. بىر چاغ-دا قارىسام هېلىقى مەستنىڭ چاپىنى يەردە تۇرىدۇ. قولۇمغا ئېلىپ قا-رىسام، يانچۇقىدا خېلىلا پۇل ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىق كى-نىشكىسى دېگەندەك مۇھىم نەرسىلەر بار ئىكەن. مەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ بېرىپ، ساقچىخانا ئالدىدا ئۇزۇنغىچە ساقلاپ تۇردۇم. خېلى جىق ۋاقىت ئۆتتى، لېكىن ئۇلار هېچ چىقىدىغاندەك ئەمەس. كىرەي دې-

سەم مەنمۇ مۇشۇلار بىلەن بىر شايكا دەپ قارىلىپ، بىكاردىن ـ بىكارغا سوراققا تارتىلىمەن؛ كىرمەي دېسەم، بايىقى چاپاننىڭ يانچۇقىدا بىرمۇنچە پۇل، يەنە تېخى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىق كىنىشكىسىمۇ بار ئىكەن. ئىچىمدە بۇ ئادەم ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ئەزا بولۇپ كىرەلىگەنىكەن، يامان ئادەم بولمىسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. بەلكىم ئۇ بالىچاقىلىق ئادەمدۇر. شۇنچە ساقلىساممۇ ئۇلار چىقمىدى. ئاخىر مەن يەنە كىنوخانا ئالدىغا كېلىپ ساقلاپ تۇردۇم. بىر چاغدا قارىسام ھېلىقى ئىككىسى يىراقتىن چاقچاقلىشىپ كېلىۋاتىدۇ، جېدەللەشكەنلىرى نەدە قالدى، ھېلىقى نوچى بىر بوتۇلكا ۋودكا كۆتۈرۈۋاپتۇ، ئىككىلىسى بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا تەڭشىلىۋېلىپ، يېقىن دوستلاردەك بىر-بىرىنىڭ مۈرىسىگە بىرى قولىنى ئارتىپ، ئالىتاغىل غىڭشىشقىنىچە دەلدەڭشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇقسام ساقچىلار قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ، گۇناھىنى ھەر ئىككىسىگە تەڭ ئارتىپتۇ، ھەر ئىككىلىسى تەڭ گۇناھكار بولغاندىن كېيىن، بىر-بىرىنى ئەيىبلەشنىڭ ئورنى يوق، ئەپلىشىپ قاپتۇ. ھېلىقى مەستىنىڭ چاپىنىنى نەدە چۈشۈرۈپ قويغانلىقى ئېسىدىمۇ يوق. مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ، چاپاننى ھېلىقى مەستكە قايتۇرۇپ بەردىم. ھېلىقى مەست ئەس-ھوشىغا كېلىپ، ھېچنېمىسىنىڭ يېتىمگەنلىكىنى بىلدى ـ دە، ھاياجىنىنى باسالماي مېنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ كەتتى. بۇ بەستلىك نوچى ئۈچۈن پۇلنى يوقىتىپ قويۇشنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىكەن، ئەگەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىق كىنىشكىسىنى يوقاتقان بولسا، «ساداقەتسىز گىرازدان» دېگەن نامغا قېلىشتىن سىرت، ئىشتىن قوغلىناتتىكەن. ئۇ يانچۇقىدىكى ھەممە پۇللىرى، بۇيۇملىرىنىڭ ساق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، تەسىرلەنگەنلىكىدىن يانچۇقىدىكى پۇللارنى چىقىرىپ ماڭا بېرىمەن دەپ تۇرۇۋالدى، لېكىن مەن قەتئىي ئالمىدىم. بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغان كىنوخانا مەسئۇلى ئاستا يېنىمغا كېلىپ، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى، نېمە ئۈچۈن تەييار پۇلنى ئېلىپ كەتمىگەنلىكىمنى سورىدى. مەن بايىقى ئىشلارنى ئەينەن سۆزلەپ بەردىم. كىنوچى ئەھۋالىمدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مېنى كىنوخانىدا ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا ياردەملىشىشكە ئېلىپ قالدى...

شۇنداق قىلىپ، ئەخمەتجان كۈندۈزى مەكتەپتە ئوقۇپ، ئاخشىمى كىنوخانىنىڭ ئىشىكىدە بىلەت يىغىدىكەن، كىنو تۈگىگەندىن كېيىن

زالنى سۇپۇرۇپ تازىلايدىكەن. ئۇ چاققان، ئىشتا ئەستايىدىل بولغاچقا، كىنوخانا مەسئۇلى پات ـ پات ئۇنى «مالادىس ئاخمېدۇشكا» («يارايسەن، ئەخمەت») دەپ ماختايدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن كىنوخانىغا مەسئۇل ئىۋان ئىسىملىك بۇ رۇس مېخانىك ئۇنى تازىلىق ئىشچىلىقىدىن فىلىم توشۇغۇچىلىققا يۆتكەپ قويۇپتۇ، كىنو قويۇشنى ئۆگىتىپ، بەزىدە كىنو قويغۇچى قىلىپمۇ قويىدىكەن. بېلەت ساتقۇچى رۇس ئايالمۇ ئەخمەتجانغا ئامراق بولۇپ قاپتۇ، بەزىدە ئۆيىدىن پىشۇرۇلغان ياڭيۇلارنى ئالغاچ كېلىپ بېرىدىكەن، بەزىدە بېلەت ساتقان پۇلنىڭ ھېسابات ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە سالىدىكەن. ئەخمەتجان بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلغاچقا، سېمىز رۇس ئايال «ئاخمېدۇشكا»دىن ناھايىتى خاتىرجەم ئىكەن، باشقىلارمۇ ئەخمەتجانغا ئامراق بولۇپ قاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ۋە ئوقۇش قوراللىرىنىمۇ تولۇقلىۋاپتۇ.

— مەن كىنوخانىدا ئىشلىگەن ۋاقتىمدا كىنوغا كىرگەنلەرنىڭ شىمىشكا چېقىپ زالنى مەينەت قىلىشى ھەممىدىن يامان ئىش ئىدى، — دەيتتى ئەپەندىم ئاشۇ چاغلارنى ئېسىگە ئېلىپ، — ئۇنداق قىلماڭلار دەپ قويسام باشقىلار تەرىپىدىن دۆشكەلىنەتتىم. باشنى چۆكۈرۈپ ئىشلەمەكتىن، ئاھانەتكە چىدىماقتىن باشقا ئامال يوق. كەچتە باشقىلار كىنودىن تارقاپ ئۆيلىرىدە ئۇخلاپ بولغاندا بىز ئاران ئىشتىن چۈشەتتۇق، ئەتىسى بولسا دەرسكە سەھەر بارمىساق بولمايتتى. ئىش ئېغىر بولغىنى بىلەن، كىنو مەن ئۈچۈن ئىشتىن سىرتقى دەرسلىك بولدى. بەزى كىنولار مەشھۇر ئەسەرلەرنى سېنارىيەلەشتۇرۇپ ئىشلەنگەن بولغاچقا، نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ؛ تىلى گۈزەل، ۋەقەلىكى قىزىقارلىق، يەنە كېلىپ بۇ خىل كىنولارنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى داڭلىق مۇزىكانتلار ئىجاد قىلغان بولغاچقا، ئادەمگە ئۆزگىچە ئۆگىنىش مۇھىتى ئاتا قىلاتتى. شۇڭا مەن ئۈچۈن كىنوخانا ئىككىنچى دەرسخانا بولدى. كىنو ۋەقەلىكىدىن نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆزلەشتۇرۇۋالدىم...

1932 ـ يىلى ئەخمەتجان قاسىمى ئالمۇتا «سوپى زارۋات» تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپتۇ. ئوقۇش نەتىجىسى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە قايىل بولغان مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنى شۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قاپتۇ.

ئەپەندىم بۇ مەكتەپتە بىر يىلدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەپتۇ، شۇ كۈنلەردە تاشكەنت شەھىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇئەللىملىك قىلىۋاتقان تاغىسى ئۆمەر قاسىمى ئەخمەتجاننى تاشكەنتكە كېلىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا دەۋەت قىلىپ خەت ئەۋەتىپتۇ. بىلىم ئېلىش ئارزۇسىدا ئىزدىنىپ يۈرگەن ئەخمەتجان دەرھال ئىمتىھانغا قاتنىشىپتۇ ـ دە، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولۇپتۇ.

بۇ 1934 ـ يىلىنىڭ ياز پەسلى ئىكەن.

# 11. ساگۇدا

«ساگۇ» — رۇس تىلىدىكى «سرېدنىي ئازىيا گوسۇدارستۋېننىي ئۇنىۋېرسىتېت» (ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى) دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى.

بۇ مەكتەپ ئەسلىي 1920 - يىلى تاشكەنتتە قۇرۇلۇپ «تۈركىستان ئۇنىۋېرسىتېتى» دەپ ئاتالغانىكەن، 1923 - يىلى نامى «ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى» غا ئۆزگەرتىلگەن، 1960 - يىلىدىن باشلاپ «تاشكەنت ئۇنىۋېرسىتېتى» دەپ ئاتالغان. ساگۇ ئەينى زاماندا ئۆزبېكىستان بويىچىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچىمۇ تۇنجى زامانىۋى بىلىم يۇرتى ھېسابلىنىدىكەن. راستىنى ئېيتقاندا، ساگۇ شىنجاڭ زىيالىيلىرىغىمۇ بەلگىلىك تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. شىنجاڭنىڭ ئەينى زاماندىكى يەرلىك خاقانى شېڭ شىسەي 30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، 1934 - يىلىدىن 1936 - يىلىغا قەدەر ساگۇغا شىنجاڭدىن ھەر يىلى بىرەر يۈزچە ئوقۇغۇچى چىقارغان. تاشكەنتتە ئوقۇپ كەلگەن بۇ ئوقۇغۇچىلار كېيىنكى كۈنلەردە شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا خېلى چوڭ روللارنى ئوينىغان.

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، 1934 - يىلى سېنتەبىردىن ئېتىبارەن ئالمۇتادىكى «سوپى زارۋات» مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئەپەندىم ساگۇنىڭ تارىخ - جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ «زېملېدېل»، يەنى يەر - زېمىن ئۆلچەش كەسپى سىنىپىغا كىرىپ ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىنى باشلاپتۇ. ئەخمەتجان شىجائەت بىلەن تىرىشىپ، ئۆز كەسپى بولغان تارىخ، جۇغراپىيە دەرسلىكلىرىنى ئوقۇغاندىن سىرت، فىزىكا، ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنىڭ پەنلىرىنىمۇ بىرلا ۋاقىتتا ئىككىنچى كەسىپ قىلىپ تەڭ ئوقۇپ مېڭىپتۇ.

شۇنىمۇ دېگەچ ئۆتەي، ئەخمەتجان بىلەن يېقىن ئارىلىشىپ ئۆتكەن-
لەر ئۇنىڭ سان - سېفىرلارنى سىلىشتۇرۇپ ھېسابلاش، يەر ئۆلچەش قا-
تارلىق ئىشلارغا ئىنتايىن پىششىق ئىكەنلىكىگە، ماتېماتىكىلىق، فىزى-
كىلىق قانۇنىيەتلەرنى ۋە ئۆلچەش تېخنىكىسىنى ئەمەلىي جەڭ ۋە سۇ
ئىنشائاتى ئىشلىرىدا ئىشلەتكەنلىكىگە قايىل بولۇشۇپ ئۇنىڭغا ئاپىرىن
ئوقۇيتتى. ئۇ ئاددىي ئۇسكۇنىلەردىن ئەپچىل پايدىلىنىپ، ئارىلىقنى
توغرا مۆلچەرلەش، يەر شەكلىدىن قانداق پايدىلىنىش دېگەندەك مەسىلى-
لەرگە توغرا ھۆكۈم قىلالايتتى. ئەخمەتجاندىكى بۇ خىل بىلىم ۋە ئىقتى-
دار ئۇنىڭ ئەينى يىللاردا ساگۇدا شۇقەدەر تىرىشىپ ئوقۇغانلىقىنىڭ
مەھسۇلى ئىدى.

شۇ ۋاقىتلاردا ئۆمەر قاسىمى ساگۇنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتې-
تىدا ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىدىن دەرس بېرەتتىكەن. ئەخمەتجان تاش-
كەنتكە كېلىپ تاغىسى ئۆمەرنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپتۇ. شۇڭا، بۇ يەردىكى
قىسمەن كىشىلەر ئەخمەتجاننى ئۆمەر قاسىمى بېقىۋالغان يېتىم بالا دەپ
قاراشسا، بەزىلىرى ئۆمەرنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن بۇرۇنقى ئايالىنىڭ بالىسى
دەپمۇ بىلىشىدىكەن. ئاز ساندىكى كىشىلەرلا ئەخمەتجاننىڭ ئۆمەر قاسى-
مىنىڭ ھەدىسىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار ئىكەن. ئەمما، ئەخ-
مەتجاننىڭ غۇلجىدا تۇغۇلۇپ، ياركەنتتىكى دارىلئېتامغا ئەكېلىنگەنلى-
كىنى ھېچكىمگە ئاشكارىلاشقا بولمايتتىكەن.

ھەممىگە ئايان، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، جاھانگىرلارنىڭ
تاجاۋۇزى ۋە باندىتلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە كۆپ ئۇچرىغان سوۋېت
ھۆكۈمىتى تىروتىسكىي، بۇخارىنلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي
كۇرەشلەردە ئەكسىلئىنقىلابچىلار ۋە خەلق دۈشمەنلىرى دەپ ھېسابلان-
غانلارنى باستۇرۇپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قوغداپ كەلگەن. ۋاھالەنكى،
بۇ ھەرىكەت كېيىن كېڭەيتىۋېتىلىپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدا جېنىنى ئا-
لىقىنىغا ئېلىپ قويۇپ كۈرەش قىلغان نۇرغۇن بولشېۋىكلارمۇ خاتا ھال-
دا باستۇرۇلغان. ئەخمەتجاننىڭ ساگۇغا بېرىشى سوۋېت ئىتتىپاقى بو-
يىچە «ئەكسىلئىنقىلابچى» ۋە «خەلق دۈشمەنلىرى» دەپ ئاتالغانلارنى تا-
زىلاش ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا توغرا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن
ۋەزىيەت يەنىلا جىددىي ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركمەنىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستان، ئۆز-
بېكىستان، تاجىكىستان قاتارلىق ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر قۇرۇل-

غاندىن كېيىن، شۇ جۇمھۇرىيەتلەردىكى ئۇششاق مىللەتلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھوقۇقلاردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش مۇددىئاسىدا ئۆزلىرىنىڭ مىللىتىنى ئاشۇ جۇمھۇرىيەتلەردىكى غوللۇق مىللەتلەرگە ئۆزگەرتىۋالغان. بولۇپمۇ ئۆزبېكىستاندا بۇنداق ئەھۋال تېخىمۇ گەۋدىلىك بولغان. تاشكەنتتىكى مەيلى ئوقۇتقۇچى ياكى ئوقۇغۇچىلار بولسۇن، نۇرغۇن ئۇششاق مىللەتلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئۆز مىللىتىنى «ئۆزبېك» دەپ ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولغانىكەن. لېكىن، بۇنداق قىلىشقا نۇرغۇن كىشى قارشى چىقىپتۇ، ئۆمەر قاسىمى ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرى ئىكەن. نەتىجىدە، ئۆمەر قاسىمى ۋە ياركەنتتە ئۆتكەن مەشھۇر ئەرباب ۋەلىباينىڭ كەنجى ئوغلى بۆكەجان قاتارلىق بىر تۈركۈم پىروفېسسورلار مەكتەپ دائىرىلىرى تەرىپىدىن «گۇمانلىق» دەپ قارىلىپتۇ. تاغىسى ئۆمەر بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئەخمەتجان تاجىكىستاندىكى ھىسار ئېگىزلىكىگە «پىراكتىكا»غا ئەۋەتىلىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆمەر قاسىمى باشلىق بىرنەچچە ئوقۇتقۇچىمۇ «مىللەتچى ئۇنسۇرلار» دېگەن قالپاق بىلەن قولغا ئېلىنىپتۇ.

مەكتەپتىكى كەيپىيات سۈرلۈك تۈس ئاپتۇ. 1935 ـ يىلىنىڭ بىر كۈنى ئۆمەر قاسىمى ئايالى مەستۈرە، ئۈچ ياشلىق ئوغلى باتۇر ۋە بىر ياشلىق قىزى دىلبەر بىلەن ئۆيدە تاماق يەپ ئولتۇرسا، ئىشىك يېنىك چېكىلىپ، مەكتەپ دائىرىلىرىدىن بىرى كىرىپ كەپتۇ ۋە «سىزنى مۇدىر ئىشخانىسىدىن چاقىرىۋاتىدۇ» دېگەن سىلىق تەكلىپ بىلەن سىرتقا چاقىرىپتۇ. ئۆمەر تاغا ھېچنېمىنى سەزمەي، يەۋاتقان تامىقىنى قويۇپ ھېلىقى كىشى بىلەن ئۆيدىن چىقىپتۇ ۋە شۇ چىقىپ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمەپتۇ.

ئۆمەر تاغىنى مەكتەپ مۇدىرى ئىشخانىسىدا ئۈچىسىغا پىلاش، بېشىغا شىلەپە كىيگەن بىرنەچچە يوچۇن ئادەم ساقلاپ تۇرغۇدەك. بۇ سۈرلۈك، مۇز چىراي كىشىلەر ئۆمەر تاغىنىڭ گەپ ئېچىشىنى كۈتمەيلا جېپقا سۆرەپ چىقىرىپتۇ ـ دە ئەكېتىپتۇ. كەينىدىن ھەربىي فورما كىيگەن يەنە بىرنەچچەيلەن ئۆمەرنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر قاسىمى ھېچبىر سەۋەبسىزلا قولغا ئېلىنىپ، سىبىرىيەگە 20 يىللىق سۈرگۈن قىلىنىپتۇ. شۇ يىلى ئۆمەر قاسىمى 36 ياشتا ئىكەن.

بۇ مەزگىلدە ئەخمەتجان تاجىكىستاننىڭ ھىسار ئېگىزلىكى رايونىدا «پىراكتىكا» قىلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۆيدە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىكەن. ئەخمەتجان بىر يىللىق پىراكتىكا ۋاقتىنى توشقۇزۇپ مەكتەپكە قايتىپ كېلىپ، تاغىسىنىڭ ئاللىقاچان قولغا ئېلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپتۇ.

ئەخمەتجان ئۆيگە كىرىپ ئەھۋالنىڭ بىنورماللىقىنى ھېس قىلىپ، كىچىك ئاپىسى مەستۇرەدىن تاغىسىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سوراپتۇ. ھالبۇكى، ئەخمەتجاننىڭ ئېرىشكىنى چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان كىچىك ئاپىسى مەستۇرەنىڭ «مەندىن سورىما، ئەڭ ياخشىسى بۇ يەردىن كەت!»... دېگەندەك قاتتىق گەپلىرى بوپتۇ. مەستۇرەنىڭ مىجەزى ئەسلىدىلا بەك چۇس ئىكەن، بۇ قېتىمقى غەم – ئەندىشە ۋە دەرد – ئەلەم تۈپەيلىدىن ئۇ تېخىمۇ تەرسا بولۇپ كەتكەنىكەن. ئەخمەتجاننىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئۆزىگە ئارتۇق ئاۋارىگەرچىلىك دەپ تونۇدىمۇ ياكى باشقا بىر ئىشقا چېتىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرىدىمۇ، ئىشقىلىپ مەستۇرە ئەخمەتجاننى قارشى ئالماپتۇ. دېمىسىمۇ ئاشۇ كۈنلەردە خاتىرجەمسىزلىكنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان مەستۇرە تىرىكچىلىك ۋە بالىلىرىنىڭ دەردى بىر ياقتا قېلىپ، ساقچىغا ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم قاتراپ ئەھۋالىدىن دوكلات قىلىدىكەن. ئۇنداق قىلمىسا «جىنايەتچىلەر ئائىلىسى» دېگەن ئاتاقتىكى ئانا – بالىلار تېخىمۇ ئېغىر كۈتۈلمىگەن پېشكەللىكلەرگە ئۇچراشتىن خالىي بولالمايدىكەن، شۇنداقلا ئېرىنىڭ جىنايىتى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدىكەن.

ئەخمەتجان ئۆزىنىڭ تەربىيەچىسى، دادىسى ئورنىدىكى تاغىسى ئۆمەر قاسىمىنىڭ نەگە ئەكېتىلگەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ، ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىكى تۈپەيلىدىن ھېچكىمدىنمۇ سۈرۈشتۈرەلمەپتۇ ۋە بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئوقۇشتىن باشقا ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشماپتۇ.

1936 – يىلى سوۋېت كومپارتىيەسى قۇرۇلتاي چاقىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى ئاساسىي قانۇنىنى جاكارلىدى. سوۋېت كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش سېكرېتارى ئىستالىن ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھەققىدىكى دوكلاتىدا «سوۋېت ئېلىدە ئېكسپىلاتاتسىيە يوقىتىلدى، سوتسىيالىزم غەلىبە قىلدى» دەپ كۆرسەتتى. مانا مۇشۇنداق ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ يۇمشىشىغا ئەگىشىپ، ئەخمەتجان ئۆز تىرىشچانلىقى ۋە ئەلا نەتىجىسى بىلەن مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ مۇ-

ئەيىەنلەشتۈرۈشكە ئېرىشىپ، ساگونىڭ دىپلومىنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولۇپتۇ.

1937 ـ يىلى ئەخمەتجان مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپتۇ ۋە مەزكۇر مەكتەپتىكى ئۈچ ئوقۇغۇچىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، موسكۋا شەرق ئەللىرى سوتسىيالىزمچىلىرى ئەمگەك ئۇنىۋېر-ستېتىدا داۋاملىق ئوقۇشقا تاللىنىپتۇ.

1958 ـ يىلى يانۋاردا مەن ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ تاغىسى ئۆمەر قا-




مەن (ئوڭدىن ئىككىنچى) 1957 ـ يىلى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بىللە موسكۋادا زىيارەتتە بولدۇم

سىمىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم.

ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق:

مەن 1957 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە قاھىرەدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا ـ ئافرىقا ئەللىرى ئىتتىپاقلىق يىغىنىغا جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە قاتناشتىم. ئۆمەك باشلىقىمىز گو مورو، مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقلىرىمىز ليۇ نىڭيى ۋە بۇرھان شەھىدىلەر ئىدى. ئۆيدىن ئايرىلىش ۋاقتىمدا مومام ئايشەم ئىمكانىيەت بولسا تاشكەنتكە بېرىپ، ئايرىلىپ كەتكىلى 30 يىل بولغان قىزى، دادامنىڭ ئىككىنچى ھەدىسى، چوڭ ئاپام روشەنخاننى يوقلاپ كېلىشىمنى تاپىلىغانىدى. ئاسىيا ـ ئافرىقا ئەللىرى ئىتتىپاقلىق يىغىنى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۆمىكىمىز سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلىدىغان بولدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىمىزدىن يولىيورۇق سوراپ، مېنىڭ زىيارەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تاشكەنتكە بېرىپ تۇغقان يوقلىشىمغا قوشۇلدى.

تاشكەنتتە چوڭ ئاپامنىڭ ئۆيىدە تۇردۇم، ئۇ يەردە مەن ئەينى يىللىرى ئۆمەر قاسىمى بىلەن ساگۇدا بىللە ئىشلىگەن خەدىچىخان مەخسۇدوۋا دېگەن ئايال بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ئۆمەر قاسىمىنىڭ ھازىر تاشكەنتتە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، دەرھال ئۇنى چاقىرىپ كەلدى. ئۆمەر قاسىمى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدىكى سوۋېت مەسلىھەتچىسى مۇھسىن ئەپەندى (بۇ كىشىنىڭ تولۇق ئىسمى ـ فامىلىسى مۇھسىن ئابدۇللىن، سوۋېتكە قايتىپ كەتكەن، شۇ چاغدا پېنسىيەدە ئىكەن) بىللە كەپتۇ، بىز قىزغىن كۆرۈشتۇق.

ئۆمەر ئاكىنىڭ چىرايى ۋە تەقى ـ تۇرقى ئەخمەتجاننى ئەسلىتەتتى. ئۇ ئوتتۇرا بويلۇق كىشى بولۇپ، شۇ چاغلاردا 60 ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغانىكەن، ئۇچىسىغا خۇرۇم چاپان، بېشىغا شىلەپە كىيگەن بۇ كىشى ماڭا كەم سۆزدەك كۆرۈندى. ئۇ ئۆتكەن ئىشلارنى تىلغا ئېلىشنى ئانچە خالىمايدىغاندەك قىلاتتى. بىرئاز تىنچلانغاندىن كېيىن، بىز چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق. ئۆمەر ئاكا ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ھاياتى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى.

«ئادەم ھاياتلا بولسا، ھەق ـ ناھەق ئايرىلىپ چىقىدىكەن» دېگەنىدى ئۇ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ. ئۆمەر ئاكا سىبىرىيەدىكى 20 يىللىق سۈرگۈن ھاياتىنى تۈگىتىپ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئاقلىنىپ تاشكەنتكە

قايتىپ كەپتۇ. ئاۋۋال سەمەرقەنتتىن بالىچاقىلىرىنى تېپىپ، كېيىن تاشكەنتكە كۆچۈپ كەپتۇ. «مەن سىلەر بىلەن بۇ ئۆمرۈمدە كۆرۈشەلەيدىغانلىقىمنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىكەنمەن» دېگەندى ئۇ ھاياجانلىنىپ.

— سىبىرىيەدە 20 يىلنى ئۆتكۈزدۈم، — دېدى ئۇ شۇ كۈنلىرىنى ئەسلەپ، — بىز ئۇيغۇرلاردا «كەتكەنلەر كېلىدۇ، كەتمەنلەنگەنلەر كەلمەيدۇ» دەيدىغان ماقال بار. ئاخىرقى ھېسابتا خۇشال بولىدىغىنىم — گۇناھسىز ئىكەنلىكىم ئىسپاتلاندى. نۇرغۇن ئادەم ناھەق ئۆلۈپ كەتتى، سىبىرىيەدە سەۋەبسىزلا ئۆلۈپ قېلىپ، قارنىڭ ئاستىدا تاشلىنىپ قالغان جەسەتلەر سان ـ ساناقسىز؛ بالىلىرى ئاتا ـ ئانىلىرىنى، خوتۇنلار ئەرلىرىنى تاپالماي يۈرگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس. بىز سىبىرىيەدە ئادەم چىدىغۇسىز كۈنلەرنى باشتىن كەچۈردۇق. ھاۋا قاتتىق سوغۇق، ياتىدىغان ئۆي يوق. ھەتتا تاغدەك دۆۋىلەنگەن قارلارنى كولاپ، خۇددى ئېسكىموسلاردەك قار ئۆڭكۈرلىرىدە ياتقان كۈنلىرىمىزمۇ بولدى. نۆلدىن تۆۋەن 50 گىرادۇس سوغۇقتا قارىغاي كېسىمىز، ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلىمىز. ئانچە ـ مۇنچە بېرىلگەن تۇرمۇش پۇلىغا سوغۇقتىن ساقلايدۇ دەپ ۋودكا ئېلىپ ئىچىمىز، كېسەلدىن ساقلايدۇ دەپ سامساقنى زاكۇسكا قىلىپ يەيمىز، بولمىسا توڭلاپ ئۆلگىنىمىز ئۆلگەن. بىراق ھەر ھالدا گېزىت ـ ژۇرنال كۆرۈپ تۇرىمىز. شۇنداقتىمۇ، مەن سىبىرىيەدە رۇسچە بىرنەچچە كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئىشلەپمۇ ئۈلگۈردۈم... مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، ئىشقىلىپ سالامەت قايتىپ كەلدىم، لېكىن بالىچاقىلىرىمنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلمەيتتىم. ئۇلارنى ئىزدەشتۈرۈپ يۈرۈپ سەمەرقەنتتىن تاپتىم. مەن بالىچاقىلىرىم بىلەن كۆرۈشەلەرمەن دەپ ئويلاشقىمۇ پېتىنالمىغانىدىم. بالىچاقىلىرىم بىلەن تېپىشىپ ئىككى يىلچە سەمەرقەنتتە تۇرۇپ، بىرئاز ئەسلىمىزگە كېلىۋالدۇق. سالامەتلىكىممۇ ئاستا ـ ئاستا ياخشىلىنىشقا، كەيپىياتىممۇ نورماللىشىشقا باشلىدى، ئاندىن تاشكەنتكە كۆچۈپ كەلدۇق. ھۆكۈمەت چىرايلىق قارشى ئېلىپ ئۆي بەردى، ئاز ـ تولا پۇلمۇ بەردى.

ئۆمەر قاسىمى سۇرگۈندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ، «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى (بولشېۋىكلار) نىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەنگە ئوخشاش كىتابلارنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئىشلەشكە قاتنىشىپتۇ.

مەن تاشكەنتتە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ دۆلىتىمىزگە قايتىپ

كەلدىم.

1960 ـ يىلى يازدا ئۆمەر قاسىمى بىلەن ياركەنتتە يەنە بىر قېتىم كۆرۈشتۇم. ئۇ چاغدا ئۆمەر تاغا ياركەنتتە ئىكەن، مەن ئىككى بالامنىڭ يازلىق تەتىلىدىن پايدىلىنىپ تۇغقان يوقلاشقا بارغانىدىم. بالىلىرىمۇ چوڭ بولۇپ، قىزىم 14 ياشقا، ئوغلۇم 12 ياشقا كىرگەنىدى. ئۆمەر ئاكا بالىلىرىمنى كۆرۈپ:

— بالىلارنىڭ بەختى بولسۇن، دادىسىنىڭ مېھرىگە قانالمىدى، سىز ياخشى تەربىيەلەۋېتىپسىز. بالىلار دادىسىنى دورىسۇن، كەلگۈسىدە ياراملىق ئادەم بولۇپ چىقسۇن. بالىلارنىڭ دادىسى بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە! — دەيتتى ۋە يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ كۆز يېشىنى سۈرتەتتى.

— ئەخمەتجاننى دارىلئېتامغا بەك تەستە كىرگۈزگەنىدىم، — دېدى ئۆمەر ئاكا چوڭقۇر ئوي ئىچىدە، — ئەخمەتجاننىڭ فامىلىسىگە ئۆز فامىلەمنى قوللانغانىدىم. فامىلىمىز ئوخشاش بولمىسا، مېنىڭ بالام بولماي قالىدۇ، دارىلئېتاممۇ قوبۇل قىلمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ياركەنتتە تۇغۇلدى دەپ رويخەتكە ئالدۇردۇم. بۇ ئىشنى كەچۈرۈۋەتىسىڭىز، لېكىن «قاسىمى» دېگەن بۇ فامىلە ئوخشاشلا ھەدەم شەرۋانەمنىڭ فامىلىسىغۇ، ھەدەم شەرۋانەم ئەخمەتجاننىڭ ئاپىسى، ئاپىسىنىڭ فامىلىسىنى قوللانسىمۇ بولۇۋېرىدۇ ئەمەسمۇ!...

ئۆمەر ئاكىسىنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆزى تەربىيەلەپ قاتارغا قوشقان جىيەن ئوغلى ئەخمەتجاننى چوڭقۇر سېغىنىش ئىچىدە ياد ئېتىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، — دېدىم مەن كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — ئەخمەتجاننىڭ روھى ھايات، ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن، مەن ئۇنىڭ «قاسىمى» دېگەن فامىلىسىنى ئۆزۈمگە فامىلە قىلىپ قوللىنىۋاتىمەن، بۇنىڭدىن شەرەپ ھېس قىلىمەن. مەن بالىلىرىمنى دادىسىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ ئېسىدە ساقلايدىغان، تىرىشىپ ئوقۇپ، دادىسىنىڭ روھىنى خۇش قىلىدىغان قىلىپ تەربىيەلەيمەن!

بىر ئۆمۈر ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆتكەن، ھاياتى ئېغىر كەچۈرمىشلەر بىلەن تولغان ئۆمەر تاغا 1972 ـ يىلى 72 يېشىدا تاشكەنتتە ۋاپات بولدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەھۋاللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆمەر ئاكا بولمىغان بولسا، ئەخمەتجاننىڭ كېيىنكى ھايات يولىمۇ بولمىغان بولاتتى، ئەپەندىمنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن دېسەك، «ئۆمەر تاغا ماڭا ئۆمۈر بەردى، ئۆمۈر ئىچىدە ئۈمىد بەردى!».

# 12. موسكۋا شەرق ئەللىرى سوتسىيالىزمچىلىرى ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتىدا

1937 - يىلى 23 ياشلىق ئەخمەتجان موسكۋاغا بېرىپ شەرق ئەللىرى سوتسىيالىزمچىلىرى ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئالىي مەكتەپلەردىن تاللانغان ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا قوبۇل قىلىنىپ، يەنە بىر قېتىملىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى باشلىۋېتىپتۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، موسكۋا شەرق ئەللىرى سوتسىيالىزمچىلىرى ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتى ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ كادىر يېتىشتۈرۈش مەركىزى. بۇ ئالىي بىلىم يۇرتى سوۋېت كوممۇنىستلىرىنى تەربىيەلەپلا قالماي، باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن ئىنقىلابىي كادىرلارنىمۇ تەربىيەلەپ، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق كادىرلار مەنبەسى ۋە پائالىيەت مەركىزى بولۇپ قالغان. ئاشۇ يىللاردا كىم ئىرسىن، خۇ جىمىڭ، چويبالسان قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ مەكتەپتە تەربىيەلەنگەنىكەن.

ئەخمەت ئەپەندىم بۇ مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن يەنىلا تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئەلاچى ئىستۇدېنتلار قاتارىدىن ئورۇن ئاپتۇ، شۇنداقلا شۇ چاغدا موسكۋادا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا خېلىلا نامى چىقىپ قاپتۇ. سوۋېت ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقىنىڭ پېشۋاسى، ئاتاقلىق تىلشۇناس ئايشەم شەمىيېۋا مۇشۇ مەزگىللەردە موسكۋادىكى باشقا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولۇپ، بۇ ئىككىيلەن ئويلىمىغان يەردىن موسكۋادا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئايشەم شەمىيېۋا ياركەنتتىكى چېغىدىلا بىر مەكتەپتە ئەخمەتجاندىن بىر سىنىپ يۇقىرى ئوقۇيتتىكەن، ئايشەم ھەدە ئەخمەتجان بىلەن موسكۋادا ئۇچرىشىپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ ۋە ئۇنى ئۆز ئىنىسىدەك كۆرۈپ ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ، تۇرمۇشىغا ياردەم قىپتۇ.

مەن 1950 - يىلى قېيىنئانامنى يوقلاپ سوۋېتكە بارغان چېغىمدا، ئايشەم شەمىيېۋا بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم. ئايشەم ھەدە ياركەنتتە تۇغۇ-

لۇپ، شۇ جايدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەخمەتجاندىن بىر يىل بۇرۇن تۈگىتىپ، ئالمۇتىدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئوقۇغانىكەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتىدىغان بىر ئىش بار، يەنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 ـ، 30 ـ يىللىرى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قازىنىپ، پۈتۈن سوۋېت خەلقى سوتسىيالىزمغا قاراپ ماڭدى دېيىلگەن بىلەن، خەلقنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيەسى يەنىلا بىر قەدەر تۆۋەن بولغاچقا، ياركەنتتە قىزلارنىڭ يېڭىچە مائارىپ تەربىيەسىنى ئېلىشى چوڭ توسالغۇغا ئۇچرايدىكەن. ئايشەم شەمىيېۋادەك ئىلىم ـ پەنگە بېرىلگەن قىزلارنىڭ ئۈستىدىن مەھەللىدىكى بىر قىسىم ئادەملەر يوقىلاڭ پىتنە ـ ئىغۋالارنى تېرىپ، بۇ قىزنىڭ ئۆيىدىكىلىرىگە بېسىم پەيدا قىلغانىكەن. ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ئىلىم ـ بىلىمگە بېرىلگەن بۇ قىز موسكۋا شەرق ئەللىرى سوتسىيالىزمچىلىرى ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەخمەتجان بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

ئايشەم ھەدە ماڭا ئەخمەتجانىنىڭ موسكۋادىكى ئوقۇش ۋە تۇرمۇش ئەھۋالى ھەققىدە مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

— ئەخمەتجان قانۇنشۇناسلىققا ئائىت ھەممە دەرسلەرنى ئاجايىپ تىرىشچانلىق بىلەن ئوقۇيتتى، دەرسلەرنى پۇختا ئۆزلەشتۇرۇپ مېڭىشتىن تاشقىرى، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي كىتاب ئوقۇش، ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. موسكۋادىكى ھەرقايسى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان بىر يۇرتلۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىغىلىشلىرىغا ئانچە قاتنىشىپ كەتمەيتتى، قاتناشقان تەقدىردىمۇ جىق سۆز قىلمايتتى. ئۆزى يالغۇز بىر بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ كىتاب ئوقۇيتتى، ئويۇن ـ تاماشىغا ئارىلىشىپ كەتمەيتتى، ھەتتا سورۇنلارغا «ۋاقىت ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ» دەپ كەلگىلى ئۇنىمايتتى. بىر قېتىم قۇربان ھېيتتا جاي ـ جايلاردىن كەلگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار يىغىلىپ ئوپچە ھېيت قىلماقچى بولدۇق. مەن ئەخمەتجانىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي بىللە ئاپاردىم. بىز كەڭ ـ كۇشادە ئولتۇرۇپ شادلىق ئىچىدە ناخشا ئېيتىشتۇق، ئۇسسۇل ئويناشتۇق. ئەخمەتجانىنىڭ ساز ـ مۇزىكىدا تەبىئىي تالانتى بارلىقىنى ھەممىمىز دېگۈدەك بىلەتتۇق، شۇڭا ئۇنى ساز چېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلساق ئۇنىمىدى، ئويۇنغا تارتساقمۇ ئۇنچىقماي جايىدا ئولتۇرۇۋالغانىدى. مەن ئۇنىڭدىن: «ئۆينى سېغىنىۋاتامسەن ـ يە؟» دەپ سورىسام، ئەخمەتجان: «ھازىر ئىمتىھان ۋاقتى بولۇپ قالدى، كېتىپ دەرس تەييارلىمىسام بولمايـ

دۇ» دېدى ــ دە، بىز دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دېرىزدىن سەكرەپ قېچىپ كېتىپتۇ.

ئەخمەتجاننىڭ كىتابقا ئامراقلىقى بەزى قىزىق ۋەقەلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىپتۇ:

بىر كۈنى ئەخمەتجان ئۇنىۋېرسىتېت كۇتۇپخانىسىغا كىرىپتۇ ــ دە، كىتاب تىزىلغان ئىشكاپلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇۋېلىپ، كىتابقا كىرىشىپلا كېتىپتۇ. ئاڭغىچە كۇتۇپخانا خادىملىرى ئىشتىن چۈشۈپ، ئىشىكنى تاقاپ كېتىپ قاپتۇ. بىخەتەرلىك ئۈچۈن ئادەتتە كۇتۇپخانا زالىنىڭ چوڭ چىرىغى ئۆچۈرۈلمەيدىكەن. ئەخمەتجان بىر ھازادىن كېيىن ئەتراپىغا قارىسا ھېچكىم يوق، ئىشىكلەر ئاللىقاچان ئېتىلىپ بولغان، ۋارقىراي دېسە مەكتەپنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىشى، ھەتتا كۇتۇپخانىغا يالغۇز سولىنىۋېلىپ نېمە قىلماقچىدىڭ، دەپ تەكشۈرۈلۈشى مۇمكىن ئىكەن. ئەخمەتجان نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، يەنە ئىختىيارسىز كىتابقا كىرىشىپ كېتىپتۇ ــ دە، بىر بۇلۇڭدا قولىدا كىتاب تۇتقان پېتى ئۇخلاپ قاپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئېتىپ خىزمەتچىلەر ئىشىكنى ئاچسا، كۇتۇپخانىدا ناتونۇش بىرەيلەن تۇرغۇدەك. ئۇلار بۇ ناتونۇش ئادەمنى دەرھال مەكتەپ قوغداش بۆلۈمىگە ئاپىرىپ قاتتىق سورۇشتۇرۇپتۇ، ئاخىردا ئۇنىڭ ئاشۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيدىغان ئەلاچى ئوقۇغۇچى ئەخمەتجان ئىكەنلىكىنى بىلىپ، يۈرىكى جايىغا چۈشۈپتۇ.

ــ شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئۇنىڭغا «ئەخمەت كىتاب» دەپ لەقەم قويدۇق، ــ دېدى ئايشەم شەمىيېۋا.

ۋاھالەنكى، ئەخمەتجاننىڭ موسكۋادىكى مەكتەپ ھاياتىمۇ خاتىرجەملىكتە ئۆتمىگەنىكەن. بۇ دەل شىنجاڭنىڭ يەرلىك خاقانى شېڭ شىسەي «توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستى دېلوسى» دېگەننى ئويدۇرۇپ چىقىپ، پۈتكۈل شىنجاڭ مىقياسىدا دەھشەتلىك باستۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان مەزگىل ئىكەن.

بۇ مۇدھىش ۋەقەلەردىن موسكۋادا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارمۇ خەۋەر تاپقانىكەن. ئۆز يۇرتىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دەھشەتلىك ئېزىلىشى ۋە بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلۈشىگە چىداپ تۇرالمىغان ئەخمەتجان تۈرلۈك سورۇنلاردا شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ رەھىمسىزلىك بىلەن ئېلىپ بارغان ئاق تېررورلۇقىغا قارشى سۆزلەرنى قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئەينى دەۋردە شېڭ شىسەينىڭ ساختا قىياپە-

تىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىۋاتقان سوۋېت ئىت-
تىپاقى ھۆكۈمىتىگە ئەلۋەتتە ياقمايدۇ - دە. نەتىجىدە ئەخمەتجان ھۆكۈ-
مەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئىككى ئايغا يېقىن نەزەربەند ئاستىغا ئېلىن-
نىپتۇ. بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆز كۆڭلىدىكى گەپنى دەپ قويغانلىقى ئۈچۈن
نەزەربەند قىلىنىشى كىچىك ئىش ئەمەس، بىراق بۇ يەنە بىر جەھەتتىن
ياش ئەخمەتجاننىڭ سىياسىي ئېڭىنىڭ قانچىلىك سەزگۈرلۈكىنى، ئانا
يۇرتىنى قانچىلىك سېغىنىپ ياد ئېتىدىغانلىقىنى، جۈملىدىن يۇرتىدىكى
ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە قارىتا قانچىلىك نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى چۈ-
شەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا شېڭ شىسەينىڭ مۇستەبىت
ھۆكۈمرانلىقىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، ئۆزىگە ئوخشاش كەمبەغەل-
لەرنىڭ ئاچ - يالىڭاچ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن
كۆرگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ قەلبىدە شېڭ شىسەيگە نىسبەتەن كۈچلۈك
نەپرەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. لېكىن، شۇ چاغلاردا سوۋېت ھۆكۈمىتى شېڭ
شىسەيگە ئارتۇقچە ئىشىنىپ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈ-
تۈۋاتقان بولغاچقا، سوۋېت كومپارتىيەسىنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتىدا بۇنداق
سۆزلەرنىڭ بولۇشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدىغانلىقى تەبىئىي.

ئۇزاق ئۆتمەي سوۋېت - فىنلاندىيە ئۇرۇشى پارتلاپتۇ.

1939 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى گېرمانىيە پولشانى تۇيۇقسىز
ھۇجۇم قىلىپ بېسىۋالدى. بۇ خىل ئەھۋالدا سوۋېت ھۆكۈمىتى سىرت-
تىن كېلىدىغان خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىش، غەربىي چېگرا مۇداپىئەسىنى
كۈچەيتىش مەقسىتىدە، 1939 - يىلى 10 - ئايدا فىنلاندىيە ھۆكۈمىتى
بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، سوۋېت - فىنلاندىيە چېگرا سىزىقىنى قايتا
بېكىتىش، ئۆزئارا ئىتتىپاق تۈزۈش، خانكو يېرىم ئارىلىنى سوۋېت
ئىتتىپاقىغا ئىجارىگە بېرىش قاتارلىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ،
ئەمما فىنلاندىيە ھۆكۈمىتى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ تەلەپلىرىنى رەت
قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، 1939 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سوۋېت
ئارمىيەسى 1 مىليون ئەسكىرىي كۈچ بىلەن 1500 كىلومېتىرلىق جەڭ
سېپىدە سەككىز يولغا بۆلۈنۈپ فىنلاندىيەگە ھۇجۇم قىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن
سوۋېت - فىنلاندىيە ئۇرۇشى رەسمىي باشلىنىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ياشلىرى ئەسكەرلىككە چاقىرىلىپ، ئالدىنقى
سەپكە ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىنىپتۇ، جۈملىدىن ئالىي مەكتەپتە ئو-
قۇۋاتقان ئىستۇدېنتلارمۇ ھەربىي سەپكە چاقىرىلىپتۇ. ئەخمەتجانمۇ ئا-

شۇ قاتاردا ئەسكەرلىككە ئېلىنىپ، زەمبىرەك باتالىيونىغا تەقسىم قىلىنىپتۇ ۋە سوۋېت ـ فىنلاندىيە ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتىلىپتۇ. ئەخمەتجان زەمبىرەك بىلەن نىشانغا ئالغۇچى بولۇپ، سوقۇشلاردا ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسىتىپتۇ، ئۇ يەنە دائىم ئاپتوماتنى ئېلىپ دۈشمەن قىسىملىرى بىلەن يېقىن ئارىلىقتا تۇرۇپ ئېتىشىدىكەن.

ئۇرۇش بولغانىكەن، تەبىئىي ھالدا قۇربان بېرىش، قان ئاققۇزۇش بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بىر قېتىملىق جەڭدە فىنلاندىيەلىكلەرنىڭ زەمبىرەك ئوقى ئەخمەتجانلارنىڭ ئىستىھكامىدا پارتلاپ، ئەخمەتجاننىڭ يېنىدىكى ساۋاقدىشى نەق مەيداندا قۇربان بوپتۇ، ئەخمەتجاننىڭ بىقىنىغا زەمبىرەك ئوقىنىڭ پارچىسى تېگىپ ئېغىر يارىلىنىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئەخمەتجان ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچسا ئۆزى ئارقا سەپ دوختۇرخانىسىدا جىددىي قۇتقۇزۇلۇۋاتقانىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقا ئېغىر يارىدارلار بىلەن موسكۋاغا قايتۇرۇلۇپ داۋالانغاندىن كېيىن، قىرىم يېرىم ئارىلىغا دەم ئېلىشقا ئەۋەتىلىپتۇ.

داۋالىنىش ئارقىلىق ئەخمەتجاننىڭ سالامەتلىكى پەيدىنپەي ئەسلىگە كەپتۇ. بۇ ئۇرۇش 1940 ـ يىلى 3 ـ ئايدا فىنلاندىيەنىڭ تەسلىم بولۇشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن ئاياغلىشىپتۇ. ئۇرۇش نەتىجىسىدە، فىنلاندىيە ھۆكۈمىتى كارېلىيە ئۆلكىسى ھەمدە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى زېمىنلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بۆلۈپ بېرىشكە، خانكو يېرىم ئارىلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دېڭىز تەۋەلىكىنى 30 يىللىق ئىجارىگە بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

ئەخمەتجان ساقايغاندىن كېيىن شەرق ئەللىرى سوتسىيالىزمچىلىرى ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتىغا قايتىپ كېلىپ، ئوقۇشىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ، كېيىنرەك لېنىن ئوقۇغان مەكتەپ ـــ تاتارىستاندىكى قازان ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ پىراكتىكا قىپتۇ.

شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن ۋەقەگە ئىككى يىل بولار ـ بولمايلا، شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئاخىر ئاشكارىلاپتۇ، كوممۇنىزمغا قارشى چىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپتۇ. سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن «مەڭگۈ دوستانە ئۆتىمىز» دېگەندەك كېلىشىملەرگە قول قويغان، ئىستالىنغا بىۋاستە خەت يېزىپ ئۆزىنىڭ «سەممىيىتى»نى ئىپادىلىگەن «دوست» شېڭ شىسەينىڭ بۇنداق ئاسىيلىق قىلىدىغانلىقىنى سوۋېت ھۆكۈمىتى قانداقمۇ خىيالىغا

كەلتۈرسۇن؟ بۇنداق رېئاللىق ئالدىدا مەكتەپ دائىرىلىرى ئەخمەتجاننى شىڭ شىسەينى تىللىغانلىقى ئۈچۈن خاتا ئەيىبلەپ قويغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشىپتۇ، رەھىمسىز ئەمەلىيەت ۋە روشەن پاكىت ئالدىدا مەكتەپ دائىرىلىرى ئەخمەتجاننىڭ سىياسىي سەزگۈرلۈكىگە ۋە كۈچلۈك تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە قايىل بولماي تۇرالماپتۇ. ئۇلار ئەخمەتجاننىڭ خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى، شەرق ئەللىرىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرى، قوراللىق كۈرەش ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت مەسىلىلىرى ھەققىدە ئۆزگىچە قاراشلارغا ئىگە مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرى، ياشلىق دەۋرىدىكى ئوڭۇشسىزلىقلىرى ۋە موسكۋا شەرق ئەللىرى سوتسىيالىزمچىلىرى ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئىبارەت ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئۆزلەشتۈرگەن بىلىملىرى ئۆز ئانا يۇرتىدا بولۇۋاتقان تەڭسىزلىك ۋە ناھەقچىلىكلەرنى يوقىتىش، شۇنداقلا ئېزىلگۈچى ئەللەرنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتەك ئىرادىسىنىڭ تىكلىنىشىگە مۇقەررەر ھالدا پۇختا ئاساس سالغان، ئەلۋەتتە!

— ئادەمدە ھەرقانداق ئېغىرچىلىققا بوي بەرمەيدىغان روھ بولۇشى كېرەك. ئادەم ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ ھەققانىي ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىكەن، ئۇ ھەرقانداق قىيىنچىلىق ئالدىدا تەۋرەنمەسلىكى كېرەك، — دەيتتى ئەخمەتجان بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ، — بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، چىن ئىنسان ئۈچۈن يۈكسەك ئىرادە بولىدىكەن، ئۇ ھەممىدىن غالىب كېلەلەيدۇ.

# 13. ۋەتەنگە قايتىش

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ، گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ سو-
ۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشى موسكۋادىكى ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى
ئاياغلاشتۇرۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئەخمەتجانغا ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى
تۆكۈلگەن يۇرتىغا قايتىپ كېتىشكە پۇرسەت ئېلىپ كەلگەنىدى.

1941 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تاڭ سەھەردە گىتلېر گېرما-
نىيەسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۇيۇقسىز ھۇجۇم
قىلدى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىپايان زېمىنى ئۇرۇش دېڭىزىغا ئايلان-
دى. گېرمانىيە ئارمىيەسى سوۋېت زېمىنىغا كۈنىگە 70 ~ 100 كىلو-
مېتىرلىق سۈرئەت بىلەن چاقماق تېزلىكىدە ئىلگىرىلەپ كىردى. تىنچ
ياشاۋاتقان مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان بىگۇناھ سوۋېت خەلقى گېرمان
ئەسكەرلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا ھاياتىدىن ئايرىلدى. ھەممىلا يەر-
نى ئۇرۇش ئوتى قاپلىغان بۇ مەزگىلدە سوۋېت كومپارتىيەسىنىڭ باش
سېكرېتارى ئى. ۋ. ئىستالىن پۈتۈن سوۋېت خەلقىگە مۇراجىئەتنامە ئېلان
قىلىپ، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن باش تارتماي فاشىستلار بىلەن ئا-
خىرغىچە ئېلىشىشقا چاقىرىق قىلدى. پۈتۈن سوۋېت خەلقى قېرى -
ياش، ئەر - ئايال دېمەي قەھرىمانلىق بىلەن ئالدىنقى سەپكە يۈرۈش قى-
لىپ، ۋەتەننى قوغداش يولىدا قۇربان بولۇشتىن قورقماي، باتۇرانە جەڭ
قىلىشقا ئاتلاندى.

شۇ يىلىنىڭ ئۆكتەبىر ئېيىدا، تاجاۋۇزچىلار 1 مىلىيون ئەسكەر،
2000 تانكا، 1000 دىن ئارتۇق ئايروپىلان بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، موسك-
ۋاغا ئاران 200 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا بېسىپ كەلدى. ھايات -
ماماتلىق ئېلىشىشقا تەييارلانغان موسكۋا خەلقى ئاخىرقى بىر تامچە قې-
نى قالغۇچە جەڭ قىلىش ئىرادىسىگە كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ياشاز-
غانلار، ئاياللار، بالىلار، مېيىپلار، كېسەللەر ئارقا سەپكە قاراپ چېكى-

ىنىشكە مەجبۇر بولدى.

قائىدە بويىچە، ئەخمەتجانمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلىشنى كېرەك ئىدى، بىراق سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەتەننى قوغداش يولىدا مېيىپ بولغانلار، ئېغىر يارىلانغانلار قايتىدىن جەڭگە ئەۋەتىلمەيدۇ، دېگەن پەرمانىغا ئاساسەن، ئەخمەتجان فىنلاندىيە ئۇرۇشىدا يارىلانغانلىقى تۈپەيلىدىن ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلمەي، ئارقا سەپكە قايتۇرۇلۇپتۇ...

شۇنداق قىلىپ، 1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، ئەتراپنى قار ـ مۇز قاپلىغان قەھرىتان سوغۇقتا، ئەخمەتجان موسكۋادىن ئايرىلىپ، تاغىسى ئۆمەرنىڭ يېنىغا ــ تاشكەنت شەھىرىگە قايتىپ كەپتۇ. دەرۋەقە، شۇ چاغ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپا تەرەپتىكى دۈشمەن ئىشغالىيىتىدە قېلىش ياكى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراش ئېھتىماللىقى بار دەپ قارالغان جايلاردىكى مۇھىم زاۋۇت، كارخانا، ئۇسكۈنىلەر، ئىستراتېگىيەلىك ئەشيالار، مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە شۇنداقلا ياشانغانلار، مېيىپلار، باللار ئارقا سەپ دەپ تونۇلغان ئوتتۇرا ئاسىياغا، جۈملىدىن تاشكەنت شەھىرىگىمۇ كۆچۈرۈلۈۋاتقانىكەن.

ئەخمەتجان تاشكەنتكە كەلسە، بۇ يەرنىمۇ ئوخشاشلا جىددىيچىلىك قاپلىغانىكەن، دادا ئورنىدىكى ئۆمەر تاغا «خەلق دۈشمىنى» دەپ قارىلىپ ئاللىقاچان سىبىرىيەگە سۈرگۈن قىلىنغان، ئۇنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىنى بىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا كىچىك ئاپىسى مەستۇرەنىڭمۇ قەيەرگە كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولماپتۇ. ئۇلارنى ئىزدەپ تېپىشنىڭ ئىمكانىيىتى تېخىمۇ بولماپتۇ. ئەتراپتىكى ئادەملەر بولسا ئەخمەتجاننىڭ نېمىشقا قايتىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەنمەي، ئۇنىڭغا: «ھەممە ئادەم ئالدىنقى سەپكە كېتىۋاتسا، بۇ نېمىشقا قايتىپ كەلگەندۇ؟» دەپ گۇمانلىق نەزەر بىلەن قاراپتۇ.



كىشىلەرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىلىرى، جۈملىدىن تاغىسىنىڭ «يامان نامى» تەسىرىدە ئەخمەتجان تاشكەنتتە داۋاملىق تۇرۇشنى خالىماپتۇ ۋە تېخىمۇ يىراق، ھېچكىم تونۇمايدىغان بىر يەرگە كېتىش قارارىغا كەپتۇ ـ دە، ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋاقتىدا ئېلىپ كەلگەن سولدات سومكىسىغا نەچچە قۇر كونا كىيىمىنى قاتلاپ سېلىپ، پويىز بىلەن قازاقىستاننىڭ زايسان رايونىغا كەپتۇ. بۇ ئادەم ئاز، چۆل ـ جەزىرىنىڭ ئىچىگە جايلاش-

قان شەھەر ئىكەن. ئەخمەتجان باشتا كولخوزنىڭ مىلىنى بېقىپتۇ، كې-يىن كولخوزنىڭ بوغالتىرى بولۇپتۇ. بۇ يەردىكى كۈنلىرى گەرچە مۇ-شەققەت ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن «خەلق دۈشمىنى» دەپ ئا-تالغان تاغىسىنىڭ «قارىسى» يۇقۇپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن، كۆڭلى ھەر-ھالدا تەشۋىشتىن خالىي ئۆتۈپتۇ. بىراق، ئۇنىڭدا يۇرتىغا قايتىش، ئاند-سىنى تېپىش ئارزۇسى تېخىمۇ ئۇلغايغىلى تۇرۇپتۇ.

بۇ چاغدا سوۋېت زېمىنى ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، چەت ئەللىك پۇقرالارنى ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلىۋاتقانىكەن. ئەخمەتجان بۇ تېپىل-غۇسىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ۋەتەنگە قايتىپ كېچە - كۈندۈز سېغىند-ۋاتقان ئاپىسى بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتىگە كەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ۋەتىنىگە قايتىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان نۇرغۇن ئادەملەر قاتارىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىغا بېرىپ ئىل-تىماس سۇنۇپتۇ. قايتا - قايتا تەلەپ قىلىش ئارقىسىدا ئۇنىڭ ۋەتەنگە قايتىش ئىلتىماسى ئاخىر تەستىقلىنىپتۇ. ئۇ تەستىقنامىنى ئالغان چېغىدا قىن - قىنىغا پاتماي خۇشال بولۇپ دەرھال زايسانغا كەپتۇ - دە، يۇرتىغا قايتىش تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ. ئاپىسىغا پوكوۋاي يۇڭ ياغ-لىق، چىت رەخت قاتارلىق سوۋغىلارنى راسلاپتۇ.

مانا ئەمدى ئەخمەتجان ۋەتەنگە قايتىدىغان، يۇرتىغا بېرىپ ئاپىسى بىلەن كۆرۈشىدىغان بوپتۇ، لېكىن تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ۋەتەنگە قايتىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا ئىڭراپ ياتقان خەلقنى قوزغاپ ئىنقىلابقا چاقىرىق قى-لىش ئىرادىسى تىكلىنىپتۇ.

1942 - يىلى 6 - ئايدا ئەخمەتجان زايساندىن باقتۇ چېگرا ئېغىزى ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ چېگرا شەھىرى چۆچەككە يېتىپ كەپتۇ.

چۆچەك — تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى. چۆچەك شەھىرىدىن باقتۇ چېگرا ئېغىزىغىمۇ ئاران 14 كىلومېتىرلا كېلىدۇ. تارىختىن بېرى بۇ كىچىككىنە شەھەردە رۇسىيە بىلەن بولىدىغان باردى - كەلدى خېلىلا قويۇق بولغاچقا، رۇس تىلىمۇ خېلى ئومۇملاشقان. ئەمما، بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ئەخمەتجانغا ناتونۇش. شۇنداقتىمۇ شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۇزۇل - كېسىل يۈز ئۆرۈگەنلىكى تۈپەيلىدىن، ھۆكۈمەت-نىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ئادەمنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدى-

غانلىقى ئۈنىڭغا ئايان. شۇڭا، ئۇ ئىچكى ۋەزىيەتنى ئوبدان كۆزىتىپ، غۇلجىنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىشقا بولىدىغان بىرەر جاينى ئىزدەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەخمەتجان غۇلجىدىن كەلگەن ـ كەتكەن ھارۋىكەشلەر كۆپرەك چۈشىدىغان بىر دەڭنى تېپىپتۇ، گەرچە سېغىنغان ئاپىسىنىڭ نەدىلىكىنى ئۇقمىسىمۇ، غۇلجىدا كىم بار، كىم يوقلۇقىنى بىلمىسىمۇ، كۆڭلىدە خۇشاللىقا چۆمۈپتۇ. نېمىلا بولسا ۋەتەنگە كېلىۋالدىم، قالدى ئىشلار ئۆز يولىدا بولار دەپ ئويلاپتۇ.

يول خىراجىتى توپلاش، مۇھىمى يەرلىكنىڭ ئەھۋالىنى تېزرەك بىلىۋېلىش ئۈچۈن، ئەخمەتجان ئىشلەمچىلەر قاتارىدا مەدىكارلىق قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ بېشىغا كونا مانچىستىر دوپپىنى كىيىۋېلىپ، ئەتىدىن كەچكىچە تومۇز ئاپتىپىدا ئىشلەمچىلەر بىلەن بىللە كېسەك قۇيىدىكەن، تامچىلىق قىلىدىكەن، دەڭدە قونالغۇغا چۈشىدىغان ھارۋىلارغا يۈك بېسىپ، يۈك چۈشۈرىدىكەن، ھارۋىكەشلەرنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرىنى بېقىپ سۇغىرىدىكەن.

ئەپەندىم چۈشكەن دەڭنىڭ ئۇدۇلىغا چۆچەك گېزىتخانىسى جايلاشقانىكەن. ئۇ ھەر كۈنى گېزىتخانىنىڭ كوچىغا قاراپ تۇرغان دېرىزىسىدىن گېزىت سېتىۋېلىپ، تەپسىلىي ئوقۇيدىكەن. ئۇ چاغلاردا ئىشلەمچى سىياقىدىكى بىر يىگىتنىڭ كوچىدا ھەر كۈنى گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرۇشى كىشىلەرنى تەئەججۈپكە سالىتۇ. شۇ مەزگىلدە چۆچەك گېزىتخانىسىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان سەيپىدىن ئەزىزىمۇ كېيىن بۇ ئەھۋالنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى:

ـــ شۇ چاغلاردا ئىشلەمچى سىياقىدىكى ئەخمەت ئەپەندىم ھەر كۈنى بىزدىن گېزىت سېتىۋالاتتى ـ دە، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئوقۇيتتى. مەن بۇ يىگىت كىمدۇر دەپ ئويلايتتىم، كېيىن مىللىي ئىنقىلاب باشلىنىپ، ئەپەندىم بىزنىڭ رەھبىرىمىز بولدى.

بىر كۈنى ئەخمەتجان غۇلجا ـ ئۈرۈمچى ـ چۆچەك ئوتتۇرىسىدا ھەمىشە قاتناپ تۇرىدىغان نىزام پۆپەش ئىسىملىك بىر كارۋان بېشىنىڭ غۇلجىدىن كېلىدىغانلىقىنى، مۇشۇ دەڭگە چۈشىدىغانلىقىنى ئۇقۇپتۇ ھەم ئۇ كىشىنىڭ غۇلجىنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ. بۇ بىر تۈركۈم ھارۋىكەشلەر غۇلجىدىن يەرلىك دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ ساتىدىكەن، تاپقان پۇلىغا

رەخت، چاي قاتارلىقلارنى ئېلىپ چۆچەكتە سودىسىنى قىلىپ بولۇپ جىڭغا كېلىدىكەن ـ دە، ئۇ يەردىن تۇز بېسىپ يەنە غۇلجىغا قايتىدىكەن. دېگەندەك، نىزام پۆپەش باشچىلىقىدىكى كارۋان چۆچەككە كەپتۇ ۋە مۇشۇ دەڭگە چۈشۈپتۇ. ئەخمەتجان هارۋىكەشلەرگە ياردەملىشىپ ئاتلىرىنى سۇغىرىپ، هارۋىلىرىنى جۆندەشتۇرۇپتۇ. نىزام پۆپەش بۇ ناتونۇش ئىشلەمچى يىگىتنىڭ پۇت ـ قولىنىڭ چاققان، پەملىك، ئىشچانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. پاراڭدىن پاراڭ چىقىپ ئەخمەتجان ئۇنىڭدىن غۇلجىدىكى ئاپىسى شەرۋانەمنى سورىسا، نىزام پۆپەش ئۇ ھەقتە بىر نېمە دەپ بېرەلمەپتۇ، ئەمما ئەخمەتجاننىڭ كىچىك دادىسى ناسىرئاخۇننى تونۇيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئەخمەتجان نىزام پۆپەشتىن ئۆز ئەھۋالىنى كىچىك دادىسى ناسىرئاخۇنغا دەپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپ بىر پارچە خەت يېزىپ بېرىپتۇ. نەچچە كۈندىن كېيىن تاڭ سەھەردە نىزام پۆپەش هارۋىكەشلەرنى باشلاپ غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقماقچى بوپتۇ. ئەخمەتجان كۈندىكىدەكلا ئۇلارنىڭ هارۋىلىرىغا ئاتلارنى قوشۇشۇپ بەرگەندىن كېيىن، يولدا ئۇزاپ كېتىۋاتقان هارۋىلارنىڭ كەينىدىن چىقىۋاتقان چاڭ ـ توزانلارغا قاراپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە مېھرىبان ئانىسىنى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانىنى پات ئارىدا كۆرۈش ئىستىكى ۋە ئىشەنچى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتتەك يالقۇنجايدىكەن.

ناسىر ئاكام ئەخمەتجاندىن كەلگەن خەتنى ئېلىپ ناھايىتى تاسادىپىيلىق ھېس قىپتۇ ۋە دەرهال ھەممە ئىشلىرىنى تاشلاپ، نىزام پۆپەشنىڭ هارۋىسىغا ئولتۇرغىنىچە چۆچەككە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئادرېس بويىچە چۆچەككە كەلسە، ئۇنىڭ ئالدىدا قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن بىر يىگىت پەيدا بوپتۇ. ناسىركامنىڭ كاللىسىغا ئورناپ قالغىنى دائىم ئۆزىنى دوراپ تېرىكتۈرۈپ ئوينايدىغان ئەخمەتجاننىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى هالىتى بولغاچقا، ئۇنى كۆرۈپ كۆزىگە ئىشەنمەيلا قاپتۇ. 20 يىلدىن كېيىن بىر ـ بىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بۇ ئىككى قېرىنداش هاياجانلىنىپ كۆز يېشى قىلىشىپتۇ. ئەخمەتجان ئاپىسى شەرۋانەمنىڭ خەۋىرىنى ئېلىشقا ئالدىراپتۇ، ناسىركامۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تۇيغاندەك، يەڭگىسى شەرۋانەمنىڭ قورغاس چېلپەگزىدىكى ئاكىسى كېۋىرئاخۇننىڭكىگە كەتكەندىن كېيىن يەنە تۇرمۇشلۇق بولۇپ، كېيىن سوۋېتكە چىقىپ

كەتكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋالنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيت-
تىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەخمەتجان بېشىغا بىر قاپاق سوغۇق سۇ
قۇيۇلغاندەك كۆڭلى يېرىم بولۇپ تۇرۇپلا قاپتۇ...

نەچچە كۈندىن كېيىن نىزام پۆپەش دېگەن كارۋان بېشى ناسىركام
بىلەن ئەخمەتجاننى ھارۋىغا بېسىلغان يوكنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ
يولغا چىقىپتۇ.

يول ئازابى — گۆر ئازابى دېگەندەك، ھارۋىكەشلەر جىڭدىن تۈز بې-
سىپ، تەلكىنىڭ داۋىنىغا كەلگەندە يامغۇردا قېلىپ، جىق ئاۋارىگەرچى-
لىكلەرگە يولۇقۇپتۇ. ئەخمەتجان ئولتۇرغان ھارۋىنىڭ ئوقى سۇنۇپ كې-
تىپ، ھاڭغا غۇلاپ كەتكىلى تاسلا قاپتۇ. ئەخمەتجان ئەنە شۇنداق جاپا -
مۇشەققەتتە 12 كۈن يول يۈرۈپ، ئايرىلغىلى ئۇزۇن يىل بولغان ئانا يۇر-
تى غۇلجىغا ساق - سالامەت قايتىپ كەپتۇ.

# 14. سىرلىق ئەينەكچى

1942 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئەخمەت ئەپەندىم يۇرتى غۇلجىغا قايتىپ كەلدى. ۋاھالەنكى، بۇ ــ شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان، شېڭ شىسەينىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسى پەيدىنپەي ئاشكارىلىنىۋاتقان مەزگىل ئىدى.

ھەممىگە ئايانكى، 1933 ـ يىلى شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىدە «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىنى پەيدا قىلىپ، «قىزىل 8 ـ پولك» دېگەن ئاتاق بىلەن سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىپ ئەكىرگەن ۋە بۇ قىسىمنى قۇمۇل، باركۆل ۋە قاراچوققا (شىڭشىڭشيا) ئەتراپىنى مۇداپىئە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. جۈملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە، ما جۇڭيىڭ، جاڭ پېيۈەن قاتارلىق مىلىتارىستلارنى مەغلۇپ قىلىپ، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دۇبەنى، قوشۇمچە رەئىسى» بولۇۋالغانىدى. 1937 ـ يىلىغا كەلگەندە شېڭ شىسەي يەنە بىر قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قوشۇن ئەۋەتىشنى ئۆتۈنۈپ، ئۆزىگە قارشى دەپ قارىغان ھەرخىل كۈچلەرنى باستۇرۇش ئارقىلىق، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالغانىدى.

1941 ـ يىلى 1 ـ ئايدا جياڭ جيېشى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىنى چۆچۈتىدىغان «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى»نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. خەلقئارا ۋەزىيەتكە كەلسەك، شۇ يىلى 6 ـ ئايدا گىتلېر گېرمانىيەسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياۋۇزلارچە تاجاۋۇز قىلدى. 12 ـ ئايدا ياپونىيە ئامېرىكىنىڭ مارجان پورتىغا (پېيورىل خاربور) ھۇجۇم قىلىپ تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيا فاشىزم كۈچلىرىنىڭ خورىكى ئۆسۈپ، ئۆزلىرىنى بىلەلمەي قېلىشتى. شېڭ شىسەي بولسا ئەمدى سوۋېت ئىتتىپاقى مەغلۇپ بولىدىغان بولدى، كوممۇنىزمدا ئىشەنچ يوق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭمۇ پۇت تىرەپ تۇرالىشى ناتايىن دەپ ھې-

سابلاپ نىقابىنى يىرتىپ تاشلىدى ـ دە، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىـ تىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى.

1942 ـ يىلى قىشتا سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىكى قوشۇنلىرىـ نى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

جياڭ جيېشى شېڭ شىسەيدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي، رەپىقىسى سۇڭ مېيلىڭنى ئېلىپ لەنجۇغا يېتىپ كەلدى ھەمدە 1942 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سۇڭ مېيلىڭنى شېڭ شىسەي بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە شىنجاڭغا ئەۋەتىپ ئۆزئارا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. كېلىشىمنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق: شىنجاڭنىڭ خىزمىتىدە تامامەن شېڭ شىسەينىڭ دېگىنى ھېساب بولىدۇ، شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى تەشكىل قىلىنىدۇ، ۋەھاكازالار.

شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل يۈز ئۆرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيەگە قارشى تۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن تۈزگەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سەپنى ئاشكارا بۇزۇپ، گومىنداڭ تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ۋەزىيىتى جىددىيلىشىپ كەتتى. ياۋۇز شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شىنجاڭدىكى بارلىق ئەزالىرى، كادىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تۇتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 1942 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن بولغان يولداش چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلارنى مەخپىي قولغا ئالدى ھەمدە تۈركۈملىگەن ئىلغار زاتلار، سوۋېتتا ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيلار ۋە ئىلغار كۈچلەرنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى، شۇنداقلا ئىلغارلىقتا، كوممۇنىزمغا تەلپۈنىدىغان ھەر مىللەتتىن بولغان زاتلارغا ھەدەپ زىيانكەشلىك قىلدى ۋە ئۇلارنى قىردى.

ۋەزىيەتتە بولۇۋاتقان بۇنداق چوڭ ئۆزگىرىش شىنجاڭنىڭ سىياسىي ھاۋاسىدا ئومۇمىيۈزلۈك جىددىي تۈس پەيدا قىلىپ، ھەممە يەرنى تېخىمۇ زۇلمەت قاپلاپ كەتتى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن كىچىك ئاپام پاتەملەرنىڭ ئۆيىگە بىر ئىش بىلەن كىرىپ قالدىم. بۇنىڭدىن بۇرۇن مەن ناسىركامىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئەخمەتجان دېگەن ئوغلى سوۋېتتىن كەپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىـ

غىنىم بىلەن، تېخى ئۇنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. كىچىككىنە ئىككى ئېغىزلىق ئۆيى بار قورۇدا ئۇستىبېشى پاتقاقا مىلەنگەن پاتەم كىچىك ئاپام كالا تېزىكى بىلەن سېغىز لاي ئېتىپ، ئۆيىنىڭ چەت - چۆرىلىرىنى سۇۋاۋاتقانىكەن. يېنىدا ئۇستىبېشى لاي، پۇچقىقىنى تۇرۇۋالغان بىرەيلەن كەتمەن بىلەن لاي ئېتىۋېتىپتۇ. مەن بىر قاراپلا بۇ كىشىنىڭ ئەخمەتجان ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم.

بۇ مېنىڭ ئەخمەت ئەپەندىمنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى.

كىچىك ئاپام مېنىڭدىن نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىمنى سورىۋېدى، مەن كېلىش مۇددىئايىمنى ئېيتتىم. كىچىك ئاپام مېنى ئەخمەتجانغا «بۇ ئاكامنىڭ قىزى» دەپ ئاددىيلا تونۇشتۇرۇپ قويدى - دە، قولىنى يۇيۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

27 — 28 ياشلاردىكى بۇ يىگىت تولىمۇ خۇشخۇي كۆرۈنەتتى، بېشىغا مانچېستىر دوپپا كىيىۋاپتۇ، سىنچىلاپ قارىسا ئۇنىڭ كۆزى سول كۆزىدىن سەل - پەل پەرقلىق كۆرۈنەتتى.

ئەخمەتجان مېنىڭدىن ئىسمىمنى ۋە نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىمنى سورىدى. مەن مۇئامىلىسى سىلىق، مۇلايىم، خۇشخۇي بۇ كىشىنىڭ ماڭا شۇنچىلىك ئەستايىدىل پوزىتسىيەدە بولۇۋاتقانلىقىدىن ئەيمىنىشنى تاشلاپ، ئۆزۈمنى سەل رۇسلىۋالغاندەك بولدۇم ۋە تۇرمۇش قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن مەكتەپتىن قالغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئەخمەتجان ئەستايىدىللىق بىلەن ماڭا بىلىم ئېلىشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ مېنى رىغبەتلەندۈردى. جۈملىدىن، ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشىش ئۈچۈن، ھەممىمىز تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كەلگۈسىدە چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك دېگەن مەزمۇندا يىغىنچاق، مېغىزلىق سۆزلەر بىلەن مېنىڭ قەلبىمدە چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇردى. كېيىن بىز ئۇرۇق - تۇغقان بولغانلىقىمىزدىن تېزلا ئۆزلىشىپ كەتتۇق.

ئەخمەتجان پاتەم كىچىك ئاپاملارنىڭ ئۆيىدە يېتىپ - قوپاتتى. شۇ چاغدا كىچىك ئاپامنىڭ ئۈچ بالىسى بار ئىدى، كېيىن يەنە بىر ئوغۇل تۇغدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ ئانچە باياشات ئەمەس ئىدى، چوڭ ئوغلى ئوسمانجان ئەپەندىمنىڭ ياخشى ياردەمچىسى بولۇپ قالدى، ئۇ مەندىن بىر ياش كىچىك بولۇپ، ئىنتايىن زېرەك، ئەقىللىك ئىدى، ھەممىمىزنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى. ئەخمەتجانمۇ بۇ ئائىلىنىڭ ئۆز بالىسىدەك تىنىم تاپمايتتى، ھەر دائىم كىچىك دادىسى ناسىركامغا ياردەملى-

شىپ، قولىغا رەندە ياكى ھەرە ئېلىپ تەڭ ياغاچچىلىق قىلاتتى. بىراق، ئەخمەتجاننىڭ پۈتۈن ئوي - خىيالى باشقا يەردە، يەنى قانداق قىلىپ زۇلۇم ئاستىدا ئىڭراۋاتقان مېھنەتكەشلەرنىڭ ئاھۇزارىنى ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش ۋە ئەنە شۇ زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتكە قەتئىي قارشى باتۇرانە كۈرەشلەرنى قانات يايدۇرۇشتا ئىدى! بۇنىڭ ئۈچۈن ئەخمەتجان خەلق ئاممىسى بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىشى، جۈملىدىن ھەم ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويمايدىغان، ھەم جەمئىيەتكە چوڭقۇر چۆككىلى بولىدىغان بىر چارە تېپىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئاخىر بوۋىسى ماخمۇتنىڭ ئەينەكچىلىك ھۈنىرىنىڭ ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تازا باب كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتىپتۇ.

بىر كۈنى ئەپەندىم كىچىك دادىسىغا:

— كىچىك دادا، ئۆينىڭ ئەھۋالى بەك خاراب ئىكەن، مەن بۇنداق يۈرمەي، ئەينەكچىلىك قىلىپ ئاز - تولا كىرىم قىلساممىكىن دەيمەن، — دەپتۇ.

ئەخمەتجاننىڭ بۇ سۆزى ناسىركامغا بەكمۇ يېقىپتۇ:

— ھەببەللى، ياخشى ئويلاپسەن، بالام! سەن تېخى ياش، ئەينەكچىلىك قىلىپ يۈرگەچ كۆڭلۈڭگە ياقىدىغان بىرەر قىزنى يولۇقتۇرۇپ قالساڭ ئەجەب ئەمەس. ئەينەك ساندۇقى ئەنە تۇرۇپتۇ، ئەينەك كېسىدىغان ئالماس ئىچىدە، يەنە تېخى ئىككى پارچە ئەينەكمۇ بارغۇ دەيمەن، لېكىن زاماسكا قۇرۇپ قالدىمىكىن!

ناسىركام ئەخمەتجاننىڭ نىيەتلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ ئەينەكچىلىك قىلىش نىيىتىگە كېلىپ قالغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. بۇ ساۋاتسىز ئادەم ئەخمەتجاننىڭ ئەينەكچى سۈپىتىدە ئامما ئارىسىغا بېرىپ، جەمئىيەت تەكشۈرمەكچى بولغانلىقىنى نەدىمۇ خىيالىغا كەلتۈرسۇن! ئەخمەتجان ئەينەكچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، مەھەللىمۇمەھەللە، ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ خەلققە سالغان زۇلمى، كەمبەغەللەرنىڭ ھال - ئەھۋالى، ئاھۇزارى ئۈستىدە جەمئىيەت تەكشۈرمەكچى، ئاممىغا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ھەققىدە تەشۋىق ئېلىپ بارماقچى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا شىنجاڭدىكى قانخور ھۆكۈمەتنىڭ ئازابىنى جىق تارتقان. شۇڭا، ئۇ موسكۋادا ئوقۇۋاتقان چېغىدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ياۋۇزلۇقى ھەققىدە ئېغىز ئېچىپ قويۇپ، بالاغىمۇ قالغان، مانا ئەمدى ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئەمدى ئازاب - ئوقۇبەت ئىچى-

دە جان تالىشىۋاتقان ئەمگەكچى خەلقنى قوزغىلىپ شىپاڭ شىسەيگە قار-شىلىق كۆرسىتىشكە ئۈندەمەكچى.

ئەخمەتجان بىر كۈنى ئەتىگەندە ئەينەك ساندۇقىنى مۇرىسىگە ئې-سىپ كوچىغا چىقىپتۇ. ئۇ زاماندا ئەينەك دېگەننى غۇلجا شەھىرىدىكى بايلارنىڭ قاپقاقلىق دېرىزىلىرىدىلا كۆرگىلى بولاتتى. كەمبەغەللەرنىڭ ئەينەك سالدۇرىدىغانغا نەدىمۇ پۇلى بولسۇن، كۆپىنچىسى قىيسىيىپ كەتكەن پەنجىرىلىرىگە قەغەز چاپلاپلا كۈننى ئۆتكۈزەتتى...

ئەخمەتجان «ئەينەك سالىمەن، ئەينەك سالىمەن» دەپ توۋلاپ كېتىۋاتسا، مەھەللىدىكى ئىشان قارى مەسچىتىنىڭ يېنىدىكى ئىدرىس كارۋان بېشىنىڭ هويلىسىدىن سېمىز رەك كەلگەن بىر ئايال چىقىپ «هوي ئەي-نەكچى» دەپ چاقىرىپتۇ ۋە هويلىسىغا ئەكىرىپ، دېرىزىسىنى كۆرسە-تىپ، ئەينەك سېلىپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. ئەخمەتجان دېرىزىنى گەزلەپ بولۇپ، ئەينەكنى ساندۇقتىن ئېلىشقا، يېنىدا قاراپ تۇرغان سېمىز ئا-يال گەپ باشلاپتۇ:

— هۈنەرنى نەدە ئۆگەنگەنىدىڭىز؟ قانچە پۇل ئالىسىز؟ ئۆزىڭىز ياشلا بىر يىگىت ئىكەنسىز، بۇرۇن بۇ مەھەللىدە كۆرمەپتىكەنمىز، قە-يەردىن كەلدىڭىز؟

— ئاۋۋال ئەينەكنى سېلىپ بولاي، ئاندىن هېسابلاشساقمۇ بولى-دۇ، — دەپتۇ ئەخمەتجان مۇلايىملىق بىلەن.

— هوي بالا، ئەجەب كېلىشكەن، مۇلايىم يىگىت ئىكەنسىز، نا-سىركامنىڭ ئۆيىگە كەلگەن مېهمان سىز بولامسىز - يا؟ — دەپ سوراپ-تۇ هېلىقى سېمىز ئايال.

— شۇنداق.

شۇ ئارىلىقتا يارىشىملىق كىيىنگەن، چىرايلىق ئىككى قىز چىقىپ كەپتۇ ۋە ئەخمەتجاننىڭ ئەينەك سېلىشىغا زەن سېلىپ بىردەم تۇرۇشۇپ-تۇ - دە، بىر - بىرىگە قارىشىپ مەنىلىك كۈلۈشۈپ قويۇپتۇ. ئەخمەتجان ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئەينەكنى سېلىپ بولۇپلا بەرگەن ھەقنى ئې-لىپ قايتماقچى بوپتۇ. هېلىقى ئايال:

— ئەجەب ئوبدان يىگىت ئىكەنا بۇ، سىلەرنىڭ بۇ يىگىتكە كۆ-زۈڭلار چۈشمىدىمۇ؟ — دەپ چاقچاق قىلىپ چېقىشىپتۇ قىزلار بىلەن.

ئەخمەتجان ئەنە شۇنداق ھەر كۈنى كوچىمۇكوچا ئارىلاپ، خەلقنىڭ هال - ئەهۋالىنى تەتقىق قىلاتتى، كەمبەغەللەرگە ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇلار-

غا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاتتى.

بىر كۈنى ساندۇق كۆتۈرگەن بۇ «ئەينەكچى» يەنە كوچا ئارىلاپ كېتىۋاتقاندا ئەسكى بىر ھويلىدىن بىر كىشى چىقىپ كەپتۇ.

— ھەي ئۇكاموي، ئەينەكنى قانداق سالدىڭ؟ — دەپ گەپ باشلاپتۇ يېشى 50 لەرگە يېقىنلىشىپ قالغان، قاڭشارلىق، ئورا كۆز، ئورۇق كەلگەن كىشى.

— ئاكا، دېرىزىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ پۇل ھېسابلايمىز، ئىش ھەققى ئالمىسامۇ مەيلى، ئەينەكنىڭ پۇلىنى بەرسىڭىزلا بولىدۇ، — دەپتۇ ئەخمەتجان نامراتلىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرغان بۇ كىشىگە ئىچى ئاغرىپ.

— قىش كېلىۋاتىدۇ دېگىنە، ئۇكا، — دەپتۇ بۇ ئادەم غەمكىن ھالدا، — قارا، ئۇكام، بۇ يىل ئاشلىق دېگەندەك ئوخشىمىدى، بىر يىل كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ بىنەمدىن كەلمەي ئىشلىدىم، لېكىن خاماندىن قۇرۇق قايتتىم، يەر ئىگىسى: چىققان ئاشلىق يەر ئىجارىسىگە يەتمەيدۇ، مېنىڭمۇ ھالىم چاغلىق، ئاشلىق بېرەلمەيمەن، ئىش ھەققىڭگە ھېسابلاپ ماۋۇ ئىككى پارچە ماتا بىلەن بىر كېسەك چاينى ئال، دەپ ئارا - گۈرجەكنى قولتۇقلىتىپ قويدى، ئۆيگە كەلسەم باللىرىم نان دەيدۇ، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.

— ئاكا، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، قېنى مەن بىر كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ ئەخمەتجان ۋە ئۆيگە كىرىپ ئەينەك سېلىش جەريانىدا ھېلىقى ئادەم بىلەن بىر ھازا ئۇياقتىن - بۇياقتىن پاراڭ سېلىشىپتۇ، كۆزنەكلەرگە ئەينەك قويۇپ زاماسكىلاپتۇ. لېكىن، بۇ كەمبەغەل دېھقاندىن پۇل ئېلىشقا زادىلا كۆڭلى ئۇنىماپتۇ، سېلىپ بەرگەن ئەينەكنى ئاشۇ ئادەمگە قىلغان ياردىمىم بولۇپ قالسۇن دەپتۇ - دە، يېنىپ چىقىپتۇ.



كەچ بولغاندا ئەخمەتجان ئازراقلا پۇلنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە قايتىپتۇ، ناسىركام ئەينەك ساندۇقىدا بىرنەچچە پارچە كىچىك ئەينەكتىن باشقا، چوڭراق ئەينەك تۇرماق، زاماسكىمۇ قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ ۋە ئەخمەتجاننىڭ خەقلەرگە پۇل ئالماي ئەينەك سېلىپ بېرىپ قۇرۇق قول قايتقانلىقىنى ئۇقۇپ:

— ھەي ئەخمەق، بۇ نېمە قىلغىنىڭ، مەن بۇ ئالتە جاننى قانداق باقىمەن؟ بىكارغا ئەينەك سېلىپ بەرگۈدەك ئېشىپ - تېشىپ تۇرغان

پۇلۇڭ بارمۇ؟ يېنىڭدا بىر تىيىن پۇل يوق تۇرۇقلۇق، مۇنچىۋالا مەردلىك قىلىشىنىڭ نېمە ھاجىتى، «قوڭىدا ئىشتىنى يوق، ئېتى مارجانبۇۋى» دېگەندەك، نېمە يوغانچىلىق بۇ؟! ماڭ، بېرىپ پۇلنى تېپىپ كەل! — دەپ ۋايساپلا كېتىپتۇ.

— كىچىك دادا، بۇنچىۋالا خاپا بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇلارنىڭ ھالى بىزدىنمۇ خاراب ئىكەن، پۇل ئالىدىغانغا قانداقمۇ كۆڭۈل ئۇنايدۇ؟ — دەپتۇ ئەخمەتجان سىپايىلىك بىلەن. ئەپەندىمنىڭ كۆز ئالدىغا تۇيۇقسىز ئاشۇ نامراتلارنىڭ ھال - ئەھۋالى كەپتۇ - دە، غەزىپى تېشىپ، مۇشتۇمىنى تۈگۈپ، — خەپ، بىزگىمۇ بىر كۈن كېلىدۇ، شۇ چاغدا ئاشۇ دېھقاننى بىر ياز ئىشلىتىپ ھەققىنى بەرمىگەن مۇناپىقلاردىن كەمبەغەللەرنىڭ ھەققىنى ھېسسىلەپ قايتۇرۇۋالىمىز! — دەپتۇ.

— دادا، ئەخمەتجان ئاكامنى ئۇنچىۋالا تىللاپ كەتمە، زاماسكىسىنى مەن ياساپ بېرەي، — ئوسمانجان شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، مەن كىچىك ئاپاملارنىڭ ئۆيىگە چاي سوراپ كىرىپ قاپتىمەن.

— ھەدە، خويمۇ ئوبدان كەپسەن، ئىككىمىز زاماسكا ياساپ بېرەيلى، بولمىسا پۇلغا سېتىۋالىدىغان گەپ، بولامدۇ؟

كەچقۇرۇنلۇقى ئوسمانجان ئىككىمىز مەشىنىڭ ئاستىدىكى كۈلنى ئەلگەك بىلەن تاسقاپ، سۇ مېيى بىلەن يۇغۇرۇپ، يار يېلىم ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر قىلدۇق.

— مانا زاماسكا! — ئوسمانجان زاماسكا چاپلىشىپ كەتكەن قوللىرىنى ئۇۋۇلاۋېتىپ «غەلىبە» قىلغاندەك ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

بۇنى كۆرگەن ئەخمەتجان بىزگە قاراپ:

— رەھمەت سىلەرگە، كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ دېگەن شۇ، كۈچ بىرلىكتە، — ئۇ مۇشتۇمىنى تۈگۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ بىزدىن خۇرسەن بولغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن ئۇ چاغدا «كۈچ بىرلىكتە» دېگەن گەپنىڭ تېگىدە نېمە گەپ بارلىقىنى چۈشىنەلمىگەنىدىم.

ئەخمەتجان كەمبەغەللەرنىڭ ئەينەكلىرىنى ئەرزان باھادا ياكى پۇل ئالمايلا سېلىپ بەرگەن بىلەن، بايلارنىڭ ھەشەمەتلىك ئۆيلىرىنىڭ دېرىزىلىرىگە ئەينەك سالغاندا ئۇلار بىلەن باھانى ئوبدان تالىشىپ، يېتەرلىك پۇل ئۇندۇرۇپ كېلەتتى. بۇنداق كۈنلىرى ناسىركامنى ئوبدانلا خۇش قىلىۋېتەتتى. ئەمما، كۆپىنچە چاغلاردا ئۇ يەنىلا كەمبەغەللەر مەھەللىلىرىنى ئارىلاپ، قولىدىن كەلگىنىچە ياردەم قىلاتتى. ئەخمەتجان ئۇچۇن قاي-

چىلىك پۇل تېپىش مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى ئۇنىڭ كۆڭلىگە باشقىلارغا دېگىلى بولمايدىغان بىر مۇددىئا پۈكۈلگەندى.

بىر كۈنى ئەخمەتجان كۈندىكىدەك ئەينەك ساندۇقنى مۈرىسىگە ئېسىپ، كۈنىنىڭ ئىسسىقىدا غۇلجا شەھىرىنىڭ بوينىكېسىك مەھەللىسىدىكى تار كوچىنى بويلاپ كېتىۋاتسا، دەرۋازىسى كونىراپ ئۆرۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالغان بىر هويلىدىن بىر بوۋاقنىڭ ئاچچىق ئىڭراپ يىغلاۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. «ئەينەكچى» يۈگۈرۈپ بېرىپ دەرۋازىدىن بېشىنى تىقىپ قارىسا، پېشايۋاندىكى بۆشۈكتە بىر بوۋاق يىغلاپ ئاۋازلىرى بوغۇلۇپ، ئۇسسۇزلۇقتىن ئاغزى قۇرۇپ هالسىزلىنىپ ياتقانىكەن. بوۋاقنىڭ يېنىدا ئانىسى هوشسىز ياتقۇدەك. ئۆيدىكى باشقىلار يەيدىغان نەرسە تېپىپ كېلىش ئۈچۈن كۈنلۈك ئىشلىگىلى سىرتقا چىقىپ كەتكەنىكەن، ئۆيدە بولسا ئاجىز، كېسەلچان ئانا بىلەن بوۋاق بالا قاپتۇ. ئاپتاپنىڭ تونۇردەك ئىسسىقىدا بۇ كېسەلچان ئانا هېرىپ ـ چارچاپ تۇيۇقسىز ماغدۇرسىزلىنىپ هوشىدىن كەتكەنىكەن.

ئەخمەتجان دەرۋازىدىن ئېتىلىپ كىرگەن پېتى ئەينەك ساندۇقنى يەرگە قويۇپتۇ ـ دە، بالىنى بۆشۈكتىن يېشىۋاپتۇ ۋە سالقىنراق جايغا ئاۋايلاپ ياتقۇزۇپ، ئانىنى يۆلەشتۇرۇپتۇ. ئانىنىڭمۇ ئاغزى قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەنىكەن. ئەخمەتجان ئەتراپىغا قارىسا يا چېلەك، يا چۆگۈن كۆرۈنمەپتۇ، كىگىز تۆپىسىدە ئىچىدىكى شاما قۇرۇپ بولغان، قاداق چۇشۇپ كەتكەن كونا چەينەكتىن باشقا سۇ ئالغۇدەك هېچ نەرسە كۆرۈنمەپتۇ. ئەپەندىم ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆيگە كىرسە، بىر پارچە يىرتىق بورا بىلەن ئەسكى كىگىزدىن باشقا هېچ نەرسە يوق، قازان بېشىدا بىر پۇچۇق تەڭنە، ئۇنىڭ يېنىدا ئاغزى سۇنۇق بىر قاپاق تۇرۇپتۇ. ئەخمەتجان دەرهال قاپاقنى ئېلىپ، تالاغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ، ئالدىراشچىلىقتا ئەينەك ساندۇقنى پۇتلىشىپ ئۇنى ئۆرۈۋېتىپتۇ.

ئەخمەتجان سايدىكى بۇلاقتىن بىر قاپاق سۇ ئاپتۇ ـ دە، كەينىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ گېلى قۇرۇپ، يىغلاپ ئۈنى پۈتۈپ كەتكەن بىچارە بوۋاقنىڭ ئاغزىغا بۇلاق سۈيىنى تېمىتقانىكەن، بوۋاق كۆزىنى پاللىدە ئېچىپ، راھەتلىنىپ كالپۇكلىرىنى تامشىپ، پۇت ـ قوللىرىنى مىدىرلىتىپ، جېنى ئارام تاپقاندەك هۇزۇرلىنىپ، شۇ هامان يىغىدىن توختاپتۇ. كەينىدىن ئەخمەتجان هوشسىز ياتقان ئانىنىڭ ئاغزىغا مۇزدەك بۇلاق سۈيى تېمىتقانىكەن، ئانا راھەتلەنگىنىدىن هوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئې-

چىپتۇ. قارىسا يىپىدا ئۇستىگە ياماق چۈشكەن كونا كىيىم كىيگەن ناتونۇش بىر يىگىت كۆلۈمسىرەپ تۇرغۇدەك. بىچارە ئانا ھاياجانلانغانلىقىدىن بوۋاقنى باغرىغا بېسىپ شۇنچىلىك ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىپتۇكى، ئۇنىڭ مۇڭ - زارىنى ئاچ - يالىڭاچ كۈن كەچۈرۈۋاتقان كەمبەغەللەرنىڭ زالىم، قانخور ھۆكۈمەت ئۇستىدىن قىلغان شىكايىتى دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ.

كەمبەغەل، كېسەلچان ئانا تەسلىكتە ئەس - ھوشىنى يىغىپ، بوۋدىقىنىڭ زاكىسىنى يۆتكەپ بولۇپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىسا، ھېلىقى كىشى ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغانىكەن. ئەسلىدە ئەخمەتجان ئانا - بالا ئىككىسىنىڭ ھوشىغا كەلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ساندۇق ئۆرۈلگەندە سۇنۇپ كەتكەن ئەينەك پارچىلىرىنى ھويلىنىڭ بۇرجىكىدىكى ئەخلەت دۆۋىسىگە تۆكۈۋېتىپتۇ - دە، ئۇن - تىن چىقارماي يولىغا راۋان بوپتۇ. ئەپەندىم بۇگۈن يەنە كىچىك دادىسىدىن تىل ئاڭلايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن قىلغان ئىشىدىن بىر خىل رازىمەنلىك تۇيغۇسىغا چۆمۈلۈپتۇ.

يەنە بىر كۈنى ئەپەندىم ئەينەك ساندۇقىنى ئېسىپ خەنزۇ بازىرى تەرەپكە كېتىۋاتسا، يول چېتىدە «قىلىدىغان ئىش بارما؟... قاندالا ئىش بوسا قولىمىزدىن كېلىدۇ جۇما» دېيىشىپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە تەلمۈرۈپ قارىشىپ تۇرغان بىر نەچچە ياشنى كۆرۈپتۇ. ئەپەندىم ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ باقماقچى بولۇپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۇلارغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئەخمەتجاننى مەدىكار ئىزدەپ چىققان بىرەيلەن بولسا كېرەك، دەپ ھەممەيلەن دۈكۈرلىشىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپتۇ.

— ئەھۋالىڭلار قانداق، يىگىتلەر؟ — دەپتۇ ئەخمەتجان ئۇلارغا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا سالام بېرىپ، — نەدىن كېلىشىڭلار؟ بۇ يەردىكى ئىش - كۈشلىرىڭلار يامان ئەمەستۇ؟

— بىز ئالتە شەدىن چىققان، ئىلىخونىڭ بىر ئېرىقىدا ئالتۇن، بىر ئېرىقىدا كۈمۈش ئاقىدىكەن، دەپ ئاڭلايتتۇق، كەلگىلى خېلى كۈن بولدى، ئىش تاپالمىدۇق، ئۆزۈڭلا مۇشۇ يەرلىك ئوخشىمامسىلە، ئىش - پىش بولسا بىزنى باشلاڭلا ئۇنداق قىلماي؟ — دەپتۇ بۇغداي ئۆڭ، ئوتتۇرا بويلۇق بىرى.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىشلەمچى، ئەينەكچىلىك قىلىمەن، — دەپتۇ ئەخمەتجان ئۇلارغا.

— بىز بۇ يەردە ئوبدانراق كۆرەرمىز دەپ كەلسەك، ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ئىكەن ئەمەسما، — دەپتۇ يەنە بىرى گەپكە قوشۇلۇپ.

— ھەممە گەپ زامانغا، ھۆكۈمەت ئۈستىدىكىلەرنىڭ ئىنسابىغا باغلىق، — دەپتۇ ئەخمەتجان جاراڭلىق ئاۋازدا، — قاتتىقچىلىق راست، لېكىن جان باقماي بولمايدۇ، ئۆزىمىزدە بىرلىك، ئىتتىپاقلىق بولسىلا ئىشمۇ، باشقىسىمۇ تېپىلىدۇ دەڭلا.

بۇلارنىڭ گېپى تۈگىمەيلا نېرىدا تۇرغان بىر توپ ئادەم جېدەللىشىپ كېتىپتۇ، ئەخمەتجان قارىسا ھېلىلا تېخى يېنىدا پاراڭلىشىپ تۇرغان ئالتە شەھەرلىك يىگىت بىردەمنىڭ ئىچىدە يەرلىك يىگىتلەر بىلەن تۇتۇشۇپ قاپتۇ. يەرلىك باللار ئالتە شەھەردىن چىققانلار بىزنىڭ ئېشىدىمىزغا توپا چاچتى دەپ ئۇلار بىلەن گەپ تەرگىشىپ سوقۇشۇۋاتقانىكەن. بايىقى يىگىت ئالتە شەھەردىن چىققانلار ئىچىدىكى ئەمەت نوچى ئاتلىق 30 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى بىرەيلەن بولۇپ، ھەش - پەش دېگۈچە يەرلىك يىگىتلەردىن ئىككىسىنى ئۇرۇپ تىك موللاق چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. بۇلارنىڭ مۇشتلىشىۋاتقانلىقىنى تاماشا قىلىپ تۇرغانلار چاۋاك چېلىشىپ، «ھە، ئۇرە، سالە» دەپ سۈرەن سېلىشىپتۇ. ئەمەت نوچى ئۆزىچە ناھايىتى مەردلىك قىلىپ، يەردە سۇنايلىنىپ ياتقانلارنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ مەسخىرە قىلغان تەلەپپۇزدا:

— ماڭە ۋاي، مەن بىلەن مۇشتلىشىمەن دېگۈچە ئۆيۈڭگە بېرىپ بالاڭنى باقە! — دەپ ئۇنى مەيداندىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىپتۇ ھەمدە خالايىققا قاراپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ، — قېنى نوچى بولساڭ چىدقىشە، تۇمەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان ئوغال بالا بىز جۇما! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئەخمەتجان بۇ ھالەتنى كۆرۈپ چىدىماي ئاجرىتىۋالاي دەپ بارسا، تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلار ئۇنى ئىتتىرىپ بىر چەتكە چىقىرىۋېتىپتۇ.

ئىككى كۈندىن كېيىن، ئەپەندىم ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئەينەك سېلىپ ھېرىپ كەتكەچكە، لەڭزە بېشىدا يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ ئازراق سەگىدەپ ئارام ئالماقچى بوپتۇ.

لەڭزە بېشى بۈك - باراقسان دەل - دەرەخلەر بىلەن پۈركەلگەن، بۇلاق سۈلىرى بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ مەنزىرىلىك جاي ئىدى. بۇ يەردە «ھېكىم ئۆستەڭ» بىلەن تېرەكمازار، ئايدۆڭ مەھەللىلىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان «شاغىلىق ئۆستەڭ» شارقىراپ ئېقىپ تۇراتتى.

يازنىڭ تىنچىق كۇنلىرى شەھەردىن نۇرغۇن ئادەم بۇ يەرگە ئارام ئېلىش ئۈچۈن كېلەتتى. لەڭزە بېشىدىكى بۇككىدە دەرەخزارلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ياپپېشىل چىملىق ئۆي ـ ماكانسىزلارنىڭ تۇنەيدىغان ماكانى، چېنىلىشىدىغانلار پالۋانلىق تالىشىدىغان، ئىشسىزلار ئىچ پۇشۇقىنى، ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان مەيدان ئىدى.

ئەخمەتجان يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ بولۇپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىسا، ھېلىقى ئەمەت نوچى دېگەننى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا خەنزۇ بازىرىدا تاياق يېگەن ئىككىيلەن ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆرۈپ ياتقۇزۇۋېتىپتۇ. ئەخمەتجان بۇ چىدىماسلىقنى كۆرۈپ «قولۇڭنى تارت» دېگىنىچە، قولىدىكى ئەينەك ساندۇقىنى تاشلاپ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ. تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلاردىن بىرنەچچىسى مۇشتۇملىرىنى تۈگۈشۈپ «نېمە كالىڭ، يوقال، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن» دەپ ھومىيىشىپتۇ.

ئەخمەتجان تەمتىرىمەي سۆز ئېچىپتۇ:

— نېمىشقا كەمبەغەللەر كەمبەغەللەر بىلەن مۇشتلىشىپ يۈرۈشىسىلەر، مۇشۇمۇ قىلىقمۇ؟

ئەپەندىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ دېگۈدەك ۋارقىرىشىپتۇ:

— نېمە بولاتتى، ئىش تالىشىپ بولۇۋاتقان ئىش بولمامدۇ.

ئەخمەتجان ئۇلارغا كەمبەغەللەرنىڭ سەن جەنۇبلۇق، مەن شىماللىق دەپ ئايرىماي، ئىتتىپاقلىشىپ بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى قايىل قىلارلىق سۆز ـ جۈملىلەر بىلەن چۈشەندۈرۈپ:

— بىز ھەممىمىز بىر قېرىنداشمىز، نېمە ئۈچۈن بۇ كۇندە بىر ـ بىرىمىزگە مۇشت ئاتىمىز، — دەپتۇ سەممىيلىك بىلەن، — يۈرۈڭلار، بىر يەرنى تېپىپ چاي ئىچكەچ پاراڭلىشايلى!

ھەممەيلەن «ئەينەكچى»نىڭ بۇ گېپىدىن ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ: «بۇ ‹ئەينەكچى› جېدەللىشىدىغان نوچىلارغىمۇ، ھۆكۈمەت تىڭتىڭلاشقا چىقارغان ‹ماشكىلار› غىمۇ ئوخشاشمايدا!» دېيىشىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

— ۋاي ـ ۋۇي، تېخى مېھمان قىلىمەن دېگىنىنى قارا بۇنىڭ، قورساقمۇ ئوبدانلا پېڭزىلدىغىلى تۇردى، — دەپتۇ ئەمەت نوچى يۈز ـ كۆزىدىكى قانلارنى ئېرىقتا يۇيغاچ ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشـ

مەي، ــ بوپتۇ ئەمىسە، تۇزۇت قىلمىدۇق.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەمەت نوچىنىڭ بايىقى «رەقىب»لىرىمۇ پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

ئەخمەتجان ئۇلارنى بىر ئاشپۇزۇلغا باشلاپ كىرىپ، لەڭمەن بۇيرۇتۇپتۇ، ئالدىغا ئىسسىق چاي قويۇپتۇ. تەسىرلەنگەن ئەمەت نوچى ئۆزىنىڭ قەشقەر تېجەندىن (ئۇ چاغدا تېجەن قەشقەرگە قاراشلىق ــ ئاپتور) بولۇپ، ئەلەمگە چىدىماي، ئىلاجسىزلىقتىن يۇرتىنى تاشلاپ، جان بېقىش ئۈچۈن تاغ ئاتلاپ بۇ يۇرتقا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

ــ سىڭىلدەك، مىڭىلدەك جاپاكەش كەمبەغەللەرنىڭ يەلكىسىگە مىنىۋېلىپ بوزەك قىلىۋاتقان نائىنسابلارنى يىقىتمىغۇچە قەددىمىزنى رۇسلىيالمايمىز، ــ دەپتۇ ئەخمەتجان پەس ئاۋازدا، ــ ئۇلار يوقالمايدىكەن، بىزگىمۇ ياخشىلىق يوق.

ــ ۋاھ، ئەجەب كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى قىلىسەنا، ــ دەپ يېقىنچىلىق بىلەن سەنلەپلا سۆزلەپ كېتىپتۇ ئەمەت نوچى، ــ سەن مېنىڭدىن ياشتەك قىلىسەن، سېنى «ئۇكا» دېسەم كۆڭلۈڭگە كەلمەس ـ ھە!... سەن مېنى قانداق ئادەمسەن دېسەڭ، مەن دېگەن ھەقىقەتنىڭ مۇشتۇمى! شۇ ھەقىقەتنى ئىزدەپ تاغ ئارقىسىغا چىققانىدىم، بۇ يەردىمۇ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ئىكەن!

ئەمەت ئىچىگە پاتماي قالغان دەردلىرىنى تۆككىلى تۇرۇپتۇ، ئەسلىدە ئۇ يېرىگە سۇ بەرمەي زورلۇق قىلغان باينى ئۇرۇپ قويۇپ، يۇرتىدا تۇرالماي ئىلىغا قېچىپ چىققانىكەن، يۇرتىدا قېرى ئانىسى قالغانىكەن.

ــ مانا شېڭ دۇبەننىڭ، باي ـ غوجاملارنىڭ سىڭىلدەك، مىڭىلدەك نامراتلارنى بوزەك قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز ـ يۇ، كۈچىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇلارنىڭ دەككىسىنى بەرمەي، نېمىشقا بىر ـ بىرىمىز بىلەن مۇشتلىشىپ يۈرىمىز؟

ــ گېپىڭىزنىڭ جېنى بار، ئۇكا! ــ دېيىشىپتۇ قالغانلار.

ــ يۈرىكىمدە قىساس ئوتى قايناۋاتىدۇ، ــ دەپتۇ ئەمەت نوچى غەزىپىنى ئىچىگە پاتقۇزالماي، ــ شۇڭا زوتالىق قىلغان نوچىلارنى ئۇرسام خۇمارىم چىقىدۇ دېگىنە!

ــ ياق، ئەمەت ئاكا، ــ دەپتۇ ئەخمەتجان قەتئىي ھالدا، ــ ساڭا ئوخشاش يالغۇز ئادەمنىڭ كۈچى نېمىگە يېتىدۇ، كۈچ ـ غەيرىتىڭنى خارلىنىۋاتقان قېرىنداشلىرىڭنى قۇتۇلدۇرۇشقا سەرپ قىل! مانا بۇ سەن

ئىزدىگەن، سەن قوغلاشقان ھەقىقەت. ھەممىمىز بىرلىشىشىمىز كېرەك. كۆزىمىزنى باغلىغان قاراڭغۇلۇق — جاھالەت قاراڭغۇلۇقى، غەپلەت قاراڭغۇلۇقى، سەن ۋە ماڭا ئوخشاش ماڭىدىغان يولنى تاپالمايۋاتقانلار ئەمدى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىشىمىز، قەددىمىزنى رۇسلىشىمىز، ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىمىز، ئەركىنلىكىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم!

ئەخمەتجان گەپ ئارىسىدا ئەمەت نوچىنىڭ قولىنى تۇتۇپ قارشى تەرەپتىكى يىگىت بىلەن قول ئېلىشتۇرۇپتۇ.

— ھەي، ئۇكا، ئىلگىرى مەن ئاڭلاپ باقمىغان غەلىتە گەپلەرنى قىلىسەنغۇ، دىلىم يورۇپ كېتىۋاتىدۇ، سۆزلىگىنە، ئۇكا، دىلىم تېخىمۇ يورۇسۇن مېنىڭ!

ئۇلار تاماقنى يەپ، ئىككى چەينەك چاي ئىچىلىپ بولغۇچە قانغۇچە پاراڭلىشىپتۇ. ئۆزئارا يۈرەك سۆزلىرىنى ئىزھار قىلىشىپ ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قاپتۇ ھەم شۇنىڭدىن كېيىن بىر - بىرىنى پات - پات ئىزدىشىپ، پەس ئاۋازدا سىرلىق مۇڭدىشىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى ئەخمەتجان ئەينەك سېلىپ يۈرۈپ زايومكىغا كېلىپ قاپتۇ. كىشىلەر دەريا بويىدىكى بۇ مەنزىرىلىك جايغا كېلىشكە ئامراق ئىدى. شارىلداپ ئېقىۋاتقان ئېرىقتىكى سۈپسۈزۈك سۇ دەرياغا قۇيۇلاتتى. بۈك - باراقسان ئورمانزار، يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان كاككۇك ئاۋازى كىشىنى ئاجايىپ ھۇزۇرلاندۇراتتى. بۇ — جاھاندارچىلىق قىلىپ چارچىغان ئادەملەر بىر يەرگە جەم بولۇپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان ئوبدان جاي ئىدى. بۇ كۈنىمۇ بۇ يەردە بىر توپ كىشىلەر يىغىلىپ، دۇتار چېلىشىپ ئولتۇرغانىكەن.

ئەخمەتجان ناخشا ساداسىغا شەيدا بولغان ھالدا بىر دەسسەپ - ئىككى دەسسەپ بۇ يەرگە كەپتۇ. ئەپەندىمنىڭ قوشنىسى، ياش قۇرامى ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ناخشىچى ئابدۇۋەلى جارۇللا ئەخمەتجاننى كۆرۈپ قاپتۇدە، دەرھال يېنىغا چاقىرىپ، سورۇندىكىلەرگە تونۇشتۇرۇپتۇ:

— ھۆرمەتلىك داستىخان ئەھلى، بۇ ئاغىنىمىز بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئەينەكچى، ھېلىقى تۇگەپ كەتكەن ئۇستازىمىز نادىركامنىڭ ئوغلى بولىدۇ. يېقىندا سوۋېتتىن قايتىپ كېلىپ ناسىركاملارنىڭكىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

ئەخمەتجان ئولتۇرغانلارغا ھۆرمەت بىلەن سالام قىلىپ دەپتۇ:

— ھۆرمەتلىك سورۇن ئەھلى، تەقدىر - پېشانە ئەمدى مېنى مانا مۇشۇ كىنىدىك قېنىم تۆكۈلگەن يۇرتۇمغا قايتۇرۇپ كەلدى، ھەرقاي - سىڭلارنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى مېنى يېنىڭلارغا ئىختىيارسىز ئېلىپ كەلدى، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئاراڭلارغا قېتىۋالساڭلار، ھەرقايسىڭلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتسەم دەيمەن!

نادىركامنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان چوڭ ئاقساقالنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، قولىدىكى دۇتارىنىمۇ بىر يانغا قويۇپ قويۇپ، ھەسرەت ئىچىدە سۆزلەپ كېتىپتۇ:

— بىز ئۇستازىمىز نادىرئاخۇننى ھەرگىز ئېسىمىزدىن چىقىرىۋې - تەلمەيمىز، بار بولغان قانچە ياخشى بولاتتى - ھە، سېنىڭ داداڭ بايلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ، قەستكە ئۇچراپ كەتتى. بۇ نېمىدېگەن تەڭسىز دۇنيا - ھە!

ئولتۇرغانلار كۆڭلى يېرىم بولۇپ جىمىپ كېتىپتۇ، سورۇننىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن كىمدۇر بىرى چاقچاقنى باشلىۋېتىپتۇ:

— ھوي بالا، ھوي، داداڭغۇ سازەندىكەن، سەن ئۆزۈڭ ئەينەك سې - لىپ يۈرۈپسەن! باشقا چۈشكەن ئېغىر كۈننى ئاز دەپ، ئەينىكىڭنى پار - قىرىتىپ يەنە باشقا كۈن چۈشۈرەي دەمسەن نېمە؟ نوچى بولساڭ ئەينە - كىڭ بىلەن قاراڭغۇ جاھاننى يورۇتۇپ باقە!

پاراقلىغان كۈلكە ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئاپتۇ.

— ۋاي - ۋۇي، مانىڭ گېپىنى قارا، قايسىبىر ئەۋلىيا بۇ قاراڭغۇ جاھاننى يورۇتالىغان؟ — دەپتۇ داڭلىق تەمبۇرچى جامى ئاكا ئاغزىدىن موخوركا ئىسىنى پۇرقىرىتىپ پۈۋلىگىنىچە.

ياماق كۆڭلەك كىيىۋالغان، يالاڭ ئاياغ ئەخمەتجان مۇرىسىدىكى ئەي - نەك ساندۇقىنى ئاستا بىر ياققا قويۇپتۇ - دە، قەتئىي ئىشەنچ بىلەن جا - ۋاب بېرىپتۇ:

— جاھان يورۇيدۇ، ئاكا، خۇدانىڭ بىر كۈنى ھەممەيلەن بىر يەرگە ئولىشىدىغانلا بولساق، بۇ جاھان يورۇماي قالماس، قانداق دەيسىلەر؟ ئوتتۇز كۈن روزىنىڭ ئەتىسى بىر ھېيت دېگەن گەپ بار، بىر كۈنى بول - مىسا بىر كۈنى جاھانمۇ، كۆڭۈلمۇ يورۇر!

بىر ياقىدا ئولتۇرغان زىكرى ئەلپەتتا دەرھال يۈگۈرۈپ قوپۇپ، ئۇستازىنىڭ بالىسى بىلەن بىر سورۇندا بولغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ ئەخمەتجاننى داستىخانغا تارتىپتۇ.

كۆرۈنمەس بىسىم ئىچىدە ئۆزلىرىنى خۇشال قىلىشىپ ئولتۇرۇشقان سورۇن ئەھلى ئېغىر كۈنلەرنى ئۇنتۇغاندەك قىلىشىپ، قوللىرىغا باشقىدىن دۇتار، تەمبۇرنى ئېلىپ مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى باشلاپتۇ. ئۇلار بۇ جاھالەتلىك زاماننىڭ گۇمران بولۇپ، پارلاق قۇياش نۇرىغا چۆمىدىغان كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىشىدۇ - ھە!

ناخشا باشلىنىشىغا، ئابدۇۋەلى جارۇللا ئەخمەتجاننى يېنىغا تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ - دە، يېنىدىكى زىكرى ئەلپەتتانىڭ چالغان دۇتارىغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا باشلاپتۇ. ناخشا ئاۋازى بۇك ئورمانلىقتىن يىراق - يىراقلارغا تارقىلىپتۇ:

سادىرمەنۇ سادىرمەن،
سادىر بولماي كىمدۇرمەن.
تاغ يولىنى سورىساڭ،
بىرنى قويماي بىلۇرمەن.

يامۇلدا تولا ياتىپ،
ساچىم بىر قۇچاق بولدى.
مەن يامۇلنى تەشكەندە،
قوۋۇرغا پىچاق بولدى.

يامۇلنىڭ ياغاچلارى،
ئېگىز قارىغاي چەنزە.
يامۇلنى تېشىپ چىققان،
سادىر ئۆزى خوخەنزە.

ئەخمەتجان شۇ كۈنلەردە ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى ئويغىتىدىغان پائالىيەتلەرنى ئاستىرتىن ئېلىپ بېرىۋاتاتتى، ئۇنىڭغا كېرىكى تېخىمۇ كۆپلىگەن ئىشچى - دېھقان قېرىنداشلار بىلەن ئۇچرىشىش ئىدى. ئەمدى بولسا ئىشچىلار ئاممىسى بولغان كۆمۈر خاڭچىلىرى ئارىسىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ ئېڭىنى ئويغاتماقچى، ئۇلارنى قوزغاتماقچى.

غۇلجىدا كان بايلىقلىرى ئىنتايىن مول، بولۇپمۇ كۆمۈرى ناھايىتى داڭلىق. غۇلجىنىڭ پىلىچى، گاڭگۇل دېگەن خاڭلىرىدىن چىقىدىغان كۆمۈرنىڭ سۈپىتى ياخشى، ئىسى ئاز، ئاسان تۇتىشىدۇ، ئوتى ئاسان

ئۆچمەيدۇ. بۇ خاڭلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچىلار يەرلىك ئادەملەردىن سىرت، ھەرقايسى يۇرتلاردىن كەلگەن كەمبەغەللەردىن تەركىب تاپقان. بۇ ئېزىلگۈچى ئىشچىلار ئەڭ ناچار ئەمگەك شارائىتىدا نەچچە يۈز مېتىر يەر ئاستىدىن جوتۇ، مېتىن بىلەن كۆمۈر قازىدۇ، سېۋەت ـ سېۋەتكە سېلىنغان كۆمۈرنى ئاتقا چىغرىق سۆرىتىپ يەر ئۈستىگە تارتىپ چىقىدۇ. ناۋادا خاڭدا گاز پارتلاپ كېتىدىغان بولسا، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شارائىت ناچار بولغاچقا، خاڭدا ئادەم ئۆلۈش ئىشى پات ـ پات كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. خاڭنىڭ غوجايىنى بولسا ئىشچىلارنى ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي ئىشلىتىدۇ ـ يۇ، ئەمما ئۆلارغا ناھايىتى ئاز ھەق بېرىدۇ. بۇ نائىنسابلار ئىشچىلارنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە كەيىپ ـ ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، خاڭ ئىشچىلىرى يىل بويى ئىشلەپ تاپقان پۇلىغا قورسىقىنىمۇ تويدۇرالمايدۇ، خاڭ غوجايىنىدىن پۇل قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، خاڭ غوجايىنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جازانىخورلۇق قىلىدۇ، تاۋۇكا قۇرۇپ قىمارغا تەشكىللەپ، ئۆزى چوتار ئالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خاڭ ئىشچىلىرى مىڭبىر جاپادا تاپقان پۇلنى ئۇتتۇرۇۋەتكەنلىكى ئۈستىگە، گەدىنىگىچە قەرزگە بوغۇلىدۇ ـ دە، خاڭدىن زادىلا كېتەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئەمدى ئەخمەتجان ئەينەك ساندۇقىنى ۋاقتىنچە قويۇپ، خاڭ ئىشچىلىرى ئارىسىغا بارماقچى، لېكىن ئۇلار بىلەن قانداق باھانە تېپىپ ئۇچرىشىش كېرەك؟

ئۆيدە قالايدىغان كۆمۈر ئاز قالغانىدى، بۇ ھال ئەخمەتجانغا بىر ياخشى پۇرسەت بولدى، ئۆيگە كۆمۈر ئەكېلەي دېگەننى باھانە قىلىپ، خاڭ ئىشچىلىرى ئارىسىغا بېرىشقا بولىدۇ ـ دە!

بىر كۈنى ناسىركام ئەخمەتجاننى ئېلىپ بىزنىڭ ئۆيگە كەپتۇ، چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ھارۋا سوراپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ناسىركام:

— ئاۋاكرىكا، ماۋۇ بالا بىر ئات ھارۋىسى تېپىپ بەرسەڭ، كۆمۈر چىلىك قىلسام دەپ كېتىۋاتىدۇ، خاڭدىن كۆمۈر توشۇغاچ ئىككى ئۆيگە قىشتا يەتكۇدەك كۆمۈر ئەكەلسە، ھارۋاڭنى بېرىپ تۇرالارسەنمۇ؟

— سەن ئېغىز ئاچقاندىن كېيىن يەنە نېمە دېيەلەيتتىم، — دېدى دادام ئېتى بىلەن ھارۋىسىنى بېرىپ تۇرۇشقا كۆڭلى ئانچە ئۇنىمىسىمۇ.

دادامنىڭ ئىلكىدە بار ـ يوقى مۇشۇ بىر ئات بىلەن ھارۋىسى ئىدى، ئېتىغا بەك ئامراق ئىدى. گەپتىن كېيىن دادام ئاتنى ھاردۇرۇپ قويماس ـ

لىقنى قايتا ـ قايتا جېكىلىدى. ئاخىردا ئەخمەتجانغا ئاتنى ئوبدان ئاسراپ، تولا قامچىلىماسلىقنى، ھارۋىنى كاتاڭغا چۈشۈرۈۋەتمەسلىكنى تاپىلىدى ـ دە، ھارۋىنى قېتىپ قامچىنى تۇتقۇزدى.

ئەخمەتجان شۇ كۈندىن باشلاپ ھارۋا ھەيدەپ پىلىچى خاڭ بىلەن غۇلجا شەھىرى ئارىلىقىدا كۆمۈرچىلىك قىلىشقا باشلىدى. پات ـ پات بىزنىڭ ئۆيگە بىرەر پارچە كۆمۈر تاشلاپ قوياتتى. ئەخمەتجان مانا مۇشۇنداق كۆمۈرچىلىك قىلىش جەريانىدا پىلىچى خاڭدىكى ئىشچىلارغا ئەتەي يېقىنلىشىپ، بارا ـ بارا تونۇشۇپ، بەزىدە ئۇلار «بۇ دورەم كەلگىنىڭدە ئالغاچ كەلسەڭ» دەپ بۇيرۇغان موخوركا، سەرەڭگە، قەنت، ناۋات قاتارلىق نەرسىلەرنى بازاردىن يەتكۈزۈپ بېرىپ يۈرۈپ، ئۇلار بىلەن تېزلا چىقىشىپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى ئەخمەتجان خاڭغا چىقىشىغا، خاڭ تېگىدە ئادەم ئۆلۈش ۋەقەسىنىڭ سادىر بولغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ، ئەمما خاڭ غوجايىنى كارى بولماي، بىلمەسكە سېلىپ ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەنىكەن. ئەتراپتىكى ئامما ۋە قازا قىلغۇچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئامالسىز يىغا ـ زار قىلىشىپ تۇرغانىكەن. ئەخمەتجان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چۈشۈپتۇ ـ دە، ئامما بىلەن خاڭ ئىشچىلىرىنى باشلاپ خاڭ غوجايىنىنى ئىزدەپ تېپىپتۇ، ئۇنىڭغا ئەگەر قازا قىلغۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى، ئاخىرەتلىك ئىشلىرى، يارىلانغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرمىسا، دەرھال ئىش تاشلايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

خاڭ غوجايىنى بىلەن خاڭ ئىشچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بىر كۈن داۋاملىشىپتۇ.

ئەخمەتجان شۇ كۈنى كەچتە خاڭ ئىشچىلىرىنىڭ ياتىقىغا بېرىپ، ئۇلارغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى خاڭ ئىشچىلىرىنىڭ ئەمگەك ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش روھىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ يەنە ھەرقايسى ئەللەردە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى ۋە زۇلۇمغا، ئېزىشكە قارشى قوزغالغان نامايىش، ئىش تاشلاش ئەھۋاللىرىنى جۇشقۇن كەيپىيات ئىچىدە ئوبرازلىق سۆزلەپ بېرىپتۇ. خاڭ ئىشچىلىرى بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇنداق ئىشلارنى، چوڭقۇر مەنىلىك ھېكايىلەرنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان بولغاچقا، ئىش تاشلاشنىڭ قانداق كۈرەش شەكلى ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟ مانا ئەمدى خاڭ ئىشچىلىرىنىڭ كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ، قەلبىـ

ـدە كەلگۈسىگە بولغان يېڭى ئۈمىدلەر تۇغۇلۇپتۇ.
غەزەپ ئىچىدە كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىغان خاڭ ئىشچىلىرى ئەتـ ـسى ئىش تاشلاپتۇ! ئۇلار خاڭ غوجايىنىغا قازا قىلغان ئىشچىلارنى دەپنە قىلىش، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش، ئائىلە ـ سىدىكىلەرگە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش قاتارلىق شەرتلەرنى قويۇپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈپ بېرىش، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش قاتارلىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. خاڭ غوجايىنى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قورقىنىدىن ئۇلارنىڭ شەرتىگە ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئەمما، بۇ مەلئۇن ساقچى ئىدارـ ـسىگە بىر كۆمۈر توشۇيدىغان ھارۋىكەش كېلىپ، خاڭ ئىشچىلىرىنى جېدەل چىقىرىشقا كۈشكۈرتتى دەپ دەرھال مەلۇم قىپتۇ.
شۇنداق قىلىپ خاڭ ئىشچىلىرى ئەخمەتجاننىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئېلىپ بارغان بىرىنچى قېتىملىق كۈرەشتە غەلىبىگە ئېرىشىپتۇ. غەلـ ـبە مېۋىسىنىڭ تەمىنى تۇنجى قېتىم تېتىغان ئىشچىلار خۇشاللىقتا ئاق ـ تۆپىنىڭ دۆڭلىرىگە قاراپ قوشاق قوشۇپتۇ:

تاغنىڭ باغرى يېشىل بولسا ــــ يازغا تەۋە،
پوسما تېشىدىن باش قاشلىغان ــــ تازغا تەۋە،
ۋىجدانىنى بايغا ساتقان ــــ مازغا تەۋە!



ئەخمەتجان مەيلى كۆمۈر توشۇسۇن، مەيلى ئەينەكچىلىك قىلسۇن، ھەر دائىم ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە پۇرسەت ئىزدەيتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئىشچىلار سىنىپى بىلەن ئۇچرىشىش مۇددـ ـئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. چۈنكى، ئىشچىلار ئىنقىلابنىڭ تايانچ كۈچى ـ دە! خاڭدىكى كۈرەشتە ئېرىشكەن غەلىبە ئەپەندىمنىڭ ئىشەنچىنى تېخـ ـمۇ ئاشۇرۇۋېتتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ غۇلجا شەھىرىدىكى ئۇچەدەرۋازا مەھەلـ ـلىسىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان ھۆسەنباي تېرە زاۋۇتىغا بېرىپ، بۇ يەردىكى ئىشچىلار بىلەن ئۇچراشماقچى بوپتۇ.
ئىلى تېرە زاۋۇتى ــــ 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا تەرەققىيپەرۋەر سو ـ دىگەر ھۆسەنباي گېرمانىيەدىن ماشىنا ـ ئۈسكۈنە كىرگۈزۈپ قۇرغان زاۋۇت. ئىلى بولسا چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان رايون، بۇ يەردىن كالا، قوي تېرىسى كۆپ چىقىدۇ، مول خام ئەشيا مەنبەسى بار. بۇ زاۋۇتنىڭ

كۆلىمى چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ بويىچە زامانىۋى ئۈسكۈنىلىك سانائەت كارخانىسى ھېسابلىناتتى. زاۋۇتنىڭ ئىشچىلىرى ۋاقتى ـ سائىتىدە تەڭ ئىشقا چىقىپ، تەڭ ئىشتىن چۈشۈش تۈزۈمى بىلەن ئىشلەيدىغان بولغاچقا، بىر ـ بىرىگە چىڭ باغلانغان كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرگەن. شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى شارائىتىدا ئىلى ھۆسەنباي تېرە زاۋۇتى ئىشچىلار زىچ توپلانغان، ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئورۇن ھېسابلىناتتى.

ئەخمەتجان بۇ زاۋۇتنى ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تازا باب كېلىدىغان ئورۇن دەپ تونۇپتۇ. ئۇ موسكۋادا ئوقۇغان چاغلىرىدا ماركس ۋە لېنىننىڭ ئەسەرلىرىدىن ئىشچىلار سىنىپى ئىنقىلابىنىڭ ئاۋانگارت كۈچى دەپ تەلىم ئالغان، شۇڭا ئۇ ئىشچىلار سىنىپىنى قوزغاش ۋە ئۇلارغا تايىنىش ئىرادىسىنى بۇرۇنلا تىكلىگەنىدى.

شۇ كۈنلەردە بۇ «ئەينەكچى» ھۆسەنباي تېرە زاۋۇتىدا پات ـ پاتلا پەيدا بولىدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى «ئەينەكچى» ھۆسەنباي تېرە زاۋۇتىنىڭ سىرتىدا ئەينەك قويۇۋاتقاندا، زاۋۇت ئىش بېشىنىڭ ھەسەن ئىسىملىك بىر نامرات ئىشچىنى ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا قاتتىق ئۇرۇپ، باش ـ كۆزىنى قان قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئەتراپتىكى ئىشچىلار شۇنچىلىك غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، بىراق نېمە قىلارىنى بىلمەي، گەپ قىلىشقا پېتىنالماپتۇ. شۇ ئارىدا بىرنەچچە ئىشچى غەزىپىنى باسالماي، ھېلىقى ئىش بېشىنى تازا بىر ئۇرماقچى بوپتۇ. ئەخمەتجان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، «توختا» دېگىنىچە دېرىزىدىن ئىرغىپ چۈشۈپتۇ ـ دە، ئىشچىلارغا يېنىكلىك قىلماسلىق، تۇخۇمنى تاشقا ئۇرماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىپتۇ.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئەخمەتجان تۇيۇقسىز ئىشچىلارنىڭ ياتىقىدا پەيدا بوپتۇ، قارىغۇدەك بولسا ھەسەن ئاكا تاياقنىڭ زەربىسىدىن ھالسىز ياتقانىكەن. ئەخمەتجان قوينىدىن بىرنەچچە سامسا چىقىرىپ ھەسەن ئاكىغا تەڭلەپتۇ. ئىشچىلار كۈندۈزى سىرتتىكى دېرىزىسىگە ئەينەك قويغان ئادەمنىڭ ئەمدى كېچىنى كېچە دېمەي ئۆزى تونۇمايدىغان بىر بىگۇناھ نامرات ئىشچىنى يوقلاپ كەلگەنلىكىدىن قاتتىق ھاياجانلىنىپتۇ. ھەسەن ئاكا تەسىرلەنگەنلىكىدىن كۆزىگە لىق ياش ئاپتۇ، ئەينەكچىگە ئۆزىنىڭ ئۈچ بالىسى ۋە ياشانغان ئانىسى بارلىقىنى، خوتۇنىنىڭ ئاغرىقچان ئىكەنلىكىنى، ئائىلىسىنىڭ ئۆزىنىڭ كۈنبويى ئىشلەپ تاپقان پۇلىغا قا-

راشلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ يىغلاپ كېتىپتۇ ۋە ئەنە شۇ بىرنەچچە تەڭگە پۇلنى دەپ كېچە - كۈندۈز جېنىنى ئۈپرىتىپ ئىشلەپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، بۈگۈن بىكاردىن - بىكارغىلا تاياق يېگەنلىكىدىن نالە قىپتۇ. «كەمبەغەللەرگە باش كۆتۈرۈپ يۈرەلەيدىغان كۈنلەر قاچان كېلەر!...» دېگەن نالىسى ھەممەيلەننى غەزەپلەندۈرۈپتۇ.

ئەخمەتجان بۇ نامرات ئىشچىغا چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلدۈرۈپتۇ ۋە شۇ يەردىكى ئىشچىلارنى ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىقا قارشى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىرىق قىلىپ گەپ ئېچىپتۇ:

— ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار ئىشچىلارنىڭ قان - تەرىنى شوراش بەدىلىگە سەمرىگەن، ئەگەر زاۋۇت ئىشتىن توختايدىغانلا بولسا، ئۇلار ئۆزلۈكىدىن كېلىپ ئىشچىلارغا يېلىنىدۇ.

ئەتىسى ئىشچىلار قولنى قولغا تۇتۇپ، زومىگەر ئىش بېشىنىڭ ئالدىغا گۈلدۈرلەپ كىرىپ كەپتۇ ھەمدە ھەسەن ئاكىنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىنى تۆلەشنى، ئىش ھەققىنى بىر تىيىن قويماي تولۇق بېرىشنى، ئىش ھەققىنى ئالالمىغان بارلىق ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى تولۇقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئەگەر بۇ تەلەپلەر قاندۇرۇلمايدىكەن، زاۋۇتتىكى ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى پاچاقلاپ تاشلايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەمەلىيەتتە زاۋۇتتىكى بۇ ئىشلاردىن تازا خەۋىرى يوق زاۋۇت غوجايىنى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ھامان دەررۇ زاۋۇتقا كېلىپ ئىشچىلارنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى قاندۇرۇپتۇ. زومىگەر ئىش بېشىنىمۇ جازالاپتۇ. ئىشچى قېرىنداشلار كۈرەش غەلىبىسىدىن غايەت زور ئىلھام ئېلىپ، ئۈمىد ئىچىدە كۆڭلى ئاجايىپ يايرىشىپتۇ. ئەخمەت ئەپەندىم ئىشچى قېرىنداشلار بىلەن خوشلىشىپ دەرۋازىدىن چىققاندا، ھەممەيلەن ئۇنى ئورىۋېلىپ قويۇپ بەرگۈسى كەلمەپتۇ، ئەپەندىم ئۇلارغا قول ئىشارىتى ئارقىلىق ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ھازىرچە يەنىلا ئەينەكچىلىك قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىپ ئاشۇلارغا ئوخشاش ئىشچى بولۇپ، بىللە كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن زاۋۇت ئىشچىلىرى ئەپەندىمنى ئۆزلىرىنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىدەك كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ چىڭىتىپتۇ. ئەپەندىم بولسا «بۇ ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان جاي ئىكەن» دېگەن پىكىرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ خاڭ ئىشچىلىرىنى غوجايىنىدىن قان قەرزىنى

قايتۇرۇۋېلىشقا تەشكىللىگەنلىكى، تېرە زاۋۇتى ئىشچىلىرىنى ئىش تاشلاشقا ئۇيۇشتۇرغانلىقى تېزلا شىڭ شىسەيىنىڭ ساقچى ئورگانلىرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ساقچى ئىدارىسى مەخپىي پايلاقچى سېلىپ، ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆزىتىپتۇ ۋە شۇنداقلا بىر باـ ھانە تېپىپ ئۇنى تۇتماقچى بوپتۇ.

ئەخمەتجان كۇندۇزى خەلق ئارىسىدا يۈرسە، ئاخشاملىرى ئوسمانجان ئىككىمىزنىڭ دەرس تەكرارلىشىمىزغا، تاپشۇرۇق ئىشلىشىمىزگە ياردەم بېرەتتى، شۇنداقلا پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى، دۇنيادىكى قىزىقارلىق ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتى، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش مۇھىتى، ئايروپىلان، پويىز ۋە يەنە كوچىلاردا قاتناپ تۇرىدىغان پىكاپلار، ئاپتوبۇسلار، شەھەردىكى ئېگىز ئىمارەتلەر، ئالىي مەكتەپلەر، دوختۇرخانىلار توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگىنىدە، ئىككىـ مىزنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالاتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن سوۋېت ئىتتىپاـ قىدىكى خەلقلەرنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى، باراۋەرلىكى، ئىلىم ـ پەننىڭ راۋاجلانغانلىقىدىن خەۋەردار بولاتتۇق ۋە بىزنىڭ غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈۋاتـ قان بۇ تۇرمۇشىمىز قاچانمۇ تۈگەپ، سوۋېت خەلقىگە ئوخشاش بەختىيار ھايات كەچۈرەرمىز دەپ ئارزۇ قىلىشاتتۇق.

بىر كۈنى ئەپەندىم دەرس ئۆگىتىۋېتىپ مەندىن مەكتەپتىكى مۇـ ئەللىملىرىمىنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى سورىدى. مەن ئوسمان زىيامىنىڭ تەرتىپ ـ ئىنتىزام ۋە ئەخلاقتىن دەرس بېرىدىغانلىقىنى، بىر نەۋرە ھەـ دەم خېلچەبانۇنىڭ (خېلچەم ھەدەم كېيىن جالالىدىن يەھيياروف بىلەن تۇرمۇش قۇردى) قول ئىشى، تازىلىق ۋە سەنئەتتىن، ئەلقەم ئەختەمنىڭ تىل ـ ئەدەبىياتتىن، زاھىر ساۋدانوفنىڭ ھېسابتىن دەرس بېرىدىغانلىـ قىنى ئېيتىپ بەردىم.

بىر كۈنى ئەخمەتجان مېنىڭدىن تۇيۇقسىز «ئىنسان ھوقۇقى دېگەن نېمە؟» دەپ سوراپ قالدى. مەن دۇدۇقلاپ شىڭ شىسەيىنىڭ دەرسلىكلىرىـ دىن ئوقۇۋالغان بىرنېمىلەرنى دەپ ئارانلا جاۋاب بەردىم. لېكىن، ئەپەندىم جاۋابىمدىن قانائەت ھاسىل قىلماي، كەسكىنلىك بىلەن ماڭا قاراپ بېشىـ نى چايقىدى ـ دە، سورىغان سوئالغا ئۆزى ئاددىيلا جاۋاب بەردى:

— ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، ئىنسان ھوقۇقى — پۈتكۈل ئېزىلگۈچى خەلقلەرنىڭ ئازادلىق يولى...

شۇ كۈندىن باشلاپ ئەپەندىم سۆزلەپ بەرگەن ماركسىزم ـ لېنىنـ

نىزم نەزەرىيەلىرى كاللامدا ئاستا ـ ئاستا شەكىللىنىشكە باشلىدى، يورۇق جاھانغا بولغان چۈشەنچەممۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ باردى. نەچچە يىلدىن كېيىن مەن ئۇنىڭ «ئە. ئىلىلىق» تەخەللۇسى بىلەن ئېلان قىلغان «ئادەم ھوقۇقى نىقابى ئاستىدا ئادەم ھوقۇقىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى» (بۇ ماقالە «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ 1949 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان) دېگەن ماقالىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ماقالىدىكى ئاممىباب ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە خەلقئارا ۋەزىيەت بىلەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەزىيىتىنى قايماقتەك يۇغۇرۇپ قىلغان نىشانلىق تەھلىلىدىن چوڭقۇر ساۋاق ئالغانىدىم ۋە ئۇنىڭ بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى مەن چۈشەنمىگەن سوئاللارنى سوراپ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتىم.

ئەپەندىمنىڭ ئاددىي پۇقرا سىياقىدا دولىسىغا ئەينەك ساندۇقىنى ئارتىۋېلىپ تەشۋىق ئېلىپ بارغانلىقى، كۆتەك ھارۋىسىدا كۆمۈر توشۇپ يۈرۈپ خاڭ ئىشچىلىرىنى قارشىلىققا تەشكىللىگەنلىكى، تېرە زاۋۇتىدىكى ئىشچىلارنى ئىش تاشلاشقا ئۇيۇشتۇرغانلىقى، يەنە مەخپىي يوسۇندا ئاممىنى قوزغاپ كۈرەشكە چاقىرغانلىقى شېڭ شىسەي ساقچى دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق دىققىتىنى قوزغاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار يوشۇرۇن قۇلاق قويۇپ، ئەپەندىمنىڭ ئىزىغا مەخپىي چۈشۈش ئارقىلىق، ئاممىنى ئىنقىلاب قىلىشقا سەپەرۋەر قىلغان ئادەمنىڭ دەل شۇ سىرلىق «ئەينەكچى» ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپتۇ.

دەرۋەقە، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، پەرەز قىلغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى.

# 15. تۆرمىدىكى كۈرەش

1943 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەخمەت ئەپەندىم غۇلجىدا قولغا ئېلىندى.
ئەپەندىمنىڭ قولغا ئېلىنىشى شۇ چاغدىكى ئىچكى ـ تاشقى ۋەزى-
يەتتە يۈز بېرىۋاتقان جىددىي ئۆزگىرىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئى-
دى. بۇ مەزگىلدە شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن
بولغان ھەمكارلىقنى ئوچۇق ـ ئاشكارا بۇزۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا،
كوممۇنىستىك پارتىيەگە قارشى چىقتى، كوممۇنىستلار ۋە تەرەققىيپەر-
ۋەرلەرنى قىرغىن قىلىشقا باشلىدى.
1943 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى شېڭ شىسەي جۇڭگو كوم-
مۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق
ئەزالىرىنى ئۈرۈمچىدە قەتلى قىلدى. سان ـ ساناقسىز تەرەققىيپەرۋەر
زاتلار، ئىلغار ياشلار ئۇنىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىدا جېنىدىن جۇدا بول-
دى. ئۆي ئاختۇرۇش، ئادەملەر ئۈن ـ تىنسىز يوقىلىپ كېتىش، قولغا
ئېلىنىش ئەھۋاللىرى ھەممىلا يەردە يۈز بەرگىلى تۇردى. نۇرغۇن ئادەم
سەۋەبسىز تۈرمىگە سولاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. ۋەزىيەتتىكى بۇنداق ئۆز-
گىرىش شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە يامراپ، ئىلى ۋىلايىتىمۇ مۇشۇنداق
ئاق تېررورلۇق ئاستىدا قالدى.
ئەپەندىممۇ بۇ بالايىئاپەتتىن نېرى بولالماي، شېڭ شىسەينىڭ غال-
چىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ زىندانغا تاشلاندى.
1943 ـ يىلى كۈز پەسلىنىڭ بىر ئاخشىمى كىچىك ئاپام پاتەم
بىزنىڭكىگە يۈگۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، باياتىن
ساقچى كىيىمى كىيگەن نەچچە ئادەم ئەخمەتجاننى ساقچى ئىدارىسىگە
بىر بېرىپ كېلىڭ، دەپ چاقىرىپ ئەكېتىپتۇ. ئۆيدە ناسىركام يوق ئى-
كەن، پاتەم كىچىك ئاپام نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاپتۇ.
كېيىن ئاڭلىساق، قازانچىدىكى ئابلەت ئىسمىلىك 40 ياشلار ئۆپ-

چۆرىسىدىكى بىر پايلاقچى ساقچى ئىدارىسىگە «ئەخمەتجان ئەينەكچى قىد-
ياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ھۆكۈمەتكە قارشى پىتنە - ئىغۋا تارقاتتى، ئادەم
تويلاپ ئوت قويرۇقلۇق قىلدى» دەپ خەۋەر يەتكۈزگەنىكەن (ئەل قىساسى
مىنەلھەق دەپ، بۇ ئەبلەخ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن
پارتىزانلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى).

ئەخمەتجان قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلەلمى-
دۇق، ساقچى ئىدارىسىگە، تۈرمىلەرگە بېرىپ ئىزدىدۇق، لېكىن تاپالمى-
دۇق. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىلى ساقچى ئىدارىسىگە قاماپ قويۇل-
غانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق.

ئىلى ساقچى ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسى كۈنچىقىشقا قارايدىغان قارا
تۆمۈر دەرۋازا بولىدىغان. دەرۋازا ئالدىدا ۋە ئۆگزىلەردە سېرىق گەلەپى
شىم - چاپان، قاسقان شەپكە كىيگەن چېرىكلەر كۆزەتچىلىك قىلاتتى.

دەسلەپكى نەچچە كۈندە تۈرمە تەرەپ گەرچە ئەپەندىمنى كۆرسەتمى-
سىمۇ، ئۆيدىن ئاپارغان تاماق، كىيىم - كېچەكلەرنى قوبۇل قىلاتتى،
دېمەك، بۇ ئەپەندىمنىڭ ھايات ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. پاتەم كې-
چەك ئاپام ئوغلى ئوسمانجان بىلەن بىللە ھەر كۈنى دېگۈدەك تۈرمىگە
تاماق توشۇيتتى. بەزىدە گوندىپايلار تاماق ئالماي تۈرۈۋالسا، پاتەم كېچەك
ئاپام يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ مىڭ تەسلىكتە تاماقنى تۈرمىگە كىرگۈزەت-
تى. بەزى كۈنلىرى ئانا - بالا ئىككىسى ئازار يەپ، تىل - ئاھانەت ئاڭلاپ
قايتىپ كېلەتتى.

ئارىدىن ئىككى ئايچە ۋاقىت ئۆتتى، لېكىن ئەخمەتجاننىڭ قويۇپ
بېرىلىدىغان - بېرىلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق خەۋەر يوق.
تۈرمە تەرەپ ھەپتىدە ئاران بىر قېتىم تاماق، كىيىم ئالىدىغان بولۇۋال-
دى، پوزىتسىيەسىمۇ قاتتىقلىششقا باشلىدى.

11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىنىڭ بىر كۈنى ناسىركام بىلەن پاتەم كې-
چەك ئاپامنى ساقچى ئىدارىسىدىن تۇيۇقسىز چاقىرتىپتۇ. ناسىركام بى-
لەن پاتەم كېچەك ئاپام ئىچىۋاتقان چېيىنى تاشلاپ، ساقچى ئىدارىسىگە
قاراپ يۈگۈرۈپتۇ، ساقچى تەرەپ ئۇلارنى ئىككى ساقچىنىڭ نازارىتى
ئاستىدا ئەخمەتجان بىلەن كۆرۈشتۈرۈپتۇ. ئەخمەتجان ئېغىر قىيىن -
قىستاقلارغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ناھايىتى تەمكىن ئىكەن، ئۇنىڭ قىلغان
سۆزلىرى ناسىركام بىلەن پاتەم كېچەك ئاپامنى چۆچۈتۈۋېتىپتۇ:

— كېچەك دادا، كېچەك ئاپا! مېنىڭدىن رازى بولۇڭلار، ئۆزۈڭلەرنى

ئاسراڭلار، ھەرقانداق ئەھۋالدا مەن ۋىجدانىمغا خىلاپ ئىش قىلمايمەن، ئادەمگە ھامىنى بىر ئۆلۈم! بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنى كۆرەلمەيدىغان ئوخشايمەن. غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ ئاپام بىلەن كۆرۈشەلمىدىم، دادامـ نىڭ قەبرىسىنى يوقلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدىم. مۇبادا بۇ قېتىم چىقىپ كېتەلمىسەم، كۆڭلۈڭلەرنى ھەرگىز يېرىم قىلماڭلار، كېيىن ئاپام بىلەن كۆرۈشكۈدەك بولۇپ قالساڭلار دەپ قويۇڭلاركى، مەن ئاپامنىڭ يۈزىنى يەرگە قارىتىدىغان ئىش قىلمىدىم، لېكىن ھازىرقى بىردىنبىر ئارمىنىم شۇكى، دادامنىڭ تۇپراق بېشىنى مەن ئۈچۈن يوقلاپ قويساڭلار.

ئۇلار ئەخمەتجاننىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى تازا چۈشىنەلمەي ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپلا قويۇپتۇ، پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ مىشىلداپ يىغلاشتىن باشقا نېمە قىلارنى بىلەلمەپتۇ. گۇندىپاينىڭ قوپال ئاۋازى ئۇلارنى ئېسىگە كەلتۈرۈپتۇ.

ئەتىسى پاتەم كىچىك ئاپام ئوسمانجاننى ئېلىپ تۈرمىگە تاماق ئاـ پارسا، گۇندىپايلار يەنىلا تاماق ئالغىلى ئۇنىماي تۇرۇۋاپتۇ، سەۋەبىنىمۇ ئېيتماپتۇ، يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشلار ئۇلارغا ھېچقانداق كار قىلماپتۇ. غالجىرلاشقان گۇندىپاي «بۇ يەردىن يوقىلىش» دېگىنىچە ئاچ بۆرىدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ كىچىك ئاپامنى ئىتتىرىپ يىقىتىۋېتىپتۇ، ئاپىسىـ نىڭ خارلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىغا چىدىمىغان ئوسمانجان نېمە بولۇشىغا قارىماي ئېتىلىپ بارغىنىچە گۇندىپاينىڭ قولىنى قاتتىق چىشلىۋاپتۇ. قولىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىمىغان گۇندىپاي ۋارقىرىغىنىچە قولىدىكى كالـ تىكى بىلەن ئوسمانجاننىڭ بېشىغا قاتتىق بىرنى ئۇرۇپتۇ، ئوسمانجانـ نىڭ بېشى يېرىلىپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئوسمانجاننىڭ بېشىدىن چىقـ قان قاننى كۆرگەن كىچىك ئاپام قولىدىكى تاماقنى تاشلاپ، ۋاي بالام دېـ گىنىچە ئوغلىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ ۋە ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، يىغلىـ غىنىچە كۆڭلىكىنىڭ بىر پېشىنى يىرتىپ ئوغلىنىڭ بېشىنى تېڭىپتۇ. ھېلىقى تاش يۈرەك گۇندىپاي بولسا قولىدىكى كالتىكىنى پۇلاڭلاتقىنىچە بىرنېمىلەرنى دەپ تىللاپ، تۆمۈر دەرۋازىنى قاتتىق يېپىپ كىرىپ كېـ تىپتۇ.

«ئاھ خۇدا! بىز كەمبەغەللەرنىڭ تارتىۋاتقان دەرد ـ ئەلىمىنى كۆرـ سەڭچۇ!»

ئۆيدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممىمىز كىچىك ئاپام بىلەن ئوسمانجانـ نىڭ ئېچىنىشلىق ھالىنى كۆرۈپ كۆز يېشى قىلىشتۇق. ناسىركام بولـ

سا غەزىپىنى باسالماي ئۇياق ـ بۇياققا ماڭاتتى. دادام بىر چەتتە ئولتۇ ـ رۇپ ئىچىدە ئايەت ئوقۇغىنىچە خۇدادىن ئامانلىق تىلەيتتى. قېرى مومام بىر چەتتە قىبلىگە قاراپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق دۇئا قىلاتتى.

كىچىك ئاپام بىلەن ئىككىمىز ئوسمانجاننىڭ بېشىدىكى قان ئۇيۇپ قېتىپ كەتكەن لاتىنى پەم بىلەن يېشىۋالدۇق. ئۇنىڭ يارىسى قان ئۇيۇپ كۆرگۈسىز بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا ئەخمەتجاننىڭ تەق ـ دىرىدىن بەكرەك ئەنسىرەيتتۇق.

«ئەخمەتجان زادى نەدىدۇر؟ نەچچە كۈن ئىلگىرى ئاپارغان تاماقنى ئالاتتى، بۈگۈن نېمىشقا ئالغىلى ئۇنىمايدۇ؟»

ھەممەيلەننىڭ كاللىسىنى گوملىنداڭ ئەخمەتجاننى ئۆلتۈرۈۋېتەر ـ مۇ؟ تىرىك قايتىپ كېلەلەرمۇ؟... دېگەندەك ئەنسىز خىياللار چۇلغىۋالغا ـ نىدى.

ئەتىسى بېشى داكا بىلەن تېڭىلغان ئوسمانجان قولىغا بىر رەگەتكە ئېلىپ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ:

ــ ھەدە، مېنى ئۇرغان ھېلىقى گۇندىپاينى تونۇۋالدىم، رەگەتكە بىلەن ئېتىپ ئۇنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋېتىمەن، ئاندىن كېيىن ئەخمەتجان ئاكامنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىمەن... ــ دېدى

ــ ئاغزىڭنى يۇم، ــ دېدىم مەن دەرھال ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋې ـ لىپ، ــ نېمە دەۋاتىسەنۇي، باشقىلار ئاڭلاپ قالسا، سېنىمۇ تۇتۇپ كې ـ تىدۇ!

ــ مەيلى، تۇتۇپ كەتسە تېخى ياخشى. ئەگەر مېنى تۇتۇپ كەتسە، ئاپىرىپ چوقۇم ئەخمەتجان ئاكام بىلەن بىر يەرگە سولايدۇ، ئەخمەتجان ئاكام بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن خەت يېزىپ رەگەتكىدە سىرتقا ئاتىـ مەن. سەن ئېلىۋالىسەن.

ــ بولدى قىل! ئىككىنچىلەپ بۇنداق گەپنى قىلغۇچى بولما!

مەن ئوسمانجانغا كايىپ ئۇنى ئاران تەستە توختاتتىم.

13 ياشلىق ئوسمانجان شۇنچىلىك سەبىي، خىياللىرى شۇنچە ساددا ئىدى. مەن بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ زېرەكلىكىدىن خۇشال بولسام، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ تارتقان ئازابلىرىدىن ئىچىم سىيرىلاتتى.

كىچىك ئاپام يەنىلا بولدى قىلغۇسى كەلمەي، ئىككى كۈندىن كې ـ يىن تۈرمىگە يەنە باردى. شۇ ئەسنادا ناتونۇش بىر كىشى كېلىپ ئۇنى بىر ياققا تارتىپتۇ ـ دە، تونۇگۈن يېرىم كېچىدە ساقچىلارنىڭ مەھ ـ

بۇسلارنى ماشىنا بىلەن يۆتكەپ كەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر مەھبۇسنىڭ بېشىنى كۆك لۆڭگە بىلەن ئورىۋالغانلىقىنى دەپ بېرىپتۇ. كىچىك ئاپام ئەخمەتجانغا بىر كۆك لۆڭگە بەرگەنىكەن، شۇڭا ئۇ كىشىنىڭ گەپلىرىدىن بېشىنى كۆك لۆڭگىدە تېڭىۋالغان مەھبۇس چوقۇم ئەخمەتجان دەپ جەزملەشتۈرۈپتۇ.

كىچىك ئاپام تۈرمىدىن ئۇدۇل بىزنىڭكىگە كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتتى، ھەممىمىز ئەخمەتجاننى چوقۇم ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېتىپتۇ دەپ قىياس قىلىشتۇق.

كىچىك ئاپام بەكمۇ ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان ئايال ئىدى. ئۇ بارلىق مېھىر ـ مۇھەببىتىنى بالىلىرىغا ئاتىغانىدى، ئەخمەتجاننىمۇ ئۆزىنىڭ بالىلىرى قاتارىدا كۆرەتتى.

— بىچارە بالىنى ئۆيدىن ئاچىقىپ كەتكەندە بېشىدا نېپىز دوپپىسىلا بار ئىدى، كىيىملىرىمۇ بەك يېلىڭ ئىدى، مۇزلىغانمىدۇ؟ قۇلاقلىرى ئۈششۈپ قالغانمىدۇ؟! — دەپ يىغلايتتى پاتەم كىچىك ئاپام.

ياشىنىپ قالغان موماي بىر چەتتە سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇراتتى، دادام بولسا ئۇلارغا نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەيتتى.

ئەخمەتجاننىڭ ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېتىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز پاراكەندىلىك ئىچىدە قالدۇق. ھەممىمىزنىڭ كاللىسىدا «زالىم شېڭ شىسەي ئەخمەتجاننى تىرىك قويارمۇ؟ ئۇ يەنە ھايات قايتىپ كېلەلەرمۇ؟» دېگەن تەشۋىشلا بار ئىدى.

ئەخمەتجانلارنى يالاپ ماڭغان مەھبۇس ماشىنىسى ئىككى كۈن يول يۈرۈپ، ئۈچىنچى كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئەخمەتجان دەسلەپتە ئېغىر سىياسىي مەھبۇسلار قاتارىدا ئۈرۈمچى داشىزى ئەتراپىدىكى 1 ـ تۈرمىگە قامىلىپتۇ. بۇ تۈرمىگە بۇرۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرىدىن چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ، چياۋ گوجېنلار قامالغانىكەن. بۇ بىر تۈركۈم تىز پۈكمەس كوممۇنىزم جەڭچىلىرى شېڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانىكەن. مانا ئەمدى ئەخمەتجانمۇ بۇ تۈرمىگە قامىلىپ، ئۇنىڭ ھايات ـ ماماتى يالماۋۇزنىڭ قولىدا قالدى.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى يىڭچى ئەخمەتجاننى سوراق قىلىشقا مەسئۇل بوپتۇ، لى يىڭچى بىلەن ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ بىڭدې باشچىلىقىدا ئالاھىدە سو-

راق قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپتۇ. بۇ گۇرۇپپا شىنىڭ شىسەيىنىڭ بىۋا-ستە يولىيورۇقى بويىچە ئەخمەتجاننى خۇددى چىن تەنچيۇ، ماۋ زېمىنلار-دەك ئالاھىدە مەھبۇس قاتارىدا كۆرگەنىكەن. ساقچى تەرەپنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىككى خىل سىياسىي جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى كوممۇنىزمنىڭ تەرغىباتچىلىرى، شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەش قىلغۇ-چىلار. ئۇلارنىڭ پەرقلىق يېرى شۇكى، مىللەت تەۋەلىكىلا ئوخشىمايدۇ. بىرىنچى خىلدىكىلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى، ئىككىنچى خىلدىكىسى بولسا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئە-زاسى بولمىغان كوممۇنىزم جەڭچىسى.

شىڭ شىسەيىنىڭ جاللاتلىرى قاتتىق - يۇمشاق ۋاسىتىلەرنىڭ ھەممىسىنى قوللىنىپ، ئەشەددىي، قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ سوراق قىلغان بولسىمۇ، ئەخمەتجاننى پەقەت باش ئەگدۈرەلمەپتۇ.

ئەينى ۋاقىتتا ئەخمەت ئەپەندىمنى سوراق قىلىشقا قاتناشقان تەر-جىمان شاكەرىم ئەكرەمى ئەخمەتجاننىڭ تۈرمىدىكى كۈرەشلىرى توغرى-سىدا ماڭا سۆزلەپ بەرگەنىدى. بۇ ئادەم ئەخمەتجاننى سوراق قىلغان كونا ھۆكۈمەت ساقچىلىرى ئىچىدىكى ئۆزۈم ئۇچراشقان، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بىردىنبىر كىشى ئىدى.

مەن بىر تاسادىپىي پۇرسەتتە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدىم.

1977 - يىلى، يەنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۇچۇن قۇتۇبى ناھىيەسىگە بارغىنىمدا، ئۇنىڭ بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ساقچى ئورگىنىدا تەرجىمان بولغانلىقىنى ھەمدە ئەخمەتجاننى سوراق قىلىشقا بىۋاسىتە قاتناشقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن گومىنداڭ ئەسىرلىرى قاتارىدا قولغا ئېلىنغانىد-كەن. 1975 - يىلى گوۋۇيۈەن ئالاھىدە كەچۈرۈم بۇيرۇقى چىقىرىپ، گومىنداڭنىڭ پولك دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى قويۇپ بەرگەندە، ئۆزىنىڭمۇ شۇ قاتاردا قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

شاكەرىم ئەكرەمى، قازاق، 1917 - يىلى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى شەمەي ئوبلاستىنىڭ ئاقسۇۋات دېگەن يېرىدە تۇغۇلغانىكەن؛ 1933 - يى-لى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى باشلانغاندا ئاتا - ئانىسى بىلەن جۇڭگوغا كېلىپ ئۇرۇمچىدىكى شۆتاڭدا

ئوقۇپتۇ؛ 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا شىڭ شىسەينىڭ ھەربىي قوشۇنىدا روتا كوماندىرى، باتالىيون كوماندىرى، پولك كوماندىرى بولۇپ ئىشلەپتۇ، كېيىنچە قۇتۇبى ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسى ۋە ئۆلكىلىك ساقچى ئىدارىسىدە خىزمەت قىلىپ، رۇسچە، خەنزۇچە تەرجىمان بوپتۇ. ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن قولغا ئېلىنىپ، تارىمغا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئەۋەتىلىپتۇ؛ گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە كەچۈرۈم بۇيرۇقى بويىچە قويۇپ بېرىلىپ، كېيىنچە تولى ناھىيەسىدە ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ؛ 2000 ـ يىلى كۈزدە قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىگە تۇغقان يوقلاشقا بارغاندا 83 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

شاكىرىم بىلەن ئۇچرىشىش جەريانى مۇنداق:

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىدە مۇئاۋىن نازىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن قۇتۇبى ناھىيەسىگە باردىم. ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشۈۋاتقىنىمدا، پۇتىغا ئۆتۈك، ئۈچىسىغا ئاق كۆڭلەك، ئۈستىدىن كۆك چاپان كىيگەن، ئورۇققىنە، ئېگىز بويلۇق، سالاپەتلىك بىر كىشى ئالدىمغا كېلىپ ھۆرمەت بىلەن سالام بەردى، سالام ـ سەھەتتىن كېيىن:

— سىز مېنى تونۇمايسىزغۇ دەيمەن، لېكىن مەن سىزنى تونۇيمەن، — دېدى ئۇ قازاقچە ئالدىرىماي سۆزلەپ، — ئاقاڭ (ئەخمەتجاننى دېمەكچى) ئاجايىپ چىداملىق يىگىت ئىدى، ياش كېتىپ قالدى. سىزنى كەپتۇ دەپ ئالايىتەن كۆرۈشكىلى كەلدىم.

مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۇ ئادەمنى ئەخمەتجاننىڭ مەن تونۇمايدىغان سەپدىشى ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن. شۇڭا ئالدىراپ:

— ئۆزىڭىز كىم بولىسىز، ھازىر نەدىن سورايمىز؟ — دەپ سورىدىم تەقەززالىق ئىچىدە.

— 1975 ـ يىلى كوممۇنىستىك پارتىيە گومىنداڭنىڭ پولكتىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىنى قويۇپ بېرىش بۇيرۇقىنى چىقارغاندىن كېيىن، مېنىمۇ قويۇپ بەردى. ھازىر مەن ئۆيدە، — دېدى ئۇ راستىنى ئېيتىپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خەلق ئىشلار نازارىتى گومىنداڭنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ئۆزۈم بېجىرگەن بىر تۈركۈم ئادەملەرنىڭ تىزىملىكى ئىچىدە ئۇنىڭ ئىسمىنىڭمۇ بارلىقىنى دەرھال ئې-

سىمگە ئالدىم.

— ئاقاڭنىڭ تۈرمىدە تارتقان ئازابلىرىنى سىزگە دەپ بەرمىسەم كۆڭلۈم ئەمىن تاپمايدۇ، بۈنى مەن ئىچىمدە ساقلاپ كېلىۋاتقىنىمغا نەچچە ئون يىل بولدى. ھازىر مەنمۇ قېرىپ قالدىم، بۇ گەپلەر ئۆزۈم بىلەن بىللە كېتىپ قالمىسۇن، بىلىۋېلىڭ دەيمەن، — دېدى ئۇ ئالدىراپ.

شاكىرىم ئەكرەمى ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدا ئەخمەتجاننى سوراق قىلىشقا قاتناشقانلىقىنى ئەينەن ئېيتىپ بەردى، ئەپەندىمنىڭ خىلمۇخىل قىيناشلارغا بەرداشلىق بېرىپ، لى يىگچى بىلەن ليۇ بىگدېغا ئوخشاش جاللاتلارغا قەتئىي تىز پۈكمىگەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، شېڭ شىسەي ئەخمەتجاننىڭ سوۋېتتە ئوقۇپ كېلىپ، ئەينەكچى سىياقىدا ھۆكۈمەتكە قارشى سىياسىي تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بارغانلىقىدىن، شۇنداقلا قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ھەرقانچە قىيىن - قىستاققا ئېلىنسىمۇ باش ئەگمىگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقانىكەن، شۇڭا شېڭ شىسەي ئەخمەتجاننى مۇھىم بىر يىپ ئۇچى دەپ قاراپ، يىپ ئۇچىنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇنى ئالدىراپ ئۆلتۈرۈۋەتمەسلىك، قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئىقرار قىلدۇرۇش توغرىسىدا بىۋاسىتە بۇيرۇق چۈشۈرگەنىكەن.

شاكىرىمنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى قىلمىشلىرىدىن ئۆكۈنۈۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتۈپ، قېرىلىق يېتىپ قالغان بۇ چال ۋىجدان ئازابىغا چىدىمىدىمۇ قانداق، ھاياتى ئاخىرلىشىپ قالاي دېگەندە ئەينى ۋاقىتتىكى ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ ھەممىسىنى دەۋەتكۈسى باردەك تۇراتتى.

مەن تەئەججۈپ نەزەرىدە ئۇنى خالىيراق بىر سورۇنغا باشلاپ باردىم - دە، چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدىم.

شاكىرىم ئەكرەمى قارىماققا ناھايىتى سالماق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن ئەينى زاماندا كونا ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ ئالىي مەمۇرلىرى بىلەن زىچ ئالاقىدە بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىچكى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگىلى بولاتتى.

شاكىرىم ئۆزىنىڭ ساقچى بولغان ۋاقىتلىرىنى ئەسلەشكە باشلىدى. ئۇ قۇتۇبى ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان چاغلىرىدا

ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىدىن ئۇنىڭغا يۆتكىلىش بۇيرۇقى كەپتۇ ھەمدە مۇھىم دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ئۇقتۇرۇلۇپتۇ. بۇ مۇھىم دېلو دەل شېڭ شىسەينىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ئەخمەتجاندىن ئىبارەت سىياسىي مەھبۇسنىڭ مەخسۇس دېلوسى ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ شاكىرىم ئەخمەت ئەپەندىمنى سوراق قىلىش مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىغا قاتناشتۇرۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ رۇسچە، خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە تىللارغا پىششىق بولۇشتەك تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىغا يۆتكىلىپ، مۇھىم جىنايەتچىلەرنى سوراق قىلىشقا قاتنىشىشىغا سەۋەبچى بولغانىكەن. شۇڭا، ئۇ ئەخمەتجاننى سوراق قىلىش جەريانىدا تەرجىمان بوپتۇ.

ھىيلىگەرلىكتە ئۇچىغا چىققان لى يىڭچى بىلەن ليۇ بىڭدې ئەخمەتجاننى شەخسەن ئۆزلىرى سوراق قىلماقچى بوپتۇ. ئادەم ئۆلتۈرسە كۆزىنى مىت قىلىپ قويمايدىغان بۇ جاللاتلار قانچىلىغان ئىنقىلابچىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ـ ھە! ئەمدىلىكتە ليۇ بىڭدې بارلىق ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەڭ قوللىنىش ئارقىلىق مەھبۇس ئەخمەتجاننى چوقۇم باش ئەگدۈرەلەيدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنەتتىكەن.

لى يىڭچى بولسا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، شېڭ شىسەيگە ئەگىشىپ نۇرغۇن رەزىل ئىشلارنى قىلغان، سانسىز ئىنقىلابچىلارنى ئۆلتۈرگەن. 1945 ـ يىلى شېڭ شىسەي گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلىنىپ چۇڭچىڭغا يۆتكەپ كېتىلگەندە، لى يىڭچىمۇ غوجىسىغا ئەگىشىپ چۇڭچىڭغا كەتكەنىكەن، بىراق بۇ غالچا جىياڭ جيېشىنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشەلمەي قاپتۇ. 1949 ـ يىلى شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ قالدۇق قوشۇنىغا ئەگىشىپ تەيۋەنگە قاچقاندا، لى يىڭچى بۇ «تەلەي»گە مۇيەسسەر بولالماي، چوڭ قۇرۇقلۇقتا قاپتۇ. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى پۈتۈن مەملىكەتنى ئازاد قىلىپ، قىزىل تۇغ جەۋلان قىلغاندا، بۇ ئەبلەخ ئىسىم ـ فامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ، چۇڭچىڭ، تيەنجىن قاتارلىق جايلاردا سودىگەر قىياپىتىدە ئوغرىلىقچە جان بېقىپ يۈرگەنىكەن. كېيىن باشقىلارنىڭ تونۇپ قېلىشى بىلەن شىنجاڭغا قايتۇرۇپ كېلىنىپ ئېتىپ تاشلانغانىدى.

ليۇ بىڭدې، خۇيزۇ، يەنە بىر ئىسمى مۇخەممەر، 1911 ـ يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان، ئۇيغۇر تىلىغا پىششىق. ئۇ 1932 ـ يىللىرى غۇلجىد-

كى شۆتاڭدا (هازىرقى 4 ـ دىۋىزىيە دوختۇرخانىسىنىڭ يېنىدا) ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن، ئۆلكىلىك هۆكۈمەتتە كاتىبات خىزمىتىنىمۇ ئۆتىگەن، شىڭ شىسەيگە تەرجىمانمۇ بولغان. ئۇ 1938 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىلى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئۆلكىلىك ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مۇپەتتىشى، 3 ـ بۆلۈمنىڭ باشلىقى، ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. شىڭ شىسەي ئۇنىڭغا ئاتاپ ئۈرۈمچىدىكى 4 ـ تۈرمىگە يېقىن يەرگە ئىككى قەۋەت بىنا سالدۇرۇپ بەرگەن. شىڭ شىسەي كېتىپ، ۋۇ جۇڭشىن ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىگەندە، ئۇ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت ئەزالىقىغا، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇۋەققەت ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن. هەر مىللەت خەلقىگە زۇلۇم سېلىپ قان ـ قەرزگە بوغۇلغان بۇ جاللات 1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى غۇلجا قوزغىلىڭىدا پارتىزانلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

شاكىرىم ئەكرەمى ئەخمەتجاننىڭ تۈرمە هاياتى هەققىدە مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

شاكىرىم دەسلەپتە يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئەخمەتجاننى ئالداش ئۇچۇن دائىم ئۇنىڭ يېنىغا كىرىۋېلىپ پاراڭلىشىدىكەن، هەتتا ئۇنىڭغا ياخشى تاماقلارنى ئەكىرىپ بېرىدىكەن، شۇ ئارقىلىق ئەپەندىمنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن هەقىقىي ئەهۋالنى ئىگىلەشكە ئۇرۇنىدىكەن.

بۇ جەرياندا شاكىرىم ئەخمەتجانغا ئۆزىنىڭمۇ سوۋېتتىن كەلگەنلىكىنى، ئۆز تەقدىرىنىڭمۇ ئەخمەتجان بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، پەقەت جان بېقىش ئۇچۇن مۇشۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى دەپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشمەكچى بوپتۇ. مۇشۇنداق چىرايلىق گەپ ـ سۆزلەر بىلەن ئالداپ ئەخمەتجاننى قولغا كەلتۈرمەكچى هەمدە ئەخمەتجاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ۋە غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئەهۋاللىرىنى بىلمەكچى بوپتۇ.

ئەپسۇسلىنارلىقى، ئەخمەتجاننىڭ ئاغزىدىن هېچقانداق بىر ئۇچۇرغا ئېرىشەلمەپتۇ.

بۇنى كۆرگەن لى يىڭچى شاكىرىمنى تازىمۇ بىر دۆت نەرسىكەن دەپ قاراپ، ليۇ بىڭدېنى بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ئىشقا سېپتۇ. ليۇ بىڭدې ئىنتايىن راۋان ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزىنىڭ ئەخمەتجاننىڭ تارتىۋاتقان

ئازابلىرىنى كۆرۈپ قانچىلىك ئىچى سىيرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھەمدە
ئەخمەتجان بىلەن بىر يۇرتلۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، چىرايلىق سۆزلەر
بىلەن ئاخبارات ئىگىلىمەكچى بوپتۇ.
ئەپەندىمنىڭ ئاغزىدىن گەپ ئېلىش ئۈچۈن قوللانغان ھەممە يۇمشاق
ۋاستىلەر كار قىلمىغانلىقتىن، بۇ ياۋۇز جاللاتلار قىيناش ئۇسۇلى ئار-
قىلىق ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچماقچى بوپتۇ.
سوراق قىلىشتىن بۇرۇن لى يىڭچى بىلەن ليۇ بىڭدې ئەخمەتجان
ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپتۇ. بۇ ئىككى جاللات ئەخمەتجان ئادەتتىكى
سىياسىي جىنايەتچىلەرگە ئوخشىمايدۇ، ئۇنى تېنىۋالغىلى بولمايدىغان
پاكىتلار ئارقىلىق باش ئەگدۈرۈشىمىز كېرەك، دەپ مەسلىھەتلىشىپتۇ.
لىيۇ بىڭدې لى يىڭچىغا ئۆز قارىشىنى ئېيتىپتۇ:
— مەن ئەخمەتكە ئوخشاش جىنايەتچىلەرنى خېلى جىق كۆرگەن،
ئۇنى ئىقرار قىلدۇرۇشقا جىق بولسا ئۈچ كۈن كېتەر. بىراق، ئۇنىڭغا
سەل قارىغىلى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى كۆ-
رۈپ چىقتىم. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەنىكەن، مانا بۇ مەسى-
لىنىڭ نېگىزى، — دەپتۇ ئۇ لى يىڭچىغا مەغرۇرلۇق بىلەن، — سوراق-
نى ئۇنىڭ ئىسىم - فامىلىسىدىن باشلاش كېرەك. ئەخمەتنىڭ تەرجىمى-
ھالىدىكى ئىسىم - فامىلىسى «ئەخمەتجان قاسىمى»، ئىلى ۋىلايىتى تا-
رىختا ئورۇس مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئىلىدىكى
ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە خېلى كۆپ قىسمى ئورۇسلارنى
دوراپ، فامىلىسىنىڭ ئاخىرىغا «يوف، ئوف» لارنى قوشىدۇ. مەسىلەن،
ئەخمەتكە ئوخشاش تۇتۇپ كېلىنگەن توختى ئەلىموف، بارات روزىباقى-
يوف قاتارلىقلار مۇشۇ تۇردىكىلەرگە كىرىدۇ. بولۇپمۇ دۇبەن نەچچە يىل-
نىڭ ئالدىدا نەچچە يۈز زىيالىينى تاشكەنتكە ئوقۇشقا ئەۋەتتى، ئۇلار
قايتىپ كېلىپ ئاشۇنداق فامىلە قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. مۇشۇ
بويىچە بولغاندا، ئەخمەتنىڭ فامىلىسى دادىسى نادىرنىڭ ئىسمى بىلەن
«نادىروف» بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۆزىنى «ئەخمەتجان قاسىمى»
دەپ ئاتايدۇ. ئەخمەتنى ئانىسىنىڭ ئىنىسى ئۆمەر قاسىمى تاشكەنتكە ئە-
كېتىپ ئوقۇتۇپتۇ. شۇڭا ئەخمەتنىڭ تاغىسىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش
يۈزىسىدىن ئۇنىڭ فامىلىسىنى ئۆزىنىڭ فامىلىسى قىلىۋالغانلىقىنى
چەتكە قاققىلى بولمايدۇ، — لىيۇبىڭدې ئۆزى چىقارغان يەكۈنىدىن مەم-
نۇن بولغاندەك تەلەپپۇزدا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — بۇنىڭدىن قارد-

غاندا ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەنلىكى ئېنىق. شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئۇ سوۋېتتا ئوقۇۋاتقاندا كوممۇنىزم تەربىيەسىنى ئالغان. ئەمدى بىز ئۇنىڭدىن يۇرتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نېمە ئۈچۈن كىچىك داداڭنىڭ ئۆيىدە جىم ئولتۇرماي، ئەينەكچىلىك قىلىسەن؟ كوچىلارنى ئارىلايسەن، خاڭلارغا چىقىسەن، كۆمۈرچىلەرنىڭ ئارىسىدا يۈرىسەن؟ دېگەندەك مەسىلىلەرنى سورىساق ھەرگىز تېنىۋالالمايدۇ... مانا بۇلار ئۇنىڭ يوشۇرۇن پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا يېتىپ ئاشىدىغان جىنايى پاكىتلىرىدۇر.

لى يىڭچى لىيۇ بىڭدېنىڭ بۇ تەھلىللىرىدىن قانائەت ھاسىل قىلماي تېرىكىپتۇ:

— كاللاڭ ئىشلىمەمدۇ نېمە؟ ئۇنىڭ فامىلىسىدىن نېمىگە ئېرىشەلەيتتىڭ؟ ئىلىدىكى ئورۇسلار بىلەن تاتارلارنىڭ ئارىسىدا «يوف، ئوف»لار تولا، سېنىڭچە بولسا ھەممىسىنى سولىساڭ بولىدىكەن ـ دە؟ دۇبەن بۇرۇن سوۋېت بىلەن دوست ئۆتكەن، ئۇ خەقنى تازا بىلىدۇ، دۇبەننىڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنى ئەخمەتنىڭ نېمە ئۈچۈن سوۋېتتىن قايتىپ كەلگەنلىكى، ئاندىن كېيىن نېمە ئۈچۈن ئەينەكچى بولۇۋالغانلىقى، دۇبەن ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرىمەن دەپ قەلەندەرلەرنى كۈشكۈرتۈپ يۈرگەنلىكى، مانا بۇلارنى نۇقتىلىق سوراق قىلىش كېرەك. ئاۋۇ چېن تەنچيۇ دېگەنلەرنىڭغۇ يىغىشتۇرۇپ بولدۇق. ئەمدىلىكتە دۇبەن مۇددەت بەلگىلەپ دېلونى دەرھال پاش قىلىشنى تاپشۇرۇۋاتىدۇ...

لىيۇ بىڭدې لى يىڭچىغا ئەخمەتجاننىڭ نە بالىلىق، نە ئوقۇش دەۋرلىرىدىكى ئىشلىرىدىن پۇتاق تېپىلمىغانلىقىنى ئېيتىپ، ھەممە قىيناش ئۇسۇللىرىنى ئىشلىتىپ كۆرۈپمۇ جاۋاب ئالالمايۋاتقانلىقىدىن ۋايساپتۇ. لى يىڭچى ئۆزىنى باسالماي:

— قاتتىق قىينا، ئۇسۇلۇڭنى ئۆزگەرت، قېنى ئۇنىڭ ئېغىز ئاچمىغىنىنى مەن بىر كۆرەي، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

شۇنچە ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىپمۇ غوجىسىغا ياخشى كۆرۈنەلمەيۋاتقانلىقىدىن بوغۇلۇپ قالغان لىيۇ بىڭدې خاپا بولۇپ:

— بىلمىدىم، تەخسىر، ئۇ ئىقرارغا كېلەرمىكىن؟ قىيناشنىڭ ھەممە تۈرىنى دېگۈدەك ئىشلەتتۇق، ئۇ يەنىلا «كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئانا ۋەتىنىمنى، ئانامنى سېغىنىپ كەلدىم. مۇشۇ جايدا ئىشلەپ، مۇشۇ

جايدا ياشايمەن» دېگەندىن باشقىسىنى دېمەيدۇ، ئەمدى ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىشتىن باشقا چارە قالمىدى، ــ دەپتۇ ئىشەنچ قىلالمىغان هالدا.

لى يىڭچى تېخىمۇ تېرىكىپ ۋارقىراپتۇ:

ــ شىڭ دۇبەن جانابلىرى «تېگى ـ تەكتىگە يەتمىگۈچە تىرىك تۇ-تۇپ تۇرۇڭلار» دېگەن ئەمەسمۇ، بۇنى ئىجرا قىلماي بولمايدۇ، ئۇنى ئۆ-زۈم بىر سوراق قىلاي، ئۇنىڭ ئىقرار قىلمىغىنىنى بىر كۆرەي!

نەچچە كۈندىن كېيىن قاراڭغۇ، زەي تۈرمە كامېرىنىڭ ئىشىكى دا-راڭلاپ ئېچىلىپ ئىككى گۇندىپاي كىرىپ كەپتۇ ـ دە، ئەخمەتجاننى ئۆ-رۈپ دۆشكەلەپ، سۆرەشتۈرۈپ سوراقخانىغا ئەكىرىپتۇ. ئۈستەلگە يۆلە-نىپ ھىجىيىپ ئولتۇرغان لى يىڭچى سوراقنى باشلاپتۇ:

ــ ئا ـ خې ـ مەي ـ تى ـ جياڭ، قاچانغىچە مۇشۇ كىشەننى ئۆ-زۈڭگە يۈك قىلىپ يۈرىسەن؟ راست گەپنى قىلىپ يېنىكلىسەڭ بولمام-دۇ؟

ئەخمەتجان مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ مەسخىرە ئىچىدە جاۋاب قايتۇ-رۇپتۇ:

ــ بۇ تۆمۈر كىشەننى ھەۋەس قىلىپ ئۆزۈم پۇتۇمغا چېتىۋالغىنىم يوق، ئېلىپ تاشلىساڭلار ئىلتىپات ئۆز ئىختىيارىڭلاردا!

ــ مانىڭ گېپىنى قارا، نېمە ئۈچۈن داداڭ ياكى بوۋاڭنىڭ ئىسمى-نى فامىلە قىلماي، تاغاڭنىڭ ئىسمىنى فامىلە قىلىپ ئىشلەتتىڭ؟ سۈي-دۇڭدە داداڭغا پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ ئىسمىمۇ قاسىمغۇ، ئەجەبا فامىلەڭنى «قاسىمى»غا ئۆزگەرتكەندە شۇ قاتىل ئېسىڭگە كەلمە-دىمۇ؟

لى يىڭچى خۇددى ئەخمەتجاننىڭ ھەممە ئەھۋالىنى بىلىپ بولغاند-دەك، بارلىق پاكىتلارنى قولغا چۈشۈرۈپ بولغاندەك، ئۇنى قەدەممۇقەدەم قىستاپ سوراق قىپتۇ.

ــ سىلەردىن يوشۇرغۇدەك ئىشىمۇ يوق. تاغام مېنى سوۋېت ئىتتى-پاقىغا ئاپىرىپ نادانلىقتىن قۇتقۇزدى، ماڭا ئىلىم ئۆگىتىش ئۈچۈن تارتمىغان جاپاسى قالمىدى، بۇ ئەمەلىيەت. دادامنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ نادانلىقىغا، جاھىللىقىغا نەپرەتلىنىمەن، لېكىن ئۇنىڭغا ياكى ئەۋلادىغا ئاداۋەت ساقلىمايمەن، ــ دەپتۇ ئەخمەتجان مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن جاۋاب بېرىپ.

ــ ۋاي ۋۇي، ئۆزۈڭچە بەكمۇ قورسىقىڭ كەڭ، ئەپۇچان، ئالىيجاناب

ئىنسان ئىكەنسەن ـ دە. بولدى، سەپسەتەڭنى قوي، موسكۋادا نېمە ئوقۇ-
دۇڭ؟ نېمە ئۈچۈن ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن قايتىپ كېلىشكە ھە-
رىكەت قىلدىڭ؟ — دەپتۇ لى يىڭچى تاقەتسىزلىنىپ.

— بىرىنچىدىن، ساگۈنى ئەلا دەرىجىدە تاماملىغان ئوقۇغۇچىلارنى
موسكۋاغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن، ئۇلارنىڭ بىرى مەن ئىدىم. قايتىپ كەل-
سەم تاغام كۆچۈپ كېتىپتۇ، تاپالمىدىم. ئىككىنچىدىن، سوۋېت ئىتتى-
پاقىدا چوڭ تازىلاش باشلىنىپ، ئۆزبېك، قازاقلارغا رېسپۇبلىكا قۇرۇپ
بەرگەندەك، ئۇيغۇرلارغىمۇ رېسپۇبلىكا قۇرۇپ بېرىلسە دەپ تەلەپ قويغان
ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ناھەقچىلىكتە قاپتۇ. مەنمۇ بۇ ئىشقا چېتىلىپ قال-
ماي دەپ ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىش ئۈچۈن موسكۋاغا، يەنى مېنى تونۇمايدى-
غان رۇسلار ئارىسىغا بېرىشقا ئالدىرىدىم.

— بەربىر توردىن چۈشۈپ قالماپسەنغۇ، ئۈچ يىلدىن كېيىن قاڭ-
داقلارچە يەنە تۇتۇلۇپ قالدىڭ؟

— ھە، شۇ...

ئەخمەتجان قەددىنى تىك تۇتۇپ، مەغرۇر جاۋاب بېرىپتۇ. لى يىڭچى
شۇنىڭغا ئۇلاپلا ئەخمەتجاندىن نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەلگەنلىكىنى يەنە
بىر قېتىم سوراپتۇ، ھەتتا ئۇنىڭ مەلۇم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغانلىقى-
دىن گۇمان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئەخمەتجان جۇڭگونىڭ تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق كونسۇلىغا قايتا -
قايتا ئىلتىماس سۇنۇپ، جۇڭگو پۇقراسلىق كىنىشكىسىنى ئالغانلىقى-
نى ئەينەن دەپ بېرىپتۇ.

— ساڭا جۇڭگونىڭ پۇقرالىق كىنىشكىسىنى كىم بەرگەن؟

— باش كونسۇل گۇاڭ لۇ، — دەپ راستىنى دەپ بېرىپتۇ ئەخمەت-
جان.

— ھا، ھا، ھا! ساڭا شۇنىمۇ دەپ قوياي. بىز گۇاڭ لۇنىمۇ يىغىش-
تۇرۇپ بولدۇق، — دەپتۇ لى يىڭچى ھىجىيىپ.

— نېمىلا دېگىنىم بىلەن سەنلەر مېنى بوش قويۇۋېتىشمەيسەن،
بۇنى تازا ئوبدان بىلىمەن. سەنلەرنىڭ مەندىن نېمە گەپ ئالماقچى بولۇ-
ۋاتقىنىڭلارنى تېخىمۇ ئوبدان بىلىمەن، لېكىن شۇنى دەپ قويايكى، مەن-
دىن بىر نېمىگە ئېرىشىمەن دەپ خام خىيال قىلىشما! — دەپتۇ ئەخمەت-
جان كەسكىن ھالدا.

— ئاغزىڭنى يۇم! ياۋاشراق بول، سېنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى تەشۋىق

قىلىپ يۈرگىنىڭنى بىلمەيدۇ دەمسەن! سەن ئۆزۈڭچە ئىنسان ھوقۇقىنى دەۋا قىلغۇچى ۋە شۇ يولدا كۈرەش قىلغۇچى ئىكەنسەن ـ دە؟

— ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ شەخسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلغۇچى ھەرقانداق بىر ئادەم «ئىنسان ھوقۇقى»دىن ئىبارەت بۇ يۈكسەك ئەقىدىنى ئۆزىنىڭ ھەققانىي بۇرچى دەپ تونۇيدۇ. دەرۋەقە، سۈن ياتسېن (سۇن جوڭشەن) ئەپەندىمۇ «دۇنيا خەلققە مەنسۇپ» دېگەنغۇ. پۈتۈن دۇنيا ـ نى ئومۇمىي خەلقنىڭ چوڭ ئائىلىسى دەپ قارىغاندا، ئەجەبا بىر ئادەم يە ـ نە بىر ئادەمنى، بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنى ھۆرمەتلەش، ئىناقلىقتا بىللە ياشاپ، ئۆزئارا باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇش پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تەلىپى ئەمەسمۇ؟

ئەخمەتجاننىڭ جاراڭلىق ئاۋازى سوراقخانىنى تەشۋىقات مۇنبىرىگە ئايلاندۇرۇۋېتتۇ.

— قۇرۇق ۋەز ـ نەسىھەتلىرىڭنى قوي! — دەپ ۋارقىراپتۇ ئاچ ـ چىقتىن يېرىلىپ كېتەي دەپ قالغان لى يىڭچى، — دېمەك، سەن شىن ـ جاڭغا ئىنسان ھوقۇقى دەۋاسىنى قىلغىلى، ئوچۇقراقىنى ئېيتقاندا، خەلق ئىچىدە تەشۋىق قىلىپ ئىسيان كۆتۈرگىلى كەلگەن، شۇنداقمۇ؟ ساڭا راستىنى دەپ قوياي، سېنىڭدەك دانىشمەنلىك تونىنى كىيىۋالغان تالاي ئادەملەر بىزنىڭ قولىمىزدىن تاسقىلىپ ئۆتكەن، قانداق ۋەزىپە بى ـ لەن چېگرادىن ئۆتكىنىڭنى بۈگۈن ئىقرار قىلمايدىكەنسەن، جەھەننەمگە يول ئالىسەن.

— قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل! — دەپتۇ ئەخمەتجان قەتئىيلىك بىلەن.

لى يىڭچى بىلەن لىيۇ بىڭدې ئۇنىڭدىن ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئې ـ رىشەلمەي ئۈمىدىنى ئۈزۈۋېتتۇ.

شاكەرىم سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە چوڭقۇر تىنىۋېلىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— توختىماي قىلىنغان سوراقلار ئاكاڭنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قوي ـ دى بولغاي، گەپ ياندۇرماي جىملا تۇرۇۋالدى. كالپۇكىنى چىشلەپ ئۈن چىقماي تۇرۇۋالغىنىدىن ئاكاڭنىڭ ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىپ قويغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئاجايىپ قەيسەر، ئېگىلمەس ئادەم ئىدى...

لى يىڭچى ئەمدى بۇ مەھبۇسقا رەھىم قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى سېزىپ، بارغانسېرى ۋەھشىيلىشىشكە باشلاپتۇ. بىراق، ئەخمەتجان

ئۇلارغا: «مەن غۇلجىدا تۇغۇلدۇم، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن، تاغامنىڭ شاپائىتى بىلەن ئوقۇش ۋە ياشاش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتتىم. ئەمدى يالغۇز ئاپامنى ئىزدەپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلدىم. بالىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ ئاپامنى باقاي دېدىم» دېگەندىن باشقا ھېچ نەرسىنى ئېيتماپتۇ.

شاكەرنىڭ ئېيتىشىچە، جاللاتلار ئەخمەتجاننى ئېسىپ قويۇپ جېنىنىڭ بارىچە قاتتىق ئۇرۇپتۇ. قامچا تەگكەن يەرلەردىن گۆشلىرى تىتىلىپ، قىپقىزىل قان تەپچىرەپ تۇرسىمۇ، ئەخمەتجان زادىلا ئاغزىنى ئاچماپتۇ. قامچىلاش كارغا كەلمىگەندىن كېيىن، غەزىپى تاشقان لى يىڭچى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ قىيناشنى ئېغىرلىتىشقا ئىشارەت قىلىپتۇ، قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئەخمەتجاندىن جاۋاب ئېلىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قانخورلۇقتا چېكىدىن ئاشقان جاللاتلار ئەخمەتجاننى قوللىرىنى زەنجىر بىلەن باغلاپ قىيناش ئۈڭكۈرىگە ئەكەپتۇ.

ساقچىلار ئەخمەتجاننى ئەكىرگەندە، بىر بۇلۇڭدا بىرەيلەن بوغۇلۇپ قېقىلىپ يۆتىلىپ، ئارقىدىنلا قەي قىلىپ قان قۇسۇۋاتقانىكەن. ئەخمەتجان كۆزىنى مىڭ تەسلىكتە ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، بۇ مەھبۇس سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ، كېيىن ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئەھۋالدا ئالدى-كەينى بولۇپ ۋەتەنگە قايتقان ئىلغار ياشلارنىڭ بىرى — توختى ئەلدموف ئىكەن.

توختى ئەلىموف 1911-يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلۇپ، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان، 1938-يىلى ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن يەر ئاستى ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقان. كېيىن ئۇنى شېڭ شىسەي تۈرمىگە تاشلىغان. 1945-يىلى قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، غۇلجىغا قايتىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە باشلىق بولغان، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ناھەقچىلىككلەرگە ئۇچراپ، 1975-يىلى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

ئېنىقكى، لى يىڭچى ئەخمەتجاننى ئەتەي مۇشۇ كامېرغا ئەكىرىش ئارقىلىق، ئۇنىڭغا ئىقرار قىلمىسا ئاقىۋىتىنىڭ ئاۋۇنىڭكىدەك بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغان.

تۈرمە سوراقچىسى ئەخمەتجانغا بۇلۇڭدىكى ھوشسىز ياتقان «سوۋېت

ئىشپىيونى» نى كۆرسىتىپ، بۇ ئادەمنى تونۇيدىغان ـ تونۇمايدىغانلىقىنى سوراپتۇ. ئىقرار قىلسا بۇنداق قىيناشتىن قۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەخمەتجان لى يىڭچىنىڭ بۇ ھىيلىسىنى ئاللىقاچان بىلىپ يەتكەچكە، «تونۇمايمەن» دەپلا تۇرۇۋاپتۇ. غەزەپلەنگەن جاللاتلار تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ، ئەخمەتجاننى ئۇرۇپ ياتقۇزۇپتۇ ـ دە، تېخىمۇ قاتتىق قىيناشقا باشلاپتۇ. قىزىلمۇچ، قارىمۇچقا ئوخشاش ئاچچىق خۇرۇچلارنى قازاندا قاينىتىپ، سۈيىنى ماشىنا چاقىنىڭ ئىچ كامېرىغا قۇيۇۋاپتۇ ـ دە، كامېرنىڭ يەل بېرىدىغان مونىكىگە نەيچە ئۇلاپ، بىر ئۇچىنى ئەخمەتجاننىڭ بۇرنىغا تىقىپتۇ. ۋەھشىيلەشكەن جاللاتلار كامېرنى كۈچەپ بىر باسسا، زەھەردەك ئاچچىق سۇ ئەپەندىمنىڭ ئۆپكىسىگە كېتىپ، جېنى ھازىرلا چىقىپ كېتىدىغاندەك ئازابلىنىدىكەن. ئەنە شۇنداق قىيىن ـ قىستاق ئىچىدە ئەپەندىم نەچچە ئۆلۈپ، نەچچە تىرىلگەن بولسىمۇ، قەتئىي تىز پۈكمەپتۇ.

ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن قىيناپمۇ جاۋاب ئالالمىغان جاللاتلار تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ «يولۋاس ئورۇندۇق» دەيدىغان قىيناش ئۇسۇلىنى قوللىنىپتۇ:

جاللات ئەخمەتجاننىڭ پۇت ـ قوللىرىنى مەھكەم باغلاپ، تىزىنى ئورۇندۇققا چىڭ تېڭىپتۇ. قايتا ـ قايتا سوئال سوراپ جاۋاب ئالالمىسا، پاچىقىنىڭ ئاستىغا بىرلەپ ـ بىرلەپ خىش قىستۇرۇپتۇ. خىش ئېگىزلىگەنسېرى تىز تەتۈرسىگە قايرىلىپ، پۇتنىڭ سۆڭىكى ھازىرلا سۇنۇپ كېتىدىغاندەك چىدىغۇسىز ئاغرىيدىكەن. بۇ قىيناشمۇ كار قىلمىغاندىن كېيىن، جاللاتلار ئۇنىڭ تىرنىقىنىڭ ئاستىغا بامبۇك يىڭنە قېقىپتۇ. ئۇنىڭ بارماقلىرىدىن قان ئېتىلىپ چىقىپتۇ. بۇ جەرياندا ئەپەندىم نەچچە رەت ھوشىدىن كېتىپتۇ. بۇ قانلىق مەنزىرىنى كۆرگەن شاكىرىم داۋاملىق قاراشقا چىدىماي قاپتۇ.

لى يىڭچى بۇ قېتىم راستتىنلا ئىشەنچىنى يوقىتىپتۇ، «بۇ مەھبۇس بەك بولسا ئۇچ كۈنلا بەرداشلىق بېرەلەر» دېگەن قىياسىمۇ كۆپۈككە ئايلىنىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ بولدى قىلماي، قىيناشنى ئېغىرلىتىپتۇ.

قاراڭغۇ، سورلۇك قىيناقخانىدىكى لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان ئوچاقتا داغمال قىپقىزىل قىزىرىپ تۇرىدىكەن، ئوت ئۇچقۇنلىرى ھەريانغا چاچرايدىكەن؛ بىر ياندا لىق سوغۇق سۇ قاچىلانغان چوڭ چېلەك بار ئىكەن. تاماكىنى قىڭغىر چىشلىگەن جاللات ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنى ئەم-

دىكى قىيىن ـ قىستاققا باغلاپ، بۇ قېتىم ئەخمەتجاننىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىگىسىگە پايدىلىق يىپ ئۇچىغا ئېرىشىشكە ئۇرۇنۇپتۇ.

جاللات لاۋۇلداۋاتقان ئوچاقتىن چوغدەك قىزىرىپ كەتكەن داغمالنى ئېلىپ ئەخمەتجاننىڭ كۆز ئالدىدا پۇلاڭلاتقىنىچە: «جىنايىتىڭنى تاپشۇرامسەن، يوق؟ تاپشۇرمىساڭ، ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق» دەپ ھەيۋە قىپتۇ، لېكىن ئەخمەتجاندىن يەنىلا ھېچقانداق جاۋاب ئالالماپتۇ. تېرىككەن جاللات تۈۋرۈككە باغلاقلىق ئەخمەتجاننىڭ بەدىنىگە قىپقىزىل داغمالنى قايتا ـ قايتا يېقىپتۇ. داغمال يېقىلغان يەرلەردىن ئادەمنىڭ دىمىقىنى ئېچىشتۇرىدىغان قويۇق ئىس چىقىپ سوراقخانىنى بىر ئاپتۇ. جاللات ئەخمەتجاننىڭ بىقىن، يانپاش، قوۋۇرغا، بىلەك قاتارلىق جايلىرىغا داغمال يېقىپ، ھېچ يېرىنى ساق قويماپتۇ، ھوشىدىن كەتسە سوغۇق سۇ چېچىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپ، يەنە داغمال يېقىپ سوئال سوراپتۇ، جاللات ئەنە شۇ تەرىقىدە ئەخمەتجاننى بىر كېچە ـ كۈندۈز توختىماي قىيناپمۇ، ھېچقانداق جاۋاب ئالالماپتۇ.

ھېچقانداق ئامال قىلالمىغان ياۋۇز جاللاتلار ھوشسىز ياتقان ئەخمەتجاننى يالغۇز كىشىلىك كامېرغا سۆرەشتۈرۈپ ئەكىرىپتۇ ـ دە، بىر بۇلۇڭغا تاشلىۋېتىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

بۇ نېمىدېگەن ۋەھشىيلىك، نېمىدېگەن فاشىستلىق ـ ھە!

لى يىڭچى بىلەن لىۋ بىڭدې ھېچقانداق جاۋاب ئالالماي، ئۇسۇلىنى يەنە ئۆزگەرتىپتۇ.

نەچچە كۈندىن كېيىن قول ـ پۇتلىرى كىشەنلەنگەن ئەخمەتجان باشقا بىر سوراقخانىغا ئەكىرىلىپتۇ. قارىسا، بۇلۇڭدا بىر ئادەم ئولتۇرغۇدەك. ئۇ بارات روزىباقىيېف دېگەن كىشى ئىكەن.

بارات روزىباقىيېف ـــ ئەسلىي ئىسمى ئابدۇشۇكۇر روزىباقىيېف بولۇپ، 1942 ـ يىلى قەشقەر سىمخانا ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆز يۇرتى قەشقەر يېڭىشەھەرگە قايتىپ كەلگەن، ئۇزاق ئۆتمەي شېڭ شىسەينىڭ چوماقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە يۆتكەپ كېلىنىپ، ئىنتايىن ۋەھشىي قىيىن ـ قىستاقلارغا ئېلىنغان. ئۇ 1946 ـ يىلى بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن غۇلجىغا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. ئازادلىقتىن كېيىن، 1953 ـ يىلى مەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمدا، ئۇمۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك

ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى. 1954 ـ يىلى تۇيۇقسىز قان قۇسۇپ قاتتىق ئاغرىدى. تاشكەنتتىكى ئاپىسىنىڭ قايتا ـ قايتا يىغلاپ تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىشى نەتىجىسىدە، «ئۆلسەم ئاپامنىڭ يېنىدا ياتاي» دەپ تەلەپ قىلىپ، تەشكىلنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىپ قالدى.

لىۋ بىڭدى بۇ قېتىم ئەخمەتجاننى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئىقرار قىلدۇرۇش نىيىتىگە كەلگەنىكەن. ئۇ ئەخمەتجانغا بۇلۇڭدا ئولتۇرغان روزىباقىيېفنى شەرەت قىلىپ كۆرسىتىپتۇ، ئۆزىچە قىيناش بىلەن ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمىگەن ئەخمەتجانغا بۇ كىشى ئارقىلىق قوقاق سالماقچى بوپتۇ:

— كۆردۈڭمۇ، ئاۋۇ بۇلۇڭدىكى روزىباقىيېف ھەممىنى ئىقرار قىلىپ بولدى، سېنىمۇ پاش قىلدى. ئەمدى يوشۇرىدىغان يېرىڭ قالمىدى، ياۋاشلىق بىلەن دېسەڭ دە، دېمىسەڭ جاجاڭ بىر پاي ئوق.

بىراق ئەخمەتجان يەنىلا قەددىنى تىك تۇتۇپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، پولاتتەك ئىرادە بىلەن فاشىستلارغا قەيسەرانە ھالدا خىتاب قىپتۇ:

— قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىلىش، مېنى باش ئەگدۈرىمەن دەپ خام خىيال قىلىشما!

شاكەرىم ئەكرەمنىڭ ئەھۋالنى ئەينەن سۆزلەپ بېرىشىگە ئۆزىنىڭ ۋىجدان ئازابى سەۋەب بولغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئەخمەتجاننى شۇنچە قىيناپ سوراق قىلسىمۇ، ئۇنىڭ ھېچنېمىگە ئىقرار بولمىغانلىقى شىڭ شىسەينىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. شىڭ شىسەي ئۆلۈمگىمۇ پىسەنت قىلمايدىغان بۇ مەھبۇسنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، لى يىڭچى بىلەن لىۋ بىڭدى ئەخمەت ئەپەندىمنى سوراققا تارتقاندا، تاشقىرىقى ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئاڭلاپتۇ.

شاكەرىم ئەكرەمى مۇشۇلارنى سۆزلەۋېتىپ ئۆزىنىڭ ئەخمەتجانغا شۇنچىلىك قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ خورسىناتتى. شاكەرىم ئېيتقاندەك، ئەخمەتجاننىڭ بىلەك، يانپاش، بەل ۋە دۈمبىلىرىدىكى گومىنداڭنىڭ ۋەھشىيانە قىيناشلىرىدىن قالغان كۆيۈك ۋە داغ ئىزلىرى تا ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ھەر قېتىم بۇنى ئويلىسام قاتتىق ئازابلىنىمەن.

لى يېڭچى قاتتىق ـ يۇمشاق ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمەي، باشقىچە بىر ئۇسۇل قوللانماقچى بوپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن تۇرمە دائىرىلىرى ئەخمەتجاننى 2 ـ تۇرمىگە يۆتكەپ، غايە ۋە قاراش جەھەتتىن ئۇنىڭ بىلەن تۈپتىن ئوخشاشمايدىغان ئىككى جىنايەتچىنى بىر كامېرغا سولاش ئارقىلىق، ئوتتۇرىدا زىددىيەت تۇغدۇرۇپ، گەپ ـ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشىماقچى بوپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئەخمەتجان ئابدۇنىياز كامال دېگەن كىشى بىلەن بىر كامېرغا سولىنىپتۇ. بۇ مەھبۇس گەرچە شېڭ شىسەيگە قارشى كۈرەشكە قاتناشقان بولسىمۇ، دىنىي ئېتىقادى ئىنتايىن كۈچلۈك، سوۋېت كوممۇنىزمى بىلەن زادىلا سىغىشالمايدىغان ئادەم ئىكەن. لى يېڭچى ئەخمەتجان بىلەن ئابدۇنىيازنىڭ سىياسىي قارشى ۋە مەيدانى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ پايدىلىق يىپ ئۇچىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ پەرەز قىلغانىكەن، شۇڭا دەرھال بۇ ئىككى مەھبۇس ياتقان كامېرغا مەخپىي تىڭشىغۇچ ئورنىتىش، ئۇلارنىڭ ياتاق ـ تامىقىنى ياخشىلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

ئابدۇنىياز كامال 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان، مەخمۇت مۇھىتىنىڭ قول ئاستىدا يېڭجاڭ بولغان. 1933 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شېڭ شىسەينىڭ تەلىپى بويىچە سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ «ئالتايسكى» دەپ ئاتىلىدىغان ماشىنىلاشقان قىسمى ئەركەشتام ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىپ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ ياتقان ماخۇسەن ۋە مەخمۇت مۇھىتىنىڭ قىسىملىرىغا كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغىغان. مەخمۇت مۇھىتى ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئابدۇنىياز شىجاڭلىققا تەيىنلىنىپ، شېڭ شىسەيگە قارشى داۋاملىق جەڭ قىلغان. ئاخىر يەكەننىڭ قوشراپ دېگەن يېرىدە شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرىگە ئەسىرگە چۈشكەن.



ئابدۇنىياز 30 ياشلاردىن ھالقىغان بولسىمۇ، كۆپ يىللىق تۇرمە ئازابى ئۇنى بىمەزگىل قېرىتىۋەتكەنىكەن. چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ ۋە ئاقىرىپ كەتكەن بوۋاي سىياقىدىكى بۇ ئادەم ھەر كۈنى بەش ۋاق نامازنى قازا قىلمايدىكەن. ئۇ دەسلەپتە ئەخمەتجاننى مەھبۇس سىياقىدا كىرگۈزۈلگەن ئىشپىيونمىكىن دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىپتۇ. لېكىن، ئەخمەتجاننىڭ بەدىنىدىكى يارا ئىزلىرى، ئۇنىڭ سەمىمىي مۇئامى-

لىسى، ئادىمىيلىكى بارا ـ بارا ئابدۇنىيازنى تەسىرلەندۈرۈپتۇ. ئابدۇنى ـ
ياز ئەخمەتجاننىڭ دۈرۈس ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا قومۇل
ـ تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا دائىر ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بىد ـ
راق، ئەخمەتجان ھەردائىم قول ئىشارىسى ئارقىلىق ئۇنى ئۈنلۈك ئاۋازدا
سۆزلەشتىن توسۇپتۇ. ئەسلىدە ئەخمەتجان دېرىزىگە ئورنىتىلغان مەخ ـ
پىي تىڭشىغۇچنى ئاللىبۇرۇن بايقاپ بولغانىكەن. ئابدۇنىياز بولسا بۇنى
تۇيمىغانىكەن. شۇڭا ئۇلار كۈندۈزى تۇرمۇش پاراڭلىرىنى قىلىشسا، كې ـ
چىسى ئەخمەتجان مەخپىي تىڭشىغۇچقا ھورنان (جىڭموما) سانجىپ قويۇپ
مەخپىي پاراڭلىشىپتۇ. مەخپىي تىڭشىغۇچ كۈندۈزى ئىشلەپ، كېچىسى
ئىشلىمىگەچكە، تۇرمە ساقچىلىرى تېرىكىشىپ سەۋەبىنى ھېچ تاپالماي
بىر ـ بىرىنى ئەيىبلىشىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ سۆيىقەستى
يەنە بىر قېتىم ئەمەلگە ئاشماپتۇ.
ـــ تۇرمە تەرەپ ماڭا تۇيۇقسىزلا باشقا مەھبۇسلاردىن پەرقلەندۈرۈپ
مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. مەن ئىچىمىزدىن ئاسىي چىقتىمۇ نېمە؟
ئۇلار نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىزلا يۇمشاپ قالىدۇ؟ دەپ ئويلىغانىدىم، ـــ
دەيتتى ئەپەندىم شۇ كۈنلىرىنى ئەسكە ئېلىپ، ـــ ئەسلىدە ئۇلار ئابدۇ ـ
نىياز مەخمۇت مۇھىتىنىڭ ئادىمى، شۇڭا بۇ ئىككىيلەننىڭ سىياسىي
قارىشىنىڭ ئوخشاشماسلىقىدىن پايدىلىنىپ ئەھۋال ئىگىلەيمىز، دەپ
ئويلىغانىكەن. ئەكسىچە بىز تۇرمىدىكى شۇ بىرنەچچە كۈننى مەززىلىك
تاماقلارنى يەپ، كۆلكە ـ چاقچاقلار بىلەن ئۆتكۈزۈۋالدۇق.
ئەخمەتجان ئابدۇنىياز كامال بىلەن بىللە ئىككى ئايدىن كۆپرەك
بىر كامېردا يېتىپتۇ. دۈشمەنلەر مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن،
ئەخمەتجاننى يەنە باشقا بىر كامېرغا يۆتكەش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغاندا،
ئابدۇنىياز كامال ئەخمەتجان بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، كۆز يېشى قىپتۇ.
ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كېتىشتىن بۇرۇن جىنا ـ
يى ئىسپاتلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئابدۇنىياز كامالنى مەخپىي ئۆلتۈرۈ ـ
ۋەتكەنىكەن.
دۈشمەن ئەخمەتجاننى يەنە باشقا بىر تار، قاراڭغۇ، ئىككى كىشىلىك
كامېرغا يۆتكەپتۇ. بۇ كامېرغا بىر قازاق يىگىتى قامالغانىكەن. ئۇلار بۇ
قېتىم مىللىتى ئوخشاشمايدىغان مەھبۇسلارنى بىر كامېرغا سولاش ئار ـ
قىلىق، مىللىي زىددىيەت تۇغدۇرۇپ ئۆزلىرىگە پايدىلىق بىرەر نەرسىگە

ئېرىشمەكچى بولغانىكەن، لېكىن دۈشمەن بۇ قېتىم چوتنى يەنە خاتا سوقۇپتۇ.

ئادەتتە كامېرنىڭ ئىشىكى دائىم ئېچىلمىغاچقا، ئىچىدىن چىدىغۇسىز سېسىق زەي پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىكەن. گۇندىپايلار ئەخمەتجاننى كامېرغا ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋەتكەندە، يەردە ساقال ــ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، چاچلىرى پاخپايغان بىر مەھبۇس ئەخمەتجانغا ھومىيىپ ياتقانىكەن.

ئۇزاق مۇددەت يالغۇز كامېردا ياتقان بۇ مەھبۇس بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن شېڭ شىسەينىڭ «ئات تاپشۇرۇش ھەرىكىتى»گە قارشى چىقتى دېگەن بەتنام بىلەن قامالغانىكەن. ئەسلىي بۇ يىگىت كۆك يايلاق ئاۋۇلىدىكى قېنى ئۇرغۇپ تۇرغان قازاق يىگىتلىرىنىڭ تۆرە ئاغىسى بولۇپ، بىپايان يايلاقتا ئاچا ياغاچ بىلەن چىرايلىق دىيەك ئورناتقان مىلتىقىنى دولىسىغا ئارتىپ، ئات چاپتۇرۇپ ئوۋ ئوۋلايدىغان، بۇرچىننىڭ ياپيېشىل گۈزەل تاغلىرىدا بۇركۈت قويۇپ بېرىپ تۈلكە ئالىدىغان، ئاچا دىيەكنى تاشقا تىرەپ تۇرۇپ چوققىدىكى ئارقار، ياۋا تېكىلەرنى ئوق زايە قىلماي تىك موللاق ئاتقۇزۇۋېتىدىغان ئوۋچى ئىكەن. شېڭ شىسەينىڭ 10 مىڭ ئات ئىئانە قىلىش سېلىقى بىلەن قورال يىغىۋېلىش پەرمانى ئۇنىڭ ئامراق ئېتى بىلەن ئوۋ ئوۋلاپ جېنىنى باقىدىغان مىلتىقىغا چۈشۈپتۇ. ئوۋچى ئۇچۇن بۇ ئىككى نەرسە جېنىدىنمۇ ئارتۇق. غەزەپلەنگەن ئوۋچى بۇ پەرمانغا قەتئىي بويسۇنماي، مىلتىق ۋە ئات يىغىشقا كەلگەن زالىڭ (باۋجاڭ)غا قارشى چىقىپتۇ. ۋەزىيەتنى تېزرەك ئورۇنلاپ چىقراق «مۇكاپات»قا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغان بۇ زالىڭ ئاخشىمى چېرىكتىن ئىككىنى باشلاپ ئوۋچىنىڭ كىگىز ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپتۇ. غەزەپلەنگەن ئوۋچى ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلگەن چېرىكنى يانپاشقا ئېلىپ يەرگە بېسىپتۇ، يەنە بىر چېرىك تامغا ئېسىقلىق مىلتىقنى تارتىۋالماق بولۇپ ئېتىلىپتىكەن، ئۇنىمۇ تىك موللاق ئاتقۇزۇۋېتىپتۇ. ئوۋچى يىگىت غەزىپىنى باسالماي ھىيلىگەر زالىڭنى كۆتۈرۈپ يىراققا تاشلاپتىكەن، زالىڭ بۇلۇڭدىكى داستا چىلاقلىق ئادالانمىغان قوينىڭ قېرىنىغا دۈم چۈشۈپ، يۈز ــ كۆزى ئىنىغا چىلىشىپ قاپتۇ. رەسۋا بولغان زالىڭ بىلەن ئىككى چېرىك قېچىپ چىقىپ، بىردەمدىلا يەنە بىرمۇنچە ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپ ئوۋچىنىڭ كىگىز ئۆيىنى قورشىۋاپتۇ. چېرىكلەر ئوۋچىنى ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانىغا قارشى چىقتىڭ، دەپ قولغا ئالماقچى

بوپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئۇۋۇچىنىڭ قېرى ئانىسى قورقۇپ بىر بۇلۇڭدا قېتىپلا قاپتۇ. ئۇۋۇچى قاراپ باقسا ئىش يامان، شۇڭا ئۇ ئېتىلىپ بېرىپ ئېسقلىق مىلتىقىنى ئاپتۇ ـ دە، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ بىر ئىسقىرتقانىكەن، موما ياغاچقا باغلاقلىق ئېتى چۇلۇۋۇرىنى ئۈزۈپ يورغىلىغان پېتى ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇۋۇچى يۈگەنسىز، ياۋىداق ئېتىغا بىرلا سەكرەپ مىنىپ، مىلتىقىنى دۈمبىسىگە ئېسىپتۇ ـ دە، چاپقان پېتى كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئەتىسى ھەممە يەردە ئۇۋۇچىنى تۇتۇش بۇيرۇقى ئېلان قىلىنىپتۇ. ئۆزىنى تۇتۇش بۇيرۇقىدىن خەۋەر تاپقان ئۇۋۇچى تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

ياز كېتىپ قىش كەپتۇ، ئۇۋۇچى يالغۇز ئانىسىنى سېغىنىپ قىشلاقىقا يوشۇرۇن قايتىپ كەپتۇ. بىراق، پايلاقچىلارنىڭ مەلۇم قىلىشى بىلەن تۈن يېرىمىدا تولۇق قوراللانغان نەچچە ساقچى تۇيدۇرماي ئۇۋۇچىنىڭ ئۆيىنى قورشىۋاپتۇ. ئۇۋۇچى تىۋىشنى ئاڭلاپ، قېچىشقا تەمشىلىپ تۇرۇشىغا، ساقچىلار ئېتىلىپ كىرىپ ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى باغلاپ، ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىگە ئاپىرىپ سولاپتۇ. بىگۇناھ يىگىت ساقچىلار تەرىپىدىن قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنىپ، سىياسىي جىنايەتچى دېگەن قالپاق بىلەن ئۈرۈمچىگە يالىنىپتۇ. بۇنداق ناھەقچىلىككە چىدىمىغان ئۇۋۇچى يىگىت تۈرمىدە ھېچكىم بىلەن گەپلەشمەيدىكەن، بىر بۇلۇڭغا تۈگۈلۈۋېلىپ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە بىر كۆزىنى قىسىپ مىلتىقنى قارىغا ئالغاندەك، بىر بارمىقى بىلەن مىلتىق تەپكىسىنى باسقاندەك قىلىپ، «پاڭ، پاڭ» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىدىكەن.

قىيىن ـ قىستاقنىڭ دەستىدىن ھوشىدىن كەتكەن ئەخمەتجاننى كۆرگەن ئۇۋۇچى ئاستا بېرىپ ئەخمەتجاننىڭ بېشىنى يۆلەپتۇ:

— ساغان نې بولدى، ئاغايىن؟ — ئۇۋۇچى ئۇزۇندىن بېرى گەپ قىلمىغان ئېغىزىنى ئېچىپتۇ، — سېنىدې ئاڭ مىلتىغىڭدى تاپسىرغانىڭ جوقپا؟

ئەخمەتجان كۆزىنى ئاران ئېچىپ يېنىدا تۇرغان قازاق يىگىتكە تىكىلىپتۇ ھەمدە ساپ قازاق تىلىدا:

— جوق ئاغايىن، مېنىدې قايتىپ ئاڭ مىلتىغى بولسىن، مېنى تۆڭكېرىس جاسايتىن بولدىڭ دېپ ئۇستابالدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

قازاق ئۇۋۇچى ئەخمەتجاننىڭ ساپ قازاقچە گېپىنى ئاڭلاپ، خۇددى ئۆزىنىڭ بىر تۇغقىنىنى كۆرگەندەك خۇشال بولۇپ، كۆزلىرىدىن تارام ـ

تارام ياش تۆكۈپتۇ.

ئەخمەتجان بۇ يىگىتنىڭ ئىسمىنى سورىغان چېغىدا، يالغۇز كىشى-لىك كامېرغا ئۈزۈن مۇددەت قاماپ قويۇلغان ئوۋچى بىر نەرسىدىن ئەن-سىرىگەندەك، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرىشكىمۇ ئۇنىماپتۇ ۋە مېنى ئاۋچى دېپ ئاتاۋ بېرگېن! دەپتۇ. ئوۋچىنىڭ دەپ بېرىشىچە، قامالغان ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە تۇرمە دائىرىلىرى ئۇنى بىرەر قې-تىممۇ سوراق قىلمايلا 10 يىل كېسىۋەتكەنىكەن. بۇ ئىككىيلەن قاراڭ-غۇ، سېسىق كامېردا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق سىردىشىدىكەن، ئازادلىققا بول-غان تەشنالىقلىرىنى ئىزھار قىلىشىدىكەن. ئوۋچى بولسا كۆڭلى تۈز، ئۇستا ئاقىن ئىكەن. ئاقىن ناخشىسى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئېزىلگۈ-چى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ نىداسىنى ئەكس ئەتتۈرسە، يەنە بىر تە-رەپتىن مېھنەتكەش، ئاق كۆڭۈل قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ ئات ـ تۆگىلەر بىلەن تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتۈشلىرىنى، بىپايان، گۈزەل يايلاقلارنى مەد-ھىيەلەيدىكەن.

ئەپەندىم تېپىشماق، ھېكمەتلىك سۆز ۋە ھېكايە ئېيتىشقا ئىنتايىن ئۇستا ئىدى. ئۇ قازاقىستاندىكى ۋاقتىدا قازاق تىلىنى ناھايىتى پىششىق ئۆگىنىۋالغانىكەن. ئۆزىنىڭ جانلىق ھېكايىلىرى ئارقىلىق ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ پارىخور ئەمەلدارلىرىنى ئاجايىپ كۈلكىلىك سۆزلەر بى-لەن مەسخىرە قىلىپ، ئوۋچىنى ئۈچىيى ئۈزۈلگۈدەك كۈلدۈرۈۋېتىدى-كەن. بۇ ئىككى مەھبۇس ئۈزۈندىن ئۈزۈنغا سوزۇلغان تۈرمە ھاياتىنى پەس ئاۋازدا بىللە ناخشا ئېيتىپ، ھېكايىلەرنى سۆزلىشىپ ئۆتكۈزىدى-كەن. دۈشمەنلەر ئەسلىدە ئوخشاشمىغان ئىككى مىللەتكە تەۋە ئىككى مەھبۇسنى بىر كامېرغا قاماپ، زىددىيەت تۇغدۇرۇش ئارقىلىق يىپ ئۇ-چىغا ئېرىشمەكچى بولغانىكەن، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ سۇيىقەستى بەربات بولۇپلا قالماي، ئەكسىچە بۇ ئىككىيلەننىڭ رىشتىسى بىر ـ بىرى بىلەن مەھكەم باغلىنىپتۇ.

بىر كۈنى گۈندىپايلار ئەخمەتجاننى يەنە دۆشكەلەپ سۆرەشتۈرۈپ ئاچىقىپ كېتىپتۇ. ئوۋچى كۆزىگە لىق ياش ئالغان ھالدا كامېرنىڭ ئى-شىكىگە قۇلىقىنى يېقىپ ئەخمەتجان قاچان قايتىپ كېلەر دەپ تىڭشاپ-تۇ، ئەمما كۈن خېلى كەچ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەخمەتجان قايتىپ كەلمەپتۇ. ئوۋچى بارغانسېرى تاقەتسىزلىنىپتۇ. ئەلياتقۇ بولغاندا كامېر ئىشىكى جاقىلداپ ئېچىلىپتۇ ـ دە، ئىككى گۈندىپاي يېرىم جان بولۇپ

قالغان ئەخمەتجاننى كامېرغا سۆرەشتۈرۈپ ئەكىرىپتۇ. ئۇۋچى ئەخمەتجاننىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا، پۈتۈن بەدىنى زەخىملىنىپ تىتىلىپ كەتكەن. ئۇۋچى ئەخمەتجاننى يۆلەپ ئۇنىڭغا قاتتىق ئىچ ئاغرىتىپتۇ ۋە ئاۋايلاپ سۇ ئىچكۈزۈپتۇ، لېكىن ئەخمەتجان يەنىلا ھوشىغا كەلمەپتۇ. ئىچى سىيرىلىپ كەتكەن ئۇۋچى يىگىت قازاق خەلقى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ناخشىنى مۇڭلۇق ئاۋازدا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. ھوشسىز ياتقان ئەخمەتجان ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئاستا ـ ئاستا كۆزىنى ئېچىپتۇ ۋە ئاغزىنى ئۆمەللەپ پەس ئاۋازدا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىشقا باشلاپتۇ. بۇ ئىككى مەھبۇسنىڭ ناخشا ساداسى گۈندىپايلارغا خۇددى جەڭ مارشىدەك ئاڭلىنىپتۇ ـ دە، ئالاق ـ جالاق بولۇپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇلارنى ناخشا ئېيتىشتىن توسۇپتۇ.

نەچچە كۈندىن كېيىن كامېرنىڭ ئىشىكى يەنە شاراقلاپ ئېچىلىپ ئىككى گۈندىپاي كىرىپ كەپتۇ ـ دە، سۈرلۈك قىياپەتتە ئەخمەتجانغا يۈك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىشنى بۇيرۇپتۇ. بۇ ئىش ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى. ئۇۋچى يىگىت ئۆزىنى تۇتالماي، ئەخمەتجاننى قۇچاقلىۋېلىپ زادىلا قويۇپ بەرمەپتۇ. گۈندىپاي دەرغەزەپ ئىچىدە مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇۋچىنىڭ قوۋۇرغىسىغا نەچچىنى ساپتۇ، لېكىن ئۇۋچىنىڭ قولىدىن ئەخمەتجاننى ئاجرىتىۋالالماپتۇ. ئاخىر ئىككى گۈندىپاي ئۇۋچىنى قاتتىق ئۇرۇپ يىقىتىپ ئەخمەتجاننى تالاغا سۆرەپتۇ. ئەخمەتجان ئۆزىنى راسلاپ غالچىلارغا مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، جانسىز تېنىنى سۆرىگىنىچە سىرتقا مېڭىپتۇ. ئۇۋچى ئالمان ـ تالمان يەردىن قوپۇپ: «ئاقمېت، باۋۇرۇم ئاقمېت!» دېگىنىچە يىغلامسىراپ، تاراقلاپ ئېتىلگەن كامېرنىڭ تۆمۈر رېشاتكىسىدىن قارىغىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ. ئەپەندىم كەينىگە بۇرىلىپ: «ئۇۋچى دوستۇم، خەير خوش، ئامان بولغىن!» دەپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇۋچى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئەخمەتجاننىڭ ئارقىسىدىن قارىسى يىتكۈچە قاراپ قاپتۇ.

دۈشمەن ئەخمەتجاننىڭ ئاغزىدىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي، ئامالسىز ئۇنى بۇرھان شەھىدى، زىيا سەمەدى، ھېلالىدىن ئەزىزى، نەمەت خەلپەت، غېنى مەمەتباقى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن داۋالىنىپ قايتقان جاۋ مىڭدې، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ قايتقان توختى ئەلىموف قاتارلىق كىشىلەر قاتارىدا بىر كىشىلىك كامېرغا سولاپتۇ. بۇ سىياسىي مەھبۇسلار شامالداشقا چىققاندىلا كۆرۈشۈپ قالىدىكەن، پاراڭلىشىشقا

رۇخسەت قىلىنمايدىكەن.

نەمەت خەلپەت (1888 ـــ 1962) ـــ پىچان ناھىيەسىدىن. ئۇيغۇر، شائىر، 1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي دائىرىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنـ. غان. توققۇز يىلدىن ئارتۇق تۈرمىدە ياتقان. 1946 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلـ. كىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، 11 بىتىمنىڭ سىياسىي مەھـ. بۇسلارنى قويۇپ بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن قويۇۋې. تىلگەن. بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىن غۇلـ. جىغا بېرىپ، يەتتە ۋىلايەت خەلقچىللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولـ. غان. ئۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم راـ. يونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى قاتارـ. لىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

غېنى مەمەتباقى 1944 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدىكى شېڭ شىـ. سەي تۈرمىسىدىن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇـ. نى «ئالتە ئوغرى»نىڭ بىرى دەپ تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، خەلق ئۇنى «غېنى باتۇر» دەپ ئاتىغان. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، ھەربىي سوتنىڭ باشـ. لىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئازادلىقتىن كېيىن تەقىبكە ئۇچـ. رىغان. 1955 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىپ، 1981 ـ يىلى ئالمۇتادا كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن.

خەنزۇ سىياسىي مەھبۇس جاۋ مىڭدې ئەخمەتجان بىلەن تۈرمىدە رۇسچە سۆزلىشىدىغان ھەم ئۇنىڭغا خەنزۇچە ئۆگىتىدىغان بىردىنبىر كىشى ئىكەن. ئۇ شەرقىي شىماللىق بولۇپ، يەنئەنگە كېلىپ ئىنقىلابقا قاتناشقاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا داۋالىنىپ، يەنئەنگە قايتىش سەپىرىدە ئۈرۈمچىگە كەلگەندە شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغاـ. نىكەن. ئۇ باشقا ئىسمى قوللانغانمۇ، بۇنىسى نامەلۇم. شېڭ شىسەي دائىـ. رىلىرى ئۇنى تۈرمىدە قاتتىق قىينىغان، كامېردىن ئاچىقىپ كېتىلگىـ. نىچە ئىككىنچى قايتىپ كەلمىگەن. ئەخمەتجان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغاندىن كېيىن جاۋ مىڭدېنى خېلى سۈرۈشتۈرگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىدى. بەلكىم ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بولسا كېرەك. ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن ئىشتاب باشلىقى بولغان زۇنۇن تېيىپوف 1959 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلغان بىر ئەسلىمىسىدە جاۋ

مىڭدېي بىلەن ئەخمەتجاننىڭ شۇ مەزگىلدىكى تۇرمە ھاياتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدى.

ئەمدى ئۆز گېپىمگە كەلسەم، ئەخمەتجان ئۇرۇمچىدە تۇرمىگە قامال-غان ئاشۇ يىلى، يەنى 1944 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئىلى ۋىلايى-تىنىڭ نىلقا ناھىيەسىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەنىدى. بۇ خەۋەر تېزلا تۇر-مىگە يېتىپ كەپتۇ. شۇ چاغدا مەلۇم بىر كىشى سىرتتىن تۇرمىگە خەت ئارقىلىق ئۇچۇر يەتكۈزگەنىكەن. شامالداتقىلى ئاچىققاندا كىمدۇر بىرى ئەخمەتجاننىڭ قولىغا بىر قەغەزنى تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭدا: «قېرىندا-داشلار، خۇش خەۋەر، ئىلى خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. دۈشمەننىڭ زى-يانكەشلىك قىلىشىدىن قاتتىق ھوشيار بولۇڭلار!» دەپ يېزىلغانىكەن.

ئەخمەتجان بۇ قەغەزنى تامنىڭ تۆشۈكى ئارقىلىق باشقا سىياسىي مەھبۇسلارغا يەتكۈزۈپتۇ. مەھبۇسلارنىڭ ئۆزئارا پاراڭ سېلىشىغا رۇخ-سەت قىلىنمىغاچقا، ئۇلار ئىشارەت بىلەن بىر - بىرىگە تەسەللى بې-رىشىپ، چەكسىز ھاياجانغا چۆمۈپتۇ.

جاللاتلار ئەخمەتجاننى باش ئەگدۈرەلمەي، ئادەتتىكى مەھبۇسلار قا-تاردا 2 - تۇرمىنىڭ سوپۇن زاۋۇتىغا يۆتكەپ كېلىپ ئېغىر ئەمگەكلەر-گە ساپتۇ. مەھبۇسلار بۇ يەردە سوپۇن، سەرەڭگە، كۆن - خۇرۇم ئىشلەپ-چىقىرىدىكەن. ماشىنا، هارۋا رېمونت قىلىدىكەن. ئەخمەتجان تاش تو-شۇيدىكەن، تام قوپۇرىدىكەن. كېيىنچە سوپۇن ئېرىتىش كۆلچىكىگە سۇ توشۇپتۇ. بۇ يەردىكى ھاك كۆلچىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى تۆت مېتىردىن ئاشىدىكەن، چوڭقۇرلۇقى ئادەم بويى كېلىدىكەن. مەھبۇسلار ھاك تاشلىرىنى كۆلچەككە تۆكۈپ، ئۈستىگە سۇ قۇيىدىكەن. ھاك تېشى سۇغا تەگكەن ھامان ۋىژىلداپ كۆپۈك ئۆرلەيدىكەن. پۇرقىراپ چىققان ئاق تۇتەك ئادەمنىڭ بۇرۇنلىرىنى ئېچىشتۇرۇۋېتىدىكەن. ھاك سۈيى ئا-دەمگە چاچراپ كەتسە، چاچرىغان يەر شۇ ھامان كۆيۈپ، سۇلۇق ئىششىق كۆتۈرۈلۈپ چىقىدىكەن. ئەخمەتجان كۈنبويى ئېغىر ئەمگەك قىلىپ، تو-زۇك نەرسىمۇ يېيەلمىگەچكە، ئورۇقلاپ بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ غىڭ قىلماي ئەتىگەندىن - كەچكىچە كۆلچەككە سۇ توشۇيدىكەن، ھاك تاشنى توختىماي قوچۇيدىكەن، تېشىلىپ جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن بىر جۈپ پەلىيى ئۇنىڭ قولىنى قوغدايدىغان بىر-دىنبىر قورالى ئىكەن.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئەخمەتجان ماڭا سۆزلەپ بەرگەن مۇنداق

بىر ئىش يادىمغا كېلىپ قالدى.

ئەخمەتجان كۆلچەككە ئەپكەش بىلەن سۇ توشۇۋاتقاندا، گۇندىپاي زاجىڭسا (ئۇنىڭ ئىسمى زايىت ئىكەن) ساقچى كالتىكىنى تۇتقىنىچە ئەخمەتجاننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن قۇسۇر چىقىرىپتۇ. زاجىڭسا ئەخمەتجانغا بولغان «نازارىتى»نىڭ قانچىلىك قاتتىق ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ غوجىسىغا قانچىلىك سادىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ساقچى كالتىكى بىلەن ئۇ يەر - بۇ يەرنى كۆرسىتىپ، بىردەم «هاك سۈيىنى ياخشى ئارىلاشتۇرمىدىڭ» دېسە، يەنە بىردەم «هاكنى ئاز قۇيدۇڭ» دەپ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈۋېرىپتۇ. ئەخمەتجان ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلسىمۇ، ئۇنى يەنىلا بوزەك قىلىۋېرىپتۇ.

بىر كۈنى زاجىڭسا ئەخمەتجانغا هاك كۆلچىكىدىكى ئېرىپ بولالمىغان هاك تېشىنى ئېلىپ ئۆيىنىڭ تېمىنى ئاقارتىپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. زاجىڭسا كۆلچەكتە ئېرىۋاتقان هاك تېشىنى ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ قەستەن شۇنداق دېگەنىكەن. ئەخمەتجان بۇ ئەبلەخنىڭ يەنە قۇسۇر ئىزدەۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، قايسى تاشنى ئېلىشنى سوراپتۇ. زاجىڭسا ئۆزىچە «ئەمدى ئەخمەتجاننى بويسۇندۇردۇم» دەپ، هاك دۆۋىسىنىڭ يېنىغا كېلىشىگە، ئەخمەتجان يىقىلىپ چۈشكەن بولۇپ، هاك سۈيى قاچىلانغان چېلەكنى پۇتى بىلەن بىر تېپىپتىكەن، هاك سۈيى چاچراپ چىقىپ زاجىڭسانىڭ ئۇستىبېشىنى رەسۋا قىلىۋېتىپتۇ. زاجىڭسا ۋايىسىغان پېتى يۈز - كۆزىنى ئاندا - مۇندا سۈرتۈپ، قولىدىكى كالتىكى بىلەن ئەخمەتجاننى نەچچىنى ئۇرۇپتۇ ھەمدە هاك كۆلچىكىگە بىر پارچە كۆمۈرنى تاشلىۋېتىپ، ئەخمەتجانغا سۈزۈۋېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەخمەتجان كۆمۈر پارچىسىنى ئالغان بولۇپ، ئۇزۇن كالتەك بىلەن هاك كۆلچىكىنى كۈچەپ ئىلەشتۇرۇپتۇ. زاجىڭسا قولىدىكى كالتىكىنى پۇلاڭلاتقىنىچە: سەن هاك كۆلچىكىگە كۆمۈر تاشلاپ قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلدىڭ، دەپ ئېتىلىپ كېلىپ ئەخمەتجاننى يەنە دۇمبالاپ كېتىپتۇ. زاجىڭسا بۇنىڭلىق بىلەنلا توختاپ قالماي، ئۆكتەملىك قىلىپ ئەخمەتجانغا كۆلچەكتىكى كۆمۈرنى قولىغا پەلەي سالماي تۇرۇپ ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئېنىقكى، ئۇنىڭ مەقسىتى ئەخمەتجاننىڭ قولىنى هاك سۈيىدە كۆيدۈرۈش ئىكەن. ئەپەندىم ئەمدى زادىلا تاقەت قىلىپ تۇرالماپتۇ!

ئەپەندىم مۇشتۇمىنى تۈگكىنىچە، گۇندىپايغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ
قاراپ تۇرۇپتۇ. زا جىڭسا ئەخمەتجاننىڭ مىت قىلماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ
يانچۇقىدىن بىر تال تاماكا ئېلىپ كالپۇكىغا قىستۇرۇپتۇ ـ دە، سارغىدـ
يىپ كەتكەن چىشلىرىنى ھىڭگايتقان پېتى ئەخمەتجاننىڭ ئالدىغا كەپـ
تۇ. بۇنى كۆرۈپ باشقا مەھبۇسلارنىڭ بەدىنىنى سوغۇق تەر بېسىپتۇ.
مەھبۇسلار بۇ ئەبلەخنىڭ زەھەرخەندىلىكىنى، ھەرقانداق يامان ئىشنى
قىلىشتىن يانمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىشىدىكەن. بۇ مەخلۇق بۇنىڭدىن
بۇرۇنمۇ ئەنە شۇنداق پەتىۋالار بىلەن نۇرغۇن مەھبۇسلارنى ئۇرۇپ ئۆلـ
تۈرۈۋەتكەنىكەن. ئەمدى ئەخمەتجاننى نېمە قىلىۋېتەر؟
گۇندىپاي تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ بولۇپ يەنە بىر قېتىم ئەخمەتـ
جاننى قولىدىكى يىرتىلىپ بارماقلىرى چىقىپ قالغان پەلەينى سېلىۋېـ
تىپ، ھاك سۈيى ئىچىدىن كۆمۈر پارچىسىنى سۈزۈشكە بۇيرۇپتۇ. ئەپەنـ
دىم بۇ نۆۋەت بېشىغا يەنە قانداق كۈلپەت كېلىشى بىلەن ھېسابلاشماي،
زا جىڭسا بىلەن بىر تۇتۇشۇش نىيىتىگە كەپتۇ. ئەخمەتجاننىڭ بۇ ئەلپاـ
زىنى كۆرگەن بىر تۇرمىدىشى دەرھال گۇندىپاينىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇـ
نىڭغا: «ئەخمەتجاننىڭ ئورنىدا كۆمۈر پارچىسىنى مەن ئېلىۋېتەي» دەپ
يېلىنىپتۇ. ئەخمەتجان ياخشى نىيەتلىك تۇرمىدىشىنى ئاستا يانغا ئىتـ
تىرىۋېتىپ، قەددىنى رۇسلاپ گۇندىپايغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئەمدى قەتـ
ئىي ئىرادىگە كېلىپ، كۆڭلىدە ھەرقانداق ئاقىۋەتلەرگە تەييارلىق قىلىپ
قويغانىكەن.
زا جىڭسا تاماكىسىنى كۈچەپ ئىككى تارتىۋېتىپ، ئەخمەتجاننىڭ
ئالدىغا كەپتۇ ـ دە، يەنە بىر قېتىم بۇيرۇق بېرىپتۇ ۋە تەھدىت قىلىپ
ساقچى كالتىكىنى شىلتىغانىكەن، ئەخمەتجان كالتەكنى تارتىۋېلىپ يىـ
راققا چۆرۈۋېتىپتۇ. زا جىڭسا تېرىككىنىدىن چايناپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك
ئەلپازى بىلەن ئەخمەتجاننىڭ كاچىتىغا شاپىلاق بىلەن بىرنى ساپتۇ. تاـ
قىتى چېكىگە يەتكەن ئەخمەتجان زا جىڭسانىڭ بېلىدىن ئېلىپ قۇچاقـ
لىغان پېتى ئۆزىنى ھاك كۆلچىكىگە تاشلاپتۇ. گۇندىپاي ئاپپاق ھاك
سۈيى ئىچىدە نەچچە قېتىم بۇرۇقتۇرما بولۇپ تۇنجۇقۇپ قالغىلى تاسلا
قاپتۇ. قالغان مەھبۇسلار «ئەجەب جاجىسىنى يېدى» دەپ قاقاھلاپ كۈـ
لۈشۈپتۇ. سېپىل ئۈستىدە نازارەت قىلىپ تۇرغان قاراۋۇل پۇشتەك چېـ
لىپ ۋارقىراپتۇ، ساقچىلار يۈگۈرۈپ كېلىپ ھېلىقى گۇندىپاينى ھاك
سۈيىدىن ئاران سۇزۇۋاپتۇ. بىرقانچە مەھبۇس يۈگۈرۈپ كېلىپ ئەخمەتـ

جانىنمۇ كۆلچەكتىن تارتىپ چىقىرىپتۇ. تېرىلىرى ھاكتا كۆيۈپ كەتكەن
زاجىڭسا قاتتىق رەسۋا بوپتۇ. ساقچىلار ئەخمەتجاننى پۇت ـ قولىغا كويى-
زا ـ كىشەن سېلىپ قاراڭغۇ ئۆيگە ئېسىپ قويۇپ قامچىلاپتۇ.

ساقچىلار ئەخمەتجاندىن ھېچقانداق گەپ ئالالماي، ئاخىر ئۇنى ئاش-
خانىدا ئاشپەزگە ياردەملىشىشكە بۇيرۇپتۇ. ئەخمەتجاننىڭ ئىشچانلىقىغا
كۆزى چۈشكەن ۋاڭ فامىلىلىك تۇرمە باشلىقى (ئىسمى ۋاڭ دەيمىڭ ئى-
كەن) ئۇنى ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشلىرىغا بۇيرۇيدىغان بولۇۋاپتۇ. ئۇ ھەر
كۈنى ئەخمەتجانغا ئەپكەش بىلەن ئۆيىگە سۇ توشۇغۇزىدىكەن، ئوچىقىغا
ئوت قالىتىدىكەن، ئۆيىنى تازىلىتىدىكەن، ھەتتا بالىسىنىڭ پوق ـ
سۈيدۈككە مىلەنگەن زاكىلىرىنى، كىرلىرىنى يۇيدۇرىدىكەن. بىر كۈنى
ۋاڭ دەيمىڭ ئەخمەتجاننى خوتۇنىنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇشقا بۇيرۇپتۇ.
ئەخمەتجان قارىغۇدەك بولسا، كىر كىيىملەرنىڭ ئىچىدە بۇ نومۇسسىز
تۇرمە باشلىقىنىڭ خوتۇنىنىڭ قان ئۇيۇپ قالغان ئىچ كىيىممۇ تۇرغۇ-
دەك. ئەخمەتجان ھەرقانچە ئېغىر ئىش قىلىشقا رازى بولسىمۇ، بۇنداق
ھاقارەتكە چىداپ تۇرالماي، كىرلەرنى تاشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.
ۋاڭ دەيمىڭ ساقچى كالتىكىنى پۇلاڭلىتىپ قورقۇتۇپمۇ بېقىپتۇ، لېكىن
ئەخمەتجان ئۇنىڭغا قەتئىي بويسۇنماپتۇ. ۋاڭ دەيمىڭ ئەخمەتجانغا ھەر-
قانداق قىيىن ـ قىستاق، كالتەك ـ توقماقلارنىڭ كار قىلمايدىغانلىقى-
نى بىلگەچكە، ئۇنى قاراڭغۇ ئۆيگە ئۈچ كۈن سولاپ شامالداشقىمۇ چى-
قارماپتۇ.

بۇ يەردە بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق بىر قىزىقارلىق ئىش بار:

ئەخمەتجان تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا
رەھبەرلىك قىلدى ھەمدە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رە-
ئىسى بولدى. 1946 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۇرۇمچىدە بىرلەشمە
ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىلغاندا، ئامما ئا-
رىسىدا تۇرغان ۋاڭ دەيمىڭ ئۆزىگە تونۇش «مەھبۇس» ئەخمەتجاننىڭ گو-
مىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن بىللە رەئىس سەھ-
نىسىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن ئەس ـ ھوشىنى يوقى-
تىپ قويۇپتۇ، بولۇپمۇ ئەخمەتجاننىڭ تونۇش ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كې-
يىن، ئەمدى ماڭا ياخشى كۈن يوق دەپ ئويلاپتۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئۆزى
خورلىغان بۇ مەھبۇسنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئا-
ۋىن رەئىسى بولىدىغانلىقىنى ئۇ نەدىمۇ خىيالىغا كەلتۈرسۇن؟ بۇ مەلئۇن

ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن دېگەندەك تۇرغان يېرىدە روھى چىقىپ كەتكەن مۇردىدەك قېتىپلا قاپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ مەھشەر كۈنىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپتۇ. ۋاڭ دەيمىڭ ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدىغان، كېچىلىرى ئۇخلىيالماي قارا بېسىپ ئويى-غىنىپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. خوتۇنى بۇنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ. نەچچە كۈن ئۆتمەي ۋاڭ دەيمىڭ قورققىنىدىن كۆدە - كۆرپە-سىنى يىغىشتۇرۇپ گەنسۇغا قېچىپ كېتىپتۇ.

ھەممىگە مەلۇم، 1944 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى نىلقا ناھە-يەسىنىڭ ئۇلاستاي دېگەن يېرىدە دېھقان - چارۋىچىلار قوزغىلاڭ كۆتۈ-رۈپ نىلقا ناھىيە بازىرىنى تېزلا ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىگە قارشى كۈرەش دولقۇنى قوزغىلىپ، ئۇرۇش ئوتى ھەممە يەرنى قاپلىدى. شىڭ شىسەينىڭ زۇلمىدىن جاق تويغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى قوراللىق كۈرىشى توسۇغىلى بولمايدىغان تارىخىي ئېقىمغا ئايلان-دى. گۇلدۇرلىگەن توپ - زەمبىرەك ئاۋازلىرى تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك قوراللىق كۈرەشنىڭ باشلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قوزغىلاڭنى قاتتىق باستۇرۇش ئۈچۈن ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ بىڭدېنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇ-ۋەققەت ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. ليۇ بىڭدې ۋالىيلىققا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئىلى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گاۋ ۋېي قاتارلىقلار بىلەن بىللە ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، ۋەزىيەتنىڭ مۆلچەردىكىدىن جىددىي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئەھۋالنى دوكلات قىلىپ، ئەسكەر كۆپەيتىپ ۋەقەنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىش تەكلىپىنى بەردى. بىراق، قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى كېڭىيىپ، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان كۈچكە ئايلاندى. بۇ شىڭ شىسەينىڭ زوراۋان-لىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇقەررەر ئاقىۋەت ئىدى، ئەلۋەتتە.

1944 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى گومىنداڭ 8 - ئۇرۇش رايو-نىنىڭ باش قوماندانى جۇ شاۋلياڭ جياڭ جيېشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەخپىي بۇيرۇقىنى ئېلىپ شىنجاڭغا يېتىپ كەلدى. مەقسەت مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ شىڭ شىسەينى چۆچۈتۈپ-غا يۆتكەپ، دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىر-

لىقىغا تەيىنلىمەكچى بولغانلىقىنى، سابىق دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق
مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى شېن خوڭلىيېنى بولسا باشقا ۋەزىپىگە
قويماقچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش ئىدى. 1944 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ
كۈنى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى پەرمان چۈشۈرۈپ، ئەينى ۋاقىت-
تىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى موڭغۇل ـ تىبەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى
ۋۇ جۇڭشىنىنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. بۇ پەر-
مانغا ئاساسەن شېڭ شىسەي شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىدىن
ئىستېپا بەردى.

1944 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شىنجاڭغا 11 يىل ھۆكۈمرانـ
لىق قىلغان، ئىككى قولى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بو-
يالغان جاللات، ئۆزىنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ «داھىيسى» دەپ ئاتىۋالغان
شېڭ شىسەي ئون نەچچە ماشىنا ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئېلىپ چۇڭچىڭغا
راۋان بولدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى «داغدۇغىلىق» قارشى ئېلىپ،
دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرلىقىغا تە-
يىنلىدى.

1944 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭنىڭ
ئارمىيە ـ ھۆكۈمەت ھوقۇقىنى قولىغا ئالدى. 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى
گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى پەرمان چۈشۈرۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتنى قايتا تەشكىللەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ۋۇ جۇڭشىن
شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قايتا
تەشكىللەنگەنلىكىنى جاكارلاپ، يېڭىدىن تەشكىللەنگەن ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەتنىڭ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن ئوخشاشمايدىغانلىقىنى ئىپا-
دىلىمەكچى بولدى. ئۇ مەركەزنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە بولغان «غەمخورلۇ-
قى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئالدىراپ، قوراللىق باستۇرۇش بىلەن يۇم-
شاق ۋاسىتە ئارقىلىق بېقىندۇرۇش ئۇسۇلىنى تەڭ قوللاندى.

10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ۋۇ جۇڭشىن قول ئاستىدىكىلەرنى يىغىپ،
قوراللىق قوزغىلاڭنى بىر تەرەپ قىلىشتا باستۇرۇش بىلەن غەمخورلۇق
قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى بېكىتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن قوراللىق
باستۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، يەرلىكتە «قوغدىنىش ئەترىتى»نى تەش-
كىللەپ قورال تارقاتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، جايلاردىكى يۇقىرى قاتلام زات-
لىرىنى ئۆزىگە مايىل قىلىش ئۈچۈن ئۇلاردىن ھال سورىدى. خەلقنىڭ

كۆڭلىنى مايىل قىلىش ئۈچۈن ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى دېڭ شياڭخەي قاتارلىقلارنى غۇلجىغا ئەۋەتىپ يالغاندىن ھال سوردى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىك خەلققە بولغان «غەمخورلۇقى»نى كۆز - كۆز قىلماقچى بولۇپ، شېڭ شىسەي مۇسادىرە قىلغان، بۇلىۋالغان مال - مۈلۈكلەرنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەردى. ۋۇ جۇڭشىن يەنە شېڭ شىسەي تۈرمىگە تاشلىغان زاتلارنى قويۇپ بېرىپ، ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ بەزىلىرىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى، بەزىلىرىگە يول خىراجىتى بېرىپ يۇرتىغا يولغا سالدى. لېكىن، تۈرمىگە سولانغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرى، كادىرلىرى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى قويۇپ بەرمىدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان سىياسىي ئامىل ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ تۈرمىدىن چىقىشىغا سەۋەب بولدى، ئەپەندىم قاماقتا يەتكۈچە ئازاب - ئوقۇبەت چېكىپ، ئاخىر 1944 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تۈرمىدىن چىقتى.

تۈرمىدىكىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالىنى ۋۇ جۇڭشىن خېلى ۋاقىتتىن كېيىن مەركەزگە يوللىغانىكەن. تۆۋەندىكىسى ۋۇ جۇڭشىن ھۆكۈمىتى مىنگو 34 - يىلى، يەنى 1945 - يىلى 5 - ئايدا مەركەزگە يوللىغان «گومىنداڭ 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىغا سۇنۇلغان شىنجاڭ خىزمىتى ھەققىدىكى دوكلات»نىڭ قوشۇمچىسى:

### 1. يىغىلىپ قالغان دېلولارنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالى

بۇ نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت قايتا تەشكىللىنىشتىن ئىلگىرى، ئۆلكىلىك ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسى ۋە ھەر دەرىجىلىك ساقچى ئىدارىلىرى قامىغان ئىچكى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغان ۋە باشقا جىنايى ئىشلار دېلوسى سادىر قىلغان جىنايەتچىلەر *3005* نەپەر. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى ۋىلايىتىدىكى تۈرمىلەرگە قامالغىنى *224* نەپەر، تۇيۇقسىز ۋەقە تۈپەيلىدىن بىر تەرەپ قىلىنمىغان باشقا جىنايەتچىلەر *2851* نەپەر. مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ساقچى ئىدارىسى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەن، جىنايى پاكىتى تولۇق بولمىغان ياكى

قامالغان ۋاقتى ھۆكۈم قىلىنغان جازا مۇددىتىنىڭ يېرىمىدىن ئېشىپ كەتكەنلەر، قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزمەيدىغانلار قويۇپ بېرىلدى ھەمدە ئىقتىدارىغا قاراپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ ياش، تەربىيەلىۋېلىشقا بولىدىغانلار تۈرلۈك كۇرسلاردا تەربىيەلەندى؛ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەرگە قۇتقۇزۇش بېرىلدى. بۇلتۇر 10 - ئايدىن بۇ يىل 2 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 1762 نەپەر جىنايەتچى سوراق قىلىنىپ، دېلوسى ئاياغلاشتۇرۇلدى. جىنايى قىلمىشى مۇرەككەپ، تەكشۈرۈپ ئىسپات ئېلىش قىيىن بولغانلارنى ساقچى ئىدارىسى ۋاقتىنى چەك تۇتۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىۋاتىدۇ.

## 2. جىنايەتچىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش جەدۋىلى (قىسقارتىلدى)

خوش، بايىقى گېپىمىزگە كەلسەك، ئەپەندىم قويۇپ بېرىلىدىغان كۈنى ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لىيۇ بىڭدې ئۆزىنى تازا بىر «شەپقەتچى» قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولۇپتۇ. چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، مۇلايىم قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئەخمەتجاننى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپتۇ، ئۇنىڭغا ئۆيىگە قايتىش خىراجىتىنى بېرىپتۇ ھەمدە ساپ ئۇيغۇر تىلىدا چىرايلىق گەپلەر بىلەن «ئاقيول» تىلەپتۇ، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ «دۇبەن» ئالدىدا ئەخمەتجان ئۈچۈن قانچىلىك ياخشى گەپلەرنى قىلىپ ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى ئىزھار قىپتۇ. دۇبەننىڭ مەركەزگە ئۆستۈرۈلۈپ مۇھىم خىزمەتكە تەيىنلەنگەنلىكىنى دەپتۇ. ئاخىردا ئۇنىڭ غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن «تەرتىپلىك» بولۇشىنى ئۈمىد



1944 - يىلى، ئەخمەتجاننىڭ تۈرمىدىن چىققان ۋاقتى

قىلىپ ئۈچ تۈرلۈك تەلەپنى قويۇپتۇ. بىرىنچىسى، ھەپتىدە بىر قېتىم شۇ يەردىكى ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ تۇرۇش؛ ئىككىنچىسى، ھۆكۈمەتكە قارشى گەپ - سۆز ياكى ھەرىكەتلەرنى بايقىغان ھامان دەرھال ئۆزىگە مەلۇم قىلىش؛ ئۈچىنچىسى، تۇرغان يېرىدىن باشقا جايلارغا ئۆز مەيلىچە كېتىۋەرمەسلىك.

شۇنىڭ بىلەن ئەخمەتجان كامېرغا كېلىپ، يۈك - تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپتۇ. لىيۇ بىڭدې ئۇنى ئۇرۇمچى 2 - تۈرمىسىدىن (ئازادلىقتىن كېيىن بۇ تۈرمە «دۆڭكۆۋرۈك مۇنچىسى» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن) دەرۋازىغىچىلىك ئۇزىتىپ چىقىپتۇ، ھەتتا تۈرمىدە قالغان ھىلالىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار بىلەن خوشلىشىشقىمۇ رۇخسەت قىپتۇ. ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن ھىلالىدىن ئاكا ئەخمەتجاننىڭ قولىنى چىڭ سىققان بولۇپ، لىيۇ بىڭدې دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتە ئۆيىگە يازغان خەتنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئەخمەتجان بۇ تۈرمە دەرۋازىسىدىن چىققاندا، پۈتۈن بەدىنى ساپ ھاۋادىن يايراپ، ئەركىن نەپەس ئېلىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇرھان شەھىدى، ھىلالىدىن ئەزىزى، توختى ئەلىموف، بارات روزىباقىيېۋ قاتارلىق سىياسىي مەھبۇسلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن قويۇپ بېرىلىپتۇ.

ئەخمەتجاننىڭ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئۇزۇل - كېسىل ئاغدۇرۇش ئىرادىسى ھېچقاچان تەۋرىگەن ئەمەس. ئىنقىلاب مەشئىلى ئۇنىڭ قەلبىدە ئۇزۇندىن بېرى توختىماي يالقۇنجاپ كەلگەن، بۈگۈن ئۇنىڭ تۈرمىدىن چىقىشى خەلق ئاممىسىغا رەھبەرلىك قىلىپ گومىنداڭغا قارشى كەڭ كۆلەملىك كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

قاتتىق قىيىن - قىستاق، ئازاب - ئوقۇبەت ئەخمەتجاننى قەتئىي باش ئەگدۈرەلمەپتۇ. مانا ئەمدى ئۇ ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلۇپ، تېخىمۇ قەيسەر ئىرادە بىلەن ئۆز يۇرتى غۇلجىغا قاراپ يول ئاپتۇ...

# 16. خۇش پۇراق سەبدەگۈل

ئەخمەتجان قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغاندا، بىز ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلىدىغان بولدۇق دەپ كۆز يېشى قىلىشقانىدۇق. مانا ئەمدى ئەخمەتجان ئۆرۈمچىدىكى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپتۇ، دېگەن خەۋەر غۇلجىغا يېتىپ كېلىشكە، ئائىلە بويىچە خۇشاللىقتا چۆمۈپ، ئۇنى كۈ-تۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلدۇق.

1944 - يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئەخمەتجان تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەنلەرگە تارقىتىلىدىغان يول خىراجىتىگە ئايروپىلان بېلىتى ئې-لىپ غۇلجىغا قايتىپ كەلدى. بۇ كۈنى ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئۆيگە ئەخمەتجان بىلەن كۆرۈشۈشكە يىغىلىشقانىدى. چۈنكى، ھەممىمىزنىڭ چوڭى بولغان مومام بىز بىلەن بىللە تۇراتتى، ئەخمەتجان ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن موماممىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ - دە!



كىچىك ئاپام مېنى يەنە بىرنەچچە قىز بىلەن ئەخمەتجان تۇرىدىغان ئۆينى تازىلاشقا دەپ بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن، بۇ «داغدۇغىلىق» قارشى ئې-لىشقا مۇيەسسەر بولالماي بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن سىرتقا قاراپ ماڭدىم. بۇ چاغدا ئۇرۇق - تۇغقانلار ئەخمەتجاننى ئورىۋېلىپ ئولاش - چولاش دەرۋازىدىن كىرىپ كېلىشىۋېتىپتۇ. كۈتۈلمىگەندە، مېنىڭ چىد-قىشىمغا ئەخمەتجاننىڭ كىرىشى توغرا كېلىپ دوقۇرۇشۇپ قالدۇق. كۈز پەسلى، ھەرخىل گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان ۋاقىت، ئەخمەتجان قولىغا بىر تال سېرىق سەبدەگۈل ئېلىۋالغانىكەن. تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى شۇنداقمۇ، ئەخمەتجان كۈلۈمسىرىگىنىچە قولىدىكى سېرىق سەبدەگۈلنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويدى - دە، ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئەخمەتجان تۈرمىدە قىيىن - قىستاقلارغا ئېلىنىپ شۇنچىلىك ئا-جىزلاپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى تارتۇقلار ئەمدى مەڭگۈ ئۆچمەس تامغا بولۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ موماممىنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتكەنىدى.

لېكىن، نېمىلا بولمىسۇن ئۇنىڭ تىرىك قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ بەخت.

بۇ چاغدا، غۇلجىنىڭ ۋەزىيىتى يەنىلا جىددىي، ھەممە يەرگە «ھۆكۈمەت» چىقارغان «ئالتە ئوغرى»نىڭ كەينىدىن ئەگەشمەڭلەر، دېگەن پەرمانلار چاپلانغان. ۋۇ جۇڭشىن ھۆكۈمىتى باستۇرۇش ۋە تىنچلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى قوللۇق تاكتىكا قوللىنىپ، ھەممە يەرگە پۇقراچە كىيىنگەن ئىشپىيونلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ھەربىي ۋە ساقچىلار دائىم پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ ئاختۇراتتى، ئادەم تۇتاتتى. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گاۋ ۋېي غۇلجا شەھىرىنىڭ يۇلتۇز كۇلۇبىدا چوڭ يىغىن ئېچىپ، نىلقا قوزغىلىڭىنى مىللىي ئۆچمەنلىك دەپ بۇرمىلاپ بىر قىسىم ئاممىنى قايمۇقتۇردى، ئوت قۇيرۇقلۇق قىلدى. ئاندىن ئىشنىڭ تېگىنى بىلمەيدىغان 300 دىن ئارتۇق خەنزۇ ئاممىنى مەجبۇرىي يوسۇندا ئۆزىنى قوغداش ئەترىتى قىلىپ تەشكىللەپ، مىلتىق، ئوق - دورا تارقىتىپ بەردى.

ئەخمەتجان بولسا تۈرمىدىن ئەمدىلا چىقتى. ئىشپىيونلارنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا تۇرۇۋاتقىنى ئېنىق. ئەمما، ئۇ بەك كەم سۆز بولۇپ كېتىپتۇ، كۆڭلىدە بىر خىيال باردەك بىلىنەتتى. كۈن ئۆتكۈزمەيلا، چوڭلارنىڭ توسۇغىنىغىمۇ، تېنىنىڭ ئاجىزلىقىغىمۇ قارىماي، ئىشلەيمەن دەپ ھۆسەنباي تېرە زاۋۇتىغا كەتتى. ئارىلىقلاردا يەنە بۇرۇنقىدەك كۆمۈر توشۇيمەن دەپ خالىغىنىمۇ چىقىپ يۈردى. بەزى كۈنلىرى ئاخشىمى ئۆيدە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئاشكارا تارقاتقان تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى ئوقۇپ، خەلق قوزغىلىڭىغا دائىر ئەھۋاللارنى تەھلىل قىلاتتى.

ئۇنىڭ كۆڭلىدە شۇنىسى ئېنىق: ساقچى تەرەپ قارماقنى ئۇزۇن قويۇپ بېرىپ، بېلىقنىڭ يوغىنىنى تۇتماقچى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇپ - تۇرۇپ بىر قىسىم يوچۇن ئادەملەر پەيدا بولۇپ قالاتتى، ئەخمەتجانمۇ چاندۇرماي، ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشمىغان ھالەتتە، پەقەت جان بېقىشنىڭ كويىدىلا يۈرگەندەك قىياپەتكە كىرىۋالغانىدى. جۈملىدىن لىيۇ بىڭدېنىڭ «بۇيرۇقى»غا ئىتائەت قىلىپ، ساقچى ئىدارىسىگە ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ تۇردى. لېكىن، ئۇ مەخپىي كۈرەشلىرىنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويغىنى يوق.

بىر كۈنى تۇيۇقسىز ئىككى ساقچى ئەخمەتجاننى ساقچى ئىدارىسىگە «تەكلىپ» قىلىپ كەپتۇ. بۇنداق بولىدىغىنىنى ئەخمەتجان ئاللىقاچان

تۇيغان، يامىنى كەلسە، يەنە بىر قېتىم تۇرمىگە سولار دەپ ئويلىغانىدى، شۇڭا ئۇ ئازراقمۇ تەمتىرەپ قالمىدى. ساقچىنىڭ ئىزدەپ كەلگىنىنى كۆرگەن ناسىركام بىلەن كىچىك ئاپام ئەخمەتجاننى يەنە تۇتقىلى كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. ئەخمەتجان ساقچىخانىغا بارسا، ليۇ بىڭدې ئولتۇرغانىكەن. ۋۇ جۇڭشىن ئۇنى ئىلقا قوزغىلىڭىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن غۇلجىغا ئەۋەتكەنىكەن. بۇ ئەبلەخ بۇيرۇقتا بىنائەن ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى دېڭ شياڭخەيگە ماسلىشىپ، ئىلىدا ئاتالمىش تىنچلاندۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئۇرۇمچى بىلەن غۇلجا ئارىلىقىدا قاتناپ يۈرۈپتۇ. بۇ ھىيلىگەر تۈلكىنىڭ غۇلجىغا كېلىشتىكى مەقسىتى ئىلقا قوزغىلىڭىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلەش ئىكەن. مانا ئەمدى ئەخمەتجاننى مۇشۇ مەقسەتتە يەنە بىر قېتىم سوراق قىلماقچى بوپتۇ.

ليۇ بىڭدې ئىلقا قوزغىلىڭىنىڭ باشچىلىرىدىن بىرى غېنى مەمەتباقىنىڭ «ئالتە ئوغرى»نىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، يېرىم يىل بۇرۇن ئۇرۇمچى تۇرمىسىدىن قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ چاغدا ئەخمەتجانمۇ غېنى بىلەن بىر تۇرمىگە قامالغان. ليۇ بىڭدې بولسا بۇ ئىككى مەھبۇس ئىلگىرى بىرگە قامالغان، ئۇلار بىر - بىرىنى بىلىشىدۇ، مانا ئەمدى بۇ يەردە قالايمىقانچىلىق چىقتى، بۇنىڭ چوقۇم ئىچكى باغلىنىشى بار دەپ قارايدىكەن. شۇڭا، ئۇ ئەخمەتجاننىڭ ئاغزىدىن بىر قىسىم ئەھۋاللارنى ئىگىلىمەكچى بوپتۇ. ليۇ بىڭدې ئۆزىگە قاتتىق ئىشەنگەن ھالدا ئەخمەتجاندىن غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ. ئەخمەتجان ئۇنىڭغا كونا كەسپىنى قىلىۋاتقانلىقىنى، بىرنەچچە كونا خاڭدا كۆمۈر توشۇغانلىقىنى، ھازىر تېرە زاۋۇتىدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ليۇبىڭدې ئۇستەلدىكى تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى كۆرسىتىپ ھېجىيىپ تۇرۇپ سوراپتۇ:

— بۇلار كىمنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى؟

ئەخمەتجاندىن تۇزۇك جاۋاب ئالالمىغان ليۇ بىڭدې ئاۋازىنى سوزلۇك چىقىرىپ قورقاق سالماقچى بوپتۇ:

— خاڭلاردا، تېرە زاۋۇتلىرىدا قاتراپ يۈرۈشتىكى مەقسىتىڭ زادى نېمە؟

ليۇ بىڭدې ئەگەر ئەخمەتجان ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ ئوبدان ماسلىشىدىغانلا بولسا، ئۇنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشقا ۋەدىمۇ بېرىپتۇ.

لىيۇ بىغدىنىڭ سوئال ـ سورىقى بىر كۈن داۋاملىشىپتۇ، لېكىن ئەخمەتجان بۇ جاللاتنىڭ سوئاللىرىغا ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپتۇ.

كەچقۇرۇن دادام كىچىك ئاپاملارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەخمەتجاننى يوقلاپ كەلدى ۋە موماماغا: «يەنە ئەنسىزچىلىك بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئەخمەتجان ساقچىلارنىڭ كۆزىدىن نېرى ئەمەسكەن، يەنە بىرەر ئىش چىقىپ قالارمۇ نېمە» دەپ ئۆزىنىڭ ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. مەن بىر ياقىدا تۇرۇپ چوڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتقىنىمدا، كۆز ئالدىمدا ئەخمەتجاننىڭ جەسۇرانە سىيماسى گەۋدىلىنەتتى. ئۇ بولسا تىنىم تاپمايدىغان ئادەم، ئۆز پىكرىدىن مەڭگۈ يانمايدۇ. بۇ مېنىڭ توقۇمىچىلىق كارخانىسىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقىتلىرىم ئىدى، ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئىشلىسەممۇ تۇزۇكرەك تاپاۋەتكە ئىگە بولالماي زارلىنىپ يۈرەتتىم. قۇلىقىمغا دائىم: «دېھقانلار ئىسيان كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ، كونا ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ، بايلارنى يوقىتىدىكەن، كەمبەغەللەرنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرىدىكەن» دېگەن گەپلەر كىرىپ تۇراتتى. مەن ئەخمەتجاننىڭ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا سوۋېتتىن قايتىپ كەلگەن ۋاقتىدىكى گەپلىرىنى ئېسىمگە ئالىمەن، شۇ چاغلاردا ئۇ دائىم بىزگە قان ئىچەر بايلار جەزمەن يوقىتىلىدۇ، دۇنيادىكى كەمبەغەللەر جەزمەن ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشىدۇ، دەيتتى، مانا ئەمدى ئۇنىڭ دېگەنلىرى يېقىنلىشىپ قالدىمۇ نېمە؟

مەن ئىختىيارسىز ھالدا دېرىزە تەكچىسىدىكى بوتۇلكىغا چىلاپ قويغان سەبدەگۈلنىڭ يېنىغا باردىم.

بۇ گۈل ئەخمەت ئەپەندىم تۈرمىدىن قايتىپ كەلگەندە ماڭا تۇتقان خۇش پۇراق سەبدەگۈل ئىدى...

## 17. «7 ـ نويابىر» قوراللىق قوزغىلىڭى

«قەيەردە ئېزىلىش بولىدىكەن، شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ».

ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشقان مىللىي زۇلۇم، مىللىي كەمسىتىش ۋە دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە تۈپەيلىدىن ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە خورلۇقتا قالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتلاش ئالدىدىكى ۋولقاندەك ۋە ياكى سەرەڭگە ياقسىلا لاۋۇلداپ يانىدىغان قۇرۇق ئوتۇندەك بولۇپ قالغانىدى.

1944 ـ يىلىنىڭ بېشىدا گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ 46 ـ دىۋىزىيەسى قومۇلغا، 48 ـ دىۋىزىيەسى گۇچۇڭغا، زاپاس 7 ـ دىۋىزىيەسى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مۇلكىي خادىملىرى ئۇزۇلمەي شىنجاڭغا كېلىپ، خەلقنىڭ سېلىقىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. كېلەڭسىز بيۇروكرات ئاپپارات، ھەربىي تەمىناتنى قامداش ئۈچۈن سېلىنغان ئالۋان ـ ياساق، ئېغىر باج ئۇزلۇكسىز كۆپىيىپ، خەلق تالان ـ تاراج ئىچىدە قالدى، ئۇنى ئاز دەپ ھۆكۈمەت كۆپلەپ يېڭى پۇل تارقىتىپ، پۇلنىڭ كۇرسى بىردىنلا چۈشۈپ كەتتى، مال باھاسى ئۈچقاندەك ئۆرلىدى، كەمبەغەل خەلق جان باقالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭنىڭ چاي، شېكەر قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى زورلۇق بىلەن پەقەت شىنجاڭ ئۆلكىلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىگىلا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەچكە، ئاز ساندىكىلەر سەمىرىپ كېتىشتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئاممىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق بۇيۇملار ئىنتايىن قىممەتلىشىپ، خەلق تېخىمۇ نامراتلىشىپ كەتتى. بۇنى ئاز دەپ، ئاق تېررورلۇق ھەددىدىن ئېشىپ كەڭ ئاممىغا بالايىئاپەت يېغدۇراتتى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىكى ئېزىلگۈچى ھەر مىللەت خەلقنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە پىلتە بولۇپ قالدى.

هېلىمۇ ئېسىمدە، دادام بىر پۇت بۇغداي ساتسا، بىر تاغار قەغەز پۇل ئەكېلەتتى. بىر تاغار قەغەز پۇلغا ئاران بىر يۈگەم ماتا كېلەتتى. كېيىن مېنىڭ بەزى ماتېرىياللاردىن ئىگىلىشىمچە، 1944 ـ يىلىدىكى مال باھاسى 1943 ـ يىلىدىكىدىن 7.5 ھەسسە ئۆرلىگەنىكەن.

ئىلى ۋىلايىتى ــ شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ماكانى، غۇلجا شەھىرى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم باج مەنبەسى ئىدى. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ يەر كۆلىمى خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى بىلەن تەڭ. ئۇنىڭغا غۇلجا، سۇيدۇڭ، قورغاس، توققۇزتارا، نىلقا، جىڭ، بورتالا، ئارىشاڭ، تېكەس، موڭغۇلكۇ-رە، چاپچال ۋە كۇنەس ناھىيەلىرى قارايدۇ. شۇ چاغدىكى نوپۇسى 471 مىڭ 686 بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە، تاتار، رۇس، ئۆزبېك، داغۇر ۋە مانجۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەر-كىب تاپقانىدى. بايلىقى مول بولۇپ، مەدەنلەردىن ۋولفرام، ئالتۇن، كۆ-مۇر، تۆمۈر قاتارلىقلار چىقاتتى. ياپىيېشىل تاغ، پايانسىز يايلاق مال-چارۋىنىڭ ماكانى ئىدى. چارۋا سانى شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇراتتى. تېرىقچىلىق يەر كۆلىمى بولسا 1 مىليون 508 مىڭ 670 مو بولۇپ، بۇ يەردىن چىقىدىغان ئاشلىق، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى.

ۋاھالەنكى، مۇشۇنداق مۇنبەت زېمىندا ياشاۋاتقان خەلقنىڭ تۇرمۇ-شى ئىنتايىن قىيىن ئىدى. شۇڭا، خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى ئېزىد-لىشكە قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەخپىي كۈرەشلەر سەلدەك يامراپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى كۈرەش ئوتى ھەممە يەرگە تۇتىشىپ كې-تىۋاتاتتى، ھامان بىر كۈنى قوراللىق قارشىلىققا ئايلىنىپ ئاشكارا پارتلاش ئالدىدا تۇراتتى. جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىمۇ «قوزغىلاڭ»نىڭ پارتلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى.

يولداش ئىسھاقبېك 9 ـ ئايدا تاشقورغانغا بېرىپ پارتىزان ئەترەت-لىرىنى تەشكىللەپ ئۇلۇغچاتقا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى، لېكىن دۈشمەن كۈچلۈك بولغاچقا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى.

يولداش ئىسھاقبېك مۇنۇنوف 1902 ـ يىلى ئۇلۇغچات ناھىيەسى جىغىن يېزىسىنىڭ سىمخانا كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ئا-تىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىپ تىرىكچىلىك قىلغان، 16 يېشىدا يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، قىرغىز ئىماندار قەبىلىسىنىڭ بېگى بولغان.

1928 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فىرۇنزى (ھازىرقى بىشكەك) شە-
ھىرىگە بېرىپ ئوقۇغان. 1930 ـ يىلى قايتىپ كەلگەندە شىنجاڭ ئۇ-
لۇغچات چېگرا مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ كاتىپلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1938 ـ
يىلى شېڭ شىسەي تەرەققىيپەرۋەر بولۇۋالغان چاغدا بىرىگادا كوماندىرى
بولغان. 1940 ـ يىلى شېڭ شىسەي ئۇنى ھەربىي خىزمەتتىن قالدۇ-
رۇپ، ئۆلكىلىك قازاق ـ قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ
باشلىقى قىلىپ يۆتكىگەن ھەمدە مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان.
1942 ـ يىلى شېڭ شىسەي نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ كوممۇنىستلارنى
ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى تۇتقۇن قىلىشقا كىرىشكەن چاغدا، ئىسھاق-
بېك سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىۋالغان. 1944 ـ يىلى غۇلجىغا قايتىپ
كەلگەن.

ئەپەندىم ئەمدىلىكتە ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقنى ئاغدۇرۇپ
تاشلاشنى مەقسەت قىلغان خەلق قوراللىق كۈرىشىگە ئاتلاندى. ئۇ يەنە
بىر قېتىم ئىشچىلار مەركەزلەشكەن تېرە زاۋۇتىغا كېلىپ، «ئازادلىق
تەشكىلاتى» بىلەن يوشۇرۇن ئالاقە ئورناتتى.

«ئازادلىق تەشكىلاتى» شېڭ شىسەينىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقىغا
قارشى 1944 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى غۇلجىدا قۇرۇلغان. ئۇ چاغ-
دا ئەپەندىم تېخى ئۇرۇمچىدە قاماقتا ئىدى.



بۇ تەشكىلات ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ تەسىرىنى ئالغان تەرەق-
قىيپەرۋەر ياشلار قۇرغان «ماركسىزمنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى»، «مارك-
سىزمچىلار ئىتتىپاقى»، «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» ۋە «ساۋاقداشلار
ئۇيۇشمىسى» قاتارلىق تەشكىلاتلار ۋە تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەردىن تەش-
كىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەزالىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان
قەمبىرى، مۇھەددىن ئەخمىدى، رەھىمجان سابىرھاجى، زۇنۇن تېيىپوف
قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەرلەردىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭدىن باشقا پانتۈر-
كىزم تەرغىباتچىلىرى، فېئودال يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرگە تەۋە ئوڭ قانات
كۈچلەرمۇ بار ئىدى. ئېلىخان تۆرە ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. شۇنداق ئېيت-
تىشقا بولاتتىكى، بۇ تەشكىلاتتا مۇئەييەن كوممۇنىستىك ئىدىيەۋى ئاڭغا
ئىگە تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلار، شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قار-
شى ئورتاق تونۇشقا ئىگە بىر تۈركۈم پىرولېتارلار ۋە جامائەت ئىچىدە
يۇقىرى ئابرۇيى ـ ئىناۋەتكە ئىگە دىنىي زاتلارمۇ، جۇملىدىن شېڭ شى-
سەينىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق كۈرەشنى ئاك-

تىپ قوللايدىغان باي ـ سودىگەرلەرمۇ بار ئىدى. دېمەك، ئەنە شۇ ئەك ـ
سىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتەك ئورتاق بىر نىشان،
ئوخشاش بولمىغان قاتلام، ئوخشاش بولمىغان تەركىبتىكى زاتلارنى بىر ـ
بىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىغانىدى.

«ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ مەخپىي پائالىيەت مەركىزى غۇلجا شە ـ
ھىرىنىڭ ئالتەشوئار مەھەللىسىدىكى تېرە زاۋۇتىغا يېقىن كىچىك بىر
ھويلىغا ئورۇنلاشقان. تەشكىلاتنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان كۈچلەر ئاساسەن
ئىشچىلار، قول سانائەتچىلەر ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلار ئىدى.

ئەخمەتجان «ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ قوراللىق قوزغىلاڭدىكى مۇ ـ
ھىم رولىنى ئىنتايىن ياخشى چۈشەنسىمۇ، بىراق ئۆزىگە نىسبەتەن
ساقچىلارنىڭ يېپىنى ئۈزۈن قويۇپ بېرىپ، بېلىقنىڭ چوڭىنى تۇتماقچى
بولۇۋاتقانلىقى كۆڭلىگە ئايان ئىدى، دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ئەتراپى پايلاق ـ
چىلار بىلەن توشقان. ئەگەر بۇ تەشكىلات بىلەن ئالاقىلىشىدىغانلا بولسا،
ھەممەيلەننىڭ تورغا چۈشۈشى ئېنىقلا گەپ. ۋاھالەنكى ئەپەندىم بۇ تەش ـ
كىلاتنىڭ رەسمىي ئەزاسى ئەمەس. دۈشمەننىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ساق ـ
لىنىش ئۈچۈن، ئەخمەتجان ئۆزىنى «ئازادلىق تەشكىلاتى»دىن يىراق تۇ ـ
تۇپ، بىۋاستە ئالاقە قىلمىدى، ئەمما تەشكىلاتنىڭ ئىشەنچلىك ئەزالىرى
بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىپ، تاق لىنىيەلىك ئالاقە باغلاپ تۇردى.

ئەپەندىم «ئازادلىق تەشكىلاتى» ئەزالىرىدىن ماركسىزملىق ئاڭغا
ئىگە ئابدۇكېرىم ئابباسوف، دېموكراتىيەگە ئىنتىلگۈچى تەرەققىيپەرۋەر
رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىقلار بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم مەخپىي ئالاقە
باغلاپ، قانداق قىلغاندا تەشكىلات ئىچىدىكى دىنىي زاتلار، مىللىي بۇر ـ
ژۇئازلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ رولىدىن پايدى ـ
لىنىش ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇردى. ئۇلار ھەممە كۈچلەرنىڭ
ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئۆز قوشۇنىمىزنى كېڭەيتىش ھەققىدە مۇھىم
مەسلىھەتلەرنى قىلىشاتتى. گەرچە ئەخمەتجان بۇ پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە
ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنقىلابنىڭ تەييارلىق
ئىشلىرىغا ئىنتايىن مۇھىم تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.

ئەپەندىم ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە پىرولېتارىيات سىند ـ
پىغا تايىنىش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. بۇ نەزەرىيەنى ئۇ سوۋېتتى ـ
كى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئۆگەنگەن، ئىشچىلار سىند ـ
پىنىڭ تەشكىلچانلىقى ئەڭ كۈچلۈك، ئىنقىلابىي روھى ئەڭ يۇقىرى بو ـ

148

لۇشتىن ئىبارەت ئاۋانگارتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. شۇڭا، ئەمەلىي ئەھۋالنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئەڭ بۇرۇن غەربىنىڭ ئىلغار ئۇسكۇنىلىرىنى ئەكىرگەن تېرە زاۋۇتىنى ئىشچىلار سىنىپى مەركەزلەشكەن، گەرچە بۇ يەردىكى ئىشچىلارنىڭ سانى جىق بولمىسىمۇ رولى چوڭ دەپ قاراپ، مەخپىي خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا ئاتلاندى. جۇملىدىن ئىشچىلارنى قولىغا قورال ئېلىپ كونا ھاكىمىيەت بىلەن ئاداققىچە كۈرەش قىلىشقا چاقىراتتى؛ جانلىق ئىبارىلەر بىلەن ئۆز ئەتراپىدىكى ئاممىنى يېقىندىن ماسلىشىشقا سەپەرۋەر قىلاتتى. ئۇنىڭ ۋەزىيەت توغرىسىدىكى قاراشلىرى، ئىنقىلاب توغرىسىدىكى بايانلىرى، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ئازاب - ئوقۇبەت ۋە زۇلۇم چېكىۋاتقان ئېزىلگۈچى سىنىپنى ئېغىر ئۇيقۇدىن ئويغىتاتتى. ئىشچىلار قوشۇنى تۇنجى بولۇپ ئەخمەتجاننىڭ ئاغزىدىن ئۆزلىرىنىڭ يېڭى دۇنيانىڭ غوجىسى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاۋاتاتتى، ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابنىڭ تايانچ كۈچى ئىكەنلىكىنى، كۈرەش ئارقىلىق ئۆز ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەكلىكىنى ئەمدىلەتىن بىلىۋاتاتتى. ئەخمەتجاننىڭ كەسكىن ھەرىكەتلىرى، ئۆتكۈر نۇتۇقلىرى ئىشچىلارنىڭ كۈچلۈك ھىمايىسىگە ئېرىشتى. كۆپچىلىك بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، دۈشمەنگە قارشى قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىش ئىرادىلىرىنى ئىپادىلىدى.

ھەممىگە مەلۇم، نىلقا ناھىيەسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلار 1944 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن دۈشمەن كۈچلۈك كېلىپ قالغاچقا تاغ ئىچىگە چېكىنىپ كەتكەندى ھەم نىلقا پارتىزانلىرى دەپ ئاتىلىپ قوراللىق قوشۇن بولۇپ تەشكىللەنگەندى. نىلقا پارتىزانلىرى 1944 - يىل 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى نىلقىغا يەنە بىر قېتىم تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلدى. ئىنقىلاب ئۇچقۇنلىرى ئەتراپتىكى ناھىيەلەردىمۇ بارغانسېرى كېڭەيگىلى تۇردى. غۇلجا شەھىرىنى بېسىپ ياتقان گومىنداڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىر تەرەپتىن مۇداپىئەنى كۈچەيتىسە، يەنە بىر تەرەپتىن تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنى تەرەپ - تەرەپتە تۇتقۇن قىلىپ، «گۇمانلىق» دەپ قارالغانلارغا غالجىرلارچە زىيانكەشلىك قىلغىلى تۇردى. ھەممە يەرنى ئاق تېررورلۇق قاپلاپ كەتتى.

10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى گومىنداڭ 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ باش قوماندانى جۇ شاۋلياڭ گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە جىددىي تېلېگراما

يولـلاپ، گومـىنداڭ قوشۇنىنىڭ غۇلجىغا بولغان مۇداپىئەسىنى ۋە باستۇ-رۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك جىددىي قارار چىقاردى:

(1) لى يۇشياڭ قول ئاستىدىكى بىر باتالىيوننى غۇلجىغا ياردەمگە يۆتكىسۇن، داخىيەنزىدىكى 21 ـ پولكنىڭ بىر باتالىيونى ئەرتەيدە ئو-رۇنلىشىپ، ئۈرۈمچى بىلەن غۇلجا ئوتتۇرىسىدىكى تاشيولنى قوغدىسۇن.

(2) ئىلى ۋىلايىتى بويىچە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىنسۇن، دىپلو-ماتىيە ئالاھىدە ۋەكىللەر مەھكىمىسى كۈتۈلمىگەن ئىش چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسىغا نوتا تاپشۇرۇپ، غۇلجا ئەتراپىدىكى سوۋېت مۇھاجىرلىرىنى كونسۇلخانى-غا يىغىش تەكلىپىنى بەرسۇن.

(3) دۆربىلجىندىن شىخوغا بىر پىيادىلەر باتالىيونى يۆتكەپ كې-لىنسۇن، شۇنىڭ بىلەن تەڭ قوبۇقساردا تۇرۇشلۇق قوشۇن ياردەمگە يۆت-كەلسۇن.

لېكىن، گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ قوشۇن يۆتكىشى ۋەزىيەتنى بە-رىبىر ئۆڭشىيالمىدى. خەلق قوراللىق كۈچلىرى بىلەن گومىنداڭ مۇنـ-تىزىم ئارمىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق جەڭ قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا قالغانىدى، كەڭ كۆلەملىك خەلق قوراللىق قوزغىلىڭى پارتلاش ئالدىدا تۇراتتى!

گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ گۇمران بولىدىغان كۈنلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى سەزگەندەك قۇترىغىلى تۇردى. ھەممە يەرنى تېررورلۇق قاپلىغانىدى، لېكىن بۇ تاڭ ئالدىدىكى زۇلمەت بولۇپ، ھەل قىلغۇچ پەيتنىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن دېرەك بې-رەتتى. غۇلجىدىكى ئىشچى ـ دېھقان، شەھەر ئاھالىلىرى ئارىسىدا «نىلقا پارتىزانلىرى ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىنى ئىشغال قىپتۇ. قاش كۆۋ-رۈكىگە كېلىپ قاپتۇ» دېگەندەك خەۋەرلەر تارقالغىلى تۇردى. كوچا ـ كوچا، ھويلا ـ ھويلىلارغا گومىنداڭغا قارشى تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى چاپلانغان بولۇپ، ھەممە ئادەم ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى. «غالجىر ئىت ئادەم چىشلەيدۇ» دېگەندەك، گومىنداڭ دائىرىلىرى خىل قوشۇنلىرىنى يىغىپ 1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى نىلقا ناھىيەسىنى قايتىدىن ئىشغال قىلىۋالدى. بۇ «غەلىبە»دىن مەست بولۇپ كەتكەن «دۆلەت ئارمى-يەسى» پارتىزانلارنىڭ جانلىق تاكتىكا قوللىنىپ نىلقىنى تاشلاپ، ئۈچ

يول بىلەن غۇلجا شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالىدىغانلىقىنى خىيال-غىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كېچىدە 5000 غا يېقىن پارتىزان ئۈچ چوڭ ئەترەتكە بۆلۈنۈپ، غۇلجا شەھىرىگە يۈرۈش قىلدى. ساناقسىز كەمبەغەل دېھقان - چارۋىچىلار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، گومىنداڭ ھاكىمىيە-تىگە قارشى ئاخىرقى ھۇجۇمغا تەييارلاندى.

1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تاڭ سەھەردە ئېتىلغان قو-راللىق قوزغىلاڭنىڭ ئوق ئاۋازى غۇلجا ئاسمىنىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، پۈتۈن ئىلى ۋادىسىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

ئىلقا پارتىزانلىرى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى: غېنى باتۇر باشلىغان پارتىزانلار شىمالدىن، سېيىت باتۇر باشلى-غان پارتىزانلار شەرقتىن، فاتىخ باتۇر باشلىغان پارتىزانلار غەربتىن بىرلا ۋاقىتتا غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. شەھەر ئىچىدىكى خەلقمۇ دەرھال قولىغا مىلتىق، ئارا - توقماقلارنى ئېلىشىپ پارتىزانلار بىلەن بىللە گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مۇلكىي ئورگانلىرىغا شىددەت بىلەن ھۇ-جۇم قىلدى. ئىشچىلار، دېھقانلار، ئوقۇغۇچىلار كوچا جېڭىنى قانات يايدۇردى. تېرە زاۋۇت ئىشچىلىرى تەشكىللىك ھالدا ھەر خىل قوراللار بىلەن قوراللىنىپ، ھەممىنىڭ ئالدىدا جەڭ قىلدى. ئۇلارنىڭ كەينىگە ئەگەشكەنلەر كۆپ ئىدى. ئەخمەت ئەپەندىم قولىدا قىسقا ئاپتومات تۇتقان ھالدا، بىر قىسىم تېرە زاۋۇت ئىشچىلىرى بىلەن، شەھەر رايونىغا ئالدىن بېسىپ كىرگەن پارتىزانلارغا يول باشلاپ ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭدى.

تۇيۇقسىز قىلىنغان قوراللىق ھۇجۇم گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمەت دا-ئىرىلىرىنى ئالاقزەدە قىلىۋەتتى. گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى زاپاس 7 - دىۋىزىيەسىنىڭ ئىشتاب باشلىقى ساۋ رىلىڭ زاپاس 7 - دىۋىزىيە 19 - پولكىغا قوماندانلىق قىلىپ، ئالمان - تالمان جەڭگە ئاتلاندى. ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى سوقۇش ئىنتايىن كەسكىن ئېلىپ بېرىلدى. قۇلاقنى يارغۇدەك پارتلاش ئاۋازلىرى، ۋىژىلداپ ئۇچۇۋاتقان ئوقلار، لاۋۇلداپ كۆ-يۈۋاتقان ئوت ھەممە يەرنى بىر ئالغانىدى. ئۆيلەر ئۆرۈلگەن، كۆۋرۈكلەر بۇزۇلغان... ئىككى تەرەپ كەسكىن ئېلىشقاندىن كېيىن، پارتىزانلار تېزلىكتە ۋالىي مەھكىمىسى بىلەن ساقچى ئىدارىسىگە ئوخشاش مۇھىم نۇقتىلارنى قولىغا ئالدى. لېكىن، شەھەر ئىچىدىكى ئۇن زاۋۇتى، ئېلېك-تىر ئىستانسىسى، سەرەڭگە زاۋۇتى قاتارلىق جايلارغا كىرىۋالغان گو-

مىنداڭ قوشۇنى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. جەڭ ئىنتايىن شىددەتلىك بولدى، غەزەپلەنگەن خەلق «ھۇررا! ھۇررا!» دەپ ۋارقىرىشىپ، ھەرقايسى نۇقتىلارغا قاراپ سەلدەك ئاقتى.

خەلق قوزغىلىڭىغا ئەگىشىپ، غۇلجا گىمنازىيە ئوقۇغۇچىلىرىمۇ پارتىزان ئەترەتلىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاكام رۇستەممۇ بار ئىدى. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بوغچىلىرىنى تاشلاپ قولىغا قورال ئېلىپ، جەڭ مەيدانىغا باتۇرلۇق بىلەن ئاتلاندى.

پارتىزانلارنى ئالساق، ئەمدىلەتىن كەتمەن ـ گۈرجەكنى تاشلاپ قولىغا قورال ئېلىپ دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەرنىڭ قولىدا ئارا ـ توقماق، بەزىلىرىدە ئۆزلىرى ياسىۋالغان ئوۋ مىلتىقلىرى، يەنە بەزىلىرى ئاپتومات، پىلىموتقا ئوخشاش زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان. يەنە بىر تۈركۈملىرى بولسا، ئىلگىرى شېڭ شىسەي قوشۇنىدا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن ھەربىي تېخنىكىغا خېلى پىششىق كونا ھەربىيلەر ئىدى. پارتىزانلارنىڭ قولىدىكى قوراللارنىڭ تولىسى دۈشمەن قولىدىن تارتىۋېلىنغان، ئۇلار بىر ـ بىرىدىن مىلتىق ئېتىشنى ئۆگىنىپ ھەربىي ماھارىتىنى تېزدىن يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇلار چوقۇم غەلىبە قىلىمىز دېگەن ئىرادە بىلەن باتۇرلارچە دۈشمەن بىلەن ئېلىشاتتى. ئازاد-



ئەخمەتجاننىڭ ھەربىيلىك ھاياتى

لىق، ھۆرلۇككە ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئورتاق غايە ھەم نىشان تەرەپ تە-رەپتىن يىغىلغان پارتىزانلارنى بىر يەرگە ئۇيۇشتۇرۇپ، تەبىئىي يوسۇندا پولاتتەك مۇستەھكەم خەلق قوراللىق قوشۇنىغا ئايلاندۇردى. نۇرغۇن پار-تىزانلار جەڭگاھتا ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزدى، ئەزىز جانلىرىدىن ئاي-رىلدى. ئەپەندىم پارتىزانلار بىلەن جەڭنىڭ ئالدىنقى سېپىدە ئۇرۇش قىلدى. ئۇ بۇرۇن سوۋېت ـ فىنلاندىيە ئۇرۇشىغا قاتناشقان، مول ئەمە-لىي ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولغاچقا، بىر تۇركۇم پارتىزانلارغا قو-ماندانلىق قىلىپ، جانلىق تاكتىكا قوللىنىپ، ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ساندىكى دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

ھاۋا سوغۇق بولغاچقا، پارتىزانلارنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى توڭلاپ قال-غانىدى. ئەپەندىم جانلىق كۈچلەرنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جەڭ ئارىلى-قىدا پارتىزانلارنىڭ دالا تاماقخانىسىنى تەكشۈرەتتى، بەزىدە ئۆزى ئاشخا-نىغا سۇ توشۇپ، ئاشپەزلەرنىڭ تاماق ئېتىشىگە ياردەملىشەتتى.

دەرۋەقە پارتىزانلارنىڭ قەھرىمانلارچە ئەجەللىك زەربە بېرىشى بىلەن، گومىنداڭ قوشۇنلىرى كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ بولۇپ چېكى-نىشكە باشلىدى.

ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىلىنىڭ مۇ-ۋەققەت ۋالىيسى ليۇ بىڭدې غوجىسىنىڭ پەرمانى بويىچە بۇنىڭدىن بىر-نەچچە ئاي ئىلگىرى ئىلىغا يېتىپ كېلىپ، ئىلى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، فاشىست گاۋ ۋېي بىلەن بىرلىشىپ، نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئامىنى قولغا ئالغان، ئەسكىرىي كۈچنى تەشكىللەپ ئىلقا پارتىزانلىرى-نى قورشاپ يوقىتىشقا ئۇرۇنغان، ئۇرۇمچىدىكى تۈرمىدە سان ـ ساناق-سىز تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى قىيناپ ۋە ئۆلتۈرگەن، جۇملىدىن ئەخ-مەتجاننى ئۆزى بىۋاسىتە قىيناپ سوراقتا تارتقان، ئىككى قولى ئىن-قىلابچىلارنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويالغان. بۇ جاللات قوزغىلاڭنىڭ بىرىنچى كۈنىلا پارتىزانلار تەرىپىدىن نەق مەيداندا ئېتىپ تاشلاندى. گاۋ ۋېي ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، ساقچى ئىدارىسىگە قامىۋالغان نەچچە يۈز بىگۇناھ ئادەمنى ئېتىۋەتتى. ۋاھالەنكى، ئۆلۈم خەنجىرى ئۇ-نىڭ كانىيىغا ئاللىبۇرۇن تاقالغانىدى. گاۋۋېي ليۇ بىڭدېنىڭ جەسىتىنى تاشلاپ، ساقچى ئىدارىسى ئاشخانىسىدىكى ئەخلەت تۆكىدىغان كاماردىن ئۆمىلەپ چىقىپ ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قاچقان پېتى ئىلى دەريا-

سىدىن ئۆتۈپ، چاپچال ئارقىلىق كۈرەگە بېرىۋالدى. لېكىن ئۇ يەنىلا خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ قورشاۋىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئۆزىنىڭ قان - قەرزگە بوغۇلغانلىقى، خەلقنىڭ ھەرگىز كەچۈرمەيدىغانلىقى، ئۆزىگە ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق ئىكەنلىكى ئايان بولغاچقا، 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى كۈرەدە ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالدى.

شەھەر كوچىلىرى جەڭ مەيدانىغا ئايلانغانىدى. ياشلارنىڭ ھەممىسى ئالدىنقى سەپكە كەتكەچكە، قېرى - چۈرى، ئاغرىق - سىلاق، ئايال - بالىلار ئۆز جايلىرىدا مۆكۈنۈپ جان ساقلاۋاتاتتى. غايىب ئوقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن دادام بىزنى ئۆيدىن چىقارماي، ئۆينىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى قۇم خالتا بىلەن مەھكەم ئېتىۋەتتى. تەرەپ - تەرەپتىن ئېتىلغان ئوقلارنىڭ ۋىژىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. باشقا تۇغقانلار بىلەن بولغان ئالاقىمىزمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى. پاتەم كىچىك ئاپاملارنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئۇقالمىدۇق. ئەخمەتجانغا كەلسەك، ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. خەقتىن قولىغا ئاپتومات تۇتۇپ جەڭ قىلىۋاتقۇدەك، شېھىت بوپتۇدەك، دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلايتتۇق، ئۇنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكى ھەققىدە ھېچقانداق خەۋەر يوق ئىدى.

پارتىزانلار قان كېچىپ جەڭ قىلىش ئارقىلىق ئاخىر غۇلجا شەھىرىدىكى ئاساسلىق نۇقتىلارنى ئىشغال قىلدى. مەغلۇپ بولغان گومىنداڭ زاپاس 7 - دىۋىزىيەسىنىڭ قاچاق ئەسكەرلىرى ئالاقزەدە بولۇپ چېكىنمەكتە ئىدى. خەلق گومىنداڭنىڭ تۇغ - ئەلەملىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، تۈرمە - زىندانلارنىڭ ئىشىكلىرىنى چېقىپ ئېچىپ، قاماقتا ياتقان بىگۇناھ ئاممىنى قۇتقۇزۇپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە نەۋرە ئاكام ھۇسەيىنمۇ بار ئىدى. ئۇ ئەسلىي ئاددىي بىر تۆمۈرچى بولۇپ، قوزغىلاڭدىن ئىلگىرى گومىنداڭ تەرىپىدىن بىگۇناھ قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ھايات قېلىشىدىن ئاللىقاچان ئۈمىدىنى ئۈزگەنىكەن. مانا ئەمدى زىنداندىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، يۈز - كۆزىنى يۇيۇشنىمۇ قايرىپ قويۇپ، قولىغا سېلىنغان زەنجىر - كىشەنلەرنى چېقىپ تاشلاپ كۈرەشكە ئاتلاندى. پاچاقلانغان زەنجىر - كىشەنلەر ئەسلىدە مۇشۇنداق تۆمۈرچىلەر تەرىپىدىن سوقۇلغان بولۇپ، ئۆزلىرى سوققان زەنجىر - كىشەن بىلەن ئۆزلىرىنىڭ پۇت - قوللىرى كىشەنلەنگەنىدى. نەۋرە ئاكام تۈرمىدىن چىققان پېتى ئۇدۇل تۆمۈرچىلىك دۇكىنىغا بېرىپ، دەرغەزەپ بىلەن بازغىنىنى قولىغا ئالدى - دە، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەركىنلىك ئۇ-

چۈن جەڭ قىلىۋاتقان ئالدىنقى سەپتىكى پارتىزانلارغا نېزە، ئارا سوقۇپ يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئاتلاندى.

قوراللىق قوزغىلاڭ تاغنى تالقان قىلىدىغان ھەيۋەت بىلەن كۈنسايىن ئۇلغىيىۋاتاتتى. بىراق، گومىنداڭنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى ئايرىم ـ ئايرىم نۇقتىلارغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئۇن زاۋۇتىغا كىرىۋالغان گومىنداڭ قوشۇنى ئالاقزەدىلىك ئىچىدە ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ پارتىزانلارغا قارشى ئوق ياغدۇراتتى. ئۆگزىگە چىقىۋالغان گومىنداڭ ئوفىتسېرى، ئۆزى بىر بۇلۇڭغا مۆكۈنۇۋېلىپ، قالغان ئالتە ئەسكەرگە ئۆگزىگە پىلىموت تىكلەپ پارتىزانلارنى قاتتىق ئوققا تۇتۇشنى بۇيرۇپتۇ. ئوتتۇرانچى تاغام ئابدۇرۇسۇل ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ گومىنداڭ ئارمىيەسىدە ۋەزىپە ئۆتەشكە مەجبۇر بولغان. ھېلىقى ئوفىتسېر بولسا بايىقى ئەسكەرلەرگە جېنىڭنىڭ بارىچە ئوققا تۇتۇش، كىمكى بويسۇنمايدىكەن ھەربىي بۇيرۇققا قارشى چىققان دېگەن جىنايەت بىلەن شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئېتىپ تاشلىنىسەن دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. ئەنە شۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، ئوتتۇرانچى تاغام قالغان بەش ئەسكەرنى قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتۈشكە قايىل قىپتۇ. باشلىقنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن قولىدىكى پىلىموتنى توختىماي ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىۋېرىپتۇ. ئوفىتسېر توختىماي ئېتىۋاتقان ئوق ئاۋازىدىن ئۇلارنى جەڭ قىلىۋاتىدۇ دەپ ئالدىنىپ تۇرۇۋېرىپتۇ. لېكىن، پارتىزانلار ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئۆگزىسىگە قارىغۇدەك بولسا پىلىموت باشقا ياققا ئېتىلىۋاتقۇدەك. شۇنىڭ بىلەن پارتىزانلار ئەھۋالنى سېزىپ، بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئۇن زاۋۇتىدىن ئىبارەت مۇستەھكەم قورغاننى ئوڭۇشلۇق ئىشغال قىپتۇ. تاغامۇ ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ پارتىزانلار قاتارىغا قېتىلىپ كېتىپتۇ.

خەلق قوراللىق كۈچلىرى غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەيتتى، گومىنداڭ قوشۇنى ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنەتتى.

غۇلجا شەھىرىنىڭ 20 كىلومېتىر نېرىسىدا «پىلىچى خاڭ» دەپ ئاتىلىدىغان خاڭ بار ئىدى. بۇ خاڭنىڭ خوجايىنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈرىكى يېرىلاي دەپ قاپتۇ ـ دە، قۇدۇق ئاستىدا كۆمۈر قېزىۋاتقان ئىشچىلارنىڭ ئۆلۈپ ـ تىرىلىشى بىلەن ھېسابلاشماي، قۇدۇق ئاغزىنى ئېتىۋېتىپ قېچىپ كېتىپتۇ. قۇدۇق ئاستىدا قامىلىپ قال-

غانلارنىڭ ئىچىدە چوڭ تاغام ئابدۇمانايمۇ بار ئىكەن، ئۇ مېنىڭ ئاپامنىڭ ئىنىسى ئىدى. پارتىزانلار تېزدىن بېسىپ كېلىپ خاڭنىڭ تېگىدە ئۆلەر هالەتتە ياتقان ئىشچىلارنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ. تاغاممۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. خاڭدىكى ئىشچىلار قۇتقۇزۇلۇپتۇ، دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلگەن چاغدا، مومام يىغلىغىنىچە قۇدۇق ئاغزىغا بېرىپ تاغامنىڭ يەر تېگىدىن چىقىشىنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. كۆمۈردەك قارىيىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەت- كەن ئىشچىلار قۇدۇق ئاستىدىن چىققاندا مومام ئۇلارنى بىر باشتىن قۇچاقلاپ سۆيۈپ كېتىپتۇ ۋە ئاخىرىدا هايات قالغان ئوغلى ئابدۇماناپنى تېپىپتۇ. تاغام شۇ كۈنىلا پارتىزانلارغا قېتىلىپ كېتىپتۇ. كېيىن ئۇ مىللىي ئارمىيە ئاتقۇچى 1 - پولكتا پىلىموتچى بولۇپ، كەڭساي ئېغى- زىنى ساقلاش جېڭىدە خىزمەت كۆرسىتىپ مۇكاپاتلانغانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن هەربىيدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، غۇلجا ناهىيەلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، مەملىكەت بو- يىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ تەقدىرلەندى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىپ، شۇ يەردە ۋاپات بولدى.

11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى توققۇزتارا، كۈنەس، تېكەس بىرلا ۋاقىتتا ئازاد قىلىندى. 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سۇيدۇڭ قاتارلىق جايلار كەي- نى - كەينىدىن پارتىزانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. گومىنداڭ قۇرۇقلۇق ئار- مىيەسى زاپاس 7 - دىۋىزىيەسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى ئىشتاب باشلىقى ساۋ رىلىڭنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن، غۇلجىنىڭ هەرەمباغ، لياڭشياڭ ۋە ئايرودرومدىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتىغا قېچىپ كىرىۋېلىپ، جاهىللىق بى- لەن قارشىلىق كۆرسەتتى. ئەمما، بۇ ئۈچ نۇقتا پارتىزانلار تەرىپىدىن قاتمۇ قات قورشاۋغا ئېلىنىپ دۈشمەن ئارمىيەسى قىمىر قىلالماي قالدى - دە، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان قاتتىق تىركىشىش ها- لىتى شەكىللەندى.

ئالتە كۈنلۈك كەسكىن جەڭ ئارقىلىق، غۇلجا شەهىرىنىڭ كۆپ قىسمى خەلق تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن «ئازادلىق تەشكىلاتى» هۆكۈمەت قۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى.

# 18. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى

«7 ـ نويابىر» قورالىق قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسى غۇلجىدىكى
گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلانغانلىقىدىن
دېرەك بەردى. مانا ئەمدى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى تارىخىي مۇ-
قەررەرلىك بولۇپ قالدى. غۇلجا شەھىرى ئالتە كۈنلۈك شىددەتلىك كو-
چا ئۇرۇشىدىن كېيىن بىر ئاز تىنچىپ قالغاندەك قىلاتتى. كىشىلەر ئۆز
ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ چىقىش ھەققىدە ئويلىنىۋاتاتتى.

1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۈ قا ق
(ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز) كۈلۈبىدا، ئاممىۋى چوڭ يىغىن ئېچىلىپ، ۋا-
قىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. بۇ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زا-
مان تارىخىدىكى مۇھىم بىر ۋەقە.

شۇ كۈنى ئەتىگەن قۇياش شەرقتىن پارقىراپ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن
تەڭ، تەرەپ ـ تەرەپتىن مۇرىلىرىگە مىلتىق، ئاپتومات ئاسقان پارتىد-
زانلار ھەممە بىر قىسىم ئامما كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن كۆككۆۋرۈكتىكى
ئۈ قا ق كۈلۈبىغا كىرىپ كەلمەكتە. كۈلۈب ئىشىكى ئالدىدا قۇم خالتا
بىلەن يېرىم ئاي شەكلىدە ياسالغان ئاكوپ ئۈستىگە پىلىموتلار تىكلەن-
گەن، ئەتراپقا پوستلار قويۇلغان. كوچىلاردا ئاتلىق پارتىزانلار ئىككى-
دىن ـ ئۈچتىن بولۇپ چارلاش ئېلىپ باراتتى ۋە كىشىلەرگە كوچىغا
چىقماسلىقنى تاپىلايتتى. يىغىن ئۇرۇش مەزگىلىدە ئېچىلىۋاتقان بول-
غاچقا، يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئاساسەن پارتىزانلار ۋە بۇ قېتىمقى قو-
راللىق قوزغىلاڭغا قاتناشقان ياشلاردىن تەركىب تاپقانىدى. شۇڭا، يىغىن
كۆلىمىمۇ ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى.

يىغىن زالى ئادەم بىلەن لىق تولغان، تالادا ئانچە ـ مۇنچە مىلتىق
ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يىغىن زالى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن كەيپىد-
يات ئىنتايىن يۇقىرى، گۈلدۈراس ئالقىشلار، ئۇنلۇك شوئارلار گويا



1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، غۇلجىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. بۇ ھۆكۈمەت ئەزالىرى بىرلىكتە چۈشكەن سۈرەت. ئارقا رەت سولدىن ئۈچىنچى كىشى ئەخمەتجان قاسىمى.

گۇلدۇرمامىدەك تۆت ئەتراپتا ياڭرايتتى. مۇشۇنداق قاينام - تاشقىنلىق كەيپىيات ئىچىدە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلىنىپ، سايلام ئارقىلىق 16 نەپەر ھۆكۈمەت ئەزاسى ۋۇجۇدقا كەلدى. 57 ياشلىق ئېلىخان تۆرە رەئىس، ھاكىمبەگ غوجا مۇئاۋىن رەئىس، ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم باش كاتىپ دەپ ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا ھۆكۈمەت ئورگىنى، ھەربىي قوماندانلىق ئىشتاب ۋە ئورگان گېزىتىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئاپپارات تەشكىللەش قارار قىلىندى. ئەگەر ھۆكۈمەت ئورگىنىنى ئۇنىڭ مېڭىسىگە ئوخشاتساق، ھەربىي قوماندانلىق ئىشتابىنى ئۇنىڭ مۇشتۇمى، ھۆكۈمەت ئورگان گېزىتىنى بولسا ئۇنىڭ كانىيى دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ.

ئەخمەتجان يىغىنىنىڭ رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغىنى يوق، ئۇ يىغىن زالىنىڭ ئالدىنقى رېتىدە، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ تايانچ كۈچلىرى قاتارىدا ئولتۇردى. چوڭ يىغىن ئۇزاققا سوزۇلغان چاۋاك ۋە ئۈنلۈك شوئار سادالىرى ئىچىدە داغدۇغا بىلەن ئاخىرلاشتى.

ياش ئەخمەتجان بېشىغا كۈچا كۆرپىسىدىن تىكىلگەن قارا تۇماق، ئۇچىسىدا قارا كاجانكا، بېلىگە يان قورال ئاسقان ھالەتتە ھۆكۈمەت ئەزالىرى بىلەن ئۆزئارا قىزغىن پاراڭلارنى سېلىشىپ پىكىر ئالماشتۇردى. كۆپچىلىك ئۇنى ئۇرۇشتىكى باتۇر پارتىزانلارنىڭ بىرى، دەپ تونۇيتتى. چوڭ يىغىندىن كېيىن ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ بىرىنچى قې-

تىملىق مەجلىسى ئېچىلىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ 1 ـ نومۇرلۇق قارارى ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىندى. يىغىندىن كېيىن ئەپەندىم ھۆكۈمەت ئەزالىرى، تايانچلار بىلەن بىللە رەسىمگە چۈشتى.

كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن، دىنىي شوئارلاردىن، فېئودال يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەردىن، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا ئاكتىپ قارشى تۇرۇپ كەلگەن كاتتا سودىگەر، بايلاردىن پايدىلانماي بولمايتتى. كەڭ كۆلەملىك خەلق قوراللىق قوزغىلىڭى يېتىپ كەلگەن پەيتتە، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈشتەك ئورتاق بىر نىشان، ئوخشىمىغان تەبىقە، ئوخشىمىغان تەركىبتىكىلەرنى، ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ھەرخىل كۈچلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور ئىنقىلابىي قوشۇننى شەكىللەندۈردى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرە كاتتا دىنىي ئۆلىما، شۇنداقلا پانتۈركىست، پانئىسلامىست. ئۇ «7 ـ نويابىر» قوراللىق قوزغىلىڭىدىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئالىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئالىي ھۆكۈمران بولۇۋالدى. ئەخمەتجان، ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم قاتارلىق ئىلغار كۈچلەر، قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ جەڭلىرىدە زور رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مۇنونوپ تېخى ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا كىرگۈزۈلمىدى. ئېلىخان تۆرە ئەڭ ئالىي ئورۇنغا چىققاندىن كېيىن، ئىنقىلابنى باشلىغان ئاز ساندىكى تەرەققىيپەرۋەرلەرنىلا ھۆكۈمەت ئەزاسى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، ئىلغار ئىدىيەدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكىنى ھۆكۈمەت سىرتىدا قالدۇردى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ بەزىبىر ناتوغرا تەشەببۇسلىرى گەرچە تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ بولسىمۇ، مۇنداق پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە، ئەخمەتجان قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىلغار ياشلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار ئارزۇلىرىنى كۆڭلىدە ساقلىماي باشقا ئامالى يوق ئىدى. ئۇلار شىددەتلىك جەڭلەردە باشتىن ـ ئاياغ ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلار ئىچىدە دۈشمەن بىلەن قەھرىمانلارچە ئېلىشقان. ئۇلار ئەمدى ئاشكارا سورۇنلاردا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قارارلىرىنى كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ جەزمەن ھىمايە قىلىشلىرى كېـ

ـرەك ئىدى. ئەخمەتجانغا نىسبەتەن چوڭ دۈشمەن كۆز ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ـ
دا، باشقا ئىشلارنى بىر ياقىقا قايرىپ تۇرۇپ، ئالدى بىلەن خەلق ئاممى ـ
سىنى ئويغىتىش، ھەممە كۈچلەرنى ئومۇميۈزلۈك ھەرىكەتكە كەلتۈ ـ
رۈش، ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش تۇتۇپ، بەزى كىشىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىغا
سوغۇق سۇ سېپىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. سەك ـ
رەپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا تېخىمۇ بولمايتتى. ئىمكانىيەت يار بەرگەن ئەھ ـ
ۋالدا، ماركسىزملىق دىيالېكتىكىدىن پايدىلىنىپ ھەرقايسى تەبىقىدىكى ـ
لەرگە ئىلغار ئىدىيەنى سىڭدۈرۈشى، ئىنقىلابنىڭ نىشانى ھەققىدە ئۆزد ـ
نىڭ توغرا قاراشلىرىنى ئۈستىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك ئى ـ
دى. ۋاھالەنكى، ئەپەندىمگە ئوخشاش بىر تۈركۈم ئىلغار كۈچلەر گەرچە
ئاكتىپ تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تولۇق
ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەتكىنى يوق. كونسېرۋاتىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي
كۈچلەرنى رەھبەرلىك ئورگىنىدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىش تېخى بەك
بالدۇر ئىدى.

جياڭ جيېشى غۇلجىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى ئايرىم بىر
يەرلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، 11 ـ ئاينىڭ
25 ـ كۈنى ۋۇ جوڭشىن بىلەن جۇ شاۋلياڭغا تېلېگرامما يوللاپ ئاخىر ـ
غىچە بەل قويۇۋەتمەي چىڭ تۇرۇشنى بۇيرۇدى ھەمدە غۇلجىغا قاراتقان
ھەربىي كۈچنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق بېرىپ، «توپىلاڭ»نى
قوراللىق كۈچ بىلەن باستۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. گومىنداڭ ئارمىيەسى
پارتىزانلارنىڭ ئۈشتۈمتۈت زەربىسىگە ئۇچراپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ،
ئۈرۈمچى ئەتراپىدا مۇداپىئە قورغانلىرىنى ياساپ، ئايرودرومنى قەتئىي
ساقلاش، پوچتا ـ تېلېگراف لىنىيەلىرىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قى ـ
لىش، ئىلى «باندىتلىرى» قوزغىغان «توپىلاڭ»نىڭ مەركىزىي رايونلارغا
يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. ئۈ ـ
رۈمچىدىكى مۇھىم ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار ۋەھىمىگە چۈشۈپ قال ـ
غان بولسىمۇ، لېكىن «بىر پەشۋاغا يارىمايدىغان» بۇ ئەرزىمەس «ئوغ ـ
رىلار»نى ئۆزلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ تېزلا يىغىش ـ
تۇرۇۋېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

غۇلجا شەھىرى بىلەن ئەتراپىتىكى بىرنەچچە ناھىيەلەر گەرچە خەلق
قولىغا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما گومىنداڭ زاپاس 7 ـ دىۋىزىيە ـ

سىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۈچ نۇقتىدا مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى قۇرۇۋېلىپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ ياردەمچى قوشۇن كۈتمەكتە ئىدى.

دېمەك، مانا مۇشۇنداق شىددەت بىلەن ئېلىپ بېرىلغان جەڭدىن كېيىن خەلق قوراللىق كۈچلىرى ئالدىنقى باسقۇچلۇق غەلىبىگە ئېرىشتى.

# 19. ئەلەمدىن قەلەمگە ــ پارتىزانلىق سېپىدىن تەشۋىقات سېپىگە

بىر ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش دەرۋەقە ئىنتايىن قىيىن، لې- كىن بىر يېڭى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش تېخىمۇ قىيىن. كەڭ خەلق ئاممىسىنى ھاكىمىيەتنىڭ ئەتراپىغا قانداق ئۇيۇشتۇرۇش ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە. بۇ مەقسەتكە يېتىشتە جا- مائەت پىكرى ئىنتايىن مۇھىم.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ھۆكۈمەت ئورگىنى، قوماندانلىق ئىشتاب ۋە ھۆكۈمەت ئورگان گېزىتى تەسىس قىلىندى. ھۆكۈمەتنىڭ كۈندىلىك گېزىتى ئۇيغۇرچە، قازاقچە، رۇسچە، خەنزۇچە تۆت خىل تىلدا نەشر قىلىندى. ۋاھالەنكى، ھۆكۈمەتتە تەشۋىقات نازارىتى دەپ ئايرىم ئورۇن قۇرۇلمىغان بولسىمۇ، گېزىتخانا ئەمەلىيەتتە ئاشۇ فۇنكسىيەنى ئۆتەۋاتاتتى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يېڭىدىن مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان ھەبىب يۇنىچىنى گېزىتخانىنىڭ مەسئۇلى قىلىپ تەيىنلىمەكچى بوپتۇ، چۈنكى ھەبىب يۇنىچى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئىچىدە مۇئەييەن سەۋىيەگە ئىگە، گېزىتخانا باشلىقى بولۇشقا بىرقەدەر مۇناسىپ ئادەم دەپ قارىلاتتىكەن. بىراق، ئۇ مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس، قوش ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتە- لىشى تەس. ئەڭ مۇھىمى گېزىتتە ئېلان قىلىنىدىغان ماقالىلەرنىڭ چا- قىرىق كۈچى بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، گېزىت مەسئۇلى بولغان كىشى ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۇرۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىشى كېرەك، كې- چىلەپ ئولتۇرۇپ ئاخبارات ـ خەۋەرلەرنى تەھرىرلىشى، باسمىخانىغا بېرىپ يېتەكچىلىك قىلىشى، جۇملىدىن گېزىتكە بېسىلىدىغان مەز- مۇنلارنى ۋاقتىدا ھۆكۈمەت ئورگىنىدىكى رەھبەرلەرگە دوكلات قىلىپ

تۇرۇشى، شۇنداقلا كۈندىلىك ھەرخىل ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. ئومۇمەن، گېزىت چىقىرىش شارائىتى ئىنتايىن ناچار ئەھۋالدا، بۇنداق جاپالىق خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئادەم زېھنى ئۇرغۇپ تۇرغان، بىلىمى مول، قەلىمى ئۆتكۈر، يىراقنى كۆرەلەيدىغان بولۇپلا قالماستىن، تەن سالامەتلىكىمۇ ياخشى بولۇشى كېرەك ئىدى.

ھەبىب يۇنىچى بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغىنىغا كۆزى يەتمەي تۇرغاندا، ئېسىگە دەرھال ئەخمەتجان كەپتۇ. ئۇ ئەخمەتجاننىڭ بىلىمى چوڭقۇر ۋە مول، تەپەككۇرى ئۆتكۈر، بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىپ كېتەلەيدۇ دەپ قاراپ، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا «ئارىمىزدا مەندىنمۇ بەكرەك لايىق نامزات بار، گېزىتخانىدىكى خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن جەزمەن تولۇق چىقىپ كېتەلەيدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئەخمەتجان قاسىمى» دەپتۇ.



ئەخمەتجاننىڭ مەسئۇل كاتىپ (مۇئاۋىن باش كاتىپ) ۋاقتىدا چۈشكەن سۈرىتى

ھەبىب يۇنىچىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغان ھۆكۈمەت ئەزالىرى بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇپتۇ.

ئەتىسى ھەبىب يۇنىچى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇقۇشۇپ يۈرۈپ ئەخمەتجاننى ئىزدەپتۇ. ئەخمەتجان بۇ چاغدا پارتىزانلارنىڭ ئاكوپلىرىنى تەكشۈرۈپ يۈرمەكتە ئىكەن. ئوق تەگكەنلەرنىڭ يارىسىنى تېڭىپ، يارىدارلارغا تاماق يېگۈزۈپ يۈرەتتىكەن. ھەبىب يۇنىچى ئەخمەتجاننى قورال ـ ياراغلارنى تەكشۈرۈۋاتقان، يېڭى پارتىزانلارغا مىلتىق ئىشلىتىشنى ئۆگىتىپ يۈرگەن يېرىدىن تېپىپتۇ. ھەبىب يۇنىچى بارغان پەيتى ئەخمەتجان-

نىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇۋاپتۇ ۋە ھازىر ئۇنى قولغا ئاپتومات ئېلىپ جەڭگە قاتناشقاندىنمۇ مۇھىم بىر ۋەزىپىنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى دەپتۇ - دە، خادىكقا ئولتۇرغۇزۇپ ئىتتىك گېزىتخانىغا ئەكەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، خەلقنى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى ئويغىتىش ئۈچۈن «ئەينەكچى» بولۇۋالغان، تېرە زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى سىياقىدا مەخپىي كۆرەشلەرنى ئېلىپ بارغان، قورال كۆتۈرۈپ پارتىزانلارغا باشچىلىق قىلغان ئەخمەتجان قاسىمى مانا ئەمدى قولىغا قەلەم ئېلىپ ۋە ئۇنى ئۆتكۈر قورالغا ئايلاندۇرۇپ تەشۋىقات - تەرغىبات ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت يېڭى بىر جەڭ مەيدانىغا ئاتلاندى.

1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئەخمەتجان گېزىتخانىغا مەسئۇل بولۇپ تەيىنلەندى. بۇ چاغدا شەھەر ئىچىدىكى جەڭ ۋاقتىنچە توختىغانىدى. ۋەزىيەتنىڭ ئەھۋالى ۋە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋازى گېزىت ئارقىلىق ئاممىغا يەتكۈزۈلەتتى. ئەپەندىم كېچىنى كېچە دېمەي تەھرىر بۆلۈمىنىڭ سوغۇق ئۆيىدىكى لامپا ئاستىدا، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەشكە باشلىدى. ئۇ خەلقنى ئويغىتىدىغان ئۆتكۈر ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، قوراللىق كۆرەشنى ئاداققىچە ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىق قىلاتتى. ئىنقىلابىي غايە، ھەققانىي كۆرەشلەر تەشۋىق قىلىنغان ماقالىلەر بېسىلىپ تۇراتتى. گېزىتنىڭ بىردىنلا جانلىنىپ جەڭگىۋارلىققا تولغانلىقىنى كۆرگەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئىنتايىن رازى بولۇپ خۇشال بولۇشتى ۋە ھەبىب يۇنىچىدىن گېزىتنىڭ باشقىچە جانلىنىپ كەتكەنلىكىنى سورىسا، ھەبىب يۇنىچى پەخىرلەنگەن ھالدا گېزىتتىكى ئۆزگىرىش ئەلەم ۋە قەلەمدە قابىل شەخس — ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ تۆھپىسىدۇر دەپ تونۇشتۇردى.

شۇنداق قىلىپ، ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىگە خاس جەڭگىۋار كۈچ، يۇقىرى ئىقتىدار ئارقىلىق باشقىلارنى قايىل قىلىپ تېخىمۇ كۆپ ئادەملەرنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ھەم مەدەت بېرىشىگە ئىگە بولدى. جۈملىدىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن تېخىمۇ كۆپ خەۋەردار بولۇپ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ھۆكۈمەت ئەزاسى بولمىغىنى بىلەن مۆلچەردىنمۇ ئارتۇق نەتىجە يارىتىۋاتقانلىقىدىن كۆپ مەمنۇن بولۇشتى، بولۇپمۇ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى.

گېزىت يۈزىدە ئېلان قىلىنىدىغان جەڭ خەۋەرلىرى، شۇنداقلا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك قارار، ئەمر - پەرمانلىرىنىڭ ئەينەن ئېلان قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئەپەندىم ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بىلەن گېزىتخانا ئارىلىقىدا چېپىپ يۈرەتتى. ھۆكۈمەت ئەزالىرى بىلەن ئۇچرىشىپ پىكىر ئالماشتۇراتتى، ئۆزىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى بايان قىلاتتى. باش كاتىپ ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ خىزمىتىدىن مەمنۇن بولۇپ، دائىم ئېلىخان تۆرىنىڭ ئالدىدا ئەپەندىمنىڭ ياخشى گېپىنى قىلاتتى.

گېزىتنىڭ شۇ چاغدىكى كۈنلۈك تىرازى 4100 گە يېتىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم تەشۋىقات قورالى بولۇپ قالغانىدى.

ئەخمەت ئەپەندىم گېزىتخانىغا مەسئۇل بولۇپ تەيىنلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلغار ياش ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەندى. شۇنداق قىلىپ بىر تۈركۈم ئىلغار كۈچلەر بارا - بارا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنى ئىگىلەپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ توغرا نىشانغا قاراپ يۈزلىنىشىگە مۇھىم ئاساسلارنى سالدى.

ئەپەندىم گېزىتنى يەنە بىر جەڭ مەيدانىغا ئايلاندۇرغانىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئالدىنقى سەپتە ئەلەم كۈرىشى قىلىنغان بولسا، ئەمدى خەلق روھىنى ئۇرغۇتۇش يولىدا قەلەم كۈرىشى قىلىنىۋاتاتتى. ئۇ دائىم «ئە. ئىلىلىق» دېگەن تەخەللۇس قوللىنىپ، يېتەكچى خاراكتېرىدىكى ماقالىلەرنى يېزىش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنى ئاخىرقى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن دۈشمەنگە توختىماي زەربە بېرىشكە رىغبەتلەندۈرەتتى. كۆپ ۋاقىتلاردا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ خاتىرە قالدۇراتتى. مۇھىم قارارلارنى گېزىت يۈزىدە ئېلان قىلاتتى، خەلقنى تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇراتتى. ئەپەندىم گېزىتتە ئۇرۇش ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىشتىن باشقا، ئىلمىي ساۋاتلارنىمۇ بېسىپ، ئاممىنى ئەتىكى ئەركىنلىك ئۈچۈن، بۈگۈننىڭ ئۆزىدە بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىقتىن قۇتۇلۇشقا چاقىراتتى. ئادەمنىڭ ئېسىگە كەلمەيدىغان پەننىي ساۋاتلارنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئاممىنى يېڭىلىققا ئىنتىلدۈرەتتى، خۇراپاتلىق، نادانلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغان كىشىلەرنى پەن - مەدەنىيەتكە يېتەكلەيتتى.

شۇنداق قىلىپ، «ئە. ئىلىلىق» دېگەن تەخەللۇس كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى.

«ئە. ئىلىلىق» دىگەن تەخەللۇستىكى «ئە» ئەخمەتجان دېگەن ئىسىمنىڭ بىرىنچى ھەرپى، «ئىلىلىق» دېگىنى ئۆزىنىڭ يۇرتىنى كۆرسىتەتتى، شۇنداقلا خەلقىگە ئىللىقلىق يەتكۈزۈش مەنىسىدە ئىدى. ئەخمەت ئەپەندىم مانا بۇ ئالاھىدە مەنىگە ئىگە تەخەللۇس ئارقىلىق ئۆزىنىڭ چىن قەلبىنى خەلقىگە ئىزھار قىلماقچى.

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ سىياسىي سەزگۈرلۈكى ۋە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ھەققىدىكى تەھلىللىرى ئەتراپىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشقا باشلىدى.

ئەخمەت ئەپەندىم ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ھەرۋاقىت دىققەت قىلىپ تۇراتتى. دۆلەتنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتەتتى.

غۇلجا شەھىرى سوۋېت چېگراسىغا ئاران 90 كىلومېتىر كېلەتتى. شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە چېگرا ھالقىغان سودا بىر مەھەل گۈللەنگەن بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماللىرى غۇلجا بازارلىرىدا سېتىلىپ تۇراتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رادىيو چاستوتىلىرى غۇلجا شەھىرىگە يېتىپ كېلەلىگەچكە، رادىيودا ئېنىق ئاڭلىغىلى بولاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى تا س س ئاگېنتلىقىنىڭ رادىيودا بېرىدىغان خەۋەرلىرى ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئۇچۇر ئىگىلەش ۋاستىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بەزىدە رادىيودىن ئاڭلىغان مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنى رەتلەپ گېزىتتە ئېلان قىلاتتى.

بىر كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم تا س س نىڭ رۇسچە بېرىلگەن كۈن تۇتۇلۇش ھەققىدىكى خەۋىرىنى ئاڭلاپ قاپتۇ، ئۇنى دەرھال ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، گېزىتتە ئېلان قىلىپتۇ. كۈن تۇتۇلۇشنىڭ ۋاقىت ـ سائىتىدىن تارتىپ ئېنىق بېرىلگەن بۇ خەۋەر، خەلق ئىچىدە خېلى غۇلغۇلا پەيدا قىپتۇ. بەزىلەر: «كۈن ۋە ئاينىڭ تۇتۇلۇشى ئاللانىڭ ئىلكىدىكى ئىش تۇرسا، ئۇنى تىلغا ئېلىش نېمىدېگەن كۇپۇرلۇق» دېسە، يەنە بەزىلەر: «بۇنداق دىنسىزلار ئۆلسە نامىزىنىمۇ چۈشۈرمەسلىك كېرەك» دەپتۇ. يەنە بەزىلەر: «ئىنسان قانداقمۇ ئاللانىڭ ئىلكىدىكى ئىشلارنى بىلەلىسۇن» دەپتۇ. دەرۋەقە، پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىدىن مەھرۇم قالغان، ئۆز بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى تەقدىر دەپ چۈشىنىدىغان شۈكۈر ـ

قانائەت قىلىش قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن خەلقىمىز قانداقمۇ بىر ئىنساننىڭ بۇنداق «كۆپۈرلۈق»نى قوبۇل قىلالىسۇن؟

بىراق، دەل ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە راست دېگەندەك پارقىراپ تۇرغان قۇياش تۇيۇقسىز يېرىم ئاي شەكلىگە كىرىپ، ئەتراپ بىردىنلا قاراڭغۇلىشىپتۇ. كىشىلەر بۇنى «قىيامەت قايىم بولۇشنىڭ بېشارىتى» دېيىشىپ، ئۆيلىرىدىن چىقماي ئولتۇرۇۋېلىشىپتۇ.

بىراق، بۇ تەبىئەت ھادىسىسى ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. جامائەت ئە. ئىلىلىقنىڭ دېگىنى راست بولۇپ چىققىنىنى كۆرۈپ، ئەپەندىمنى بىلىدىغانلار «ناسىر ئاخۇننىڭ رەسىيدىن كەلگەن بالىسى خىزىرمۇ قانداق، پەرىشتىگە يولۇقۇپتىمۇ ـ يە؟» دېيىشسە، يەنە بەزىلىرى «بۇ ئادەم كۈننىڭ تۇتۇلغىنىنى بىلگەن يەردە، بۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلەمدۇ ـ نېمە، جامائەت، بىز ئەخمەتنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلساق بولغۇدەك» دېيىشىپتۇ.

ئۇرۇش ئەھۋالىنى دېسەك، غۇلجا شەھىرى خەلقىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغىنى بىلەن، ئۈچ نۇقتىغا مۆكۈنۇۋالغان گومىنداڭ قوشۇنى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. گومىنداڭ ئارمىيەسى زاپاس 7 ـ دىۋىزىيەنىڭ ئىشتاب باشلىقى ساۋ رىلىڭ جۇ شاۋلياڭغا تېلېگراممىا يوللاپ، ئايروپىلان بىلەن ئاشلىق، ئوق ـ دورا تاشلاپ بېرىشنى ۋە تېزلىكتە قوشۇن ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

گومىنداڭ 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ ئۇرۇمچىدە جىددىي يىغىن ئېچىپ، قوراللىق باستۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. غۇلجىغا بەش يول بىلەن ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى. زاپاس 7 ـ دىۋىزىيە كوماندىرى لى يۇشياڭغا جىڭدا ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى قۇرۇش، 2000 ئىشلەمچىنى ئىشقا سېلىپ جىڭدا ئايرودۇرۇم ياساش، غۇلجىدىكى قالدۇق قوشۇنغا ھاۋا ئارمىيەسى ئارقىلىق ياردەم بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى زاپاس 7 ـ دىۋىزىيەنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى دۇ دېفۇ جۇ شاۋلياڭنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئايروپىلان بىلەن ئىلىغا كېلىپ، قاتمۇقات قورشاۋدا قالغان غۇلجا ئايرودۇرۇمىغا ئارانلا چۈشۈۋالدى، ئۇ بۇيرۇققا بىنائەن گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى قوشۇنىغا

ئۆزى بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلماقچى ئىدى. دۇ دېڧۇ دەرھال قوماندا-
لىقنى كۆچەيتىپ، قورشاۋدا قالغان قوشۇننى يېڭىباشتىن رەتكە تۇر-
غۇزماقچى بولدى. ئايرودۇرۇم، لياڭشياڭ، ھەرەمباغ قاتارلىق نۇقتىلار-
دىكى قىسىملىرىغا ئۆز ئىستىھكاملىرىنى مەھكەم ساقلاش، ياردەمچى
قوشۇن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، مۇھاسىرىنى
بۆسۈپ چىقىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.
پارتىزانلار بولسا، غۇلجا ئايرودۇرۇمىنىڭ شىمالىدىكى ئاقئۆستەڭ-
دىن چوڭ بىر ئېغىز ئېچىپ، ئايرودۇرۇمغا قارىتىپ ئۇلۇغ سۇ قويۇۋەت-
تى. ئايرودۇرۇمدا تۇرغان گومىنداڭ ئايروپىلانلىرىنىڭ چاقى سۇدا
توڭلاپ، ئۇچالماي قالدى، شۇنىڭ بىلەن پارتىزانلار ئايروپىلانلارنى غە-
نىيمەت ئالدى.
11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئېلىخان تۆرە سوۋېت ئىتتىپاقى قازا-
قىستان دائىرىلىرىگە خەت يېزىپ، خەلق ئىنئام قىلغان مال - مۈلۈك،
چارۋا ماللارغا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن قورال - ياراغ، ئوق -
دورا ۋە ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى تېگىشىشنى تەلەپ قىلدى.
ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش پىلانلىرىنى تۈزۈش-
تىن باشقا، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت ئاپپاراتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش،
جۈملىدىن ئامما قارىتا چاقىرىق ۋە خىتابنامىلەرنى چىقىرىشى كې-
رەك. لېكىن، ئۆرنەك قىلغۇدەك ئەندىزىمۇ يوق. شۇڭا، ھۆكۈمەت مەج-
لىسىدە ئايرىم مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۆزئارا مۇنازىرە، تالاش - تار-
تىشلار دائىم بولۇپ تۇراتتى. بولۇپمۇ ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا
ئىسلامىي ھاكىمىيەت قۇرۇش شامىلى بىر مەزگىل خېلى ئەۋج ئالدى،
دىنىي ئەسەبىيلىك بىر مەھەل باش كۆتۈرۈپ، ئاياللار يۈزىگە چۈمبەل
تارتمىسا چىۋىق بىلەن ئۇرىدىغان، ھاقارەتلەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى.
بۇ ئەھۋال ئىنقىلابنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا ئىنتايىن يامان تەسىرلەر-
نى كۆرسەتتى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەركىبىدە دىنىي
نازارەت بىلەن مائارىپ نازارىتىنى قوشۇپ بىرلا نازارەت قىلىش كېرەك-
مۇ ياكى ئايرىم - ئايرىم نازارەت قىلىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلە ناھايە-
تى نازۇك مەسىلىگە ئايلىنىپ تالاش - تارتىش بېسىلماي كەتتى.
دېمەك، ھەم ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەرنىڭ چىشىغا تې-
گىپ قويمايدىغان، ھەم تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنىڭ ئىرادىسىنى گەۋدە-

لەندۇرەلەيدىغان ئىجابىي، قايىل قىلارلىق بىر لايىھەنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ناھايىتى زۆرۈر بولۇپ قالدى.

بىر قېتىملىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنىدا دىنىي ئىشلار نازارىتى بىلەن مائارىپ نازارىتىنى قوشۇپ بىرلا نازارەت قىلىش مەسىلىسى يەنە بىر قېتىم كەسكىن مۇنازىرە قوزغاپتۇ. يىغىن ئەھلى بۇ ئىش مائارىپ نازارىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ھەبىب يۇنىچىنى بىر نەرسە دەپ بېقىشقا تەكلىپ قىپتۇ. ھەبىب يۇنىچى تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئالغا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرغىنىدا، ئۇنىڭ ئېسىگە يەنە بىر قېتىم ئەخمەتجان كەپتۇ - دە، ئۇنىڭ قايىل قىلارلىق پىكىر بېرەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ ۋە دەرھال گەپنى بۇراپ ھازىر گېزىتخانىدىكى ئىشلارغا ئەخمەتجان رىياسەتچىلىك قىلىۋاتىدۇ، ئۆزى بولسا خېلى بىلىملىك، يەنە كېلىپ كۆپنى كۆرگەن، بىراق ھۆكۈمەت ئەزاسى ئەمەس، بۇ ھەقتە ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقساق قانداق؟ دەپتۇ، بۇ پىكىرنى بىرىنچى بولۇپ ئابدۇكېرىم ئابباسوف قوللاپتۇ. رەھىمجان سابىرھاجى بىلەن غېنى مەمەتباقىمۇ بۇ گەپتىن مەمنۇن بولۇپتۇ.

مانا مۇشۇنداق ئۇزۇن تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن ھەممەيلەن ئەخمەتجاننىڭ بىر لايىھە تۈزۈپ چىقىشىنى ۋە ئۇنى كېلەر قېتىملىق يىغىندا قاراپ چىقىشنى توغرا تېپىپتۇ. ئېلىخان تۆرىمۇ ئارتۇق سۆزلىمەي بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

169

مەجلىستىن كېيىن ئېلىخان تۆرە ھەبىب يۇنىچىنى ئۆزىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ بېرىپ، دەرھال ئەخمەتجاننى ئۆز ئىشخانىسىغا ئېلىپ كېلىشنى تاپىلاپ يولغا ساپتۇ. ئەپەندىم ئېلىخان تۆرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندە، ئېلىخان تۆرە ئەخمەتجاننى بىرلا كۆرۈپ ياقتۇرۇپ قاپتۇ - يۇ، گۇمان ئىچىدە ئېغىز ئېچىپتۇ:

— بالام، ماۋۇلار دېگەن خەتنى بەش كۈندە يېزىپ چىقالامسەن؟

ئۇ پۈتۈن لايىھەنى قىسقارتىپ خەت دەپلا ئاتاپتۇ. ئېلىخان تۆرە بىر دىنىي زات، ئۇنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلىنىپ يېتەلىشى تەس، بىراق ئۇ بىر دىنىي زات بولۇش سۈپىتى بىلەن دىنىي ئىشلار نازارىتىنى قۇرماي قويمايدۇ، مائارىپ نازارىتى مەسىلىسىدە بولسا، باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپلا باقماقچى.

— ئىككى كۈن كۇپايە، تۆرەم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەخمەتجان كۈلۈپ قويۇپ ئىشەنچ بىلەن.

رەئىس ئىشخانىسىدىن چىققاندىن كېيىن ئەپەندىم ھەببە يۈنىچىدىن ئەھۋالنى ئۇقۇپتۇ ھەم ھۆكۈمەت ئەزاسى ئابدۇكېرىم ئاbbاسوف، رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ بىرلىككە كېلىۋاپتۇ. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم، ھۆكۈمەت ئەزاسى غېنى مەمەتباقى، مۇھەممەتجان مەخسۇم قاتارلىقلاردىن پىكىر ئېلىپ، ئۆز نۇقتىئىنەزەرىنى ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ئۇيغۇر، 1921 - يىلى 9 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستاننىڭ قاراقول شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئاتىسى ھاشىم ئابباس، ئانىسى ھاشىخان 1927 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلغاندا بالىلىرىنى ئېلىپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاتىسى ئاقسۇنىڭ ئۈچتۇرپان ناھىيەسىدە تۇرۇپ قالغان، ئانىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى ئېلىپ ئىلىنىڭ سۈيدۈڭ ناھىيەسىگە كەلگەن. 1938 - يىلى يازدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۈرۈمچىدىكى خەنزۇچە ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى تولۇق ئوتتۇرا بۆلۈمىنىڭ خەنزۇچە سىنىپىغا يۆتكىلىپ ئوقۇغان؛ 1939 - يىلى 5 - ئايدا ئاتىسى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغاندا، ئابدۇكېرىم ئابباسوف «خائىننىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى» دەپ ئوقۇشتىن توختىتىلغان ھەم ساۋەنگە پالانغان؛ ساۋەندە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەرجىمانى بولغان؛ 1942 - يىلىنىڭ باشلىرىدا غۇلجىغا كېلىپ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان، كېيىن ئىلى مەمۇرىي مەھكىمىسىدە خىزمەت قىلغان؛ 1944 - يىلى 4 - ئايدا «ئازادلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا بولغان؛ «7 - نويابىر» قوزغىلىڭى پارتلاش ھارپىسىدا قورالللىق قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىق پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان؛ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت ئەزاسى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان.

ئەخمەتجان ئەتىسى ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم بىلەن يۈز كۆرۈشۈپتۇ. ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى، ئۇنىڭ پىكرى ھالقىلىق

رول ئوينايتتى. شۇڭا، باش كاتىپنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. ياخشى يېرى ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم مىجەزى ئوچۇق، تەرەققىيپەرۋەر ئادەم. لېكىن، بۇ مەسىلىدە ئۇنىڭ پىكرىنىڭ قانداقلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. شۇڭا، ئەخمەتجان باش كاتىپ بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغاندا ناھايىتى ئېھتىياتچان پوزىتسىيەدە بوپتۇ:

— باش كاتىپ، — دەپ گەپ باشلاپتۇ ئەخمەتجان، — بىز نۇرغۇن قوراللىق كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈردۇق! سىزنىڭ ھازىرقى ئورنىڭىز ئىنتايىن مۇھىم، بىراق ياشتا ئىككىمىز تەڭ دېمەتلىك، شۇڭا كۆڭلىمىزدىكى گەپلەرنى دېيىشسەك قانداق. مەجلىسنىڭ كۈنتەرتىپى بويىچە ئەتە داۋاملىق مۇزاكىرە بولىدۇ. لېكىن، بىز ئەۋلادلىرىمىزنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك، ئۇلارنى بىلىملىك قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن مەيلى قانۇنىي، مەيلى مەمۇرىي جەھەتلەردە بولسۇن، مائارىپقا يول ئاچساق بولامدىكىن، — ئەخمەتجان سىلىقلىق بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — سىز تۆرە ئاتام بىلەن بىۋاسىتە سۆزلىشەلەيسىز، گېپىڭىزمۇ ئۆتىدۇ! ئەمدى قاراڭ، دىن بىلەن مائارىپنىڭ بىر - بىرىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن دىنىي ئىشلار نازارىتى بىلەن مائارىپ نازارىتىنى ئايرىپ قورۇش پىرىنسىپ قىلىنسا ياخشىراقمۇ دەيمەن.

باش كاتىپ ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم سەل ئويلىنىۋېلىپ ئەخمەتجاننىڭ پىكرىنى ماقۇل كۆرۈپتۇ ۋە ئەتىسى ئېچىلىدىغان يىغىندا ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ پىكرىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.



مۇھەممەتجان مەخسۇممۇ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئىچىدە خېلى تەسىرگە ئىگە ئادەم. ئەپەندىم كەچقۇرۇن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ سەمىمىي سۆزلىشىپتۇ:

— ئەتىكى تېما چوڭ تېما، دىن بىلەن مائارىپنى قانداقمۇ بىرلەشتۈرۈپ باشقۇرغىلى بولسۇن؟ دىنىي ئىشلار نازارىتىنىڭ ئايرىم تەسىس قىلىنىشى دىنىمىزنى ھۆرمەتلىگىنىمىز ئەمەسمۇ؟ مائارىپ نازارىتى ئايرىم بولغىنى تۈزۈكمىكىن. مۇھەممەتجان ئاكا، بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

مۇھەممەتجان مەخسۇم ئەخمەتجاننىڭ بۇ يوللۇق پىكرىگە قارشى بىرنەرسە دېيەلمەي ماقۇل بوپتۇ. ھەمدە سەمىمىي ھالدا رەئىسنىڭ ئالدىدا بۇ پىكرىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

ئەپەندىم بۇ پىكرىنى غېنىغا ئېيتقاندا، غېنى مەمەتباقى ھېچبىر ئېرەنمۇ قىلماي:

— بىزلەر تۈرمىگە قامىلىپ تاياق يەپ يۈرگەندە، قولىمىزغا مىلتىق ئېلىپ سوقۇش قىلغاندا، ھازىرقى باشلىق نەدە يۈرۈپتىكەن! — دەپتۇ.

ئەتىسى ئېلىخان تۆرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلىپتۇ. يىغىن مائارىپ نازارىتى بىلەن دىنىي ئىشلار نازارىتىنىڭ قانداق تەسىس قىلىنىشى ھەققىدە ئالاھىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپتۇ.

ئېلىخان تۆرە يەنىلا ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ پىكرى بويىچە، يەنىلا دىنىي ئىشلار نازارىتى، مائارىپقا ئائىت خىزمەتلەرنى قوشۇمچە خىزمەت ئورنىدا ئاتقۇرسا بولىۋېرىدىكەن. ئۇنىڭ بۇ قارىشى مەمۇرىيەت بىلەن دىننى بىرلەشتۈرۈش ئاساس قىلىنغان ئەنئەنىۋى قاراش ئىدى. يەنە كېلىپ مەكتەپلەردە دىن دەرسى بار. ئۇنىڭ قارىشىچە دىنىي ئىشلار نازارىتى ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىمۇ باشقۇرۇشى كېرەك ئىكەن.

ئېلىخان تۆرە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتىكى ئەڭ ئالىي ھوقۇقتا ئىگە، ئۇنىڭ قويغان لايىھەسىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. گەرچە ئۇنىڭغا نارازىلىق پىكرى بارلار خېلى بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىم ئوچۇق ئاغزىدىن چىقىرالمايدۇ. ئەگەر كىمدەكىم قارشى پىكىر بېرىدىكەن ئۇ ئىنقىلابقا، دىنغا قارشى چىققۇچى ھېسابلىنىپ قاتتىق جازالىناتتى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە جېنىدىن تويغان ئادەم قارشى چىقمىسا باشقىسىنىڭ قارشى چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، لېكىن دەرھال تەدبىر قوللىنىپ توسۇمايدىغان بولسا، خەلق ئىنقىلابى نىشاندىن چەتنەپ كېتەتتى.

ئېلىخان تۆرىگە قانداق گەپ يېگۈزۈش بىر تاكتىكا مەسىلىسى بولۇپ قالدى.

ۋاھالەنكى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتىكى تەرەققىيپەرۋەر ياشلار كونسېرۋاتىپ كۈچلەرنىڭ بېسىمى بىلەن ۋاقتىنچە تېخى ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىگىنى يوق. گەرچە ئۇلار دىنىي ئىشلار نازارىتى بىلەن مائارىپ نازارىتىنى قوشۇپ تەسىس قىلىشقا قارشى تۇرسىمۇ، بەربىر ئازچىلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بەزى ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئىشنىڭ قايسى تەرەپكە قاراپ ئاقىدىغانلىقىنى كۈتۈپ، ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرمەي تۇ-

رۇۋاتاتتى.

دېمەك، ھەركىم ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلە ھەل بولماي تالاش ـ تارتىش بولۇپ كېتىپتۇ.

بۇ چاغدا ئېلىخان تۆرە نەچچە كۈن بالدۇر تاپشۇرغان لايىھە توغرۇلۇق ئەخمەتجاننىڭ پىكىر قىلىپ بېقىشىنى ئېيتىپتۇ. ئەخمەتجانغا نىسبەتەن كۆز ئالدىدا كۈچلۈك دۈشمەن تۇرۇۋاتقان بۇ پەيتتە، پارچىلىنىپ كەتمەي ھەممە كۈچلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئورتاق دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ھەممىدىن مۇھىم ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن پايدىلىنىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، كەڭ ئىنقىلابىي بىرلىك سەپ قۇرۇپ چىقىشقا پايدىسىز ھەرقانداق ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش تېخىمۇ زۆرۈر ئىدى. دەرۋەقە، ئىنقىلاب دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان، ھەر خىل ئىجتىمائىي كۈچلەر مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدا، دىننىڭ كونتروللۇقىدىن دەرھال ئۈزۈل ـ كېسىل خالىي بولۇش ھازىرچە بالدۇرلۇق قىلاتتى. شۇڭا ئىچكى جەھەتتىكى بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىقنى قوغداش، ئاقىلانە، ئەپچىل ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ يۇقىرىغا تەسىر كۆرسىتىش ناھايىتى زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى.

ئەپەندىم تەمكىنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا رەئىسنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن تۈزۈپ چىققان ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش پرىنسىپى، بولۇپمۇ مائارىپ نازارىتى بىلەن دىنىي ئىشلار نازارىتىنى ئايرىپ تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى لايىھە دوكلاتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئەخمەتجاننىڭ كۆڭلىگە ئايان: مائارىپنى دىنغا قوشۇۋېتىش جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن قىلچە سىغىشالمايدۇ، مائارىپ نازارىتى بىلەن دىنىي ئىشلار نازارىتىنىڭ بىرلەشتۈرۈۋېتىلىشى دىننىڭ مەمۇرىيەتكە ئارىلىشىشىغا يوچۇق ئېچىپ بەرگەنلىك، جۇملىدىن مەمۇرىيەت بىلەن دىننىڭ بىرلىشىپ كېتىشىگە يول قويغانلىق. بۇنداق پرىنسىپال مەسىلىدە ھەرگىز يول قويۇشقا بولمايدۇ. بىراق، بۇ مەسىلە ئېلىخان تۆرىنىڭ ئالدىدا ھېچكىم ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان نازۇك مەسىلە ئىدى.

ئەپەندىم ئازراق ئويلىنىۋېلىپ، بۈگۈن بۇ مەسىلىنى قايىل قىلارلىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويمىسا پۇرسەت قولدىن كېتىپ قالىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئېلىخان تۆرىمۇ قايىل بولىدىغان، ئىككى نازارەتنى ئايرىم

تەسـىس قىلىشقا بولىدىغان لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويـۇپتۇ. «يەتـتە ئۆلچـەپ
بىر كەس» دېگەندەك، مەمۇرىيەت تارماقلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىـمىزنى زامـا-
نىۋى تەربىيەگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن مائارىپ نازارىتىنىڭ ئايرىم تەسىس
قىلىنىشى كېرەكلىكىنى نۇقتىلىق سۆزلەپتۇ، شۇنداقلا ۋاقىـتلىق ھـۆ-
كۈمەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى كىشىلەرنىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا تېگىپ
قويۇشتىن ساقلىنىپتۇ. جۈملىدىن قەدىمكى پادىشاھلارنىڭ ھاكىمىيەتنى
تارتقۇزۇپ قويغانلىقىغا دائىر مىساللارنى نەقىل كەلتۈرۈپ، تارىختا بـو-
لۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق مـۇھىم نۇقـتىنى روشـەن
گەۋدىلەندۈرۈپتۇ. ئەپەندىمنىڭ ھەربىر جۈملە سۆزى يىغىن ئىشـتىـراك-
چىلىرىنى قايىل قىپتۇ. ئەپەندىم جاراڭلىق ئاۋازى بـىلەن ئايەت ـ ھـە-
دىسلەردىن مىسال كەلتۈرۈپ يېشىپ، ھازىرقى زامان جەمئـىيەت تـەرەق-
قىياتىغا يېقىندىن نەزەر سېلىش بىلەن مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنى
قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە كېيىنكى ئـەۋلادلارغا قانداق تـەربىيە بې-
رىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئىجابىي ھالدا ئـىنچىـكە بايان قـىپتۇ. دىـن
بىلەن مائارىپنىڭ پەرقلىرى ئۈستىدە توختىلىپتۇ. قىزىقارلىق ماقال ـ
تەمسىللەر ئارقىلىق، كۆپچىلىكنىڭ بۇگۈنكىدەك ھالقىلىق پەيتتە، بىـر
نىيەت ـ بىر مەقسەتـكە كېلىـپ، شەرئـەت ئالدىدا ھـەممەيلـەننىڭ ئـۆز
قوللىرى بىلەن باللار ئۈچۈن ئوبدان مۇھىت يارىتىپ بېرىشنىڭ خەير-
لىك ئەمەل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈپتۇ، شۇنداقلا ئەۋلادلىرىمىزنى
ياخشى تەربىيەلەيدىغان داغدام يول ئېچىپ بېرىشنىڭ مۇھىملىقىنى بايان
قىلىپ، بۇنىڭ ئىنقىلاب مېۋىسىنى قوغدىغانلىق بىلەن باراۋەر ئىكەنلى-
كىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان بـىر جۈپ كۆزى ھـەممىنـى
ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ.
ئەپەندىم يەنە خەلقىمىزنىڭ ئىسلامىي ئۆرپ ـ ئادەتـلىرىنـى ھۆرمەتلـەش
كېرەكلىكىنى كۆزدە تۇتۇش بىلەن تەڭ، ھاكىمىيەتنىڭ يۇقـىرى قاتلـى-
مىدىكىلەرنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قىلـ-
غان ھەربىر سۆزىگە ئالاھىدە دىققەت قىپتۇ.

ئاخىرىدا ئەپەندىم مەھكىمە شەرئى قازىلىرىنىڭ تېرگـاۋ ـ كېسـىم
ئىشلىرىدا ھوقۇقلۇق بولۇشتەك رېئاللىقنـى ھەمدە قانـۇن ـ تۈزۈملەرنـى
تولۇق يولغا سېلىۋېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ۋاقتىنچە پايدىلىنىشقا بولـ-
دىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھۆكۈمەت تەركىبىدە ئالىي دىنىي سوت مەھ-

كىمىسى قۇرۇش كېرەكلىكىنى، شۇنداقلا مائارىپ نازارىتىنى ئايرىم تەسىس قىلىش لازىملىقىنى شەرھلەپتۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم ۋەزىيەتكە بېقىپ ئىش تۇتۇش ئۈچۈن، رەئىس ئېلىخان تۆرىگە قىيىن سوئال تاشلاپ: «ئىسلام دىنىمىزنى ئەڭ مۇقەددەس دىن دەيمىز ـ يۇ، ئۇنىڭغا باشقا نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋالساق، دىنىمىزغا شەك كەلتۈرگەن بولمايمىزمۇ؟ سىز بۇنىڭغا قانداق چىداپ تۇرالايسىز، ھۆرمەتلىك تۆرە ئاتا؟» دەپتۇ.

كۆڭلىدىكى گەپنى ئاڭلىغان ئېلىخان تۆرە جايىدا ئولتۇرالماي باشمالتىقىنى چىقارغان پېتى ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەپتۇ ـ دە، قايىل بولغان ھالدا:

— ئالتۇن، ئالتۇن، مانا بۇ كۆمۈلۈپ قالغان ئالتۇن! يارايسەن، ئوغلۇم، بۈگۈندىن تارتىپ مېنىڭ يېنىمدا تۇرىسەن، ئېيتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى دۇرۇس، — دەپ ئاپىرىن ئوقۇپتۇ.

نەتىجىدە ھەممەيلەن دىنىي ئىشلار نازارىتى بىلەن مائارىپ نازارىتىنى ئايرىم تەسىس قىلىشقا قوشۇلۇپتۇ. ئېلىخان تۆرىنىڭ يېنىدا گەپ تىڭشاپ ئۇنىسىز ئولتۇرغان مۇئاۋىن رەئىس ھاكىمبەگ غوجىمۇ بۇ ياشنىڭ قويغان پىكرىگە ئىچ ـ ئىچىدىن قايىل بوپتۇ.

بىر چەتتە ئولتۇرغان مىجەزى قوپال، ئۆزى چوس غېنى مەمەتباقىمۇ ئۆزىنىڭ بۇ تۇرمىدىشىغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

ئابدۇكېرىم ئاباسوف، رەھىمجان سابىرھاجى، ھەبىب يۈنىچى قاتارلىق كىشىلەرمۇ يېنىكلەپ «ئۇھ» دېيىشىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئومۇمىي يىغىنىدىكى كەسكىن تالاش ـ تارتىشلار ئەخمەتجاننىڭ سەۋرچانلىق بىلەن ئاقىلانە چۈشەندۈرۈشى نەتىجىسىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل بولۇپ، ئاخىردا دىنىي ئىشلار نازارىتى بىلەن مائارىپ نازارىتىنى ئايرىم ـ ئايرىم تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى قارار شەكىللىنىپتۇ.

12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى دىنىي ئىشلار نازارىتى بىلەن مائارىپ نازارىتى ئايرىم ـ ئايرىم تەسىس قىلىندى. زىرىپ قارى ھاجى دىنىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەندى. ھەبىب يۈنىچى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىنى داۋاملىق ئۆتىدى، لېكىن ھەبىب يۈنىچى ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئۈچ ئاي ئۆتمەيلا بەختكە قارشى ۋاپات

بولدى.

ئېلىخان تۆرە ئەخمەتجاننىڭ ئىقتىدارىدىن سۆيۈنۈپ، دەرھال ھۆ-كۈمەت ئورگىنىغا يۆتكەپ كەلدى ـ دە، ئۆزىگە مەسئۇل كاتىپ قىلىپ تەيىنلىدى. ھالبۇكى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتە مۇئاۋىن باش كاتىپ دەيدىغان ۋەزىپە يوق، دېمەك ئەخمەت ئەپەندىم ئەمەلىيەتتە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى بولۇپ قالدى.

# 20. ھەرەمباغ سوقۇشدا تەگكەن ئوق

قىش لىباسىغا ئورالغان تەڭرىتاغ، ئاق قار ئاستىدىكى ئىلى ۋادىسى.

7 - نويابىر قورالىق قوزغىلىڭى دەسلەپكى جەڭدە غەلىبە قازاندى، جۇملىدىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتمۇ قۇرۇلدى.

گەرچە غۇلجا شەھىرى شۇنداقلا بىرقانچە ناھىيەلەر پارتىزانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ قالدۇق قىسىملىرى غۇلجا شەھەر ئەتراپىدىكى ئۈچ نۇقتىغا سۇقۇنۇۋېلىپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى.

1944 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى گومىنداڭ 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ باش قوماندانى جۇ شاۋلياڭ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا كېلىپ، جياڭ جيېشىغا ۋاكالىتەن قورشاۋدا قالغان گومىنداڭ قالدۇق قىسىملىرىنى رىغبەتلەندۇرمەكچى ۋە ئۇلارغا ئوق - دورا، ئاشلىق ۋەھاكازالارنى يەتكۈزۈپ بەرمەكچى بولغانىدى. لېكىن ئۇ ئولتۇرغان ئايروپىلان غۇلجا ھاۋا بوشلۇقىغا كېلىشى بىلەن تەڭ، پارتىزانلار ئايروپىلاننى شىددەتلىك ئوققا تۇتتى. ئايروپىلان زەخىملەندى. شۇنىڭ بىلەن جۇ شاۋلياڭ ئولتۇرغان ئايروپىلان يەرگە قونالماي، رەسۋا بولغىنىچە ئۈرۈمچىگە قاراپ بەدەر تىكىۋەتتى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تۈرلۈك فۇنكسىيەلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېرىۋاتقان بۇ ۋاقىتتا، ئىلغار كۈچلەرمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتاتتى.

راستىنى ئېيتقاندا، پارتىزانلار ئەترىتى يېڭىدىن قۇرۇلغان، قوماندانلىق سىستېمىسى تازا مۇكەممەل ئەمەس، چېچىلاڭغۇلۇق ئېغىر، تەركىبىمۇ ھەرخىل، ئاڭ - سەۋىيە تۆۋەن، ئىنتىزامىمۇ دېگەندەك چىڭ ئەمەس ئىدى. شۇڭا پارتىزانلار ئىچىدىكى ئايرىم شەخسلەر پۇقرالارنىڭ ئۆ -

يىگە باستۇرۇپ كىرىدىغان، بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۆلتۈرىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلدى. بۇنداق ئەھۋاللارغا يول قويماسلىق ئۈچۈن ئەپەندىم ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ يادرولۇق ئورنىدا خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئەۋزەل شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ھەرقانداق تارماقنىڭ بۇنداق قىلمىشلارغا قارىتا قەتئىي رەۋىشتە چەكلەش ۋەزىپىسىنىڭ بارلىقىنى تەكىتلەيتتى. ئەپەندىم ھەربىي ئىنتىزامنىڭ مۇھىملىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئىنتىزامنى كۈچەيتىش، مىللىي قىرغىنچىلىق كېلىپ چىقىشتىن ساقلىنىش توغرىسىدا ماقالىلەر ئېلان قىلىپ، بىگۇناھ پۇقرالارنى ئۆلتۈرىدىغان، باسقۇنچىلىق، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدىغان قىلمىشلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە توسۇدى.

ئالايلى: 1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە سوت كوللېگىيەسى كۆرەدە بىرنەچچە بىگۇناھ خەنزۇ پۇقرالىرىنى ئۆلتۈرگەن پارتىزان راپسانغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ دەرھال ئىجرا قىلدى. بۇ خەۋەر دەرھال گېزىتكە بېسىلىپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىشتا ناھايىتى زور رول ئوينىدى.

1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 4 ـ قېتىملىق ھەيئەت ئەزالار يىغىنىنى ئېچىپ، توققۇز ماددىلىق ھۆكۈمەت خىتابنامىسىنى ماقۇللىدى. خىتابنامىدە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش مەزمۇنىدىن باشقا، مۇستەقىللىق، بۆلۈنۈشنى تەرغىب قىلىدىغان خەلقنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ مەزمۇنلارمۇ بار ئىدى.

ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ خىتابنامە ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا ئېلان قىلىنغان، يەنە كېلىپ بۇ يىغىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقىنى ئىگىلەپ تۇرغان ئەڭ ئالىي رەھبەر ئېلىخان تۆرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ تەركىبىمۇ مۇرەككەپ. گەرچە ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئىچىدە بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك ئادەملەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ھېچكىممۇ ھۆكۈمەت رەئىسى ئېلىخان تۆرىگە قارشى چىقالمايدۇ. ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشى پىكىر بېرىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ۋاھالەنكى ئەخمەتجان تېخى ھۆكۈمەت ئەزاسىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى تېخىمۇ يوق. بۇنداق ئەھۋالدا، ئىلغار كۈچلەر ۋاقىتىنچە ئۈن ـ تىن چىقارماي تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى. چۈنكى، ھازىر ئىچكى مەسىلىنى ئالدىراپ ھەل قىلغىلى بولىدىغان چاغ ئەمەس. ئالدى بىلەن

خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنى تەلتۆكۈس يوقاتقاندىن كېيىن ئاندىن ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش تېخىمۇ مۇۋاپىق.

ئەمما پارتىزانلارغا بولغان قوماندانلىقنى كۈچەيتىش، ھەربىي ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئىچىدە بىر ھەربىي ئورگاننىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ قالغانىدى.

1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 5 ـ نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، پارتىزانلار قوماندانلىق ئىشتابىنى ھەربىي بۆلۈمگە ئۆزگەرتتى. ئالېكساندىروف (ئۇيغۇرچە ئىسمى ئىسكەندەر) ئىسىملىك رۇس ھەربىي بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى ھەمدە مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇشنىڭ كونكرېت لايىھەسىنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىش تەلەپ قىلىندى.

ئەپەندىم ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتىكى مەسئۇل كاتىپلىق رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇپ، ئورگاننىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندىن باشقا، يېڭىدىن قۇرۇلغان ھەربىي بۆلۈمنىڭ جەڭ لايىھەسى تۈزۈش ئىشلىرىغا، شۇنىڭ بىلەن تەڭ مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇش جەھەتتىكى مەسىلىلەرگىمۇ نۇرغۇن موھىم پىكىرلەرنى بېرىپ تۇردى.

بىر كۈنى ئەپەندىم ئېلىخان تۆرىنىڭ ئىشخانىسى يېنىدىكى كىچىك ئىشخانىدا پۈتۈن دىققىتى بىلەن خەت يېزىپ ئولتۇرسا، مۇھاپىزەتچىنىڭ بىرەيلەننى توسۇۋېلىپ كىرگۈزمەيۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن ئەجەبلىنىپ سىرتقا چىقىپ قارىسا، ياش بىر قىز «باشلىق بىلەن كۆرۈشىمەن» دەپ چىڭ تۇرۇۋالغانىكەن.

ئەخمەتجان ئۇ قىزنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىغانىكەن، ئۇ قىز «باشلىق بىلەن كۆرۈشمىگۈچە ئېيتمايمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ، ئەخمەتجان قىزنىڭ بۇنداق قەيسەرلىكىنى كۆرۈپ، مەقسىتىنى چۈشەنگەندەك بوپتۇ ـ دە، قىزغا:

— مەن مەسئۇل كاتىپ، نېمە ئىشىڭىز بولسا ماڭا دېسىڭىز بولىدۇ، — دەپتۇ.

قىز ئۆرە ياقىلىق ماش رەڭ گىمناستۇركا كىيىپ، تۈگمىسىنى گېلىغىچە چىڭ ئەتكەن، بېلىگە كەڭ ھەربىيچە كەمەر باغلاپ تاپانچا قىستۇرۇۋالغان، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن بۇ ھەربىي سىياقىدىكى ئادەمگە قاراپ سەل ئەيمەنگەندەك بولۇپ ئاستا ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئەپەندىم كۆلۈمسىرىگەن ھالدا قىزدىن سوراپتۇ:
— ھە، قىزچاق، ئىسمىڭىز نېمە؟
— رىزۋانگۈل، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز.
— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟
— 19 غا.
— بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭىز؟
— ھەربىي سەپكە كىرەي دېسەم، ئۇلار ئالمايۋاتىدۇ.

ئەخمەتجان كۆڭلىدە ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ، قىزنىڭ قەلبىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان غەزەپ - نەپرەتنىڭ تولۇپ تاشقانلىقى ۋە ئۇرۇش مەيدانىغا بېرىپ دۈشمەننى يوقىتىش ئىرادىسىنىڭ شۇنچىلىك ئۇستۇن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ.

— بولدى، باشقا ئادەمنى ئىزدىمەڭ.

ئەپەندىم قولىغا بىر پارچە قەغەزنى ئاپتۇ - دە، بىر نەچچە قۇر خەت يېزىپ قىزغا تۇتقۇزۇپتۇ ۋە ئۇرۇش سەپەرۋەرلىك خىزمىتىگە مەسئۇل يولداشقا بېرىشنى ئېيتىپتۇ.

ئەتىسى رىزۋانگۈل ئۇچىسىغا تېرە جۇۋا كىيىپ، يەنە باشقا يەتتە قىز بىلەن تەڭ جەڭگاھ سانىتارلار ئەترىتىدە قىسقا مۇددەت تەربىيەلەنگەندىن كېيىن، جەڭگە ئاتلىنىپتۇ.

1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى جۇ شاۋلياڭ ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ۋۇ جۇڭشىن جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما يوللاپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىنى مەلۇم قىلدى ھەمدە قوزغىلاڭچىلارنى تېزلىكتە باستۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر كۆپەيتىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنداقلا ھەربىي قورال - ياراغقىلا تايانغان بىلەن ئىش پۈتمەيدىغانلىقىنى، مەسىلىنى سىياسىي ۋاستە قوللىنىپ ھەل قىلىش زۆرۈرلۈكىنى دوكلات قىلدى.

1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جياڭ جيېشى جۇ شاۋلياڭغا تېلېگرامما قايتۇرۇپ، «ئىستالىنگراد ئۇرۇشىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان روھ بىلەن ئاداققىچە ئېلىشىڭلار» دەپ پەرمان چۈشۈردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، گومىنداڭ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يۈ فېيپېڭ باشچىلىقىدا، غەربىي شىمال تاشيول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خې جىڭۋۇ، مالىيە مىنىستىرلىقى پۇل مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى دەي مىڭلى، شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ يېڭىدىن تەيىن-

لەنگەن نازىرى لۇ يۇۋېن، 8 ـ ئۇرۇش رايونى ھەربىي پونكىتىنىڭ باش نازارەتچىسى بەن فۇ قاتارلىقلارنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ ئەھۋال ئۇقۇپ بېقىشنى تاپىلىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىنىڭ ئاشلىق، ھەربىي ئەشيا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئىدى.

جۇ شاۋلياڭ بۇ يەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى جياڭ جيېشىغا دوكلات قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، 29 ـ كورپۇس كوماندىرى لى تيېجۈننى جىڭخىغا ئەۋەتىپ تاشيولنى توسۇپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ھەمدە جىڭ، شىخو قاتارلىق جايلاردىكى گومىنداڭ 45 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ كوماندىرى شيې يىفېڭ، زاپاس 7 ـ دىۋىزىيەنىڭ كوماندىرى لى يۇشياڭ قىسىملىرىنى بىرلەشتۈرۈش بىلەن ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى قۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ ۋاقىتتا پارتىزانلار يەڭگىل، چەبدەس ۋە تېز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىگە تايىنىپ، پىيادە ۋە ئاتلىق قىسىملارغا بۆلۈنۈپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، ئۈرۈمچىگە بارىدىغان تاشيولنى ئۈزۈپ تاشلاپ، گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ غۇلجىغا ياردەمگە كېلىدىغان قوشۇننى توسۇپ زەربە بېرىشكە تەييارلاندى. قەھرىمان پارتىزانلار بىر تەرەپتىن، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ غۇلجا شەھىرىدە ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلەشكەن قىسىملىرىغا ھۇجۇمغا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خىللانغان قوراللىق پارتىزانلار قوشۇنىنى تەلەمەت داۋانى ئېغىزىغا ئەۋەتىپ، گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ تېكەس ئارقىلىق غۇلجىدىكى قىسىملىرىغا ياردەم بېرىشىنى توسۇپ تۇردى.

181

1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ باشلىرى، ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق. نۆلدىن تۆۋەن 30 نەچچە گىرادۇسلۇق سوغۇقتا پۈتۈن يەر ـ جاھان قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان. بۇنداق سوغۇق يەرلىك خەلق ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس. بىراق، گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېلىنگەنلەر، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يېڭى ئەسكەر كۆپ، قورال ـ ياراغلىرى خىل بولسىمۇ، بۇنداق سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلىشى تەس ئىدى. شۇڭا سوغۇقتا توڭلاپ قالغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى گومىنداڭ ئارمىيەسى قوشۇننى قايتا رەتلەپ، غۇلجىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئۆتتى. ھەرەمباغ، ئايرودۇرۇم، لياڭشياڭغا قېچىپ كىرىۋالغان گومىنداڭ قوشۇنلىرى بۇ-

نىڭدىن روھلىنىپ، ئىچكى ـ تاشقى تەرەپلەردىن تەڭ ماسلىشىش ئارقى- لىق مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

دەرۋەقە، ھەرەمباغدىكى دۈشمەن ئوت كۈچى بەكمۇ كۈچلۈك ئىدى. لېكىن پارتىزانلار قوماندانلىق ئىشتابى بىلەن يېڭىدىن قۇرۇلغان ھەر- بىي بولۇمدىكى بەزى رەھبەرلەر كۈچنى توپلاپ ھەرەمباغقا قايتا ـ قايتا ھۇجۇم قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ تۇرۇۋالدى. نەتىجىدە، كۈندە ھۇجۇم قىلىسمۇ ئىلگىرلەش يوق، ئەكسىچە، جەڭدە قۇربان بېرىشلەر كۆپىيىپ، زىيان ـ زەخمەت چوڭ بولماقتا ئىدى.

1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى يەنە بىر قېتىم تىركىشىش جېڭى بولدى، پارتىزانلار ھەرەمباغقا بىرنەچچە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، دۈشمەن ئىس- تىھكامى چىڭ، ئوت كۈچى كۈچلۈك بولغاچقا، نەچچە ئون پارتىزان ئوق تېگىپ قۇربان بولدى، نۇرغۇن ئادەم يارىلاندى.

ھەربىي سەپكە يېڭىدىن قاتناشقان سانىتار قىز رىزۋانگۈل ھاشىم ئۆزى تەلەپ قىلىپ جەڭ مەيدانىغا كەلگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ ھەرەمباغ سوقۇشىدا ئىنتايىن قەھرىمانلىق كۆرسەتمەكتە. ئۇ بىرنەچچە جەڭچىنىڭ يارىدار بولۇپ ھوشسىز ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ئاكوپتىن سەكرەپ



سۈرەتتە: مىللىي ئارمىيە ھەمشىرىلەر ئوددېلېنىيەسىدىكىلەر. ئارقا رەت سولدىن بىرىنچىسى كۆرەش قەھرىمانى رىزۋانگۈل

چىقىپ ئۇلارغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. دۈشمەننىڭ يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلىرى رىزۋانگۈلنى توسۇيالماپتۇ، باتۇر قىز رىزۋانگۈل قاردا ئۆمىلەپ بېرىپ قانغا مىلىنىپ ياتقان ئىككى يارىدارنى قۇتقۇزۇپ چىقىپتۇ. رىزۋانگۈل ئۈچىنچى يارىدارنى قۇتقۇزۇشقا ماڭغاندا، دۈشمەننىڭ بىر پاي ئوقى كېلىپ ئۇنىڭغا تېگىپتۇ. ئەمما بۇ قەھرىمان قىز ئارقىسىغا بىر قەدەممۇ چېكىنمەي، يارىسىنى تېڭىپتۇ ـ دە، يەنە ئالغا قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلەپتۇ. ئۇ دۈشمەنگە قارىتىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى گىرانات تاشلاپ ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە ئورنىدىن دەس تۇرغان پېتى قولىدىكى ئاپتومات بىلەن شىددەتلىك ئوت ئېچىپتۇ، دەل مۇشۇ چاغدا دۈشمەننىڭ بىر پاي ئوقى رىزۋانگۈلنىڭ بېشىغا تېگىپتۇ ـ دە، قەھرىمان قىز رىزۋانگۈل شەرەپ بىلەن قۇربان بوپتۇ.

گومىنداڭ قوشۇنلىرى بارلىق كۈچىنى يىغىپ كەڭ كۆلەملىك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئالدىدا تۇراتتى، دۈشمەن ئارمىيەسى ياكى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ قىرغىنچىلىق قىلاتتى ياكى ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار بولاتتى. شەھەردە بولسا ئەرلەر پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئالدىنقى سەپكە كەتكەن، ئۆيلەردە پەقەت ياشانغانلار، بالىلار ۋە ئاياللارلا قالغان، ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭ بەزىلىرى كۆدە ـ كۆرپىسىنى يىغىشتۇرۇپ باشقا ياققا كېتىپ قالغان، بەزىلىرى ئۇرۇش ۋەھىمىسىدىن قېچىپ يېزىلارغا كېتىشكەنىدى. بۇ ۋەھىمىلىك كۈنلەردە بىز نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق. مومام ئوغۇللىرىنى چاقىرىپ قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. دادام بولسا مومامنىڭ گېپىنى يىرمايتتى، كىچىك ئاپام پاتەم ئەڭ ياخشىسى سوقۇشتىن يىراقراق يەرگە كەتكىنىمىز تۈزۈك دەيتتى، ئەخمەتجاننىڭ ئۇرۇشتا ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار بولساقمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىدىن خەۋەر ئالالمىدۇق.

1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى گومىنداڭ 45 ـ دېۋىزىيەسىنىڭ كوماندىرى شېي يىفېڭ قىسمى توغراسۇ داۋىنىنى ئىگىلىۋالدى، غۇلجا شەھىرىگە 20 كىلومېتىرچە كېلىدىغان پىلىچى كۆمۈر كېنى ئەتراپىمۇ گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ «غەلىبە» خەۋىرى گومىنداڭنىڭ ئۈچ ئورۇندا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان قىسىملىرىنى «زور دەرىجىدە ئىلھاملاندۇردى»، دۈشمەننىڭ ياردەمچى قوشۇنى قەدەممۇقەدەم قىستاپ كېلىۋاتقاچقا، جەڭ غەلىبىسىنى تارتتۇرۇپ قويۇش خەۋپى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى، ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي. دۈشمەنمۇ، پارتىزانلارمۇ

هايات ـ ماماتلىق ئىلىشىش ئالدىدا. بۇ ۋەھىمە پارتىزانلارغىمۇ، پۇق ـ ىرالارغىمۇ ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلماقتا ئىدى. 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ياردەمچى قىسمى پەنجىمگە كېلىپ قالغاندا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەربىي بۆلۈم باشلىقى ئالىكساندىروف قورغاس ئار ـ قىلىق سوۋېتكە قېچىپ كەتتى. بۇ رۇس ئۇرۇش تاكتىكىسىنى بىلمەيدىـ غان، شەخسىيەتچى، ھەتتا خەقنىڭ پۇل ـ مېلىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ يۇرىدىغان ئادەم بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كەتكە ـ نىدى.

شۇنىڭ بىلەن، ھەربىي بۆلۈم باشلىقلىقىنى رەھىمجان سابىر ھاجى ئۈستىگە ئالدى.

مۇشۇنداق خەتەرلىك پەيتتە، ئەخمەت ئەپەندىم ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتـ ىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇرەئۇپ مەخسۇمغا ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ ھالقىلىق پەيتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، رەئىسكە دەرھال پۈتۈن خەلققە ئۇرۇشقا سەپەر ـ ۋەرلىك قىلىش ئۇقتۇرۇشى چىقىرىشنىڭ جىددىي لازىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت پۈتۈن خەلقنى ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا چاقىرىق قىلدى. مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان خەلق ۋە پارتىزانلار قورالى بارلار قورال، قو ـ رالى يوقلار ئارا ـ توقماقلارنى ئېلىپ، چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال دې ـ مەي دۈشمەن ئىستىھكامىغا قاراپ ئېتىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 6 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، پارتىزانلارنى مۇنتىزىم ئارمىيە ئىشتاتى بويىچە تەرتىپكە سېلىشنى قارار قىلدى. پارتىزانلارغا بولغان قوماندانلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قورغاستا ئېچىلغان ئۈچ قارار ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە كۇرسىنى تاماملىغان كوماندىرلارنى ھەرقايسى ئەترەتلەرگە ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ھەربىي كۈچ تېخىمۇ تولۇقلىنىپ، قالدۇق دۈشمەننى يوقىتىشقا تېخىمۇ ياخشى شارائىت يارىتىلدى.

مانا، دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش پەيتىمۇ يېتىپ كەلدى. بىراق قو ـ ماندانلىق ئىشتابىدىكى ئۇرۇش لايىھەسىنى بېكىتىش يىغىنىدا، يول ـ داشلار پىكىر بىرلىكىگە كېلەلمىدى، ھەتتا بەزىلەر ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى.

بۇ چاغدا مەسئۇل كاتىپ ئەخمەت ئەپەندىم ئۇرۇش خەرىتىسى ئال ـ دىدا «ئالدى بىلەن دۈشمەن كۈچى ئاجىز نۇقتىلارغا ھۇجۇم قىلىش،

دۈشمەننىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، دۈشمەننىڭ ياردەمگە كېلىۋاتقان قوشۇنغا يوشۇرۇن زەربە بېرىش ئارقىلىق ئالدىنى توسۇپ تۇرۇش؛ ھەرەمباغقا ھازىرچە ھۇجۇم قىلماي قورشاپ تۇرۇپ، قېچىش يولى قالدۇرۇش؛ شۇ ئارقىلىق ھەرەمباغدىكى دۈشمەننى ئالداپ قاپقانغا دەسسىتىپ، بۆكتۈرمە دائىرىسىگە كىرگەندە بىر - بىرلەپ يوقىتىش» پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەپەندىمنىڭ بۇ پىكرىگە تازا قوشۇلۇپ كەتمەيدىغانلار چىققان بولسىمۇ، كۆپ ساندىكىلەر بۇ پىلاننى توغرا تاپتى.

1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 12 - نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، ھارۋا، ئات - ئۇلاغ ۋە باشقا ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى يىغىشقا باشلىدى. يىغىلغان ماددىي ئەشيالار مۇۋاپىق باھادا پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ ھەق بېرىلدى ھەمدە كىمدەكىم يوشۇرۇپ قالسا، ھەربىي قانۇن بويىچە قاتتىق جازالىنىدىغانلىقى تەكىتلەندى. 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى 15 - نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىنىپ، مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قاتارلىق تەشكىلاتلارغا يىغىلغان ئىئانىلەر ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلۇپ، ھەربىي خىراجەت ۋە تەمىناتقا ئىشلىتىش قارار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئورگاندىكى بارلىق خادىملاردىن چوقۇم ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، ھەرەمباغ، لياڭشياڭ، ئايرودۇرۇم قاتارلىق ھەربىي نىشانلارغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىشقا قاتنىشىش تەلەپ قىلىندى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ماددىي ۋە ھەربىي كۈچ جەھەتتىن ئاساس سېلىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى، ئورگان خىزمەتچىلىرى ۋە ئومۇمىي خەلق ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى.

1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ھەرەمباغ، لياڭشياڭ، ئايرودۇرۇمدىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ھۇجۇم شىددەت بىلەن بىرلا ۋاقىتتا باشلاندى.

ئەخمەت ئەپەندىم بىر قىسىم ئورگان خادىملىرى بىلەن تەڭ قولىغا قورال ئېلىپ، ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى. لېكىن دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى يەنىلا بەك كۈچلۈك بولغاچقا، ھەرەمباغقا قىلىنغان بىرىنچە قېتىملىق ھۇجۇم تازا دېگەندەك ئۈنۈم بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن پارتىزانلار ئىككى تىراكتور تېپىپ كېلىپ، تېشىنى پولات بىلەن قاپلاپ تانكا قىلىپ ياسىدى - دە، زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا يەنە بىر قېتىم شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. كەسكىن ئېلىشىش ئارقىلىق ئاخىرقى ئۈچ نۇقتىدىكى دۈشمەن ئىستىھكامى يەر بىلەن

يەكسان بولۇپ پارتىزانلار قولىغا ئۆتتى.

گومىنداڭ زاپاس 7 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى دۇ دىفۇ پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى، ئۇ قالدۇق ئەسكەرلىرى بىلەن ئۆزى قوراللاندۇرغان خەنزۇ پۇقرالارنى ئەگەشتۇرۇپ، پارتىزانلارنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقىپ، ئەتەي دۈشمەننىڭ قېچىشى ئۈچۈن قالدۇرغان يوچۇقنى بويلاپ، شىمال تەرەپكە بەدەر قاچتى. لېكىن، ئاق قار، كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان دالادا پاناھلانغۇدەك يەرمۇ يوق. بەلگە كەلگۈدەك قېلىن قاردا ماغدۇرىدىن كېتىپ ھېچقانداق ئىلگىرىلىيەلمەي قالدى. ئەكسىچە، ئاتلىق پارتىزانلار دۈشمەنگە ئارام بەرمەي قوغلاپ كەلگىنىچە قاتتىق زەربە بەردى. دۇ دىفۇ قوشۇنىنىڭ ئوق ـ دورا، ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگەپ، كۆز يەتكۈسىز دالادا پارتىزانلىرىمىزنىڭ تىرىك نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۆز غوجىسىغا يۈز كېلەلمىگەن دۇ دىفۇ ئۆزىنىڭ ھايات قېلىشىغا كۆزى يەتمەي، 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن يېنىدىكى تاپانچىسىنى ئاران چىقاردى ـ دە، مېڭىسىگە تىرىدى، «پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئايرودۇرۇمنىڭ شىمالىدىكى پىلىچى خاڭ ئەتراپىدىكى دالاردا ئاپپاق قار ئۈستىدە جەھەننەمگە يول ئالدى. زاپاس 7 ـ دىۋىزىيەنىڭ ئىشتاب باشلىقى ساۋ رىلىڭ، 21 ـ پولكنىڭ كوماندىرى جياڭ شۈەنچۈەن ۋە 19 ـ پولكنىڭ كوماندىرى پېڭ جۈنيېلەرمۇ پارتىزانلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. گومىنداڭ ئىلى رايونلۇق پىرقىسىنىڭ باشلىقى جياڭ يۈ تىرىك تۇتۇلدى.

بۇ كەسكىن جەڭدە پارتىزانلارمۇ زور قۇربانلارنى بەردى.

شۇنداق قىلىپ گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى ھەربىي كۈچلىرى تەلتۆكۈس يوقىتىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ غۇلجىدىكى ئاخىرقى ئۈچ نۇقتىسى پارتىزانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، غەلىبە تۇغى جەۋلان قىلدى.

خەلق غەلىبە شادلىقىغا چۆمگەن چاغدا، ئادەمنى چۆچۈتىدىغان ئېچىنىشلىق ئەھۋال مەلۇم بولدى: ھەرەمباغقا كىرىۋالغان گومىنداڭ قوشۇنى پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇشتا قالقان قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن بىگۇناھ خەلقنى تۇتۇۋالغانىكەن. ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان قانخور گومىنداڭ قوشۇنى تۇتۇۋالغان بىگۇناھ خەلقنى شىددەت بىلەن ئوققا تۇتۇپتۇ، بەزىلىرىنى تىرىك كۆمۈپتۇ، ھەتتا بەزىلىرىنى قۇدۇق ۋە تەرەتخا-

نىغا تاشلاپ تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ۋەھشىيلىك شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئاغزىغا پاختا، لاتا تىقىلغان، بەزىلىرىنىڭ قولى ئارقىغا باغلىنىپ، پۇتىغا كىشەن سېلىنغان، يەنە بەزىلىرىنىڭ كۆزى ئويۇلغان، ھەتتا تىلى كېسىلگەن، قورسىقى يېرىپ تاشلانغان. تېخىمۇ ئېچىنىشلىق پاجىئە — مۇنىر ئىسىملىك 16 ياشلىق بىر بالىنى قولىنى كەينىگە باغلاپ، قورسىقىنى يېرىپ بېشىغا ئىشتىك تىقىپ ئۆلتۈرۈپ، قۇدۇققا تاشلىۋېتىپتۇ.

ساقچى ئىدارىسىدىكى خەندەكنىڭ ئۆزىدىلا 238 جەسەت تېپىلدى. بىرنەچچە جايدىن تېپىلغان 557 جەسەت، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ تونۇۋېلىشى ئۈچۈن قاتار ياتقۇزۇپ قويۇلغاندا، ئاسماننى قارا بۇلۇت باسقاندەك بولۇپ، ھەممە يەرنى يىغا - زار قاپلىدى، خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان ئۆچمەنلىكى ھەسسىلەپ ئاشتى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مەخسۇس گۇرۇپپا قۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ بىگۇناھ پۇقرالارنى ئۆلتۈرگەن فاشىستلىق قىلمىشلىرى تەكشۈرۈلدى، يازما ۋە سۈرەتلىك ماتېرىياللار توپلاندى. قاسىمجان قەمبىرى بىلەن ھەبىب يۇنىچى «گۇۋاھ ۋە پاكىت» دېگەن ماقالە ئېلان قىلىپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايىتىنى پاش قىلدى.

مانا ئەمدى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بېكىنىۋالغان ئۈچ نۇقتىنىڭ ئېلىنىشىغا ئەگىشىپ غۇلجا تولۇق ئازاد بولدى، ئوق ئاۋازىمۇ بارغانسېرى ئازايغىلى تۇردى، ئەمما ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايتتى. بۇ چاغدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈشنى ئېلان قىلدى، چوڭ - كىچىك كوچىلاردا چارلاپ يۈرگەن قوراللىق خادىملارنى دائىم كۆرگىلى بولاتتى. كېچىلىرى بىر - بىرىنى پارول ئارقىلىق پەرقلەندۈرەتتى.



ئۇرۇش ئوتىنىڭ بېسىقىشىغا ئەگىشىپ، پۇقرالار ئۆيلىرىدىن تالا - تۈزگە چىقىشقا باشلىدى. مەن ئەخمەتجاننىڭ دېرىكىنى ئالالماي تىت - تىت بولاتتىم. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرى يېرىم كېچىدە بىزنىڭ ئىشىك ئالدىدا پارول چاقىرىلىپ، ئات ھارۋىسىنىڭ كېلىپ توختىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ئەندىكىپ ئورنۇمدىن ئىتتىك تۇردۇم - دە، كۆڭلۈم يەنە ئاغقاندەك بولدى، يەنە نېمىش بولغاندۇ؟

ئىشىك چېكىلدى، قورقىنىمدىن ئاۋازىم ئارانلا چىقاتتى:

— كىم؟
— مەن، — ئەخمەتجاننىڭ تونۇش ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى.
مەن خۇشاللىق ئىچىدە دەرھال بىرىپ ئىشىكنى ئاچتىم، ئەپەندىم ئۇستىدە قىسقا جۇۋا، مۇرىسىدە قاتلىنىدىغان ئاپتومات ئاسقان ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن غەلىبە خۇشاللىقى چىقىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ھارغىن كۆرۈنەتتى. مەن بولسام ئەپەندىمنىڭ تىرىك قايتىپ كەلگەنلىكىگە شۈكۈر قىلاتتىم.
ئەپەندىم ئۆيگە كىرىپ، ئاپتوماتنى مۇرىسىدىن چۈشۈرۈپ، تاپانچىسىنى يەشتى ـ دە، بىردەم ئولتۇرۇۋالغاندىن كىيىن ئاران گەپ ئاچتى:
— ئىسسىق سۇ بەرسىڭىزچۇ، نەچچە كۈندىن بىرى يۈزۈمنىمۇ تۈزۈك يۇيالمىدىم.
مەن دەرھال ئىسسىق سۇ تەڭشەپ بەردىم. قارىسام ئۇنىڭ كىيىمىدە قان داغلىرىمۇ تۇرىدۇ.
— نەچچە كۈندىن بىرى ئوق ئاۋازى بەك كۈچىيىپ كەتتىغۇ، سىز شۇ كەتكەنچە مېنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىدى؟ مەن تېخى سىزنى... — مەن دۇدۇقلاپ نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.
ئەپەندىم ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ:
— ھەرەمباغنى ئاخىرى قولغا ئالدۇق، دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى بەك كۈچلۈك ئىكەن، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — دۈشمەن ھەرەمباغقا لەخمە كولاپ يوشۇرۇنۇۋاپتۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ئەسكەرلەرمۇ، ئۇيغۇر ئەسكەرلەرمۇ بار ئىكەن. بىز ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، تەسلىم بول، لەخمىدىن چىق دەپ بۇيرۇق قىلساق، ئۇلار لەخمىدىن چىقىدىغانلا بولساق قىرىپ تاشلايدۇ دەپ ئويلاپ، ئالدىغا ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى چىقىرىپ قويۇپتۇ. لېكىن بىز ئىنسانپەرۋەرلەرمىز. مەيلى قايسى مىللەتتىن بولسۇن، ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمەيمىز. گەرچە ئۇلار گومىنداڭ ئوۋچۇن جېنىنى سېلىپ بىرىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئاددىي پۇقرالارنىڭ بالىلىرى ـ دە! ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار ئەسكەرلىككە مەجبۇرىي تۇتۇلغانلار. ئەسىرگە چۈشكەن يەرلىك ئەسكەرلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى كېلىپ، بالىلىرىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كېتىشتى. بۇنى كۆرۈپ ئىچكىرىدىن ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېلىنگەنلەرمۇ يىغا ـ زار قىلىشىپ كەتتى، بىز ئۇلارغىمۇ كەڭچىلىك قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ

قولاقلىرىغا ئىشىنەلمەي قالدى.

ئەخمەتجان ئۇستىدىن جۇۋىسىنى ئاستا يەشتى. مەن جۇۋىنى قولۇمغا ئېلىپ قاراپ چۆچۈپ كەتتىم. جۇۋىنىڭ يانچۇقىدا ئوق تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن تۆشۈك تۇرىدۇ. يانچۇقتا لېنىننىڭ «نېمە قىلىش كېرەك» دېگەن كىتابىنىڭ رۇسچىسى تۇرىدۇ. ئەسلىدە ئەپەندىم جەڭ قىلىۋاتقاندا، گومىنداڭنىڭ پوتەيدىن ئېتىلغان ئوق دەل يانچۇقتىكى كىتابنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەنىكەن.

نېمىدېگەن خەتەرلىك ــ ھە! بەختكە يارىشا، ئوق ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى كىتابنى تېشىپ، بىقىنىنى سىيپاپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئەگەر ئازراق قايغان بولسا، ئەخمەتجاننىڭ جېنى ئامان قالماس ئىكەن!

مەن ھەم خۇشال بولدۇم، ھەم قورقتۇم. دېمىسىمۇ ئەپەندىم شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئۆلۈم گىرداۋىدىن تىرىك قايتىپ كەلگەن، مانا ئەمدى يەنە بىر قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ ئەمەسمۇ!

ئەخمەتجان چۆچۈپ كەتكەنلىكىمنى كۆرۈپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، كىتابنى جۇۋىسىنىڭ يانچۇقىدىن چىقاردى، ئاندىن يۇزىنى يۇيۇپ، ئۈستەلنىڭ يېنىغا كەلدى ــ دە، قولىغا قەلەم ئېلىپ، كىتابنىڭ بىرىنچى بېتىگە مۇنداق دەپ يېزىپ قويدى:

«ھەرەمباغ سوقۇشىدا تەگكەن ئوق»

ئازادلىقتىن كېيىن ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ نەرسىلىرىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بەرگەن ۋاقتىمدا، ئوق تېشىۋەتكەن بۇ كىتابنىمۇ بىللە تاپشۇرۇپ بەرگەنىدىم. كېيىن ئاشۇ كىتابنى ئېلىپ قالمىغىنىمغا بەك پۇشايمان قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا بىرىپ نەچچە قېتىم سۈرۈشتە قىلغان بولساممۇ تاپالمىدىم. كېيىن ئۇقسام «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە مۇزېيدىكى بەزى بۇيۇملار يۆتكەلگەندە، بۇ كىتابمۇ بىللە يۆتكەپ كېتىلگەنلىكى مەلۇم بولدى ۋە قايتا تېپىلمىدى.

ئەپەندىم كىتابنى بىر چەتكە قويۇپ قويدى ــ دە، سوغۇقتىن ئىسسىق ئۆيگە كىرىپ ھورلىشىپ كەتكەن ئاپتوماتىنى سۈرتكەچ جەڭ ئەھۋالى ئۈستىدە سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ قەھرىمان قىز رىزۋانگۈل ھەققىدە سۆزلىگەندە، ئاۋازى پەسىيىپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدىن ئىنتايىن پەخىرلەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى:

— رىزۋانگۈل، قەھرىمان قىز، جەڭدە ئىنتايىن باتۇرلۇق كۆرسەت-



مىللىي ئارمىيەنىڭ ئايال جەڭچىلىرى

تى، — دەپ گەپ باشلىدى ئەخمەت ئەپەندىم، — رىزۋانگۈلمۇ سىزگە ئوخشاش قىز، بوي - تۇرقى، يېشىمۇ سىزدىن پەرقلىق ئەمەس. بۇ باتۇر قىز — جەڭ مەيدانىدىكى شەپقەت ھەمشىرىسى، دۈشمەننى يوقىتىش جېڭىدە ھاياتىدىن ئايرىلدى، ئۇ بىزنىڭ پەخرىمىز! — ئەپەندىم ھاياجان ئىچىدە گېپىنى داۋاملاشتۇراتتى، — ئەمما، جەڭ دېگەن ئەنە شۇنداق ھا- يات - مامات ئىچىدە ئادەم سىنايدۇ. ئەمدى بولدى، سىزمۇ ئۆيدە ئولتۇ- رۇۋەرمەي ئاشۇ قىزغا ئوخشاش ئىنقىلابنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى ئىچىد- دە چېنىقىشىڭىز كېرەك. ئەتە بېرىپ، ھەرەمباغدىكى دۈشمەن ئاكوپىنى كۆرۈڭ، جەڭچىلىرىمىزنىڭ قانداق قۇربانلارنى بەرگەنلىكىنى بىلىڭ، سىز ئۇلاردىن ئۆگىنىشىڭىز كېرەك.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ھاياجانلاندىم، مومام بىلەن دادامنىڭ مېنى سولىۋېلىپ ئەخمەتجان بىلەن بىللە ئۇرۇش مەيدانىغا بارغۇزمىغاند- لىقىدىن ئاغرىندىم. رىزۋانگۈلگە ئوق تەگكەنلىكى مېنىڭ يۈرىكىمگە پىچاق ئۇرۇلغاندەك بىلىندى. «مەنمۇ بىر كۈنى رىزۋانگۈلدەك خەلقىم ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىمەن. رىزۋانگۈل — ئىنقىلابىي قۇربان، شەپقەت ھەمشىرىسى، بىزدەك ئاياللارنىڭ پەخرى ھەم ئۈلگىسى، ئۇ بىزنىڭ قەل- بىمىزدە مەڭگۈ ياشايدۇ!» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

رىزۋانگۈل ھاشىم 1925 ـ يىلى سوۋېت قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ئوبلاستى چېلەك رايونىدا ئاددىي بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1932 ـ يىلى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن يۇرتى غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن. دادىسى ھاشىم تېرە بازىرىدا تېرە ئېلىپ ـ ساتىدىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر بۇ ئادەمنى «ھاشىم دوكا» دېيىشىدىكەن. رىزۋانگۈل ئوتتۇرا بوي، قاڭشارلىق، بۇغداي ئۆڭ، چېچىنى قىسقا قىلىپ ئوغۇل بالىلاردەك ياسىتىۋالىدىغان، ئۆتكۈر پىكىرلىك چېچەن قىز ئىدى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى غۇلجا شەھىرىدىكى «شەرق» مەكتىپىدە ئوقۇپ، 1938 ـ يىلى غۇلجا شەھەر ئۈچەدەرۋازىدىكى «ئۈمىد» مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن، 1940 ـ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى قىزلار مەكتىپىنىڭ بوغالتىرلىق سىنىپىدا ئوقۇغان، كېيىن غۇلجىغا قايتقان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ھەربىي سەپكە قاتتىق تەلەپ قىلىپ كىرگەن ۋە 19 يېشىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان.

رىزۋانگۈلنىڭ ئۆلۈمى شەرەپلىك ئۆلۈم، بۇ قەھرىمان ئۇيغۇر قىزى ئىنقىلابىي قۇربانلار ئارىسىدىن ئورۇن ئالدى. شائىر قادىر ھەسەننىڭ رىزۋانگۈل ھەققىدە يازغان «رىزۋانگۈل» دېگەن شېئىرى ئەل ئىچىدە ھېلىھەم ئوقۇلۇپ كەلمەكتە.



## رىزۋانگۈل

خەۋەر كەلدى گويا بىر،
سولدى دېگەن قىزىل گۈل.
ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا،
ئەمەسمىدى رىزۋانگۈل.

ئەل بەختىنى ياد ئېتىپ،
دۈشمەنلەرنى ئېتىپ كۈل.
بەل باغلىغان جەڭلەردە،
ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل.

ئۇنتۇلسۇنمۇ ھېچقاچان،
ئۇنتۇلمايدۇ رىزۋانگۇل.
ئۇ توزۇماي ئېچىلىپ،
تۇرغان ئەسلا قىزىل گۇل.
.......

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ مېنى رىزۋانگۇلدىن ئۆگىنىپ جەڭ مەيدانىغا ئاتلىنىشقا دەۋەت قىلىشى، مېنىڭ رىزۋانگۇلگە ئوخشاش شەپقەت ھەمشىرىسى بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەن بولسام ئەپەندىمنىڭ سۆزلىرىدىن مېنى ئىنقىلاب يولىغا باشلاۋاتقانلىقىنى چۈشىنەتتىم.

ئەتىسى مەن جەڭ مەيدانىغا باردىم، جەسەتلەر تېخى بىر تەرەپ قىلىنىپ بولماپتۇ. مېنى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ بىر جەڭچىسى خەندەككە باشلاپ كىردى. مەن خېلى ئۇزۇن مېڭىپ باقتىم، ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىرسىن لامپا خىرە يورۇپ تۇراتتى، خەندەكتىكى سېسىقچىلىقتا چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى. 100 مېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن ئاخىرى چىدىيالماي قالدىم ۋە يول باشلاپ ماڭغان جەڭچىگە «چىقىپ كېتەي» دېۋىدىم، ئۇ ماقۇل بولدى.

— سىز ئەخمەتجان ئەپەندىنىڭ ئايالىغۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى جەڭچى.

— ھەئە، — دېدىم مەن ئادەتتىكىدەكلا.

— ئىككى كۈن بولدى، بىزنى ئىشتابتىن ئۇ كىشىنى قوغداشقا قوشۇپ قويغىلى. ئۇ كىشى قالتىس ئادەم ئىكەن، بىز ئۇنىڭدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدۇق، بىز ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى جەڭچىلەر، ئۇ بىزنىڭ باشلىقىمىز تۇرۇپ بىزگە ياردەملىشىپ، جەڭ مەيدانلىرىنى تازىلىشىپ يۈرىدۇ، ئاڭلىساق ئۇ كىشىگىمۇ ئوق تېگىپتۇ دەيدۇ، راستمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ جەڭچى كېتىۋېتىپ.

مەن ئۇلارغا دۈشمەننىڭ ئوقى ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى كىتابنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردىم. بىز جەڭ ھەققىدە سۆزلىشىۋېتىپ، گەپ رىزۋانگۇلگە يۆتكەلگەندە ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم

بولدى.

— ئۇ قىز بىزنىڭ ئەترەتكە تەقسىم قىلىنغانىدى، يەنە بىر تۇغقان ھەمشىرە قىز رازىيەمۇ ياردار بولدى، رىزۋانگۇل بىرقانچە ياردارنى قۇتقۇزۇپ چىققاندىن كېيىن ئوق تېگىپ قۇربان بولدى، — دېدى جەڭچى كۆڭلى يېرىم بولۇپ.

مەن بۇ ياش، جەسۇر جەڭچى باللار بىلەن سۆزلىشىپ، رىزۋانگۇل-نىڭ ئۆلۈمىگە بەك ئېچىندىم ھەم رىزۋانگۇلگە بولغان ھۆرمىتىم بار-غانسېرى ئاشتى. مۇشۇنداق كەيپىياتتا قايتىپ ئۆيگە ھەمدە بۇ ئەھ-ۋاللارنى ئەپەندىمگە سۆزلەپ بەردىم. بەلكىم ھاياجانلىنىپ كەتكىنىمدىن بولسا كېرەك، سۆزۈمنىڭ باش - ئاخىرى بىر - بىرىگە قولاشماي قال-دى. ئەپەندىم سۆزۈمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈر-تۈپ:

— خەندەكنىڭ ئاخىرىغىچىلىك بارالماپسىز - دە، دېمەك، سىزدە تېخى مۇستەھكەم ئىرادە يوق. ئادەمدە مۇستەھكەم ئىرادە، قورقماس جا-سارەت بولغاندىلا، ئاندىن ئىنقىلابچى بولالايدۇ، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ يەردە سىزنى تونۇيدىغانلار چىقىپ قېلىپ، سىزگە يول قويۇپتۇ. سىزنىڭ ئەمدى ئۆي بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ چىقىپ، رىزۋانگۇلگە ئوخشاش جەڭ مەي-دانىغا بارىدىغان ۋاقتىڭىز كەلدى، سىز ئالدىنقى سەپكە بېرىشىڭىز كې-رەك! — دېدى ئەپەندىم سالماقلىق بىلەن.

مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلۈمدە ئەپەندىم كۆرسەتكەن نىشاننى بويلاپ ئىنقىلابىي كۈرەشلەرگە ئاتلىنىشقا ئىرادە باغلىدىم.

1945 - يىل 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 10 - نو-مۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ، ئەسكەر قوبۇل قىلىش نىزامىنى ئېلان قىل-دى. نىزامدا 20 ياشتىن 22 ياشقىچە بولغان يىگىتلەرنىڭ ئۈچ يىل ھەر-بىي مەجبۇرىيەت ئۆتىشى كېرەكلىكى، شۇنداقلا جەڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن 23 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنىڭمۇ ئىختىيارىي يوسۇندا ھەربىي سەپكە قاتناشسا بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەنىدى.

2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ھەرەمباغ، لياڭشياڭ، ئايرودۇرۇم قاتارلىق ئۈچ نۇقتىغا تىقىلىۋالغان دۈشمەنلەر تەلتۆكۈس يوقىتىلىپ، 84 كۈن-لۈك ھەرەمباغ ئۇرۇشى غەلىبە بىلەن ئاخىرلاشتى. دېمەك، بۇ غەلىبە، جەڭ ۋە بورتالادىن باشقا پۈتۈن ئىلى رايونىنىڭ ئازاد قىلىنغانلىقىدىن

دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەربىي كۈچنى ئۇلغايتىش، جەڭ غەلىبىسىنى كېڭەيتىش ۋە ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە كىرىشىپ، تىغ ئۇچىنى ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىشقا قاراتتى.

بۇ يەردە بىر ئىشنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. 1945 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پارتىزانلار ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قىلىپ، ئىلىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئازاد قىلىش ئالدىدا تۇرغاندا، ئالتاينىڭ ۋالىيسى ئوسمان ئىسلام 12 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرمەكچى بوپتۇ. ۋەكىللەر ئۆمىكى ئالتايدىن غۇلجىغا ئالاقىلىشىشكە ماڭغاندا، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالتاي بىلەن ئىلى ئوتتۇرىسىدىكى يولنى بېقىپ ياتقان قىسىملىرىغا ئۇچراپ قېلىپ، ئۆتەلمەي قايتىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش ئوسمان ئىسلامنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىپ، كېيىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە سەۋەب بولدى.

2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئېلىخان تۆرە چىڭخەيدىكى ما بۇفاڭغا ئۆز قولى بىلەن خەت يېزىپ مۇنداق دېدى: «... پەيغەمبىرىمىز ئېيتقاندەك مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلدۇق. تۇڭگان قېرىنداشلىرىمىزمۇ سوقۇشتا قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ تۇرماقتا. ئىسلام تۇغىنىڭ ھۆرمىتىنى سىزمۇ ساقلاپ، يىراقتا بولسىڭىزمۇ بىزگە ياردەم قىلىشىڭىزنى سورايمىز. بارلىقىمىز دىنىي قېرىنداش... ئالدامچى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇ ياقتىكى قېرىنداشلىرىمىزنى ئالداپ، بىزگە قارشى سوقۇش پىلانىنى قىلغان بولسا بۇنىڭدىن كۆپ ئېھتىياتتا بولۇشىمىز لازىم. مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا ئوق ئاتسا، ئىسلام تۇغىغا قارشى چىقىپ سوقۇشساق، قىيامەت كۈنى خۇدانىڭ ئالدىدا نە دەپ جاۋاب ئېيتىمىز؟! مەن مەككە، بۇخارادا ئوقۇغان ئالىم كىشى، بۇ يىل 58 ياشتا. ئەرەبىي ئىبارەتنى ئۆزۈم يازدىم، بۇ مېنىڭ ئالىملىقىمغا ھۆججەت بولالايدۇ... شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ياقتىكىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئالدانمىسۇنلەر. ئەگەر زورلۇق بىلەن ئالداپ بىز تەرەپكە سوقۇشقا بۇيرۇسا، جابدۇقلارنى ئېلىپ قېچىپ كەلسۇنلەر. بىز تامام دۈشمەننى تازىلاپ ئالساق، سىزگە ياردەم قىلىمىز. پۈتۈن ھوقۇقلىرىڭىزنى قولىڭىزغا ئېلىپ بېرىپ، سىزنى ئىسلام ھۆكۈمىتىگە باش تىكلەيمىز.»

روشەنكى، ئېلىخان تۆرە ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى قولغا

كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم دىنىي بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمەكچى بولۇۋاتاتتى.

2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، سۈمۈل (چاپچال) ناھىيەسىدە ناربايانتۇ باشچىلىقىدىكى شىبە پارتىزانلار ئەترىتى قۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ سانى 150 ئەتراپىدا بولۇپ، كېيىن بۇ ئەترەت مىللىي ئارمىيەدە «شىبە ئاتلىق مۇستەقىل ئىسكادرونى» دەپ ئاتالدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ «دۆلەت ئارمىيەسى» دېگەن نامىدىن پەخىرلىنىپ، جاھانغا پاتماي قالغان گومىنداڭ قوشۇنلىرى غۇلجىدىكى جەڭدە ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ بولغانلىقىنى تەن ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭدىكى قوشۇنلىرىنىڭ بۇنداق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان جياڭ جيېشى ئۆز جايىدا ئولتۇرالماي قالدى. 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى جەڭدە مەغلۇپ بولغان قوماندانلارنى قاتتىق جازالاش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ، شىنجاڭنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان قوشۇنلاردىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە «خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىنى يۇيۇش» ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى 2 ـ كورپۇس كوماندىرى لى تيېجۈن، 45 ـ دىۋىزىيە كوماندىرى شيې يىفېڭ، زاپاس 7 ـ دىۋىزىيە كوماندىرى لى يۈشياڭ قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندانلارغا تۆۋەندىكى بۇيرۇقنى چۈشەندۈردى: «... ۋەزىپىسىدىن توختاپ، باشقىدىن خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىنى يۇيسۇن».

2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئۆز ئىچىمىزدىكى قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلارنى قاتتىق جازالاش توغرىسىدا 24 ـ نومۇرلۇق قارارنى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

......

پۈتۈن خەلق قوزغىلىپ قوراللىق كۈرەش قىلىۋاتقان پەيتتە، بىر قىسىم قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ يوشۇرۇپ قويغان قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق، زوراۋانلىق قىلىۋاتقانلىقى بايقالدى. بىز ئىنقىلاب تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقان بۇ قانۇنسىز ئۇنسۇرلارغا قىلچە رەھىم قىلماي، ئۇلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، ئىنقىلاب تەرتىپىنى مۇستەھكەملەيمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن:

(1) بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق قىلغان جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىمىز.

(2) بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق قىلمىشى ئېغىر بولغانلارنى ئېغىر جازالايمىز.

(3) مەھكىمە شەرئىنىڭ ئازادلىق ئىنقىلابىمىزدىن كېيىنمۇ داۋاملىق قوراللىق بۇلاڭچىلىق قىلغان ئوسمان بىلەن قۇتلۇققا ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە قوشۇلىمىز.

بۇ قارار ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىنقىلابىي قوشۇندا كۆرۈلگەن قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلارغا قارشى تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئىلىدىكى بىر تۇركۇم خەنزۇ پۇقرالارغا قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا تارقىتىپ بەرگەنلىكى ئاممىنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغىۋەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭچىمۇ ياكى قايمۇقتۇرۇلغان ئاددىي پۇقرامۇ، بۇنىسىنى ئايرىماي، بەزىبىر بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈش ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلدى. بۇ ئەھۋال سېزىلگەندىن كېيىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مىللىي ئۆچمەنلىكتىن ساقلىنىش، ئاق ـ قارىنى ئايرىماي بىگۇناھ خەنزۇ پۇقرالىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن خەنزۇ پۇقرالارغا قىزىل لاتىنىڭ تۆپىسىگە «ياخشى ئادەم» دېگەن خەت بېسىلغان يەڭ بەلگىسى تارقىتىپ بەردى. يېتىم قالغان نۇرغۇن خەنزۇ بالىلارمۇ ئاق كۆڭۈل خەلقىمىز تەرىپىدىن بېقىۋېلىندى.

بىزنىڭ ئۆيدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ماتا توقۇش ـ بوياش دۇكىنى ئاچقان سۇ خۇزا (سۇ ساقال) ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىگىمۇ بايا دېگەن يەڭ بەلگىسى تارقىتىپ بېرىلگەنىكەن. بۇ بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن خۇشاللىقىدىن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، ئۆزلىرى توقۇغان بىر يۆگەم ماتانى كۆتۈرۈپ بىزنىڭ ئۆيگە رەھمەت ئېيتقىلى كىرگەنلىكى ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلار قوشنىدارچىلىققا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ، بەكمۇ قىزغىن، مېھماندوست خەلق. ھېيت ـ ئايەملەردە قوشنىلار بىر ـ بىرىگە تاماق سۇنۇپ ھال سوراپ تۇرۇشىدۇ. سوقۇش توختىغاندىن كېيىن مەن سۇ خۇزا ئائىلىسىگە بىر تاۋاق پولۇ ئەكىرىپ بەردىم، ئۇلار ئىنتا-

يىن خۇشال بولۇشۇپ، بىزگە چىن قەلبىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ
كەتتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئائىلىدىكىلەر تالا ـ تۈزگە چىقالايدىغان
بولۇپ، قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىسى تېخىمۇ قو-
يۇقلاشتى. ئىناق قوشنىدارچىلىق ئاساسىدىكى خاتىرجەم تۇرمۇشنى
يېڭىباشتىن باشلىۋالدى.
خەنزۇ پۇقرالارمۇ ئوخشاشلا ئېزىلگەن خەلق. غۇلجا ئازاد بولغاندىن
كېيىن، نۇرغۇن خەنزۇ پۇقرا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ
ئاددىي پۇقرا ئىكەنلىكىنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن قىلچە ئالاقىسى
يوقلۇقىنى، ھېچقانداق ئەسكى ئىش قىلمىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. كو-
چىمىزدىكى سۇ خۇزا ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. بىزنىڭ ئۆي، ئەخمەتجان
تۇرغان كىچىك ئاپامنىڭ ئۆيى ۋە سۇ خۇزنىڭ ئۆيى بىر كوچىدا بول-
غاچقا، سۇخۇزا ئەخمەتجاننى تونۇيتتى. خەنزۇ پۇقرالار ئەخمەتجاننىڭ
ھۆكۈمەتتە مۇھىم خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ، سۇ خۇزىغا ئۆزلى-
رىنىڭ ۋەكىللىرىنى ئەخمەتجان بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ، ئۆز ئارزۇسىنى
يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇ خۇزا قورقۇپ تىترەپ
تۇرغان بىرنەچچە خەنزۇ كىشىنى باشلاپ ئەخمەتجاننى ئىزدەپ كەلدى.
ئەخمەتجان ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ نۆۋەتتە يۈز بەرگەن بىگۇناھ
خەنزۇ پۇقرالارنى كەلسە ـ كەلمەس ئۆلتۈرىدىغان ئىشلارنىڭ ئايرىم
ئەھۋال ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ بۇنىڭغا قەت-
ئىي قارشى تۇرىدىغانلىقى ۋە ئاشۇنداق قىلغانلارنى قاتتىق جازالايدىغان-
لىقىنى ئېيتتى ھەمدە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ 1 ـ ئايدا ھەربىي سوت
ئېچىپ، خەنزۇلارنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچى-
لىق قىلغان، ئادەم ئۆلتۈرگەن راپسان، قۇتلۇق، ئوسمان قاتارلىقلارغا
ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىجرا قىلغانلىقىنى دېدى ۋە يەرلىك خەلق ئارد-
سىدا خەنزۇ پۇقرالار بىلەن بيۇروكرات خەنزۇ ئەمەلدارلارنى پەرقلەن-
دۈرمەي ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان ئەھۋالنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېيت-
تى. بىراق بۇنداق ئەھۋالنى يەنىلا ئەكسىيەتچى گومىنداڭ دائىرىلىرى
كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. دېمىسىمۇ گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرى ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان بىر قىسىم خەنزۇ
ئاممىسىغا قورال تارقىتىپ بەرگەنىدى، ئۆزلىرىگە ئەگەشتۈرۈپ ھەربىي
بازىلارغا مۆكتۈرۈۋالدى. بۇنى كۆرگەن يەرلىك خەلق تېخىمۇ غەزەپلەن-

دى، ئەسلىدىنلا خەنزۇ پۇقرالىرى بىلەن خەنزۇ ھۆكۈمرانلارنى ئايرىيال-
ماي تۇرغان بىر قىسىم ئاما، ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك تېخىمۇ غە-
زەپكە كەلدى - دە، مانا بايىقى بىز كۆرۈشنى خالىمايدىغان ئەھۋاللار كې-
لىپ چىقتى، بىراق ئەخمەت ئەپەندىم بۇ ئەھۋالنىڭ تېزلا تۈزىتىلگەنلىد-
كىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ سۇ خۇزىنىڭ خاتىرجەم بولۇشىنى، جاھاندى-
كى ئازاب - ئوقۇبەت چەككەن خەلقنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر ئائىلە كىشى-
لىرى ئىكەنلىكىنى خەنزۇ خەلقىگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۈمىد قىلدى.

ئەپەندىم كېيىن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى
بولغاندىن كېيىنمۇ نۇرغۇن سورۇندا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپ-
كى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ سەۋەبى ۋە
ھەل قىلىش چارىسى ئۈستىدە چۈشەندۈرۈش بەرگەندى.

ئەپەندىمگە ئوخشاش ئىلغار زاتلار ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە ئۆ-
تەش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ تۈرلۈك تەدبىر قوللىنىش ئارقىلىق خاتا
خاھىشلارنى تۈزىتىشكە باشلىدى. بىرىنچىدىن، ئۇلار ئالدى بىلەن خەنزۇ
پۇقرالار بىلەن كونا ھۆكۈمەتنىڭ بىيۇروكرات ھۆكۈمرانلىرىنى پەرق-
لەندۈرۈشنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىغا خەنزۇ پۇقرالار بىلەن خەنزۇ بىيۇ-
روكرات ئەمەلدارلار ئارىسىدىمۇ ئوخشاشلا ئېزىش - ئېزىلىش ئەھۋالى-
نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈردى، بولۇپمۇ «ياخشى ئادەم» دېگەن يەك
بەلگىسى تاقىغانلارغا ئىشىنىش، ئۇلارنى قوغداش، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىد-
قىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىش تەلەپ قىلىندى. ئىككىنچىدىن، ئۇ-
رۇشتا ئۆيىدىن، ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان خەنزۇ يېتىم بالىلد-
رىغا زىيانكەشلىك قىلماسلىق، بولۇپمۇ ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن با-
لىلارنى بېقىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۈچىنچىدىن، قانۇن - تۈزۈمنى
كۈچەيتىش، بولۇپمۇ پارتىزانلاردىن خەنزۇ پۇقرالارنىڭ ئۆيىگە قەتئىي
باستۇرۇپ كىرمەسلىك، بۇلاڭچىلىق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى، كىمدە
كىم بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىدىكەن قاتتىق جازاغا تارتىلىدىغانلىقى قات-
تىق تەكىتلەندى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئېلان قىلغان
25 - نومۇرلۇق قارارى بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ. بۇنىڭدا خەنزۇ پۇقرالار-
نىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق قىلغان جىنا-
يەتچىلەرنى قاتتىق جازالاش قارار قىلىنغانىدى.

بۇنىڭ بىلەن خەنزۇ ئامما بەس ـ بەستە پۇل ئىئانە قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللىدى. بۇ مەزگىلدە پۇل ئىئانە قىلغانلارغا دائىر ئۇچۇرلار گېزىتتە ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى. تۆۋەندىكىسى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرچە ئورگان گېزىتىنىڭ 1945 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئېلان قىلغان خەنزۇ پۇقرالارنىڭ پۇل ئىئانە قىلغانلىقىغا ئائىت بىر خەۋەر :

## ئىختىيارىي ياردەملەر

خەنزۇ ئاھالىسىدىن ياڭ جىفاڭ، ۋاڭ مەيشى، چىن باڭ، لى كېخۇا، لى گوچىڭ، چۇ زۇمىڭ، لىۇ چۇڭلار *1000* دوللاردىن؛ ۋۇ يىزۇڭ *2000* دوللار؛ جاۋ چىڭبەي، گو پۇتەنلەر *700* دوللاردىن؛ كې لەيشياڭ، خۇ زۇدالار *600* دوللاردىن؛ چېن زىبىگفەن، شا يۇشياڭ، خاۋ شىېن، جاڭ ۋېنلۇ، چى چىڭخەي، خەن دەيىڭ، خەن تيەنفېي، لى بېنكاڭ، جۇ چىڭچيۇ، خاۋشىلىنلار *500* دوللاردىن؛ خاۋ بىڭيى *400* دوللار؛ جۇ زۇڭنىڭ، جۇ شياڭلار *300* دوللاردىن؛ لى زۇڭدا، لەن زىمىيلار *200* دوللاردىن؛ جاڭ جىيىي ئىككى ئۇزۇك، *5000* دوللار، *20* دانە ھىمزەك ماتا؛ دەي ۋېنزۇڭ *20* قوي؛ چېڭ فېڭدۇڭ بىر مىس چۆگۈن، ئىككى ئىستاكان، ئىككى كىچىك تەخسە؛ لىۇ شىزى بىر خۇرۇم چاپان؛ خەن چىڭشاڭ بىر بىرېزېنت؛ لى مىڭجۇن بەش دانە كىرپىچ (كېسەك) چاي، بىر قورۇلۇق ئاق يەر، بىر دانە ساماۋار؛ ياۋ زۇڭگۇڭ تۆت پار توپلەي؛ جۇ فۇمىڭ ئىككى دانە كۈمۈش جابدۇق؛ ۋاڭ مىڭزۇڭ بەش يېرىم گەز چىت؛ جاڭ شىتاڭ ئىككى سەر كۈمۈش، بىر ئۈزۈك، سەككىز پار بەتىنكە، بىر دانە ئاق كىگىز؛ فاڭ باۋسەن ئالتە دانە كۈمۈش بىلەزۈك؛ جياۋ جيەنفېڭ ئىككى پار ئورۇندۇق، تۆت دانە كۇرۇشكا، تۆت دانە تارىلكا (تەخسە)؛ سۇن ۋېنزۇڭ بىر ئېگەر ـ توقۇم؛ ماۋ فېڭشىن بىر ئېگەر ـ توقۇم؛ جى شۇ بىر ئېگەر ـ توقۇم، ئۈزەڭگە، تارتما؛ بو كەيشى بىر ئېگەر ـ توقۇم؛ لېي زۇڭفۇ بىر ئېگەر جابدۇقى؛

جاڭ يۈشىڭ بىردىن ئېگەر - توقۇم ئىئانە قىلدى. يۇقىرىدا ئىسىملىرى ئېلان قىلىنغان ھىممەتلىك زاتلىرىمىزغا رەھمەتلەر بايان قىلىمىز.

رەئىس: ئېلىخان تۆرە

مۇئاۋىن رەئىس: ھاكىمبەگ غوجا

غۇلجىنىڭ تولۇق ئازاد قىلىنىشى خەلق كۈچىنىڭ چەكسىز قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. غەزەپلەنگەن ئامما تاغنى تالقان قىلىدىغان جاسارەت بىلەن ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغاندا، ھېچقانداق كۈچ توسۇپ قالالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

پارتىزانلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، رەئىسنىڭ مەسئۇل كاتىپى ئەخمەت ئەپەندىم خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە ئوردېن تارقىتىش ھەققىدىكى ئۆلچەم لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىدا، ھەربىي بۆلۈم باشلىقى بولۇۋاتقان رەھىمجان سابىر ھاجىنىڭ يېقىندىن قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا باش كاتىپ ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم بىلەن كۆپلەپ ئۇچرىشىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇش ھەققىدىكى پىلانىنى بالدۇرراق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن رەئىسكە كۆپرەك دەپ تۇرۇشنى تاپىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 1945 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى 25 - نومۇرلۇق قارار چىقىرىپ، 1 -، 2 - دەرىجىلىك «ئازادلىق» ئوردېنى تارقىتىشنى جاكارلىدى.

«ئازادلىق» ئوردىنى ئالتۇندىن سوقۇلغان، دىيامېتىرى 31 مىللىمېتىر كېلىدىغان ھىلال ئاي، دىيامېتىرى 25 مىللىمېتىرلىق بەش بۇرجەكلىك يۇلتۇزنى ئوراپ، كەڭلىكى 20 مىللىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 40 مىللىمېتىر كېلىدىغان بالداققا زەنجىر بىلەن ئېسىلغان. ھىلال ئاي ئۈستىگە «ئازادلىق» دېگەن خەت ئويۇلغان، ئارقىسىغا ئوردېن بېرىلگەن ۋاقىت ئويۇلغان، بەش بۇرجەكلىك يۇلتۇزنىڭ كەينىگە ئوردېنىنىڭ نومۇرى ئويۇلغان.

1945 - يىل 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت خىزمەت كۆرسەتكەن ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنى «ئازادلىق» ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلىدى. ئەخمەت ئەپەندىم مەسئۇل كاتىپ سالاھىيىتىدە گۇۋاھنامىگە

ئىلىخان تۆرە بىلەن بىرلىكتە ئىمزا قويۇپ، ئوردىن ۋە گۇۋاھنامە تارقاتتى. گۇۋاھنامىگە مۇنداق خەتلەر يېزىلغان:

سىزنىڭ گەۋدىلىك تۆھپىڭىزنى كۆزدە تۇتۇپ «ئازادلىق» ئوردېنى بېرىلدى.

ھۆكۈمەت رەئىسى: ئىلىخان تۆرە
مەسئۇل كاتىپ: ئەخمەتجان قاسىمى
*1945* ـ يىل *2* ـ ئاينىڭ *28* ـ كۈنى

ئەپەندىم ئىمزا قويغان بۇ گۇۋاھنامە ھازىرمۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

1945 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 33-نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، ھەربىي بۆلۈم باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگىنىگە 40 نەچچە كۈن بولغان رەھىمجان سابىر ھاجىنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا زۇنۇن تېيىپوفنى تەيىنلىدى.

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئۈتكۈر سىياسىي سەزگۈرلۈكى، ھەربىي تالانتى مەيلى جەڭلەردە بولسۇن ۋە ياكى ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا بولسۇن ئوينىغان رولى ۋە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى قايىل قىلىشقا باشلىدى، ئىلىخان تۆرىمۇ ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئالاھىدە ھەربىي تالانتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى سېزىپ، كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىكەن. مانا شۇنىڭ بىلەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ كۆپچىلىك ئەزالىرى ئىچىدە ئەخمەت ئەپەندىمنى ھەربىي باشلىق بولۇشقا مۇناسىپ ئادەم، ھەربىي بۆلۈمگە ئەپەندىمدىن ئارتۇق لايىق كىلىدىغان يەنە بىرى يوق، بۇ ۋەزىپە چوقۇم ئەخمەتجانغا مەنسۇپ دېگەن قاراش ئومۇملىشىپ قاپتۇ.

ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان گومىنداڭ قوشۇنلىرى غوجايىنىنىڭ قاتتىق ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. گومىنداڭ زاپاس 7 ـ دىۋىزىيەسى ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە تەكشۈرۈشنامە تاپشۇرۇپتۇ. تەكشۈرۈشنامىدە پارتىزانلارنىڭ سوۋېت ئارمىيەسىگە ئوخشاش كىيىنگەنلىكىنى دەستەك قىلىۋېلىپ، بۇ دېگەن خەلقئارالىق ئۇرۇش دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى «مەسئۇلىيىتى»دىن قې-

چىشقا ئۇرۇندى.

بۇ يەردە بىز گومىنداڭ زاپاس 7 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ كوماندىرى لى يۇشياڭنىڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا ئۆزلىرىـ نىڭ جەڭدە مەغلۇپ بولغانلىقىنى تەكشۈرۈپ يازغان دوكلاتىنى كۆرۈپ باقساق بولىدۇ.

مەن بۇ ماتېرىيالنى تاسادىپىي بىر پۇرسەتتە ئوقۇپ چىقىشقا مۇ ـ يەسسەر بولغانىدىم، تۆۋەندە كىتابخانلارنىڭ ئوقۇپ بېقىشىغا سۇنىدۇم. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ تەكشۈرۈشنامىدە لى يۇشياڭ ئۆ ـ زىنى ئاقلاش ئۈچۈن، كۆپتۈرۈۋەتكەن جايلارمۇ يوق ئەمەس.

ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق:

## قۇرۇقلۇق ئارمىيە زاپاس 7 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ بۇ قېتىملىق غۇلجا ئۇرۇشىدا ھاسىل قىلغان تەجرىبە ـ ساۋاقلار ئۈستىدىكى ئومۇمىي تەكشۈرۈشنامىسى ۋە پىكرى

### 1. كىرىش سۆز

غۇلجا ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، بىزنىڭ دىۋىزىيەمىز سوقۇشقا ئەڭ ئاۋۋال ئاتلاندى. ئاتاقتا باندىت تازىلاش بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە شەكلى ئۆزگەرگەن خەلقئارالىق ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىنغان يېرىم يىل مابەيـ نىدە بارلىق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىمىز ئوق دېسە ئوق يوق، ئاشلىق دېسە ئاشلىق يوق ئەھۋالدا ئىستىھكامنى مەھكەم ساقـ لىدى، شۇنداقلا قان كېچىپ جەڭ قىلىپ باندىتلار ئۇۋىسىنى پاـ چاقلىدى. ئەڭ ئاخىرىدا كۈچ پەرقىنىڭ زور بولۇشى تۈپەيلىدىن ئىككى تەرەپنىڭ ۋەزىيىتىدە قايتىدىن ئۆزگىرىش بولۇپ، بىزدىن نۇرغۇن كىشى پاجىئەلىك قۇربان بولدى ۋە يارىلاندى. قورال ـ جابدۇقلىرى سەرخىل، ياخشى تەلىم ـ تەربىيە ئالغان قىسىم تۇرۇقلۇق ئالدىن مۆلچەرلىگەن ئۇرۇش غەلىبىسىنى قولغا كەلـ تۈرەلمىگەنلىك، ئۇنى ئاز دەپ مۇشۇنداق ئېغىر زەربىگە ئۇچـ راش، بۇ ھەقىقەتەن ئويلاپ باقمىغان ئىش. ئالدىنقىلارنىڭ ئىـ

شىدىن كېيىنكىلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن قان بىلەن جان بەدىلىگە توختىغان بۇ ساۋاقنى يەكۈنلەپ، دىۋىزىيەمىز تۆۋەندىكىدەك تەكشۈرۈشنى قىلدى. بۇنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

## 2. دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئارتۇقچىلىقلار ۋە يېتەرسىزلىكلەر

### باندىتلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى

يەڭگىل يۈرىدۇ: باندىتلار سوغۇق بەلباغدا ياشاشقا كۆنگەن، يۈك ـ تاقى ئاددىي، ئۇلار بىرلا جۇۋىنى ھەم يېپىنچا، ھەم كىيىم قىلىپ يۈرۈۋېرىدۇ، پۇتىغا چورۇق ياكى ئۆتۈك كىيىدۇ. ئۇلارنىڭ يول يۈرۈشى ياكى قونۇشى ناھايىتى قولاي. ئۇلارنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى ياخشى تەييارلانغان بولۇپ، يەم ـ خەشەك، ئوق ـ دورىلارنى ئالاھىدە تىكىلگەن خۇرجۇنغا سېلىپ، ئات ـ ئۇلاغقا ئارتىپ مېڭىشىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ مىلتىق كۆتۈرۈشتىن باشقا ئارتۇق يۈكى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردا ئادەم كۆپ، قورال ئاز، ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ئايرىم غىزالىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار كۈرەشچى قىسىم، يۈك ـ تاق توشۇيدىغان قىسىم دەپ ئايرىلمايدۇ. ئاتقا مىنىپلا كېتىۋېرىدۇ، ئاتتىن چۈشۈپلا توختايدۇ. يەڭگىل ھەم چاققان، ئىلگىرىلەش ـ چېكىنىشى ناھايىتى ئاسان.

ھەرىكىتى چاققان: باندىتلارنىڭ ھەممىسىدە مىلتىق، ئات بار. ئېگەر ـ توقۇم قاتارلىق جابدۇقلىرى ئۇرۇش مۇھىتىغا ماسلاشقان. ئۇلار مەيلى قار ـ مۇزنىڭ ئۈستىدە ماڭسۇن، مەيلى تاغ چوققىلىرىغا ياماشسۇن، تۈپتۈز يولدا ماڭغاندەك كېتىۋېرىدۇ، شۇڭا ئۇلار بىردەم ئادەمنىڭ سول تەرىپىدە، بىردەم ئوڭ تەرىپىدە، بىردەم ئالدىدا، بىردەم كەينىدە پەيدا بولالايدۇ. ئۇلارنىڭ ھۇجۇمى تۇيۇقسىز، دېگەن يېرىدىن چىقىدۇ. قېچىشى تېز، قوغلاپ يەتكىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىر يەرگە توپلىنىشى سايدىن كەلگەن ئېقىندەك تېز، بىردەمدىلا ئۈستەڭدىكى سۇدەك ئۆلگىيىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ تارقىلىشى قۇيۇندەك، شامال ئېلىپ

قاچقان غازاڭدەك كۆزدىن يوقىلىدۇ. يەنە كېلىپ ئىككى ئادەم بىر ئاتقا مىنگىشىپ ماڭالايدۇ ياكى بىر تىرىك ئادەم بىر ئۆلۈكنى ئالدىغا ئېلىپ ماڭالايدۇ. باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ بۇنداق قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس.

يەر شەكلىگە پىششىق: مەيلى قازاق، مەيلى ئورۇس باندىتلىرى بولسۇن، ئادەتتە قوي ـ كالا، ئات ـ ئۇلاغ بېقىپ چارۋىچىلىق قىلىدۇ، ئوۋ ئوۋلايدۇ. ئۇلار شۇ يەردە تۇغۇلۇپ شۇ يەردە ئۆسكەچكە، ھەرقانداق چەت ـ ياقا يول، مۇرەككەپ يەر شارائىتى بولسۇن ۋە باشقا چوڭقۇر جىلغا، تىك داۋانلار بولسۇن، ئۆتەلمەيدىغىنى يوق، پىششىق بىلمەيدىغان يېرى يوق. قار كۆچۈپ يوللار ئېتىلىپ كەتكەندىمۇ ئادەتتىكى كۆنۈكلۈكىگە تايىنىپ كېتىۋېرىدۇ. شۇڭا ئوڭ ـ سولدىن ئاداشماي، يوق يەردىن يول تېپىپ كېتەلەيدۇ، تېنمەيدۇ، ئېزىپ قالمايدۇ، تارقىلىپ كەتكەن بولسا، يىغىلالايدۇ، بىر يەردە توپلىشىپ تۇرغان بولسا، تېزدىن تارقىلىپ كېتەلەيدۇ، ئايلىنىپ ماڭىمەن دېسە ئايلىنىپ ماڭىدۇ، چىغىر يول بىلەن كېتىمەن دېسە چىغىر يولدا كېتىۋېرىدۇ.

شارائىتقا ماسلاشقان: باندىتلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ئاددىي بولغىنى بىلەن ناھايىتى ئىشلىتىلىشچان ھەم قېلىن. ئۇلار كالتە جۇۋا، شالۋۇر، تېرە پايپاق، جۇۋا، تېرە قۇلاقچا، تىرە پەلەي كىيىشىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتە ئادەمنى سوغۇقتىن ساقلايدىغان بۇيۇملار، پۇختا ھەم چىداملىق، شۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى كىشىلەرنىڭ بەدەن ئېھتىياجىغا ئاجايىپ ماس كەلگەن. سەرەمجانلىرى تولۇق، كەم ـ كوتىسى يوق دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ. شۇڭا ھاۋارايىنىڭ ئۆزگىرىشى ئانچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، توڭلاپ قالىدىغان ئىش يوق. ئوزۇق ـ تۈلۈكگە كەلسەك، تالقان، پىششىق گۆش، نان يېيىشىدۇ، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك ھەم قورساقتا تۇرىدۇ. چايغا چىلاپ يېسىمۇ، قار بىلەن چايناپ يۇتسىمۇ بولىدۇ. سۈرلىگەن گۆش، سۈت ـ قايماق دېيىدىغانلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى. بولۇپمۇ ئاشلىق يەرلىك خەلقنىڭ قولىدا بولغاچقا، ئاچلىقتىن

ئاتلىرىنى سويۇپ يەيدىغان ئىش زادىلا مەۋجۇت ئەمەس.

ئەسكەرلىرى مەرگەن: بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىكى باندىتلارنىڭ كۆپىنچىسى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى زامانىدىكى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن رۇس، ئاق رۇس، ئۆزبېك، تارانچى، تاتار ھەربىيلىرى ھەمدە شىنجاڭغا يوشۇرۇن كىرگەن 8- پولكنىڭ باندىتلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئېغىر تېپتىكى قورااللارنى ياخشى ئىشلىتەلەيدىغانلىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ. ئۇلار قاۋۇل، چەبدەس، كۆپ سوقۇشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئەسكەرلەر ئىكەن. شۇڭا ئۇلار شۇنچىلىك مەرگەن كېلىدىكەن. بىر توپ لۈكچەكلەردىن تەركىب تاپقان قازاق باندىتلىرىنى ئالساق، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەر 100 ئادەمنىڭ ئىچىدە مانا مۇشۇنداق بىر قىسىم مەرگەنلەر بار ئىكەن. ئۇلار ئېغىر - بېسىقلىق، تەمكىنلىك بىلەن شۇنداق تېز ئوق چىقىرىدىكەنكى، ئوقى زادىلا زايە كەتمەيدىكەن، دېگەن يېرىگە تەگكۈزەلەيدىكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك كوماندىرلىرىمىزغا ۋە ئېغىر - يېنىك قورال ئاتقۇچىلىرىمىز ئىچىدىكى مەرگەنلىرىمىزگە كەلتۈرىدىغان خەۋپى ناھايىتى چوڭ. مۇشۇ سەۋەبلىك بىزنىڭ جەڭگىۋار كۈچىمىز ۋە ئەسكەرلىرىمىزنىڭ روھىي كەيپىياتى زور تەسىرگە ئۇچرىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، قارشى تەرەپتىكى بىر توپ لۈكچەكلەردىن يىغىلىپ قالغان باندىتلارنىڭ خورىكى بەك ئۆسۈپ كەتتى.



ئادەملىرى قاۋۇل: باندىتلار مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەر بولغاچقا، قەھرىتان سوغۇق، تومۇز ئىسسىق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە كۆنگەن، پىيادە ئۇزۇن يول باسالايدۇ، مۇھىتنىڭ تاۋلىشى بىلەن بەستلىك ئۆسۈپ يېتىلگەن بولغاچقا، دورا - دەرمەكسىزمۇ بىر ئۆمۈر ساغلام ئىپتىدائىي تۇرمۇش كەچۈرۈۋېرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ تېنى قاۋۇل، ھېرىش - چارچاشنىڭ تەسىرىگە ئاسانلىقچە ئۇچرىمايدۇ. ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇرۇۋاتقان قازاقلارنىڭ ئارىسىغا ئاز ساندىكى كادىرلار ۋە مەرگەنلەرنى ئەۋەتىپ ئارىلاشتۇرۇپلا قويسا، ئۇلار دەرھال بىر ھەربىي قوشۇن

بولۇپ شەكىللىنەلەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئاساسىي كۆچى ياكى ئاساسىي قوشۇنى غۇلجىدا يېتىپ، ھاردۇقىنى ئېلىپ ھەردائىم تەييار بولۇپ تۇرىدىكەن. شۇڭلاشقىمۇ ئۇلارنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى سوقۇشقا قاتناشقانلىق تۈپەيلىدىن ئاجىزلاپ قالمايدۇ، تەكرار جەڭگە ئاتلاندى دېگەندىمۇ ئاسان ئەسلىگە كېلەلەيدۇ. بىزنىڭ قوشۇنىمىزغا ئوخشاش تۈگمەيدىغان ئۇرۇش ۋە چېكى يوق مۇداپىئەدە تۇرۇۋەرمەيدۇ.

ئايرىۋالماق تەس: باندىتلار يات مىللەتتىن، يەنى باندىتلار بىرمۇنچە يات مىللەت پۇقرالىرىدىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، ھەربىيلەر بىلەن پۇقرالار ئارىلىشىپ كەتكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ قايسىسى باندىت، قايسىسى پۇقرا، قايسىسى ياخشى، قايسىسى ئەسكى ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. ئەسلىدە ھەربىي بىلەن پۇقرا بىر ـ بىرىگە ئوخشىماسلىقى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇلارنى ياخشى پۇقرا دېگەندىمۇ باندىتتىن پەرقى يوق. پۇقرالارنىڭ قولىدا قورال يوق، ئەمما پۇقرالار ئۇلارنىڭ باندىت ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق مەجبۇرىي ھالدا ئەگىشىپ كېتىشى ئاشۇ شارائىتتا تۇرغانلا گەپ. شۇڭا باندىتلار بارغانلا يېرىدە پۇقرالار بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ، ئۇلارغا قولايلىق شارائىتلار ناھايىتىمۇ كۆپ.

تاكتىكىسى جانلىق: باندىت بىلەن پۇقرا ئوخشاش مىللەتتىن بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكىلەرنى ياخشى ـ يامان دەپ پەرقلەندۈرۈش تەس. شۇڭا، باندىتلارنىڭ بارمايدىغان، تۇرمايدىغان يېرى يوق. ئىشلاردىن تېز خەۋەر تاپىدۇ، ئاددىي ئۇسۇللار بىلەن خەۋەر يەتكۈزەلەيدۇ. بىزنىڭ ھەرىكەتتە ئاستا بولۇشىمىز سەۋەبلىك، ئۇلار تېخىمۇ جانلىق بولۇپ كەتتى.

شارائىتى ئەۋزەل: غۇلجىدا باندىتلار توپلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئەتراپتىكى ناھىيەلەر كەينى ـ كەينىدىن قولدىن كەتتى، بۇ جايلارنى كۆچلۈك كونتروللۇقىغا ئېلىۋالدى. بۇ يەرلەرنىڭ ئەزەلدىن باي ـ باياشات رايون دېگەن نامى بولۇپ، بۇ يەردىن ئاشلىق كۆپ چىقىدۇ، ماددىي ئەشيالار تولۇق. ئۇنىڭ

ئۈستىگە، چېگرا ئېغىزلىرىمىز ئېچىلىپ كەتكەن بولغاچقا، ئىختىيارىي كىرىپ ـ چىقىپ ماددىي ئەشيالارنى قورال ـ ياراغقا ئالماشتۇرۇۋاتىدۇ، قانچىلىك ئىشلىتىمەن دېسە، شۇنچىلىك ئىشلىتەلەيدۇ، ھېچقاچان ئاياپمۇ قويمايدۇ. غۇلجىدا ھەر كۈنى *5000* پاي زەمبىرەك ئوقى ئېتىلىدۇ. ھەر قېتىملىق جەڭدە بەلگە ئوق، يورۇتقۇچى ئوق دېگەنلەرنى بولۇشچە ئاتقانلىقىغا قاراپ ھەيران قالىمىز.

تەمىنات مۇساپىسى قىسقا: باندىتلار غۇلجىنى مەركەز قىلغان، تۆت ئەتراپتىكى تەمىنات لىنىيەسى *100* كىلومېتىردىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، چېگرا ئېغىزلىرى ئوچۇق، قوشنا دۆلەتنىڭ تۆمۈر يولى بىلەن بولغان ئارىلىق بەك يىراق ئەمەس، شۇڭا تىرانسپورت قولايلىق. بىزنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرىمىزنى يىراقتا توسۇۋالالايدۇ، مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان قوشۇنىمىزنى مۇھاسىرىگە ئالالايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ تەمىنات لىنىيەسى مۇتلەق بىخەتەر. ئۇلار مال ـ مۈلۈكلەرنى تەمتىرىمەي چۈشۈرۈپ، ھودۇقماي ئات ـ ئۇلاغ، ھارۋىلارغا بېسىپ، ھېچقانداق ئەندىشىسى يوق ھالدا ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئىختىيارىي يوسۇندا قىلىپ كېتىۋېرىدۇ.

ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇكەممەل: باندىتلارنىڭ ئىچكى لىنىيەدە جەڭ قىلىۋاتقان ئاساسىي كۈچى غۇلجىنى مەركەز قىلغان ھالدا مۇھىم نۇقتىلارنى ساقلاپ مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئاز ساندىكى كۈچلىرىنى ياكى شۇ جاينىڭ ئۆزىدىن يىغىۋالغان گۇماشتىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، يەر شارائىتى، تەبىئىي توسۇقلاردىن پايدىلىنىپ، مولچىلىقتا، مەرگەنلىرىگە تايىنىپ، بىزنىڭ ياردەمچى قىسىملىرىمىزنى توسۇۋالدى. بىزنىڭ ئۇدۇلدىن قىلغان ھۇجۇمىمىزغا دۇچ كەلگەندە بولسا پۈتۈن قوشۇنى بويىچە ئاتلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىشتىكى ئەڭ ئالىي تاكتىكىسىنى ئىشقا سالدى.

غېمى ئاز: غۇلجىدىكى مۇداپىئە قىسىملىرىمىز ئۇلارنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقىشتىن ئىلگىرى باندىتلار مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرۇۋاتاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قاتناش ـ تىرانسپورت-

تىكى ھەرىكەتچانلىقى، قورال ـ جابدۇقىنىڭ يەڭگىللىكى بى-
لەن ئارتۇق غەم يېمەيتتى. ئۇلار مۇداپىئەدە تۇرىدىغان ئەسكىرىي
كۈچىنى ئەڭ ئاز ساندا تېجەپ ئىشلىتىپ، ئاساسىي كۈچىنى
بولسا غۇلجىغا توپلاپ ئارام ئالدۇردى. ئۇلاردا قىلچىلىك چار-
چاش بولمىدى. ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن، بۇ باندىتلارنىڭ
جەڭ ۋاقتىدا قوللانغان تاكتىكىلىرىنى ئەسكە ئالساق ئۇلارنىڭ
ئەھۋالىنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ.

## ئارمىيەمىزنىڭ يېتەرسىزلىكى

يۈك ـ تاقى ئېغىر: بىزنىڭ ھەربىر ئەسكىرىمىز ئادەتتە *50 ـــ 60* جىڭ ئېغىرلىقتا يۈك يۈدۈپ ماڭىدۇ. بىردىن مىلتىق، ئىككىدىن گىرانات، *200* پاي ئوق، قىسقا گۈرجەك، *20* جىڭ ئوزۇقلۇق، بىردىن جۇۋا (ئاتقا مىنگەندە كىيىۋالىدۇ، پىيادە ماڭ-غاندا يۈدۈۋالىدۇ)، بىر جۈپ پىيما (پىيادە ماڭغاندا يۈدۈۋالىدۇ، ياتقاندا پۇتىغا كىيىۋالىدۇ) دۈمبىسىگە ئارتىقلىق. قىسمىدا يەنە زاپاس ئاشلىق، ئوق ـ دورا (ئارقا سەپتىن توشۇپ تولۇقلاپ بېرىش ئاسان بولمىغاچقا، ئادەتتە ھەربىر ئەسكەر بەش كۈنلۈك ئوزۇقنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭىدۇ، قىسىم بەش كۈن-لۈكنى ئالىدۇ)، تاماق ئېتىدىغان قازان ـ قومۇچ، كېرەكلىك چېدىر ياكى كىگىز ئۆي، يوتقان ـ كۆرپە قاتارلىقلار بار. سە-پەرگە ئاتلانغاندا يەتمەي قالمىسۇن، دەپ نەرسىلەرنى جىق ئې-لىۋالىمىز، لېكىن، جەڭ بولغاندا بۇ نەرسىلەر بۇزۇلۇپ ـ چېچى-لىپ، ھەممىدىن قۇرۇق قالىمىز. ئۇرۇش توختاپ ئوزۇقلىنىدىغان چاغدا يەيدىغىنىمىز تۈگەپ، ئوق ـ دورا قالمايدۇ. قارلىق دالادا ياتىمىز. مانا بۇلار جەڭ قىلىشىمىزغا تەسىر يەتكۈزۈپ، ھەرد-كەتتە تېز بولالمايمىز، ئەسكەرلىرىمىزگە ھاردۇق يېتىپ، چېچى-لىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ دەردىنى تارتماق بەك تەسكە توختايدۇ.

ھەرىكەتتى ئاستا: پىيادە قىسىملارنىڭ دۈمبىسىگە ئارتىپ ماڭىدىغان نەرسىلىرى ھەم جىق، ھەم ئېغىر، ئاياغ كىيىملىرى پۇتىغا توغرا كەلمىگەن (ھەربىي بەتىنكە بەك ئاز، رېزىنكە ئۆ-

تۆك پەقەت يوق)، قارلىقتا مېڭىش ناھايىتى مۈشكۈل، سۈرئەت ئاستا، دۈشمەن ئەھۋالى سېزىلگەندە، يەر شارائىتىنى بىلمىگەنلىكتىن تەمتىلەپ يۈرۈپ كۈنگە ئاران 20 — 30 چاقىرىم يول باسالايمىز. قىسىملار بىرلىشىپ دۈشمەنگە زەربە بېرىشكە توغرا كەلگەندە، كۆزلەنگەن جايغا ۋاقتىدا يېتىپ بارالمايدۇ. قوغلاپ زەربە بېرىشكە توغرا كەلگەندە شۇ زامان تەدبىر كۆرەلمەيمىز. باندىتلار قېچىپ كەتكەندە بولسا ئەپسۇسلىنىپ قالىمىز. شۇڭا ئۇرۇش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغاندۇق. بۇنداق سەۋەبلىك ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئازاب ئەمەسمۇ.

ئوڭاي ئادىشىپ قالىدۇ: قولىمىزدا تەپسىلىي خەرىتە يوق، ئىشەنچلىك يول باشلىغۇچىمۇ يوق. بۇ يەردە چەكسىز تاغ — جىلغىلار بىر — بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان. يەر شارائىتى مۇرەككەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولىمىزدا يېتەرلىك كومپاس يوق. ھەر تەرەپكە كەتكەن يولنىڭ تولىلىقىدىن قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلەلمەي قالىمىز. يا ئايلىنىپ ماڭساقمۇ بولمىغان، ئۇدۇل ماڭساقمۇ بولمىغان، نەچچە بۆلەككە بۆلۈنۈپ يۈرۈش قىلايلى دېسەك چېچىلىپ كېتىمىز. بۇنداق يەر شارائىتىدا يولدىن ئادىشىپ قېلىش دېگەن بولۇپ تۇرىدىكەن.

ئەمەلىي شارائىتقا ماسلىشالمايدۇ: قوشۇنىمىزنىڭ جابدۇقى ئېغىر بولغىنى بىلەن كۆپىنچىسى ئۆز رولىنى كۆرسىتەلمەيدۇ. جۇۋا بىلەن قارنىڭ ئۈستىدە يېتىپ — قوپۇپ يۈرگەچكە، جۇۋىلارنى ئوتقا قاقلىغان ھامان قورۇلۇپ قالىدۇ ياكى ئېرىپ مىلىقلاپ كېتىدۇ. پاختىلىق چاپانلار بىر نەرسىگە سۈركەلگەندىن كېيىن ئەستەرلىرى يىرتىلىپ، پاختىسى چىقىپ قالىدۇ. يامان ئەمەس دېگەنلىرىنىڭمۇ پاختىسى تۈرۈلۈۋالىدۇ. قار ئۈستىدە ماڭغاندا پۇتتىكى پىيما سوغۇقتا توڭلىۋالىدۇ، ئېغىرلىشىپ پۇتنى ئىسسىق تۇتالمايدۇ. يەيدىغان ئوزۇقلىرىمىز قۇرۇمىغان بولغاچقا، سوغۇقتا توڭلاپ مۇز بولۇپ قېتىپ كېتىدۇ، يا چىش ئۆتمەيدۇ، يا گالدىن ئۆتمەيدۇ (سوغۇقتا ئادەمنىڭ ئېڭىكى قېتىپ قېلىپ ئاغزى ئېچىلمايدىكەن)، پىلموتلىرىمىزنى مايلايدىغان

ياخشى ماي بولمىغاچقا ئاسان توڭلاپ، كاشىلا كۆرۈلىدۇ، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېغىر يۇك بولغانلىقى ئۈستىگە، ئەمەلىي ئەسقاتمايدۇ. شۇڭا جابدۇقلار كارغا كەلمەي، ئادەملىرىمىز كۆ- چىنى كۆرستەلمىدى.

شارائىت ناچار: كىيىم - كېچەكلەر سوغۇقتىن ساقلىيالماي- دۇ (دىۋىزىيەمىز يېڭى ئەرتەي، قوشئەمچەك، ئاچال، قارا داۋان سوقۇشلىرىدا يۇك توشۇشنىڭ قىيىن بولۇشى تۈپەيلىدىن پەلەي- مۇ كىيەلمىدى)، قوللىرى ئۈششۈپ كەتكەنلەر ناھايىتى كۆپ. ئاپئاق قاردا كۆزلىرى قامىشىپ قىزىرىپ كەتكەنلەرمۇ شۇنداق جىق. قورال سۈرتىدىغان ماي ناچار بولغاچقا، پىلىموتلارنىڭ كۆپىنچىسىدىن كاشىلا چىقتى، شۇڭا ئاتقان ئوقنى دېگەن يەر- گە تەگكۈزۈش تەس، ئۇنى ئاز دەپ باندىتلارنىڭ مەرگەنلىرى خىل بولغاچقا، قوشۇنىمىزدىكى مەرگەنلەردىن ئۆلگەن ۋە يارى- دار بولغانلار كۆپىيىپ كەتتى.

تېنى ئاجىز: ئەسكەرلىرىمىز قاتتىق سوغۇققا كۆنمىگەن، يەنە كېلىپ كىيىم - كېچەكلىرى ناچار، ئوزۇق - تۈلۈك ۋاقتىدا يەتكۈزۈلمەيدۇ. نورمىسى بەك ئاز، قوشۇمچە يېمەكلىك بولمى- غاچقا، ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەن، دەم ئېلىش يوق دېيەرلىك، ھەددىدىن زىيادە ھېرىپ - چارچىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، داق قار - مۇزنىڭ ئۈستىدە يېتىپ - قوپۇپ، قۇرۇق نان غاجاپ، مۇز شو- راپ يۈرگەچكە، كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ، كېسەل بولۇپ كېتىۋاتقانلارنىڭ سانى كۆپىيىپ كەتتى، ساغلام ھېسابلانغانلار- نىڭمۇ ھال - كۈنى ئۆزىگە ئايان.

تىل ئۆگىنىشنى ئۆگىنىشكە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىشنىڭ يولى ئۆزگىچە ئۇيغۇر سۇقۇشالمايدۇ: سوقۇش بولغان جايلاردىكى پۇقرالارنىڭ كۆپچىلىكى باشقا مىللەتتىن، كالىلىسى ئېچىلمىغان، ئاسان قوتراپدۇ. بىز ئۇلار بىلەن تىل ئۇقۇشالمايمىز، بولۇپمۇ ھەربىي يۈرۈشنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ يۇكىمىز ئېغىرلىشىپ كەتتى، ئۇلار بىلەن پەقەتلا ئەپلەشكىلى بولمايدىكەن. ئۇلارنىڭ بەزى كاتتىلىرى دەرۋەقە بىز تەرەپتە تۇرغان بىلەن، بۇ كاتتىلارنىڭ كۆپچىلىكى قول - ئىلكىدە بار بايلار، باندىتلار بولسا جىنىدىن تويغان يالاڭ

تۆشلەر، بايىلار بىلەن يالاڭ تۆشلەر ئوتتۇرىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ باندىتلارنىڭ خورىكى ئۆسۈپ چېكىدىن ئاشقان ھازىرقى پەيتتە بايلارمۇ ئۆزگە ئىمكانىيەت قالدۇرۇش ئۈچۈن ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتىدىغان بولۇپ قالدى. پايدا ـ زىيان قىل ئۇستىدە تۇرغان بۇ ھالقىلىق پەيتتە ئۇلارغىمۇ ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئاخبارات ئىگىلەش ناھايىتى قىيىن، خەۋەر يوللىرى تاقالغان. ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە قارىتا خۇددى گاس ـ گاچىدەك بولۇپ قالىدىكەنمىز.

ئالاقە قولايسىز: تېلېگراف ئۇسكۇنىلىرى ھەددىدىن زىيادە كەمچىل، ئايرىم ۋەزىيەتكە ئەۋەتىلىدىغان قىسىملارغا رادىيوگراممىا ئاپپاراتى سەپلەپ بېرەلمەيمىز. بەزىدە سەپلەپ بېرىلگەن تەقدىردىمۇ مەخپىي شىفىرنى تەرجىمە قىلىدىغان ئادەم يوق. مەخپىي شىفىر قوللانمىسى بىرئاز مۇرەككەپ، ئادەتتىكى كوماندىرلار ئۇنى ئاسانلىقچە ئىشلىتىپ كېتەلمەيدۇ. بىر قېتىملىق تەرجىمىگە كېتىدىغان ۋاقىت بەك ئۇزۇن، ئۇنىڭ ئۇستىگە توك كۈچى بەك ئاجىز، تاغ ئارىسىدىكى ھاۋا بېسىمى بەك تۆۋەن بولغاچقا، رادىيو دولقۇنلىرى توسالغۇغا ئۇچراپ، ۋاقتىدا ئالاقىلەشكىلى بولمايدۇ. دائىم يۆتكىلىپ يۈرگەچكە، توشۇش جەريانىدا ئاپپاراتلاردىن ئاسانلا كاشىلا چىقىدۇ. ھەرخىل قىيىنچىلىقلار بەك كۆپ، بولۇپمۇ ئارىلىق يىراق، قاتناش قولايسىز بولغاچقا، خەت ـ ئالاقە قىلىشتا توسقۇنلۇق كۆپ. دوكلات ۋە بۇيرۇقلار ۋاقتىدا يەتكۈزۈلمىگەچكە قىممىتى قالمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن جەڭ پۇرسىتى قولدىن كېتىپ قالىدۇ. مانا مۇشۇنداق سەۋەنلىكلەر تۈپەيلىدىن تارتقان زىيان بەك ئېغىر.

تۈزۈلمە قالايمىقان: قىسىم تۈزۈلمىسى قالايمىقان، بىر تۇتاش قوماندانلىق يوق. ۋاقىتلىق سەپلەنگەن قىسىملار ھەددىدىن زىيادە جىق، شۇڭا قوماندانلىق قىلىشتا توسالغۇ كۆپ بولۇپ، قىسىملارنىڭ كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى ئاساسەن، ئەسكىرىي كۈچ بەك ئاز، ئۇرۇش قىلىش دائىرىمىز بەك كەڭ، دۈشمەن ئەھۋالىنىڭ ئۆزگە-

رىشى بەك تېز، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەرىكەت قىلغىلى بولمايدۇ. دۆلەت ئارمىيەسىنىڭ كۈچىنى بىر كۆرسىتىپ قويايلى دېگەندىمۇ، كادىرلار تۈزۈمى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئورنىتىلمىغان بولغاچقا، ئارىمىزدىكى قابىللار ئۆز قابىلىيىتىنى كۆرسىتەلمەيۋاتىدۇ.

تەمىنات مۇساپىسى ئۇزۇن: تەمىنات لىنىيەسى بەك ئۇزۇن. ئوق - دورا لەنجۇدىن يۆتكەپ كېلىنىدۇ. ئۇزۇق - تۈلۈكمۇ 300 كىلومېتىر يىراقلىقتىن توشۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتناش قوراللىرى كەمچىل، ماي قىس، ئات - ئۇلاغلار ياخشى كۆندۈرۈلمىگەن، باشقۇرماق تەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش تاغلىق رايوندا بولغاچقا، ئاپتوموبىل ئىشلەتكىلى بولماي، يۈك - تاقنى ئات - ئۇلاغ بىلەن توشۇيدىغان گەپ. ئېگەر - توقۇم دېگەندەك جابدۇقلار يېتەرلىك ئەمەس. يول ھەم يەر شەكلى ناتونۇش، قوللانغان بارلىق چارە - تەدبىرلەر شارائىتقا ماس كەلمىگەن. جەڭ مەيدانىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولىدىغان باندىتلار بەك كۆپ بولغاچقا، پاراكەندىچىلىك سېلىپ قوشۇننى ئوتتۇرىدىن ئۈزۈۋېتىشتىن ئەندىشە قىلىمىز. ئوق - دورا، ئۇزۇق - تۈلۈك يەتكۈزۈش، ئەسكەر يۆتكەش ئىشلىرى بەك قىيىن ھەم ئاستا بولۇۋاتىدۇ.

قوشۇن تارقاق: يىراق جايلاردا جەڭ قىلىشقا توغرا كەلگەچكە، ئارقا سەپ لىنىيەسى بەك ئۇزۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ. ئالدىنقى سەپ بەك كەڭ، ئەسكەر كۈچى بەك ئاز، ھەممىلا يەردە مۇداپىئەدە تۇرۇپ، پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالدۇق، ھەممىلا يەردە غەم - ئەندىشە. ئەمەلىيەت ئەنە شۇنداق بولسىمۇ، مۇداپىئەدە چىڭ تۇرماي بولمايدۇ، شۇڭلاشقا ئەسكىرىي كۈچىمىز تارقاقلىشىپ كەتكەن. قىسىمنىڭ تۈزۈلمىسى قالايمىقان بولغاچقا، مۇداپىئەگە ئەسكەر قويساق ھۇجۇم قىلىشقا كۈچىمىز يېتىشمەيدۇ، قولىمىزدا يەنە ئىشقا سالغىلى بولىدىغان زاپاس قوشۇن تېخى يوق. ئاساسىي نۇقتىنى شەكىللەندۈرۈش قىيىن. ئەسكىرىي كۈچىمىز تارقاق بولغاچقا، كۈچنى مەركەزلەشتۈرەلمەي ئاز - ئازدىن خوراپ تۈگەپ كېتىپ بارىدۇ. ساقلانغىلى

بولمايدىغان خاتالىقلاردىن ئۆزىمىزنى ئېلىپ قېچىپ باقسامۇ، ئۇنىڭغا مەجبۇرىي دۇچ كېلىۋاتىمىز.

قوشۇن ھارغىن: سىرتتىن قىلىنغان ھۇجۇم بەك تارقاق، باندىتلار ھەممە يەردە قۇتراپ پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتىدۇ. شۇڭا مۇداپىئە نۇقتىلىرىمىزنى ساقلىغۇچىلارنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش قەرەلى يوق، باشقۇرغۇچىلار بولسا ئۆز ھەلەكچىلىكىدە، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورال ـ جابدۇق، تەمىنات قاتارلىق ئالىللار توپىلىدىن قىسىمدىكى كوماندىر ـ ئەسكەرلەر چارچاپ ھالىدىن كەتكەن، ئۇلار چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ تۇرمىدىكى جىنايەتچىلەرگە ئوخشىشىپ قالغان، يۈز ـ كۆزى تىلەمچىلەرنىڭكىدەك قاسماق، كۆزلىرى قىزىرىپ قانغا تولۇپ، ئورۇقلاپ كۆسەيدەك بولۇپ قالغان (قىسىممىز ئۈچ ئاي بولدى قارلىق تاغدىن چۈشمىدى)، باندىتلارنىڭ ئاتلىق چېپىپ كېلىپ ھۇجۇم قىلىشى، دائىم پاراكەندە قىلىشى بىلەن بىزنىڭ ئەندىشە ئىچىدە تۇرىدىغانلىقىمىزنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. ئەھۋالنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى ھېچكىم قىياس قىلالمايدۇ.

## 3. باندىتلارنىڭ ئادەتلەنگەن ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرلەر

### تۇيۇقسىز ھۇجۇم

باندىتلار ئۆزلىرىنىڭ يېنىك، جانلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ ياكى سوقۇش بولۇۋاتقان جايلاردىكى ئۆز مىللىتىدىن بولغان پۇقرالارنىڭ ھىمايىسىدە تاڭ سۈزۈلۈشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئارمىيەمىزگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغايدۇ.

بۇنىڭدىن مەقسەت:

(1) بىزنى چېكىپ بېقىش.

(2) ماددىي بۇيۇملارنى بۇلاش.

(3) ئەسىر ئېلىپ، جەڭ مەيدانىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنۇش.

4) كۈچلۈك توسقۇنلۇققا ئۇچرىسا، دەرھال قېچىپ كېتىش.

بۇنىڭغا قارشى تەدبىرلەر:

(1) قىسمەنى جايلاشتۇرغان ياكى مۇداپىئەدە تۇرغاندا تېز - لىكتە كوچا ئۇرۇشى قىلىپ، توسۇلۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش.

(2) ئەتراپقا ئىستىھكام ۋە پوتەي قۇرۇش.

(3) ئاساسلىق يول ئېغىزلىرىغا يوشۇرۇنۇپ زەربە بەرگۈ - چىلەرنى ئەۋەتىش.

(4) دۈشمەن كېلىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنغان يۆنى - لىشكە كىچىك قىسىملارنى ئەۋەتىپ، يېقىن ئارىلىقتا پارتىزانچە جەڭ قىلىش.

(5) قاتتىق ھوشيار تۇرۇپ، تەمكىنلىك بىلەن مۇداپىئە كۆرۈش.

ھەربىي يۈرۈش ياكى ئۇرۇش قىلغاندا:

تاغدىكى يىلاننىڭ بېشىغا (سولغا) ئۇرسا قۇيرۇقى ياردەمگە كېلىدۇ، قۇيرۇقىغا (ئوڭغا) ئۇرسا بېشى ياردەمگە كېلىدۇ، بېلىگە (ئوتتۇرىغا) ئۇرسا بېشى ياردەمگە كېلىدۇ. شۇڭا تېزلىكتە ئۇنىڭ يان تەرىپىگە ئۆتۈپ، قاچىدىغان يولىنى توسۇپ، قورشاپ يوقىتىش كېرەك.

## قورشاۋغا ئېلىش ۋە ئالداپ يوشۇرۇن زەربە بېرىش



باندىتلار ھۇجۇمغا ئۆتكەندە:

*1*. باندىتلار كۆپ ھاللاردا قوشۇنىمىزنى نەچچە بۆلەككە بۆلۈۋېتىش مەقسىتىدە كىچىك ئەترەتلەرگە بۆلۈنۈپ ھۇجۇم قىلىدۇ، ئەگەر بىزنىڭ كۆچلۈك توسۇپ زەربە بېرىشىمىزگە ئۇچرىسا، بۇرۇلۇپ قاچىدۇ، ھەرگىز قارامىلىق قىلىپ ھۇجۇمغا ئۆتمەيدۇ. مۇبادا ئۇلارنىڭ بىرەر قىسمى غەلىبىگە ئېرىشىپ قالسا، قالغان قىسىملىرىمۇ قاتتىق غەيرەتلىنىپ كېتىدۇ.

*2*. زەمبىرەك، پىلىموت، يورۇتقۇچى بومبا قاتارلىقلارنىڭ ھىمايىسىدە ئەتراپقا شىددەتلىك ئوق ياغدۇرىدۇ، ئاندىن باند - دىتلار تېز يىغىلىپ، ھۆررا توۋلاپ ئاتاكىغا ئۆتۈپ ئاجايىپ قورقۇنچ پەيدا قىلىدۇ.

3. ياكى ئاساسىي كۈچىنى بىرقانچە ئەترەتكە بۆلۈپ، بىز ساقلاۋاتقان مۇھىم جايغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىدۇ ھەمدە بىر قىسمى بىلەن ئارقا سەپ ئالاقە لىنىيەمىزگە يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلىپ، ياردەمچى قوشۇنىمىزنى توسۇپ قويىدۇ.

4. باندىتلار تاغلىق رايوندا مۇداپىئە كۆرگەندە، ھەمىشە ئۈچ تەرەپتىن قورشىغىلى بولىدىغان يەر شەكلىنى تاللايدۇ، بىز ئۆتىدىغان جايدا زىچ ئوت تورىنى شەكىللەندۈرۈپ، بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ ئارقىدىنلا چېكىنىپ، بىزنى كۆزلىگەن جايغا ئالداپ ئەكىرىپ ئۈچ تەرەپتىن ئوققا تۇتىدۇ، شۇ ئارقىلىق بىزنى قورشاپ يوقاتماقچى بولىدۇ، كۆزلىگەن رايونغا كىرمىگۈچە ئوق چىقارمايدۇ.

5. تۈزلەڭدە مۇداپىئە كۆرگەندە، باندىتلار ئاز قوشۇننى چىقىرىپ بىزنىڭ ھۇجۇمچى قوشۇنىمىزنى كۆزلىگەن مۇھاسىرە رايونىغا ئالداپ ئەكىرىدۇ، ئاۋۋال پىستىرما قۇرۇپ ئاتلىق قىسمىنى ئەۋەتىپ يېقىن يول بىلەن ئارقا تەرىپىمىزگە ئۆتۈپ بىزنى قورشايدۇ.

6. ياكى ئاتلىق ئەسكەرلىرىدىن پايدىلىنىپ يان تەرىپىمىزدىن كېلىپ ھۇجۇم قىلىپ، ھەدېسىلا ھىماتچى قىسمىمىزنى بۆلۈۋېتىدۇ. بىزنىڭ دەرھال تەدبىر قوللىنالمىغانلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ، بىزنى قورشاپ يېتىم ھالغا چۈشۈرۈپ ھۇجۇم قىلىدۇ.

قارشى تەدبىر: باندىتلارنىڭ ئەترەتلىرى ئاتاكىغا ئۆتكەندە، تەمتىرىمەستىن ئىستىھكامنى چىڭ ساقلاش، ئۇلار يېقىنلاشقاندا شىددەتلىك ئوق ياغدۇرۇپ چېكىندۈرۈش كېرەك. بىر قىسىم بۆلۈۋېتىلىپ قورشىۋېلىنسا، زاپاس قوشۇن دەرھال ئۇنىڭ يان تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىش، يېقىن ئەتراپتىكى قوشۇنلارمۇ ئىمكانقەدەر ئەسكەر ئەۋەتىپ، چوقۇم كەسكىنلىك بىلەن قورشاۋغا تاقابىل تۇرۇش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. ئەگەر باندىتلار ھۇررا توۋلاپ ئاتاكىغا ئۆتۈپ قالسا، قالايمىقان ئوق چىقارماي تەمكىن تۇرۇش، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئوت كۈچى تورى دائىرىسىگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن شىددەتلىك ئوت ئېچىپ ئەجەللىك زەربە بېرىش كېرەك. ھۇررا

ساداسى ۋە بەلگە ئوقتىن گاڭگىراپ، بوششىپ كېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

تاغلىق رايوندا ھۇجۇم قىلغاندا ئاز ساندىكى تارقاق باندىتلار چېكىنسە قوغلىماسلىق، يەر شارائىتى خەتەرلىك، پىستىرما بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلغاندا، دەرھال ئۇلارنىڭ ئوڭ ـ سول تەرەپلىرىگە ئەسكەر ئەۋەتىپ ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مەقسەتسىز يەتكۈزمەسلىك كېرەك.

تۈزلەڭلىكتە ھۇجۇم قىلغاندا، ئاز ساندىكى باندىتلار چېكىنسە، ئۆز ئورنىمىزغا دىققەت قىلىپ تۇرۇش ھەمدە كۈچلۈك زاپاس قوشۇنى ئىشقا سېلىپ، مۇۋاپىق رايوندا باندىتلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىش، زاپاس قوشۇنغا تايىنىپ دۈشمەن بىلەن كەسكىن ئېلىشقاندىن باشقا، زاپاس قوشۇن پەيتنى تاللاپ يان تەرەپكە ئۆتۈپ، ئىككى تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىش ياكى قورشاۋغا تاقابىل تۇرۇش كېرەك.

مەيلى ھۇجۇم ياكى مۇداپىئەدە بولسۇن، باندىتلار بىلەن جەڭ قىلغاندا ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئاتلىرىغا ھۇجۇم قىلىش كېرەك. ھاۋا ئارمىيەمىز پۇتكۈل ئۇرۇش جەريانىدا كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە كۆرسىتىشى، بولۇپمۇ ئاتلارنى بومباردىمان قىلىپ ئوقتا تۇتۇشى كېرەك، بۇنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ زور بولىدۇ. 216

## 4. ئىشتات ۋە قورال ـ جابدۇقلار ھەققىدە بېرىدىغان پىكرىمىز

(1) ھەربىر پولكتا بىردىن ئاتلىق ئىسكادرون تەسىس قىلىش ۋە مەشىق ۋاقتى بېرىلىشى كېرەك.

(2) دىۋىزىيەگە قاراشلىق تانكا ئەترىتى ۋە رازۋېدكا ئايروپىلانى بولۇشى كېرەك.

(3) ھەربىر پولكقا بىر نەپەر خەرىتە سىزغۇچى قوشۇپ بېرىلىشى كېرەك، دىۋىزىيەدە بولسا ئىككى نەپەر بولۇشى كېرەك.

(4) سىمسىز تېلېگراف دىۋىزىيەسى سىمسىز تېلېگراف رو-تىسىغا ئۆزگەرتىلىشى، ئاز دېگەندە 10 دىن 15 كىچە ئاپپارات بولۇشى، دىۋىزىيە ئىشتابىدا 50 تېلېگراف ئاپپاراتى بولۇشى كېرەك.

(5) مەخپىي شىفىر تەرجىمە قىلغۇچى خادىملارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش كېرەك. ھەربىر تېلېگراف ئاپپاراتىدا ئاز بولغاندا ئىككى نەپەر ئىشتاتلىق خادىم بولۇشى كېرەك.

(6) پىيادىلەر روتىسىدا كىچىك تىپتىكى زەمبىرەكتىن ئىككىدىن بولۇشى، ھازىر قولدىكى مىناميوت ۋە زېنتلارنى كۆپلەپ ئىشلىتىش كېرەك.

(7) كىگىز ئۆيدىن ھەربىر روتىدا ئاز دېگەندە ئۈچى بولۇشى، ئۇنى توشۇپ ماڭىدىغان ئىشتاتلىق خادىم بولۇشى كېرەك.

(8) باتالىيوندا خەۋەرلىشىش ئۇدىدىلىنىيەسى تەسىس قىلىش، ئۇلارغا سىگنال چىراغ، سىگنال تاپانچىسى، قول بايراقلار سەپلەپ بېرىلىشى كېرەك.

(9) پاختىلىق ھەربىي چاپان جۇۋا ياكى ئىت تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىغا ئۆزگەرتىلىشى، رەڭگى ئاق بولۇشى كېرەك.

(10) پەلەي، تېرە پايپاقلار ئىسسىق ساقلىمايدىغان ئەسكى تېرىدىن تىكىلمەستىن، ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلىنىشى كېرەك.

(11) جۇۋا، باش كىيىمنىڭ سۈپىتى ۋە رەڭگى ياخشىلىنىشى كېرەك.

(12) سۈپىتى ياخشىراق ماتېرىيالدىن ياسالغان رەڭلىك كۆزەينەك تارقىتىپ بېرىلىشى كېرەك.

(13) ئوقدانىنى ئۆزگەرتىپ تېرىدىن تىكىش كېرەك.

(14) گرانات خالتىلىرىنىڭ سۈپىتى ياخشىلىنىشى كېرەك.

(15) ئەسكەرلەرگە جەڭ قىلغاندا قىسقا قونچلۇق رېزىنكە ئۆتۈك تارقىتىپ بېرىلىشى كېرەك. پىيما پەقەت مۇداپىئەدە تۇرغاندىلا كارغا كېلىدۇ.

(16) ھەممە ئادەمدە بىردىن قورال بولۇشى، قىسمدا قۇرۇق قول ئادەم بولماسلىقى كېرەك.

(17) يۇرۇش قىلىشتا ئىشلىتىدىغان قازاننىڭ سۈپىتى بەك ناچار ھەم كېلەڭسىز، يوغان. ھەربىر جەڭچىدە بىردىن نەپىس ياسالغان تاماق قاچىسى بولۇشى كېرەك.

(18) پولات قالپاق تارقىتىلىشى كېرەك.

(19) دۇربۇندىن ھەربىر روتىدا بىردىن، كومپاستىن ھەربىر ئىزۋوتتا ئاز دېگەندە بىردىن بولۇشى كېرەك.

(20) يورۇتقۇچى ئوق تارقىتىپ بېرىلىشى، سىگنال تاپانچىسىدىن ھەربىر روتىدا ئاز دېگەندە بىردىن بولۇشى كېرەك.

(21) ئات ـ ئۇلاغقا ئىشلىتىدىغان ئېگەر ـ توقۇم قاتارلىق جابدۇقلار زاۋۇتتا بىر تۇتاش ياسىلىپ چىققان بولۇشى كېرەك.

(22) ھەربىر ئوددېلېنىيەدە بىردىن ئىشلىتىشكە قولايلىق، ئېلىپ مېڭىشقا ئەپلىك مىلتىق مېيى قۇتىسى بولۇشى ھەمدە ياخشى مىلتىق مېيىدىن تارقىتىپ بېرىلىشى كېرەك.

(23) ھەربىر روتىغا بىردىن تەپسىلىي خەرىتە، تېز سىزما خەرىتە بېرىلىشى كېرەك.

(24) تەمىناتتا بېرىلىدىغان نەرسىلەر تەييار قىلىنغان بولۇشى، بولۇپمۇ ئوزۇقلۇق تېخىمۇ ياخشى تەييارلىنىشى، ئېلىپ مېڭىشقا ئەپلىك بولۇشى كېرەك. ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەر، تۇز، قەنت، چايلارنىڭ ھەممىسى ترانسپورت باشقارمىسىدىن بېجىرىلىشى كېرەك ياكى يەرلىك ھۆكۈمەت مەسئۇل بولۇپ تەمىنلىشى لازىم. قىسىملارنىڭ خىراجىتىنى ئارقا سەپ ھەربىي پونكىتلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېرەك، شۇ ئارقىلىق قىسىملارنى باشقۇرۇشنى ئاددىيلاشتۇرۇش، يەنى مائاشنى ئايمۇئاي تارقىتىش، خىزمەت ئۆتەش ئالاھىدە راسخوتى قاتارلىقلارنىمۇ ئايمۇئاي تارقىتىش، قىسىملارنىڭ مەسئۇلى مەخسۇس ھەربىي مەشىق ۋە جەڭ قىلىشقا مەسئۇل بولۇشى، ھەربىي تەمىنات مۇستەقىل بولۇشنى ھەقىقىي يوسۇندا ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

(25) جەڭچىلەر ئۆزى ئېلىپ ماڭىدىغان ئوق ـ دورا بەك جىق بولماسلىقى، جەزمەن بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە بولۇشى

كېرەك. تولۇقلاپ يەتكۈزۈپ-بېرىش ئۇسۇللىرىنى مۇۋاپىق ياخ-
شىلاش كېرەك.

(26) مەشىققە قولاي بولسۇن ئۈچۈن، كىچىك توپ، پە-
لموتىلارنى ئارتىپ ماڭدىغان ئات ـ ئۇلاغلار، ئېگەر ـ تو-
قۇملار، ئاساسلىق ئوق ـ دورىلار ۋاقتىدا تولۇق تارقىتىپ بېرد-
لىشى كېرەك.

## 5. قىسملارنىڭ مەشقى ھەققىدىكى پرىنسىپلارغا قارىتا پىكىر

(1) جىسمانىي جەھەتتىكى چېنىقىشنى كۈچەيتىپ، سو-
غۇققا، ئىسسىققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىپ چىقىش كې-
رەك.

(2) جەڭ ھازىرلىقى يۈرۈشى، چۆل ـ جەزىرە يۈرۈشى،
قارلىق تاغ يۈرۈشى ۋە جىددىي يۈرۈشلەرنى يولغا قويۇش كې-
رەك.

(3) ئوق ئېتىش مەشقى، قارلىق دالالاردا ئوق ئېتىش مەش-
قى، تاغلىق رايونلاردا تۆۋەنگە، يۇقىرىغا قارىتىپ ئوق ئېتىش
مەشقى ئېلىپ بېرىش كېرەك.

(4) ئىشلەش ماھارىتى ۋە مەشغۇلات ئىقتىدارىنى يېتىل-
دۈرۈش كېرەك.

(5) چەۋەندازلىق ماھارىتى ۋە ئاتلارنى كۆندۈرۈش (ئوق
ئاۋازىغا) ھەم بېقىش، ئاسراش، بولۇپمۇ يېڭىدىن تەشكىللەن-
گەن ئاتلىق ئەسكەرلەرگە بۇ جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ ساۋات بې-
رىش كېرەك.

(6) ھەربىر ئىزۋوتتا ئۈچتىن ئالتىگىچە كىشىدىن تەركىب
تاپقان بىر مەرگەنلەر گۇرۇپپىسى بولۇش كېرەك.

(7) يۆنىلىشنى ئايرىيالايدىغان بولۇش كېرەك.

(8) ئۇيغۇرچە ئۆگىنىش لازىم.

(9) چوڭ ـ كىچىك قىسملار قورشاۋدا قالغاندا قانداق قى-
لىش ۋە قورشاۋغا تاقابىل تۇرۇشقا دائىر تاكتىكىلار ئۈستىدە ما-

نېۋىر ئۆتكۈزۈشى كېرەك.

(10) ئادەتتىكى كادىرلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇش قائىدىسى ۋە ئىستىھكام قۇرۇش پرىنسىپى، ئاتلىق ئەسكەرلەرگە قارشى جەڭ ئېلىپ بېرىش تاكتىكىسى ھەققىدە بۇيرۇق، دوكلات بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

دىۋىزىيە كوماندىرى: لى يۈشياڭ

جۇڭخۇا مىنگو 34 ـ يىل 3 ـ ئاي.

# 21. ھەربىي بۆلۈم باشلىقى

ۋەزىيەت كەسكىن ئۆزگەرمەكتە، ئۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا
بىرنېمە دەپ بولغىلى بولمايتتى.
ئەخمەتجان جەڭگاھتا قۇربان بولۇشتىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن
جەڭ قىلدى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تاپشۇرغان تەشۋىقات، كاتىپلىق ۋە
باشقا مۇھىم ئىشلارنى ياخشى ئورۇنلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ۋاقىتلىق
ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر، مۇستەقىل قاراشقا ئىگە
شەخسكە ئايلاندى؛ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇل كاتىپلىقىغا تەيىن-
لەنگەندىن كېيىن باش كاتىپ ئابدۇرەئۇپ مەخسۇمغا يېقىندىن ياردەملى-
شىپ، «مەسئۇل كاتىپ» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى. ئەخ-
مەتجان كۆپ ھاللاردا ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكا يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ
ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايتتى؛ پىكىر - تەكلىپلىرى
ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم قارارلارنى تۈزۈپ چىقىشىدا تۈرتكىلىك
رول ئوينايتتى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرە ئەخمەت-
جاننىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ماھارىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا
ھەربىي ئىشلارغا ئائىت نۇرغۇن مۇھىم ۋەزىپىلەرنى تاپشۇراتتى. بۇ
چاغدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي بۆلۈمى پارتىزان ئەترەتلىرىنىڭ
قوماندانلىق ئىشتابىغا ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىرىنچى قې-
تىملىق باشلىقى بولغان ئالېكساندىروف قېچىپ كېتىپ، ھەربىي بۆلۈم-
نىڭ خىزمىتىگە كۆپ زىيان سالغان، بۇنىڭغا ئاممىنىڭ قاتتىق نارازى-
لىقى قوزغالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىي بۆلۈمگە رەھىمجان سابىر
ھاجى ئالماشتۇرۇلۇپ بىر مەزگىل ۋەزىپە ئۆتىگەندىن كېيىن، زۇنۇن
تېيىپوف ھەربىي بۆلۈمنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى، لېكىن ئېلى-
خان تۆرە يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئەخمەتجان بولسا ئېلىخان تۆرى-
نىڭ مەسئۇل كاتىپى بولغاچقا، بەزى قارارلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىغىمۇ

تەسىر كۆرسەتتى. ھەرقانداق قارارنىڭ رەئىسنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ چىقىرىلمايدىغانلىقى ئەپەندىمگە ئايان بولغاچقا، ئەپەندىم ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان ھەر خىل قارار، بۇيرۇقلارنىڭ توغرا نىشاندىن چەتلەپ كېتىشىنىڭ، غەلىبە مېۋىلىرىنىڭ زىيانزەخمەتكە ئۇچراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇرۇش خەلق ئاممىسىدىن ئالدىنقى سەپكە ئۈزۈلدۈرمەي ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوماندانلىق ئورگىنى قابىلىيەتلىك قوماندانىنىڭ بولۇشىغا تېخىمۇ موھتاج ئىدى. ئەمما ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىدە، قىسقىغىنە ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئۈچ باشلىق ئالماشتۇرۇلدى. قابىل بىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالدى.

دەل مۇشۇ چاغدا ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى قابىلىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئىچىدە ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشىپ، كۆپىنچىسى ئەپەندىمنىڭ ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىگە ھەممىدىن مۇۋاپىق نامزات ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىپ، نەچچە قېتىم مۇزاكىرىلىشىپ ئۇنىڭ ھەربىي خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىشىنى لايىق تاپتى. ھۆكۈمەتتىكى ئىلغار كۈچلەر ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، مەخپىي ئالاقىلىشىپ، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكنى كۈچەيتىۋاتاتتى. كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا كۆپچىلىك ئۆزلىرىنىڭ يىراق نىشانىنى ۋاقىتىنچە كۆڭلىدە ساقلاپ، قانۇنلۇق، مەدەنىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ئېلىخان تۆرىگە بەكرەك مەركەزلىشىپ كەتكەن ھوقۇقنى تارقاقلاشتۇرۇش، ئومۇمىي يۆنىلىشنى خەلق رايىغا ماس كېلىدىغان يولغا سېلىۋېلىش ھەققىدە



1945 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئەخمەتجاننىڭ ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ھەربىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان ۋاقىتىدا چۈشكەن سۈرىتى

چارە ئىزدەيتتى، جۈملىدىن ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىگە قويۇلۇشىنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىشاتتى. ئۈچ ۋىلايەت قوراللىق كۈچلىرى بىلەن گومىنداڭ قوشۇنى ئوتتۇرىسىدىكى قوراللىق ئېلىشىش بارغانسېرى كۈچىيىپ جىددىي تۈس ئېلىۋاتاتتى، بۇنداق ئەھۋالدا ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئورۇننى كۈچلۈك بىر قوماندان باشقۇرۇشى كېرەك. ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئورگىنى. مانا مۇشۇنداق داۋالغۇپ تۇرغان شارائىت ئاستىدا، ۋەزىيەت تەقەززاسى بىلەن بىر ھەپتە بۇرۇن ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كەلگەن زۇنۇن تېيىپوف باشقا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي بۆلۈم باشلىقى بولۇشتەك يېڭى ۋەزىپە ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئۈستىگە يۈكلەندى.

1945 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ھەربىي بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

ھەربىي بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىشتىن بىر كۈن ئاۋۋال ئەخمەت ئەپەندىم باش چۆكۈرۈپ ماتېرىيال تەييارلاۋاتسا، باش كاتىپ ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم ئەپەندىمنىڭ ئىشخانىسىغا ئاستا كىرىپ كەپتۇ، ئۆزىنىڭ بۇ ياردەمچىسىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، بىر ھازاغىچە ئەپەندىمنىڭ كەينىدە قاراپ تۇرۇپتۇ.

ئەپەندىم بۇرىلىپ كەينىگە قاراپ، مۇھىم پەيتلەردە ئۆزىنى قوللىغان بۇ زاتنى كۆرۈپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ.

— بۇرادەر، سىز ئەمدى ھەربىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولدىڭىز، مەن تازا كېرەكلىك بىر ياردەمچىمدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدۇم، — دەپتۇ ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ، — سىز بولمىسىڭىز نۇرغۇن مەسىلىلەردە مەنمۇ بىر پىكىرگە كېلەلمەي قالىدىكەنمەن.

— ياق، ئابدۇرەئۇپ ئەپەندى، — دەپتۇ ئەخمەتجان سىلىقلىق بىلەن، — سىزنىڭ رولىڭىز ناھايىتى چوڭ، سىز بولمىسىڭىز مېنىڭ پىكرىم توغرا بولغان تەقدىردىمۇ قوبۇل قىلىنىشى تەس بولغان بولاتتى. تۆرەم ئۆزىنىڭ ئىبادىتىنى قىلىۋەرسۇن. ئەمدى بىز كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئالدى بىلەن ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىشىمىز كېرەك، كېلەچەكتە بىزنىڭ ئىشلىرىمىز چوقۇم تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىل، قانداق دەيسىز؟!

— شۇنداق! — دەپتۇ ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — نېمە بولسا بولسۇن، سىزنىڭ پىكىرلىرىڭىزنىڭ توغرا ئىدكەنلىكىگە كۆزۈم يېتىدۇ، مېنىڭ مەنسىپىم سەل يۇقىرىراق بولغىنى بىلەن، بۇنىڭدىن كېيىن مەن يەنىلا سىز بىلەن بىر سەپتە تۇرىمەن!

باش كاتىپ ئابدۇرەئۇپ مەخسۇمنىڭ قارىشى ئەمەلىيەتتە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتىكى نۇرغۇن ئادەمنىڭ قارىشىغا ۋەكىللىك قىلاتتى.

31 ياشلىق ھەربىي بۆلۈم باشلىقى ئەخمەتجان قاسىمى ئىلگىرىكى كالتە جۇۋىسىنى سېلىۋېتىپ، ئۈستىگە يارىشىملىق ماش رەڭ ھەربىي فورما كىيگەن چېغىدا روھلۇق، قامەتلىك، سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى. مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى رەتلىگىنىمدە، ئۇنىڭدا ئاللىقانداق بىرخىل ئۆزگىرىشنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم، لېكىن ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنى ھەربىي مەخپىيەتلىك دەپ ماڭا تولا چۈشەندۇرۇپ ئولتۇرمايتتى. مەن ئۇنىڭ ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئىچىدە مۇھىم رول ئويناۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلاتتىم. ۋاھالەنكى، ئەپەندىم ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئىچىدە ئۆزى بىلەن ئورتاق قاراشتىكى كىشىلەر بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولۇپ تۇراتتى، شۇڭا ئۆزى بىلەن ئوخشاش قاراشتىكى ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئۇنى «ھۆكۈمەت ئەزاسى بولمىغان ھۆكۈمەت ئەزاسى» دېيىشەتتى. ئەپەندىم ھەربىي بۆلۈم باشلىقلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن دەرھال كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، پارتىزان ئەترەتلىرىنى تەرتىپكە سېلىشقا كىرىشتى ۋە مىللىي ئارمىيە مۇنتىزىم قوشۇنى قۇرۇشتەك مۇھىم ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىققا چۈشۈپ كەتكەنىدى، ئەمما پارتىزانلارنىڭ ھەربىي ئىنتىزامىنى چىڭىتىش، بولۇپمۇ مىللىي مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە كېلىپ چىقىدىغان ھەر خىل خاھىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش تېخىمۇ مۇھىم ئىدى. ئەپەندىم مانا مۇشۇنىڭدەك ھەربىي ئىشلارغا ئائىت نۇرغۇن ھالقىلىق مەسىلىلەردە ئوتتۇرىغا قويغان پىرىنسىپال پىكىرلىرى بىلەن كۆپچىلىكنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى ۋە «ياش گېۋاردىيەچى» دەپمۇ ئاتالدى.

4 - ، 5 - ئايلار تازا سېرىقتال مەزگىل، يېيىشكە تۈزۈك نەرسە يوق، پۇقرالارنىڭ كۈنىمۇ ناھايىتى تەس ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي پۇقرالار ھەممە نەرسىسىنى ئالدىنقى سەپكە ئاتىدى. بىزمۇ باشقا ئوفىتسېرلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئوخشاش تۇرمۇشتا ھەربىي تەمىناتتىنلا بەھرىمەن بولاتتۇق. ھېلىمۇ ئېسىمدە، شۇ چاغدا بىر تاختا قارد-

چاي، بەش كىلوگىرام ئۈن، ئۈچ مېتىر رەخت، ئازراق ماي ـ گۈرۈچ قاتارلىق نەرسىلەر بىزنىڭ بىر ئايلىق نورمىمىز ئىدى، لېكىن ئەپەندىم مۇشۇلارنىمۇ ئىشلىتىشكە قىيماي، كەمبەغەل ناسىركام، پاتەم ھەدەملەرگە ئاپىرىپ بېرەتتى، بىز بىر ئامال قىلىپ كۈن كەچۈرەتتۇق.

4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مالىيەدىن راسخوت ئاجرىتىپ مەخسۇس يېتىم قالغان خەنزۇ بالىلىرىنى باقىدىغان دارىلئېيتام قۇرۇش توغرىسىدا 38 ـ نومۇرلۇق قارار چىقاردى. ئىككى كۈندىن كېيىن، يەنى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مائارىپ نازارىتى كونكرېت مەسئۇل بولۇپ بۇ قارارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كىرىشتى ھەمدە دەرھال ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەر مىللەت قېرىنداشلاردىن ئۆزلىرى بېقىۋالغان خەنزۇ بالىلارنى غۇلجا شەھىرى ناغىرچى مەھەللىسىدىكى دارىلئېيتامغا ئەكېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. دارىلئېيتامغا تەرجىمان، ئاشپەز، ئوقۇتقۇچى ۋە باققۇچىلار سەپلەندى. بۇ چاغدا نۇرغۇن ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئۆزلىرى بېقىۋالغان خەنزۇ بالىلىرىغا مېھرى چۈشۈپ قالغاچقا، دارىلئېيتامغا ئاپىرىپ بېرىشنى خالىمىدى، خۇسۇسەن بالىدا نېمە گۇناھ دېيىشىپ بېقىۋالغان بالىلارنى يوشۇرۇۋېلىپ، دارىلئېيتامغا ئاپىرىپ بېرىشكە ئۇنىماي تۇرۇۋالدى.

مانا بۇ ھەقىقىي ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەت!



خەنزۇ بالىلار ئۈچۈن مەخسۇس دارىلئېيتام ئېچىش قارارى گومىنداڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي قىرغىنچىلىق قىلدى دەيدىغان ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتىنى ئۈزۈل ـ كېسىل بىتچىت قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ھېچقاچان تىغ ئۇچىنى قايسىبىر مىللەتكە قاراتمىغانلىقىنى، بىگۇناھ خەنزۇ پۇقرالىرىغا تېخىمۇ قاراتمىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەخمەتجان ھەربىي فورما كىيىپ يۈرىدىغان بولدى، ئەمدى ئۇ ھەربىي بۆلۈمنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇنى كالاسكا (ئات ھارۋىسى) كېلىپ ئەكېتىدىغان بولۇپ قالدى، لېكىن ئۇ كۆپ ۋاقىتلاردا كالاسكىنى ئۆزى ھەيدەپ گازارمىلاردا، ئاما ئارىسىدا پەيدا بولۇپ قالاتتى. بىر قېتىم ئەپەندىم ئۆزى يالغۇز كالاسكىنى ھەيدەپ ھەربىي گازارمىغا كەلگەندە، ياش ئوفىتسېر مۇزەپپەر ئابدۇللايوف (ئازادلىقتىن كېيىن شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى بولغان) ئۇنى بىر قاراپلا تو-

نۇۋاپتۇ ۋە ھۆرمەت قەدەم بىلەن ئالدىغا بېرىپ سالام بېرىپتۇ. ئەپەندىم ھارۋىدىن چۈشۈپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ھال - ئەھۋال سوراپتۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن جەڭچىلەرنى ھەربىي تەلىم - تەربىيە بويىچە قاتتىق مەشىق قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئەتراپ-تىكى جەڭچىلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ مۇزەپپەر ئابدۇللايوفنى ئورىۋاپتۇ ۋە بۇ كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىشىپتۇ. مۇزەپپەر ئابدۇللايوف كۆپچىلىككە بۇ كىشىنىڭ ھەربىي بۆلۈم باشلىقى ئەخمەت ئەپەندىم ئى-كەنلىكىنى ئېيتقىنىدا، جەڭچىلەر يىراقلاپ كېتىۋاتقان ھارۋىنىڭ كەي-نىدىن ھۆرمەت نەزەرى بىلەن قارىشىپ قاپتۇ.

خوش، گېپىمىزگە كەلسەك، مەن ئەپەندىمدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندىم. ئۆلۈكلەرنىمۇ تولا كۆرۈپ قورقمايدىغان بولۇپ قالدىم. ئەپەن-دىم بولسا مېنى تېخىمۇ تىرىشىشقا، تېخىمۇ ئالغا بېسىشقا ئىلھاملاندۇ-رۇپ تۇراتتى، بەزىدە قارىغا ئېتىشقىمۇ ئاپىراتتى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكى-دە مەنمۇ بىرنەچچە خىل يېنىك قوراللارنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالدىم، ھەتتا سوۋېتتە ئىشلەنگەن بەشئاتار مىلتىق ۋە تاپانچىلارنى ئېتىشنى خېلى پىششىق بىلىۋالدىم. ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن بىر نەۋرە ئىنىم ئوسمانجان ئەخمەت ئەپەندىم كالاسكىغا چىقىپ بولغۇچە غىپپىدە چىقى-ۋالاتتى - دە، ئىشخانىسىغا بىللە بارمەن، تاپانچىسىنى ئوينايمەن دەپ تۇرۇۋالاتتى. بەزىدە تېخى ئەسكەر بولىمەن دەپ غەلۋە قىلاتتى. ئەخمەتجان ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىپ، ئىنقىلاب توغرۇلۇق كۆپ نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئەسكەر بولۇش يېشىغا يەتمىگەچكە، ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل دېيەلمەي ئۇنى بەزلەپ قوياتتى.

بىر كۈنى ئوسمانجان يەنە بىر قېتىم ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى دەپ ماڭا يېلىنىپ تۇرۇۋالدى:

— ھەدە، ئاكامغا دېسەڭچۇ، مەن ئەسكەر بولىمەن، ئەخمەتجان ئاكام ھەربىينىڭ باشلىقى تۇرسا، مېنى ئەسكەر قىلالامدىغۇ؟!

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئوسمانجان يىغلاپ تۇرۇۋېلىپ ئۆيىگىمۇ كەتمە-دى. ئەخمەتجان ئوسمانجاننىڭ قەتئىي ئىرادىگە كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، ئەتىسى گارنىزوننىڭ يېڭى ئەسكەرلەر ئەترىتىگە ئاپىرىپ بې-رىپ، ئىشتات سىرتىدىكى ئەسكەر ھېسابىدا ئۆگىنىش ۋە مەشىقلەرگە قاتنىشىشقا ئورۇنلاشتۇردى. كېيىنچە ئۇنى ئارقا سەپ ھەربىي ئالاقە بۆ-

لۈمچىسىدە چامىسى يەتكۈدەك ئىشلارغا سېلىپ مەقسەتلىك چىنىقتۇر-دى. شۇنداق قىلىپ ئوسمانجان ئەمەلىيەتتىكى «زاپاس ئەسكەر» بولۇپ قالدى.

ئەخمەت ئەپەندىم ھەربىي تاكتىكا، ئىستراتېگىيە جەھەتلەردە ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ياخشى ھەربىي ئىشلار مۇتەخەسسىسى، لاياقەتلىك ھەربىي بولۇم باشلىقى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى.

# 22. مىللىي ئارمىيەنىڭ قۇرۇلۇشى

يېرىم يىل داۋام قىلغان قوراللىق كۈرەش جەريانىدا پارتىزانلار قوشۇنى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، قورال ـ ياراغلىرى ياخشىلاندى، تەشكىللىي ئىنتىزامى بارغانسېرى چىڭىدى، ئەمدى پارتىزان ئەترەتلىرىنى مۇنتىزىم قوشۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ شەرتلىرى ھازىرلىنىپ قالدى. مۇنتىزىم ئارمىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن فورمىسى بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى ھەربىي فورما، ھەربىي ئۇنۋانلارنى ئەمەلىيەتكە لايىقلاشتۇرۇپ لايىھەلىشى كېرەك، ئەلۋەتتە. ئەپەندىم كۆپ قېتىم يولداش ئىسھاقبېك بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ھەربىي فورما ۋە ھەربىي ئۇنۋانلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئاخىر مىللىي ئارمىيەنىڭ ئۆزىگە خاس ھەربىي فورما، پاگون، كاكارلىرىنى لايىھەلەپ چىقىپ، ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشقان لايىھەنى قوماندانلارنىڭ پىكرىنى ئالغاندىن كېيىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشىغا سۇندى.

1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مۇنتىزىم ئارمىيە تەشكىل قىلىش، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ھەربىي فورما، ھەربىي ئۇنۋان تارقىتىش توغرىسىدا 43 ـ نومۇرلۇق قارار ماقۇللىدى ھەمدە داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىپ ئارمىيە قۇرۇش مۇراسىمى ۋە ھەربىي پارات ئۆتكۈزۈشنى بېكىتتى.

1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت غۇلجا شەھىرىنىڭ تۇغ مەيدانىدا (ھازىرقى خەلق باغچىسىنىڭ ئىچىدە) ئارمىيە ـ خەلق چوڭ يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى.

شۇ كۈنى رەئىس سەھنىسىدە ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئولتۇرۇشاتتى،



1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مىللىي ئارمىيەنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.
سۈرەتتە: شۇ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ھەربىي پارات

تۆۋەن تەرەپتىكى كۆرەك مۇنبىرىدە خىزمەت كۆرسەتكەن قەھرىمانلار رەتلىك ئولتۇرۇشاتتى.

شۇ كۈنى ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق ئىدى. خەلق چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن مەيدانغا كىرىشەتتى. ھەممە ياق رەتلىك، پاكىز تازىلانغان، دەل - دەرەخلەر بىخ چىقىرىپ، ئەتراپتىن باھار ھىدى كېلىپ تۇراتتى. غۇلجا قەۋەتلا چىرايلىق تۈسكە كىرىپ ھەممە بايرام كەيپىياتىغا چۆمگەنىدى. 3000 دىن ئارتۇق مىللىي ئارمىيە جەڭچى - ئوفىتسېرى ۋە 10 مىڭدىن ئوشۇق ئامما بۇ مۇراسىمغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەنىدى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىرى ۋە يېڭىدىن تەشكىللەنگەن مىللىي ئارمىيەنىڭ ئاساسلىق قوماندانلىرى رەئىس سەھنىسىدە تۇرۇپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ خەلققە ئېھتىرام بىلدۈرەتتى. يىغىن باشلىنىپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرە سۆزگە چىقتى، رەئىس سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن ھەربىي بۆلۈم باشلىقى ئەخمەت ئەپەندىم قىسىملارنىڭ مەيدانغا كىرىشكە بۇيرۇق بەردى. فورمىلىرىنى رەتلىك كىيگەن ھەربىي ئوركېستىر دىرىژورىنىڭ قوماندانلىقىدا بارابانلىرىنى ياڭراتتى. پاراتتىن ئۆتىدىغان قىسىملار رەت - رېتى بويىچە تىزىلغان، جەڭچىلەر ئۇچىسىغا ماش رەڭ تىرىكىدىن تىكىلگەن يېپيېڭى ھەربىي

فورما كىيگەن، قۇلاقچىسىغا كاكار، مۇرىسىگە تېگى كۆك، چېتىگە قى-
زىل، ئاق زىغزىق چىقىرىلغان يېشىل پاگون تاقىغانىدى. ئۈچ خىل
زىغزىق چىقىرىلغان پاگون ئايرىم - ئايرىم ھالدا پىيادە قىسىم، ئاتلىق
قىسىم ۋە ئارقا سەپ قىسىمدىن ئىبارەت ئۈچ خىل قىسىمغا ۋەكىللىك
قىلاتتى. جەڭچىلەر قورallىرىنى چىڭ تۇتقىنىچە تەكشى قەدەم بىلەن رە-
ئىس سەھنىسى ئالدىدىن ئۆتمەكتە. ئۇلار كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن مەزمۇت
قەدەم تاشلايتتى. ھاياتىي كۈچكە تولغان، ھەيۋەتلىك قورallىق قوشۇننى
كۆرگەن خەلقنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا بولغان
ئىشەنچى ھەسسىلەپ ئاشماقتا ئىدى. بۇ چاغدا مىللىي ئارمىيەنىڭ ئەس-
كىرىي كۈچى 15 مىڭغا يەتتى. ھەربىي ئۇنۋان رادوۋوي، پارۇچىك، پول-
كوۋنىك، گېنېرال دەپ تۆت دەرىجىگە ئايرىلغان، ھەربىي فورمىلارنىڭ
رەڭگى بىرخىل بولۇپ، رەختىنىڭ سۈپىتى ھەربىي ئۇنۋانغا قاراپ پەرق-
لەندۈرۈلگەنىدى. پىيادە قىسىم بىلەن ئاتلىق قىسىمنىڭ پاگونى ئۇزۇنلۇقى
16 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 6 سانتىمېتىر؛ ئارقا سەپ قىسىملىرىنىڭ
پاگونى ئۇزۇنلۇقى 14 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 4 سانتىمېتىر قىلىپ تى-
كىلگەنىدى. پاگوندىكى پەرقلەر شۇنچىلىك ئىنچىكە ئىدىكى، ئۇنىڭ
ئۈستىدىكى بەش بۇرجەكلىك يۇلتۇزغا ئىشلىتىلگەن مېتاللارمۇ بىر -
بىرىگە ئوخشىمايتتى: گېنېرال پاگونىنىڭ بەش بۇرجەكلىك يۇلتۇزى
ئالتۇندىن، پولكوۋنىك پاگونىنىڭ كۈمۈشتىن، پارۇچىك پاگونىنىڭ
مىستىن، رادوۋوي پاگونىنىڭ بەش بۇرجەكلىك يۇلتۇزى ئاليۇمىندىن
ياسالغانىدى.

مىللىي ئارمىيەنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا،
مىللىي ئارمىيە ئالىي قوماندانلىرىنىڭ ۋە ھەرقايسى پولك، باتالىيون
ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئىسمىلىكى ئېلان قىلىندى:

باش قوماندان: پالىنوف
مۇئاۋىن باش قوماندان: ئىسھاقبېك مۇنۇنوف
زۇنۇن تېيىپوف
ئىشتاب باشلىقى: ماژاروف
سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى: ئابدۇكېرىم ئابباسوف

ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى: پەخىردىن روسۇ-
لوف

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەربىي سوت ۋە ھەربىي تەپتىش
مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى.

يېڭىدىن قۇرۇلغان مىللىي ئارمىيە يەتتە پولك، تۆت مۇس-
تەقىل باتالىيون (دىۋىزىيون)، بىر مۇستەقىل ئېسكادروندىن
تەركىب تاپتى.

يەتتە پولك مۇنۇلار:

سۈيدۈڭ ئاتلىق 1 - پولكى

غۇلجا ئاتلىق 2 - پولكى

4 - زاپاس پولك

تېكەس ئاتلىق 1 - پولكى

تېكەس ئاتلىق 2 - پولكى

كەڭساي ئاتلىق 3- پولكى

يېڭى قۇرۇلغان توققۇزتارا ئاتلىق پولكى

ھەربىر پولكتا بىردىن پولك كوماندىرى، بىردىن مۇئاۋىن
پولك كوماندىرى، بىردىن سىياسىيغا مەسئۇل مۇئاۋىن پولك
كوماندىرى، بىردىن ئىشتاب باشلىقى سەپلەندى.



تۆت مۇستەقىل باتالىيون (دىۋىزىيون)، بىر مۇستەقىل روتا
(ئېسكادرون):

موڭغۇل ئاتلىق مۇستەقىل دىۋىزىيونى

تۇڭگان ئاتلىق مۇستەقىل دىۋىزىيونى

بىۋاستە قاراشلىق توپچىلار دىۋىزىيونى

بىۋاستە قاراشلىق مۇھاپىزەتچىلەر باتالىيونى

شىبە ئاتلىق مۇستەقىل ئېسكادرونى

بۇلاردىن باشقا، ئىشتابقا بىۋاستە قاراشلىق مۇستەقىل ئاتلىق دى-
ۋىزىيون، غۇلجا 1 - زاپاس پولكى، غۇلجا 2 - زاپاس پولكى، ئىلقا ئاتلىق
پولكى قۇرۇلۇش ئالدىدا بولۇپ، ئەسكىرىي كۈچى 5500گە يەتتى.
شۇنداق بولغاندا مىللىي ئارمىيەنىڭ ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچى 20

مىڭدىن ئاشاتتى.

قورال - ياراغلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن غەنىيمەت ئېلىنغان بولۇپ، ھەر خىل مىلتىق، ئاپتومات، پىلىموت، زەمبىرەك، تانكىئاتار، ئاپتوموبىلللار بار ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا قولغا چۈشكەن 54 مەشىق ئايروپىلانىمۇ بار ئىدى.

جەڭچىلەرنىڭ «ھۇررا» سادالىرى كۆكنى تىترىتەتتى. ئىپتىخارلىققا تولغان سۆزلەر، قەسەمياد ھەم سەپەرۋەرلىك قىلىش نۇتۇقلىرىدىن كېيىن، ھەرقايسى پولك، باتالىيونلارغا بايراق تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. گېنېرال ئىسھاقبېك ھەرقايسى پولكلارغا قىسىم نامى يېزىلغان ھەربىي بايراق تەقدىم قىلغان چاغدا، بايراق ئالغۇچى قىسىم كوماندىرى ھۆرمەت قەدەم بىلەن ئۈچ قەدەم ئالدىغا چىقىپ بىر تىزى بىلەن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، بايراقنىڭ ئۈچىنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتۇپ يۈزىگە يېقىپ سۆيەتتى - دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، باش قوماندانغا يەنە بىر قېتىم ھەربىي چاس بېرىپ بايراقنى تاپشۇرۇۋالاتتى، ئاندىن بۇرۇلۇپ ئۆز قىسمى ئالدىدىن ئورۇن ئالاتتى. تەنتەنىلىك بايراق تەقدىم قىلىش مۇراسىمى مىللىي ئارمىيەنىڭ جەڭ خىتابنامىسى ئىدى. مۇراسىمدىن كېيىن ھەرقايسى قىسىم چاسا ئەترەتلەرگە بۆلۈنۈپ قوراللىرىنى مەھكەم تۇتقان ھالدا، ئۈنلۈك شوئار توۋلاپ رەئىس سەھنىسى ئالدىدىن ھۆرمەت قەدىمى بىلەن پاراتتىن ئۆتتى. گومىنداڭدىن غەنىيمەت ئېلىنغان ئىككى ئايروپىلان ئاسماندا پەرۋاز قىلدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ قوشۇن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى دېھقان - چارۋىچىلاردىن ئىستىخىيەلىك شەكىللەنگەن، تارقاق پارتىزان ئەترىتى بولماستىن، بەلكى قوماندانلىق بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن، ئىنتىزامى چىڭ، تۈزۈلۈشى مۇكەممەل مۇنتىزىم قوشۇنغا ئايلاندى.

مەن ۋە بىرنەچچە دوستلىرىم رەئىس سەھنىسىگە يېقىن يەردىكى ئامما ئارىسىدا ئولتۇراتتۇق. ئەنە، جەڭچىلەر رەتلىك تىزىلىپ، تەكشى قەدەم بىلەن پاراتتىن ئۆتمەكتە. پاراتتىن ئۆتكەن جەڭچىلەر ئىچىدە ماڭا تونۇش بىرمۇنچە چىرايلار كۆزۈمگە چېلىققاندا، ھاياجىنىمنى باسالماي خۇشاللىقىمدىن جايىمدا سەكرەپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئۇلارنىڭ ئىس-

مىنى توۋلىۋەتتىم، بىراق مۇزىكا ۋە چاۋاك ئاۋازى مېنىڭ ئاۋازىمنى بې-سىپ چۈشەتتى!

ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مۇنونوف، باش قوماندان پالىنوفلار پاراتتىن ئۆتۈۋاتقان قىسىملارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ھەربىي چاس بېرەتتى. مانا بۇ قوماندانلار مىللىي ئارمىيە قۇرۇش يولىدا قانچىلىك ئەجىرلەرنى سىڭدۈردى ـ ھە!

مىللىي ئارمىيەنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ مۇنتىزىملىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. مىللىي ئارمىيەنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، مۇنتىزىم قىسىملارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈش شەرت ـ شارائىتى پىشىپ يېتىلىۋاتاتتى.

باھار پەسلىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن كۆن بارغانسېرى ئىسسىپ گۈللەر ئېچىلىشقا باشلىدى، ھەممە يەرنى باھار ھىدى قاپلىدى. كوچىلاردا مىللىي ئارمىيە فورمىسىنى كىيىپ كېتىۋاتقان جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارنى كۆرگەن ھەر مىللەت ياشلىرى ئۇلارغا ھەۋەسلىنىپ قارايتتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ جانلىنىپ كەتكەنىدى.

مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، قىسىملار قايتىدىن تەرتىپكە سېلىنىپ رەسمىي مۇنتىزىملاشتى، جەڭگىۋارلىقى زور دەرىجىدە ئاشتى، ھەربىي ئىنتىزام تېخىمۇ چىڭىدى. قىسىملارنىڭ ماددىي تەمىناتى ۋە قورال ـ ياراغلىرى تېخىمۇ ياخشىلاندى. ياشلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئەسكەرلىككە تىزىملىتىپ، قىسىملارنىڭ كۈچىنى ئۆلغايتتى. جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئېشىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلاش ئىرادىسىگە كەلدى. ئۇلار گومىنداڭ ئارمىيەسىنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىش يولىدىكى جەڭگە ئاتلىنىشقا ھەر ۋاقىت تەييار بولۇپ تۇرۇشتى.

كىچىك بىر چېگرا رايوندا ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بۇنداق زور ۋەقە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ ئارامىنى بۇزۇۋەتتى. 1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى جياڭ جيېشى ئوغلى جياڭ جىڭگوغا ئۆز قولى بىلەن يازغان خەتنى تۇتقۇزۇپ، «ھەممە گەپنى يەتكۈزگۈچى» قىلىپ شىنجاڭغا ئەۋەتتى. جياڭ جىڭگو كەلگەندىن كېيىن جۇ شاۋلياڭ بىلەن ۋۇ جۇڭشىنغا جياڭ جيېشىنىڭ خېتىنى تاپشۇردى.

خەتنىڭ مەزمۇنىدا مۇنۇلار كۆرسىتىلگەن: «شىنجاڭدا باشقا مىللەتنىڭ بولغان زاتلارنى ھۆكۈمەت خىزمەتلىرىگە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قاتناشتۇرۇش كېرەك، يەنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئاساسىي مەسئۇللىرى باشقا مىللەتلەردىن، مۇئاۋىنلىقتا خەنزۇلاردىن قويۇلسا بولمايدىغان يېرى يوق، ئۇنىڭدىن باشقا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دېگەن ئورۇننى تەسىس قىلىشقا بولىدۇ، بۇ ۋەزىپىگە باشقا مىللەتلەردىن بولغان ئابرۇيلۇق زاتلارنى تاللاپ قويۇشقا بولىدۇ» («ۋۇ جۇڭشىننىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى»، 1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى).

جياڭ جيېشىنىڭ ئىدېيىسى ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، جياڭ جىڭگو جياڭ جيېشىنىڭ خېتىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، شىنجاڭ خەلقىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭىنى قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلىشقا بولمايدىغانلىقى، پەقەت سىياسىي ۋاستە ئارقىلىق شىنجاڭ خەلقىگە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىنى يەتكۈزگەندىلا، ۋەقەنى تىنچىتقىلى بولىدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپتۇ.

مىللىي ئارمىيە شىددەت بىلەن قوغلاپ زەربە بېرىپ، جەڭلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قازاندى. قوماندانلىق ئىشتابى دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭ جانلىق كۈچلىرىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ يوقىتىشنى نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇردى. قوماندان ئىسھاقبېك بىلەن ھەربىي بۆلۈم باشلىقى ئەخمەت ئەپەندىم ھەر دائىم جەڭ قىلىش لايىھەلىرى ئۈستىدە كېچىلەپ مۇزاكىرە قىلاتتى. دۈشمەننىڭ ئەمەلىي كۈچىنى بىلىش ئۈچۈن، ئورۇمچىگە ئۆتۈشتىكى مۇھىم قورغان — جىڭنىڭ جەنۇبىدىكى داخىيەنزى بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشنى مۇقىملاشتۇردى ۋە بۇنىڭغا ئىسھاقبېك مۇنۇنوف ئۆزى قوماندانلىق قىلىدىغان بولدى. داخىيەنزىدىكى دۈشمەن كۈچلۈك ئەسكىرىي كۈچ بىلەن قاتتىق مۇداپىئەدە تۇراتتى، بۇ يەرنى ئېلىش جىڭ ۋە شىخونى ئېلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ھەربىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئەخمەتجاننىڭ 31 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنى، ئۇ ھازىر پىشقان ھەربىي باشلىق بولۇپ قالدى.

شۇ كۈنى ئۇ ھەربىي بۆلۈم نامىدىن يېڭى ھەربىي ھەرىكەت پىلانىنى ئېلان قىلدى. مۇئاۋىن باش قوماندان ئىسھاقبېك قۇرۇلغىنىغا ئۇزاق بولمىغان مىللىي ئارمىيەگە جىڭ ۋە شىخودىكى گومىنداڭ ئارمىيەسىگە

ھۇجۇم قوزغاش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى:

(1) مىللىي ئارمىيەگە بىۋاسىتە قاراشلىق مۇستەقىل ئاتلىق دىۋىزىيونى، مۇھاپىزەتچىلەر باتالىيونى، غۇلجا زاپاس 1 ـ پولكى، غۇلجا زاپاس 2 ـ پولكى، ئىلقا ئاتلىق پولكى بولۇپ، جەمئىي 6000 جەڭچى زاپاس قوشۇن بولۇپ غۇلجىدا قالسۇن.

(2) غۇلجا ئاتقۇچى 2 ـ پولكى، توپچىلار مۇستەقىل دىۋىزىيونى، تۇڭگان ئاتلىق مۇستەقىل دىۋىزىيونى، شىبە ئاتلىق مۇستەقىل ئىسكادرونى جىڭ ناھىيەسىنىڭ داخىيەنزە بازىرىغا ھۇجۇم قىلسۇن.

(3) تېكەس ئاتلىق 1 ـ پولكى تەلەمەت داۋىنى ئېغىزى (گۆرساي ئېغىزى)نى ساقلىسۇن؛ غۇلجا ئاتقۇچى 4 ـ پولكى كەڭساي ئېغىزىنى ساقلىسۇن.

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئالىي ھەربىي دائىرىلىرى مىللىي ئارمىيەنىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ، جىڭ، شىخو تەرەپتىكى بازىلىرىنى چىڭ ساقلاش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

شىخو غەربتە جىڭ بىلەن تۇتىشىدىغان، شىمالدا چۆچەككە 150 كىلومېتىر، شەرقتە، يەنى ئۈرۈمچى يۆنىلىشىدە ماناسقا 150 كىلومېتىر كېلىدىغان، ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئۈرۈمچىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى، قەدىمدىن تارتىپ ھەربىي كۈچلەر تالىشىپ كەلگەن مۇھىم ئورۇن.

گومىنداڭ 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ 45 ـ دىۋىزىيەنىڭ كوماندىرى شيې يىفېڭنى يېڭى 2 ـ كورپۇسنىڭ كوماندىرلىقىغا ئۆستۈردى. گومىنداڭ ئاتلىق 1 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ قوماندانلىق ئىشتابى، زاپاس 7 ـ دىۋىزىيەنىڭ قوماندانلىق ئىشتابى شىخوغا كېلىپ ئورۇنلاشتى، 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى دۆلەت ئارمىيەسى 58 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى گو چى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق 45 ـ دىۋىزىيەنىڭ كوماندىرلىقىغا يۆتكەپ كېلىندى ھەمدە قوماندانلىق ئىشتابى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق بىر پولكنى باشلاپ جىڭغا كېلىپ ئورۇنلاشتى.

گو چى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ 4 ـ قارارلىق ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، جىڭگاڭشەن ئىنقىلابىي تايانچ بازىسىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش

جېڭىگە قاتناشقان، 16 ـ، 17 ـ قارارلىق خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى 7 ـ شۆبە مەكتىپىنىڭ گېنېرال مايور دەرىجىلىك باش ئەترەت باشلىقى بولغان.

خۇ زۇڭنەننىڭ قابىل شاگىرتى بولغان بۇ گېنېرال خىل قوراللار بىلەن قوراللانغان دۆلەت ئارمىيەسىگە تايىنىپ، مىللىي ئارمىيەنى ھېچ-قانچە كۈچىمەيلا پولات ئىستىھكامنىڭ ئالدىدا تارمار قىلىمەن، دەپ خى-يال قىلغانىدى.

گو چى جىڭغا كەلگەندىن كېيىن ھەدەپ ئىستىھكام ياساشقا كىرىـ-شىپ كەتتى، نۇقتىلىق جايلارغا تېمىنىڭ قېلىنلىقى ئىككى مېتىردىن ئاشىدىغان پوتەي ياساتتى، پوتەينىڭ ئەتراپىغا ئۈچ مېتىر كەڭلىكتە خەندەك كولىتىپ، سۇ بىلەن تولدۇردى. ئۇلار مۇشۇنداق مۇداپىئە ئەس-لىھەلىرىنى ھەممە يەرگە ياساتتى، بۇ ئۇلارنىڭ نەزەرىدە يىمىرىلمەس پولات ئىستىھكام ئىدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلىرى مانا مۇشۇنداق خىل قوشۇنلىرىمىزنى جىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق مىللىي ئارمىيەنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇۋالىمىز دەپ خام خىيال قىلىشقانىدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا داخىيەنزىنى تارتىۋېلىش جېڭى باشلاندى.



ئۈچىنچى تاغام ئابدۇقۇددۇس (ئىككىنچى رەت ئوڭدىن ئۈچىنچى)نىڭ بايانداي ھەربىي مەكتىپىدە كۇرسانتلار بىلەن چۈشكەن سۈرىتى

ئۈچىنچى تاغام ئابدۇقۇددۇس غۇلجا ئاتقۇچى 2 ـ پولكىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى بىلەن داخىيەنزىگە ئەۋەتىلگەنىدى. ئۇ پودپورۇچىك بولۇپ، ئالاھىدە شۆبە ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى سۈپىتىدە رازۋېدكا ئەترىتىدىكى خىللانغان 28 نەپەر جەڭچىنى باشلاپ دۈشمەن ئارمىيەسىگە قاراپ ئىچكىرىلەپ كىرىپتۇ. ئۇلار نىلقىنىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتاغلىرىدىن ئۆتۈپ جىڭنىڭ ئاچال دېگەن يېرىگە كېلىپ دۈشمەن ئارمىيەسىنى رازۋېدكا قىپتۇ. بۇ شۆبە ئەترەت ئەمەلىيەتتە پىدائىي ئەترەت بولۇپ، ۋەزىپىسى جىڭ بىلەن داخىيەنزىدىكى دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئوت كۈچىنى رازۋېدكا قىلىپ، ئومۇمىي ھۇجۇم ئۈچۈن ھەربىي ئاخبارات يەتكۈزۈپ بېرىش ئىدى. بۇ پىدائىيلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن ئاپتومات، بىردىن خەنجەر، ئالتىدىن گىرانات، بىردىن تاپانچا سەپلەپ بېرىلگەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ نامىزىمۇ چۈشۈرۈلۈپ بولغانىدى. دېمەك، ئۇلارنىڭ ھايات قايتىپ كېلىشىدىن ئاساسەن ئۈمىد يوق ئىدى. شۆبە ئەترەت تۇن قاراڭغۇسىدا داخىيەنزىدىكى دۈشمەن قاراۋۇلخانىسىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان چېغىدا بەختكە قارشى دۈشمەن تەرىپىدىن سېزىلىپ قاپتۇ. دۈشمەنلەر ئۇلارنى تولۇق يوقاتماقچى بولۇپ تۆت تەرەپتىن قورشاپ شىددەتلىك ئوت ئېچىپتۇ. پىدائىيلار قايتۇرما زەربىگە ئۆتۈپتۇ. جەڭچىلەردىن بىرنەچچىسى نەق مەيداندا قۇربان بوپتۇ. دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى تولىمۇ شىددەتلىك بولغاچقا، پىدائىيلار داخىيەنزە دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكى ئاستىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇلار مەيدىسىگە كېلىدىغان دەريادا توپتوغرا بىر كېچە سۇغا چىلىنىپ يوشۇرۇنۇپتۇ. شۇنداق جىددىي پەيتتە مىللىي ئارمىيەنىڭ ياردەمچى قىسمى ـــ غۇلجا پىيادىلەر 2 ـ پولكى دەل ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ ھەمدە دۈشمەننى چېكىندۈرۈپ قوغلاپ زەربە بېرىپتۇ. مىللىي ئارمىيەمىز دۈشمەن ئارمىيەسى 45 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى بىر روتىسىنى قاتمۇقات قورشىۋېلىپ، ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا قىستاپتۇ. دۈشمەن تەرەپ مىللىي ئارمىيە تەرەپتىن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قورالسىز ۋەكىل ئەۋەتىشنى تەلەپ قىپتۇ. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ كوماندىرى قورال ئالماي بىر جەڭچى بىلەن بىللە، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ گازارمىسىغا تەسلىمنى قوبۇل قىلغىلى بېرىپتۇ، دۈشمەن ئارمىيەسى قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بوپتۇ. بۇ نېمىدېگەن خەتەرلىك ئىش ـ

ھە! مۇبادا دۈشمەن سۈيىقەست ئىشلەتكەن بولسا، ئۇلار ھاياتىدىن ئايرىلـ-
غان بولاتتى.
شۇنىڭ بىلەن 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جىڭغا ھۇجۇم قىلىشتىكى مۇھىم ئۆتكەل داخىيەنزە بازىرى ئارمىيەمىز تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى.
ئىلىدا يۈز بەرگەن ئىنقىلاب پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە غايەت زور ئىلھام بېغىشلىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا گومىنداڭ-نىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشلەرمۇ كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلەشتى، نويابىر قوزغىلىڭىدىن ئىلھام ئالغان جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ كىچىك دائىرىدىكى پارتىزان ئەترەتلىرىنى تەشكىل قىلىشقا كىرىشتى، بۇنىڭ بىلەن دۈش-مەن ئىشغالىيىتىدىكى رايونلاردا ئىنقىلاب ئوتى لاۋۇلداشقا باشلىدى. گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ جايلاردىكى تايانچ پونكىتلىرى دائىم ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۇچراپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گومىنداڭ ئارمى-يەسى ئىچىدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ئۆز ئارا مەخپىي ئالاقە باغلاپ، ھەققانىيەت يولىدا كۆتۈرۈلۈپ چىقىشقا باشلىدى.
1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كوماندىر سوپاخۇننىڭ باش-چىلىقىدا مايتاغدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيەسى مۇستەقىل ئاتلىق ئىسكادرونىدىكى 150 كە يېقىن جەڭچى - ئوفىتسېرلار ھەققانىيەت يو-لىدا قوزغىلاڭ كۆتۈردى.
ئۇلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشتىن ئاۋۋال تەييارلىق خىزمەتلىرىنى مەخ-پىي قانات يايدۇردى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى گومىنداڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن سېزىلىپ قالىدىغان بولسا، ئېنىقلا ئۆلتۈرۈلەتتى. لېكىن، ئۇلار ئىسكادرون كوماندىرى سوپاخۇننىڭ باشلامچىلىقىدا خېيىم - خە-تەرگە قارىماي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قوغلاپ كەلگەن دۈشمەن بىلەن قان كېچىپ ئېلىشتى، ئون نەچچە كىشى جەڭدە قۇربان بولدى. بۇ قوشۇن قورال جابدۇقلىرىنى ئېلىپ 20 نەچچە كۈن ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇققا چىداپ جاپالىق سەپەر قىلىپ، 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كۈتۈۋالغىلى ئال-دىغا چىققان مىللىي ئارمىيە ئاتلىق موڭغۇل مۇستەقىل دىۋىزىيونى بىلەن بورتالادا غەلىبىلىك ئۇچراشتى. ھەقىقەتتىكە قايتقان بۇ قوشۇن مىللىي ئارمىيەمىزگە يېڭى كۈچ قوشتى، ئۇلارنىڭ تارىخىي تۆھپىسى

مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

سوپاخۇن 1915 ـ يىلى قومۇل ئاستانىدە بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قوشۇنىغا قاتناشقاندىن كېيىن قوشۇن باشلاپ جەنۇبىي فرونتقا ئاتلاندى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ جەڭلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا بىرىنچى دەرىجىلىك «ئازادلىق» ئوردېنىنى تەقدىم قىلدى ۋە پولكوۋنىك ئۇنۋانى بەردى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 4 ـ دېۋىزىيە ترانسپورت چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى؛ 1955 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول ئىدارىسى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مېخانىزم ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، تاشيول ئىدارىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. 1984 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىقىپ، 2001 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى 86 يېشىدا ۋاپات بولدى.

جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارنىڭ كۆرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان خادىملارنى مۇكاپاتلاش، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە ئۇنۋان بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.



1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 47 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، تۆت ئوفىتسېرغا ئۇنۋان بەردى.

ئەخمەت ئەپەندىم تۇنجى تۈركۈمدە پودپولكوۋنىك ئۇنۋانى بېرىلگەن خادىملار ئىچىدە ئىدى. 100 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر قاتناشقان ئۇنۋان بېرىش مۇراسىمى ئالاھىدە تۈس ئالغانىدى، ئېلىخان تۆرە گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ئىچىدە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن ئۆز قولى بىلەن ئۇنۋان تارقاتتى. رەھىمجان سابىر ھاجىغا پولكوۋنىك ئۇنۋانى، ئەخمەتجان، نەبىجان، ماسكالىيوفلارغا پودپولكوۋنىك ئۇنۋانى بېرىلدى. ئەخمەتجان سەھنىگە چىقىپ ھەربىي ئۇنۋان بىلەن گۇۋاھنامىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، قاتۇرۇپ چاس بەردى ـ دە، ئارقىغا ئىككى قەدەم چېكىنىپ، بۇردلىپ ئۆز جايىدىن ئورۇن ئالدى.

ئۇنۋان بېرىش مۇراسىمىغا قاتناشقان ئوفىتسېرلار ھاياجان ئىچىدە توختىماي چاۋاك چالاتتى. ئۇلار ھەۋەس بىلەن قارىشىپ، ئۆزلىرىنىڭمۇ

كۆنلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇنداق شان ـ شەرەپكە ئېرىشىشىنى ئارزۇ قىلـ-
شاتتى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئەخمەتجان پودپولكوۋنىك فورمىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا پاگون، كاكار، ھەربىي پەلتو، ئۆتۈك قاتار-لىق بىر مۇنچە نەرسىلەر تۇراتتى، مەن قىزىقىپ كۆرۈپ بېقىشقا ئالدى-راپ كەتتىم ـ دە، قولىدىن ئىتتىك ئېلىپ ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈپ قارى-دىم. ئەخمەتجان كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۆتكەندە ئىنچىكىلەپ لايىھەلىگەن ھەر-بىي كىيىم ۋە پاگون قاتارلىقلارنىڭ تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ رەسمىي ئىشـ-لىتىلگەنلىكىنى ھەمدە بۇگۈن ئۆزىگە پودپولكوۋنىكلىق ئۇنۋانى بېرىلـ-گەنلىكىنى ئېيتتى. مەن بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولـۇپ كەتتىم. ھەربىي كىيىمنى كىيىپ باققۇم كېلىپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كىيىپ باقتىم. بۇ كىيىم ماڭا چوڭ كېلىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ-نىڭدىن بەكمۇ ئىپتىخارلاندىم. شۇنىڭ بىلەن مەن چىقىپ ئەخمەتجانغا قاتۇرۇپ ھەربىيچە چاس بەردىم. ئەپەندىم قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ماڭا چاس قايتۇردى:

— يولداش پودپولكوۋنىك، كانۋىيىڭىز ئەخمەتجان بۇيرۇقىڭىزغا دائىم تەييار!

ئەپەندىمنىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق ۋە مەمنۇنىيەت چىقىپ تۇراتـ-تى. بۇ ھەربىي فورما ۋە پاگونلار تولىمۇ چىرايلىق لايىھەلەنگەنىدى.

شادلىققا چۆمگەن ئەنە شۇ دەقىقىلەردە پودپولكوۋنىكلىق ئۇنۋانىنى ئەخمەتجان ئەمەس، مەن ئالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتىم.

بۇ مەزگىلدە ئەخمەتجان دائىم مېنى تىرىشىپ ئۆگىنىش توغرىسىدا ئەسكەرتىپ تۇراتتى. دەل شۇ كۈنلەردە ھاكىم جاپپارووۋچ (سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن دوختۇر) غۇلجىدا ھەربىي دوختۇرلۇق مەك-تىپى ئېچىپ، مەخسۇس ھەربىي دوختۇر تەربىيەلىمەكچى بوپتۇ. مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئوقۇغۇم كەلدى، ئەپەندىم: مەكتەپتە ئوقۇپ چىقىپ جەڭگاھتا يارىدارلارنى قۇتقۇزۇش شەرەپلىك، بۇ سىز ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت، دەپ مېنى دەرھال شۇ مەكتەپكە بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇشقا دە-ۋەت قىلدى، مەن خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم ۋە ئەتىسى ئەتىگەندە تىزىملاتقىلى باردىم. ئۇ يەردە ئىسھاقبېكنىڭ ئايالى ئايشە بىلەن ئۇچ-رىشىپ قالدىم، ئۇمۇ ئوقۇشقا تىزىملاتقىلى كەلگەنىكەن (ئايشە، قىرغىز،

1925 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1945 ـ يىلى بىر ئوغۇل تۇغۇپ ئىسمىنى ئەسئەت قويغان، يولداش ئىسھاقبېك ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئايشە 1953 ـ يىلى ئوغلىنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان رىسپۇبلىكىسىنىڭ فرونزى شەھرىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان).

لېكىن بۇ ھەربىي تېببىي مەكتەپ تۇرلۇك سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن ئېچىلماي قالدى.

تارقاق پارتىزان ئەترەتلىرى ئەنە شۇنداق جەريانلارنى بېسىپ ئۆتۇپ، مۇنتىزىم قوراللىق قوشۇنغا ئايلاندى، مىللى ئارمىيەنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى خاتىرىلەش ئۇچۇن 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۇنى «ئارمىيە قۇرۇلۇش بايرىمى» قىلىپ بېكىتىلدى.

# 23. ئۈچ يۆنىلىش بويىچە جەڭ قىلىش

مىللىي ئارمىيەنىڭ قۇرۇلغانلىقى قوراللىق كۈرەشنى يېڭى بىر دولقۇنغا كۆتۈردى. قىسىملار تەرتىپكە سېلىنىپ جەڭگىۋارلىقى تېخىمۇ ئاشتى.

1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ مىللىي ئارمىيە تەشەببۇسكارلىق بىلەن زەربە بېرىشكە ئۆتۈپ جىڭغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ھەرىكەت ئالدى بىلەن جىڭ بىلەن شىخونى قولغا ئېلىپ، تارباغاتاي ۋە ئالتايغا يۈرۈش قىلىش ۋە ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشتەك زور ھەربىي ھەرىكەتنىڭ باشلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

يەنە بىر مۇھىم مەسىلە شۇكى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مىللىي ئارمىيە ئىشغال قىلغان جايلاردا يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنى قۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىنى تولۇقلىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورگىنى جايلاشقان غۇلجا شەھىرى ئالدىنقى سەپ جەڭ مەيدانىدىن يىراقتا بولغاچقا، بۇ يەردە ئوق ئاۋازى ۋاقىتىنچە بېسىقىپ قالغانىدى. لېكىن، بۇنىڭغا ئەگىشىپ تار مىللەتچىلىك خاھىشى باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى، بەزى كادىرلاردا گۇرۇھۋازلىق قىلىش، بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىش، خىزمەت كۆرسىتىم دەپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش، ئىنتىزامنى بۇزۇش، ئارىغا ئادەم قويۇپ يول ئىزدەش، ئەمەل تەلەپ قىلىش قىلمىشلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بەزىلەرنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسى ئاجىزلىشىپ، ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلمايدىغان بولۇۋالدى، بۇ ھال بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ خىزمەتكارى بولالمايدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدى. ئەخمەت ئەپەندىم تار مىللەتچىلىك خاھىشىنى قاتتىق سۆكۈپ، بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئوخشاشلا خەلقنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى پاش قىلىپ، بۇنى ھەرگىز سەل قارىماي ئۈزۈل ـ كېسىل تازىلاش كې-

رەكلىكىنى تەكىتلىدى.

ئەخمەت ئەپەندىم يۇقىرىقىدەك تار مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنى تۈپتىن يوقىتىش ۋە سالاھىيىتىنى پەش قىلىپ ئەمەل تەلەپ قىلىش خاھىشلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، 1945 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەلەم تەۋرىتىپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان گېزىتىدە «تار مىللەتچىلىك ۋە ئەمەلپەرەسلىك بىزنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز» دېگەن ماۋزۇدا ماقالە ئېلان قىلىپ: «خەلق قوزغىلىڭى ئۇلغىيىۋاتقان پەيتتە دۈشمەن بىلەن ئۆزىنى ئايرىماي، تار مىللەتچىلىك كەيپىياتىنى تارقىتىدىغان، بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىدىغان، خەلقنىڭ ئىدىيەسىنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان ھادىسىلەر كېلىپ چىقتى. بۇلار خەلقنىڭ ئىنقىلابىي نىشانى بىلەن قىلچە چىقىشالمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئوينىماقچى بولغان، لېكىن ئوينىيالمىغان يامان رولنى ئوينىماقتا. بۇنداق كىشىلەر ئىلگىرى قانچىلىك تۆھپە ياراتقان بولسۇن، بەربىر خەلقنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر» دەپ كۆرسەتتى.

ئەمەلپەرەسلىكنى قاتتىق تەنقىد قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىسمىنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 1945 - يىل 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى بۇيرۇق چىقىرىپ، جەڭلەردە خىزمەت كۆرسەتكەن خادىملارغا «ساداقەت I »، «ساداقەت II » ئوردېنى بېرىشنى قارار قىلدى. جەڭ ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئوردېن بېرىشنىڭ ئۆلچىمى تېخىمۇ قېلىپلاشتى. مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوردېنى جەمئىي يەتتە خىل، توققۇز دەرىجىگە ئايرىلدى. ئۇلار: «جۇمھۇرىيەت ئوردېنى»، «خەلق قەھرىمانى ئوردېنى»، «ئىستىقلالىيەت I »، «ئىستىقلالىيەت II »، «ئازادلىق I »، «ئازادلىق II » ئوردېنلىرى ۋە «ساداقەت»، «باھادىرلىق»، «پىدائىي» مېداللىرىدىن ئىبارەت.



ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھەربىي غەلىبىسى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى.

1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگە قەدەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى يەنئەندە ئېچىلدى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ قۇرۇلتايغا «بىر-



1945 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيە جەنۇبىي يۆنىلىش، ئوتتۇرا يۆنىلىش، شىمالىي يۆنىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ يۆنىلىشكە بۆلۈنۈپ، ئاقسۇ، شىخو ۋە ئالتايغا ھۇجۇم باشلىدى. سۈرەتتە: ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى قىسىملار ئاتلىنىشقا تەييار تۇرماقتا

لەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە» دېگەن سىياسىي دوكلاتىنى بەردى، ئۇ دوكلاتىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈستىدە يۈرگۈزگەن قوراللىق باستۇرۇشتەك جىنايەتلىرىنى قاتتىق ئەيىبلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «گومىنداڭنىڭ خەلققە قارشى گۇرۇھى جۇڭگودا كۆپ مىللەت بارلىقىنى ئىنكار قىلىپ، خەنزۇلاردىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى نەسىلداش ئۇرۇق دەپ ئاتىماقتا. ئۇلار پۈتۈنلەي چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋە شىمالىي مىلىتارىستلارنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتا قىلمىغىنى قالمىدى. 1943 ـ يىلى ئېكجاۋ ئايمىقىدىكى موڭغۇل خەلقىگە يۈرگۈزگەن قىرغىنچىلىق ۋەقەسى، 1944 ـ يىلىدىن ھازىرغا قەدەر شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان قوراللىق باستۇرۇش ۋەقەلىرى ۋە يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان گەنسۇ خۇيزۇلىرى ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلگەن قىرغىنچىلىق ۋەقەلىرى مانا بۇنىڭ ئوچۇق دەلىلى بولالايدۇ. بۇ چوڭ خەنزۇچىلىقتا ئاساسلانغان خاتا مىللىي ئىدىيە ۋە خاتا مىللىي سىـ

ياسەت.»

بۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ يىراق يەنئەندە تۇرۇپمۇ شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى، ئۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەرگەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

بۇ چاغدا مىللىي ئارمىيەنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى قىسىملىرى دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە بۆسۈپ كىرگەن، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى پارتىزانلار ئاجايىپ جانلىنىپ كەتكەن، جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىمۇ ھەرىكەتكە ئۆتكەنىدى.

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۆچەكتە جاغدا باشچىلىقىدا مۇنتىزىم پارتىزان ئەترىتى قۇرۇلدى، 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى يولداش دەلىلقان سۇگۇربايېف پارتىزان ئەترىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئالتايغا ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي ئارمىيە شۆبە ئەترەتلەرنى چىقىرىپ تۇشمۇتۇشتىن دۈشمەن بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلدى. 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا قازىقان باشچىلىقىدىكى 400 نەپەر ئاتلىق ئەسكەر كۈنەستىن يولغا چىقىپ 12 كۈن جاپالىق يۈرۈش قىلىپ ماناسقا قىستاپ كەلدى ۋە بۇ يەردىكى تاغ - ئورمانلىقلاردا پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان قازاق پارتىزان ئەترىتىدىكى 300 دىن ئارتۇق كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ، ماناس بىلەن شىخونى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان كۆۋرۈكلەرنى پارتلىتىۋەتتى. بۇ قوشۇن ساۋەن، ماناس قاتارلىق جايلاردا دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، تېلېفون سىملىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، قورال - ياراغ، ئوق - دورا لىق بېسىلغان تۆت ئاپتوموبىلنى قولغا چۈشۈرۈپ، كۆپ مىقداردىكى ھەربىي ئەشيالارنى تارتىۋالدى.

دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى خەلق ئاممىسىمۇ ئارقا - ئارقىدىن پارتىزان ئەترىتى تەشكىللەپ، گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ تايانچ پونكىتلىرىغا ئۇشتۇمتۇت زەربە بەردى. جەنۇبىي شىنجاڭدا پائال ھەرىكەت قىلىۋاتقان قورالىق كۈچ 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىسھاقبېك غۇلجىدىن تاشقورغانغا چۈشكەندە تەشكىللەنگەن. بۇ قورالىق كۈچ تاشقورغان پارتىزانلىرى دەپ ئاتالغان، ئىنتايىن تېز تەرەققىي قىلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ماسلىشىپ قورالىق كۆرەشنى قانات يايدۇرغان ۋە مۇئەييەن جەڭ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغانىدى. 1945 - يىل 6 - ئاينىڭ 7 -

كۈنى تاشقورغان پارتىزانلىرى رەسمىي يوسۇندا تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيەسى بولۇپ تەشكىللىنىپ، تۆت پولكقا ئايرىلىپ، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەرگە بىۋاسىتە تەھدىت شەكىللەندۈردى.

1945 - يىلى يازغا كەلگەندە، قوراللىق كۈرەش شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە دېگۈدەك ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدى. ھەر مىللەت خەلقى ئازادلىق ئۈچۈن ئاداققىچە كۈرەش قىلىشقا ئىرادە باغلاپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى تەرەپ - تەرەپتىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى.

مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتابى دۈشمەننىڭ ھەربىي كۈچى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئىنچىكە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۈرۈمچىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭ شىخودىكى كۈچىنى يوقىتىش كېرەك دەپ قارىدى، لېكىن بۇ يەردىكى دۈشمەن ئىستىھكامى ئىنتايىن مۇستەھكەم ئىدى؛ شۇڭا، شىخوغا ھۇجۇم قىلغان بولۇپ دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچىنى جەلپ قىلىشتەك قايمۇقتۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە ئەگىپ ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ كۈچى ئاجىزراق بولغان چۆچەك بىلەن ئالتايغا ھۇجۇم قىلىپ، شىمالدىن كېلىدىغان ياردىمىنى ئۈزۈپ تاشلاش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جەنۇبتا ئاقسۇغا تېگىش قىلىپ، دۈشمەننىڭ كەينىدىن زەربە بېرىش ئارقىلىق، جەنۇب، شىمال ۋە غەرب تەرەپتىن قىستاپ زەربە بېرىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۈرۈمچىنى ساقلاپ ياتقان دۈشمەن قوشۇنىنى يېتىم قالدۇرۇپ، ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلىشقا شەرت - شارائىت ھازىرلاشنى قارار قىلدى.

بۇ ئىستراتېگىيەلىك لايىھە ئۈچ يۆنىلىش بويىچە جەڭ قىلىش، يەنى ئوتتۇرا يۆنىلىش، جەنۇبىي يۆنىلىش، شىمالىي يۆنىلىشتە جەڭ قىلىش پىلانى دەپ ئاتالدى.

ئۈچ يۆنىلىشتە جەڭ قىلىشنىڭ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇنداق:

شىمالىي يۆنىلىش: ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنى ئىشغال قىلىپ، دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا ياردەم بېرىشىنى ئۈزۈپ تاشلاش؛ باش قوماندانلىقنى يولداش دەلىلقان سۇگۇربايېۋ ئۈستىگە ئېلىش.

ئوتتۇرا يۆنىلىش: جىڭ بىلەن شىخونى ئىشغال قىلىش، بۇنىڭ

ئۈچۈن ئۈستۈن ھەربىي كۈچنى توپلاپ، كۈچلۈك ھۇجۇم بىلەن دۈشمەننىڭ ئاساسىي قوشۇنىنى يوقىتىپ، تىغ ئۇچىنى بىۋاسىتە ئۈرۈمچىگە قارىتىش. ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى جەڭگە دەسلەپتە پالىنوف باش قوماندان بولغان، كېيىن ھەل قىلغۇچ جەڭ باشلىنىدىغان چاغدا، شۇ ۋاقىتتا جەنۇبىي يۆنىلىش ئۇرۇش رايونىدىكى جەڭلەرگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان يولداش ئىسھاقبېك يۆتكەپ كېلىنىپ باش قوماندان قىلىپ تەيىنلەندى.

جەنۇبىي يۆنىلىش: ئاقسۇنى ئىشغال قىلىش، جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى مىللىي ئارمىيەنىڭ ئۇرۇش قىلغۇچى قىسمى بىلەن تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيەسى ئۇچرىشىپ، ئاندىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا كېڭىيىش، بۇنىڭغا يولداش ئىسھاقبېك باش قوماندان بولۇش.

يۇقىرىقىدەك ئۇرۇش قىلىش لايىھەسىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئەخمەت ئەپەندىم ھەربىي بۆلۈمگە ئۇرۇش تەييارلىقىنى پائال قانات يايدۇرۇش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ، ياشلارنى ئارمىيەگە، جەڭگە قاتنىشىشقا چاقىردى، ھەربىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىمغا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەرلىك قىلدى. ئۇ يالغۇز قەھرىمانلىقنىڭلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، جەڭچىلەرگە ھەربىي تېخنىكا ئۆگىتىش كېرەكلىكىنى، تېخىمۇ مۇھىمى بىر تۈركۈم ئىستراتېگىيە ـ تاكتىكىنى بىلىدىغان، ھەربىي قورال ـ ياراغلارنى ئىشلىتىشكە پىششىق، ئەسكەر باشلاپ جەڭ قىلالايدىغان ئاساسىي قاتلام ئوفىتسېرلىرى بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپىنى قۇرۇش تەييارلىقىغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ مەكتەپنىڭ ئورنىنى ئۆزى بىۋاسىتە غۇلجا شەھىرىنىڭ 12 كىلومېتىر غەربىدىكى باياندايدىن تاللىدى، كۇرسانتلارنى تاللاش ئۆلچىمىنى بېكىتتى، دەرسلىكلەرنى تۈزدى، ئوقۇتقۇچىلارنى تاللىدى ۋە مۇمكىنقەدەر بالدۇرراق دەرس باشلاپ، تەلىم ئالغان ئاساسىي قاتلام ئوفىتسېرلىرىنى ئۈچ يۆنىلىش بويىچە جەڭ قىلىشقا يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى رايونلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ئىشەنچلىك يولداشلارنى دۈشمەن ئارقا سېپىگە ئەۋەتتى. بۇ ۋەزىپە مەخپىي ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، ئاشكارىلىنىپ قېلىشقا ھەرگىز بولمايتتى. شۇڭا، ئەخمەتجان ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ يېقىن سەپداشلىرىنىڭ بىرى، تۈرمىدىشى توختى ئەلىموفنى 1945- يىلى 5 ـ

ئايدا تارباغاتاي ۋىلايىتىگە يوشۇرۇنچە كىرىپ، قىزىلتۇز، ئېبىنور كۆلى ئەتراپىدا پارتىزان ئەترىتى تەشكىللەشكە ئەۋەتتى.
شۇ كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم توختى ئەلىموفنى ئۆيگە چاقىرىپ كېلىپ، چۆچەكتە قوراللىق كۈرەش قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشتى. بۇ ئىككى «سىياسىي مەھبۇس» تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم جەم بولۇپ، توپتوغرا بىر كېچە مەسلىھەتلەشتى.
— ئاغىنە، — دەيتتى توختى ئەلىموف، — مەن تۈرمىدىن تىرىك چىقارمىز دەپ پەقەت ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كەلدۇق جۇمۇ! شۇ چاغدا مەن سىزنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. سىزنى سوراققا ئاچىقىپ كەتكىنىدە تىرىك قايتىپ كېلىشىڭىزنى زادىلا ئويلىمىغانىدىم. بۇ فاشىستلار راستىنلا ئادەم يەيدىغان چىلبۆرىلەر - دە!
— ئۆلۈم ھەرقانداق ئادەمنىڭ بېشىدا بار، — دەيتتى ئەپەندىم دۈشمەنگە بولغان قەھر - غەزىپىنى بېسىۋېلىپ، — مەن يۇرتۇمغا قايتىپ كەلگەن بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپلا، ئۆلسەممۇ مۇشۇ زېمىندا ئۆلىمەن دەپ تەييارلىنىپ قويغانىدىم، قىلىچ بوينۇمغا تاقالغاندا ئۆلۈمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمىدىم!
— سىز ھازىر مۇھىم ئادەم بولۇپ كەتتىڭىز، بىز سوۋېتتە ماركسىزمنى ئۆگەندۇق، ئەمدى بىز گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز. زۆرۈر بولسا، مەن ھەر دائىم بۇيرۇقىڭىزغا تەييار! — دېدى توختى ئەلىموف چىن كۆڭلىدىن.
لامپىنىڭ غۇۋا نۇرى ئاستىدا بۇ ئىككى سەپداش ئۇزاقتىن - ئۇزاق پاراڭلاشتى.
ئۇزۇن ئۆتمەي توختى ئەلىموف بىرنەچچە ئادەمنى باشلاپ چۆچەكتىكى «ئازادلىق تەشكىلاتى» بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلاپتۇ. بۇ تەشكىلاتتىكى ئابلىز كەنجى، ئابلىمىت ھاجىيوف قاتارلىق كىشىلەر توختى ئەلىموف بىلەن بىۋاسىتە كۆرۈشۈپتۇ ۋە چۆچەكنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن مەخپىي ھەرىكەتنى قانات يايدۇرۇپتۇ.
1945 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جياڭ جيېشى ئوغلى جياڭ جىڭگو، سۇڭ مېيلىڭنىڭ ئاكىسى، شۇ چاغدىكى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى سۇڭ زىۋېن ۋە دىپلوماتىيە مى-

نىستىرلىقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە ۋەكىلى ليۇ زېرۇڭ قاتارلىقلارنى يالتا يىغىنىنىڭ مەخپىي كېلىشىمى مەسىلىسى توغرىسىدا ئىستالىن بىلەن سۆھبەتلىشىشكە موسكۋاغا ئەۋەتتى.

بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى قوراللىق كۆرەش راسا ئەۋج ئېلىۋاتاتتى. ئوتتۇرا ۋە شىمالىي يۈنىلىش دائىرىسىدىكى كەڭ رايونلاردا ئۆزلۈكىدىن تەشكىللەنگەن خەلق قوراللىق كۈچلىرى ناھايىتى جانلىنىپ، خەلق ئاممىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەرىكەتكە كەلگەنىدى. جەنۇبىي يۈنىلىش ئۇرۇشى مىللىي ئارمىيەنىڭ يېڭى جەڭ مەيدانى ئېچىشىدىن دېرەك بېرەتتى. گەرچە 7 ـ نويابىر قوراللىق قوزغىلىڭنىڭ ئوق ئاۋازى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ كەلگەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خەلق ئاممىسى پارتىزان ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ كىچىك دائىرىدە پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭنىڭ جەنۇبتا تۇرۇشلۇق قوشۇنى تېخى ھەقىقىي مەنىدىكى زەربىگە ئۇچرىمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەربىي كۈچى يەنىلا خېلى زور ئىدى. دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭ ھەربىي كۈچى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا يەنىلا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەربىي كۈچىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. شۇڭا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن زەربە بېرىپ، ئاقسۇنى ئىشغال قىلىش، دۈشمەننىڭ جەنۇب تەرەپتىن كېلىدىغان ياردىمىنى توسۇپ، يېڭى بىر «تايانچ بازا» قۇرۇش بەكمۇ مۇھىم بولۇۋاتاتتى.

جەنۇبىي يۈنىلىشتە ئۇرۇش قىلغۇچى قوشۇنغا سوپاخۇن كوماندىر، ئابدۇكېرىم ئابباسوف سىياسىي كومىسسار، قاسىمجان قەمبىرى ھۆكۈمەت ۋەكىلى، مىرزىگۈل ناسىروف مەسلىھەتچى قىلىپ تەيىنلەندى.

1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغۇچى قوشۇن غۇلجىدىكى گازارمىدىن تېكەسكە قاراپ يولغا چىقىدىغان بولدى. بۇ مايتاغدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مىللىي ئارمىيەگە قوشۇلغان جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارنى ئاساس قىلغان، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ئىچىدىن تاللاپ تولۇقلانغان، جەڭچى ـ ئوفىتسېرلار جەڭلەردە تاۋلانغان، جەڭگىۋارلىقى خېلى يۇقىرى، ساپاسى ئۈستۈن ئاتلىق قوشۇن ئىدى.

تومۇز ئايلىرى، كۆپكۆك ئاسماندا پارقىراپ چىققان قۇياشنىڭ تەپتى يەر ـ جاھاننى كۆيدۈرەتتى، تەڭرىتاغ باغرىدىكى يايلاقلار يېشىللىققا

پۈركەنگەنىدى، كۈمۈش بەلباغدەك تولغىنىپ ئاققان ئىلى دەرياسى كۆن نۇرىدا جۇلالىنىپ، خۇددى جەنۇبىي يۈنىلىشتە جەڭ قىلغۇچى جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارنى ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىش ئۇچۇن ئەكېتىۋاتقاندەك دولقۇنلىنىپ ئۆركەش ياسايتتى. 150 تىن ئوشۇق خىللانغان جەڭچى ـ ئوفىتسېردىن تۈزۈلگەن ئاتلىق قوشۇن، ئارقا سەپ تەمىناتى ۋە ترانسپورت ھارۋىلىرىغا مەسئۇل جەڭچىلەردىن تەشكىل قىلىنغان 400 كىشىلىك بۇ قوشۇن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئاتلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇلاردىن قانچىسى تىرىك قايتىدۇ، قانچىسى ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنىنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ئاققۇزۇپ، مەڭگۇ شۇ يەردە قالىدۇ، بۇنىسى ھەممىگە نامەلۇم.

ھەربىي بۆلۈم باشلىقى ئەخمەت ئەپەندىم غۇلجىدىكى قىسىملارنىڭ گازارمىسىغا بېرىپ يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان قىسىمنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، جەڭ ئالدىدا ئاخىرقى قېتىم سەپەرۋەر قىلماقچى بولدى. كوماندىر سوپاخۇن قىسىمغا «دىققەت» بۇيرۇقى بەرگەندىن كېيىن ئېتىنى بىرنەچچە قەدەم يورغىلىتىپ ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، يۈگەننى تارتىپ تۇرۇپ چاس بەردى:

— سالام، ھۆرمەتلىك رەھبەر، قىسىم تەييار، كۆزدىن كەچۈرۈڭ!

— راھەت! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى ئەخمەت ئەپەندىم.

ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق، ياڭراق، كەسكىن، جەڭگىۋار بولۇپ، جەڭچىلەرنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشتى.

— مۆھتەرەم جەڭچى ـ ئوفىتسېرلار، بىز خەلق ئازادلىقى ئۇچۇن قوزغالدۇق. سىلەر ئالدىمىزدىكى ياۋۇز دۈشمەننى يوقىتىش ئۇچۇن جەڭگە ئاتلىنىۋاتىسىلەر. خەلق سىلەرنىڭ قان تۆكۈشتىن قورقماي دۈشمەننى باتۇرلۇق بىلەن يوقىتىشىڭلارغا، بىر قەدەممۇ چېكىنمەي غەلىبە قىلىشىڭلارغا ئىشىنىدۇ...

جەڭچىلەر قوللىرىدىكى مىلتىقلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۈنلۈك شوئار توۋلاشتى:

— ئۆلۈمگە رازىمىز، ئارقىغا چېكىنمەيمىز، ھۇررا! ھۇررا!

— ئاتلان! — دېدى ئەپەندىم قىسىمغا بۇيرۇق بېرىپ.

كوماندىر سوپاخۇن ئەخمەتجانغا يەنە بىر قېتىم چاس بېرىپ ئارقى-

غا بۇرالدى ـ دە، قىسىمغا بۇيرۇق چۇشۇردى:
ــ ئوڭغا بۇرال! ئالغا قاراپ مارش!
چۇش مەھەل، قىسىم يولنىڭ ئىككى ياقىسىغا ئۆزلۈكىدىن تىزىلىپ، ئۇزاتقىلى كەلگەن ئاما بىلەن خوشلىشىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قاراپ ھەيۋەت بىلەن يۈرۈپ كەتتى. سەپ ئاخىرىدا قىلىچلىرىنى يانلىرىغا ئاسقان، يان قورالىرىنى بەللىرىگە قىستۇرۇۋالغان ئابدۇكېرىم ئاباسوف، قاسىمجان قەمبىرى ۋە مىرزىگۈل ناسىروفلار ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئەخمەتجانغا قاراپ چاس بەردى ـ دە، ئاتلىرىنى دېۋىتىپ قىسىم كەينىدىن يۈرۈپ كەتتى.
ئاتلىق قىسىم ئىچىدە كىمدۇر بىرى باشلاپ بەرگەن جەڭ ناخشىسىغا پۈتۈن قوشۇندىكىلەر قوشۇلۇپ ئېيتتى:

ئانا ۋەتەن زېمىنىنى ئاقلاشقا ماڭ،
چىقسۇن بىزدىن جەسۇرانە غەيرەتلىك ئاھاڭ.
گۈزەل ۋەتەن ئاسمىنىنى قاپلىمىسۇن چاڭ،
ھەممىمىزدە كۆچلەنسۇن ئىنقىلابىي ئاڭ.

قوللارغا قورال ئېلىپ ئالغا باسىمىز،
بىزنى ئەزگەن دۈشمەنلەرنى چېنەپ ئاتىمىز.
ئۇر ـ چاپ! تېز يوقالسۇن زالىم جاللاتلار،
مەڭگۈ ئازاد ياشىسۇن بىزنىڭ ئەۋلادلار.



1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى جەنۇبىي يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىم تېكەستىن يولغا چىقىپ، تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنى بويلاپ سەپەرگە ئاتلاندى. قىسىم بىر ھەپتىگىچە تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ، مۇزداۋاندىن ئۆتۈپ، تەڭرىتاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا مۆلچەرلەنگەن قەرەلدە يېتىپ كەلدى. قىسىم دەرھال ئىستىھكام قۇرۇپ، ئاقسۇنىڭ دەرۋازىسى بولغان باي ناھىيەسىگە ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ قويدى.
ئەخمەت ئەپەندىم جەنۇبىي يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلىشقا ماڭغان قوشۇننى ئۇزىتىپ قويۇپ غۇلجا بايانداىدىكى ھەربىي مەكتەپكە كېلىپ، ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ دەرس باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ئەپەندىم

بۇنىڭدىن بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى مەكتەپكە مۇنەۋۋەر قىسىم كوماندىر-لىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئالدىنقى سەپتە ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىۋاتقان قىسىملارغا قوماندانلىق قىلالايدىغان ئوفىتسېرلارنى تەربىيەلەپ يەتكۈ-زۈپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان پۇختا، ئەتراپلىق، تەپسىلىي ئوقۇ - ئو-قۇتۇش پىلانىنى تۈزۈپ بەرگەنىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى قورغاستىمۇ ئۈچ قارار ئوفىتسېرلار كۇرسى ئېچىلغان بولسىمۇ، لېكىن مىللىي ئارمىيە كوماندىرلىرىنى تەربىيەلەيدىغان تۇنجى مۇنتىزىم ھەربىي مەكتەپ يەنىلا مۇشۇ ئىدى.

1945 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مىللىي ئارمىيە ئوفىت-سېرلار مەكتىپى رەسمىي دەرس باشلىدى.

شۇ كۈنى ئەخمەتجان يولداش ئىسھاقبېك بىلەن بىللە ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

ھەربىي فورما كىيگەن ئەخمەتجان بىلەن ئىسھاقبېك رەئىس سەھ-نىسىگە چىققاندا پۈتۈن مەيدان گۈلدۈراس چاۋاك ئاۋازىدىن لەرزىگە كەل-دى. ئەخمەتجان سۆزگە چىقىپ ئاددىي، ئاممىباب تىل بىلەن ھازىرقى كۈرەش ۋەزىيىتىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتتى ۋە ئوفىتسېرلارنى باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان جەڭلەردە قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىش روھىنى





1945 - يىلى 7 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قوزغىدى. سۈرەتتە: قىسىملار تېكەستىن يولغا چىقىپ، تاغ ئۈستىدە ئاخىرقى تەييارلىق-نى قىلماقتا.

جارى قىلدۇرۇپ، قىسمىنىڭ غەلىبە قازىنىشى ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇردى. ئىسھاقبېك كۇرسانتلاردىن ئىنتىزامغا قەتئىي رىئايە قىلىپ، ھەربىي ماھارەتنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىدە قۇربان بېرىشتىن قورقمايدىغان پىداكارلىق روھىنى يېتىلدۇرۇشنى، ھەر خىل قورال ـ ياراغلارنى ئىشلىتىشنىڭ ئەپچىل چارىلىرىنى ياخشى ئىگىلەپ، جەڭ قىلغۇچى قىسمىنىڭ باتۇر، جەڭگە ماھىر مۇنەۋۋەر كوماندىرلىرىدىن بولۇشنى تەلەپ قىلدى. مۇراسىم مەيدانى جىددىي تۈس ئالغان بولۇپ، 300 دىن ئارتۇق ياش كۇرسانت جەسۇرانە روھ ئىچىدە، ئۆزلىرىنىڭ پولاتتەك ئىرادىسىنى گۈلدۈراس ئالقىشلىرى بىلەن ئىپادىلەپ تۇراتتى.

بۇ كۇرسانتلارنىڭ ئىچىدە جىڭ ئالدىنقى سېپىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئۈچىنچى تاغام ئابدۇقۇددۇسمۇ بار ئىدى. ئۇ بۇلتۇر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن كۈنلا ئۆزى ئوقۇۋاتقان ئىلى گىمنازىيەسىدىن چىقىپ قولىغا قورال ئېلىپ كۈرەشكە قاتناشقان. خۇسۇسەن ھەرەمباغ ئۇرۇشىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن، كېيىن 4 ـ ئايدا جىگدىكى داخىيەنزە جېڭىگە پىدائىي بولۇپ قاتنىشىپ ھاياتىدىن ئايرىلىشقا تاس قالغان. ئۇ قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەچكە، بىراقلا ئىككى دەرىجە ئۆستۈرۈلۈپ پارۇچىك بولغان. بۇ قېتىم ئۇ ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇشقا تاللىنىپ كەپتۇ. ئەپەندىم ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ لاياقەتلىك ئوفىتسېر بولۇپ چىقىشقا ئىلھاملاندۇردى. تاغامنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بولغاچقا، مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئوتتۇرا يۈنىلىشتىكى مۇشكۈل، خەتەرلىك جەڭلەردە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن. 1948 ـ يىلى مايورلۇققا ئۆستۈرۈلۈپ، يەنە شۇ ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا يۆتكەپ كېلىنگەن. ئازادلىقتىن كېيىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى تەپتىش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1959 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قومۇل جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى. 1962 ـ يىلى مومام (ئاپامنىڭ ئاپىسى) بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىپ، قىرغىزىستاننىڭ فىرونزى شەھىرى ئەتراپىغا ئورۇنلىشىپ دېھقانچىلىق قىلدى، 1999 ـ يىلى 73 يېشىدا ۋاپات بولدى.

گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ پۇل مۇئامىلە قالايمىقانچىلىقى پەيدا قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى 1945 - يىل 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى 72 - نومۇرلۇق قارارنى ئېلان قىلىپ، كونا پۇل ئۈستىگە ئۈچ ۋىلايەت پۇل مۇئامىلە تارمىقىنىڭ تامغىسى بېسىلغاندىلا ئىناۋەتلىك بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 2 -، 3 - كۈنلىرى جەنۇبىي يۆنىلىشتە جەڭ قىلغۇچى قىسىم ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باي ناھىيەسى تەۋەسىدىكى بوزدۆڭ قاتارلىق يەرلەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قىسىم ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ بايغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، تۆت سائەتلىك قاتتىق جەڭ ئارقىلىق، گومىنداڭنىڭ بايدىكى بىر قىسىم جانلىق كۈچلىرىنى يوقاتتى. لېكىن، ئاقسۇدىكى گومىنداڭ قوشۇنى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ غالجىرلارچە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. بىزنىڭ قىسىمىمىز كۈچى چەكلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياردەمچى قوشۇن بىلەن بولغان ئارىلىقى بەك يىراق، ئالاقە ئۈسكۈنىلىرى يوق بولغانلىقى سەۋەبلىك، مۇزارت داۋىنىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن قىسىمىمىز يېڭىباشتىن ئۆزىنى ئوڭشاپ، يەنە بىر ھۇجۇم بىلەن باينى تارتىۋالدى. 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئابدۇكېرىم ئاباسوف قوشۇن باشلاپ بېرىپ ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيەسىنى ئالدى ۋە ئاقسۇ كوناشەھەر يېڭى ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. مىللىي ئارمىيە 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ئاقسۇ شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى.

ئاقسۇنى ئېلىش جېڭى ئىنتايىن كەسكىن بولدى، بۇ جەڭ ئاخىر تىركەشمە جەڭگە ئايلىنىپ كەتتى. گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ئاقسۇدىكى ھەربىي كۈچى كۈچلۈك، مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى مۇستەھكەم بولغاچقا، دۈشمەن كۈچى بىلەن ئىنقىلابىي قوشۇن ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بەك چوڭ بولۇپ كېتىپ، مىللىي ئارمىيە قىسىمىمىز يەنە بىر قېتىم چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

مىللىي ئارمىيە جەنۇبىي يۆنىلىشتە ئاقسۇغا تېگىش قىلغان چاغدا، تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيەسى غۇلامخان ۋە شېرىنبەگنىڭ رەھبەرلىكىدە جەنۇب تەرەپتىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، گومىن-

داۋىنىڭ كۆپلىگەن بازىلىرىغا ھۇجۇم قىلدى، 1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ
15 ـ كۈنى تاشقورغان ناھىيەسىنى ئىشغال قىلىپ، 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ
كۈنى تاشقورغان يېڭى ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.
تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيەسى غەلىبىسىرى قوغلاپ زەربە بېرىپ
بىرقانچە قېتىم غەلىبىلىك جەڭ قىلدى. 9 ـ ئايغا كەلگەندە، ئىككى
يولغا بۆلۈنۈپ، قىرغىز پولكى قەشقەرگە، تاجىك پولكى يەكەنگە ھۇجۇم
قىلىپ، گومىنداڭنىڭ مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان قوشۇنىغا ئارقىسىدىن زەر-
بە بەردى. 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيەسى
قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسىنى ئالدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن
يېڭىسار، قاغىلىق، پوسكام قاتارلىق ناھىيەلەرگە ھۇجۇم قىلدى. نۇرغۇن
جەڭچى جەڭگاھتا ھاياتىدىن ئايرىلدى. تاجىك خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلا-
نى، تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيەسىنىڭ روتا كوماندىرى بايەك چېچەن
قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنىكەن. ئۇ بىر
ئىزغۇتنى باشلاپ يەكەنگە يوشۇرۇنچە كىرگەن چاغدا ئىشپىيوننىڭ سات-
قۇنلۇقى بىلەن بەختكە قارشى دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قېلىپ ۋەھشىي-





مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان بىر قىسىم ئوفىتسېرلىرى

لەرچە ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. قەشقەر تەرەپكە ھۇجۇمغا ئاتلانغان ئەترەت ئويتاغقا كەلگەندە دۈشمەننىڭ قورشاۋىدا قېلىپ، ئەنجانباي قاتارلىق توققۇز كىشى قۇربان بوپتۇ. ئادەم قېلىپىدىن چىققان دۈشمەن ئەنجانباينىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ قەشقەردىكى سېپىل دەرۋازىسىغا ئېسىپ ئۈچ كۈن سازايى قىپتۇ. لېكىن تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيەسى بۇنىڭلىق بىلەن قورقۇپ قالماي، قۇربان بولغان سەپداشلىرىنى دەپنە قىلىۋېتىپ داۋاملىق جەڭگە ئاتلىنىپتۇ.

گومىنداڭ دائىرىلىرى ئارقىسىدىن ئۇشتۇمتۇت كەلگەن بۇ زەربىدىن ئالاقزەدە بولۇپ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ كېتىپتۇ.

جەڭ راسا كەسكىنلىشىۋاتقاندا، ۋەھىمىدە قالغان گومىنداڭنىڭ ئاقسۇدىكى ھەربىي ۋە ساقچى دائىرىلىرى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنى جادۇغا بېسىپ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ قۇربان بولۇشتىن ئىلگىرى كامېرىنىڭ تېمىغا مۇنداق ئىككى مىسرا شېئىر يېزىپ قويغانىكەن:

بۇ كەڭ دۇنيا مەن ئۈچۈن بولدى دوزاخ،
ياش گۈلۈمنى خازان قىلدى قانخور ئەبلەخ.



لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1922 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېلەك رايونىدا تۇغۇلغان. كىچىك ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن غۇلجىغا كۆچۈپ كېلىپ، بالىلىق دەۋرىنى غۇلجىنىڭ نىلقا ناھىيەسى سۇپتاي يېزىسىدا ئۆتكۈزگەن. باشلانغۇچ مەكتەپنى سۇپتاي يېزىسىدىكى مەكتەپتە ئوقۇپ، 10 ياش ۋاقتىدا غۇلجا شەھىرىدىكى تاتار مەكتىپىنىڭ 3 ـ يىللىقىغا كىرىپ ئوقۇغان. 1939 ـ يىلى ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە قوبۇل قىلىنغان، ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە خىزمەت قىلغان، ئۇ گېزىتتە «ئەدەبىيات گۈلزارى» سەھىپىسىنى ئېچىپ، ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارشى ئىدىيەۋى كۈرەشنى قانات يايدۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ئەكسىيەتچى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى لۇتپۇللانى 1943 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۈرۈمچىدىن ئاقسۇغا

سۈرگۈن قىلىغان. ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن لوتپۇللا «ئاقسۇ گېزىتى» دە «جەنۇب شامىلى» سەھىپىسىنى ئېچىپ، دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنى دا ـ ۋاملاشتۇرغان ۋە ئۆز ئەتراپىغا ئىلغار كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، تەرغىبات ئېلىپ بېرىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلغان. لېكىن، ئىنقىلابىي تەشكىلاتقا كۆز بوياپ كىرىۋالغان خائىنلارنىڭ ساتقۇنلۇق قىلىشى بىلەن، لۇتپۇللا ۋە بىر تۈركۈم ئىنقىلابچى ياشلار قاماققا ئېلىنىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان. ۋەتەنپەرۋەر ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇ ـ تەللىپ شۇ چاغدا ئەمدىلا 23 ياشتا ئىدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىللە ۋەھشىيلەرچە قەتلى قىلىنغان 28 ئىنقىلابىي ياش ئىچىدە ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئىنىلىرى ئارتۇق ئاب ـ باس (21 ياش) بىلەن سېيىت ئابباس (19 ياش)مۇ بار ئىكەن. ئۇلار شۇ كۈنى ئۈچتۇرپاندا گومىنداڭ تەرىپىدىن قەبىھلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن. گو ـ مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچ ۋىلايەتتە جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقان مۇ ـ نەۋۋەر ياش ئابدۇكېرىم ئابباسوفتىن ئالالمىغان ئۆچىنى ئىككى ئىنى ـ سىدىن ئالماقچى بولغان!

9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئاقسۇدا تۈرۈشلۈق گومىنداڭ ئاتلىق 1 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ 3 ـ پولكى مىللىي ئارمىيە ئىگىلىگەن جايلارغا غال ـ جىرلارچە قايتۇرما ھۇجۇم باشلىدى، ئىككى تەرەپ يەنە بىر قېتىم قات ـ تىق ئېلىشتى، لېكىن مىللىي ئارمىيەنىڭ ئاساسىي كۈچى بەك يىراقتا، ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلەيدىغان ياردەمچى ئەسكەر يوق، يەنە كېلىپ قورال ـ ياراغ تازا ياخشى ئەمەس ئىدى. بۇ خىل ئەھۋالدا جەڭچىلەر جېنىنى تى ـ كىپ ئېلىشقان بولسىمۇ، بىراق كۈچ پەرقى بەك چوڭ بولغاچقا، مىللىي ئارمىيە قوشۇنى ئامالسىز ئەسلىي بازىسىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ جەڭدە نۇرغۇن جەڭچى ھاياتىدىن ئايرىلدى.

شىمالىي يۆنىلىشتە جەڭ قىلغۇچى قىسىم تىغ ئۇچىنى بىۋاسىتە چۆچەك ۋە ئالتايغا قاراتتى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كۈچى لېسكىن باشچى ـ لىقىدىكى مىللىي ئارمىيەنىڭ كەڭسايى ئاتلىق 3 ـ پولكى بىلەن دەلىلقان سۇگۇرباييېۋ باشچىلىقىدىكى پارتىزان ئەترىتىنىڭ جەنۇب ۋە شىمال تە ـ رەپتىن قوشۇلۇشىدىن تەركىب تاپقان. لېسكىن قىسمى كەڭسايدىن يولغا چىقىپ، بورتالانىڭ تاغ يوللىرىنى ئايلىنىپ قىزىلتۇزدىن چۆچەك، دۆر ـ

بىلجىنگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. دەلىلقان سۈگۈرباييېڧ بۇرۇلتوقاي، سار - سۇمبە، بۇرچىن ۋە جىمىنەيدىكى پارتىزانلارغا مىللىي ئارمىيەنىڭ ھە - رىكىتىگە ياخشى ماسلىشىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ بۇيرۇقتا مۇنداق دېيىلگەن:

جىمىنەي مىللىي ئازادلىق تەشكىلاتى ۋە جىمىنەي پارتىزان- لىرى ئىشتابىغا:

ئىلىدىكى ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بىرىنچى قەدەمدە شىمالنى ئازاد قىلىش يولۇشنى باشلىدى. سىلەر ئۆز پارتىزان قوشۇنۇڭلارنى رەتلەپ تولۇق قوراللاندۇرۇپ، ئۆز دائىرەڭلەردە نۆۋەتتىكى ئۇرۇش پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋا- قىتتا، مىللىي ئارمىيە كەڭساي 3 - ئاتلىق پولكىنىڭ دۆربىل- جىن، قوبۇقسار، بۇرچىننى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋات- قان ئۇرۇشىغا يېقىندىن ماسلىشىشىڭلارنى ئۇقتۇرۇپ ئۇشبۇ بۇيرۇق خېتى ئەۋەتىلدى.

بۇيرۇققا بىنائەن ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى دوكلات قى- لىڭلار.

ئالتاي پارتىزانلىرى قوماندانلىق باش ئىشتابى
1945 - يىل 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى



دەلىلقان سۈگۈرباييېڧ قازاق، 1906 - يىلى موڭغۇلىيەنىڭ قوبدۇ ئۆلكىسىدىكى ئۆلگىي رايونىدا تۇغۇلغان. ياش ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا تو - لۇپ تاشقان ۋەتەنپەۋەرلىك قىزغىنلىقى بىلەن دېموكراتىك ھەرىكەتلەرگە ئاتلانغان، كېيىن ئالتايدا «قازاق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1940 - يىلى 9 - ئايدا ئالتاي ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولغان. 1941 - يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ زىد- يانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىشكە مەجبۇر بولغان. 1943 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتىپ ئالتايدا ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى

پارتىلىغاندىن كېيىن، ئۇ پارتىزانلارنى باشلاپ باتۇرانە كۈرەش قىلغان. ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ كوماندىرى، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئىتى، سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلگەندىن كېيىن مىللىي ئارمىيەنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى بولغان.

چۆچەك مايلى تاغلىرىدىكى پارتىزانلار يەرلىك قوراللىق كۈچلەر بىلەن قوشۇلۇپ 300 نەچچە كىشىلىك ئەترەت تەشكىللەپ، شۇ رايوندىكى گومىنداڭنىڭ مۇھىم مۇداپىئە نۇقتىلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قازاندى. ئېردەنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى موڭغۇل مۇستەقىل دىۋىزىيونىنىڭ بىر روتىسى قىرىقئۇچاق، ئۇتۇبۇلاققا بېرىپ، شۇ جايلارنى ساقلاۋاتقان دۈشمەن ئارمىيەسىگە تۇيۇقسىز زەربە بەردى.

1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شىمالىي يۆنىلىشتىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى تولىنى قاتمۇقات مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. دۈشمەننىڭ ياردەمچى قوشۇنى تولىدا مۇھاسىرىدە قالغان مۇداپىئە قوشۇنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يولغا چىققاندا، كەڭساي ئاتلىق 3 ـ پولكى ئەپلىك يەردە بۆكتۈرمىدە تۇرۇپ، دۈشمەننىڭ 67 ماشىنىسىنى پارتلىتىپ، ياردەمگە كەلگەن دۈشمەنلەرنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقاتتى. بۇ قىسىم غەلىبىسېرى شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، جايىر تېغىدىكى تارتاش دېگەن تاغ ئېغىزىغا جايلاشقان دۈشمەن قوشۇنىنى قورشىۋالدى. تارتاشتا دۈشمەننىڭ بىر روتا ئەسكىرى بار ئىدى. ئارمىيەمىزنىڭ يوشۇرۇن خىزمەت ئىشلىشى بىلەن ئۇلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلاندى ۋە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى خالىمايدىغانلارنى پەم بىلەن قورالسىزلاندۇرۇپ ئالدىغا سېلىپ، ئارمىيەمىز تەرەپكە ئۆتتى. بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتكەن دۆربىلجىندىكى دۈشمەن ئارمىيەسى ساراسىمىگە چۈشتى. دۆربىلجىن ھاكىمى جياۋ نەيچېڭ ئىشنىڭ ئەپلەشمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، شۇ كۈنى قول كۆتۈرۈپ مىللىي ئارمىيەگە تەسلىم بولدى. كەينىدىنلا جاغدا باشچىلىقىدىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى چاغانتوقاينى ئىشغال قىلدى. چاغانتوقاي ھاكىمى نيۇ خۇەنجاڭ ساۋەنگە قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن چۆچەك شەھىرى مىللىي ئارمىيە ۋە ھەر تەرەپتىن ياردەمگە كەلگەن خەلقنىڭ

قاتمۇقات مۇھاسىرىسىدە قالدى. شۇ ۋاقىتتا چۆچەكتە گومىنداڭنىڭ بىر پولك ئەسكىرى ۋە بىر قىسىم ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىدىن باشقا ئەسكىرىي كۈچى يوق ئىدى. ئۇلارغا سىرتتىن كېلىدىغان ياردەممۇ پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەنىدى.

7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيە چۆچەك شەھىرىگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم باشلىدى. خەلق قوزغىلىپ تەرەپ ـ تەرەپتىن ياردەمگە كەلدى، گومىنداڭ ئارمىيەسىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان خەلق قوراللىق كۈچلىرى چۆچەك شەھىرىگە سەلدەك ئاقتى. ئۆلۈش ـ يارىلىنىشنى ئازايتىش ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيە دۈشمەننى قورال تاشلاشقا دەۋەت قىلدى. مىللىي ئارمىيە ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى ئەسىرگە چۈشكەن دۆربىلجىن ھاكىمى جىياۋ نەيچېڭنى تارباغاتاي ۋالىيسى پېڭ رۇڭنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن شەھەرگە كىرگۈزدى. بۇنداق شارائىتتا يەنە تىركىشىۋەرسە ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان پېڭ رۇڭ مىللىي ئارمىيەگە جەڭنى ۋاقىتلىق توختىتىپ تۇرساڭلار، دەپ يالۋۇردى.

تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان چۆچەك ۋالىيسى پېڭ رۇڭ چۆچەكتىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىدىن باقتۇ ئېغىزى ئارقىلىق سوۋېت تەرەپكە قېچىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىشنى ئۆتۈندى. سوۋېت كونسۇلخانىسى گومىنداڭ ھەربىي ـ مۇلكىي خادىملىرىنىڭ چېگرادىن قورالسىز ئۆتۈشىگە ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ چۆچەكتىكى 2000 غا يېقىن ھەربىي ـ مۇلكىي خادىمى سوۋېت زېمىنىدىكى ئاياكۆز دېگەن يەرگە قاچتى، قېچىش ئالدىدا ۋالىي پېڭ رۇڭ، ئامانلىق ساقلاش تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى لى جېنشېڭ قاتارلىقلار چۆچەك بانكىسىدىكى بارلىق ئالتۇنلارنى بۇلاپ بانكىنى قۇرۇقداپ قويدى. ئۇلار بىلەن بىللە مەجبۇرىي چەتكە قاچقان گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ئابلاخان ئاتلىق ئىسكادرونى بىلەن ئابدۇقادىر ئاتلىق ئىسكادرونىنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى باقتۇ چېگراسىغا بارغاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، چېگرادىن ئۆتمەي قايتىپ كېلىپ مىللىي ئارمىيەگە قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ گومىنداڭنىڭ 1000 دىن ئوشۇق ھەربىي ـ مۇلكىي خادىمى باقتۇ ئېغىزى ئارقىلىق قازاقىستاننىڭ ئاياكۆز دېگەن يېرىگە قېچىپ بېرىۋالدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى يەنئەندە مىللىي ئارمىيەنىڭ چۆ-
چەكنى ئىشغال قىلغانلىق غەلىبە خەۋىرىدىن تېزلا ۋاقىپلاندى. 1945 ـ
يىل 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى يەنئەندە چىقىدىغان جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى ـــ «ئازادلىق گې-
زىتى» دە «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ گومىنداڭنىڭ زوراۋان
هۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشى» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلىنىپ،
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى مەدھىيىلەندى. تولۇق تېكىستى
تۆۋەندىكىچە:

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ گومىنداڭ دائىرىلى-
رىنىڭ زوراۋان هۆكۈمرانلىقىغا قارشىلىق كۆرسىتىش ۋەقەسى
بۇلتۇر *3* ـ ئايدىن باشلاپ هازىرغىچە توختىمىدى. گومىنداڭ
دائىرىلىرى باستۇرۇش ئۈچۈن نەچچە ئون مىڭ ئادەمنى يار-
دەمگە ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىل-
لەت قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلىرىنىڭ قوشۇنى كۈندىن ـ كۈنگە
ئۇلغايدى، بۇلتۇر *11* ـ ئايدا قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر شى-
جاڭنىڭ شىمالىغا جايلاشقان مۇھىم شەھەر غۇلجىنى ئىشغال
قىلدى، كېيىن يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن ئىلى ۋىلايىتى بىلەن تار-
باغاتاي ۋىلايىتىنى تىزگىنلىدى، هازىر قارشىلىق كۆرسەتكۈچى-
لەرنىڭ كۈچى ئۈرۈمچىگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە.

7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تارباغاتاي تولۇق ئازاد قىلىندى. بۇ «شۇم
خەۋەر»نى ئاڭلاپ ئالاقزەدە بولۇپ كەتكەن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى
ۋۇ جۇڭشىن بىلەن 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ 31 ـ
كۈنى ئۈرۈمچىدىن جياڭ جيېشىغا داد ـ پەرياد ئېيتىپ تېلېگىرامما بەردى:

دۆربىلجىن قولدىن كەتتى، بۇ هال پۈتكۈل شىمالىي
شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، بىز تاقابىل تۇرالمايدىغان

بولۇپ قالدۇق. شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشقا ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدار ئەۋەتىلسە.

8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى جياڭ جيېشى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ۋۇ جۇڭشىنغا مۇنداق قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈردى:

ھەرقايسى جايلاردىكى ھەربىي ـ مۇلكىي ئەمەلدارلارنىڭ زېمىننى ساقلاش مەسئۇلىيىتى بار، مۇبادا ئەمەلدارلاردىن بۇرچىنى ئادا قىلماي ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ چېكىنگەنلەر بولسا، بىردەك شۇ جايدىلا ئېتىپ تاشلانسۇن.

تارباغاتاي ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرە تارباغاتاي ۋىلايىتى رەھبەرلىك ئورگانلىرىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن خادىملىرىنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن ھەربىي بۆلۈم باشلىقى ئەخمەت ئەپەندىمنى ئېلىپ چۆچەككە بارماقچى بوپتۇ ۋە تىترەپ تۇرغان ئاۋازى بىلەن ئەپەندىمنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ:

— بارىڭلار، ئەخمەتجاننى ئالە كەلىڭلەر، مېنىڭ بىلەن يۇرسۇن!

ئېلىخان تۆرە قولغا كەلگەن غەلىبىلەر خۇدانىڭ ئىلتىپاتىدىن دەپ قارايدىكەن. ئەخمەتجان بولسا بۇ غەلىبىلەرنىڭ جەڭچىلىرىمىزنىڭ ھاياتى ۋە تۆككەن ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە قولغا كەلگەنلىكىنى يولبويى ئەسكەرتىدىكەن.

8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت چۆچەكتە سەييارە يىغىن ئاچتى. يىغىنغا ئەخمەت ئەپەندىم رىياسەتچىلىك قىلدى. ئېلىخان تۆرە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلدى. بۇ بۇيرۇق ئورگان گېزىتلىرىمىزدە تۆۋەندىكىدەك ئېلان قىلىندى:

(1) تارباغاتاي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئايرىلماس ۋىلايىتى.
(2) تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئىدارىلەرگە تۆۋەندىكى رەھ-

بەرلەر بەلگىلەنسۇن:

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىق ۋەزىپىسىگە باشباي؛

ۋالىي ئورۇنباسارلىق ۋەزىپىسىگە مەنسۇر روزىيېف (ئەسلىي ئىسمى مەشۇر روزىيېف)؛

ۋالىي ئورۇنباسارلىق ۋەزىپىسىگە قاسىمئاخۇن ئىسمائىلوف؛

ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇل كاتىپلىق ۋەزىپىسىگە ئابلىمىت ھاجىيېف؛

ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ كادىرلار بۆلۈم باشلىقى ۋەزىپىسىگە مەخمۇتجان ئىلھامجانوف؛

ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تەشۋىقات ۋە تەرغىبات بۆلۈم باشلىقى ۋەزىپىسىگە دۈبېك؛

ۋىلايەتلىك مالىيە خەلق خوجىلىق ئىدارە باشلىقى ھەم ۋالىي ئورۇنباسارلىق ۋەزىپىسىگە ئىگەمبەردى خەلپەت؛

ۋىلايەتلىك مالىيە ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋەزىپىسىگە بوتۇېن؛

ۋىلايەتلىك يەر، سۇ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋەزىپىسىگە ئابىت ھاجى؛

ۋىلايەتلىك خەلق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋەزىپىسىگە پازىل ئىسلام؛

ۋىلايەتلىك خەلق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋەزىپىسىگە ئىسمائىل داموللا؛

ۋىلايەتلىك خەلق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مەكتەپلەر بويىچە مۇئاۋىن باشلىقى ۋەزىپىسىگە مەسئۇت خالىدى؛

ۋىلايەتلىك خەلق سالامەتلىكىنى ساقلاش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋەزىپىسىگە مەخمۇتجان يۈسۈپوف؛

ئىچكى ئىشلار نازارىتى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋەزىپىسىگە ئابدۇرەشىت تۇردىيېف؛

ۋىلايەتلىك سوت رەئىسلىكىگە مۇقۇمئاخۇن؛

ۋىلايەتلىك گېزىت ئىدارىسىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىگە ئابدۇقادىر زۇنۇنى.

(3) بەلگىلەنگەن ھەربىر باشلىقلارغا ئىدارىلەرنىڭ ئىشتات

ۋە ئىسمىتلىرى تۈزۈپ بېرىلىپ، ئىدارىلەرنى تېگىشلىك خىز-
مەتچىلەر بىلەن تولدۇرۇپ ئېلىشلىرىغا تاپشۇرۇلسۇن.

ھۆكۈمەت رەئىسى: ئېلىخان تۆرە

مەسئۇل كاتىپ: ئەخمەتجان قاسىمى

*1945* - يىل *6* - ئاۋغۇست

بۇيرۇق «ھۇررا» سادالىرى ئىچىدە جاكارلىنىپ ئاخىرلاشتى.

تارباغاتاينىڭ ئازاد قىلىنىشى مىللىي ئارمىيەنىڭ غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ شىمالدىن ئالتايغا، جەنۇبتىن شىخوغا ھۇجۇم قىلىشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ، گومىنداڭ دائىرىلىرىنى يەنە بىر قېتىم پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. باشقا يەرلەردىمۇ قورallىق قوزغىلاڭ ئارقا - ئارقىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئىنقىلاب ئوتى ھەممە جايغا تۇتاشتى. شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرىنى توسۇپ قالغىلى بولمايتتى. مىللىي ئارمىيە ئەۋەتكەن ئەترەتلەر توقسۇننىڭ غەربىدىكى ئىۋىرغول تاغلىق رايونىدا پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى توقسۇن ناھىيەسىگە قىستاپ كەلدى.

گومىنداڭ ئۆزىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى باستۇرۇش جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، بۇنى «باندىت تازىلاش» دەپ ئاتاپ، ھەر كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال ۋە چۈشتىن كېيىن «باندىت تازىلاش» ئەھۋالىنى گومىنداڭ مەركىزىگە يەتكۈزۈپ تۇراتتى.

ئەينى چاغدا شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ يۇقىرىغا يوللىغان تېلېگراممىسىنىڭ بىر قىسمىنى كۆرۈپ باقايلى:

## شىنجاڭدىكى باندىتلارنى تازىلاش خەۋەرلىرى
## (8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە)

### ئا. باندىتلارنىڭ ئەھۋالى

1) تارباغاتاي رايونى:

(*1*) كونا شىخو (شىخونىڭ *67* كىلومېتىر غەربىي شىمالى)

دا 500 دىن ئارتۇق باندىت 26 ـ چېسلا بىزگە ئايلىنىپ يۈرۈپ
هۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، كونا شىخو قولدىن كەتتى (8ـ ئاي-
نىڭ 29ـ كۈنى قوماندان جۇ شاۋلياڭ يوللىغان تېلېگرامما).

(2) چېپەيزە (شىخونىڭ تەخمىنەن 50 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدا) گە هۇجۇم قىلغان باندىتلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 1000دىن ئېشىپ، 29 ـ چېسلا يەنىلا ئارمىيەمىز بىلەن تىركىشىپ تۇرۇۋاتىدۇ ۋە يەنە بىر قىسمى بىزنىڭ ئىككى تەرىپىمىزگە يۆت-كىلىپ چېپەيزە بىلەن شىخو ئارىلىقىدىكى قاتناشنى ئۈزۈۋەت-مەكچى بولۇۋاتىدۇ (قوماندان جۇ شاۋلياڭ 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يوللىغان تېلېگراممىسى).

2) ئۈرۈمچى رايونى:

(3) ماناسنىڭ غەربىدىكى تاغدا باندىتلار كۆپىيىپ 1000 دىن ئاشتى. هەممە ئۇلارنىڭ يېرىمى بىر تېلېگراممىنى ئاپپاراتنى ئېلىپ نىڭجا دەرياسى ئەتراپىغا توپلاشتى (8ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈ-نى قوماندان جۇ شاۋلياڭ يوللىغان تېلېگراممىسى).

(4) تۇداۋخېزى (ساۋەننىڭ 60 كىلومېتىر جەنۇبىدا) دىكى باندىتلارنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس. ئۇلار 8ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شىخەنزە تەرەپكە قاچتى، ئۇلار بۇ رايوندىكى قازاق چارۋىـ چىلارغا تەھدىت سالماقتا، ئارمىيەمىز ئۇلارنى قورشاپ يوقـ-تىشقا ئەسكەر ئەۋەتتى (قوماندان جۇ شاۋلياڭنىڭ 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى يوللىغان تېلېگراممىسى).

(5) داگۇەي (ساۋەننىڭ 110 كىلومېتىر شىمالىدا) نىڭ يېقىن ئەتراپىدا رەتلىك تىزىلغان، بەلگىسى ئېنىق بولمىغان قىسىم باي-قالدى، رازۋېدكا قىلىش ئۈچۈن ئايروپىلان ئەۋەتتۇق، شۇ كۈنى (داگۇەينىڭ جەنۇبىي قىسمى) باندىتلار چېپەيزىنىڭ شەرقىگە قېچىپ كەتتى (قوماندان جۇ شاۋلياڭنىڭ 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى يوللى-غان تېلېگراممىسى).

(6) مايتاغ نېفىتلىكى ۋە كېنى ئەتراپىدا 29 ـ چېسلا نەچچە ئون باندىت بايقالدى، ئۇلارنى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق مۇستەقىل پولك 1 ـ روتىمىز چېكىندۈردى (قوماندان جۇ

شاۋلياڭنىڭ 8 ـ ئاينىڭ 30ـ كۈنى يوللىغان تېلېگراممىسى).

## ب. جەڭ ئەھۋالى

1) ئۈرۈمچى رايونى:

(1) فۇكاڭنىڭ 80 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا 28 ـ چېسلا ئەتراپىدا 50 تىن ئارتۇق باندىت بايقالدى، ئارمىيەمىزدىن بىر باتالىيون ئۇلارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قاچتى (قوماندان جۇ شاۋلياڭنىڭ 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى يوللىغان تېلېگراممىسى).

2) قەشقەر رايونى:

(2) 22 ـ چېسلا بۇلۇڭكۆلگە كىرگەن پىلىموت ۋە مىنامىيوتلۇق 100 دىن ئارتۇق ئاتلىق باندىت توققۇز كۈندە كۆپىيىپ 200 گە يەتتى، بۇلۇڭكۆلدە تۇرۇشلۇق ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىمىز يەكەنگە چېكىندى (قوماندان جۇ شاۋلياڭنىڭ 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى يوللىغان تېلېگراممىسى).

(3) تاشقورغاننىڭ سۇ بېشى دېگەن يېرى قولدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى قالدۇق پولك (يەكەن ئامانلىق ساقلاش ئاتلىق ئەسكەرلەر ئوتتۇرا ئەترىتى) تويبۇلۇڭغا چېكىندى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋال ئېنىق ئەمەس. يەنە قىسمىلىرىمىز تېرەكداۋاندا باندىتلار بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇۋاتىدۇ (8ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى قوماندان جۇ شاۋلياڭنىڭ يوللىغان تېلېگراممىسى).

(تاشقورغان ناھىيە بازىرىنىڭ قولدىن كەتكەن كۈنى مەلۇم قىلىنمىدى.)

يۇقىرىدىكىلەر دۈشمەن ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن جەڭ خەۋەرلىرى.

مىللىي ئارمىيە غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئۆز ئىچىدە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ سادىر بولۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۈچ

يۈنىلىش بويىچە كەسكىن جەڭ بولۇۋاتقاندا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەربىي سوت تەسىس قىلدى. ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى قاتتىق جازالاش ئۈچۈن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى 91 - نومۇرلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى، بۇنىڭ 9 - ماددىسىدا ھەربىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلدى.



گومىنداڭ ئارمىيەسى يۇقىرىغا يوللىغان شىنجاڭ باندىت تازىلاش خەۋىرى.

نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشقان مۇختار ئىسىملىك بىر جەڭچى كۆكرىكىگە مېدال تاقاپ، كوچىدا «مەن دېگەن قەھرىمان» دەپ كېرىلىپ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇ شىخودا بىر نامرات خەنزۇ ئائىلىسىگە باستۇرۇپ كىرىپ مال - مۈلكىنى بۇلاپ، بىر قىزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بۇ ئىشتا ھەربىي سوت قانۇننى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، پۈتۈن پولكتىكى جەڭچى - ئوفىتسېرلار ئالدىدا ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ دەرھال ئىجرا قىلدى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن، 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى 85 - نومۇرلۇق قارار چىقىرىپ، ئۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن «غالىبىيەت زايومى» تارقىتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 87 - نومۇرلۇق قارار چىقىرىپ، ئورگاندىن 11 كادىرنى تاللاپ ھەرقايسى ناھىيەلەرگە «سىياسىي رەھبەر» قىلىپ ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. سىياسىي رەھبەر ئەۋەتىشتىكى مەقسەت يەرلىك ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئىدى. ئەۋەتىلگەن سىياسىي رەھبەر شۇ ناھىيەنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقىنى يۈرگۈزەتتى. بۇ ئالاھىدە مەزگىلدە قوللىنىل-

غان ئالاھىدە تەدبىر ئىدى.

بۇ قارارغا ئاساسەن ئەپەندىم تېكەس ناھىيەسىگە سىياسىي رەھبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 10 كىشى 10 ناھىيەگە سىياسىي رەھبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە رەھىمجان سابىر ھاجى قورغاس ناھىيەسىگە، ھاكىمبەگ غوجا غۇلجا ناھىيەسىگە سىياسىي رەھبەر بولدى.

شىمالىي يۆنىلىش ئۇرۇش رايونىنىڭ ئالتاي يۆنىلىشىگە كەلسەك، يولداش دەلىلقان سۇگۇربايېۋ مىللىي ئارمىيەنىڭ بىر قىسمى، خوجائەخمەت باشچىلىقىدىكى قىسىم بىلەن جېمىنەي پارتىزانلىرى، چۆچەكتە يېڭىدىن قۇرۇلغان پىيادىلەر 4 ـ پولكى قاتارلىق قىسىملارنى باشلاپ، 1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قابا ناھىيەسىنى، 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى بۇرچىن ناھىيەسىنى ئازاد قىلدى، 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئالتاي شەھىرىگە قاراپ ئاخىرقى ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۈچ كۈنلۈك مۇھاسىرە ئۇرۇشىدا ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە قالغان ئالتاي ۋالىيسى گاۋ بەييۇ بىلەن ئالتايدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى گېنېرال مايور ۋەن لىڭيۈن تاشقى موڭغۇلغا قاچماقچى بولغاندا ئارمىيەمىزنىڭ قاتمۇقات قورشاۋىدا قېلىپ، نائىلاج مىللىي ئارمىيەگە تەسلىم بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى پۈتكۈل ئالتاي ۋىلايىتى ئازاد بولدى.

مىللىي ئارمىيە شىمالىي يۆنىلىش جەڭ مەيدانىدا قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتقان چاغدا، سابىق ئالتاي ۋالىيسى ئوسمان ئىسلام كېسەل بولۇپ قالدىم دېگەننى باھانە قىلىپ چىڭگىل تاغلىرىغا چىقىۋالدى ۋە ئىككى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ئىش تۇتماقچى بولۇۋاتاتتى. ئۇ گومىنداڭنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاشكارا ئاتمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئوچۇق پوزىتسىيە بىلدۈرمەي تۇرۇۋالدى. ئوسمان مانا مۇشۇنداق تەۋرىنىپ قالغان ۋاقىتتا، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋەكىل ئەۋەتىپ سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەپ، ئۇنى تېزرەك خەلق قويىنىغا قايتىپ كېلىشكە، ئالتايغا قايتىپ كېلىپ، مىللىي ئارمىيە بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئوسمان ئىسلامنى يەنىلا ئالتاينىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى.

گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ «باندىت تازىلاش» ئۇرۇش خە-

ۋەرلىرى ھەر كۈنى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە يوللىنىپ تۇراتتى، لېكىن بۇ تېلېگراممىلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن مەلۇم قىلىنىدىغىنى پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەتنىڭ ئاچچىق ئىگراشلىرى ئىدى.

تۆۋەندە شىنجاڭ گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ جۇڭچىڭدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە يوللىغان بىر پارچە تېلېگراممىسى:

## شىنجاڭدىكى باندىتلارنى تازىلاش جەڭ خەۋەرلىرى (8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە)

### ئا. باندىتلارنىڭ ئەھۋالى

1. ئالتاي رايونى

(1) ئايروپىلان بىلەن رازۋېدكا قىلىش ئەھۋالىغا قارىغاندا، 25 ـ كۈنى قوبۇق بازىرىنىڭ ئىچى ـ تېشىدا 60 نەچچە كىگىز ئۆي بايقالغان، قوبۇقساردا 20 كىگىز ئۆي، ئىككى يۈك ئاپتوموبىلى بايقالغان، لېكىن ھېچقايسىدا ئارمىيەمىزنىڭ بەلگىسى يوق (28/8 قوماندان جۇ شاۋلياڭنىڭ تېلېگراممىسى).

2. تارباغاتاي رايونى

(2) شىخو ـ چۆچەك يولىدىكى كونا شىخونىڭ شىمالىدا، 20 ـ كۈنى سانى ئېنىق بولمىغان باندىتلار ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ساۋەننىڭ شىمالىدىكى داگۇەي، شياۋگۇەيگە پاراكەندىچىلىك سالغاندەك قىلىدۇ (23/8 قوماندان جۇ شاۋلياڭنىڭ تېلېگراممىسى).

3. تۇرپان رايونى

(3) كۈمۈش (خوشۇتنىڭ 75 كىلومېتىر شەرقىدە) نىڭ شىمالىدىكى 100 چاقىرىمچە يەرنى تاكى كىرەتسۇغىچە باندىتلار (سانى ئېنىق ئەمەس) ئىگىلەپ يېتىپتۇ (25/8 قوماندان جۇ شاۋلياڭنىڭ تېلېگراممىسى).

4. ئۈرۈمچى رايونى

(4) بۆرتۇڭگەنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى شياۋجىنگۇ دەرياسىنىڭ ئېغىزىدىكى باندىتلار (200دىن ئوشۇق) 20 ـ كۈنى

كەچتە چېكىنىپ كېتىپتۇ (نەگە كەتكەنلىكى نامەلۇم) (23/8 قوماندان جۇ شاۋلياڭنىڭ تېلېگراممىسى).

(5) يۈگجىخۇدىكى باندىتلار 28 ـ كۈندىن بۇيان بىزنىڭ شاشەندىكى بازىلىرىمىزنى 100 دىن ئوشۇق زەمبىرەك بىلەن توپقا تۇتۇپ تۇرىدۇ. تەكشۈرۈپ قارىساق، بۇ يەردە 3000 باندىت بار ئىكەن. مۇھىم نۇقتىسى بىزنىڭ تاشيولىمىزنىڭ ئەتراپىدا ئىكەن.

## ب. جەڭ ئەھۋالى

1. ئۈرۈمچى رايونى

(1) فۇكاڭ، شىخۇا، دۇگخۇاغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە، 60 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان شەرقىي جەنۇبتىكى سىخېزىغا موگغۇل، قازاقلاردىن 200 نەچچە باندىتنىڭ توپلاشقانلىقى بايقالدى (25/8 قوماندان جۇ شاۋلياڭنىڭ تېلېگراممىسى).

(2) ئۈرۈمچىنىڭ سىرتىدىكى چيەندېچاڭدا ئاز سانلىق باندىتلار پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنى بۇ يەردىكى ئارمىيەمىز يوقاتتى (26/8 قوماندان جۇشاۋلياڭنىڭ تېلېگراممىسى).

2. كۇچا ـ ئاۋات رايونى

(3) كۇچا رايونىدىكى ئاۋاتنى پاراكەندە قىلىپ يۈرگەن باندىتلار ئارمىيەمىز (V2KD/115Q) تەرىپىدىن دەككىسىنى يەپ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى، بۇ باندىتلارنىڭ ئاساسلىق كۈچى يەنىلا بوزدۇڭ (قىزىل ياردالغىنىڭ 30 چاقىرىم غەربىدە) ئەتراپىغا ئورۇنلىشىۋالدى، قىزىل ياردالغىقا يەنە بىر قېتىم پاراكەندىچىلىك سېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ (26/8 قوماندان جۇشاۋلياڭنىڭ تېلېگراممىسى).

(4) باي قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن قالدۇق باندىتلاردىن 500 دىن ئوشۇق ئادەم ئاقسۇ كوناشەھەرنىڭ شىمالىغا بېرىۋېلىپ، مۇزداۋاندا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان قوشۇنىمىزنىڭ بىر روتىسىنى قورشىۋالغاندى. ئاتلىق 5 ـ پولكىمىزنىڭ بىر روتىسى جامدىن ياردەمگە كېلىپ، باندىتلاردىن 200 دىن ئوشۇق ئادەم

بىلەن ئاۋاتتا كەسكىن جەڭ قىلغاندىن كېيىن باندىتلار ئاقسۇ كوناشەھەرگە بېرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشقا ئۇرۇندى. تەكشۈرۈپ قارىساق، بۇ باندىتلارنىڭ ھەربىي بەلگىسى تېكەس 2 ـ پولكى ئىكەن (پولك كوماندىرى قۇربانجان قاھار).

(5) 22 ـ كۈنى كەچتە 70 تىن ئارتۇق ئاتلىق باندىت چوقۇتوي داۋىنىدىن ئۆتۈپ، بىزنىڭ بۆلۈككۆلدىكى ئامانلىقنى ساقلىغۇچى ساقچىلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپتۇ (8/27 قوماندان جۇشاۋلياڭنىڭ تېلېگراممىسى)، نومۇر تەرتىپى (8/25 قوماندان جۇشاۋلياڭنىڭ تېلېگراممىسى).

| | يەتكۈزۈلىدىغان ئورگان | نۇسخا | زاپاس |
|---|---|---|---|
| 1 | مۇۋەققەت ئىشتاب باشلىقى چېڭ | — | |
| 2 | بۇجاڭ شۇ | — | |
| 3 | مۇئاۋىن باشلىق ليۇ | — | |
| 4 | ئالىي مەسلىھەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جاڭ | — | |
| 5 | نازىر جاڭ | — | |
| 6 | مەركىزىي نازارەت 1 ـ باشقارما باشلىقى لى | — | |
| 7 | 3 ـ نازارەت 3 ـ باشقارما باشلىقى دۇ | — | |
| 8 | 2 ـ نازارەت 5 ـ باشقارما باشلىقى لى | — | |
| 9 | مەركىزىي باشقارما باشلىقى ئىشخانىسى | — | |
| 10 | 5 ـ بۆلۈم باشلىقى ۋاڭ | — | |

ئوتتۇرا يۆنىلىشنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى جىڭ ۋە شىخو قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك جايلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇرۇمچىنى ئېلىشتىكى تولسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش. ھەر تەرەپلىمە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق قوماندانلىق ئىشتابى ئالدى بىلەن شىخو بىلەن جىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، گومىنداڭ ئارمىيەسىنى بۆلەك ـ بۆلەكلەر بويىچە يوقىتىشنى قارار قىلدى. جىڭ بىلەن شىخو

غۇلجا، چۆچەك ۋە ئالتايدىن ئۈرۈمچىگە بېرىشتا بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان مۇھىم يول بولۇپلا قالماستىن، يەنە شىمالدىكى ئۈچ ۋىلايەتنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم جاينىڭ ئىشغال قىلىنىشى گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلىرىنىڭ يۈرىكىگە خەنجەر ئۇرغان بىلەن باراۋەر ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئىككى تەرەپ ئەڭ مۇنتىزىم، ئەڭ خىل قوشۇنىنى جەڭگە سالدى. گومىنداڭ قىسىملىرى جىڭغا تۆت پولك، 7000 دىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچنى ئورۇنلاشتۇردى. جىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان گومىنداڭ قىسمى مۇداپىئەنى كۈچەيتىش ئۈچۈن پۇقرالارنىڭ ئۆي - جايلىرىنى چېقىپ، دەل - دەرەخلەرنى كېسىپ، كۆزىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى؛ ھەممە يەرگە پوتەي ياساپ، چوڭقۇر خەندەكلەرنى كولىدى؛ تۈز يەرلەرنى ئاغدۇرۇپ سۇ قويۇپ بەردى، قاتمۇقات مۇداپىئە لىنىيەسى بەرپا قىلىپ، «پولات قورغان» دەپ ئاتىۋېلىشقان ئالدىنقى سەپ ئىستىھكاملىرىنى ياساپ، جىڭنى ئاخىرغىچە ساقلىماقچى بولدى. مىللىي ئارمىيەنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇش ئۈچۈن، شىخوغا يېڭى 2 - كورپۇس ئىشتابى، زاپاس 7 - دىۋىزىيەسىنىڭ بىر پولكى، بىرونېۋىك شۆبە ئەترىتى، توپچى شۆبە ئەترىتى، ئېغىر پىلىموت شۆبە ئەترىتى ۋە ئاپتوموبىل پولكى قاتارلىقلاردىن ئەسكەر يۆتكەپ، 5000 كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچنى ئورۇنلاشتۇردى.



ھەرقايسى جايلاردىكى پارتىزان ئەترەتلىرى مىللىي ئارمىيە مۇنتىزىم قىسىملىرىغا ماسلىشىپ، دۈشمەن ئارقا سېپىدە پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، شىخونى ساقلاپ ياتقان دۈشمەن قوشۇنىغا ماناس بىلەن ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان ياردەمنى قاتتىق توسۇپ تۇردى. 6 - ئاينىڭ باشلىرى، جىڭ ئەتراپىدىكى مىللىي ئارمىيە شىبە ئاتلىق ئىسكادرونى، تۇڭگان ئاتلىق دىۋىزىيونى ۋە غۇلجا ئاتقۇچى 2 - پولكىنىڭ بىر ئاتلىق ئىسكادرونى ھۇجۇم تەييارلىقى قىلىۋاتقان چاغدا، ئارمىيەمىزگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان بىر ئىشپىيون ئۇرۇشقا قاتناشقۇچى قىسىملىرىمىزنىڭ ئەسكىرىي سانى، قورال - ياراغ، مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى ھەمدە ئۇرۇش پىلانىغا ئوخشاش مۇھىم ئاخباراتلارنى ئېلىپ دۈشمەن تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ. بۇ ئاخباراتقا ئېرىشكەن دۈشمەن ئارمىيەسى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، رازۋېدكا ئايروپىلانى ئەۋەتىپ ئەھۋال



مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى قىسىملىرى ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قازاندى.
سۈرەتتە: مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرماقتا.

ئىگىلەپتۇ. 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يۇقىرىدا نامى ئاتالغان ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسىمىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىپتۇ. لېكىن، بۇ كەسكىن جەڭدە جەڭچىلىرىمىز ئۆلۈمدىن قورقماي ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپتۇ. تۆڭگان ئاتلىق دىۋىزىيونى كوماندىر مەنسۇر لومىيوفنىڭ باشلامچىلىقىدا دۈشمەن بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپتۇ.



مەنسۇر لومىيوف تۆڭگان، 1912 ـ يىلى تۇغۇلغان، كىچىكىدە غۇلجىدا ئوقۇغان، مىللىي ئىنقىلاب پارتلىغاندىن كېيىن ئىنقىلابقا ئاكتىپ قاتنىشىپ تۆڭگان ئاتلىق دىۋىزىيونىغا، كېيىنچە كېڭىيىپ «تۆڭگان ئاتلىق پولكى» دەپ نام ئالغان قىسىمغا كوماندىر بولغان. مەنسۇر ئەپەندىنىڭ فامىلىسى «مى» بولۇپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوفىتسېرى بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدا ھۆرمەت يۈزىسىدىن «لاۋمى» دەپ ئاتالغان. كېيىن كىشىلەر ئىلى زىيالىيلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە كەينىگە «يوف»نى قوشۇپ «لومىيوف» دەپ ئاتىغان. ئۇ قىسىمنى باشلاپ نۇرغۇن غەلىبىلىك جەڭلەرنى قىلغان؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھىمايە قىلىپ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان؛ ئازادلىقتىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ مالىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ھۆكۈمەت تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ خادىمى بو-

لۇپ ئىشلىگەن؛ بىر مەزگىل «سول»چىل سىياسەت تۇپەيلىدىن خاتا ئەـ
يىبلىنىپ ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان؛ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت
3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئاقلانغان، 2001 ـ يىلى كېسەل سەۋەـ
بىدىن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

شىبە مۇستەقىل ئاتلىق ئىسكادرونىدىكى جەڭچىلەر كوماندىر نارـ
بايانتۇنىڭ قوماندانلىقىدا جان تىكىپ ئېلىشىپ، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان
ئىنقىلابىي روھىنى نامايان قىلدى. جىڭ ئۇرۇشىدا نۇرغۇن شىبە جەڭـ
چىلەر قۇربان بولدى. دۈشمەن بىلەن كەسكىن ئېلىشىۋاتقان پەيتتە،
مىللىي ئارمىيە زاپاس 4 ـ پولكىنىڭ 1 ـ باتالىيونى ياردەمگە كېلىپ
دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپتۇ. ياردەمچى كۈچلەرنىڭ يېتىپ كەلـ
گەنلىكىنى كۆرگەن خۇيزۇ، شىبە ئەسكەرلەر ئاكوپلاردىن سەكرەپ چىدـ
قىپ تەرەپ ـ تەرەپتىن دۈشمەنگە ئېتىلىپتۇ. ئۇلار: «بۇرادەرلەر، جەڭـ
چىلەر ھەرەمباغنى ئاپتۇ، بىز جىڭنى ئالالامدۇق؟ قېنى، كارامىتىمىزـ
نى كۆرسىتەيلى!» دېيىشىپ، بىر ـ بىرىنى ئىلھاملاندۇرۇپتۇ. شۇ ۋاـ
قىتتىكى شىبە مۇستەقىل ئاتلىق ئىسكادرونىنىڭ باتۇرلۇقىنى ھەربىي
ئىشلار بۆلۈمى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنى خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ
ئەنگە ئالغاندى. شىبە مۇستەقىل ئاتلىق ئىسكادرونى جەڭدىن كېيىن
قۇربان بولغان جەڭچىلەرنى ئەسلەپ «جىڭ سوقۇشى» دېگەن جەڭ ناخـ
شىسىنى ئىجاد قىلدى. بۇ ناخشا قىسىم ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ، جەڭچىدـ
لەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇشى نەنـ
جىڭ ھۆكۈمىتىنى چۆچۈتۈۋەتتى.

1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 2
دە، گومىنداڭ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ھەربىي بۇيرۇق بۆـ
لۈمى نەنجىڭدە مەجلىس ئېچىپ، شىنجاڭدىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى تەھـ
لىل قىلدى ھەمدە زور تۈركۈمدە ئەسكەر كۆپەيتىش پىلانىنى يېڭىباشـ
تىن تۈزۈپ، ئۈچ ۋىلايەتكە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى.

شۇ كۈنى گومىنداڭ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىدىكى 20 —
30 چە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار، مەسلىھەتچى قاتارلىقلار نەنجىڭدىكى
ھەربىي بۇيرۇق بۆلۈمىنىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيە يىغىن زالىدا «شىنـ
جاڭدىكى باندىتلارنى تازىلاش» مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئۇلار قۇـ
رۇقلۇق ئارمىيە زاپاس 7 ـ دىۋىزىيەسى قاتارلىق گومىنداڭ دائىرىلىدـ



گومىنداڭ ئارمىيەسى ئىشلەتكەن ھەربىي خەرىتىلەردىن بىرى



ھەربىي توقۇنۇش ۋاقتىدا گومىنداڭ ئارمىيەسى ئىشلەتكەن ھەربىي خەرىتە



-رىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ ئۇرۇشتا يېڭىلگەندىن كېيىن مەركەزگە سۇنغان تەكشۈرۈشنامىلىرى ۋە ئۇرۇش مەلۇماتلىرىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كەتكەنلىكتىن، بۇ يىغىننى شىنجاڭنىڭ جەڭ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مەخسۇس چاقىرغانىكەن. تامغا ئېسىلغان شىنجاڭ خەرىتىسىدە ئىككى تەرەپنىڭ جەڭ ۋەزىيىتى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، يىغىندا جياڭ جيېشىغا سۇنۇلىدىغان جەڭ پىلانى مۇزاكىرە قىلىن-

ماقچى ئىكەن. يىغىنغا قاتناشقان ئوفىتسېرلار شەپكىلىرىنى ئۇستەلگە
رەتلىك قويغان هالدا تىك ئولتۇرۇپ، شىنجاڭدىكى «باندىت» لارنىڭ
ئەھۋالى ۋە گومىنداڭ ئارمىيەسىنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە
جىددىي ئويلىنىپتۇ.

ئۈچ يېرىم سائەتلىك مۇزاكىرىدىن كېيىن، جياڭ جيېشىغا سۇنۇ-
لىدىغان «شىنجاڭدىكى باندىتلارنى تازىلاش توغرىسىدىكى يىغىن خاتىرى-
سى» ماقۇللىنىپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ
تەستىقىغا سۇنۇلۇپتۇ.

تۆۋەندىكىسى يىغىن خاتىرىسىنىڭ نۇسخىسى:

## شىنجاڭدىكى باندىتلارنى تازىلاش توغرىسىدىكى يىغىن خاتىرىسى (1 ـ باشقارمىغا يوللىندۇ)

ۋاقتى: 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 4

ئورنى: بۆلۈمىمىزنىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيە يىغىن زالى

قاتناشقۇچىلار: مۇئاۋىن باشلىق ليۇ جۇجاڭ، مەھكىمە
باشلىقى ليۇ (پىيادە ئەسكەرلەر مەھكىمىسى)، باشقارما باشلىقى
گاۋ (باش ئارقا سەپ بۆلۈمىدىن)، باشقارما باشلىقى چيۇ،
باشقارما باشلىقى شۇ، باشقارما باشلىقى سۇڭ، بۆلۈم باشلىقى
ۋاڭ، جيڭ سەنمۇ، ۋاڭ سەنمۇ، ۋەن سەنمۇ، رەئىسكە ياردەمچى
مۇئاۋىن قوماندان

### دوكلات قىلىنىدىغان ئىشلار

1) ۋاڭ سەنمۇنىڭ دوكلاتى

شىنجاڭدىكى باندىتلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئارمىيەمىزنىڭ ئو-
رۇنلاشتۇرۇلۇشى

2) ئىدارە باشلىقى ليۇنىڭ دوكلاتى

(1) سىياسىي خىزمەتتە: بىز خەلق ئاممىسىنى تۇتۇپ قالال-
مىدۇق. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خەلقنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيـ-
غۇرلار، ئۇلار ياۋاشراق، ئەمما ئۇزۇنغىچە شۇ پېتى تۇرۇۋەرسە،

قالايمىقانچىلىقتىن ساقلىنىش كېرەك.

(2) ھەربىي ئىشلاردا: بىزدە جىك، ئۆرۈمچى، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلارغىلا ئازراق ئىشەنچ بار. بىزنىڭ ھەربىي كۈچىمىز بەكلا ئاجىز (پۈتۈن شىنجاڭدا بار كۈچ ئاران 50 مىڭدىن جىقراق)، كۆپىنچىسى قاتناش يولى ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، يولدىن چەتلىگەن يەرلەرنى تۇتۇپ تۇرۇش بەك تەس.

(3) قاتناش ئىشلىرىدا: جايلار ئارا ئارىلىق بەك يىراق، چېچىلىپ يۈرگەن باندىتلارنىڭ زەربىسىگە ئاسان ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھازىر يەتتەقۇدۇقتىن گۇچۇڭ ۋە ئۆرۈمچىگىچە بولغان ھەمدە ماناستىن شىخوغىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسى بىخەتەر ئەمەس. ھەربىي تەمىنات گەرچە شوپۇرلارنى قوراللاندۇرۇپ، قوراللىق ئەسكەرلەرنى يالاپ توشۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن زەربىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرىمەي بولمايدۇ.

(4) تەمىنات ئىشلىرى ھەققىدە: يوللار بىخەتەر ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتناش قوراللىرى بىلەن ھاۋا رايىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن تەمىنات يەتكۈزۈش قىيىن بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، قىسىملارنىڭ قۇرۇلمىسى بەك قالايمىقان. تەمىنات يەتكۈزۈش، مائاش ــ پۇل تارقىتىشلار ئۇدۇل پولك، باتالىيونلارغىچە بولغاچقا، يېڭىدىن قوشۇلىدىغان قىيىنچىلىقلارمۇ جىق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

(5) قوماندان جۇ شاۋلياڭنىڭ تەلەپلىرى:

① ھاۋا ئارمىيە كۈچلىرىنى كۆپەيتىش كېرەك. بولۇپمۇ باندىت تازىلاشقا ئۇچۇش ۋاقتى ئۇزۇن ئايروپىلانلار كۆپەيتىپ بېرىلسە.

② مۇنتىزىم سەرخىل قىسىملارنى شىنجاڭغا يۆتكەپ چىقىش كېرەك (سەۋەبى: ئاتلىق 5 ـ كورپۇسنىڭ شىنجاڭغا ئەكىرگەن قورال ـ ياراغلىرى خىل ئەمەس، بۇ كورپۇسنىڭ جەڭگىۋارلىقىدىن چوڭ ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ).

③ زەربىدار ئەترەت تەشكىللەپ، غۇلجىنى قايتۇرۇۋېلىش كېرەك. شۇ ئارقىلىق باندىتلارنى ئىچىدىن پارچىلاش لازىم. مۇشۇ ئارقىلىق رەھبەرلەرنى ئۇرغۇتۇپ، خەلقنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

3) باشقارما باشلىقى شۇ:

بۈگۈن بۈنىڭغا قوشۇپ مۇزاكىرە قىلىنىدىغان ۋە جىددىي ھەل قىلىنىدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىدەك:

(1) ھاۋا ئارمىيە كۈچلىرىنى كۆپەيتىشنىڭ ئىمكانىيىتى بارمۇ، يوق، بار بولسا قانداق كۆپەيتىش كېرەك.

(2) شىنجاڭدىكى چېگرا مۇداپىئە ئارمىيەسىنى كۆپەيتىشتە 8 - ئۇرۇش رايونى ئىچىدىن يۆتكەش كېرەك، لېكىن قايسى قىسىملارنى يۆتكىگەن مۇۋاپىق.

(3) شىنجاڭدىكى قىسىملارنىڭ قۇرۇلمىسىنى قانداق تەڭشەش كېرەك.

4) رەئىس يولىيورۇقى:

(1) ھازىرقى ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مۇكەممەل بىر باندىت تازىلاش پلانى تۈزۈپ چىقىلسۇن ھەمدە ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۆلچىمى قىلىنسۇن.

(2) ھەربىي تەمىناتنى دىپلوماتىيەگە ئىشلىتىشكە ئېتىبار بېرىلسۇن.

(3) لەنجۇدا يىغىلغان 10 مىڭ يېڭى ئەسكەر ئەڭ ياخشىسى خېشى ياكى قومۇلغا ئاپىرىپ مەشىق قىلدۇرۇلسۇن.

(4) غۇلجىغا قىلىدىغان ھۇجۇمنى كېچىكتۈرسەكمۇ بولىدۇ، بىراق، ئۆلكە ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بۇرۇنقى قىسىملار شۇ دائىرىدە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتسە بولىدۇ.

قارار قىلىنىدىغان ئىشلار:

(1) ھاۋا ئارمىيەسىنى كۆپەيتىش ھەققىدىكى ئىش كومىتېت باشلىقىنىڭ قارارىغا سۇنۇلىدۇ.

(2) شىنجاڭغا ئاشلىق ۋە قورال - ياراغلارنى ھاۋادىن تاشلاشقا ئىشلىتىلىدىغان پاراشوتلارنى باشقارمىمىزنىڭ ئۈچىنچى باشقارمىسى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ بېجىرسۇن.

(3) 12D، K7D تىپلىق ئايروپىلانلار ئۆلكە ئىچىدىكى بۇرۇنقى قىسىملار ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىن بىكار بولغان ئايروپىلان تىپلىرى ئورنىغا دەسسىتىلسۇن.

(4) شىنجاڭدىكى قىسىملار (ھازىر بار بولغان ئالتە پىيادە

ئەسكەرلەر دىۋىزىيەسى، تۆت ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيەسى) قايسى ئەسكەر تۈرى ۋە قانچىلىكلىكىگە قارىماي، پۈتۈنلەي رايونلارنى ئۆلچەم قىلىپ سەككىز دىۋىزىيە (پىيادە ئەسكەرلەر بەش دىۋىزىيە، ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۈچ دىۋىزىيە) قىلىنسۇن.

رايونلارغا بۆلۈنۈش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

(1) سارسۇمبە (ئالتاي) رايونى (بىر دىۋىزىيە)

(2) يەتتەقۇدۇق رايونى (بىر دىۋىزىيە)

(3) گۇچۇڭ رايونى (بىر دىۋىزىيە)

(4) شىخو رايونى (بىر دىۋىزىيە)

(5) جىڭ رايونى (بىر دىۋىزىيە)

(6) تۇرپان ـ قاراشەھەر رايونى (بىر دىۋىزىيە)

(7) كۇچا ـ ئاقسۇ رايونى (بىر دىۋىزىيە)

(8) قەشقەر رايونى (بىر دىۋىزىيە)

5) قوماندان جۇ شاۋلياڭ لەنجۇدا يىغىلىپ تۇرۇۋاتقان يېڭى ئەسكەرلەرنى قانداق ئىشلىتىش قارارىنى ئۆزى چىقارسۇن.

(ئەسلى ئارخىپتىن ئېلىندى. — ئاپتور)



بىراق، يۇقىرىقى ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشلار بەكمۇ كېچىككەن بولۇپ، گومىنداڭ ئارمىيەسىنى مەغلۇبىيەتتىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدى.

1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئوتتۇرا يۆنىلىش ئۇرۇش رايونىدىكى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى رەسمىي باشلاندى. مىللىي ئارمىيەنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى ئىسھاقبېك ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى.

ئەتىسى مىللىي ئارمىيە سۇيدۇڭ ئاتقۇچى 1 ـ پولكى شىخوغا قىستاپ كەلدى، 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت غۇلجىدا 88 ـ قېتىملىق يىغىن ئېچىپ، ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئۈچ يۆنىلىش بويىچە جەڭ قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش ۋە يولغا قويۇشتا كۆرسەتكەن مۇھىم تۆھپىسى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا پولكوۋنىك ئۇنۋانى بېرىشنى قارار قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى قوشۇن چېپەيزە كۆۋرۈكىنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، كونا شىخونى ئالدى ۋە شىخونى ساقلاپ ياتـ

قان دۈشمەن ئارمىيەسىنى قاتمۇقات مۇھاسىرىگە ئالدى.

شىخو ئۇرۇشى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى رەسمىي باشلاندى. ئالدىنقى كۈنى كېچىسى جەڭچىلەر پەم ئىشلىتىپ دۈشمەننى مۇنداق قايمۇقتۇرۇپتۇ: قوشۇن شىخوغا ھۇجۇم قىلىش ھارپىسىدا دۈشمەندىن ئولجا ئالغان ئۈچ چوڭ ماشىنىنى كۈندۈزى شىخونىڭ غەربىدىكى غۇلجىغا تۇتىشىدىغان تاغ يولىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ، قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا 1 - ماشىنا چىراغلىرىنى ياندۇرۇپ مايىنى بولۇشىچە بېرىپ، گۈركىرىتىپ ھەيدەپ دۆڭدىن پەسكە قاراپ چۈشۈپتۇ. پەسكە چۈشۈپلا چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈپ دۆڭ كەينىدىكى بۇرۇنقى جايىغا يوشۇرۇن كېلىۋاپتۇ. 1 - ماشىنا دۆڭدىن تۆۋەنگە چۈشۈشكىلا، تاغ كەينىدە مۆكۈپ ياتقان 2 - ماشىنا چىرىغىنى ياندۇرۇپ ئالدىنقى ماشىنىنىڭ ئىزىنى بويلاپ گۈركىرەپ دۆڭگە چىقىپتۇ، 2 - ماشىنا ئەمدىلا دۆڭدىن چۈشۈپ تۇرۇشىغا 3 - ماشىنا ئوخشاش شەكىلدە دۆڭ تۆپىسىگە چىقىپتۇ. بۇ چاغدا 1 - ماشىنا 3 - ماشىنىنىڭ كەينىدىن بايىقى شەكىلدە ئەگىشىپ كەپتۇ - دە، يەنە دۆڭدىن پەسكە چۈشۈپتۇ. ماشىنىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تاغنى ئەگىپ ئۆتۈپ دۆڭگە چىققاندىن كېيىن چىراغلىرىنى ياندۇرۇپ، يەنە تۆۋەنگە قاراپ چۈشۈپتۇ. شۇ تەرىقىدە، بار - يوقى ئۈچ ماشىنا دۆڭدىن چۈشكىچە چىراغلىرىنى يېقىپ، دۆڭدىن چۈشكەندىن كېيىن چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈپ دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېچىچە توختىماي مېڭىپتۇ. يىراقتا دۈربۈن بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان دۈشمەن ئارمىيەسى نەچچە يۈز ماشىنا مىللىي ئارمىيەگە كېچىچە ئەسكەر، قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى توشۇۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ قورقۇپ يۈرەكزادە بولۇپ، قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ.

شىخو ئۇرۇشى ئىنتايىن دەھشەتلىك بولدى. ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ ئەڭ سەرخىل قوشۇنلىرىنى ئىشقا سېلىپ قاتتىق ئېلىشتى. دۈشمەن ئارمىيەسى خىل قورال - ياراغلىرىغا تايىنىپ، ئارمىيەمىزنىڭ ھۇجۇمىنى بىرقانچە قېتىم چېكىندۈردى. نۇرغۇن جەڭچىلىرىمىز سوقۇشتا قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى.

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مىللىي ئارمىيە ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ، تاغنى تالقان قىلغۇدەك جاسارەت بىلەن ھەر تەرەپتىن شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىغان بولسىمۇ، دۈشمەن ئارمىيەسى قاتمۇقات مۇداپىئە ئىستىھكام-

لىرىغا تايىنىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ؛ ئىككى بىرونېۋىكنىڭ
ھىمايىسىدە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۇپ، ئارمىيەمىزنىڭ سۇيدۇڭ ئاتقۇچى
1 ـ پولكى 1 ـ، 2 ـ باتالىيونىغا ئېغىر تەھدىت شەكىللەندۇرۇپتۇ. قىد ـ
سىم باشلىقلىرى دەرھال بىرنەچچە جەڭچىنى بىرونېۋىكنى پارتلىتىشقا
بۇيرۇپتۇ. بۇ جەڭچىلەر ئۆمىلەپ بېرىپ بىر بىرونېۋىكنى بومبا تاشلاپ
پارتلىتىۋېتىپتۇ. ئىككىنچى بىرونېۋىك ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆ ـ
رۇپ، ئارقىغا بۇرىلىپ قاچماقچى بوپتىكەن، پاتقاققا پېتىپ قېلىپ، مىد ـ
دىرلىيالماي قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ جەڭچىلىرىمىز تەرىپىدىن پارتى ـ
لىتىۋېتىلىپتۇ. جەڭ ئەۋجىگە چىققاندا مىللىي ئارمىيە دۇشمەن ئارمىد ـ
يەسىدىن غەنىيمەت ئالغان ئىككى ئايروپىلان ئۇچۇپ كېلىپ، ھاۋادىن
دۇشمەن قوشۇنىغا كەينى ـ كەينىدىن بومبا تاشلاپتۇ.

نەچچە كۈن داۋاملاشقان قانلىق جەڭدە ئىككىلا تەرەپ ناھايىتى زور
چىقىم تارتتى. شۇنداقتىمۇ مىللىي ئارمىيەمىز ھۇجۇمنى توختاتماي،
دۇشمەننىڭ جانلىق كۈچلىرىنى يوقىتىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا
كەلتۇرۇپ، 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شىخودىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيە ـ
لىك جاينى دۇشمەن قولىدىن ئاخىر تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇمچىد ـ
گە يۇرۇش قىلىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى توسالغۇ ئېلىپ تاشلاندى. بۇ جەڭدە
گومىنداڭنىڭ شىخونى ساقلاپ ياتقان قوشۇنىنىڭ 900 دىن ئوشۇق ئا ـ
دىمى يوقىتىلدى ۋە 1000 دىن ئوشۇق ئادىمى ئەسىرگە چۈشتى.

تۆۋەندە جۇ شاۋلياڭنىڭ گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان
ئىككى پارچە جەڭ خەۋىرىگە قاراڭ:

## شىنجاڭدىكى باندىتلارنى تازىلاش خەۋەرلىرى
## (9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 5 ـ كۈنىگىچە)

### ئا. باندىتلارنىڭ ئەھۋالى

*1*. ئالتاي رايونى

(*1*) سارسۈمبىگە ھۇجۇم قىلغان *1000* دىن ئارتۇق باندىت
يەنىلا خۇڭدۇڭ ئۆستىڭى (سارسۈمبىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) تە ـ
رەپكە يىغىلىۋاتىدۇ، سارسۈمبىگە يەنە ھۇجۇم قىلىدىغان ئەلپازى

بار (9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قوماندان جۇ شاۋلياڭ يوللىغان تېلېگراممىسى).

(2) قاباغا 20 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە، 30 ـ چېسلا كەچتە يەنە 900 دىن ئارتۇق باندىت بايقالدى. بۇنىڭدىن باشقا شەرقىي تاغ ۋە قوبۇقسار تەرەپتىن ئىككى تۈركۈم باندىت كەلدى (سانى ئېنىق ئەمەس)، ئۇلار جېمىنەيدىكى باندىتلار بىلەن ئۇچرىشىپ قاباغا ھۇجۇم قىلىدىغاندەك قىلىدۇ، ئۇلار مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان قىسىمىمىزغا تەسلىم بولۇڭلار دەپ تەھدىت سېلىپ خەت ئەۋەتىپتۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ باندىتلارنىڭ قوماندانى قورچاق برىگادا كوماندىرى پالىنوف ئىكەن ( 9ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قوماندان جۇ شاۋلياڭ يوللىغان تېلېگراممىسى).

(3) ئەسىرگە چۈشكەن باندىتنىڭ ئىقرارىغا قارىغاندا، ئۇ پالىنوفنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئالتايغا بىزنىڭ تەۋەلىكىمىزدىكى ئورۇسلارنى شەرقىي تۈركىستانچىلار سېپىگە قاتنىشىشقا قۇتراتقىلى كەپتۇ، بۇ قېتىم چۆچەك، دۆربىلجىنگە ھۇجۇم قىلغان باندىتلار پالىنوف تەرىپىدىن ئۈچ برىگادا، ئىككى پولك قىلىپ تەشكىل قىلىنغان، ئۆزبېك، ئۇيغۇر، قازاق، تاتار قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقانىكەن. ھازىر بۇ برىگادا بىر پولك كۈچى بىلەن قوبۇقسار بىلەن بۇرچىن ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىۋېتىپتۇ ھەممە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئالتايغا ھۇجۇم قىلماقچى ئىكەن (9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قوماندان جۇ شاۋلياڭ يوللىغان تېلېگراممىسى)

2) تارباغاتاي رايونى

(4) 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئارمىيەمىز (1Q/N1KD) چېپەيزىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغاندىن كېيىن باندىتلار (2000 دىن ئوشۇق) ئارقىمىزدىن قوغلاپ جەنۇبقا سۈرۈلدى. ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 ـ پولكى كونا شخو (شخونىڭ 20 چاقىرىم شىمالى)دا بازىمىزنى ئىگىلىدى (9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قوماندان جۇ شاۋلياڭ يوللىغان تېلېگراممىسى).

3. ئۈرۈمچى رايونى

(5) ماناس شىسەندىكى باندىتلارنىڭ ئاتامانى قالىبېك 200 دىن ئوشۇق باندىتنى باشلاپ 28 ـ چېسلا كەچتە دۇڭسەنگە باستۇرۇپ كەلدى، ئۇلار دۇڭسەندىكى پۈتۈن قازاقلارنى

يەنە بىر قېتىم ئاسىيلىق قىلىشقا قۇتراتماقچى (8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى قوماندان جۇ شاۋلياڭ يوللىغان تېلېگرامما).

(6) شاۋگۈەي ئەتراپىنى 200 دىن ئوشۇق باندىت ئىگىلەپ ياتماقتا (9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قوماندان جۇ شاۋلياڭنىڭ يوللىغان تېلېگراممىسى).

(7) مايتاغنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى چېڭخۇا بۇتخانىسى 2 ـ چېسلا ئەتىگەندە باندىتلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ كەتتى (9ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قوماندان جۇ شاۋلياڭ يوللىغان تېلېگرامما).

(8) يۈگجىخۇدىكى باندىتلار ئوق ـ دورىغا ئېرىشۇالغان ۋە ياردەمگە ئىگە بولۇۋالغاندىن كېيىن نەچچە كۈندىن بۇيان ھەدەپ ئىستىھكام ياساۋاتىدۇ ھەم پۈتۈن كۈچى بىلەن بىزگە يېقىنلىشۋاتىدۇ، بۈنى ئاز دەپ تېخى ئىككى قاناتقا كېڭىيىۋاتىدۇ، بىزنىڭ قولىمىزدىكى باجياخۇنى قورشاپ بولدى (9ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قوماندان جۇ شاۋلياڭ يوللىغان تېلېگرامما).

4. كۈچا ـ ئاقسۇ رايونى

(9) كۈچادىكى 5000 دىن ئوشۇق باندىت 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى قاراباغقا قەدەر يېتىپ كەلدى (باينىڭ 160 چاقىرىم شىمالىدا)، ئۇلارنىڭ تولىسى خىزىربۇلاق ئەتراپىغا ماكانلاشتى. ئەسىر ئېلىنغان باندىتنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار كۈچا ـ ئاقسۇدىكى باندىتلار (تەخمىنەن 2000 دىن ئوشۇق) بىلەن بىرلىشىپ، سەككىز يولغا بۆلۈنۈپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلماقچى ئىكەن (9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قوماندان جۇ شاۋلياڭ يوللىغان تېلېگرامما).

5. قەشقەر رايونى

(10) 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 1لەردە ئەنگلىيەنىڭ ئىككى پوچتىكېشى (ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى بىر ھىندى، بىر ئۇيغۇر) تاشقورغاندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ ھەممىسى باندىتلار تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەن (9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى قوماندان جۇ شاۋلياڭ يوللىغان تېلېگرامما).

(11) تاشقورغاننى ئىشغال قىلىۋالغان باندىتلار ئاز ساندىكى چەت ئەللىك ۋە ئۆزبېك، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق مىللەت-

لەردىن تەشكىل تاپقانىكەن. 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن ئىلگە-رى بۇ باندىتلاردىن 200 دىن ئوشۇقراق كىشى چېچىرلىق (يەـ-كەن بىلەن بولغان ئارىلىقى 400 چاقىرىم) دېگەن مۇھىم يەرگە ھۇجۇم قىلغاندى، بىز ئۇلارنى توسۇپ تۇرۇۋاتىمىز (9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى قوماندان جۇ شاۋلياڭ يوللىغان تېلېگرامما).

6. قومۇل رايونى

(12) قومۇل رايونىغا 28 ـ چېسلا كۈنى تاشقى موڭغۇلـ-يەدىن بىر تۈركۈم باندىت (سانى ئېنىق ئەمەس) كەلگەن، ئۇلار دەرھال جەنۇبقا قاراپ كېتىشتى (9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قومانـ-دان جۇ شاۋلياڭ يوللىغان تېلېگرامما).

## ب. جەڭ ئەھۋالى

1. ئالتاي رايونى

(1) بۇرچىن تەرەپتىكى باندىتلاردىن 400 — 500 كىشى قورچاق بىرىگادا باشلىقى پالنوفنىڭ باشلامچىلىقىدا 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىغا بولـ-غان شىددەتلىك ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ (9 ـ ئاي-نىڭ 2 ـ كۈنى قوماندان جۇ شاۋلياڭ يوللىغان تېلېگرامما).

2. ئۈرۈمچى رايونى

(2) 1 ـ چېسلا چۈشتە فۇكاڭ تەرەپتىن كەلگەن 300 دىن ئوشۇق باندىت ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ گەنچۈەن (ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) بىلەن شىزىگۇ (ئۈرۈمچىنىڭ 30 چاقىرىم شەر-قىي جەنۇبىدا) ئارىلىقىدىكى تاغلاردا پاراكەندىچىلىك قىلىشقا كىرىشكەن، يوقىتىشقا قىسىم ئەۋەتتۇق (9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قوماندان جۇ شاۋلياڭ يوللىغان تېلېگرامما).

(3) 30 ـ چېسلا كەچتە ماناس، نەنسەن تەرەپتىن كەلگەن قازاق باندىتلاردىن 200 دىن ئوشۇق كىشى شىخەنزە (ماناستىن 40چاقىرىم) تەرەپتىن كېلىپ بىز (T58D) نىڭ چېن پولكىمىز ۋە 32KR نىڭ ھەر بىرىدىن چىقىرىلغان بىردىن قىسىم بىلەن جەڭ قىلىۋاتىدۇ (9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قوماندان جۇ شاۋلياڭ يوللـ-غان تېلېگرامما).

(4) يەنسخەيننىڭ ئەتراپىدا بىزدىن يۈز ئۆرۈگەن قازاقلاردىن 1000 دىن ئوشۇق ئادەمنىڭ بىر قىسمى قىسمىلىرىمىز تەرىپىدىن تارمار كەلتۈرۈلدى (نەگە قېچىپ كەتكەنلىكى نامەلۇم) (9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قوماندان جۇ شاۋلياڭ يوللىغان تېلېگرامما).

## س. ئارمىيەمىزنىڭ ئەھۋالى

ئاتلىق 5 ـ كورپۇسنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قارا چوقىقا (شىڭشىڭشيا)غا، كورپۇس ئشتابى يۈلغۇنلۇققا يېتىپ كەلدى (9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قوماندان جۇ شاۋلياڭ يوللىغان تېلېگرامما).

## د. ھۆكۈم

(1)مەلۇم تەرەپ شىنجاڭغا قاراتقان سۈيىقەستىدىن ئېخى ۋاز كەچمىدى.

(2) باندىتلار بىزنىڭ سارسۇمبىدىكى قوشۇنىمىزنى تولۇق يوقىتىپ، ئاندىن ئارمىيەمىزنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ ياندىن بىۋاستە تەھدىت سالىدىغاندەك تۇرىدۇ.



(3) چۆچەكتىن جەنۇبقا قاراپ ماڭغان باندىتلارنىڭ مەقسىتى شىخونى ئېلىپ، بىزنىڭ جىڭدىكى قوشۇنىمىزنى يېتىم قالدۇرماقچى.

(4) قەشقەردە چېگرادىن ئۆتكەن باندىتلارنىڭ مەقستى شۇ رايوننى ئىشغال قىلىپ، ئارمىيەمىزنىڭ ئاشلىق تەمىناتىنى ئۈزۈۋېتىش.

منگو 34 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، 47 ـ سان 6 ـ نومۇر.

## شىنجاڭدىكى باندىتلارنى تازىلاش جەڭ خەۋەرلىرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

(1) كونا شىخو 26 ـ چېسلا قولدىن كەتتى.

(2) چېپەيزىگە بېسىپ كىرگەن باندىتلار بىلەن ئارمىيەمىز

تىركىشىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

(3) شىخو ــ مايتاغ نېفىتلىكىدە ئازراق باندىت بايقالدى.

(4) ماناس، شىسەندىكى باندىتلار كۆپىيىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

(5) قەشقەرنىڭ غەربىدىكى چېگرادىن ئۆتكەن ئورۇس باندىتلىرى بۆلۈككۆلدىكى تاشقورغان بىلەن سۈبېشىدا قاپسىلىپ قالدى.

شىنجاڭدىكى باندىتلارنى تازىلاش جەڭ خەۋەرلىرىنى تارقىتىش جەدۋىلى (قىسقارتىلدى) نازارىتىمىزنىڭ 1 ــ باشقارمىسىغا، چيۇ باشقارما باشلىقىغا.

مىنگونىڭ *34* ــ يىلى *9* ــ ئاينىڭ *6* ــ كۈنى، *49* ــ سان، 7 ــ نومۇر.

| زاپاس | نۇسخا | يوللىنىدىغان ئورگان | رەت نومۇرى |
|---|---|---|---|
| | — | مۇۋەققەت ئىشتاب باشلىقى چېڭ | 1 |
| | — | بۇجاڭ شۇ | 2 |
| | — | مۇئاۋىن باشلىق ليۇ | 3 |
| | — | ئالىي مەسلىھەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جاڭ | 4 |
| | — | نازىر جاڭ | 5 |
| | — | مەزكۇر نازارەت 1 ــ باشقارما باشلىقى لى | 6 |
| | — | 3 ــ نازارەت 2 ــ باشقارما باشلىقى دۇ | 7 |
| | — | 2 ــ نازارەت 5 ــ باشقارما باشلىقى لى | 8 |
| | — | مەزكۇر باشقارما باشلىقى ئىشخانىسى | 9 |
| | — | 5 ــ بۆلۈم باشلىقى ۋاڭ | 10 |

جىڭ ئۇرۇشى شىخوغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا دېگۈدەك باشلاندى.

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مىللىي ئارمىيە جىڭغا ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىدى.

غۇلجا ئاتقۇچى 2 - پولكى، زاپاس 4 - پولك، تېكەس ئاتلىق 1 - پولك، تۇڭگان مۇستەقىل ئاتلىق دىۋىزىيونى، شىبە مۇستەقىل ئاتلىق ئىسكادرونى قاتارلىق قىسىملاردىن بولۇپ، 4000 دىن ئوشۇق جەڭچىدىن تەركىب تاپقان مىللىي ئارمىيەنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنى جىڭ ئۇرۇشىغا قاتناشتى.

بۇ جەڭ ئىنتايىن كەسكىن بوپتۇ، دۈشمەن قوشۇنى ئەپچىل يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ ئارمىيەمىزگە كۈچلۈك ئوت ئېچىپ، ئارمىيەمىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇۋاپتۇ. بولۇپمۇ تاشيولنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان دۈشمەننىڭ بىر پوتەيدىن چىققان ئوت توچكىسى مىللىي ئارمىيەمىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە زور قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپتۇ. بۇ پوتەينى پارتلىتىۋەتمەي تۇرۇپ ئارمىيەمىزنىڭ ئالغا بېسىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. دەل مۇشۇ ھالقىلىق پەيتتە، مىللىي ئارمىيە زاپاس 4 - پولك 1 - باتالىيونىنىڭ زىھرۇللا نادىروف قاتارلىق بەش جەڭچىسى «پوتەينى پارتلاتقىنىمىز پارتلاتقان» دەپ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ. جەڭچىلەر پارتلاتقۇچ دورىنى قولتۇقىغا قىسىپ، يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوققا قارىماي پوتەيگە قاراپ ئۆمىلەپ كېتىۋاتقاندا، جەڭچىلەردىن بىرى بەختكە قارشى قۇربان بولۇپ، ئۈچى يارىلىنىپتۇ. زىھرۇللا نادىروف غەزەپ بىلەن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپتۇ، بەختكە قارشى ئۇمۇ ئوق تېگىپ يارىلىنىپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ ئۆمىلەپ بارغان پېتى پوتەيگە قارىتىپ گىرانات تاشلاپتۇ، ئىس - تۈتەك ئىچىدە پوتەيگە باستۇرۇپ كىرىپ، پوتەيدىكى دۈشمەنلەرنى يوقىتىپتۇ، ئارقىدىنلا يەنە ئىككى پوتەينى پارتلىتىپ، قىسىملىرىمىزنىڭ ئىلگىرىلىشىگە يول ئېچىپتۇ.

جەڭدىن كېيىن مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتابى زىھرۇللا نادىروفقا «كۆرەش قەھرىمانى» دەپ نام بەردى.

ئازادلىقتىن كېيىن مىللىي ئارمىيە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 5 - كورپۇسى قىلىپ تەشكىللەندى. زىھرۇللا نادىروف جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتى

تەرپىدىن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كۆرەش قەھرىمانى دەپ باھالاندى ۋە 1950 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلق قەھرىمانلىرى ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇنىڭ سۈرىتى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 350 نەپەر كۆرەش قەھرىمانىنىڭ سۈرىتى بىلەن بىرلىكتە مەملىكەتلىك كۆرەش قەھرىمانلىرى ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ يادنامىسىگە بېسىلدى. 1950 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «خەلق گېزىتى» دە بۇ ھەقتە مۇنداق خەۋەر بېرىلدى:

[شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ 26 ـ سېنتەبىر كۈنىدىكى خەۋىرى] بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك كۆرەش قەھرىمانلىرى ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن نۇرغۇن قەھرىمان نەمۇنىچىلەر بار، ئۇلار گومىنداڭنىڭ مىللىي زۇلمىغا قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۆرەشلەردە ئاجايىپ ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن...



مىللىي ئارمىيەنىڭ كۆرەش قەھرىمانى زىھرۇللا نادىروفنىڭ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ كۆرەش قەھرىمانلىرى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى كۆرگەزمىسىگە قويۇلغان سۈرىتى

خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 5 ـ كورپۇسى (سابىق مىللىي ئارمىيە) نىڭ كۆرەش قەھرىمانى نادىروف شىنجاڭ غۇلجىدىكى بىر نامرات ئۇيغۇر دېھقان قېرىندىشىمىزنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1944 ـ يىل 11 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ پارتىزانلىرى غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇ ھېچنېمىگە قارىماستىن پارتىزانلارغا ياردەم بەرگەن ھەمدە جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ خەلق قوراللىق قوشۇنىغا قاتناشقان. بۇ

ئۇيغۇر يىگىت دۈشمەندىن تارتىۋالغان مىلتىق بىلەن كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەن، جەڭ سوقۇشىدا ئۇ ئۆزلۈكىدىن پارتلىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، بەش سەپدىشى بىلەن بىرلىكتە دۈشمەننىڭ بەش پىلموت بىلەن ئوق ياغدۇرۇشىغا قارىماي پوتەيگە يېقىنلاپ بېرىپ، ئاخىر دۈشمەننىڭ ئۈچ پوتەيىنى پارتلىتىۋەتكەن ۋە ئۆزىمۇ يارىلانغان.

زىھرۇللا نادىروف شەرەپلىك كۈرەش قەھرىمانى بولۇشقا مۇناسىپ جەڭچى. ئەپسۇسكى، «ئوكچىلارغا قارشى تۇرۇش» ۋە بۇ ھەرىكەتكە ئۇلىشىپ كەلگەن «شىۋجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش» كۈرىشى، جۇملىدىن چېكىدىن ئاشقان «سول»چىللىق ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا زىھرۇللا خاتا ئەيىبلەندى، 1962 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، كەڭسايدا ئەمگەككە سېلىنغاندا، زەيكەش كولاۋېتىپ ئىش ئورنىدا ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كەتتى.

جەڭ ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان خەنزۇ جەڭچىلەرمۇ بار. مىللىي ئارمىيەنىڭ خەنزۇ ئىنزۇۋت كوماندىرى يى جىشەن ھەقىقەت يولىدا ئېلىپ بېرىلغان جەڭدە ئوق تېگىپ 23 يېشىدا قۇربان بولدى. ئۇنىڭ شەرەپلىك نامى 1975 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئىنقىلابىي قۇربانلار تىزىملىكى» نىڭ 138 ـ بېتىنىڭ 1 ـ قۇرىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭغا ئوخشاش خەنزۇ جەڭچىلەر يالغۇز يى جىشەنلا بولماستىن، يەنە 12 خەنزۇ جەڭچى بۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى نامرات ئەمگەكچى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. بۇ جىگەرلىك يىگىتلەر ھەققانىي ئۇرۇشقا كۆكرەك كېرىپ قاتنىشىپ، ھەر مىللەت قېرىنداشلار بىلەن بىرلىكتە ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يولىدا ئاخىرقى بىر تامچە قېنى قالغۇچە كۈرەش قىلغان.



جەڭ ئۇرۇشى جەريانىدا مۇنداق بىر ئىشمۇ بولغان. دۈشمەن ئارمىيەسى 45 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ كوماندىرى، فاشىست گو چى جىڭنى ساقلاپ تۇرالىشىغا كۆزى يەتمەي، قېچىش ئالدىدا مىللىي ئارمىيەنىڭ گومىنداڭ تەرەپكە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان 50 تىن ئوشۇق ياردارىنى تاغ باغرىغا ئاپىرىپ ۋەھشىيلەرچە ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ ياردارلار مىللىي ئارمىيەنىڭ ۋاقىتلىق قۇرۇلغان دالا دوختۇرخانىسىدىن يۆتكەپ كېتىشكە

ئۆلگۈرمەيلا كېچىدە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغان گو چى قوشۇنىنىڭ قو- لىغا چۈشۈپ قالغانىكەن.
9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى دىۋىزىيە كوماندىرى گو چى پۈتۈن لىنىيە بو- يىچە ئاكوپنى تاشلاپ بەدەر قاچتى، شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن قوشۇنى پۈتـۈن- لەي يوقىتىلىپ، جىڭ ناھىيەسى خەلقىنىڭ قولىغا قايتىپ كەلدى.
9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى جياڭ جيېشى جۇ شاۋلياڭ بىلەن ۋۇ جـۇڭ- شىنغا مۇنداق بىر جىددىي تېلېگرامما يوللاپتۇ:
«گو جىچياۋنىڭ ئۇرۇمچىگە كېلىپ ھەربىي قوماندانلىق ئىشلىرىغا كونكرېت مەسئۇل بولۇشىنى قارار قىلدىم. ھەر دەرىجىلىك ھەربىي، مۈلكى ئەمەلدارلارغا ئۇقتۇرۇپ قويۇڭلار، كىمكى بۇيرۇقسىز ئۆز بې- شىمچىلىق بىلەن چېكىنسە، كىم بولۇشىدىن قەتئىيـنەزەر، ئالدىنقى سەپتىن قېچىش جىنايىتى ئۆتكۈزدى دەپ بىردەك ئېتىپ تاشلىنىدۇ، ھەرگىز كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ!»
مىللىي ئارمىيەمىز غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەپ 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى يەنسىخەينى، 13 ـ كۈنى ساندىخوزىنى، 16 ـ كۈنى ساۋەننى ئالدى.
توپ ـ زەمبىرەكلەرنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازى ئىچىدە ئىستىھ- كامنى تاشلاپ قاچقان گومىنداڭ 45 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ كوماندىرى گو چى ئۆزىنىڭ مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بىر قىد- سىم ئاقساق ـ چولاق قالدۇق جەڭچى ـ ئوفىتسېرلىرىنى ئەگەشتـۈرۈپ چۆل ـ جەزىرىگە قاراپ قېچىپتۇ. ئۇ ئەسلىدە «جەڭلەردە قالتىس چوڭ خىزمەت كۆرسەتتىم» دەپ كۆرەڭلەپ يۈرگەنىدى، مانا ئەمدى يەر بىلەن يەكسان بولۇپ، جېنىنى ئېلىپ قاچماقتا. گو چى تەڭرىتاغلىرىنى بويلاپ ئىنىس ـ جىن يوق جاڭگالدا ھېچقانداق نىشانسىز نەچچە كېچە ـ كۈندۈز قېچىپ يۈرۈپتۇ. كۆز يەتكۈسىز بىپايان چۆل پېژغىرىم ئىسسىقتا يال- قۇنجايتتى. گـو چىنىڭ ئادەملىرى ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئوق ـ دورىلىرى تۈگەپ، ھېرىپ ـ چارچاپ ھالىدىن كەتكەنىدى، ئۆلگىنى ئۆلۈپ، يارىدار بولغانلىرى جېنىنى ئېلىپ قاچماقتا ئىدى.
مىللىي ئارمىيەمىزنىڭ ئاتلىق قىسىملىرى ئۇنىڭ قارىسىنى يو- قاتماي قوغلاپ كېلىپ ئارقىسىدىن زەربە بېرىپ، ئۇھ دېگۈدەك پۇرسەت بەرمەپتۇ. ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان گوچى ئاشۇ پايانسىز چۆلدە يە- نە بىرنەچچە ئۆلۈكنى تاشلاپ داۋاملىق قېچىپتۇ. لېكىن بۇ چەكسىز چۆل ـ جەزىرىدە ئۇنىڭغا كىرىۋالغۇدەك تۆشۈكمۇ يوق ئىدى. گوچى تى-

رىك قېلىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۆزىنىڭ يېنىدا نەچچە يىلدىن بېرى كانۋاي بولغان، يارىلىنىپ ماڭالماي قالغان ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادىمىنى غالجىرلارچە ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، يالغۇز ئۆزى ساۋەننىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تاغ باغرىغا قاراپ قېچىپتۇ. 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيەمىزنىڭ ئاتلىق قىسمى ئۇنى بىر قېرى قارىياغاچنىڭ ئاستىدا قورشاۋغا ئېلىۋاپتۇ. قان قەرزگە بوغۇلغان بۇ ئالۋاستى يۈز ـ كۆزى قاسماق، چاچلىرى پاخپايغان، ساقال ـ بۇرۇتى ئۆسۈپ كەتكەن هالدا تاپانچىسىنى يەرگە تاشلاپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرگەن پېتى جەڭچىلىرىمىزگە تەسلىم بوپتۇ.

ئالاقزەدىلىك ئىچىدە چېكىنىپ قاچقان گومىنداڭ يېڭى 2 ـ كورپۇسىنىڭ كوماندىرى شيې يىفېڭ، ئاتلىق 1 ـ كورپۇسىنىڭ كوماندىرى لى تيېجۈن، زاپاس 7 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ كوماندىرى لى يۈشياڭلار ماناس دەرياسى كۆۋرۈكىنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، بىر قىسىم قاچاق ئەسكەرلىرى بىلەن ماناس دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا كېلىۋاپتۇ. بۇ قالدۇق قوشۇن ماناس دەرياسىدىن ئىبارەت تەبىئىي توسۇقتىن پايدىلىنىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ هۇجۇمىنى ئاخىرقى قېتىم توسۇۋېلىشقا ئۇرۇنغانىكەن. گومىنداڭ 46 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ كوماندىرى شۇ رۇچېڭ بۇيرۇققا بىنائەن ماناس دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا تېزدىن يېتىپ كېلىپ، گومىنداڭنىڭ قالدۇق قىسمىغا قوشۇلۇپ دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى مىللىي ئارمىيە بىلەن تىركىشىش هالىتىنى شەكىللەندۈرۈپتۇ.

ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى جەڭدە مىللىي ئارمىيەدىن جەمئىي 700 دىن ئارتۇق جەڭچى قۇربان بولدى. ئۇلارنىڭ قەبرىلىرى تاغ ـ ئېدىرلار، چۆل ـ جەزىرىلەردە قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار خەلق قەلبىدە مەڭگۇ هايات!

ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى جەڭنىڭ غەلىبىسى گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن نوخلىسىنى ئېلىپ، ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىكى گومىنداڭ ئارمىيەسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت زېمىنىنى ئازاد قىلىپ، ئۇرۇمچىگە چوڭ تەهدىت شەكىللەندۈردى.

ئۇرۇش بولغانىكەن قۇربان بېرىشلەر بولىدۇ! ئۇرۇش جەريانىدا مىللىي ئارمىيەمۇ ناهايىتى زور چىقىملارغا ئۇچرىدى، شۇڭا قىسىملارنى دەرهال تولۇقلاش ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. ئەسكەر مەنبەسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئەخمەت ئەپەندىم هەرقايسى ناهىيەلەردە هۆكۈمەت هەربىي بۆلۈ-

مىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ھەربىي باشقارمىلارنى قۇرۇش بۇيرۇقى چۈشۈردى ھەمدە ھەربىي باشقارمىلارنىڭ باشلىقلىرىنى جەڭگە قاتناشقان، ئەمەلىي جەڭ تەجرىبىسى بار ئوفىتسېرلاردىن تاللاش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، ئوفىتسېرلارنى ئالدىنقى سەپتىن يۆتكەپ ئەكەلسە، ئالدىنقى سەپ قىسىملىرىنىڭ قوماندانلىق كۈچى ئاجىزلاپ كېتەتتى، شۇ سەۋەبتىن ئەپەندىم جەڭلەردە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن، لېكىن يارىدار بولۇپ ئائىلىسىگە قايتقان ئوفىتسېرلار ئىچىدىن بۇ ۋەزىپىگە ئادەم تاللىدى، ھەربىي باشقارمىنىڭ باشلىقلىرىغا مىللىي ئارمىيەنىڭ فورمىسىنى تارقىتىش، پاگون تاقاش، قورال سەپلەپ بېرىش بەلگىلەندى.

1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قارار ئېلان قىلىپ، دەرھال ھەرقايسى ناھىيەلەردە ھەربىي باشقارما قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى:

1. ھەرقايسى ناھىيەلىك ھۆكۈمەتلەردە بىردەك ھەربىي باشقارما قۇرۇلسۇن.

2. ھەربىي باشقارمىنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۇستىگە ئالغۇچىلارنىڭ بىلىم سەۋىيەسى 7 ـ سىنىپ (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ) سەۋىيەسىدىن تۆۋەن بولۇشقا بولمايدۇ.

3. ناھىيەلىك ھەربىي باشقارمىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۇرۇشتا يارىدار بولغاندىن كېيىن بوشىنىپ ئائىلىسىگە قايتقان كوماندىرلار ئۇستىگە ئالسۇن.

4. ناھىيەلىك ھەربىي باشقارمىنىڭ باشلىقى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ.

5. ناھىيەلىك ھەربىي باشقارمىنىڭ باشلىقى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىرتۇتاش بەلگىلەنگەن ھەربىي فورما كىيىدۇ، پاگون تاقايدۇ.

6. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەربىي بۆلۈمى تەرىپىدىن تارقىتىلغان قورال ياخشى ساقلانسۇن.

7. ناھىيەلىك ھەربىي باشقارمىدىكى ھەربىيلەر تەمىنات تۈزۈمىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرە ئەخمەت ئەپەندىمنى چاقىرتىپ كېلىپ، سەيپىدىن ئەزىزى، مۇھەممەتجان مەخسۇم قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكىنى

باشلاپ، ئالتاي شەھىرىدىكى خەلق كۇلۇبىدا ۋىلايەت دائىرىسىدىكى ناھىيەلەردىن كەلگەن يۇرت مۆتىۋەرلىرى، ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى قاتناشقان تەبرىك يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئەخمەت ئەپەندىم ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان ھاكىمىيەت ئاپپاراتى، ۋالىي، مۇئاۋىن ۋالىي، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار ۋە ھەرقايسى ئورگانلار مەسئۇللىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىپتۇ. ئەخمەت ئەپەندىم نۇتقىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت نامىدىن ئالتايدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرقانچە يىللاردىن بۇيان دەلىلقان سۇگۇربايېفنىڭ باشچىلىقىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قان كېچىپ قوراللىق كۈرەش قىلىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ ياردىمىدە ئالتايدىكى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خەلقنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرغانلىقىنى تەبرىكلەپتۇ ھەمدە مىللىي ئارمىيە ئالتاي ئاتلىق پولكىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنامىنى ئوقۇپ، دەلىلقان سۇگۇربايېفقا پودپولكوۋنىك ئۇنۋانى بېرىلىپ، ئاتلىق پولكنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى ئېلان قىپتۇ.

بۇ چاغدا زالدا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭراپتۇ. ئەخمەت ئەپەندىم مىللىي ئارمىيەنىڭ چۆچەك، شىخو، جىڭ، ساۋەن ناھىيەلىرىنى ئازاد قىلىپ، ماناس دەرياسى بويىغا يېتىپ بارغانلىقى ھەققىدىكى خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگەندە، زالدا يەنە ئالقىش سادالىرى ئۇزاققىچە توختىماپتۇ.



مۇشۇ يەردە بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى.

1945 ـ يىلى يازدا مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىمىز چۆچەك يولىدا «گاز ــ 69» تىپلىق بىر جىپ ماشىنىنى تۇسۇۋاپتۇ. جەڭچىلىرىمىز جىپتا بىر قىزنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ گۇمانلىنىپ، ئۇنى ئىشتابقا ئاپىرىپتۇ. ئەينى چاغلاردا ئادەتتىكى ئادەملەر پىكاپتا ئولتۇرالمايتتى.

ئەسلىدە بۇ موڭغۇل قىز قوبۇقسار ۋاڭىنىڭ مەلىكىسى بالجىت ئىكەن، ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەن بۇ قىز ئۇرۇمچىدىن قوبۇقسارغا قايتىپ كېتىۋاتقاندا بايىقى ئىش يۈز بەرگەنىكەن. بالجىت 1926 ـ يىلى تۇغۇلغان، ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆگەي ئانىسى ئۇنى ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزى ۋاڭلىق ئورنىغا چىقىۋالغانىكەن. راستىنى ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن ئىلگىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى موڭغۇللارنىڭ يەرلىك قوراللىق كۈچلىرىنى مىللىي ئارمىيەگە قارشى تۇرۇشقا كۈشكۈرتۈش، مىللىي زىددىيەت پەيدا قىلىش ئۈچۈن يۇقىرى

تەبىقىدىكى موڭغۇل زاتلارنى قايمۇقتۇرۇپ ئۆزىگە تارتقانىدى. گومىنداڭ ئارمىيەسى قوبۇقسارلاردا ئىستىھكام قۇرۇپ، قوغدىنىش ئەترەتلىرىنى تەشكىل قىلىپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى.

مىللىي ئارمىيە ئۇ قىزنىڭ نامشەرىپىنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال يۇقىرىغا مەلۇم قىپتۇ. ئەپەندىم ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ ھەربىي قىسىمغا مەلىكىنى دەرھال قويۇپ بېرىشنى ئۇقتۇرۇپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ۋەزىيەتنى چۈشەندۈرۈپ، ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، يەرلىك قوراللىق قىسىملار ۋە موڭغۇل ئاممىغا خىزمەت ئىشلەشنى تاپىلاش ھەققىدە يوليورۇق بېرىپتۇ. بالجىت مىللىي ئارمىيەنىڭ خىزمىتىگە ماسلىشىدىغانلىقى ھەققىدە كەسكىن پوزىتسىيە بىلدۈرۈپتۇ. شۇ چاغدا موڭغۇللار مەلىكە بالجىتنى بەكمۇ ئىززەتلەيدىتىكەن ھەمدە ئۆگەي ئانىسىنىڭ ۋاڭلىق ئورنىنى تارتىۋالغانلىقىدىن نارازى ئىكەن. مانا ئەمدى ئۇلار موڭغۇل ۋاڭنىڭ ھەقىقىي مەلىكىسى قايتىپ كەلدى دەپ خۇشال بولۇشۇپ، يول بويى ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ تاۋاپ قىلىپ قارشى ئاپتۇ، بالجىت شۇ يەردىكى موڭغۇل ئاقساقاللارغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى سۆزلەپ، ئۇلارنى قورالنى گومىنداڭغا قارىتىپ مىللىي ئارمىيەنى ھىمايە قىلىشقا دەۋەت قىلغاندىن كېيىن، زاڭىراۋ باتۇ رەھبەرلىكىدىكى يەرلىك قوراللىق قىسىم تېزلا مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا قوشۇلۇپ، مىلتىقىنىڭ ئۇچىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قاراتتى.

تارباغاتاي ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن گېنېرال ئىسھاقبېك مەخسۇس شىخوغا كېلىپ، بالجىتنى شىخوغا ئەكېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى ئالاھىدە تەقدىرلىدى ھەمدە تارباغاتاي خەلقىگە بالجىتنىڭ ۋاڭلىق تەختىگە رەسمىي ئولتۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىلدى، بۇنىڭدىن قوبۇقساردىكى موڭغۇل قېرىنداشلار غايەت زور ئىلھام ئېلىپ، مەمنۇنلۇق ئىچىدە كۆڭلى ئەمىن تاپتى.

ئەخمەت ئەپەندىم بالجىتقا ئوخشاش ئىلغارلىقتا تەلپۈنىدىغان موڭغۇل ياشلىرىنىڭ ئوينىغان ئاكتىپ رولىنى ئېسىدىن چىقارمىغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەخمەت ئەپەندىم بالجىتنى غۇلجىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتىلىغان يەرلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇپ،

چوڭقۇر تەربىيەگە ئىگە قىلدى. قوماندانلىق ئىشتاب بالجىتنىڭ مىللىي
ئارمىيەگە قاتنىشىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، مىل-
لىي ئارمىيە فورمىسىنى كىيىپ ئارمىيەگە قاتنىشىش مۇراسىمى ئۆت-
كۈزۈپ بەردى. ئەخمەت ئەپەندىم بۇ ياش موڭغۇل جەڭچىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابى سېپىگە رەسمىي كىرگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

شۇ كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم ماڭا غۇلجىدا نام - ئابرۇيى بار ئاياللار-
نى يىغىشنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭ مەقسىتى بالجىتنىڭ تۆھپىلىرىنى تونۇش-
تۇرۇش ئارقىلىق، ئاياللارنى ئۆزلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىن-
قىلابقا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلىش ئىدى. شۇنداق قى-
لىپ مەن بالجىت ئۈچۈن قارشى ئېلىش ۋە هال سوراش چېيى راسلى-
دىم. مىللىي ئارمىيە فورمىسى ياراشقان بۇ موڭغۇل جەڭچى سورۇنغا
كىرگەندە ئاياللار ئىنتايىن خۇشال بولۇشتى. مەن كۆپچىلىككە بۇ قىز-
نىڭ ئوينىغان مۇھىم رولىنى تونۇشتۇردۇم.

ئازادلىقتىن كېيىن بالجىت ئىككىمىز شىنجاڭ ئاياللار بىرلەشمى-
سىدە بىللە ئىشلىدۇق، شۇ چاغلاردا بىز بىرگە بولغان ئۇنتۇلماس تارىخ-
لىرىمىزنى دائىم ئەسلىشەتتۇق ۋە ئاجايىپ ھاياجانلىنىپ كېتەتتۇق،
ئۇنىڭ زور تۆھپىسىنى هازىرغىچە ئېسىمدىن چىقىرالمايمەن.

ئۈچ يۈنلىش سېپىدىكى جەڭدە، مىللىي ئارمىيە جەڭچى - ئو-
فىتسېرلىرى قۇربان بولۇشتىن قورقماي، قەهرىمانلارچە جەڭ قىلىپ
دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى، نۇرغۇن شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا
كەلتۈردى ۋە تىللاردا داستان بولغۇدەك قەهرىمان شەخسلەر مەيدانغا
كەلدى. هايات - ماماتلىق كۈرەشلەردە نۇرغۇن جەڭچى - ئوفىتسېرلار
ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك هاياتىنى تەقدىم قىلدى. جەڭلەردە قۇربان بولغان
مەرھۇملارنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن قىسىمنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە
ئىلهام بېرىدىغان بىرمۇنچە ناخشىلار ئىجاد قىلىندى.

تۆۋەندىكىسى بىر موماي ئوغلىنىڭ ئۇرۇشتا قۇربان بولۇپ كەتكەن-
لىكىنى ئۇقماي قىسىمغا ئىزدەپ كەلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن، ئالدىنقى
سەپ سەنئەت ئۆمىكى ئورۇنلىغان «ئوغلانىمنى كۆردۈڭلەرمۇ» دېگەن
ناخشىنىڭ تېكىستى. بۇ نومۇر مومايىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىش شەكلى
بويىچە تەييارلانغان بولۇپ، بۇنى جەڭچىلەر ئۆزلىرى ئالدىنقى سەپتە ئو-
رۇنلىغان. تېكىستى مۇنداق:

ئانا:

قاتار ـ قاتار تىزىلغان جەڭچى باللار،
كۆرەش ئۈچۈن قورال ئېلىپ ئاتلانغانلار.
ۋەتەن، خەلق قەھرىمانى پىدائىيلار،
جانىم بالام ئوغلانىمنى كۆردۈڭلەرمۇ؟

جەڭچىلەر:

ئوغلىڭىزنىڭ «باتۇر» دېگەن ئۇنۋانى بار،
مەيدىسىدە زىنىنەتلەنگەن نىشانى بار.
ۋەتىنىنى ئازاد قىلىش ئارمانى بار،
«جانىم بالام» دەپ كۆز ياشىڭنى تۆكمە ئانا.

ئەسىرلەردىن ھۆكۈم سۈرگەن قۇلدارلىقتىن،
قۇتۇلۇپ بىز ئازادلىققا چىققان چاغدا.
ئاسارەتنىڭ زەنجىرىنى ئۈزگەن چاغدا،
«جانىم بالام» دەپ كۆز ياشىڭنى تۆكمە ئانا.

ئانا:

زالىملارنىڭ زۇلمىدىن زار قاقشىغان،
دەرد ـ ئەلەمدە يۈرەكلىرى زەرداب بولغان.
خەلقىمىزنى قۇتقۇزۇشقا جەڭلەر قىلغان،
بارلىق جەڭچى باللىرىمغا سالام دەڭلەر.

قانچىلىغان قەھرىمان جەڭچىلەرنىڭ قېنى جەڭگاھلاردا تۆكۈلدى ـ ھە! ئۇلار تەڭرىتاغ باغرىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى!

ئۈچ يۆنىلىش بويىچە ئېلىپ بېرىلغان جەڭ غەلىبە بىلەن ئاياغلاشقاندا، ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئاقسۇدا ۋەھشىيلەرچە قەتلى قىلىنغانلىق خەۋىرى يېتىپ كېلىپ ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. ئەپەندىم مۇشتۇمىنى تۈگۈپ ئۈزاققىچە ئۆزىنى باسالماي سۈكۈتتە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئوت كۆيۈۋاتاتتى، ۋەھ-

شى دۈشمەننىڭ ئاخىر بىر كۈنى ھەسسىلەپ بەدەل تۆلەيدىغانلىقىغا، بۇ كۈنلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئۇزاق قالمىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى!

ئەخمەت ئەپەندىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ نىلقا ناھىيە سۇپتاي يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق دادىسى ھېزىم موللىنى (ھېزىمئاخۇن شۇ مەھەللىنىڭ ئىمامى ۋە ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى «ھېزىم موللا» دەپ ئاتىشىدىكەن) چاقىرىپ كەلدى. بۇ ئادەم بىزنىڭ ئۆيگە خۇددى چوڭ بىر خۇش خەۋەر ئاڭلايدىغاندەك كىرىپ كەلدى، مەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ سالام بەردىم.

ھېزىمئاخۇنكام ئوغلىنىڭ قۇربان بولغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىكەن.

— ئەخمەت ئەپەندىم قېنى، مېنى نېمىگە چاقىرتىپتۇ، نېمە خۇش خەۋەرلەر باركىن دەپ ئالدىراپ كەلدىم، — دېدى ھېزىمئاخۇنكام بوسۇغىدىن ئاتلاپلا. ئاڭغىچە ئەخمەت ئەپەندىم ئىتتىك چىقتى - دە، ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى ۋە ھېزىمكامنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. مەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بىر پىيالە چاي كۆتۈرۈپ كىرىشىمگە، بۇ ئادەمنىڭ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتكىنىنى ئاڭلىدىم، ھېزىم موللا ئوغلىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلايدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەن. ھېزىمكام ئەس - ھوشىنى يوقاتقاندەك قىلاتتى، داد - پەرياد ئىچىدە ئۈن سېلىپ ئىچى - ئىچىدىن ئېزىلىپ يىغلايتتى، يېشىنى سۈرتىدىغانغا قول ياغلىقىمۇ يوق ئىكەن، ئۈچىسىغا كىيىۋالغان قارا پەرىجىسىنىڭ پېشىگە ياشلىرىنى ئېرتىپ ھۆل قىلىۋېتىپتۇ. مەنمۇ كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈشكە ئۈلگۈرەلمەي قالدىم.

بۇ چاغدا ئەپەندىم ماڭا قول ياغلىق بېرىشنى ئىشارەت قىلدى، مەن ھېزىم موللامغا بىر لۆڭگە ئەكىرىپ بەردىم، ھېزىم موللامنىڭ شۇ كۈندىكى نالىسىنى ئەسلىسەم ھازىرمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم ناھايىتى قايغۇلۇق ھالدا بۇ ئاقساقالغا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئىككى ئىنىسىنىڭمۇ ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن بىللە ۋەھشىيلەرچە قەتلى قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى ۋە: «ئىنقىلابچىلارنىڭ قېنى بىكارغا ئاقمايدۇ. كەلگۈسىدە ئاشۇ جاللاتلاردىن قان قىساسىمىزنى ھەسسىلەپ ئالىمىز» دەپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف جەنۇبىي يۆنىلىش ئۇرۇشىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىككى ئىنىسىنىڭ ل. مۇتەللىپ بىلەن بىللە قەتلى

قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ئەخمەتجان ئۆز ئىنىسىدەك بولۇپ قالغان ئابدۇكېرىمدىن سەمىمىي ھال سورىدى، مۇئاۋىن قوماندان ئىسھاقبېك ھال سوراپ كېلىپ، جەڭچى ـ ئوفىتسېرلىرىمىزنىڭ قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، قۇربانلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئابدۇكېرىم ئىچ ـ ئىچىدىن قاتتىق غەزەپكە كەلگەن بولسىمۇ، كۆزىدىن بىر تامچىمۇ ياش تۆكمىدى. ئۇ قولىدىكى قورالىنى چىڭ سىقاتتى، كۆڭلىدە ئىنتىقام ئوتى يالقۇنجايتتى.

ئۈچ يۆنىلىش سېپىدىكى جەڭدىن كېيىن گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئاران ئالتە باتالىيونلا ئەسكىرىي كۈچى قالدى، ئۈرۈمچى خەۋپ ئىچىدە قالغانىدى. ئامېرىكا قوراللىرى بىلەن قوراللانغان گومىنداڭ قوشۇنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاچقا، ھالسىراپ جېنى تومشۇقىغا كېلىپ قالغان گومىنداڭ دائىرىلىرى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى.

9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شىخو، جىڭ ئۇرۇشلىرى بىزنىڭ غەلىبىمىز بىلەن ئاخىرلاشتى، بۇ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ پۈتكۈل شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار بولغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇڭا، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى 7 ـ نويابىر ئىنقىلابىنى تەبرىكلىگىنىگە ئوخشاش، 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىنى «غالىبىيەت كۈنى» دەپ خاتىرىلەيدىغان بولدى.

ئۈچ يۆنىلىشتىكى جەڭ غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى، جەڭلەردە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن جەڭچى ـ ئوفىتسېرلار تەقدىرلەندى.

مەن بۇ يەردە 1946 ـ يىلى 2 ـ ئايدا قاسىمجان قەمبىرى، ئابدۇكېرىم ئابباسوفلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىدىگە سۇنغان دوكلاتى ۋە ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ تەستىقىنى كىتابخانلارنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا سۇندۇم:

## دوكلات

پۈتۈن سوقۇش سەپلىرىدە ئۆز ئۈستىگە تاپشۇرۇلغان پۈتۈن ۋەزىپىلىرىنى ساداقەتلىك بىلەن بېجىرىپ كەلگەن تۆۋەندە ئىسىملىرى يازىلمىش كىشىلەرنى «ساداقەت» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلاشنى لايىق كۆرىمىز.

(1) روزى ھاجىم

(2) سىيىتبېك
(3) ئوسمان داموللام

ئومۇمەن ئەسكەرلىرىمىز ئۆز ئۈستىگە ئالغان قىيىنچە-لىقلارغا قارىماستىن ھۆكۈمەت تاپشۇرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشتا جان پىدالىق قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئايرىم خىزمەت كۆرسەتكەن يۇقىرىقى كىشىلەرنى ھۆكۈمەتكە تەقدىم قىلىمىز. لايىق تېپىلسا، مەزكۇر كىشىلەرنى ھۆكۈمەت ئالدىدا تەقدىرلەپ مۇكاپاتلاشنى سورايمىز.

ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى: قاسىمجان قەمبىرى
ئابدۇكېرىم ئاباسوف
ئاسىلقان
ھۈسەيىن غازى

تېكەس 2 ـ ئاتلىق پولكى كوماندىرى رەھىق بايچۇرىن
*1946* ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ *18* ـ كۈنى

يۇقىرىدىكى دوكلاتقا ئەخمەت ئەپەندىم تۆۋەندىكى تەستىقنى سالغان:

ئاقسۇغا چۈشكەن رەتتىكى ئەسكەرلەر ۋە ئايرىم كوماندىرلار ھەقىقەتتە مىسلىسىز قەھرىمانلىقلار كۆرسەتتى، ئاز مىقداردىكى ئەسكەرلەرنىڭ بىر ۋىلايەتنى ئىشغال قىلىشى ئەلۋەتتە زور باھادىرلىق.

ئەلۋەتتە، ئاقسۇدا خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنىڭ تەقدىرلىنىشىنى قۇۋۋەتلەيمەن.

ئە. قاسىمى
*1946* ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ *19* ـ كۈنى



قىسقىسى، 1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوزغىلىپ، 1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تارباغاي ۋىلايەتلىك ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى، 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شىخو بىلەن جىڭنىڭ ئازاد قىلىنىشى، 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئالتاي ۋىلايەتلىك

ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت زېمىنىنىڭ تولۇق ئازاد قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، مانا بۇ شىنجاڭ تارىخىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى!

ئۈچ يۆنىلىشتىكى جەڭ مەيدانىدا مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىمىز ئىنتايىن زور بەدەل تۆلىدى، مىڭدەك جەڭچى باتۇرلارچە قۇربان بولدى. مانا مۇشۇنداق رېئال مەسىلىلەر ئالدىدا مىللىي ئارمىيەگە قىسىم ئىشتاتىنى كۆپەيتىپ، يېڭى ئىستىھكاملارنى قۇرۇش ھەممىدىن زۆرۈر بولۇپ قالدى. بۇ ئېھتىياجغا ئاساسەن مىللىي ئارمىيە ساۋەندە يېڭىدىن بىر ئاتلىق بىرىگادا قۇردى. بىرىگادا قارمىقىدىكى قىسىملار تۆۋەندىكىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى:

دۆربىلجىن ئاتلىق 4 ـ پولكى ماناستا؛

ئاتلىق 3 ـ پولك ماناستا ؛

تۇڭگان ئاتلىق 10 ـ پولك ساندىخوزىدا ؛

موڭغۇل ئاتلىق 8 ـ پولك ساۋەندە ؛

ئاتقۇچى 4 ـ پولكى يەنسخەيدە ؛

بىرىگادا ئالاقە روتىسى ساندىخوزىدا ؛

بىرىگادا ئامانلىقىنى ساقلاش روتىسى دۆربىلجىندە.

شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن 10 ئاي شىددەتلىك ئېلىشىش جەريانىدا زور قۇربانلىقلارنى بەردى. جۈملىدىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىك قىلغان قوراللىق قوشۇنىنىڭ غەربىي شىمال جەڭ مەيدانىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىكى قوشۇنلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ، شىمالىي شىنجاڭنى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشتىكى كۈچلۈك تايانچ بازىغا ئايلاندۇردى.

# 24. خەلق ۋەكىلى

ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت زېمىنى ئەڭ ئا-
خىرى قورallllىق كۈرەشلەر ئارقىلىق خەلقنىڭ قولىغا ئۆتتى. مىللىي
ئارمىيە غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەپ ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقى-
دىكى ئىستىھكاملارنى ئىگىلىدى. جەڭچىلىرىمىز پولاتتەك جاسارەت ئى-
چىدە مىلتىقلىرىغا ئوقلارنى بەتلەپ، بۇيرۇق چۈشكەن ھامان تاغنى تال-
قان قىلىدىغان جاسارەت بىلەن ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم باشلاشقا تەييار تۇرات-
تى. بۇ ۋاقىتتا، خەلقئارادا فاشىزمغا قارشى كۈرەش ھەل قىلغۇچ غەلى-
بىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى.

ھەممىگە مەلۇم، 1945 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئامېرىكا،
ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت، سوۋېت ئىتتىپا-
قىنىڭ قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى يالتا دىگەن يەردە، ئىنتايىن مۇھىم بىر
يىغىن ئاچتى. يىغىنىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى مۇنداق:



گىتلېر گېرمانىيەسىنىڭ تەسلىم بولۇشىغا ساناقلىقلا ۋاقىت قال-
دى. ئەمدىكى مەسىلە، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى قانداق قىلىپ تەسلىم
قىلدۇرۇش مەسىلىسى.

نەچچە كۈنلۈك مۇزاكىرىدىن كېيىن، 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى
«يالتا كېلىشىمى» مەخپى ئىمزالاندى. كېلىشىمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى
تۆۋەندىكىدەك:

سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىغا ئەسكەر چىقى-
رىپ، ياپون تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنى يوقىتىدۇ؛ سوۋېت ئىتتىپاقى
جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مەنپەئەتى مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ.

يىغىن يەنە شىنجاڭ مەسىلىسىگىمۇ بېرىپ تاقىلىپتۇ. يىغىندا
سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا يول قو-

يۈش، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگودا شەرقىي شىمال تۆمۈريولى ۋە لۈشۈن پورتىدىن پايدىلىنىش قاتارلىق مەسىلىلەردە چىڭ تۇرۇپتۇ. يالتا كېلى-شىمىدىكى جۇڭگوغا ئائىت مەسىلىلەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېسىمى ئاستىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن موڭغۇلىيە ۋە شەرقىي شىمال ھەققى-دىكى مەسىلىلەر ھەل بولغاندىن كېيىن، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىگە ئەمدى ئارىلاشمايدىغانلىقى توغرۇلۇق ئېنىق ئىپا-دە بىلدۈرۈپتۇ.

1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈ-مىتى يىغىن ئېچىپ، جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبىتى توغرىسىدا مۇزاكىرە ئۆتكۈزگەندە، جياڭ جيېشى مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى:

«ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمال بىلەن شىنجاڭغا بولغان مەمۇرىي ئىگىلىك ۋە زېمىن پۈتۈنلۈك ھوقۇقىغا كېپىللىك قىلىدىغان، شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن شىنجاڭدىكى توپىلاڭغا ياردەم بەرمەيدىغانلا بولسا، ھۆكۈمىتىمىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە ھەققىدىكى تەلىپىنى ئويلىشىپ كۆرىدۇ.»

يىغىندىن كېيىن جياڭ جيېشى موسكۋادا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان سۇڭ زىۋېنغا ئۇدا ئىككى قېتىم مەخپىي تې-لېگرامما يوللاپ، «ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن، تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا رۇخسەت قىلىش» قا بولىدۇ، ئەمما بۇنىڭدىكى شەرت سوۋېت ئىتتىپاقى «شەرقىي شىمالنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى بىلەن مەمۇرىي پۈتۈنلۈكىنى ئېتىراپ قىلىشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتى-يەسىگە ۋە شىنجاڭدىكى توپىلاڭغا ئەمدى ھېچقانداق ياردەم بەرمەسلىكى كېرەك» دەپ يوليورۇق بېرىپتۇ. سۇڭ زىۋېن جياڭ جيېشىنىڭ تېلېگ-رامما بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئىستالىنغا: سوۋېت ئىتتىپاقى ئەگەر «شىن-جاڭدىكى توپىلاڭ» نى تىنچىتىش قاتارلىق مەسىلىلەردە ۋەدە بېرەلەيدى-غانلا بولسا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە يول قويى-دۇ» دەپ ئىپادە بىلدۈرۈپتۇ. ئىستالىن بۇنىڭغا: «مەيلى يەنئەن بولسۇن ياكى شىنجاڭ بولسۇن، جياڭ ۋېييۈەنجاڭنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى پەقەت گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىلا قوللايدۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپى بويىچە بايانات ئېلان قىلىدۇ ھەمدە سۆڭ زىۋېن- نىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا قورال - ياراغ توشۇشنى توسۇش توغرىسىدىكى تەلىپىگە ماقۇل بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «جۇڭگو - سوۋېت دوست- لۇق - ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» ئىمزالاندى. 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ياپونىيە تەسلىم بولدى.

مانا ئەمدى جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى غەلىبىگە ئېرىشتى. ئەمما غەلىبىدىن كېيىن جياڭ جيېشى كۆرەڭلىگە- نىدىن ئۆزىنى بىلەلمەي، ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى، كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئازاد رايون ۋە خەلق ئارمىيەسىنى يوقىتىشقا ھازىرلاندى. لېكىن ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشتا جياڭ جيېشىنىڭمۇ ئەندىشە قىلىدىغان يەرلىرى بار ئىدى. بى- رىنچىدىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان سەككىز يىل- لىق ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقى دۆلەتنى تىنچ گۈللەندۈرۈش ئارزۇسىدا ئىدى. جۇملىدىن دېموكراتىك پارتىيە - گۇ- رۇھلار، ھەتتا گومىنداڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىر تۈركۈم تىنچلىق- پەرۋەر زاتلار ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇپ تىنچلىقنى تەلەپ قىلاتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتمۇ جۇڭگودا ئىچكى ئۇرۇش بولۇشىنى خالىمايتتى؛ ئۈچىنچىدىن، ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە جياڭ جيېشىنىڭ سەرخىل قوشۇنىنىڭ تولىسى دېگۈدەك جۇڭگونىڭ غەربىي جەنۇب ۋە غەربىي شىمال رايونلىرى- غا چېكىنىپ كەتكەن بولغاچقا، ئازاد رايونلارغا قىلىنىدىغان ھۇجۇمنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئەسكەر يۆتكەش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈشكىمۇ ۋاقىت كېتەتتى. جياڭ جيېشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قەتئىي كۆرەش قىلىشى ۋە پۈتۈن جۇڭگو خەلقى، جۇملىدىن دۇنيا دېموكراتىك جامائەتچىلىكىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش سادالىرى ئىچىدە تىنچلىق نىقابىغا ئورىنىۋالدى. بىر تەرەپتىن ئەسكەر يۆتكىسە، يەنە بىر تەرەپتىن تىنچلىق مۇقامىنى توۋلاپ دۇنياغا داۋراڭ سالدى. ساختىلىق

قىلىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈ-زۈش تەلىپىنى قويدى.

جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ ئىجابىي ئوبرازىنى تىكلەش ئۈچۈن 1945-يىل 8-ئاينىڭ 14-، 20-، 23-كۈنلىرى چۇڭچىڭدىن يەنئەنگە ئۈ-دا ئۈچ قېتىم تېلېگرامما يوللاپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭغا چۇڭچىڭغا كېلىپ گومىنداڭ پارتىيەسى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ھەققىدە تەكلىپ ئە-ۋەتتى. 8-ئاينىڭ 23-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەر-كىزىي كومىتېتى يەنئەندە سىياسىي بيۇرونىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئېچىپ، «ھازىر ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئاياغلاشتى، ئەمدىكى يېڭى باسقۇچ تىنچلىق قۇرۇلۇشى باسقۇچى بولۇشى كېرەك. شۇڭا، مەيلى ئۇ ۋاقىتلىق تىنچلىق بولغان تەقدىردىمۇ، تىنچلىق ئىچىدە خەلققە پايدىلىق بولىدىغان ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش دەۋرىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. جۇملىدىن خەلق مەنپەئەتىنى قوغداش يولىدا، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ، تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈ-چۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش لازىم» دەپ ھېسابلىدى. شۇنداقلا، ئامې-رىكا ھۆكۈمىتى بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ تىنچلىق سۈيىقەستىنى ئېچىپ تاشلاپ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش مۇددىئاسىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى يولداش ماۋ زې-دۇڭ، جوۋ ئېنلەي، ۋاڭ روفېيلارنى ۋەكىل قىلىپ، گومىنداڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن چۇڭچىڭغا ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. 304

1945-يىل 8-ئاينىڭ 24-كۈنى جياڭ جيېشى ئالىي دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى دائىمىي كو-مىتېتىنىڭ ۋاقىتلىق بىرلەشمە يىغىنىدا، شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا مۇنداق ئىپادە بىلدۈرگەنىدى: «خەلقئارادا مىللەتلەر مەسىلىسى ھەل بو-لۇپ قالدى. بىز ئەمدى دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قى-لىشىمىز كېرەك. بىزلەرنىڭ سىياسىتىمىز: دۆلەت ئىچىدىكى ھەر-قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى-نى ھازىرلىمىغانلارغا ياردەملىشىپ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش، چېگرا رايونلاردا ياشاۋاتقان مىللەتلەر ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلالايدىغان بولغاندا ئۇلارغا مۇختارىيەت بېرىشتىن

ئىبارەت».

دەرۋەقە، جياڭ جيېشىنىڭ بۇ باياناتى ئۇچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆ-كۈمىتىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىدى. لېكىن شىنجاڭدىكى تىنچلىق سۆيەر خەلق جياڭ جيېشىنىڭ ساختا قىياپىتىنى دەرھال تونۇپ يېتەلمەي، جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ دۇنيا فاشىزمىنى يوقاتقان تۆت چوڭ دۆلەت ئىچىدىكى بىر دۆلەتنىڭ «داھىيسى»، ئۇ «... چېگرا رايونلاردا ياشاۋاتقان مىللەتلەر ئۆ-زىنى ئۆزى ئىدارە قىلالايدىغان بولغاندا ئۇلارغا مۇختارىيەت بېرىلىدۇ» دەپ ئۆز ئاغزى بىلەن ئېلان قىلغانىكەن، بۇ سۆزسىز شىنجاڭدىكى مىل-لەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە جەزمەن ئەمەلگە ئاشىدۇ دەپ جياڭ جيې-شىغا ئىشىنىپ قالدى.

ئەخمەت ئەپەندىم كېيىنكى ۋاقىتلاردا نېمە ئۈچۈن مىللىي ئارمى-يە ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە قىلىۋاتقان چاغدا ھۇجۇمنى توختىتىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلدۇق دېگەن مەسىلە ئۈستىدە توختالغىنىدا، جياڭ جيېشىنىڭ يۇقىرىقى بايانا-تىنى كۆپ قېتىم كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى.

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ئوقۇر-مەنلىرىمىز كېيىنكى مەزمۇنلاردا ئوقۇيدۇ.

305 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ ئىـ-شەنچلىك ئادىمى، گومىنداڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتى سىياسىي بۆلۈ-مىنىڭ باشلىقى، 2 - دەرىجىلىك گېنېرال پولكوۋنىك، ئۆمرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن جەڭ قىلىپ باقمىغان گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېرالى دەپ قارالغان جاڭ جىجوڭ ئەپەندىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ۋەكىللىرىنى ئەكېلىش ئۈچۈن يەنئەنگە ئەۋەتتى.

8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ماۋ زېدۇڭ، جوۋ ئېنلەي، ۋاڭ روفېي قا-تارلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋە-كىللىرى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خېرلىېينىڭ ھەمراھلىقىدا، جاڭ جىجوڭ ئەپەندىنىڭ باشلىشى بىلەن مەخسۇس ئايرو-پىلاندا چۇڭچىڭغا يېتىپ كەلدى.

چۇڭچىڭ سۆھبىتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە

قىلغاندىن كېيىن گومىنداڭ پارتىيەسى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىنتايىن مۇھىم سۆھبەت ئىدى. بۇ سۆھ-بەت 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى باشلىنىپ جەمئىي 43 كۈن داۋاملىشىپ، 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاخىرلاشتى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ جۇڭگودا تىنچلىق يولى بىلەن دۆلەت قۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە جياڭ جيېشى بىلەن كۆپ قېتىم بىۋاسىتە سۆزلەشتى. ئالاقى-دار مەسىلىلەر ھەققىدىكى كونكرېت سۆھبەتلەر ئاساسەن جۇڭگو كوم-مۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ۋەكىلى يولداش جوۋ ئېنلەي ۋە يولداش ۋاڭ روفېي، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ۋاڭ شىجيې، جاڭ چۈن، جاڭ جىجۇڭ، شاۋلىزىلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلدى. ئەمما ھەر ئىككى تە-رەپ ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىنكى دۆلەت قۇرۇش فاڭجېنى ھەققىدە ئوخشىمىغان كۆزقاراشتا بولدى.

جياڭ جيېشىنىڭ بۇ قېتىمقى سۆھبەتتىكى فاڭجېنى مۇنداق: سى-ياسىي جەھەتتە دېموكراتىيە، ئەركىنلىك توغرىسىدا قۇرۇق ۋەدە بې-رىش، لېكىن «مەمۇرىي بۇيرۇق، ھەربىي بۇيرۇقلارنى بىرلىككە كەلتۈ-رۈش» دېگەن نام ئاستىدا، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئازاد رايون بىلەن خەلق ئارمىيەسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش. شۇ مەقسەتتە ئۇ بىر تەرەپتىن ھەربىي كۈچىنى يۆتكىسە، يەنە بىر تەرەپتىن جېنىنىڭ بارىچە تىنچلىق دەپ جار سالدى: كۆرۈنۈشتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قانۇ-نىي ئورنى، شۇنداقلا باشقا دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق فاڭجېنىنى ئېتىراپ قىلىپ، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى ئېچىشقا ۋەدە بەردى؛ لېكىن ئازاد رايون ھاكىمىيىتىنىڭ ۋە خەلق ئارمىيەسىنىڭ قا-نۇنلۇق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقا قەتئىي قوشۇلمىدى. دېمەك، بۇ مە-سىلە سۆھبەتتە تالاش - تارتىش قىلىنىدىغان نېگىزلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە ۋەكىللىرى ئىككى پارتىيەنىڭ سۆھبەتلەشكەن ئاساسلىق مەسىلىلىرى ئاساسىدا 11 ماددىلىق تېزىسنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرىگە تاپشۇردى. تېزىسنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى تىنچ يول بىلەن دۆلەت قۇرۇش فاڭجېنىنى قارارلاشتۇرۇش، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار-نىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلىش؛ ئازاد رايونلاردىكى ھاكىمىيەت

ۋە ياپونغا قارشى قوشۇنلارنى ئېتىراپ قىلىش، گومىنداڭنىڭ مۇستەبىتلىككە خاتىمە بېرىش، شۇندىلا ئاندىن جياڭ جيېشىنىڭ داھىيلىق ئورنىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى گومىنداڭ ۋەكىللىرى جياڭ جيېشىنىڭ 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ چىققان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى» غا ئاساسەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئوتتۇرىغا قويغان 11 ماددىلىق تېزىسقا يازما جاۋاب قايتۇردى. «مىللىي قۇرۇلتاي» ۋەكىللىرى كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ قانۇنلۇق ئورنى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە كونترول قىلىپ تۇرغان ئازاد رايونلارنىڭ قانۇنىي ئورنىدىن ئىبارەت ئۈچ مەسىلە ئۈستىدە بىرلىككە كەلگەن پىكىر ھاسىل قىلالمىغاچقا، تالاش - تارتىش تۈگىمەي، مەسىلە ھەل بولمىدى. سۆھبەت مەزگىلىدە گومىنداڭ كۈچلۈك ھەربىي قوشۇنى بىلەن شاڭدىڭ ئازاد رايونىغا ھۇجۇم قىلدى.

گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان، رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن جياڭ جيېشى تېخى بىر پىكىرگە كېلەلمەيۋاتقان چاغدا، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىۋاتقانلىقى، خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن غەلىبىگە ئېرىشىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر جياڭ جيېشىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭدا بولۇۋاتقان ئۇرۇش ھەققىدە جياڭ جيېشىغا كەينى - كەينىدىن تېلېگرامما بېرىۋەردى. تېلېگراممىدا مەركەزدىن ئەسكەر ئەۋەتىش ۋە ھەربىي تەمىنات، ماددىي ئەشيا يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش بىلەن تەڭ، بۇ مەسىلىنى مەركەزدىن چوڭ بىر ئەمەلدار ئەۋەتىپ ھەل قىلىشنى ئۆتۈندى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ئەڭ خەتەرلىك پەيتكە كەلگەندە، گومىنداڭ 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ سەككىز سائەت ئىچىدە ئۇرۇمچىدىن جياڭ جيېشىغا ئۈچ قېتىم جىددىي تېلېگرامما يوللاپ: «... پىقىر پارتىيە ۋە دۆلەتكە شۇنى مەلۇم قىلىمەنكى، قولۇمدا جەڭگە سالغۇدەك ئەسكەر قالمىدى، سىرتتىن كېلىدىغان ياردەم تېخىمۇ يوق. ئۇرۇمچى خەۋپتە قالدى. ئەمدى پىقىرغا دۆلەت زېمىنى بىلەن ھايات - ماماتتا بىللە بولۇپ، ئۆزۈمنى قۇربان قىلماقتىن باشقا يول قالمىدى... جانابلىرىنىڭ دەرھال دانا تەد-

بىر قوللىنىشلىرىنى سورايمەن...».

1945 - يىلى 9 - ئايدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ شىجيې ئەنگلىيە پايتەختى لوندوندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى مولوتوف بىلەن كۆرۈشۈپ «شىنجاڭ ئىلى ۋەقەسى» توغرۇلۇق پىكىرلەشكەنىكەن. مولوتوف بۇ ۋەقەنىڭ «ۋاقىتلىق ھادىسە» ئىكەنلىكى، ئۇزاققا بارماي بېسىقىدىغانلىقى ھەققىدە ئوچۇق ئىپادە بىلدۈرگەنىكەن. جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ۋەدىسىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاشكارا سورۇنلاردا «شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى خالايدىغان» لىقىنى بىلدۈردى.

1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكە رەئىسى ۋۇ جۇڭشىن گومىنداڭ مەركىزىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە خاس ۋەكىلى ليۇ زېرۇڭغا، ئۆزىنىڭ شەخسىي نامى بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى يېفسىيېف بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىشنى ۋە يېفسىيېفنىڭ «ئىلى توپىلاڭچىلىرى» بىلەن ئۆزلىرىنى كېلىشتۈرۈپ قويۇشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سوراپ بېقىشنى بۇيرۇپتۇ. يېفسىيېف بولسا ئىشنىڭ كونكرېت چارىسى تېپىلغاندىن كېيىنلا، ئاندىن موسكۋاغا مەلۇم قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ، قانداق؟ قوزغىلاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى زادى قانداق؟ ئارقا - ئارقىدىن ئۈزۈلمەي يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار جياڭ جيېشىنى چۇڭچىڭدا كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىراشلىقىدا يۈرۈۋاتقان جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنى تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل قىلىپ شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى كۆزىتىپ بېقىشقا ئەۋەتىشكە مەجبۇر قىلدى.

1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى گېنېرال جاڭ جىجۇڭ بۇيرۇققا بىنائەن مەسئۇد سەبرى، ئەيسا ئالىپتېكىن، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا، ليۇ مېڭچۈن، ۋاڭ زېڭشەنلەرنى ئېلىپ چۇڭچىڭدىن مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى كۆزەتكەندىن كېيىن، مەسىلىنى ئۇرۇش يولى بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت سىياسىي يول بىلەنلا ھەل قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە

ئۇرۇمچىدە پەقەت تۆت كۈن تۇرۇپ، 16 ـ چېسلا چۆچەككە قايتىپ كەتتى.

1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پېتروف گومىنداڭ ھۆكۈمىتى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىغا بىر باياناتنامە تاپشۇردى. ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

> سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتىگە يوللىغان مەلۇماتىدا ئېيتىلىشىچە، مۇسۇلمانلاردىن بىرقانچە ئادەم كونسۇلغا ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خەلقىنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، كونسۇلغا رۇسىيەلىكلەرنى قوزغىلاڭچىلار بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشتا كېلىشتۈرگۈچى بولۇپ بەرسە دەپ ئىلتىماس قىلىپتۇ. قوزغىلاڭچىلار جۇڭگودىن ئايرىلىش ئويىنىڭ يوقلۇقىنى، ئۇلار شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىق تەشكىل قىلىدىغان جايلاردا، مەسىلەن، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋە قەشقەر رايونلىرىدا مۇختارىياتنى يولغا قويۇشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇ ۋەكىللەر ئوتتۇرىدا مۇشتىكى شىنجاڭ ئۆلكە دائىرىلىرىنىڭ ئۇلارنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئېزىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىپتۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا چېگراداش رايونلىرىنىڭ ئامانلىقى ۋە تەرتىپىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىدىن، ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى خالىسا، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەزىيەتنى تەكشۈرۈشكە غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ياردەم بېرىشكە تەيىنلىمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ.
>
> *1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى*



ئەمدى چۆچەكنىڭ سۆھبەتكە كېلەيلى: گومىنداڭ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى چوڭ ئىشلاردا بىرلىككە كېلىش، كىچىك ئىشلاردا تەرگىشۋەرمەسلىك، ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇش پرىنسىپى

بويىچە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن، 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋەكىللىرىنىڭ سۆھبەت خاتىرىسى»، يەنى «10 ـ ئۆكتەبىر كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. «سۆھبەت خاتىرىسى» دە تىنچ يول بىلەن دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئاساسىي فاڭجېن، سىياسىي ئىشلاردا دېموكراتىيەنى يولغا قويۇش، مىللىي قۇرۇلتاي، پارتىيە ـ گۇرۇھلار ھەمكارلىقى، بارلىق قوراللىق قوشۇنلارنى دۆلەت باشقۇرۇش، ئازاد رايونلاردىكى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر قاتارلىق 12 مەسىلە ئۈستىدە گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيەدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ نۇقتىئىنەزەرى شەرھلەندى. لېكىن خەلق ئارمىيەسى بىلەن ئازاد رايون ھاكىمىيىتى مەسىلىسى ۋە ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە يەنىلا ئېغىر ئىختىلاپلار ساقلاندى. 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئايروپىلان بىلەن يەنئەنگە قايتىپ كەتتى. جوۋ ئېنلەي بىلەن ۋاڭ روفېي يەنىلا گومىنداڭ بىلەن داۋاملىق سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن چۇڭچىڭدا قالدى.

بۇ چاغدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان چوڭ ئۆزگىرىشلەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىۋاتاتتى.

«10 ـ ئۆكتەبىر كېلىشىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن جياڭ جيېشى رادىيو نۇتقى سۆزلەپ، جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن ئۇرۇش توختىتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. نۇتقىدا يەنە «ئۈچ مەسلەك» نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرىدىغانلىقىنى، ئىككى تەرەپ تۈزگەن كېلىشىمگە رىئايە قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ مەسىلىسىنىمۇ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. روشەنكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىشى، ئوبيېكتىپ جەھەتتە، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىشقا ئىنتايىن مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى. 

شۇنىڭ بىلەن جياڭ جيېشى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئە-

ۋەتتى. مېڭىشتىن بۇرۇن جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى جياڭ جيېشىدىن تۆۋەن-دىكى ئۈچ پىرىنسىپنى تەلەپ قىپتۇ: «بۇرۇنقى يۇقىرى بېسىم سىياسى-تىنى ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭ خەلقىگە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە باراۋەرلىك ھوقۇقى بېرىش؛ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە مۇناسى-ۋەتنى ساقلاش؛ ئۆزىگە شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا تولۇق ھوقۇق بېرىش».

بۇ چاغدا، جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە باش قا-تۇرۇشقا چولىسى تەگمەيتتى. شۇڭا جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنى شىنجاڭ مە-سىلىسىنى تولۇق ھوقۇق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا تەيىنلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ ئۈچ پىرىنسىپىنى قوبۇل قىپتۇ ھەم-دە «شىنجاڭ مەسىلىسىنى تولۇق ھوقۇق بىلەن بىر تەرەپ قىلىڭ، قانداق مەسىلە بولسا ھەرقاچان تېلېگراممىا بەرسىڭىز بولىدۇ» دەپ يولىيورۇق بېرىپتۇ.

جاڭ جىجۇڭ ئوقۇمۇشلۇق، مەسىلىلەرگە خېلى ئەتراپلىق ۋە ئوبې-يېكتىپ قارايدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا يازغان «ئۈرۈم-چى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر» دېگەن كىتابىنىڭ بېشىدا شىنجاڭ تارىخىدىكى زىددىيەتلەرگە بولغان قارىشىنى بايان قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:



«چىڭ سۇلالىسىدىن تارتىپ تا جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدە ئۆتكەن شېڭ شىسەينىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاش-قانغا قەدەر، بۇ زېمىندا مۇستەملىكىچىلىك سىياستى ھۆكۈمران-لىق قىلدى. شىنجاڭ خەلقى زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيەگە چىدىماي قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەندە، ھۆكۈمرانلار ھامان قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇپ كەلدى، باستۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، داۋاملىق دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە يۈرگۈزدى. دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە ھەددىدىن ئېشىپ كەت-كەندە، خەلق يەنە قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ئىش مۇشۇ يوسۇندا توختىماي تەكرارلىنىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ تارىخى مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش تارىخى بولۇپ

شەكىللەندى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي
جەھەتلەردە ئەزەلدىن ھېچقانداق ئورنى بولماي كەلگەن بو-
لۇپ، قانداقتۇر دېموكراتىيە ـ ئەركىنلىكتىن سۆز ئاچقىلى بول-
مايتتى. مانا بۇلار مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىكنى كەلتۈ-
رۈپ چىقارغان.» («ئۇرۇمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد
بولغانغا قەدەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى *1987* ـ يىل *5* ـ
ئاي *1* ـ نەشرى، *2* ـ، *3* ـ بەتلەر)

ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى ئەھۋالىمىزغا كەلسەك، گومىنداڭ مەر-
كىزىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان تىنچلىق
سۆھبىتىگە ۋەكىل ئەۋەتىش كېرەكمۇ، يوق دېگەن مەسىلىدە تۆت خىل
ئوخشاشمىغان پىكىر شەكىللىنىپ قالدى. بىرىنچىسى، سۆھبەت ئۆت-
كۈزمەسلىك، ۋەكىل ئەۋەتمەسلىك. سەۋەبى، بىز غايەت زور قۇربان بې-
رىشلەر ئارقىلىق دۈشمەننى يوقاتتۇق، كېلىشىم تۈزۈش ــــ تەسلىمچىد-
لىك. سۆھبەت ئۆتكۈزىمىز دەپ ئۇرۇشنى توختاتساق قارشى تەرەپكە ئا-
رام ئېلىۋېلىش پۇرسىتى بېرىپ قويىمىز ـ دە، كۈچلۈك ئەسكىرىي
كۈچىنى توپلاپ يېڭىباشتىن ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ. ئىككىنچىسى، 312
تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە ۋەكىل ئەۋەتىش. بىز گومىنداڭنىڭ
سەرخىل قوشۇنىنى يوقاتتۇق، جياڭ جيېشى چېگرا رايونلاردىكى خەلققە
مۇختارىيەت بېرىمىز دەپ بايانات ئېلان قىلدى. بىزنىڭ مەركىزىي ھۆ-
كۈمەت بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشىمىز ھەربىي جەھەتتىكى غەلىبىمىز-
نىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتنى يول قويۇشقا مەجبۇر قىلغانلىقىنى بىلدۈرد-
دۇ، دېمەك، بىز جانلىق كۈچلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك. ئۈ-
چىنچىسى، قارشى تەرەپ ئۆز ۋەكىللىرىنى سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە غۇل-
جىغا ئەۋەتسۇن، سەممىيىتى بولسا كېلىشكە جۈرئەت قىلالايدۇ، بىز
قارشى ئالىمىز. ئەگەر گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋەكىل ئەۋەتىش-
كە جۈرئەت قىلالمىسا، ئۇلاردا سەمىمىيەت يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ، بىزمۇ
شۇنىڭغا قاراپ ئىش تۇتىمىز. تۆتىنچىسى، ئەگەر بىز تەرەپ ئۇرۇمچىگە
ۋەكىل ئەۋەتىدىغان بولساق، خەتەر چىقمايدۇ دەپ ئېيتالمايمىز، ۋەكىل-
لىرىمىزنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. گومىنداڭنىڭ

شىنجاڭدىكى ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلەرى ۋەكىللىرىمىزنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىشى ياكى ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. بۇ تەرەپلىرىنى تولۇق ئويلىشىش كېرەك.

يۇقىرىقىدەك تونۇشلارنىڭ پەيدا بولۇشى ئىنتايىن تەبىئىي. جەمئىيەتتە بولسا ھەرخىل كۆزقاراشلار پەيدا بولۇپ غۇلغۇلا كۆپىيىپ كەتتى. بەزىلەر غەزەپ بىلەن: «نېمىشقا دۈشمەن ئالدىغا بارىدىكەنمىز، بىرىپ دۈشمەنگە تەسلىم بولامدىكەنمىز، ئەمىسە ئاققۇزغان قانلىرىمىز بىكارغا كېتەمدۇ؟» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ئەمدى قان تۆكۈلمىسۇن، جياڭ جيېشىنىڭ بىزگە مۇختارىيەت بېرىشكە ماقۇل بولغانلىقى، گومىنداڭنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ» دېيىشتى.

گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى ئۈمىدىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپمۇ ئەتراپلىق ئويلىنىپ بۇنىڭغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتابى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى ۋە جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى تەلەمەت داۋىنىدا تۇرۇۋاتقان مىللىي ئارمىيەگە جەڭگىۋارلىقنى ساقلاپ، ئۆز ئورنىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلدى. لېكىن گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ساختا پۇل تارقىتىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى 99 ـ نومۇرلۇق قارار چىقىرىپ، گومىنداڭنىڭ قەغەز پۇلى ئۈستىگە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ تامغىسى بېسىلغاندىلا، ئاندىن ئۆتىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئېلان قىلدى. قارار مۇنداق:

> ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى 72 ـ نومۇرلۇق، 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى 97 ـ نومۇرلۇق قارارلاردا پۇل ئۈستىگە تامغا باستۇرۇش ۋاقتى گېزىتتە ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن تاماملانمىغان. ئامما مەنپەئەتى كۆز-

دە تۇتۇلۇپ يەنە *15* كۈن ئۇزارتىلغان. لېكىن ئۈچ قېتىم ئېلان قىلىنىسمۇ، يەنىلا ئەھمىيەت بېرىلمىگەن. شۇڭا مۇنداق قارار قىلىندى:

(*1*) تامغا بېسىلمىغان گومىنداڭ پۇلى مۇئامىلىگە كىرگۈزۈلمىسۇن.

(*2*) تامغا بېسىلمىغان پۇللار *10* - ئاينىڭ *3* - كۈنىدىن *18* - كۈنىگىچە بانكا تەرىپىدىن يىغىۋېلىنسۇن.

(*3*) تامغا بېسىلمىغان پۇللار *10* - ئاينىڭ *3* - كۈنىدىن *18* - كۈنىگىچە ئالماشتۇرۇلغاندا *10%* تۆۋەنلىتىپ ئالماشتۇرۇلسۇن.

(*4*) تامغا بېسىلغان پۇلنىڭ قىممىتى ئەسلىدىكىدەك بولىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قوراللىق توقۇنۇش مەسىلىسىنى تىنچلىق سۆھبىتى ئارقىلىق ھەل قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن، 1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى 100 - نومۇرلۇق بۇيرۇقنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:



قەھرىمان، باتۇر ياش جەڭچىلىرىمىز دۈشمەن بىلەن شىددەتلىك ئېلىشىپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايىتىنى ئازاد قىلدى، ئۇنىڭدىن باشقا مۇزارت داۋىنىدىن جەنۇبقا ئۆتۈپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى يوقاتتى، جىڭ، شىخو قاتارلىق جايلاردىكى دۈشمەننىڭ جاھىللىق بىلەن قىلغان قارشىلىقىنى بىتچىت قىلدى، دۈشمەننى يوقىتىپ ئۆزىنى كۈچلەندۈردى... بىراق، بىز ئىنسانپەرۋەرلەرمىز، جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىستىقبالى يالغۇز قان تۆكۈش ئارقىلىق ھەل بولمايدۇ، شۇڭا مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى ئويلىششقا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك قارار چىقىرىلدى:

(*1*) مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن مەسىلىنى قورالسىز ئۇسۇل بىلەن، يەنى تىنچلىق سۆھبىتى ئارقىلىق ھەل قىلىشقا قوشۇلىمىز.

(*2*) ئەگەر مەركىزىي ھۆكۈمەت قوشۇلسا، رەھىمجان سابىر ھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمىنى تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزىدىغان ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىشنى قارار قىلىمىز.

*1945* ـ يىل *10* ـ ئاينىڭ *2* ـ كۈنى، غۇلجا

يۇقىرىقى قارارغا ئاساسەن رەھىمجان سابىرھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمىدىن ئىبارەت ئۈچەيلەن مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ۋەكىلى قىلىپ بەلگىلەندى.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن تىنچلىق سۆھبىتىگە كىملەرنى ۋەكىل قىلىپ تەيىنلەش مەسىلىسى ئەستايىدىل مۇھاكىمە ۋە مۇزاكىرە قىلىندى. دەسلەپتە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزاسى رەھىمجان سابىرھاجى بىلەن تۇڭگان تەرەققىيپەرۋەر زات كېرىم ھاجى ئىككىسىدىن بىرسىنى تاللاش مۇھاكىمە قىلىنغان. ھەر خىل سەۋەبلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ ئالدى بىلەن كېرىم ھاجى ئويلىشىلغان. لېكىن كېرىم ھاجى «ياشىنىپ قالدىم، سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، مەدەنىيەت سەۋىيەمۇ دېگەندەك يۇقىرى ئەمەس» دەپ ئۆزرە ئېيتىپ تۇرۇۋاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، نۇرغۇن جەڭلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن، بەستلىك، سالماق، دۈشمەننى چۆچۈتكۈدەك ھەيۋىسى بار رەھىمجان سابىرھاجى تېخىمۇ مۇۋاپىق نامزات دەپ قارالغان. ئۇنىڭدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل شۇكى، بۇنىڭدا جاڭ جىجۇڭ بىللە كەلگەن مەسئۇت سەبرىنىڭ رەھىمجاننىڭ كىچىك دادىسى ۋە قېيىنئاتىسى ئىكەنلىكى ھەمدە ئۇنىڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى قانۇن چىقىرىش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىمۇ كۆزدە تۇتۇلغان.

رەھىمجان 1940 ـ يىلى مەسئۇت سەبرىنىڭ غۇلجىدىكى چوڭ قىزى تۇمارىس بىلەن توي قىلغان بولۇپ، مەسئۇت سەبرى بىلەن بولغان قېيىنئاتا ـ كۈيئوغۇللۇق مۇناسىۋىتى بىز ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. ئۇ ـ



1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەخمەتجانغا پولكوۋنىكلىق ئۇنۋانى بېرىلدى. 10 ـ ئايدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاندى ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالدى.

نىڭدىن باشقا، رەھىمجان سابىرھاجى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ مەقسىتىنى خېلى ئەتراپلىق چۈشەنگەنىدى، تەسىر كۈچىمۇ خېلىلا بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن رەھىمجان سابىرھاجى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، ئەخمەتجان بىلەن ئوبۇلخەيرى تۆرە سۆھبەت ۋەكىلى بولسۇن دەپ قارار چىقىرىلدى.

شۇ چاغدا يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر «ئەخمەت ئەپەندىم زېرەك، ئۆتكۈر، ئۆمەك باشلىقى بولسۇن» دېگەندەك تەكلىپلەرنىمۇ بەرگەن. لېكىن ئەپەندىم كىچىك پېئىللىق بىلەن ئىپادە بىلدۈرۈپ: «مەن تېخى ياش، ئەمەلىي تەجرىبەم يېتەرسىز، رەھىمجان ئاكام ياشتا چوڭ، تەجرىبىسىمۇ

مول، مەن رەھىمجان ئاكامغا كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ياردەملىشىشتىن ھەرگىز باش تارتمايمەن، يەنىلا رەھىمجان ئاكامنىڭ ئۆمەك باشلىقى بولغىنى تۈزۈك» دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، سۆھبەت ۋەكىللىرى بېكىتىلىپ يولغا چىقىش ئالدىدىكى ھۆكۈمەت يىغىنىدا تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتا يەنە تەكىتلەپ كۆرسىتىلدى:

(1) ۋەكىللەر تولۇق ھوقۇقلۇق ھالدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن رايونلارغا ۋاكالىتەن مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزسۇن، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، غالىبىيەت مېۋىسىنى قوغدىسۇن.

(2) ۋەكىللەر گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونغا بارىدۇ، ھەر ۋاقىت قۇربان بېرىش خەۋپى يوق ئەمەس، شۇڭا تولۇق تەييارلىق قىلىپ قويسۇن.

ۋەكىللەر خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن گومىنداڭنىڭ ئۇۋىسىغا بېرىپ «يولۋاس ئۇۋىسىغا قورقماي كىرىش» تەك باتۇرانە روھ بىلەن خەلق تاپشۇرغان مۇھىم تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا تەييارلاندى.

بۇ ئۈچ ۋەكىل ئىچىدە ئەخمەتجان ھەممىدىن ياش بولۇپ، 31 ياشتا، رەھىمجان 39 ياشتا، ئوبۇلخەيرى تۆرە بولسا 55 ياشتا ئىدى.

1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى.

مانا ئەمدى ئەخمەت ئەپەندىم يولۋاس ئۇۋىسىغا كىرىپ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت مۇھىم ھەمدە خەتەرلىك ۋەزىپىنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى. جۈملىدىن ھېچنېمىدىن قورقماس روھ بىلەن خەلق تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاش يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ، دۈشمەن بىلەن ئاداققىچە كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىدى. بىر تەرەپتىن، ئۇ دۈشمەننى قەتئىي يېڭىش ئىرادىسىگە كەلدى، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ قېتىمقى سۆھبەتنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەپ، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەردائىم ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلىشقا تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ قويدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئەپەندىم قولتۇقىغا بىرمۇنچە ماتېرىياللارنى

قىستۇرغان ھالدا ئىتتىك ئۆيگە قايتىپ كەلدى، ئۇ ئولتۇرۇپ ماتېرى-ياللارنى سىنچىلاپ ئوقۇيتتى، خاتىرە دەپتىرىگە بىرنېمىلەرنى كۆچۈ-رەتتى، بەزى ھۆججەتلەرنى رەتلەپ سومكىسىغا سالاتتى.

ۋاقىت بىر يەرگە بارغاندا ئەپەندىم ماڭا:

— ئەتە راياز دېگەن بالا كېلىپ ئۆيدە ماتېرىيال كۆچۈرىدۇ. مەن كېلەلمەي قالسام، تاماق بېرىپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىنى ئورۇنلىشىغا ئىمكاند-يەت يارىتىپ بېرىڭ! — دېدى.

— نېمە ئىش بۇنچىۋالا جىددىي؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدىم مەن.

— كوچىلاپ سورىغىلى تۇردىڭىزغۇ، مەن ئۇرۇمچىگە بارىدىغان بولدۇم، بىز گومىنداڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشكە بارىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى ئەپەندىم، — ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش توختىتىش ھەق-قىدە سۆزلىشىمىز، ئۆز لايىھەلىرىمىزنى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. را-ياز كېلىپ مېنىڭ تۈزۈپ چىققان ماتېرىياللىرىمنى كۆچۈرۈپ تەييار قىلىدۇ.

بۇنى ئاڭلاپ مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى.

— نېمە دەيسىز، ئۇرۇمچىگە؟ ئۇ يەردە گومىنداڭ بار تۇرسا!

ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭ كاللامدا گومىنداڭ دېگەن ئۇرۇمچى، ئۇرۇمچى دېگەن گومىنداڭ ئىدى!

— ياق، بارماڭ! — دەپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالماي ۋارقىرىۋەتتىم مەن، — دۈشمەننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىڭىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرەمسىز؟ دۈش-مەننىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ، ئەگەر ئۇلار سىزنى ئالدىغان بولسا قانداق قىلىسىز؟

ئەپەندىم مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— خېنىم - خەتەر يوق ئەمەس، بار! لېكىن بىز بارمىساق قورقتى دەيدۇ. ئەمما بىزنىڭ ئۇلاردىن قورقىدىغان يېرىمىز يوق. ماناس دەرياسى-دا قىسىملىرىمىز ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە دائىم تەييار، گومىنداڭ بىزگە ھەرگىز تېگەلمەيدۇ! — دەپ قەتئىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى - دە، مېنىڭ بىرەر قۇر كىيىم تەييارلاپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى.

ئەتىسى راست دېگەندەك، ئەخمەت ئەپەندىم راياز ئىسىملىك بىر ياشنى باشلاپ كەپتۇ. مەن كاڭدىكى كىگىزنىڭ ئۈستىگە شىرە قويۇپ، كۆرپە سېلىپ بەردىم، چاي دەملىدىم. ئۇ ئىككى كۈن ئولتۇرۇپ ماتېرد-

يال رەتلىگەندىن كېيىن، تەييارلىق خىزمەتلىرى بىرەر قۇر پۈتكەندەك
بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بەلگىلەپ بەرگەن سۆھ-
بەتكە كېرەكلىك ماتېرىياللار ئىكەن.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئەخمەت ئەپەندىم يولغا چىقىشقا تەييارلان-
دى. دادام بىلەن موماملار ئادىتىمىز بويىچە قوي سويۇپ كىچىك نەزىر
قىلدى. دۇئا قىلىپ ھەممىمىز ئۇنىڭ سەپىرىگە ئامانلىق تىلىدۇق. ئەخ-
مەت ئەپەندىم بىزنىڭ قىلىۋاتقانلىرىمىزغا قاراپ مىيىقىدىلا كۈلۈپ
قويدى ھەمدە ئەنسىرىمەسلىكىمىزنى تاپىلىدى. ئۈرۈمچىدىكى تۇغقانلىرى
بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىدىن خە-
ۋەر ئالالماي ئەندىشە ئىچىدە يۈرگەن بىرمۇنچە ئادەملەر ئەخمەت ئەپەن-
دىمنىڭ ئۈرۈمچىگە بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا يازغان
خەت - چەكلىرىنى ئېلىپ، ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ يەتكۈزۈپ بېرىشىگە
ھاۋالە قىلىش ئۈچۈن ئۆيىمىزگە كېلىشتى.

1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى رەھىمجان سابىرھاجى، ئو-
بۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋەكىل تىنچلىق سۆھ-
بىتى ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ
ئۈرۈمچى سەپىرىگە ئاتلاندى. بۇ كۈنلەردە ھاۋا خېلىلا سالقىنلاپ قالغان-
دى. شۇ كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم ئەتىگەن تۇرۇپ ئۈستىگە گىمناستۇركا،
گەلەپى شىم، قارا خۇرۇم چاپان، پۇتىغا رابوچى ئۆتۈك، بېشىغا قارا كۆل
تۇماق كىيدى. ئىشىك ئالدىغا كالاسكىمۇ يېتىپ كەلدى. كالاسكىدىن
ئىككى ياش جەڭچى سەكرەپ چۈشۈپ ئەپەندىمگە چاس بېرىپ ھۆرمەت
بىلدۈردى. مەن ئىچىمدە ئامانلىق تىلەپ، ئەپەندىمنىڭ چاپىنىنى يېپىن-
چاقلىغىنىمچە ئىشىك ئالدىغا ئۈزىتىپ چىقتىم. ئەپەندىم ماڭا بۇرۇلۇپ
قاراپ پەس ئاۋازدا:

— ئەگەر قايتىپ كېلەلمەي قالسام، ئەھۋالنى ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم
سىزگە ئۇقتۇرىدۇ، — دېدى.

بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟ نەچچە كۈندىن بېرى بۇنداق گەپنى قىلمىغا-
نىدىغۇ، راست دەۋاتامدۇ - يا؟! خاتا ئاڭلاپ قالمىغاندىمەن؟ مەن نېمە دې-
يىشنى بىلەلمەي قېتىپلا قالدىم. ئۆزۈمنى زورىغا بېسىۋالدىم. بۇ
چاغلاردا مەن نۇرغۇن ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، ئىشنىڭ يو-

لىنى خېلى ئوبدان بىلىپ قالغانىدىم. ئەپەندىم بىر ئىش قىلىمەن دېسە، ھېچقانداق كۈچ توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنەتتىم.

كالاسكا قوزغالدى، ئەپەندىم ماڭا قاراپ: «خەير ـ خوش» دېدى ـ دە يۈرۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە كەينىدىن قاراپ جايىمدا تۇرۇپ قالدىم. بۇ چاغدا يەر ـ جاھان قاراڭغۇلۇققا چۆمگەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، ماڭا ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئاغزىدىن قان تەپچىپ تۇرغان يولۋاسنىڭ يېنىغا قاراپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى.

مەن ئەنسىزلىك ئىچىدە ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئەپەندىمنىڭ گو-مىنداڭ تەرىپىدىن سىياسىي مەھبۇس قىلىنىپ، ئۈرۈمچىگە يالاپ ئەكې-تىلگەنلىكىنى ئېسىمگە ئالدىم ـ دە، كۆڭلۈم ئاغقاندەك بولدى، ئەمما ئارقىدىنلا «ياق!» دېگىنىمچە كۆزۈمگە لىق تولغان ياشلىرىمنى ئاستا سۈرتۈپ، ئۆزۈمنى تۇزەشتۇرۇۋالدىم ۋە ئۆزۈمگە ئۆزۈم تەسەللى بېرىپ: «ئىككى يىل بۇرۇن گومىنداڭ ئەپەندىمنى سوتلاشقا ئېلىپ ماڭغانىدى، بۈگۈن ئۇ ئۆزىنى سوتلىغان قانخورلارنى سوتلاشقا ماڭدى» دېدىم.

مەن بىرەر شۇم خەۋەرنىڭ كېلىشىدىن قورقاتتىم، ئۇنىڭ تىنچ ـ ئامان قايتىپ كېلىشىگە ئىنتىزار ئىدىم. بىز ئۈرۈمچىنى گومىنداڭنىڭ ئۇۋىسى دەپ بىلگەچكە، ھەممە يەرنى ساقچى قاپلىغان زىندان دەپ تە-سەۋۋۇر قىلاتتىم. لېكىن ئەخمەت ئەپەندىم ھازىر خەلقنىڭ ۋەكىلى، خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەتلەشكىلى كېتىۋاتىدۇ. خەلق ئۇنى ۋەكىل قىلىپ سايلىغانىكەن، خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن بولىدۇ. ئىشىنىمەنكى، ئۇ خەلقنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايدۇ! مەن ئۇنىڭ قەددىنى تىك تۇتۇپ، كۆكرىكىنى كېرىپ ئالۋاستى ئۇۋىسىغا قاراپ باتۇرلارچە كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم. شۇنداقتىمۇ گومىنداڭ ئۇنى يەنە تۇتۇۋالارمۇ؟ ھاياتى خەۋپكە ئۇچرارمۇ؟ ساق ـ سالامەت قايتىپ كې-لەلەرمۇ؟ دەپ ئەنسىرەيتتىم.

مانا مۇشۇنداق تۈگىمەس خىياللار كاللامنى چىرمىۋېلىپ يۈرىكىم پىچاق تىققاندەك ئاغرىيتتى. ئەنسىزچىلىككە تولغان ئاشۇ كۈنلەردە ئۇ-نىڭ تىنچ ـ ئامان، زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كېلىشىنى تىلەيتتىم.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدىن چىقىشىپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت زالىدا يىغىلىپتۇ، يولداشلار بىلەن خوشلىشىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىنىڭ رەسىملىرى چاپلانغان يېشىل تاشلىق ۋەكىللىك گۇۋاھنامىلىرىنى ئېلىپ، ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

## 25. تىنچلىق سۆھبىتى

1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم، رەھىمجان سابىرھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە بىر نەپەر كاتىپ، ئىككى نەپەر مۇھاپىزەتچى بولۇپ، جەمئىي ئالتە كىشى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار يەلكىسىگە ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ تاپشۇرۇقى، تىنچلىق ئارزۇسىنى ئېلىپ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئاتلانغانىدى.

ۋەكىللەر ئىككى كۈن يول يۈرۈپ 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىخوغا بېرىپتۇ ۋە ئالدىنقى سەپتىكى مىللىي ئارمىيە جەڭچى - ئوفىتسېرلىرىدىن ھال سوراپتۇ. 13 - كۈنى شىخودىن ماناس دەرياسى كۆۋرۈكىگە يېتىپ كەپتۇ.

گومىنداڭ قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ قاچقاندا ماناس كۆۋرۈكىنى كۆيدۈرۈۋەتكەنىكەن. بۇ يەر ئۈرۈمچىگە ئاران 140 كىلومېتىر كېلەتتى. مىللىي ئارمىيە بىلەن گومىنداڭ ئارمىيەسى ماناس دەرياسىنى پاسىل قىلىپ، دەريانىڭ ئىككى قېتىدا بىر - بىرىگە قارشى ئىستىھكاملارنى قۇرۇپ، قورال تەڭلىشىپ تۇرۇۋاتاتتى. ماناس دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ دەريا بويلاپ چۇمۇلە ئۇۋىسىدەك زىچ ياسىۋالغان پوتەيلىرى، قاتمۇقات تىكىلىۋالغان قاراۋۇلخانىلىرى، تىكەنلىك سىم توسۇقلىرى ۋە ئاكوپلىرى بىلەن قاپلانغانىدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ خىل قوشۇنلىرىنى ئالدىنقى سەپكە ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ئارىلىقىدا ئۆتكىلى بولىدىغان ھېچقانداق يول يوق ئىدى. غەربىي قىرغاقتىكى مىللىي ئارمىيە قوشۇنى گەمە كولاپ، ئۈستىگە قومۇش ياتقۇزۇپ، جەڭچىلەر تۇرىدىغان گازارما ياساشقانىدى. بۇنداق گەمە ئۆي زىمىلانكا دەپ ئاتىلاتتى.

ئەخمەت ئەپەندىم قاتارلىق ۋەكىللىرىمىزنى ئوتتۇرا يۆنىلىش قوماندانلىق ئىشتابىدىكى جەڭچى ـ ئوفىتسېرلار ماناس دەرياسىنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن كۆۋرۈكىگىچە يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ ۋە قارشى تەرەپكە سىگنال بېرىپتۇ. جەڭچى ـ ئوفىتسېرلىرىمىز ۋەكىللىرىمىزنىڭ ئېھتىياتچان بولۇشىنى قايتا ـ قايتا تاپىلاپ، ئۇلارنى ئاتقا مىندۈرۈپ قارشى تەرەپكە يولغا ساپتۇ ھەمدە: «ئەگەر گومىنداڭ سۈيىقەست قىلغۇدەك بولسا بىزگە بىر ئامال قىلىپ تېزدىن خەۋەر يەتكۈزۈۋەتسەڭلەر. ئالدىنقى سەپتىكى قوشۇنىمىز پۈتۈن سەپ بويىچە شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، جېنىمىزنى تىكىپ قويۇپ بولسىمۇ سىلەرنى قۇتقۇزۇپ چىقىمىز» دەپ ئۆز ئىرادىلىرىنى بىلدۈرۈپتۇ.

جەڭچىلەرنىڭ بۇنداق سەمىمىي ھېسسىياتلىرىنى چۈشىنىشكە بولاتتى.

گومىنداڭنىڭ ۋەكىللىرىمىزنى ئالغىلى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئادەملىرى ماناس دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ شەرق تەرىپىگە كېلىپ تۇرغانىكەن. ۋەكىللىرىمىز سۇنىڭ تېيىز يېرىنى بويلاپ ئىككى سائەتتىن ئوشۇق ئاتلىق ماڭغاندىن كېيىن ئاران دېگەندە ئامان ـ ئېسەن دەريانىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈۋاپتۇ ۋە دەريانىڭ شەرق تەرىپىدە مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان گومىنداڭ مۇداپىئە قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى شۇ رۇچېڭنىڭ «مۇھاپىزىتى»دە، گومىنداڭ تەرەپتىن كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتىلگەن خادىملاردىن جۇڭ دىخۇا، گۇاڭلۇ (ھەر ئىككىلەن شىبە) قاتارلىقلار بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. ئىككى تەرەپ خادىملىرى ئۆزئارا تونۇشلۇق بېرىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ.

بۇ دۇنيانىڭ تارلىقىغا قارىمامدىغان.

ئەخمەت ئەپەندىم «قارا» دېگەندەك بولۇپ ئالدىدىكى ئادەملەرگە قاراپتىكەن، ئارىسىدىكى بىرى تونۇش چىرايلا تۇرغۇدەك. ئەپەندىم بۇ كىشىنى دەرھال تونۇۋاپتۇ، بۇ كىشى گۇاڭلۇ ئىكەن.

— سالامەت تۇرۇپسىز، ھۆرمەتلىك كونسۇل ئەپەندى، — ئەخمەت ئەپەندىم قارشى تەرەپنىڭ سۆزىنى كۈتمەيلا گەپ باشلاپتۇ. گۇاڭلۇ ئەسلىدە 1941 ـ، 1942 ـ يىللىرى شىڭ شىسەينىڭ تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدا ئىشلەپ قايتقان خادىم ئىكەن.

گۇاڭ لۇ شىبە مىللىتىدىن بولۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاش-

كەنتتىكى باش كونسۇلى بولغان. كېيىن شىڭ شىسەي ئۇرۇمچىگە قايتۇرۇپ كېلىپ قولغا ئالغان، ۋۇ جۇڭشىن تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇنى قويۇپ بەرگەن ھەم ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. ئىلقا قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، ۋۇ جۇڭشىن ئۇنى خەلق ئىنقىلابچىلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقە ئورناتقۇچى...

كەنتتىكى باش كونسۇلى بولغان. كېيىن شىڭ شىسەي ئۇرۇمچىگە قايتۇرۇپ كېلىپ قولغا ئالغان، ۋۇ جۇڭشىن تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇنى قويۇپ بەرگەن ھەم ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. ئىلقا قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، ۋۇ جۇڭشىن ئۇنى خەلق ئىشلار نازىرى دېڭ شياڭخەي، تەلئەت مۇسابايېفلار بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھال سوراش ئۆمىكى قاتارىدا ئىلىغا ئەۋەتكەن. كېيىن ئۇ قاراشەھەر ئارقىلىق ئۇرۇمچىگە قېچىپ كېلىۋالغان. شۇنىڭدىن كېيىن جياڭ جيېشى ئۇنى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن چىقىرىش كومىتېتىغا ئەزا قىلغان. ئازادلىق ھارپىسىدا تەيۋەنگە قېچىپ كەتكەن.

— ھوي، بۇ سىزمىدىڭىز، تاشكەنتتە نەچچە كۈن ئۇدا بىزنىڭ كونسۇلخانىغا كېلىپ «ئۆيۈمگە كېتەتتىم، رەسمىيەت بېجىرىپ بەرسەڭلەر» دەپ تۇرۇۋالغان كىشى سىز ئەمەسمۇ، — دەپتۇ گۇاڭ لۇ جاۋابەن.

ئىككىيلەن كونا تونۇشلاردەك راست - يالغان كۈلۈشۈپ، بىر - بىرىگە تۇزۇت قىلىشقاندەك قىياپەتتە ئالغىلى كەلگەن پىكاپقا چىقىپتۇ.

گومىنداڭ قوشۇنى قاچقاندا بۇزۇۋەتكەن ئۆيلەر، پارتلىتىۋەتكەن تاملار، گۇمۇرۇلۇپ كەتكەن ئۆگزىلەر، ساڭگىلاپ قالغان بورىلار... ئىشقىلىپ، ھەممە يەر ۋەيران ئىكەن. ۋەكىللەر ئولتۇرغان كىچىك ماشىنا ماناس بازىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئۇرۇمچىگە ئاران دېگەندە يېتىپ كەپتۇ.

ۋەكىللىرىمىز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە «يېڭى بىنا» دەپ ئاتالغان شىنجاڭ ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان مېھمانخانىغا چۈشۈپتۇ. بۇ يەر شىنجاڭ بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا مەخسۇس مەخپىي ھۆججەت ئالماشتۇرىدىغان ئۆلكىلىك «مەخپىي ئالاقە» پونكىتى ئىكەن (ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق خوجىلىق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئورنى).

ۋەكىللەرنىڭ «بىخەتەر» لىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن دەرۋازا ئالدىغا پوستلار قويۇلۇپتۇ. ئۈچ ۋەكىل ئۇرۇمچىگە كەلگەن كۈنى كەچتە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇلارنى كۈتۈۋاپتۇ.

زىياپەت ئۈستىلى كاتتا تەييارلانغان، ئۈستەلگە ھەر خىل ئىسسىق - سوغۇق تائاملار ناھايىتى چىرايلىق تىزىلغانىكەن. ھەممەيلەن ئۆز ئارا ھۆرمەت بىلدۈرۈشۈپ، ئۆز ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇشۇپتۇ.

قەدەھلەر توختىماي سوقۇشتۇرۇلۇپتۇ. كەينى - كەينىدىن چىقىرىلغان قورۇما - تائاملار ئۈستەلگە تۇشۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا پورۇقلاپ

قايناپ تۇرغان توخۇ شورپىسى كەلتۈرۈلۈپتۇ.

بىر ئازدىن كېيىن، ماناس گومىنداڭ يېڭى 2 - كورپۇس باشلىقى شۇ رۇچېڭ قەدەھ كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ماناس كۆۋرۈكىنى ساقلاۋاتقان قىسىملىرىغا، شۇنداقلا دۆلەت ئارمىيەسىگە ۋاكالىتەن ۋەكىللىرىمىزنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولۇپ سۆز باشلاپتۇ:

— ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر، جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بولغان ئىناقلىقنى ئىزلەپ، گېنېرال جاڭ بۇجاڭنى ئەۋەتمەكچى. خەۋەرگە قارىغاندا، ئەتە يېتىپ كەلگۈدەك. دۆلەت ئارمىيەسى دۇنيادا قۇدرەتلىك دەپ تونۇلغان ياپون جاھانگىرلىكىنى مەغلۇپ قىلدى، ھازىر قوشۇنىمىزنىڭ جاسارىتى ئۈستۈن. روھىمىز مۇشۇ قايناۋاتقان شورپىدەك ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئەپسۇسكى، بەزىلەر بۇنى مۆلچەرلىيەلمەيۋاتىدۇ... — دەپتۇ ئۈستەلدىكى شورپىنى كۆرسىتىپ.

گەپنىڭ مەنىسى ناھايىتى ئېنىق، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى تولا كۆرەڭلىمەڭلەر دېمەكچى. گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، رەھىمجان ئەخمەت ئەپەندىمنى گەپ قىلىشقا ئىشارەت قىپتۇ. ئەپەندىم تەمكىنلىك بىلەن ئالدىدىكى دىقماق قوشۇقنى ئېلىپ شورپىدىن بىر قوشۇق تېتىغاندەك قىپتۇ - دە، تەمكىنلىك بىلەن:

— كورپۇس كوماندىرى جانابلىرى، شورپا ئوخشىغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، تۇزى كەم بولۇپ قاپتۇ، — دېگىنىچە بىر چىمدىم تۇز ئېلىپ شورپىغا ساپتۇ، ئاندىن قەتئىيلىك بىلەن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — شورپا شۇنچىۋالا جىق بولغىنى بىلەن تەمى يوق! بۇ بىر قازان شورپىغا مۇشۇ بىر چىمدىم تۇزلا كۇپايە. جانابلىرىنىڭ قوشۇنى جىق بولغىنى بىلەن، بىزنىڭ مىللىي ئارمىيەمىز ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ھەرقانداق قوشۇنغا خۇددى بىر چىمدىم تۇز بىر قازان شورپىغا تېتىغاندەك تېتىيالايدۇ. ئۇنچە كۆرەڭلەپ كېتىشلىرىنىڭ ھاجىتى يوق!

بۇ ئوبرازلىق ئوخشىتىشنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان زىياپەت ئەھلى ھەر خىل خىياللارغا چۆكۈپ، كەيپىيات بىردىنلا جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ. ساھىبخانا كەيپىياتنىڭ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئانچە - مۇنچە تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قىلىپ، ھۆرمەت قىلغان قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ - دە، سىلىق - سىپايىلىق بىلەن سورۇننى ئوڭشىۋاپتۇ.

گەپتە مات بولغان قوماندان شۇ رۇچېڭ ناھايىتى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، بىر ئېغىزمۇ ئارتۇق سۆز قىلالماپتۇ.

14 ـ كۈنى مەركەزنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى چۇڭچىڭدىن لەنجۇ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ چۇڭچىڭدىكى كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بولغان تىنچلىق سۆھبىتىنى تۈگەتكەن كۈننىڭ ئەتىسى، يەنى 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى يولداش ماۋ زېدۇڭنى ئايروپىلان بىلەن يەنئەنگە ئاپىرىپ قويۇپلا، 12 ـ كۈنى چۇڭچىڭغا قايتىپ كەپتۇ ـ دە، 13 ـ كۈنى ئۇچۇپ، لەنجۇدا بىر كۈن تۇرۇپلا، ئەتىسى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەنىكەن. بۇنىڭدىن بىر كۈن ئاۋۋال ئۈرۈمچىگە كېلىپ بولغان رەھىمجان سابىرھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەت ئەپەندىملەر جۇشقۇن روھتا كەڭ قورساقلىق بىلەن قارشى ئېلىشقا چىققان گومىنداڭنىڭ باشقا ئەمەلدارلىرى بىلەن بىللە ئايرودرومغا چىقىپ جاڭ جىجۇڭلارنى كۈتۈۋاپتۇ.

گېنېرال جاڭ جىجۇڭ كۈتۈۋېلىشقا چىققانلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ ـ دە، ئارتۇق گەپ قىلماي ماشىنىغا چىقىپ شەھەرگە كىرىپ كېتىپتۇ.

بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز ئايرودرومدىن ياتاققا قايتىپ كەلگەندە، جۇڭ دىخۇا جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇلار بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ.

رەسمىي كۆرۈشۈشتىن بۇرۇنقى ئۈچ كۈن جەريانىدا ۋەكىللىرىمىز ئۈرۈمچىدىكى خەلق ئاممىسى بىلەن بىرقەدەر كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بوپتۇ. ھەربىي ۋە ساقچىلارنىڭ زوراۋانلىقلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى كەپتۇ، دېگەن خەۋەر ئۈرۈمچىگە پۇر كېتىپ، خەلق ھەر خىل قىياسلار ئىچىدە خۇشاللىقىدىن توپ ـ توپ بولۇپ غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ، ۋەكىللەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىشىپتۇ.

بۇ يەردە يەنە مۇنداق بىر ئىشمۇ بار:

غۇلجىدا ھەربىي خىزمەت ئۆتەپ، كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ئىچىدە، ئىلگىرى ئۇچقۇچىلار ئەترىتىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ تۇرغان سۇن فۇشېڭ ئىسىملىك بىر گېنېرال مايور بولغانىكەن. ئۆلكىلىك گومىنداڭ پىرقىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، چېن شىخاۋ باش كاتىپلىقىغا، شيي يۇڭسۇن تەلىم ـ تەربىيە باشقارمىسىنىڭ، سۇن فۇشېڭ تەشۋىقات باشقارمىسىنىڭ مۇدىر ھەيئەتلىكىگە تەيىنلەنگەنىكەن. سۇن فۇشېڭ جاڭ جىجۇڭ تەرەپدارلىرىدىن بولۇپ، تەرەققىيپەر-

ۋەر خادىملارنىڭ بىرى ئىكەن. شۇ كۈنى سۈن فۇشىڭ نەنلىياڭدىكى رۇس كۇلۇبىدا ئېچىلغان يىغىندىن چىقىپ، كونا تونۇشى ئۇيغۇر سايرانىنى چاقىرىپتۇ ۋە غۇلجىدىن ئادەم كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، بىللە بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. بەلكى ئۇنىڭغا يۇقىرىدىن غۇلجا ۋەكىللىرىنىڭ ئەھۋالىنى غەيرىي رەسمىي يوسۇندا بىرەر قۇر ئۇقۇپ بېقىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان بولسا كېرەك.

بۇ ئىككىيلەن بىزنىڭ ۋەكىللەر چۈشكەن «مەخپىي ئالاقە» پونكىتىغا كېلىپ، ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپتۇ. پاراڭ ئارىلىقىدا سۈن فۇشىڭ ئۆزىنىڭ غۇلجىدا تۇرغان ۋاقىتلىرىدا، ئۇچقۇچىلىقنى ئۆگىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىغا قاتتىق ئىنتىزام قوللانماي، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكىلەردىن بەزىلىرىنىڭ ئىنتىزامسىزلىق قىلىپ، يەرلىك خەلقنىڭ زىدىتىغا تېگىپ نەپرىتىنى قوزغاپ قويغانلىقىدىن ناھايىتى ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. رەھىمجان ئېغىز ئاچقۇچە ئەخمەت ئەپەندىم سۆز ئېچىپتۇ:

— دېگەنلىرىڭىز ھەقىقەتەن راست، گېنېرال ئەپەندىم، بىراق بۇ بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ قوزغالغانلىقىغا سەۋەب بولالمايدۇ. سىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك يېرى شۇكى، سىز نەچچە يىل غۇلجىدا ئۇچقۇچىلارنى ئىچكىرى ئۆلكىدىن قوبۇل قىلىپ كېلىپ تەربىيەلىدىڭىز، بىراق يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىدىن بىرمۇ ئۇچقۇچى تەربىيەلەپ باقمىدىڭىز، ئەجەبا ئىچكىرىدىكى ياشلار قىلالىغان، ئۆگىنەلىگەن ئىشنى يەرلىك مىللەت ياشلىرى قىلالماسمۇ، ئۆگىنەلمەسمۇ؟ مانا بۇ مەسىلىنىڭ تۈگۈنى، گەپ مىللەتلەر ئارىسىدىكى باراۋەرسىزلىكتە. مانا مۇشۇ ئۇچقۇچىلارنى تەربىيەلەشتەك كىچىككىنە ئىشتىنلا نەنجىڭدىكى ھۆكۈمەتنىڭ يەرلىك مىللەتلەرنى باراۋەر كۆرمەيدىغان سىياسىتى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، شۇڭلاشقىمۇ خەلق قوزغالدى، مانا بۇ تۈپ سەۋەب!

327

پاراڭدىن كېيىن، ئەخمەت ئەپەندىم غۇلجىدىن ئالغاچ كەلگەن خەتلەرنى خالتىدىن ئۈستەل ئۈستىگە تۆكۈپتۇ. ئۇ چاغلاردا كونۋېرتمۇ ناھايىتى كەمچىل بولغاچقا، كۆپىنچە خەتلەر ئۈچ بۇرجەك قىلىپ قاتلانغان، ساغىرىپ كەتكەن قەغەزنىڭ تېشىغا خەت تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئىسمى يېزىلغان ھالدا ئېلىپ كېلىنگەنىكەن. بۇ خەتلەر ئىچىدە ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئۇيغۇر سايرانىغا يازغان خېتى بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا،

تونۇيدىغانلاردىن ئابلىز مۇسابايوفقا، نۇرمۇھەممەت سادىروفقا يېزىلغان
خەتلەرمۇ بار ئىكەن. ئۇيغۇر سايرانى بۇلارنى يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغانلىقىـ
نى بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇستەھكەم ئىنـ
قىلابىي دوستلۇق ئورنىتىلىپتۇ.

ئۇيغۇر سايرانى 1918 - يىل 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تۇرپان ئاسـ
تانە يېزىسىدا مائارىپچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، دادىسىنىڭ ئىسمى ھەيـ
دەر بولۇپ، ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئاپىسى زەينەپ خانىم بۇرھان شەھىدىنىڭ
سىڭلىسى ئىدى. ئۇيغۇر سايرانى 1933 - يىلى ئۈرۈمچىدە رۇس گىمناـ
زىيەسىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، 1934 - يىلىدىن 1938 - يىلىغىچە
موسكۋادا رۇس تىلىدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن. شۇ يىلى ئاـ
لىي مەكتەپتە ئوقۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلـ
گەندە دادىسى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغانلىقتىن، قايتىدىن
سوۋېتكە ئوقۇشقا چىقالماي قالغانىكەن ۋە «جىنايەتچىنىڭ بالىچاقىسى»
دېگەن بوھتان بىلەن ساۋەنگە سۈرگۈن قىلىنغانىكەن. ئۇ 1941 - يىلى
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە ئىشلىگەن، 1943 - يىلى شېڭ شىسەي
تەرىپىدىن تۈرمىگە قامالغان. 1945 - يىلى 6 - ئايدا تۈرمىدىن چىققان.
1946 - يىلى بىتىم ئىمزالىنىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېـ
يىن، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە ئىلى تەرەپ كۆرسەتكەن مەسئۇل
خادىم بولۇپ ئىشلىگەن. شۇ يىلى بۇرھان شەھىدىنىڭ ئىككىنچى قىزى
سۆيۈم بىكە بىلەن توي قىلغان. بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلىنىپ، ئەخـ
مەت ئەپەندىملەر ئىلىغا قايتقاندا، ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندىمۇ 1947 - يىـ
لى 8 - ئايدا غۇلجىغا يوشۇرۇن قايتىپ كەلگەن. 1948 - يىلى «شىنـ
جاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغانـ
دىن كېيىن، ئۇ ئىتتىپاقنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ھەم «ئىتتىپاق» ژۇرنىـ
لىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇيغۇرلاردىن
چىققان تۇنجى دىپلوماتىيە خادىمى بولۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىـ
نىڭ ئالمۇتادا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدا مۇئاۋىن كونسۇل بولغان،
1956 - يىلى ۋەتەنگە قايتقان. لېكىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ھەر
خىل تۆھمەتلەر چاپلىنىپ، ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان، پارتىيە 11 - نۆـ
ۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن نامى
ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ

مۇئاۋىن باشلىقى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ ئىشلى-گەن، 1983 ـ يىلى «تەتقىقاتچى» كەسپىي ئۇنۋانىنى ئالغان، 1990 ـ يىلى 7 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

مەن مۇشۇ ئەسلىمىنى يېزىشقا كىرىشكەن چاغدا ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندى مەسلىھەتچى سۈپىتىدە نۇرغۇن قىممەتلىك پىكىرلەرنى بەرگە-نىدى، 2007 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندى ئۇرۇمچىدە سۆ-يۈم بىكە بىلەن «ئالماس توي» خاتىرە مۇراسىمى ئۆتكۈزگەنىدى. ئەپ-سۇسلىنارلىقى، 2007 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، مېنىڭ بۇ ئەسلىمەم نەشردىن چىقماي تۇرۇپلا ئۇيغۇر سايرانى 89 يېشىدا باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىپ كەتتى.

1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى رەھىمجان سابىرھاجى، ئو-بۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەت ئەپەندىم قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ ئوتتۇرىسى-دىكى تۇنجى قېتىملىق تىنچلىق سۆھبىتى ئۈرۈمچىدە رەسمىي باشلان-دى. لېكىن ئىككى تەرەپ ئۆز مەۋقەسىدىن ئاسانلىقچە قايتمايتتى، بۇ بىر پاكىت. ئەمما تىنچلىق سۆھبىتى ئارقىلىق ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلغىلى بولامدۇ، يوق، بۇ ھەقتە ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ ئۆز ئويى ۋە چۈشەنچىسى بار ئىدى.



تۇنجى قېتىملىق سۆھبەتتە ھېچكىم ھېچكىمنى قايىل قىلالمىدى، بىر ـ بىرىگە قىلچە يول قويمىدى. گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئالدى بىلەن سۆز قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن بۈگۈن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ھەرقايسىڭلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكىمدىن ئىنتايىن خۇشال-مەن، بۇ خۇددى ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلارنىڭ ئۇچراشقىنىغا ئوخشاش ئىش. بىز ھەر مىللەت خەلقى ئەڭ يېقىن قېرىنداشلاردىنمىز، جۇڭخۇا مىنگودىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلە مۇشۇ قېرىنداشلاردىن تەركىب تاپ-قان، بۇ ئۇچرىشىشىمىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ بىر يەردە جەم بولغى-نىغا ئوخشاش... بىز شۇنى ئىنكار قىلمايمىزكى، بۇرۇنقى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بەزەن تەدبىرلىرىنىڭ پۈتۈن ئۆلكىدىكى قې-رىنداشلار ئالدىدا يۈز كېلەلمەيدىغان جايلىرى بار... بىراق، بۇنىڭدىن

كېيىنكى ئەھۋال بۇنداق بولمايدۇ. ھازىر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازاندى، مەركەز خېلى زور كۈچ ۋە زېھنىنى سەرپ قىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىگە قارىيالايدىغان بولدى. مەركەز بۇنىڭدىن كېيىن، مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىشتا قېرىنداشلارنى سۆيۈش روھىنى ئاساس قىلىپ، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىلىم سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادىي، سىياسىي، مائارىپ جەھەتلەردە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ تەلىپىگە لايىقلىشىپ، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

جاڭ جىجۇڭنىڭ «بۇرۇنقى ھۆكۈمەت» دەپ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى تىلغا ئېلىپ ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئۆمەك باشلىقى رەھىمجان سابىرھاجى «ھە... بۇ ئىككىسى ئوخشاشمايدىكەن» دېگەن ئويغا كەپتۇ. جاڭ جىجۇڭنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىدىن كېيىن رەھىمجان بۇ ئادەمدىن مەسىلىنى ھەقىقەتەن ئادىل مەيداندا تۇرۇپ ياخشى ھەل قىلىش سەمىمىيىتىنىڭ بارلىقى چىقىپ تۇرىدۇ، دەپ قاراپتۇ ۋە مەركەز ۋەكىلىنى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھىمايە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلغاندىن كېيىن، مىللىي ئىنقىلابنىڭ نىشانى ۋە قانداق قىلغاندا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنى ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ كونكرېت چۈشەندۈرۈپ قويۇشىنى ئېيتىپتۇ. ئەخمەت ئەپەندىم سالماقلىق بىلەن نۇرغۇن مىسال كەلتۈرۈپ، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە سالغان زۇلمى ۋە ئېكسپلاتاتسىيەسىنى پۈتۈنلەي ئېچىپ تاشلاپتۇ ۋە سۆزىنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاپتۇ:

«... مۇسۇلمانلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ ناھايىتى كۈچىيىپ ۋە كېڭىيىپ بارغانلىقىنى كۆرگەن شېڭ شىسەي بۇرۇنقى ئەھۋالنى ساقلاپ قېلىشنىڭ مۇمكىنلىكى يوق ئىكەنلىكىنى سەزگەندى. ئۇ مۇناسىۋەتنى يوقىتىشنىڭ بىرلا يولى بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ئاساسىدىكى خەلقچىللىق سىياسىتى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مىللەتلەر با-

راۋەرلىكىنى تەمىن ئەتمەك ئۈچۈن يېرىم چارە كۆردى. پۈتۈن ئىدارىلەرگە يەرلىك ئادەملەردىن خىزمەتچىلەرنى جەلپ قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا يەرلىك مۇسۇلمان، موڭغۇل، مانجۇ خەلقلىرى بىلەن خەنزۇ خەلقى ئارىسىدا بىرقەدەر ئىشەنچ پەيدا بولۇشقا باشلاپ، خەنزۇلار بىلەن دوستانە مۇئامىلە باشلاندى. شۇ يول بىلەن خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ۋە ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان شېڭ شىسەي ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەپ ئالغاندىن كېيىن، خەلق ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئىستىبدات ھاكىمىيەتنى ئورناشتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلەر تېخى ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈلگىنى يوق. دېمەك، ئەنە شۇ شېڭ ۋاقتىدىكى ئۇزاق داۋام قىلمىغان، ناھايىتى قىسقا ئۆمۈر سۈرگەن، تولۇق تۇرمۇشقا ئاشمىغان مىللەتلەر باراۋەرلىكى ئاساسىدىكى خەلقچىللىق سىياسىتى ئۆلكىمىزنىڭ تىنچلىقىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى تەجرىبە ئاساسىدا ئىسپات قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قېتىمقى بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز پۈتۈنلەي بىر مىللەتكە قارشى قارىتىلغان ھەرىكەت ئەمەس. بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز ئۆلكىمىزدىكى پۈتۈن مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي باراۋەرلىكىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن قوزغالغان ھەرىكەت. راست، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە، ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە دەخلى بولمىغان خەنزۇ ئەھلىدىنمۇ زەربىگە ئۇچرىغانلىرى يوق ئەمەس، ئۇلار ناھايىتى ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بۇنى بىز ئىنكار قىلالمايمىز. لېكىن، ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سابىق ئىستىبدات ھاكىمىيەت ئەمەلدارلىرىنى ئەيىبلەش كېرەك. چۈنكى، ئۇلار ئەھۋالنىڭ ئەڭ جىددىيلەشكەن مەزگىلىدە خەنزۇ ئەھلىگە قورال تارقىتىپ بەردى. خەنزۇ خەلقى بىلەن ئىستىبدات ھاكىمىيەتنىڭ پەرقىنى ئاجرىتالماي تۇرغان خەنزۇدىن باشقا خەلق قوزغالغاندىن كېيىن، خەنزۇ خەلقىنىڭ قولىدىكى قورالنى كۆرۈپ ‹بىزنىڭ دۈشمىنىمىز خەنزۇ ئىكەن› دەپ ھېسابلاپ قالدى. غۇلجا قوزغىلىڭى كېڭىيىپ ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن غۇلجىدىكى خەنزۇ خەلقى ‹بىزنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيەت بىلەن ھېچقانداق

ئالاقىمىز يوق›، دەپ كەلگەندىن كېيىن، خەلقىمىز ئۇلارغا نىسبەتەن توغرا مۇناسىۋەتتە بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن خەلقىمىز ئىستىبدات ھاكىمىيەتنى ياقلىغۇچى، ئىستىبدات سىياستىنى ھىمايە قىلغۇچى، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان مۇتەئەسسىپ ئۇنسۇرلارنى، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن خەلق مەنپەئەتىنى پۈتۈنلەي سېتىۋېتىدىغان ئۇنسۇرلارنى ئۆزىنىڭ دۈشمىنى دەپ ھېسابلايدۇ. قايسى مىللەتتىن بولمىسۇن، خەلقچىللىق سىياستىگە قارشى چىقىپ، مۇستەبىتلەر ئارىسىدىن ھىمايەتچىلەرنى تاپقانلارنى خەلقىمىز ئومۇمەن خەنزۇ مىللىتىگە قارشى بولغانلىقىدىن ئەمەس، خەنزۇ خەلقىنىڭمۇ دۈشمىنى بولغان خەنزۇ مۇستەبىتچىلەرنىڭ ھىمايىسىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئاۋۋالقى چۈشەنچىدىن چىقالماي تۇرىدۇ. دېمەك، بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ دۈشمىنى خەنزۇ مىللىتى ئەمەس، بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ دۈشمىنى ئىستىبدات ھاكىمىيەتنى ياقلىغۇچى، مۇستەبىت سىياسەتنى خالىغۇچى، خەلق ھوقۇقىغا تاجاۋۇزچىلىق قىلغۇچى مۇتەئەسسىپ ئۇنسۇرلار ۋە ئۇلارنى ھىمايە قىلغۇچىلاردۇر».

ئەخمەت ئەپەندىمىنىڭ بۇ نۇتقى جاڭ جىجۇڭنى ئوبدانلا قايىل قىلىپتۇ، لېكىن ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتى باشقا چىقامدۇ، يوق؟ دېگەن مەسىلە جاڭ جىجۇڭنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپتۇ. بىراق جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن تۇنجى سۆھبەتتىلا، پەلسەپىۋى قائىدە ۋە دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم بىلەن تولغان نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئاددىي مىساللار ئارقىلىق ئىبارىلەپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ مىللىي باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، مۇستەبىت سىياسەتكە قارشى تۇرۇش مەقسىتىدە كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ ھەققىدە ئەخمەت ئەپەندىمىنىڭ بەرگەن جاۋابى قىسقا، مېغىزلىق ئىپادىلەنگەنلىكتىن، بۇ سۆزلەر گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغاپتۇ. ياپونىيەدەك كۈچلۈك ھەربىي دۆلەتنى يەڭدۇق دەپ نام قازانغان دۆلەت ئارمىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندانى، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزگەن گېنېرال جاڭ جىجۇڭ مانا مۇشۇنداق چەت چېگرا رايوندا ياشاۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدىن چىققان بۇنداق بىر سىياسىيونغا

دۆچ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەن.

سۆھبەت قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا جاڭ جىجۇڭ ئەخمەت ئەپەندىمگە: «مەن بولسام 60 ياشقا تاقاپ قالغان ئادەممەن، سىز بىلەن يېشىمىز بىر ھەسسە دېگۈدەك پەرقلىنىدىكەن. ئەگەر مۇنداق تاكاللىشىۋېرىدىغان بولساق ماڭا ھار كېلىدىكەن، مەن مەركەزگە ئېيتاي، باشقا ياشراق بىر ئادەم ئەۋەتىپ سىز بىلەن سۆزلەشسۇن، — دەپتۇ ۋە يەنە، — مەن بولسام تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋەزىپىسى بىلەن كەلدىم، ئۆزۈمنى تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم، دەپ قارايمەن، ئەگەر تىنچلىق ئەمەلگە ئاشمىسا، مەن ئەڭ ياخشىسى خىزمىتىمدىن ئىستېپا بېرىپ، ئۈرۈمچىدىن كەتسەم بولىدۇ» دەپتۇ. جاڭ جىجۇڭنىڭ بۇنداق گەپنى قىلمىقىمۇ ئاسان ئەمەس. ئەمما، ئەخمەت ئەپەندىم تەمكىنلىك بىلەن ئۆز نۇقتىئىنەزەرىنى بىر قەدەممۇ چېكىنمەي ئىپادىلەپتۇ: «مىللىتىم ئېزىلگەن، تەڭسىزلىكتە تۇرغاندا مەن بىر مىللەتچىمەن؛ مىللىتىم ئېزىلىشتىن قۇتۇلغان، تەڭلىككە ئېرىشكەن چاغدا مەن مىللەتچى ئەمەسمەن!»





1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەخمەت ئەپەندىم قاتارلىق ئۈچ نەپەر سۆھبەت ۋەكىلى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. سۈرەتتە: ۋەكىللىرىمىز ئامىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ئەھۋال ئىگىلىمەكتە. ئوڭدىن بىرىنچى كىشى ئەخمەتجان، ئوڭدىن ئۈچىنچى كىشى رەھىمجان.

ئەپەندىم ئۆزىنىڭ قەتئىي ئىرادىسىنى بىلدۈرۈش ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا چاپلانغان بەزى بوھتانلارغا كۈچلۈك رەددىيە بېرىش بىلەن تەڭ، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىك خەلقنى ئەزگەنلىكىنى پاش قىلىپ بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرىپتۇ:

— بىر كۈنى ئېچىرقاپ كەتكەن بىر بۆرە قوي يېمەكچى بولۇپ، قوتانغا ئوغرىلىقچە تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپتۇ، قارىسا قويلارغا قارايدىغان بىرنەچچە ئىت تۇرغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن بۆرە قېچىپ كەتمەكچى بولۇپتۇ ـ يۇ، ئۈلگۈرەلمەي قاپتۇ. ئىتلار چىشلىرىنى ھىڭگايتىشىپ ئاچ بۆرىنى قاپساپ كېلىشىگە، بۆرە ئىنتايىن سىلىق ـ سىپايە قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ياۋاشلىق بىلەن سۆز باشلاپتۇ:

«سۆيۈملۈك جانجىگەرلىرىم، بىز بولساق بىر نەسىلدىكىلەرمىز، تۇرقىمىزمۇ ئوخشاش، بىزنىڭ بىرلا ئوخشاشمايدىغان يېرىمىز — ھەرقايسىمىز باشقا ـ باشقا يەرلەردە ياشاپ كەلدۇق، بۈگۈن مەن سىلەرنى يوقلىغاچ، قوي بېقىشىپ بېرەي دەپ كەلگەنىدىم» دەپتۇ. ئىتلار قارىسا، راست دېگەندەك بۆرىنىڭ كۆرۈنۈشى ئۆزلىرىگە ئوپئوخشاش، شۇنىڭ بىلەن ئىتلار ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ھوشيارلىقىنى يوقىتىپتۇ. ئەتىسى قارىسا، ھېلىقى ئاچ بۆرە ئىتلارنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، كېچىسى بىرنەچچە قوينى يەپتۇ ـ دە، قېچىپ كېتىپتۇ.

ئەخمەتجان بۇ ھېكايىنى ئېيتىش ئارقىلىق شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقنى تالان ـ تاراج قىلغانلىقىنى قاتتىق سۆكۈپ، ئىبرەت ئېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ، ئاخىرىدا جاڭ جىجوڭغا سىلىقلىق بىلەن سەممىيىتىنى ئىزھار قىپتۇ: «ئىلى خەلقى جاڭ بۇجاڭنى ھىمايە قىلىدۇ، بىراق، خەلق تەلىپى ئەمەلگە ئاشمىسا، ئارىمىزدىكى مەسىلە ھەل بولمايدۇ.»

بىر ياقتا ئولتۇرغان ئوبۇلخەيرى تۆرە مۇشۇنداق جانلىق ئوخشىتىش ئارقىلىق قارشى تەرەپنى ئېغىر غەمگە پاتۇرۇپ قويغان ئەخمەت ئەپەندىمگە مەمنۇنلۇق بىلەن قاراپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپتۇ. كەچقۇرۇنلۇقى ياتاققا قايتقاندىن كېيىن، رەھىمجان ئەخمەت ئەپەندىمگە بولغان رازىمەنلىكىنى ئىزھار قىپتۇ:

— ئاغىنە، ئوخشىتىشىڭ ئالامەت جايىدا بولدى. گېنېرال جاڭ ساڭا خېلى قايىل بولغاندەك قىلىدۇ، ئۆزىمۇ تەجرىبىلىك، گەپدان ئادەمكەن. قويغان سوئاللىرىڭنىڭمۇ جېنى بار. سەن ماڭا قارىماي، ئۆزۈڭ بىلگىنىڭچە

ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ باق!

ئەزەلدىن كەم سۆز ئوبۇلخەيرى تۆرىمۇ ئىچ - ئىچىدىن قايىل بولۇپ سۆز قىستۇرۇپتۇ:

— ئاقاڭدىڭ ئايتقانى بەرى دۇرۇس، قاسقىر بەربىر قوي جېيدى، ئۆزۈڭ بىر ئامالداپ جەيلېۋېر (ئاقاڭنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى دۇرۇس، بۆرە بەربىر قوي يەيدۇ، ئۆزۈڭ بىر ئامال قىلىپ جايلاۋەرگىن).

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى پىكرىنى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىگە تاپشۇرۇپتۇ. جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىمۇ قوراللىق توقۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى «مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ قىسمەن جايلىرىدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە لايىھەسى» نى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە تاپشۇرۇپتۇ.

«كۆرسەتمە لايىھە» نىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە تەكشى تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگە يار - يۆلەكتە بولۇپ، ئۇلارنى ئىچكى جايلاردىكى خەلقلەر بىلەن ئوخشاش مۇئامىلىگە ئېرىشتۈرۈش.

ئىككىنچى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش، ھەرقايسى دىنلارنىڭ چېركاۋ، مەسچىت، بۇتخانىلىرىنى ھەقىقىي تۈردە قوغداش.

ئۈچىنچى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەزەلدىن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتى، تىل - يېزىقىغا ھۆرمەت قىلىش.

تۆتىنچى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ جىسمانىي، مال - مۈلكى، سۆز - ھەرىكىتى، ئۆي - جايى، مەتبۇئات، يىغىلىش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكىنى قانۇنىي جەھەتتىن قوغداش.

بەشىنچى، يەرلىك ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش، ئۇنىڭ ئاساسىي چارىسى مۇنداق:

(1) ھازىر قالايمىقانچىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ناھىيەلەر-

دە، تەرتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە يېزا - بازارلارنىڭ باشلىقلىرىنى سايلاشنى تاماملاش، ئالتە ئاي ئىچىدە ناھىيەلىك كېڭەشنىڭ سايلىمىنى تۈگىتىش، خەلقچىللىق سىياسىتىنى يولغا قويۇش.

(2) ناھىيەلىك كېڭەشلەر قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيەلىك كېڭەشلەرنىڭ تەشكىلىي قانۇنىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ يەرلىك خەلقنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرى بويىچە ھەرقايسى ماددىلارغا قارىتا تەكلىپ سۇنۇش ھوقۇقى بولىدۇ، يەرلىك مەمۇرىي خادىملارنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرى ئۈستىدىن پاش قىلىش ۋە تەپتىش قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

(3) ناھىيەلىك كېڭەش قۇرۇلۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن، يەرلىك خەلقتىن ئىناۋىتى يۇقىرى، بىلىم قابىلىيىتى كۆرۈنەرلىك بولغان ئىككى ئادەمنى سايلاش، ھۆكۈمەت ئۇلاردىن بىرىنى ناھىيەنىڭ ھاكىملىقىغا قويۇش.

(4) ھاكىمنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەمدە بولۇش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت مۇئاۋىن ھاكىم تەيىنلەيدۇ.

(5) ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كۆرسىتىدۇ، مەركەز ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ ھەمدە يەرلىك زاتلارنى تاللاپ ئىشلىتىدۇ، باشقا يەرلىك مەمۇرىي خادىملارنى ئىشقا قويغاندا، كۆپىنچىسىنى يەرلىك زاتلاردىن تاللاپ ئىشلىتىشنى پرىنسىپ قىلىش كېرەك.

(6) بۇنىڭدىن كېيىن، ھۆكۈمەت باج - سېلىقنى يېنىكلىتىشنى ھەقىقىي تۈردە ئويلىشىشى كېرەك. ئالۋان چېچىشنى قەتئىي چەكلەش لازىم ھەمدە ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىك، سودا - سانائەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا پائال يار - يۆلەكتە بولۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

(7) ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇپ، ئىجتىمائىي تەلىم - تەربىيەنى كېڭەيتىپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ھەر مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش.

(8) قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن رايونلاردىكى بارلىق

ھەربىي ھەرىكەتلەر دەرھال توختىتىلىدۇ. بىر ئايغىچە ۋەقە يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىدىكى ھالەت ۋە تەرتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ۋەقە يۈز بەرگەن مەزگىل ئىچىدىكى بارلىق قانۇنسىز تەشكىلاتلار بىكار قىلىنىدۇ.

(*9*) ۋەقەگە قاتناشقان قوراللىق تەشكىلاتلارنىڭ خادىملىرى مۇۋاپىق راسخوت بىلەن ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇرۇلۇپ، خاتىرجەم ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ.

(*10*) ۋەقەگە قاتناشقان شەخسلەر بىردەك سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. ھەممە ئۇلارنىڭ ھاياتى، ئولتۇراق جايىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

(*11*) ۋەقەگە قاتنىشىش تۈپەيلىدىن تۇتۇپ تۇرۇلغان، قاماققا ئېلىنغانلار ئىككىلا تەرەپتىن تەكشۈرۈلۈپ، ئېنىقلىنىپ قويۇپ بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىۋېلىنغان بولسا، ئۆزىگە قايتۇرۇلىدۇ.

(*12*) قانۇنسىز تەشكىلاتلارغا قاتناشقان خادىملاردىن ئۆز يۇرتىغا قايتىشنى خالىغۇچىلار بىردەك راسخوت بىلەن قايتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ ئايرىم ـ ئايرىم ئىشقا قويۇپ، ئۇلارنى دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ.



خوش ئەمدى گەپنى ئۆزۈمگە بۇرىسام، مېنىڭ غۇلجىدىكى ئەسكى ئۆيىمىزدە ئۆزۈم يالغۇز ئەپەندىمنىڭ دېرىكىنى ئالالماي ئەنسىرەپ ئولتۇرماقتىن باشقا چارەم يوق ئىدى. يا خەت ـ ئالاقە قىلىشالمايتتۇق، پەقەت ئارىلاپ ھەربىي گارنىزوندىن ۋەكىللەرنىڭ ھايات ئىكەنلىكى ھەققىدە ئانچە ـ مۇنچە خەۋەر كېلىپ قالاتتى.

ئەخمەت ئەپەندىم قاتارلىق ۋەكىللىرىمىز «كۆرسەتمە لايىھە» نى ئېلىپ 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كېلىپ ئۆيگىمۇ كىرمەي، ئۇدۇللا ھۆكۈمەت ئورگىنىدىكى يىغىن زالىغا كىرىپ كېتىپتۇ. بۇ كۈندىكى يىغىننىڭ مەزمۇنى: بارلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى جەم بولۇپ، ھەممەيلەننى تۈنجى قېتىم مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن بولغان سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلاندۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە

مىللىي ئارمىيەنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى بوشاشتۇرماي، دۈشمەننىڭ پاراكەندىچىلىك سىلىشىدىن ساقلىنىش ھەققىدىكى تەدبىرلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ئىكەن.

شۇ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 114 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇق چىقىرىپ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار ھەيئىتى تەسىس قىلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇيرۇقنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: بۈگۈندىن تارتىپ ھەربىي ئىشلار ھەيئىتى ئۈچ ۋىلايەت قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانلىق ئورگىنى بولىدۇ، ھەربىي ئىشلار ھەيئىتى بەش ئادەمدىن تەركىب تاپىدۇ ۋە ئۈچ ۋىلايەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان بارلىق ھەربىي ھەرىكەت ۋە ئالاقىدار ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىگە مەلۇم قىلىنىپ تەستىقلانغاندىن كېيىن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

ئېلىخان تۆرە ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئەخمەت ئەپەندىم، ئىسھاقبېك مۇنۇنوف، كېرىم ھاجى، پالىنوفلار ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى.

ئۈچ ۋىلايەت ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچ ۋىلايەتتە ئەڭ ئالىي ھەربىي ـ مەمۇرىي ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ قۇرۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. گەرچە ئېلىخان تۆرىنىڭ ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ رەئىسلىك ئورنى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي ھوقۇقى يوق ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكىمۇ ئېلان قىلىنمىغانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق ئېھتىياج ئىدى، خالاس. ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ قالغان تۆت ئەزاسىغا كەلسەك، ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن ئىسھاقبېك مۇنۇنوف تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىگەنىدى. كېرىم ھاجىمۇ تەرەققىيپەرۋەرلىككە تەلپۈنىدىغان دېموكراتىك زات، پالىنوف بولسا پات ئارىدا ۋەزىپىسىدىن قالاتتى. شۇڭا ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ توغرا يولنى بويلاپ ئالغا قاراپ مېڭىشىدىكى بۈيۈك بۇرۇلۇش، جۈملىدىن ئەخمەت ئەپەندىم قاتارلىق ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى ئىگىلەشتىكى مۇھىم بۆسۈش بولدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئۆزۈم يالغۇز ئەتكەنچاي ئىچىپ ئەپەندىمنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ساقلاپ ئولتۇردۇم. بىز ئۇيغۇرلاردا كىمنىڭ چىرىسىدە شاما تىك تۇرسا مېھمان كېلىدۇ، دەيدىغان گەپ بار. مەن قارىسام

چىنەمدىكى چايدا بىر تال شاما تىك تۇرۇپتۇ، ھە، ئۆيگە مېھمان كېلىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. دەرۋەقە، مەن ئۆزۈمنى تۇزەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ بولغۇچە، ئەخمەت ئەپەندىم مەزمۇت قەدەم تاشلاپ بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىپ كەلدى. بۇنى كۆرۈپ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى ئېغىر تۇمانلار بىردىنلا تارقىلىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولدۇم ھەم كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولۇپ كەتتى.

ئۇنىڭ تىرىك قايتىپ كەلگىنى مېنى قالتىس خۇشال قىلغان بولسا، ئەپەندىمنىڭ يەنە ئۇرۇمچىگە بارىدىغانلىقى كۆڭلۈمنى بەكلا يېرىم قىلدى.

گومىنداڭ قەست قىلىپ قالسا قانداقمۇ قىلارمەن؟

بىز تۇزۇكرەك ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ بولغۇچە، ۋاقىتلىق ھۆكۇمەتنىڭ باش كاتىپى ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم، ئەزالىرىدىن ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى، مۇھەممەتجان مەخسۇم قاتارلىق كىشىلەر ھويلىمىزغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئۇرۇمچىدە بولۇۋاتقان ئىشلارنى تېخىمۇ ئېنىق ئۇققۇسى كېلىپ، ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن پاراڭلاشقىلى كەلگەنىكەن.

مېھمانلار ئاتلىرىنى باغلىشىپ ئۆيگە كىرىشتى ـ دە، قىزغىن ئەھۋاللىشىپ گەپلىرىنى باشلىۋەتتى:

— خوش ئەپەندىم، سالامەت كەپسىز!

مەن ئۇلارغا ئاددىي بولسىمۇ داستىخان سالدىم. مېھمانلارنىڭ پاردىڭى تۈگىمەسكە كەتتى. مەن يا بىر يەرگە چىقىپ كېتەلمەيمەن، يا گەپكە قوشۇلالمايمەن. بىر تۇرۇپ ئۇلارنىڭ گېپىنى تىڭشىغۇم كېلىدۇ، مەن غۇلجىدىن سىرتقا چىقىپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن يېڭىلىقلارنى ئاڭلىغۇم، ئۇرۇمچىنىڭ زادى قانچىلىك چوڭ شەھەر ئىكەنلىكىنى بىلگۈم كېلەتتى. بىراق ئەخمەت ئەپەندىم ماڭا ئاللىقاچان تۇزۇم بەلگىلەپ بەرگەن، يەنى خىزمىتىگە، ھەتتا باشقىلار بىلەن قىلغان پاراڭلىرىغىمۇ قۇلاق سېلىشىمغا رۇخسەت يوق. ئەپەندىم بۇنى «ھەربىي تۇزۇم» دەپ ئاگاھلاندۇرغان. ئەمەلىيەتتە مەنمۇ ئۆزۈمنى ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ مۇھىت ۋە جەڭ ئوتلىرى ئىچىدە تاۋلىنىپ خېلى ئىنتىزامچان، ئىرادىلىك بولۇپ قالدىم دەپ ھېسابلايتتىم. ئەخمەت ئەپەندىم كىشىلەر بىلەن، توغرىسىنى دېگەندە سەپداشلىرى بىلەن بىر يەرگە يىغىلىپ چوڭ ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقاندا، ئۆزۈمنى جەزمەن چەتكە ئېلىشىم كېرەك ئىدى. بۈگۈنكى پاراڭمۇ شۇنداق ئىدى. شۇڭا ياخشىسى مەن ئۆزۈمنى بىلىپ چەتكە ئال-

غىنىم تۈزۈك ئىدى. لېكىن قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرسام ئەپەندىم قائىدىنى بۇزۇپ، مېنىڭ ئۇلارنىڭ پارتىيىنى ئاڭلىشىمغا رۇخسەت قىلدى. بۇنىڭدىن ئەپەندىمنىڭ مېنى ئىنقىلاب توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ بىلىملەرنى ئۆگەنسۇن دەپ ئويلىغانلىقىنى چۈشەندىم.

ئۇلار ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىشەتتى، سوراشقان سوئاللىرىغا ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ تولۇق جاۋاب بېرىشىنى كۈتەتتى.

«گومىنداڭنىڭ ۋەكىلى قانداقراق ئادەم ئىكەن؟ ئۇلار نېمە شەرتلەرنى قويۇشۇۋاتىدۇ؟ زادى بىزنىڭ تەلەپلىرىمىزگە قوشۇلدىمۇ، يوق؟...»

ئەخمەت ئەپەندىم ئۇلارغا بىرىنچى قېتىملىق سۆھبەتنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بەردى ھەمدە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى:

— جاڭ جىجۇڭ ۋەكىل بولۇپ كەپتۇ، ئۇ دېگەن جياڭ كەيشىنىڭ جانجىگەر ئادىمى، گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى ئىكەن. كىشىلەر ئۇنى «جاڭ بۇجاڭ» دەپ ئاتىشىدىكەن. سالاپەتلىك بار، گەپ - سۆزلىرى جايىدا، ئاتاقلىق سىياسىيونكەن. قارىمۇقارشى سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ماھىر ئىكەن، يېقىندىلا چۇڭچىڭدا ئېچىلغان دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپتۇ. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز خەلقنىڭ تەلىپىنى ئارتقۇرۇش، ئىنقىلاب مېۋىسىنى قوغداش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ پاكىتلىق سۆزلىدۇق. لېكىن ئۆزىگە قارىتا قوپال مۇئامىلىدە بولمىدۇق. بىزدە: «گەپكە گەپ كەلسە ئاتاڭدىن يانما» دېگەن گەپ بار، شۇڭا بىزمۇ پىرىنسىپتا چىڭ تۇردۇق، يول قويمىدۇق!

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان مېھمانلار پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

مېھمانلار ۋەكىللەرنىڭ بىخەتەرلىكىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەنلىكىنى ئېيتقاندا، ئەخمەت ئەپەندىم:

— ماناستا قوشۇنىمىز بار تۇرسا، نېمىدىن قورقاتتۇق! جەڭچىلىرىمىز بىزنى داغدۇغا بىلەن ئۇزاتتى. «خاتىرجەم بېرىڭلار، ئەگەر گومىنداڭ سىلەرگە تاك قىلىپ چېقىلىدىكەن، بىز دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتىمىز» دەپ مۇشتۇملىرىنى تۈگۈشتى. بىزمۇ يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ ماڭدۇق. ماناس دەرياسى كۆۋرۈكى كۆيدۇرۈۋېتىلگەن پېتى تۇرۇپتۇ. سۇ

كېچىپ ئىككى سائەت ئاتلىق ماڭدۇق، ــ ئەپەندىم سەل تۇرۇۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ــ دەريادىن ئۆتۈۋېتىپ ئالدىنقى يىلى تۇرمىگە ئېلىنغان ۋاقتىمدا مۇشۇ كۆۋرۈكتىن مىلتىق ئاستىدا يالىنىپ ئۆتكەن ھالىتىم ئېسىمگە چۈشتى. ئۇ ۋاقىتتا مەن گومىنداڭنىڭ مەھبۇسى ئىدىم. ئەمدى ئىككى يىلدىن كېيىن خەلق ۋەكىلى بولۇپ، يەنە شۇ ماناس دەرياسىدىن ئۆتۈپ سۆھبەتكە ماڭدىم.

كۆپچىلىك بارغانسېرى قىزىق پاراڭلىشىپ يېرىم كېچە بولۇپ كەتكىنىنى تۇيماي قېلىشتى.

مېھمانلار ئۇزاپ ماڭدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن قاسىمجان قەمبىرى ئەخمەت ئەپەندىمگە يەنە دەيدىغان جىق گېپى باردەك كەينىدە قېلىپ قالدى. بۇ ئىككىيلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى ھەم ئەخمەت ئەپەندىمگە ئوخشاش ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە ئادەملەر ئىدى. لېكىن مۇشۇ ئالاھىدە دەۋردىكى ئالاھىدە مۇھىتتا، ھەركىم رېئاللىقتا يۈزلەنمەي، ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرمەي بولمايتتى.

غۇۋا ئاي شولىسى ئاستىدا ئۇلار يۈرەك سۆزلىرىنى پەس ئاۋازدا سۆزلىشەتتى:

ــ ئەپەندىم، سىز خەلقنىڭ ئىرادىسى، ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىسىز. بىز سىزنىڭ ھەرقانداق ئەھۋالدا قانداق مەۋقەدە تۇرىدىغانلىقىڭىزغا چوڭقۇر ئىشىنىمىز. لېكىن بىز بەزى ئادەملەرنىڭ چەكلىمىسىدە تۇرۇۋاتىمىز. شۇنداقتىمۇ سادىق دوستلىرىڭىز بولغان بىزلەر، سىزنى قوللايمىز. ئەگەر تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە قارشى چىققۇچىلار، پىتنە ـ ئىغۋا تارقاتقۇچىلار بولسا، بىز ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇپ غالىبىيەت مېۋىلىرىنى قەتئىي قوغدايمىز!

ــ بەزىلەر بىلەن پۈرچىقىم تازا پىشمايدۇ، لېكىن پىشقان پۈرچاققا سۇ سەپمەي دەيمەن، ــ ئەخمەت ئەپەندىم ھاياجان ئىلكىدە سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى، ــ تىنچلىق سۆھبىتى خەلقنىڭ ئىرادىسىنى نامايان ئېتىدۇ، ھەرگىز ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلمايدۇ. سىلەر ئىشىنىڭلاركى ھەرقانداق ۋاقىتتا مەن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىمەن.

ــ ھازىر سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز ناھايىتى ئېغىر، ــ دېدى ئىككىيلەن ئەپەندىمگە، ــ رەھىمجان سابىرھاجى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، سىز بولسىڭىز ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ھەربىي

ئىشلار ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، سىز تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينىشىڭىز كې-رەك.

ئەخمەت ئەپەندىم ئىككى سەپدىشىنىڭ قولىنى مەھكەم قىسىپ:

— خاتىرجەم بولۇڭلار! تەڭ تىرىشىمىز، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە چو-قۇم بىزگە مەنسۇپ! — دېدى ئۇ قەتئىي يوسۇندا.

مېھمانلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن مەن بىر چەتتە ئولتۇرۇپ مۇڭ-لىنىپ قالدىم. ئەخمەت ئەپەندىم قوشۇمىسى تۈرۈكلۈك ھالدا ئالدىمغا كەلدى ـ دە، سۆز ئاچتى:

— خەلق ماڭا ئىشىنىپ مېنى ۋەكىل قىلغانىكەن، مەن ھەققانىيەت يولىدىن ھەرگىز قايتمايمەن. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتىن ھەرگىز باش تارتمايمەن. تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى-غا ھازىر بىرنېمە دېيىش بەك بالدۇر. ھەر خىل ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە ياخشى تەييارلىق كۆرۈپ قويۇش كېرەك. ھەرەمباغ ئېلىنغاندا سىزمۇ ئاكوپقا چۈشكەنىدىڭىز، كېيىن يەنە جىق ئىشلارنى كۆردىڭىز، ئاڭلىدى-ڭىز. ھازىر سىز ئەمدى قوشۇنىمىزنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالدىڭىز. تىنچلىق سۆھبىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولامدۇ ـ بولمامدۇ، يەنە ئۇرۇش بولامدۇ ـ بولمامدۇ، بۇنىڭغا ھېچكىم بىرنېمە دېيەلمەيدۇ. مۇبادا مەن بىرەر خېيىم ـ خەتەرگە يولۇقۇپ قالسام...

— نېمە دەۋاتىسىز؟ — مەن گېپىنى تارتىۋېلىپ ۋارقىراپ تاشلى-غىلى تاس قالدىم. ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنىنى ئىنتايىن ئېنىق، قۇربان بولۇشقا ھەردائىم تەييارمەن دېمەكچى!

ئەخمەت ئەپەندىم غۇلجىدا 21 كۈن تۇردى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تىنچلىق سۆھبىتى ھۆججىتىنى قايتا ـ قايتا مۇزاكىرە قىلىپ تۈزىتىش كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئەخمەت ئەپەندىم قاتارلىق ئۈچ ۋەكىل يەنە ئۈرۈمچىگە قاراپ ماڭدى. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئەخمەت ئەپەندىم يەنە بىر قېتىم ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىلەرنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ، ئې-نىق ھالدا:

— ئۆلسەم ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆلىمەن، مەن ئۈچۈن بۇنداق ئۆلۈم شە-رەپلىك، — دېدى ـ دە، ماڭا يەنە تەسەللى بېرىپ، — ئەگەر بىرەر كۈ-تۈلمىگەن ئىش يۈز بېرىپ قالسا، ھېچقانداق ئىككىلەنمەي قولىڭىزغا قورال ئېلىپ، خەلق ئارىسىغا كىرىپ كېتىڭ، نېمە بولسىمۇ خەلق بىلەن بىللە بولۇش لازىم، — دېدى.

بۇ چاغدا ئەخمەت ئەپەندىم ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەربىي بۆلۈم باشلىقى، ھۆكۈمەت ئەزاسى، ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ھەم تىنچلىق سۆھبىتى ۋەكىلى بولۇپ، ئۇنىڭ زىممىسىگە ئارتىلغان يۈك تېخىمۇ ئېغىرلاشقانىدى. كۈندىلىك خىزمىتى ئىنتايىن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش بولغاچقا، دائىم ئۈرۈمچى بىلەن غۇلجا ئوتتۇرىسىدا قاتناپ تۇرۇشقا توغرا كەلگەنىدى. شۇڭا غۇلجىدا ئالاقە باغلاپ تۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس بىر كىشى تەيىنلىنىشى، ئەپەندىم بىلەن ئالاقە باغلاپ ئەھۋالدىن مەلۇمات بېرىپ تۇرۇشى زۆرۈر بولۇپ قالدى. ئەخمەت ئەپەندىم بۇ ئىشلارنى نەزەردە تۇتۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن، ماركسىزملىق تەربىيە ئالغان ۋە خېلى يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە بولغان يولداش سەيپىدىن ئەزىزىنى ئۆزىنىڭ كاتىپى ھېسابىدا غۇلجىدا قالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھەر خىل ئىشلارنى بېجىرىشنى تاپشۇردى.

11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، ۋەكىللىرىمىز ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ «كۆرسەتمە لايىھەسى»گە قارىتا قويغان پىكرى ۋە تەلىپىنى ئېلىپ يەنە غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. «پىكىر ۋە تەلەپلەر» تۆۋەندىكىچە:



## غۇلجا تەرەپنىڭ مەركەزنىڭ «كۆرسەتمە لايىھەسى»گە قويغان پىكرى ۋە تەلىپى

بىرىنچى، مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ قىسمەن جايلىرىدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى «كۆرسەتمە لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارزۇسىنى قىلچە ئېتىبارغا ئالماپتۇ ۋە بىزنىڭ تەلىپىمىزنى قانائەتلەندۈرمەپتۇ دەپ ھېسابلىدۇق، «كۆرسەتمە لايىھە»دە دېيىلگەن «جۇڭگودىكى ھەربىر مىللەت بىردەك باراۋەر» دېگەن گەپ دۆلەت ئاتىمىزنىڭ ئۈچ مەسلىكىدە ئىشارە قىلىنغان پرىنسىپ، مەركەز دۆلەت ئاتىمىزنىڭ تەلىپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، چېگرا رايونلارغا جايلاشقان مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدە-

نىيەت ئىشلىرىنىڭ تەكشى تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرىپ مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىدىن ئىبارەت ئىزچىل سىياسىتىمىزنى ئىشقا ئاشۇرىمىز دېگەن دەبدەبىلىك سۆزلەرگە كەلسەك، بۇنداق گەپلەر شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارغا ئاللىبۇرۇن تونۇشلۇق بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنگە قەدەر ئىشقا ئاشقىنى يوق، بەلكى يەنەمۇ ئىلگىرىلەپ بىر خىل شەكىلدىكى تەشۋىقات بولۇپ قالدى. بۇنداق ئىشارە، تەشۋىقاتلار خەنزۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قاراتقان دىن، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە مىللىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى زۇلۇم ـ ستەم، كەمستىش ۋە ھاقارەتلىرىنى قىلچىمۇ توسۇپ قالالمىدى.

ئىلگىرى يولغا قويۇلغان ۋەھشىيانە سىياسەتنى ھەرگىز خەلقچىل سىياسەت دېگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، ساقچى ئورگانلىرىنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزمەسلىكى؛ ساقچى ئورگانلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئىشلەتمەسلىكى، بىرەر ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئالاقىلىشىشكە كەلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ دائىم خەنزۇ مەمۇرلار تەرىپىدىن ھاقارەت قىلىنىشى، بارلىق ئالاقىلەرنىڭ خەلققە تونۇشلۇق بولمىغان خەنزۇچە يېزىق بىلەن بېجىرىلىشى؛ خەلق بىرەر ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئالاقىلىششكە كەلسە، مەمۇرلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇق قىلىشى ۋە ئۆز مەيلىچە ھەيۋە قىلغىنىدىن باشقا، تولا چاغلاردا ئىشلىرىنى ھەل قىلىپ بەرمەسلىكى؛ بىگۇناھ خەلققە، خۇسۇسەن مۇسۇلمان خەلق ئىچىدىكى مۆتىۋەرلەرگە قانۇن رەسمىيەتلىرىنى ئۆتمەيلا شەپقەتسىزلىك قىلىشى، ساقچى ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزمەيلا قولغا ئېلىپ زىندانغا تاشلىشى.

بىز مۇسۇلمان خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى شۇنى تەنتەنىلىك بىلەن بايان قىلىدۇكى، بىز مۇسۇلمانلار شەرقىي تۈركىستان جۇڭگو ھاكىمىيىتىگە ئۆتكەندىن بۇيان مۇشۇنداق ۋەھشىيانە سىياسەت مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ كېلىۋاتىمىز.

بىز ئالىي قوماندان جياڭ ۋېيىۋەنجاڭنىڭ *1945* ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ *24* ـ كۈنى دۆلەت مۇداپىئەسى ئالىي كومىتېتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋاقىتلىق بىرلەشمە يىغىنىدا بەرگەن «ھازىر خەلقئارادىكى مىللىي مەسلەك

ھەل بولۇپ بولدى، بىز ئەمدى مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى مىللىي مەسىلەكنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ سىياسىتىمىز: مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەردىن ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىمىغانلارغا ياردەملىشىپ ئۇلارنى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش، چېگرا رايونلاردا ياشاۋاتقان مىللەتلەرگە ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلالايدىغان ۋاقتىغا يەتكەندە مۇختارىيەت بېرىش» دېگەن يوليورۇقىنى خۇشال ئوقۇدۇق، بۇ يوليورۇق بىزنى ئوبدان مەمنۇن قىلدى.

ئىككىنچى، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار يۇقىرىدىكى يوليورۇقتا ئاساسەن ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلالايدىغان تەجرىبىگە ئىگە دەپ ئىشىنىدۇ. شۇڭا، شىنجاڭدا مۇسۇلمانلار زور كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدىغان رايونلارنىڭ ھەقىقىي ئالىي مۇختارىيەت ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشنى قانۇنلۇق ھەرىكەت دەپ ھېسابلايدۇ. يۇقىرىدىكى پرىنسىپقا ئاساسەن، بىز تۆۋەندىكىلەرنى تەلەپ قىلىمىز:

(*1*) يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئالىي مۇختارىيەت دائىرىسى ئىچىدە، مۇسۇلمانلارغا ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان يەرلىك مۆتىۋەرلەرنى مەمۇرىي ئەمەلدارلىققا سايلاش ھوقۇقى بېرىلسۇن، قوراللىق توقۇنۇش ھەل قىلىنغاندىن كېيىن ئىككى ئايلىق مۆھلەت ئىچىدە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى سايلاش ئورۇنلىنىشى كېرەك.

(2) دىنىي كەمسىتىش بىكار قىلىنسۇن ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇلسۇن.

(*3*) دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى بىلەن ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خەت ـ ئالاقىلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز يېزىقى بىلەن يۈرگۈزۈلسۇن.

(*4*) باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر ۋە ئالىي مەكتەپلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز يېزىقى بىلەن دەرس ئۆتۈلسۇن ۋە مىللىي مائارىپ كەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلسۇن.

(*5*) مىللىي مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنىڭ ئەركىن راۋاجلىنىشى بەلگىلەنسۇن.

(*6*) مەتبۇئات، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، سۆز ئەركىنلىكى بېرىلسۇن.

(7) باج نىسبىتى ھەربىر كىشىنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىگە قاراپ بەلگىلەنسۇن. خەلق ھۆكۈمەت ئالدىدا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتنى چۈشەنگەندىن كېيىن سېلىقنى ئۆز كۈچىگە قاراپ ئۈستىگە ئالىدۇ، لېكىن بۇنداق سېلىقنىڭ مىقدارىدا شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان خەلقىنىڭ ۋە باشقا خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولماسلىقىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك.

(8) سودىگەرلەرگە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا سودا قىلىش ئەركىنلىكى بېرىلىشى كېرەك.

(9) ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە مىللىي ئارمىيە تەشكىل قىلىشقا رۇخسەت قىلىنسۇن. بۇ قېتىمقى ۋەقەگە قاتناشقان قوشۇن دۆلەت ئارمىيەسىنىڭ ئىشتاتى بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنسۇن، لېكىن ئۇنىڭ مىللىي شەكلى ساقلاپ قېلىنىشى كېرەك. قىسمىنىڭ كەم سانى مۇسۇلمانلاردىن تولۇقلىنىشى، ئارمىيەدىكى تەلىم ـ تەربىيە ۋە بۇيرۇق ئۇيغۇر، قازاق تىلىدا بولۇشى كېرەك.

(10) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تۈزۈلۈشىدە، مۇسۇلمان خەلقىنىڭ سانى بويىچە مۇسۇلمان ۋەكىللىرىنىڭ قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنىشى كېرەك.

(11) ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ۋەقەگە قاتناشقان مۇسۇلمانلار بىردەك سۈرۈشتۈرۈلمىسۇن ۋە ھەرقانداق باھانە بىلەن زىيانكەشلىك قىلىنمايدىغانلىقىغا ھەققىي كاپالەتلىك بېرىلسۇن.

قوراللىق توقۇنۇش ۋەقەسى ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ۋەقەگە قاتنىشىپ تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى ئۈچ كۈن ئىچىدە بىردەك قويۇپ بېرىلسۇن.

ۋەكىللەر بۇ قېتىم ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئىككى ھەپتە تۇرۇپ قالدى. كۆپ قېتىم سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ئىككى تەرەپنىڭ پىكرى پەيدىنپەي يېقىنلىشىشقا باشلاپتۇ.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ گومىنداڭ ۋەكىلى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالدى.

لېكىن، سۆھبەت ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان مەزگىلدە گومىنداڭنىڭ جاھىل كۈچلىرى تۈرمىلەردىكى سىياسىي مەھبۇسلارنى مەخپىي قەتلى قىلىشقا ئۆرۈندى. قاماقتىكى گۇناھكارلارمۇ بۇنى سېزىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلاندى.

ئەخمەت ئەپەندىم قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى بۇ ئەھۋالنى سېزىپ، بىر پارچە خەت يېزىپ تۈرمىدىكى قاماقتا ياتقان يولداشلارغا مەخپىي كىرگۈزۈپتۇ. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىكەن:

> سىلەر دۈشمەننىڭ يۈرىكىدە باتۇرانە كۈرەش قىلدىڭلار. سىلەرنىڭ كۈرىشىڭلەر بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزغا كۈچلۈك ياردەم بەردى. بەختكە قارشى سىلەر دۈشمەننىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالدىڭلار، لېكىن سىلەر تۈرمىدە ئازاب ۋە قىيىن ــ قىستاققا بەرداشلىق بېرەلىدىڭلەر. سىلەر قەتئىي تىز پۈكمىدىڭلەر، دۈشمەنگە باش ئەگمىدىڭلەر، دۈشمەن بىلەن ھارماي ــ تالماي كۈرەش قىلدىڭلار.
>
> بىز ئۈچ ۋىلايەتتىكى قوزغىلاڭ قىلغان خەلققە ۋاكالىتەن سىلەرگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز ۋە سىلەردىن سەمىمىي ھال سورايمىز.
>
> ھازىر ئۈچ ۋىلايەتنىڭ خەلق ۋەكىللىرى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۈرۈمچىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. سۆھبەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش. ئىنقىلاب سىلەرگە موھتاج. سىلەرنىڭ ھاياتىڭلارنى ساقلاپ قېلىشىڭلارنى، ھەرگىز بىرەر ئىش تېرىپ قويماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. سىلەر يات ئارىدا ئازادلىققا ئېرىشىسىلەر!
>
> ئۈچ ۋىلايەت خەلقىدىن



خەتنى يەتكۈزگۈچى تۈرمىدە ئاشپەزلىك قىلىۋاتقان ئۆز ئادىمىمىز ئىكەن. بۇ ئاشپەز ئاققوۋۇققا كۆكتات سېتىۋالغىلى چىققان بولۇپ، كې-

لىشىپ قويغان يەردىن بۇ خەتنى يوشۇرۇپ تۇرمىگە ئەكىرىپتۇ ـ دە،
ئاشخانا ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ تۇرۇۋاتقان مەھبۇس مامۇتوف قۇربانغا
تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. مەھبۇسلار خەتنى كۆرگەندىن كېيىن زور ئىلھام
ئېلىپ، ئازادلىق ۋە ھۆرلۈك ئارزۇسىغا چۆمۈپتۇ.

ئارىلىقتا بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاشپەز مەھبۇسلارغا
ئاستاغىنە: «ئەھۋال چاتاق، گۇندىپايلارنىڭ پەيلى يامان، زەھەرلىك قولـ-
نى سالىدىغاندەك تۇرىدۇ. قاتتىق ھېزى بولۇڭلار، ئۆزۈڭلەرنى ئوبدان
قوغداڭلار، ھازىر ئىلى ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدە. ئەگەر كۆرۈشۈش نىيە-
تىڭلار بولسا، مەن بىر ئامالىنى قىلاي» دەپتۇ.

مەھبۇسلار ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى، ئۆلۈم خەۋپىنى ھېس قىلىپ،
بىر ۋەكىل چىقىرىپ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتۇرمەكچى
بولۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، مەھبۇس قۇربان مامۇتوف كۆكتات
سېتىۋېلىشقا ياردەملەشكۈچى دېگەن نام بىلەن سىرتقا چىقىپتۇ.

يۈز ـ كۆزىنى چاچ ـ ساقال بېسىپ كەتكەن، كىيىملىرى جۇل ـ
جۇل بۇ مەھبۇس ئاققوۋۇقتىكى كونا مال بازىرىدا تىت ـ تىت بولۇپ
ئەخمەت ئەپەندىمنى كۈتۈپتۇ، تۇرمىدىكى ئالاقىچىمىزنىڭ ۋاسىتىسى بى-
لەن ئەخمەت ئەپەندىم كىتابخانىدىن كىتاب سېتىۋېلىپ چىققان كىشى
سىياقىدا، كىتابخانىغا ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە بۇ «بوۋاي» بىلەن
كۆرۈشۈپتۇ. بۇ «بوۋاي» ئەخمەتجاننىڭ قولىنى قوش قوللاپ تۇتقان چاغ-
دا ھاياجانلانغىنىدىن ۋە ئايغاقچىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ پۈ-
تۈن بەدىنى تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇ تۆت ئەتراپىغا قاراپ، ئەخمەت ئەپەن-
دىمنى دالدىراق يەرگە تارتىپ: «ۋەكىل، مېنىڭ سىزگە دەيدىغان گېپىم
بار ئىدى» دەپتۇ ـ دە، تۇرمىدىكى ئەھۋاللارنى ئېيتىپ، ناھايىتى كۆپ
كىشىنىڭ قەتلى قىلىنىپ كېتىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ.
ئەخمەت ئەپەندىم ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن سالماقلىق بىلەن: «بىز پات
ئارىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىمىز، بىز بارلىق سىياسىي مەھبۇسلارنى
قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق. چۈشەندىم، سۆھبەتتە بىز ھۆكۈمەت دا-
ئىرىلىرىدىن سىياسىي مەھبۇسلارغا قەتئىي زىيانكەشلىك قىلىشقا بول-
مايدىغانلىقىنى ئېيتىمىز. سىز قايتىپ بارغاندىن كېيىن تۇرمىدىكى
سەپداشلارغا ئېيتىپ قويۇڭ، ئۇلار سىلەرگە چېقىلالمايدۇ، قورقماڭلار،
بىزدىن بارلىق تۇرمىداشلارغا سالام ئېيتىڭ. بىراق جاھىللارنىڭ ۋەدى- 348

سىدە تۇرۇشى تەس. ھەممىڭلەر كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرۇڭلار، ئامال قىلىپ جېنىڭلارنى ساقلاپ قېلىڭلار. سىلەر پات ئارىدا ئازادلىققا چىقد-سىلەر» دەپتۇ تەسەللى بېرىپ.

«بوۋاي» بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ، بىردەمدىلا ئادەملەر توپى ئىچىگە كىرىپ غايىب بوپتۇ...

11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ۋەكىللەر غۇلجىغا قايتىپ كەلدى.

ئەپەندىم يەنە بىر قېتىم ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كەلگىنىدە، ھەممىمىز خۇشاللىققا چۆمدۇق. مېنىڭ كۆڭلۈم خېلى جايىغا چۈشكەندەك بولدى. دادام، ناسىركام، كىچىك ئاپاملار كېلىپ ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن كۆرۈشتى. ئۆيىمىز بەك كىچىك بولغاچقا بۇنچىلىك ئادەم پاتمايتتى. شۇڭا ناسىركام ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ «دادىسى» سالاھىيىتى بىلەن پىر-خىرلەنگەن ھالدا ئەخمەت ئەپەندىمنى يوقلىغىلى كەلگەن مېھمانلارنى ئۆز ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى ۋە ئۆيىدە قولىغا دۇتار ئېلىپ ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىپ كەتتى:

ئامان بولسۇن، ئامان بولسۇن،
دوستلارىم ئامان بولسۇن.
دوستلارىمغا قەست قىلغان،
يەر بىلەن يەكسان بولسۇن.



بۇ قېتىم ئەخمەت ئەپەندىم غۇلجىدا 28 كۈن تۇردى، بىراق مەن ئۇنى كۈنلەپ كۆرەلمىدىم، ئىشقىلىپ ئۇ بەكمۇ ئالدىراشچىلىقتا ئىدى. ئەپەندىمنى ھەر كۈنى ئىككى ئەسكەر كالاسكىدا ئالغىلى كېلەتتى. بۇرۇنقىدەك يالغۇز ماڭمايدىغان بولۇپ قالدى، كىشىلەر ئارىسىدىمۇ ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ خېلى داڭقى چىقىپ قالدى.

12 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئەزالىرى دوكلاتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان تىنچلىق سۆھبىتى ھەققىدە ھەر مىللەت ۋەكىللىرىگە سىستېمىلىق دوكلات بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ ئاممىۋى يىغىن چاقىرماقچى بولدى. ئۆمەك باشلىقى رەھىمجان چوڭ يىغىندا تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش جەريانىدىكى ئەھۋاللارنى تەپسىلىي

تونۇشتۇرۇپ بولـۇپ، «ياش ۋەكـىلـلـىـمـىـز ئـەخـمـەتجـان زور كـۆچ چـىقـاردى، ئـۆزى ياش بولـغـىـنـى بـىـلـەن قارشـى تـەرەپكە سـۆزدە يـول قويـمـىـدى» دېيىشىگە، يىغىنغا قاتناشقانلار قايتا ـ قايتا چاۋاك چېلىشىپ ئەخمـەت ئەپـەندىمىنـى سۆزلەپ بېـرىشكە تـەكلىپ قىلىـپ تۇرۇۋالدى. ئەخـمـەت ئەپەندىم تەمكىنلىك بىلەن سۆزگـە چىقىـپ ھەر مىلـلـەت ۋەكىلـلـىرىگـە تـۆۋەندىكى دوكـلاتنى بەردى (بـۇ دوكلات كېيىـن گېزىـت يۈزىدە ئـېـلان قىلىندى):

مۆھتەرەم ئاتىلار! ئاكىلار ۋە بارلىق قېرىنداشلار!

مەن سىلەرنـىڭ ئالدىڭلارغا ئالاھـىدە دوكلات ھازىـرلاپ چىققىنىم يوق. ۋەكىللەر توغرىسىدا رەھىمجان ئەپەندى تولـۇق چۈشەنچە بېرىپ ئۆتتى. شۇنىڭغا قوشۇمچە بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆز قىلىپ ئۆتمەكچىمەن. (ئالقىشلار)

خەلقىمىز ئازادلىققا قوزغالغاندا، ئۇلارنىڭ پائالىيىتى مىنۇت ساناپ ئۆسۈشكە باشلىدى. بىز ھازىر خەلقىمىزنىڭ ھەممىسىنى سىياسەتچى دېسەك خاتا كەتمەيمىز. چۈنكى، خۇسۇسەن خەلـقـىنىڭ ئۆز ئازادلىقى ۋە ئۆز ھۆرلۈكى ئۈچۈن بولۇپ تۇرغان ئىنقىلاب ياكى ئۇرۇش دەۋرىدە ھەركىمنى ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرى ئەنسىـرىتىدۇ. ھـازىر گومىـنداڭ ھۆكۈمـىتى بىـلـەن سۆھـبـەت باشلانغاندىن بېرى ھەممە كىشىنىڭ دىققىتىنى مۇزاكىرە ئۆزىگـە جەلپ قىلدى ۋە ھەممە كىشىنىڭ قۇلىقى شـۇ مەسىـلـىـلەرنـىـڭ ئۈستىدە دىڭ بولۇپ تۇرىدۇ.

مېنىڭ ئالدىمدا رەھىمجان يوللاردىكى تەسراتىنى ۋە چوڭ ۋەقەلەرنى سۆزلەپ ئۆتتى. مەن شۇنىڭغا قوشۇمچە قىـلىپ بـىـر جاينى كىرگۈزۈپ كېتىمەن. بىرىنچى نۆۋەت ماڭغىنىمىزدا ماشىنا بىلەن بېرىپ گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتىۈشتە ماناس دەرياسىدىن ئاتـلىق ئۆتتۇق. ماناسقا كەلگەندە جاڭزا (تۇڭگان) ۋە قازاق قېرىنـداشلارنىڭ ئۆيلىرى ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى كۆردۇق. بۇـنىڭ سەۋەبى نېمە دېگەندە، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز ئالغا بېسىپ ماناسقا يەتكەندە، دۈشمەنلەر چېكىنىپ، ماناس ئەتراپىدىكى

خەلقنى كۆچۈرىمىز دېگەن باھانە بىلەن خەلقنى كېچىدە بىر
يەرگە توپلاپ ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆلارنىڭ ئۆيلە-
رى ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغانىكەن. ئەمدى ھازىر بىز ئېلىپ بېرد-
ۋاتقان مۇزاكىرىگە ئۆتسەك، ھازىر بىز يۇرگۈزۈۋاتقان مۇزاكىرد-
مىز مۇۋەپپەقىيەتلىك كېتىپ بارامدۇ؟ دېگەن سوئالغا كېلىمىز. بۇ
توغرىدا ھازىرقى ۋاقىتتا بىزنىڭ مۇزاكىرىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك
كېتىپ بارىدۇ، دېگەن جاۋابنى بەرسەك بولىدۇ.

چۈنكى، بىز بىرىنچى نۆۋەت بارغىنىمىزدا بىزلەرنى قوبۇل
قىلىش بىلەن بىزنىڭ خەلقىمىزگە يەرلىك ھۆكۈمەتتە «شىيەن-
گەنلىكنىڭ مۇئاۋىنلىقى»نى بەرمەكچى بولۇپ شىەنگەننى مەر-
كىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بولسۇن، دېگەن تەكلىپنى قىلغا-
نىدى. بۇ مۇزاكىرىمىزنى توختاتماستىنلا بېرىلگەن تەكلىپنى
خەلقىمىزگە ئەكەلدۇق. بۇ تەكلىپلەرنى ھۆكۈمىتىمىز مۇزاكىرە
قىلىش نەتىجىسىدە بىزلەرنى ئىككىنچى نۆۋەت يەنە مۇزاكىرە
يۈرگۈزۈشكە ئەۋەتتى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن
مۇزاكىرىمىزنى داۋام قىلدۇرۇش نەتىجىسىدە كۆپ ئۇتۇقلارغا
ئىگە بولدۇق.

ئىككىنچى نۆۋەتتىكى مۇزاكىرە نەتىجىسىدە گومىنداڭ مەر-
كىزىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا قايتىدىن ھۆكۈمەت قۇرغاندا، ئۇ-
نىڭ *15* ى يەرلىك مىللەتلەردىن، قالغانلىرى (*10* ى) مەركىزىي
ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بەلگىلەنسۇن ھەم تۆۋەن ئىدارىلەردە ئىش
ئېلىپ بېرىش ئۆز تىلىدا، يۇقىرى ئىدارىلەردە يەرلىك مىللەتلەر
تىلىدا (يېزىقىدا) ۋە دۆلەت تىلىدا (يېزىقىدا) ئىش يۈرگۈزۈل-
سۇن، بۇنىڭدىن باشقا، مەتبۇئاتتا، سۆزدە، سايلاشتا، تەش-
كىلاتلار قۇرۇلۇشىدا تولۇق ھوقۇق ۋە ھۆرلۈك بېرىشنى، سو-
دىگەرلەرگە ئۆز ئىختىيارىي بىلەن ئىچكى ۋە سىرتقى سودىلىر-
نى قىلىشقا تولۇق ھوقۇق بېرىشنى، مىللىي ئەسكىرىي قى-
سىملارنى ساقلاپ قېلىشنى ۋە تەشكىل قىلىشنى تەكلىپ قىلدى.

دېمەك، بىرىنچى نۆۋەتتىكى مۇزاكىرىمىزدىن قارىغاندا،
ئىككىنچى نۆۋەتلىك مۇزاكىرىمىز يەر بىلەن ئاسماندەك پەرق قى-

لىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى بولسا، بىزنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىمىزنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تونۇغانلىقىدۇر. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن 120 سائەتلىك مۇزاكىرە قىلىش جەريانىدا، گومىنداڭ ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىزلەرنى 60 سائەت بومباردىمان قىلغان بولسا، بىز گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرىنى 60 سائەت بومباردىمان قىلدۇق. (ئالقىشلار)

مۇزاكىرىنىڭ بېرىشىغا قارىغاندا، بۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك رەۋىشتە ھەل بولمايدۇ، دەپ ئېيتالمايمىز. ئەلۋەتتە، مۇزاكىرىدىمىزنى يەنە داۋاملاشتۇرۇش نەتىجىسىدە مەسىلە تىنچلىق يولى بىلەن ھەل بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلىمىز. لېكىن، «مەسىلە تىنچلىق بىلەن ھەل بولىدىكەن» دەپ سەپەرۋەرلىكىمىزنى بوشىتىش ئەسلا يارىمايدۇ.

ئەمدى بىز ئارقا سەپنى مۇستەھكەم قىلىپ، ئەسكەرلىرىمىزنى زېرەكلىك بىلەن تۈزىساق، تىنچلىق يولى بىلەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشىمىزدا ھېچقانداق شەك ـ شۈبھە يوقتۇر.

(1946 ـ يىل 3 ـ يانۋار ئۈچ ۋىلايەت ئورگان گېزىتىدىن)

**1945 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئەخمەت ئەپەندىملەر ئۈ- چىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە كەتتى.**

**12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، يەنى ۋەكىللەر ئۈرۈمچىگە كەلگەن كۈنىڭ ئەتىسى، ئالاھىدە ھوقۇقلۇق ۋەكىل سالاھىيىتى بىلەن، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىنى باشلاپ ئىستالىن بىلەن سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ماڭغان جياڭ جىڭگو دادىسى جياڭ جيېشىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۈرۈمچىدە توختاپ، جاڭ جىجۇڭنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپتۇ.**

**12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى جياڭ جىڭگو ئەخمەت ئەپەندىم قاتارلىق ۋەكىللىرىمىز بىلەن كۆرۈشۈپتۇ.**

**جياڭ جىڭگو بىلەن ئەخمەت ئەپەندىم سۆھبەت جەريانىدا، ھەر ئىككىلىسىنىڭ موسكۋادا ئوقۇغانلىقىنى بىلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بىۋاستە رۇسچە سۆزلەشكەنىكەن. ئەخمەت ئەپەندىم جياڭ جىڭگوغا ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ مەيدانىنى شەرھلەپتۇ. جياڭ جىڭگو 29 ـ**

چېسلا ئۇرۇمچىدىن يولغا چىقىپتۇ.

ئۇچىنچى قېتىملىق سۆھبەتتە ئىككىلا تەرەپ خېلى كەڭ قورساق-لىق بىلەن ئۆزئارا يول قويۇشۇپتۇ. گومىنداڭ تەرەپمۇ يول قويمايدىغان بولسا ئىشنىڭ تېخىمۇ يامىنىغا تارتىپ كېتىش مۇمكىنلىكىنى ھېس قىپتۇ. بىز تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى بولسا ھەم پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ھەم جانلىق ئۇسۇل قوللىنىپ، تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ بالدۇرراق ۋۇ-جۇدقا چىقىشىنى كۈتۈپتۇ.

تىنچلىق سۆھبىتى ناھايىتى مۇشكۇل جەريانلارنى بېسىپ ئۆتتى. قارشى تەرەپ ئاسانلىقچە يول بەرمەيتتى، لېكىن ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇت-مىسىمۇ بولمايتتى. بىز تەرەپمۇ ئۆز تەلەپلىرىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتۇق، شۇنداقتىمۇ چوڭ ۋەزىيەتنى ئېتىبارغا ئالماي بولمايتتى. جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى مۇنازىرىلىشىشكە ئىنتايىن ماھىر ئىدى. سۆھبەت تازا چىڭىغا چىققاندا ۋەكىللەر ئۆمىكد-مىزنىڭ باشلىقى رەھىمجان سابىر ھاجى ئەخمەت ئەپەندىمگە: «ئاغىنە، ئەمدى مەن ئۆمەك باشلىقى بولۇۋەرمەي، سىنىڭ ئۆمەك باشلىقى بولغى-نىڭ تۈزۈك ئىكەن» دەپتۇ.

سۆھبەتنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر ئىختىلاپىمۇ ئازىيىشقا باشلاپتۇ، ئوتتۇرىلىقتىكى چوڭ توسالغۇمۇ ئاساسەن ھەل بولۇپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇزۇندىن بۇيان كۈت-كەن «تىنچلىق بىتىم» ئۇزۇنغا قالماي ئىمزالىنىدىغان بوپتۇ.

## 26. «11 بىتىم»نىڭ ئىمزالىنىشى

1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۈرۈمچىدىكى غەربىي بىنانىڭ 2 - قەۋىتىدىكى يىغىن زالى ئالاھىدە بېزەلگەنىدى. بۇ يەردە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى گېنېرال جاڭ جىجوڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرىدىن رەھىمجان سابىرھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە ۋە ئەخمەتجانلار «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم»نى ئىمزالىماقچى ئىدى. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىتىم ئىككى تەرەپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ چوڭ ئىشلاردا بىرلىككە كېلىش، كىچىك ئىشلاردا ئۆز پىكرىنى ساقلاپ قېلىش پرىنسىپى ئاساسىدا ھاسىل قىلىنغان ئورتاق تونۇش ئىدى، قارشى تەرەپنىڭ سەممىيىتىنىڭ بار-يوقلۇقىغا كەلسەك، ئۇنى بىرنېمە دېيىش ھەقىقەتەن تەس. لېكىن بىز شۇ چاغدا بىتىمگە ھەقىقەتەن ئىشەنگەن، شۇنداقلا بىتىمنىڭ روھىنى چىن كۆڭلىمىزدىن ھىمايە قىلىپ، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان.

شۇ كۈنى ئىككى تەرەپ فورمىلىرىنى رەتلىك كىيىپ، تەرجىمان ۋە خىزمەتچى خادىملارنىڭ باشلىشى بىلەن زالغا كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار ئۆزئارا ھۆرمەت بىلدۈرۈشكەندىن كېيىن شىنجاڭ تارىخىدىكى مۇھىم ھۆججەت — «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم» ۋە قوشۇمچە 1 - ھۆججەتكە تەنتەنىلىك يوسۇندا ئىمزا قويۇلدى. بىتىمنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

## مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم

بىرىنچى، ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىگە ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان يەرلىك زاتلارنى مەمۇرىي ئەمەلدارلىققا سايلايدىغان سايلاش ھوقۇقى بېرىدۇ.

بۇ ھوقۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەرتىپلەر بەلگىلەندى:

ۋەقە ھەل قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە، ھەر قايسى ناھىيەلەردىكى خەلق ناھىيەلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ ناھىيەلىك كېڭەشنى قۇرىدۇ. ناھىيەلىك كېڭەش ھاكىمنى سايلايدۇ. مۇئاۋىن ھاكىم، ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەنسەپتىكىلەرنى ھاكىم تەيىنلەيدۇ.

بۇ سايلام يولغا قويۇلغۇچە ۋەقە يۈز بەرگەن رايونلاردا ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەردىكى ھازىرقى مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ تۇرىدۇ.

ۋىلايەتلىك مەمۇرىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى بىلەن مۇئاۋىن ۋالىيسىنى شۇ يەردىكى خەلق كۆرسىتىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بېكىتىشىگە سۇنىدۇ.

ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتچىلىرىنى ۋالىي تەيىنلەيدۇ.

ناھىيەلەردە ناھىيەلىك كېڭەش قۇرۇلغاندىن كېيىن، قانۇن بويىچە ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىرى سايلىنىپ ئۆلكىلىك كېڭەش قۇرۇلىدۇ. ئۇ خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈستىدىن نازارەت قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىدۇ.

ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنغۇچە ۋە ئومۇمىي سايلام بېكىتىلگۈچە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش

چارىسى 9 ـ ماددىدىكىدەك بولىدۇ.

ئىككىنچى، ھۆكۈمەت دىنىي كەمسىتىشنى بىكار قىلىدۇ ھەمدە خەلققە تولۇق دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خەت ـ ئالاقىلىرىدە دۆلەت تىلى ۋە مۇسۇلمان تىللىرى (ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىنى كۆرسىتىدۇ) تەڭ قوللىنىلىدۇ. خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە سۇنىغان ئەرز، ئىلتىماسلىرىنى ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىدا يېزىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

تۆتىنچى، باشلانغۇچ مەكتەپلەر بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇش ھەر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدا بولىدۇ. لېكىن، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دۆلەت تىلى مەجبۇرىي دەرس بولۇپ كىرىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش زۆرۈرىيىتىگە قاراپ، دەرس ئۆتۈشتە دۆلەت تىلى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ تىلى تەڭ قوللىنىلىدۇ.

بەشىنچى، ھۆكۈمەت مىللىي مەدەنىيەت بىلەن سەنئەتنىڭ ئەركىن راۋاجلىنىشىنى تەمىن قىلىدۇ.

ئالتىنچى، ھۆكۈمەت مەتبۇئاتتا، مەجلىسلەردە، نۇتۇق، سۆزلەردە ھۆرلۈكنى تەمىن قىلىدۇ.

يەتتىنچى، ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ھەمدە ئۇلارنىڭ قۇدرىتىگە قاراپ باج نىسبىتىنى بەلگىلەيدۇ. خەلق ھۆكۈمەت ئالدىدا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، سېلىقنى ئۆزى كۆتۈرىدۇ. ئەمما، بۇ خىل مەجبۇرىيەتنىڭ مىقدارى خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

سەككىزىنچى، ھۆكۈمەت سودىگەرلەرگە ئىچكى ـ تاشقى سودا ئەركىنلىكىنى بېرىدۇ. ئەمما چەت ئەللەر بىلەن سودا قىلىغۇچى سودىگەرلەر مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن چەت ئەللەر ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن سودا شەرتنامىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىشى كېرەك.

توققۇزىنچى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەركىبىنى مەركەز تولۇقلايدۇ. ئۇنىڭ ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ سانى 25 نەپەر بولىدۇ. 25 نەپەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزاسىنىڭ 10

نى مەركەز بىۋاستە تەيىنلەيدۇ. مەركەز بىۋاستە تەيىنلەيدىغان ئون ھەيئەت ئەزا رەئىس، باش كاتىپ، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، تەمىرات نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە ئىككى مەخسۇس ھەيئەت ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسىتىپ مەركەز تەيىنلەيدىغان 15 ھەيئەت ئەزا ئىككى مۇئاۋىن رەئىس، ئىككى مۇئاۋىن باش كاتىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە بەش مەخسۇس ھەيئەت ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قالغانلىرى ھەققىدە قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ بىرىنچىسىگە قارالسۇن.

ئونىنچى، مىللىي ئارمىيە قۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئۇنى يەرلىك خەلقلەردىن تولۇقلاش پرىنسىپ قىلىنىشى شەرت. بۇ ئارمىيە بۇ قېتىمقى ۋەقەگە قاتناشقان ئارمىيە تەرىپىدىن دۆلەت ئارمىيەسىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساسلىنىپ تۈزۈپ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىدۇ. بۇ ئارمىيەنىڭ ئادەم سانى ۋە تۇرار جايى ئايرىم مۇزاكىرە قىلىنىپ، قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ ئىككىنچىسى قىلىنىپ، ئىمزالانغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بۇ ئارمىيەنىڭ مەشىق، بۇيرۇقلىرىدا ئۇيغۇر، قازاق تىل - يېزىقلىرىنى قوللىنىش پرىنسىپ قىلىنىدۇ. بۇ ئارمىيەدىكى ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار بۇرۇنقى مەنسىپىنى ساقلاپ قېلىش ئۇسۇلى بىلەن، مۇددەت بويىچە ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە ئەۋەتىلىپ، ئوفىتسېرلىق بىلىمنى تولۇقلايدۇ. بۇ ئارمىيەگە ھۆكۈمەت تەلىم - تەربىيە خادىملىرى ئەۋەتىپ مەشىق ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرىدۇ. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەركەز ئارمىيەسى بۇ ئارمىيە بىلەن بىر يەردە تۇرمايدۇ ھەمدە ئۆزئارا دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلايدۇ. بىر - بىرى بىلەن ئۆچەكىشىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ. قالغانلىرى ھەققىدە قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ ئىككىنچىسىگە

قارالسۇن.

ئون بىرىنچى، ۋەقە يۈز بەرگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىككى تەرەپ قولغا ئالغان زاتلار ۋەقە ھەل قىلىنغاندىن كېيىنكى 10 كۈن ئىچىدە قويۇپ بېرىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق باھانە ـ سەۋەب بىلەن كەمسىتىلمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى: جاڭ جىجۇڭ
خەلق ۋەكىللىرى: رەھىمجان سابىر ھاجى
ئوبۇلخەيرى تۆرە
ئەخمەتجان قاسىمى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى

## قوشۇمچە ھۆججەت (1)

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى ئىمزالىغان «قورالىلىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم» نىڭ 9 ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش چارىسى توغرىسىدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ماقۇللىشى بىلەن تۆۋەندىكىچە قوشۇمچە بەلگىلىمە تۈزۈلدى:

بىرىنچى، ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسىتىدىغان، مەركەز تەيىنلەيدىغان 15 نەپەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزاسىنىڭ ئالتىسىنى ۋەقە بولغان ئۈچ ۋىلايەت كۆرسەتسە بولىدۇ.

ئىككىنچى، يۇقىرىدىكى ئالتە ھەيئەت ئەزا، بىر مۇئاۋىن رەئىس، بىر مۇئاۋىن باش كاتىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ياكى تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ياكى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ياكى ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، بىر مەخسۇس ھەيئەت ئەزانى ئۆز

358

ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۈچىنچى، قالغان يەتتە ۋىلايەت توققۇز ھەيئەت ئەزانى كۆرسىتىدۇ. بۇ بىر مۇئاۋىن رەئىسنى، شۇنىڭدەك مەركەز بىۋاسىتە بەلگىلەيدىغان ۋە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ ۋىلايەت كۆرسىتىدىغانلىرىدىن باشقا، بىردىن نازىر، باشقارما باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، مۇئاۋىن باش كاتىپ، مۇئاۋىن نازىرنى، شۇنىڭدەك تۆت مەخسۇس ھەيئەت ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى: جاڭ جىجۇڭ

خەلق ۋەكىللىرى: رەھىمجان سابىر ھاجى

ئوبۇلخەيرى تۆرە

ئەخمەتجان قاسىمى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى،

ئۈرۈمچى

جاڭ جىجۇڭ 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى جياڭ جيېشىغا دوكلات قىلىش ئۈچۈن يۇقىرىقى ھۆججەتلەرنى ئېلىپ چۇڭچىڭغا ماڭدى.

بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى غۇلجىغا قايتتى.

بىز تەرەپ «11 بىتىم» دەپ ئاتىغان بۇ كېلىشىمنامىدە چوڭ ۋەزىيەتكە دائىر مەسىلىلەر يىغىنچاقلىنىپ، پىرىنسىپلار تۈزۈپ چىقىلغاندى؛ قوشۇمچە 1 ـ ھۆججەت ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنى تەشكىللەش ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ خادىملارنىڭ سانىنى تەقسىم قىلىش نىسبىتى قاتارلىق كونكرېت مەسىلىلەرگە چېتىلاتتى. شۇڭا بۇ ھۆججەت بىتىمنىڭ ئاساسىي قىسمى بىلەن تەڭ ئىمزالاندى. قوشۇمچە 2 ـ ھۆججەت ھەربىي ئىشلار ھەققىدە، يەنى قوراللىق قىسىملارنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش، ھەربىي تەمىنات قاتارلىق مەسىلىلەرگە، قىسقىسى قوراللىق قىسىملارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا بېرىپ تاقالغاچقا، ئۇنىڭغا ئالدىراقسانلىق بىلەن ئاسانلا ئىپادە بىلدۈرۈشكە بولمايتتى. ۋەكىللىرىمىز خەلقنىڭ ئارمىيەسى بولمىسا خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئارمىيەنى قايتىدىن تەشكىل قىلىش مەسىلىسىدە ھەربىر ئىنچىكە ھالقىلارغىچە بوش قويۇۋەتمىدى. قارشى تەرەپمۇ پىكرىدە چىڭ تۇردى. شۇ-

نىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەي، تالاش ـ تارتىش
توختىمىدى. شۇ سەۋەبتىن قوراللىق قوشۇننى قايتىدىن تەشكىللەش
مەسىلىسى توغرىسىدىكى 2 ـ ھۆججەتنى ئىككى تەرەپ كېيىنكى قې-
تىملىق سۆھبەتتە تونۇش بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن ئىمزالاشقا ماقۇل
بولۇشتى.

ۋەكىللىرىمىزنىڭ سۆھبەتتە ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىشى ئۇچۇن، جە-
نۇبىي شىنجاڭدىكى تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيەسى يىل بېشىدىن
باشلاپلا دۇشمەنگە توختىماي ھۇجۇم قىلىپ قاغىلىق بىلەن پوسكامنى
ئىشغال قىلىپ بولغانىدى. بۇ ھەربىي ھەرىكەتلەر گومىنداڭ تەرەپكە يەنە
بىر قېتىم بېسىم بولدى.

1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى گومىنداڭنىڭ ئالاھىدە ۋەكى-
لى جياڭ جىڭگو موسكۋادىن قايتىشىدا ئۇرۇمچىگە چۈشۈپتۇ ۋە ۋۇ
جۇڭشىنغا سوۋېت تەرەپ بىلەن موسكۋادا ئۆتكۈزگەن سۆھبەت ئەھۋالى-
نى مەلۇم قىپتۇ: بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە، سوۋېت تەرەپ شىنجاڭ مەسى-
لىسىدە ياردەملىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىكەن، لېكىن ئىلى
تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان مەركەزنىڭ گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭدا
تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنى چېكىندۈرۈپ كېتىش ھەققىدىكى بىر ماددا
توغرىسىدا ئىستالىننىڭ خەۋىرى يوق ئىكەنلىكىنى، بۇ خەۋەرنى دىپلو-
ماتىيە مىنىستىرى مولوتوفتىن ئاڭلىغانلىقىنى ۋە ئۇنداق قىلسا بول-
مايدىغانلىقىنى يەتكۈزۈپتۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە شىنجاڭ بىلەن ئىق-
تىسادىي جەھەتتە ھەمكارلىشىشنى، خۇسۇسەن مايتاغ نېفىت كانىنى،
ۋولفرام كانىنى بىرلىكتە باشقۇرۇشنى ۋە تۆمۈريول ياساشنى ئۈمىد قى-
لىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. جياڭ جىڭگو سوۋېت تەرەپ تەمىنلىگەن گو-
مىنداڭنىڭ سوۋېت چېگراسىغا ئۆتۈپ كەتكەن تارباغاتاي ۋالىيسى پاڭ
رۇڭ باشچىلىقىدىكى 1207 نەپەر ھەربىي ۋە مەمۇرىي خادىمنىڭ تىزىم-
لىكىنى ئالغاچ كەلگەن بولۇپ، ئۇنى ۋۇ جۇڭشىنغا تاپشۇرۇپتۇ.

1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى غۇل-
جىدا يىغىن ئېچىپ، سۆھبەت ۋەكىللىرىمىزنىڭ «11 بىتىم» نىڭ ئىم-
زالىنىشى ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشىنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلاپ ئۆتۈپتۇ.
ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى رەھىمجان سابىرھاجى ئالدى بىلەن
دوكلات بېرىپتۇ. ئۇ دوكلاتىدا: ئىككى تەرەپنىڭ تالاش ـ تارتىشى ئىنتا-
يىن كەسكىن بولدى؛ مەن سۆھبەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولساممۇ، لې-

كىن پۈتكۈل سۆھبەت جەريانىدا كونكرېت مەسىلىلەردە يەنىلا ئەخمەت ئەپەندىم ھالقىلىق رول ئوينىدى؛ قارشى تەرەپنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ماھارىتى خېلى ئۈستۈن ئىكەن، ماڭا قاتتىق بېسىم بولدى، بەزىدە جاۋاب قايتۇرۇشۇممۇ خېلى تەسكە توختىدى؛ سۆھبەت كۆپ قېتىم بۇزۇلۇش گىردابىغا بېرىپ قالغاندا، ئەخمەت ئەپەندىم گەپنى بۇراپ قاتماللىقنى ئۆڭشىدى، تىغمۇتىغ ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتتە بۇرىلىش ھاسىل قىلىپ، سۆھبەتنىڭ غەلىبە قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى؛ ئەگەر ئەخمەت ئەپەندىم بولمىغان بولسا، سۆھبەتنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىدى، سۆھبەت ئىنتايىن قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندا قاراتمىلىقى كۈچلۈك تەمسىللەر بىلەن كەيپىياتنى يۇمشىتىپ، ئىككى تەرەپنى سالماق ھالەتكە كەلتۈردى، دەپ ئەخمەت ئەپەندىمگە ئىنتايىن يۇقىرى باھا بېرىپتۇ.

يىغىن ئىشتىراكچىلىرى سۆھبەتنىڭ پۈتۈن جەريانىدىن تېخىمۇ تەپسىلىيرەك خەۋەردار بولۇش نىيىتىدە ئەخمەت ئەپەندىمنى سۆزگە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەخمەت ئەپەندىم سەھنىگە چىقىپ سۆزلەپتۇ. مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

— بىز بىتىم ۋاقىتىدىكى ئەھۋاللارنى سۆزلىگەندە بەس-مۇنازىرە قىلدۇق. قارشى تەرەپنىڭ تەھدىتىگە تەھدىت، مۇرەسسەگە مۇرەسسە، دىپلوماتىيەسىگە دىپلوماتىيە قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ بىزنى ھەر جەھەتتىن قامال قىلىشىغا يول قويماي، بوي بەرمەي لايىقىدا رەددىيە بەردۇق. راستىنى ئېيتسام، قوراللىق، ئوتلۇق جەڭدىن كۆرە، سىياسىي دىپلوماتىيە جېڭى ئىنتايىن نازۇك، مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەتتە كۆردۇق. چۈنكى، قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ھەمدە ئۇلارغا قايىل قىلغۇدەك جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، بىزگە نىسبەتەن پەقەت ھازىرقىنى بىلىپلا قالماي، تارىخىي ئەھۋاللارنى، دەلىل-ئىسپاتلارنى، جۇڭگونىڭ ئۆتمۈشىنى ۋە ھازىرقى ۋەزىيىتىنى، ئۇلارنىڭ دىپلوماتىك ئەھۋاللىرىنى، شۇنىڭدەك، دۇنيا ۋەزىيىتىنى بىلىش ۋە ئۆگىنىش تەلەپ قىلىناتتى. بىز بۇرۇن مۇنداق مۇرەككەپ ئەھۋاللارنى باشتىن ئۆتكۈزمىگەن ھەم بەزى ئەھ-

ۋاللارنى چۈشەنمىگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ بىز ئۈچۈن بىر سىر ئىدى. بىز ئەمدى بۇ سىرلىق سۆھبەتكە كىرىپ قالدۇق. بۇ جەريان بىز ئۈچۈن بىر سىناق ھەم ئۆزىمىزنى تاۋلاش جەھەتتە بىر مەكتەپ دېسەك بولىدۇ.

بىز بىتىمنى ئىمزالىدۇق. بۇ بىزنىڭ ياكى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ شەخسىي ئەرزى ئەمەس. بۇ ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتى، جۇڭگو ۋەزىيىتى، شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەھسۇلى. بىتىمنى ئىمزالاپ بولۇپ ئەمەل قىلمىساق، بىز ئۆتتۇرۇپ قويىدۇقمۇ ياكى ئۇتتۇۋالدۇقمۇ دېگەن سوئاللار ۋە ھەر خىل كۆز قاراشلار كېلىپ چىقىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، ئەگەر بىتىمدە بەلگىلەنگەن ھەممە ماددىلار تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىكەن، بىز ئۇتقان بولىمىز. چۈنكى، ئۇ چاغدا خەلقچىللىق، باراۋەرلىك جارى قىلىنىدۇ، يەرلىك مۇختارىيات قۇرۇشقا ئاساس سېلىنىدۇ. ئەگەر بىتىم ماددىلىرى ئىجرا قىلىنمىسا، بۇزۇلىدىغان بولسا، باراۋەرلىك، خەلقچىللىق دەپسەندە قىلىنىدۇ، ئىشلار بۇزۇلىدۇ، ۋەزىيەت ئۆزگىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بارلىق كۈچىمىز بىلەن بىتىمنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك.



ئامىنىنىڭ ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ دوكلاتىنى قاتتىق ھىمايە قىلىدىغانلىقى يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىش ساداسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپتۇ.

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش جەريانىدا كۆرسەتكەن تۆھپىسى گەۋدىلىك بولغانلىقتىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى 1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى 200 ـ نومۇرلۇق قارارنى ئېلان قىلىپ، ئەخمەت ئەپەندىمنى «ئازادلىق» ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلىدى.

1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى 206 ـ نومۇرلۇق قارار جاكارلاپ ئىئانە كومىتېتى قۇردى، ئەخمەت ئەپەندىم كومىتېتنىڭ مۇدىرلىقىغا، ئەكرەم مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، مىكمالوف بىر-

لەن ۋاققاس ھاجى ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلەندى.

لېكىن «11 بىتىم» ئىمزالىنىشى بىلەنلا ئىنقىلابىي ھوشيارلىقنى يوقىتىپ قويۇشقا، قوراللىق كۈچلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايتتى. ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، ھەربىي بۆلۈمنىڭ باشلىقى بولغان ئەخمەت ئەپەندىم ھەرقايسى ناھىيەلەردىكى ھەربىي بۆلۈملەرگە ئۇقتۇرۇش قىلىپ ھەرقانداق ۋاقىتتا جەڭگىۋارلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىق، جۈملىدىن ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغانلارنى باشقىدىن تىزىمغا ئېلىپ، جىددىي ئەھۋال كۆرۈلگەن پەيتتە، ئۇلارنىڭ قايتىدىن قوللىرىغا قورال ئېلىپ جەڭگە ئاتلىنىشى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

تۆۋەندىكىسى غۇلجا ناھىيەلىك ھەربىي بۆلۈمنىڭ بىر ئېلانى، بۇ ئېلان 1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان.

## ئېلان

ئەسكەر سېپىدىن بوشىغان سولدات ۋە ئوفىتسېرلار غۇلجا ھاكىم ئىدارە يېنىدىكى ھەربىي بۆلۈمگە كېلىپ، ئۆز گۇۋاھنامىلىرىنى كۆرسىتىشى لازىم.

قېچىپ يۈرگۈچىلەر بىلىنسە جاۋابقا تارتىلىدۇ.

غۇلجا ناھىيەلىك ھەربىي بۆلۈم

*1946* - يىل *1* - ئاينىڭ *23* - كۈنى

ئىچكىرىدىكى ۋەقەلەردىن مەلۇمكى، شىنجاڭدا بولۇۋاتقان بۇ ئىشلار ھەرگىزمۇ ئايرىم ئەھۋال بولماستىن، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بۇ يەردە بۇنداق ئىش بار:

كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن گومىنداڭ ئىمزالىغان «10 - ئۆكتەبىر كېلىشىمى» گە ئاساسەن، 1946 - يىل 2 - ئايدا جوۋ ئېنلەي، جاڭ جىجوڭ ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى مارشالدىن تەركىب تاپقان ئۈچ كىشىلىك ئالىي ھەربىي ئىشلار گۇرۇپپىسى قۇرۇلغانىدى. ئىككى

تەرەپ ھەربىي قىسىملارنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىش ھەققىدە قايتا ـ
قايتا مۇھاكىمە قىلىشقاندىن كېيىن، كوممۇنىستىك پارتىيە تەرەپ 1 مىل ـ
يون مۇنتىزىم ئارمىيە، 2 مىليون خەلق ئەسكىرىدىن تەشكىللەنگەن 48
دىۋىزىيەنى 12 ئاي ئىچىدە 18 دىۋىزىيە قىلىپ قىسقارتىش، ئاندىن كې ـ
يىن يەنە ئالتە ئاي ئىچىدە 10 دىۋىزىيە قىلىپ قىسقارتىشقا كېلىشكەن.
گومىنداڭ تەرەپنىڭ بولسا، پۈتۈن ھەربىي كۈچىنى 50 دىۋىزىيەگە قىس ـ
قارتىش بەلگىلەنگەن. ئۈچ كىشىلىك گۇرۇپپا بېيپىڭ، جىنەن، شۈجۇ ۋە
ئاخىرىدا يەنئەنگە كېلىپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭ قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈش ـ
كەنىدى. 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ يەنئەندىن چۇڭچىڭغا قاي ـ
تىپ، چۇڭچىڭدا ئېچىلىۋاتقان گومىنداڭ 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ
2 ـ يىغىنىغا قاتنىشىپ، شىنجاڭدىكى تىنچلىق سۆھبىتى ھەققىدە
ھەيئەت ئەزالارغا چۈشەندۈرۈش دوكلاتى بەرگەنىدى. جاڭ جىجۇڭ دوكلا ـ
تىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ تىنچلىق ۋە ئىتتىپاقلىق ئارزۇسىنى ئىشقا ئا ـ
شۇرۇشتىكى ئاساسلىق ئامىل مەركەزنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان ھەر خىل
سىياسەتلىرىگە باغلىق، دەپ كۆرسەتكەن. ئاڭلىساق جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى
شىنجاڭدا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى جياڭ جىڭگو يا بولمى ـ
سا 1925 ـ يىلىدىن 1926 ـ يىلىغىچە موسكۋادا ئوقۇغان، رۇس تىلىغا
پىششىق، 1942 ـ يىلىدىن 1943 ـ يىلىغىچە جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىت ـ
تىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بولغان شاۋ لىزى ئەپەندى ئەۋەتىلسە،
دەپ تەكلىپ بەرگەنىكەن. لېكىن، جياڭ جيېشى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ
رەئىسى ۋۇ جۇڭشىننى مەركەزگە يۆتكەپ، جاڭ جىجۇڭ قوشۇمچە شىن ـ
جاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتىسۇن، دېگەن پىكىردە چىڭ تۇرۇ ـ
ۋاپتۇ.

بۇ خەۋەر كېيىنكى كۈنلەردە ئەپەندىمنىڭ قۇلىقىغا يەتتى، ئۇ: «ئا ـ
تىسى بالىسىغا ئىشەنمەيدىغان ئەھۋالمۇ بولىدىكەن، جياڭ ۋېيىۇەنجاڭ
ئوغلىغا ئىشەنمەپتۇ» دەپ مەسخىرە قىلغانىدى.

بۇ مەزگىلدە ئەخمەت ئەپەندىملەرمۇ غۇلجىغا قايتىپ، بىتىمنىڭ
پىرىنسىپلىرىغا ئاساسەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنى قايتىدىن رەتكە
سېلىش ئىشىنى مۇھاكىمە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گومىن ـ
داڭ ئارمىيەسى بىلەن بولىدىغان بىۋاستە توقۇنۇشلار ئاساسەن تىنچىپ
قالغانلىقتىن، يەنە ئىچكى جەھەتتىكى ئىشلارنى باشقۇرۇش سالمىقى

كۆچەيتىلدى، بولۇپمۇ قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش سالمىقى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇلدى. مىللىي ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا يۈز بەرگەن بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق قىلىشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىگۇناھ خەنزۇ پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈپ، بۇلاپ، ئېغىر ۋەقە سادىر قىلغان مۇقاش، ئۆمەر، خۇدابېك قاتارلىق ئۈچ كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى تەستىقلىدى. باشقا جايلارمۇ خەنزۇ پۇقرالىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئىنچىكىلىك بىلەن دىققەت قىلدى. بۇلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ توغرا يولنى بويلاپ مېڭىشىدا ئىجابىي رول ئوينىدى. بۇ ئۈچ ۋىلايەت ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ خاتا لۇشيەننىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، مىللىي مەسىلىدىكى خاتالىقلارنى تەدرىجىي ھالدا تۈزىتىۋاتقانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

3 - ئاينىڭ باشلىرىدا غۇلجىدا خەنزۇ ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ياڭ جېنشەن ئۇيۇشما باشلىقى بولدى. قوشنىمىز سۇ خوزى ئۇيۇشمىنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

مەلۇمكى، تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ھەربىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇزاكىرىلىرى تېخى پىكىر بىرلىكىگە كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككى تەرەپ تېزرەك بىرلىككە كېلىپ «بىتىم»نىڭ 2 - قوشۇمچە ھۆججىتىنى بالدۇراق ئىمزالىۋېتىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

1946 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى جاڭ جىجۇڭنى غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىنى قوشۇمچە ئۆتەش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

ئەخمەت ئەپەندىملەر 1946 - يىل 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تۆتىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە باردى. لېكىن، جاڭ جىجۇڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ۋە شۇنداقلا گومىنداڭ پارتىيەسى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيەنى ئۆزئارا كېلىشتۈرۈش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، ۋاقتىدا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلەلمىدى، شۇڭا ۋەكىللىرىمىز جاڭ جىجۇڭنىڭ كەلمىگەنلىكىنى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ سەمىمىيىتى يوقكەن دەپ قاراپ، قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. بۇ باسقۇچتىكى سۆھبەت مىللىي ئارمىيەنى قايتىدىن تەش-

كىللەش مەسىلىسى بولغاچقا، بىز تەرەپ ئاسانلىقچە يول قويمىدى. گو-مىنداڭ تەرەپكە بېسىم ئىشلىتىپ، قارشى تەرەپنى سۆھبەتتە يول قو-يۇشقا قىستاش ئۈچۈن، مۇئاۋىن باش قوماندان ئىسھاقبېك جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيەسىگە يەكەننى ئېلىش، قەش-قەردىن خوتەنگە بارىدىغان تاشيولنى ئۈزۈۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈ-شۈردى. ئۈرۈمچىدە جاڭ جىجۇڭنى ساقلاپ تۇرغان ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىل-لىرى گومىنداڭ دائىرىلىرىگە: «ئەگەر جاڭ بۇجاڭ ۋاقتىدا كەلمىسە، بىز تىنچلىق سۆھبىتى بۇزۇلدى دەپ غۇلجىغا قايتىپ كېتىمىز» دەپ خىتاب قىلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ قاتتىق پوزىتسىيەسى گومىنداڭ مەركە-زىي ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى 4 ـ ئاي-نىڭ 4 ـ كۈنى چۇڭچىڭدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئىككى تەرەپ مىللىي ئارمىيەنىڭ قانۇنىي ئورنى، دائىرىسىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ بىتىم-نىڭ «قوشۇمچە 2 ـ ھۆججىتى» ھەققىدە يەنە بىر قېتىم جىددىي سۆھبەت ئېلىپ باردى. بۇ قېتىم ئەخمەت ئەپەندىلەر ئۈرۈمچىدە يەنە 26 كۈن تۇ-رۇپ قالدى.

تىنچلىق سۆھبىتى جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلا-يەت ھۆكۈمىتىمۇ ئۆز ئىچىدىكى ئىشلارنى مۇستەھكەملەشكە، تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ۋە ئىنتىزام ماددىلىرىنى تېخىمۇ قاتتىق ئىجرا قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى.

1946 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى 255 ـ نومۇرلۇق قارارنى ئېلان قىلدى:

> ئاتلىق *1* ـ پولك پىلموت كوماندىرى تىراسنكو ۋاسىلىي ھەربىي ئىنتىزامغا بويسۇنماستىن، ئۆز ۋەزىپىسىنى تونۇمىغانلى-قى ئۈچۈن، تېكەس ئاتلىق *1* ـ پولك ھەربىي سوتىنىڭ بەش يىل قاماش خۇسۇسىدا چىقارغان ھۆكۈمگە ئاساسەن، ھۆكۈ-مەت تەرىپىدىن بېرىلگەن *1038* ـ نومۇرلۇق «پىدائىي» مېدالى قايتۇرۇۋېلىنسۇن.

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي باغرىدىكى يۇلتۇز (بايىنبۇلاق) يايلىقىدا تۇرمۇش بۇيۇملىرى يېتىشمەي، شۇ يەردىكى موڭغۇل خەلقى ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتا ئۇچراپ، بەزى قالايمىقانچىلىقلار يۈز بېرىپتۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى 1946 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى 267 ـ نومۇرلۇق قارار چىقاردى:

يۇلتۇز ناھىيەسىدە ياشىغۇچى موڭغۇل قېرىنداشلارنىڭ ئىقتىسادىي ئېھتىياجلىرىنى تەمىنلەش ھەققىدە ھۆكۈمەت مۇنداق قارار قىلىدۇ:

(1) يۇلتۇزدىكى موڭغۇل قېرىنداشلار بىر يىللىق مۇددەت بىلەن كۈنەس ناھىيەسىدىكى تېرىلغۇ يەرلەر بىلەن تەمىنلىنىسۇن.

(2) تېرىلغۇ يەرلەرنى ئاجرىتىپ بېرىش كۈنەس ناھىيە ھاكىمى بىلەن ناھىيەلىك يەر ـ سۇ بۆلۈمىگە يۈكلەنسۇن.

(3) سودا باشقارمىسىغا تەكلىپ قىلىنسۇن — يۇلتۇز موڭغۇللىرى لازىملىق سودا ماللىرى بىلەن تولۇق تەمىن قىلىنسۇن.



بۇ قارار ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، يۇلتۇزدىكى موڭغۇل قېرىنداشلار ئارىسىدىكى قالايمىقانچىلىقلار بېسىقىپ، بىر مەزگىللىك تىنچلىق بارلىققا كەلدى.

1946 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم قاتارلىق ۋەكىللىرىمىز يەنە غۇلجىغا قايتىپ كەلدى. ئەخمەت ئەپەندىم ۋە ئالاقىدار رەھبەرلەر ئۈچ كۈنلۈك ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ قوشۇمچە 2 ـ ھۆججەتنى تولۇقلاپ چىقىپ، 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بەشىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە ماڭدى.

قوراللىق قوشۇن ھەققىدىكى مەسىلە مەيلى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بولسۇن ۋە مەيلى بىز تەرەپ بولايلى، ھەرگىزمۇ تەۋرىنىدىغان مەسىلە ئەمەس، ھەر ئىككى تەرەپ قوراللىق كۈچلەرنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە ئۆزئۆزىدىن ـ ئۆزۈن سۆھبەتلەشتى. بۇ قېتىم ئەپەندىملەر ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قالغان بىر ئاي جەريانىدىكى تۈگىمەس سۆھ-

بەتتە زېرىكىشلەرمۇ يوق ئەمەس، بىراق، نېمە بولۇشىدىن قەتئىيىنەزەر
ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىش كېرەك ئىدى.
ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ماڭا قالدۇرۇپ كەتكەن كۈندىلىك خاتىرىسىدە
ئىككى تەرەپنىڭ شۇ كۈنلەردىكى قاتمال ھالىتىنى تەسۋىرلىگەن مۇنداق
بىر بەت بار. ھەر كۈنى كۈندىلىك خاتىرە يېزىپ ئادەتلەنگەن ئەپەندىم بۇ
كۈنى خەت يازماي، ھەجۋىي رەسىم سىزىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭغا ھاۋادا ئۇ-
چۇپ كېتىۋاتقان بىر ئايروپىلان، ئۇنىڭدىن يامغۇردەك تاشلانغان بوم-
بىلار، يەردە بىر دېھقانىنىڭ ئۆيى، ئىشىك ئالدىدا قۇيرۇقىنى خادىدەك
تىك كۆتۈرۈۋالغان بىر ئېشەك دەرەخكە باغلانغان. كېيىن مەن بۇ رە-
سىمنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتىم. كۆڭلۈمدە ئەخمەت ئەپەندىم سۆھبەتنىڭ
ئۇزۇنغا سوزۇلۇشىدىن بىزار بولغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. بۇ ئەخمەت
ئەپەندىم كېيىن ھۆكۈمەتكە سۆھبەت ئەھۋالىنى دوكلات قىلغىنىدا «گو-
مىنداڭ ۋەكىللىرى بىزنى 60 سائەت بومباردىمان قىلدى، بىزمۇ قارشى
تەرەپنى 60 سائەت بومباردىمان قىلدۇق» دېگىنى بىلەن ئوخشاش مەنىدە
بولسا كېرەك.
بۇ جەرياندا گومىنداڭ دائىرىلىرى، بىر تەرەپتىن، ۋاقىتنى كەيند-
گە سوزۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈۋېلىشقا ئۇرۇنسا، يەنە
بىر تەرەپتىن، ئەپەندىملەرنى زېرىكتۈرۈپ توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلىد-
ماقچى بوپتۇ، ھەتتا بەزىدە يېقىنچىلىق قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سىر-
لىرىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇپ بېقىپتۇ. رەھىمجانغا قېيىنئاتىسى مەسئۇتنى
سېلىپ قويۇپ گەپ ئالماقچى بولۇپتۇ - يۇ، لېكىن مەقسىتىگە يېتەل-
مەپتۇ. ئوبۇلخەيرى تۆرىنىڭ قازاق مىللىتى ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ،
ئارىغا سوغۇقچىلىق سالماقچى بوپتۇ، ھەتتا گومىنداڭنىڭ قازاق مىللد-
تىدىن بولغان گېنېرالى زەكىيخاننى ئىشقا سېلىپ، ئوبۇلخەيرى تۆرە
بىلەن ئوخشاش قەبىلىدىن بولغان بىرنەچچەيلەننى تېپىپ كېلىپ، ئۇ-
نىڭدىن مەخپىيەتلىكنى بىلمەكچى بوپتۇ. لېكىن، ئۆز خەلقىنىڭ مەنپە-
ئەتىنى دەپ شېڭ شىسەينىڭ زىندانىغا تاشلانغان ئوبۇلخەيرى تۆرە ئەپەن-
دىمنىڭ يېنىدىن زادىلا نېرى كەتمىگەنىكەن. زەكىيخان تاپشۇرۇق بويد-
چە ئوبۇلخەيرى تۆرىنى ئايرىم زىياپەتكە تەكلىپ قىلغاندا، ئەخمەت ئەپەن-
دىم ئوبۇلخەيرى تۆرىنىڭ قورقماي بېرىشىنى ۋە نېمە سورىسا دادىل جا-
ۋاب بېرىشىنى ئېيتىپ: «سىز دېمىسىڭىزمۇ ئۇلار مېنى ئوبدان بىلىدۇ،
بېرىڭ» دېسىمۇ، ئوبۇلخەيرى تۆرە ئۇنىمىغانىكەن. ئەخمەت ئەپەندىم بد-

لەن ئوبۇلخەيرى تۆرە ئۆزئارا قازاق تىلىدا سۆزلەشسە، زەكىيخان ھاڭ ـ تاڭ قېلىپ، مەقسىتىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، كەشىنى توغرىلاپ كەتكەنىكەن.

مەيلى رەھىمجان ۋە ياكى ئوبۇلخەيرى تۆرە بولسۇن، تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىدا ئەپەندىمنى ئىزچىل قوللاپ كەپتۇ. بىر ـ نەچچە ئاي داۋام قىلغان جاپالىق سۆھبەت جەريانىدا ئۇچەيلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ـ تىن باش تارتماي، گومىنداڭچىلار ئوينىغان ھەرخىل نەيرەڭ، سۇيىقەستلەرنى بىتچىت قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تاپشۇرغان بۇ مۇش ـ كۈل ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنلاپتۇ.

1946 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ۋەكىللىرىمىز «تىنچلىق بىتىم» قوشۇمچە 2 ـ ھۆججىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى لايىھەسىنى ئېلىپ غۇلجىغا قايتىپ كەلدى.

ئىككىنچى كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت پۈتۈن ئەزالار يىغىنى ئې ـ چىپ، يەنە بىر قېتىم ۋەكىللىرىمىزنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

بۇ قېتىم تىنچلىق سۆھبىتىدە پۈتۈن مەزمۇن بويىچە بىرلىك ھا ـ سىل قىلىنغانىدى. باش بىتىم بىلەن قوشۇمچە 1 ـ ھۆججەت يىل بې ـ شىدا ئىمزالىنىپ، 2 ـ قوشۇمچە ھۆججەتمۇ يەنە بىرنەچچە ئايلىق تالاش ـ تارتىشتىن كېيىن رەسمىي ئىمزالاش شەرتىنى ھازىرلىدى.



شۇ كۈنى كۆپچىلىك تەق بولۇپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. رەھىمجان سۆزگە چىقىپ سۆھبەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن كۆپچىلىككە، مەن ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزگە ۋاكالىتەن ئەخمەت ئەپەندىمنى دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىمەن، دەپتۇ ـ دە، ئوبۇلخەيرى تۆرىگە قا ـ راپ:

ـــ تۆرە ئاغا، سىزدىڭ پىكرىڭىز قالاي، قالغانىن ئاقمېت سۆيلە سىنبە؟ ـــ دەپ سوراپتۇ. ئادەتتە كۆپ گەپ قىلمايدىغان قازاق خەلقىنىڭ تۆرە ئاغىسى ئوبۇلخەيرى تۆرە ئەخمەتجاننىڭ پۈتۈن سۆھبەت جەريانىدـ ـكى باتۇرانە جاسارىتىنى شەرھلەپ، ئۆزىنىڭ تامامەن ئاپىرىن ئوقۇيدـ ـغانلىقىنى ئىپادىلەپتۇ:

ـــ ئاقمېتجاندىڭ سۆيلەگەنى جۆن، بۇ كىسى بولمايتىن بولسا، نا ـ غىلاتىنىمىزدى بىلمېي قالۇۋشى ئېدىك، بۇل كىسى جارايدى.

مەيلى رەھىمجان بولسۇن ۋە مەيلى ئوبۇلخەيرى تۆرە بولسۇن، بۈگۈن

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئەينەن، ئەتراپلىق دوكلات بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ ئولتۇرۇپتۇ.

1946 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ يىغىن زالىدا ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئاۋازى يەنە بىر قېتىم ياڭرىدى.

مۆھتەرەم ھۆكۈمەت رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىس، ھۆكۈمەت ئەزالىرى:

سىلەر بىزنى ئۆتكەن يىل كۈز ئېيىدا ۋەزىيەتكە قاراپ ئىشنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتكەنىدىڭىزلەر. بىز مۇشكۈل ئىشنىڭ ئەھدىسىدىن تولۇق چىقىش ۋە ئۇنى مۇكەممەل ئورۇنلاشقا ۋەدە بېرىپ، سەككىز ئاي مىقدارى سۆھبەتنى داۋام قىلدۇردۇق، بۇ خىزمەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ئۇرۇندۇق. ھەرقانداق مىللەت بولمىسۇن، ئۇنىڭ تىلىكى تولۇق ئىستىقلالىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر. بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىزمۇ دەسلەپتە توققۇز ماددىدىن ئىبارەت بولغان دېكلاراتسىيەنى ئېلان قىلغاندا، تولۇق ئىستىقلالىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ئىدى. چۈنكى، بۇ مەسىلىنى قويغاندا، ئومۇمىي ۋەزىيەت ۋە ئەھۋال بىلەن ھېسابلىشىش كېرەك ئىدى ياكى ئەركىنلىكىمىز ئۈچۈن داۋاملىق، ئۇزاق مۇددەتلىك قانلىق كۈرەشنى ئېلىپ بېرىپ، خەلقىمىزنى ئېغىر ئەھۋالغا سېلىپ قويۇش، ئۇ ۋاقىتتا ئۇرۇشنى داۋام قىلدۇرۇش كېرەك ياكى ھازىرقى ئومۇمىي ئەھۋال بويىچە ئۇرۇشنىڭ توختىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەسىلىنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىش، ئۇ ۋاقىتتا ئۇرۇشنى توختىتىش كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەسىلىنى ئىككى تۈرلۈك چارە بىلەن ھەل قىلىشقا توغرا كەلدى.

بىرىنچى، مەسىلىنى قوراللىق كۈرەش بىلەن ھەل قىلىش.

ئىككىنچى، مەسىلىنى تىنچلىق ئاساسىدا ھەل قىلىش.

ئەلۋەتتە، بىز خەلقىمىزنى ئايىساق، گومىنداڭ ھۆكۈمىت-

نىڭ باشلىقى جياڭ جيېشىنىڭ چېگرا ئۆلكىلىرى توغرۇلۇق ۋە چېگرا ئۆلكىدىكى مىللەتلەر ئۈستىدە سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىنى ئېتىبارغا ئالساق، «جۇڭگو ھۆكۈمىتى چېگرا ئۆلكە مىللەتلىردگە تولۇق مۇختارىيەت بېرىدۇ» دېگەن ۋەدىلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە، مەسىلىنى قانسىز ھەل قىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى، دەپ ھېسابلاش مۇمكىن.

ھازىرقى ۋەزىيەت بىلەن ھېسابلاشقاندا، بىرىنچى ئۇسۇل بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلمىغانلىقتىن، مەسىلىنى ئىككىنچى تۈرلۈك ئۇسۇل، يەنى تىنچلىق ئاساسىدا ھەل قىلىشقا توغرا كەلدى، شۇ ئاساسىدا ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. ھەقىقەتەن ھەم ئۈچ ۋىلايەتنى ئازاد قىلىپ، تولۇق ھوقۇقنى ئۆز قولىمىزغا ئالدۇق، ئاندىن بۈگۈن ئۆلكىمىز بويىچە مۇختارىيەت ئىشلىرى تۇرغۇزۇلدى. شۇنىڭغا ئوخشاش، بىزمۇ ئەنە شۇ مەسىلىنى — مۇختارىيەتنى قولغا ئالدۇق، دەپ ئېيتالايمىز. بىز ئۆرۈمچىگە بارغىنىمىزدا، مەركەز ۋەكىلى بىلەن سۆزلىشىشكە توغرا كەلدى. ئۇ تەرەپلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە مەجبۇر بولدۇق. ئۇ تەرەپلەردە گومىنداڭ ھاكىمىيىتى تا مۇشۇ كۈنگىچە ھۆكۈم سۈرگەنلىكتىن، خەلق ئاممىسى ئېغىر غېرىبلىق ئەھۋالدا ھايات كەچۈرمەكتە.

ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايىتىدىن باشقا جايلارنى زىندان دېيىشكە توغرا كېلىدۇ ھەمدە زىندانغا ئايلانغان دېسەك خاتا كەتكەن بولمايمىز، ئۇ جايدىكى خەلقلەر بىز بىلەن كۆرۈشكەندە ئېغىزلىرىدا ئېيتالمىسىمۇ، لېكىن، يۈز ۋە كۆزلىرىدە بىر خىل مەيۈس مۇڭ بىلەن «بىزلەرنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار» دېگەن نەرسىنى ئىپادە قىلىدۇ. بۇ توغرىدا شىكايەتلەر ھەم قولىمىزغا كەلدى. دېمەك، ئۇ جايدىكى ئەھۋاللار مانا شۇنداق داۋام قىلماقتا ئىكەن. ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، تىنچلىق سۆھبىتى جەريانىدا تۆۋەندىكىدەك ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردۇق.

بىرىنچى، شىنجاڭ خەلقىدە يەرلىك ئىشەنگەن خەلقتىن مەمۇرىيەت سايلاش ھوقۇقى بولىدۇ. بۇ ھوقۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەرتىپلەر بەلگىلىنىدۇ:

(1) ۋەقە ھەل بولغاندىن كېيىن ئۈچ ئاي ئىچىدە، ھەربىر

ناھىيەدىكى خەلقلەر ناھىيەلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلايدۇ، ناھىيەلىك كېڭەش ھاكىم ۋە مۇئاۋىن ھاكىملارنى سايلايدۇ. قالغان ئىدارىلەرنىڭ بۆلۈم باشلىقلىرىدىن يۇقىرى خىزمەتچىلىرى ھاكىم تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ.

(*2*) سايلام ئۆتكۈزۈلگۈچە ۋەقە يۈز بەرگەن رايونلاردىكى ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەردە ئۇ يەردىكى مەمۇرىيەتلەر ساقلىنىدۇ، يەنى ئومۇمىي قۇرۇلتايغىچە بىزنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى ۋالىيلار ئۆز تەركىبىدىكى خىزمەتچىلىرىنى تەمىن قىلىدۇ.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلتىيىدا ئاساسىي قانۇن قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش تەركىبى ئاساسىي قانۇنغا مۇۋاپىق تۈزۈلىدۇ. لېكىن، ئاساسىي قانۇن ھازىرغىچە قوبۇل قىلىنغان ئەمەس ۋە شۇ كۈنگىچە ھۆكۈمەت ئەزالىرى *11* كىشىدىن ئىبارەت بولىدىكەن، ھازىرچە بىز گومىنداڭنىڭ چوڭ قۇرۇلتىيى ئېچىلغۇچە، تەرتىپنى تۆۋەندىكىدەك تۈزۈشكە ماقۇل بولۇشتۇق.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى *25* كىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ *15* ىنى يەرلىك خەلق كۆرسىتىدۇ، *10* ىنى بولسا مەركىزىي ھۆكۈمەت تەيىنلەيدۇ. بۇ بولسا بىز ئۈچۈن ئەڭ زور ئۇتۇقلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ تەرتىپ ئومۇمىي دائىملىق قۇرۇلتايغىچە بولۇپ تۇرىدۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلتىيى *5* ـ ئاينىڭ *5*ـ كۈنىدە ئېچىلماقچى ئىدى. لېكىن، بەزىبىر يېتەرسىزلىكلەر ئاساسىدا ئېچىلمىغانلىقىنى بايان قىلدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىگە كىرگۈزۈلىدىغان كىشىلەر خەلقچىللىقنى سۆيىدىغان ۋە خەلقچىللىقنى ئاساس قىلىدىغان كىشىلەر بولىدۇ. بۇ يېڭى قۇرۇلىدىغان ھۆكۈمەت جاڭ جىجۇڭنىڭ ئېيتىشىچە، تۆۋەندىكى بەش پرىنسىپنى ئاساس قىلىپ ئىش ئېلىپ بارىدۇ:

(*1*) جۇڭگو بىلەن سوۋېت دوستلۇقىنى مۇستەھكەملەش.

(*2*) مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى تەمىن قىلىش.

(*3*) خەلقچىللىق سىياسىتىنى قوللىنىش.

(*4*) مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش.

(5) خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىگە كىرگۈزۈلىدىغان كىشىلەر مۇشۇ ئاساستا ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ. بۇنىڭدا بىزنىڭ كۆزلىگەن پرىنسىپلىرىمىزدىن بىرى بولغان پۈتۈن ئۆلكە بويىچە مەمۇرىي ئىشلارغا يەرلىك خەلقتىن سايلىنىدۇ، دېگەننى قوشساق ۋە ئازاد قىلىنغان ئۈچ ۋىلايەت ئۆز تەرتىپى بىلەن ساقلىنىشىنى ئېتىبارغا ئالساق، بىزنىڭ مەقسەت ئەمەلگە ئاشتى دېيىش مۇمكىن.

ئىككىنچى، بىتىمگە ئاساسەن دىنغا تولۇق ئەركىنلىك بېرىلىدۇ.

ئۈچىنچى، دۆلەت ئىدارە، مەمۇرىي، سوتلارنىڭ توختام ـ قارارلىرى ئىككى تىلدا يۈرگۈزۈلىدۇ (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە). تۆۋەندىن يۇقىرىغا بېرىلىدىغان ئەرز، ئىلتىماس ۋە باشقا ئىشلار ھەر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

تۆتىنچى، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇش، ئىلىم ئېلىش ئىشلىرى ھەر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدا بولىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپتە دۆلەت تىلى دەرس بولۇپلا كىرگۈزۈلىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە دەرسلەر ئېھتىياجغا قاراپ دۆلەت تىلى ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ تىللىرىدا يۈرگۈزۈلىدۇ.



بەشىنچى، مىللىي مەدەنىيەت ـ سەنئەتنىڭ ھۆرلۈك بىلەن تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

ئالتىنچى، مەتبۇئاتتا، مەجلىسلەردە، نۇتۇقلاردا ھۆرلۈك ۋە ئەركىنلىك تەمىن قىلىنىدۇ.

يەتتىنچى، ھۆكۈمەت ھەقىقىي ئىشلەپچىقىرىشنى كۆزدە تۇتۇپ، خەلقنىڭ قۇدرىتىنى ھېسابقا ئېلىپ خىراج بەلگىلەيدۇ.

سەككىزىنچى، ھۆكۈمەت سودىگەرلەرگە ئىچكى ۋە خارجىي سودا ئەركىنلىكىنى بېرىدۇ.

توققۇزىنچى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەركىبى مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن 25 ئەزاغا قەدەر كۆپەيدۇ. 25 ھۆكۈمەت ئەزاسى ئىچىدە مەركىزىي ھۆكۈمەت 10 ئەزا تەمىن قىلىدۇ. قالغان ھۆكۈمەت ئەزاسىنى ھەربىر ۋىلايەتتىن خەلق ۋەكىللىرى تەيىن قىلىپ بېرىدۇ. شۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى مەركىزىي

ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەيىن قىلىشنى تەكلىپ قىلىدۇ.

ئونىنچى، مىللىي ھەربىي قىسىملار تەشكىل قىلىنىدۇ. بۇ مىللىي قىسىملارنى تەشكىل قىلىشتا ھەربىر جايىنىڭ ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ، ھەربىي قىسىم قۇرۇش لازىم بولىدۇ. بۇ قىسىملار تۈرلۈك دائىرە ۋە بەلگە بىلەن مۇسۇلمان خەلقلەردىن بولۇشى شەرت. بۇ مىللىي ھەربىي قىسىملارنى تەشكىل قىلغاندا، دۆلەتنىڭ ئەسكىرىي تەركىبىگە مۇۋاپىق تۈزۈلۈشى كېرەك. كوماندا بېرىش ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا بولىدۇ. بۇ قىسىملار، يەنى ئەسكەرلىرىمىز ئۆزلۈكىدىن مۇكەممەل ساقلىنىپ قالىدۇ. مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرىدىغان ئەسكەرلىرى مىللىي ھەربىي قىسىملار تۇرىدىغان ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلمايدۇ. مىللىي ھەربىي قىسىملارنىڭ سانى 12 مىڭ بولۇپ، ئالتە پولك، بۇنىڭ ئۈچ پولكى ئاتلىق، ئۈچ پولكى پىيادە بولىدۇ. مىللىي ھەربىي قىسىملارنى تەمىن قىلىش توغرىسىدا نۇرغۇن تالاش ۋە تارتىشلار ئارقىسىدا، ئۈچ پولك ئاتلىق قىسىمنى مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەمىن قىلىشقا ۋە ئۈچ پولك پىيادە قىسىمنى بىز تەمىن قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. ئەگەردە ئالتە پولك ئەسكەرنى ئۆز ئالدىمىزغا تەمىن قىلىش توغرا كەلسە، ئۇنداقتا مۇشكۈللۈك بولىدۇ، خەلقىمىزگە قىسمەن ئېغىرچىلىق كېلىدۇ. شۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەمىن قىلىشنى تەكلىپ قىلدۇق. ئۇنداق قىلمىغاندا، خەلقىمىزگە قىسمەن بولسىمۇ ئېغىرچىلىق تۇغۇلۇشىنىڭ ئېھتىمالى باردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى مۇشۇ ئەھۋالدا ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلدى. بىزدە قۇرۇلغان مىللىي ھەربىي قىسىملار ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە بولىدۇ. بۇ مىللىي ھەربىي قىسىملارغا ئۆزىمىزدىن قوماندان كۆرسىتىپ، بۇ كۆرسىتىلگەن كىشىلىرىمىز مۇئاۋىن قوماندانلىقنى ئىجرا قىلىدىغان بولدى.

ئون بىرىنچى، ھازىر ۋەقەگە ئالاقىدار ھەر ئىككى تەرەپتىن قاماقتا ئېلىنغانلارنى مەسىلە ھەل بولغاندىن كېيىن 10 كۈن ئىچىدە ئىككى تەرەپ باراۋەر قاماقتىن بوشىتىدۇ ھەمدە كېلەچەكتە ئومۇمىي ئىنقىلابچىلىرىمىز ھېچقانداق سەۋەبلەر بىلەن

كەمستىلمەسلىكنى ئىككىلا تەرەپ شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ مەسىلە ئۈستىدە مۇزاكىرە يۈرگۈزۈپ، ئىشنى توختام بويىچە ئىلىپ بېرىشنى لايىق تاپتۇق. يەنە بىر نەرسىنى قوشۇمچە قىلىپ ئېيتىپ كېتەي. 6 ـ ماددىغا بىنائەن بىزدىكى زور ئۇتۇق يالغۇز مەتبەئە ئەركىنلىكىنى بېرىش بولۇپلا قالماستىن، ئۆزىمىز خالىغان كىشىنى ئۇنىڭغا باشلىق سايلاش هوقۇقى بىزدە، شۇنىڭ بىلەن بىز نۇتۇق، مەتبۇئات يۈزىدە سۆزلەش ئىشلىرىغا قادىرمىز.

مەن سۆزۈمنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا 5 ـ ئاينىڭ 15ـ كۈنى ۋەكىللىرىمىز ئوتتۇرىسىدا بولغان سۆهبەت پروتوكولى (قارار)نى ئوقۇپ ئۆتىمەن، شۇ كۈنى ۋەكىللەر ئۆمەك باشلىقى رەهىمجان سابىر هاجىنىڭ «شىنجاڭدا سىياسىي ساقچىلار قاچان يوقىتىلىدۇ» دېگەن سوئالىغا مەركىزىي هۆكۈمەت ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ تۆۋەندىكى جاۋابنى بەردى: هۆكۈمىتىمىز ئەمەلدە باش ساقچى ئىدارىسىنى يوق قىلىش ئىشىغا كىرىشتى. بۇ ئىش شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت تەشكىل قىلىنىش بىلەنلا تاماملانغۇسىدۇر. ئەلۋەتتە، ئۆزىڭىزنى ئۆزى بەلگىلىك، ئەگەردە سىياسىي ساقچىلار شىنجاڭدا بار بولغان بولسا، ئۇمۇ سۆزسىز يوقىتىلىدۇ.

يەنە ۋەكىللىرىمىز ئۆمەك باشلىقى رەهىمجان سابىر هاجىنىڭ «شىنجاڭدا ساقچىلار يەرلىك مۇسۇلمان خەلقلىرىدىن تەشكىل قىلىنسۇن» دېگەن تەكلىپىگە گېنېرال جاڭ جىجۇڭ تۆۋەندىكى جاۋابنى بەردى: شىنجاڭدا بارلىق ساقچى يەرلىك مەمۇرىي ئىدارىلەر قارىمىقىدا بولغانلىقتىن، تېگىشلىك مەمۇرىي ئىدارىلەر يەرلىك ئەهۋاللارغا قاراپ، يەرلىك خەلق ساقچى ئاپپاراتلىرى تەشكىل قىلىش ئىشلىرى تەبىئىي ئىشتۇر.

بۇ جايلارغىمۇ ئېتىبار قىلىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز بولغانلىقتىن، هەممىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە توغرا كەلدى.

دېمەك، سەككىز ئايلىق سۆهبەت نەتىجىلىك ئاياغلاشتى.

بىز ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپىمىز ـــ بۇ شەرتنامىگە ئىمزا قويۇش ئۈچۈن، ۋەكىل بېكىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ يىغىننىڭ ۋەكىل بېكىتىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ دوكلاتى زالدا كۆتۈرۈلگەن گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى بىلەن ئاياغلىشىپتۇ. كۆپچىلىك باشمالتاقلىرىنى چىقىرىشىپ ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ نۇتقىنى ماختىشىپتۇ، ئۇنىڭ مۇرەككەپ ئەھۋال ئاستىدا مېڭىسىنى سەگەك تۇتۇپ، توغرا ھۆكۈم چىقىرىپ، ئىنقىلاب مېۋىسىنى قوغداپ قالغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ كىشىلەر ئۇنى «ياش دىپلومات» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

1946 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم» نىڭ ھەممە ھۆججەتلىرىنى تەستىقلاش ھەققىدە قارار چىقاردى، بىتىمنى تولۇق ھىمايە قىلىپ ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە شۇ كۈنى 287 ـ نومۇرلۇق قارار چىقىرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى رەھىمجان سابىرھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەت ئەپەندىملەرگە بىتىمگە ئىمزا قويۇش ھوقۇقىنى بەردى.

287 ـ نومۇرلۇق قارارنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىدەك:

ئۈچ ۋىلايەتتىن بارغان ۋەكىللىرىمىز نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى. نەتىجىلەر ناھايىتى زور، بولىدىغان شەرتنامىگە ئىمزا قويۇش ئۈچۈن ۋەكىللىرىمىز رەھىمجان، ئوبۇلخەيرى تۆرە ۋە ئەخمەت ئەپەندىلەرگە ھوقۇق بېرىلسۇن.

ھۆكۈمەت رەئىسى: ئېلىخان تۆرە

ھۆكۈمەت مۇئاۋىن رەئىسى: ھاكىمبەگ غوجا

مەسئۇل كاتىپ: ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم

*1946* ـ يىل *5* ـ ئاينىڭ *26* ـ كۈنى

بىتىمنىڭ تەستىقلىنىشى، جۈملىدىن ئىمزا قويۇش ھوقۇقىنىڭ بېرىلىشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھالبۇكى، ئەپەندىم ئۈچۈن ۋەزىپە ئېغىر، يول تېخى ئۇزاق ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ يېڭى ۋەزىپىلەرنى زىممىسىگە ئېلىپ يېڭى سەپەرگە ئاتلانماقتا.

يولغا چىقىش ئالدىدا، ئەپەندىم بۇ يەردىكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە يەنە بىر قېتىم سۆزگە چىقتى:

سۆھبەتتە قول قويۇلغان *11* ماددىدىن ئىبارەت توختامنى ئالدىنقى مەجلىستە ھەربىرىڭىزلەرگە تولۇق ئېيتىپ ئۆتكەنىدىم. بۇ *11* ماددىغا ئاساسەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. *11* ماددىلىق توختامدا ئۈستىمىزگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ھەققىتى بىلەن مەسئۇلىيەتلىكتە ئىجرا قىلساق، شەكسىز ئىستىقبالىمىز پارلاق بولالايدۇ. ئەگەردە تۆرە ئاتام ئېيتقىنىدەك، ئارىمىزدىن ساتقۇنلار چىقىدىغان بولسا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قويغان تەلەپلىرىمىزنىڭ ئىجرا قىلىنماسلىقى تەبىئىي ئىشتۇر. بىرلىك ئىتتىپاقىمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەم چىڭىتساق، قەبىلىچىلىك كېسەللىرىدىن خالاس بولساق، قەتئىي ئىرادىلىك بىلەن ئىش ئېلىپ بارساق، ھەر ساھەدە غەلىبە ئۈستىگە غەلىبە قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە ھېچقانداق گۇمان يوقتۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەنمىز، ئۇ ۋاقىت ئارىمىزغا شەيتان كىرىپ، ئۆزىمىزنىڭ گۆشىنى ئۆزىمىزنىڭ مېيى بىلەن قورۇپ قولىمىزغا كويزا، پۇتىمىزغا كىشەن سېلىپ قويىمىز.

ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، خەلقچىللىق، ھۆرلۈك شوئارلىرىنى مەيدانغا ئاتقان بىلەن ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىمىسە، ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. ئۆزىمىز سايلىغان باشلىقلىرىمىز ياخشى ئىشلىمىسە، يامان ئىشلىسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن غەيۋەت قىلىپ يۈرۈشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، ئۇنداقلارغا يول قويۇش يارىمايدۇ. ئۇنداقلارنى توغرىدىن ـ توغرا ئورنىدىن ئېلىپ تاشلاش لازىم. ئالدىدا تەزىم قىلىپ، سىرتىغا چىققاندا پىچاق قايرىش ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ. خەلقچىللىق سىياسەت مانا شۇنداق، شۇنىڭ ئۈچۈن كېلەچەكتە مىللىتىمىز مىللەت بولۇپ، ئۆز ۋەتىنىدە ئۆزى ياشىسۇن دېسەك، ئۆز ئارىمىزدىكى ئىتتىپاقىمىزنى مۇستەھكەملەشكە تىرىشىشىمىز لازىم. ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە ئىززەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ ئارتۇق راۋاج تاپتۇرۇشىمىز كېرەك. بىزلەردىكى ھۆرمەت ۋە ئىززەت ھەقىقىي

ھۆرمەت، ھەقىقىي ئىززەت بولۇشى لازىم.

بىزنىڭ دىنىمىز ـــ پاكلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان دىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىمىز پاك بولۇشىمىز لازىم، پاك دېگەن سۆز يالغۇز تەننى، كىيىمنى پاك تۇتۇش دېگەنلا سۆز ئەمەس، بەلكى كۆڭۈلنى، دىلنى پاك تۇتۇش دېگەن سۆزدۇر. بىزدە ھەر تەبىقىدىن خادىملار بار، مانا شۇلارنىڭ ئىچىدە پاكلىق، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق خىسلەتلىرى جارى بولۇشلىرى كېرەك. (ئالقىش)

بىزنىڭ تايانچىمىز ـــ ۋەتىنىمىزدىكى بارلىق خەلقلەردۇر. خەلقىمىزنىڭ بىرلىك قويندىن ئايرىلساق، ۋەتىنىمىزدىكى پۈتۈن خەلقىمىزنى ئۆتكەندىكىگە ئوخشاش قۇللۇققا چۈشۈرۈشىمىز ئېنىق. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىمىز ۋەتەن ئەلا، دىن ئەلا شوئارلىرى ئاستىدا ئىش ئېلىپ بارساق، شەك يوقكى، ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز. كىمدە كىم بۇ شوئارلارغا ئەمەل قىلماي، بولۇنغان پۈتۈمگە خىيانەت قىلىدىغان بولسا، ئۇنداق ۋىجدانسىزلارغا ھېچقانداق رەھىم قىلماي، ئارىمىزدىن سىقىپ چىقىرىشىمىز لازىم. ئەمدى كىم يۇقىرىقى شوئارلارغا ئېتىبار بېرىپ، بولۇنغان پۈتۈمگە چىن ئەمەل قىلىدىغان بولسا، دىن، مىللەت، ۋەتەن ھىمايىسى ئۈچۈن، مەنمەنلىكنى تاشلاپ ئۆزئارا ئىتتىپاقىمىزنى پولاتتەك چىڭىتىپ ئىش ئېلىپ بېرىشلىرىمىز لازىم. مانا شۇنداق قىلغان يىگىتلەرلا ۋەتىنىمىزنىڭ مەرد يىگىتلىرىدۇر.

رەھىمجان ۋە بىزلەر ئۈرۈمچىدە قالىدىغان بولدۇق، سىزلەر بىزگە تولۇق ئىشەنچ قىلىڭىزلار، ئىشەنچىڭىزلەرنى ئىجرا ئېتىشكە ھەر ۋاقىت تەييار ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرىمىز. (داۋاملىق ئالقىشلار)...

رەھىمجان بىلەن مەن خۇدا نېسىپ قىلسا، 20 ـ ئىيۇللاردا قايتىپ كېلىپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىدارىلەرنى پۈتۈمگە لايىق قۇرۇپ چىقىمىز، مەمۇرىي ئىدارىلەر ئۆز ھالىتىدە ساقلىنىدۇ. ئىدارىلەرنى تەمىن قىلىش ئىشى تېگىشلىك ئىدارە بىلەن تېگىشلىك يۇقىرىقى ئورگانلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ.

هازىر تېزلىك بىلەن بولىدىغان بىرقانچە مۇھىم ئىشلار بار:

(1) مالىيە ئىشلىرىنىڭ يىللىق يەكۇنى — مالىيە نازارىتى تېزلىك بىلەن دوكلات ئىشلەپ چىقىرىشقا كىرىشىپ، ئۇنى تەييار قىلىشلىرى كېرەك.

(2) توختام بويىچە بىز 12 مىڭ ئەسكەر تۇتۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن قالغان ئەسكەرلىرىمىزنى تېزلىك بىلەن قايتۇرۇش كېرەك. ئەسكەرلىرىمىزنى قايتۇرغاندا، ئاندىن تۇغما يېڭىك، قۇرۇق يانچۇقلۇق قىلىپ قايتۇرۇشقا يارىمايدۇ (ئالقىش.) ئىشتاب، مالىيە ۋە ھەربىي تەمىناتلار قايتىدىغان ئەسكەرلەر ئۈچۈن ئالاھىدە مەلۇم سومما ئاجرىتىپ، ئىسمىيتا تۈزۈشلىرى، بۇنىڭ چارىلىرىنى تېزلىكتە ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك.

(3) ھازىر فرونت بولمىغانلىقتىن، تېزلىك بىلەن نەقلىيات ئىشلىرىنى يولغا سېلىش كېرەك. ماناسقا قەدەر بولغان يولنى بىزلەر، ماناسنىڭ ئۇ تەرىپىنى گومىنداڭ تۈزەيدىغان بولدى. ماناسقا قەدەر يولنىڭ ۋە كۆۋرۈكلەرنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرى بولسا، يول ئىسلاھات ئىدارىسى تېزلىك بىلەن ياساپ چىقىشى كېرەك.

(4) ئىيۇننىڭ ئونىدىن يىگىرمىسىگە قەدەر ھەر ئىككى تەرەپ مەھبۇسلارنى بوشىتىشقا، ئەسىرگە ئېلىنغانلارنى بولسا ئۆز جايلىرىغا يەتكۈزۈشكە قارار قىلىندى. ئەسىرگە ئېلىنغانلارنى ئۆز جايلىرىغا يەتكۈزۈش ئىشى بىزلەرنىڭ يەنە بىر كېلىشىمىزگە قەدەر كۈتۈلسۇن، مەھبۇسلارنى ئۆز ۋاقتىدا بوشىتىش كېرەك.

(5) سەھىيە نازارىتى، ھەربىي شىپاخانا ئىككىسى پۈتۈن دورىلارنى ئاپتېكىغا ئۆتكۈزۈشلىرى كېرەك.

(6) بارلىق ئىدارىلەر ئۆزلىرىنىڭ تەشكىلىي ئىشلىرى ھەققىدىكى بارلىق ماتېرىيال ۋە قوللانمىلىرىنى بىز مېڭىشقا قەدەر تەييارلاپ يەتكۈزۈپ بېرىشلىرى كېرەك.

مۇھاجىرلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆز جايىغا يەتكۈزۈش شەرت، مالىيە نازارىتى چاپسانلىق بىلەن ئورۇندىسۇن.

خىزمەتداشلار:

قالمىش ئىدارىلەرنىڭ ئىشلىرى بولسا، بۇرۇنقى ھالىچە
بارلىق ئىشلىرىنى داۋام قىلدۇرۇشلىرى كېرەك. مەركەزدە ئول-
تۇرغۇچىلار قەغەز يۈزىدە ئىش ئېلىپ بارسا، سىرت ۋىلايەتتىكە-
لەر ئىشقا تولۇق قاتنىشىپ ئىشلەيدىغانلىقلىرى ھەممىگىزلەر-
گە بەلگىلىك. ھازىر كادىرلارغا بولغان ئېھتىياجىمىز ئارتۇق.
شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق خىزمەتچىلەر تېخىمۇ تىرىشىپ، ئۆزئارا
بىرلىك، خەلقچىللىق ۋە ئىتتىپاقلىقنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ،
پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشايلى. (گۈلدۈراس
ئالقىشلار...)

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئەخمەت ئەپەندىملەرنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ
بولغاندىن كېيىن، قوشۇمچە 2 ـ ھۆججەتكە قول قويۇش ئۈچۈن يەنە بىر
قېتىم ئۆلارنى ئۇرۇمچىگە يولغا سالدى. ئىلگىرىكى نەچچە قېتىملىق
بېرىش ـ كېلىشلەر ھەر ھالدا بىخەتەر بولۇۋاتقاچقا، بۇ قېتىم بەك قور-
قۇپ كەتمىدىم.
1946 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئۈچ ۋەكىل ئۇرۇمچىدە «11
بىتىم»نىڭ 2 ـ ھۆججىتى، يەنى «ۋەقە يۈز بەرگەن رايونلاردا ۋەقەگە قات-
ناشقان قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدى-
كى قوشۇمچە 2 ـ ھۆججەت»كە ئىمزا قويدى:

## قوشۇمچە ھۆججەت (2)

(*1*) ۋەقەگە قاتناشقان مىللىي قىسىملار دۆلەت ئارمىيەسى-
نىڭ تۈزۈلۈشى بويىچە، ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى، ئۈچ
پىيادە ئەسكەرلەر پولكى قىلىپ تۈزۈلىدۇ. ئومۇمىي ئادەم سانى
*11* مىڭدىن *12* مىڭغىچە بولىدۇ. بۇ ئالتە پولكنىڭ ئىككى ئاتلىق
ئەسكەرلەر پولكى بىلەن بىر پىيادە ئەسكەرلەر پولكى دۆلەت
ئارمىيەسى بولىدۇ. ئىككى پىيادە ئەسكەرلەر پولكى بىلەن بىر
ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قىسمى
بولىدۇ.
(*2*) ھۆكۈمەت ئىلى تەرەپنىڭ شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار-

دىن بىر ئادەمنى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت قوشۇ-
نىغا قوماندان قىلىپ كۆرسىتىشكە رۇخسەت قىلىدۇ. ئۇ يۇقى-
رىدا ئېيتىلغان ئالتە پولكقا قوماندانلىق قىلىدۇ. بۇ قوماندان
غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمە تەكشۈرۈپ بېكىت-
كەن ئىشتات بويىچە قوماندانلىق ئىشتابى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ
قوماندانلىق ئىشتابى شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزون باش قوماندا-
نى ۋە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا
بويسۇنىدۇ. ھۆكۈمەت بۇ قوماندانىنى قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئا-
مانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق ئىشتابىغا مۇئاۋىن قوماندان قىلىپ
تەيىنلەيدۇ.

(3) يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئالتە پولك ئىلى، تارباغاتاي، ئال-
تاي ئۈچ ۋىلايەتتە تۇرىدۇ. ھۆكۈمەت مۇشۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئا-
مانلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى مۇشۇ قوماندانىنىڭ قول ئاستىدى-
كى ئالتە پولكقا تاپشۇرىدۇ. دۆلەت چېگراسىنى ساقلاش ئىشى-
غا مەركەز تەيىنلىگەن چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى مەسئۇل بولى-
دۇ. بۇنىڭ چارىسى ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىكى چارە بويى-
چە بولىدۇ.

(4) بۇ قوماندان تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ كې-
ڭىشىشى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىكى ئا-
مانلىقنى ساقلاش قوشۇنىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشىغا
رۇخسەت قىلىدۇ. ئۇنى تولۇقلاشتا شۇ يەردىكى مۇسۇلمان
خەلقلەردىن تولۇقلاش چارىسى قوللىنىلىدۇ.

(5) مەزكۇر ئالتە پولكنىڭ ھەق - تەمىناتى ۋە كەلگۈسى-
دىكى قورال - ياراغلىرىغا كەلسەك، ئۇنىڭ دۆلەت ئارمىيەسى
بولغان ئۈچ پولكنى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دۆلەت ئارمىيەسىنىڭ
قائىدە - نىزامى ۋە ئۆلچەملىرى بويىچە مەركەز تەمىنلەيدۇ، ئا-
مانلىقنى ساقلايدىغان ئۈچ پولك ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش
قىسىملىرىنىڭ قائىدە - نىزامى ۋە ئۆلچەملىرى بويىچە ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق ئىشتابىغا ئاجرىتىپ
بەرگەن خىراجەت بىلەن تەمىنلىنىدۇ.

(6) ۋەقەگە قاتناشقان مىللىي قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ
تەشكىل قىلىش ئىشىنى مۇشۇ قوماندان ھۆكۈمەت ئالدىدا جا-

ۋابكار بولغان ھالدا ئىشلەيدۇ. بۇ قىسىملار ئالتە پولك قىلىپ تۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تۇرار جايى شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزون باش قوماندانى ۋە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە مەلۇم قىلىنىدۇ. مۇشۇ ئالتە پولكنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قورال ـ ياراغلىرىنىڭ نەق سانى گارنىزون باش قوماندانى ۋە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانىغا مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى: جاڭ جىجۇڭ

خەلق ۋەكىللىرى: رەھىمجان سابىر ھاجى

ئوبۇلخەيرى تۆرە

ئەخمەتجان قاسىمى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى

بىتىم مانا مۇشۇنداق مۇشەققەتلىك جەرياندىن كېيىن ئىمزالىنىپ، ئۈرۈمچىدە بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلىدىغان بولدى. لېكىن، بىز تەرەپتىكى ياش ئوفىتسېرلار ئىچىدە چۈشەنمەسلىك ۋە نارازىلىق ئەھۋاللىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى، يەنە بىرقىسىم كىشىلەردە ئاز سانلىق ئادەملەرنىڭ تەتۈر تەشۋىقاتىغا ئىشىنىپ كېتىپ قايمۇقۇپ قالغان ئەھۋاللار سېزىلدى. شۇ ۋەجىدىن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ناتوغرا قاراشلارغا قارىتا تۈزىتىش تەدبىرلىرى قوللاندى. بۇنىڭغا مىسال قىلىپ ياشلار تەشكىلاتىنىڭ بىر مۇھىم ئۇقتۇرۇشىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

## ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلارغا مۇھىم بىلدۈرۈش

شۇنىڭ بىلەن مەلۇم بولسۇنكى، ھازىر «11 بىتىم» ئىمزالىنىپ، ۋەتىنىمىز بويىچە تىنچلىق، خەلقچىللىق ھەرىكىتى كېڭىيىپ كېتىپ بارىدۇ. لېكىن، بەزى ناھىيەلەردىن كەلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بەزى ئاز ساندىكى مۇتەئەسسىپ ئۇنسۇرلار ۋە ئىستىبدات قالدۇقلىرى خەلق ئىچىدە تەتۈر تەشۋىقات، ئەكسىلھەرىكەتلەر قىلغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ ھەقتە ھەر

دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ *11* تۈرلۈك بىتىمگە ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ئىشلارنى ئەمەلگە قويۇش قوللانمىسىغا ئاساسەن مۇتەئەسسىپ ئۇنسۇرلارغا قارشى قوللىنىدىغان چارىسى تۆۋەندىكىچە:

(*1*) ئەزالارنىڭ سىياسىي ھوشيارلىقىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى، خەلقچىل روھىي كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئەكسىلھەرىكەتچىلەرگە قارشى ھەقىقىي خەلقچىللىق مەيدانىدا تۇرۇش ھەققىدە تولۇق چۈشەنچە بېرىلسۇن (تەشۋىقىي ۋە باشقا چارىلەر بىلەن).

(*2*) شۇ خىل ئۇنسۇرلار مەۋجۇت بولغان تەقدىردە، تېپىشلىك ئىدارىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇلارغا (ئەكسىلھەرىكەتچىلەرگە) قارشى چارە كۆرۈلسۇن. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشىگە يول قويۇلمىسۇن.

(*3*) شۇنداق ئەكسىلھەرىكەتچىلەرنىڭ ھەرىكىتى سادىر بولغان تەقدىردە، قىلغان جىنايەتلىرى پاكىتلىرى بىلەن كۆرسىتىلىپ، سىياسىي ھەرىكەت كومىتېتىغا يوللانسۇن.

(*4*) تۈرلۈك ماددا ۋە سىياسىي پروگراممىدا كۆرسىتىلگەن ھوقۇقلار توغرىسىدا خەلققە سىستېمىلىق رەۋىشتە تولۇق چۈشەنچە بېرىلىپ، ئاممىنىڭ ھەمكارلىقى ۋە ياردىمى قولغا كەلتۈرۈلسۇن ھەم ئاممىنىڭ شۇ ھوقۇقلاردىن تولۇق پايدىلىنىش چارىسى تەمىن ئېتىلسۇن.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مەركىزىي
كومىتېتى رەئىسى: سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ
مەسئۇل كاتىپى: ئوسمان زىيام

بۇ يەردە يولداش سەيدۇللا سەيپۇللايېفنىڭ قىسقىچە تارىخىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي:

سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ 1918 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تۇرپان ناھىيەسىدە بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1937 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزۈپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئۇرۇمچىدىكى ئۆلكىلىك

دارىلمۇئەللىمىن، ئىلى گىمنازىيەدە ئوقۇتقۇچى بولغان، 1940 ـ يىلى
گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا نارازى بولۇپ،
«جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» غا قاتناشقان، 1943 ـ يىلى
يەنە بىر قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققان. 1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدا
غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئاكتىپ قاتناشقان،
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، چاپ-
چال ناھىيەسىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىمى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار
تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قى-
لىش ئىتتىپاقى تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولغان. ئۇ شىنجاڭ ئا-
زاد بولغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ۋاڭ جېن، ۋاڭ ئېنماۋ
قاتارلىقلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بىۋاستە جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيەسىگە كىرگەن، جەنۇبىي شىنجاڭ تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ باشلىقى،
ھەربىي ـ مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاممىۋى خىزمەت بۆلۈمىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقى، ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قەش-
قەر ۋىلايەتلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايى-
تىنىڭ ۋالىيسى، قوشۇمچە بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان.
1954 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتى-
نىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە كا-
دىرلار نازارىتىنىڭ نازىرى، ئۆلكىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپ-
تىشى بولغان، 1956 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇ-
جىچۇسىنىڭ شۇجىسى بولغان، 1957 ـ يىلى ناھەقچىلىككە ئۇچراپ،
تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ قومۇل ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا ئەۋەتىل-
گەن، 1979 ـ يىلى 8 ـ ئايدا نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، شىنجاڭ ئۇي-
غۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پارتگۇ-
رۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ، 6 ـ نۆۋەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتگۇرۇپ-
پىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاپ-
تونوم رايونلۇق 1 ـ، 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ
ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكى-
لى، 5 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋە-
كىلى بولغان. سەيدۇللا سەيپۇللايېف 2002 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈ-
نى ئۈرۈمچىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن مەركەز ۋەكىلى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تىنچلىق سۆھبىتى 1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى باشلىنىپ 1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگە كەلگەندە ئاندىن «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم» ۋە قوشۇمچە 1 ـ ھۆججەت، يەنى «شىنجاڭدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش ھەققىدىكى قوشۇمچە ھۆججەت»كە ئىمزا قويۇلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن قوشۇمچە 2 ـ ھۆججەت، يەنى «مىللىي ئارمىيەنى قايتىدىن رەتكە سېلىش ھەققىدىكى قوشۇمچە ھۆججەت»كە 1946 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئىمزا قويۇلغانغا قەدەر تىنچلىق سۆھبىتى جەمئىي 231 كۈن ئېلىپ بېرىلدى. بۇ جەرياندا ئەخمەت ئەپەندىملەر غۇلجا بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا ئالتە قېتىم قاتنىدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى يېپيېڭى بىر سەھىپە ئاچتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قان ۋە جان بەدىلىگە كەلگەن تىنچلىق بىتىمىگە قويۇلغان بۇ مۇقەددەس ئىمزا شىنجاڭ تارىخىدا مەڭگۈ نۇر چاچقۇسى.

# 27. بىرلەشمە هۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى

«مەركىزىي هۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن هەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم» ۋۇجۇدقا چىقىپ ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق هۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەستىقلاندى.

1946 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى گومىنداڭ مەركىزىي هۆكۈمىتى تىنچلىق بىتىمىنى تەستىقلىدى.

تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى پۈتۈن شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقىگە زور خۇشاللىق ئەكېلىپ، ئۇزۇندىن بۇيان زۇلۇم چېكىپ خورلىنىپ كېلىۋاتقان ئەمگەكچى خەلققە يېڭى ئۈمىد بېغىشلىدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمەلىي كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسى مۇقىملىققا يۈز تۇتتى، جەنۇبىي شىنجاڭ يەتتە ۋىلايەتتىكى گومىنداڭنىڭ هەربىي ـ ساقچى دائىرىلىرىمۇ ئوبدانلا ياۋاشلىشىپ قالغاندەك قىلاتتى، پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا ۋاقىتلىق تىنچلىق بارلىققا كەلدى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە هۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشىنى خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى.

خەلقئارادا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشىپ، گىتلېر گېرمانىيەسى ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ بولدى. 1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئېچىلغان يالتا يىغىنىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭ خەلقىنىڭ قوراللىق كۈرىشىنى ئەمدى قوللىمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەملىكەت ئىچىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۇلۇغ غەلىبىگە ئېرىشىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەهبەرلىك قىلغان خەلق دېموكراتىيە هەرىكىتى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە قانات يايدى. هەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇهلار ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى-

نىڭ تىنچلىققا ئىنتىلىش ئارزۇسى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيدى. ۋەزىيەت ـ نىڭ قىستىشى ئارقىسىدا، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى سۆھبەت ئۈستىلىگە كېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن «10 ـ ئۆكتەبىر كېلىشىمى»نى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما بۇ جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن پەقەت كۆرۈنۈش ئۈچۈنلا ئېلىپ بېرىۋاتقان يالغان ھەمكارلىقى ئىدى. جياڭ جيېشىنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋەكىل ئە ـ ۋەتىپ ئۈچ ۋىلايەت خەلقى بىلەن «تىنچلىق بىتىم» ئىمزالىدى. لېكىن بۇنىڭ ئارقىسىدا، جياڭ جيېشىنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىش غەرىزىنى يوق دېگىلى بولمايتتى. بۇ ۋاقىتتا ياپون باسقۇنچىلىرى تەس ـ لىم بولۇپ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇش ئاخىرلاشتى. دېمەك، جياڭ جيېشىنىڭ ئىچكىرىدە يېڭىباشتىن كۈچ توپلاپ شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىغا ۋە ئۈچ ۋىلايەتكە ھەربىي ھۇجۇم قوزغىشىغا پۇر ـ سەت يارىتىلغانىدى.

بىز بولساق گومىنداڭنىڭ تىنچلىق بىتىمگە ئىمزا قويۇشقا مەج ـ بۇر بولغانلىقى مۇرەسسە قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايتتۇق. شۇ ـ نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈچ ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرىنىڭ شىنجاڭ بىر ـ لەشمە ھۆكۈمىتىدە قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقى، ھېچبولمىدى دې ـ گەندىمۇ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غالىبىيەت مېۋىلىرىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى دەپمۇ ھېس قىلىشاتتۇق.

ئەمما، يېڭى ۋەزىيەت بىزدىن جانلىق ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكا قوللىنىپ، ئىنقىلاب غەلىبىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەشنى تەلەپ قىلاتتى.

نەچچە يىلدىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابىي ئەمەلىيەت زور بىر تۈركۈم قۇدرەتلىك ئىنقىلابىي كۈچلەرنى تاۋلاپ چىقتى. ئىلغار ياشلار ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىدە ئىنقىلابقا پۇت ـ لىكاشاڭ بولۇپ يۈرگەن مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنى تازىلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى ـ نى چوڭقۇر ھېس قىلىشتى. بولۇپمۇ ئېلىخان تۆرىنىڭ ئەسلىي قىياپى ـ تىنى تونۇپ يېتىپ، بۇ موللامنىڭ ئەمدى يەنە ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆ ـ كۈمەتكە داۋاملىق رەئىس بولۇشنى خالىماي قالدى.

بىر كۈنى كەچتە، ئىلغار كۈچلەر نامىسىز خەتتىن بىرنى يېزىپ

ئېلىخان تۆرىنىڭ دۆڭ مەھەللىدىكى تۇرالغۇسىغا كىرگۈزۈپ بېرىپتۇ. خەتتە موللامىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە ئارىلىشىپ يۈرۈۋەرمەي، ياخشىسى بۇ يەردىن كېتىشى كېرەكلىكى، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئاقىۋىتىگە ئۆزى ئىگە بولىدىغانلىقى تەلەپ قىلىنغانىكەن.

خەتنى كۆرگەن ئېلىخان تۆرە ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنىڭ نەزەردىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى سېزىپتۇ ۋە باشقا چىقىش يولىنىڭ قالمىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئېلىخان تۆرە ئىنقىلابىي خەلقنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا، 1946 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى بالىچاقىلىرىنى ئېلىپ بىر كېچىدىلا قورغاس چېگرا ئېغىزىدىن سوۋېت تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ (كېيىن تاشكەنتتە ماكانلىشىپ، 1966 ـ يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن).

ئەتىسى گېزىتىمىزدە ئىچكى قىسىمدا مالىمانچىلىق چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن «ئېلىخان تۆرەم ئارىشاڭغا دەم ئېلىشقا كەتتى» دېگەن ماۋزۇدا بىر خەۋەر بېرىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئېلىخان تۆرە توغرۇلۇق ھېچقانداق خەۋەر ئاڭلىمىدۇق. بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىكى پۈتۈنلەي ئەخمەت ئەپەندىم باشچىلىقىدىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئارقىدىن مىللىي ئارمىيەنىڭ باش قوماندانى، ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى پالىنوفمۇ چېكىنىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا يولداش ئىسھاقبېك مىللى ئارمىيەنىڭ باش قوماندانى بولدى.

6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى غۇلجا خەلقى تىنچلىق ۋە دېموكراتىيەگە بولغان تەشنالىقىدا 10 مىڭ كىشىلىك چوڭ يىغىن ئېچىپ، تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالانغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

بىز تەرەپ تىنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن، بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە ئەۋەتىلىدىغان ئەزالارنى سايلاپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تۈرلۈك ئەمەلىي ھەرىكەتلەرنى قوللىنىپ تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى.

ئەخمەت ئەپەندىم ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە مۇھىم خىزمەت ئورنىغا بەلگىلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. شۇنىسى قىزىقكى، ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ بۇرۇت قويۇۋالىدىغان بولۇۋالدى. مەن ئۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ سورىسام، ئەپەندىم ماڭا: «ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە يېشىم سەل كىچىكرەك ئىكەن، باشقىلار مېنى بەك

ياشكەن دەپ قالمىسۇن دەپ بۇرۇت قويۇۋالدىم، باشقىلارغا يېشىمنى چوڭراق قىلىپ كۆرسەتسەم خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا پايدىلىقمىكىن دەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ئەپەندىمنىڭ بۇرۇتى ئۇنىڭ ئۆلچەملىك سىمۋولى سۈپىتىدە ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۆز مەۋقەسىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە، تىنچلىق بىتىمىنىڭ 11 ـ ماددىسىدا كۆرسىتىلگەن مەزمۇنغا ئاساسەن ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىشكە تەييارلاندى ھەمدە گومىنداڭدىن ئەسىرگە چۈشكەن گېنېراللارنى قويۇپ بېرىشتىن ئاۋۋالقى ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەشكە كىرىشتى. ئەخمەت ئەپەندىم گومىنداڭنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى — 45 ـ دىۋىزىيەنىڭ كوماندىرى گو چى، ئالتايدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ گېنېرالى ۋەن لىڭيۈن ۋە ئالتاينىڭ ۋالىيسى گاۋ بەييۈنى يەنە بىر قېتىم ئۆزى سوراق قىلدى. ئۇلار بىز تەرەپتىن تىرىك تۇتۇۋېلىنغان گومىنداڭنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى ئىدى. بولۇپمۇ گو چى گومىنداڭنىڭ گېنېرال مايور دەرىجىلىك دىۋىزىيە كوماندىرى بولۇپ، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان، ئىككى قولى خەلقنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويالغان، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنى قىرغان، جۈملىدىن بىزنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان نۇرغۇن جەڭچىلىرىمىزنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن چوڭ جىنايەتچى ئىدى. ئۇ جىڭدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ساۋەننىڭ جەنۇبىدا پارتىزانلارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشكەن ھەمدە 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شىخودىن غۇلجىغا يالاپ كېلىنگەن. قالغان ئىككىسى تەسلىم بولغانلار ئىدى.

1946 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف گو چىنى ئاخىرقى قېتىم سوراق قىلدى.

گو چى قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن خۇ زۇڭنەننىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشەلمەپتۇ، كېيىنكى كۈنلەردە چەت ئەلگە قېچىپ كېتىپتۇ، تېخى يەنە چەت ئەلدە تۇرۇپ بىر كىتابمۇ يېزىپتۇ. كىتابىدا جىنايەتلىرىنى پەردازلاپ جېنىنىڭ بارىچە ئۆزىنى ئاقلاپتۇ، ئۆزىنىڭ ئەخمەتجان تەرىپىدىن سوراققا تارتىلغانلىقىنى، ئەخمەتجاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان

ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىنى يېزىپ كېلىپ، «ئەخمەتجاننىڭ كال-
لىسى كوممۇنىزم ئىدىيەسى بىلەن تولۇپ كەتكەن...» دەپ كېلىپ مۇن-
داق يېزىپتۇ:

«ئەخمەتجان ئۈچىمىزنىڭ ئىسمى – فامىلىمىزنى سورىغاندىن كې-
يىن ئالدى بىلەن: سىلەرنىڭ قوشۇنۇڭلار ئۇزاق تەلىم – تەربىيە ئالغان،
قورال – ياراغلىرى خىل دۆلەت ئارمىيەسى، بىزنىڭ قوشۇنىمىز بولسا
تەرەپ – تەرەپتىن كېلىپ يىغىلغان خەلق ئارمىيەسى، نېمە ئۈچۈن جەڭ
قىلغاندا سىلەر يېڭىلىپ، بىز يېڭىپ چىقتۇق؟ بۇنىڭ سەۋەبى نەدە؟ دەپ
سورىدى.»

گو چى كىتابىدا ئۆزىنىڭ جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشۈپ
قالغانلىقىغا بىرمۇنچە ئوبيېكتىپ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، يۇقىرىنىڭ
قوماندانلىقىنىڭ خاتا بولغانلىقى، ئەسكەرلەرنىڭ يەر شارائىتىنى پىش-
شىق بىلمەسلىكى قاتارلىقلاردىن ئاغرىنىپتۇ. لېكىن ئەخمەت ئەپەندىم
ئەجەللىك يېرىدىن تۇتۇۋېلىپ، گو چىنىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ تۇتۇرۇق-
سىز، ئاساسى يوق گەپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بو-
لۇشىدىكى سەۋەبنى تەھلىل قىلىپ: ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ھەققەت ئۈچۈن
جەڭ قىلدى، سىلەر غوجائاكاڭلارغا غالچىلىق قىلىش ئۈچۈن جەڭ قىل-
دىڭلار، تېخىمۇ مۇھىمى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ پۈتۈن خەلقنىڭ ھىمايىسىگە
ئېرىشتى، سىلەر خەلقتىن ئايرىلىپ يېتىم قالدىڭلار، دەپتۇ.

ئاخىرىدا گو چى ئەخمەتجاننىڭ گومىنداڭنى خۇددى ئاغزىنى يوغان
ئېچىپ پۈتۈن خەلقنى يۇتۇۋالماقچى بولغان شىرغا ئوخشىتىپ سۆزلەپ
بەرگەن مۇنداق بىر تەمسىلىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىپتۇ:

«بىر كۈنى يولۋاس، بۆرە، تۈلكە ئوۋغا چىقىپ، بىر ئۆكۈز، بىر
ئېشەك ۋە بىر توشقاننى ئوۋلاپتۇ.

— ھە، ئېيتىپ بېقىڭلار، — دەپتۇ يولۋاس ئۇ ئىككىسىگە، —
ئەمدى بۇلارنى قانداق بۆلۈشىمىز؟

— يولۋاس جانابلىرى بولسا ئورمان پادىشاھى، — دەپتۇ بۆرە بى-
رىنچى بولۇپ سۆز ئېلىپ، — ئەلۋەتتە ئەڭ چوڭى — ئۆكۈز ئۆزلىرى-
نىڭ بولۇشى كېرەك، مەن بولسام تۈلكىدىن چوڭ، ئېشەك ماڭا بېرىلسە
كۇپايە، تۈلكە ھەممىمىزدىن كىچىك، ئۇنىڭغا توشقانمۇ يېتىپ ئاشىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان يولۋاسنىڭ غەزىپى ئۆرلەپتۇ – دە، كاپلا قىلىپ بۆ-
رىنى بوغۇپ بىر كۆزىنى قۇيۇۋېتىپتۇ ۋە ئاندىن تۈلكىدىن سوراپتۇ:

— ھە، سەن ئېيتە، قانداق بولۇشىمىز؟

تۈلكە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ شۇ زاماتلا مۇلايىم قىياپەتكە كىرىپ:

— يولۋاس جانابلىرى دېگەن پادىشاھ، ھەممىمىزدىن چوڭ، شۇڭا ئۆكۈز ئۆزلىرىنىڭ ئەتىگەنلىك ناشتىلىقلىرى، ئېشەك چۈشلۈك تاماقلىرى، توشقان كەچلىك غىزالىرى بولسۇن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان يولۋاس خۇشال بولۇپ تۈلكىنى ئۆلۈمدىن خالاس قىپتۇ.»

ئەخمەت ئەپەندىم جانلىق تەمسىللەر ئارقىلىق خەلقنىڭ شىللىسىگە مىنىۋېلىپ زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغان ئاچ كۆز گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىۋاتقانلىقىنى پاش قىلىپ، ئۇلارنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى مەسخىرىلىك ئېچىپ تاشلىغانىكەن.

ئەخمەت ئەپەندىم ئاخىردا گو چىغا كەسكىن رەۋىشتە: «مەركىزىي ھۆكۈمەت مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى سۇن كې بىلەن يېڭىدىن تەيىنلەنگەن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭدىكى بىر يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇش سەممىيىتىنى ئىزھار قىلغاچقا، بىزمۇ بۇنداق سەممىيەتنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئەمەلىيەتتە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ھېچقاچان مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇش نىيىتىدە بولۇپ باققان ئەمەس. بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ قىستىشى بىلەن بولغان، سىلەر ھۆكۈمەتكە قايتقاندىن كېيىن، يەنە ئۇرۇش قىلىمىز دەپ ئەسكەر باشلاپ كېلىدىغانىنىڭ خام خىيالىدا بولۇپ يۈرمەڭلەر» دەپتۇ («شىنجاڭدىكى قانلىق جەڭ»، 164 ـ بەت).

1946 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تىنچلىق بىتىمىنى تەلتۆكۈس ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيەسىگە ھەربىي ھەرىكەتلەرنى توختىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. مىللىي ئارمىيەنىڭ باش قوماندانى ئىسھاقبېك ئۆزى بىۋاسىتە تاشقورغانغا بېرىپ، تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيەسىدىكى پولك كوماندىرىدىن يۇقىرى كادىرلارغا تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ مەزمۇنلىرىنى يەتكۈزدى، تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيەسىنىڭ پولك دەرىجىلىك كادىرلىرى بىلەن بىر پولك ئەسكىرىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىپ، قالغان جەڭچى ئوفىتسېرلارنىڭ «بىتىم»نى ئىجرا قىلىپ قورال ـ ياراغلارنى تاشلاپ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىش كېرەك ـ

لىكىنى ئېلان قىلدى. بىز تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن قىلغان ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قىلتىقىغا دەسسىگەنلىك ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇنىڭدىن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ قىن ـ قىنىغا پاتماي خۇشال بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى پەقەت ئويلاپ باقماپتىكەنمىز. ۋاھالەنكى، گومىنداڭچىلار ۋاپاسىزلىق قىلىپ، قەشقەر، يەكەن تەرەپلەردىكى تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيەسىدىن قوراللىرىنى تاشلاپ يۇرتىغا قايتقان، تەييارلىقسىز تۇرغان جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارنى تۇشمۇتۇشتىن قوغلاپ تۇتۇپ، ئۆيمۇئۆي ئاختۇرۇپ يۇرۇپ مەخپىي قولغا ئالدى. كۆپلىگەن ئىنقىلابىي جەڭچىلىرىمىز جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆلمەي، ئەكسىچە جاللاتلارنىڭ چاڭگىلىدا ئەزىز جانلىرىدىن ئايرىلدى!

بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقە نۇرغۇن كىشىلەرنى ھەسرەت ـ نادامەتتە قالدۇردى.

1946 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى غۇلجىدا ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئېچىپ پات ئارىدا قۇرۇلىدىغان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى بېكىتتى. بۇ ئەخمەت ئەپەندىم مۇھىم رول ئۆتەۋاتقان، ئىلغار كۈچلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن مەزگىل ئىدى. ئەخمەت ئەپەندىم سەپداشلىرى بىلەن كۆپ مۇزاكىرىلەشكەندىن كېيىن، ئىسھاقبېك مۇنۇنوف، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىقلارنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئەزا بولۇپ كىرىشىنى بېكىتىش بىلەن تەڭ، ئۆزىنىڭ كاتىپى ئورنىدا خىزمەت قىلىۋاتقان يولداش سەيپىدىن ئەزىزىنىمۇ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى بولۇشقا كۆرسەتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەنلەر جەمئىي سەككىز نەپەر، ئۇلار: ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مۇنۇنوف، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، دەلىلقان سۇگۇرباييېف، رەھىمجان سابىرھاجى، سەيپىدىن ئەزىزى، ئېلىخان تۆرە، ئوسمان ئىسلام قاتارلىقلاردۇر.

بۇ چاغدا ئېلىخان تۆرە كېتىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى بۇ ئىشنى قارشى تەرەپكە ئاشكارىلىمىدى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۇنى يەنىلا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى دەپ ئېلان قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغانلىقىنى ۋە تەشكىللەنگەن خادىملارنىڭ ئىسىملىكى بىلەن ۋەزىپىلىرىنى ئېلان قىلدى.

گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى دەرھال تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاتالمىش ئادىللىقىنى جاھانغا ئاشكارىلىماقچى بولدى.

گومىنداڭ مەركىزىي رادىيو ئىستانسىسىنىڭ خەۋىرى تۆۋەندىكىچە:

مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ *18* ـ ئىيۇندىكى تېلېگراممىسى:

جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە، ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدى مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلەندى.

بىرىنچى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى لۇ يۈۋېن، ئەزا، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى شى لىيەنچى، ئەزا، قوشۇمچە ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى نەي لىنيۇڭ، ئەزا، قوشۇمچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى شىن شياۋلىيۇ، ھۆكۈمەت ئەزالىرىدىن جۇڭ گۇڭتيەن، جاڭ شۈنزەي، ھاكىمبەگ غوجا، ھاشىم، داپېڭ، جانىمقانلار ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى.

ئىككىنچى، ھەربىي كومىتېت ئەزاسى ۋە غەربىي شىمال ئىشتاب باشلىقى جاڭ جىجۇڭ ئۆز خىزمىتىگە قوشۇمچە قىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىق ۋە رەئىسلىك خىزمىتىنى ئۆتەشكە بەلگىلەندى.

ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدى، ۋاڭ زېڭشەن (جالالىدىن)، لۇ يۈۋېن، رەھىمجان سابىرھاجى، ئىسھاقبېك مۇنونوف، دەلىلقان سۇگۇربايېۋ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا، ليۇ مېڭچۈن، جاۋ جيەنفېڭ، چۈ ۋۇ، سالىس، مايەنشياڭ، سەي زۇڭشەن، گۇ چيەنجى، ئېرەدىنى، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، ئېلىخان تۆرە، ئەيسا ئالىپتېكىن،

ئوسمان ئىسلام، گوْمن زىلياك، جوْك دىخوْالار شنجاڭ ئوْلكىلىك هوْكوْمەتنىڭ ئەزالىقىغا بەلگىلەندى.

ئۈچىنچى، ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرهان شەهىدىلەرنى شنجاڭ ئوْلكىلىك هوْكوْمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەش قارار قىلىندى.

ليۇ مىڭچۇننى ئوْلكىلىك هوْكوْمەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا، ئابدۇكېرىم ئاباسوف، سالىسلارنى مۇئاۋىن باش كاتىپلىققا تەيىنلەش؛ ۋاڭ زېڭشەننى ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، رەهىمجان سابىر هاجىنى مۇئاۋىن نازىرلىقىغا؛ لىۇ يۇۋېننى مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، ما يەنشياڭنى مۇئاۋىن نازىرلىقىغا؛ سەيپىدىن ئەزىزىنى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، سەي زۇڭشەننى مۇئاۋىن نازىرلىقىغا؛ مۇ هەممەتئىمىننى تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، گۇ چيەنجىنى مۇئاۋىن نازىرلىقىغا؛ جاۋ جيەنفېڭنى ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ئېردەنى مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا؛ دەلىلقان سۇگۇرباييېفنى سەهىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا؛ چۇ ۋۇنى ئۇرۇمچى شەهىرىنىڭ باشلىقلىقىغا؛ ئىسهاقبېك مۇنۇنوفنى ئامانلىقنى ساقلاش قىسمىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

ئوْلكىلىك هوْكوْمەت هازىر ئۆز تەشكىلىنى قايتا تەشكىل قىلىش ئىشىغا جىددىي تەييارلىق كۆرمەكتە، خەۋەرلەرگە قارىغاندا، يۇقىرىدا سايلانغان زاتلار 1 ـ ئىيۇل كۈنى ئۆز خىزمىتىگە رەسمىي كىرىشىدىكەن.

(«شىنجاڭ گېزىتى» دىن)

ئەنجىڭدىكى «مەركەز كۈندىلىك خەۋەرلىرى» گېزىتىمۇ مەخسۇس خەۋەر بەردى، ئۇلار شىنجاڭدا بىرلەشمە هۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاش ئارقىلىق گومىنداڭ هۆكۈمىتىنىڭ چېگرا رايون خەلقىگە بولغان غەمخورلۇقىنى ئىپادىلىمەكچى ئىدى. گومىنداڭ گېزىتلىرىدىكى بۇ خەۋەرلەر غۇلجىدا نەشر قىلىنىدىغان گېزىت يۇزىدىمۇ كۆچۈرۈپ بېسىلدى. بۇ چاغلاردا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە گومىنداڭنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرى تارقىتىلمايدىغان بولسىمۇ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ كەڭ قورساقلىق بىلەن «مەركەز كۈندىلىك خەۋەرلىرى» گېزىتىدىكى بىرلەشمە هۆكۈمەت قۇ ـ

رولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى كۆچۈرۈپ باستى. بۇنداق سەممىيلىكنى كۆرگەن مەركەز ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ناھايىتى خۇشال بولۇپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تارقاتقان خەۋەرنىڭ قوزغىلاڭ رايونىدىكى گېزىتتە دەرھال كۆچۈرۈلۈپ بېسىلىشى ياخشى ھەمكارلىقنىڭ باشلانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، بۇنىڭدىن مەن بەك مەمنۇن بولدۇم، ئىشلىرىمىزدىن زور ئۈمىد بار، دەپ قارىدى ھەمدە بۇ ئىشنى ئىككى تەرەپ ھەمكارلىقىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە مەركەزگە خەۋەر قىلدى.

1946 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بىزنىڭ گېزىتتە بېسىلغان خەۋەر تۆۋەندىكىچە:

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت جەمئىي 25 نەپەر ئەزادىن تەركىب تاپقان، غۇلجا تەرەپتىن سەككىز نەپەر، مەركەزدىن يەتتە نەپەر، يەرلىكتىن 10 نەپەر خادىم خىزمەتكە تەيىنلەندى.

ئۇلارنىڭ ئىسملىكى تۆۋەندىكىچە:

جاڭ جىجۇڭ: ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى (مەركەز ۋەكىلى)

ئەخمەتجان قاسىمى: ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى (ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى)

بۇرھان شەھىدى : ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى (يەرلىك ۋەكىل)

ليۇ مېڭچۈن: ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى (مەركەز ۋەكىلى)

ئابدۇكېرىم ئابباسوف: ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى (ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى)

سالىس: ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى (يەرلىك ۋەكىل)

ۋاڭ زېڭشەن: ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى (مەركەز ۋەكىلى)

رەھىمجان سابىر ھاجى: ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى (ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى)

لۇ يۇۋېن: مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى (مەركەز ۋەكىلى)

ما يەنشياڭ: ماليە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى (يەرلىك ۋەكىل)

سەيپىدىن ئەزىزى: مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى (ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى)

سەي زۇڭشيەن: مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى (مەركەز ۋەكىلى)

مۇھەممەتئىمىن بۇغرا: تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى (يەرلىك ۋەكىل)

گۇ چيەنجى: تەمىرات نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى (يەرلىك ۋەكىل)

جاۋ جيەنفېڭ: ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى (يەرلىك ۋەكىل)

ئىبردەنى: ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى (يەرلىك ۋەكىل)

دەلىلقان سۇگۇربايوف: سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى (ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى)

ئىسھاقبېك مۇنونوف: ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قىسمىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى (ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى)

چۇ ۋۇ: ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى (مەركەز ۋەكىلى)

ئىلىخان تۆرە: ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى (ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى)

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم: قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى (يەرلىك ۋەكىل)

ئوسمان ئىسلام: ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى (ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى)

گۇەن زىلياڭ: ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى (مەركەز ۋەكىلى)

ئەيسا ئالپتېكىن: ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى (يەرلىك ۋەكىل)

جۇڭ دىخۇا: ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى (يەرلىك ۋەكىل)

ئۈلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى بېكىتىلگەندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىكىلەر ئالاقىدار خىزمەت تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. تىنچلىق بىتىمىدىكى سىياسىي مەھبۇسلارنى ۋە ئەسىر ئېلىنغانلارنى قويۇپ بېرىش توغرىسىدىكى كېلىشىم بويىچە، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىكىلەر قاماقتىكى ئەسىر ئېلىنغانلارغا پاكىز كىيىملەرنى كىيدۈردى ۋە 1946 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئەسىرگە چۈشكەن گومىنداڭ گېنېراللىرىدىن گو چى، ۋەن لىڭيۈن، گاۋ بەييۇ ۋە ئون نەچچە نەپەر پولكتىن يۇقىرى دەرىجىلىك كوماندىرلارنى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتۇردى. ئەپەندىم شۇ ئايروپىلاندا بىزنىڭ قولغا چۈشكەن ئادەملىرىمىزنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۈرۈمچىگە ئالدىن كېلىپ تۇرغان رەھىمجان سابىرھاجى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى، ئوبۇلخەيرى تۆرە قاتارلىق يولداشلار ئايرودۇرومغا چىقىپ ئەخمەتجاننى كۈتۈۋالدى.

بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا ئەسىرلەرنى گومىنداڭ دائىرىلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. گومىنداڭ دائىرىلىرى قايتۇرۇلغان ئەسىرلەرنى ئۈرۈمچى نەنلياڭدىكى جەنۇبىي گۈلباغقا ئەكېتىپتۇ. جەنۇبىي گۈلباغ ئەسلىدە شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ قېيىنئاتىسىغا ئاتاپ سېلىپ بەرگەن داچا ئىكەن، شېڭ كېتىپ ۋاقىتىنچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە مېھمانخانىسى قىلىنغانىكەن. گو چى قاتارلىق ئەسىرلەر قويۇپ بېرىلىپ ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ياخشى كۈنگە ئىگە بولالماپتۇ، گومىنداڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتچىلەر دەپ قارىلىپ سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپتۇ، مېھمانخانىغا ئۈچ كۈن قاماپ قويۇپ قانداق ئەھۋالىڭلار، دەيدىغان بىر ئادەممۇ چىقماپتۇ.

6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى گو چى قاتارلىقلار گومىنداڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن شىئەنگە ئەۋەتىلىپتۇ.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلەر ئاساسەن گومىنداڭ تۈرمىسىگە قامالغان سىياسىي مەھبۇسلار ئىدى، لېكىن سوقۇشتا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ھەربىي خادىملىرىمىزنىڭ تولىسى گومىنداڭ تەرىپىدىن ئاللىقاچان ئۆلتۈرۈۋېتىلىپتۇ.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بولسا ئەسىرلەرگە ئىنسانىي مۇئامىلە قىلىپ، ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلىدى. ئاخىر جەمئىي 4000 دىن ئارتۇق ئەسىرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ تاشيول ئارقىلىق قايتۇردى.

لېكىن، بۇ قويۇپ بېرىلگەن ئەسىرلەر جياڭ ۋېيگوچاڭنىڭ بۇل-
تۇر 8 - ئايدا كەسكىن جەڭ بولۇۋاتقان چاغدا، گومىنداڭنىڭ ھەربىي -
مەمۇرىي خادىملىرىغا ئەۋەتكەن «ھەرقايسى جايلاردىكى مۇلكى - ھەربىي
ئەمەلدارلارنىڭ زېمىنىنى ساقلاش مەسئۇلىيىتى بار. ئۆز مەيلىچە چېكى-
نىپ ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلار بىردەك ئېتىپ تاشلان-
سۇن» دېگەن تېلېگراممىسىنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالسۇن.

شۇ ۋەجىدىن تاشيول ئارقىلىق قايتۇرۇلغان گومىنداڭ ئەسىرلىرى ما-
ناس دەرياسىدىن ئۆتىدىغان چاغدا، ھەيران قالارلىق بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ:

قايتۇرۇلغان ئەسىرلەرنىڭ بىرمۇنچىسى «ئۆز مەيلىچە چېكىنىپ
ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلار»، جياڭ جيېشىنىڭ بۇيرۇقى
بويىچە جان تىكىپ ئۇرۇش قىلمىغانلار بولۇپ، «بىردەك شۇ جايدىلا ئې-
تىپ تاشلىنىشى كېرەك» ئىدى. ئۇلار ھەربىي سوتتا قاتتىق جازالىنىپ
كېتىشىدىن قورقۇپ، ئۆزىنىڭ تىرىك قېلىشىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، ئارقى-
غا قاراپ قاچقانلارمۇ، ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلارمۇ بولغانىكەن.

1946 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئۇي-
غۇرچە 1347 - سانلىق قوشۇمچە سانىدا مۇنداق بىر خەۋەر بېسىلدى:

> ئالاقىدار خەۋەرلەردە نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە، ئۇرۇش ئە-
> سىرلىرى قايتۇرۇلىدىغان چاغدا دۆلەت ئارمىيەسىدىن ئەسىرگە
> چۈشكەنلەرنىڭ بەزىلىرى قايتىپ بارغاندىن كېيىنكى ئەھۋالىدىن
> گۇمانلىنىپ قالغان. ئۇلار تىنچلىق بىتىمىنىڭ روھى بويىچە قاي-
> تۇرۇلغان چاغدا، ئۇرۇش ئەسىرلىرىدىن بىرنەچچىسى ئارقىغا
> قاراپ قاچقان، ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

دېمەك، تىنچلىق بىتىم بويىچە گومىنداڭ تەرەپ تۈرمىدىكى جۇڭگو
كومپارتىيەسى ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق سىياسىي مەھ-
بۇسلارنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. قاماقتا ياتقان جۇڭگو كوممۇ-
نىستلىرىدىن 198 كىشىمۇ قويۇپ بېرىلدى، زور كۆپچىلىكى يەنئەنگە
قايتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىنىسى ماۋ زېمىنىنىڭ ئا-
يالى جۇ دەنخۇا، يولداش فاڭ جىمىنىنىڭ ئىنىسى فاڭ جىچۈن ۋە ئازادلىق-

تىن كېيىن مەركەزدە خىزمەت قىلغان گاۋ دېگىباڭ قاتارلىق يولداشلار بار.

ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەگەر «تىنچلىق بىتىمى» دە «سىياسىي مەھبۇسلار قويۇپ بېرىلىدۇ» دېگەن مۇنداق ئېنىق بىر ماددا بولمىغان بولسا، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى كومپارتىيە ئەزالىرىنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش مەسىلىسىدە ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان بولاتتى.

چۇڭچىڭ سۆھبىتى مەزگىلىدە يولداش جوۋ ئېنلەي جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ شىنجاڭغا بارىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان كوممۇنىستلارنى قويۇپ بېرىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىكەن. لېكىن جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەن چېغىدا ئۇلارنى قويۇپ بېرەلمىدى. بىراق شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى گومىنداڭ ۋەكىلى بىلەن قاتتىق تالاش ـ تارتىش قىلىش ئارقىلىق «تىنچلىق بىتىم»نى ئىمزالىغاندىن كېيىن، بىتىمدىكى سىياسىي مەھبۇسلار قويۇپ بېرىلىدۇ، دېگەن مەزمۇنغا ئاساسەن، بارلىق سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىشنىڭ ئوبيېكتىپ شارائىتى يارىتىلغان. بىتىمنىڭ روھى بويىچە، بۇ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ سىياسىي مەھبۇسلىرىنىمۇ، جۇڭگو كومپارتىيەسى ئەزالىرىدىن بولغان سىياسىي مەھبۇسلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، «تىنچلىق بىتىمى» نىڭ ئىمزالىنىشى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيەسى ئەزالىرىدىن ئىبارەت سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىشكە شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بەرگەنىدى.

شۇنداق قىلىپ، گومىنداڭ يەنئەندىن كەلگەن كوممۇنىست كادىرلارنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە مەن ئىختىيارسىز ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ۋەزىيەت ئىنتايىن مۇرەككەپ ئەھۋالدا ئېيتقان مەشھۇر بىر جۈملە سۆزىنى ئەسلەپ قالدىم.

«دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز.»

ئەنە شۇنداق ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا ئەخمەت ئەپەندىم ئوتتۇرىغا قويغان بۇ خىل قاراشتىن كىشىلەر بىزنىڭ دۈشمىنىمىز گومىنداڭ، گومىنداڭنىڭ دۈشمىنى كوممۇنىستىك پارتىيە، شۇنىڭ ئۈچۈن، گومىنداڭنىڭ دۈشمىنى بولغان كوممۇنىستىك پارتىيە بىزنىڭ دوستىمىز بولىدۇ، دېگەننى ئاسانلا چۈشىنىۋالالايدۇ.

«11 بىتىم» ئىمزالانغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن، ئازادلىقتىن
كېيىن مەركەزدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆستىگە ئالغان يولداش گاۋ دېڭ-
باڭ بىلەن بېيجىڭدا ئۇچراشقىنىمدا، ئۇ شۇ يىللاردا بېشىدىن ئۆتكەن
ئىشلارنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەنىدى:

«بىزنىڭ شۇ شياڭچيەن قوماندانلىقىدىكى قوشۇنىمىز گەنسۇ،
چىڭخەيلەردە ما بۇفاڭ قىسىملىرى بىلەن نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلغان،
مەركەزنىڭ يولىيورۇقى بويىچە قاراچوققا ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يېتىپ
بارغان. ئۇ چاغ شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەز-
گىل ئىدى. بىز شېڭ شىسەي يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن تۈرمىگە تاشلى-
نىپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جاللاتلارنىڭ قاتتىق قىيىن - قىس-
تاقلىرىغا ئېلىندۇق، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يول-
داشلىرىمىز ئەزىز جېنىدىن ئايرىلدى. بۇلاردىن باشقا بىز يەنە بىرقانچە
يولدىشىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. بىرنەچچە يىللىق تۈرمە ھاياتى بىزنى
تىرىك قېلىشتىن ئۈمىدسىزلەندۈرگەنىدى. لېكىن، ئىلىدا قوزغىلاڭ
كۆتۈرۈلگەن خەۋەر يېتىپ كەلگەندە، بىز چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدۇق.
بىز گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ جەڭدە كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ بولۇ-
ۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق. بۇ بىزگە ئۈمىد بېغىشلايتتى. مىللىي
قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كۈرىشى بىزنىڭ ئاخىرى ئەركىنلىككە ئېرىشى-
شىمىزگە شەرت - شارائىت يارىتىپ بەردى. ئەگەر ئۇلارنىڭ قوراللىق
كۈرىشى بولمىغان بولسا، بىز ئەركىنلىككە ئېرىشەلمىگەن بولاتتۇق. دې-
مەك، بىزنىڭ نىشانىمىز بىر، دۈشمىنىمىزمۇ بىر ئىدى.»

شېڭ شىسەي تۇتقۇن قىلغان كوممۇنىستلار ئىچىدە ئۈرۈمچى
قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى، يولداش ماۋ زېمىنىنىڭ ئا-
يالى يولداش جۇ دەنخۇا بار ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ بىلەن كۆ-
رۈشكەن ۋاقىتلىرىمدا ئۇ ئۆزىنىڭ تۈرمىدە كەچۈرگەن ئېغىر كۈنلىرى،
شۇنداقلا مىللىي ئارمىيەنىڭ ئارقا - ئارقىدىن قولغا كەلتۈرگەن غەلى-
بىلىرىنى ئاڭلاپ تۈرمىدىكى كوممۇنىستلارنىڭ قانچىلىك ئىلھاملىنىپ
كەتكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە:
«(1946 - يىلى) 4 -، 5 - ئايلاردا جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بىزنى قويۇپ
بېرىش مەسىلىسىدە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپتۇ. جاڭ
جىجۇڭ بىلەن مىللىي ئارمىيە سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە مىللىي ئارمىيە
تەرەپتىن قويۇلغان بىرىنچى شەرت سىياسىي مەھبۇسلارنى، جۈملىدىن

8 ـ ئارمىيەنىڭ قاماقتىكى خادىملىرىنى قويۇپ بېرىش ئىكەن...» («تە ـ سىرلىك سەپەر خاتىرىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 118 ـ بەت).

يولداش فاڭ جىچۇن ئۆزىنىڭ «شىنجاڭ تۈرمىلىرىدىكى كۈرەشتىن ئەسلىمە» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ:

> يەنى مۇشۇ ۋاقىتتا — *1945* ـ يىل *10* ـ ئايدا شىنجاڭ ـ دىكى ھەر مىللەت خەلقى كەڭ كۆلەملىك قوراللىق كۈرەش دولقۇنىنى قوزغىدى. ئەخمەتجان ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوف رەھ ـ بەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرد ـ دىكى قوراللىق قوزغىلاڭچى قوشۇنلار — شىنجاڭ مىللىي ئار ـ مىيەسى ئۈرۈمچىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغانىدى. مىللىي ئارمىيە قاماقتىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئەزالىرى ۋە *8* ـ ئارمىيەنىڭ خادىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق «سىياسىي مەھبۇس» لارنى قويۇپ بېرىشنى بىرىنچى شەرت قىلىپ ئوت ـ تۇرىغا قويۇپتۇ.

ھەممىگە مەلۇم، شېڭ شىسەي يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن كادىرلىرى ۋە غەربىي يۆنىلىش ئارمىيەسىنىڭ جەڭچى ـ ئوفىتسېرلىرى ۋە يەنە سوۋېت ئىت ـ تىپاقىدا داۋالىنىپ قايتىشىدا شىنجاڭدا قالغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى بىردەك تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. كىشىلەرنىڭ ئېنىق ئېسىدە باركى، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىدىن پايدىلىنىپ ئاممىنى ئالداش، ئۆزىنىڭ «شىنجاڭنىڭ پادى ـ شاھى» لىقىدەك مۇستەبىتلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، «جاھان ـ گىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش، خەلقچىللىق، پاك ـ دىيانەتلىك، تىنچلىق، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش» تىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئېلان قىلدى. 1937 ـ يىلى لۇ ـ گۇچياۋ ۋەقەسى پارتلىغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن شېڭ شىسەي بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سەپ ئورنىتىپ، يەنئەندىن كەلگەن كادىرلار ئۈرۈمچىدە 8 ـ

ئارمىيە ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنى قۇردى.

1937 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقان قىزىل ئارمىيەسى غەربىي يۈنىلىش ئارمىيەسىنىڭ جەڭچى ـ ئوفىتسېرلىرىدىن 400 دىن ئوشۇق ئادەم جاپا ـ مۇشەققەتلىك جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، قاتمۇقات مۇھاسىرىلەرنى بۆسۈپ ئۆتۈپ قاراچوققىغا كەلدى. يولداش چېن يۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە بېرىپ ئۇلارنى قارشى ئالدى. غەربىي يۈنىلىش ئارمىيەسىنىڭ سول تارماق ئەترىتىنىڭ جەڭچى ـ ئوفىتسېرلىرى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندە سىرتقا قارىتا «يېڭى گازارما» ئاتىلىپ، ئاۋىياتسىيە، ماشىنىسازلىق، ھەربىي دوختۇرلۇق، ئاخباراتچىلىقتا ئوخشاش مەخسۇس كەسىپلەرنى ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللاندى. 1939 ـ يىل 11 ـ ئايدا مەركىزىي كومىتېت سول تارماق ئەترەتتىكى ئاۋىياتسىيە ئەترىتىگە قاتناشقان كۇرسانتلاردىن باشقا، قالغان يولداشلار يەنئەنگە قايتىپ كەلسۇن، دەپ قارار قىلدى.

شىڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە بولغان دوستلۇقىنى ئىپادىلەش، جياڭ جيېشىنىڭمۇ چىشىغا تېگىپ قويماسلىق ئۈچۈن جياڭ جيېشىغا جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقان قىزىل ئارمىيەسى غەربىي يۈنىلىش ئارمىيەسى جەڭچى ـ ئوفىتسېرلىرىنىڭ يەنئەنگە قايتىش مەسىلىسى توغرۇلۇق «يولىيورۇق سوراش» تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. مەن بۇ يەردە شىڭ شىسەينىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىپ، دۆبەن مەھكىمىسىنىڭ چۈڭچىڭدا تۇرۇشلۇق ئالاقە باشقارمىسىنىڭ ۋەكىلى جاڭ يۈەنفۇ ئارقىلىق جياڭ جيېشىغا ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىغا نەزەر تاشلاپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم.

## ھەربىي كومىتېت ۋېييۈەنجاڭىنىڭ ياساۋۇللار بۆلۈمى 2 ـ باشقارمىسى تاپشۇرۇۋالغان ئالاقىلەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

### 2056 ـ نومۇرلۇق مەخپىي ئالاقە

ئالاقە ئەۋەتكۈچى: جاڭ يۈەنفۇ

ئالاقە تۈرى: يولىيورۇق سوراش ئالاقىسى

ئالاقە كەلگەن ۋاقتى: (جۇڭخۇا مىنگو) 28 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

ياساۋۇللار بۆلۈمىنىڭ مەخپىي نومۇرى: 13175

قىسقىچە مەزمۇنى:

جانابلىرىغا مەلۇم بولغايكى، يولىيورۇق سوراپ بايان قىلىنغانلىرىنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي ئەھۋال ئىكەن. پېقىر جاڭ يۈەنفۇنىڭ قارىشىچە، دۆلەت مەۋقەسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جانابلىرى ئەنىدىشە قىلىۋاتقان غەربىتىكى شۇ شياڭچيەن قىسمىنى قويۇۋەتسە بولىدۇ، مەركەز ئەگەر كۈتۈۋېلىشقا ئادەم ئەۋەتسە، شىڭ دۇبەن قورال ـ ياراغ ئەكېلىشكە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى ئىزاھلاپتۇ. بۈگۈن ئەتىگەن يەنە سۈيلەپ تېلېگرامما ئەۋەتىپتۇ، جانابلىرى تەستىقلاپ بەرگەن بولسا.

قوشۇمچە ھۆججەت: 1 ـ باشقارمىغا تاپشۇرۇلىدۇ ۋە ئەنگە ئېلىنىدۇ.

بېجىرىلىدىغىنى: تەستىقىي يولىيورۇق بېرىلسە، 12، 1 (تامغا)

بېجىرىشكە تەستىقلانغىنى: قوماندانلىق ئىشتاب ھەم ئەنگە ئېلىپ جاۋاب بېرىدۇ. 28، 12، 6 (تامغا)

2 ـ نازارەت شۇ بويىچە بېجىرىدۇ، 12،6 (تامغا)

2 ـ باشقارمىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ ۋە ئەنگە ئېلىپ بېجىرىدۇ، 12. 8 ـ كۈنى (تامغا)

تۆتىنچى بۆلۈم جاڭ يۈەنفۇغا جاۋاب قايتۇرىدۇ،8 ـ كۈنى (تامغا)

## ئۇرۇمچى شېڭ دۇبەندىن كەلگەن تېلېگراممىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى

چۇڭچىڭدىكى ۋەكىل جاڭ يۈەنفۇ بۇرادەرگە: مەخپىي نازارەتنىڭ تېلېگراممىسى يېتىپ كەلدى، 8 ـ ئارمىيە شۇ شياڭچيەن قىسمىدىكى 360 كىشىنى شۇ ئارمىيەنىڭ تەلىپى بويىچە قىسمىغا قايتۇرۇش دېگەن مەسىلە توغرىسىدا جياڭ ۋېيۈەنجاڭنىڭ يولىيورۇق بېرىشىگە يوللىغان. كەلگەن جاۋاب تېلېگراممىدا يە-

نىلا شىنجاڭدىكى ھەرقايسى قىسىملارغا كىرگۈزۈلسۇن، قىـ
سىمغا قايتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق دېيىلىپتىكەن. بۇ ئىشنى
تەكشۈرۈپ كۆرگىنىمىزدە، رۇخسەت قىلىنسا دەپ تەلەپ قىلىنـ
مىغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئالاھىدە ئەھۋال كېلىپ چىققانـ
كەن. مېنىڭ ئويۇمچە ۋېيۈەنجاڭنىڭ تەستىقلىماسلىقىدىكى
سەۋەب مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولسا كېرەك: بىرىنچى، شىنجاڭ
ئۆلكىسى يەنئەنگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىدىكەن، دەپ تارقالغان
ئىغۋانى ئاڭلاپ قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئىككىنچى، شىنـ
جاڭ ئۆلكىسى 8 ـ ئارمىيەگە ماشىنىلاشقان قىسىم يېتىشتۈرۈپ
بېرىدىغان بولۇپتۇ، دېگەن ئۆسەك سۆزنىڭ تارقالغانلىقىدىن
بولسا كېرەك. يۇقىرىقىدەك ئۆسەك سۆزلەر پۈتۈنلەي يامان نىـ
يەتتىكلەرنىڭ تارقاتقان ئىغۋاسى بولۇپ، ھەرگىز ئۇنداق ئىش
يوق. پېقىر ھەرگىز ئۇنداق ئىشنىڭ يوقلۇقىغا كاپالەتلىك بېرەـ
لەيمەن. شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان شۇ شياڭچيەن قىسمىنىڭ ئىككى
يىلدىن بۇيانقى ئەھۋالىنى قايتا تەكشۈرگىنىمدە، شىنجاڭ ئۆلـ
كىلىك ھۆكۈمەت ئۇلارغا پەقەت كىيىم ـ كېچەكلا بېرىپ، مائاش
بەرمىگەنلىكى ئىسپاتلاندى، ئۆلكىمىزنىڭ ئاشلىق، كىيىم ـ كېـ
چەك باشقارمىسىدا تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغىلى بولىدىغان ئارخىپ
بار، تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقىش تەس ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈسـ
تىگە بۇ قىسىمنىڭ يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى قىلىپ قۇرۇپ
چىقىلغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. ئەگەر بۇ قىسىم شىنجاڭ ئۆلكىـ
سى تەرىپىدىن ئەسكەرلىككە ئېلىنغانلاردىن تەشكىل قىلىنغان
يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلار ئەڭ قىسقا
ۋاقىت ئىچىدە ھەرقايسى جايلارغا يۆتكەپ بېرىلگەن بولاتتى،
ئۇزاقىچە مۇشۇ ھالەتتە تۇرۇۋېرىشكە بولمايتتى. شىنجاڭ
ئۆلكىسى مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان مىللەت ئولتۇراقلاشقان يەر
بولغاچقا، ئۆسەك سۆز تارقىلىپ كەتسە، بولۇپمۇ جاھانگىرلار-
نىڭ غالچىلىرى، ئىشپىيونلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پىتنە ـ
ئىغۋا تارقىتىۋەتسە، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات بۇ-
زۇلۇپ كېتەرمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى
دەپ نام قويۇلغان. كەمىنە ئۆمرۈمدە يالغانچىلىق قىلىپ باققان
ئەمەسمەن، ھالبۇكى، ۋېيۈەنجاڭ ئاغىمىز پېقىرنىڭ ئۈستىدە

تۇرىدىغان باشلىق، دۆلەت دا ھىيسى تۇرسا، يالغانچىلىق قى-لىشقا ھەددىمۇ. بۇ دورەم بۇ قىسىم قايتىشتا لەنجۇ، شىئەن قاتارلىق جايلاردىن ئۆتىدۇ، ۋېيىۋەنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلار-نىڭ ژاندارما، ساقچى ئىشلىرىغا مەسئۇل ئورگانلىرىغا تەكشۈ-رۈپ تۇرۇشنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈنىمەن، يەنئەنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن بۇيرۇق بويىچە تەكشۈرۈلسە بولىدۇ. قىسقى-سى، قاچان يېتىپ بارسا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يولغا سالغىنى ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكى ياكى بۇ قوشۇن تەربىيە كۆرگەن ماشى-نىلاشقان قىسىم ئىكەنلىكى ۋە مەركەزنى ئالداشقا ئوخشاش ئىشلار بايقىلىپ قالسا، پېقىر ئىنلىرى باشتىن ـ ئاخىر مەسئۇ-لىيەتنى تولۇق ئۈستۈمگە ئالىمەن. بۇ قىسىم شىنجاڭدا تۇرغان مەزگىلدە پەقەت ئاپتوموبىل ھەيدەش، يېنىك پىلىموت ئېتىش ۋە زەمبىرەك ئېتىشقا ئوخشاش ئاددىي تېخنىكىنى ئۆگەندى، مەخسۇس مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆگەنگەن ماھارىتىمۇ ئۇنچىۋالا ئەمەس، بۇ قىسىم شىنجاڭدا قالسا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئارقا سېپى ۋە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. چۈنكى شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قالغان، بۇ قىسىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ياشلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە كوممۇ-نىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بولغاچقا، سۆز ۋە ھەرىكىتىدە نامۇ-ۋاپىق ئەھۋال كۆرۈلسە، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە ۋە قالاق جەمئىيەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىدىيەسىگە تەسىر كۆرسەتسە، ئا-قىۋىتى ياخشى بولمايتتى. ئىلگىرى جاھانگىرلارنىڭ غالچىلىرى ۋە ئىشپىيونلار پات ـ پات شىنجاڭ قىزىللىشىپ كەتتى دەپ پىتى-نە ـ ئىغۋا تېرىپ كەلگەن، ئەگەر بۇ قىسىمغا شىنجاڭدا قېلىشقا بۇيرۇق بېرىلسە، كونىلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاۋام خەلقنىڭ ئىلگىرىكى پىتنە ـ ئىغۋا دېگەنلەرنىڭ يالغان ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىشىغا يېتىپ ئاشاتتى، شۇنداق بولۇپ قالسا، ھۆكۈمەت-نىڭ بېشىغا كەلگەن زىياننى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولماي قالات-تى. ھازىر بۇ قىسىم يولغا چىقىش ئارزۇسىدا تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ پات ئارىدا پېقىر بىلەن كۆرۈشكەن بولسا، ۋا-قىتنىڭ ئۇزىراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مەن بۇ ئىشنىڭ ھەققىدى-

نى بايان قىلىپ، ئۇلارنى قوشۇنىغا ئاپىرىۋېتىشكە رۇخسەت ئالسام. ئاپىرىۋېتىش چارىسىگە كەلسەم، ئىنىلىرى ئادەم تەيىنلەپ لەنجۇغىچە يەتكۈزۈپ قويىمەن، لەنجۇدىن شىئەنگىچە ۋە شىئەندىن يەنئەنگىچە بولغان ئارىلىقتا بولسا، جياڭ ۋېيىۋەنجاڭنىڭ جۇ رەئىسكە، جياڭ مۇدىرغا ئۇلارنى يەتكۈزۈپ قويۇشقا تېلېگرامما بېرىپ قويۇشىنى سورايمەن. يەنە، مەركەز مابۇفاڭنىڭ ئىلكىدىكى دائىرىدىن، مەسىلەن، گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق يەرلەردىن ئۆتۈش بىئەپ دەپ قارىسا، شىنجاڭدىن شىئەندىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر مەكتىپىگە ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچى، دېگەن نام قوللىنىلسىمۇ بولىدۇ. ئالاھىدە تېلېگرامما ئارقىلىق يەتكۈزدۇم، كېڭىشىپ، تېزرەك جاۋاب بېرىلسە.

ئىنىلىرى: شېڭ شىسەي

(جۇڭخۇا مىنگو) *28* ـ يىل *12* ـ ئاينىڭ *1* ـ كۈنى

تاپشۇرۇۋېلىندى

جياڭ جيېشى تېلېگراممىنى كۆرگەندىن كېيىن مۇنداق جاۋاب قايتۇردى:

## گومىنداڭ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ھەربىي بۇيرۇق بۆلۈمىنىڭ تېلېگراممىسى



يازغۇچى:

سەۋەبى: *18* ـ گورۇپپا ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭدا قالغان جەڭچى ـ ئوفىتسېرلىرىنىڭ قورال ئالماي ئۆز قىسمىغا قايتىشىغا رۇخسەت قىلىندى.

تېلېگرامما: (بۇ تېلېگراممىنىڭ كۆچۈرۈلمىسىدىن بىر نۇسخا شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسىدىكى جاڭ يۈەنفۇغا ئەۋەتىلسۇن)

دەرھال ئۈرۈمچىدىكى بۇرادىرىمىز شېڭ دۇبەنگە يەتكۈزۈلسۇن. كەلگەن تېلېگراممىدا *18* ـ گورۇپپا ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭدا قالغان جەڭچى ـ ئوفىتسېرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش تەس بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆز قىسمىغا قايتىشىغا رۇخسەت قى-

لىنسا دېيىلگەنىكەن، تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قورال ـ ياراغ ئالماي ئۆز قىسمىغا قايتىشىغا رۇخسەت قىلىندى، قومۇل ياكى قاراچوققىدىن لەنجۇغىچە بولغان ئارىلىقتا كۈتۈۋېلىشقا جۇ باشلىق ئادەم ئەۋەتسۇن، لەنجۇدىن شىئەنگىچە بولغان ئارىلىقتا كۈتۈۋېلىشقا جۇ، جياڭ، شى باشلىقلار ئادەم ئەۋەتسۇن. جۇ، جياڭ، شى ئەمەلدارلارغا تېلېگرامما ئەۋەتىلدى.

جياڭ جيېشى (تامغا)

جياڭ جيېشى يەنە جۇ شاۋلياڭ، ما بۇفاڭلارغا ئايرىم ـ ئايرىم تېلېگرامما ئەۋەتىپ، غەربىي يۆنىلىش ئارمىيەسىنىڭ قورال ـ ياراغلىرىنى ئالماي يەنئەنگە قايتىشىغا قوشۇلغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

جياڭ جيېشىنىڭ جۇ شاۋلياڭغا ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى تۆۋەندىكىچە:

تېلېگرامما: چۈڭچىڭدىن

لەنجۇدىكى جۇ قوماندانغا، چاڭئەندىكى جياڭ قوماندانغا:

سىلەرگە مەخپىي تاپشۇرىدىغىنىم شۇكى، شىنجاڭدىن شېڭ دۇبەن تېلېگراممىدا بېرىپ *18* ـ گۇرۇپپا ئارمىيەسى شۇ شياڭچيەن قىسمىنىڭ شىنجاڭدا قالغان جەڭچى ـ ئوفىتسېرلىرىدىن جەمئىي *360* كىشى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كومپارتىيە ئەزاسى *200* دىن ئوشۇقراقىنى تەشكىل قىلاتتى. بۇ قىسىمدىكىلەرگە بېرىلگەن تەربىيە پۈتۈنلەي *8* ـ ئارمىيەنىڭ سىياسىي فاكۇلتېتى بويىچە بولغاچقا، شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى قىسىملار تەركىبىگە كىرگۈزۈلمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قىسىمدىكى جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىچكىرىدە ئىكەن. بۇ دورەم ئۆز قىسمىمىزغا قايتساق دەپ تەلەپ قىلىپتۇ ـ يۇ، يوللاردىكى ئەپسىزلىكنى نەزەردە تۇتۇپ، مېنى ئۆز قىسمىمىزغا يەتكۈزۈپ قويۇشقا رۇخسەت قىلسىڭىز، دەپتۇ. پېقىر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ قورال ـ ياراغ ئالماي ئۆز قىسمىغا قايتىشىغا رۇخسەت قىلدىم. قومۇل ياكى قاراچوققا (شىڭشىيا)دىن لەنجۇغىچە بولغان ئارىلىقتا كۈتۈۋېلىشقا جۇ قو-

ماندان ئادەم ئەۋەتسۇن، بۇ ئىشنىڭ شۇنداق بىجىرىلىشى توغرۇلۇق شىڭ دۇبەنگە ۋە جۇ قوماندانغا تېلېگراممىا ئارقىلىق جاۋاب بەرگەندىن باشقا ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي سىياسىي بۆلۈمىگە تەكشۈرۈپ شۇ بويىچە بىجىرىلىشى توغرۇلۇق ئالاھىدە تېلېگرامما بېرىلدى.

جياڭ جيېشى (تامغا)

## جياڭ جيېشىنىڭ ما بۇفاڭغا يوللىغان تېلېگراممىسى:

تېلېگرامما: شىنجاڭدىكى رەئىس ماغا

سىزگە مەخپىي تاپشۇرىدىغىنىم شۇكى، شىنجاڭدىكى شىڭ دۇبەندىن تېلېگرامما كەپتۇ، 18 ـ گۇرۇپپا ئارمىيە دېيىلگەن شۇ شياڭچيەن قىسمىنىڭ شىنجاڭدا قالغان 360 ئادىمى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە كومپارتىيە ئەزاسى 200 دىن ئوشۇقراقنى تەشكىل قىلىدىكەن، بۇلار شىنجاڭدىكى قىسىملارغا قوشۇۋېتىلمەپتۇ، ئۇلار ئەسلىي قىسمىغا قايتىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىپتۇ ـ يۇ، يوللاردىكى ئەپسىزلىكنى نەزەردە تۇتۇپ، مېنى ئۇز قىسمىغا يەتكۈزۈپ قويۇشقا رۇخسەت قىلىسىگىز، دەپتۇ. پىقىر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ئۇلارنىڭ قورال ـ ياراغ ئالماي ئۇز قىسمىغا قايتىشىغا رۇخسەت قىلدىم، قومۇل ياكى قاراچوققا (شىڭشىشيا)دىن لەنجۇغىچە بولغان ئارىلىقتا كۈتۈۋېلىشقا جۇ قوماندان ئادەم ئەۋەتىدىغان بولدى، بۇ ئىشنىڭمۇ شۇنداق بىجىرىلىشى توغرۇلۇق شىڭ دۇبەنگە ۋە جۇ قوماندانغا جاۋاب تېلېگراممىسى بېرىلگەندىن باشقا، ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي سىياسىي بۆلۈمىگە تەكشۈرۈپ شۇ بويىچە بىجىرىلىشى توغرۇلۇق ئالاھىدە تېلېگرامما بېرىلدى.

جياڭ جيېشى (تامغا)

شىڭ شىسەي جياڭ جيېشىنىڭ غەربىي يۆنىلىش ئارمىيەسى سول تارماق ئەترىتىنىڭ قورال ـ ياراغلىرىنى تاپشۇرۇپ، يەنئەنگە قايتىشىغا

رۇخسەت قىلغانلىق توغرىسىدىكى تېلېگراممىسىنى ئالغاندىن كېيىن، يولداش چېن تەنچيۇ مەركەزنىڭ يولىيورۇقى بويىچە سول تارماق ئەترەتتىكى ئاز بىر قىسىم كادىر ۋە جەڭچىنى ئايروپىلان بىلەن، قالغان يولداشلارنى ئاپتوموبىل بىلەن يەنئەنگە قايتۇردى. يەنە بىر قىسىم يولداش شىنجاڭدا قالدۇرۇلدى.

لېكىن، شېڭ شىسەي 1942 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا ئاشكارا قارشى چىقىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى يەنئەندىن شىنجاڭغا ئەۋەتكەن كادىرلارنى، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا داۋالىنىپ قايتىشىدا شىنجاڭدا تۇرۇپ قالغان كادىرلىرى ۋە غەربىي يۈنىلىش ئارمىيەسىدىن قېلىپ قالغان يولداشلارنى قالدۇرماي قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلار ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى تىنچلىق بىتىمىگە ئىمزا قويغاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ قاماقتىكىلەرنى قويۇپ بېرىش مەسىلىسىگە ئۆتتى، چۇ ۋۇ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ھاۋا ئارمىيە تارىخ ماتېرىياللىرىنى توپلاش خىزمىتى ئاخباراتى» نىڭ 72 ـ سانىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە مۇنداق يازىدۇ:



> جاڭ جىجۇڭ جياڭ جيېشىغا ئۈچىنچى قېتىم تېلېگرامما يوللاپ مۇنداق دېدى: «بۇ بىر تۈركۈم كومپارتىيە ئەزالىرىنى قويۇپ بەرمەيدىغان بولساق، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماي قالىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى: سىلەر سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بەرمەكچى ئەمەسمۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىر تۈركۈم كومپارتىيە ئەزالىرىنى قامىۋېلىپ، قويۇپ بەرگىلى ئۇنىمايسىلەر؟ دېدى. ئىلى ۋەكىللىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، سىلەر بىز بىلەن ئىمزالىغان سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش (شۇ چاغدا بىر تۈركۈم كومپارتىيە ئەزالىرىدىن بۆلەك يەنە بىر تۈركۈم پارتىيە ئەزاسى بولمىغانلارمۇ قاماقتا ئىدى) ۋە باشقا كېلىشىملەرنى گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ئىمزالىغان *10* ـ ئۆكتەبىر كېلىشىمى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەلۋەتتە *10* ـ ئۆكتەبىر كېلىشىمىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى تەسىرى چوڭ.

ئەگەر تەسىرى چوڭ بولغان گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ئوتتۇ-
رىسىدا ئىمزالانغان 10 ـ ئۆكتەبىر كېلىشىمنىمۇ ئىجرا قىلالمىغان
يەردە سىلەر بىلەن بىز ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا
ئىمزالانغان كېلىشىم تېخىمۇ ئەھمىيەتسىز بىر پارچە قۇرۇق قە-
غەز بولۇپ قالامدۇ، دېدى».
(«جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقان قىزىل ئارمىيەسى غەربىي يۈ-
نىلىش ئارمىيەسىنىڭ سول تارماق ئەترىتى شىنجاڭدا» دىن ئې-
لىندى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىل نەشرى)

جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ كومپارتىيە ئەزالىرىنى قويۇپ بېرىش مە-
سىلىسى توغرىسىدا جياڭ جيېشىغا بەرگەن تېلېگراممىسى مۇنداق:

بۈلتۈر مەن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ
ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدۈم. ئۇلار سىياسىي
مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش تەلىپىنى بىرنەچچە قېتىم ئوتتۇرىغا
قويغان ھەمدە كېلىشىمگە كىرگۈزگەن. ماھىيەتتە، ۋۇ جۇڭشىن
شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ئەخمەتجان، جاۋ
جيەنفېڭ قاتارلىق بىر تۈركۈم سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ
بەرگەن.ئىكەن، ھازىر مەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن
ھەربىي ئىشلار مەسىلىسى توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ كې-
لىۋاتىمەن. ئەگەر كېلىشىمگە كېلەلىسەك، ھازىر قاماقتا ياتقان
كوممۇنىستىك پارتىيەدىن بولمىغان كۆپلىگەن سىياسىي مەھ-
بۇسلارنىڭ ھەممىسىنى شەرتسىز قويۇپ بېرىشكە توغرا كېلى-
دۇ. ئەگەر سىياسىي مەھبۇسلار قويۇپ بېرىلمەي داۋاملىق قاماپ
قويۇلسا، ئۇ ھالدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرى-
شىش ناھايىتى تەس بولۇپ قالىدۇ، مېنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەزى-
پەمنى ئورۇنلاشمۇ ناھايىتى تەس بولۇپ قالىدۇ.

دېمەك، «تىنچلىق بىتىمى» نىڭ سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ
بېرىش توغرىسىدىكى مەزمۇنى كومپارتىيە ئەزالىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە

ئالاتتى.

1946 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى قاماقـ تىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنى يەنئەنگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇردى، شىنجاڭلىق سىياسىي مەھبۇسلارنىڭمۇ كۆپ قىسمى ئىلىغا قايتۇرۇلدى.

1946 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم ئۈرۈمچىدە قويۇپ بېرىلگەن ئابدۇرېھىم ئەيسا قاتارلىق قىسمەن سىياسىي مەھبۇسلارنى ئېلىپ ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا قايتتى. قاماقتىكى خادىملارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش توغرىسىدىكى خەۋەر بىزنىڭ گېزىتىمىزدە «ۋەكىللىرىمىز يېتىپ كەلدى» دېگەن ماۋزۇدا مۇنداق خەۋەر قىلىندى:

*19* ـ ئىيۇن كۈنى بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىزدىن ئەخمەت ئەپەندى ئىككى تەرەپ پۈتۈمىنىڭ مەھبۇسلارنى ئازاد قىلىش دېگەن پونكىتىغا ئاساسەن، بىزنىڭ قولىمىزغا ئەسىر بولۇپ چۈشكەن گومىنداڭ گېنېراللىرى گو چى، ۋەن لىگيۈن ھەم گاۋ بەييۇلەرنى ئۈرۈمچىگە بىللە ئېلىپ باردى. *20* ـ ئىيۇن كۈنى پۈتۈمگە ئاساسەن، ئۈرۈمچى سولاقخانىلىرىدىكى پۈتۈن مەھبۇسلارنى ئازاد قىلدى. ۋەكىللىرىمىز *26* ـ ئىيۇن سائەت *9*دا ئازاد قىلىنغان مەھبۇسلاردىن ئابدۇرېھىم ئەيسانى بىللە ئېلىپ شەھرىمىز غۇلجىغا يېتىپ كەلدى.



ئابدۇرېھىم ئەيسا 1909 ـ يىلى رۇسىيە ئالمۇتا ئوبلاستىغا قاراشلىق ئۇيغۇر رايونىنىڭ غالجات يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1928 ـ يىلى ئائىلىسى بىلەن غۇلجىغا كۆچۈپ كېلىپ، چاپچالنىڭ جاغىستاي يېزىسىغا ئورۇنلاشقان. 1933 ـ يىلى پەننىي مەكتەپ ئېچىپ، ئۆزى دەرس بەرگەن. 1937 ـ يىلىدىن 1941 ـ يىلىغىچە غۇلجا شەھرىدىكى «ئۇمىد» مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى، ئىلمىي مۇدىر، مەكتەپ مۇدىرى بولغان. 1942 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىشلە-

گەن. 1945 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە مەخپىي ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، گومىنداڭ تۈرمىسىگە چۈشكەن. 1946 ـ يىلى بىتىمدىن كېيىن تۈرمىدىن چىقىپ غۇلجىغا قايتقان، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاقسۇدىكى سايلامغا يېتەكچىلىك قىلغان. بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن غۇلجىغا قايتىپ كېتىپ، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1957 ـ يىلى «ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى» ۋاقتىدا تەنقىد قىلىنغان ۋە شۇ يىلى ۋاپات بولغان.

قويۇپ بېرىلگەن يەرلىكتىكى يولداشلار ئىچىدە شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇپ قولغا ئېلىنغان خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى 9 ـ شۆبە مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ھامۇت ئىمىنوف، قاسىم ئەزىزوف، تاجىك مىللىتىدىن بولغان ئىلغار ياش زۇلال ۋە قۇربان مامۇتوف، ئابدۇرېھىم پېتەك قاتارلىق سىياسىي مەھبۇسلار بار. بۇ يولداشلار ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي مەخپىي كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، بەختكە قارشى تۇتۇلۇپ قېلىپ قاماققا ئېلىنغان. تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن ئۇلار ئازادلىققا ئېرىشىپ غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، شۇنىڭدىن كېيىنكى پۈتۈن ئۆمرىنى خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا بېغىشلىدى.

يولداش ھامۇت ئىمىنوف ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى؛ يولداش قاسىم ئەزىزوف شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى؛ يولداش زۇلال (تاجىك) قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى؛ يولداش قۇربان مامۇتوف ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى؛ يولداش ئابدۇرېھىم پېتەك ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان.

1946 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم غۇلجىدىن مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن بۇرھان ئەپەندىم بىللە ئولتۇرۇپ ئەينى يىللىرى شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە بىر - بىرىگە كۆز ئىشارىسى قىلىپ، ئۆز-ئارا مەدەت بېرىشكەنلىرىنى ئەسلىشىپتۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇرھان ئەپەندىم دائىم ئەخمەتجاننىڭ تۈرمىدە تېشىلىپ كەتكەن مانچىستىر دوپپىنى كىيىپ يۈرىدىغانلىقىنى ئەسلەپ بېرەتتى. ئۇلار قاراڭغۇ زىنداندا ئۆزئارا پاراڭلىشىشقىمۇ يول قويۇلمايدىغان ئېغىر كۈنلەردە، بۇرھان ئەپەندى ئەخمەتجاننىڭ دوپپىسىنى سىلاپ، بارمىقى دوپپىنىڭ تۆشۈكىگە كىرگەندە، بۇ كىشىنىڭ ئەخمەتجان ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى بىلەتتىكەن.

1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۆڭچەكدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جەنۇبى بيۇروسىنىڭ ئورگان گېزىتى — «چۆڭچەك گېزىتى» دە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەخمەتجان قاتارلىق ۋەكىللىرى بىلەن جاڭ جىجوڭ ئىمزالىغان «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم» تولۇق تېكىستى بىلەن ئېلان قىلىندى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچىدىكى مەيداندا 30 مىڭ كىشىلىك





بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى. رەئىس سەھنىسىدە: سولدىن ئوڭغا خادىۋاڭ، ئىسھاقبېك، بۇرھان شەھىدى، ئەخمەتجان، جاڭ جىجوڭ، يۈ يۇرېن، ئەيسا، مەسئۇت.

چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈلدى. گومىنداڭ پىشۋالىرىدىن بولغان گومىنداڭ
مەركىزىي تەپتىش ھەيئىتى يۇ يۇرېن ئەپەندى بىرمۇنچە كىشىلەرنى
باشلاپ نەنجىڭدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ چوڭ يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن
ناھايىتى داغدۇغىلىق ئېچىلدى. يۇ يۇرېن، جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قا-
سىمى، بۇرھان شەھىدى، ئىسھاقبېك مۇنونوف، ئەيسابەگ، مەسئۇت سەبـ-
ـرى، خادىۋاڭ، سۇڭ شىلىيەن قاتارلىق كىشىلەر مەيدانغا ياسالغان رەئىس
سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى.
جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئەخمەت ئەپەندىم يىغىندا سۆز قىلدى. جاڭ
جىجۇڭنىڭ سۆزى «پۈتۈن ئۆلكىدىكى قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت» دېگەن
تېمىدا مۇنداق ئېلان قىلىندى:

## غۇلجا ۋەقەسىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنغانلىقى مۇناسىۋە-
## تى بىلەن پۈتۈن ئۆلكىدىكى قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت

### — ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئەبەدىي تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرەيلى

(مىنگونىڭ 35 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن
تىنچلىقنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز)

ھەر مىللەتتىن بولغان مۆھتەرەم قېرىنداشلار:
غۇلجا ۋەقەسى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىندى. كۆپچىلىك-
كە مەلۇمكى، ۋەقە يۈز بېرىپ ھازىرغا قەدەر، بىر يىل سەككىز
ئاي ئۆتتى. ئارمىيە - خەلقتىن بولۇپ ھەر ئىككىلا تەرەپتىن
قۇربان بولغان ئادەم نەچچە ئون مىڭدىن كەم ئەمەس، دۆلەت
ۋە خەلققە كەلتۈرگەن زىيانمۇ نەچچە مىڭ مىليون يۈەندىن ئاز
بولمىدى. نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئۆي - ماكانلىرىدىن ئايرىل-
دى. نۇرغۇن ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇ بىۋاستە بولغان
زىيان، قالايمىقانچىلىق تۈپەيلىدىن يەتكەن ۋاستىلىك زىياننىڭ
سانىنى ھېسابلاپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. مەيلى دۆلەتكە يا-
كى شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتايلى، بۇ ئىنكار قىلىپ بول-
مايدىغان بىر زور ۋەقەدۇر.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەقەنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئارزۇسى بىلەن مېنى ئۈرۈمچىگە سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇشقا ئەۋەتكەندى. بۇ قېتىمقى سۆھبەت ئۆتكەن يىل *10* - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلىنىپ ھازىرغا قەدەر سەككىز ئاي داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا گەرچە نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلار، كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بىز ھامان بۇ ئوڭۇشسىزلىق، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ۋەقەنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلدۇق.

بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل بولۇشى ئەلۋەتتە ئاساسەن مەركەزنىڭ خەلق ئۈستىدىكى ئازاب - ئوقۇبەتنى نەزەردە تۇتۇپ، تىنچلىق سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش نىيىتىگە كەلگەنلىكى، شۇنداقلا پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ كۆڭۈل ۋە ئىدىيە جەھەتتىكى بىردەك ئارزۇ ۋە تەلپىنىڭ تەقەززاسىدىن بولدى. لېكىن بىز يەنە ئالدى بىلەن ئۇلۇغ دوست قوشنىمىز سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. چۈنكى، سۆھبەت داۋامىدا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بۇ ئوتتۇرىدا كېلىشتۈرگۈچى بولۇشقا ماقۇل بولدى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇۋەققەت باش كونسۇلى يېۋسىيېف ۋە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش كونسۇل ساۋېلىيېفلار سىرتتىن ياردەم بېرىپ، بىزگە چوڭقۇر دوستلۇق قىلىپ، كۆپ ياردەملەر كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن قالسا يەنە غۇلجا ۋەكىللىرى رەھىمجان سابىر ھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىملار ۋەقەنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىككى ئوتتۇرىدا چېپىپ يۈرۈپ، ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، زور تۆھپىلەر قوشتى. مەن مەركەزگە ۋاكالىتەن بۇ ئۈچەيلەنگىمۇ مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى زاتلارمۇ ۋەقەنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل بولۇشى ئۈچۈن ۋاستىلىك ھالدا كۆپ كۈچ چىقاردى، بۇمۇ بىزنىڭ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

مەن *5* - ئاينىڭ *6* - كۈنى بىر سۆز قىلغانىدىم، ئۇنىڭدا دۇنيا بويىچە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن

كېيىن، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر دۆلەت تىنچلىقتا موھتاج، تىنچلىقنى ئۈمىد قىلىدۇ، بىزنىڭ جۇڭگوغا، جۈملىدىن شىنجاڭغا كەلسەك، بىز تېخىمۇ موھتاج، تىنچلىقنى تېخىمۇ ئۈمىد قىلىمىز، دېگەنىدىم.

ھازىر شىنجاڭدا تىنچلىق قولغا كەلدى، بىز ئۇنى ئوبدان ساقلىشىمىز، سۈيۈشىمىز، يۈكسەلدۈرۈشىمىز، شىنجاڭدىكى تىنچلىقنى ئۇمۇميۈزلۈك تىنچلىققا، مەڭگۈلۈك تىنچلىققا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم. قانداق قىلغاندا ئۇمۇميۈزلۈك تىنچلىقنى، مەڭگۈلۈك تىنچلىقنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ؟ مېنىڭچە ئۇنىڭدا باشقا نەرسە يوق، يەنىلا يېقىندا ئېلان قىلىنغان نۇتۇق بىلەن مۇراجىئەتنامىدە ئېيتىپ ئۆتكەندەك، جۇڭگو ــ سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، خەلقچىل سىياسەتنى يولغا قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت تۆت جۈملە سۆزنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم. بىز جۇڭگو ــ سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم. سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرىدىغان سۆز ــ ھەرىكەتلەرگە قەتئىي يول قويماسلىقىمىز لازىم. ۋەتەننىڭ بىرلىكنى ھىمايە قىلىشىمىز كېرەك، ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلايدىغان سۆز ــ ھەرىكەتلەرگە قەتئىي يول قويماسلىقىمىز لازىم. خەلقچىل سىياسەتنى يولغا قويۇشىمىز، خەلقچىل سىياسەتكە خىلاپ كېلىدىغان سۆز ــ ھەرىكەتلەرنى ھەرقانداق ئادەم پاش قىلىش ۋە توسۇشقا ھەقلىق. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. مىللەتلەر ئارىسىغا ئىغۋاگەرچىلىك سالىدىغان، مىللىي ماجىرا تۇغدۇرىدىغان، ھەتتا مىللىي ئۆچمەنلىك قوزغايدىغان سۆز ــ ھەرىكەتلەرنى ھەرقانداق ئادەم پاش قىلىش ۋە توسۇشقا ھەقلىق.

بىراق مەن شۇنى كۆپچىلىككە تەنتەنىلىك بىلەن ئۇقتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەنكى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆت جۈملە سۆزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يالغۇز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يۆلىنىۋېلىش كۇپايە قىلمايدۇ. چوقۇم پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ سەمىمىي ھىمايە قىلىشى ۋە يېقىندىن كۈچ چىقىرىشىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ

تۆت جۈملە سۆز قانداقتۇر مەلۇم بىر شەخس ياكى بىرەر مىللەتنىڭ تەلپى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىردەك ئورتاق تەلپى، بىز ئىشىنىمىزكى، ھەر مىللەت قېرىنداشلارنىڭ بىردەك ھىمايە قىلىشى ۋە كۈچ چىقىرىشى ئارقىسىدا بۇ تۆت جۈملە سۆزنى چوقۇم، ئومۇميۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئومۇميۈزلۈك، مەڭگۈلۈك تىنچلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايمىز.

مەن ئۆلكە رەئىسى سۈپىتىم بىلەن كۆپچىلىك ئالدىدا شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى، چوقۇم پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ ئاددىي چاكىرى سۈپىتىدە تۇرۇپ، پۈتۈن ئۆلكە خەلقى ئۈچۈن سەممىي – ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلىمەن. مۇنىڭدىن كېيىن خەلقنىڭ دەرد – ئەلەمنى قانداق ھەل قىلىش، خەلقنىڭ بەخت – سائادىتىنى قانداق يارىتىش يولىدا پۈتۈن ئەقلىي ۋە جىسمانىي كۈچۈمنى ئايىمايمەن. بۇرۇنقى شىنجاڭ بىر چوڭ زىندان ئىدى، دېدۇق. ئەمدى بىز شىنجاڭنى ئەركىنلىك، باراۋەرلىك گۈلزارىغا ئايلاندۇرىمىز. بىز بۇرۇن شىنجاڭ خەلقى دائىم تەپرىقىچىلىك، تېررورلۇق ۋەھىمىسى ئىچىدە ياشاپ كەلدى، ئەتىگەن تۇرسا كەچكە كۆزى يەتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى، دېدۇق. ئەمدى بىز ھەربىر ئادەمنى تىنچ – خاتىرجەم، شاد – خۇرام تۇرمۇشقا ئىگە قىلىمىز. بىز بۇرۇنقى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنى خىيانەتچى، چىرىك ئەمەلدارلار، دېدۇق. ئەمدى بىز ئەمەلدارلىرىمىزنى ساغلام، ساپ، تىرىشچان ھەمدە خەلق ئۈچۈن سەممىي خىزمەت قىلىدىغان ئەمەلدارلاردىن قىلىپ چىقىمىز. بىز ئۆتمۈشتىكى شىنجاڭ خەلقىنى ئېزىلگەن، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغان خەلق، دېدۇق. ئەمدى بىز ئادەمگە ئەركىنلىك ۋە بەخت بېرىپ، ھەرقانداق شەكىلدىكى زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيەدىن مەڭگۈ خالىي قىلىمىز. ئومۇمەن، مۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەممىلا ئىشىدا ئۆتكەنكى بارلىق يامان ھادىسە، يامان ئادەتلەرنى پاك – پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلاپ، دەۋر بۆلگۈچ يېڭى كەيپىيات، يېڭى ئىستىل ئارقىلىق پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە يېڭى تۇرمۇش، يېڭى ھايات يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك. مەن ئۆززۈمنى

417

مۇشۇ ئارزۇلارنى بەجا قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە دەپ ئېيتالمايمەن. لېكىن مەندە شۇنداق سەممىيەت، مۇشۇنداق ئىشەنچ بار. بولۇپمۇ پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ ھىمايە قىلىشى ۋە يېقىندىن كۈچ چىقىرىشى، ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلغاندىن كېيىنكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلقچىل ھۆكۈمەتنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا بۇنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ!

سۆيۈملۈك قېرىنداشلار، غۇلجا ۋەقەسىنىڭ تىنچ ھەل قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بىز يېڭى بىر دەۋر بۆلگۈچ قۇرۇلۇش باسقۇچىغا قەدەم قويماقچىمىز. بىز ئۈچ مەسلەك ئاساسىدىكى يېڭى شىنجاڭنىڭ يېڭى تارىخنى يارىتىشىمىز، شىنجاڭنىڭ تىنچ، بىرلىككە كەلگەن، خەلقچىل، ئىتتىپاقلاشقان يېڭى تارىخنى يارىتىشىمىز، مەڭگۈ تىنچلىقنى، بىرلىككە كەلگەن، خەلقچىل، ئىتتىپاقلاشقان يېڭى تارىخنى يارىتىشىمىز لازىم. ھازىردىن باشلاپ بۇ يېڭى تارىخنىڭ بىرىنچى باب، بىرىنچى جۈملىسىنى يېزىشقا باشلىشىمىز لازىم. ئەڭ ئاخىرىدا ئۈنلۈك شوئار توۋلايلى:



1946 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئەخمەتجان بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلىمەكتە.

جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرەيلى!
ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلايلى!
خەلقچىل سىياسەتنى يولغا قويايلى!
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتەيلى!
شىنجاڭنى تەمىر قىلىشنى باشلايلى!
ياشىسۇن جۇڭخۇا مىنگو!
ياشىسۇن ئۈچ مەسلەك!
ياشىسۇن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلار!

بۇنىڭغا ئۇلاپ ئەخمەت ئەپەندىم سۆزگە چىقتى، سۆزىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

مۆھتەرەم ۋەتەنداشلار ۋە مۇندا توپلانغان ھەربىر مىللەت ۋەكىللىرى!

قەدىرلىك قېرىنداشلار!

ئۆلكىمىزدە ھاياتلىق يالقۇنى ئەسىرلەردىن بۇيان پۈتۈنلەي ئۆچكەنىدى، تا ئاخىرقى كۈنلەرگە قەدەر ئۆلكىمىزدە ئوتتۇرا ئەسىرلىك تۇرمۇش ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. خەلقىمىز قۇللۇق زەنجىرىگە باغلىنىپ، ئەبەدىي قاراڭغۇلۇق زىندانىغا تاشلانغانىدى. راست، ئاخىرقى ئون يىلدىن ئاۋۋال ۋەتىنىمىزگە ھۆرلۈك قۇياشى چىققانىدى. ئۇنىڭ نۇرى خەلقىمىزنى بىرئاز تەلپۈندۈرۈپ ئويغاتقانىدى. ۋەتىنىمىزدە ياشىغۇچى پۈتۈن مىللەتلەر ھەقىقىي باراۋەرلىكنى سېزىپ، مىللىي مائارىپ، مىللىي مەدەنىيەتنى كۆتۈرۈشكە باشلىغانىدى. لېكىن ئۇ ھۆرلۈك قۇياشى ناھايىتى تېز پاتتى. ۋەتىنىمىزنى قارا بۇلۇت قاپلاشقا باشلىدى. خۇسۇسەن ئاخىرقى تۆت ـ بەش يىل ئىچىدە ۋەتىنىمىز تويماس قانخور دەججالغا تاپشۇرۇلغان قاراڭغۇ زىندانغا ئايلاندى، خەلقىمىزنىڭ بويىنىغا سېلىنغان سىرتماق ئاخىرغا قەدەر تارتىلدى. رىزالەتلەنگەن، ھاقارەتلەنگەن، ھاياتلىق ھوقۇقىدىن

پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغان خەلقىمىز دەھشەتلىك زۇلۇمغا تاقەت قىلالماي، تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىنى ھېچكىمگە كۆرسىتەلمەي، ئەلەنگەلىك ئاھۇ زارلىرىنى ھېچكىمگە ئاڭلىتالماي، ھېچ يەردىن دەردىگە داۋا تاپالماي قوزغىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

بىزنىڭ ئىلىدا كۆتۈرگەن قوزغىلاڭلىرىمىز پەقەت ئىلى ۋىلايىتىدىكى خەلقنى زۇلۇمدىن ئازاد قىلىشلا بولماستىن، بەلكى پۈتۈن ئۆلكىمىزدىكى خەلقنى زۇلۇمدىن، تەڭسىزلىكتىن ئازاد قىلىپ، ھۆرلۈك، ئەركىن، بەخت ـ سائادەتكە چىقىرىش ئىدى. ھوقۇقلاردىن تەڭ پايدىلىنىش ئىدى.

ھەقىقەتتە بىزنىڭ خەلقىمىزدە ھېچقانداق قان تۆكۈش مەقسىتى يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن رادىيو ئارقىلىق جىياڭ ۋېيىۋەنجاڭنىڭ ئۆتكەن يىلى «چېگرا ئۆلكىلەردە ياشىغۇچى مىللەتلەر مۇختارىيەت تىلىسە بېرىمىز» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاش بىلەنلا بىز مەسىلىنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىش چارىلىرىگە كىرىشكەندۇق. سەككىز ئايدىن بېرى تالىشىپ كېلىشكەن بىتىم نەتىجىسىنى بايرام قىلىپ داغدۇغا بىلەن ئۆتكۈزمەكتىمىز، خەلقىمىز ئۆزىنىڭ خالىغان كىشىلىرىدىن مەمۇرىيەتلەرنى سايلاش، مىللىي مائارىپ ۋە مىللىي مەدەنىيەتنى ھۆرلۈك بىلەن تەرەققىياتلاشتۇرۇش، مىللىي ھەربىي قىسىملار قۇرۇش، ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇتۇش ۋە ئوقۇش، ئۆز ئانا تىلىدا ئىش يۈرگۈزۈش ھوقۇقلىرىغا ۋە بۇنىڭدىن باشقا ئۆلكىمىزنىڭ تارىخىدا كۆرۈلمىگەن ھوقۇقلارغا ئىگە بولدى. بۈگۈندىن باشلاپ ئۆلكىمىزدە ھەقىقىي خەلقچىللىق سىياسىتى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقچى، بۈگۈندىن باشلاپ بىتىمگە مۇۋاپىق قۇرۇلغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەسمىي ئىشقا كىرىشتى، يېڭى ھۆكۈمەتتىن بىتىمنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خەلقىمىزنى بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇشقا قاراپ باشلاشنى تەلەپ قىلىمىز.

ياشىسۇن ئۆلكىمىزدە مىللەتلەر باراۋەرلىكى!

ياشىسۇن خەلقىمىزنىڭ ھۆرلۈكى!

ئەبەدىي يوق بولسۇن ئۆلكىمىزدە ئىستىبدات ھاكىمىيەت!

يوقالسۇن ئىستىبدات ھاكىمىيەتنى ياقلىغۇچى مۇستەبىت-
چىلەر!
(«شىنجاڭ گېزىتى» *1946* ـ يىل 7 ـ ئاي)

ئارقىدىنلا يۇ يۇرېن قاتارلىقلارمۇ سۆز قىلدى.

گومىنداڭنىڭ مەركەزدىن كەلگەن مۇخبىرلىرى بۇ داغدۇغىلىق مۇراسىمنى قىسقا خەۋەرلىك ھۆججەتلىك فىلىم ئورنىدا كىنوغا ئالغان-كەن. ھازىر بۇ فىلىم بېيجىڭ كىنو ئارخىپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. مەن ھەر قېتىم بۇ فىلىمنى (خاتىرە ئۈچۈن ئېلىۋالغانىدىم) كۆرگىنىمدە، خۇددى 60 نەچچە يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتقا قايتقاندەك ھېس قىلىمەن...

ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلانغاندىن كېيىن، ئەخمەت ئەپەندىم باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى «پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە مۇراجىئەت»نى يازدى. ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

مۆھتەرەم قېرىنداشلار!

ئۆلكىمىزدە ياشىغۇچى ھەر مىللەت خەلقى ئىلگىرى ئۆل-كىمىزدە مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي، ئىق-تىسادىي، مەدەنىيەت، دىن، مىللەت ۋە ئىجتىمائىيەت قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىكى زۇلمىغا قاتتىق ئۇچراپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەنىدى.

مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار ئەكسىيەتچىل سىياسەت قوللانغان-لىقتىن ئۆز ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىقتىدارلىق ئەم-گەكچىلەر مىسلى كۆرۈلمىگەن جاپا ـ مۇشەققەت تارتتى. مە-سىلەن، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتە ۋەتەن ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن، دىن ئۈچۈن سەممىي ـ سادىق بولۇپ ئىرىشىپ ئىشلەيدىغان كىشىلەرگە شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بېرىلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئەكسىيەتچىل دۆلەت ئورگانلىرىغا قىلچە خەلق ئۈچۈن تۆھپە يارىتىش نىيىتىدە بولماي، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئەكسىيەتچى ئەمەل-دارلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ كەلدى، شۇ سەۋەبتىن ھۆكۈمەت چى-

رىكلىكتە يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى.
مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار ئۆلكىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قارىتا ئىقتىسادىي جەھەتتە بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيە ۋاسىتىلىرىنى قوللانغانلىقتىن، خەلق ئېغىر ئالۋان ـ ياساق بويۇنتۇرۇقى ئىچىدە ئىنتايىن نامراتلىقتىن ئىبارەت ئېچىنىشلىق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. ھەتتا ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش شارائىتىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولالماي، نۇرغۇن ئادەم يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ قالغان، ھەتتا قەلەندەر بولۇپ كەتكەنىدى. ئەسلىدە خەلقنى خەلقچىللىقنى يۇرگۈزۈشكە چاقىرىق قىلىپ، كىشىلەرنى يېڭى جەمئىيەتكە مېڭىشقا باشلايدىغان نەشرىيات تارماقلىرىمۇ چىرىك ھاكىمىيەتنىڭ خەلقنى زۇلمەتكە ئىتتىرىدىغان، يېڭىباشتىن قۇللۇق ئاسارىتىگە چۈشۈرىدىغان تەشۋىقات قورالىغا ئايلىنىپ قالغان. خەلقنىڭ سۆز ئەركىنلىكى يوق ئىدى، ھەتتا ئىككى دوست بىر يەرگە كېلىپ پاراڭلاشسىمۇ ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەيتتى. بىزنىڭ مىللىتىمىز تارىختا مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان مىللەت ئىدى. بەزى مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز دۇنيا تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان. لېكىن مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق ئاستىدا خەلقنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىي قىلىشتا يوق، ئەكسىچە ئەسلىدىكى خېلى تەرەققىي قىلغان مەدەنىيىتىمۇ يەر بىلەن يەكسان قىلىندى.
ئىلگىرى ئۆلكىمىزدە يولغا قويۇلغان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق سىياستى *1933* ـ يىلىغىچە («ئاپرېل ئۆزگىرىشى» دىن ئىلگىرى) ئۇچىغا چىققان ھاكىممۇتلەقلىق بولۇپ ئىپادىلەندى، خەلق قۇللارچە زۇلۇم چەكتى. «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» دىن كېيىنكى ھاكىمىيەت خەلقچىللىق سىياستىنى يولغا قويۇپ، كىشىلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئازادلىقى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئۆلكىمىزدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىقتىسادنى گۈللەندۇرۇش جەھەتتە، بىر مەزگىل خېلى ئەھمىيەت بەرگەن، بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنىمۇ ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. لېكىن ئۇ بەرىبىر قىسقا ۋاقىتلىق ئىدى. كېيىن بىرىپ تېخىمۇ ئەكسىيەتچىل يولغا مېڭىپ كەتتى، خەلقىمىز «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» دىن

ئاۋۋالقىدىنمۇ بەكرەك جاپا ـ مۇشەققەتكە قالدى. بۇ مەزگىلدە هۆكۇمەت كۆرۈنۈشتە مۇستەبىت هۆكۇمرانلىق يۈرگۈزمىگەندەك، خەلقچىللىق سىياستىنى كۆرستىپ قويۇپ، خىلمۇخىل هىيلە ـ مىكرلەرنى ئىشلەتتى، ماهيەتتە يۈرگۈزگىنى يەنىلا مۇستەبىت هۆكۇمرانلىق سىياستى بولدى، خۇسۇسەن كېيىنكى تۆت ـ بەش يىل ئىچىدە ئۆلكىمىز زۇلمەتلىك دوزاخقا ئايلاندى. دوزاخنىڭ ئاچقۇچىمۇ قانخور جاللاتلارنىڭ قولىدا بولۇپ قالدى.

مۇبادا بۇنداق زۇلمەتلىك هۆكۇمرانلىق داۋاملىشىپ كېتىۋېرىدىغان بولسا، مىللىتىمىز سۆزسىز يوقىلاتتى.

خەلقىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مىللەت، دىن قاتارلىق تەرەپلەردە چەككەن زۇلمى چىداپ بولمايدىغان يەرگە يەتكەندە، ئالدى بىلەن ئالتاي خەلقى، كېيىن ئىلى



1946 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە هۆكۇمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. گومىنداڭنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى يۇ يۇرېن قەسەم بېرىشكە نازارەتچىلىك قىلدى. بۇ يىغىندىن كېيىن چۈشكەن سۈرەت بولۇپ، ئوڭدىن تۆتىنچى كىشى جاڭ جىجۇڭ، سولدىن تۆتىنچى كىشى يۇ يۇرېن، سولدىن ئۈچىنچى كىشى ئەخمەتجان، سولدىن ئىككىنچى كىشى بۇرهان شەهىدى، 2 ـ رەت سولدىن بىرىنچى كىشى ليۇ زېرۇڭ.

423

خەلقى غەزەپتىن ئوت بولۇپ يېنىپ، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارغا قارشى مىللىي ئازادلىق قوراللىق كۆرىشىنى قوزغىدى. ھەقىقەت يولىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئۇلۇغ كۆرەش ئىلىدا غەلىبىگە ئېرىشتى. خەلق ئۆز ھاكىمىيىتىنى — «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنى قۇردى.

مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ دولقۇنى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتكە قاراپ ئېقىپ، پۈتۈن ئۆلكىگە تەسىر يەتكۈزۈشكە باشلىدى. قوراللىق كۆرەش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان چاغدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ بۆلتۆر 8 ـ ئايدا چېگرا رايون مەسىلىلىرى توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلەپ، ئەگەر ئاشۇ رايونلاردا ياشايدىغان مىللەتلەر ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇپ كېتەلىگۈدەك ئىقتىدارغا يەتكەن بولسا، ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئىدارە قىلىدىغان ھوقۇق بېرىشنى خالايمىز، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ بۇ گەپنى قىلغاندىن كېيىن بىز مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش چارىلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدۇق.

1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن باشلاپ بىزنىڭ ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەن ۋەكىلىمىز ئەخمەتجان قاسىمى ئەپەندى، رەھىمجان سابىر ھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى گېنېرال جاڭ جىجۇڭ بىلەن سەككىز ئاي سۆھبەت ئۆتكۈزۈش نەتىجىسىدە بۇ يىل 6 ـ ئايدا ئىككى تەرەپ «تىنچلىق بىتىمى» نى ئىمزالىدى. مۇشۇ «تىنچلىق بىتىمى» گە ئاساسەن قۇرۇلغان يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئىمزالانغان «تىنچلىق بىتىمى» 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تولۇق ئېلان قىلىندى. «تىنچلىق بىتىمى» بويىچە، بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولغانلىقتىن ئۈچ ۋىلايەت ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە بىۋاستە قارايدىغان بولدى. ئىمزالانغان «تىنچلىق بىتىمى» بويىچە، پۈتۈن ئۆلكە خەلقى مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەڭ چوڭ ھوقۇققا ئىگە بولدى. ئازادلىق، ئەركىنلىك، خەلقچىللىق ئاساستا پۈتۈن ئۆلكە مىقياسىدا بىرلىك

ۋە تىنچلىق ئەمەلگە ئاشتى.

قېرىنداشلار!

كۆپ يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ مىليونلىغان كىشىلىرىمىزنىڭ كېچە - كۈندۈزلەپ تىلەپ كەلگەن ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغان ۋاقتى كېلىپ قالدى. بىز ئىلگىرى سايلاش ۋە سايلىنىش هوقۇقىغا ئىگە بولالمايلا قالماي، بەلكى مۇستەبت هۆكۈمەرانلارنىڭ تۆمۈر تىرنىقى ئاستىدا، ئۇلارنىڭ ئالىقىنىدىكى ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالغاندۇق. بۈگۈن، تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە ئۆزىمىزنىڭ كېڭەش ھەيئىتىنى قۇرۇپ، ئۆزىمىز ئىشەنگەن خەلققە سادىق بولغان كىشىلەرنى كېڭەش ھەيئىتىگە سايلىيالايدىغان بولدۇق، يەنى خەلق ئۆزى خەلقچىللىقنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان پۇرسەتكە ئېرىشتى.

ئىلگىرى ھاقارەتلەنگەن، ۋەيران قىلىنغان دىن ئەمدىلىكتە ھۆرمەتكە ئىگە بولىدىغان بولدى، ئۆزىمىزنىڭ بارلىق قانۇن ۋە قائىدە - تۈزۈملىرىمىزنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەت - ئالاقىلەردە ئۆزىمىزنىڭ مىللىي تىل - يېزىقىمىزنى قوللىنالايدىغان بولدۇق، بۇ ھەقىقىي تۈردە خەلق مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللىي مەدەنىيەت - سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش، گۈزەل بەختلىك مەدەنىي تۇرمۇش بەرپا قىلىش ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىپ بەردى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئىلگىرى دەھشەتلىك تۈردە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىپ ۋەيران قىلىنغان كىشىلەر ئەمدىلىكتە قانۇنسىز ئالۋان - سېلىقلاردىن قۇتۇلغانلىقى تېشىدا يەنە سودا - سانائەت بىلەن ئەركىن شۇغۇللىنىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى.

ئۆلكىمىزدە خەلقىمىز قاتتىق نەپرەتلىنىدىغان سىياسىي ساقچىلىق تۈزۈمى بىكار قىلىندى، قاماققا ئېلىنغان سىياسىي مەھبۇسلار قويۇپ بېرىلدى ۋە ھاكازالار.

قىسقىسى، ئىلگىرى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغان خەلققە ئازادلىق، ھۆرلۈك، بەختلىك گۈزەل كېلەچەككە ئېرىشىش ئۈچۈن پايدىلىق شەرت - شارائىت يارىتىلدى.

خەلقنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىسى ئاسان قولغا كەلمىگەن «تىنچلىق بىتىمى» يارىتىپ بەرگەن ھوقۇقتىن پايدىلىنىشتۇر.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى ھەربىكتىنىڭ رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» نىڭ تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى خەلقىنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشى ۋە پارلاق كېلەچەككە قاراپ مېڭىشىدىكى ئاچقۇچ. شۇڭلاشقا، پۈتۈن ئۆلكىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئىمزالانغان «تىنچلىق بىتىمى» نىڭ تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىنى ھىمايە قىلغاندىلا ئاندىن مۇشۇ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى كۈرەشلەردە قۇربان بولۇپ كەتكەن شېھىتلەرنىڭ روھى ئەمىن تاپىدۇ. ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن شەرەپلىك ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلغان بولىمىز.

بىز خەلقىمىزنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى ئۈمىدىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە شوئارغا يىغىنچاقلايمىز:

(1) مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن ئىمزالىغان «تىنچلىق بىتىمى» گە تولۇق رىئايە قىلايلى!

(2) ياشىسۇن خەلقىنىڭ شانلىق كېلەچىكى!

(3) ياشىسۇن پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكى ۋە دوستلۇقى!

(4) ياشىسۇن خەلقىنىڭ ئازادلىقى!

(5) يوقالسۇن مۇستەبىت ھۆكۈمران ھاكىمىيەت!

(6) ئازادلىق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، خەلقچىللىق ئاساسىدىكى بىرلىك ۋە تىنچلىقنى ھىمايە قىلايلى!

ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاينىڭ خەلق ۋەكىللىرى

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى: ئەخمەتجان قاسىمى

ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي مىللىي ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى، پۈتۈن ئۆلكە ئامانلىقنى ساقلاش قوشۇنىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى: گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك مۇنۇنوف

مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى: سەيپىدىن ئەزىزى

ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى: رەھىمجان سابىر ھاجى

مۇئاۋىن باش كاتىپ: ئابدۇكېرىم ئابباسوف

ۋەكىللەر: مۇھەممەتجان مەخسۇم، كېرىم ھاجى، تېيىپئاخۇن
1946 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى
(1946ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چۆچەكتە چىقىدىغان
«خەلق ئاۋازى» گېزىتىنىڭ 1 ـ بېتىدىن)

قىسقىسى، ئۇزاق مۇددەت قان كېچىپ جەڭ قىلىش ۋە ھارماي ـ تالماي كۈرەش قىلىش نەتىجىسىدە ئاخىر شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. تەبرىكلەش يىغىنى پۈتكۈل شىنجاڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتتە ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى، جۈملىدىن خەلق ئىنتىلىۋاتقان ئۈمىد نۇرى پارلىغاندەك بىلىندى. ۋاھالەنكى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى تەبرىكلىنىۋاتقان پەيتلەردە، بۇنىڭ ئەمەلىيەتتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئويناپ چىققان بىر ئويۇن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمەي تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەنىدى.

يەنئەندىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئازادلىق گېزىتى» 1946 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئىككى پارچە خەۋەر بېسىپ، تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالانغانلىقىنى تەبرىكلىدى، ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:



## شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى

(شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ 5 ـ كۈندىكى تېلېگراممىسى)
مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ ئۈرۈمچىدىن تارقاتقان خەۋىرىگە قارىغاندا، غۇلجا ۋەقەسى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 1 ـ كۈنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلگەن، ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن تەبرىكلەش يىغىنىدا يۇ يۇرېن نۇتۇق سۆزلەپ، ھازىر شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى دوستىمىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆپلىگەن ياردىمىدىن بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇقىنى تېخىمۇ ئىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك،

دەپ تەكتلىگەن. جاڭ ججۇڭ نۇتۇق سۆزلىگەن ۋاقتىدا، بېسىپ تەييارلاپ قويۇلغان «شىنجاڭدىكى قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت»نى ئوقۇپ، ئالدى بىلەن سوۋېت كونسۇللىرىنىڭ ياردىمى ۋە بىلدۇرگەن دوستلۇقىغا تەشەككۇر بىلدۇرگەن ھەمدە شىنجاڭنىڭ مەڭگۈلۈك تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ تۆۋەندىكى پرىنسىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان: (1) جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ (2) دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ھمايە قىلىش؛ (3) خەلقچىل سىياسەتنى يولغا قويۇش؛ (4) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان تەبرىك سۆزى سۆزلەپ، غۇلجا ۋەقەسى خەلقىنىڭ زۇلۇمغا چىدىماي كۆرسەتكەن قارشىلىقى، يالغۇز غۇلجا خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ كۆرسەتكەن قارشىلىقى، دەپ، قولىنى كۆتۈرۈپ ياشىسۇن ئەركىنلىك، باراۋەرلىك دېگەندەك شوئارلارنى توۋلىغان، يىغىندىن كېيىن نامايىش ئۆتكۈزۈلگەن ۋە ئويۇن قويۇلغان.

يەنە بىر پارچە خەۋەردە مۇنداق دېيىلگەن.



## شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش (مۇختارىيەت) ھەرىكىتى غەلىبىگە ئېرىشكەن؛ غۇلجا ۋەقەسى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنغان؛ يەرلىك ھاكىمىيەت، مىللىي ئارمىيە توغرۇلۇق كېلىشىم ھاسىل قىلىنغان

(شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ 4 ـ كۈنى يەنئەندىن تارقاتقان تېلېگراممىسى) 1944 ـ يىل 8 ـ ئايدا قوزغىلىپ ئىككى يىلدىن ئۇشۇق داۋام قىلغان شىنجاڭ غۇلجا ۋەقەسىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىنغان.

مەركىزىي ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، «قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش كېلىشىمى» ۋە ئىككى قوشۇمچە ھۆججەت ئېلان قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك ھا-

كىمىيەت توغرىسىدىكى كېلىشىمنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مۇنداق ئىكەن: (1) ناھىيەلىك كېڭەش ھەيئىتى ھەرقايسى ناھىيە خەلقى سايلاپ چىققانلاردىن تەشكىل قىلىنىدۇ، ھاكىم ۋە مۇئاۋىن ھاكىم كېڭەش ھەيئىتى تەرىپىدىن سايلىنىدۇ. ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلىرى شۇ يەردىكى خەلق تەرىپىدىن كۆرسىتىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللىنىدۇ. (2) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 25 ئەزاسىدىن 10 ئەزانى گومىنداڭ بېكىتىدۇ. قالغان 15 ئەزانى ھەرقايسى جايلاردىكى خەلق ۋەكىللىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەيىنلىشىگە يوللايدۇ، گومىنداڭ تەيىنلەيدىغان 10 ئەزا ئىچىدە رەئىس، باش كاتىپ، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە ئىككى نەپەر مەخسۇس ئەزا بولىدۇ.

ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەيىنلىشىگە يوللايدىغان 15 ئەزا ئىككى نەپەر مۇئاۋىن رەئىسنى، ئىككى نەپەر مۇئاۋىن باش كاتىپنى، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە بەش نەپەر مەخسۇس ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قوزغىلاڭ بولغان ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىر مۇئاۋىن رەئىس، بىر مۇئاۋىن باش كاتىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ياكى قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ بىر نازىرىنى، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ياكى مالىيە نازارىتىنىڭ بىر مۇئاۋىن نازىرىنى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ياكى ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ بىر مۇئاۋىن باشلىقىنى ۋە مەخسۇس ئەزادىن بىرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

مىللىي ئارمىيەنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش توغرىسىدىكى كېلىشىم: (1) ئاتلىق ئەسكەرلەردىن ئۈچ پولك، پىيادە ئەسكەردىن ئۈچ پولك تەشكىل قىلىنىدۇ، جەمئىي ئادەم سانى 11 مىڭ-

ىدىن 12 مىڭغىچە بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئاتلىق ئەسكەر-
لەر پولكى بىلەن بىر پىيادە ئەسكەرلەر پولكى دۆلەت ئارمىيەسى
بولىدۇ، ئىككى پىيادە ئەسكەرلەر پولكى، بىر ئاتلىق ئەسكەر-
لەر پولكى ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش ئەترىتى بولىدۇ. (2) بۇ
ئارمىيەگە قوماندانلىق قىلىشقا ئىلى تەرەپ شۇ يەردىكى مۇ-
سۇلمانلاردىن بىرەيلەننى كۆرسىتىپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي-
دىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت قىسمىنىڭ كوماندىرى قىلىدۇ ھەم
ئۇ كىشى قوشۇمچە ئۆلكە ئامانلىقنى ساقلاش قوشۇنىنىڭ مۇ-
ئاۋىن قوماندانى بولىدۇ. (3) ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان ئورنى ئىلى،
تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت بىلەن چەكلىنىدۇ
ھەمدە دۆلەت چېگراسىنى ساقلاشقا گومىنداڭ تەرەپتىن دۆلەت
مۇداپىئەسى ئارمىيەسى مەسئۇل بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

كېلىشىمدە يەنە گومىنداڭ دائىرىلىرى شۇ جايلاردا دىننى
كەمسىتىشنى بىكار قىلىپ، خەلققە پۈتۈنلەي دىنغا ئېتىقاد قى-
لىش ئەركىنلىكىنى بېرىدۇ، بارلىق ئالاقىلەردە خەنزۇچە، مۇ-
سۇلمانچە يېزىق تەڭ قوللىنىلىدۇ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ-
لەردە شۇ مىللەتنىڭ يېزىقىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ، دۆلەت ئىچى ۋە
سىرتىدىكى سودىدا ئەركىنلىك بېرىلىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش
بەلگىلىمىلەر بار.

يۇقىرىقىلاردىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومى-
تېتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك
دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەخمەتجان، رەھىمجان
سابىرھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئىمزا
قويۇپ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىگە، «مىللىي ئازادلىق»، «مىللىي گۇللىنى-
نىش» قاتارلىق تەشكىلاتلارغا ۋە پۈتۈن قېرىنداشلارغا ئوچۇق خەت ياز-
دى. خەتنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىگە، «مىللىي ئازادلىق»، «مىللىي
گۈللىنىش» تەشكىلاتىغا، ھەرقايسى تەشكىلاتلار ۋە بارلىق قې-

رىنداشلارغا:

جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆلكىمىزدىكى يەرلىك ھاكىمىيەت بىلەن بولغان قوراللىق جاڭجال مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرۇلۇق خەلقىمىز تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بىتىم ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە ماددىلىرى بىلەن، بىزنىڭ مەخپىي ۋە جىددىي قوراللىق كۈرەش دەۋرىمىز پۈتۈنلەي تامام بولدى، دەپ ھېسابلايمىز.

بىزلەردە ھوقۇقىمىزنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ھەرگىز ھېچ ئايرىم شەخسلەردىن ئۆچ ئېلىش، ئىنتىقام ئېلىش ئىشلىرى بولماسلىقى لازىم. بىزلەر بۇ نۇقتىدا ئالىيجاناب بولايلى.

خەلقنى نەپرەتلەندۈرگەن ۋە زۇلۇمنى داۋام قىلدۇرماقتا بولغان ھەرقانداق ئەمەلدارنى ئوچۇق يوسۇندا مەتبەئە يۈزىدە، مەجلىسلەردە، نۇتۇق، سۆزلەردە ئۇنىڭ سىرلىرىنى پاش قىلىپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇش دەۋرى كەلدى. خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلىمەيدىغان پارىخور، قىمارۋاز، ئەپيۇنكەش مەمۇرلارنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خەلق دوستلىرىدىن مەمۇر سايلاش دەۋرى كەلدى.



ئەمدى بىزنىڭ ئىشىمىز ھەممىسى ئوچۇق ـ ئاشكارا يۈرگۈزۈلىدۇ.

مەخپىي قوراللىق ھەرىكەت ۋە قوزغىلاڭ دەۋرى تۈگىدى. چۈنكى، مىللىي ئازادلىق قوزغىلىڭىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان ئىستىبدات ھاكىمىيەت بىتىمگە مۇۋاپىق بىتكۈسى ۋە مۇستەبىت قارا سىياسەت ئۆلكىمىزدىن كۆتۈرۈلگۈسى. بۇ سىياسەتنى يۈرگۈزۈش قورالى بولغان سىياسىي ساقچىلار يوقىتىلغۇسى. تەرتىپ ساقلىغۇچى ساقچىلار يەرلىك مەمۇرلار ئىختىيارىدا بولۇپ، يەرلىك خەلقتىن تەشكىل بولغۇسى، ئۆلكىمىزدە ھەقىقىي خەلقچىل سىياسەت يۈرگۈزۈلگۈسى. ئۆلكىمىزدىكى ئېزىلگەن خەلقلەر تەلىپىنى تەمىن قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن ھوقۇقلار بىتىمدە ئوچۇق كۆرسىتىلگەن.

بىتىمنىڭ تولۇق مەزمۇنىنى جارى قىلىش بىلەن ھەرقاي-

ـسڭلارنى ئۇنـڭغا تولۇق رىئايە ۋە ئەمەل قىلىشقا چاقىرىمىز.
خەلق ۋەكىللىرى: ئەخمەتجان قاسىمى
رەھىمجان سابىر ھاجى
ئوبۇلخەيرى تۆرە
(1946 ـ يىل 7 ـ ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى»گە بېسىلغان)

**بىرلەشمە ھۆكۈمەت 11 بىتىمگە ئاساسەن سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پىروگراممىسىنى بەلگىلىدى، سىياسىي پىروگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:**

## سىياسىي پىروگراما

(مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىنىڭ 2 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ماقۇللانغان)

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، ۋەتەن بىرلىكىنى ھىمايە قىلىدۇ، خەلقچىل سىياسەت يۈرگۈزىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىدۇ ھەمدە خىيانەتچىلىكنى ھەقىقىي تۈردە قەتئىي چەكلەيدۇ. رەھبەرلىك چېكىملىكلەرنى قەتئىي چەكلەيدۇ، قىمار ئويناشنى قەتئىي چەكلەيدۇ. پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۈچ مەسلەك ئاساسىدا يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنى تىنچ، ئەركىن، پاراۋان، شاد، بەختىيار تۇرمۇشتىن مەڭگۈ بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى سىياسىي پىروگراما ئالاھىدە تۈزۈپ چىقىلدى:

### ئا. سىياسىي

(1) خەلقچىل سىياسەت يۈرگۈزۈپ، خەلق سىياسىي ئىشلارغا قاتنىشىدىغان تولۇق ھوقۇققا ئىگە قىلىنىدۇ.

(2) خەلقنىڭ ئىدىيە، سۆز، مەتبۇئات، يىغىلىش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، ئولتۇراقلىشىش، كۆچۈش، جىسمانىي، مال ـ مۈلۈك جەھەتتىكى تولۇق ئەركىنلىكى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ.

(3) خەلقنى قانۇنسىز قولغا ئېلىش، سولاش ياكى جازالاشقا يول قويۇلمايدۇ. ھوقۇقلۇق ئورگاننىڭ قانۇنىي تەرتىپلىرىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ قولغا ئېلىشقا، سوراق قىلىشقا ياكى جازالاشقا بولمايدۇ.

ھەرقانداق ئىدارە ياكى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئادەمگە تەن جازاسى بېرىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

(4) خوتۇن ـ قىزلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، قانۇن، مائارىپ جەھەتلەردە جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىنىڭ باراۋەرلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ.

(5) قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش يولىغا قويۇلۇپ، خەلقتە قانۇنغا بويسۇنۇش ئادىتى تىكلىنىدۇ.

مۇشۇ ئۆلكىدىكى ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتى ئالاھىدە خىلدىكى خەلق جىنايى ئىشلار قانۇن نىزامى لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىپ، مەركەزنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە سۇنىدۇ. ئەدلىيە ئورگانلىرى ئىچىدە، شۇ يەردىكى مۇنەۋۋەر كادىرلارنى ئىشقا قويۇپ، ئورگانلارنىڭ مۇكەممەللىكىنى ساقلاپ قېلىش لازىم.

(6) خەلق ئىرادىسى بىلەن سايلىنىدىغان ھەر دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ سايلىمىنى ئومۇميۈزلۈك، باراۋەرلىك، مەخپىيەتلىك يولى بىلەن ئېلىپ بېرىش كېرەك. تىزگىنلەشكە، كۆز بوياشقا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ.

(7) ھەر دەرىجىلىك كېڭەش ھەيئەتلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ھۆكۈمەتكە نازارەت قىلىش ۋە ھەمكارلىشىش ھوقۇقىغا ئىگە.

(8) ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي كادىرلارنى شۇ يەردىكى ھەر مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر زاتلىرى ئىچىدىن تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش لازىم.

(9) دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىدا بولىدىغان ئالاقىلەردە دۆلەت تىلى بىلەن مۇسۇلمان يېزىقى تەڭ قوللىنىلىدۇ. خەلق ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا خەت ـ ئالاقە سۇنسا، يالغۇز شۇ مىللەتنىڭ يېزىقنى ئىشلەتسە بولۇۋېرىدۇ.

(10) خىيانەتچىلىك ۋە خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. ئەمەلدارلارنىڭ خەلق مەنپەئەتىگە خىلاپلىق قىلىشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ ھەمدە خەلقنىڭ مۇنداق ئىشلارنى پاش قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

(11) قىمار، ئەپيۇن، نەشە، زەھەرلىك چېكىملىكلەر قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ.

## ب. مىللەت

(1) مىللەتلەر سىياسىي، ئىقتىسادىي، قانۇن، مائارىپ جەھەتلەردە بىردەك باراۋەر بولىدۇ.

(2) مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا ئىناق بولۇش، ئۆزئارا ياردەم بېرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سەممىي ئىتتىپاقلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

(3) مىللەتلەرنىڭ ئەزەلدىن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تىل ـ يېزىق، تىياتىر، بەدىئىي سەنئەت ۋە بارلىق مەدەنىيەتلىرى جارى قىلدۇرۇلىدۇ.

(4) مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىنىدۇ، دىنىي كەمسىتىشلەر بىكار قىلىنىدۇ.

(5) مىللەتلەر ئارا مۇھەببەتكە بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق سالىدىغان ۋە مىللەتلەر ئارىسىدىكى بىر ـ بىرىنى ھاقارەت قىلىدىغان، پەس كۆرىدىغان، ئۆچ ـ ئاداۋەت پەيدا قىلىدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەر قەتئىي تۈزىتىلىدۇ ۋە چەكلىنىدۇ.

(6) مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، دىنىي ئېتىقادقا بۇزغۇنچىلىق سالىدىغان قىلمىشلار چەكلىنىدۇ ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئالاھىدە ياردەم بېرىلىدۇ.

## س. دىپلوماتىيە

(1) جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇقى ھەققىي ئالغا سۈرۈلىدۇ.

(2) جۇڭگو ـ سوۋېت ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

(3) جۇڭگو ـ سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن مۇناسىۋىتى راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

(4) ھەرقايسى ئەللەر بىلەن بولغان دوستانە سودا ۋە ئىلىم ـ پەن مۇناسىۋەتلىرى راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

(5) ھەرقايسى مۇسۇلمان دۆلەتلىرى (جۈملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى) دىكى خەلقلەر بىلەن بولغان دىن، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئورتاقلىقلار ئاساسىدا، ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى يېقىنلاشتۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ.

## د. ئىقتىساد

(1) ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك قىلىدىغان دېھقانلارغا ياردەم بېرىلىدۇ. ئىجارىكەشلىك ھوقۇقى ساقلاپ قېلىنىدۇ. يەرلەرنى مەركەزلەشتۈرۈۋېلىشنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، تېرىغۇچىنى يەرگە ئىگە قىلىش مەقسىتى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

(2) ئەمگەك ئىش ھەققىنىڭ مۇۋاپىق تەڭشىلىشى ئالغا سۈرۈلۈپ، ئەمگەك شارائىتى ياخشىلىنىدۇ ھەمدە بالا ئىشچىلار بىلەن ئايال ئىشچىلار ھىمايە قىلىنىدۇ.

(3) زۆرۈر بولغان تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، ئىشسىزلىق مەسىلىسى مۇۋاپىق ھەل قىلىنىدۇ.

(4) دېھقان، ئىشچىلار ۋە كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۆستۈرۈلىدۇ.

(5) كۆپ پايدا ئېلىپ، قاتتىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان، ئېغىر دەرىجىدىكى ئىجارىكەشلىك قىلىدىغان بارلىق نامۇۋاپىق

ئەھۋاللار قەتئىي چەكلىنىدۇ.

(6) ئۆلكىنىڭ بوز يەر ئېچىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، پىلانلىق ھالدا سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىش ۋە تەرتىپكە سېلىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ.

(7) بوز يەرلەر زور مىقداردا كۆپەيتىلىدۇ. دېھقانچىلىق تېخنىكىسى ياخشىلىنىدۇ. ئامبارلاردا زاپاس ئاشلىق ساقلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ ھەمدە چېكەتكە قاتارلىق زىيانداشلار تۈگىتىلىپ، قەھەتچىلىكنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

(8) كېۋەز، پىلە، كەندىر ۋە ھەر خىل دېھقانچىلىق قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى كۆپەيتىلىدۇ، مەھسۇلات سۈپىتى ياخشىلىنىدۇ.

(9) كۆپلەپ ئورمان بىنا قىلىنىدۇ ھەمدە ھازىر بار بولغان ئورمانلار مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ.

(10) چارۋا نەسىللىرى ئۆزگەرتىلىپ، چارۋا ماللىرىدا بولىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ ھەمدە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى كۆپەيتكۈچىلەر مۇكاپاتلىنىدۇ.

(11) تالا، تېرە، يۇڭ ۋە ھەر خىل كۈندىلىك لازىمەتلىكلەر ئىشلەپچىقىرىلىدىغان سانائەتلەر قۇرۇلىدۇ.

(12) بۇرۇنقى قول سانائەتلىرى ئۆزگەرتىلىپ، يىپەكچىلىك، توقۇمىچىلىق، كۆنچىلىك ۋە باشقا يەرلىك مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى ئۈستۈرۈلىدۇ.

(13) مۇددەتلىك ۋە پىلانلىق يوسۇندا سېمونت، ئېلېكتىر مېخانىزاتسىيەسى، پولات - تۆمۈر، ماشىنا - ئۈسكۈنە قاتارلىق ئاساسىي سانائەتلەر بەرپا قىلىنىدۇ.

(14) ھەر خىل كان مەدەنلىرى پائال رەۋىشتە قېزىپ ئۆزلەشتۈرۈلىدۇ.

(15) ئىچكى سودىغا مۇتلەق ئەركىنلىك بېرىلىدۇ. ھۆكۈمەت ماددىي ئەشيالارنى توشۇپ، بازارلارنى تەڭشەپ بەرگەندىن باشقا، ھەرقانداق ئارىلىشىش سىياستى قوللانمايدۇ ياكى خەلق بىلەن پايدا تالاشمايدۇ ھەمدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تەكشۈرۈش رەسمىيەتلىرى ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، نامۇۋاپىق بولغان باج - سېلىقلار ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئىدارىلەر ۋە ھۆكۈمەت خادىم-
لىرىنىڭ سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

(16) تاشقى سودىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەركىزىي ھۆ-
كۈمەتنىڭ چەت ئەللەر بىلەن تۈزۈشكەن سودا كېلىشىمىدىكى
بەلگىلىمىلەر بويىچە، خەلققە ئەركىن تىجارەت قىلىش ھوقۇقى
بېرىلىدۇ.

(17) ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمال، ترانسپورت قاتارلىق
ھەمكارلىق كەسىپلىرى پائال تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

(18) مەركەز ۋە مەزكۇر ئۆلكىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئورگانلى-
رىنى ئىشقا سېلىپ، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق، سانائەت،
سودا تارماقلىرىغا ھەر خىل پۇل قەرز بېرىش ۋە ھەمكارلىق
قەرز پۇلى بېرىش يولغا قويۇلىدۇ.

(19) مەركەزنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ھۆكۈمەت باشقۇ-
رۇشىدىن سىرت بولغان ھەر خىل سانائەتلەرنى خەلقنىڭ باش-
قۇرۇشى رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ ياكى ھۆكۈمەت ۋە سودىگەرلەر
بىللە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ. بىراق، مو-
نوپول قىلىۋېلىشقا ياكى يالغۇز ئىگىلىۋېلىشقا بولمايدۇ.

## ئى. مالىيە

(1) مالىيە جەھەتتە ئۆز ـ ئۆزىنى تولۇق تەمىن ئېتىش
مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئىگىلىك راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئىشلەپ-
چىقىرىش ئۈستۈرۈلىدۇ.

(2) ھەر خىل باج ـ سېلىقلارنى ئېلىش ئىشى مەركەزنىڭ
قانۇن ـ پەرمانلىرىغا ئۇيغۇن بولۇشى ھەمدە خەلق تۇرمۇشى
بىلەن خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا دەخلى يەتكۈزمەسلىك
پرىنسىپ قىلىنىشى كېرەك.

(3) پۇل تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلىدۇ. بەلگىلىك مۇددەت
ئىچىدە ئۆلكە پۇلى تارقىتىلىشتىن توختايدۇ. ھازىر يولغا قويۇ-
لۇۋاتقان نىسبەت بويىچە يىغىۋېلىنىدۇ (قوشۇمچە ئەسكەرتىش:
مۇشۇ مادda ساقلاپ قېلىنىپ، ئىككىنچى گۇرۇپپىغا تاپشۇرۇپ
مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرى

يىغىندا ماقۇللىنىدۇ).

*(4)* شىنجاڭ سودا بانكىسى ئۆلكىلىك بانكىغا ئۆزگەرتىلىپ تەشكىل قىلىنىدۇ ھەمدە خەلقنىڭ قانۇن بويىچە دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق، سودا ـ سانائەتكە ئوخشاش خاراكتېردىكى بانكا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلىدۇ.

(5) ئۆلكە مالىيەسىدە ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەش تەلىپىگە يېتىشتىن ئاۋۋال، مەركەزنىڭ داۋاملىق قوشۇمچە ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىش كېرەك. ھەر خىل قۇرۇلۇشلارغا كېرەكلىك خىراجەت ئۈستىدە، مەركەزدىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىش كېرەك.

*(6)* ئۆلكىدىكى ئىدارىلەرنى ئىخچام قىلىش، زۆرۈرىيىتى بولمىغان ئىدارە ۋە خادىملارنى ئىمكانقەدەر قىسقارتىش لازىم.

(7) ھەر خىل قانۇنسىز چاچقان ئالۋان ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن بارلىق سېلىقلار قەتئىي چەكلىنىدۇ.

## ف. قاتناش

*(1)* ئۆلكە ئىچى ـ سىرتىدىكى قاتناش راۋاجلاندۇرۇلۇپ، مەركىزىي ئۆلكىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

(2) مەركەزدىن لۇڭخەي تۆمۈريولىنى تېز ۋاقىت ئىچىدە مەركىزىي ئۆلكىگە تۇتاشتۇرۇشنى ھەمدە پىلانلىق تۈردە ئۆلكە ئىچىدە تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش كېرەك.

(3) مەركەزدىن تېز ۋاقىت ئىچىدە ئۆلكە ئىچىدىكى دۆلەت مۇداپىئە يولىنى ئۆلچەمگە لايىق ياساش، رەتلەش تەلەپ قىلىنىدۇ.

*(4)* ئۆلكە، ناھىيە ۋە يېزا ـ قىشلاقلارغا بارىدىغان يوللارنى ياساش، راۋانلاشتۇرۇش ئىشى قارارلىق ھالدا تېز ئېلىپ بېرىلىدۇ.

(5) ئۆلكە سىرتى بىلەن بولىدىغان ھاۋا قاتناش ئىشى راۋاجلاندۇرۇلىدۇ ھەمدە پىلانلىق تۈردە ئۆلكە ئىچىدىكى ھاۋا

يوللىرى ئېچىلىدۇ.

(6) دەريا ئېقىنلىرى راۋانلاشتۇرۇلۇپ، ئىچكى دەريالاردا قاتناش يوللىرى ئېچىلىدۇ.

(7) ھەر خىل قاتناش ۋاستىلىرى كۆپەيتىلىدۇ، ئات ـ ئۇلاغ ترانسپورتى كۆچەيتىلىدۇ.

(8) پوچتا ـ تېلېگراف ئىشلىرى تولۇقلىنىدۇ ھەمدە پۈتۈن ئۆلكە بويىچە رادىيو تورلىرى يولغا قويۇلىدۇ.

(9) قاتناش تېخنىك خادىملىرى ۋە باشقۇرغۇچى خادىملار كۆپلەپ يېتىشتۈرۈلىدۇ.

## گ. مائارىپ

(1) دۆلەت كۆز قارىشى ۋە مىللىي ئاڭغا ئىگە، جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ساغلام بولغان دۆلەت گىراژدانلىرى يې-تىشتۈرۈلىدۇ.

(2) مەجبۇرىي مائارىپ يولغا قويۇلۇپ، مائارىپ ئومۇملاش-تۇرۇلىدۇ.

(3) ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكە دەرىجىلىك ئالىي مەكتەپ (جۇم-لىدىن دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئىنستىتۇتى، تەبىئىي پەنلەر ئىنستىتۇتى، تېببىي ئىنستىتۇت، قاتناش ئىنستىتۇتى، پېداگو-گىكا ئىنستىتۇتى، ئەدەبىيات ـ قانۇن ئىنستىتۇتى قاتارلىقلار) قۇرۇلۇپ، ئالىي ئىختىساسلىق قۇرۇلۇش خادىملىرى يېتىشتۈ-رۈلىدۇ.

(4) مۇشۇ ئۆلكىنىڭ قۇرۇلۇش ئېھتىياجىغا ماسلاشقان ھالدا ھەرخىل تېخنىكوملار ياكى كەسپىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا قاتلام ۋە ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن ئىختىساسلىق خادىملار يېتىشتۈرۈلىدۇ.

(5) ھازىرقى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەر رەتكە سېلىنىپ تولۇقلىنىدۇ ھەمدە رايونلار بويىچە مۇددەتكە ئايرىپ كۆپەيتىپ قۇرۇلىدۇ.

(6) دارىلمۇئەللىمىنلەر كۆپەيتىپ قۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت ياشلىرى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈلىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىم-

لىرى تولۇقلىنىدۇ. ھەممە مۇئەللىملەر كۇرسى ئېچىلىپ، ھا-زىرقى باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىملىرى قارارلىق تەربىيەلىنىدۇ.

(7) خەلق مەكتەپلىرى، مەركىزىي مەكتەپلەر ۋە باللار باغچىلىرى ئومۇميۈزلۈك تەسىس قىلىنىدۇ.

(8) ياشانغانلارنى قوشۇمچە ئوقۇتۇش يولىغا قويۇلۇپ، ساۋاتسىزلىق تۈگىتىلىدۇ.

(9) باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە شۇ مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ. لېكىن، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دۆلەت تىلى ئوقۇشقا تېگىشلىك دەرس قىلىنىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە بولسا ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن دۆلەت تىلى بىلەن مۇسۇلمان تىلى تەڭ قوللىنىلىدۇ.

(10) ھەر خىل شەخسىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك ئۆلچىمى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى ئادەتتىكى مەكتەپلەرنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ.

(11) خەلق ئاقارتىش يۇرتلىرى، كۇتۇپخانا، قىرائەتخانا، ئاممىۋى تەنتەربىيە مەيدانى قاتارلىقلار قارارلىق، ئومۇميۈزلۈك تەسىس قىلىنىپ، ئىجتىمائىي مائارىپ راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

(12) قارارلىق يوسۇندا ئىچكى ئۆلكىلەرگە ۋە چەت ئەل-لەرگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلىدۇ.

### ت. مەدەنىيەت

(1) ئىلىم - پەن ئەركىنلىكى كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ.

(2) مىللەتلەرنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان مەدەنىيىتى جارى قىلدۇرۇلۇپ، مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەت، ئۇسسۇل، رەسساملىق ۋە ھەر خىل ئەدەبىيات - سەنئەتلىرى تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

(3) مەزكۇر ئۆلكىمىز بىلەن ئىچكى جايلار ۋە چەت ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

(4) چوڭ كۆلەمدىكى تەھرىر - تەرجىمە ئىدارىسى تەسىس

قىلىنىپ، ھەر مىللەت تىل - يېزىقىدىكى لۇغەت، ئەدەبىيات، قانۇن، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى ۋە ھەر خىل تەبىئىي پەن، ئەدەبىيات - سەنئەت قاتارلىقلارغا دائىر مەشھۇر ئەسەرلەر تۈزۈلۈپ، تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىدۇ.

(5) رايونلار بويىچە مۇزېي، كۆرگەزمىخانىلار تەسىس قىلىنىپ، ئۆلكىمىزدىكى ھەر خىل ماددىي بايلىقلار، قەدىمكى تارىخىي يادىكارلىقلار ئۈستىدە تەپسىلىي قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش يولغا قويۇلىدۇ.

(6) ھەر خىل مىللىي سەنئەت سارايلىرى، تىياتىرخانىلار، مۇزىكا ئىنستىتۇتلىرى قارارلىق ھالدا قۇرۇلىدۇ.

(7) ئاخباراتچىلىق ۋە كىنوچىلىق ئىشلىرى راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

## ر. سەھىيە

(1) ساقلىقنى ساقلاش تەدبىرلىرى كۈچەيتىلىپ، خەلق تەنتەربىيەسى تەشەببۇس قىلىنىدۇ، ئۆسمۈرلەرنى ئاسراشقا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

(2) ئاممۇۋى تازىلىققا ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرىلىپ، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى كۈچەيتىلىدۇ، تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، داۋالاش خىزمىتى كەڭ دائىرىدە يولغا قويۇلىدۇ.

(3) ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش تۈزۈمى تەلتۆكۈس يولغا قويۇلىدۇ، ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى دوختۇرخانىلار كېڭەيتىلىدۇ ھەمدە تولۇقلىنىدۇ.

(4) دورىگەرلىك سايمانلىرى ۋە ئورگانلىرى كېڭەيتىلىدۇ.

(5) تېببىي دورىگەرلىك بويىچە ئىختىساسلىق خادىملار كۆپلەپ يېتىشتۈرۈلىدۇ.

(6) تۇغۇت خادىملىرى يېتىشتۈرۈلۈپ، تۇغۇت ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنىدۇ.

(7) ساناتورىيە، دەم ئېلىش ئورۇنلىرى قۇرۇلۇپ، جايلاردىكى ئارىشاڭلار رەتكە سېلىنىدۇ.

(8) جايلاردىكى خەلقلەر مەبلەغ چىقىرىپ ھەمكارلىشىپ باشقۇرغان دوختۇرخانىلارنى قۇرۇش رىغبەتلەندۇرۇلىدۇ.

(9) بالدۇر توي قىلىشتەك ناچار ئادەتلەر چەكلىنىدۇ.

(10) يەرلىك تىۋىپلار تەكشۈرۈپ رەتلىنىدۇ.

سىياسىي ئىشلارنى ئەمەلگە قويۇش پىروگراممىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، رەئىس جاڭ جىجۇڭ، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەت ئەپەندىم ۋە بۇرھان ئەپەندىلەر نۇتۇق سۆزلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى گېزىتتە ئېلان قىلىنغانىدى. بۇ يەردە پەقەت ئەخمەتجاننىڭ سۆزىدىنلا ئۈزۈندى بەردۇق:

سىياسىي ئىشلارنى ئەمەلگە قويۇش پىروگراممىسىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئەمەلگە قويۇلۇشى بولۇپ، بۇنىڭدىن مەقسەت ئۆلكىمىزنى شادلىق، خۇشاللىق، گۈللىنىش تالىقىقا ئايلاندۇرۇشتۇر. ھازىر بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا بۈيۈك بىر ئىنقىلاب تۇرۇپتۇ. بۇ ئىنقىلاب مەدەنىيەت ئىنقىلابىدۇر. بۇ ئىنقىلاب مۇھىم ئىشتىكى ھەرقانداق ئىجتىمائىي ئىنقىلابلارغا نىسبەتەن قىيىنراقتۇر. ئۆلكىمىز ئوتتۇرا ئەسىرلىك دەۋردىن يېڭى بىر باسقۇچقا چىقىش مەزگىلىدە تۇرماقتا... بىزلەرنىڭ بىرلىكتە تىنچلىق بىلەن ئەمەلگە قويىدىغان مەدەنىي ئىنقىلابىمىز مۇشۇ تەستىقلانغان «سىياسىي ئىشلارنى ئەمەلگە قويۇش پىروگراممىسى» دۇر. شۇڭلاشقا، مەن ھەربىر ئەزالاردىن بىزنىڭ «سىياسىي ئىشلارنى ئەمەلگە قويۇش پىروگراممىمىز» نى بەكمۇ تېزلىك بىلەن تولۇق ۋە ھەقىقىي ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىمەن. مانا بۇ مېنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىم.

بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش شادلىقىغا چۆمگەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈمىدىنى مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن ھۆكۈمەت ئەزالىرىغا باغلىغانىدى. 1946 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شىنجاڭ تۇنجى قېتىم ئۆيۈشمىسى يۇ يۇرېن، جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەرنى ئۇرۇمچى شەنشى مەسچىتىگە تەكلىپ قىلىپ، زىيا-

پەت ئۆتكۈزۈپ تەبرىكلىدى. يۈ يۈرېن، جاڭ جىجۈڭ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار سۆزگە چىقتى. تۆۋەندىكىسى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 7 ـ ئاينىڭ 16ـ كۈنىدىكى سانىدا بېرىلگەن خەۋەر:

**تۈنۈگۈن ئۈيۈشمىسى تۈنۈگۈن تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يۈ يۈرېن قاتارلىقلارغا قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن زىياپەت بەردى ھەمدە مەڭگۈلۈك تىنچلىقنى تىلەپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش يىغىنى ئاچتى. تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يۈ يۈرېن سەممىي يوليورۇق بەردى. رەئىس جياڭ جىيشىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلارغا يوللىغان سالىمىنى يەتكۈزدى، قوشۇمچە شىنجاڭنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ بىلەن مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى نۇتۇق سۆزلەپ، خەلقنىڭ چاكىرى بولۇشقا رازى ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈشتى.**

(«شىنجاڭ گېزىتى» جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى)

(گېزىتىمىز خەۋىرى) تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تە تۈڭگان مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۈيۈشمىسى 23 مەسچىتتىكى ۋە ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا كەلگەن 100 دىن ئوشۇق دىنىي قېرىندىشىمىز بىلەن بىرلىكتە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يۈ يۈرېن، شىنجاڭنىڭ قوشۇمچە رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىغا زىياپەت بەردى ھەمدە تەپتىش مەھكىمە باشلىقى يۈ يۈرېن، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ قوشۇمچە رەئىسى جاڭ جىجۇڭ، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىشى مەسئۇت، گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ مۇدىر ئەزاسى چېن، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان ۋە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزالىرى بولۇپ 30 نەچچە ئادەم قاتناشقان يىغىندا مەڭگۈلۈك تىنچلىققا ئاتاپ دۇئا ـ تىلاۋەت ئۆتكۈزدى، ئالدى بىلەن مالياڭجۇن ئاخۇنۇم دۇئا ـ تىلاۋەت مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، يۈ يۈرېن يۈەنجاڭنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. يۈ يۈرېن يۈەنجاڭ قىسقىچە سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن ھەرقايسىڭلارنى يوقلىشىم كېرەك

ئىدى، ئەكسىچە سىلەر زىياپەت ئۆتكۈزۈپ زىياپەتكە تەكلىپ
قىلىپسىلەر. بۇنداق قارشى ئېلىشقا لايىق ئەمەسمەن. شىنجاڭ
ۋەزىيىتىنىڭ ياخشىلىنىشقا قاراپ بۇرۇلغانلىقى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك
هۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن مەركەز مېنى
بۇ يەرگە ئەۋەتتى. بۇنىڭغا ئالاھەت خۇشال بولدۇم. بۇياققا
مېڭىش ئالدىدا جياڭ جۇشى قايتا ـ قايتا تاپىلاپ، شىنجاڭدىكى
قېرىنداشلار كۆپ يىللاردىن بۇيان جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە
ياشاپ كەلدى، بۇنىڭغا ناھايىتى خىجىلمەن، ماڭا ۋاكالىتەن
ئۇلاردىن هال ـ ئەھۋال سوراڭ، دېدى. ئەمەلىيەتتە ئىچكىرى-
دىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەر نەچچە يىلدىن بۇيان مىلىتارىستلار-
نىڭ، ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچرىغاچقا
شىنجاڭغا كۆڭۈل بۆلەلمەي قالدى، بۇ جياڭ جۇشى خىجىل
بولىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ مېنىڭمۇ كۆڭ-
لۈم ئارام تاپقاندەك بولۇپ قالدى. جاڭ جىجۇڭ جۇشىنىڭ شىن-
جاڭغا كېلىشى جياڭ جۇشىنىڭ يولىيورۇقىدىن بولغان، جياڭ
جۇشىنىڭ ئۇلۇغ روھىنى جارى قىلدۇرغاندا، شىنجاڭنىڭ ئىس-
تىقبالى مەڭگۈ تىنچ بولىدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرى تىنچلىق، بىر-
لىك، خەلقچىللىق، ئىتتىپاقلىق ئۈلگىسى بولۇشى كېرەك، مەم-
لىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى بىردەك غەربىي شىمالغا كۆ-
ڭۈل بۆلۈشى، غەربىي شىمالدىكى قېرىنداشلىرىمىز مەملىكىتى-
مىزنىڭ ھەربىر بۆلۈك ـ پۇچقاقلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك.
پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ
يىللاردىن بۇيان بىر تۇغقان قېرىنداشتەك ئۆتكىنىگە ئوخشاش،
زۇڭلى ئاتىمىزنىڭ ‹دۇنيا خەلققە مەنسۇپ› دېگەن روھى بو-
يىچە يېڭى جۇڭگو قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. ئاخىرىدا يېڭى
جۇڭگو قۇرۇپ چىقىشىمىز ھەممىمىزنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسى-
تىشىگە باغلىق».

زىياپەتتىن كېيىن جاڭ جۇشى سۆز قىلىپ: «ئۆلكىلىك
هۆكۈمەتتىكى خىزمەتداشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ خىز-
مەتكارى، ھەرقايسىڭلار بىزنىڭ خوجايىنىمىز. خوجايىنلارنىڭ
خىزمەتكارلارغا زىياپەت بېرىشى مېنى ۋە خىزمەتداشلىرىمنى نا-

هايىتى تەسىرلەندۈردى، بىز ناھايىتى شەرەپ ھېس قىلدۇق. خوجايىنلارنىڭ خىزمەتكارلارغا زىياپەت بېرىشىنىڭ ئەھمىيىتى ئەلۋەتتە يەنىلا بىزلەرنى خوجايىنلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ئىلھام بەرگىنى، مەن ۋە خىزمەتداشلىرىم خوجايىنلارنىڭ مۇددىئاسى بويىچە ئىش قىلىمىز، سىلەردەك خوجايىنلىرىمىزنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويمايمىز، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، ئۇمۇم ئۈچۈن، ھەققانىيەت ئۈچۈن، خوجايىنلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز، تىرىشىمىز، بۇ ھەقتە بۇ يەردە كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. مېنىڭ خوجايىنلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم شۇكى، بىزنىڭ كېلىشكەن مەڭگۈلۈك تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق، خەلقچىللىق، بىرلىك يولىدىكى ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشىمىز ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كۆرگەن ھەر خىل تەدبىرلەر ئۈستىدە خوجايىنلارنىڭ نارازەت قىلىپ تۇرۇشىنى، تەنقىد قىلىپ تۇرۇشىنى، ياردەم بېرىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. تىنچلىق گەرچە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىنكى مەڭگۈلۈك تىنچلىق، ئامان ـ ئېسەنلىك، شاد ـ خۇراملىق ئۈچۈن خوجايىنلار بىلەن خىزمەتكارلار ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۈگۈن خوجايىنلارنىڭ زىياپىتىگە قاتنىشىپ تەسىرلەنگىنىمدىن باشقا، خەلقچىللىق ئاساسىدا تەشكىللەنگەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى نارازەت قىلىپ تۇرۇشۇڭلارنى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ تۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان سۆز قىلىپ: «تۈگەن مەدەنىيەت ئاقارتىش باش ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋە مۇسۇلمان مەسچىتلىرىنىڭ زىياپەت قىلىپ كۈتۈۋېلىشىنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور، مەن جاڭ جۇشىنىڭ پىكرىگە تولۇق قوشۇلىمەن. ھەربىر ھۆكۈمەت ئەزاسىنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتكە كېلىپ، ۋەزىپىلەرنى بىرلىكتە ئورۇندىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. ئاخىردا ما لياڭجۈن ئاخۇنۇم سۆز قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن گۇلدۇراس چاۋاكلار ئىچىدە تارقىلىشتى.

445

(يەنە بىر خەۋەر) يۇ يۇەنجاڭ تۇڭگانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ
قارشى ئېلىش زىياپىتىدىن چىقىپ، ناھايىتى خۇشال بولۇپ،
ماشىنىغا چۈشۈپ شىگۇڭيۇەن دېگەن باغچىغا كېلىپ، بۇلاق بو-
يىدىكى چىمەنلىكتە ئۇزاق مېڭىپ يۈردى، پەقەت كۈن ئولتۇر-
غاندىلا قايتىپ كەتتى.

7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۆرۈمچى بىلەن
ئۈچ ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدىكى يول خېتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى بىـ-
كار قىلىش، بارلىق يوللارنى ئېچىۋېتىش، قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈشنى ئېلان قىلدى.
بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن پۈتۈن شىنجاڭدا مىسلى-
سىز ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئېزىلگۈچى خەلق ئارزۇ قىلىپ كەلگەن كۈن-
لەر يېتىپ كەلدى. ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە يول قويۇۋاتقاندەك قىلات-
تى. ئۆرۈمچىنىڭ كوچىلىرىدا مىللىي ئارمىيە فورمىلىرىنى كىيگەن
جەڭچىلەرمۇ ئاندا ـ مۇندا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. كىشىلەر بۇنداق «غەل-
تە» فورما كىيگەن جەڭچىلەرنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قىلىشاتتى، ھەتتا
كىچىك باللار بۇنداق كىيىم كىيگەن ھەربىيلەرگە قىزىقىپ كەينىگە
كىرىۋالاتتى.
بۇ ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىرەر ئىش تۇغۇلۇپ ئومۇمىي ۋەزى-
يەتكە تەسىر يېتىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قېنى قىزىپ
تۇرغان ياشلارغا تەربىيە ۋە چۈشەنچە بېرىشكە تېخىمۇ دىققەت قىلدى.
لېكىن جەمئىيەتتە ھەر خىل پىكىرلەرمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئايرىم
كىشىلەر تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغانلىقىنى تازا توغرا چۈشىنەلمەي،
دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى سوغۇققانلىق بىلەن تەھلىل قىلالمايۋاتاتتى...
بۇنداق ئەھۋالدا كىشىلەرگە سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پى-
روگراممىسى بىلەن تىنچلىق بىتىمىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈش ۋە
ئۇلارنى قايىل قىلىش، شۈبھىسىزكى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىن-
تايىن مۇھىم بىر ۋەزىپىسى بولۇپ قالغانىدى.
1946 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئەپەندىم ئۆرۈمچى ئاققوۋۇق-
نىڭ غەربىي جەنۇب بۇرجىكىدىكى مال بازىرى ئىچىگە جايلاشقان ئۇيغۇر

ئۈيۈشمىسى كۇلۇبىدا، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى ياشلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە شۇ مەيداندا نۇتۇق سۆزلىدى. «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى شۇ كۈندىكى پائالىيەتنى خەۋەر قىلىپ، ئەپەندىمنىڭ سۆزىنى تولۇق تېكىستى بىلەن ئېلان قىلدى:

مۆھتەرەم قېرىنداشلار!

*6* ـ ئىيۇندىكى گېزىتىمىزدە پۈتۈن ئۆلكە خەلق ۋەكىللىرى بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن بىتىم ئېلان قىلىندى. *1* ـ ئىيۇل كۈنى بىتىمگە ئاساسەن يېڭىدىن قۇرۇلغان ھۆكۈمەت رەسمىي ئىشقا كىرىشتى ھەم شۇ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى خەلققە قارىتا مۇراجىئەت چىقاردى. ئۇنىڭ مۇراجىئەتلىرى تۆۋەندىكىچە: «جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇقىنى ئالغا سۈرۈش، دۆلەت بىرلىكىنى مۇھاپىزەت قىلىش، خەلقچىل سىياسەتنى ئەمەلگە قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش.» بۇ تۆت جۈملە سۆز مەلۇم بىر كىشىنىڭ ياكى مىللەتنىڭ تەلىپى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەربىر خەلقنىڭ ئومۇمىي بىرلىكتە تاشلىغان تەلىپىدۇر. مەن بۇ سورۇندا ئومۇمغا خىزمەت قىلىش ئورنىدا تۇرۇپ، ساداقەتلىك بىلەن پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە خىزمەت قىلىمەن.

بىز ئەمدى تىنچ، باراۋەرلەشكەن، خەلقچىل ۋە ئىتتىپاقلاشقان شىنجاڭنىڭ يېڭى تارىخىنى بەجا كەلتۈرەيلى. تىنچ، بىرلەشكەن، خەلقچىل ۋە ئىتتىپاقلاشقان تارىخنى ئەبەدىيلەشتۈرەيلى!

شۇ كۈنى جارى قىلىنغان مۇراجىئىتىمىزدە «بىز ھەم بىرلىك، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە خەلقچىللىق سىياسىتىنى پۈتۈن ئۆلكىمىز بويىچە ئەمەلگە قويۇش ئاساسىدا بىرلىك ۋە تىنچلىققا كەلدۇق» دېگەن. پۈتۈن خەلققە جارى قىلىنغان بىتىم ۋە مۇراجىئەتلەردە ئۆلكىمىزنىڭ خىزمەتلىرى ئوچۇق بەلگىلەندى.

ھازىر پۈتۈن ئۆلكىمىزدىكى خەلقىمىز زور ھادىسىلەر ئالدىدا تۇرماقتا. ئەمدى پۈتۈن ئۆلكىمىز بويىچە تولۇق سۈرئەتتە

خەلقچىللىق سىياستى يۈرگۈزمەكچى. خەلقىمىزنىڭ ئۆز تەقدىرلىرى ئۆز قوللىرىغا تاپشۇرۇلماقچى. خەلقىمىز ئۈچۈن پارىخور، قىمارۋاز، خەلق مەنپەئەتىگە كۆز يۇمغۇچى يارىماس ئەمەلدارلارنىڭ سىرلىرىنى مەجلىسلەردە، سۆز ـ نۇتۇقلاردا، مەتبەئە يۈزىدە پاش قىلىپ، ئۇلارنى ئورنىدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىزلىرىغا ئۆزلىرى سۆيگەن، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئولتۇرغان ئورنىنى «مەنسەپ» دەپ يۈرمەي، خەلق تەرەپتىن يۈكلەنگەن ۋەزىپە، خىزمەت دەپ تونۇيدىغان سادىق كىشىلەردىن سايلاش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنىڭغا بىتىمدىكى «سۆزدە ئەركىنلىك، مەتبۇئاتتا ھۆرلۈك، سودىدا ئىختىيارلىق، دىندا ئەركىنلىك ۋە ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇماقلىق» قا ئوخشاش ھوقۇقلار قوشۇلسا ۋە خەلق شۇ ھوقۇققا تامامەن ئىگە بولسا، ئۆلكىمىزدە ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى تاماملىنىپ، يېڭى زامان تارىخى باشلانغان بولىدۇ. خەلقىمىزگە بىتىمدە پۈتۈلگەن ھوقۇقلار تولۇق بېرىلسە، ياۋروپالىقلارنىڭ ۋە ئامېرىكا قوشما ئىشتاتىدىكىلەرنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىنقىلاب قىلىپ ئالغان ھوقۇقلىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىزنىڭ قولىمىزغىمۇ كېلىدۇ. بۇ ھوقۇقلارنىڭ خەلق قولىغا بېرىلىشىگە رازى بولمىغانلار يوق دەپ ئېيتالايمىزمۇ؟ ياق! ھېلىغۇ بۇ بىزنىڭ ئۆلكىمىزدىكەن، ھەتتا پۈتۈن دۇنيادا ھەم خەلقچىللىققا قارشى نىيەتلىك تامامەن تۈگەپ كەتمىگەنلىكىنى ئىنكار قىلالمايمىز. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا فاشىزم مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، خەلقچىل سىياسەت غالىب بولدى. تەرەققىيات تەرەپدارلىرى غالىبىيەت قازاندى.

ھازىرقى زامان تەرەققىياتىغا قارىغاندا فاشىزم تۈزۈمىدىكى مەملىكەتلەرنىڭ دۇنيادا قالماسلىقى كېرەك ئىدى.

ۋاھالەنكى، بەختىمىزگە قارشى ئايرىم دۆلەتلەردە تا شۇ كۈنگىچە فاشىستىك تۈزۈم ساقلىنىپ كەلمەكتە ۋە ئۇنى ھىمايە قىلغۇچىلار كۆزگە كۆرۈنمەكتە. خۇددى شۇنىڭدەك بىزنىڭ ئۆلكىمىزدىمۇ مۇستەبىتچىلىك قارا سىياسەتنى ياقلىغۇچىلار يوق ئەمەس، بار.

ئۇلار بىتىمدىكى ماددىلارغا نارازى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلگە ئاشى-

ماسلىقنى خالايدۇ. ئۇلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن خەلقچىللىق سىياستىگە يولنى كەڭ ئېچىپ بېرىپ، سەھنىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ، دەپ ئويلامسىلەر؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار ھەرقانداق بىر يول بىلەن بولمىسۇن، مۇستەبىت قارا سىياسەتنى ساقلاپ قېلىپ، يەنە ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىشنى ئىستەيدۇ ۋە ئىجرا قىلماق ئۈچۈن يېڭى پىلان قۇرۇپ ئولتۇرمايدۇ. نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى قانچىلىغان تەجرىبە ۋە سىناقلاردىن ئۆتكۈزگەن مەلۇم يوللىرى بار، بەلگىلىك پىلانلىرى بار. ئۇلار شۇ بويىچە ئىش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ پىلان جاھانگىرلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارىتا تۇتقان بۆلگۈنچىلىك سىياستىدىن، يەنى خەلقلەرنى بۆلۈپ پارچىلاپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت.

ھازىر خەلقىمىزنىڭ قالاق قىسمى ئاسارەت زەنجىرلىرىدىن بوشىنالمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ، بېرىلگەن ھوقۇقلارنى چەكلەش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى پارچە - پۇرات ئىشلارغا جەلپ قىلماقتا. بۇنىڭدىكى مەقسەت شۇ ھەرىكەتلەر بىلەن ئەرزىمەس، كۆڭۈلسىز ۋەقەلەرنى تۇغدۇرۇپ، مىللەتلەر ئارىسىغا زىددىيەت سېلىش بىلەن پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ، قالايمىقانچىلىقلار پەيدا قىلىپ، ئۇنى دەلىل - ئىسپات قىلىپ تۇرۇپ، مۇمكىنقەدەر ئۆلكىمىزدە قارا سىياسەتنى ساقلاپ قېلىشتۇر.

بۇنىڭدا مىسال ئاز دەپ ئانچىمۇ يىراققا كەتمەيمىز. پەقەت يېقىنقى بىرنەچچە كۈننىڭ ئىچىدىلا شەھىرىمىزدە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر ئۇنىڭغا يېتەرلىك مىسال.

يېقىندا بىر لۈكچەك بىر كىشىگە پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. خەنزۇلارغا تەگكەن بىرمۇنچە خوتۇنلارنى مەسچىتكە يىغىۋېلىپ، باشقا ئەرلەرگە بەرمەكچى بولۇپتۇ. ئەسلىدە بىزنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىمىز شۇ ئىدىمۇ؟ بىلىشىمىز كېرەككى، بۇ ئىستىبدات تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن قىلىنغان ھەرىكەت، بىزنىڭ مەقسىتىمىز بۇ ئەمەس. بىزنىڭ ئالدىمىزدا زور ۋەزىپىلەر تۇرۇپتۇ، بىزنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرىمىز بار، ئۇ بولسا تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش، ئىستىبداتلىق سىياسەتنىڭ ئورنىغا خەلقچىل سىيا-

سەت ئورنىتىش. بىزنىڭ ئالدىمىزدا شۇنداق مەقسەت ۋە ۋەزىپىلەر تۇرغاندا بىز پارچە ـ پۇرات ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىپ ئولتۇرساق ياخشى بولامدۇ؟ ئەگەر بىتىمدە كۆرستىلگەن ھوقۇقلار خەلق قولىغا تولۇق بېرىلسە بىزگە شۇ كۇپايە قىلىدۇ. ئۇ ھوقۇقلار تامامەن بىزگە بېرىلسە، مۇختارىيات ئالغان بولىمىز ۋە ھەرقاچان ئەركىن بولىمىز.

بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزمۇ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت. بىر مىللەتنىڭ ئۈستىدىن ئىككىنچى بىر مىللەتنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن ھەرىكەت. بۇ باشقا مىللەتلەر بىلەن باباراۋەر ياشايلى دېمەكتىن ئىبارەت. بىز بۇ ئىنقىلابىمىزنى «مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ئىنقىلابى» دەيمىز. دىنىمىز ھەربىر مىللەتنىڭ ئۈستىدىن ئىككىنچى بىر مىللەتنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە يول قويمايدۇ. ئۇ ھەم بىرلىكنى تىلەيدۇ. بىز پەقەت ئىسلام دىنىمىزنىڭ شۇ تىلىكى بويىچە ئىش ئېلىپ باردۇق.

كۆپچىلىك بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ:

— سىزلەردە سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي پىلانلار بارمۇ؟ — دەپ سورايدۇ ۋە سورىدى. بىز ئۇلارغا:

— بار، — دەپ جاۋاب بەردۇق.

— بار بولسا ئۇنى بىزگىمۇ ئاستىراق ئۇقتۇرۇپ قويساڭلار، بىز ھەم شۇ پىلان بىلەن ئىش ئېلىپ بارساق، — دېدى. بىز دېدۇق:

— ياق، ئېيتساق ئاستا ئېيتمايمىز، ۋارقىراپ ئېيتىمىز. سىياسىي پىلانىمىز بولسا، ئۆلكىمىزدە خەلقچىل سىياسەتنى يۈرگۈزۈش. ئىجتىمائىي پىلانىمىز بولسا، جەمئىيىتىمىزدە ياشىغان ھەرقانداق مىللەتلەر ئۆزى خالىغانچە ئىشلىشىگە ئەركىنلىك بېرىش. ئەمدى ئىقتىسادىي پىلانىمىز بولسا، سودىگەرلەر باي بولۇپ، فابرىكا ـ زاۋۇتلار قۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشى توق بولسۇن، دەيمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشكارا پىلانلار، بىزنىڭ بۇنىڭدىن باشقا مەخپىي پىلانىمىز يوق.

— سىزلەردە مەخپىي تەشكىلات بارمۇ؟

— ھەئە، بىزدە بار.

— تەشكىلاتىڭىزنىڭ پىروگراممىسى بارمۇ؟

— بار.
— ئۇستاب (نىزامنامە) بارمۇ؟
— ئۇستاب ھەم بار.
— بولمىسا بىزگە شۇنى بەرسەڭلار، بىزمۇ پايدىلانساق.
لېكىن، بىز ئۇلارغا:
— بىزنىڭ پارتىيەمىز ناھايىتى چوڭ، ئاشكارا پارتىيە، «ئىنقىلابىي خەلق پارتىيەسى»، ئۇنىڭ ئەزالىرى ئۇچ - تۆت مىليونغا يېتىدۇ. پۈتۈن ئۆلكىمىزدىكى خەلقچىل تەرەپدارلىرىنىڭ ھەممىسى پارتىيەمىزنىڭ ئەزاسى، دېمەك، پۈتۈن خەلقىمىز پارتىيە ئەزالىرىدۇر. ئۇنىڭ پىروگراممىسى بىتىمنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر. مەقسىتى پۈتۈن ئۆلكىمىزدە خەلقچىللىق سىياسەتنى راۋاجلاندۇرۇش، مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. ئەگەر خەلقىمىزنىڭ سۆيگەن كىشىلىرىدىن ئەمەلدار سايلىسا، ئۇلار ئۇنى «مەنسەپ» دېمەي، خەلق تەرىپىدىن يۈكلەنگەن ۋەزىپە دەپ تونۇپ، پارتىيەمىزنىڭ ئۇستابىغا بويسۇنغان بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردۇق.
دېمەك، بىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىلىرىمىز مانا شۇ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئېتتىپاقىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت.
ئۇنىڭدىن باشقا، پارتىيە - تەشكىلات قۇرغۇچىلار، مىللەتلەرنى بىر - بىرىگە زىت قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دوستىمىز ئەمەس، دۈشمىنىمىز. بىزنىڭ پارتىيەمىز ئەزالىرى ئۆلكىمىزدىكى پۈتۈن خەلق. ئەلۋەتتە ئۇلارنى رەھبەر دەپ تونۇشىمىز لازىم.
بىز خەلقىمىزنى ھەممىسىگە رەھبەر دەپ ئېيتىمىز. خەلق ھۆرلۈك يولىدا كېتىپ بارىدىكەن، ئۇسسىغان يەردە چاي سۇنىسۇن، ھارغان يەردە نان بەرسۇن، دەپ كىشىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويىدۇ. خەلقنىڭ تىلىكى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇسسۇلۇق يەتكۈزۈپ بەرگەنلەر رەھبەر بولالايدۇ، يەتكۈزۈپ بېرەلمىگەنلەر ھېچقاچان خەلققە رەھبەر بولالمايدۇ.
قاتتىق بوران چىققاندا، بىر پاشا قونىدىغان جاي تاپالماي، بىر بۈيىنىڭ تۈۋىگە قونۇۋاپتۇ. بوران توختىغاندىن كېيىن بۈيىغا: «مەن سېنى ساقلاپ قالدىم، بولمىسا سېنى يىلتىزىڭ بى-

لەن قومۇرۇۋېتەتتى» دەپتۇ.

ھالبۇكى، بوراندىن قېچىپ، بۇيا بىلەن ئۆزىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى بىلمەي چوڭچىلىق قىلسا، خەلق ۋەكىلى بولالمايدۇ. خەلق ۋاقتى كەلسە ئۇنى ئاغدۇرۇۋېتەلەيدۇ (زالدا داۋاملىق كۈلكە). بىز بۇنداق خەلق ۋەكىلى بولۇشنى خالىمايمىز. بىز ھەممە ئىشلىرىمىزنى ئالدىڭلارغا تاشلاپ قويىمىز، سىزلەرگە مەلۇمات بېرىپ، بىز ئۇنى ئىجرا قىلىمىز. ماقۇل بولمىسا، خەلقنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش يۈرگۈزىمىز (ئۇستى ـ ئۇستىگە چېلىنغان چاۋاكلار).

ھەر يەرلەردىن كەلگەن ھۆكۈمەت ئەزالىرىدا كەمچىلىك يوق، دەپ ئېيتالمايمىز، بۇ ھەقتە بىزلەر خەلقنىڭ كۈتكەن تەلەكلىرىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدا بىرىنچىدىن، سىزلەر بىلەن ئۆز لايىقىدا ئالاقە قىلالمىدۇق. ئىككىنچىدىن، بىزنىڭ ئولتۇرۇشلۇق جايىمىز قولايلىق ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن سىزلەر بىلەن ئالاھىدە كۆرۈشۈپ مۇزاكىرىلەر ئۆتكۈزەلمىدۇق. بۇ بىزنىڭ ئۇستىمىزدىكى ئەيىب. بۇنىڭغا ھەربىرىڭىزلەردىن ئەپۇ سورايمەن. ئالدىمىزغا كەلگەن كىشلەرنى تېگىشلىك سىلىقلىق بىلەن قارشى ئالالماي ۋە قاتتىقلىق قىلغان ۋاقىتلىرىمىز بولغاندۇر. دوست يىغلىتىپ ئېيتۇر، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ ئېيتۇر دېگەندەك، ئۇنى ھەم ئېغىر ئالماسلىقىڭىزلارنى سورايمىز (چاۋاك ئۇستىگە چاۋاك). بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىز خەلق كۆرسەتكەن يولدا ماڭمىسا، ئۇنى پاش قىلىپ ئورنىدىن چۈشۈرۈشىمىز لازىم.

(1) ئەمەلىيەتنى كۆزلىمىگەنلەر بولسا، مەتبۇئاتتا، مەجلىسلەردە تەنقىد قىلىپ، ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا كىرىشىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ نىشانىمىز خەلق بەرگەن ھوقۇقىمىزدىن تولۇق پايدىلىنىپ، بىتىمنى تولۇقى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر.

(2) پىتنە ـ ئىغۋالارغا يول قويماي، ئىتتىپاقلىقنى تەمىن قىلىش.

(3) ئەمەلدە ھەقىقىي مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ۋە مىللىي مائارىپىنى كۆتۈرۈش كېرەك. ئۇلاردىن ئىلمىي تېخنىك كادىرلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەك. شۇ چاغدىلا ھەقىقىي مىللەتلەر

باراۋەرلىكنى تەمىن ئەتكەن بولىمىز.

بۇنىڭغا بىرىنچى قەدەم پۈتۈن ۋىلايەتلەردە مەمۇرىي ئىدارىلەرگە ھەممە مىللەت ۋەكىللىرىدىن كىرگۈزۈشىمىز لازىم. ئالدىمىزدا مۇرەككەپ قىيىن خىزمەتلەر قالغان بولسىمۇ، قىيىنچىلىقلاردىن قورقۇپ تۇرىمىزمۇ ياكى ئۇنىڭغا بوي بېرىمىزمۇ؟ بۇنىڭغا پەقەت ئىككىلا يول بار. پۈتۈن قىيىنچىلىقلارغا بوي بەرمەي، قىيىنچىلىقلار بىلەن كۈرىشىمىز. ئەگەر بۇ قىيىنچىلىقلاردىن يېڭىلسەك، يەنە بۇرۇنقىدەك ياشايمىز. بىزنىڭ ئاخىرقى ئۆتۈنۈشىمىز شۇكى، ھەرقانداق پىتنە ـ ئىغۋاغا قۇلاق سالماي مەيدانغا چىقىرىپ قويغان ۋەكىللىرىڭلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىڭلار. ئەگەر بىز سىلەرنىڭ ئارزۇيۇڭلارغا يارىشا ئىش ئېلىپ بارمىساق، بىزنى تەنقىد قىلىڭلار. يېڭىلىش يولغا كىرگەن بولساق، توغرا يولغا سېلىپ قويۇڭلار. بىز ھەرگىز خەلق كۆرسەتكەن يولدىن قىلچە چەتكە چىقمايمىز (يەنە قىزغىن چاۋاكلار).

ئىنسانىيەت تارىخىدا جەمئىيەت تەرەققىياتىنى توختىتىش ئۈچۈن كۆپ كۈرەشلەر بولدى. لېكىن، ھەر دائىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزاقتىن مىسال ئىزدەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. دۇنيادا تېخنىكا جەھەتتىن ئەڭ كۈچلۈك بولغان، پۈتۈن ياۋروپا بايلىقىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرگەن فاشىزم گېرمانىيەسى ۋاقىتلىق غالىبىيەت قازانغان بولسىمۇ، ئاخىر دۇنيا تارىخىدا كۆرۈلمىگەن رەسۋاچىلىق بىلەن مەغلۇپ بولدى. بۇ مىسال مۇستەبىتلىك سىياسىتىنى ياقىلىغۇچى بىرمۇنچە مۇتەئەسسىپ ئۇنسۇرلار ئۈچۈن تەنبىھ بولالايدۇ (زالدا قىزغىن چاۋاكلار).

مىش ـ مىش خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇستەبىت قارا سىياسەتنى ۋە ئىستىبدات ھاكىمىيەتنى ياقىلىغۇچى مۇتەئەسسىپ ئۇنسۇرلارنىڭ زەنجىرلىرىگە باغلانغان ئىتلىرى، ھاۋشىپ يۈرگەن ئايرىم شەخسلەر بار بولسا كېرەك. ئەنە ئۇلار خەلقىمىزنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىدۇر. ئۇلار دۇنيا تارىخىدىن ساۋاق ئالسۇن، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ھېچقانداق توسقۇنلۇق قىلالماسلىقلىرىنى ياخشى بىلسۇن. دۈشمەنلەر

قانداق ھەرىكەت قىلمىسۇن، ئاخىر مەغلۇپ بولغۇسى. ئۆلكىمىزدە جەزمەن خەلقچىللىق، ھۆر، بەختىيار تۇرمۇش ئەمەلگە ئاشقۇسى (زالدا داۋاملىق چاۋاك).

ئەبەدىي ياشىسۇن ئۆلكىمىزدە خەلقچىللىق سىياستى!

ئەبەدىي كۆتۈرۈلسۇن ئۆلكىمىزدىن مۇستەبىت سىياسەت، ئىستىبدات ھاكىمىيەت!

يوقالسۇن مۇستەبىتچىلىكنى ياقلىغۇچى ئىستىبدات تەرەپدارلىرى!

ياشىسۇن مىللەتلەر باراۋەرلىكى!

ياشىسۇن ئۆلكە خەلقىنىڭ پارلاق ئىستىقبالى!

(زالدا قىزغىن چاۋاكلار)

شۇ ئارىلىقتا ئەپەندىم گۇچۇڭ ياشلىرىدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى ۋە كېچىلەپ ئولتۇرۇپ گۇچۇڭ ياشلىرىغا جاۋاب خەت يازدى. خەتنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىدەك:

گۇچۇڭ ياشلىرىغا:

گۇچۇڭ ناھىيەسىدىكى سىز ياشلارنىڭ ئەۋەتكەن بىر پارچە ئوچۇق خېتىڭىزلارنى ۋەكىلىڭىز xxx ئەپەندى ئارقىلىق تاپشۇرۇۋالدۇق.

ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىكى پۈتۈن دىنداش، قانداش جىگەرلىرىڭىزنىڭ زۇلۇمغا، ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە قارشى كۆتۈرگەن قوزغىلاڭ ھەرىكىتى بۈگۈنكى كۈندە تىنچلىق بىلەن ھەل بولۇپ، زېمىنىمىزدا يېڭى تەرتىپ ۋە ھەقىقىي خەلقچىل ھۆكۈمەت مەيدانغا كەلدى. سىزلەرنىڭ بۇنىڭدىن دەرھال خەۋەر تېپىپ، ئۆزىڭىزلەرنىڭ بىر نىيەت، بىر مەسلەك مەيداندا تۇرۇپ، ئەۋەتكەن خېتىڭىزلار ئۈچۈن سىزلەرگە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن رايونلاردىكى بارلىق قېرىنداش ۋە جىگەرلىرىڭىز نامىدىن كۆپ تەشەككۈر بىلدۈرىمىز.

سىز ياشلارنىڭ بىزگە يوللىغان بىر پارچە ئوچۇق خېتىڭىز-

لەردە ناھىيەڭىزلەردە ھازىرقى يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللارنى ئىزھار قىلىش بىلەن يولىيورۇق سورىغانىكەنسىلەر.

ھەقىقەتتە جەمئىيەت ئىچىدىكى تۈرلۈك بولمىغۇر، يەنى ئاممىغا زىيان كەلتۈرىدىغان زىيانداش ئەمەلدارلارنىڭ زىياندىش ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلىش، ئۇنداقلارغا جەمئىيىتىمىزدە ئورۇن بەرمەسلىك خەلقچىللىق سىياسىتىنىڭ ئاساسىدۇر.

دېمەك، سىز ياشلارنىڭ ناھىيەڭىزلەردە ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللارنى تارتىنماستىن ئوچۇق پاش قىلىپ كۆرسەتكىنىڭىز مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن بولغان بىتىمنىڭ خەلقىمىز سۆزدە، مەتبۇئاتتا ئەركىن دېگەن ماددىسىنى تولۇق چۈشەنگىنىڭىزلەرنى كۆرسىتىدۇ.

يازمىش خېتىڭىزلارنىڭ ئاخىرىدا «خەلقنى ئويغىتىش، تەلىم بېرىش، تەشۋىق قىلىشتا بىز ياشلارغا يولىيورۇق ۋە ياردەم قىلىشىڭىزنى سەممىي قەلبىمىز بىلەن قارشى ئالىمىز ۋە قانداقلا خىزمەت تاپشۇرسىڭىز جان ـ دىل بىلەن بېجىرىشكە تەييارمىز» دەپ ۋەدە بەرگەنىكەنسىزلەر. سىزلەرنىڭ ھازىرقى مەيداندا تۇرۇپ بەرگەن بۇ ۋەدىڭىزلەرگە يەنە ئايرىم تەشەككۈر بايان قىلىمىز. ياشلار زاماننىڭ گۈلى، كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى، تارىخ سىزلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

پۈتۈن دۇنيادا مۇستەبىت سىياسەت مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، خەلقچىللىق سىياسەت غالىب بولۇشى چوقۇم. مۇتەئەسسىپ ئۇنسۇرلار سىزلەرنىڭ يوللىرىڭىزلاردا ھەرگىز توسقۇن بولالمايدۇ. مىللىتىمىزنىڭ مۇنقەرز بولماسلىقى ئۈچۈن دىنىمىزنى ساقلاش ۋە ھۆرمەت قىلىش كېرەك. قېرىلىرىمىزنىڭ تەجرىبىسى ۋە سىزلەرنىڭ ئىلغار پىكىرلىرىڭىزنىڭ دەۋرلىك بىرلەشكەن كۈچى بولۇش كېرەك.

ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى ئىلىم ھەم بىلىمدۇر.

يېڭى زاماننىڭ ئىلمى ھەم بىلىمى بىلەن قوراللانسىڭىزلەر ئەنە شۇ ۋاقىتتا بىز تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمىز.

ئۆلكىمىزدىكى بارلىق خەلقىمىزنىڭ، خۇسۇسەن زىيالىي ياشلىرىمىزنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ بۈيۈك ۋەزىپىسى: مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن قول قويۇشقان *11* ماد-

دىدىن ئىبارەت بىتىمنى ھىمايە قىلىش، بىتىم بويىچە ئىشلەشتىن ئىبارەتتۇر. بىزنىڭ ئىشلەش نىشانىمىز، تەشۋىقىي قورالىمىز ئە-نە شۇ بىتىمدۇر.

مەخسۇس يىغىندىكى پىكىر ۋە ئەھۋاللىرىمىزغا بىتىمنىڭ ھەربىر ماددىسى تولۇق جاۋاب بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ياشلارنىڭ بىرلىك ئىتتىپاقتا بىتىمدە كۆرسىتىلگەن ماددىلارنى تولۇق ھىمايە قىلىش بىلەن ئىش ئېلىپ بارمىقىڭىز ھازىرقى خەلقچىل يېڭى ھۆكۈمىتىمىزنىڭ تەلىپىدۇر.

سىزلەرنىڭ ساغلام بەدەن بولۇشىڭىزلارنى تىلەپ:

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مۇئاۋىن رەئىسى: ئەخمەتجان قاسىمى

*1946* ـ يىل *7* ـ ئاينىڭ *23* ـ كۈنى.

شەھىرى ئۈرۈمچى

**بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئوقتۇرۇش چىقى-رىپ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنى تارقىتىۋېتىپ، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى-نى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. مۇشۇ مەقسەتتە، ئورگان گېزىتىدە «ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆز» دېگەن تېمىدا مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلىندى. ئۇ-نىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:**

خەلقىمىز ئىزچىل تۈردە ئەركىنلىك ۋە ئازادلىق ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىپ كەلدى.

*1944* ـ يىل *11* ـ ئاينىڭ *7* ـ كۈنى بىز مىللىي ئىنقىلاب كۈرىشىنى قوزغىدۇق، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي خەلقى مۇس-تەبىت ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە قارشى ئىنقىلابىي سەپنىڭ ئەترا-پىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ، شۇنىڭ بى-لەن پۈتۈن خەلقىمىزنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئاساس ياراتتى.

لېكىن، ۋەزىيەتنىڭ تەلىپى ۋە ھازىرقى ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ، ھۆكۈمىتىمىز ۋەقەنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشتىن ئىبارەت چوڭ ۋەزىيەتكە بويسۇنۇپ، مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن

ھەل قىلىشنى كۆزلەپ تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىدى. شۇنى كۆ-
رۈپ يەتتۇقكى، ئىككى يىل داۋام قىلغان كۈرەش ئارقىلىق بىز
نۇرغۇن نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېڭىباشتىن قۇرۇلۇشى تىنچلىق
بىتىمگە ئاساسەن خەلقنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقتا ئېرىشكەنلىكىنى
چۈشەندۈرىدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە خەلقنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى
ۋەزىپە ئۆتەيدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىلگىرى مائا-
رىپنىڭ سىرتىغا قېقىپ چىقىرىۋېتىلگەن، ئورگانلاردا خىزمەت قى-
لىشقا بولمايدىغان كىشىلەر ھازىر ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە ۋا-
لىي، ھاكىم بولالايدىغان بولدى. بۇ پاكىتلار بۇنى كۈچلۈك
تۈردە ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئاندىن قالسا، ھەربىي جەھەتتە،
گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قى-
سىمىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولدى، قىسىملىرىمىزدىن نەچچە
مىڭ كىشى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتكە
ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇلار بىزنى غايەت زور كاپالەتكە ئىگە
قىلدى.

*148* ـ سانلىق گېزىتكە بېسىلغان بىتىمدە خەلقىمىزگە
سايلام ھوقۇقى بېرىلىدىغانلىقى قەيت قىلىندى. بىز دىنىي ئېتى-
قادتا پۈتۈنلەي ئەركىنلىكىمىزگە، ھەرقايسى ئورگان، تار-
ماقلاردا ۋە مەمۇرىي ھۆججەتلەردە ئىككى خىل يېزىق قوللى-
نىش، مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش،
ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئۆز ئانا تىلىمىز بىلەن دەرس
ئۆتۈش، پۇقرالارنىڭ نەشر قىلىش ۋە پىكىر بايان قىلىش ئەر-
كىنلىكى قاتارلىقلارغا ئىگە بولدۇق. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى
بىز قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ كۈچلۈك
دەلىلى. بىزنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز بۇلا ئە-
مەس، يەنە باج نىسبىتى خەلقنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش
ئىقتىدارىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ، سودىگەرلەرگە مەملىكەت ئىچى
ۋە سىرتىدا سودا قىلىش ئەركىنلىكى بېرىلىدۇ، ھۆكۈمەتتە ھۆ-
كۈمەت ئەزالىرىنىڭ سانى كۆپەيتىلىدۇ، مىللىي ئارمىيە تەشكىل
قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ، دېگەن ھوقۇقلار بېرىلدى. قاراڭغۇ
زەي زىندانلاردا كۆپ يىللاردىن بۇيان ئازاب چېكىۋاتقان مەھ-

بۇسلار قويۇپ بېرىلىدىغان بولدى ۋە باشقىلار. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەردۇر.

ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي خەلقلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ، زىممىسىگە ئالغان ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن قالتىس تۆھپىلەرنى كۆرسەتكەندى. ئىدارە، جەمئىيەتلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، خەلققە توغرا رەھبەرلىك قىلىپ مەمۇرىي ۋە ئىجتىمائىيەتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئورۇنلىغانىدى. ھازىر ئۈچ ۋىلايەتتىكى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى ئۇنىڭ كۈچلۈك بىر دەلىلى.

قىسقىسى، مىللىي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى بىزنىڭ پارلاق كېلەچىكىمىز ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى.

بىز تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىدۇق.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تەرتىپ بويىچە بىز ئىلگىرىكى ھۆكۈمىتىمىزنى تارقىتىۋېتىمىز.

7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى 324 ـ نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ، ئىدارە خادىملىرىنى يېڭىباشتىن تەيىنلەپ، خىزمەت ئورۇنلىرىنى تەڭشىدى. قارار مۇنداق:

ھۆكۈمەتنىڭ تارقىتىلغانلىقى، خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ تەڭشەلگەنلىكى، گېزىتىمىز نامىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاممىغا تۆۋەندىكى پىكرىمىزنى ئېلان قىلىمىز:

1. ھازىر يېڭىباشتىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىگە لايىق كىشىلەر كىرگۈزۈلگەنلىكتىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئىدارە قىلىشتا خەلقىمىزنىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجلىرىنى ھېسابقا ئېلىپ، خەلقچىللىق يولىدا ئىش ئېلىپ بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز. چۈنكى، خەلقىمىزنىڭ مىللىي ئىنقىلابىي سەپنى تەشكىل قىلىپ، ئالدىغا قويغان مەقسىتى ئەركىنلىك، ئازادلىق بولغان بولسا، كۆزلىگەن نىشانى ھەقىقىي خەلقچىللىقنى يۈرگۈزۈشتۇر.

2. يۇقىرى ئورگان، ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرگە ئورۇنلاشقان

خىزمەتچىلىرىمىز ئاممىغا رەھبەرلىك قىلىشتا ۋەتەننى سۆيۈش ئىرادىسىنى ئۈستۈرۈپ، شۇ ئاساستا خەلقىمىزگە تەلىم - تەربىيە قىلىش ئىشىنى ئالغا سۈرۈشنى ئۈتۈنىمىز.

3. بىتىمگە مۇۋاپىق مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي سەنئەتلىرىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ، مەتبۇئات ساھەسىدىكى ئىلغار زىيالىيلىرىمىزغا يوليورۇق كۆرسىتىپ، ئومۇميۈزلۈك ئىش ئېلىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىمىز ۋە بىتىمدىكى «مەتبەئە ئەركىنلىكى» دېگەن ماددىغا بىنائەن، لايىق شارائىتلار ھازىرلاپ بېرىشنى ئورۇنلۇق ھېسابلايمىز.

4. مەمۇرىي ھوقۇق ۋە بىتىمگە بىنائەن خەلقىمىز تەرىپىدىن بېرىلگەن پىكىر، تەلەپلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە خەلقىمىزگە كەڭ چۈشەنچە ۋە ئۇقتۇرۇشلارنى ئۆز ۋاقتىدىن قالدۇرماي بايان قىلىپ تۇرۇشنى كۈتىمىز.

5. ئۆلكىمىزدىكى بارلىق خەلق ئىستىبدات ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھەم باشقا جەھەتتىكى تەڭسىزلىكلىرى ئاستىدا ئېزىلىپ كېلىپ، پەقەت 7 - نويابىر مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسىدە ئەركىنلىككە ئېرىشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەركىنلىكىنى ئىش يۈزىدە تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

6. ياشلىرىمىزنىڭ ئوقۇپ بىلىم ئېلىش ۋە ماددىي ئېھتىياجىنى تولۇق تەمىن قىلىش ئىشىنى تولۇق يولغا قويۇپ، ئۇنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى سورايمىز.

7. ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە بۇگۈندىن باشلاپ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تارقىتىلىپ بىۋاستە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە باغلاندى.

شۇنى ئەستە تۇتۇپ، ھەربىر ئىدارە - جەمئىيەت خىزمەتلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئىجرا قىلىشنى ۋە ئىشنى پۇختا، مۇكەممەل يوسۇندا ئالغا سۈرۈشنى تەكىتلەيمىز.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان سۆھبەت مەسىلىسى ھەل بولۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنغانلىقتىن، ئىلى ۋىلايەت ئىدارىلىرىنى قايتىدىن قۇرۇش ھەققىدە مۇنداق قارار چىقىرىلدى:

## 1

28 ـ ئىيۇلدىن ئېتىبارەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئىلى ۋىلايەت ۋالىي كېڭەشمىسى دەپ ئۆزگەرتىلىپ، ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈلگەنگە قەدەر ۋالىي كېڭەشمىسىگە تۆۋەندىكى زاتلار بەلگىلەنسۇن:

ئىلى ۋالىي كېڭەشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە: ھاكىمبەگ غوجا

ئىلى ۋالىي كېڭەشمىسىنىڭ مۇئاۋىنلىقىغا: ئوبۇلخەيرى تۆرە

كېڭەشمە ئەزالىقىغا:

(1) ئابدۇمۇتائالى خەلىپەم (2) سالىجان باي (3) مۇھەممەتجان مەخسۇم (4) ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم (5) جانى يولداشوف (6) مۇھىددىن ئەخمىدى (7) ئەنۋەر ئەپەندى (8) كېرىم ھاجى (9) ۋاققاس ھاجىم (10) فاتىخ موسلىموف (11) نەبىجان (12) ماسكاليوف (13) فۇجا (14) ئابدۇغېنى باھادىر (15) بۆكە ئامبال (16) ھوشۇر ئامبال (17) چاڭباقشى (18) توقۇ غوجا (19) غۇلام (20) جابىقباي ئاقالاقچى (21) مىرمان ئەپەندى (22) قاسىمجان قەمبىرى (23) سەيدۇللا سەيپۇللايېف (24) ھۈسەيىن پالتابايوف (25) جۇمە ئاخۇن ھاجىم (26) زۇنۇن تېيىپوف (27) ئوسمان كېبىروف (28) ئەكبەر (29) يۇسۇپ ھاجىم (30) تېيىپئاخۇن (31) تېيىپ ھاجىم (32) فاتىخ ئاللايارى.

## 2

ئۈشبۇ كۆنگىچە نازارەت نامىدا يۈرۈتۈلۈپ كەلگەن نازارەتلەر 28 ـ ئىيۇلدىن ئېتىبارەن ۋىلايەتلىك ئىدارە دەپ ئۆزگەرتىلسۇن.

## 3

(1) ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغۇچى

ھاكىمبەگ غوجا؛

(2) ئىلى ۋىلايىتىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىنلىق ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغۇچى ئوبۇلخەيرى تۆرە؛

(3) ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئىككىنچى مۇئاۋىنلىق ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغۇچى ئەنۋەر ئەپەندى؛

(4) ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مەسئۇل كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغۇچى ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم.

## 4

ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ۋالىي ئىدارىسى ئۇشبۇ كۈنگىچە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىش يۈرگۈزۈپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ۋىلايەتلەر ھەم 28 ـ ئىيۇلدىن ئېتىبارەن يېڭى تەشكىل يىغىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىغا مۇۋاپىق ئۆزگەرتىلسۇن.

## 5

ئورگان گېزىتى بولۇپ چىقىپ تۇرغان كۈندىلىك گېزىتلەر ئىلى ۋىلايەت ۋالىي ئىدارىسىنىڭ نەشر ئەپكارى دەپ ئۆزگەرتىلسۇن.

## 6

قالمىش ۋىلايەت، ناھىيەلىك ئىدارە ھەم تەشكىلاتلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىغا مۇۋاپىق ئۆزگەرتىلسۇن.

## 7

ۋىلايەتلىك ئىدارە باشلىقلىرىغا تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن كىشىلەر بەلگىلەنسۇن:

ئىلى ۋىلايەتلىك بانكا باشلىقلىقىغا: ئابدۇرەئۇپ ئىبراھىموف

ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا: مۇھەممەتجان مەخ-
سۇم
ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىنلىقىغا: مىرمان
ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ ئىككىنچى مۇئاۋىنلىقىغا: فۇجا
قىشلاق خوجىلىق بانكا باشلىقلىقىغا: ھۈسەيىن مۇراتوف
قىشلاق خوجىلىق بانكا بىرىنچى مۇئاۋىنلىقىغا: نۇرغالى
قىشلاق خوجىلىق بانكا ئىككىنچى مۇئاۋىنلىقىغا: ئەكرەم
خان
قىشلاق خوجىلىق بانكا ئۈچىنچى مۇئاۋىنلىقىغا: نامجىل
ئىسلاھات ئىدارە باشلىقلىقىغا: سالجان باي
ئىسلاھات ئىدارە بىرىنچى مۇئاۋىنلىقىغا: ھىلالىدىن
سەھىيە ئىدارە باشلىقلىقىغا: مويىدىن ئەپەندى
ئالاقە ئىشلىرى ئىدارىسى باشلىقلىقىغا: مالىك بېكتېمىروف
تاشيول ئىدارە باشلىقلىقىغا: مىجىت كەنجى
تاشيول ئىدارە مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا: لەتىپ سۇلايمان
ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارە باشلىقلىقىغا: نەبىجان
ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارە مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا: ماس-
كاليوف
گېزىت ئىدارە باشلىقلىقىغا: ئەسئەت ئىسھاقوف
ئەسكىرىي قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە: گېنېرال ئىسھاقبېك
ئەسكىرىي قوماندانلىق بىرىنچى مۇئاۋىنلىقىغا: دەلىلقان
ئەسكىرىي قوماندانلىق ئىككىنچى مۇئاۋىنلىقىغا: زۇنۇن
تېيىپوف
ھەربىي تەپتىشلىك ۋەزىپىسىگە: ئابدۇغېنى باھادىر
سودىگەرلەر جەمئىيىتىنىڭ باشلىقلىقىغا: ئەسەدۇللا ئەپەن-
دى
سودىگەرلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا: ھۈسەي-
نىم پالتابايېف
ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارە باشلىقلىقىغا: سەيپۇللايېف
ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارە مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا: مۇقاباي
مەجرۇھلار جەمئىيىتى باشلىقلىقىغا: گۇتىيېف

مەجرۇھلار جەمئىيتى بىرىنچى مۇئاۋىنلىقىغا: ئاسلقان
مەجرۇھلار جەمئىيتى ئىككىنچى مۇئاۋىنلىقىغا: ئابدۇللا ئەخمىدى

ئارمىيەنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى توغرىسىدا، مىللىي ئارمىيەنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى يولداش ئىسھاقبېك باشچىلىقىدىكى ھەربىي ئىشلار گۇرۇپپىسى گومىنداڭ ۋەكىللىرى تاۋ سىيۆ، سۇڭ شىليەن قاتارلىقلار بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، مىللىي ئارمىيەنى قىسقارتىپ ئۈچ پىيادە ئەسكەرلەر پولكى، ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى قىلىپ تەشكىللەيدىغان، توپچىلار باتالىيونى بىلەن ھەربىي مەكتەپنى ساقلاپ قالىدىغان بولۇپ كېلىشتى. ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئەھۋالى مۇنداق:

باش قوماندان: ئىسھاقبېك مۇنۇنوف
مۇئاۋىن باش قوماندان: دەلىلقان سۈگۈربايېف، زۇنۇن تېيىپوف
مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار: ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف
ئىشتاب باشلىقى: ماژاروف
مۇئاۋىن ئىشتاب باشلىقى: مەمتىمىن ئىمىنوف
ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى: پەخىردىن رەسۇلوف
ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى: سىدىق جامالىدىن
سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى: توختى ئىبراھىم
سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى: رازىيېف
ھەربىي سوتنىڭ باشلىقى: ئابدۇغېنى باھادىر
ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئابدۇغوپۇر سابىر ھاجى
پىيادە ئەسكەرلەر 1 ـ پولكى شىخوغا جايلاشسۇن
پولك كوماندىرى: مەرغۇپ
سىياسىي مۇئاۋىن پولك كوماندىرى: ئايتۇۋاروف ئالىم
پىيادە ئەسكەرلەر 2 ـ پولكى غۇلجىغا جايلاشسۇن
پولك كوماندىرى: قېيۇمبەگ غوجا

سىياسىي مۇئاۋىن پولك كوماندىرى: قېيۇم سابىر ھاجى
پىيادە ئەسكەرلەر 3 ـ پولكى چۆچەككە جايلاشقان
پولك كوماندىرى: ئابلاخان ماھمۇدوف
سىياسىي مۇئاۋىن پولك كوماندىرى: بالقاش
ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 ـ پولكى كۈرەگە جايلاشقان
پولك كوماندىرى: سوپاخۇن
سىياسىي مۇئاۋىن پولك كوماندىرى: قۇربانوف
ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ پولكى قوبۇققا جايلاشقان
پولك كوماندىرى: نۇسۇپقان
سىياسىي مۇئاۋىن پولك كوماندىرى: جاغدا
ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكى ئالتايغا جايلاشقان
پولك كوماندىرى: دەلىلقان (قوشۇمچە)
سىياسىي مۇئاۋىن پولك كوماندىرى: يۇسۇپجان ياسىنوف
زەمبىرەكچىلەر مۇستەقىل باتالىيونى غۇلجا بايانداييغا جايلاشقان
باتالىيون كوماندىرى: ئەسئەت تېيىپوف
سىياسىي مۇئاۋىن باتالىيون كوماندىرى: نۇشايىف
مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپى مەكتەپ مۇدىرى: پوروخوف
سىياسىي كومىسسارى: نۇر سادىروف



ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. ئەخمەت ئەپەندىم شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئۇرۇمچىدە خىزمەتكە چۈشتى. لېكىن جەمئىيەتتىكى قالايمىقانچىلىق ئۆزۈل ـ كېسىل تۈزەلگىنى يوق. جەمئىيەتتە دېموكراتىك سىياسەت، مىللەتلەر باراۋەرلىكى يۈرگۈزۈلمەيۋاتقاچقا، خەلق ئاممىسىدىن ھەر كۈنى نۇرغۇنلىغان ئەرز ـ شىكايەتلەر كېلىپ تۇراتتى.
بىر كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىگە بۇ ئەھۋاللار ھەققىدە ئېغىز ئېچىپتۇ:
ــ مەن ئاممىدىن كەلگەن نۇرغۇن خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالدىم، رەئىسنىڭ ئەھۋال ئىگىلىشىگە ئاز ـ تولا پايدىسى بولار دەپ بىر قىسىم خەت ـ چەكلەرنى سىزگە ئەكەلدىم. ۋاقتىڭىز يەتكەندە كۆرۈپ قويارسىز.

—— ياخشى، ياخشى. ئامىمدىن كەلگەن خەت - چەكلەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىش كېرەك. ئۈچ مەسلەك پارتىيەمىزنىڭ مەقسەت - نىشانى. بىز مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان تەدبىر - چارىلەرنى جەزمەن تېپىپ چىقالايمىز. ھازىرقىدىن قارىغاندا تارىختىن قېلىپ قالغان مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ، مەدەنىيەت - مائارىپ، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش، قۇرۇلۇش ئىشلىرى، شۇنداقلا ئامانلىقنى ساقلاش، خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى راست. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى سىز - بىزنىڭ ھەل قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، —— دەپتۇ جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى كۈلۈمسىرەپ.

—— توغرا دەيسىز، رەئىس، —— ئەپەندىم گەپكە ئۇلاپلا سۆز باشلاپتۇ، —— تارىختىن بۇيان بىزنىڭ خەلقىمىز قاتتىق جاپا - مۇشەققەتلەرنى چەكتى، مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان گۇناھسىز كىشىلەر قىممەتلىك ھاياتىدىن ئايرىلدى. خەلقىمىزنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ قوزغىلىپ چىقىشى دەل ئەنە شۇ مىللىي كەمسىتىش ھەددىدىن ئېشىپ، مىللىي زۇلۇم چېكىگە يەتكەنلىكىدىن بولدى. ئەمما، جياڭ جيېشى جانابلىرى ئۆز ئاغزى بىلەن «چېگرا رايونلاردا ياشاۋاتقان مىللەتلەر ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىپ كېتەلەيدىغان ۋاقىتتا ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان قىلىمىز» دېگەن. ئۆلكىمىزنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پىروگراممىسىدا كۆرسىتىلگەن خەلقچىل سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز ناھايىتى ياخشى باشلىنىش بولىدۇ. نۆۋەتتىكى مەسىلە تېزرەك سايلام ئۆتكۈزۈپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، پاك - دىيانەتلىك، ئومۇمنى كۆزلەيدىغان ئادەملەرنى سايلىساق، مەسىلىلەرنىڭ ئادىل ھەل بولۇشىغا يول ئېچىلاتتى. خەلق رازى بولۇپ، يېڭى قۇرۇلغان ھۆكۈمەتكە ئىشەنچ باغلايتتى ھەم ئۇنى ھىمايە قىلاتتى.

—— مېنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىمدىكى تۈپ مەقسەتمۇ مەركەزنىڭ يول - يورۇقىنى ئىجرا قىلىش، يەنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنى باي، گۈزەل، زامانىۋى تەرەققىياتقا ئىگە نەمۇنىلىك ئۆلكە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش. مەن ئۆزۈمنى دېسەم، ئۇزۇندىن بۇيان جاپا چېكىۋاتقان، يەتكۈچە ئازاب تارتىۋاتقان خەلقلەرنى باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلغان بولسام دەيدىغان قەتئىي ئىرادەم بار. بۇ قەتئىي ئىرادەمنى ئۆزلىرى —— ئا فۇجۇشى مېنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىمدىن، كەيپىياتىمدىن كۆرۈۋالالايدۇ، دەپ ئويلايمەن. مەركەز بولسا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ، بىز بايا

سىز دېگەندەك دۆلەتكە سادىق، مىللەتكە سادىق، پاك ـ دىيانەتلىك ئادەم ـ لەرنى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە، خەلق كېڭەش ئەزالىقىغا سايلىشىمىز بەكرەك زۆرۈر.

— مېنىڭچە سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىلىرىنى تېزرەك قۇ ـ رۇپ، تېزرەك ئىشقا كىرىشىشىمىز كېرەك، — دەپتۇ ئەخمەتجان.

— پىكرىڭىز جايىدا! ئىشنى قانچە بۇرۇن باشلىساق شۇنچە ياخشى. لېكىن بۇنداق خىزمەتلەرنى بىز بۇرۇن ئىشلەپ كۆرمىگەن، تەجرىبىمىز يوق، مەملىكەت بويىچە باشقا ئۆلكىلەرگە سېلىشتۇرغاندا بۇ ئىشنى بىز بالدۇر باشلاپ قويدۇق. شۇڭا تەييارلىق ئىشلىرىنى پۇختا قىلماي بول ـ مايدۇ. يەنە بىرى 11 ـ ئايدا نەنجىڭدا «مىللىي قۇرۇلتاي» ئېچىلماقچى، قۇرۇلتاي دۆلەتنىڭ تۈپ ئاساسىي قانۇنىنى بېكىتمەكچى. ئۆلكى ـ مىزمۇ ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇرىمىز. ئىلگىرىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇنىڭدىن بۇرۇن يوللىغان ۋەكىللەرنى باشقىدىن بېكىتىشكە توغرا كې ـ لىدۇ. شۇڭا «قۇرۇلتاي»غا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى بالدۇرراق ئويلى ـ شىشىمىز كېرەك.

— مېنىڭچە، «مىللىي قۇرۇلتاي» ۋەكىلى مەسىلىسىنى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ بېكىتسەك، — دەپتۇ ئەخمەتجان سەل ئويلىنىۋې ـ لىپ، — ھەرقايسى جايلاردىكى سايلام خىزمىتىگە بولغان نازارەتنى ياخ ـ شى ئىشلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىلىرى ـ نى قۇرۇشىمىز لازىم. ئۇلار بېرىپ سايلامغا بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىل ـ غىنى ياخشى بولارمىكىن.

— ياخشى پىكىر، كىملەرنى قەيەرلەرگە ئەۋەتسەك بولار؟ سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئاڭلاپ باققۇم بار، — دەپتۇ جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئەپەندىمدىن پىكىر سوراپ.

— مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان ئەپەندىم بىلەن بىرلىكتە مەسلىھەت ـ لەشسەك قانداق.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن مېنىڭ يەنىلا سىزنىڭ شەخسىي پىكرى ـ ڭىزنى ئاڭلاپ باققۇم كېلىدۇ، سىزنىڭ چوڭ ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتالايدى ـ غانلىقىڭىزغا، توغرا پىكىر بېرەلەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىم كامىل.

— ھەممە ئىشنىڭ ھەل بولۇشى سىز بىلەن ماڭىلا باغلىق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا باشقىچە بولاتتى. خەير، ھەر ئىشتا سىزنىڭمۇ، مېنىڭمۇ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق قارىشىمىز بار. ھەقىقىي سەممىيەتلا بولىدىكەن،

سىز بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى تالاش ـ تارتىشلار جىق كۆرۈلمەيدۇ، ــ دەپتۇ ئەخمەتجان چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ.

ــ ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە. توغرا، يېقىندا نەنجىڭدا ئېچىلىدىغان «مىللىي قۇرۇلتاي» ناھايىتى مۇھىم. ئۆلكە ۋەكىللىرىنى ئۆزىڭىز باشلاپ بارغىنىڭىز تۈزۈك، شۇنداق بولۇپ قالسا، سىز سايلام خىزمىتىگە بىۋاسىتە قاتنىشالماسلىقىڭىز مۇمكىن.

ــ رەئىسنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولسۇن. بىز بىرلىككە كەلگەن ئورتاقلىقلارنى كۆپرەك سۆزلەپ، ئىختىلاپلارنى ئازراق تىلغا ئالساق، ئىشلار تېخىمۇ يۈرۈشۈپ كېتەر.

ــ ئا فۇجۇشى، سىز غۇلجىلىق ئىكەنسىز، كىشىلەر غۇلجىنى ماختاپ خاڭجۇدىن قېلىشمايدۇ دېيىشىدۇ، مېنىڭ غۇلجىنى بىر كۆرۈپ باققۇم بار.

ــ ناھايىتى ياخشى، رەئىسنىڭ غۇلجىنى كۆزدىن كەچۈرۈشىنى قارشى ئالىمىز، ئۇ يەردىكى گۈزەل مەنزىرىلەرنى ۋە ئەمگەكچان خەلقنى كۆرۈپ بېقىش كېرەك! بۇنىڭدىن باشقا جەنۇبىي شىنجاڭنىمۇ ئارىلاش لازىم، ھەممىنى كۆزدىن كەچۈرگەن ياخشى، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەخمەت ئەپەندىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

# 28. «تىنچلىق بىتىمى» نى تىرىشىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش

ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇچ ۋىلايەت خەلقىگە يېڭى ئۈمىدلەر ئېلىپ كەلگەندەك قىلاتتى، كىشىلەر تىنچلىنىپ قالغاندەك بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىيەت قانداق بولۇپ كېتەر، دەپ كۆزىتىش پوزىتسىيەسىنى تۇتقانلارمۇ، ھەرخىل ئەندىشىلەردە بولۇۋاتقانلارمۇ كۆپ ئىدى.

قوراللىق كۈرەشنىڭ غەلىبىلىرى گومىنداڭنىڭ ئۇچ ۋىلايەتتىكى ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ تاشلىدى. ئۆلكىدە بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز تارىخىي ۋەزىپىسىنى تاماملاپ تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇڭا، ئامما ئىچىدە ئوخشىمىغان پىكىرلەرنىڭ بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى، ئوخشىمىغان ئىنكاسلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىمۇ تەبىئىي ئىدى.

ھالبۇكى، ۋەزىيەت تەرەققىياتى ئۇچ ۋىلايەت خەلقىگە، خۇسۇسەن قىسمەن كادىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياشلارغا كۆپلەپ ئىدىيەۋى، سىياسىي خىزمەت ئىشلەپ، ئەھۋالنى ئوبدان چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆزقاراشلىرىنى توغرىلاپ، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى جىددىي تەلەپ قىلاتتى.

كىشىلەرگە ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلەش تولىمۇ مۇھىم بولۇپ قالغانىدى، بولۇپمۇ ياشلار ئىچىدە پەيدا بولغان تۈرلۈك ئىدىيەۋى داۋالغۇشلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، توغرا نىشان كۆرسىتىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، ئەخمەت ئەپەندىم 1946 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈرۈمچىدىكى ياشلارغا پەلسەپىۋى مەزمۇنلارغا باي بىر ماقالە ئېلان قىلىپ، ھەر مىللەت ياشلىرىنى «تىنچلىق بىتىمى» نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق

كۆرسىتىشكە چاقىردى. تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

## ياشلار ياشلىق ۋەزىپىمىزنى ئىجرا قىلايلى

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۆز بېشىدىن تۈرلۈك ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى ئۆتكۈزۈپ كەلدى.

بۇ ئۆتكەن ۋەقە، ھادىسە، ئۆزگىرىشلەر سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بىلەن چېگرالىنىپ، باسقۇچلارنى پەيدا قىلىپ، بۇگۈنكى كۈنگە يەتتى. ھەقىقەتەنمۇ جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ھالى ۋە ھادىسىلىرى ۋە بۇ مەسىلەلەر ئۈستىدە كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە 20 ـ ئەسىرنىڭ مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكىسى مەيدانغا كەلدى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيەسى تەرەققىي قىلىپ، ھەربىر مەسىلىنى ھەل قىلىشقا كىرىشتى.

جەمئىيەتنىڭ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلىلىرىنىڭ مەركىزى ـــ ئىجتىمائىي مەسىلىدۇر.

بۇ مەسىلە توغرا ھەل قىلىنغاندا، توغرا يۈرگۈزۈلگەندە، كىشىلىك ھايات ئەبەدىي خۇشال، بەخت ـ سائادىتىمۇ پارلاق بولغۇسىدۇر.

دۇنيادا بۇ مەسىلىنى توغرا ۋە ئادىل ھەل قىلغان بۈيۈك سوۋېتلەر سايۇزىدۇر.

... بىز پارلاق ھايات قۇرۇشنى خالايدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئىجتىمائىي ئىشلارغا پائال قاتنىششىمىز كېرەك.

چۈنكى، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بىلەن تونۇشماي، جەمئىيەتنىڭ ھالىنى كۆرمەي، مەسىلىلەر ئۈستىدە قۇرۇق پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ ئۆزى خىيالدۇر. بۈگۈنكى كۈندە خەلقىمىزنىڭ ساۋاتى، كەيپىياتى، ماددىي تۇرمۇشى ۋە سالامەتلىكىنى ساقلاش ئىشلىرى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ۋە تەرەققىياتقا بولغان تەشنالىقى، خەلق ئېھتىياجى قانچىلىك دەرىجىدە بولغانلىقىنى ھېسابقا ئېلىش لازىم.

جەمئىيىتىمىزنىڭ بۇ ساھەلەردە تەرەققىي قىلىنىشىنى ياكى ئارقىدا قېلىپ جاھالەت، خۇراپات ئاستىدا ئېزىلىپ ياتقانلىقىنى پەملەش كېرەك. ھەربىر مەسىلىنى يېشىشتە ۋە ھەل قىلىشتا ياشلار ئوبيېكتىپ ئەھۋال بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئايرىلماي، ۋاقتى كەلگەندە ئورۇن ھەم ۋەزىپە تاللىماي، كىرىشىپ تۇرۇپ بىرلىكتە ئىجرا قىلىشى كېرەك.

ھازىر كۆز ئالدىمىزدا مۇھىم بولغان، يەنىمۇ مۇھىم بولۇپ ئورۇنلاشقا تېگىشلىك بولغان ئاساسىي مەسىلىلەر قايسى ۋە قانداق قىلىپ ئەمەلگە قويغىلى بولىدۇ؟

كۆز ئالدىمىزدىكى ئاساسىي باش مەسىلە — خەلقچىللىق تۈزۈمى، ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق قانائەتلىنىشتۇر. چۈنكى، بۇ مەسىلە قان بەدىلىگە قولغا كەلگەن بولۇپ، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ۋە ھازىرقىلارنىڭ كۈتكەن بۈيۈك ئارزۇسىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ياشلىرىمىزنىڭ خەلقچىللىق تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش ۋە پايدىلىنىش چارىسىنى ئىلمىي يوسۇندا ئاممىغا توغرا ۋە ساددا قىلىپ ئۇقتۇرۇش ھەم يۈرگۈزۈش ئالدىنقى ۋەزىپىسىدۇر. ئەگەردە خەلقچىللىق تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش تەرتىپىنى ۋە پايدىلىنىش چارىسىنى ئاممىغا ئۇقتۇرماي، ئەھمىيەتسىز قاراپ يۈرگەندە، ئۆتكەنلەرنىڭ ۋە ھازىرقىلارنىڭ، بولۇپمۇ قاتتىق جەڭلەردە قۇربان بولغانلارنىڭ مېھنىتىگە خىيانەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇ قاتاردا خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش ھەم كەيپىياتىنى ياخشىلاش، تۈزەش كېرەك. خەلقىمىز ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنىڭ زەھەرلىك سىياسىتى نەتىجىسىدە تۇرمۇشىنى ئوڭلالماستىن، تۈرلۈك ۋەيرانچىلىقلارغا، ئارقىدا قېلىشلارغا ئۇچراپ، ئاڭ جەھەتتىن فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ سېسىق تەربىيەسى ئاستىدا خۇراپات، جاھالەت زىندانىدا ياشاپ كەلدى. سىياسىي، دىنىي مەيدانىدا بولمىغۇر نەرسىلەرگە ۋە سۆزلەرگە ئىشىنىپ، ئادەت قىلىۋېلىپ، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتا، ئائىلە بۇزغۇنچىلىقىغا يولۇقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كىم ۋە نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلمەس ھالغا يەتكەن، ئەلۋەتتە. خەلقىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، كەيپىياتىنى تۈزەپ، توغرا بىر ئېقىم ئى-

چېگە سىغدۇرغاندا، ھەربىر مەسىلىنىڭ ئورۇنلىنىشىغا زېمىن ھازىرلىغان بولىمىز.

شۇنىڭ بىلەن تەڭ مىللەتلەرنىڭ بىرلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچى، پىتنە ـ ئىغۋا تارقاتقۇچى، ئەكسىلھەرىكەتچى ئۇنسۇرلارنى پاش قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى ۋە يېقىن تارىخىي دوستلۇقنى داۋاملىق يۈرگۈزۈش كېرەك. مىللەتلەرنىڭ يېقىن ئىتتىپاقى ۋە يېقىن تارىخىي دوستلۇقنى ھەقىقىي يۈرگۈزگەندە، ۋەتىنىمىزنىڭ تىنچلىقىنى، بەخت ـ سائادىتىنى ئەبەدىي قولغا كەلتۈرۈپ، دۇنيا تىنچلىقىغا بولغان تۆھپىمىزنى تەقدىم قىلالايمىز. مىللەتلەرنىڭ دوستلۇقى مەيداندا تۇرۇپ، تەمىرات، قۇرۇلۇش، يېزا ـ خوجىلىق، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنى ئالغا باستۇرالايمىز.

پۈتۈن ۋەزىپىلىرىمىزنىڭ نىشانى *11* ماددا ئاساسىدىكى پۈتۈمگە مۇۋاپىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق ھوقۇقلاردىن تولۇق ۋە توغرا پايدىلىنىشىمىز كېرەك. خەلقىمىز *11* ماددىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىنى ۋە كۆرسەتمىسىنى توغرا چۈشەنگەندىلا، ئۆز ھوقۇقىنى بىلىپ، ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلالايدۇ.



يۇقىرىقى ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىشتا مېتودچىلىق ۋە ئىشچانلىق بولۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن خەلققە گېزىت، ژۇرنال ئوقۇپ بېرىپ، تام گېزىت، رەسىملىك سان چىقىرىپ، مەجلىسلەردە نۇتۇق سۆزلەپ، كونسېرت ۋە ئويۇن قويۇپ بېرىپ، ساۋاتسىزلىققا قارشى ھەرىكەت يۈرگۈزۈپ، دائىم خەلققە ئارىلىشىپ، مۇناسىۋەت تۈزۈپ ئىشلەش لازىم.

ئۆلكە ۋەزىيىتىدە يېڭى ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە، بارلىق كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى «11 بىتىم»نى ھىمايە قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پىروگراممىسىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتا قەتئىي چىڭ تۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قالغانىدى. يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئىككى تەرەپكە ئۈمىد ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككى تەرەپ تېخى ئۆز تەشەببۇسلىرىدىن

تولۇق ۋاز كەچمىگەندى، لېكىن كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ تىنچلىقنى دەپ بىر - بىرىگە يول قويۇشۇپ كېلىۋاتاتتى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى غۇلجىنى زىيارەت قىلىدىغان بولدى. ئەخمەت ئەپەندىم ئويلىمىغان يەردىن سەۋەنلىك چىقىپ ئوڭايسىز ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، رەھىمجان سابىرھاجىنى ئۈرۈمچىدە جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىگە ھەمراھ بولۇشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئامما ئارىسىدىكى ئوخشىمىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە ئالدىنئالا غۇلجىغا قايتتى.

1946 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم غۇلجىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى كېڭەش ئەزالىرىغا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى، 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۇ قا ق كۈلۈبىدا ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ دوكلات بەردى (بۇ دوكلات 1946 - يىل 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان گېزىتىدە تولۇق تېكىستى بىلەن ئېلان قىلىندى).

قەدىرلىك قېرىنداشلار!

سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن چىقىپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ خىزمەت قىلغىلى ئىككى ئاي بولدى. بۇ قېتىم ئىلىغا كەلگىنىمدە، مېنىڭ ئالدىمغا خەلقنىڭ ۋەكىللىرى كىردى، بۇلار بىرمۇنچە سوئاللارنى تاشلىدى. *11* ماددا ئاساسىدىكى تىنچلىق بىتىمىنىڭ تۈزۈلۈشى ئالدىدىكى بىزنىڭ تەلەپلەر ۋە ئىمزالانغان بىتىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ھەققىدە تولۇقراق قىلىپ ياشلارغا ۋە فرونتتىن كەلگەن ئەسكەرلەرگە بايان بېرىلسە دېگەن تەكلىپنى قىلدى. مۇشۇ تەكلىپ بويىچە بۈگۈنكى سۆزۈمنى باشلىماقچىمەن.

مۇزاكىرە يۈرگۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا ئىلى، ئالتاي، تارباغاي، ئاقسۇ، قەشقەر ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ھەر قېتىمقى مۇزاكىرىمىزدىن بايانات بېرىلىپ تۇرۇلغان بولسىمۇ، سىزلەر تەلەپ قىلغان پىكىر ئۈچۈن ئۇنى تەكرارلاشقا مەجبۇرمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىتىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ھەققىدە سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. بىز ھەقىقەتنى ئېيتقاندا، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى يۈرگۈزدۇق. بۇ ئىشلار ئۇلاستايدىن باشلان-

دى. ئىستىبدات قانخور ھاكىمىيەتنىڭ زۇلمى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكتىن خەلق كۆرەشكە ئاتلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالتاي، تارباغاتاي خەلقلىرى بۇ ئىككى ۋىلايەتتە، مىللى ئازادلىق ئىنقىلابىمىزدا غەلىبە قىلدى. مىللىي ئازادلىق قوشۇنلىرىمىز ئالتاينىڭ مەركىزىگە قاراپ ھۇجۇم قىلىپ، ئالتاي مىللىي قوشۇنى بىلەن ئالتاينىڭ مەركىزى ـــ سارسۇمبە ۋە پۈتۈن ۋىلايەت ئىستىبدات ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇملىرىدىن ئازاد بولدى، بۇ جايلاردا بىردىنلا خەلقچىللىق سىياستى ئەمەلگە قويۇلدى. مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىز ئۈچ ۋىلايەتتە تولۇق غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئۆز نىشانى بويىچە ۋەتىنىمىزنىڭ باشقا قىسمىدىكى ئىستىبدات ھاكىمىيەتنى يوقىتىش كېرەك ئىدى.

خۇددى شۇ مەزگىلدە رادىيو ئارقىلىق جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى جياڭ ۋېيۈەنجاڭنىڭ پۈتۈن دۇنياغا قارىتىپ سۆزلىگەن سۆزىنى ئاڭلاپ ۋە *1941* ـ يىلى دۇنيا ئۇرۇشى قوزغالغان ۋاقىتتا ئاتلانتىك ئوكيان خارتىيەسىنى ئەسكە ئېلىپ، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنى تىنچلىق ئاساسىدا ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىز ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە باردۇق.

ئاتلانتىك ئوكيان خارتىيەسى *1941* ـ يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا ئا ق ش نىڭ پرېزىدېنتى روزۋېلت، ئۇلۇغ برىتانىيەنىڭ سابىق باش مىنىستىرى چېرچىل تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى. ئاتلانتىك ئوكيان خارتىيەسىنىڭ (ئەنگلىيە، ئامېرىكا) *3* ـ ماددىسىدا «ئۇلار پۈتۈن خەلقلەرنىڭ ئۆزلىرى خالىغان شەكىلدىكى ئىدارە ئۇسۇلىنى سايلاپ ئېلىش ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇلار (ئەنگلىيە، ئامېرىكا) زورلۇق بىلەن ئۆز ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان خەلقلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى تەمىن ئەتمەكنى ئىستەيدۇ» دېيىلگەن.

بىرىنچى، ئاتلانتىك ئوكيان خارتىيەسىگە جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھەم قوشۇلغان. بۇ خارتىيەگە ۋە جياڭ ۋېيۈەنجاڭنىڭ رادىيو ئارقىلىق قىلغان سۆزىگە ئاساسلىنىپ، بىز خەلقىمىزنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە باردۇق. بىرىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە بارغىنىمىزدا، بىز

خەلقىمىزگە تولۇق مىللىي مۇختارىيەت بېرىلىشىۇن، دېگەن تىلەكنى قويدۇق ۋە ئۇ چاغدا «مەركىزىي ھۆكۈمەت ئومۇمىي مۇداپىئە ۋە خارجى ئىشلىرىمىزدىن تاشقىرى باشقا ئىشلىرىمىزغا ئارىلاشمىسۇن» دېگەن تەلەپنى قويغاندۇق. ناھايىتى نۇرغۇن مۇزاكىرە ۋە تالاشلار نەتىجىسىدە بىزنىڭ تەلىپىمىز قوبۇل قىلىنماي، ئۇنىڭغا قارشى بىزگە بېرىلگەن «مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى قىسمەن ۋەقەلەرنى ھەل قىلىش چارىسى» دېگەن تەكلىپنى ئېلىپ غۇلجىغا قايتتۇق، ئۇ تەكلىپ بويىچە مۇسۇلمان ۋە باشقا ئېزىلگەن يەرلىك خەلقلەرگە بېرىلىدىغان مەمۇرىيەت سايلاش ھوقۇقى، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملىق ۋەزىپىسى بىلەن چەكلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇ تەكلىپ ئۆلكىمىزنىڭ مۇسۇلمان ۋە باشقا يەرلىك خەلقلەرنى ھېچ ۋاقىتتا قانائەتلەندۈرەلمەيدىغان تەكلىپ ئىدى. بىز بۇنى بىلگەن بولساقمۇ، مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشقا تىرىشىپ، ئۈچىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە بېرىشتا مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ «مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى قىسمەن ۋەقەلەرنى ھەل قىلىش چارىسى» نى مۇزاكىرە قىلىپ ئۆز پىكرىمىزنى بايان قىلدۇق. بۇنىڭ تەپسىلىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

«مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى قىسمەن ۋەقەلەرنى ھەل قىلىش چارىسى» نى دىققەت بىلەن كۆرۈپ چىقىپ مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن، بىز شىنجاڭ مۇسۇلمان خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى مەركەزنىڭ تەكلىپىنى مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ تەلەپلىرىنى ناھايىتى ئەھمىيەتسىز دەرىجىدە تەمىن ئېتەلەيدۇ، دەپ قارىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەركەزنىڭ بۇ تەكلىپىدە يېزىلغان «جۇڭگودا ھەممە مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر...» دېگەن سۆزى بولسا، دۆلەت ئاتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلە ئىچىدىكى ئوچۇق كۆرسەتكەن بىردىنبىر پرىنسىپىدۇر. مەركىزىي ھۆكۈمەت دۆلەت ئاتىمىزنىڭ دەرسلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ «چېگرا ئۆلكىلەردىكى ھەربىر مىللەتلەر توغرۇلۇق سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەتكە ياردەملىشىپ، باراۋەر تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى بىردىنبىر سىياستى دەپ بىلدۇ» دەپ يېزىلغان سۆزلەرگە كەلسەك، بىز شىنجاڭ مۇسۇلمان

خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى بۇنداق ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىغا بۇرۇندىن بېرى مەلۇملۇقىنى، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراقى گومىنداڭنىڭ بۇ ھەقتىكى چىقارغان تەشۋىقات ـ تەرغىباتلىرى مۇسۇلمانلارنى قاتتىق ئەزمەك، ئىستىھزا ئەتمەك، دىنىي ئادەت ۋە مىللىي مەدەنىيەتلىرىنى ھاقارەت قىلماقتا ھېچقانداق توسقۇنلۇق يەتكۈزەلمەسلىكىنى بايان قىلىشنى زۆرۈر دەپ بىلىمىز. شۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق خەلقچىللىق سىياستى توغرۇلۇق سۆزلىشىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئورنىدا پالتىسيە (ساقچى) ئىدارىسى ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. مۇسۇلمانلار ئىدارە ۋە خىزمەتلەرگە قويۇلماس ئىدى. ئىدارىلەرگە كەلگۈچى مۇسۇلمانلار خەنزۇ ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن ھاقارەتلىك مۇئامىلىلەرگە دۇچار بولار ئىدى. پۈتۈن ئىدارىنىڭ ئىشلىرى خەلقنىڭ تونۇشلۇقى بولمىغان خەنزۇ تىلىدا يۈرگۈزۈلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشلارنى پۈتكۈزمەي سۆرەپ، تەكەببۇرچىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىناتتى. ھېچبىر ئەيىبسىز كىشىلەر، شۇ جۈملىدىن مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىرلىك ئادەملىرى ھېچقانداق سەۋەبسىز پالتىسيەنىڭ خاھىشى بىلەنلا تۈرمىلەرگە تاشلىناتتى. بىز مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ ۋەكىللىرى بۇ مۇسۇلمان خەلقلىرى ئۈستىدىكى يۈرگۈزۈلگەن ئازاب ۋە زورلۇقلار ئۇزۇندىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىمىز.

بىز گېنېراللىسسىموس جياڭ ۋېيۋەنجاڭ جانابلىرىنىڭ 1945 ـ يىل 24 ـ ئاۋغۇستتا مىللىي مۇداپىئە ئالىي كېڭىشى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ قوشما مەجلىسىدىكى نۇتقىدا: «خەلقئارا مۇناسىۋەتتە مىللەت مەسلىكى پىرىنسىپى ھەل قىلىندى، ئەمدى بۇ پىرىنسىپنى مەملىكىتىمىز ئىچىدە ھەل قىلىشىمىز كېرەك. بۇ يەردە بىزنىڭ تۇتقان سىياسىتىمىز بۇنىڭدىن ئىبارەت: مەملىكەت ئىچىدىكى پۈتۈن مىللىي گۇرۇھلار ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشقا ياكى ئىستىقلالىيىتىنى ئېلىشقا ئىمكانىيەت ئېلىشلىرى لازىم. ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشقا ئۆزلىرىنىڭ قابىللىقىنى كۆرسەتكەن مىللىي گۇرۇھلارغا

ئۇلارنىڭ ئىستىقلالىيىتىنى بېرىشىمىز لازىم. چېگرا ئۆلكىلەردە ياشىغۇچى چېگراداش مىللىي گۇرۇھلار توغرىسىدا بولسا، بۇلار ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش قابىلىيىتىنى كۆرسىتىش بىلەنلا مەركىزىي ھۆكۈمەت ئۇلارغا بۇ ئىمكانىيەتنى بېرىدۇ» دېگەن سۆزىنى قانائەتلىنىپ بىلدۇق.

ئىككىنچى، يۇقىرىدا ئېيتىلغان سۆزلەرگە ئاساسلىنىپ ۋە ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنى قىلىشتا يېتەرلىك تەجرىبىنىڭ بارلىقىنى ئىناۋەتكە ئېلىپ، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار پۈتۈن شىنجاڭدا مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلغان جايلارغا تولۇق مۇختارىيەت بېرىش ھوقۇقىنى قانۇنىي تەلەپ دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن، بىز تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى قىلىمىز.

(1) كۆرسىتىلگەن تولۇق مۇختارىيەت دائىرىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى تەرىپىدىن، خەلقنىڭ ئۆزلىرى ئىشەنگەن كىشىلىرىدىن مەمۇرىيەت سايلاش ئۇچۇن، مۇسۇلمانلارغا دېموكراتىك ھوقۇق بېرىلىشى ۋە قوراللىق جاڭجال ھەل بولغاندىن كېيىن، ئىككى ئايدىن كېچىكتۈرمەي مەمۇرىيەت سايلاملىرى ئۆتكۈزۈلۈشى شەرت.

(2) دىنىي سىقىشلار يوقىتىلسۇن ۋە دىنىي ئېتىقادلارغا تولۇق ئەركىنلىك بېرىلسۇن.

(3) دۆلەت ئىدارىلىرىدە، مەمۇرىي ئىدارىلەردە، سوت ئىدارىلىرىدە ئىش ئانا تىلدا يۈرگۈزۈلسۇن.

(4) باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەردە بالىلارنى ئۆز تىلىدا ئوقۇتۇپ، خەلق مائارىپىنىڭ كەڭ دائىرىدە يۈكسىلىشى تەمىن ئېتىلسۇن.

(5) مىللىي مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنىڭ ھۆرلۈك بىلەن تەرەققىياتى تەمىن ئېتىلسۇن.

(6) مەتبۇئاتتا، يىغىلىش ـ مەجلىسلەردە، نۇتۇق ـ سۆزلەردە ھۆرلۈك تەمىن ئېتىلسۇن.

(7) ھەر خوجىلىقنىڭ ماددىي ئىمكانىيىتى ھېسابقا ئېلىنىپ ۋە قۇۋۋىتىگە قاراپ خىراج بەلگىلەنسۇن. ھۆكۈمەتكە ئىقتىسا-

دىي ياردەم قىلىشنىڭ لازىملىقىنى چۈشەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن، بىز بۇ ياردەمنى بېرىشنى مۇمكىن دەپ ھېسابلايمىز. لېكىن، ياردەمنىڭ مىقدارى شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە ئىقتىسادىي يۈكسىلىشكە دەخلى يەتكۈزمەسلىك دەرىجىسىدە بولۇشى شەرت.

(8) سودىگەرلەرگە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن داخىلىي ۋە خارجى سودا قىلىش ھوقۇقى تەمىن ئېتىلسۇن.

(9) ھەربىر ۋىلايەتلەردە مىللىي ھەربىي قىسىملار قۇرۇلۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن قوزغىلاڭچى ئەسكىرىي قىسىملار جۇڭگو ئەسكىرىي تەرتىپىگە ئاساسەن قايتىدىن قۇرۇپ چىقىلسۇن، يەنى ئۇ مىللىي تۈسنى ساقلىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قىسىملارنىڭ تولدۇرۇلۇشى ۋە دائىرەۋى بەلگە بىلەن مۇسۇلمانلاردىن تولدۇرۇلۇشى شەرت. ئەسكەرلەرنى ئوقۇتۇش ۋە كوماندا بېرىش ئىشلىرى ئۇيغۇر ۋە قازاق تىلىدا بولۇشى شەرت.

(10) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئاھالىنىڭ نوپۇسىغا قاراپ مۇسۇلمان ۋەكىللىرى بىلەن تەمىنلەنسۇن.

(11) مۇسۇلمانلارنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىگە قاتناشقۇچىلاردىن ھېچكىمنىڭ جازالانمايدىغانلىقى ياكى ھەر تۈرلۈك يول بىلەن چېقىلماسلىقى «گرانت» (قاتتىق) كېپىللەندۈرۈلسۇن ۋە قورالىق جاڭجال مەسىلىسى ھەل بولغاندىن كېيىن، ئۈچ كۈندىن كېچىكتۈرۈلمەي پۈتۈن ئازادلىق ھەرىكىتىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن قاماقتا ئېلىنغانلار ئازاد قىلىنسۇن.

ئۈچىنچى قېتىم بېرىشىمىزدا كۆپ تالاشلاردىن كېيىن تەلەپلىرىمىز شۇ ئىدى. قورالىق قوزغىلاڭ كۆتۈردۇق، بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ھوقۇقىنى، ئىستىبدات ھاكىمىيەت ئاغدۇرۇلسۇن دەپ كۈرەش قىلىشىمىزنى ئومۇمىي ھەرىكىتىمىز، تەلەپلىرىمىز ئىسپاتلايدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تەلەپلىرىمىز تەمىن قىلىنىدىغان بولسا، قانائەتلىنىدىغانلىقىمىز تەبىئىي بىر ئىش ئىدى. شۇنداق قىلىپ سەككىز ئاي بولغاندا تىنچلىق بىتىمگە قول قويدۇق،

بىتىمنى تولۇقى بىلەن ئەمەلگە قويۇشقا ۋەدە بېرىشتۇق. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ توقۇنۇشى تامام بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز تىنچلىق بىتىمگە مۇۋاپىق ئۆز جايلىرىغا قايتتى. بىتىمگە ئاساسەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 1 ـ ئايدىن باشلاپ رەسمىي ئىشقا كىرىشتى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىش باشلىشى بىلەن بىرقانچە چارىلەرنى ئىشلەپ چىقتى. ئۇ چارىلەرنىڭ بىرى 18 ـ ئىيۇل كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى مەجلىسىدە تەستىقلانغان ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 23 ـ ئىيۇلدىكى ساندا ئېلان قىلىنغان «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ئىشلارنى ئەمەلگە قويۇش قوللانمىسى» دۇر. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ئىشلارنى ئەمەلگە قويۇش قوللانمىسىنىڭ ئاساسى — ئۆلكىمىزدە خەلقچىللىق سىياسەتنى ھەقىقىي يۈرگۈزۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلدە تەمىن ئېتىش، جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇقىنى تەمىن ئېتىش ۋە بىرقانچە ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ـ مائارىپ چارىلىرىنى بېكىتىشتىن ئىبارەتتۇر. سىياسىي قوللانمىنىڭ ماددىلىرى بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ تەلىپىنى تولۇق قانائەتلەندۈرىدۇ. ئەگەردە سىياسىي قوللانمىنىڭ «ئا»، «ب» ۋە باشقا ماددىلىرىنى باشقىدىن ياخشى ئوقۇپ مۇلاھىزە قىلىپ چىقسىڭىزلەر، سىياسىي قوللانما تولۇقى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان بولسا، خەلقىمىزگە نەقەدەر زور ھوقۇقلار بېرىلگەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايسىزلەر. لېكىن، ئومۇمەن مۇنداق ھۆججەتلەرنى ئوقۇغاندا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئولتۇراقلىق خەلقلەر تەرىپىدە ئوقۇپلا قالماي، بەلكى باشقا ۋىلايەتلەردە ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ تەرىپىدە تۇرۇپ ئوقۇپ ھوقۇقنىڭ مىقدارىنى بىلىشىڭىزلەرنى ئۆتۈنىمەن.

بىتىم ئىمزالىنىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سىياسىي پىروگراما قوبۇل قىلىنىپ ئىش يۈرگۈزۈلۈشكە باشلىندى. بىزغۇ بۇلارغا تولۇق ئەمەل قىلىمىز، ئەمدى مەركىزىي ھۆكۈمەت تولۇق ئەمەل قىلامدۇ؟ دېگەن سوئاللار سىزلەرنىڭ ۋەكىللىرىڭىزلەردىن ماڭا تاشلانغانىدى. مەن ئويلايمەنكى، مەركىزىي ھۆكۈمەت بىتىمگە تولۇق ئەمەل قىلىدۇ. بۇنىڭغا دەلىل ئۈچۈن

شۇنى ئېيتماقچىمەنكى، ھازىر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆز خىزمىتىدە بىتىمگە مۇۋاپىق ئىش قىلىۋاتىدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى «مېنىڭ ئويلىشىمچە، مەملىكەت بويىچە ئاساسىي قانۇن سىياستى تېخى ئەمەلگە قويۇلمىغان بىر مەزگىلدە بىزلەردە بۇ خىل سىياسىي ئىشلارنى ئەمەلگە قويۇش قوللانمىسىنىڭ بولۇشى ئەلۋەتتە، مەملىكەت بويىچە نەمۇنە بولالىغۇسى، يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ھۆججەت ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بىزلەر يالغۇز ئۆلكىمىزدىكى ئادەملەرگىلا جاۋابكار بولۇپ قالماستىن، بەلكى مەملىكىتىمىزدىكى بارلىق ئادەملەرگە جاۋابكار بولىمىز، شۇڭلاشقا، بىزلەر كەلگۈسىدە ھەرقانداق قىينچىلىقتا ئۇچرىساقمۇ، ئۇنى يۈزدەيۈز ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. چۈنكى بىزلەر قۇرۇق سۆز بىلەنلا شىجاڭ خەلقىنى، دۆلەت ئىچىدىكى بارلىق ئادەملەرنى ئالدىمايمىز» دەيدۇ.

سىزلەرگە مەلۇمكى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى مەركەزنىڭ ئەڭ كاتتا ئەربابلىرىنىڭ بىرىدۇر، مۇشۇ ئورۇندا تۇرۇپ، ئۇ سىياسىي ئىشلارنى ئەمەلگە قويۇش پروگراممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ، دەپ ئويلايمەن. راست، بىزنىڭ خەلقىمىز قۇرۇق سۆز، قۇرۇق ۋەدىلەرگە ئىشەنمەس بولۇپ قالغاندى. بۇ سۆزنى مەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەجلىسىدە ئېيتقاندىم. مەن بۇ ھەقتە بىر نەرسە ئېيتىپ بېرەي: بىر كۈنى بىر كىشى مېھمانغا بېرىپتۇ. داستىخاندا قىچا مېيى قاچىدا تۇرسا، ئۇنى بال دەپ يەپ قويۇپتۇ. ئىككىنچى بىر مېھماندارچىلىققا بارغاندا داستىخاندا بال تۇرسا، ئۇنى قىچا مېيى دەپ يېمەپتۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، ئۆتكەندە بىزنىڭ خەلقىمىزگە ئاچچىق قىچا مېيى قويغان بولسا، ھازىر بال تەييارلاۋاتقاندۇر. شۇنداقتىمۇ سىزلەردە ئىشەنمەسلىك ۋە بىر خىل گۇمانلىنىش باردۇر. لېكىن، مەن بىتىمنىڭ تولۇق ۋە توغرا ئەمەلگە قويۇلۇشىغا ئىشىنىمەن ۋە بىتىمنىڭ بىرمۇ ماددىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلماي قالماسلىقىغا يول قويمايمىز، دەپ ئويلايمەن.

بۇ يەرگە كېلىپ ئاڭلىشىمچە، بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىككى

خىل چۈشەنچە بار ئىكەن. بىرىنچى، بىتىمگە ئىشەنمەسلىك، ئىككىنچى، بىتىمدە چوڭراق ھوقۇق ئالماپتىمىز دېگەن.

بىرىنچى چۈشەنچە ئۈستىدە توۋەندىكى ئىزاھاتنى بېرىمەن: بىز بىتىمنى مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن تۈزدۇق، مەركىزىي ھۆكۈمەت بولسا ئۆزىنى ئەڭ خەلقچىل ھۆكۈمەت دەپ ھېسابلاپ يۈرگەن ھۆكۈمەتتۇر. خەلقچىل ھۆكۈمەت، بىزنىڭ چۈشىنىشىمىزچە، ۋەدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان ھۆكۈمەتتۇر، لېكىن، دۇنيادا بەزىبىر سىستېمىدىكى ھۆكۈمەتلەر باركى، ئۇلار بىتىمگە ئەمەل قىلمايدۇ. ئۇچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، فاشىست قۇرۇلمىسىدىكى دۆلەتلەر بىتىمنى بىر پارچە قەغەز قاتارىدا كۆرمەيدۇ. روزۋېلت مۇنداق دېگەنىدى: «گىتلېرنىڭ: ھەرقانداق مۇئاھىدە ــ توختام كېلەچەكتە كېرەكسىز قۇرۇق قەغەزگە ئايلانمايدۇ، مەڭگۈ كۈچىدە ساقلىنىدۇ، دېيىشى مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانداق مۇئاھىدە قەغىزىنى يىرتىپ تاشلاش بەك مۇمكىن ئىش. ھەرقانداق توختامغا قول قويۇشنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ۋىجدانى بىلەن ھېسابلىشىپ، ۋەدىسىنى چىڭتىشقا تىرىشقان ئادەمنى ئەخمەق دەپ ئېيتىش كېرەك. ساڭا دۈشمەن بولغان تەرەپ قۇرۇق قەغەزگە توختام يېزىپ مۇئاھىدە قىلدۇق، مەسىلىنى ھەل قىلدۇق، دەپ تىنچلىنىدىغان بولسا، ئانداق قەغەزلەرگە دۈشمىنىڭنى ئەخمەق قىلىپ يالغاندىن ئىمزا قىلىۋېلىش كېرەك، چۈنكى، بۇگۈن ئىمزا قىلىپ دۈشمىنىڭنى تىنچلاندۇرۇپ قويۇپ، ئۆز ئىشىڭنى تەييارلاپ، بىر كۈن كەلگەندە ۋەدەڭنى، توختامنى كېرەكسىز قەغەز قاتارىدا يوق قىلىش مۇمكىن. سۆزسىز، مەن ھەرقانداق قەغەزلەرگە ئىمزا قىلىۋېرىمەن، لېكىن مېنىڭ ئىمزايىم ماڭا مەجبۇرىيەت يۈكلىمەيدۇ. كېرەك ۋاقىتتا مەن ھۆججەت، مۇئاھىدە، ئىمزالارغا قارىماي، ئۆزۈم بىلگەنچە ھەرىكەت قىلىۋېرىمەن.»

بۇ سۆزنى يېقىن كىشىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرغاندا سۆزلىگەن بولۇپ، راۋشىنىنىڭ «گىتلېرنىڭ سۆزلىرى» ناملىق كىتابىدا نەشر قىلىنغان، لېكىن بۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى گىتلېر پۈتۈن گېرمانىيە خەلقىگە قىلغان خىتابىدا، يەنى *1935* ــ يىل *1* ــ

مارتتا سۆزلىگەن نۇتقىدا «قەغەزگە يېزىلغان ھۆججەتلەرگە قا-رىغاندا قان كۆچلۈكرەك، سىياھ بىلەن يېزىلغان ۋەدە ۋە ھۆج-جەتلەر بىر كۈندە قان بىلەن يۇيۇلۇپ تاشلىنىشى مۇمكىن» دېگەن. فاشىست زومىگەرلىرى مۇشۇ نۇقتىدا تەربىيەلەنگەن. ئەگەردە بىز گېرمانىيە بىلەن بىتىم ئىمزالىغان بولساق، ھەرگىز ئىشەنمىگەن بولاتتۇق. يەنە تەكرار ئېيتقاندا، بىز ئۆزىنى خەلق-چىل دۆلەت دەپ يۈرگەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن پۈتۈم ئىمزا قىلدۇق. بىتىمنى ئەمەلگە ئاشمايدۇ دەپ ئىشەنمەسلىككە بىزدە ھېچقانداق ئاساس يوق.

ئىككىنچىدىن، پۈتۈمدە ھوقۇق تولۇق ئەمەس دەپتۇ، بۇ-نىڭدىن چوڭراق ئالساق بولاتتى دېگۈچىلەرگە كەلسەك، ئۇلار-غا ئەھۋال بىلەن ھېسابلاشمىغۇچىلار ياكى چۈشەنمىگۈچىلەر دەپ باھا بېرىمىز. ئەگەر ئۇمۇمىي ئەھۋالنى چۈشىنىپ تۇرۇپ يەنە پىتنە ـ ئىغۋانى داۋام قىلغۇچىلار بولسا، ئۇلارنى خەلقى-مىزنىڭ دوستى دەپ ئېيتالمايمىز. ئۇلارنى بىز خەلقىمىزنىڭ غې-منى يېگۈچىلەر دەپ ئېيتالمايمىز، ئۇلارنى بىز خەلقىمىزنىڭ قې-نىنىڭ تۆكۈلۈشىگە ئېچىنىدىغانلار دەپ ھېسابلىمايمىز. ئۇلار بىزنىڭ دوستىمىز ئەمەس، بىز بىتىمدە ئىمكانىيەت دائىرىسىدىكى ھوقۇقلارنى ئالدۇق، بىز تارىختا قاراپ ئىشنى ئالدىن بەلگى-لەپ، تىنچلىق ۋە ئەركىنلىك ئاساسىدا پۈتۈمگە ئىمزا قىلدۇق.

شۇنىڭ ئۈچۈن تىنچلىق ئاساسىدا ئىمكانىيەت دائىرىسىدى-كى ھوقۇقنى ئالدۇق. سىزلەرگە بۇگۈنكى ئەركىنلىك ئانچە تەسىر قىلمىغاندەك كۆرۈنىسىمۇ، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى، قومۇل خەلقىگە ھېچ كۆرۈلمىگەن ھالدا تەسىر قىلدۇ.

ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىگە ئۇلار ئىشەنگەن يەرلىك خەلقتىن مەمۇرىيەت خادىملىرىنى سايلاش ھوقۇقى بېرىدۇ. بۇ ھوقۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى تەرتىپ بەل-گىلىنىدۇ:

ۋاقتىنچە بۇ ئىشتىن كېيىن ئۈچ ئاي ئىچىدە ھەربىر نا-ھىيەدىكى خەلقلەر ناھىيەلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ، نا-ھىيەلىك كېڭەش ھەيئىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ناھىيەلىك كېڭەش

ھەيئىتى ھاكىم ۋە ھاكىم مۇئاۋىنلىرىنى سايلايدۇ. قالغان ناھە-يە، ئىدارىلەرنىڭ بۆلۈم باشلىقىدىن يۇقىرى باشلىقلىرى ھاكىم تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ.

سايلام ئۆتكۈزۈلگەن دەۋرگە قەدەر ۋاقىتنچە رايون، ۋىلا-يەت، ناھىيەلەردە ئۇ يەردىكى بار بولغان مەمۇرىيەت ساقلىنىدۇ.

ۋىلايەتلىك ۋەكىللەر (ۋالىيلار) ۋە ئۇلارنىڭ مۇئاۋىنلىرى يەرلىك خەلق تەرىپىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تە-رىپىدىن تەستىق قىلىنىدۇ. ۋىلايەت ئىدارىلىرىدىكى ۋەزىپىلەرگە خىزمەتچىلەر ۋىلايەت ۋەكىلى (ۋالىي) تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ. ھەربىر ناھىيەلىك كېڭەش ھەيئىتى تەشكىل بولغاندىن كېيىن، ئۇلار قانۇنغا ئاساسەن ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتىنى سايلايدۇ. ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتى خەلقنىڭ رايىنى تەمىن قىلىش بى-لەن بىللە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەرىكىتىنى تەكشۈرىدۇ ۋە ياردەملىشىدۇ. ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنىپ، ئومۇمىي دائىمىي سايلام ئۆتكۈزۈلگەنگە قەدەر، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش چارىلىرى 9 ـ ماددا بويىچە بەلگىلىنىدۇ، دې-يىلگەن. ئەگەر بۇنىڭغا قالغان ئون ماددا ئىچىدىكى مەزمۇن قوشۇلىدىغان بولسا، ئۆتمۈشتىكى تارىخىمىزنى بۇنىڭغا سېلىش-تۇرساق، ئاندىن توغرا باھا بېرەلەيمىز. ئۆتمۈشتە نۇرغۇن يىل ئۆتتۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بىز ئۇنىڭغا توغرا باھا بېرەلمەي-مىز، بۇنىڭغا ھازىرقى كۈندىكى جەنۇب خەلقلا توغرا باھا بې-رەلەيدۇ. چۈنكى، سىلەرنىڭ ئۆتمۈشتىكىلار ئۇلارنىڭ ھازىرقى-سىدۇر. بۇنى ئەستىن چىقارمىساڭلار بولىدۇ.

بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى بىلمەي ۋە كۆرمەي تۇرۇپ، پىتنە ـ ئىغۋا تارقاتقۇچىلار بىزنىڭ دوستىمىز ئەمەس. راست، ئۇلار نا-ھايىتى ئاز ساندىكى ئۇنسۇرلار، شۇنداق بولسىمۇ، يېقىندا ۋىلايىتىمىزدە بىتىمگە مۇۋاپىق بولغۇسى ۋەكىل ئۆزگىرىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، شۇ ئۆزگىرىشتە شاخ چىقىرىپ، پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ يۈرمىسۇن ئۈچۈن، ئۇلار توغرۇلۇق سۆزۈمدە ئەسلىتىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم.

ئەخمەت ئەپەندىم يۇقىرىدىكى دوكلاتىدا بەزى زور پىرىنسىپال مە-
سىلىلەرنى شەرھلەپ ئۆتتى، بىراق يەنە بىرمۇنچە كونكرېت مەسىلىلەر-
نى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەندۈرۈش كېرەك.

«11 بىتىم»نىڭ ھەربىي قىسىملارنى قايتىدىن تەشكىللەش تەلىپى-
گە ئاساسەن، مىللىي ئارمىيە دۆلەت ئارمىيەسى تەۋەلىكىگە قوشۇۋېتى-
لىشى كېرەك، گومىنداڭنىڭ پاگون ـ كاكارلىرىنى تاقاش كېرەك، لې-
كىن بۇ بىز ئۈچۈن ھېسسىيات جەھەتتە پەقەتلا قوبۇل قىلغىلى بولماي-
دىغان ئىش. ئىشنىڭ ماھىيىتىنى خەلق ئاممىسىغا، جەڭچى ـ ئوفىت-
سېرلارغا چۈشەندۈرۈش ئاسانغا توختىمايدۇ. دەرۋەقە، بىتىمنىڭ قوشۇم-
چە ئىككىنچى ھۆججىتىدىكى 6 ـ ماددىسىدا مىللىي ئارمىيەنى ئۆزگەر-
تىپ تەشكىل قىلىش ئالاھىدە مەزمۇن قىلىپ كىرگۈزۈلگەن. مىللىي
قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش دېگەنلىك، مىللىي ئارمىيە «دۆ-
لەت ئارمىيەسى» تەركىبىگە كىرىدۇ، كونكرېت ئېيتقاندا، ھەربىي فورما
ۋە كاكار ـ پاگونلار بىرلىككە كەلتۈرۈلىدۇ دېگەنلىكتۇر.

بىراق ئەخمەت ئەپەندىم ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇپ گېنېرال ئىس-
ھاقبېك، ماژاروفلار بىلەن ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپتۇ. كۆپچىلىك
مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا چوڭقۇر ئويلاشقاندىن كېيىن، ئالدى
بىلەن كوماندىرلار يىغىنى چاقىرىپ ئۇلارغا ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇش ۋە پا-
گون ـ كاكار مەسىلىسىنىڭ ھەرگىزمۇ تەسلىمچىلىك بولماستىن، پە-
قەتلا ئىستراتېگىيە جەھەتتىكى ئېھتىياج ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش
كېرەك دېگەن پىكىرگە كەپتۇ. جاڭ جىجوڭ ئەپەندى يېقىندا زىيارەتكە
كېلىدىغان بولغاچقا، بايا دېگەن ئۇسۇلنى قوللىنىپ مىللىي ئارمىيەنىڭ
تىنچلىق بىتىم قوشۇمچە 2 ـ ھۆججىتىگە ئاساسەن قوشۇنىمىزنىڭ
قايتىدىن تەرتىپكە سېلىنىۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويۇش كې-
رەك. دېمەك مەسىلىلەرنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر
ئىدى.

شۇ كۈنى مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتابى ئارمىيەنى قايتا
تەشكىللەش مەسىلىسىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئوفىتسېرلار يىغىنى
چاقىرىپتۇ. گېنېرال ئىسھاقبېك گومىنداڭنىڭ پاگون ـ كاكارلىرى
قاچىلانغان ساندۇقنى ئەكەلدۈرۈپ ئاغزىنى ئېچىشقا بۇيرۇق قىپتۇ، ئوفىت-
سېرلار گومىنداڭنىڭ پاگون ـ كاكارلىرىنى كۆرۈپ ھەرگىز قوبۇل قىلماي-
دىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. كۆپچىلىك ئىشنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنەلمەپتۇ

ھەمدە: «بىز ئۆزىمىزنىڭ پاگون ـ كاكارلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىزمۇ؟ جەڭلەردە ئاز قان تۆكمىدۇق، قانچە سەپداشلىرىمىز جېنىدىن ئايرىلدى، شىددەتلىك جەڭلەرنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزدۇق. ئەمدى كېلىپ مۇشۇ كاكارنى تاقايمىزمۇ؟ بۇ غۇرۇرىمىزنى دەپسەندە قىلغانلىق، تەسلىمچىلىك ئەمەسمۇ!» دېيىشىپتۇ.

بۇنداق نارازىلىقنىڭ چىقىشى ئىنتايىن تەبىئىي ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىتىمنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن بىرقانچە ئىشنى ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. بولۇپمۇ، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى غۇلجىغا كەلگەندە، كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ ئاشۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى. لېكىن بۇنداق قىلغانلىق ئۆز مەيدانىمىزدىن ۋاز كەچكەنلىك ھېسابلانمايتتى. ئەمدىكى مەسىلە، گومىنداڭ تەرەپنىڭ بىتىمنى قانداق ئىجرا قىلىشىدا ئىدى.

يۇقىرىدا دېگەندەك، ئاممىغا بولغان ئىدىيەۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، ھەربىي گازارمىلار، ئوفىتسېرلار مەكتەپى قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ، جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇش، ئىدىيەلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئەھۋالنى قوشۇنغا ئوبدان بىلدۈرۈش لازىم. ئىككىنچىدىن، يەرلىكتىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، دىنىي زاتلار ۋە ئاممىغا بولغان ئىدىيەۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى.

ئەخمەتجان ئاممىنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنەتتى، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەيتتى، ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەرگە ھەقىقىي كۆيۈنەتتى. بولۇپمۇ، تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زاتلارغا ئوبدانراق خىزمەت ئىشلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئومۇمەن، ئاممىغا خىزمەت ئىشلەشكە ماھىر ئىدى.

ھاكىمبەگ غوجا بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىلىغا ۋالىي بولدى. ئۇ كىشى ئاق كۆڭۈل، ئامما ئارىسىدا ناھايىتى يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە، دېموكراتىيە ۋە ئىلغارلىقنى ياقلايدىغان ۋەتەنپەرۋەر زات ئىدى. ئوغلى قېيۇم بەگ مىللىي ئارمىيەنىڭ پولكوۋنىك دەرىجىلىك ئوفىتسېرى ئىدى. ئەخمەتجان ھاكىمبەگ غوجا بىلەن كۆرۈشكەندە، بۇ مويسىپىت قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆزىنىڭ ۋەزىيەت تەرەققىياتى ھەققىدە بىرنەرسە دېيەلمەيدىغانلىقىنى، لېكىن ئەخمەت ئەپەندىمگە تولۇق ئىشىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى قوللايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ھاكىمبەگ غوجىنىڭ مەيدانى كۆپ قىسىم دىنىي زاتلارغا تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئۇنىڭ

ئوغلىمۇ بۇيرۇققا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئاتا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ پوزىتسىيەسى ئەينى چاغدا ئاممىنىڭ ۋە ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەرنىڭ پوزىتسىيەسىدىكى بۆرۈلۈشنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

كەينىدىن ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن گېنېرال ئىسھاقبېك ئاساسىي قاتلامدىكى ھەربىيلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋال ئىگىلەپتۇ. ئوفىتسېرلارمۇ بىرقانچە سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ:

— ئەپەندىم، بىزنىڭ ھەربىي كاكارلىرىمىز كۈچىدىن قالدىمۇ؟ بىز گومىنداڭنىڭ پاگون ـ كاكارلىرىنى تاقىمىساق بولمامدۇ؟

ئەپەندىم بۇلارغىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپتۇ:

— سورىغان سوئالىڭلار توغرا، لېكىن بۇنى توغرا چۈشىنىش كېرەك. سىلەرگە ئاجايىپ تۇيۇلۇۋاتىدۇ. سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلەرنى چۈشىنىمەن. بۇ يەردىكى مەسىلە، بىز رەقىبىمىزنى پاكىت بىلەن كۈتۈشنى بىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، مىللىي ئارمىيەمىزنى ساقلاپ قالالايمىز ھەمدە ئارمىيەگە كېتىدىغان بارلىق خىراجەتنىڭ يېرىمىنى



1946 ـ يىل 6 ـ ئايدا «تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە بىتىمنىڭ 2 ـ قوشۇمچە ھۆججىتىگە ئاساسەن تەرتىپكە سېلىندى. بۇ ئەخمەتجاننىڭ قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈرگەن ۋاقتىدا چۈشكەن سۈرىتى. شۇ چاغدا مىللىي ئارمىيە ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ گومىنداڭنىڭ ھەربىي كاكارى بىلەن مىللىي ئارمىيەنىڭ كاكارىنى بىرگە تاقىغان.

جاڭ ئەپەندى ۋە داڭ بىگاڭلاردىن ئالىمىز. رەئىس جاڭ جىجوڭ پات ئارىدا غۇلجىغا كەلمەكچى، سىلەر جەڭگىۋار ھالىتىڭلارنى ساقلاڭلار، ھەربىي ئىنتىزام نامايان قىلىنسۇن، ئۆزۈڭلەرنى روھلۇق، سالماق تۇتۇڭلار!

ئەخمەتجان بىلەن گېنېرال ئىسھاقبېككە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېر ـ جەڭچىلىرىگە گومىنداڭنىڭ كاكار ـ پاگونلىرىنى تاقاشنى تەۋسىيە قىلىش ئۆز ئىرادىسىگە مۇخالىپ ئىش ئىدى. بىراق، چوڭ ۋەزىيەت ئالدىدا جانلىق تاكتىكا قوللىنىپ، ئىككى قوللۇق سىياسەت ئارقىلىق قارشى تەرەپ قوللىنىۋاتقان ئىككى قوللۇق سىياسەتكە تاقابىل تۇرۇش ھەممىدىن مۇھىم ئىدى. ئەخمەت ئەپەندىم جىېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ قان كېچىپ ئۇرۇش قىلغان، جەڭلەردە زور تۆھپىلەرنى ياراتقان بۇ قەدىناس سەپدىشىنىڭ ھازىر قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىيلەن چاسىنچىلا كىيىنىپ گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ كاكارىنى تاقاشتىن ئۆزلىرىنى ئەپقېچىشنى مەسلىھەت قىلىشىپتۇ. ئەمما ئۇلار جاڭ جىجوڭ ئەپەندى كەلگەندە ئۇنى ياخشى كۈتۈپ، ئۇنىڭدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىتىمىنىڭ ھەربىر ماددىسىنى ئىرىشىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈۋاتقاندەك تەسىرات قالدۇرغاندىلا، مىللىي ئارمىيەمىزنى قوغداپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى.

ئەپەندىم كۆپچىلىككە يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ئوبدان چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئارمىيەمىزدىن يۈكسەك ئىنقىلابىي روھنى ساقلاپ، كۈرەش ئىرادىسىنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئىنتىزام، فورما جەھەتلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ. بىتىمنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە تەسىر بولمىسۇن ئۈچۈن ئارتۇقچە سۆز ـ ھەرىكەتلەردىن خالىي بولۇش، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىشنى تەكىتلەپتۇ.

ئەپەندىم قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ جەڭچىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەپتۇ ھەمدە ئۇلاردىن قوللىرىدىكى قورالنى مەھكەم تۇتۇپ، ھوشيارلىقنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقنى تەلەپ قىپتۇ.

ئارقىدىن ئەپەندىم ئۆزى بىر قوللۇق قۇرغان باياندايى ھەربىي مەكتەپكە كېلىپ، ھەربىي مەكتەپنىڭ سىياسىي كومىسسارى نۇر سادىروفتىن كۇرسانتلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپتۇ ھەمدە ئالدىنقى سەپتىن مەكتەپكە ئۆگىنىشكە كەلگەن كۇرسانتلارنى يىغىپ، كۆپچىلىكنى ئۆز

ئورنىدا چىڭ تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپتۇ.

نۇر سادىروف 1918 - يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان، ياش چاغلىرىدا شىڭ شىسەيگە قارشى كۈرەشلەرگە قاتنىشىپ قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىدە ياتقان. «تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن تۈرمىدىن چىقىپ، مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا ناھەق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان. ئاقلانغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغان، 1995 - يىلى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

1946 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى غۇلجىدا چىقىدىغان گېزىتتە ئەخمەتجاننىڭ قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈرگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر بېرىلدى:

> 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم پولكوۋنىك مەرغۇپ ۋە پودپولكوۋنىك مۇھەممەتئىمىننىڭ ھەمراھلىقىدا سۈيدۈڭدىكى قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باردى. پولكوۋنىك سوپاخۇننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى بۇ يەردە تۇراتتى. ئەخمەت ئەپەندى جەڭچىلەرنىڭ ياتاق شارائىتىنى، ئۆگىنىش مۇھىتىنى، مەشىق مەيدانىنى، ئاشخانا - تاماقخانىلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن پۈتۈن جەڭچى - ئوفىتسېرلاردىن مۇنداق دەپ ھال سورىدى:
>
> — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيەسىنىڭ قەھرىمان جەڭچىلىرىگە سالام!
>
> ئەخمەت ئەپەندىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا پۈتۈن مەيداندا كۆكنى ياڭراتقان ئاۋاز كۆتۈرۈلدى:
>
> — سىزگە سالام!
>
> مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان ئولتۇرۇپ نۇتۇق سۆزلىدى:

«هۆرمەتلىك كوماندىر ،ئوفتسېر ۋە جەڭچىلەر، قېرىنداشلار!

سىلەر ئىككى يىل مابەينىدە ئۆيۈڭلەرنى تاشلاپ، سوغۇق ۋە ئىسسىق دېمەستىن، ۋەتەن، مىللەت، دىن يولىدا كۈرەش قىلدىڭلار ۋە شىددەتلىك جەڭلەردىن يانماي، باھادىرلارچە كۆرەشلىرىڭلەرنى داۋام قىلدۇرۇش نەتىجىسىدە، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە ھۆرلۈك ۋە ئازادلىق يەتكۈزدۈڭلەر، ئەگەردە سىلەر — باھادىر جەڭچىلىرىمىز ئىسسىق - سوغۇق دېمەستىن، فرونت مەيدانلىرىدا كۈرەش قىلمىغان بولساڭلار، ئۇ ۋاقىتتا پۈتۈن مىللىتىمىزنىڭ مۇنقەرز بولۇشى تەھقىق ئىدى. ماڭا بۇ جايدا ئۆتمۈشنىڭ تارىخىنى چۈۋۈپ سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا كەڭ تۈردە سۆزلىنىپ، ئاممىغا ئۇقتۇرۇلغاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن كېلەچەكنى سۆزلىشىم لازىم، سىلەر بولساڭلار، ئۇرۇش جايىدىن قايتىپ بۇ جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇڭلار، بۇ جايدا تىنچ تۇرۇش بىلەن ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ كۈرەش قىلىشنىڭ كۆپ پەرقى بار، ئەلۋەتتە، ئۇنى ئايرىپ چىقىشىمىز كېرەك. بىز دۈشمەننى قوغلاپ ماناس بوسۇغىسىغا بارغىنىمىزدا، ئازاد قىلىنغان ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەت خەلقىدىن باشقا جايلاردىكى خەلقىمىز ناھايىتى زور قىيىنچىلىق ئاستىدا قالدى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى مۇستەبىتلىك سىياسەت زۇلۇم زەنجىرلىرىنى خەلق بويىنىغا قاتتىق ئۇردى. بولۇپمۇ ماناس، قۇتۇبىغا ئوخشاش جايلاردىكى خەلقلەر ھاياتلىقتىن ئۈمىد ئۈزگەندى ۋە ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈش خەۋپى ئالدىدا تۇراتتى. شۇ مەزگىلدە ئۇرۇشىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ ماڭغاندا، نۇرغۇنلىغان خەلقىمىزنى قىرغىنچىلىققا قويغان بولاتتۇق ۋە ناھەق قان تۆكۈلۈشكە سەۋەبچى بولاتتۇق، شۇنداق تەس ۋە شۇنداق قىيىن بىر ۋەزىيەتتە مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بىزلەرنى ئۇرۇمچىگە ئەۋەتتى، بىز بۇ بىر ئېغىر ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلاندۇق. بىز ئۇ جايغا بېرىپ ئەھۋال بىلەن ھېسابلاشتۇق، تەكشۈرۈپ قارىغىنـ

مىزدا، مەسىلىنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەل بولىدىغانلىقى ۋە پايدى-لىق شارائىتلارنىڭ تۇغۇلۇش ئىمكانىيىتىنىڭ بارلىقىنى سەزدۇق، ئەگەردە پايدىلىق شارائىت ۋە ئىمكانىيەتلەر بولمىسا، كۆپلەپ قۇربان بېرىش ۋە قان تۆكۈشكە توغرا كېلەتتى ۋە شۇ يوسۇندا ئىش ئېلىپ بېرىش لازىم ئىدى، لېكىن، بىزنىڭ تۇتقان يولىمىز ئادالەتلىك ۋە قان تۆكمەسلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇتتۇق، غا-لىبىيەتلەرنى كۈچەيتىشنىڭ چارىسىگە كىرىشىپ، سۆھبەتنى سەككىز ئاي داۋام قىلدۇردۇق، نەتىجىدە ئومۇمىيۈزلۈك پايدىنى قولغا كەلتۈردۇق، مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىپ، *11* ماددىلىق بىتىم قارارىغا قول قويۇپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قايتا قۇردۇق. بۇ بىتىم قارارلىرى ۋە ماددىلىرى گېزىت بەتلىرىدە ئېلان قىلىندى. ئەلۋەتتە، سىلەر ئۇنى تولۇقى بىلەن ئوقۇپ چىق-قانسىلەر، بىتىم قارارى ۋە تىنچلىق ماددىلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ شەكلىگە كۆز سالغاندا، باشقىچە تۇيۇلىسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئۇتتۇقلىرى ھېسابسىز. بۇ ئۇتتۇق، غالىبى-يەتلەر ئۆلكىمىزنىڭ تارىخىدا بىرىنچى نۆۋەت كۆرۈلدى دېسەك ئاشۇرغان بولمايمىز. ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىكىمىز ئۈچۈن كەڭ شارائىت ۋە ئىمكانىيەتلەر تۇغۇلدى. ئۆلكىمىزنىڭ خەلقى مەمۇ-رىي ھوقۇقنى قولغا ئالدى، ھەربىر بىتىم ماددىلىرى بىلەن تونۇشقان بولساڭلار، مەزمۇن جەھەتتىن خەلقىمىزگە پايدىلىق. جەنۇبتىكى زۇلۇم ئاستىدا كۆن ئۆتكۈزۈۋاتقان خەلقىمىزگە مە-دەت بېرىلگەن ھوقۇقلارنى بىلىدىڭلار، شۇ ھوقۇقلارنىڭ بەدە-لىگە بىز تەرەپتىن شەكىل جەھەتتە ئازغىنە ئۆزگىرىشلەر بولۇ-شى كېرەك، شەكىل جەھەتتىن بولىدىغان ئۆزگىرىشلەردىن شاخ چىقارغۇچىلار بىزنىڭ دوستلىرىمىز بولالمايدۇ. بىزلەر بۇ نۇقتىدا ئومۇمىي خەلقچىللىقنى دېسەك، شەكىل تەرەپتىكى ئاز-تولا ئۆزگىرىشلەرگە ئېتىبار قىلماسلىقىمىز لازىم. بىتىم بىلەن بىزنىڭ پارلاق ئىستىقبالىمىز تەمىن ئېتىلىدۇ. بىتىم بىزنىڭ سىياسىي پى-روگراممىمىز، بىتىمگە تولۇق رىئايە قىلىشىمىز لازىم. مۇسۇلماندى-چىلىقنىڭ يولىمۇ ۋەدىگە ۋاپا قىلىشتۇر، مەن چىن كۆڭلۈم بى-

لەن ئـشـنىمەن، سىلەرنىڭ ئـاراڭلاردا پـتـنـە ـ ئىغـۋا تارقاتقـۇ-
چىلار يوق ۋە ئۇنداقلارغا يول قويمايسـلەر، مـۇنـىڭدىـن كېيـن
يول قويماسلىقىڭلارنى سورايمەن («يول قويمايمىز» دېگەن ئـا-
ۋازلار ياڭرىدى).

ياشىسۇن ئادالەتچىلىك ۋە خەلقچىللىق!

ئەبەدىي يوقالسۇن مۇستەبىتلىك !

چىڭىسۇن مىللەتلەرنىڭ بىرلىك ئىتتىپاقى ۋە دوستلۇق

مۇھەببىتى!

ياشىسۇن مەردانە ،باتۇر جەڭچىلىرىمىز !

ھۇررا! ـ ھۇررا! ـ ھۇررا!»

ئەخمەتجاننىڭ نۇتقى تامـام بولغانـدىن كېيـن، مەيدانـدا «ھۇررا» دېگەندەك قىيقاسلار كۆككە كۆتۈرۈلدى. جەڭچىلەرنىڭ ئۈستۈن روھلىرى يىغىن ئەھلىگە يەنە زور شادلىقلارنى قوشتى. ئاندىن كېيىن كوماندىرلار ئىچىدىن *1* ـ باتالىيون باشلىقى پورروچىك سايتوف مەخمۇتجان چىقىپ:

ـــ ھۆرمەتلىك مۇئاۋىن رەئىسىمىز ئەخمەتجان قاسىموف، سىز ۋەتەن ئازادلىقى ئۈچۈن بولغان قانلىق ئۇرۇش ئۇزلۇكسىز داۋام قىلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا، مەسلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئېغىر خىزمەتنى ئـورۇنلاش ئۈچۈن ئـۇرۇمچىگـە ماڭدىڭىز، ئۇ چاغدا بارغاندا گومىنداڭ ۋەكىللىرى بىلەن ھېچ قورقماستىن يېگـىلمەي سۆز تالىشىپ، ئۇتۇق قـازاندىڭـىز ۋە كۆپلىگەن غالىبىيەتلەرنى مەۋجۇت قىلىپ، مەسلىنى تىنچلىق ئاساسىدا ھەل قىلدىڭىز. بۇنىڭغا پۈتۈن جەڭچىلەر نامىدىن تۆگمەس رەھمەتلەرنى بايان قىلىمەن ھەمدە مۇنىڭدىن كېيىن سىزنىڭ كۆرسەتمىڭىز بىلەن تاپشۇرۇلغان قانداقلا بىر ئېغىر خىزمەت بولمىسۇن، ئۇنى ئورۇنلاشقا بىزلەر كۆن ـ تۈن بىلەن تەييار ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرىمەن. ۋەتەن، مىللەت، دىن يولىدا بىز ھېچقانداق كۈچىمىزنى ئـايىمايـمىز، شۇنـىڭ بىلـەن بىللـە، سىزنى ۋە باشقا رەھبەرلەرنـى كۆز قارىچۇقىمىزدەك ساقلاشقا

ھەرقاچان جېنىمىزنى پىدا قىلىمىز، سىز ئېيتقان قۇرۇلۇش ۋە تەشكىلىي دەۋردىكى سىناقتىن ئۆتۈشكە ھەممە جەڭچىلەر نامىدىن ۋەدە بېرىپ سۆزۈمنى تاماملايمەن، — دېدى. گۈلدۈراس ئالقىش ۋە ھۇررا قىيقاسلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلىشىپ 10 مىنۇت سوزۇلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەخمەتجان پوررىچىك سايتوف مەخمۇتجاننىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ:

— رەھمەت، مەن پۈتۈن ئەسكەرلەرنىڭ قولىغا تەڭلەشتۇرۇپ، سىزنىڭ قولىڭىزنى تۇتتۇم ۋە سىزلەرنىڭ تىلەك ـ مەقسەتلىرىڭىزلەرنى ئورۇنلاشقا ھاردىم ـ تالدىم دېمەي ئىشلەشكە ۋەدە بېرىمەن ۋە خەلقىمىزنىڭ پارلاق ئىستىقبالى ئۈچۈن ئىلگىرىلەشكە جېنىمنى پىدا قىلىمەن، — دېدى. يەنە ئالقىش ۋە ھۇررا ـ قىيقاسلار ئۇزۇنغىچە داۋام قىلدى. ئاندىن كېيىن مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى گېنېرال مايور ماژاروف، پودپولكوۋنىك مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف، پولك كوماندىرى پولكوۋنىك سوپاخۇن بىلەن ئۇزۇن سۆھبەتلىشىپ، سائەت 3 يېرىمدا ئۆز يولداشلىرى بىلەن غۇلجا شەھرىگە قايتتى.



مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى بىتىمنى قەتئىي ھىمايە قىلىدىغانلىقلىرىنى ۋە ئاكتىپلىق بىلەن ئىجرا قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. مانا بۇلار كېيىنكى خىزمەتلەر ئۈچۈن سېلىنغان مۇستەھكەم ئاساس ئىدى.

ئەپەندىم قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدا، مىللىي ئارمىيە مۇئاۋىن ئىشتاب باشلىقى مەتىمىن ئىمىنوف ئۇنىڭ بىللە بىلەن بولغانىدى. ئىمىنوف 1919 ـ يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلغان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە پارتىزان، پولك كوماندىرى، مىللىي ئارمىيەدە مۇئاۋىن ئىشتاب باشلىقى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 5 ـ كورپۇس 13 ـ دىۋىزىيە كوماندىرى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ گېنېرال مايور دەرىجىلىك مۇئاۋىن قوماندانى، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون-

لۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. 1970 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەن. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، قەبرىسى ئۇرۇمچىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا يۆتكەلگەن.

ناھايىتى روشەنكى، بىز بىتىمگە زور ئۇمىد باغلىدۇق. گەرچە گومىنداڭ تەرەپتىكى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى تىنچلىقپەرۋەر ئادەم بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر قىسىم گومىنداڭ جاھىللىرى جاڭ جىجۇڭ بەك يۇمشاقلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئاستىرتتىن خىلاپلىق قىلىپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ كەلدى.

بىتىمگە ئاساسەن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ مىللىي ئارمىيەنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيەسىمۇ تارقىتىۋېتىلدى. لېكىن، گومىنداڭنىڭ جاھىل كۈچلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى توختاتماي، قورال تاشلاپ يۇرت ـ ماكانىغا قايتقان مىللىي ئارمىيە جەڭچى ـ ئوفىتسېرلىرىغا زىيانكەشلىك قىلدى. ئۆتمۈشنى سۈرۈشتۈرمەيمىز، تەكشۈرمەيمىز دېگەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، يۇرتىغا قايتقان تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيەسىنىڭ جەڭچى ـ ئوفىتسېرلىرىنى كېچىلىرى ئۆيلىرىدىن تارتىپ چىقىرىپ نۇرغۇنلىرىنى مەخپىي قەتلى قىلدى. يەنە زور بىر تۈركۈم ئىلغار ياشلار، دېموكراتىك زاتلار گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلدى ۋە قاماققا ئېلىندى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئادەم قېلىپىدىن چىققان رەزىل، پەس، قەبىھ ئالدامچى ئىكەنلىكىنى ھېچكىممۇ ئويلاپ كۆرمىگەنىدى. بىز گومىنداڭغا ساپ كۆڭلىمىز بىلەن قاتتىق ئىشىنىپ كېتىپتىكەنمىز، قوللانغان تەدبىرلىرىمىزنىڭ تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيەسىگە ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تەرەققىيپەرۋەر ياشلارغا بۇنچىلىك بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەنلىكىنى ئۇقۇپ، قاتتىق پۇشايمان قىلدۇق.

گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى زوراۋانلىقى ۋە ۋاپاسىزلىقى ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. ئۈچ ۋىلايەت خەلقى قۇربان بولغانلار ئۈچۈن قانغا قان، جانغا جان ئالىمىز، دەپ

قەسەم قىلىشتى. بۇ دەل بىر يىل بۇرۇن چۆچەك مۇھاسىرىدە قالغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۆچەكتە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ ياردىمى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە قېچىپ كەتكەن تارباغاتاينىڭ ۋالىيسى پىڭ رۇڭ قاتارلىق گومىنداڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى 1946 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن باشلاپ تۆت تۇركۈمگە بۆلۈنۈپ باقتۇ ئېغىزى ئارقىلىق قايتىپ كېلىۋاتقان ۋاقىت بولغاچقا، غەزەپلەنگەن ئامما ئۇلارنى قاتمۇقات قورشىۋېلىپ، گومىنداڭنىڭ سابىق ئامانلىقنى ساقلاش ئاتلىق 2 - پولكىنىڭ كوماندىرى لى جىڭشىڭ قاتارلىقلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ئەپەندىم ئېشىپراق كەتكەن بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ خاپىمۇ بولدى، ئالاقىدار خىزمەتچىلەرنى تەنقىدمۇ قىلدى ۋە بىتىمنى تىرىشىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىنچلىق يولى بىلەن مەسىلە ھەل قىلىش خەلقچىللىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزدىكى بىردىنبىر يول ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. بۇ ۋەقە گەرچە جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى غۇلجىدا زىيارەتتە بولىدىغاننىڭ ئالدىدىلا يۈز بەرگەن بولسىمۇ، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بۇ ئىشنى ئارتۇقچە سۈرۈشتۈرۈپ كەتمىدى. ئەپەندىممۇ بۇ ئىشنىڭ ئامما تەرىپىدىن ئىستىخىيەلىك قىلىنغان ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە چۈشەندۈرۈش بېرىپ ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى بىلەن بۇ ئىش ھېسابتا بېسىقىپ قالغان بولدى.

# 29. جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ غۇلجىدا زىيارەتتە بولۇشى

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن ئورۇن ئالدى.

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان زۇلۇم چېكىپ كەلگەن خەلق خەلقچىل سىياسەت ئورنىتىلىدىغان بولدى دەپ ئۈمىد كۈتمەكتە ئىدى. كىشىلەر ئەپەندىمنى چىن قەلبىدىن ھۆرمەتلەيتتى، ھەتتا ئۇنى خەلقنىڭ نىجات يۇلتۇزى دەپ قارايتتى. ئەپەندىمگە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن سان ـ ساناقسىز تەبرىك تېلېگراممىلىرى، تەبرىك خەتلىرى كەلگىلى تۇردى. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشەنچى ۋە قوللىشىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەخمەت ئەپەندىم شىنجاڭ گېزىتىدە مەخسۇس ئوچۇق خەت ئېلان قىلىپ رەھمىتىنى بىلدۈردى. خەتنىڭ تېكىستى ۋە تەھرىر ئىلاۋىسى تۆۋەندىكىچە:

## تەبرىكنامىلەرگە جاۋاب

ھۆكۈمەت تەشكىلى ئۆزگەرگەن كۈنلەردىن ئېتىبارەن ۋەتىنىمىزنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىغا، بولۇپمۇ قەدىردان مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاتارلىق خەلق ۋەكىللىرىگە كەينى ـ كەينىدىن تەبرىكنامىلەر كېلىشكە باشلىدى. بۇ سەمىمي سالاملار گېزىتىمىزگە ھەم ئۈزۈلمەي بېسىلىپ تۇرغاندى. يەنە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى، ئۆلىما ـ ئاخۇنلاردىن، قەشقەر يېڭىشەھەر ھاكىمى تۇراپ بەگدىن، ساۋەن ھاكىمى قالىبېك ئارقىلىق ھۆكۈمەت خىزمەت-

چىلىرىدىن كەلگەن تەبرىكنامىلەرگە ئەخمەت ئەپەندى جانابلىرىنىڭ يازغان جاۋابىنى باسماقچىمىز.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ۋە ئاخۇنۇملار باشلىق بارلىق پۇقرالىرىمىزغا!

قەشقەر كوناشەھەر ھاكىمى تۇراپ بەگ ئەپەندى جانابلىرى باشلىق بارلىق پۇقرالارغا!

ساۋەن ناھىيە ھاكىمى قالىبېك ئارقىلىق ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ۋە بارلىق پۇقرالارغا!

ھۆكۈمەت تەشكىلى ئۆزگىرىش خۇشاللىقى بىلەن مېنىڭ خىزمەت تاپشۇرۇۋالغانلىقىمغا سەممىي كۆڭۈللىرىڭىز بىلەن خۇرسەنچىلىكلىرىڭىزنى بىلدۈرۈپ ئەۋەتكەن تەبرىكنامىلىرىڭىزنى ئېلىشىم بىلەن بىرگە چەكسىز شادلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

تەبرىكنامىلىرىڭىزدە ۋەتىنىمىزنىڭ ئاۋاتلىقى، خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن باشلانغان كۈرەشلەر نەتىجىسىدە قولغا كەلگەن پارلاق خەلقچىللىقنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىش ئۈچۈن ئىشلەشكە ۋەدە بەرگەنىكەنسىلەر. مەن ھەم بارلىق خەلقىمىز بىلەن بىرلىكتە قولغا قول تۇتۇشۇپ، دەۋرىمىزنىڭ كېلەچىكىنى نىشان قىلىپ، يېڭى تارىخ يارىتىش ئۈچۈن ھەر دائىم تەييارمەن.

چۈنكى، بىز ئەسىرلەردىن بېرى ئىستىبداتچىلارنىڭ زەنجىرلىرىگە ئورىلىپ، قۇللۇق ئاسارىتىدە كۈن كەچۈردۇق. ئىستىبداتچى چىرىك سىياسەت ۋە قانخور ئەمەلدارلارنىڭ تۆمۈر تاپانلىرى ئاستىدا ئېزىلدۇق. ئەزىز مىللىتىمىز، دىنىمىز ئۇلارنىڭ ھاقارىتىگە، خورلىشىغا ئۇچرىدى. ئۇلار مىللىي ئازادلىق يولىدا مەيدانغا بەل باغلاپ چۈشكەن كۆپلىگەن ئىنقىلابچىلىرىمىزنى زىندانغا سالدى، دارلارغا ئاستى. ئەمما، كۈرەشچان، چىداملىق مىللىتىمىزنىڭ يۈرىكىدىكى ئىنقىلابىي ھېسلىرى ھېچقاچان پەسەيمەيدۇ، بەلكى زالىملارنىڭ زۇلمى ئاشقانسېرى ئىنقىلابىي ئاڭلىرى ئۆستى. ئەمگەكچان خەلقىمىزنىڭ تارىختىن تارتىپ بار بولغان مانا شۇ مىللىي ئازادلىق تۇيغۇسىنىڭ كۈچى ۋە ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىكى خەلقىمىزنىڭ قەھرىمانانە كۈرەشلىرى ئارقىسىدا ئەزىز ۋەتىنىمىزدە بۈگۈنكى كۈندە خەلقچىل ھۆكۈمەت قۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇق. ئەمدى مىليونلارچە

خەلقىمىزنىڭ ئەلەملىك يۈرەكلىرىدە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ساقلىنىپ كەلگەن شېرىن ئۈمىدلىرىنى قاندۇرۇش ۋاقتى كەلدى. بۇرۇن سايلاش، سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش نېرى تۇرسۇن، باشقىلارنىڭ خارلىشى بىلەن ئاياغ ئاستىدا دەسسىلىپ كەلگەن خەلقىمىز بۈگۈن ئۆز ھوقۇقىغا ئۆزلىرى ئىگە بولۇپ، ئىشەنگەن، سۆيگەن، سادىق كىشىلىرىنى سايلاش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بۇرۇن ھەركىملەرنىڭ ئالدىدا خارلانغان دىنىمىز ھەممە قائىدە شەرتلىرى بىلەن ئىجرا قىلىنىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى. شۇنىڭدەك ھەربىر مىللەتنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي سەنئەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىختىيارىي تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئىمكانىيەت ھازىرلاندى. بۇنىڭدىن كېيىن ھەربىرىمىزنىڭ ئالدىدىكى مۇھىم ۋەزىپە بىتىمدىكى قىممەتلىك ماددىلاردا كۆرسىتىلگەن ھوقۇقتىن تولۇق پايدىلىنىپ، يېڭى بەلگىلەنگەن سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پىروگراممىسىنى تولۇق ئىجرا قىلىش بىلەن بىرگە شۇ يولدا كېچە ـ كۈندۈز كۈرەشمەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىرىڭىزنى شۇ يولدا كۆپرەك كۈچ چىقىرىپ، ۋەتەن، مىللىتىمىزنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن كۈرىشىشكە چاقىرىمەن.

سالامەتلىكىڭىزنى تىلەپ ھۆرمەت بىلەن:

ئەخمەتجان قاسىمى

1946 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋەزىپىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇنلانغانلىقىدىن سۆزسىز پەخىرلىنەتتى ۋە غۇلجىغا زىيارەتكە كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى، خىزمەتلىرىنى، بۇ يەردە ياشاۋاتقان خەلقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقماقچى. ئۇنىڭ غەرىزى ئۆزىنىڭ ھەققانىيەتنى ياقىلىغۇچى تىنچلىقپەرۋەر گېنېرال ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىشمۇ ياكى «قوزغىلاڭچى» رايوننىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بېقىشمۇ، بۇنى ھېچكىم مۆلچەرلىيەلمەيتتى.

جاڭ جىجۇڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى بولغاچقا، بىز تەرەپ

ئۇنىڭغا «تايىنىلىقلا ئالتە تۇك - تۇك بىرنېمىلەرنىڭ غەلۋىسى ئىكەنغۇ» دېگەن تەسىرنى بېرىپ قويساق بولمايتتى. بەك يۇمشاق بولۇپ كەتسەك، گومىنداڭنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويىدىغان گەپ، بەك قاتتىق بولۇپ كەتسەك بىتىمنى ئىجرا قىلماپتۇ دەيدىغان بەتنامىنىڭ چاپلىنىپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ. ئۇنىڭ كېلىشى ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەرقايسى قاتلامدىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئوخشىمىغان ئىنكاسلارنى پەيدا قىلدى. لېكىن، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئازاب - ئوقۇبەتكە جاق تويغان ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى تىنچلىقنى تەلپۈنەتتى، يېڭى قۇرۇلغان بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ شىسەينىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمىتىگە ئوخشىمىسىكەن دېگەننى ئارزۇ قىلاتتى، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى گېنېرال جاڭ جىجۇڭغىمۇ زور ئۈمىد باغلايتتى. بىراق، ئۇزاقتىن بۇيانقى مەسىلىلەر تۇپەيلىدىن ئامما ھەرگىزمۇ گومىنداڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئاسانلا ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتى، قارشى چىقىدىغانلارنىڭ بولۇشىمۇ، ھەتتا چېكىدىن ئاشقان بەزى ھەرىكەتلەرنىڭ بولۇپ قېلىشىنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايتتى. شۇڭا جاڭ جىجۇڭنىڭ غۇلجىغا قىلىدىغان سەپىرىنى ئەتراپلىق، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش، خۇسۇسەن بىخەتەرلىك خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش ناھايىتى زۆرۈر ئىدى.



غۇلجىدىكى زىيارەت مەزگىلىدە جاڭ جىجۇڭ بىزنىڭ ئۆيگە ئائىلە زىيارىتى قىلىشنى پىلانلىغانىكەن، بىراق بىزنىڭ ئۆي شارائىتىمىز ناچار، ئائىلىمىزنىڭ ئەھۋالىمۇ ياخشى بولمىغاچقا، مېھمان كۈتۈۋېلىش ئىمكانىيىتىمىز يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەپەندىم باشتا جاڭ جىجۇڭنى كونا ئۆيدىلا كۈتۈشنى ئېيتىپ، نېمە بولسا شۇنى كۆرسۇن دەپ تۇرۇۋالدى. بىراق، ھاكىمبەگ غوجا، ئەنۋەر مۇساباييېفلار بۇنىڭغا زادىلا قوشۇلمىدى. ئۇلار گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلتىپاتىسىزمۇ خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشى بولالايدىغانلىقىنى مەركەز ۋەكىلىگە بىلدۈرۈپ قويماقچى ئىكەن. شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ ئۆيىمىز مەجبۇرىي دېگۈدەك نوۋىيگورد مەھەللىسىدىكى كەڭ - كۇشادە، كۆركەم، يوغان قورۇغا كۆچۈرۈلدى. ھەش - پەش دېگۈچە قورۇ تۈزەشتۈرۈلدى، مەن بىردىنلا ئازادە ئۆيلەرگە چىقىپ قالدىم. ئىچىمدە ئەجەبلەندىم، ھەتتا كۆنەلمەيدىغاندەك ھېس قىلدىم. بىراق بۇ ئىشلار مېنىڭمۇ، ئەپەندىمنىڭمۇ رايىغا باغلىق ئەمەسلىكىنى چۈشىنەتتىم.



1946 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ غۇلجىغا زىيارەتكە كەلگەندە، ئەخمەتجان ئايرودۇرۇمغا چىقىپ كۈتۈۋالدى.

1946 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سائەت 11 دە جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى ۋەكىلى رەھىمجان سابىرھاجىمۇ بىر ساماليوتتا كەلدى. ئۈرۈمچىدىن بىللە كەلگەنلەردىن يەنە ليۇ مىڭچۈن، چۇ ۋۇ، ليۇ زېرۇڭ، مەسئۇت سەبرى ۋە گومىنداڭنىڭ قازاق پولكوۋنىكى زەكىيخانلارمۇ بار ئىدى.

ئەخمەت ئەپەندى ھاكىمبەگ غوجا قاتارلىقلار بىلەن ئايرودۇرۇمغا چىقىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. مىللىي ئارمىيەنىڭ ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ئىككى چەتتە رەتلىك تىزىلغانىدى. جەڭچىلەر ئىچىدە ئۆزلىرى تىغمۇتىغ قارشى تۇرۇپ، قورallلىق جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ كاتتىبېشى كۆز ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ ئۇلارغا ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويۇشنىڭ تازا ياخشى پۇرسىتى دەپ ئويلىشاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممەيلەن ئېخىمۇ رەتلىك، ئېخىمۇ روھلۇق كەيپىيات ئىچىدە مەغرۇر تۇرۇشقا تىرىشاتتى.

جاڭ جىجۇڭ ئايروپىلاندىن چۈشكەندىن كېيىن، خۇددى چەت ئەلدە

زىيارەتتە بولۇۋاتقان دۆلەت باشلىقلىرىدەك ھۆرمەت قاراۋۇللىرىغا چاس بېرىپ ئېھتىرام بىلدۈردى.

شۇ كۈنى كەچتە ھاكىمبەگ غوجا نامىدا ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىدە زىياپەت بېرىلدى. مېھماندوست غۇلجا خەلقى جاڭ جىجوڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى دوستانە كۈتۈۋالدى. ھەر خىل يەرلىك تائاملار داستىخانغا لىق تولدى. ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە كۈلكە ـ چاقچاقلار ئىچىدە كۆپچىلىك تىنچلىقنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كۆرگەندەك ھېسسىياتتا بولدى. تاماقتىن كېيىن كىنو قويۇپ بېرىلدى.

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن جاڭ جىجوڭ ئەپەندى ھەرقايسى ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە بەزى مۆتىۋەرلەرنىڭ ئۆيىنى ھېيتلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن بىزنىڭ يېڭىدىن بىزەلگەن ئۆيىمىزگە كېلىپ، ئىشىكتىن كىرىپلا مەن بىلەن ناھايىتى قىزغىن سالاملاشتى. مەن ئىككىنچى قېتىم بولغاچقا، ھەربىر ئىشتىم قولايلىق بولمىسىمۇ، يەنىلا چىرايلىق ساھىبخانلىق قىلدىم. بۇ دەل روزا ھېيت بولغاچقا، داستىخانلارمۇ خېلى مول ئىدى.



1946 ـ يىل 8 ـ ئايدا جاڭ جىجوڭ ئەپەندى غۇلجىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە چۈشكەن سۈرەت. ئوڭدىكى ئۈچىنچى كىشىدىن باشلاپ ئەخمەتجان، مەسئۇت سەبرى، جاڭ جىجوڭ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى، غېنى، رەھىمجان، ليۇ مېڭچۈن، ھاكىمبەگ غوجا.

— ياخشى كۈتۈۋالغىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت، — دېدى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھازىر يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، ئەمدى ئۇرۇمچىگە كۆچۈپ بارسىلەر، بۇنىڭدىن كېيىن باردى ـ كەلدى قىلىشىپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىناق ئۆتىمىز. ھامىلىدار ئىكەنسىز، سالامەتلىكىڭىزگە دىققەت قىلىڭ، سالامەت بولۇشىڭىزغا تىلەكداشمەن، مېنى كېلىدۇ دەپ ئا فۇجۇشى بەك ئاۋارە بولۇپ، چوڭ تەييارلىقلارنى قىلىپتۇ، ئا فۇجۇشىغا رەھمەت.

ئەمما گەپنىڭ راستىنى قىلغاندا، بىزدە «گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خەلقنى ئەزدى، بىز ئۇلارغا قارشى تۇرىمىز» دەيدىغان قاراش بولغاچقا، ئۇ كىشىنىڭ ھەربىي شەپكىسىدىكى كاكارىغا زادى قارىغۇم كەلمىدى، ئۇچىسىدىكى گومىنداڭنىڭ فورمىسى كۆزۈمگە زادىلا سىغمىدى.

شۇ كۈنى كەچتە جاڭ جىجۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسىغا بېرىپ زىياپەتتە بوپتۇ.

8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى غۇلجا جىلىلىيۇزىگە چىقىپ، ئۇ يەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، مەي باغلاپ پىشقان مېۋىلىرى، لەرزان شاماللىرى، گۈللەرنىڭ خۇش پۇراق ھىدلىرىدىن بەھرىمەن بولدى. «ئادىلشاھ» دەيدىغان باغدا كۈتۈۋېلىشلەر بولدى. شۇ كۈنى كەچتە مەسئۇت سەبرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئايالى سارەنى يوقلىدى.

8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ھەمراھلىقىدا كەڭساي، سايرام كۆلى قاتارلىق جايلاردا زىيارەت ۋە ساياھەتتە بولدى. كەڭسايدا ئالاھىدە توختاپ، ئۇ يەرنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى، بەلكىم جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ئارمىيەسىنىڭ ئامېرىكا قوراللىرى بىلەن قوراللىنىپ تۇرۇقلۇق دەل مۇشۇ يەردە مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندۇر.

ئۇ 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چىلپەڭزىگە بېرىپ، قورغاس چېگرا ئېغىزىنى كۆزدىن كەچۈردى.

9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ غۇلجا ۋاڭ قادىرنىڭ بېغىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى نامىدا ئۇچ ۋىلايەتتىكى ھەربىي ـ مەمۇرىي كادىرلارغا خوشلىشىش زىياپىتى بەردى. زىياپەتتە گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ۋە ئەخمەت ئەپەندىملەر سۆز قىلدى. جاڭ جىجۇڭنىڭ سۆزى ئۇچ



1946 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا جاڭ جىجوڭ ئەپەندى تەلكىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئوڭدىن ئىككىنچى كىشىدىن باشلاپ رەت بويىچە زەكىيخان، چۇ ۋۇ، ئەخمەتجان، جاڭ جىجوڭ، ھاكىمبەگ غوجا، ليۇ زېرۇڭ.

ۋىلايەت تەرەپ گېزىتىدە ئېلان قىلىندى، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تېكىستى تۆ- ۋەندىكىدەك:



سۆيۈملۈك قېرىنداشلار!

بۇ قېتىم بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمىزدە ۋاقىت ناھايىتى قىس بولغانلىقتىن، ھەربىرىڭىزلەردىن ئايرىم ھال سورىيالمىغانلىقىم ئۈچۈن كۆپ خىجىل بولدۇم. بۈگۈنكى كۈندە، يۈز كۆرۈشۈش مەقسىتى بىلەن ئەرزىمىگەن تاماق ھازىرلىدىم، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، مۇشۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ سىزلەرگە بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلماقچىمەن.

ھەممىڭىزگە مەلۇم، ھازىر ئۆلكىمىز بويىچە تىنچلىق ئورنالدى. بۇ قېتىمقى تىنچلىقنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى، بىر تەرەپتىن، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تىنچلىق سىياسىتىنى قوللانغانلى-

قى، ئىككىنچى تەرەپتىن، قوشنىمىز سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ يې-قىندىن ياردەمدە بولغانلىقى ھەمدە پۈتۈن ئۆلكىمىزدىكى خەل-قىمىزنىڭ بىردەك تەلپىي ئارقىلىق بولدى، دەپ ھېسابلاشقا بو-لىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تىنچلىقنى قەدىرلەپ، مۇھاپىزەت قى-لىپ، سۆيۈپ، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئەبەدىي قىلىپ ساقلىشىمىز لازىم. تارىخ بېتىنى ئېچىپ كۆرسەك، ئۆلكىمىزدە بىرنەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان كۆپلىگەن قوزغىلاڭلار داۋاملىق ھالدا بولۇپ كەلدى. ئۆلكىدىكى قوزغىلاڭلاردا ۋە ھەرىكەتلەردە غالىبىيەت قازىنىلغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا ئېچىنارلىق، پاجىئەلىك خۇلاسە-لەر كېلىپ چىقتى. بۇ قېتىم ئىلى قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، تىنچلىق مەيدانغا كەلدى. ئۇنى ھۆرمەت قىلىپ، قەدىرلەپ، مۇھاپىزەت قىلغاندىلا، پۈتۈن ئۆل-كە بويىچە ئەبەدىي تىنچلىقنى ساقلىغىلى بولىدۇ.

تىنچلىق ۋۇجۇدقا چىققاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت *1* ـ ئىيۇل كۈنى قايتىدىن تۈزۈلۈپ، ئۆز تەركىبىگە ھەربىر مىللەت خەلقىنى قاتناشتۇردى. بۇ قۇرۇلغان ھۆكۈمەت خەلق-چىللىق ئاساسىدا تەشكىل بولغانلىقتىن، ھەممە ئىشنى خەلقنىڭ پىكرىگە بىنائەن ئېلىپ بېرىشقا كىرىشتى. مەن ھەربىرىڭلارغا سەممىيلىك بىلەن ئېيتىمەنكى، يېڭى قۇرۇلغان ئۆلكىلىك ھۆ-كۈمەت ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى ئىككى ئاي داۋامىدا خەلق مەنپەئەتى-نى كۆزلەپ، ساداقەتلىك بىلەن بىرلىشىپ تىرىشىپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، ئىككى ئاي ئىچىدە بىرمۇنچە زور مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئۇنى ئە-مەلگە ئاشۇرۇش چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ مۇھىم نۇقتىلار-نى مۇزاكىرە قىلىپ تەستىقلاپ چىقىشتا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى يېقىن مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن ناھىيە باشلىقلىرىنى خەلقلەر ئۆزلىرى ئىشەنگەن كىشى-لىرىدىن سايلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ناھىيەلىك كېڭەش ئەزالىرى ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلايدۇ. بۇ مەسىلە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىغا تاشلانغاندا، مۇزاكىرە قىلىنىپ تەستىقلىنى-

دۇ. بۇ مۇھىم نۇقتىلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خەلقچىللىق سىياسىتىنى يۈرگۈزىدىغانلىقىنى تولۇق ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىدە 24 ئەزا بار، مەن بىلەن 25 ئەزا بولۇپ، بارلىق مەسىلىلەرنى ناھايىتى چوڭقۇر مۇزاكىرە قىلىپ، شۇ ئاساستا ئېلىپ بارىدۇ. مۇندىن كېيىنكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خەلقچىل ھۆكۈمەت بولۇپ، چىن دىلى بىلەن خەلققە خىزمەت قىلىدۇ.

مىسالى: ئەخمەتجان ئەپەندى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، رەھىمجان ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپىدۇر.

ھازىرقى ۋاقىتتىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى بىر ئائىلىدىكى ئاكا ـ ئۇكىلاردەك ئىتتىپاقتا بولۇپ، خەلققە خىزمەت قىلماقتا. بۇ بۈگۈنكى خەلق ۋەكىللىرى ئالدىدا سۆزلەشكە ئەرزىيدىغان بىر ئىش. سۆزۈمنى مۇشۇ يەرگە يەتكۈزگەندە، ھەربىرىڭىزلەرگە تاشلايدىغان پىكرىم بار. ئۇ بولسىمۇ، ئىلى ۋەقەسى تىنچلىق بىلەن ھەل بولدى، بۇ خەلقنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقى، بۇ ھەربىرىڭىزلەرنىڭ تەبرىكلىشىگە ئەرزىيدۇ. بۇ قېتىم قۇرۇلغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىگە ھەربىر مىللەت ۋەكىللىرى قاتناشتى. يۈرگۈزۈلگەن سىياسەت ــ خەلقچىللىق سىياسەت، بۇ ئىككى تۈرلۈك ئۇتۇقنى تەبرىكلەش ئۈچۈن چاۋاك ئۇرۇشىڭىزلارنى سورايمەن. (چاۋاك)

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خەلقچىللىق سىياسىتىنى ئەمەلدە يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، مەمۇرىي ئىشلارنى يۈرگۈزۈش پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ پروگراما توققۇز بابتىن ئىبارەت. بۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆلكىمىزدە ئەبەدىي تىنچلىق، ھۆرلۈك، بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇشقا ئىگە بولۇشقا ۋەدە بېرىمەن. بۇنى تەستىق قىلىشتا ئەخمەت ئەپەندى: «پروگراما تولۇقى بىلەن يۈرگۈزۈلسە، ئۆلكىمىزدە تىنچلىقنىڭ ئاساسى قۇرۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆلكىمىز ھۆرلۈك بېغىغا ئايلانغۇسى» دېدى. ھەقىقەتەن بۇ مە-

مۇرىي ئىشلارنى يۇرگۈزۈش پروگراممىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندا، ئۆلكىمىزنىڭ ھۆرلۇك بېغىغا ئايلىنىشى ئېنىق. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەستىق قىلىنغان مەمۇرىي ئىشلارنى يۇرگۈزۈش پروگراممىسىنىڭ بىرىنچى بابى سىياسەت بولۇپ، بۇ 11 تارماقتىن ئىبارەت. ھەربىر تارماقنى ئوقۇپ ئۆتۈشكە ۋاقىت تار بولغانلىقتىن، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تارماقنى ئوقۇپ ئۆتىمەن. بىرىنچى، خەلقچىللىق سىياسىتىنى يۇرگۈزۈپ، سىياسىي ئىشلارغا قاتنىشىش ئۈچۈن خەلقلەرگە تولۇق ھوقۇق بېرىلىدۇ. ئىككىنچى، خەلقنىڭ مەپكۇرىدە، سۆزدە، مەتبۇئاتتا، يىغىلىشتا، ئۇيۇشۇشتا، ئولتۇراقلىق ۋە كۆچۈپ يۇرۇشتە، بەدەننى ۋە مال ـ مۈلكىنى ساقلاشتا بولغان تولۇق ھۆرلۇكى قانۇن بىلەن ھىمايە قىلىنىدۇ، كاپالەتلىك بېرىلىدۇ دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن كېيىن خەلقنى سىياسەتتە تولۇق ھوقۇققا ئىگە دېسەك بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن خەلقنى ئۆز ئادىتىدىكى تۇرمۇشلىرىنى كەچۈرۈشكە ھوقۇقلۇق دېسەك بولىدۇ.

مىللەتلەر مەسىلىسى ئالتە تارماقتىن ئىبارەت:

(1) ھەربىر مىللەت سىياسىي، ئىقتىسادىي، قانۇنىي ئىشلاردا ۋە مائارىپ ئىشلىرىدا تەڭ ھوقۇقلۇق بولىدۇ.

(2) ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزئارا دوستلۇقنى ۋە بىر ـ بىرىدىگە ياردەملىشىش روھىنى ئالغا سۈرۈپ، زىچ ئىتتىپاقلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ.

(3) ھەربىر مىللەتنىڭ مىللىي يېزىقى ۋە تىللىرى، مۇزىكا (ساز)، سەھىيە، سەنئەت ھەمدە پۈتۈن مەدەنىيىتى راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

(4) ھەربىر مىللەتنىڭ دىنىي ئېتقادىغا ھۆرمەت قىلىنىپ، دىنغا بولغان سىقىشلار يوق قىلىنىدۇ.

(5) پىتنە ـ ئىغۋا سۆزلەر، مىللىي ھاقارەت ۋە باشقا مىللىي زىتلىق تۇغدۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان سۆزلەر ۋە ھەر تۈرلۈك ھەرىكەتلەر بىلەن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى ۋە ئىتتىپاقنى بۇزۇش ئىشلىرىغا قارشى قاتتىق رەۋىشتە چارە قوللىنىلىدۇ.

(6) بىر مىللەتنى يەنە بىر مىللەت ئاسسىمىلياتسىيە قى-

لىشقا ۋە ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، دىنلىرىغا دەخلى يەتكۈزۈش ئىشلىرىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. خۇسۇسەن مەيدە (ئاز سانلىق) مىللەتلەرگە ئايرىم غەمخورلۇق قىلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ ئۆلكىمىزدە ياشىغان مىللەتلەرنىڭ كۆپ تەلەپلىرى بار ئىدى. ئۇ ئەمەلگە ئاشقان ئەمەس، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، خەلققە تولۇق ھوقۇق بېرىش ئۈچۈن، بۇ سىياسىي پروگراممىنى تۈزۈپ چىقتى. ھازىرقى ۋاقىتتا پروگرامما ئىچىدىكى ھەربىر ھەرپلەرگە ئاساسلىنىپ، ئىش ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىلىدۇ. بۇنىڭغا تولۇق كېپىللىك بېرىمەن. مەمۇرىي ئىشلارنى يۈرگۈزۈش پروگراممىسىنىڭ ئۈچىنچى بابى تاشقى ئىشلار بولۇپ، بۇ باب بەش تارماقتىن ئىبارەت.

جۇڭگو بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق قەتئىي رەۋىشتە كۈچەيتىلىدۇ. بۇ جۇڭگو دۆلىتىنىڭ تۇتقان يولى بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكە خەلقىنىڭ ئۈمىدىدۇر. بىزلەر ئەلۋەتتە شۇ ئاساستا ئىش ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم.

بۇ پروگراممىنىڭ تۆتىنچى بابى ئىقتىساد، بەشىنچى بابى مالىيە، ئالتىنچى بابى نەقلىيات، يەتتىنچى بابى مائارىپ، سەككىزىنچى بابى مەدەنىيەت، توققۇزىنچى بابى ساقلىقنى ساقلاش، سەھىيە ئىشلىرىدىن ئىبارەتتۇر.

بۈگۈنكى كۈندە ۋاقىتنىڭ تار بولغانلىقىدىن، ھەربىر جەريانىنى ئالاھىدە چۈشەندۈرۈپ ئۆتمىدىم. بۇ پروگرامما كېيىنكى ۋاقىتتا، ھەربىر ئىدارە، ناھىيە ھاكىملىرىغا تارقىتىپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭدىن مۇزاكىرە قىلىپ مەلۇمات ئالارسىزلەر.

بۇ پروگراممىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئۆلكىمىزدە خەلقچىللىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشتە 11 ماددىنى ھەم ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىڭىزلەر بۇنى ھىمايە قىلىپ، پۈتۈن ئۆلكە خەلقلىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا خەيرخاھلىق بىلدۈرۈپ ئىجرا قىلىشىڭىزلار لازىم.

بۇ مەمۇرىي ئىشلارنى يۈرگۈزۈش پروگراممىسىنىڭ قىممىتى كىرىش سۆزدە كۆرسىتىلگەنلىكتىن، مەن ئۇنى بۇ يەردە ئوقۇپ ئۆتمەن. ئۇ بولسا، «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت

مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىنى تەمىن قىلىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، خەلقچىللىق سىياسەتنى يۈرگۈزۈپ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، قەتئىي رەۋىشتە پارىخورلۇقنى ۋە ئەپيۇنگە ئوخشاش زەھەرلىك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشنى ۋە قىمارۋازلىقنى مەنئى قىلىپ ھەمدە پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، بىرلىكتە يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئىشلىرىغا تىرىشىپ، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنى تىنچ، ھۆر، ئاۋات، كامالەتلىك ۋە بەخت ـ سائادەتلىك، ئەبەدىي تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن مەزكۇر سىياسىي ئىشلارنى ئەمەلگە قويۇش قوللانمىسىغا بىنائەن ئىش ئېلىپ بارىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت.

بىزلەر پىروگراممىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن، ئەڭ دەسلەپ كىرىش سۆزنى ھىمايە قىلىشىمىز لازىم.

سۆيۈملۈك قېرىنداشلار!

بۈگۈن مەن سىزلەرنى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلىش بىلەن قىممەتلىك ۋاقتىڭىزلارنى سەرپ قىلدىم. ھازىر ۋاقتىقا رىئايە قىلىپ سۆزۈمنى قىسقارتىمەن. مەن ئىككى ئايدىن بۇيان ئۆلكە خەلقىگە قارىتىپ بىرقانچە مۇراجىئەت ۋە نۇتۇقلارنى سۆزلىگەندىم، شۇنىڭ ئىچىدە 5 ـ ئايدا ئۈچ مەسىلەك ئاساسىدىكى يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش روھى توغرىسىدا بىر ماقالەم بار. 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدە ھەر مىللەت خەلقلىرىگە سۆزلىگەن سۆزۈم بار. 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى پۈتۈن ئۆلكە خەلقلىرىگە قىلغان مۇراجىئەتلىرىم بار. بۇ نۇتۇق ۋە مۇراجىئەتلەردىن ئازدىن ئالغاچ كەلدىم. ھازىر سىزلەرگە تارقىتىپ بېرىلىدۇ. بۇ نۇتۇق، مۇراجىئەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، يوليورۇق بولسا، تارتىنماي كۆرسىتىشىڭىزلەرنى سورايمەن. شۇنىڭدەك نۇتۇقتا مۇھىم سۆزلەر بار ئىدى. شۇنى پىكىر يوسۇندا كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى تەبرىك يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقۇمدا تۆت جۈملە مۇھىم سۆزۈم بار. ئۇ مۇھىم سۆزلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندا، ئۆلكىمىز بويىچە ئەبەدىي تىنچلىق ئورنىشىدۇ. بۇنىڭ بىرىنچى جۈملىسى «جۇڭگو بىلەن سوۋېت دوستلۇقىنى ئالغا سۈرۈش»، ئىككىنچى جۈملىسى «دۆلەت بىر-

لىكنى ھىمايە قىلىش»، ئۈچىنچى جۈملىسى «خەلقچىللىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش»، تۆتىنچى جۈملىسى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش». ئەگەر سوۋېت ـ جۇڭگو دوستلۇقىغا قارشى سۆزلەر بولسا، دۆلەت بىرلىكىگە قارشى سۆزلەر بولسا، خەلقچىللىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشتە قارشىلىق قىلغۇچىلار بولسا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە قارشىلىق قىلغۇچىلار بولسا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. مانا بۇنى ھەر بىرىڭىزلەرنىڭ چىن دىل بىلەن قارشى ئېلىشىڭىزلارنى سورايمەن. ئۆلكە خەلقىنىڭ پايدىلىنىدىغان ھەرقانداق ئىشلىرىغا مەركىزىي ھۆكۈمەت ئايانماي ياردەم قىلىدۇ. جۇڭگونىڭ 5000 يىللىق تارىخى، 450 مىليون نوپۇسى، ھېسابسىز بايلىقى بار. جۇڭگونىڭ ئازادلىق ئۇرۇشى باشلانغاندىن بۇيان، 100 يىلدىن بېرى سىرتماق بولۇپ كەلگەن تەڭسىزلىك ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ياپون جاھانگىرلىكىنى تارمار قىلىپ، دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىغا قوشۇلدى. جۇڭخۇا مىنگو پۇقراسى بولسا شەرەپلىك بولۇپ، نومۇسى يوق بولىدۇ. تىنچلىق بولۇپ، ئېزىلىش يوقىلىدۇ. بەختلىك بولۇپ، ئېغىرچىلىق يوقىلىدۇ. ئەگەر دۆلەتنى 10 ـــ 20 يىللارغىچە قۇرۇلۇش ئىشى بىلەن ئېلىپ ماڭغاندا تىنچلىق ۋۇجۇدقا كېلىپ، جۇڭگو دۇنيا بويىچە كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ سايلىنىدۇ.

ھازىرقى ۋاقىتتا بىرلىكنى، دۆلەت ئىتتىپاقىنى ھىمايە قىلىش بىلەن بىللە ياخشى پۇقرا بولۇپ، خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلەشكە كىرىشىشىمىز لازىم بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، جۇڭخۇا مىنگو پۇقراسىغا شەرەپلىك بەختلىكتىن باشقا زادىلا زىيان يوق.

مېنىڭ سۆزۈم كۆپ ئۇزارغانلىقتىن، سىزلەرنىڭ كۆپ ۋاقتىڭىزلارنى سەرپ قىلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەپۇ سورايمەن. ئەڭ ئاخىرىدا ۋاقىتنى قىسقارتىپ، 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ھەربىر مىللەتلەرنىڭ قاتنىششى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مەجلىستە سۆزلىگەن نۇتقۇمنىڭ ئاخىرىدا شوئارىم بار ئىدى، شۇ مېنىڭ نۇتقۇمنىڭ خۇلاسىسى بولىدۇ. ھەربىرىڭىزلەرنىڭ بىللە ۋارقىرىشىنى سورايمەن:

(1) جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوستلۇقىنى ئالغا سۈرەيلى!

(2) دۆلەت بىرلىكىنى ھىمايە قىلايلى!

(3) خەلقچىللىق سىياسىتىنى يۈرگۈزەيلى!

(4) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتەيلى!

(5) يېڭى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشىنى باشلايلى!

(6) ياشىسۇن جۇڭخۇا مىنگو!

(7) ياشىسۇن ئۈچ مەسلەك!

(8) ياشىسۇن بۈيۈك داھىيمىز جياڭ ۋېييۈەنجاڭ!

(9) ياشىسۇن شىنجاڭدىكى مىللەتلەر !

بۈگۈنكى زىياپەتكە قاتناشقان ھەربىر مىللەت ۋەكىللىرى، ھەربىي ۋەكىللەر، ساقچى ۋەكىللەر، ھەربىر مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشما ۋەكىللىرى، دېھقانلار، ئىشچىلار، سودىگەرلەر، يەرلىك مۆتىۋەر زاتلار، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي خەلقلىرىگە يالقۇنلۇق سالاملىرىمنى يوللايمەن! زىياپەتكە قىممەتلىك ۋاقتىڭىزلارنى بېرىپ كەلگەنلىكىڭىزلەرگە مىڭلارچە تەشەككۈر بايان قىلىمەن.



جاڭ جىجوڭ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئەپەندىم سۆزلىدى، تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

مۆھتەرەم قېرىنداشلار!

بۈگۈن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ بۇجاڭ خەلقىمىزگە زىياپەت بەرمەكتە ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆز سۆزىنى قىلىپ ئۆتتى.

قېرىنداشلار!

بىز قوزغالدۇق، قورال ئېلىپ قوزغالدۇق. خەلقىمىزنىڭ ھەققىنى تەلەپ قىلىپ قوزغالدۇق (ئالقىشلار). ئەگەردە مەركىزىي ھۆكۈمەت خەلقىمىزنىڭ ھوقۇقىنى تولۇق تەمىن قىلسا، بىز قورالنى يىغىشتۇرۇپ قويۇشقا تەييار ئىدۇق.

هازىر 20 ـ ئەسىر، تەرەققىيات دەۋرى، ئايروپىلان دەۋرى، ئاتوم دەۋرى، 700 چاقىرىم يەتتە چاقىرىمغا ئايلانغان دەۋر. دۇنيا خەلقى ئەركىن ياشاۋاتىدۇ. بۇ ئەركىنلىك دەۋرى، لېكىن ئۆلكىمىز 17 ـ ئەسىرنىڭ ئۇيقۇسىدا. ئۆلكىمىزنىڭ خەلقى دۇنيا خەلقى بىلەن بىرلىكتە هۆر ياشاشقا هەقلىق ئىدى.

لېكىن، مۇستەبىتلىك قارا سىياسەت ئۆلكە خەلقىگە يول قويمىدى. 20 ـ ئەسىردە 17 ـ ئەسىر مەدەنىيىتىدە ياشاش مۇمكىن ئەمەس، خەلقىمىز زۇلۇمغا بويسۇنمىدى، پۇرسەت كۈتتى. هەر دائىم ئالدىدا تاپانچا تەڭلەپ، ئارقىسىدا قىلىچ يالىڭاچلىتىپ تۇرغاندا «مەن ساڭا ئىتائەت» دېدى. ۋاقتىنى تاپقاندا، قورالىنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنى يوقاتتى. خەلقىمىز ئاخىرقى كۆتۈرۈلۈشتە هاكىممۇتلەقلىق ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەن ئەمەس. بىز هەم ئادەم، بىزگە هۆرلۈك كېرەك. بىز ئازادلىق دەپ كۆتۈرۈلدۇق. (ئالقىشلار)

كۆرىشىمىز غالىبىيەت قازىنىپ كېتىپ بارغان بىر مەزگىلدە، مەسىلىنى تىنچلىق ئاساسىدا هەل قىلىش ئۈچۈن بىزلەرنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتىڭىزلەر. سەككىز ئايلىق مۇزاكىرە نەتىجىسىدە هۆرلۈك ۋە باراۋەرلىك ئاساسىدا تىنچلىققا كەلدۇق.

ئۆلكىلىك هۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنە مېنى خەلق ۋەكىلى نامىدا مۇئاۋىن رەئىسلىككە بەلگىلىدىڭىزلەر. مەن بۇ ئورنۇمدا تۇرۇپ، خەلقنىڭ تەلىپىنى تەمىن ئېتىشكە تەييارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

ئىككىنچىدىن، ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ هەقىقىي خەلقچىللىق سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن هەرىكەت قىلىمەن. پۈتۈن ئۆلكىمىزدە خەلقچىللىقنى قانات يايدۇرۇش مەقسىتىدە بىرلىككە، تىنچلىققا كەلدۇق.

تىنچلىق ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچىسى قورقۇتۇش بىلەن بولغان تىنچلىق، ئىككىنچىسى ئەركىن تىنچلىق، ئۆز ئىختىيارى بىلەن بولغان تىنچلىق. دەرەخ ئۆز جايىدا تىنچ تۇرۇپ گۈللىنىدۇ ياكى يىلتىزىنى قۇرت يەپ قۇرۇپ كېتىدۇ، بىزنى قۇرۇتىدىغان تىنچلىقنى بىز خالىمايمىز.

مەركەز هۆكۈمىتىدىن ۋەكىل بولۇپ كەلگەن جاڭ بۇجاڭ

چۈشىنىش بىلەن ئۆتمۈشنى چىرىك سىياسەت دەپ باھا بەردى. بىزنىڭ كېلەچىكىمىز چىرىك بولمايدۇ. بىز ھەقنى ياقىلىغۇچىلار، ھەر دائىم بىتىمنى تولۇقى بىلەن ئىجرا قىلىشقا تەييارمىز. بىتىم ئارتۇقى بىلەن ئورۇنلانسا بىز بار، كېمەيسە بىز يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرلىكتە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىدىكىلەر شۇ خەلقچىللىق سىياستىنى يۈرگۈزۈشكە بەل باغلىدۇق.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىرىنچى قەدەمدە خەلقچىللىق سىياستىنى يۈرگۈزۈش چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى، يېقىن كۈنلەردە يېڭى سايلام ئۆتكۈزۈلمەكچى. ئارىمىزدا خەلق زىيىنىغا ئىشلەيدىغان، بەش پۇلغا سېتىلىدىغان يۈزسىز خائىنلار يوق ئەمەس. بۇلارغا ھۆكۈمەت ھېچقانداق يول قويمايدۇ. (ئالقىشلار)

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خەلقچىللىق سىياستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشكەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەت ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ ئىش ئېلىپ بارساق بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، ئۆلكىمىز گۈلزارغا ئايلىنىدۇ.

ياشىسۇن ئۆلكىمىزدە يۈرگۈزۈلىدىغان خەلقچىللىق سىياسەت!

ياشىسۇن ئۆلكىمىزدە ياشىغۇچى ھەربىر مىللەتلەر، شۇ جۈملىدىن خەنزۇ مىللىتىنىڭ خەلقچىللىق ئاساسىدىكى ھەقىقىي باراۋەرلىكى!

(ھۇررا، ئالقىش ۋە مۇزىكا)

ئەتىسى جاڭ جىجۇڭ ھەمراھلىرىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتتى. بىراق مەسئۇت سەبرى بالىچاقىلىرىنى يوقلاش باھانىسى بىلەن غۇلجىدا قالدى.

جاڭ جىجۇڭنىڭ غۇلجا سەپىرى خەلق ئارىسىدا ھەر خىل قاراش ۋە غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. بەزىلەر جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتى ئاخىر تەسلىم بولغان گېنېرالنى ئەۋەتتى دېسە، يەنە بەزىلەر بۇ بىر تۇزاق ئەمەستۇ، دەپ گۇمانلىناتتى. بىراق، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كۆپ سانلىق كىشىلەر بىتىمنىڭ ئىمزالىنىشى، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە ۋەكىللىرىمىزنىڭ ئورۇن ئالغانلىقى بىزنىڭ غەلىبىمىز دېيىشتى.

ئەخمەت ئەپەندىم مانا مۇشۇنداق زىددىيەتلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن جاڭ جىجوڭنى ئۇزىتىۋېتىپ، ئۆزى غۇلجىدا قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ھەپتە سەرپ قىلىپ، بىرىنچىدىن، ئىدىيەۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش؛ ئىككىنچىدىن، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى تارماق ۋە ئىدارە - ئورگانلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلدى ۋە 1946 - يىل 7 - سېنتەبىر كۈنى ئاممىۋى يىغىن ئۆتكۈزۈپ، خەلق ئارىسىدا بولۇۋاتقان بەزى سوئاللارغا جاۋاب بەردى.

تۆۋەندىكىسى 1946 - يىل 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى غۇلجا ئۆزبېك يازلىق كۇلۇبىدا ئەخمەتجاننىڭ سۆزلىگەن نۇتقى ۋە خەلقنىڭ سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابلىرى:

مۆھتەرەم قېرىنداشلار!

ئۆتكەن كۈنى «ۋىلايىتىمىزدە بىرمۇنچە ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسىنىڭ كېلىپ كېتىشى مۇناسىۋىتى بىلەن خەلقىمىز سىز بىلەن كۆرۈشۈشنى تىلەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈلسە» دېگەن تەكلىپ بىلەن مېنىڭ ئالدىمغا ۋەكىللەر كىرگەنىكەن، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۈگۈنكى بۇ مەجلىس ئېچىلىپ تۇرماقتا، شۇ سەۋەبتىن بۇ مەجلىس ئادەتتىكى مەجلىسلەرگە ئوخشىمايدۇ. مەن بۈگۈن سىزلەر تەرەپتىن قويۇلىدىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈنلا كەلدىم. سىزلەر تەرەپتىن سوئاللار قويۇلۇشتىن ئىلگىرى بىر - ئىككى ئېغىز سۆزلەشكە ئىجازەت قىلىشىڭىزلارنى سورايمەن.

مۇمكىنقەدەر ماڭا ئىدارە خىزمەتچىلىرى ۋە ئايرىم كىشىلەر تەرىپىدىن قويۇلىدىغان مەسىلىلەرگە ئومۇملاشتۇرۇپ جاۋاب بېرىشكە ھەرىكەت قىلاي. مېنىڭ سۆزۈمدىن كېيىن يەنە سوئاللىرىڭىزلار بولسا، ئۇ ۋاقىتتا يەنە سوئاللارغا ئايرىم جاۋاب بېرۇرمەن.

لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدەن رەسۇلۇللا، ئىمان ۋە ئىقرار قىلغۇچى ھەربىر بەندە ئىسلام دىنىدا بولىدۇ. ئىسلام ئاللاھتائالادىن كەلگەن ھەق دىنىنىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىش

دېمەكتۇر. ئاللا ھتائالا مۇ ھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىسلام دىنىنى بەندىلەرگە ياخشىلىقنى ئۆگەتمەك ئۈچۈن ئەۋەتكەندۇر. بۇ ئادەم بالىسى ئېسىنى بىلگەن كۈندىن باشلاپ ئۆگىنىلىدۇ. مەجلىستە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلار بولغانلىقتىن، مەن مۇشۇ ئىككى جۈملە سۆزنى ئەستىن چىقارماسلىقىڭىزلارنى ئۆتۈنىمەن. چۈنكى، ياخشىلىق بار جايدا مۇمكىنقەدەر بىز بار. ياخشىلىق يوق جايدا مۇمكىنقەدەر بىز يوق. بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئۆلكىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ئەھۋالىدىنمۇ قالاق بولغان ئىقتىسادىنى كۆتۈرۈش، قۇلچىلىقنى يوقىتىش، باراۋەرچىلىكنى ئورنىتىش، ھەقىقىي خەلقچىللىق سياسىتىنى يۈرگۈزۈش، خەلقلەرنىڭ ھۆرلۈكىنى تەمىن ئېتىش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت ئىدى. پۈتۈن ئىشىمىز ۋە ئەمەلىمىزگە مۇشۇ ئاساستا تۇرۇپ باھا بەرسەك يېڭىلىشمايمىز. يېقىندا ۋىلايىتىمىزدە يۈز بەرگەن بىر-مۇنچە ئۆزگىرىشلەر، ئومۇمەن، ئىشەنمىگۈچىلەرگە ئوزۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنمەسلىكىنى كۈچەيتسە كېرەك. مېنىڭچە، ئىشەنمەسلىككە ھېچقانداق ئاساس بولمىسا كېرەك. ئىشەنمىگۈچىلەر تارىخقا ئاساسلىنىدۇ.

«تارىختا كۆپ مەرتىۋە ئالدانغاندۇق، يەنە ئالداپ كەتمەسمۇ؟» دەپ شۈبھىلىنىدۇ.

«ئەسكەرلەرنى تارقىتىۋەتتىڭلەر»، «ساقچىلارنى قىسقارتىۋەتتىڭلەر»، «مالىيە ئىشلىرىمىزنى بۇزۇۋەتتىڭلەر» دەپ بىزدىن خاپىمۇ بولىدىغانلار يوق ئەمەس. راست، تارىختا خەلقىمىز بىر-نەچچە مەرتىۋە ئالدانغان. لېكىن، تارىختىكى ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن ھازىرقى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭدۇر. ئۇنىڭ پەرقىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئۆز مۇراجىئەتلىرىدە كۆرسىتىپ ئۆتتى ۋە ئۇنىڭغا باھامۇ بەردى. ئىلگىرىكى ئازادلىق ھەرىكەتلىرى دەۋرلىرىدە، قايسى تەرەپ غالىبىيەت قازانسا، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان تەرەپنىڭ ئادەملىرىنى قىرىشقا ھەرىكەت قىلغاندى.

(1) ھازىر خەنزۇ ئەھلى ئۇرۇمچىگە كۆچۈپ كېتىۋاتىدۇ. سەۋەبى نېمە؟

ئىنقىلاب ۋاقتىدا ئەرلىرى خەلققە قارشى چىققان بىرمۇنچە
خەنزۇ ئائىلىلىرى ئېغىرچىلىققا ئۇچرىدى. تەبىئىيكى، بىز ئازاد-
لىق ئۈچۈن كۈرەش قىلدۇق. خەلقىمىز قولىغا قورال ئېلىپ بىر-
نەچچە ئون يىللاپ ئۆلكىمىزدە ھاكىم بولۇپ كەلگەن مۇستەبىت-
لەرگە قارشى قوزغالغان دەۋردە، رەھبەرلىرىمىزنىڭ ئومۇمەن ئا-
دەم ئۆلتۈرۈشكە قارشى قىلغان چارىلىرى ناھايىتى جىددىي
بولىسمۇ، خەلق كۆزىگە زالىملىقى بىلەن تونۇلۇپ قالغان بىر-
مۇنچە كىشىلەر ھالاكەتكە ئۇچرىغانىدى. ئۇنى ئۆزلىرىڭىز
ياخشى بىلىسىزلەر، ھالاكەتكە ئۇچرىغان ئائىلىلەرگە ئازادلىق
كۈرەش دەۋرىدە كۆپ ياردەم بېرەلمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى-
دا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە شۇلارغا بۇ يەردە ياردەم بېرىش ياكى
ئېلىپ كېتىش تەكلىپى بولغانىدى. بىز ئۇلارنى ئەسىر ئالمىغاچ-
قا، ئۇلار قايسى ياققا بارىمەن دېسە ئەركىندۇر. بۇلار ئۇرۇمە-
چىگە ئۆز ئائىلىلىرىگە يەتكۈزۈلىدۇ. يالغۇز ئۇلارلا ئەمەس،
ئەسىر چۈشكەن ئەسكەرلەرنى ھەم قايتۇرۇپ بەردۇق. چۈنكى،
بىزنىڭ مەقسىتىمىز قۇل قىلىش ئەمەس، ئۆزىمىزنى قۇللۇقتىن
قۇتۇلدۇرۇشتۇر.

(2) مەركەز ئەسكەر ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ دەيدۇغۇ؟

بۇنىڭغا مەن جاۋاب بەرگەنىدىم. باشقا ۋىلايەتلەرگە ئەس-
كەر كەپتۇ دەيدۇ. ئۇنى ئىسپاتلايدىغان ھۆججەت يوق، بۇنى
بىز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسىگە مۇراجىئەت قىلدۇق. ئۇ كى-
شى «جەنۇبقا ئەسكەر يەتكۈزۈپ كېلىنگىنى يوق، ئەسكەرلەر
ھازىر بىر جايدىن ئىككىنچى جايغا يۆتكىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن
خەۋەر تاپالمىغانلار ئەسكەر ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ دەيدۇ» دېدى.
ئەسكەرلەر بىر يىل مۇددەت ئىچىدە قىسقىرىشى كېرەك، بۇنىڭغا
بىز ئىشىنىمىز.

(3) جەنۇبتا زۇلۇم بار دەيدۇغۇ؟

جەنۇبتا زۇلۇم بار دەيدۇ، بىزگىمۇ ناھايىتى نۇرغۇنلىغان
شىكايەتلەر چۈشۈۋاتماقتا. ئەلۋەتتە، جەنۇبتا زۇلۇم بولۇشى
ئېھتىمال مەسىلە، چۈنكى ئەكسىلھەرىكەتچى پارىخور ئەمەل-
دارلار ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرىدۇ. ئاز كۈندە ئومۇمىي سايلام
ئۆتكۈزۈلمەكچى، سايلامدىن كېيىن ئۇ ئەمەلدارلار ئورۇنلىرىدىن

قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە، جەنۇبتا زۇلۇم كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

(4) سايلام قاچان ۋە قانداق ئۆتكۈزۈلمەكچى؟

بىز مۇشۇ سەپەر بىلەن ئۇرۇمچىگە بېرىشىمىز ھامان جايلارغا سايلام ئۆتكۈزۈش ھەيئەتلىرى ئەۋەتمەكچى، سايلام ئاۋاز بېرىش يولى بىلەن كەڭ خەلقنى جەلپ قىلىپ ئۆتكۈزۈلمەكچى. ھازىرقى سايلام ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشاش ساقچى ۋە ئەسكەرلەر كۈچى بىلەن ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. خەلق ئىختىيار قىلغان كىشىلىرىنى سايلىۋېلىش كېرەك.

(5) ئالتە شەھەرگە بارغان كىشى ئالتە شەھەر خەلقىگە بۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇشقا بولامدۇ؟

ھەركىم سۆزدە، مەتبەئەدە ئەركىن، لېكىن، 11 ماددىلىق توختامغا خىلاپ ھەرىكەتتە بولمىسا بولىدۇ.

(6) ئالتە شەھەرگە بارغان كىشىگە خەۋپ بولامدۇ؟

بىز بۇ سوئالنى تاشلىغان كىشىنى قورققاق دەپ ئاتايمىز، ھىممىتى، غەيرىتى يوق دەپ تونۇيمىز. بىزنىڭ تۆت يېرىم مىليون خەلقىمىز بار، خەۋپ بولسا، پۈتۈن خەلقىمىز ھەممىسىگە تەڭ بولىدۇ.

(7) نېمە ئۈچۈن ئىستىبدات ھاكىمىيەت ئەمەلدارلىرىغا جازا بەرمەي ھىمايە قىلىنىدۇ؟

بۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تېگىشلىك تەكلىپ بولماي، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە خاس تەكلىپ بولۇپ قالدى. بىز ھېچقاچان ئېزىشنى خالىمايمىز. بىز ھوقۇقنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلدۇق. ئۇلارنى نېمە ئۈچۈن جازا بەرمەي ھىمايە قىلىدىكەن، بۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. لېكىن، ئۇلار ئەخلاقتا باغلىسا كېرەك (بۇ سوئالغا يەتتە ۋىلايەت خەلق ۋەكىلىدىن ئەسەدۇللا داموللامنىڭ قوشۇمچە جاۋابى: ناۋايلار سوغۇقناننى «ئىسسىق نان» دەپ ساتقاندەك، بىزنىڭ يۇرتىمىزدىن ئالتۇنلارنى ئىچكىرىگە ئېلىپ بېرىپ پارا بەرگەنلەرنى خەنزۇلار «ئەخلاقلىق» دەيدىغان ئوخشايدۇ، خالاس).

(8) كۆچادىكى سېيىت ئەخمەت غوجىغا نېمە ئۈچۈن جازا بېرىلمەيدۇ؟

سىيىت ئەخمەت غوجا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلار بىزنىڭ دۈش-
مىنىمىز ئەمەس. ئەگەر يامانلىقنى تاشلىسا، ئۇلار بىزگە دوست
بولالايدۇ. ئەگەر تاشلىمىسا، يېقىنقى كۈندە بولىدىغان سايلامدا
خەلق سۈزلەپ ئالار.

(9) مۇزداۋان مۇھاجىرلار ئۈچۈن ئوچۇقمۇ؟ خەلق ئۈچـۈن-
مۇ ئوچۇقمۇ؟

ھەممىگە ئوچۇق.

(10) گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت-
كە بويسۇنمىغۇچىلار بارمۇ؟

بويسۇنمىغۇچىلار ھەم بار، لېكىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت
رەئىسى ئۇلارنىڭ باش قوماندانى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بويى-
سۇنىدۇ دەيمىز.

(11) خەنزۇ ئائىلىسىگە ياردەم بېرىلىدۇ، ئۇرۇش ۋاقتىدا
زەرەرگە ئۇچرىغان يېڭى ھايات مەھەللىسىدىكى خەلقلەرگە
ياردەم بېرىلەمدۇ؟

خەنزۇ ئەھلىدىن ئۆز يېرىگە قايتقۇچىلارغا ياردەم بېرىلى-
دۇ. ئاقسۇ تەۋەسىدىن چىققان مۇھاجىرلارغا يەنە ياردەم بېرىد-
لىش ئېھتىمالى بار. ئەمما، يېڭى ھايات مەھەللىسىدىكىلەرگە
ياردەم بېرىش مۇزاكىرىگە چۈشكىنى يوق. لېكىن، يېڭى ھايات
مەھەللىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلىش ئېھتىمال.

(12) گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە
قارىمايدىغانلىرى بار ئىكەن، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن خەلق-
چىللىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش قانداق بولىدۇ؟

خەلقچىللىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش مۇمكىن. لېكىن،
ئەسكەر كۆپ بولسا، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەۋجۇت بولىدۇ.
بۇنىڭغا ھۆكۈمەت بىر چارە كۆرسە كېرەك.

(13) شىڭ شىسەي زالىم تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغان
مال ـ مۈلۈكلەر يەتتە ۋىلايەتتىمۇ قايتۇرۇلامدۇ؟

قوزغالماس مۈلۈك شەكسىز قايتۇرۇلىدۇ.

(14) مەركىزىي ھۆكۈمەت بىزگە قورال بېرەمدۇ ـ يوقمۇ؟

بېرىدۇ. پۈتۈننىڭ 2 ـ قوشۇمچىسىغا قاراڭ.

(15) چەت دۆلەتكە ئوقۇغۇچىلار قاچان چىقىدۇ؟

هازىر ھەجگە بارىدىغانلارغا رەسمىي ئامال قىلىنىۋاتىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ چەت دۆلەتلەرگە چىقىشى چەت دۆلەتلەر بىـ-
لەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ئالاقە باغلانغاندا مۇمكىن. مەدەنىي مۇناسىۋەت باغلاش ئۈچۈن ھەيئەت تەشكىل قىلىندى. بۇنىڭغا سەيپىدىن ۋە باشقىلار قاتناشتى. چەت دۆلەتكە ئوقۇغۇچىلار چىقىشى ئاز ۋاقىت ئىچىدە بولۇپ قالسا كېرەك.

(*16*) مەركىزىي ھۆكۈمەت بىزنىڭ ئۆلكىمىزدە خەلقچىللىق سىياسىتىنى يۈرگۈزمەكچى بولۇپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن قورچاق ئىستىبدات ھۆكۈمەتتىن قولغا چۈشكەن باسمىچى ئەسكەرلەرنى بىزنىڭ ئۆلكىمىزگە ئېلىپ كىرىدۇ؟

هازىر ئۇنىڭدىن خەۋىرىم يوق.

(*17*) بىزگە ئەسىر چۈشكەن تۆت مىڭچە ئەسكەرنى سىز قايتۇرۇپ بەرگەنىدىڭىز، نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا يەنە قورال بېرىپ جەنۇبقا جۆنەتتى؟

جۆنەتكەنلىكى توغرۇلۇق خەۋەر ئالغىنىم يوق.

(*18*) ئۈرۈمچىدە مەركەزنىڭ ئەسكەرلىرى ناھايىتى نۇرغۇن دەيدۇ. ئۇلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قارىمىسا، سىزلەرنىڭمۇ ئۆ-
زىڭىزلەرنى ساقلايدىغان ئەسكەرلىرىڭىزلەر بارمۇ؟

بىز خەلقچىللىق سىياسىتىنى جەزمەن پۈتۈن ئۆلكە بويىچە يۈرگۈزۈلىدۇ، تىنچلىق ئەبەدىي ئورنىتىلىدۇ دېگەن سۆزلەرگە ئىشەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدە تۇرىمىز ۋە بىزنى ساقلاش ئۈچۈن مەخسۇس ئەسكەر كېرەك ئەمەس دەپ بىلىمىز. ئەسكەر تولا بولسا قىسقارتىپ قېلىشىمۇ ئېھتىمال.

(*19*) نېمە ئۈچۈن ئۈرۈمچى تەرەپتىكى ئىستىھكاملار شۇ ۋاقىتقىچە بۇزۇلمايدۇ؟

ئاز كۈن ئىچىدە بۇزۇلسا كېرەك. مەن ئويلايمەن، شۇنىڭ بىلەن سوئاللارنى چەكلىسەكمۇ بولار (كۆپچىلىك بىر ئاۋاز بىـ-
لەن «توغرا» دېدى).

سوئاللىرىڭىزلارغا قارىغاندا، بىزلەردە بىرئاز خەۋپلىك بار بولسا كېرەك. بىز ئەسكەرلەرنى تارقىتىۋەتتۇق، يوللارنى ئېچى-
ۋەتتۇق، تېخى ئۇ ياقتا ئەسكەر نۇرغۇن ئىكەن، ئىستىھكاملارنى بۇزماپتۇ. كونا ئەمەلدارلار ئۆز ئورۇنلىرىدا ئىكەن. بۇ يەردىكى

خەنزۇ ئائىلىلىرىنى ئۈرۈمچى تەرەپكە كۆچۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ ۋە هاكازا...

شۇنىڭ ئۈچۈن بەلكىم بىزنى ئالداپ قويۇپ ھۇجۇم باشلاش ئېھتىمال دېگەن پىكىرلەردە بولسىڭىزلار كېرەك. مېنىڭچە، ئۇنداق پىكىرلەر ۋە خۇلاسە چىقىرىشقا سىزلەردە ھېچقانداق ئاساس يوق. بىز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىدە خىزمەت قىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، خاتىرجەملىك بىلەن ئۆز تۇرمۇشىڭىزلارنى كەچۈرسىڭىزلەر بولىدۇ.

بىزدە مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قارشى ئۆزى سايلاش، سايلىنىش ھوقۇقى، ئورنىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى، قانۇنىي ئىجاد قىلىش ھوقۇقى ۋە تەستىقلاش ھوقۇقى بولىدۇ، دېگەن ھوقۇقلارنىلا بىز تەلەپ قىلىپ تۇرغاچقا، بىزدە باشقا تىلەك ۋە قارىمۇقارشىلىق بولمىغاچقا، ھۇجۇم ياكى باشقا نەرسە بولارمىكىن، دەپ ئويلاش خاتا پىكىر بولسا كېرەك. رەئىسىمىز بۇ مەسىلىگە «مەن سەمىمىي» دەپ تۇرغاندا ۋە بىزلەر پۈتۈمگە تولۇق، سەمىمىي دەپ تۇرغىنىمىزدا، ئەلۋەتتە، ھېچ نەرسە بولمايدۇ ۋە ئۆلكىمىزدە يۈرگۈزۈلىدىغان خەلقچىللىق سىياستى ئاساسىدىكى تىنچلىق ئەبەدىي بولۇشى چوقۇمدۇر. (ئالقىشلار)



ئەپەندىم سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن پۈتۈن مەيداندىكى ئامما ئۇزاققىچە چاۋاكلار چېلىشىپتۇ، كۆپچىلىك قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشىپتۇ، بىرمۇنچە كىشىلەر سەھنىگە چىقىپ ئەخمەتجان بىلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ كېتىپتۇ.

بۇ يەردە مەسئۇت سەبرىنىڭ غۇلجىدىكى بىر ئىشىنى ئېيتىپ ئۆتۈپ كېتەي:

مۇشۇ قېتىم مەسئۇت سەبرى جاڭ جىجۇڭ بىلەن غۇلجىغا بارغاندا بىرقانچە مۆتىۋەر زاتنى ۋە يۇرت چوڭلىرىنى ئۆيىگە چاقىرىپ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەنىكەن. مەسئۇت سەبرى غۇلجىدا «دەرنەك تەشكىلاتى» قۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، دەرنەككە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى داموللا رازىيېفنى باش كاتىپ قىلىپ تەيىنلەپتۇ.

ئۈچ ۋىلايەت بىخەتەرلىك 3 ـ باشقارمىسى ئەخمەتجانغا بۇ تەشكىلاتنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتە تەتۈر تەشۋىقات تارقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى دوكلات قىلغاندا، ئەپەندىم بىخەتەرلىك 3 ـ باشقارمىسىدىن مايور پولات، كاپىتان زىيائىدىن، ياسىن خۇدابەردى، مەمتىمىن يۇسۇپ قاتارلىقلارنى چاقىرىپ، ئۇلاردىن ئەھۋالنى تەپسىلىي ئىگىلىدى، ئاندىن داموللا رازىيېفنى چاقىرىپ كېلىپ، تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلە ئۈستىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن:

«بىرىنچى، مەسئۇت سەبرى قۇرغان «دەرنەك تەشكىلاتى» ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارىمىز، دېگەن نىقاب بىلەن پانتۈركىزم ئىدىيەسىنى تارقىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. بىز بۇنداق ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي يول قويمايمىز.

ئىككىنچى، مەسئۇت قۇرغان بۇ تەشكىلاتنى مىللىي ئارمىيەنىڭ ھەرقانداق تارمىقىدا قۇرۇشقا قەتئىي بولمايدۇ. بىز تەتۈر ھەرىكەتچىلەرنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز. چۈنكى، پانتۈركىزم جاھانگىرلارنىڭ مۇستەملىكە قورالى بولۇپ كەلدى. داموللا رازىيېف ئەپەندى، سىز دىنىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىسىز، سىز ئۆزىڭىزنىڭ مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرى ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماي توغرا يولغا مېڭىشىڭىز كېرەك.»

ئەخمەت ئەپەندىم سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ، قاتتىق ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن غۇلجىدا «دەرنەك» باش كۆتۈرەلمىدى، نەشر قىلغان بۇيۇملارمۇ پېچەتلىۋېتىلدى!

جاڭ جىجۇڭ زىيارىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ قايتقاندىن كېيىن بىزمۇ ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان بولۇپ قالدۇق. ئەخمەت ئەپەندىم ئەمدى ئۈرۈمچىگە بېرىپ دۈشمەن بىلەن تىغمۇتىغ كۈرەش قىلىدۇ. ئەمما، مەن ئۈرۈمچىگە بېرىشتىن راستتىنلا قورقاتتىم. چۈنكى، باشتا دېگەندەك، ئۈرۈمچى دېگەنلىك ـــ دۈشمەننىڭ، قانخور جاللاتلارنىڭ ئۇۋىسى دېگەنلىك، يولۋاسنىڭ ئۇۋىسى دېگەنلىك. ئۇنىڭدىنمۇ ئەمەلىيرەكىنى دېسەم، مەن مۇشۇ كەمگىچە ئۆيدىن ئايرىلىپ باققان ئەمەس، ئۇنىڭدىن باشقا، ئەمدىلا ياخشى ئۆيلەرگە كۆچكەن تۇرساق، ئەلۋەتتە، ئايرىلىپ كېتىدىغانغا كۆزۈم قىيمايدۇ ـ دە! دادام، موماملارمۇ بىزنىڭ كېتىشىمىزنى قوللاپ كەتمەيدۇ، ئۇلارمۇ خېيىم ـ خەتەر بولۇپ قالارمۇ، دەپ ئەندىشە قىلاتتى.

لېكىن، ئەپەندىم ھېچقاچان ئۆزىنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئويلاشقان ئەمەس، ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا مېنىڭ قارشىلىق قىلىدىغان ھېچقانداق باھانەم يوق.

ئاخىر يەنىلا بويسۇنماي بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز كۆدە ـ كۆرپىلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ، ئۇرۇمچىگە مېڭىشقا تەييارلاندۇق.

يولغا چىقىش ئالدىدا ئورۇق ـ تۇغقان، يارۇ ـ بۇرادەرلەر ئۆزىتىپ قويغىلى كېلىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ نەۋرە ئىنىم ئوسمانجان بىلەن سىڭلىسى رىزۋانگۇل بىللە بارىمىز، دەپ ئەگىشىپ تۇرۇۋالدى. بىراق، بىز ئۇرۇمچىنىڭ ئەھۋالىنى تازا ئېنىق بىلمەيمىز، ئۇرۇمچىدە نېمە ئىشلار بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىمەك تېخىمۇ تەس بولغاچقا، بىللە ئېلىپ مېڭىشقا ئۇنىمىدۇق. ئۇلارنى بەزلەپ يۈرۈپ، شارائىت يار بەرگەندە ئەپكېتىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈردۇق. ئاخىر ئەپەندىم ئۆزىنىڭ قىلىچى بىلەن خىزمەت سومكىسىنى ئوسمانجانغا تۇتقۇزۇپ، بىر قولدا قىلىچ، يەنە بىر قولدا قەلەمنى چىڭ تۇتۇپ، ئەلەمدىمۇ، قەلەمدىمۇ يېتىشىپ چىقساڭ سېنى يېنىمغا ئەكېلىۋالىمەن، دەپ ۋەدە قىلدى.

مەن ئۇرۇمچىنى كۆرۈپمۇ باقمىغان، ئايروپىلان دېگەنگە تېخىمۇ ئولتۇرۇپ باقمىغانىدىم. ئىشقىلىپ ئۇرۇمچىگە كېتىدىغانغا كۆڭلۈم راستتىنلا ئۇنىمايتتى، بىراق بارمىسام يەنە بولمايتتى، دادام، موماملار بىزگە قىيماي ياش تۆكۈشەتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجى ـ دە! خەير! يا ئۆلۈم يا كۆرۈم. ئىككىلىنىشكە ئەمدى يول يوق.

شۇنىڭ بىلەن بىز 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئانچە ـ مۇنچە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ ئايروپىلانغا چىقتۇق ـ تە، ئۇرۇمچىگە قاراپ ئۇچتۇق...

## 30. بىز ئۈرۈمچىدە



1946 ـ يىلى ئەخمەتجان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت كىنىشكىسىغا چاپلىغان سۈرەت

جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئەخمەت ئەپەندىمگە قايتا ـ قايتا خىزمەت ئىشلەپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە تەيىنلەنگەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئەزالىرىنىڭ تېزرەك خىزمەتكە چۈشۈشىنى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى تېزدىن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىشىنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۆزىنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنىمۇ ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈپ كەلدى. ئۇ بەلكىم مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق سەمىمىيىتىنى ئىپادىلىمەكچى بولسا كېرەك. ئومۇمەن ئۆزى باشلامچىلىق قىلىپ ئايالى خۇڭ شىخۇ، قىزى جاڭ سۇۋۇ، ئوغلى جاڭ يىچۇن ۋە كىچىك قىزلىرى سۇجيۇ، سۇچيۇلارنىڭ ھەممىسىنى چۇڭچىڭدىن ئۈرۈمچىگە ئەكەلدۇردى.

بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئەخمەت ئەپەندىم خەلق تەرىپىدىن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قىلىپ تاللاندى. خەلقمۇ ئەپەندىمنىڭ مۇشۇ ئورۇندىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى يارىتىشىغا تۈپتىن ئىشىنەتتى. ئەپەندىممۇ خەلقنىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويماي، مۇقەددەس ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن ياخشى چى-

قىشقا قەتئىي ئىرادە تىكلىگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆز يۇرتىدىن، يولداشلىرىدىن ئايرىلىپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ دۈشمەن يۇرتىدا تۇرۇپ دۈشمەن بىلەن تىغمۇتىغ كۆرەش قىلىش ئۈچۈن، تىك قىيا، ئوت دېڭىزىغا كىرىشكە توغرا كەلگەندىمۇ بىرقەدەممۇ كەينىگە يانمايدىغان يۈكسەك ئىرادە بىلەن دۈشمەن ئۇۋىسىغا يېتىپ كەلدى. مەن بولسام ئىككى قات، ئاي كۈنۈممۇ توشۇپ قالغانىدى، مېڭىش - تۇرۇشۇم خېلىلا ئېغىر. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ غۇلجىدىن راستىنىلا ئايرىلغۇم كەلمەيتتى. بىراق، مەن قىلىۋاتقانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىنقىلاب ئېھتىياجى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدىم. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھايات - ماماتلىق پەيتتە ئەپەندىم بىلەن بىللە بولاي دەيتتىم.

1946 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى بىز يېنىمىزغا كانىۋاي نۇردۇنبېك، شوپۇر ئابلەھەتلەرنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق. بىز بىلەن تەڭ بىر ئىزۋوت مۇھاپىزەتچى ئەسكەر ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

رەھىمجان سابىرھاجى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزالىرىمۇ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە كېلىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا زىيا سەمەدى، پەخىردىن غوجا، قالى ئاباق قاتارلىق 11 نەپەر خىزمەتچى خادىم ئارقا - ئارقىدىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. گېنېرال ئىسھاقبېك قىسمىدىن ئايرىلالمىغاچقا، ئۈرۈمچىدە نەچچە كۈن تۇرۇپلا، غۇلجىغا قايتىپ كەتتى.

بىز ئۈرۈمچى نەنلياڭدىكى «جەنۇبىي گۈلباغ» دەپ ئاتالغان، ھازىرقى مائارىپ نازارىتىنىڭ كەينىدىكى قورۇغا ئورۇنلاشتۇق. بۇ كەڭ - كۈشادە قورۇ ئەسلىدە بىر باي سودىگەرنىڭ ئىكەن. كېيىن شېڭ شىسەي ھەر خىل باھانە سەۋەب بىلەن مۇسادىرە قىلىۋېلىپ، قېيىنئاتىسىغا ئېلىپ بەرگەنىكەن. شېڭ كەتكەندىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مېھمان كۈتۈش ئورنى قىلىپ ئىشلەتكەنىكەن. ھويلىنىڭ ئىچى گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بىزنىڭ غۇلجىدىكى ئۆيىمىزدىن جىق ياخشى بولسىمۇ، مېنىڭ كۆڭلۈم يەنىلا غۇلجىنى تارتىپ تۇراتتى. ئەمما، ئائىلە - تاۋابىئاتلاردىن يالغۇز مەنلا ئەمەس، ئابدۇكېرىمنىڭ ئايالى لۇ سۇشىن (ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمى ئالىيە)، رەھىمجاننىڭ ئايالى تۇمرىس، سەيپىدىننىڭ ئايالى ئايىملارمۇ بار ئىدى. ئابدۇكېرىم بىلەن

سەيپىدىنلەر ئائىلىسى بىزنىڭ ئۆيدىن يىراق بولمىغان جايدىن ئورۇن ئالدى، رەھىمجان بىز بىلەن بىر قورۇدا قوشنا تۇردى. رەھىمجاننىڭ ئا-يالى تۇمرىس مەسئۇت سەبرىنىڭ چوڭ قىزى بولۇپ، دادىسى ئۇرۇمچى نۇرباغدا ئولتۇراتتى. مەسئۇت سەبرى بىلەن رەھىمجان قېينئاتا ـ كۈ-يۇئوغۇللۇق مۇناسىۋىتىدە بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سىيا-سىي قاراش تۈپتىن ئوخشىمىغاچقا، ئانچە ـ مۇنچە بېرىش ـ كېلىش قىلىپ يۈرگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھالقىلىق پەيتتە رەھىمجان بىز بىلەن بىر سەپتە تۇراتتى. شۇڭا قېينئاتىسى ئۇنىڭدىن دائىم ئاغرىنات-تى ۋە ئۇنى ئەيىبلەيتتى.

بىز بىلەن كەلگەن مىللىي ئارمىيە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرى ئاي-رىم ـ ئايرىم مۇھاپىزەت نۇقتىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. جەڭچىلىرىمىز چەبدەس، قامەتلىك ياشلاردىن تاللاپ كېلىنگەن، ئۇلار ھەرقانداق شارا-ئىتتا ئۆلۈمنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، يەلكىسىگە تېگىلغان مۇشكۇل يۈكنى سادىقلىق بىلەن ئارتقۇرۇشقا دائىم تەييار بولغاچقا، ماڭا چوڭ تە-سەللى بولدى.

ئەسكەرلىرىمىز ئۇرۇمچىگە كەلگىنى بىلەن مىللىي ئارمىيە فور-مىلىرىنى ئۆزگەرتمەي، كۆرۈنۈش ئۇچۇن پەقەت شەپكىسىدىكى مىللىي ئارمىيە كاكارىنىڭ تەڭ ئۇستىگە گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ دۈگىلەك كاكارىنىمۇ تەڭ تاقاشقا مەجبۇر بولدى. جەڭچىلىرىمىز ئەسلىدىكى فور-مىلىرىدىن، كاكار ـ پاگونلىرىدىن ئىنتايىن پەخىرلىنەتتى. مانا ئەمدى ئۇلارغا گومىنداڭنىڭ كاكارىنى تاقا دېسە، ئەلۋەتتە كۆڭلى ئۇنىمايدۇ ـ دە. بىراق، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەر كىم ئۆزىنى ئۆزى بەز-لەپ تۇرمىسا يەنە بولمايتتى. ئۇرۇمچىدەك گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىي مەركىزىدە مۇشۇنداق «غەلىتە» فورما كىيىۋالغان جەڭچىلەر-نىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغايتتى.

جەڭچىلەر ئىچىدە ئەڭ كىچىكى ئابدۇراخمان ئىدى. ئېگىز بوي، قاڭشارلىق بۇ يىگىتنىڭ يېشى ھەممىدىن كىچىك بولغاچقا، دائىم ئەپەن-دىمنىڭ ياتىقىغا كىرىۋالاتتى ـ دە، تارتىنماي ئۇنى ـ بۇنى سورايتتى. بىزمۇ ئۇنىڭ گۆدەكلىكىگە قاراپ كۈلۈپ كېتەتتۇق. ئابدۇراخمان «گو-مىنداڭنىڭ كاكارىنى تاقىمايمەن» دەپ ئوددېلىنىيە كوماندىرىدىن جىق تەنقىد يەپ، يىغلاپمۇ كەتكەنىكەن. ئەخمەت ئەپەندىم ئۇنىڭ باش ـ كۆز-

لىرىنى سىيلاپ بەزلەيتتى، ئۇنى ئىنتىزامچان، قەيسەر جەڭچىلەردىن بولۇشقا ئىلھاملاندۇراتتى. بەزى كۈنى پوستتا تۇرغان ۋاقتتا ئابدۇراخمان ئۆينىڭ ئالدىدىن چارلاپ ئۆتكەننى باھانە قىلىپ، پات ـ پات بىزنىڭ تاشقىرىقى ئۆيدە تىكلەكلىك چوڭ سائەتكە بويىنىنى سوزۇپ تەلمۈرۈپ قاراپمۇ قوياتتى. شاكىچىك بەلكىم پوست ئالمىشىدىغان ۋاقىت قاچان توشاركىن دەپ ئالدىرىسا كېرەك!

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئامېرىكا پاسونىدىكى «دۆلەت ئارمىيەسى» فورمىسىنى كىيىشكەن، ئامېرىكىنىڭ خىل قوراللىرى بىلەن قوراللانغانىدى، لېكىن روھسىز، چۈشكۈن كۆرۈنەتتى. ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن بولغاچقا، شىنجاڭنىڭ سۈيىگە، ھاۋاسىغا تازا كۆنۈپ كېتەلمىگەنىدى، ژاندارما ئەسكەرلەر «جەنۇبىي گۈلباغ» ئەتراپىدا چارلىغاننى قىلىپ پەيدا بولۇپ قالسا، نەپرەتلەنگەن ئاما يىرگىنىشىپ كەينىدىن تۈكۈرۈپ، پەس ئاۋازدا تىللاپمۇ قويۇشاتتى.

گومىنداڭ بىلەن بولغان كۈرەش يەنىلا ناھايىتى جىددىي ئىدى. كۆرۈنۈشتە تىنچ تۇرغاندەك قىلغان بىلەن توقۇنۇشلار ئۈزۈلمىگەنىدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ مەيدانىنى ئۆزگەرتكىنى يوق. پەقەت ئومۇمىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇششاق ئىشلار ئۈستىدە جىق تەگىشىپ كەتمەيتتى. راستىنى دېگەندە، بىزلەر «سوۋېتپەرەسلەر»، «قىزىل پاچاق» دەپ قارىلاتتۇق، لېكىن بىزنىڭ تىغ ئۇچىمىز باشتىن ـ ئاخىر گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارىتىلغانىدى.

زىيا سەمەدى غۇلجىدىن بىز بىلەن بىللە كېلىپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. گومىنداڭ تەرەپتىن ليۇ ياجې دېيدىغان بىرى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. بىزدىن يەنە قالى ئاباق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كاتىبات باشقارمىسىغا ئورۇنلاشتى. مىللىي ئارمىيە ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى پەخىردىن خوجا بىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىمىزغا، يەنى قوغداش، غۇلجا بىلەن ئالاقىلىشىش، ئارقا سەپ تەمىناتى، بىخەتەرلىك ۋە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش قاتارلىق ئىشلارغا ئومۇميۈزلۈك مەسئۇل بولۇپ، بىز بىلەن «جەنۇبىي گۈلباغ»دا تۇراتتى.

ئەخمەت ئەپەندىم «تىنچلىق بىتىمى»گە زور ئۈمىد باغلاپ، ئۆلكى-

لىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى ئاپپاراتلارنى قايتىدىن تەشكىللىشكە جىددىي كىرىشىپ، بىتىمنىڭ بىرىنچى ماددىسىغا ئاساسەن ئىمكانقەدەر خەلقپەرۋەر ئىلغار كۈچلەرنى كۆپرەك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا تەيىنلەشكە تىرىشاتتى، گومىنداڭ چىدىماسلىق قىلىپ يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلىپ قويارمۇ، دەپ ئەندىشىمۇ قىلاتتى. بىراق كۆپرەك چۈشەنچە ھاسىل قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، جاڭ جىجۇڭ بىلەن بەزىدە بوغدا كۆلى، نەنسەن، ئۇلانباي قاتارلىق تەبىئىي مەنزىرىلىك جايلارغا بېرىپ دەم ئالغاچ، پىكىر ئالماشتۇراتتى. بۇ ئۇچرىشىشلار ئەمەلىيەتتە تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ داۋامى تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «كىچىك تىنچلىق سۆھبىتى» ئىدى. بىز بەزىدە بىللە بولاتتۇق. ئىشقىلىپ، قارىماققا كەيپىيات ھەر ھالدا يامان ئەمەستەك كۆرۈنەتتى.

شىنجاڭ تارىخىدا يېڭى يارىتىلغان بۇ ۋەزىيەت دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلاتتى.

مەيلى ئۈچ ۋىلايەتنى قوللىغۇچىلار بولسۇن ياكى گومىنداڭنى قوللىغۇچىلار بولسۇن، ھەر خىل نىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئۆيىمىزگە كېلىپ، بىزنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگەنلىكىمىزنى مۇبارەكلەيتتى.

— ئۈرۈمچىگىمۇ كەلگەن بولدۇق، — دەيتتى ئەپەندىم مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — سىز ئالاھىدە دىققەت قىلمىسىڭىز بولمايدۇ. ھەرخىل ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالىسىز. ھەممىسىنىڭ نىيىتى دۇرۇس دەپ ئېيتىش تەس، مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىزگە نىسبەتەن مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئەڭ مۇھىم. مەن يوق چاغدا ئۆيگە كەلگەنلەرنىڭ كىملىكىنى، نېمە قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان سورىۋېلىڭ، ھوشيار بولۇڭ!

ئۇزاق ئۆتمەي، ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى سەيدەخمەت يوقلاپ كەپتۇ. بۇ كىشىنى مەن تونۇمايدىكەنمەن، ئۇ ناھايىتى سىپايىلىك بىلەن ئۆزىنىڭ ئەپەندىمگە سالام بېرىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، بۇنىڭدىن كېيىن دائىم يوقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى قايتا - قايتا ئېيتىپ، بەك يېقىنچىلىق قىلىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا ئادەتتىكى باردى - كەلدى قاتارىدا سىنچاي قىلدىم، شۇنچە ئۇزۇن يەردىن مەخسۇس بىزنى دەپ بىر يەشىك ئانار كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكىدىن تەسىرلەندىم. «بىز ئۆز ئادەملىرىمىز، مەن ئەپەندىمگە ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىمەن، ئىچ - ئىچىمدىن ساداقىتىم بار. بۇنىڭدىن

كېيىن، قانداق ئىشلىرى بولسا ماڭا دېسىلە، خىجىل بولمىسىلا». كەلگەن «مېھمان»نىڭ تاتلىق سۆزلىرى مېنى ئىشەندۈرۈپلا قويدى. قايتىش ۋاقتىدا مەن ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ تۈزۈمى بويىچە ئۇ كىشىگىمۇ ئۆز لايىقىدا مۇۋاپىق سوۋغات قايتۇردۇم.

ئاخشىمى ئەخمەت ئەپەندىم ئەھۋالنى ئۇقتى ـ دە، «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا» دەپ، مېنىڭ سوۋغات قوبۇل قىلغانلىقىمدىن رەنجىپ، ناھايىتى خاپا بولۇپ كەتتى. بىر ياندا ئولتۇرغان رەھىمجان:

ــــ بولدى قىلوي ئاغىنە، قاقشاۋەرمىگىنە، بۇ ئەبلەخنىڭ كىملىكىنى ماھىنۇر نەدىن بىلسۇن. ناتونۇش مېھمان بولسىمۇ ئەدەپ بىلەن كۈتۈش كېرەك دەپ ئۆزۈڭ دېگەنغۇ! كىچىك بىر يەشلىك نەرسىنى ئالغان بولسا، تەڭ قىممەتتىكى نەرسە قايتۇرۇپتۇغۇ، ئەيىبلەۋەرسەڭ قاملاشماس، ــــ دېدى.

گەپتىن كېيىن كەيپىيات يۇمشاپ ھەممىمىز تەڭ كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

نەچچە كۈندىن كېيىن، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ تۇيۇقسىزلا ئۆيىمىزگە كىرىپ كەلدى. بىر ئاي بۇرۇن بۇ كىشى غۇلجىدا بىزنىڭ ئۆيىمىزگە ھېيتلاپ كەلگەنىدى. مەن بۇ ئادەمنى دەرھاللا تونۇۋالدىم. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى جۇڭ دىخۋا تەرجىمان بولۇپ بىللە كەپتۇ.

جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى دەرۋازىدىن كىرىۋاتقىنىدا پوستتا تۇرغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىگە جاۋابەن چاس قايتۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. بۇ ئۇنىڭ جەڭچىلىرىمىزنى ئىززەتلىگىنىمۇ ياكى جەڭچىلەرنىڭ شەپكىسىدىكى گومىنداڭ كاكارىغا ئېھتىرام بىلدۈرگىنىمۇ، بۇنىسى نامەلۇم. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جەڭچىلىرىمىز كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ بۇ گېنېرالنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپتۇ.

ــــ مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي دەپ تۇيۇقسىزلا كەلدىم، ــــ دەپ گەپ باشلىدى گېنېرال جاڭ جىجۇڭ، ــــ سىز ئۇرۇمچىگە كېلىپ باقمىغانىكەنسىز، ئۈرۈمچى غۇلجىغا ئوخشىمىسىمۇ كۆنۈپ قالىسىز. ئۆيلەر كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسىمۇ، ھەرھالدا بولىدۇ. بىز خەنزۇلاردا «ئېلىشمىغۇچە تېپىشماس» دەيدىغان گەپ بار، ئا فۇجۇشى ئىككىمىز سەككىز ئاي تاكاللاشتۇق. مانا ئەمدى بىللە ئىشلەيدىغان بولدۇق . مېنىڭچىمۇ يوكۇم خېلى يېنىكلەيدىغان بولدى، ــــ دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى جاڭ جىجۇڭ، ــــ ئا فۇجۇشى ئۆزى بىر بىلىملىك ئادەم، ئامما ئارىسىدا ئىناۋى-

تىنىڭ يۇقىرىلىقى راست. ئەمدىلىكتە ئۆيىنىڭ ئېغىرچىلىقىنى سىز جىقراق كۆتۈردىغان بولدىڭىز. قانداقلا قىيىنچىلىقىڭىز بولسا تارتىنماي ماڭا دەڭ!

كەيىندىن جاڭ جىجۇڭ جۇڭ دىخۇانىڭ تەرجىمانلىقىدا ئۆزىنىڭ غۇلجىغا بارغان ۋاقتىدىكى ياخشى تەسىراتىنى سۆزلىگىلى تۇردى. جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى، خەلقىنىڭ ئاق كۆڭۈل، مېھماندوستلۇقىنى ماختاپ، مېنى نەنجىڭنى كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. شۇ ئارىدا ئەخمەت ئەپەندى گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ خەۋەر قىلماي ئۆيگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ دەرھال قايتىپ كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن جايىدا سالاملىشىپ، پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

ئادىتىمىز بويىچە ئۆيگە مېھمان كەلسە چاي تەييارلايمىز، تاماق ئېتىمىز. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي:

— تاماق قىلىمىزمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئەخمەتجاندىن.

— ياق، بۇلار كۆپ ئولتۇرمايدۇ، غۇلجىنىڭ قايمىقىدىن ئەتكەنچاي قىلىپ بېرىڭ، بىر چىنىدىن ئىچسۇن، — دېدى ئەپەندىم. مەن چىقىپ ئاشپەز قاسىمئاخۇنغا ئېيتتىم. بىر كورا قايماقلىق ئەتكەنچاي ئەتتۇق. غۇلجىدىن ئېلىپ كەلگەن مايلىق توقاچلار بار ئىدى. ئۈستەلگە چىرايلىق قىلىپ تىزىپ بەردىم.

جاڭ جىجۇڭ چاي ئارىلىقىدا ئۆزىنىڭ ئائىلىسى ھەققىدىمۇ سۆزلەپ بەردى. غۇلجىغا بارغان چېغىدا ئەپەندىمنىڭ ھەمراھ بولغانلىقىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ رەھمەت ئېيتتى. كۆڭلىدىكى گېپىنى قىلىپ، شىنجاڭغا يېڭى كەلگەندە ھەقىقەتەن كۆپ ئەندىشىدە بولغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق شىنجاڭغا كەلگىنىگە ئۇزۇن بولمىسىمۇ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ مېھماندوستلۇقى، بۇ زېمىنىنىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرى ۋە كىشىلەرنىڭ ئاق كۆڭۈل، قىزغىن، سېخىي خاراكتېرى ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇرغانىكەن. ئۇ يەنە شىنجاڭ خەلقىنىڭ شېڭ شىسەي ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئېغىر كۈلپەت چەككەنلىكىنى مەركەزگە كۆپلەپ دوكلات قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى تىنچلىقپەرۋەر گېنېرال بولۇشقا مۇناسىپ ئادەم ئىكەن. نەنجىڭدىكى نۇرغۇن سورۇنلاردا شىنجاڭدىكى تەسىراتلىرى ھەققىدە كۆپ قېتىم توختالغانىكەن.

جاڭ جىجۇڭنىڭ تەخەللۇسى ۋېنبەي بولۇپ، ئۇ 1890 ـ يىلى ئەنخۇي

ئۆلكىسىنىڭ ساۋشيەن ناھىيەسىدە تۇغۇلغانىكەن، ياش ۋاقتىدا جوۋ ئېنلەي بىلەن گۇاڭجۇدىكى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە خىزمەت قىلغان، جياڭ جيېشىنىڭ مەشھۇر گېنېراللىرىدىن بىرى بولۇپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيەنىڭ 2 - دەرىجىلىك گېنېرال پولكوۋنىكى ئىكەن. ئۇ ئورۇق، ئېگىز كىشى بولۇپ، گومىنداڭ ئارمىيەسى ئىچىدىكى ئوخشاش ئۇنۋاندىكى گېنېراللار ئىچىدە كومپارتىيە ئارمىيەسى بىلەن جەڭ قىلىپ باقمىغان بىردىنبىر گېنېرال ئىكەن.

جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئىشىكتىن چىقىپ يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتقان چاغدا، مەندە تۇيۇقسىز يېڭى بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى: دېمەك، باردى - كەلدى قىلىشىدىغان ئادەملەر ئوخشىمايدىكەن، بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقىدىن باشقا بىر سالاھىيەتكە كىرىپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

نەچچە يىل ئىلگىرى مەن كەمبەغەلچىلىكنىڭ دەستىدىن مەكتەپتە ئوقۇيالماي، مەھەللىدىكى ماتا توقۇيدىغان كارخانىدا بالا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەنىدىم. بارماقلىرىم قاپىرىپ تېشىلىپ كېتەتتى. قوللىرىمنى چىغىرىق قىسىۋېلىپ قان چىقىپ كەتكەن ۋاقىتلاردا، ئاغرىققا چىدىيالماي بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ يىغلىۋەتكەن چاغلىرىم جىق بولغان. ھەر كۈنى پۇتۇمنى ئاران سۆرەشتۈرۈپ ماتاخانىغا ماڭغىنىمدا، مەكتەپكە كېتىۋاتقان ئۆزۈم دېمەتلىك باشقا قىزلارنى كۆرۈپ، مەنمۇ ئاشۇ قىزلاردەك كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەكتەپكە بارالارمەنمۇ دەپ ئارزۇ قىلىپ، كۆڭلۈم ئىنتايىن يېرىم بولۇپ كېتەتتى. كېيىنچە ئوق ئاۋازى ئىچىدە ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن تۇرمۇش قۇردۇم. ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن ھايات - ماماتلىق دەقىقىلەرنى تەڭ بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ، مانا ئەمدى مەن «ئا فۇجۇشىنىڭ خانىمى» بولۇپ ئولتۇرغىنىمغا ھەيرانمەن!

مېنىڭ تۇيۇقسىز «باياشات» تۇرمۇشقا ئېرىشىپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتقانلىقىمنى چۈشەنگەن ئەپەندىم، مېنىڭ دائىم ئاددىي - ساددا بولۇپ، ھەشەمەتچىلىككە بېرىلمەسلىكىمنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوقۇشسىز زايە كەتكەن ۋاقىتلىرىمنى تولۇقلىۋېلىشقا ئۈندەيتتى. مېنىڭمۇ ئۈرۈمچىدىكى ياخشى ئوقۇش شارائىتلىرىنى كۆرۈپ، باشقىدىن مەكتەپتە ئوقۇغۇم كەلدى. ئەخمەت ئەپەندىم مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى چۈشىنىپ مۇئاۋىن رەئىس



مەن 1946 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەخمەتجان بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۈرۈمچى 2 ـ قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇدۇم. 1 ـ قاتار سولدىن بىرىنچىسى مەن.

بۇرھان شەھىدىگە ئېيتىپتۇ. بۇرھان ئەپەندىم بۇنى ئاڭلاپ ئالايىتەن ئۆيىمىزگە كەپتۇ، ئۆز خانىمى رەشىدە ئاپپاينىڭ ئۈرۈمچى 2 ـ قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، مېنى مەكتەپكە كىرگۈزۈپ قويۇشقا كۈچ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن ئېغىر ئاياغ بولغاچقا، قېينىلىپ قالارمەنمۇ دەپ سەل ئەندىشە قىلاتتىم. بىراق ئەپەندىم مېنى پۈرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماي ئوقۇۋېلىشقا ئۈندەيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۈرۈمچىدىكى بۇرھان شەھىدىنىڭ خانىمى رەشىدە ئاپپاي مۇدىر، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن رىزۋان ناسىر ئىلمىي مۇدىرلىقىدىكى ئۈرۈمچى 2 ـ قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئوقۇشقا باردىم.

سىنىپقا كىرگەن چېغىمدا ئىچ ـ ئىچىمدىن ھاياجانغا تولۇپ بېشىم كۆككە يەتكەندەك بولدى.

«ئاھ، خۇدا! مەن راستتىنلا باشقىدىن ئوقۇۋاتىمەنمۇ، بۇ يەردىكى سىنىپلار نېمىدېگەن يورۇق ـ ھە!»

ئىككىنچى كۈنى رەشىدە ئاپپاي مېنى تەبرىكلەپ سىنىپقا كىرىپ-

تۇ. مېنىڭ «ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ خانىمى» تۇرۇقلۇق ئاددىي سىنىپتا، ئادەتتىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە ئولتۇرغىنىمنى مۇۋاپىق كۆرمەي، ماڭا ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇش قىلماقچى بولدى. لېكىن، مېنىڭ بىرىنچى ئۇستازىم ئەخمەت ئەپەندىم ئاللىقاچان قۇلىقىمنى بۇراپ يولغا سالغان، «ئالاھىدە ئوقۇغۇچى»نىڭ يوق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن ۋە چوقۇم مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىدىغانلىقىمنىمۇ ئەسكەرتكەنىدى. شۇڭا مەن رەشىدە ئاپپايغا رەھمەت ئېيتىپ، باشقا ئوقۇغۇچىلار قانداق بولسا مەنمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

مەن ئۈرۈمچى 2 ـ قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ساۋاقداشلىرىم بىلەن چۈشكەن رەسىمنى ھەر قېتىم قولۇمغا ئالسام، كەمبەغەلچىلىكتە ئوقۇشتىن قالغان ۋاقىتلىرىم، كېيىن مېنىڭ ئۇستازىم، يولدىشىم ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ دەۋىتى بىلەن قايتا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ۋاقىتلىرىم كۆز ئالدىمدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتىدۇ...

# 31. سايلامنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىشى

بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن بىتىمنى ئىزىل ـ كېسىل
ئىجرا قىلىش ئالدى بىلەن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سەمىمىيىتىگە باغلىق
ئىدى. لېكىن مەيلى بىز تەرەپتىن بولسۇن ياكى قارشى تەرەپتە بولسۇن،
بىتىمگە قارشى پىكىردە بولىۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەر بار ئىدى. شۇ ـ
ڭا ھەر ئىككى تەرەپ ئاكتىپ تىرىشچانلىق بىلەن كۆچلۈك تەدبىرلەر
قوللىنىپ، پايدىسىز ئامىللارنى تۈگىتىشى زۆرۈر ئىدى. بىتىمنى ئىجرا
قىلىشتا بىز تەرەپ ناھايىتى زور سەۋرچانلىق كۆرسەتتۇق، يول قويدۇق.
لېكىن مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي كېلىۋاتقان بىر قىسىم گومىنداڭ
جاھىللىرى بىتىم ئىمزالانغان كۈندىن تارتىپلا بىتىمنى ئىجرا قىلغۇسى
كەلمەي، ئۆز تەسىر دائىرىسىدە قەستەن زىددىيەت تۇغدۇرۇپ، ئۈزلۈك ـ
سىز ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار بارلىق ۋاسىتىلەرنى
قوللىنىپ ئالتاي ۋالىيسى ئوسمان ئىسلامنى قوينىغا تارتتى. 1946 ـ
يىل 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوسمان ئىسلامنىڭ مەيدانىدا داۋالغۇش
بولۇپ، گومىنداڭغا مايىللىقى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرىدىن يۈز
ئۆرۈگەنلىكى ئېنىق ئاشكارىلاندى.

بىتىمنىڭ 1 ـ قوشۇمچە ھۆججىتىدە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ـ
نىڭ تەشكىللىنىشى توغرىسىدا ناھىيەلىك كېڭەش، ھاكىملارنىڭ سايلام
ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەنىدى. بۇ بىرلەش ـ
مە ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. دەل
ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە سايلام خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغان
بىر پەيتتە، گومىنداڭ نەنجىڭدا «مىللىي قۇرۇلتاي» ئېچىشنىڭ تەييار ـ
لىق خىزمەتلىرىگە جىددىي تۇتۇش قىلىۋاتاتتى. لېكىن مەيلى جاڭ جى ـ
جۇڭ ئەپەندى بولسۇن ۋە ياكى ئەخمەت ئەپەندىم بولسۇن، «مىللىي قۇ ـ
رۇلتاي»غا كېتىپ قالسا سايلامنىڭ توسالغۇغا ئۇچراپ، پۈتۈن شىنجاڭ

ۋەزىيىتىگە تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ئەندىشە قىلاتتى.

بۇ قېتىمقى سايلام شىنجاڭ تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىش بولۇپ، شىنجاڭدا ئۇزاققىچە باراۋەرلىك، تىنچلىق ۋە دېموكراتىيە بەرپا قىلىشتىكى مۇھىم تەدبىر ئىدى. گەرچە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى دەرھاللا تۈگەتكىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىسىدا بىتىمنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك ئىدى.

بىتىمنىڭ 1 ـ ماددىسىدىكى «ئۈچ ئاي ئىچىدە ھەرقايسى ناھىيەلىك كېڭەش ھەيئىتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ» دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بىلەن ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ زور ئەھمىيەت بېرىشى ئارقىسىدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت «سايلام ئېلىپ بېرىش نىزامى»نى تەستىقلاپ، 1946 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىلىرىنى تەسىس قىلدى. ئۇ چاغدا شىنجاڭ مۇنداق 10 ۋىلايەتكە بۆلۈنەتتى:

1. ئۈرۈمچى ۋىلايىتى؛
2. ئىلى ۋىلايىتى؛
3. قەشقەر ۋىلايىتى؛
4. ئاقسۇ ۋىلايىتى؛
5. تارباغاتاي ۋىلايىتى؛
6. ئالتاي ۋىلايىتى؛
7. خوتەن ۋىلايىتى؛
8. قاراشەھەر ۋىلايىتى؛
9. قومۇل ۋىلايىتى؛
10. يەكەن ۋىلايىتى.

ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پۈتۈن 10 ۋىلايەتكە سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىدىغان بولدى. بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ تەشكىللىنىش ئەھۋالى مۇنداق:



يەكەن ۋىلايىتىگە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى: بۇرھان شەھىدى

قەشقەر ۋىلايىتىگە ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى:

سەيپىدىن ئەزىزى

ئىلى ۋىلايىتىگە ھۆكۈمەت ئەزاسى: جۇڭ دىخۋا

تارباغاتاي ۋىلايىتىگە ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى: تۈركىستان نوغايبايېۋ (تۈيۈزى)

ئالتاي ۋىلايىتىگە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى: سالىس

خوتەن ۋىلايىتىگە ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى: مەمتىمىن بۇغرا

ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى: ئابدۇرېھىم ئەيسا

قومۇل ۋىلايىتىگە «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ باش مۇھەررىرى: ئۇيغۇر سايرانى

قاراشەھەر ۋىلايىتىگە ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى: ئىبراھىم تۇردى

ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە ھۆكۈمەت ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى: چۇ ۋۇ

بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ سايلامغا نازارەت قىلىش ۋەزىپىسى ئۆلكىنىڭ 10 ۋىلايىتىدىكى ناھىيەلەر ھاكىملىرى، ناھىيە كېڭەش ئەزالىرى، ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى خەلقنىڭ دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلاپ چىقىشىنى نازارەت قىلىش، جۇملىدىن دېموكراتىيەنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يېڭىدىن سايلانغانلارنى ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدى. ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلىرىمۇ بىتىمدىكى شەرتلەرگە ئاساسەن يەرلىك خەلق تەرىپىدىن دېموكراتىك ئاساستا سايلىناتتى. 

ۋاھالەنكى، ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلىقى، ناھىيەلەرنىڭ ھاكىملىقىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلققە، دېموكراتىيەگە قارشى بىر تۈركۈم غالچىلىرى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغانىدى. ئۇلار قوللىرىدىكى ھوقۇقىدىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەيتتى.

ئۈرۈمچىنىڭ ۋالىيسى خادىۋاڭ، قومۇلنىڭ ۋالىيسى يولۋاس، قاراشەھەرنىڭ ۋالىيسى زو شۆپىڭ، يەكەننىڭ ۋالىيسى جۇ فاڭگاڭ، خوتەننىڭ ۋالىيسى خاۋ دىڭباڭ (ئۇيغۇر، ئىسمى نۇربەگ)، ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى

سەيدەخمەتلەر ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. گومىنداڭ جاھىل كۈچلىرى ئەسكەر - ساقچىلار، جاسۇس، چوماقچىلارنى مەخپىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، سايلامنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقتا ئىدى. نەتىجىدە، ئەمدىلا تىنچلىق ۋە بىرلىككە يۈزلەنگەن جەمئىيەت ئىككى سەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىلغار ئىدىيە، دېموكراتىك كۈچكە ۋەكىللىك قىلىدىغان كۈچلەر بىلەن ئەكسىيەتچىل كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان قارا كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا كەسكىن، ئۆتكۈر سىياسىي كۈرەشلەر يېڭىباشتىن ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى.

1946 - يىل 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىشقا بارىدىغان خادىملار ۋە ئۈرۈمچىدە قالىدىغان ئالاقىدار خادىملارنى جەنۇبىي گۈلباغقا يىغىپ، بۇ ھەقتىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىنچىكە مۇھاكىمە يۈرگۈزدى ۋە ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. كۆپچىلىك يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان تۈرلۈك ئەھۋاللارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق مەۋقەنى بىرلىككە كەلتۈردى:

ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ئەھۋالى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بولۇپمۇ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، بىزنىڭ مىللىي ئارمىيەمىز ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغان. ئۇ يەردە دۈشمەن يەنىلا ناھايىتى كۈچلۈك. مەسىلە چىقىپ قېلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. شۇڭا ئاقسۇغا بارىدىغان خادىملار خىزمەت ئۇسۇلىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك. شۇنداقلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراش تەييارلىقىنىمۇ كۆرۈپ قويۇشى لازىم.

ئاخىرىدا ئەپەندىم ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل يۈرگۈزگەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭ گۇرۇپپىسىغا ئايرىم يولىيورۇق بېرىپ، مۇنداق تۆت تۈرلۈك تەلەپنى قويدى:

بىرىنچى، بىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىمىز خەلق ئۈچۈن. بىز ھەر ۋاقىت، ھەر يەردە خەلق بىلەن بىللە بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى سايلام گۇرۇپپىلىرى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پۇختا ئىشلەپ، شۇ يەردىكى خەلققە «بىتىم»نى ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت مۇھىم نۇقتىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈڭلار. سەۋرچانلىق بىلەن كەڭ كۆلەمدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ھەرقانداق خېيىم - خەتەرلەرگە يولۇقۇشتىن باش تارتماي، ئۆز ۋەزىپىلىرىڭلارنى ئوبدان ئورۇنلىشىڭلار لازىم.

ئىككىنچى، خىزمەتنى يۇرەكلىك ئىشلەڭلار. ھەر ساھەدىكى زاتلار بىلەن، بولۇپمۇ ياشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلارنىڭ سايلامدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشۇڭلار كېرەك، ئەمما چەكتىن ئېشىپ كېتىدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىشىڭلار لازىم. بىراق بەزى ۋىلايەتلەردە جاھىل كۈچلەرنىڭ تەسىرى بەك كۈچلۈك. بولۇپمۇ ئاقسۇ ۋىلايىتىدە گومىنداڭ جاھىللىرىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ بار، دېموكراتىك زاتلارنىڭ ۋەكىللىرىمۇ بار. شۇنىڭ ئۈچۈن چارە ـ تەدبىر، ئۇسۇلغا دىققەت قىلىپ، جاھىللارنىڭ سۇيىقەستىنى ھەرگىز ئەمەلگە ئاشۇرغۇزماسلىقىڭلار كېرەك.

ئۈچىنچى، بىتىمنىڭ 9 ـ ماددىسىدا «تۈرمىدىكى سىياسىي مەھبۇسلار قويۇۋېتىلىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، گومىنداڭنىڭ سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇۋېتىش مەسىلىسىنى شۇ جايدىكى ھەربىي ۋە ساقچى ئەمەلدارلىرىغا شەرت قىلىش كېرەك. بۇنى دېموكراتىك سايلامنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇش ـ بولماسلىقىنىڭ، 11 بىتىمنىڭ ئىجرا قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى دەپ قاراپ، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ ئىش تۇتۇشۇڭلار كېرەك.

تۆتىنچى، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، بەزىلەرنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ساقلىنىشىڭلار لازىم. سايلامغا نازارەت قىلىش خىزمىتى داۋامىدا كۆرۈلگەن ھەرقانداق مەسىلىلەرنى مەن بىلەن گېنېرال جاڭغا ۋاقتى ـ ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇرۇڭلار.

ئەپەندىم سەمىمىي، مەنىلىك سۆزلەر بىلەن ۋەزىپىلەرنى ئەتراپلىق، ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇردى.

سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن يۈرۈپ كەتتى. ئاقسۇ گۇرۇپپىسىمۇ 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى.

ئامىنىنىڭ سايلام خىزمىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى كۈچلەرنىڭ تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئەپەندىم 1946 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى كۇلۇبىدا ياشلار ۋە زىيالىيلارغا سايلام خىزمىتى توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلىدى. تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

# زىيالىيلىرىمىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىلىرى ۋە ئالدىمىزدىكى سايلام

مۆھتەرەم قېرىنداشلار!

سىزلەر شەھىرىمىزنىڭ زىيالىيلىرى، ئۆلكىمىزدىكى ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئىلغار ۋەكىللىرىدۇرسىزلەر، سىزلەر ئۆلكىمىزنىڭ قىممەتلىك گۈللىرىدۇرسىزلەر، بىزنىڭ ئۆز شارائىتىمىزغا مۇۋاپىق بىلىم ئىگىسىدۇرسىزلەر.

بىزنىڭ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان «بىلەكلىك بىرنى يېڭەر، بىلىملىك مىڭنى» دېگەن ئۆزگىچە مەلۇم ماقال بار. مىڭنى يەڭگەندىن كېيىن، ھەممەلىرىڭىزنى ھېسابقا ئالساق تۆگىمەس قۇۋۋەت بولىسىزلەر.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇستەبىت كونچ ئۆزىنىڭ بىلىملىك دۈشمەنلىرىنى ھاياتلىقتىن مەھرۇم قىلىش يولى بىلەنلا يوقىتىشقا تىرىشىدۇ. مۇستەبىت كونچ ئۆزىنىڭ سىياسىي دۈشمەنلىرىنى يوقىتىشتا ھەرقانداق ئۇسۇلدىن يىرگەنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ خەۋپلىك سىياسىي دۈشمىنى بولغان بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزنى يۈزلەپ يوقاتتى. مىسال ئۈچۈن ئېلىپ قارىساق، شۇرالار ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇپ قايتقان 330 نەچچە بالىنىڭ شېڭ ۋە ۋۇ جۇشى تەرىپىدىن 200 نەچچىسى ئۆلتۈرۈلگەن. چۈنكى، ئۇلارمۇ سىزلەرگە ئوخشاش ئۆز مىللىتىنىڭ ھوقۇق دەۋاچىلىرى ئىدى. مىللەتنىڭ قايغۇسىنى قىلىدىغان، مىللەت غېمىنى يەيدىغان، مىللەت ئۈچۈن ئېچىنىدىغان، مىللەت مەنپەئەتى دېگەن جايدا جانىنى قۇربان قىلىشقا ھازىر تۇرغان، مىللەت ئىشقىدا يانغان ئالدىنقى سەپتىكى ئاڭلىق مىللەت دەردمەنلىرى زىيالىيلىرىمىزدۇر. بۇ دەردنىڭ نەقەدەر چوڭلۇقىنى، ئىشقى ئوتىنىڭ زورلۇقىنى بىلمەك ئۈچۈن، ئېزىلگەن مىللەتنىڭ زىيالىي ئەلچىسى بولماق لازىم. بىزنى سىرتتىن كۆرگەنلەر ناھايىتى تار مىللەتچىلەر دەپ باھا بېرىدۇ. ئۆز مىللىتىدىن باشقا ھېچكىمنى سۆيمەيدۇ، دەپ بىلىدۇ. ھەقىقەتتە

ئۇنداق ئەمەس، مەھكۇم مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ئەڭ زور خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى، دۇنيانىڭ قايسى بۇرجىكىدە بولمىسۇن، قانداقلىكى مىللەت بولمىسۇن، ئەگەر ئۇ ئېزىلگەن مىللەت بولسا، ئۇنى سۆيمەكتىن ئىبارەتتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ياۋروپالىقلار ئامېرىكىغا بېرىپ يەرلىك قەبىلىلەرنى قىرىشقا باشلىغان جايدا بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز يەرلىك قەبىلىلەر تەرىپىدىدۇر. كارتىسلار ۋە پىسادورلار قىرىلىپ يوقالغان يەرلىك خەلق ئۈچۈن نەقەدەر نەپرەتلىك بولسا، بىز ئۈچۈنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. ئەمدى شۇ قاتاردا ياۋروپالىق، ئامېرىكىلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەشكەن جايلىرىدا بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ئۇلار تەرىپىدىدۇر. ئامېرىكىلىق ئۈچۈن جېففېرسون، لىنكولن، ۋاشىنگتونلار قانچىلىك ھۆرمەتلىك بولسا، بىز ئۈچۈنمۇ شۇنچىلىك ھۆرمەتلىكتۇر.

«بىرىتانىيە تاجىسىنىڭ مەرۋايىتى» چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن سىپايىلەرنى زەمبىرەك ئاغزىغا باغلاپ ئاتقان ئىنگلىز ئادمىرالى كوپېر ھىندىستان خەلقىنىڭ قانچىلىك دۈشمىنى بولسا، بىزنىڭمۇ شۇ قەدەر دۈشمىنىمىزدۇر.

ئەلھاسىل، 1860 ـ يىللاردىكى پېكىننى ئىشغال قىلىپ ئىمپېراتور سارىيىنى بۇلاپ ئالغۇچىلار خەنزۇ خەلقى ئالدىدا قانچىلىك جىنايەتچى بولسا، بىزنىڭ ئالدىمىزدىمۇ شۇنچىلىك جىنايەتچىدۇر.

خەنزۇ خەلقىنى تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنىڭ يوقىلىشى نەقەدەر شادلاندۇرسا، بىر دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولۇش سۈپىتى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتچىلىك ۋە ھەققانىيەت ئاساسىدا تۇرۇپ قارىغاندىمۇ، بىزلەرنىمۇ شۇ دەرىجىدە شادلاندۇردۇ. دېمەك، بىزنىڭ مىللەتچىلىكىمىز بىر مىللەتكە ئومۇمەن قارشى بولۇشمىزدىن كېلىپ چىققان مىللەتچىلىك ئەمەس ۋە بەلكى بىر مىللەت ۋەكىلى سۈپىتىدە بۇ ياققا كېلىپ ھاكىم بولۇۋېلىپ، بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشتىن ۋە خەلقىمىزنى يالغۇز بىر مىللەتنىڭلا ئادەملىرى تەرىپىدىن ھەددىدىن تاشقىرى ئېزىشتىن كېلىپ چىققان مىللەتچىلىكتۇر.

ئۆلكىمىزدىكى خەنزۇ كىشىلىرىگە سالقىن قاراشلىق ئىشلىرى ئەنە مۇشۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان بىر ئىشتۇر. سەۋەبنىڭ يوقىلىشى بىلەن ئۇ ئىشنىڭ يوقىلىشى تەبىئىي بىر ئىشتۇر.

دېمەك، سەۋەب يوقىلىش بىلەن ھېچقانداق ھادىسىلەر بولماسلىقىمۇ چوقۇم بىر ئىشتۇر. مىللىتىمىزنىڭ ھاقارەتلىنىشى، ئېزىلىشى، پۈتۈنلەي ئىنسانىيەت ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇشى بىزنى تار مىللەتچى قىلىدۇ.

مىللىتىمىزنىڭ ئەركىن بولۇشى، ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشى تار مىللەتچىلىكنى يوقىتىدۇ. بۇ تارىخىمىزدا ئەمەلىي ئىسپات قىلىنغان بىر ئىشتۇر.

بۇنىڭدىن *12* يىل ئاۋۋال ئۆلكىمىزدە مۇسۇلمان خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق قوزغىلىڭى ئەۋج ئېلىپ تۇرغان مەزگىلدە ئېلان قىلىنغان مىللەتلەرنى ھوقۇقتا باراۋەر قىلىش، پارىخورلۇقنى يوقىتىش ۋە ئۆلكىنى ئىسلاھ قىلىش شوئارلىرى خەلقىمىزنى تىنچلىققا ئېلىپ كەلگەنىدى. خەلققە بېرىلگەن شۇ قىسقا مۇددەتلىك مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق باراۋەرلىكى نەتىجىسىدە ئۆلكىمىزدىكى بىلىم ئوچاقلىرى، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى مەۋجۇت بولغانىدى. مانا بۇ ئۇيۇشمىلار مىللەتلەر ئارىسىدا ئىشەنچنى پەيدا قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي دوستلۇقىنى تەمىن ئېتىشكە باشلىغانىدى ۋە ھېچقانداق ھادىسىلەر پەيدا قىلمىغانىدى. شېڭ شىسەي دەسلەپتە بۇ شوئارلارغا ئەمەل قىلغان بولسىمۇ، كېيىن بۇ شوئارلار ئاستىدا خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇۋېلىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تاشلىغان شوئارلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە ئىش ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. پۈتۈنلەي ئارقىدا قېلىپ كەتكەن ئۆلكىمىزنى ئۇنىڭدىنمۇ ئارقىغا ئېلىپ ماڭدى. نەتىجىدە بىر ئازغىنا يورۇقلۇقتىن كېيىن، يەنە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئەدلىيە، ھەربىي جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا ئەڭ قالاق دۇنيا دۆلەتلىرىنىڭ تۈنۈگۈنكىسى بىزنىڭ بۈگۈنىمىز بولۇپ قالدى. ئۆز ئۆلكىمىزگە

نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ، بىزنىڭ بۈگۈنىمىز ئۆزىمىزنىڭ تۈنۈگۈندىكىمىز بولدى. راست، بىزنىڭ بۈگۈنكىمىزگە ئۆزگىرىش كىرگۈزۈلگەندى. ئۇ بولسىمۇ، تۈنۈگۈنكىلەر ئۈستىگە بۈگۈنىمىزگە ساقچى، فاشىست تەرتىپى قوشۇلغانىدى. ئۆلكىمىزدىكى ئېزىلگەن مىللەتلەر قولىغا ئالغان باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولدى. باراۋەرلىك ھوقۇق ئورنىغا ئاسسىملىياتسىيە سىياستى يۈرگۈزۈلدى. ئۆلكىمىزدە شۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن خەنزۇ مىللىتىگە پۈتۈنلەي ئىشەنچسىزلىك يەنە مەيدانغا كېلىپ چىقتى. ھوقۇقتىن مەھرۇم بولغان خەلق ئاستا ــ ئاستا مۇنقەرز بولۇپ يوقىلىپ كېتىشنىڭ ئورنىغا «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم» دەپ قولىغا قورال ئېلىپ كۈرەش مەيدانىغا چىقتى. ھوقۇق كېلىپ قالدى ۋە ھوقۇقنى بېرىمەن دېگەن كۈنى مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن مۇزاكىرە باشلىندى. مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن بولغان سۆھبەت نەتىجىسىدە، ئۆلكىمىزدىكى فاشىست تەرتىپى ئېلىپ تاشلىنىپ، خەلقچىللىق سىياسەت يۈرگۈزۈلمەك بولدى. خەلقىمىز ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرىدىغان بولدى. مانا شۇ شەرتلەر ئاساسىدا خەلقىمىز تىنچلىققا كەلدى. دېمەك، بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكىتىمىز يالغۇزلا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى بولماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلقچىللىق سىياسىتىنى «تۇرمۇشقا ئاشۇرۇش ۋە ئورنىتىش» ئۈچۈن بولغان ھەرىكەت ئىدى. دېمەك، بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز پۈتۈنلەي بىر مىللەتكە قارشى ھەرىكەت ئەمەس، بەلكى ئۇ مىللەت ئىچىدىكى مۇستەبىت ئۇنسۇرلار ۋە زالىم ئىستىبدات ھاكىمىيەت تەرەپدارلىرىغا قارشى ھەرىكەت ئىدى. دېمەك، بىزنىڭ خەلقىمىز، خۇسۇسەن زىيالىيلىرىمىز مانا شۇ نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ ئىش ئېلىپ بارماقلىرى لازىم.

خەنزۇ مىللىتىنىڭ زىيالىيلىرىمۇ مۇشۇ نۇقتىئىنەزەرنى ئېسىدە تۇتۇپ ئىش ئېلىپ بارماقلىرى لازىم. خەنزۇ مىللىتىنىڭ زىيالىيلىرى بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزنى ئۆزى بىلەن ئەمەلدە باراۋەر دەپ بىلسە ۋە ئۇنىڭغا باراۋەرلىك ئاساسىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلسا، ئۇ زىيالىي بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزنىڭ سەمىمىي دوستى بولالايدۇ ۋە ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ.

538

دېمەك، «ھەر كىشى خەلقچىللىقنى تۇرمۇشقا ئاشۇرۇش ۋە ئورنىتىش» مەسىلىسىدە بىر مەقسەتتە بولغانلىقتىن ۋە ھوقۇقتىمۇ باراۋەر بولغانلىقتىن بىرلىكتە ئىشلىيەلەيدۇ. دېمەك، يەرلىك خەلقنىڭ ھوقۇقىنى ۋە ئەركىنلىكىنى ئەمەلدە تونۇماق كېرەك ۋە ئۇ ھوقۇقنى ھۆرمەت قىلىشنى بىلمەك كېرەك. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ھۆرمەت كۈتمەك كېرەك. دېمەك، مۇشۇ پوزىتسىيەدە تۇرغۇچىلار كىمكى بولمىسۇن بىزنىڭ دوستىمىزدۇر. بۇ پوزىتسىيەدە تۇرمىغۇچىلار كىمكى بولمىسۇن بىزنىڭ دۈشمىنىمىزدۇر. تەبىئىي، مۇستەبىتچىلەر بۇ پوزىتسىيەدە بولالمايدۇ ۋە ئۇلار ھەرقاچان بىزگە دۈشمەنلىك قىلىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ، خەلقىمىزنىڭ تەلىپى تەمىن ئېتىلسە، تىنچلىققا كېلىشى تەبىئىي بىر ئىش ئىدى. بىز مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن كۆپ تالاشلار قىلغاندىن كېيىن «ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، خەلقچىللىق، ئاندىن كېيىن بىرلىك ۋە تىنچلىق» دېگەن ئىدۇق. جاڭ بۇجاڭمۇ بىزگە «تىنچلىق، بىرلىك، ئەركىنلىك ۋە خەلقچىللىق» دېگەن تەكلىپنى قويدى. ھەقىقەتتە جاڭ بۇجاڭ ئۆلكىمىزنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئاڭلىغانلىقنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ تەكلىپنىمۇ قوبۇل قىلدۇق. نەتىجىدە تىنچلىق، بىرلىك تەمىن ئېتىلدى. ئەمدى پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، خەلقچىللىق تەمىن ئېتىلىشى لازىم بولىدۇ .

بىز مەركىزىي ھۆكۈمەت تەستىقلىغان بىتىمنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا « ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىگە ئۇلارنىڭ ئىشىنىدىغان يەرلىك خەلقىدىن مەمۇرىي خادىملارنى سايلاش ھوقۇقى بېرىدۇ» دېيىلگەن. دېمەك، بۇ مەركەز قوبۇل قىلغان پرىنسىپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن يېقىندا جەنۇبقا بېرىپ ئۈچ - تۆت شەھەردە مەجلىس ئېچىپ، مەجلىستە «كىمكى ھازىرقى ئەمەلدارلارنى ئورنىدىن ئېلىپ تاشلايمىز دېسە ئاز كۈندە يوقىتىلىدۇ» دېگەن ئەمەلدار خەلقچىللىق سىياسەتنىڭ دۈشمىنىدۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش يېقىندا جەنۇب شەھەرلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ خەلق يىغىنلىرىنى ئېچىپ «سىلەر ھازىرقى ئەمەلدارلارنى ئېلىپ تاشلايمىز دەپ خىيال قىلساڭلار، ئوغرىلارغا ئەگەشكەن بولىسىلەر، سىلەرنىمۇ ئوغرىلار بىلەن بىللە يوقىتىمىز، بىز ئۈچۈن بىر -

ئىككى شەھەرنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى ھېچ نەرسە ئەمەس،
بىزنىڭ خەلقتىن كەمچىلىكىمىز يوق، 450 مىليون خەلقىمىز، 4
مىليون ئەسكىرىمىز بار. قولىمىزدا ئەڭ ئىلغار دۆلەتنىڭ ھەربىي
تېخنىكىسى بار» دېگەن ھەربىر ئادەم مىنىڭچە، خەنزۇ خەلقىگە-
مۇ، مەركىزىي ھۆكۈمەتكىمۇ ۋەكىل بولالمىسا كېرەك. شۇنىڭغا
ئوخشاش بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ،
ئۇنىڭ خەلقچىللىق چاپىنىنى كىيىۋېلىپ، بۇزۇقچىلىققا دەۋەت
قىلغۇچىلارغا ئەگەشكەنلەرمۇ بىزگە دوست بولالمايدۇ. ئۇ توغ-
رۇلۇق مەن ئۆز ماقالەمدە يازغانىدىم.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ سايلام مۇناسىۋىتى بىلەن خەلققە
قىلغان مۇراجىئىتىمىزدە مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەرگە قا-
رىتىپ «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، ئىككى ئايدىن ئارتۇق
بىر مەزگىلدە ئاز سانلىق ئۇنسۇرلارنىڭ خەلقچىللىق، ھۆرلۈك-
نىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەستىن، خەلقچىللىق، ھۆرلۈكنىڭ دائى-
رىسىدىن چىقىپ كەتكەن سۆزلەر ۋە ھەرىكەتلەرنى پەيدا قىل-
غانلىقى ھەم كۆرۈندى» دېيىلگەن.

ئاز كۈندە ئۆلكىمىزدە سايلام ئۆتكۈزۈلىدۇ، سايلام جەنۇبى-
تىكى خەلقىمىزنىڭ ئۈستىدىكى ئېغىرچىلىقلارنى ئېلىپ تاشلاي-
دىغان، قارا مۇستەبىت سىياسەتتىن يورۇقچىلىق، خەلقچىللىق
سىياسىتىگە ئەمەلدە ئۆتىدىغان بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولمىقى
لازىم.

مانا بۇ بۇرۇلۇش مۇستەبىتچىلەرنى، مۇستەملىكىچىلىك
سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئىستىگۈچى مۇتەئەسسىپ ئۇن-
سۇرلارنى چۆچۈتىدۇ. ئۇلار ئىستىبدات زالىم ھاكىمىيىتىنىڭ
ئۆلكىمىزدىن پۈتۈنلەي يۇلۇنۇپ كېتىشىدىن چۆچۈيدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن ھەر خىل بوھتانلار بىلەن تەرەققىيات تەرەپدارلىرىنى
قارىلاپ ئىغۋا تەشكىل قىلىپ، خەلقىمىزنى قورقۇتۇپ قارا ئې-
زىش سىياسىتىنى ساقلاپ قېلىشنى ئىستەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئارد-
ىىدا خەلقىمىز تىنچلىققا كېلىپ قولىدىكى قورالنى يىغىشتۇرۇپ
قويغانىنى كۆرۈپ، ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنى ئاسانلا قايتا تىك-
لەشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلدى دەپ ئويلايدىغانلارمۇ يوق ئە-
مەس. لېكىن، دۆلەت بىرلىكى، ئۆلكە تىنچلىقى مۇزاكىرە نەتى-

جىسىدە قوبۇل قىلىنغان 11 ماددىلىق بىتىم نەتىجىسىدىلا قولغا
كەلگەنلىكىنى ئۇلار ئۇنتۇماسلىقى لازىم. خەلقنى قورقۇتۇش
يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىتىمدە كۆرسىتىلگەن ھوقۇقلارنى
خەلقىمىزگە تولۇق بېرىش بىلەنلا بىرلىك ۋە تىنچلىقنىڭ ئۆلكى-
مىزدە ئەبەدىي بولۇشىنى تەمىن قىلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭغا ئى-
شەنسەك بولىدۇ. لېكىن، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىمىز ئۆلۈپ تامام
بولۇشقا رازى بولىدۇ، قۇل بولۇشقا رازى بولمايدۇ. دېمەك،
پۈتۈن ئۆلكە خەلقىمىز 11 ماددىلىق بىتىمدىكى ھوقۇقلاردىن
تاشقىرى ھېچقانداق ھوقۇق تەلەپ قىلمايدۇ. لېكىن شۇ 11
ماددىدا كۆرسىتىلگەن ھوقۇقلارنىڭ كېمىيىپ قېلىشىغىمۇ رازى
بولمايدۇ. دېمەك، زىيالىيلىرىمىز مۇشۇ ئاساستا تۇرۇپ، خەلق-
مىزگە كەڭ كۆلەمدە چۈشەنچە بېرىپ، خەلقىمىزنى ئالدىمىزدىكى
سايلامغا تەييارلىمىقى لازىم بولىدۇ.

ئەمدى بىزنىڭ خەلقىمىزگە بولغان ۋاكالەتچىلىكىمىزگە
كېلەيلى، ھەر دائىم «خەلقىمىزنىڭ تەلپى تەمىن ئېتىلگەن جاي-
دا بىز بار» دېدۇق، بۇ قۇرۇق سۆز بولماستىن، ئەمەلدە بولمىقى
لازىم. خەلقىمىزنىڭ ئۈستىدىن بىرمۇنچە ئېغىرچىلىقلار كۆتۈرۈل-
گىنى يوق، بۇ يەردە ھەممىسىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى
يوق، جۈملىدىن بىرى، تا مۇشۇ كۈنگىچە ئۆلكىمىزدە ئەڭ ئادا-
لەتسىز ئورۇنلارنىڭ بىرى ئەدلىيە ئورۇنلىرى بولۇپ كېلىۋات-
ماقتا. ھەتتا، خوتەندىن ئۈرۈمچىگە كىچىك بىر ئىش ئۈستىدىن
ئەرز ۋە دادىنى پىيادە يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىزگە كەلگەن ئادەم
ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ دەردىگە بىز دەرھال دەرمان بولالمايۋات-
مىز. ئۇزاق جايلارنىڭ مەسىلىلىرى بۇياقتا تۇرسۇن، ئۈرۈمچى
ئۆزىدە بىز يالغانچى بولغان جايىمىز يوق ئەمەس. مەن كىچىك
بىر مىسال ئېيتىپ بېرەي: بۇنىڭدىن ئىككى ئايلار بۇرۇن ئون
نەچچە كىشى بىرلىشىپ «لىيۇتچىكنى ئۆلتۈردى» دەپ تۇتقۇنغا
ئېلىنغان قاسىمجان غازى دېگەن كىشىنى تىلەپ بۇرھان ئەپەن-
دىم ئىككىمىزنىڭ ئالدىغا كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ قاسىمجان غازى لى-
يۇتچىكنى ئۆلتۈرمىگەنلىكى توغرۇلۇق دەلىللىرى شۇنىڭدىن
ئىبارەت:

(1) قاسىمجان غازى ئۆزى ئوقۇغان زىيالىي ئادەم، ئىنساد-

پەۋەر كىشى، ھەرگىز ئادەم ئۆلتۈرمەيدۇ.

(2) قاسىمجان غازى سىياسىي مەھبۇس بولۇپ، نەچچە يىل تۈرمىدە يېتىپ، مۇشۇ قېتىمقى بىتىمغا بىنائەن تۈرمىدىن چىققان كىشى.

(3) قاسىمجان غازى تۈرمىدە يېتىپ كەچقۇرۇن كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان كىشى.

(4) قاسىمجان غازىنىڭ ئۆيىدە خوتۇنى ۋە ئىككى كىچىك بالىسى بار ۋە ۋەھاكازا...

ئۈرۈمچىدىن ھېچ ياققا كەتمەسلىككە كېپىل بولىمىز. كېرەك ۋاقىتتا چاقىرىلسا، بىز ئۇنى ھازىر قىلىمىز، بوشىتىپ بەرسە دېگەندىن كېيىن، بىز ئىككى مۇئاۋىن رەئىس ئادالەتچىلىك خوجىسى بىلەن كۆرۈشۈپ بۇ سۆزنى ئېيتقانىدۇق. ئۇ كىشى بىزگە «ئۈچ كۈندىن كېيىن ئوچۇق سوت بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ جاۋابقا قانائەتلىنىپ بىزگە كەلگەن كىشىلەرگە «ئوچۇق سوت بولىدىكەن، ئەگەر جىنايىتى ئىسپاتلانسا، تېگىشلىك جازاسىنى تارتىدۇ، ئاقلانسا بوشىتىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردۇق. كەلگۈچىلەر قانائەتلىنىپ چىقىپ كەتتى. ئارىدىن بەش ـ ئالتە كۈن ئۆتكەندە جامائەت يەنە كەپتۇ. بىز بۇرھان ئەپەندىم ئىككىمىز ناھايىتى خىجىل بولۇپ، ئۇلارغا ئەتە جاۋاب بېرىشنى ۋەدە قىلىپ قويۇپ، ئەتىسى «ئادالەتچىلىك مۇھاپىزەتچىسى»گە يەنە قايتا سوئال تاشلىغانىدۇق، قانۇن ھىمايىچىسى بىزگە: «ئۇ كىشى ئاقلاندى، ئىشلىرىنى رەسمىيلەشتۈرۈپ، بەش كۈن ئىچىدە چىقىرىۋېتىمىز» دېدى. بىز شۇ جاۋابنى جامائەتكە قايتۇردۇق ۋە قاسىمجاننىڭ خوتۇنىغىمۇ شۇ جاۋابنى بېرىپ چىقاردۇق. ئارىدا مەن غۇلجىغا بېرىپ قايتتىم، بۇ ئوتتۇرىدا ئىككى ئاي ئۆتۈپتۇ. مەن شۇ كۈنگىچە ئەدلىيە تىلىدا بەش كۈننىڭ قانچىلىك ۋاقىت ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنىكەنمەن، مەن ئۇنىڭغا خاپا بولغىنىم يوق، لېكىن، بىراۋنىڭ مېنى ئالداش نەتىجىسىدە مەن خەلقىمنى ئالدىغانلىقىمغا خاپا بولدۇم. بۇرھان ئەپەندىمۇ خاپا بولغان بولسا كېرەك، ئەنە ئەھۋال شۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر. ئەلۋەتتە، قاسىمجان ھەقىقەتەن جىنايەت قىلغان بولسا، جىنايىتى قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك جازاسىنى تارتىمىقى لازىم. مە-

سىلە ئۇنىڭدا ئەمەس. مەن بۇ مەسىلىنى بۇ يەرگە كەلتۈرۈشتىكى مەقسىتىم، ئەگەردە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ چوڭ مەنسەپدارلىرىنى سىلىقلىق بىلەن شۇ قەدەر ئەخمەق قىلسا، جايلاردىكى زالىم قانۇن ئىگىلىرى خەلقىمىزنى نەقەدەر قاتتىقلىق بىلەن ئېزەر ئىكەن، دېمەكچىمەن، مەن بۇ مەسىلىنى بۇ يەرگە كەلتۈرۈشتىكى مەقسىتىم بىزنىڭ ئايرىم قىيىنچىلىقلىرىمىز ئەنە شۇلارغا ئوخشىغان قىيىنچىلىقلاردىن ئىبارەتتۇر، دېمەكچىمەن. راست، بىز «ئەدلىيە ئورگىنىغا يەرلىك زىيالىي كادىرلارنى جەلپ قىلىش بىلەن باراۋەر، ئەدلىيە ئۆزىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ئەلۋەتتە ساقلايدۇ» دېگەن پرىنسىپنى قوبۇل قىلغاندۇق. ھازىر ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگەرمەي تۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرى ئەنە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئەدلىيە تىلىدىكى كۆپ ھېسابىنىڭ ئۇزاقلىقىدىندۇر. ئەگەر بۇ پۈتۈنلۈك مۇشۇنداق ئىشلاردىن ئىبارەت بولسا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قىيىن بولىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن، تەبىئىي، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئاز كۈندە ئەدلىيە ئورۇنلىرىغىمۇ «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» غا مۇۋاپىق ئۆزگىرىش كىرگۈزىدۇ. شۇنىڭغا قەدەر زىيالىيلىرىمىزنىڭ بۇ ساھەدىكى مۇھىم ۋەزىپىسى سايلامغا تەييارلىق كۆرۈش بىللە، خەلقىمىزگە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان «خەلقلەرنى قانۇنسىز تۇتقۇنغا، قاماققا ئېلىشقا ۋە جەرىمانە قويۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. يەنە ھوقۇقى بولمىغان ئىدارىلەرگە قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ھېچكىمنى تۇتقۇنغا، قاماققا ئېلىشقا ۋە سوراق قىلىشقا ھەمدە جەرىمانە قويۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

ھەرقانداق ئىدارىلەرنىڭ ۋە دىنىي ئورۇنلارنىڭ خەلققە تەن جازا بېرىشى مەنئى قىلىنىدۇ. خانىم ـ قىزلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، قانۇنىي، ئىجتىمائىي، مائارىپ جەھەتلىرىدە باراۋەر ھوقۇقتا بولۇشىغا كاپالەت بېرىدۇ» دېگەن قانۇننى ياخشى چۈشىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدىغان ئۇنسۇرلار بولسا، ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى پاش قىلىش ۋە خەلقىمىزنىڭ ئەرز ـ دادىنى تېزلىكتە جايلارنىڭ ئۆزلىرىدە ئادىللىق بىلەن تەكشۈرۈپ

بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، خەلققە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

(«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1946 ـ يىل 28 ـ سېنتەبىردىكى سانىدىن)

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ بۇ نۇتقىدا مىللىي نۇقتىئىنەزەر، مىللىي ئىنقىلاب، مىللىي مەسىلىلەردە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر مۇجەسسەملەنگەن، جۈملىدىن بىزنىڭ مىللىي ئىنقىلابىمىزنىڭ يالغۇز بىر مىللەتكە قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى خەلقنىڭ شىللىسىگە مىنىۋېلىپ، خەلقنى دەھشەتلىك ئېزىپ زۇلۇم سالغۇچى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىققا قارىتىلغانلىقى كەسكىن كۆرسىتىلگەن. شۇنداقلا ھەر مىللەت زىيالىيلىرى «تىنچلىق بىتىم»نى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، سايلامنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە چاقىرىلغان.

جاھىل كۈچلەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە ئىشپىيون ئەۋەتىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقانلىقى ۋە ئاخبارات ئوغرىلاپ، ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى پاش قىلماق ئۈچۈن، ئەپەندىم مەخسۇس بىر پارچە ماقالە يېزىپ ئېلان قىلدى. تۆۋەندىكىسى شۇ ماقالىنىڭ تولۇق تېكىستى:

## تۈزەلمەس ئىپلاسلارنى نېمە قىلماق لازىم

ئىستىبدات زالىم ھاكىمىيەتنىڭ دەۋرىدە، خەلقنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغانلار ئاساسەن جىڭۇۋچۇ (ساقچى باشقارمىسى) خىزمەتچىلىرى ئىدى. تەبىئىي، ئۇلاردىن خەلقىمىز ھەددىدىن تاشقىرى نەپرەتلەنگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ناھايىتى دەرىجىدە ئۆچ ئىدى. ئۆلكىمىزدە ئىستىبدات زالىم ھاكىمىيىتى كۆتۈرۈلۈپ، مۇستەبىت قارا سىياسەت پۈتۈنلەي يوقىتىلىپ، خەلقچىللىق سىياسەت تۇرمۇشتا ئەمەلگە ئاشۇرۇلماق بولۇپ بىز بىتىمگە كەلگەندىن كېيىن، «فتلقى ادم من ربه كلمت فتاب

عليه (لەھو) تۇب الرجيم» (ئادەم رەببىمگە يالۋۇرۇپ تۇۋا قىلدى. ئاللاتائالا ئۇنىڭ تۇۋىسىنى قوبۇل قىلدى. ئاللا تۇۋا قىلغانلارنىڭ تۇۋىسىنى قوبۇل قىلىپ رەھىم ئەيلىگۈچىدۇر) گە ئاساسلىنىپ، ئۇلار ئۆتمۈشتىكى ئىشلىرى ئۈچۈن ئاللاتائالا ئالدىدا تۇۋا قىلىپ، ئەمدى ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلۇرلار دەپ ئۈمىد قىلغانىدۇق. ھەقىقەتتە بۇلارنىڭ ئەكسەرىيەتى (كۆپىنچىسى) بۇرۇنقى قىلمىشلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ، ئاللا ئالدىدا تۇۋا قىلىپ، بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىپ قالغان ئۆمرىنى خەلق ئۈچۈن ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلىشقا بېغىشلىغانلىرى توغرۇلۇق ۋەدىلەر بېرىپ، ئەمەلدە ئىسپات قىلماق ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتىلەر. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇناپىقلار بولماي قالمىدى. بۇلار ھازىر مۇستەبىت ئۇنسۇرلارنىڭ دۇتارلىرىغا ئۇسسۇل ئويناماقتا. جانابىي ھەقنىڭ دېگىنىدەك مۇبادا مۇستەبىت كۈچ ئۇلارغا 5 ـ 6 مىليون پۇلنى بېرىپ قويۇپ قولىغا خەنجەر بەرسە، ئۇلار ئۆز ئانىسىنى سويۇشتىنمۇ يانمايدۇ. بىز بىتىمگە ئىمزا قىلغاندىن كېيىن، خەلقنى ھەمىشەم خاتىرجەملىككە دەۋەت قىلىپ تۇرساق، بۇ مۇناپىقلار غوجىلىرىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى بېجىرمەك نىيىتىدە خەلق ئارىسىغا ئىختىلاپ سالماق ئۈچۈن پىتنە تارقىتىپ، ئىغۋا تەشكىل قىلىپ يۈرگەنلىرىمۇ يوق ئەمەس ئىكەن. مىسال كەلتۈرۈپ كېتەي: بۇنىڭدىن بىر ـ ئىككى ئاي بۇرۇن بىر ئادەم مېنىڭ ئالدىمغا كىرىپ: «مەن بۇرۇن جىڭگۇچۇدا خىزمەت قىلاتتىم، بۇرۇن قارا سىياسەت يۈرگۈزۈلۈپ تۇرغاندا خىزمەت قىلماسقا ئىلاج يوق ئىدى. مەن خەلققە قارشى خىزمەت قىلدىم. ئەمدى مېنى يېڭى ھۆكۈمەت پالانى جايغا ساقچى ئىدارە باشلىقلىقىغا بەلگىلەپتۇ. مەن ئۆتمۈش ئىشلىرىم ئۈچۈن تۇۋا قىلدىم. ئەمدى خەلقىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن» دەپ ماڭا ۋەدە بېرىپ چىقىپ كەتكەنىدى.

يېقىندا چۆچەككە بارسام، شۇ مۇناپىق ئۆز ئاتىسىنى بىر كىشى بىلەن ئۈچ ـ تۆت تاغار چاي ۋە بىرئاز پۇل بىلەن چۆچەككە يولغا سېلىپتۇ. ئۇلارغا تاپشۇرغان تاپشۇرۇقلىرى:

(1) چۆچەك ۋىلايىتىدىكى ئىدارە باشلىقلىرى ۋە ھاكىمى-

رىنىڭ ئىسىملىرى ۋە مىللىتى نېمە؟

(2) چۆچەك ۋىلايىتىدە قانچىلىك ئەسكەر بار ۋە ئۇلارنىڭ قورallىرى قانداق؟ قەيەرلەردە تۇرىدۇ؟

(3) ھەممەتىسىزرەك ۋە ۋىجدانسىزراق رەھبەرلەرنى، ئاڭسىزلارنى سېتۋېلىپ، تەرەپدار تەشكىل قىلىپ، ئارا بۇزۇش ھەرىكىتىنى قىلىش. بۇ پەس تەبىئەتلىك ئۆزىنىڭ قىرى ئاتىسىنى ئاۋارە قىلىپ يۇرگۇچە شۇ سوئاللارنى ماڭا بەرسە، مەن مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا تولۇق جاۋاب بېرەر ئىدىم.

بىرىنچى سوئالغا جاۋاب:

چۆچەك ۋىلايىتى قازاق، ئۇيغۇر، موڭغۇل، تاتار، ئۆزبېك مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان مۇرەككەپ ۋىلايەت بولغانلىقتىن، ئۇ يەردە ۋىلايەت ئىدارە باشلىقلىرى ۋە ھاكىملىرى شۇ خەلقلەردىن سايلانغاندى. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى تۆۋەندىكىچە:

چۆچەك ۋالىيسى: باشباي، قازاق

مۇئاۋىنلىرى: قاسىمئاخۇن، ئۇيغۇر

ئالىمجان، ئۆزبېك

مائارىپ ئىدارە باشلىقى: مەخسۇتخان، قازاق

مۇئاۋىنى: مەخمۇتجان، ئۆزبېك

ساقچى ئىدارە باشلىقى: ئابدۇلئەزىز، ئۇيغۇر

مۇئاۋىنى : ئەخمەتغالى، قازاق

گېزىت ئىدارە باشلىقى: دۇبەك، قازاق

مۇئاۋىنى : ز. ئابدۇقادىر، ئۇيغۇر

ئەدلىيە مەھكىمە باشلىقى: دۇيسەنبېك، قازاق

پولك كوماندىرى: ئابلاخان، ئۇيغۇر

بىرىنچى مۇئاۋىن كوماندىرى: بالقاش، قازاق

چۆچەك ھاكىمى: ئۆمەرئاخۇن، ئۇيغۇر

مۇئاۋىنى: ئىلياس، قازاق

يەر ـ سۇ ئىدارە باشلىقى: لاكىيف، رۇس

مۇئاۋىنى: ئەدىلبېك، قازاق

سەھىيە ئىدارە باشلىقى: مۇھەممەت يۇسۇپ، ئۆزبېك

مۇئاۋىنى: ئابلەي، تاتار

مالىيە ئىدارە باشلىقى: ۋاققاس، تاتار
مۇئاۋىنى: خىزىر، قازاق
دۆربىلجىن ھاكىمى: نۇرساپا، قازاق
بىرىنچى مۇئاۋىنى: كوكورش، موڭغۇل
ئىككىنچى مۇئاۋىنى: ئۆمەرئاخۇن، ئۇيغۇر
چاغانتوقاي ھاكىمى: ئەنۋەر، قازاق
مۇئاۋىنى: سەيقان، قازاق
قوبۇق ھاكىمى: گۆنجىن لاما، موڭغۇل
مۇئاۋىنى: ئابلەھەتخان، ئۇيغۇر
شىخو ھاكىمى: نەسرىددىن، ئۇيغۇر
بىرىنچى مۇئاۋىنى: ماغاۋىيە، قازاق
ئىككىنچى مۇئاۋىنى: موڭغۇل
ساۋەن ھاكىمى: قالىبېك، قازاق
مۇئاۋىنى: شاھابىددىن قارى، ئۇيغۇر

ئىككىنچى سوئالغا جاۋاب:

چۆچەك ۋىلايىتىدە ئۈچ پولك ئەسكەر تۇرىدۇ، ئىككى پىيادە، بىر ئاتلىق پولك، بىر پىيادە پولك چۆچەكنىڭ ئۆزىدە تۇرىدۇ. بىر پىيادە پولك شىخودا، يەنە بىر ئاتلىق پولك ساۋەندە تۇرىدۇ.



ئۈچىنچى سوئالغا جاۋاب:

ھىممەتسىز، ۋىجدانسىز، ئاڭسىز، سېتىلىدىغان رەھبەرلەردىن ئۇيىاقتا كاساتچىلىقراق. چۈنكى، ئۇيىاقتا ئۇنىڭغا ئوخشاش پەس تەبىئەتلىك مۇناپىق تېپىلمايدۇ. ئۇيىاقتىكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا كەلسەك، بىر باشبايىنىڭ ئۆزى بۇنىڭغا ئوخشاش مۇناپىقلارنىڭ بەش - ئالتىسىنى سېتىۋېلىشقا ئىمكانىيىتى بار.

ئەگەر ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش پاسىكىنىلارغا كېرەك بولسا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىدارىلىرىگە ئالاقە يازسا، تولۇق جاۋاب ئەۋەتىپ بېرىدۇ. بۇ مەلۇماتلار ئاللىقاچان پۈتۈن ئۆلكىلىك ئىدارىلەرگە مەلۇمدۇر. ئۈچ ۋىلايەت ئىچىدە يوشۇرىدىغان ھېچ بىر نەرسە يوقتۇر. ئومۇمىي مىللىي ھەربىي قىسىملارنىڭ سانى *12* مىڭدىن ئىبارەتتۇر. ئالتەشەھەر تەرىپىدىن كەلمەكتە بولغان

خەۋەرلەرگە قارىساق، يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ساقچى ئىدارىلىرىنىڭ بىغەرەزلىرى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى سۈرىتىدىن پايدىلىنىپ يەنە خەلقنىڭ بويىنىغا مىنىۋالغۇسى بارلىقى كۆرۈنىدۇ. ھازىر بۇرۇنقى سىياسەتنى ساقلاپ قېلىشقا قەتئىي يول قويۇلماسلىقىنى ئۇلار چۈشىنىپ يەتمىگەن بولسا كېرەك ياكى چۈشەنگەن بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئەخمەقلىقلىرىگە ئىقرار قىلىشنى خالىمىسا كېرەك. ئاندېرسېن دېگەن يازغۇچىنىڭ بىر كارول توغرۇلۇق يازغان ھېكايىسى بار.

بىر كۈنى ئىككى ئالدامچى كارولغا كېلىپ، بىز ئالتۇن ۋە يىپەكتىن رەخت توقۇيمىز، ئۇ رەختنى يالغۇز ئەقىللىق كىشىلەر كۆرەلەيدۇ، ئەقىلسىزگە كۆرۈنمەيدۇ دەپتۇ. كارول ئالدامچىلارغا ئۇ رەختنى توقۇشنى بۇيرۇپتۇ. كۆپلىگەن ئالتۇن ۋە يىپەكلەرنى بېرىپتۇ. ئالدامچىلار يالغاندىن توقۇۋاتقان كىشى بولۇۋېلىپ ئولتۇرۇپتۇرلەر. كارول ئۆزىنىڭ بىر ئەمەلدارىنى قانداق توقۇلۇۋاتقانلىقىنى بېرىپ كۆرۈپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئەمەلدار دۇكانغا كىرىپ ھېچ نەرسە كۆرەلمەستىن، لېكىن كۆرمەي قالسا ئەقىلسىزلەر قاتارىدا بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، كارولغا كۆرگەنلىكىنى بايان قىلىپتۇ. كارولنىڭ ھەممە ئەمەلدارلىرى ئەقىلسىزلەر ھېسابىدا بولۇشتىن قورقۇپ، يوق رەختنى ھەممىسى ئوخشاش ماختاپتۇرلەر. كارول ئۆزىمۇ رەختنى كۆرمەستىنلا بۇ رەختنىڭ ئەقىلسىزگە كۆرۈنمەيدىغان خۇسۇسىيىتىنى ئېسىدە تۇتۇپ، ئۆزى كۆرمىگەن بولسىمۇ رەختنى ماختاپ يېرىم كۈن شۇ رەختتىن «تىكىلگەن» «كىيىم»نى «كىيىپ» كوچىغا چىقىپتۇ. كوچىدا كۈنلۈك ئاستىدا ئەسكەرلىرى ئالدىدا قىپيالىڭاچ كېتىپ بارغان كارولنى كۆرگەن خەلق تەئەججۈپلىنىپ، بۇرۇن ئاستا ـ ئاستا «كارول يالىڭاچ كوچىغا چىقىپتۇ!» دەپ، كېيىن «يالىڭاچ كارول!» «يالىڭاچ كارول!» دەپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ. كارول ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ۋە ھەقىقەتەن يالىڭاچ كېتىپ بارغانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ شۇنى ئىقرار قىلىشقا ئىزا تارتىپ كېتىۋېرىپتۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش، مۇستەبىتلەر ئۆزلىرىنىڭ يالىڭاچلىق-

نى ئىقرار قىلىشقا ئۇنىمايدۇرلەر. مۇستەبىت كۈچ نېمە قىلىشنى بىلمەي، بىز خەلقلەرنى يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلماققا دەۋەت قىلساق، ئۇلار خەلقنى غەزەپلەندۈرىدۇ.

شۇنىڭ نەتىجىسىدە چۆچەكتىن ئۆتكەن 1000دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىچىدىن خەلق ئون نەچچە سابىق ساقچى ئىدارە خىزمەتچىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، رۇس، خەنزۇ ۋە باشقا ھەر مىللەتتىن بار ئىكەن.

مانا بۇ ھادىسىمۇ خەلقنىڭ جىگۈۋچۇ (ساقچى باشقارمىسى) خىزمەتچىلىرىدىن نەقەدەر نەپرەتلىنىپ غەزەپلەنگەنلىكلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. سابىق جاللاتلار ھازىرقى ئۆزگىرىشنى ياخشى چۈشىنىپ، خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان ئىشلىرىدىن ساقلانماقى لازىم بولىدۇ.

خەلقىمىزنىڭ ياخشى چۈشەنمىكى كېرەككى، ئالدىمىزدىكى سايلام نەتىجىسىدە خەلقىمىز بېتىمدە كۆرسىتىلگەن ھوقۇقلارغا تولۇق ئىگە بولمىقى لازىم ۋە ئۆزىنىڭ خالىغان كىشىلىرىدىن مەمۇرلار سايلاپ ئالماقلىرى كېرەك. ئايرىم زالىملار ئۇستىدىن ئەرز بېرىش ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن قورقماستىن ئۇلارنىڭ يۈزىدىكى نىقابلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، سىرلىرىنى پاش قىلىپ، ئەمەلدىن قالدۇرماقلىرى لازىم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىز ھوشيار بولۇپ، تېخى بېتىمگە چۈشەنمەي، جاللاتلىق پالتىسىنى قويندا ساقلاپ يۈرگەن بۇزۇقلارنىڭ سىرلىرىنى پاش قىلىپ، ئۇلارنى خەلقچىللىقنىڭ تۆمۈر سۈپۈرگىسى بىلەن سۈپۈرۈپ، ئۆتمۈشنىڭ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىمىقى لازىم بولىدۇ!

1947 ـ يىل 23 ـ ئىيۇن



ۋاھالەنكى، يەتتە ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە باراۋەرلىك، خەلقچىللىق ۋە تىنچلىق بېرىشنى خالىمايدىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى، خۇسۇسەن يەتتە ۋىلايەتنى كونترول قىلىپ تۇرغان ھەربىي ۋە ساقچى دائىرىلىرى سايلام خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ئاللىقاچان ھەر خىل توسالغۇلارنى پەيدا قىلىۋاتاتتى. شۇنداق بولۇشىغا

قارىماي، باراۋەرلىك، خەلقچىللىق ۋە تىنچلىقنى ياقلىغۇچى ئامما، بولۇپمۇ ياش زىيالىيلار ئىلگىرىكى ۋالىي، ھاكىملارنىڭ تەھدىتلىرىگە، ئەسكەر ـ ساقچىلارنىڭ كالتەكلەش، ئۆلتۈرۈشلىرىگە قارىماي، سايلامغا نازارەت قىلىشقا كەلگەن ۋەكىللەرگە ئاق تېررورلۇق، بېسىم ۋە زۇلۇم ـ ستەم ئۈستىدىن ئەرز ئېيتىپ كېلىشەتتى. گومىنداڭ غالچىلىرىنىڭ سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىدەك ئەكسىيەتچىل ھەردىكەتلىرىنى پاش قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ خەلقچىللىق ۋە ئەركىنلىككە بولغان تەلپۈنۈشىنى ئىپادىلەيتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە بىر قىسىم مىللىي مۇناپىق، غالچىلارنىڭ بىتىمگە قارشى قىلىۋاتقان پىتنە ـ ئىغۋالىرىنى قاتتىق سۆكۈپ، ھەربىي ۋە ساقچىلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقىنى تەلەپ قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىتىم توغرىسىدا، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت توغرىسىدا تونۇشى مۇجمەل، ھەتتا ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە قارشى پوزىتسىيەدىكىلەرمۇ كېلىپ، ھەر خىل سوئاللارنى سورىشاتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى، ھەربىي ۋە ساقچى دائىرىلىرى ۋە ساتقۇن، غالچىلارنىڭ قاتتىق بېسىمى ۋە زەربىسىگە ئۇچرىغان زىيالىيلار بولسا باشقىدىن روھلىنىپ، بىتىمنى قەتئىي ھىمايە قىلىدىغان، تەشۋىق قىلىدىغان ۋە ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشەتتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، مەسئۇت تەرەپدارلىرىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ بۇرھان شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزى، ئابدۇرېھىم ئەيسا قاتارلىق سايلام نازارەتچىلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، خىلمۇ خىل سوئاللارنى سورىشاتتى. بىزنىڭ سايلامنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن بارغان ۋەكىللىرىمىزمۇ «ئۈچ ۋىلايەتكە ئوخشاش قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرىمىز» دەپ قىزىق قانلىق قىلىپ قويۇش ئېھتىمالى، ئويلىرى بار ياشلارغا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەنچە بېرىپ، ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ بىتىمنى قەتئىي ئىجرا قىلىش ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەش ئارقىلىق ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىدى.

ئەمما، ئەكسىيەتچىل مەيداننى زادى ئۆزگەرتمىگەن، بىتىمگە قارشى بىر قىسىم ئۇنسۇرلار قەستەن ماجىرا تېرىپ، سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە ئاۋارىگەرچىلىك تۇغدۇرۇپلا يۈردى، يوشۇرۇن زەربىلەرمۇ بەردى. ئۇلار گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھەربىي ۋە ساقچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە تەھدىت سېلىپ، ئۇلارنىڭ نورمال خىزمىتىگە توسقۇنلۇق قىلدى.

يەكەنگە ئەۋەتىلگەن سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باش-
لىقى بۇرھان شەھىدى ئاممىۋى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقاندا يە-
كەن ۋالىيسى، گومىنداڭچى ئۇنسۇر جۇ فاڭگاڭ ئۆز ساقچىلىرىنى پۇق-
راچە كىيىندۇرۇپ، ئامما ئارىسىغا قويۇۋېتىپ يىغىننى بۇزغاندىن
سىرت، ھەتتا ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ئاممىغا قارىتىپ ئوق چىقاردى.
تەرەققىيپەرۋەر خادىملارنى تۇتۇپ قامايدىغان ئىشلارنى كەينى ـ كەينىدىن
سادىر قىلدى. ھەتتا بۇرھان ئەپەندىنى قورشىۋېلىپ بىر ئۆيگە قاماپ
قويۇپتۇ، ئۇنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچراشقا تاسلا قالغانىكەن.
قەشقەرگە ئەۋەتىلگەن سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى-
نىڭ باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزىمۇ تەھدىت ئاستىدا قالغانىكەن. مارالبې-
شى ساقچى ئىدارىسى باشلىقىنىڭ 470 دوللارغا خىيانەت قىلغانلىقى
پاش بولۇپ، خەلق ئاممىسى ئۇنى سوتلاش ھەققىدە سايلام رەھبەرلىك
گۇرۇپپىسىغا ئەرز قىلغاندا، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى خىيانەتچى ساقچى
باشلىقىنىڭ ئورنىغا قۇربان ئىسىملىك بىر ئادەمنى يالغاندىن خىيانەتچى
قىلىپ ياساپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ سۆرەشتۈرگىنىچە
قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىگە ئەكېلىپ قولغا ئالغان بوپتۇ. بۇنىڭ بىلەن
خەلقنىڭ كۆزىنى بوياپ، ھەقىقىي خىيانەتچىنى قوغداپ قالماقچى بوپتۇ.
ئاقسۇغا ئەۋەتىلگەن سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باش-

لىقى ئابدۇرېھىم ئەيسا ۋە گۇرۇپپا ئەزالىرىدىن قاسىمجان قەمبىرى يې-
ڭىدىن تەيىنلەنگەن ئاقسۇ ۋالىيسى ئابلىز مەخسۇم، شۇنىڭدەك شايىپ
قارى ھاجى، ئوسمان داموللام ۋە توختامىش (ئاقسۇنىڭ گومىنداڭپەرەس
مۇئاۋىن ۋالىيسى) قاتارلىقلار بىلەن باي ناھىيەسىنىڭ سايلام ئەھۋالىنى
تەكشۈرۈش ئۈچۈن يولغا چىققانىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئامما ئۆزلۈ-
كىدىن تەشكىللىنىپ، باي، سايرام، قىزىللاردىن بولۇپ 500 دىن ئارتۇق
ئاتلىق ئادەم ئۇلارنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىشقا چىقىپتۇ. ۋەكىللەر بىلەن
ئامما قىزىلدىن 20 چاقىرىم يىراقلىقتىكى پىستە داۋان دېگەن يەردە
ئۇچرىشىپتۇ. ئامما قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمۈپتۇ. شۇ ئارىدا ئابىت
شياڭجاڭ دېگەن بىرى قاسىمجان قەمبىرىنى تونۇپ قېلىپ، دەررۇ بايدا
تۇرۇشلۇق ئامانلىق ساقلاش پولكىنىڭ لى فامىلىلىك تۇەنجاڭىغا قا-
سىمجان قەمبىرىنىڭ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغان مىللىي ئارمىيەنىڭ رەھ-
بىرى ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن لى تۇەنجاڭ دەرھال قو-

شۇن باشلاپ بېرىپ، تەپ تارتماستىن سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپا ئەزالىرىنى ۋە قارشى ئېلىشقا كەلگەن خەلقنى قورشىۋاپتۇ. ئەسكەرلەرگە خەلققە قارىتىپ ئوق چىقىرىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. ھاشىم مەزىن دېگەن كىشىگە ئوق تېگىپ نەق مەيداندا جان ئۈزۈپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قۇربان يۈزبېشى دېگەن كىشىنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپتۇ. باي ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى رەئىسى ھۇسەيىن ئېلى قاتارلىق ئون كىشىنى ئۇرۇپ، زەخىملەندۈرۈپ، مەيداننى قانغا بوياپتۇ ۋە ئىككى نەپەر گۇناھسىز تەرەققىيپەرۋەر ياشنى تۇتۇپ كېتىپتۇ. سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر بۇ زوراۋانلىقلاردىن قىلچە قورقۇپ قالماي، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ھاۋالىسى بىلەن خىزمەت بېجىرگىلى كەلگەنلىكى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلىپ، بىتىمنى دەپسەندە قىلىدىغان بۇنداق ۋەھشىي قىلمىشلارغا قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ. قولغا ئالغانلارنى دەرھال قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ قاتتىق تۇرۇپتۇ. بىراق، توختامىش بىلەن لى تۇەنجاڭ ئىككىسى «ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قاپتۇ» دەپلا تۇرۇۋاپتۇ. سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر تۈرمىگە تاشلانغان ئىككى نەپەر ياشنى چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، لى تۇەنجاڭ: «ئۇلار چەت ئەلگە قېچىپ كېتىپتۇ، بىزدە يوق» دەپ تېنىۋاپتۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭدا گومىنداڭ جاھىل كۈچلىرىنىڭ سايلام جەريانىدا قىلغان مانا مۇشۇنداق زوراۋانلىقلىرى ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. بولۇپمۇ گومىنداڭ ئارمىيە - ساقچىلىرىنىڭ بىز تەرەپتىن تەشكىللەنگەن سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋېلىشى، ھەتتا سايلامغا قاتناشقان ئاممىغا تەپ تارتماستىن ئوق چىقىرىپ بىرمۇنچە كىشىلەرنى يارىلاندۇرۇش ۋە ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى، جۈملىدىن «جانغا جان، قانغا قان ئالىمىز» دەيدىغان قىساس ئېلىش خاراكتېرىدىكى ۋەقەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭدىكى تارباغاتايغا ئەۋەتىلگەن سايلامغا نازارەت قىلىش ئالتىنچى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، گومىنداڭنىڭ سادىق غالچىسى تۇ يۈزې، يەنى تۈركىستان نوغايبايېۋ 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دۆربىلجىندە غەزەپلەنگەن ئامما تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى.

بۇ ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق: شۇ كۈنى تۈركىستان دۆربىلجىن كە-

ـنوخانىسى ئالدىدا بىتىمگە قارشى ئەكسىيەتچىل تەشۋىق ۋەرەقىسى تارقىتىۋاتقاندا خەلق ئۇنى قورشىۋېلىپ تارقىتىشقا يول قويماپتۇ. بىراق ئۇ تاپانچىسىدىن ئاسمانغا ئوق چىقىرىپ، خەلقنى قورقۇتماقچى بوپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى خەلقنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئامما ئۇنىڭ قورالىنى تارتىۋېلىپ ناھىيەلىك ھۆكۈمەتكە ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئەمما بۇ ئەكسىيەتچى ئۇنسۇر يول ئۈستىدىلا غەزەپلەنگەن ئامما تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.

يۇقىرىقىدەك ۋەقەلەرنىڭ كەينى ـ كەينىدىن يۈز بېرىشى سايلام ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتاتتى.

# 32. ئادالەت! ئادالەت! ئادالەت!

مەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، 1946 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى يەتكىدىم. «ئىگە» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ تۇنجى بالام ــ قىزىم يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتى.

ئەخمەت ئەپەندىم شۇنچىلىك خۇشال بولدىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ دۈشمەن ئۇۋۇسىدا تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى قىزىغا قويىدىغان ئىسىم ئارقىلىق نامايان قىلماقچى، ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقى، ئادالەت يولىدا جان پىدالىق بىلەن ئېلىشىۋاتقانلىقىنى جاكارلىماقچى.

ئەپەندىم ئاستا يېنىمغا كىرىپ، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويغان ۋاقتىدا چىرايىدىن ئېپتىخارلىق يېغىپ تۇراتتى، بالىنىڭ ئىسمىنى نېمە قويۇش ھەققىدە مېنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشكىنىمۇ يوق. ئۇنىڭ قۇلىقىدا ئادالەت سىگنالى ياڭرىسا كېرەك، ئۆزىنىڭ دۈشمەن ئۇۋۇسىدا تۇرۇپ كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزىنىڭ قىزىغا قويىغان ئىسمى بىلەن ئىپادىلىمەكچى.

بىر ئازدىن كېيىن ئەپەندىم يۆگەك ئىچىدە كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرغان بالىنى ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى ـ دە، ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۈنلۈك ئاۋازدا بالىغا ئىسىم قويدى:

«ئىسمى ئادالەت بولسۇن، ئادالەت! ئادالەت!»

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئەپەندىم ئۆزىنىڭ يالغۇز چۈشكەن سەككىز سۈكلۈق سۈرىتىنى ئېلىپ دوختۇرخانىغا كەلدى ۋە قويىندىن سۈرەتنى چىقىرىپ بالىنىڭ ياستۇقى ئاستىغا قىستۇرۇپ قويدى. سۈرەتنىڭ ئوڭ تەرەپ تۆۋەن بۇرجىكىگە ئۆز قولى بىلەن مۇنۇ سۆزلەرنى يېزىپ قويغانىكەن:




ئەخمەتجاننىڭ قىزىمىزغا يادىكار قىلغان سۈرىتى

قىزىم ئادالەتكە!

ئە . قاسىمى

1946 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شەھرى ئۈرۈمچى

قىزىمغا تۇتۇلغان بۇ ئۇنتۇلماس ئەستىلىك تا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ!

«ئەخمەت ئەپەندىم پەرزەنتلىك بوپتۇ» دېگەن خەۋەر تېزلا تارقىلىپ، ھەممىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى، نۇرغۇن دوستلىرىمىز كېلىپ بىزنى يوقلىدى. بىر كۈنى جاڭ جىجۇڭنىڭ ئايالى خۇڭ شىخۇ چوڭ قىزى جاڭ سۇۋۇنى ئېلىپ دوختۇرخانىغا يوقلاپ كەپتۇ. راستىنى ئېيتسام، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى تىنچلىقپەرۋەر گېنېرال دەپ ئاتىلىشقا لايىقكەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ناھايىتى ھۆرمەت قىلىدىكەن. ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىگە كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ئويىمۇ بار ئىكەن. لېكىن ئۇ يەنىلا جياڭ جيېشىنىڭ ئادىمى، ھەردائىم جياڭ جيېشىنىڭ بېسىمىغىمۇ، گومىنداڭ جاھىللىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغىمۇ ئۇچراپ تۇرىدىكەن.

گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ خانىمى خۇڭ شىخۇ ماڭا مېھرىبانلىق بىلەن «بالىغا سۈتىڭىز يېتەمدۇ؟ بالا ئاز دېگەندە ئالتە ئاي ئانا سۈتى بىلەن ئوزۇقلانغىنى ياخشى، سوغۇق سۇغا قولىڭىزنى تىقماڭ، ھېچبولمىسا بىر ئاي شۇنداق قىلىڭ، ئۇنداق قىلمىسىڭىز كېيىن ئاغرىقچان بولۇپ قالىسىز» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن، ئاتايىتەن ئالتۇندىن سوقتۇرغان زەنجىرلىك بويۇن ئاسقۇچنى قىزىمنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويدى. تۇمارنىڭ ئالدى يۈزىگە ئۇيغۇرچە «خۇدايىم ساقلىسۇن»، كەينى يۈزىگە خەنزۇچە «上帝保佑» دېگەن خەتلەر ئويۇلغانىكەن. ئۇ يەنە ماڭا خاڭجۇنىڭ يىپەكتىن ئىشلەنگەن بىر جۈپ ياستۇق قېپىنى ئېلىپ كەپتۇ. بۇ قىممەتلىك سوۋغاتلارنى مەن بۈگۈنگىچە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.

كىچىك ئاپام پاتەمنىڭ ئوغلى، كېيىنچە ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ كانىۋايلىقىنى ئۆتىگەن نەۋرە ئىنىم ئوسمانجاننىڭ سىڭلىسى رىزۋانگۈل غۇلجىدىكى چاغدا بىزنىڭ ئۆيدىن چىقماي يۈرىدىغان، ئەپەندىممۇ ئۇنى يېنىدىن ئايرىماي «چوڭ قىزىم» دەپ ئاتايتتى ھەم ئۇنىڭغا ناھايىتى



1947 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئەخمەتجان قىزىمىز بىلەن ئۈرۈمچىدە



1947 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا مەن قىزىمىز بىلەن ئۈرۈمچىدە

ئامراق ئىدى.

رىزۋانگۇلمۇ ئەپەندىمنى دادىسى ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇنىڭ يېنىدىن چىقماي ئۆگىنەتتى ۋە بەزىدە ماڭا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرىنىمۇ قىلىشىپ بېرەتتى. بىز ئۇرۇمچىگە ماڭغاندا، رىزۋانگۇل يىغلاپ بىللە كېتىمەن دەپ ئەگىشىپ تۇرۇۋالغان. بىراق، بىز ۋەزىيەتنى مۆلچەرلىيەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، رىزۋانگۇلنى غۇلجىدا قالدۇرۇپ كەلگەنىدۇق. ئەمدى بىزنىڭ ئۇرۇمچىدىكى تۇرمۇشىمىزمۇ بىرقەدەر مۇقىم بولۇپ قالدى. بىراق، ئەپەندىمنىڭ نەنجىڭغا بارىدىغان خەۋىرى بار. مەن تۇغۇتلۇق بولغاچقا، ئەپەندىمنىڭ نەنجىڭغا بېرىشىنى قوللاپمۇ كەتمەيمەن، «ئۇرۇمچىنى دۈشمەن ئۇۋىسى دەۋاتسام، ئەمدى قوپۇپ نەنجىڭ دېگەن تېخىمۇ چوڭ دۈشمەننىڭ ئۇۋىسىغا كېتىپ بارىدۇ». مېنىڭ كۆڭلۈم يەنىلا پاراكەندىچىلىك ئىچىدە.

ئەپەندىم ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتى بىلەن دائىم سىرتتا يۈرەتتى، تولا چاغلاردا ئۆيدە ئۆزۈم يالغۇز قېلىپ بالا بىلەن قىيىنىلىپ قالاتتىم.

ئەپەندىم تۇرمۇشىمىزدىكى مۇشۇ ئىشلارنى كۆپ ئويلاشقاندىن كېيىن، نەنجىڭگە كېتىپ قالسا مېنى يالغۇز قالمىسۇن دەپ رىزۋانگۇلنى ئۇرۇمچىگە ئەكېلىۋېلىش قارارىغا كەلدى. دەل شۇ چاغلاردا ئاكام رۇستەم هارۋىكەش سىياقىغا كىرىۋېلىپ، غۇلجا بىلەن ئۇرۇمچى ئارىلىقىدا ئەپەندىم بىلەن تاق لىنىيەلىك ئالاقە باغلاپ تۇراتتى. غۇلجىنىڭ خەۋەرلىرىنى ئەپەندىمگە، ئەپەندىمنىڭ مەخپىي ھۆججەتلىرىنى غۇلجىغا يەتكۈزىدىغان مەخپىي ۋەزىپە ئۆتىگۈچى ئىدى. بۇ ئەھۋالنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى. مەن ئاكامغا رىزۋانگۇلنى ئۇرۇمچىگە ئالدۇرۇش ئىشىنى تاپىلىغاندىن كېيىن، ئاكام كىچىك ئاپامغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر نەۋرە سىڭلىم رىزۋانگۇل تېزلا ئۇرۇمچىگە يېتىپ كەلدى. دېمەك، ئائىلىمىزگە يەنە بىر ئەزا قوشۇلدى. ھۆكۈمەت ئەربابلىرى ئارىسىدىكى بېرىش ـ كېلىشلەردە ھەممەيلەن ئەپەندىمنىڭ «چوڭ قىزى»نىڭ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەشتى.

ئەپەندىم چوڭ يىغىنلاردا قولىغا قەغەز ئالماي دوكلات بېرەتتى. ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى بەكمۇ يۇقىرى ئىدى. ئۇ ھاراق ـ شاراب، تاماكا دېگەنلەردىن يىراق ئىدى، بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. قىش كۈنلىرى ئەتىگەندە قەھرىتان سوغۇقتا قارىماي سىرتقا

چىقىپ چېنىقاتتى، چېنىقىش ۋاقتى توشمىغۇچە ئۆيگە كىرمەيتتى.

بۇ چاغلاردا ھاردۇق يېتىپ قالغاچقا، ئەپەندىم بەزىدە بېشى قېيىپ يىقىلىپمۇ قالاتتى. ئۇستەل ئۇستىدە كېچىلەپ ئولتۇرغان ئەخمەت ئەپەندىمگە ھېچقايسىمىزنىڭ گېپى ئۆتمىسە، ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن «چوڭ قىزىمىز» رىزۋانگۈلگە گەپ ئۆگىتىپ، قولىدا بىر پىيالە چاي بىلەن ئەپەندىمنىڭ يېنىغا كىرگۈزسەك، بۇ ئۇسۇل راستىنلا ئۇنۇمىنى كۆرسەتتى.

نەنجىڭدە ئېچىلغۇسى «مىللىي قۇرۇلتاي»نىڭ ۋاقتى بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. ئەپەندىمنىڭ ئالدىدا نۇرغۇن قىيىن مەسىلىلەر تۇرماقتا. خۇسۇسەن ئالتاينىڭ ۋالىيسى ئوسماننىڭ گومىنداڭ جاھىل كۈچلىرى بىلەن تىل بىرىكتۇرگەنلىكى ئۈچ ۋىلايەتنى بارغانسېرى ئەندىشىگە سېلىپ قويۇۋاتاتتى.

گومىنداڭ 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى سۇڭ شىليەن ئۈچ ۋىلايەتنى ئىچىدىن پارچىلاشقا ئۇرۇنۇپ ۋە ھىيلە ئىشلىتىپ، پوزىتسىيەسى تۇراقسىز، ئىشرەتخور ئوسماننى قولغا كەلتۇرۇش ئۈچۈن، نۇرخوجا دېگەن كىشىنى پۇل ۋە سوۋغىلار بىلەن ئالتايغا يولغا سالپتۇ. 1946 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئوسمان ۋەكىل ئەۋەتىپ سۇڭ شىليەن بىلەن ئالاقە باغلاپ، گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ يېڭىباشتىن ئالتايغا كېلىپ ئورۇنلىشىشىنى، ئۆزى تەشكىللىگەن يەرلىك قوشۇنغا گومىنداڭ قوشۇنى بويىچە مۇئامىلە قىلىشنى ۋە قورال ـ ياراغ، راتسىيە، ھەربىي خىراجەت قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلىپتۇ. سۇڭ شىليەنمۇ بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، ئوسماننىڭ قوشۇننى كۈچەيتىش ئۈچۈن 300 مىلتىق، ئۈچ راتسىيە، 30 ئەسكەر ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان 1946 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى بىر قىسىم يەرلىك قوشۇننى ئېلىپ، دەم ئالىمەن دېگەن باھانە بىلەن كۆكتوقاي تاغلىرىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

بۇ ئېغىر مەسىلە ئوبيېكتىپ ھالدا ئەخمەتجاننىڭ ئالدىدا تۇراتتى. دېمەك، ئوسمان ئىسلامنىڭ ئۆزىنىڭ قازاق ئاۋۇلى ئىچىدىكى تەسىرىدىن، قەبىلە مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىشنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەيدىغان ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ ۋەقە تۇغدۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

بۇنداق ئەھۋالدا ئەپەندىم گومىنداڭ جاھىل كۈچلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلا-

يەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ قۇرۇلتايغا كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ۋەقە تۇغدۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئامما ئارىسىدىكى گۇمانىي قاراشلار ۋە سوئاللارغا ئوبدان جاۋاب بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

«قۇرۇلتاي» غا قاتنىشىش مەسىلىسىدە، يولداشلىرىمىزمۇ پىكىردە تولۇق بىرلىككە كەلمىگەنىدى. لېكىن، ئەخمەت ئەپەندىم چوقۇم گومىنداڭنىڭ مەركىزىدە، ئۇلارنىڭ سەھنىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىمىزنى ئوبدان تەشۋىق قىلىشىمىز كېرەك، دەپ قارايتتى. مەن گومىنداڭنىڭ مەركىزىدە ئۇنىڭغا بىرەر خېيىم ـ خەتەرنىڭ يېتىپ قالماسلىقىغا تازا ئىشەنچ قىلالمايتتىم. گەرچە كاللامغا خىلمۇخىل خىياللار كىرىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇمىيلىققا بويسۇنۇش مېنىڭ بىردىنبىر تاللىشىم ئىدى.

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ نەنجىڭدە بىر مەھەل تۇرۇپ قېلىشى كۆڭلىمىزگە ناھايىتى ئايان. ئەخمەت ئەپەندىم ھازىرقى ۋەزىيەتتە نەنجىڭگە مېڭىشتىن بۇرۇن، ئۆزى بىۋاستە قازاق، قىرغىز ياشلىرى بىلەن مەخسۇس سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاش، ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

# 33. قازاق، قىرغىز ياشلىرىغا سۆزلەنگەن نۇتۇق

گومىنداڭ جاھىل كۈچلىرى «تىنچلىق بىتىم»نى ئىجرا قىلىشقا
ھەدەپ توسقۇنلۇق قىلىۋاتاتتى، بولۇپمۇ شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندا-
نى سۇڭ شىليەن باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ جاھىل كۈچلىرى سايلام
ئېلىپ بېرىش ئىشلىرىغا قالايمىقانچىلىق، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ،
سايلام يىغىلىشىغا قاتناشقان بىگۇناھ ئاممىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، يا-
رىلاندۇردى، سايلامغا تەپ تارتماستىن بۇزغۇنچىلىق قىلدى. يەنە بىر تە-
رەپتىن، ئالتاي ۋالىيسى ئوسمان ئىسلامنى ئۆزگە تارتىپ، ئۇنىڭدىن
پايدىلىنىش ئارقىلىق، ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سال-
دى، بىزگە ئىچىمىزدىن زەربە بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ رەزىل مەقسىتىگە
يېتىشكە ئۇرۇندى.



ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ گەرچە گومىنداڭ جاھىل كۈچلىرىنىڭ مەخپىي
ھەرىكىتى بىلەن ئوسماننىڭ ساختا قىياپىتىنى بۇرۇنلا سەزگەن بولسى-
مۇ، ئەمما ئوسمان بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇنىڭ يېڭىباشتىن ئادەم بو-
لۇشىغا پۇرسەت بېرىش مۇددىئاسىدا، ئوسماننى يەنىلا بىرلەشمە ھۆكۈ-
مەت قۇرۇلغان چاغدا ئالتاي ۋالىيلىقىغا نامزات قىلىپ كۆرسەتكەنىدى.
بىراق، ئوسمان جاھىللىق بىلەن ئۆز سەنىمىگە دەسسەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ
گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتماقچى بولغان ئەپت ـ بەشىرىسى ئاخىر
ئۇزۇل ـ كېسىل ئاشكارىلاندى.

1946 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئوسماننىڭ قوراللىق كۈچلىرى مانات
بىلەن بايقورماننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئارمىيەمىزنىڭ بۇرۇلتوقايدىكى
بازىسىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، پۇقرالارنىڭ ئات ـ ئۇلاغ ۋە مال ـ
مۈلكىنى بۇلاپ، ئاشكارا مەيدانغا چىقتى.

جىددىي ۋەزىيەت بىزگە دۈشمەننىڭ ئۇرۇش قوزغاشقا تەييارلىق
قىلىۋاتقانلىقىنى ئاگاھلاندۇرماقتا ئىدى. مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ ۋەزى-

يەت ئاستىدا مىللىي ئارمىيەدىكى ياش ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مىللىي ئارمىيە كومىتېتى قۇرۇلدى. مىللىي ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى توختى ئىبراھىموف كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالدى، زاھىر ساۋدانوف قاتارلىق يەتتە ئادەم دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىنى ئۈستىگە ئالدى.

بۇ كومىتېت مىللىي ئارمىيەدىكى ياش ئەسكەرلەر ئارىسىدا سىياسىي خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، ھەربىي مەشىقنى كۈچەيتىپ، جەڭگىۋارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

توختى ئىبراھىموف 1921 - يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان، ياشلىق دەۋرىدە غۇلجىدا مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن ئۇ غۇلجا قارادۆڭ باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، مەن مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ئۇ بىزگە دەرس ئۆتكەنىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن ئۇ ئىنقىلابقا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىزچىل ھالدا مىللىي ئارمىيەدە سىياسىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن مىللىي ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئازادلىقتىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 5 - كورپۇس 42 - پولكىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولدى. كېيىن ئىلى ھەربىي رايوندا ۋەزىپە ئۆتىدى. كەسىپ ئالماشتۇرۇپ يەرلىككە قايتقاندىن كېيىن يەنىلا مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، غۇلجا شەھەرلىك 7 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ناھەق قارىلاندى. كېيىن ئاقلىنىپ يەنىلا مائارىپ سېپىدە ئۇزۇن - تىنىسىز خىزمەت قىلدى، 2000 - يىلى غۇلجىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

زاھىر ساۋدانوف مېنىڭ غۇلجىدا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقتىمدىكى ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىم ئىدى، ئۇ 1920 - يىلى ياركەنتتە تۇغۇلغان، غۇلجىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى مال دوختۇرلۇق مەكتىپىدە ئوقۇغان، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، مىللىي ئارمىيەدە مۇئاۋىن پولك كوماندىرى، سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئازادلىقتىن كېيىن گېنېرال مايور

(شاۋجياڭ) لىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلدى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىد-
ياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى قا-
تارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. كېيىن يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون-
لۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزى-
پىسىنى ئۆتىدى. ئۇ ئىلگىرى مېنىڭ ئوقۇتقۇچىم بولغاچقا، ئۇنى ئىنتا-
يىن ھۆرمەتلەيتتىم. ئۇنىڭ ئايالى روشەن خانىم ھەم يېقىن دوستۇم بو-
لۇپ، 1927 ـ يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان، 1990 ـ يىلى كېسەل سەۋەبىدىن
ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى. بىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كەسكىن كۆ-
رەشلىرىنى بىللە باشتىن ئۆتكۈزدۇق، ئېغىر كۈنلەرنى بىللە ئۆتكۈزۈش
ئارقىلىق ئارىمىزدا ئىنتايىن يېقىن سەپداشلىق ۋە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇ-
غۇچىلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغانىدى. يولداش ساۋدانوف 2007 ـ يىلى
ئالەمدىن ئۆتتى.

ئوسمان ئىسلامغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل قىياپىتى گەرچە
تەلتۆكۈس ئاشكارىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئالتايدىكى قەبىلىلەرئارىسىدا
ئۇنىڭ مۇئەييەن تەسىرى بار. بۇ رېئاللىقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوسماننىڭ
ئاسىيلىق قىلمىشلىرىنى پاش قىلىش ئارقىلىق، قازاق خەلقى بىلەن
ئىتتىپاقلىشىش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەپەندىم
قازاق، قىرغىز ياشلىرىغا گومىنداڭ جاھىل كۈچلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق
ھەرىكەتلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ تۇردى ۋە ئوسمان تەرەپدارلىرى
ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىپ، «بەزىلەر بىزنىڭ ئىچىمىزدە ئىتتى-
پاقسىزلىق تۇغدۇرۇۋاتىدۇ، ئىلگىرىكىگە ئوخشاش بىزنى ئىچىمىزدىن
ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولۇۋاتىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردى.

دېموكراتىيەگە تەلپۈنۈۋاتقان قازاق، قىرغىز ياشلىرى ئوسماننىڭ
ھەرىكىتىدىن قاتتىق نەپرەتلىنىپ، ئەپەندىمنى ۋەزىيەت ۋە دۇچ كەلگەن
مەسىلىلەر توغرىسىدا بىر قېتىم دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلدى.

1946 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، يەنى بىزنىڭ تۇنجى بالى-
مىزنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە ئۈچ كۈن بولغان كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم ئۈ-
رۈمچىدە 200 گە يېقىن قازاق، قىرغىز زىيالىيلىرى قاتناشقان سۆھبەت
يىغىنىنى ئاچتى. ئەپەندىم كۆپچىلىك بىلەن سەمىمىي كۆرۈشكەندىن
كېيىن، يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ بىتىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ئائىت
ئەھۋاللار ۋە يۈز بېرىۋاتقان قالايمىقانچىلىقلار توغرۇلۇق ئوتتۇرىغا قوي-
غان سوئاللىرىغا تولۇق جاۋاب بەردى.

يىغىندا ئەپەندىم جاھىل كۈچلەرنىڭ بىتىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى قاتتىق پاش قىلىپ، گومىنداڭ ھەربىي ۋە ساقچىلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا قانلىق ۋەقە تۇغدۇرۇۋاتقانلىقى، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىغا تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىغا ئوخشاش رەزىل قىلمىشلىرىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئىغۋا پەيدا قىلىش، ھەتتا بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن سايلامغا ئەۋەتكەن بۇرھان شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقى، ھەتتا قانلىق ۋەقە تۇغدۇرغانلىقىنى دەلىل ـ ئىسپاتلار ئارقىلىق پاش قىلدى. ئۇ يەنە بەزىلەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋەكىللىرىنى ئوغرى ـ قاراقچى دەپ ئاتىغانلىقىنى مەسخىرە قىلىپ: «ئۇلار بىزنى قانچىكى تىللىسا، بىز شۇنچە قارشى ئالىمىز، چۈنكى، بۇ ئۇلارنىڭ بىزنى تازا تەشۋىق قىلىپ بەرگىنى بولىدۇ» دېدى. ئۇ يەنە: «مۇستەبىتلەر بىزنى قانچە يامان دېسە، بىز ئۇلارغا شۇنچە رەھمەت ئېيتىمىز»، «... ئۆلكىدە تىنچلىقنى ئەبەدىي ئورناتماق ئۈچۈن، تىنچسىزلىق سەۋەبىنى يوقاتماق لازىم. تىنچسىزلىق سەۋەبىنى يوقاتماق ئۈچۈن خەلقچىللىق سىياسىتىنى تولۇق تۇرمۇشقا ئاشۇرماق لازىم» دەپ كۆرسەتتى. ئەپەندىم سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ھەر مىللەت خەلقى جەزمەن بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشى، بولۇپمۇ ياشلار ھوشيارلىقىنى ئاشۇرۇپ، ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىشى، ھەققانىيەت ئىشلىرىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىشى، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقى كېرەك.

ئەپەندىمنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ناتىقلىقتا ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى. قولىغا ئارگىنال ئالماي دەرھال سۆزنى باشلىۋېتەتتى. بۇ قېتىمقى يىغىندا ئۇ بىردەم ئۆلچەملىك قازاق تىلىدا سۆزلىسە، بىردەم يۇمۇر سۆزلەپ ھەممەيلەننى قاقاھلىتىپ كۈلدۈرۈپ، قازاق، قىرغىز زىيالىيلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

ئەپەندىمنىڭ نۇتقى ۋە بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئالاقىدار ئەھۋاللار «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچە سانىدا تولۇق خەۋەر قىلىندى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

# خەلقچىللىقنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرغاندىلا ئەبەدىي تىنچلىق ئورناتقىلى بولىدۇ

ھۆرمەتلىك ئاغا ـ ئىنىلەر!

قازاق، قىرغىز ياشلىرى بىلەن بىر كۆرۈشسىڭىز، دېگەن تەكلىپنى كۆپتىن بېرى ئاڭلىسامۇ، پۇرسەت تاپالماستىن كۆرۈشەلمەي يۈرگەنىدىم. بۈگۈن پۇرسەت كەلدى. سىزلەرنىڭ پىكرىڭىزلەرنى ئىشىتىپ، سىزلەرگە بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆزلىشىمگە رۇخسەت ئېتىڭىزلەر!

ئۆلكىمىزدە ھۆرلۈك، باراۋەرلىك، خەلقچىللىق ئىشلىرى مەيدانغا كېلىش بىلەنلا، ئۆلكىمىزدە تىنچلىق بارلىققا كەلدى، لېكىن، ئۆلكىمىزدە يۈرگۈزۈلىدىغان خەلقچىللىق سىياستىنىڭ ئاساسى بولغان بىتىمنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىغا تۆت ئاي بولغان بولسىمۇ، تېخىچە خەلقىمىزنى قانائەتلەندۈرەلمەي تۇرغانىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، بىتىمنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈش لازىم. بىتىمنىڭ ماددىلىرىدا ھۆكۈمەت ئۆلكە خەلقىگە ئۆزلىرى ئىشەنگەن ۋە خالىغان، يىغىسىنى تەڭ يىغلايدىغان، شۇ يەرلىك خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلگەن، ئاشۇ خەلقنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا گەپ قىلالايدىغان، شۇ يەردىكى مىللەت كىشىلىرىدىن ئىختىيارىچە، ئەركىن، ھېچبىر نەرسىدىن ئەنسىرىمەستىن مەمۇرىيەت خادىملىرىنى سايلاپ چىقىش ھوقۇقىنى بېرىدۇ، دېيىلگەن. خەلق ئۆزى سۆيگەن يەرلىك كىشىلەردىن سايلىۋالغان مەمۇرلار تۆۋەنكى قاتلامدىن تا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قەدەر بولغان، ئەگەر سايلام ۋاقتىدا چەت كۈچ دەخلى يەتكۈزمىگەن تەقدىردە خەلقىمىزنى رازى قىلالايدىغان، پۈتۈن مەمۇرلار ۋە ھەم ھەربىيلەر خەلقىمىزنىڭ ئۆز ئىچىدىن چىققان، ئىستىگەن سۆيۈملۈك كىشىلەردىن بىرىدۇر.

چۈنكى خەلقىمىز ھاكىمنى، ھاكىم مۇئاۋىنىنى، ۋالىينى،

ۋالىي مۇئاۋىنىنى سايلاپ، ئاندىن ناھىيەدىكى پۈتۈن خىزمەتچىلەرنى ھاكىم ئۆزى بەلگىلەيدۇ، ناھىيەدە ھاكىم ئىدارە قىلمايدىغان ھېچقانداق ئىدارە بولمايدۇ. راست، سوت مەھكىمىلىرى ئۆز ئىشىدا بولۇپ، قانۇندىن باشقا ھېچكىمگە تايانمايدۇ. لېكىن، سوتلارنىڭ ئۆزى خەلقتىن بولۇپ، ئۇنىڭ قانۇنى بىتىمدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قوبۇل قىلغان ئاساسىي ئامىللارنى ئەمەلگە قويۇش قوللانمىسى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىشىغا خەلق نارازەت قىلىپ تۇرۇش چېكى بولغانلىقتىن، ھېچقانداق نائادىللىق ئىش قىلىشقا يول قالمايدۇ. نائادىللىق قىلغان مەمۇر ۋە سوت خادىملىرىنى ئۇنىڭ 6 ـ ماددىسىغا بىنائەن خەلقنىڭ مەتبۇئاتتا، مەجلىسلەردە، نۇتۇق ـ سۆزلەردە ئۆزلىرى خالىغانچە تەنقىد قىلىپ، سىرىنى پاش قىلىشقا ھوقۇقى بولغانلىقتىن، ھەربىر ئادەم خەلق خىزمىتىنى ئادىللىق بىلەن بېجىرىشكە تىرىشىدۇ.

خەلق نائادىللىق قىلغان مەمۇرنىڭ ئورنىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدىغان باشقا كىشىنى مەمۇر قىلىپ ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغانلىقتىن، مەمۇر ئۆزى يەرلىك كىشى بولغىنى ئۈچۈن ئەمەلدىن چۈشۈپ قالغاندا يەنە شۇ جايدىن ھېچ ياققا كەتمەيدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىدىن، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ «دوستۇمنىڭ قانچىلىكىنى قازىلىقتىن چۈشكەندىن كېيىن سورا» دېگىنىنى ئېسىدە تۇتۇپ، خىزمىتىنى توغرا قىلمىقى تەبىئىي بىر ئىشتۇر. مانا بۇ خەلقچىللىق سىياسىتىدۇر. خەلقچىللىق سىياسەت تۇرمۇشقا ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن، پالتىسىيە سىستېمىسىغا ئورۇن قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن پالتىسىيە تۈزۈمى مۇتلەق يوقىلىدۇ.

بىتىمنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى خەلقچىللىق سىياسىتىنىڭ تۇرمۇشقا ئاشۇرۇلۇشى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىتىم ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى بىلەن پالتىسىيە سىستېمىسى بولغان جاجاڭ، باۋجاڭ دېگەنلەر پۈتۈنلەي يوقىتىلىدۇ ۋە ھەركىم خەلق ئۈچۈن «فەمەن يەئمەل مىسقالە زەررەتۈن خەيرەييەرە ۋەمەن يەئمەل مىسقالە زەررەتۈن شەررەييەرە»، يەنى زەررە قەدەر خەيرى ئىش-

لىگەن ئۇنى كۆرۈر ۋە زەررە قەدەر شەررە ئىشلىگەن ئۇنى كۆرۈر، مانا بۇ بىزنى بىرلىككە كەلتۈرگەن خەلقچىللىقتۇر.

مانا بۇ بىتىم بويىچە پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە بېرىلمەكچى بولغان ھوقۇقلارنىڭ بېرىدۇر. بىتىمنىڭ 2 ـ ماددىسى «لەكۇم دىنىكۇم ۋەلىيەدىن» (سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىمۇ ئۆزۈم ئۈچۈن)گە ئاساسەن تۈزۈلگەندۇر.

بىتىمنىڭ باشقا ماددىلىرى جۈملىدە ھەقىقىي باراۋەرلىكنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن نىشانلانغاندۇر.

دېمەك، بىتىم ئەمەلگە ئاشقاندا، ھۆرلۈك، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە خەلقچىللىق تەمىن ئېتىلىدۇ. ئەلۋەتتە، خەلقىمىز ئەركىن بولسا، ھەر مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر بولسا، ئۆلكىدە خەلقچىللىق سىياستى يۈرگۈزۈلسە، خەلقتە يەنە نېمە تىلەك قالماقچى؟

شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن يالغۇز ئۆزۈمگە نىسبەتەن ئەمەس، پۈتۈن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، تۇڭگان ۋە ئۆلكىمىزدىكى باشقا خەلقلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، «مەن مىللىتىم ئېزىلگەن جايدا، باراۋەر بولمىغان جايدا مىللەتچى مەن، مىللىتىمنىڭ باراۋەرلىكى تەمىن ئېتىلگەن جايدا مىللەتچى ئەمەسمەن» دەيمەن. ئۆلكىمىزدىكى مىللىي خەلقچىللىق سەپ بىرلىكتە تېزلىك بىلەن بىتىمنىڭ تولۇقى بىلەن ئەمەلگە ئاشماقلىقىنى تەلەپ قىلىپ تۇرماقتا.

دېمەك، بىتىم پۈتۈن ئۆلكە خەلقىمىزنى قانائەتلەندۈرەلەيدىكەن. بىتىم ئىمزالانغانلىقىغا تۆت ئايدىن ئېشىپ كەتتى. يەنە نېمە ئۈچۈن قانائەتسىزلىكلەر ۋە قومۇلدىكى سېيىت، ئونازبايلارنىڭكىگە ئوخشاش ھادىسىلەر پەيدا بولۇپ تۇرماقتا؟

ئۇنى بىلمەك ئۈچۈن، ھازىرقى جاي ـ جايلاردىن كېلىۋاتقان تەلەپ، ئەرزلەرگە نەزەر سالماق لازىم.

تەلەپلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ناھىيەمىزنىڭ ھاكىمى ئېلىپ تاشلانسا، ساقچى ئىدارە باشلىقى بىزگە يامان زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ، سوت پارىخورلۇق قىلىپ بىرمۇنچە ياخشى ئادەملىرىمىزنى ھېچبىر سەۋەبسىز بىگۇناھ قاماپ قويدى ۋە ھاكازا.

ۋاھالەنكى، بۇ ئىشلارنىڭ كۆپىيىشى «ھاكىم ئېلىنىپ تاشلانسا» دېگەندىن باشقىسى، بۇنىڭدىن تۆت ئاي بۇرۇن بىتىم ئېلان قىلىنغان كۈندىن ئېتىبارەن بولماسلىقى تېگىشلىك ئىدى. مەن بۇ جايدا ئايرىم ۋەقەلەرنى ئىناۋەتكە ئالمايمەن. ئومۇمىي ئەھۋالنى ئېتىبارغا ئېلىپ سۆزلەيمەن.

راست، ئۈرۈمچى گېزىتلىرىدە مەتبەئە ھۆرلۈكى تەمىن ئېتىلدى، باشقا جايلاردا ھۆرلۈك بۇياقتا تۇرسۇن، «ئۈرۈمچى گېزىتى»نىڭ داۋانچىڭدىن ئۆتمىكى ناھايىتى قىيىن بىر ئىش دېگەندىڭلار. مەن بۇنىڭغا كۆپ ئىشەنمىگەنىدىم. ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بۇرھان ئەپەندىم ۋە ئاقسۇ ۋالىيسى ئابلىز مەخسۇمدىن خەت ئالغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى ئەھۋالنىڭ مۇتلەق، قىلچە ئۆزگەرمىگەنلىكىگە ئىشەنمەسلىككە ھېچقانداق ئورۇن قالمىدى.

«مۇھتەرەم مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەت ئەپەندى، بۇرھان ئەپەندى، مۇئاۋىن نازىر رەھىمجان ئەپەندىلەرگە!

يالقۇنلۇق سالىمىمىز يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، بىزلەر ھۆزۇرلىرىدىن *9* ـ ئاينىڭ *16* ـ كۈنى چىقىپ، *19* ـ كۈنى قاراشەھەرگە ساق ـ سالامەت يېتىپ كەلدۇق. بىر قۇر ئەھۋالنى ئېيتماقچى بولساق، داۋانچىڭنىڭ بۇياقى باشقا بىر دۇنيا ئىكەن، پۈتۈن ئەھۋاللارغا قارايدىغان بولساق، كۆپ تەرەپلىمە ئېغىرچىلىقلار سېزىلىپ تۇرىدۇ. خۇسۇسەن... نىڭ قىلغان ئەشەددىيلىكى توغرىسىدا بىرقانچە كىشىلەر كەلگەنىكەن، بۇلار غايەت زور دەرىجىدە نالە قىلادۇر، ئۇشبۇ ئەھۋاللاردىن ھەربىرلىرىنى ۋاقىپ قىلىپ قويۇش بىلەن سالامەتلىكلىرىنى تىلەيمەن.

ئېھتىرام بىلەن ئاقسۇ ۋالىيسى ئابلىز مەخسۇم.»

مەن بۇ مىسالنى بۇ يەرگە كەلتۈرۈشتىكى مەقسىتىم، بۇ *20* ـ سېنتەبىردە يېزىلغان خەت. مانا بۇ *6* ـ ئۆكتەبىردە بۇرھان ئەپەندىمنىڭ يازغان خېتىنىڭ بىر قىسمى: «ئاقسۇدا ئازغىنا تۇردۇق، ئابلىز مەخسۇملار كېلىپ كۆرۈشتىلەر، ئۇلار قىزىل دېگەن يەردە بىر پاجىئەگە ئۇچرىغانىكەنلەر، بۇلارنىڭ كېلىشىنى ئېيتقان بىرمۇنچە ئادەملەر ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىغا قىزىلغا كېلىپتۇر-

لەر، بۇلارنىڭ تۇرغان يېرى ئەسكەر تۇرغان يەرگە بەك يېقىن بولغانلىقتىن، ئوتتۇرىدا بولغان بىر سۇ بويىغا قارشى ئېلىشقا چىققانلارنىڭ بىرى ئولتۇرغانىكەن. كۆزەتتە تۇرغان ئەسكەر ئولتۇرماڭ، دەپ قوغلىسا، ئۇل ئادەم ئېتىبار قىلماپتۇ. شۇڭلاشقا ئەسكەر كېلىپ مىلتىقنىڭ سىپى بىلەن ئۇرۇشقا باشلاپ، ئۇنىڭغا باشقا ئەسكەرلەر قوشۇلۇپ، كەلگەنلەرنىمۇ ئۇرۇشقا باشلىغان، شۇ ۋاقتتا بىر پەيجاڭ مىلتىق ئېتىشقا بۇيرۇق بەرگەندە، 40 ـــ 50 پاي ئوق ئېتىلىپ، شۇ يەردىكى بىر مەزىنگە ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ، ئىككى ئادەم يارىدار بولىدۇ. ئابلىز مەخسۇملارمۇ قورقۇنچ ئاستىدا قالىدۇ».

ۋىلايەتكە كەلگەن يېڭى مەمۇرنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىققان ئادەملەرنى مۇنتىزىم ئەسكەرلەرنىڭ ئېتىشى قانداق ئىش؟ مۇنتىزىم ئەسكەرلەر شۇنداق بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە، ئەسكەر ۋە كوماندىرلار هازىرقى يېڭى سىياسەت ۋە يېڭى ئەهۋالنى تونۇشى كېرەك. بۇنى بىلمەك ئۈچۈن، شۇل ئەسكەرلەر بېشىدا تۇرغان كىشىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن سۆز ئىشتىپ باقايلى.

مانا ئاقسۇدىن كەلگەن شكايەتلەرنىڭ بىرىنىڭ بىرئاز جايىنى ئاڭلاپ باقايلى. «... 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى... دېگەن تۇڭگۇز پۈتۈن خەلقنى يىغىپ، مەجلىس ئېچىپ، مەجلىسنى قورالىق ئەسكىرى بىلەن قورشاپ تۇرۇپ، هازىر ئىلى باسمىچىلىرىغا سېتىلغان، دىنىمىزنى بۇزدۇرغان (ئول كىشى بىزنىڭ دىنىمىزنى ساقلاپ بېرەرمىش) يالغان ئۇيغۇرلار بار (قايسى ئۇيغۇرنى ئول كىشى راست ئۇيغۇر هېسابلاركىن)، ئۇلار بىتىم دەيدۇ، ئىنقىلابچى دەيدۇ. ئوغرىلار ئىنقىلابچى بولامدۇ، ئول ئىبلىسلەر بېشىنى يەيدۇ. ئول ئىبلىسلەرگە ئەگەشكەنلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىمەن، ئاقسۇنى ئىككى سائەتتە تۈپتۈز قىلىش قولۇمدىن كېلىدۇ».

يەنە شۇل كىشى قەشقەر تەرەپكە بېرىپ، زور يىغىن ئېچىپ، يىغىندا قولىغا بىر تەخسە شىمشكا (گازىر)نى ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر دانىسىنى ئايرىم ئېلىپ پۈتۈن تەخسىدىكى شىمشكە بىلەن سېلىشتۇرۇپ، مانا بۇ جۇڭگو خەلقى، مانا بۇ

(بىر دانە) شىنجاڭ خەلقى، كىمكى ئىلىلىقلارغا ئەگەشسە، ھوقۇق تەلەپ قىلسا، مانا مۇنداق بولىدۇ، دەپ ھېلىقى بىر دانە شىمىشكىنى چېقىۋەتكەن.

ئۇنىڭ ئۆز پىكرىچە (مۇستەبىت پىكرىچە)، شۇ مىسالى بىلەن، ھەرىكىتى بىلەن، ئۆزى چوڭ ھەربىي مەنسەپدار بولغانلىقتىن، ئۆز ھەيۋىتى بىلەن جەنۇبتىكى خەلقنى ناھايىتى قورقۇتۇپ قويىدۇم، مەن جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدىم، دەپ ئويلايدىغاندۇر، ۋەھالەنكى، شۇ ھەرىكىتى بىلەن جۇڭگو خەلقىگە ۋە جۇڭگو دۆلىتىگە خىيانەت قىلىپ قويغىنىنى ئۆزى سەزمەيدۇ. ھازىر 20 ـ ئەسىر ئىكەنلىكىنى ئۇ پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ. 4 يېرىم مىليون خەلقنى شىمىشكىغا ئوخشاش چېقىپ كېتىشكە مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆزى ھەرگىز ئۇنىڭغا يول قويماسلىقنى بىلمەيدۇ ۋە بىتىمنىڭ قانداق قىيىنچىلىق بىلەن قولغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپمايدۇ. ئۆلكە خەلقىگە 1941 ـ يىلىدىكى ئاتلانتىك خارتىيەسىنىڭ مەلۇم ئىكەنلىكىدىن ۋە ئۇنىڭغا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلغانلىقىدىن خەلقنىڭ خەۋىرى بار ئىكەنلىكىنى ۋە 1943 ـ يىلىدىكى تېھراندىكى ئۈچ دۆلەت دېكلاراتسىيەسىدىنمۇ خەلقنىڭ خەۋىرى بار ئىكەنلىكىنى ۋە جىياڭ ۋېييۈەنجاڭنىڭ چېگرا ئۆلكىلەرگە قارىتىپ سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىنى ئۆلكە خەلقى بىلىدىغانلىقنى ۋە بۇ ھۆججەتلەرنى دۇنيا رېئاكسىيەسى بوش قەغەز دەپ ھېسابلىغان بىلەن 2 مىليارد خەلق ئۇلارنى ھۆججەت دەپ ھېسابلايدىغانلىقنى ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر دۆلەت ئەربابلىرى ئول ھۆججەتلەرنىڭ ھىمايىچىسى ئىكەنلىكىنى مۇتلەق بىلمىسە كېرەك. ئول ئۆز پىكرىچە، شۇل يول بىلەن ئۆلكە خەلقىنىڭ مۇھەببىتىنى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە جەلپ قىلماق بولسا كېرەك.

ئىلىلىقلارنى ئوغرىلار دېسە، ئۇ كىشى ئىلىلىقلار پايدىسىغا زور تەشۋىق قىلىپ بەرگەن بولىدۇ. چۈنكى، بۈگۈن ئىلىلىق دېمەك، ئىلغار پىكىرلىك، پۈتۈن ئۆلكە خەلق ۋەكىلى دېمەكتۇر، چۈنكى، بۈگۈنكى ئىلىلىق دەپ ئاتالغان خەلق ۋەكىل-

لىرىنىڭ بىرەر ـ يېرىمى ئىلىنىق بولمىسا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆلكىنىڭ باشقا ۋىلايەتلىرىنىڭ ئىلغار زىيالىيلىرىدۇر. مەسىلەن: مائارىپ نازىرى سەيپىدىن ئەپەندى قەشقەرلىك، مۇئاۋىن باش كاتىپ ئابدۇكېرىم ئۈچتۇرپانلىق، گېنېرال ئىسھاقبېك قەشقەرلىك، ۋەھاكازا. بۇ مۇستەبىت بىزنى يامانلاپ ھېچ سۆز تاپالمىغانلىقتىن، ئەخمەت فۇجۇشى «موڧ» ئىكەن، «موڧ» دېگەن مۇسۇلمان بولامدۇ، دەپتۇ، يەنە ئۇنىڭغا «ئەخمەت فۇجۇشى ماڭا ئوخشىغان مۇستەبىتلەرنى ناھايىتى يامان كۆرىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ فۇجۇشى بولالامدۇ» دېسە ماقۇل بولار ئىدى.

چۈنكى، ئەخمەت فۇجۇشى مۇستەبىتچىلەر فۇجۇشىسى ئەمەستۇر. بىزنى مۇستەبىت قانچە يامان دېسە، بىز ئۇنىڭغا شۇنچە رەھمەت ئوقۇيمىز، چۈنكى، مۇستەبىت بىزنى قانچىلىك يامانلاپ تىللىسا، خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ۋەكىللىرى كىم ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىپ ئالغۇسىدۇر.

ھازىر مۇستەبىتلەر ئۆلكىمىزدە *1* مىليون ئوغرى بار دەپ ھېسابلايدۇ. ھەقىقەتتە ئۇلار يېڭىلىشىۋاتىدۇ. راستىنى ئېيتساق، ئۆلكىدە *4* يېرىم مىليوندىن ئارتۇق ئوغرى باردۇر، ئۇل ئوغرىلارغا «يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پىروگراممىسى» دىكى خەلقنىڭ مەپكۇرىدە، سۆزدە، مەتبۇئاتتا، يىغىلىشلاردا، ئۇيۇشۇشلاردا، ئولتۇراق ۋە كۆچۈپ يۈرۈشتە، يەنى مال ـ مۈلۈكلىرىنى ساقلاشتا بولغان تولۇق ھۆرلۈكى قانۇن بىلەن ھىمايە قىلىنىدۇ ۋە كاپالەتلىك بېرىلىدۇ، خەقلەرنى قانۇنسىز تۇتقۇنغا، قاماققا ئېلىشقا ۋە جەرىمانە قويۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دېگەن ھوقۇقلار ئەمەلدە تەمىن ئېتىلمىگۈچە، ئۇلارنى قانائەتلەندۈرۈش قىيىن بولىدۇ. ئەمدى خەلقنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئەرز ۋە دادىنى ئاڭلاپ باقايلى.

مەن ئۈستەل ئۈستىدە بولغان نەچچە يۈز ئەرزلەرنىڭ ئىچىدىن قولۇمغا ئىلىنغانلا ئىككى ـ ئۈچ ئەرزنىڭ ئەسلىي ئۆزىنى كەلتۈرۈپ ئۆتەي.

«مۆھتەرەم مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان ئەپەندى جانابلى-

رىغا:

تۇرپان ئاستانىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابدۇللا توختى ھاجى ئوغلىنىڭ مەلۇم قىلىپ تۇتقان ئەرزىنىڭ ئۇچۇرى. تۇرپان ناھەيە بازىرىدا بىزنىڭ بىر قورۇ ـ جايىمىزدا ئۈچ يىل بولدى ئەسكەر چۈشۈپ ئېلىپ ھېچ بىكار قىلىپ بەرگىلى ئۇنىمايدۇ. ئىچىدە بىرنەچچە ئېغىز ئۆي بار، ئۆيلىرىمىزنىڭ قوبۇق، تۈڭلۈكلىرىنى ۋە لىم ـ چەنزىلىرىنى قالاپ، ۋەيران قىلىپ، سېتىپ يوقىتىپتۇ. بىر ئادەمگە شۇنداقمۇ ئۇۋال قىلىپ، يەنە ئۈچ ـ تۆت يىل ئولتۇرۇۋېلىپ، ھازىر يەنە بىكار قىلىپ بەرمىسە قانداق بولىدۇ. ھازىر تۇرپاندا ئولتۇرىدىغان ئۆيىمىز يوق، ناھايەت ئۆي توغرۇلۇق قىينىلىپ قالدۇق، بىر ئادەمگە شۇنچىلىك ۋابال بولسا بولامدۇ؟ ئۇشبۇ ۋابالىلىقىمىزنى نەزەرلىرىگە ئېلىپ، شۇبۇ قورۇ ـ جايلىرىمىزنى بىكار قىلدۇرۇپ بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىپ ئەرز يازدىم».

بۇنداق ئەرزلەر مىڭلاپ چۈشمەكتە. جەنۇبتىكى خەلقىمىزنىڭ ئىقتىسادى قايسى ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى بىلمەك ئۈچۈن، يەنە بىر ئەرز كۆرستىپ ئۆتەي. مانا ئۇ ئەرزنىڭ ئەسلي ئۆزى:

«مۆھتەرەم مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان ئەپەندىم، بۇرھان ئەپەندىم جانابلىرىغا!

ئۈچتۇرپانلىق پۇقرالىرى نىزامىدىن، ئوغلۇم ئابدۇللاۋاھت، ئەخمەتلەرنىڭ مەلۇم قىلىپ تۇتقان ئەرزىم: يېرىم خورلۇق يېرىم بار ئىدى. ئىلگىرى ئىككى چارەك ئاش ھۆكۈمەتكە بېرىپ تۇراتتىم. نەچچە يىل بولدى ھۆكۈمەتتىن قوشۇپ ئېلىپ، ئۆتكەن يىل بىر دادەن ئاش بېرىسەن دېگەندە، بەرگىلى ئاجىزلىق قىلىپ ھەم يېرىمدىن ئاشلىق چىقماي، بۇ توغرىدىن پېقىرنىڭ يېرىنى تارتىۋېلىپ قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. ئالتە ئاي بولدى، ئەدلىيە مەھكىمىسى قۇرۇلدى دەپ ئاڭلاپ كېلىپ، بۇ توغرىدىن ئەرز قىلدىم، ئۈچتۇرپان ھاكىمغا تەستىقلىنىپ چۈشتى، دەپ ھۆكۈم بولدى، ئىككى ئاي بولدى، ھۆكۈمەتتىن 10 مىڭ دوللار ياردەم بېرىلدى، ھازىر ئاتا ـ بالا كەتمەكچى ئىدۇق،

قولۇمدا ھېچ نەرسە يوق، ئۇچتۇرپاندا سەككىز ئۇششاق بالىچا-
قىلىرىم بار ئىدى، قاتتىق ئۇۋال بولدى، يېمەك - ئىچمەكلىرد-
مىز يوق ئىدى، ئىلتىپات بولسا ياردەم تىلەيمەن دەپ تۇتقان
ئەرزىم».

بىتىمنىڭ 7 - ماددىسىدا «ھۆكۈمەت ھەقىقىي ئىشلەپچى-
قىرىش ۋە خەلقنىڭ قۇۋۋىتىنى ھېسابقا ئېلىپ، كۈچ ۋە قۇۋۋد-
تىگە قاراپ خىراج بەلگىلەيدۇ» دېيىلگەن. شۇنىڭغا بىنائەن خى-
راجەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى يوقىتىلماقچى بولۇپ تۇرۇپتۇ. يې-
قىنقى ھۆكۈمەت مەجلىسىدە بىرنەچچە خىل خىراجلار يوقىتىلدى
ۋە بىرقانچىسىنىڭ يېرىمى كۆتۈرۈلدى ۋە باشقا بىرمۇنچە چارد-
لەر قوبۇل قىلىندى. لېكىن، بىر تەرەپتىن خىراجنى يوقىتىپ،
ئىككىنچى تەرەپتىن پۇل پاخاللىقى، يەنى قەغەز پۇلنىڭ باھا-
سىنى چۈشۈرۈش يولى بىلەن خەلقىمىزنى بۇلايدىغان بولساق،
ئۇ ئىلگىرىكى خىراجلارنىڭ ھەممىسىدىنمۇ ئېغىر چۈشىدۇ. بىز
پۇل پاخاللىقىغا يول قويماستىن، تېزدىن دىفلياتسىيە يۈرگۈز-
سەك بولىدۇ. يەنى *200* سوملۇق پۇللارنى چىقىرىپ، ئايلىنىش-
تىكى قەغەزنى كۆپەيتىش ئەمەس، بەلكى بىز ئايلىنىشتىكى
قەغەز پۇلنى قىسقارتىش يولى بىلەن ئۇنىڭ قىممىتىنى كۆتۈر-
مىكىمىز لازىم. دېمەك، *200* سوملۇق پۇل چىقىرىش ئەمەس ۋە
بەلكى ئايلىنىشتىكى *100* سوملۇقلارنىمۇ يىغىۋېلىشقا ھەرىكەت
قىلمىقىمىز لازىم، چارە قىلمىقىمىز كېرەك بولىدۇ. بۇ توغرۇلۇق
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چارە كۆرمەكتەدۇر، بىتىمنى ئىقتىسادىي
ۋە سىياسىي جەھەتلەردىن تولۇق ئورۇنلىساق، خەلقىمىزنى قا-
نائەتلەندۈرەلەيدۇ. لېكىن، بىتىمنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا ئاي-
رىم ئۇنسۇرلار توسالغۇ بولۇپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتۇق ۋە ئىقتى-
سادىي ئېغىرچىلىقنىمۇ دەپ ئىككى مىسال بىلەن كۆرسىتىپ
ئۆتتۇق، ئەمدى قانداق قىلساق، ئۇ توسالغۇلارنى يوقاتقىلى
بولىدۇ؟ بىزنىڭ ھازىرقى پۈتۈن ئىقتىسادىي ئېغىرچىلىقىمىزمۇ
سىياسىي ئېغىرچىلىقىمىزغا باغلىق مەسىلىدۇر. ئارىغا بۆلگۈنچى-
لىك سېلىپ ئىغۋا تەشكىل قىلىپ يۈرگەن ئۇنسۇرلارمۇ شۇنىڭغا
يۆلىنىدۇ.

خەلقچىللىق سىياسەت قەدەممۇ قەدەم مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە بولماقتا. ئايرىم مۇستەبىت ئۇنسۇرلارنىڭ «پالانى جاينىڭ خەلقى قوزغىلارمىش» دەپ قىلغان ھەرىكەتلىرىمۇ پاش بولماقتا، ئۆلكە خەلقىنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي قىيىنچىلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، خەلقىمىزنىڭ تەلىپىگە قۇلاق سالماق لازىم. بەش - ئالتە قىيىنچىلىقنى بىر ھەرىكەت بىلەن يوقىتىشقا بولىدىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. بۇ توغرۇلۇق خەلقئارا بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ مەجلىسىدە سۈرىيە ۋەكىلىنىڭ ئېيتىپ بەرگەن بىر ھېكايىسىنى كەلتۈرسەك توغرا كېلىدۇ.

«بىر كۈنى بىر يولۇچى شەھەر كوچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تىكلەنگەن چىراغنى ۋە دۆۋىلەپ قويغان تاشنى كۆرۈپتۇ، يولۇچى بۇ چىراغ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن قويۇلغان؟ دەپ سورىغاندى. ئۇنىڭغا ئاشۇ تاشلارغا يولۇچى پۇتلىشىپ كەتمىسۇن ئۈچۈن قويۇلغان دېدى، ئۇ ۋاقىتتا تاشلار نېمە ئۈچۈن كوچا ئوتتۇرىسىغا توپلىنىپ قويۇلغان؟ دېگەنىدى، ئەنە مۇشۇ چىراغنى تىكلەش ئۈچۈن قويۇلغان دېدى، سۈرىيە ۋەكىلى يولۇچىنىڭ پۇتلاشماسلىقى ئۈچۈن تاشنىمۇ، چىراغنىمۇ ئېلىپ تاشلىسا بولماسمىدى؟» دېدى.

دېمەك، ئۆلكىمىزدە تىنچلىقنى ئەبەدىي ئورناتماق ئۈچۈن، تىنچسىزلىق سەۋەبىنى يوقاتماق لازىم. تىنچسىزلىق سەۋەبىنى يوقاتماق ئۈچۈن، خەلقچىللىق سىياسىتىنى تولۇق تۇرمۇشقا ئاشۇرماق لازىم. خەلقچىللىق سىياسىتىنى تولۇق تۇرمۇشقا ئاشۇرماق ئۈچۈن، تەڭسىزلىكنى يوقاتماق لازىم. تەڭسىزلىكنى يوقاتماق ئۈچۈن، سۈرىيە ۋەكىلىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلماق لازىم.

بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا بىتىمنى تولۇق ئىجرا قىلىشتا خېلى قىيىنچىلىقلار تۇرماقتا، ئىستىبدات ھاكىمىيەتنىڭ يىلتىزى ئۆلكىمىزنىڭ خېلى جايلىرىدىن يۇلۇنۇپ تاشلانغان بولسىمۇ، تېخى كۆپ ئورۇنلاردا مۇستەھكەم تۇرماقتا، بۇ قارا زۇلۇم ھاكىمىيەتنىڭ يىلتىزى ئۆز - ئۆزىدىن يۇلۇنۇپ تاشلانمايدۇ. بۇ تارىختا بولغان ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش كېرەك. ھازىرقى ۋاقىتتىكى بۇ قىيىنچىلىق يالغۇز بىزنىڭ قىيىنچىلىقىمىز بولماي، بەل-

كى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كۆز ئالدىدىكى قىيىنچىلىقىدۇر.

ۋەكىللىرىڭىز يەنە بىر سوئال تاشلاپتۇ، ئۇ بولسىمۇ: «سىز بىتىم ئىجرا قىلىنىدۇ دەيسىز، بىز غۇلجىدا تۇرىمىز، مەركەزنىڭ ماناستىكى ئەسكىرى قوزغالماپتۇ، ئىستىھكاملىرىنى بۇزۇشنىڭ ئورنىغا قايتىدىن ئىستىھكاملار قۇرۇۋاتىدۇ» دەيدۇ. بۇنىڭغا مەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ سۆزى بىلەن جاۋاب بېرىمەن. مەن بۇ ھەقتە جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بىلەن سۆزلەشكىنىمدە، «ئەسكەرلەر ماناستىن تارتىلىپتۇ، ئەسكەرلەر ھەرىكەتتە بولغىنى ئۈچۈن چۈشەنمىگەن خەلقلەر ئەسكەرلەر كېلىۋاتىدۇ دەپ چۈشىنىدۇ» دېدى. يېقىنقى كۈنلەردە ئۈرۈمچى ۋە ماناسلاردىكى ئىستىھكاملار بۇزۇپ تاشلىنىدۇ، كۈتۈش كېرەك.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىتىم تولۇق ئىجرا قىلىنىدۇ، دەپ ئىشەنسەك بولىدۇ. بۇ توغرۇلۇق يەنە پىكىرلىرىڭىز بولسا، رەئىسنىڭ ئۆزىگە تاشلاشلىرىڭىزمۇ مۇمكىن. رەئىس ئۆزى يېقىندا غۇلجىغا كېلىدۇ. ھازىر بىتىمنىڭ ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقى بولسا مانا شۇنىڭدىن ئىبارەت.

يېقىنقى كۈنلەردە ئۆلكە بويىچە سايلام ئۆتكۈزۈلىدۇ. سايلامدىن كېيىن بىتىمگە مۇۋاپىق پۈتۈن مەمۇرلار يەرلىك خەلقلەردىن بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ شوئارىمىز پۈتۈن ئېزىلگەن مىللەتلەرنى تولۇق، ئەمەلدە ھوقۇقلۇق قىلىشتۇر.

بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئۈستىدە شۇ كۈنگىچىلىك يالغۇزلا بىر مىللەتنىڭ ھاكىملىرى تەرىپىدىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈلۈپ كەلگەنلىكىدىن، خەلقىمىز ئومۇمەن ھاكىمىيەت بىلەن ئۇ مىللەتنى ئوخشاش دەپ تونۇپ قالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مىللەتنىڭ كىمگە بولمىسۇن ئىشەنمەي قالغان، ھەقىقەتتە بىزنىڭ خەلقىمىز ئەڭ ئىنسانپەرۋەر، تىنچلىقنى ئىزدىگۈچى خەلقتۇر. بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئاساسىي ئۇرانى ئەمەلدە ئۆلكىمىزدىكى پۈتۈن مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكى تەمىن ئېتىلسۇن، دېمەكتىن ئىبارەتتۇر. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھازىر مەيدانغا تاشلاپ تۇرغان شوئارى شۇنىڭدىن ئىبارەت بولغانلىقىدىن، بىز

ئۇنى ھىمايە قىلمىقىمىز لازىم.

ئەمدى سىزلەرنىڭ ۋەكىللىرىڭىزنىڭ ئەڭ كېيىنكى قويغان سوئالىغا كەلسەك، ئۇنىڭغا ئوخشاش سوئاللار ماڭا ئۇرۇمچى، كۇچا، ئاقسۇ ۋە باشقا جايلارنىڭ خەلقلىرى تەرىپىدىنمۇ بېرىلمەكتە. ئۇ سوئاللارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولسا «سىز جىڭۋۇچۇنى يوقالدى دېگەنىدىڭىز، جىڭۋۇچۇ يوقالغان بىلەن ئۇنىڭ ئورنىغا جىڭبېيدۇي دېگەن ئىدارە قۇرۇلۇپتۇمىشقۇ؟ ئۇنىڭ ئورنى شياۋدۇڭلياڭ ئىمىشقۇ، ئۇنىڭ باشلىقى جاڭ شۇمىن ئىمىشقۇ، ۋەھاكازا». يەنە سىزلەرنىڭ ۋەكىللىرىڭىزلەر، ئۇ ئىدارە غۇلجا، چۆچەك ۋە باشقا جايلارغا رېستوران، ساتىراشخانا قىلىپ شۆبىلەرنى ئاچار ئىمىش دېگەن سوئاللارنى قويدى، مەن ئۇرۇمچىدىمۇ ئاڭلىدىم، بۇ ئىدارىنىڭ دۇكانلىرى بار ئىمىش، لېكىن، مەن سىزلەرگە ئېيتالايمەنكى، بۇ ئىشتىن ھۆكۈمەتنىڭ خەۋىرى يوق، مېنىڭچە، بۇ ئاساسسىز بىر سۆز بولسا كېرەك، چۈنكى، ساقچىلار ئىدارىسىنىڭ ئومۇمەن مەركەزلەشكەن ئىدارىسى يوق. ساقچىلار ئىدارىسى ۋىلايەتلەردە ۋالىيلار قارىمىقىدا، ناھىيەلەردە ھاكىملار قارىمىقىدىدۇر، لېكىن، ئۆلكىمىزدە ئىستىبدات ھاكىمىيەتنى ۋە مۇستەبىت قارا سىياسەتنى ياقلىغۇچى ئۇنسۇرلار يوق ئەمەس، لېكىن، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ناھايىتى ئېچىنارلىقتۇر. چۈنكى، جەزمەن سۆزسىز خەلقچىللىق سىياسەت راۋاجلىنىپ، ئىستىبدات ھاكىمىيەت مەغلۇپ بولغۇسىدۇر، شۇنىڭ بىلەن بىللە، سابىق يامانلار ھەققىدە سۆزلىمەكچىمەن.

ئۆتمۈشتە زالىم ھاكىمىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ئۇنسۇرلارنى ھازىر بىز، ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ تۇتقان يولىنى تاشلىغان بولسا، ياتلىشىمىز يارىمايدۇ. بۇرۇن مەجبۇرىيەت ئاستىدا خىزمەت قىلغان بىچارە ئەمدى، ئەلۋەتتە، يامانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىنلا تاشلىغۇسىدۇر، ئۇلار ماڭا يۈزلەپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى يامانلىقلىرىنى سۆزلەپ، كېلەچەكتە ئۆز خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ۋە خىزمەت يۈزىدە قانداق ئېغىر خىزمەت بولمىسۇن، خەلقى ئۈچۈن يېڭى يولدا ئىشلەنلىكنى ئۆتۈندى.

ئەلۋەتتە، بۇنداقلار بىزنىڭ دوستىمىز بولالايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئىشىغا ئەمەس، بەلكى ھازىرقى ھەرىكىتىگە ۋە ئەمەلىيىتىگە قاراپ باھا بەرمەك لازىم.

ئۆلكىمىزدە ھازىرچە ئىككى خىل كۈچ بار، بىرىنچى، تەرەققىيات تەرەپدارى، ئۇلار خەلقچىللىق سىياسىتىنى ياقلايدۇ. ئۇلار خەلقىمىزنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك تەشكىل قىلىدۇ. بۇلارنىڭ تۇتقان يولى ھەقىقەت ۋە ئادالەتلىك يولدۇر، ئىككىنچى، ئوتتۇرا ئەسىرلىك قارا مۇستەبىت سىياسەتنى ياقلىغۇچى، خەلقچىللىق، ھۆرلۈك دۈشمىنى بولغان يولدۇر، بۇ يول ناھەق ۋە ئادالەتسىز يولدۇر، بىرىنچى كۈچ خەلقىمىزنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك تەشكىل قىلىپ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىراۋنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇزچىلىق قىلىش مەقسىتى يوقتۇر. ئىككىنچىسى، ئۇل ئىستىبدات ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىشنى ئىزدەيدۇ. بىرىنچى يولدىكىلەر ھەقىقەتكە سۆيۈنىدۇ ، ئىككىنچى يولدىكىلەر خەلقىمىزنىڭ قالاق ئاڭسىزلىق ئىچىدىكى مۇناپىق ئۇنسۇرلارغا سۆيۈنىدۇ. ئۇ كۈچ ئۇلارنىڭ ئاڭسىزلىقىدىن پايدىلىنىدۇ. شۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھەربىرىنى ۋاستە قىلىپ، خەلقىمىز ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ كۈچ ھالاكەتچىلىككە ئۇچرىغان كۈچتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ۋەزىپىلىرىمىز ھەرقانداق پىتنە ـ ئىغۋاغا يول قويماستىن، خەلقلەر باراۋەرلىكىنى ۋە دوستلۇقىنى تەمىن ئېتىشتۇر، بىرلىك ئىتتىپاقلىق بىلەن بىتىمنى ۋە ئۇنىڭغا ئاساسەن تۈزۈلگەن سىياسىي پىروگراممىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر، ياشلىرىمىز ھارماي، زېرىكمەي، ئاتوم دەۋرىنىڭ ئىلمى بىلەن قوراللىنىشتۇر. ئالدىمىزدىكى ۋەزىپىلەر ئۆتكەن ۋەزىپىلەردىن ئېغىرراقتۇر، ئالدىمىزدىكى ۋەزىپىلەر زېرىكمەسلىكنى، تىرىشچانلىقنى، تىنچلىقنى، شەخسىي تۇرمۇشتا قانائەتچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىستىبداتنى ھىمايە قىلغۇچى كۈچ ئەكسىلھەرىكەتچى مەنسەپپەرەسلىكتىن پايدىلىنىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئەكسىلھەرىكەتچىلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى بۇزۇشنى، ياشلارنى ئارقىغا چېكىندۈرۈشنى، ئۆلكىمىزنى ئارقىغا قاراپ

سىلجىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەتلەرگە ئالدى بىلەن زەربە بېرىش ئالدىنقى ۋەزىپە بولۇپ سانىلىدۇ. ياشلار زېرىكمەي، قورقماي، بېلىنى بوشاشتۇرماي، بۇرۇنقىدىن ئارتۇقراق ئىشلىشى كېرەك، ئىش ئەمدى باشلاندى، ئىشقا كىرىشىش كېرەك، قىيىنچىلىقلار نۇرغۇن، قورقماسلىق كېرەك. بۇ ۋەزىپىلەر ياشلىرىمىزنىڭ خەلقنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ مۇھىم بۇرچىدۇر.

ئەپەندىمنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ پۈتۈن زال گۈلدۈراس ئالقىشلار بىلەن تولدى. بۈگۈنكى يىغىن كەيپىياتى ئىنتايىن قىزغىن تۈس ئالغانىدى. يىغىنغا قاتناشقان قازاق، قىرغىز ياشلىرى ئەپەندىمنى قاتمۇقات ئورىۋېلىپ يەنە سۆزلەپ بېرىشنى قايتا - قايتا تەلەپ قىلدى. باشتىن - ئاخىر ئەپەندىمگە ھەمراھ بولۇۋاتقان قازاق، قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى قاسىم ئەپەندى يىغىننى ناھايىتى رەتلىك ئورۇنلاشتۇرغانىدى. لېكىن، ۋاقىت يېتىشمىگەنلىكتىن، ئۇ يىغىننى مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتۇرۇشقا توغرا كەلگەنلىكىنى دەپ تۇرسىمۇ، ياشلارنىڭ ئايرىلىشقا زادىلا كۆزى قىيمايتتى.

ئەپەندىمنىڭ نۇتقى قازاق، قىرغىز ياشلىرىنىڭ ھەق بىلەن ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، بىتىمنى ھەقىقىي يوسۇندا قوغداش يولىدا ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى ئۈچۈن ئېنىق نىشان كۆرسىتىپ بەردى. جۈملىدىن ياشلارغا يامان ئادەملەرگە ئالدىنىپ قالماسلىق، ئۆز ھېسسىياتلىرىنى ھەقىقەت ئورنىغا دەسسىتىۋالماسلىقنى ئوچۇق ئەسكەرتىپ، ئۇلارنى ئوسمان ئىسلام تەرەپدارلىرىنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىدىن ھوشيار تۇرۇشقا ئاگاھلاندۇردى. ئەپەندىم نۇتقىدا يەنە بۇ خىل تەتۈر ھەرىكەتچى ئۇنسۇرلار ئەگەر توغرا يولغا قايتىپ كېلىدىغانلا بولسا، بىزنىڭ ئوخشاشلا ئۇلارنى قارشى ئالىدىغانلىقىمىزنى ئىپادىلىدى. نۇتۇق ئاڭلىغان ياشلار كۆڭلى يورۇپ، تونۇشىنى توغرىلىۋالغانلىقىنى، بىراق بۈگۈنكى دوكلاتنىڭ ۋاقتى قىسقا بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۆزلىرىنىڭ تازا دېگەندەك پۇخادىن چىقمىغانلىقىنى قايتا - قايتا تەكىتلەپ، ئەپەندىمنىڭ يەنە بىر قېتىم دوكلات بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئەپەندىم كېلەر قېتىم جەزمەن ۋاقىت چىقىرىپ قازاق، قىرغىز ياشلىرى بىلەن يەنە بىر قېتىم پىكىرلىشىشكە ۋەدە بېرىپ زالدىن تەستە چىقتى.

شۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن ئەخمەت ئەپەندىم نەنجىڭدە ئېچىلغۇسى «مىللىي قۇرۇلتاي»نىڭ قىستاپ كېلىشى تۈپەيلىدىن، قازاق، قىرغىز ياشلىرى بىلەن يەنە بىر قېتىم پىكىر ئالماشتۇرۇشقا ۋاقىت ئاجرىتالماي قالدى. لېكىن، ئەپەندىم ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ۋەدىسىدىن يانغان ئەمەس. ئۇ نەنجىڭغا مېڭىشتىن بۇرۇن، يەنى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىكى قازاق ـ قىرغىز كۇلۇبىدا يەنە بىر قېتىم قازاق، قىرغىز ياشلىرى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

ئىككىنچى قېتىملىق يىغىنغا تېخىمۇ كۆپ ھەر مىللەت ۋەتەنپەرۋەر زاتلىرى ۋە زىيالىيلىرى قاتناشتى. ئەخمەت ئەپەندىم سوئال ـ جاۋاب تەرىقىسىدە، شۇ مىللەتكە مۇناسىۋەتلىك سوئاللارغا جاۋاب بەردى. بۇ سوئاللار ئىچىدە ئوسماننىڭ ئۆلكىلىك گارنىزون ئىشتابىغا يوشۇرۇن ئەۋەتكەن ئىككى ئادىمىنىڭ سۇڭ شىليەن بىلەن مەخپىي كۆرۈشكەنلىككە دائىر زىل سوئاللارمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەپەندىم جاۋاب بېرىش جەريانىدا بەزى يەرلەرگە كەلگەندە ساپ قازاق تىلىدا سۆزلەيتتى، مىسال ـ تەمسىللەرنى كەلتۈرۈپ، گومىنداڭنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئەپچىل ئوخشىتىشلار بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، يىغىنغا قاتناشقانلارنى كۈلدۈرۈۋېتەتتى.

سۆھبەت يىغىنىدا ئۈرۈمچىنىڭ قازاقلاردىن بولغان ئايال ۋالىيسى خادىۋاڭنىڭ نەنجىڭدە ئېچىلىدىغان «مىللىي قۇرۇلتاي» ۋەكىلى بولىدىغىنىغا قازاق زىيالىيلارنىڭ قارشى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇھىم مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەپەندىم جاۋاب بېرىپ خادىۋاڭنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ نەنجىڭگە ۋەكىل سۈپىتىدە ئەمەس، پەقەت ئادەتتىكى ساياھەتچى سۈپىتىدە بىللە بېرىشىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ھەر خىل ئامىللارنى نەزەردە تۇتۇپ، خادىۋاڭنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى زەكىيخاننىڭ ۋەكىل سۈپىتىدە قاتنىشىدىغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچە بەردى.

ئەمەلىيەتتە، ۋەكىللەر نەنجىڭگە بارغاندىن كېيىن خادىۋاڭنىڭ زورلىشى بىلەن زەكىيخان ۋەكىللەر تىزىملىكىگە خادىۋاڭنىڭ ئىمزاسىنى قويۇپ، ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى ئاپىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ قازاق، قىرغىز ياشلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەت يىغىنىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا، «شىنجاڭ گېزىتى» دە مۇنداق خەۋەر بېرىلگەن:

*11* ـ ئاينىڭ *6* ـ كۈنى بۇ مەجلىسنىڭ داۋامى شەھەردىمىزدىكى قازاق ـ قىرغىز كۇلۇبىدا قايتىدىن ئېچىلدى. مەجلىسكە ئەخمەت ئەپەندى باشلىق يۇرت چوڭلىرى ۋە قازاق، قىرغىز زىيالىيلىرى بولۇپ *200* گە يېقىن ئادەم قاتناشتى. مەجلىس تەگبىر بىلەن ئېچىلغاندىن كېيىن، مەجلىسنىڭ قىسقىچە ئەھمەيىتى چۈشەندۈرۈلدى. ئاندىن كېيىن كۆپچىلىكنىڭ گۇلدۇراس ئالقىشلىرى ۋە قىزغىن قارشى ئېلىشى ئاستىدا، ئەخمەتجان ئەپەندى سۆزگە چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەن مەركەزگە يۈرمەك بولۇپ، سەپەر ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى، ۋاقىتنىڭ تارلىقىغا قاراپ يۈرۈپ كەتكەندە كۆپچىلىكنىڭ سوئال ـ پىكرلىرى جاۋابسىز قالدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن سۆزىنى باشلىدى. سۆزىدە ئۆتكەندە، كۆپچىلىك تەرەپتىن بېرىلگەن تىلەك ـ سوئاللارغا تولۇق رەۋىشتە چۈشەنچە بەردى ھەم مۇھىم يوليورۇقلارنى كۆرسەتتى، كۆپچىلىك ناھايىتى قىزغىن كەيپىيات بىلەن تىڭشاپ، ھازىرقى ساھەدە بولۇپ تۇرغان مۇھىم مەسىلىلەردىن چۈشەنچە ئالدى. ئۇ تىلەك ـ سوئاللارنىڭ چوڭ ـ چوڭلىرىنى ھەم ئەخمەت ئەپەندىنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى تۆۋەندە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

كۆپچىلىكنىڭ بەرگەن سوئاللىرىنىڭ ئىچىدە «خەلق ئارىسىدا مۇشۇ كۈنگىچە مۇستەبىتلەرنىڭ قالدۇقلىرى بار، ئۇلار خەلقنى تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن ئېزىۋاتماقتا، يەنە بۇزۇقشا پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ يۈرگۈچىلەر بار، بۇرۇنقى قۇلاقلارنىڭ ھېلىمۇ بۇزۇق نىيەتلىرىدىن قايتمىغانلىرىمۇ بار» دېگەن پىكىردە توختىلىپ، ئەخمەت ئەپەندى، بۇنداقلارنىڭ ھەققىدە خەلق ئارىسىدا بارلىقى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى چوڭ خەۋپكە ئۇچراتقۇچىلار ئىكەنلىكى، خەلقنى ئەزگۈچىلەرنىڭ يات ئارىدا خەلق تەرەپتىن سىقىپ چىقىرىلىدىغانلىقى، پىتنە ـ ئىغۋا تارقاتقۇچىلارنىڭ خەلق ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ مەسخىرە بولىدىغانلىقى، مەغلۇپ بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھەمدە ھازىرقى ھۆكۈ-

مەتنىڭ كۆز ئالدىدا تۇتقان مەقسىتى، مۇناپىق - بۇرژۇئازلارنىڭ سۇيىقەستى توغرۇلۇق كەڭ رەۋىشتە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتتى. بۇنىڭ كەينىدىن تۈركىستانلارنىڭ دۆربىلجىندە خەۋپكە ئۇچرىشى توغرۇلۇق توختىلىپ، بۇ ئىش تاسادىپىي تۇغۇلغان بىر ئىش بولغانلىقىدىن، بۇ ھەقتە ھۆكۈمەتنىڭ تېخى بۇ ئىشنىڭ ئۆتمۈشىدىن خەۋەر ئالالمىغانلىقى، يېقىندا بۇ ئىش توغرۇلۇق تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىلىدىغانلىقى، ئاندىن بۇ توغرۇلۇق بىر خۇلاسە چىقىرىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇپ ئۆتۈپ، ئۆز قارىشىچە، ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى قۇۋۋەتلىمەيدىغانلىقىنى، لېكىن، خەلق غەزىپىگە، خەلق نەپرىتىگە ھېچبىر نەرسىنىڭ توسقۇن بولالمايدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتى. «مىللىي قۇرۇلتاي»غا بارغۇچى ۋەكىللەرنىڭ ئاز ساندىكلىرىگە قارشىلىق بىلدۈرۈپ بېرىلگەن پىكىر توغرۇلۇق توختىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ قارشى چىققانلىرىدىن بىرى خادىۋاڭ خانىم ئىكەنلىكىنى، بۇ توغرۇلۇق خادىۋاڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەنلىكىنى ھەم خادىۋاڭ خانىمنىڭ «كۆپچىلىك مېنىڭ خان ئەۋلادى، تۆرە ئەۋلادى بولغانلىقىمدىن قارشى چىقىۋاتىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن دەلىلىنى ئېيتىپ كېلىپ، كۆپچىلىكتە ھەقىقەتەن مۇشۇنداق پىكىر بولسا توغرا بولمايدىغانلىقىنى، باشقىچە پىكىر بولغاندا، ئۇ توغرۇلۇق خادىۋاڭ خانىم بىلەن بىرلىككە كەلگەنلىكىنى، خادىۋاڭ خانىمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن «خەلق ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن ئىشلەيمەن» دەپ بەرگەن ۋەدىسىنى ئېيتىپ، بۇ توغرۇلۇق كۆپچىلىكنى قانائەتلەندۈرەرلىك قىلىپ چۈشەنچە بېرىپ ئۆتتى. ئۆزىنىڭ باش قوشۇپ سۆھبەتلىشىشى نەتىجىسىدە ۋەكىل بولۇپ خادىۋاڭ خانىمنىڭ ئوغلى زەكىيخان بارىدىغان بولغانلىقى، خادىۋاڭ خانىم پەقەت ساياھەت ئۈچۈن بېرىپ - كېلىدىغان بولغانلىقى ھەققىدە ئۆزئارا بىر پىكىرگە كەلگەنلىكىنى ئايرىم كۆرسەتتى.

ئاندىن كېيىن ئەخمەت ئەپەندى ھازىر كۆپچىلىك نارازى بولۇپ يۈرگەن بەزىبىر ئادەملەر توغرۇلۇق توختىلىپ، كىمدە-كىمنىڭ ئۆتكەن ۋاقىتتىكى ئىشلىرى تەكشۈرۈلمەيدىغانلىقىنى،

كىمدەكىم *11* ماددىلىق توختامنى ئەمەلگە ئاشۇرسا، ئۇ بىزنىڭ دوستىمىز بولىدىغانلىقىنى، ئەگەردە بىراۋ بۇززۇق نىيىتىدىن قايتماي، خەلققە دۈشمەنلىكىنى توختاۋسىز داۋام قىلدۇرسا، ئۇنداقلارنى دەلىل - پاكىتى بىلەن بويىنىغا قويۇپ تۇرۇپ سىقىپ چىقىرىش لازىم ئىكەنلىكىنى، ئەمدى بىراۋغا گۇمان تۇتۇپ شۈبھە بىلەن ئۇنى سىرتقا چىقىرىۋېتىشنىڭ ئانچە بەك توغرا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ كېلىپ، كۆپچىلىك بىراۋنى گۇمان بىلەن سىرتقا تەپسە، ئۇ بېرىپ ئۆزىنى ھىمايە قىلىدىغان بىر يەر تېپىشقا مەجبۇر بولۇپ، كىم قويىنىنى ئاچسا شۇنىڭغا كىرىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قىممەتلىك چۈشەنچە بېرىپ ئۆتتى، كۆپچىلىك ئارىسىدا ئۆزئارا ئىشەنچ بولۇشى، ئۆزئارا بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇشنى تاپشۇردى، ئەگەردە بىر ئادەم ھازىر ۋەدە بېرىپ كەينىدىن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلسا، ئۇ ئادەم خەلقنىڭ ئەبەدىي دۈشمىنى بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ئالتايدىن كەلگەن ئىككى ئادەم كىملەر؟ ئۇلار ئۆزلىرىنى «ۋەكىلمىز» دەپ ئېيتقانمۇ؟ دېگەن سوئالغا توختىلىپ، بىزدە ھازىر پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ پايدا - زىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان *11* ماددىلىق توختاملا بارلىقىنى، بۇنىڭ سىرتىدا ھېچقانداق «ۋەكىل» نىڭ لازىم ئەمەسلىكىنى، بۇلار بولسا ئالتايدىكى يۇقىرىقى ئالتاي، تۆۋەنكى ئالتاي دېگەن ئەرزىمەيدىغان مەسىلىنى كۆز ئالدىغا تۇتۇپ «ۋەكىلمىز» دەپ يۈرگۈچىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئالتايدىكى يۇقىرىقى ئالتاي، تۆۋەنكى ئالتاي ئىشىنىڭ «ۋەكىل» لازىم قىلارلىق دەرىجىدە چوڭ بىر ئىش ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ، ئۇ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنغانلىقىنى، «ۋەكىلمىز» دەپ يۈرگۈچىلەرنىڭ ھازىر ئۆز يەرلىرىگە قايتىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئېيتىپ چۈشەنچە بەردى.

ئەڭ ئاخىرىدا ئەخمەت ئەپەندى ئۆزى جاۋاب بېرىپ ئۆتكەن مەسىلىلەرنىڭ تېشىدا بولغان كۆپچىلىكنىڭ پىكىر، تىلەكلىرىنىڭ بەزىبىرلىرى ھازىر ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى، بەزىبىرلىرىنىڭ ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان بولغانلىقىدىن كېيىنچىرەك

ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش بېرىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ۋاقتىنىڭ تولۇپ قالغانلىقىنى كۆپچىلىككە ئېيتىپ سۆزىنى تاماملىدى. كۆپچىلىك ئۇزاققا سوزۇلغان گۈلدۈراس چاۋاكلار بىلەن زالنى كۆتۈرۈۋەتتى ھەم ئورنىدىن تۇرۇپ ئەخمەت ئەپەندىنىڭ سەپىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇپ، ساق ـ سالامەت مەركەزگە بېرىپ كېلىشىنى تىلەپ ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇزاققا سوزۇلغان قاتتىق چاۋاك سوقتى. شۇنداق قىلىپ بۇ مەجلىس ئۇتۇقلۇق رەۋىشتە ئۆتكۈزۈلدى.

ئومۇمەن ئالغاندا، ئەخمەت ئەپەندىنىڭ بۇ سۆزلىرى خەلقىمىزگە، خۇسۇسەن ياشلارغا ناھايىتى بۈيۈك يوليورۇق بولدى. مەجلىسكە قاتناشقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ پىكىر، تىلەكلىرىگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب ئېلىپ خۇش بولۇشتى، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك رەھبىرىنى ماشىنىسىغا قەدەر ئۇزىتىپ، خوش ئېيتىشىپ، ماشىنا كەينىدىن قىستا ـ قىستاڭ بىلەن كۇلۇب قورۇسىدىن چىقىپ تارقالدى.

ئەپەندىمنىڭ قازاق، قىرغىز ياشلىرىغا بەرگەن ئىككى قېتىملىق دوكلاتى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە، بولۇپمۇ ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئارىسىدىكى چۈشەنمەسلىكلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. ئەخمەت ئەپەندىم ئوسمان ئىسلامدەك خائىنلارنىڭ مىللىي ھېسسىياتنى بازارغا سېلىپ، ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى سەل قارايدىغان ئىش ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوسماننىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئېچىپ تاشلاش بەكمۇ زۆرۈر دەپ قارايتتى. ئوسمان ئىسلامنىڭ گومىنداڭغا قارشى قان كېچىپ جەڭ قىلغان قازاق خەلقىنى قايمۇقتۇرۇپ، ئىنقىلابىي كۈچلەرنى ئۆز ئىچىمىزدىن پارچىلىۋېتىش خەۋپىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلاتتى. شۇڭا، ئەپەندىم مۇشۇ مەقسەتتە ئۈرۈمچىدىكى قازاق، قىرغىز ياشلىرى بىلەن ئىككى قېتىم يۈز كۆرۈشۈپ، دۈشمەننىڭ كۈشكۈرتۈشى ۋە ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالماسلىقنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەندى.

ئوسماننىڭ قىلمىشى قازاق خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەكىلى بولۇپ تىنچلىق سۆھبىتىگە قاتناشقان، قازاق مىللىتىدىن بولغان تەرەققىيپەرۋەر زات ئوبۇلخەيرى تۆرە بىر كۇپلېت شېئىر يېزىپ ئوسماننىڭ مەيدانسىز ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىدى:

مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادەت دىنى قايدا؟
باشقۇرغان ئۆزىنى ئۆزى كۈنى قايدا؟
شۇنداقتا گومىنداڭنى بىز ئاغدۇرساق،
سەن كىمگە يەتكۈزۈشكە يۈرسەن پايدا؟

ئەخمەت ئەپەندىم مېڭىشتىن بۇرۇن شەخسەن ئۆزى ھەربىر ۋىلايەت، ناھىيە ۋە يېزا - قىشلاقلارغىچە بېرىپ، ھەر مىللەتتىن بولغان ئىلغار زاتلار، ھەر ساھە ۋەكىللىرى بىلەن بىۋاستە سۆھبەتلىشىپ، ئەھۋال ئىگىلەش ۋە ئۇلارغا ۋەزىيەتنىڭ يەنىلا جىددىيلىكى، ھوشيار تۇرۇش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئارزۇسىدا بولغان بولسىمۇ، بىراق، ئالدىراش بولۇپ كېتىپ ۋاقىت چىقىرالماي قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىن ئارىدا نەنجىڭگە يولغا چىقىدىغان بولغاچقا، ئىمكانىيىتى زادىلا يار بەرمىدى. شۇڭا ئەپەندىم خەلق ئاممىسى بىلەن مەتبۇئات يۈزىدە «مۇڭدىشىپ»، دۈشمەننىڭ ئارىمىزغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش سۇيىقەستىنى پاش قىلىش مۇددىئاسىدا تۆۋەندىكى ماقالىنى ئېلان قىلدى. بۇ ماقالە شۇ چاغدىكى «ئالتاي» ژۇرنىلىنىڭ 1946 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. تولۇق تېكستى مۇنداق:

## بىزنىڭ ئىچىمىزدىن يەنە ئۇرۇش پىلانى

سۆيۈملۈك يۇرتداشلىرىم!

ئۆلكىمىزنىڭ ھەربىر ۋىلايەت، ناھىيە ۋە قىشلاقلىرىغا بېرىپ، ھەربىرىڭلار بىلەن دەردلەشمەك ۋە كېلەچەكتىكى ئىشلىرىمىزنىڭ سائادىتى ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىش توغرۇلۇق سۆزلەشمەك تىلىكىدە ئىدىم.

ئىلى ئىنقىلابى نەتىجىسىدە ئىمزا قىلىشقان *11* ماددىلىق توختام بويىچە يېڭى قۇرۇلۇش ئۈستىدە مەشغۇل بولۇپ قالغانلىقىمدىن، ھەربىر ناھىيەگە بېرىپ، سىزلەر بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم دەردلىشىپ، سۆزلىشىشكە ۋاقىت يار بەرمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن گېزىت ۋە ژۇرنال ئارقىلىق بولسىمۇ سىزلەر بىلەن بىرئاز مۇڭداشماقچى بولىمەن.

سۆيۈملۈك يۇرتداشلىرىم ۋە قەدىرلىك زىيالىي يۇرت ئەۋلادلىرى!

دۇنيا تارىخىنى تەھلىل قىلىپ چىقساق، تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ھەقىقەت بىلەن ئۇچرىشىمىز.

(*1*) بىر مىللەت ئىككىنچى بىر مىللەتنىڭ قۇلى بولۇپ ياشاشنى پۈتۈن تارىخ بويىچە ئىستىمىگەن، مۇندىن كېيىن ھەم ئىستىمەيدۇ.

(*2*) ھاكىم مىللەت ئىچىدىكى مۇستەبىت كۈچ مەھكۇم مىللەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپ جەھەتتىن تەرەققىي قىلىپ بىرلىشىشىنى پۈتۈن تارىخ بويىچە ئىستىمىگەن ھەم بۇندىن كېيىنمۇ ئىستىمەيدۇ.

(*3*) ھاكىم مىللەت ئىچىدىكى مۇستەبىت كۈچ مەھكۇم مىللەتنىڭ بەخت ـ سائادەت ئىچىدە ياشاشقا ھوقۇقى بار ئىكەنلىكىنى مۇمكىنقەدەر تونۇماقنى ئىستىمىگەن ھەم بۇندىن كېيىنمۇ ئىستىمەيدۇ. بۇ ئۈچ خىل ھەقىقەتنىڭ ئۈچ خىل نەتىجىسىنى يەنە تارىختا كۆرگىلى بولىدۇ.



مەسىلەن: مەھكۇم مىللەت ھاكىمىيەتنىڭ ئىدارە قىلىش سىياسىتىدىكى پۈتۈن مەخپىي پەردىلەرنى ئىلىم ۋە بىرلىك يولى بىلەن نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتە يىرتىپ تاشلىمىغۇچە ھاكىم مىللەت مەھكۇم مىللەتنىڭ ھوقۇقىنى تونۇمايدۇ. دېمەككى، مەھكۇم مىللەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى يىراقلاردا ئەمەس، ئۆز ئىچىدىدۇر. بۇنىڭ مىللىي تارىخىمىزدا نۇرغۇن دەلىللىرى بار.

مەسىلەن: تارىختا ئۆز دۆلەتلىرى بولغان مىللەتلەرمۇ دۇنيا مەدەنىيىتىگە پارلاق سەھىپىلەرنى قوشقاندۇر. بۇنىڭغا كىچىك بىر مىسال قىلىپ *16* ـ ئەسىر تارىخىنى ئالساق بولىدۇ.

(1) ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز مىللەتلەرنى تەڭ ۋە باراۋەر كۆرۈشنى ئۆگەتكەندۇر.

(2) قول ئاستىدىكى مىللەتلەرنى ماددىي ياكى مەنىۋى يېقىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشقا يول قويماسلىقنى ئۆگەتكەندۇر.

(3) مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگەتكەندۇر.

(4) بىر ـ بىرلىرىگە ھۆرمەت، شەپقەت ۋە كۆيۈنۈش بىلەن باغلىنىپ كىچىكلەرنى ھىمايە ۋە چوڭلارغا ئىتائەت قىلىشنى ئۆگەتكەندۇر.

مانا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىزلەرگە قالدۇرغان ۋەسىيەتلىرى شۇلاردىن ئىبارەت ئىنسانىي پەزىلەتلەردۇر.

بىزلەر بولساق، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ تاپشۇرغان بۇ قىممەتلىك ئامانەت تۆھپىلىرىگە خىيانەت قىلغان كۈندىن باشلاپ قانلىق ئاقىۋەتلەرگە ئۇچرىدۇق ۋە ئۇچرىماقتىمىز. لېكىن، ئەركىن ياشىماق خىسلىتى يارىتىلمىشتىن قېنىمىزدا بار بولغاچقا قۇللۇقنى قوبۇل قىلماي ئۇزۇن ئىنقىلابىي يىللار ئىچىدە ئەركىنلىك يولىدا ئۆلدۇق ۋە ئۆلتۈردۇق. ئۆلكىمىزنىڭ ئەزىز تۇپراقلىرى قەدەم ـ قەدەم قانلىرىمىز بىلەن يۇغۇرۇلدى ۋە يۇغۇرۇلماقتا.

ئەلى ئىنقىلابى بولسا، ئۆتمۈشتىكى قانلىق ئىنقىلابلىرىمىزنىڭ داۋامى بولۇپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە كېلەچەكتىكى نەسىللىرىمىز ئۈچۈن ئەبەدىي سائادەت يولى ئېچىلغان بولسىمۇ، بۇ يولنىڭ پىداكار يولچىلىرى بولغان بىزلەرنىڭ ئالدىمىزدا نۇرغۇنلىغان مۇز داۋانلىرى ۋە چوققىلىرى باردۇر.

بۇلار نېمىسى دېسىڭىزلەر، ھېلىغىچە ئېلىپبەسى تۈزۈلمىگەن مىللىي مائارىپىمىزدۇر. خەلقىمىزنى 200 يىلدىن بېرى قان قۇستۇرۇپ كەلگەن ئىستىپاقسىزلىقتۇر. بۇ داۋان ۋە چوققىلاردىن ئۆتمىگۈچە خەلقىمىزنىڭ سائادەتكە چىقىشى توغرۇلۇق تىلەكلىرى تاتلىق بىر ھەسرەتتىنغىنە ئىبارەت بولۇپ قالغۇسى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرلىكىمىزنى ۋە مىللىي مائارىپىمىزنى ئالغا باس-

تۇرۇش يولىدا بارچە كۈچىمىز بىلەن ئىش بىرلىكى قىلىپ، بۆ-لۈنمەي ۋە ئالدانماي، تىرىشىپ ئىشلىشىمىز لازىم. بۇ يولدا ئىشلەشكە تولۇق ئىمكانىيەت ۋە پۇرسەت باردۇر. ئەگەردە بىر-لىك ۋە باراۋەرلىك بىلەن ئىشلىمەي، مەۋجۇت ئىمكان ۋە پۇر-سەتنى قولدىن بەرسەك، كېلەچەكتىكى نەسىللىرىمىز بىزلەرنى تارىخ بەتلىرىگە لەنەت ۋە نەپرەت بىلەن كۆمگۈسى.

سۆيۈملۈك يۇرتداشلىرىمىز، ھازىرقى ۋاقىتتا ئۆز ئارىمىزدا ئىتتىپاقسىزلىق تۇغدۇرۇپ، بىزنى يەنە بۇرۇنقىدەك ئىچىمىزدىن ئاغدۇرۇشقا پىلان تۈزۈپ، ھەرىكەت قىلغۇچى دۈشمەنلەر ئۆل-كىمىزنىڭ ھەربىر يېرىگە بۆلگۈنچىلىك زەھىرىنى تۆكمەكتە. ئايرىم مۇتەئەسسىپ ئۇنسۇرلار ئۆز ئارىمىزدا تۈرلۈك كۆڭۈل-سىزلىكلەرنى تۇغدۇرماقچى بولۇپ، ھەرىكەت قىلىپ باقتى. بۇ خىل ئىشلار جەنۇبىي شىنجاڭدىمۇ بولۇپ تۇرماقتا.

شۇنداقكى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلۇشى-دىكى مەقسىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئوچۇق سىياسىتىنى خەلقىمىز ئوبدان چۈشىنىشى كېرەك. ئەگەردە خەلقىمىز ئوبدان چۈشەنگەن ۋە يا-كى چۈشەندۈرۈلگەن بولسىدى، بۇ تۈرلۈك ھەرىكەتلەر بول-ماس ئىدى دەپ ئويلايمەن.



سۆيۈملۈك يۇرتداشلىرىم، بۇ ماقالەم بىلەن يۇرت، مىللە-تىمىزنى سائادەتكە چىقىرىش يولىدا بىرلىك ۋە باراۋەرلىك يو-سۇنىدا ئىشلىشىمىز لازىم بولغان ئىشلار توغرۇلۇق سىزلەرگە بىرئاز چۈشەنچە بېرەلىدىم دەپ ئۈمىد قىلىمەن. سۆزۈمنىڭ ئاخى-رىدا شۇنى ئوچۇقلاپ ئېيتايكى، ئەمدى بىزلەرگە قۇرۇق پىتنە - پاساتنىڭ، بۆلگۈنچىلىكنىڭ ۋە جاھالەتنىڭ كېرىكى يوقتۇر.

بىزلەرگە خەلقچىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، باراۋەرلىكنى تەمىن قىلىش بىلەن بىللە، ئىلىم، مەكتەپ، تېخنىكا، سەنئەت، دوختۇرخانا ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش يۇرت ۋە خەلقىمىزنى 20 - ئەسىرنىڭ ھاياتىغا ئۆزلەشتۈرىدىغان نەرسىلەر كېرەكتۇر. مانا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلۇشتىكى مەقسىتى بۇلار-دىن ئىبارەتتۇر.

ئۆلكىمىزدىكى سابىق ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى

ئەمەلدارلار خەلقىمىزنىڭ ئۈستىگە ئەزگۈچى بىر خوجايىن بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن قىمارۋازلىق، نەشىۋازلىق، پاھىشىۋازلىق، پىتنە ـ پاساتچىلىق، بۆلگۈنچىلىك ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ھەرىكەتلەر خەلقىمىزنىڭ كەسپى بولۇپ قالاي دېگەنىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلۇش ئاساسىغا بىنائەن، رەئىس جاڭ جىجۇڭ باشلىق يۇرتسكى چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلار خەلقىمىزنىڭ ئۈستىدە خوجايىن ئەمەس، ئەكسىچە، خەلقىمىزنىڭ خىزمەتچىلىرىدۇر. دېمەككى، خەلقىمىز ئۈچۈن كۆيۈنۈپ ئىشلىمەيدىغان، بىرلىكنى ئىستىمەيدىغان چوڭ ـ كىچىك پۈتۈن ئەمەلدارلارنى ئورنىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا خەلقپەرۋەر كىشىلەرنى سايلاش ھوقۇقى يالغۇز خەلقىمىزنىڭ ھەقىقىي ۋەزىپىسىدۇر. بۇ ھەتتا بۇ ۋەزىپىنى ئۆز يولىدا قوللىنىش ئۈچۈن كىرەكلىك بولغان كۈچ ـ قۇدرەت كۆرەشچان ۋە جاپاكەش خەلقىمىزنىڭ تومۇرىدىكى ئەسلىي قاندا مەۋجۇتتۇر.

ياشىسۇن خەلقىمىزنىڭ بىرلىكى!

ياشىسۇن خەلقچىللىق سىياستى!

ياشىسۇن ھەقىقىي مىللەتلەر باراۋەرلىكى!

يوقالسۇن بۆلگۈنچى خائىنلار!

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسى: ئەخمەتجان قاسىمى

(«ئالتاي» ژۇرنىلىنىڭ 1946 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن ئېلىندى)

# 34. «مىللىي قۇرۇلتاي»

«مىللىي قۇرۇلتاي» ئېچىلىش ئالدىدا تۇرماقتا. جياڭ جيېشى بولسا «مىللىي قۇرۇلتاي» ئېچىش ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتكە ئۆزىنى قالتىس بىر دېموكراتىيەچى قىلىپ كۆرسىتىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىجابىي ئوبرازىنى تىكلىمەكچى بولۇۋاتاتتى.

«مىللىي قۇرۇلتاي»نى چاقىرىش ھەققىدە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى يىلىنىڭ بېشىدىلا، يەنى 1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى نەنجىڭدە ئاچىدىغانلىقىنى جاكارلىغانىدى. لېكىن ئۇ چاغدا دۆلەت ئىچى قاتمۇقات زىددىيەت ئاستىدا قالغاچقا، 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى يەنە بىر قېتىم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ «مىللىي قۇرۇلتاي»نىڭ كېچىكتۈرۈلۈپ ئېچىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ چاغدا شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بېكىتىلىپ بولغان، تىزىملىكى گېزىتتە ئېلان قىلىنىپمۇ بولغانىدى. لېكىن تىزىملىكتە ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى يوق ئىدى، چۈنكى تىنچلىق سۆھبىتى تېخى تولۇق ئاخىرلاشمىغانىدى. قوراللىق كۈرەش بىردەم پەسىيىپ، بىردەم كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇۋاتاتتى. ئەمدىلىكتە بولسا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولغانىدى. 6 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، جاڭ جىجوڭ ئەپەندى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە، ئەخمەت ئەپەندىم مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلەندى. ئۈچ ۋىلايەتتىن يەنە باشقىلار ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى. شۇ سەۋەبتىن «مىللىي قۇرۇلتاي»غا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر قايتىدىن سايلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ يېڭى تىزىملىكى گېزىتتە ئېلان قىلىندى.

جاڭ جىجوڭ ئەپەندى بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئىچىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، ئۈچ

ۋىلايەت ۋەكىللىرى «مىللىي قۇرۇلتاي»غا قاتناشمىسا بولمايدۇ، دەپ قا-
رايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە «مىللىي قۇرۇل-
تاي»نىڭ ئەھمىيىتىنى زېرىكمەي ـ تېرىكمەي چۈشەندۈرۈپ، «قۇرۇل-
تاي»غا ۋاقتىدا قاتنىشىشقا قايتا ـ قايتا دەۋەت قىلاتتى. بىراق «قۇرۇل-
تاي»غا قاتنىشىش مەسىلىسىدە، بىزنىڭ ئىچكى قىسمىمىزدىمۇ ھەر
خىل كۆزقاراشلار مەۋجۇت بولۇپ، بەزىلەر «مىللىي قۇرۇلتاي»نى گو-
مىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئاچتى، ئۇ دۈشمەن تەرەپنىڭ قۇرۇلتىيى،
دەپ قارىدى. شۇڭا بىز تەرەپتىن ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇشنىڭ زۆ-
رۈرىيىتى بارمۇ، يوق؟ كىمنى ئەۋەتىش كېرەك؟ دېگەن كۆزقاراشلارمۇ
خېلى سالماقنى ئىگىلەيتتى. مانا بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا ئەلۋەتتە ئەستا-
يىدىل ئويلىنىشقا توغرا كېلەتتى. يەنە بەزىلەر ئەگەر قۇرۇلتايغا قاتناش-
مىساق، گومىنداڭ بۇنى دەستەك قىلىۋېلىپ پىرىنسىپقا كۆتۈرۈپ جار
سالىدۇ. دەرھال بىز تەرەپكە «سەمىمىيەتسىز، مەركەزنى قوللىمايدۇ» دې-
گەن قالپاقنى كىيدۈرىدۇ. ئەگەر قاتناشساق، بۇنى گومىنداڭ قۇرغان
تۇزاق ئەمەس دەپ ھېچكىم بىرنەرسە دېيەلمەيدۇ دەپ، ۋەكىللىرىمىزنىڭ
كۈتۈلمىگەن ۋەقەگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلدى.

جاڭ جىجۇڭ، لىيۇ مېڭچۈن قاتارلىق گومىنداڭ ئىچىدىكى مۆتىدىل-
لەر بۇ ئەھۋالنى سەزگەندەك بولۇپ، ئەخمەت ئەپەندىمگە ھە دەپ خىزمەت
ئىشلىگىلى تۇردى. مەسئۇت، ئەيسا قاتارلىقلارنىڭمۇ قۇرۇلتايغا قاتنى-
شىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئەپەندىمنىڭ باشقىچە خىيالدا بولماي جەزمەن
قۇرۇلتايغا قاتنىشىشىنى تەلەپ قىلدى، ھەتتا ئەپەندىمنى نەنجىڭدە مەخ-
سۇس گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئۈچۈن سېلىنغان «جاڭ جىجۇڭ داچىسى» غا
ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقى ھەمدە بىز تەرەپ خادىملىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە
مۇتلەق كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى ھەققىدە قاتتىق ۋەدىلەرنى بەردى.

ۋاقىت ئىنتايىن قىس، دەرھال ئىپادە بىلدۈرۈش كېرەك ئىدى.

بۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى قارىماققا تىنچىپ قالغاندەك قىلات-
تى، «تىنچلىق بىتىم»ى يولغا قويۇلۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئوبيېكتىپ
جەھەتتىن ئېيتقاندا، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىمۇ ھەممىشە مەسىلىلەرگە ئىن-
تايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى
ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. ئەخمەت ئەپەندىمۇ
ئەھۋالنى كۆزىتىپ، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ گومىنداڭنىڭ ھەر خىل
كۈچلىرىگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق، ھەرقايسى تەرەپلەر بىر-

لەن ئۆز لايىقىدا مۇناسىۋەت ساقلاشقا تىرىشاتتى. بىراق ئەمەلىيەتتە ئىككى تەرەپ يەنىلا بىر ـ بىرىگە تىغمۇتىغ تاقابىل تۇرۇپ كېلىۋاتاتتى، بىرەر سەزگۈر مەسىلە كۆرۈلسە، ئىككى تەرەپ هامان ئۆز مەيدانىدا چىڭ تۇرۇۋالاتتى، توختىماي تالاش ـ تارتىش قىلاتتى، بىر ـ بىرىگە يول قويمايتتى. هازىر گومىنداڭ هۆكۈمىتى «مىللىي قۇرۇلتاي» ئاچماقچى بولۇۋاتىدۇ، بۇ هەقتە بىز تونۇشىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تېزدىن ئۆز مەيدانىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

شۇنداق قىلىپ، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، رەھىمجان سابىرهاجى، سەيپىدىن ئەزىزى، زىيا سەمەدى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئۈرۈمچىدىكى خادىملىرى بىزنىڭ «جەنۇبىي گۈلباغ» دىكى تۇرالغۇمىزدا مەخپىي يىغىن ئاچتى. يىغىندا بىز تەرەپ قۇرۇلتايغا قاتنىشىشى كېرەكمۇ، يوق، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇهاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. بەزىلەر قۇرۇلتايغا قاتنىشىشقا قارشى تۇردى، يەنە بەزىلەر بىخەتەرلىك مەسىلىسىدىن ئەندىشە قىلاتتى. كۆپچىلىك تولۇق پىكىر بايان قىلىپ، نۆۋەتتىكى ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەت ئۈستىدە ئەتراپلىق تەهلىل يۈرگۈزۈشتى:

هازىر مىللىي ئارمىيەمىز ئەسكىرىي كۈچ جەهەتتە گومىنداڭ هەربىي قوشۇنلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىغا تامامەن ئىگە؛ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ئاستىدا، بىرىنچىدىن، گومىنداڭ تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ناۋادا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، مىللىي ئارمىيەمىز تېخىمۇ زور كۆلەمدە هۇجۇمغا ئۆتەلەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، قۇرۇلتايغا دۆلەت ئىچىدىكى هەرقايسى تەرەپ ۋەكىللىرى ۋە خەلقئارا زاتلار قاتنىشىدىغان بولغاچقا، گومىنداڭ مەركىزىي هۆكۈمىتى ئۆز ئوبرازىنى نەزەردە تۇتۇپ، قارامىلىق بىلەن بىز تەرەپ خادىملىرىغا چېقىلىشقا پېتىنالمايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، «مىللىي قۇرۇلتاي»غا پۈتۈن دۇنيا كۆز تىكمەكتە. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ دېموكراتىيەنى تەلەپ قىلىش ساداسى كۈنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، گومىنداڭ ئالىي هۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۆزلىرىنى دېموكراتىيە تەرەپدارى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، مۇقەررەر هالدا بىزگە — يەنى چېگرا رايوندىكى «توپىلاڭ كۆتۈرگەن» رايوندىن كەلگەن ۋەكىللەرگە چوقۇم ئەهمىيەت بىلەن قارايدۇ؛ تۆتىنچىدىن، بىز قۇرۇلتايغا قاتناشساق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى جامائەتچىلىك ئالدىدا ئۆزىمىزنىڭ سەممىيىتىنى ئىپا-

دىلىگەن بولىمىز؛ شۇنداقلا بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ئۆز ئارزۇيىمىز ۋە تەلىپىمىزنى بىۋاستە يەتكۈزىدىغان ئىنتايىن ياخشى پۇرسەت، يەنە كېلىپ مۇشۇ سەھنىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىمىزنى كەڭ تەشۋىق قىلالايمىز!

ئەپەندىم كۆپچىلىككە قۇرۇلتاي ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «بۇ — جۇڭگو تارىخىدا ئېچىلغان تۇنجى قېتىملىق ‹مىللىي قۇرۇلتاي›، پۈتۈن مەملىكەت ئۇنىڭغا كۆز تىكىۋاتىدۇ. بىز قاتناشساق ئاندىن ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئوبدان بىلەلەيمىز. شۇڭا بىز ئۆز ئەمەلىيىتىمىز ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز، ئومۇمىيلىقنى ئاكتىپلىق بىلەن نەزەردە تۇتۇۋاتقانلىقىمىزنى ئىپادىلىشىمىز كېرەك».

دەرۋەقە، ئەپەندىمنىڭ كۆڭلىدە ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان تېخىمۇ مۇھىم يەنە بىر ئىش بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ نەنجىڭدە پۇرسەت تېپىپ، «دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى» — جۇڭگو كومپارتىيەسى بىلەن ئۇچرىشىش. ئەپەندىم موسكۋادا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر كومپارتىيەلىرىنىڭ تارىخىنى پىششىق ئۆگەنگەن، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ تەشەببۇسلىرى بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ چىققان. ئۇنىڭغا شۇ نۇقتا ئايان ئىدىكى، نۆۋەتتە جۇڭگو كومپارتىيەسى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى «10 - ئۆكتەبىر كېلىشىمى» ئىمزالىدى، گەرچە جياڭ جيېشى كېلىشىمنى قايتا - قايتا بۇزغان بولسىمۇ، بىراق جۇڭگو كومپارتىيەسى ئىزچىل تۈردە ئومۇمىيلىقنى مۇھىم بىلىپ، بىرلىك سەپ قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇۋاتىدۇ. نەنجىڭدە ئۆزىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىمۇ بار. قۇرۇلتايغا ۋەكىل قاتناشتۇرماقچىمۇ بولۇۋاتىدۇ. دېمەك، قۇرۇلتاي مەزگىلىدە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى تېپىشنىڭ ئىمكانىيىتى ناھايىتى زور.

بىراق، ھازىرقى پەيتتە ئەپەندىم ئۆزىنىڭ بۇ مۇتلەق مەخپىي پىلانىنى باشقىلارغا ئاشكارىلاشقا ئالدىراپ كەتمىدى. مەملىكەت ئىچىدىكى باشقا پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ۋەكىل ئەۋەتىپ قۇرۇلتايغا قاتنىشىدىغانلىقىنى دەپ كېلىپ، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭمۇ قۇرۇلتايغا قاتنىشىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئەپەندىم قۇرۇلتاي ھەققىدىكى تەھلىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. «دېمەك، ھازىرچە قۇرۇلتايدا ئەھۋالنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىرنېمە دېيىش تەس. ئەگەر جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ قۇرۇلتايغا قاتنىشالىسا، ئۇ

چاغدا بىز پىكىر ۋە تەلەپلىرىمىزنى تېخىمۇ دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويالايمىز.»

ئەڭ ئاخىرىدا ئەپەندىم كەسكىنلىك بىلەن قارار چىقىرىپ، قەتئىي تۈردە مۇنداق دېدى: «بىز ‹مىللىي قۇرۇلتاي›غا جەزمەن قاتنىشىمىز! گومىنداڭ هۆكۈمىتى تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ بىزدىن ئەيىب تاپماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر بىز قۇرۇلتايغا قاتناشمىساق، ئۇلار بىزنى ‹سەممىيەتسىزلىك قىلدى، مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بوزغۇنچىلىق قىلدى› دەپ ھەممە يەردە چۇقان سېلىشى تۇرغانلا گەپ. ئەگەر قاتناشساق، خېيىم ـ خەتەر يۈز بەرمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ. بىراق بىز خەلقنىڭ ئەركىنلىكى، تىنچلىق، خەلقچىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان سەھنىگە چىقىرىلغانىكەنمىز، ھەرقانداق خېيىم ـ خەتەرگە يولۇقۇشتىن، ھەتتا ھاياتىمىزدىن ئايرىلىشتىن قورقماسلىقىمىز كېرەك».

ئەپەندىم يەنە ئىچكىرىدىكى قېرىنداش ئۆلكە، رايونلاردا نۇرغۇن خۇيزۇ قېرىنداشلارنىڭ بارلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىز تەرەپتىن چوقۇم بىر خۇيزۇ ۋەكىل قۇرۇلتايغا قاتنىششى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ كۆزدە تۇتقىنى بىز تەرەپتىن خۇيزۇ ۋەكىل قاتناشسا، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خۇيزۇ ئاممىسى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق خىزمىتىنى ئىشلەشكە تېخىمۇ پايدىلىق بولاتتى. بۇ ھەقتە ئەپەندىم غۇلجىدىكى يولداش ئىسھاقبېكنىڭ پىكرىنى قوبۇل كۆرۈپ، خۇيزۇ مۆتىۋەر كېرىم ھاجىنى خۇيزۇ مىللىتىنىڭ ۋەكىلى بولۇشقا ئەڭ مۇۋاپىق نامزات دەپ ھېسابلىدى. بىراق كېرىم ھاجى بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن دەسلەپتە «مىللىي قۇرۇلتاي»غا قاتناشقۇسى يوقلۇقىنى قايتا ـ قايتا بىلدۈرۈپ، ئۆزرە ئېيتىپ تۇرۇۋالدى:

«مەن قېرىپ قالدىم، ئىچكىرىگە بارسام ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلەلىشىمگە كۆزۈم يەتمەيدۇ. گومىنداڭنى نەيرەڭ ئىشلەتمەيدۇ دەپ ھېچكىم ھۆددە قىلالمايدۇ. كىم بىلىدۇ، ئايروپىلانغا چىقىرىۋېلىپ ۋەقە چىقىرامدۇ، ھېچ نەرسە دەپ بولمايدۇ، زادى كۆڭلۈم تارتمايدۇ. ئۆلۈمدىن غۇ ۋايىم قىلمايمەن، ئادەم دېگەن بەرىبىر ئۆلىدۇ، بىراق جەسىتىم ياقا يۇرتلاردا قالارمۇ دەپ ئەنسىرەيمەن».

كېرىم ھاجى، خۇيزۇ، 1885 ـ يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان، سودىگەر.

خۇيزۇلار ئارىسىدا ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-
بى قوراللىق كۈرىشى مەزگىلىدە، ئۇ ئىنقىلابقا قاتناشقان بولۇپ، مىلـ-
لىي ئارمىيە ئاتلىق قىسىم «تۇڭگان پولكى» نىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنـ-
لەنگەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي مۇناسىۋەت مە-
سىلىلىرىنى ھەل قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم تۆھپە قوشقان.
بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، ئۇ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمـ-
سىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئەمما ئۇرۇمچىدە بىر ئايلا
تۇرغان بولۇپ، كېيىن سىياسىيغا قاتنىششتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ غۇلـ-
جىغا قايتىپ كەتكەن.

ۋەكىل نامزاتى ئىچىدە ئەسلىي ئۇيغۇر سايرانىمۇ بار ئىدى. لېكىن
قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ئۇنى نەنجىڭگە ئەۋەتكەندىن
كۆرە، ئۇرۇمچىدە قالدۇرساق تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ دەپ قارالدى.
بۇ ھەقتە ئەپەندىم مۇنداق كۆرسىتىپ ئۆتتى: «ھازىر بىزدە ئىككى چوڭ
ئىش بار. بىرى، ‹مىللىي قۇرۇلتاي›غا قاتنىشىش، يەنە بىرى، سايلام.
سايلامنى گېزىت - ژۇرناللاردا نۇقتىلىق تەشۋىق قىلىش كېرەك. تەشـ-
ۋىق ۋە خەۋەر قىلىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇش - بولماسلىقىدا
ئۇيغۇر سايرانىنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم. گېزىتخانا ئۇنىڭ قولىدا.
ئەگەر ئۇ كېتىپ قالسا، ئۇرۇمچىدە ئۇنىڭ رولىنى ئۆتىيەلەيدىغان ئادەم
يوق. بۇ ئىشىمىز ئاقساپ قالسا، بىزگە چوڭ زىيان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن، مەن ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندىم زىممىسىگە ئېغىر يۈكنى ئېلىپ ئۈ-
رۈمچىدە قالسا دېگەن تەكلىپنى بېرىمەن».

شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇر سايرانىنى ئۇرۇمچىدە قالدۇرۇش قارار قىـ-
لىندى.

مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق كۆپچىلىك تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈ-
رۈپ، ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇردى. مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، ئە-
پەندىم ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، يەنە بىر قېتىم كەسكىن قارار چىـ-
قاردى: ئۇ ئۆزى ۋەكىللەرنى باشلاپ نەنجىڭگە «مىللىي قۇرۇلتاي»غا قاتـ-
نىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شۇ كۈنى كەچ كىرگەندە ئەپەندىم غۇلجىدىكى كېرىم ھاجىغا بىۋا-
ستە تېلېفون قىلىپ، قۇرۇلتاينىڭ مۇھىملىقىنى يەنە بىر قېتىم چۈ-
شەندۈردى ۋە جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ ھەممەيلەننىڭ بىخەتەرلىك مەسىـ-

594

لىسىگە كاپالەت بەرگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ئەپەندىم كېرىم ھاجىغا: «مەن نېمە كۆرسەم، سىزمۇ شۇنى كۆرىسىز! مەن قەيەردە تۇرسام سىزمۇ شۇ يەردە بولىسىز. شۇڭا ھەرگىز ئەنسىرىمەڭ، كېلىۋېرىڭ» دېگەندە، كېرىم ھاجى قاتتىق ھاياجانلىنىپ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا: «ئەپەندىم، مەن سىزنى چىن قەلبىمدىن ھىمايە قىلىمەن، ھۆرمەتلەيمەن. سىز بارىدىغان بولغانىكەنسىز، مەنمۇ سىز بىلەن بىللە باراي! ھەرقانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، سىزلا بولىدىكەنسىز، مەن ھەرگىز قورقمايمەن. ئاللا بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!» دەپ قەلبىنى ئىزھار قىلدى.

لېكىن ئەپەندىم يەنىلا خاتىرجەم بولالماي، بىز تەرەپتىن ساقچى ئىدارىسىدا مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ تۇرغان زىيا سەمەدىنى غۇلجىغا مەخسۇس ئەۋەتىپ، كېرىم ھاجى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆزىنىڭ پىكرىنى يەتكۈزۈشكە بۇيرۇدى. زىيا سەمەدى دەرھال غۇلجىغا بېرىپ كېرىم ھاجىغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن كېرىم ھاجى قاتتىق ھاياجان ئىچىدە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشىپ، كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئەپەندىم نەنجىڭگە قاراپ ئۇچۇشتىن بىر كۈن ئاۋۋال ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلتايغا قاتنىشىدىغان شىنجاڭ ۋەكىللىرىنىڭ سانى 24 نەپەر بولسۇن دەپ تەلەپ قىلغانىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك ۋەكىل 12 نەپەر، گومىنداڭ ۋەكىلى ئۈچ نەپەر، كەسپىي ساھە ۋەكىلى ئالتە نەپەر، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل ئۈچ نەپەر قىلىپ بېكىتىلىپتۇ.



دەسلەپتە بېكىتىلگەن ۋەكىللەر تۆۋەندىكىچە:

يەرلىك ۋەكىل 12 نەپەر :

ئەخمەتجان قاسىمى: ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى

ئابدۇكېرىم ئابباسوف: ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى

ئەيسا ئالپتېكىن: ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى

ئەنۋەر سالىجان (قازاق): ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇدىر كاتىپى
خادىۋاڭ (قازاق، ئايال، ئوغلى زەكىيخانىمۇ بارىدۇ): ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى
خەمىت سۇلتان: ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت كاتىبات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى
جاۋ جيەنفېڭ (خەنزۇ): ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى
مۇ جىڭئا (شىبە): قۇتقۇزۇش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى
ئۆمەر داموللا: دىنىي زات
ما گويى (خۇيزۇ): خۇيزۇلار باش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى
جاڭ فېڭجيۇ (خەنزۇ): قانۇن چىقىرىش مەھكىمىسىنىڭ ئەزاسى
مادانبېك (قىرغىز): قازاق ـ قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتچىسى
كەسپىي ساھە ۋەكىلى ئالتە نەپەر :
مەخسۇت تېيىپوف: ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى
ئامىنە (ئايال): ئۆلكىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى
زىيا سەمەدى: ئۈرۈمچى ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
كېرىم ھاجى (خۇيزۇ): دىنىي زات
ئابلەھەت مەخسۇم: سودىگەر
مەي خۇەنشىن (ئەرتوغرۇل، مەسئۇتنىڭ ئوغلى): ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت سەھىيە باشقارمىسىدىن
ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل ئۈچ نەپەر :
ۋۇ جىڭبىن (ئايال): خېجىڭ موگغۇللىرىنىڭ باشلىقى
چۆجاپ (ئايال): قوبۇقسار موگغۇللىرىنىڭ باشلىقى
لادىنابىد: قوبۇقسار داغۇرلىرىدىن
گومىنداڭ ۋەكىلى ئۈچ نەپەر :
جاڭ جىجۇڭ (خەنزۇ): غەربىي شىمال مەھكىمە مۇدىرى،

قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى
مەسئۇت: گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى مۇپەتتىشى
يولۋاس: قومۇل ۋالىيسى

ئەمما، تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋەكىللەر كۆپ قېتىم تەڭشەلدى. داغۇرلار ۋەكىلى لادىنابىد بىلەن قومۇل ۋالىيسى يولۋاس ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇلدى.

بىختەرلىك ۋە باشقا جەھەتتىكى ئامىللارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەپەندىم ئۇزۇندىن بېرى ئۆزى بىللە يۈرگەن شوپۇرى ئابلەھەتنى خىزمەتچى خادىم قاتارىدا بىللە ئېلىپ مېڭىشنى قارار قىلدى. ئابلەھەت ئۇزۇن مۇددەت ئەخمەت ئەپەندىگە شوپۇرلۇق قىلغان، نۇرغۇن قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتكەن، يەنە كېلىپ ئەپەندىمنىڭ يېنىدىكى مۇھاپىزەتچىلىك رولىنىمۇ ئۆتەۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەپەندىم ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئىشىنەتتى ۋە بۇ قېتىم ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ بىللە ئېلىۋالىدىغان بولدى.

بۇ چاغدا مەن تېخى يېڭىلا تۇغۇتلۇق بولغانلىقىم ئۈچۈن، تېنىم بەك ئاجىز ئىدى. ئەپەندىم سەپەرگە چىقماقچى بولۇۋاتقاچقا، كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولۇۋاتاتتى.

مەن يەڭگىشتىن بىر ئاي بۇرۇن، يەنى 1946 ـ يىل 9 ـ ئايدا، ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ خانىمى لۇ سۇشىن، يەنى ئالىيەمۇ ئۈرۈمچىدە تۇنجى بالىسىنى تۇغقانىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف بۇنىڭدىن تولىمۇ سۆيۈنۈپ، دۇنياغا يېڭىلا كۆز ئاچقان ئوغلىغا «ئېلچان» دەپ ئىسىم قويدى. «ئېلچان» ئۇيغۇر تىلىدا «خەلق سۆيەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. روشەنكى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئوغلىغا مۇشۇ ئىسىمنى قويۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خەلققە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەنىدى!

قۇرۇلتاي ۋاقتى كۈندىن ـ كۈنگە يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. يولغا چىقىش ئالدىدا، ئەپەندىم بىز تەرەپ ۋەكىللىرى بىلەن بىزنىڭ تەشەببۇسىمىزنى ھىمايە قىلىدىغان قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ھەمدە ئۈرۈمچىدە قالىدىغان بىز تەرەپ خادىملىرىنى يىغىپ يىغىن ئاچتى. يىغىنىدا ئەپەندىم ھەممەيلەننىڭ ئىدىيەدە بىرلىككە كېلىپ، قەدەمدە بىردەك بولۇش، بولۇپمۇ ئاساسىي قانۇنغا قاراپ چىقىدىغان چاغدا ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىللىك بۇرچىنى ئادا قىلىپ، سالمىقى بار پىكىرلەرنى بايان قىلىش ھەققىدە

كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: گەرچە بىزنىڭ تۇتقان يولىمىز توغرا، ھەققانىي بولسىمۇ، ئەمما ئۇسۇلغا دىققەت قىلمىساق، ئۆز مۇددىئايىمىزنى ئالغا سۈرەلمەيمىز. بۇ — ئاچقۇچلۇق مەسىلە. بىزنىڭ نىشانىمىز ئالىي مۇختارىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش، «مىللىي قۇرۇلتاي»دا ئۆز پىكرىمىزنى تولۇق بايان قىلىش. ئاساسىي قانۇنغا قاراپ چىقىدىغان چاغدا، ئەگەر «چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مىللىي مۇختارىيەت يولغا قويۇش ھوقۇقىغا ئىگە» دېگەن مۇشۇ ماددىنى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزەلىسەك، ئۇ چاغدا بىز «خەلق ۋەكىلى» دېگەن بۇ ئالىي شەرەپكە مۇناسىپ ئىش قىلغان بولىمىز. بىراق، بۇ مەسىلىنىڭ ھەل بولۇش ـ بولماسلىقى يەنىلا قۇرۇلتاينىڭ كۇنتەرتىپىگە ھەمدە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەرگە قوللانغان سىياسىتىگە باغلىق. ئەلۋەتتە، بىز بىلەن تەقدىرداش بولغان، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەر مىللەت ۋەكىللىرى بىلەن ئورتاق پىكىر ھاسىل قىلىپ، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تولۇق ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ تەشەببۇسلىرىنى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى باشقا ئەھۋاللارنى ئىچكىرىلەپ ئىگىلىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاشنى بىلىشى، شەخسىي ئەخلاققا دىققەت قىلىشى، باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىدە ئۆزىنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەپەندىم ئۈرۈمچىدە قالىدىغان خادىملارغا مۇھىم يوليورۇق بەردى. كۆپچىلىكتىن ئۈرۈمچىدە كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشنى، تاكتىكىغا ئەھمىيەت بېرىشنى، ئاخىرغىچە قەتئىي چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

يولغا چىقىدىغان ۋاقىت يېقىنلىشىپ قېلىۋاتاتتى. ئەپەندىم جىددىي يوسۇندا سەپەرگە ئاتلىنىش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ پۈتۈن شىنجاڭغا ئائىت، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەتكە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى كېچىچە رەتلەيتتى. مەن بولسام قىرىقى ئىچىدە. ئادىتىم بويىچە ئەخمەتجانغا ياردەملىشىپ، ئېلىۋېلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى تەييارلىشىپ بېرەتتىم. ئەپەندىم بەزىبىر مەخپىي ماتېرىياللارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تۈرگە ئايرىيتتى. مەن ئۇنىڭ بۇ ماتېرىياللارنى ئېلىۋېلىپ نېمە قىلىدىغانلىقىنى سورىغانىدىم، ئۇ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، ئالدىرىماي گەپ ئاچتى: «مەن



ئەخمەتجان قاتارلىقلار «مىللىي قۇرۇلتاي»غا قاتنىشىش سەپىرىدە لەنجۇدىن ئۆتكەندە چۈشكەن خاتىرە سۈرەت. سولدىن بىرىنچىسى يۇ يىلىن، ئىككىنچىسى تاۋ سىيۈ، ئوڭدىن ئىككىنچىسى ئەخمەتجان، بىرىنچىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوف.



بۇنى سىزگە دېمىسەممۇ بولاتتى، ئەمما كۆرۈپ قالدىڭىز. ھازىر پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەممە پارتىيە ـ گۇرۇھلار بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇرىدۇ. جۇڭگو كومپارتىيەسىمۇ ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇشى مۇمكىن. بىز ئامال قىلىپ ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلايمىز. بۇ ئىنتايىن مەخپىي ئىش، ھەرقانداق ئادەمگە ئېيتسىڭىز بولمايدۇ. مەن كەتكەندىن كېيىن بالىغا ئوبدان قاراڭ، ئەمما مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىلەرگە تەھدىت سالىدىغانلارنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. بىراق سىز ھەرگىز قورقماڭ، خەلق سىزنى قوغدايدۇ!»

ئەپەندىمنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا، شوپۇر ئابلەھەت كىرىپ كەلدى. ئەپەندىم بايىقى ماتېرىيال قاچىلىغان قارا خۇرۇم سومكىنى ئابلەھەتكە تۇتقۇزۇپ، تەمكىنلىك بىلەن كەسكىن ئاھاڭدا: «ئېسىڭىزدە بولسۇن، كاللاڭ كەتسىمۇ بۇ ماتېرىياللارنى چىڭ ساقلا» دەپ تاپىلىدى. ئەسلىدە ئەپەندىم بۇ ماتېرىياللارنى جۇڭگو كومپارتىيەسى ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتى بولۇپ قالسا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئېلىۋالماقچى بولغانىدى.

شىنجاڭ ۋەكىللىرى ۋە خىزمەتچى خادىملار ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ ۋە 11 ـ كۈنلىرى ئايرىم ـئايرىم ئىككى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ نەنجىڭگە قاراپ ئۇچتى.

1946 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 دا، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، زىيا سەمەدى، كېرىم ھاجى، خەمىت سۇلتان، ئەنۋەر سالىجان، مەخسۇت تېيىپوف، ئابلەھەت مەخسۇم قاتارلىق ۋەكىللەر ۋە شوپۇر ئابلەھەت ئىككىنچى تۈركۈمدە نەنجىڭگە قاراپ ئۇچتى.

مەن تۇغۇتلۇق بولغاچقا، ئەپەندىمنى ئۇزاتقىلى ئايرودۇرۇمغىمۇ چىقالمىدىم. بىراق ئۇ نەنجىڭگە، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، بىۋاستە جياڭ جيېشىنىڭ ئالدىغا كېتىۋاتىدۇ. مېنىڭ كۆڭلۈم تەشۋىش ئىچىدە، كاللامنى ئۇ ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا گومىنداڭنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىشى مۇمكىن دېگەن بىر ئەندىشە چىرمىۋالغان. ئۇ گومىنداڭنىڭ پايتەختىدىن ساق ـ سالامەت قايتىپ كېلەلەمدۇ، يوق، كۆڭلۈمدە بۇ بىر تېپىشماق ئىدى. بىراق ماڭا شۇنىسى ئايان، مەيلى ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھېچكىم ئەپەندىمنىڭ قەدىمىنى توسۇۋالالمايدۇ. ئەمما مەن خاتىرجەم بولالماي، يەنىلا شوپۇر ئابلەھەتكە قايتا ـ قايتا جېكىلەيتتىم. ئۇ ھازىر مۇھاپىزەتچى ـ دە، ئەپەندىمگە ھەمراھ بولۇپ نەنجىڭگە بارىدۇ. ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئابلەھەتكە: «ئاكاڭنىڭ يېنىدىن ئايرىلما، ئاكاڭنىڭ بىخەتەرلىكى ساڭىلا باغلىق» دېدىم، ئۇنىڭدىن باشقا گەپ ئاغزىمغا كەلمەيتتى.

يەر ـ جاھان ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان، ئاچچىق سوغۇق جاندىن ئۆتىدىغان شۇ كۈنى مەن جايىمدا تۇرۇپ ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئارقىسىدىن تەلمۈرۈپ قارىغىنىمچە تەشۋىشكە پاتقان ھالدا ئۇرۇمچىدە قالدىم.

ئەپەندىملەر ئولتۇرغان ئايروپىلان ئۇرۇمچىدىن ئۇچۇپ، قومۇلغا چۈشۈپتۇ. بۇ يەردە يېرىم سائەت توختاپ، جيۇچۈەنگە بېرىپ بىر كېچە قونۇپتۇ. ئىككىنچى كۈنى، يەنى 12 ـ چېسلا لەنجۇغا يېتىپ بېرىپتۇ.

لەنجۇغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە قاتارلىق پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەرگەنلىكتىن، ۋەكىللەر قۇرۇلتاينىڭ يەنە كېچىكتۈرۈپ ئېچىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەپەندىم لەنجۇدا تۆت كۈن تۇرۇپ قاپتۇ.

جياڭ جيېشىنىڭ جاكارلىشىغا ئاساسلانغاندا، «مىللىي قۇرۇلتاي» 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئېچىلىشى كېرەك ئىدى. بىراق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيەسىگە ئىزچىل تۈردە توسالغۇلارنى پەيدا قىلىشى جۇڭگو كومپارتىيەسى ۋە باشقا دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپتۇ. مۇشۇنداق جېدەل ـ ماجىرالار سەۋەبىدىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «قۇرۇلتاي»نى ئۈچ كۈن كېچىكتۈرۈپ، 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئېچىشنى جاكارلاپتۇ. لېكىن ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ يەنىلا تۈگىمەپتۇ. كومپارتىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پەيدا قىلغان قاتمۇقات توسالغۇلار تۈپەيلىدىن قۇرۇلتايغا قاتناشماسلىقنى قارار قىپتۇ. ئەپەندىم كومپارتىيەنىڭ قۇرۇلتايدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا ھېچقانداق ئەمەلىي نەتىجە ھاسىل بولمايدىغانلىقىنى قىياس قىلىپ بوپتۇ. قۇرۇلتاي بىز ئۈمىد قىلغاندەك ئېچىلمايدىكەن دەپ قاراپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەپەندىم پوزىتسىيەسىنى دەرھال ئۆزگەرتىپ، ۋاقىتنى قەستەن كېچىكتۈرۈپ، باھانە تېپىپ لەنجۇدا تۇرۇۋاپتۇ.

بىر كۈنى ئاخشىمى ئەپەندىم كوچىغا چىقىپ سەيلە قىلىۋاتقاندا، بىر رىكشىچىنى ئۇچرىتىپتۇ. رىكشىچى ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ نەگە بارىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. ئەپەندىم ئەجەبلىنىپ، رىكشىنىڭ چاقى ۋە ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى تۇتۇپ كۆرگەندىن كېيىن، رىكشىچىنىڭ دولىسىغا قېقىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى، تۇرمۇشىنى ۋە كۈندىلىك كىرىم ئەھۋالىنى سوراپتۇ، ئاندىن رىكشىچىگە: «بىز شىنجاڭدىن كەلدۇق، سىزگە ئوخشاشلا كەمبەغەللەردىنمىز. بىز بۇنداق ئادەم ئېشەكنىڭ ئورنىدا سۆرەيدىغان رىكشىغا ئولتۇرالمايمىز. قارىغاندا سىز ئىلاجىنىڭ يوقىدىن رىكشا سۆرەۋاتقاندەك تۇرىسىز» دەپتۇ ـ دە، يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ، ئاندىن رىكشىچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ ۋە: «بۇ بىزنىڭ ئاز بولسىمۇ كۆڭلىمىز» دەپتۇ، ئاندىن رىكشىچىنى رىكشىسىغا چىقىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. رىكشىچى ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي بىردەم تۇرۇپ قاپتۇ ـ دە، بۇ ناتونۇش ئادەمنىڭ تەلىپى بويىچە ئەجەبلەنگەن ھالدا رىكشىغا چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەپەندىم رىكشىنى سۆرەپ بىرنەچچە ئايلىنىپ چىقىپتۇ. بۇ ئەخمەتجاننىڭ ئادەمنىڭ رىكشا سۆرىگىنىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى بولۇپ، ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئات ـ ئېشەك ئورنىدا ئىشلەپ تارتقان جاپاسىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقماقچى بولغانىكەن.

قۇرۇلتايغا كەلسەك، 1946 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى نەنجىڭ ـ دە «داغدۇغىلىق» ئېچىلىپتۇ.

جياڭ جيېشى قۇرۇلتايىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپتۇ، ۋۇ جىڭخېڭ بارلىق ۋەكىللەرگە باشلامچىلىق قىلىپ قەسەمياد قىپتۇ. قەسەمنامە تۆۋەندىكىچە:

> پېقىر XXX سەممىي ـ ساداقەتلىك بىلەن جۇڭخۇا مىنگو خەلقىگە ۋەكىل بولدۇم، جۇڭخۇا مىنگونىڭ قۇرغۇچىسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ۋەسىيتىگە ئەمەل قىلىپ، قانۇن بويىچە هوقۇق يۈرگۈزىمەن ۋە مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ھەممە تەرتىپىگە رىئايە قىلىمەن دەپ قەسەمياد قىلدىم.

ۋەكىللەر قەسەم بېرىپ بولغاندىن كېيىن، قەسەمنامىگە ئىمزا قويۇپتۇ.

بۇ چاغدا گەرچە قۇرۇلتاي نەنجىڭدە باشلىنىپ بولغان بولسىمۇ، ئەپەندىملەر يەنىلا لەنجۇدا ئىكەن. غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىدىكىلەرنىڭ قايتا ـ قايتا خىزمەت ئىشلىشى ئارقىسىدا، ئەپەندىم ئولتۇرغان ئايروپىلان 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى لەنجۇدىن ئۇچۇپ، خەنكۇدا قىسقا ۋاقىت توختىغاندىن كېيىن، شاڭخەيگە يېتىپ بېرىپتۇ. شاڭخەيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئايرودرومغا چىقىپ كۈتۈۋاپتۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەپەندىمنىڭ «توپىلاڭ كۆتۈرگەن رايون» ۋەكىللىرىنى باشلاپ قۇرۇلتايغا قاتنىشىش ئۈچۈن نەنجىڭگە كېلىۋاتقانلىقىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپتۇ ۋە ئالىي «ئېھتىرام» بىلدۈرۈپتۇ. ئاڭلىشىمىزچە، ئەينى چاغدا گومىنداڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەرەققىيپەرۋەرلەر بىلەن قاتتىق قوللار ئوتتۇرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار بولغانىكەن. ئەمما جياڭ جيېشى «يۇمشاق ۋاستە بىلەن بېقىندۇرۇش» سىياستى قوللىنىش توغرىسىدا بىۋاستە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، توپىلاڭ كۆتۈرگەن رايوندىن كەلگەن شىنجاڭ ۋەكىللىرىنى «ياخشى كۈتۈۋېلىش»نى ئورۇنلاشتۇرغانىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى قەيەرگىلا بارسا، شۇ جاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ «دوستانە كۈتۈۋېلىش»ىغا مۇيەسسەر بولغانىكەن.

شاڭخەيدىكى مەزگىلدە، ئەپەندىم يەنىلا پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتۇپ،

ئېكسكۇرسىيە ۋە ساياھەت قىلىش نامى بىلەن بەش كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. ئەپەندىم ئابدۇكېرىم ئاباسوفنىڭ تەرجىمانلىقىدا ئۇ يەر - بۇ يەرنى كۆرگەچ، ئۇنىڭ بىلەن مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىدكەن. ئۇلار يەنە چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شەرقىي دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزىنى ئېكسكۇرسىيە قىپتۇ، كېمىگە ئولتۇرۇپ سەيلە - ساياھەت قىپتۇ.

بىر كۈنى ئەپەندىم دەريانىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزىدا نۇرغۇن كونا كېمىلەرنىڭ توختاقلىق تۇرغانلىقىنى، كېمىلەردە بېلىقچىلارنىڭ بالىچاقىلىرى بىلەن بىرگە ھايات كەچۈرىدىغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئەپەندىم بىر كونىراپ كەتكەن كېمىگە چىقىپتۇ ۋە بېلىقچىدىن تاپقان پۇلىنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىگە يېتىدىغان - يەتمەيدىغانلىقىنى سوراپتۇ. بېلىقچى بۇ ناتونۇش ئادەمنىڭ چىراي - تۇرقى، گەپ - سۆزىنىڭ ئۆزلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ:

«كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بىز دېگەن بېلىقچى، مۇشۇ كېمىلەرگە تايىنىپ بېلىق تۇتۇپ جان باقىمىز، بەزى كۈنلىرى ئاندا - ساندا سىلەردەك ساياھەتچىلەر كېلىپ قالسا، دېڭىزدا سەيلە قىلدۇرۇپ، ئانچە - مۇنچە پۇل تاپىمىز. بۇ كېمە بىز بېلىقچىلارنىڭ ئۆيى، مانا بۇلار بىز تاماق ئېتىدىغان قازان - قومۇچىمىز، يوتقان - كۆرپىلىرىمىز» دەپ، ئەپەندىمگە قىزغىنلىق بىلەن كېمىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن تارتىپ ھەممە يەرنى كۆرسىتىپتۇ.

بۇ نامرات بېلىقچىلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئەپەندىمنىڭ ئىچى سىيرىلىپتۇ، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىپتۇ، ھال - ئەھۋالىنى سوراپ، ئازراق پۇلمۇ بېرىپتۇ، ئاندىن بېلىقچىلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈپتۇ.

شاڭخەيدىكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كەچقۇرۇنلۇقى ئەخمەت ئەپەندىم، ئابدۇكېرىم ئاباسوف، زىيا سەمەدى بىرقانچىسى «ئاسىيا - ئافرىقا» كوچىسىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىر ياۋروپاچە رېستوراننىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. رېستورانغا كىرسە، بىرەيلەن پىيانىنو چېلىۋاتقان، بىر قىز بىلەن بىر يىگىت پىيانىنوغا تەڭكەش قىلىپ بالېت ئويناۋاتقانىكەن. ئۇلار ئەمدىلا ئولتۇرۇپ تاماق بۇيرۇتۇپ تۇرۇشىغا، نېمىشقىدۇر توساتتىن بالېتچىلار بىلەن پىيانىنوچى جېدەللىشىپ قاپتۇ. ئەپەندىم بېرىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپ، بۇنىڭ پۇل جېدىلى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئەسلىدە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا «بالېتچىلار پىيانىنوچىغا ھەق تۆلەيدۇ» دېگەن

كېلىشىم بار ئىكەن. لېكىن بۇگۈن بالىپتچىلارنىڭ يېنىدا پۇل بولمى-غاچقا، كېلەر قېتىمدا بېرەيلى دېسە، پىيانىنوچى ئۇنىمىغانىكەن. شۇ سەۋەبتىن جېدەللىشىپ قاپتۇ. ئەپەندىم بۇنى ئاڭلاپ ئۇلارنى بىرگە تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىپتۇ. بالىپتچىلار ئەپەندىمگە: «بىز بالىپت ئويناپ جان باقىمىز. بىز بۇ پىيانىنوچى بىلەن بىللە بىرلىق بىلەن سۇدەك مۇناسىۋەتتە. ئەمما بۇگۈن كىرىم قىلالمىغاچقا، پىيانىنوچىنىڭ ھەققىنى بېرەلمە-دۇق. ئەھۋالىمىزنى بىلىپ تۇرۇقلۇق سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا خىجىل قى-لىۋاتقىنىنى قاراڭ» دەپ ئاغرىنىپتۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم بۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىپ، يېنىدىن پۇل چىقىرىپ پىيانىنوچىغا بېرىپتۇ ـ دە، سەمىمىيلىك بىلەن نەسىھەت قىلىپ: «سىلەر بىر كەسىپداش ئىكەنسىلەر، ئۆز ئەمگىكىڭلارغا تايىنىپ كۈنۈڭلارنى ئالدىكەنسىلەر. شۇڭا بىر ـ بىرىڭلارنى چۈشىنىپ، قوللاپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇشۇڭلار كېرەك» دەپتۇ.

سەنئەتكارلار ئىنتايىن تەسىرلىنىپ، موھتاجلىقتا ياردەم قىلغان بۇ كىشىگە قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتىپ: «سىلى ھەقىقەتەن ئوبدان ئادەم ئىكەنلا، سىلىدەك ئاق كۆڭۈل ئادەمنى بىز ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان. بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم سىلى دېگەندەك قىلىمىز» دېيىشىپتۇ.



ئەپەندىم شاڭخەيدىكى مەزگىلدە جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ نەنجىڭ-دىكى ئىش باشقارمىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان يولداش جوۋ ئېنلەينىڭ 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن «مىللىي قۇرۇلتاي»دىن چېكىنىپ چىققانلىقى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلىپ، 17 ـ چېسلا يەنئەنگە قايتىپ كەتكەنلىكى ۋە يولداش دۇڭ بىۋۇنىڭ داۋاملىق قېپقالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلى-غاندىن كېيىن ئەپەندىمنىڭ پوزىتسىيەسى تېخىمۇ سۇسلىشىپ، نەنجىڭ-گە يولغا چىقىش ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈپتۇ. شاڭخەيدە تۇرغان بەش كۈن جەريانىدا، گومىنداڭ پارتىيە ـ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئەخمەت ئەپەندىم باشچىلىقىدىكى چېگرا رايوندىن كەلگەن ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى-گە، بولۇپمۇ «توپىلاڭ كۆتۈرگەن» رايوندىن كەلگەن ۋەكىللەرگە نۇرغۇن يەرلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇپتۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەر-

لىكىدىكى شاڭخەي شەھىرىنىڭ «ئاۋات مەنزىرىسى» نى كۆرسىتىپتۇ.
ئەينى چاغدىكى جۇڭگو بويىچە ئەڭ ئېگىز ئىمارەتنىڭ ئۆگزىسىگە باشلاپ
چىقىپ، پۈتۈن شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇرۇپتۇ. ئەپەندىم يەنە
بىر قىسىم ۋەكىللەرنى باشلاپ خاڭجۇ، سۇجۇ، ۋۇسۇڭكۇ قاتارلىق
جايلارنى ساياھەت قىپتۇ، ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللار ئۇلارنىڭ پائالى-
يىتى ھەققىدە ۋاقتى - ۋاقتىدا خەۋەر بېرىپ تۇرۇپتۇ.

11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى گومىنداڭ شاڭخەي شەھەرلىك پىرقىسى
زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئەخمەت ئەپەندىملەرنى كۈتۈۋاپتۇ. شەھەرلىك پىرقە
مۇدىر ھەيئىتى فاڭ شىكۇڭنىڭ ساھىبخانلىقىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ زىيا-
پەتكە «ئۈچ مەسلەكچى ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ باشلىقى ۋۇ شاۋشۇ قاتار-
لىق بىر مۇنچە ئالىي ئەمەلدارلارمۇ داخىل بوپتۇ.

«داگۇڭباۋ گېزىتى» نىڭ 1946 - يىل 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدى-
كى سانىدا تۆۋەندىكى خەۋەر سۈرەت بىلەن قوشۇپ ئېلان قىلىنغان:

## فاڭ شىكۇڭ، ۋۇ شاۋشۇلار تۈنۈگۈن شىنجاڭلىق مىللىي قۇرۇل- تاي ۋەكىللىرىگە زىياپەت بەردى



شەھەرلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ مۇدىر ھەيئىتى فاڭ شىكۇڭ،
«ئۈچ مەسلەكچى ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ باش ئەمەلدارى ۋۇ
شاۋشۇلار تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت 7 دە، ھەربىلەر
دوستلۇق كۇلۇبىدا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، يېقىندا شاڭخەيگە
كەلگەن شىنجاڭلىق مىللىي قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنى كۈتۈۋالدى.
شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى، مۇ-
ئاۋىن باش كاتىپى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ھەمدە ۋەكىللەردىن
خادىۋاڭ، ئەنۋەر سالىجان، زەكىيخان، خەمىت سۇلتان قاتارلىق
*18* ئادەم زىياپەتكە قاتناشتى. شەھەرلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ ھەي-
ئەتلىرى، «ئۈچ مەسلەكچى ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ خادىملىرى-
مۇ تەكلىپ بىلەن ھەمراھ بولدى. زىياپەت ئارىلىقىدا مۇدىر فاڭ
شىكۇڭ تەبرىك سۆزى قىلدى. بۇ سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى تۆ-
ۋەندىكىچە:

بۈگۈن بىز كۆڭۈللۈك كەيپىيات ئىچىدە شىنجاڭلىق مىللىي قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنى كۈتۈۋالدۇق، بۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور. جۇڭگونىڭ ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، گومىنداڭ پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەقىقىي ئۈچ مەسلەكلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش نىشانى ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇرماقتا. ھۆكۈمەت ھەقىقىي دېموكراتىك سىياسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھاكىمىيەتنى خەلققە قايتۇرۇش ئىرادىسىگە كەلدى، شىنجاڭلىق قېرىنداشلارنىڭ بۇ قېتىم ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، مىللىي قۇرۇلتايغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەنلىكى دەل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ سەممىي ئىتتىپاقلاشقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق ھالدا ئۈچ مەسلەكلىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇپ چىقالايدۇ.

تەبرىك سۆزىدە، ئۇ يەنە شىنجاڭلىق قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىدىن ئىچكى جايلاردىكى خەلقنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە بولغان قىزغىن سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۈمىد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداشلارنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك زىچ ئىتتىپاقلىشىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئارقىدىنلا «ئۈچ مەسلەكچى ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ باشلىقى ۋۇ شاۋشۇمۇ ساۋ جۇشىغا ۋاكالىتەن تەبرىك سۆزى قىلدى. ئۇ ۋەكىللەرنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە قارىماي، ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ، قۇرۇلتايغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئارقىدىنلا ئۇلار ئەخمەتجان ئەپەندىنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. ئەخمەتجان ئەپەندى مۇنداق دېدى: «سۇن جۇڭشەن ئەپەندى جۇڭخۇا مىنگونى قۇرغاندىن كېيىن، شىنجاڭ خەلقى ئىچكى جايلاردىكى قېرىنداشلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى چوڭقۇر چۈشەندى. مەركىزىي ھۆكۈمەتمۇ شىنجاڭ خەلقىگە زور ھېسداشلىق قىلدى. پەقەت يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يەرلىك سىياسەتلەر خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا بىر دېموكراتىك يەرلىك ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىشنى ئارزۇ قىلدى. شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن تەلەپ قىلىدىغىنى پەقەت دۆلەت ئاتىسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ تەلىماتى ۋە سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇشتىن ئىبارەت».



1946 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئەخمەتجان (ئوڭدىن ئىككىنچى) نەنجىڭغا يېتىپ بارغاندا، لى زۇڭرېن (ئوتتۇردىكىسى) قاتارلىق گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ۋوگزالغا كېلىپ كۈتۈۋالدى.

زىياپەت جەريانىدا، ھەربىلەر دوستلۇق كۇلۇبى قىزىقارلىق ئويۇنلارنى كۆرسەتتى. سائەت *9* بولغاندا، مېھمان ۋە ساھىبخانىلار خۇشال كەيپىياتتا تارقىلىشتى.



11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئەتىگەندە، ئەپەندىملەر پويىزغا ئولتۇرۇپ شاڭخەيدىن نەنجىڭگە يېتىپ بېرىپتۇ. گومىنداڭنىڭ ئالىي ئەمەلدارلىرىدىن لى زۇڭرېن قاتارلىقلار پويىز ئىستانسىسىغا چىقىپ ئەپەندىملەرنى كۈتۈۋاپتۇ. شۇ كۈنى سائەت 11 يېرىمدا، جياڭ جيېشى چېگرا رايون ۋەكىللىرىنى يوقلاپتۇ ھەمدە چېگرادىكى «توپىلاڭ كۆتۈرگەن» رايون خەلقى ۋەكىللىرىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئەخمەت ئەپەندىم بېرىم سائەتلىك كۆرۈشۈش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، جياڭ جيېشىغا شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. كۆرۈشۈشتىن كېيىن، جياڭ جيېشى خانىمى سۇڭ مېيلىڭ بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف

قاتارلىق شىنجاڭ ۋەكىللىرىگە زىياپەت بېرىپتۇ. زىياپەتتە جياڭ جيېشى ئەخمەت ئەپەندىمنى ئۆز يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ.

زىياپەتتىن كېيىن، جياڭ جيېشى ئەخمەت ئەپەندىمگە خاتىرە بۇيۇمىنى ھەدىيە قىپتۇ. جياڭ جيېشىنىڭ ھەدىيە قىلغىنى ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن سىياھدان بولۇپ، سىياھدان 20 سانتىمېتىر چوڭلۇقتىكى ئۈچ بۇرجەك دۇخاۋا تەگلىك ئۈستىگە ئورنىتىلغان، يېنىغا بىر دانە قەلەم قويۇلغانىدى. تەگلىك ئاستىغا ئىنگلىزچە مۇنۇ خەتلەر يېزىلغانىدى:

MFG. BYBERT M. MORRIS.CO. LOSANGELES
MADE IN USA



«مىللىي قۇرۇلتاي» مەزگىلىدە، جياڭ جيېشى بىلەن خانىمى زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ئەخمەتجان قاتارلىق شىنجاڭ ۋەكىللىرىنى كۈتۈۋالدى. سۈرەتتە: زىياپەتتىن بىر كۆرۈنۈش. ئوڭ تەرەپتىكىسى جياڭ جيېشى، ئوتتۇرىدىكىسى ئەخمەتجان، سولدىكىسى ئابدۇكېرىم ئاباسوف.

ۋاھالەنكى، ئۇزۇن يىللار، نۇرغۇن ئەگرى ـ توقايلىقلار جەريانىدا بۇ سىياھداننىڭ ئاغزى بىلەن قەلىمى يوقاپ كەتتى، ئەمما تەگلىكى بىلەن سىياھداننى تا ھازىرغا قەدەر ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن جياڭ جىڭگو بىلەن گومىنداڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بەي چۇڭشى ئەخمەتجان ئەپەندىم بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ. بۇ كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھۆرمەت ـ ئىھتىراملار

ئىدى. بۇنىڭدىن جاڭ بۇجاڭنىڭ ئەخمەت ئەپەندىمنى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى ھالقىلىق شەخس دەپ تونۇشتۇرغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇشۇنداق يۇقىرى ئۆلچەملىك ئىززەت - ئىكراملارنى ياغدۇرۇشتىكى مەقسىتى ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭ ۋەكىللىرىگە، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت «توپىلاڭ كۆتۈرگەن» رايون خەلقى ۋەكىللىرىگە قارىتا نەقەدەر «ئادىل» مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىدى، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى ئۆتمۈشتىكى زۇلۇمنى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ھازىرقى شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، دېمەكچى ئىدى.

قۇرۇلتاي 48 ئادەمدىن تەركىب تاپقان ھەيئەت رىياسەتنى سايلاپ چىقتى. جياڭ جيېشى، سۇڭ زىۋېن، چېن چېڭ، سۇن كې قاتارلىق گومىنداڭنىڭ چوڭ ئەمەلدارلىرى ھەيئەت رىياسەتنىڭ ئەزاسى بولدى، ئەخمەت ئەپەندىممۇ ھەيئەت رىياسەتنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

ئەخمەت ئەپەندىمنى ھەيئەت رىياسەتكە كىرگۈزۈش مەسىلىسىدە، بەزىلەر خېلى قۇتراپمۇ بېقىپتۇ. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئىچكى





ئەخمەتجان قاتارلىقلار نەنجىڭدىكى «مىللىي قۇرۇلتاي» داۋامىدا، گومىنداڭ ئۈچ خىل ئارمىيەسى ئۆتكۈزگەن مانېۋىرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە چۈشكەن سۈرەت. ئوڭدىن ئۈچىنچى كىشى يۇ يۇرېن، سولدىن ئۈچىنچىسى ئەخمەتجان.

قىسمىدىمۇ كۆپ تالاش - تارتىشلار بوپتۇ. شىنجاڭ ۋەكىللىرى ئىچىدىكى بىر قىسىم ئۆكتىچىلەر مەسئۇت سەبرى ياكى خادىۋاڭنى ھەيئەت رىياستىنىڭ نامزاتلىقىغا كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما كۆپ ساندىكى ۋەكىللەر ئەپەندىمنى قوللاپ قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياستىنىڭ نامزاتلىقىغا كۆرسەتكەن. ئاخىرىدا ئەخمەت ئەپەندىم كۆپ ئاۋازغا ئېرىشىپ، ھەيئەت رىياستىگە كۆرسىتىلگەن.

1946 - يىل 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «مىللىي قۇرۇلتاي» ئۇچىنچى قېتىم ئومۇمىي يىغىن ئاچتى. ئەپەندىم رەئىس ھەيئەتلىكى 1 - گۇرۇپپىسىنىڭ شۇ كۈندىكى ئىجرائىيە رەئىسى بولغان ئۈچ نەپەر رىياسەتچىنىڭ بىرى سۈپىتىدە رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى. ئەمما يىغىنىنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ ئەمەس ئىدى. ئاتالمىش قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئىچىدە جىياڭ جېيشىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتۈپتۇ. ۋاھالەنكى، كېيىنكى كۈنلەردىمۇ قۇرۇلتاي يەنىلا چۇقان - سۈرەن، قالايمىقانچىلىق ئىچىدە داۋاملىشىپتۇ.

11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، يەكشەنبە، نەنجىڭ «داگاڭ گېزىتى» دە تۆۋەندىكى ئىككى خەۋەر ئېلان قىلىنغان:

> قۇرۇلتاي كاتىبات باشقارمىسى دوكلات قىلىپ بولغاندىن كېيىن، باش كاتىپ خۇڭ لەنيۇ بۇگۈنكى *1* - گۇرۇپپا ھەيئەت رىياستىنىڭ رەئىسلىرىنى سەھنىگە چىقىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، قايتا - قايتا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن ئۇلار ئالدىرىماي سەھنىگە چىقتى. بىرىنچى بولۇپ دوكتور خۇ شى چىقتى، ئۇ ئۈچىسىغا ئۇزۇن قارا يەكتەك كىيگەن، پۇتىغا قاتتىق چەملىك قارا بەتىنكە كىيگەن بولۇپ، چوڭ قەدەم تاشلاپ سەھنىگە ماڭغاندا، بەتىنكىسىدىن غىسىلداپ ئاۋاز چىقىپ تۇراتتى، سەھنىگە چىققاندىن كېيىن سولدىن تۆتىنچى ئورۇنغا ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تيەن جيۇڭجىن، خۇاڭ گوچىڭ، كۇڭ شياڭشى، گو جۇڭخۇەي، گۇ جېڭگو، ئەخمەتجان، جۇ يۇڭنېڭ سەھنىگە چىقتى. رەئىسلەر سەھنىگە چىققاندىن كېيىن، يان تەرەپتىكى ئورۇنلاردا ئولتۇردى، ئوتتۇردىكى بىر ئورۇن بوش قالدى. دوك-

تور خۇ شى كۆپچىلىكنى سىغدىلىپ ئولتۇرۇشقا چاقىردى، ئەمما ھەممەيلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ئورنىدىن قوزغالمىدى.

يەنە بىر پارچە خەۋەر تۆۋەندىكىچە:

1 ـ گورۇپپا رەئىسلىرى سەھنىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئورۇن ئالغان رەئىس جياڭ جيېشىغا سالام بەردى. بەزىلەر بېشىنى لىڭشىتىپ سالام بەرسە، بەزىلەر ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ سالام بەردى. رەئىس جياڭ جيېشى سەھنىگە چىققان ھەرقايسى رەئىسلەرگىمۇ بىر ـ بىرلەپ سالام بەردى. شىنجاڭ ۋەكىلى ئەخمەتجان سەھنىگە چىققاندا، رەئىس جياڭ جيېشى تەبەسسۇم بىلەن ئەڭ قىزغىن سالام بەردى.

بۇ گېزىتنىڭ 2 ـ بېتىدىكى «كۆندە بىر خەۋەر» سەھىپىسىدە ئەپەندىمنىڭ يېرىم چۈشكەن رەسمى بىلەن مۇخبىرنىڭ شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى زىيارەت قىلىپ يازغان خەۋىرى بېسىلغانىكەن.



گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىشىنىڭ ئالدىدا، خاتىرجەم بولالماي ئەپەندىمدىن قۇرۇلتايغا تەكلىپ لايىھەلەر سۇنغاندا، ئالىي مۇختارىيەت مەسىلىسىنى تىلغا ئالمىغان بولساڭلار دەپ ئۆتۈنگەنىكەن. ۋاھالەنكى، جياڭ جيېشىنىڭ قولىقىغا شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قۇرۇلتايغا سۇنىدىغان تەكلىپ لايىھەلىرى ئاللىقاچان يېتىپ بارغانىكەن. شۇڭا، جياڭ جيېشىنىڭ ئەخمەت ئەپەندىملەرگە يەنە بىر قېتىم قاتتىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈشى تۇرغانلا گەپ، ئۇنىڭ دەيدىغىنى ناھايىتى ئېنىق: شىنجاڭدىكى سايلام باشقا يەرلەردە بولۇپ باقمىغان، مەن سىلەرگە ئەنە شۇنداق تولۇق دېموكراتىيە بەردىم، يەنە نېمە دېمەكچىسىلەر؟!

بۇنداق جاۋابنىڭ بېرىلىدىغانلىقى ئالىلبۇرۇن ئەپەندىمنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. بىراق، ئەپەندىمنىڭ قۇرۇلتايغا كېلىشتىكى مەقسىتى ناھايىتى ئېنىق، ئۇ بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي ئۆزىمىزنى تەشۋىق قىلىدىغان سەھنە، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قانۇنىي يوسۇندا ئۆزىمىزنىڭ پوزىتسىيە-

سىنى بىۋاسىتە ئىپادىلەيدىغان ئوبدان پۇرسەت، شۇنداقلا بىر قېتىملىق قانۇنلۇق كۆرەش دەپ قارايدىكەن. گەرچە جياڭ جىبىشى ۋە ئۇنىڭ ئالىي ئەمەلدارلىرى ئەپەندىمنىڭ پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇنىڭغا توختىماي بېسىم ئىشلەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئەپەندىم ئۆز پىكرىدىن ۋاز كەچمەي، قورقماس روھ بىلەن قۇرۇلتايدا ئۆز پىكرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويغانىكەن.

ئەپەندىمنىڭ پىكرى ئەينى چاغدا نەشر قىلىنغان «قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى پىكىر خاتىرىسى» نىڭ 10 ـ بېتىگە كىرگۈزۈلگەنىدى.

ئەسلىي تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

## ۋەكىل ئەخمەتجاننىڭ ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنىڭ بىرىنچى بابىغا بەرگەن پىكرى

مەن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ۋەكىلى، ئاساسىي قانۇن لايىھەسىگە قارىتا كونكرېت پىكىر بەرمەكچىمەن. پىكىر بېرىشتىن ئاۋۋال، شىنجاڭ تەرەپنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن. ئىلگىرى تىنچلىقتا قوشۇلغاندۇق، دۆلەتنىڭ بىرلىككە قوشۇلغاندۇق، چوڭقۇر دۆلەت قارىشىغا ئىگە ئىدۇق. ھازىر بولسا شىنجاڭدا نۇرغۇنلىغان تىنچسىزلىق ئەھۋاللىرى يۈز بەردى. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرسىزلىكتىن ئىبارەت. بۇنداق ئەھۋالنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، پۈتۈن دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ، ئوخشاشلا دۆلەتنىڭ قالايمىقانلىشىشىنىڭ تۈگۈنى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، دۆلەت دائىرىسى ئىچىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى مەسىلىسى مەۋجۇت، ئۇيغۇرلارنىڭ باراۋەرلىك مەسىلىسى مەۋجۇت، مانا بۇ شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى.

مەن ئاساسىي قانۇنغا ئازراق تۈزىتىش كىرگۈزۈش پىكرى بېرىمەن، يەنى بىرىنچى بابنىڭ 9 ـ ماددىسىدا ھەرقايسى مىللەتلەر بىردەك باراۋەر دەپ بەلگىلەنگەن، مەن بۇ ماددىنىڭ يېزىق جەھەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپلا قالماستىن، ئەمەلىيەتتە يولغا



ئەخمەتجان (ئوڭدىن ئىككىنچى كىشى) «مىللىي قۇرۇلتاي»نىڭ گۇرۇپپا يىغىنىدا پىكىر بايان قىلماقتا. ئوڭدىن بىرىنچى كىشى شاۋ لىزى ئەپەندى.



قويۇلۇشىنى خالايمەن. دۆلەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى مۇتلەق ئېتىراپ قىلىنىشى شەرت. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، مەن ئون بىرىنچى باب بىلەن ئون ئىككىنچى باب ئوتتۇرىسىدىكى بىر بابنىڭ مىللەتلەر توغرىسىدىكى باب بولۇشىنى، ئۇنىڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى ھەمدە ئاساسىي قانۇندا بەھرىمەن بولىدىغان بارلىق ھوقۇقلىرى بەلگىلىنىشىنى تەشەببۇس قىلىمەن. ۋاقىت چەكلىمىسى بولغاچقا، تەپسىلىي بايان قىلالمىدىم، پەقەت مۇشۇ كونكرېت پىكرىنىلا ئوتتۇرىغا قويدۇم.

يولداش جوۋ ئېنلەي جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ قۇرۇلتايغا قاتناشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بايانات ئېلان قىلدى. بۇ ۋەقە جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەبىتلىك سىياسىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش



ئەخمەتجان بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ 1946 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى نەنـ
جىڭدە چۈشكەن سۈرىتى.



بولمىغانلىقىنى، مۇستەبىتلەردىن ھېچقانداق ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىپادىلىگەنىدى. ئەپەندىم ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ قۇرۇلتايغا قاتنىششىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە «مۇختارىيەت» توغرىسىدىكى تەلەپنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەپەندىم قۇرۇلتايغا پاسسىپ مۇئامىلىدە بولۇپ، قۇرۇلتاي كۈنتەرتىپلىرىگە باشتىن ـ ئاخىر پەرۋاسىزلىق پوزىتسىيەسى تۇتتى. بۇ ۋاقىتتا، شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سايلام خىزمىتى نۇرغۇن توسالغۇلارغا ئۇچراۋاتاتتى، جۈملىدىن ئايرىم جايلاردىكى ھەربىي ۋە ساقچىلار ئۆكتەملىك قىلىپ سايلامغا قاتناشقان ئاممىغا ئوق چىقىرىپ نۇرغۇن ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنىدى، سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىدىكى بىز تەرەپ ۋەكىللىرىمۇ نۇرغۇن خېيىم ـ خەتەرلەرگە دۇچ كېلىۋاتاتتى. بۇ خەۋەرلەر ئۈزۈلمەي ئەپەندىمنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى.

قۇرۇلتاي جەريانىدا ئەپەندىم يۇقىرىقى ئەھۋاللار توغرۇلۇق شىنجاڭدىن كەلگەن نۇرغۇن خەت - ئالاقىلەرنى تاپشۇرۇۋاپتۇ، بۇلارنىڭ تولىسى بىز تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن سايلامغا نارازەت قىلىش گۇرۇپپىسىدىكى خادىملاردىن كەلگەنىكەن.

تۆۋەندىكىسى «تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئاقسۇغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلەنگەن ئابلىز مەخسۇمنىڭ ئەخمەتجانغا يازغان خېتى:

هۆرمەتلىك ئەخمەتجان ئەپەندى:

قول ئاستىڭىزدىكى خادىم بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزۈمنىڭ هازىرقى ئەھۋالىنى دوكلات قىلىمەن:

زۇلمەت ۋە زوراۋانلىق قاپلىغانلىق سەۋەبىدىن، پېقىر ھەر ۋاقىت ئۆلۈم تەھدىتىگە ئۇچراۋاتىمەن، ئىستىقبالىمدىن ھېچقانداق ئۈمىدىم قالمىدى. مەن ئاقسۇ خەلقىگە ھەققەتەن يۈز كېلەلمەيمەن.

ئاقسۇنىڭ تۈرمىلىرى ئاددىي پۇقرا ۋە بىگۇناھ خەلق بىلەن لىق تولۇپ كەتتى. تۈخۈمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ (نەشە چەكتى، قىمار ئوينىدى دەپ) خالىغانچە قاماش، تەھدىت سېلىش، قىيىن - قىستاققا ئېلىش، تۈھمەت چاپلاپ جازا ھۆكۈم قىلىش ھەممە يەردە ئەۋج ئالدى. بۇنداق قەبىھ ئەھۋال يالغۇز مۇشۇ زېمىندىلا بولۇپ، باشقا جايدا بولمىسا كېرەك.

بىزنىڭ خەت - ئالاقە قىلىشىمىز تامامەن چەكلەندى. سىرتقا ئەۋەتىلگەن ئادەملىرىمىزنىڭ ھەممىسى تۇتۇلۇپ نەزەربەند قىلىندى. مېنىڭ جىنايىتىم «كومپارتىيە» گە باغلانغان، ئۈچ ۋىلايەت ئوغرىلىرىنىڭ ۋەكىلى، باندىتلارنىڭ باشلىقى دېگەندەك ئىبارەت. مېنىڭ بۇ گۇنكىدەك ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قېلىشىم پۈتۈنلەي ئاشۇ دۈشمەنگە سېتىلىپ، ۋىجدانىنى يوقاتقان جاللات توختامىش (ئاقسۇنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن بولغان مۇئاۋىن ۋالىيسى) نىڭ كاساپىتىدىن بولدى.

ئابدۇرېھىم ئەيسا ئەپەندى (سايلامغا نارازەت قىلىش گۇ-

رۇپپىسىنىڭ باشلىقى — ئاپتور ئىزاھى) ناۋادا ساق - سالامەت قايتىپ بارالىسا، ئەھۋالنى ئەينەن دوكلات قىلىدۇ.

مېنى چوقۇم ۋە قەتئىي يۆتكەپ ئەكېتىڭ. يەنە نۇرغۇن ئەھۋاللار بار، مەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن تولۇق پاش قىلىمەن.

ھازىر مەن ۋە يېنىمدىكى بىرقانچە ئادەم تامامەن نەزەربەند قىلىندۇق، مۇشۇنداقمۇ ئېغىر ناھەقچىلىك بولامدۇ.

ئاقسۇ خەلقى داد - پەرياد قىلماقتا!

ھۆرمەت بىلەن:

ئابلىز مەخسۇم

1946 - يىل 11 - ئاي

يۇقىرىقى خەتتە ئىنكاس قىلىنغاندەك ئەھۋاللار توغرىسىدىكى خەۋەرلەر تىنماي كېلىپ تۇرغاچقا، ئەپەندىم قۇرۇلتايغا قاتنىشىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى، ياخشىسى قايتىپ كېتىپ يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىنىمىز تۈزۈك دەپ قاراپ، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىگە ھازىر ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا قايتماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ ھەم جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىمۇ شىنجاڭغا قايتىشقا دەۋەت قىپتۇ.

جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بولسا ئەخمەت ئەپەندىمگە خىزمەت ئىشلەپ: «قۇرۇلتاي ئاخىرلاشماي تۇرۇپ كېتىپ قالىدىغان بولسىڭىز چاتاق چىقىدۇ، مەن ۋېيبۈەنجاڭ ئالدىدا جاۋاب قىلالماي، يۈزۈمنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالىمەن. ئەڭ ياخشىسى قۇرۇلتاي ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ماڭساق» دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.

گومىنداڭ مەركىزىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئەربابلىرى خۇددى بۇ ئىشنى سەزگەندەك، شىنجاڭ ۋەكىللىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، كەيپىياتنى يۇمشىتىش مۇددىئاسىدا ھەر كۈنى دېگۈدەك زىياپەتلەرگە چاقىرىپ، سوۋغا - سالاملارنى تۇتۇپتۇ، كەينى - كەينىدىن ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. جياڭ جيېشى شەخسەن ئۆزى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا بۇيرۇق بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەخمەت ئەپەندىم قاتارلىقلار بىلەن داۋاملىق ئۇچرى-



گومىنداڭنىڭ باش كاتىپى ۋۇ تيېچېڭ ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلغان. بىرىنچى قاتار ئوڭدىن تۆتىنچى كىشى ئەخمەتجان.

شىپ تۇرۇشىنى تاپىلاپتۇ. بولۇپمۇ شاۋ لىزىنى ئەپەندىم بىلەن كۆپرەك سۆزلىشىپ تۇرۇشقا مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. گومىنداڭ مەمۇرىي پالا-تاسىنىڭ باشلىقى سۇن كې شۇنداقلا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن مەخسۇس شىنجاڭغا بارغان گو-

مىنداڭنىڭ پېشقەدەم ئەربابى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مەخسۇس خادىمى يۇ يۈرېن، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ شىجيې، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى ۋۇ تيېچېڭ قاتارلىقلار ئارقا - ئارقىدىن زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ئەپەندىمنى كۈتۈۋاپتۇ، ھەتتا ئۇلار يەنە بىر - بىرلەپ يوقىتىش چارىسىنى قوللىنىپ، ۋەكىللىرىمىزنى ئىچكى جەھەتتىن پارچىلىماقچى بوپتۇ: گومىنداڭنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بەي چۇڭشى خۇيزۇ مىللىتى ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ بىزنىڭ ۋەكىلىمىز كېرىم ھاجىنى ئايرىم كۈتۈۋالماقچى بوپتۇ. بىر كۈنى بەي چۇڭشى تۇيۇقسىز ئادەم ئەۋەتىپ يالغۇز كېرىم ھاجىنىلا زىياپەتكە تەكلىپ قىپتۇ - دە، ئۆزىنىڭ تەقۋادار مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ، ئۆزىگە قارىتىشقا ئۇرۇنۇپتۇ ھەمدە كېرىم ھاجىنىڭ ئاغزىدىن گەپ ئالماقچى بوپتۇ. كېرىم ھاجى تەكلىپنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئادەم ھاسىراپ - ھۆمۈدىگەن پېتى ئەپەندىمنىڭ ياتىقىغا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كىرىپ ئەھۋالنى دوكلات قىپتۇ ۋە زىياپەتكە بارمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئەپەندىم ھاجىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ، قورقماي زىياپەتكە بېرىپ، گومىنداڭ نېمىنى سورىسا شۇنىڭغا جاۋاب بېرىشنى ئېيتىپتۇ، ھەتتا ئەپەندىمنىڭ شەخسىي ئەھۋالى ھەققىدە سورىسىمۇ، ھېچنېمىنى يوشۇرماستىن جاۋاب بېرىشىنى بۇ سەمىمىي مۆتىۋەرگە ئىللىق يوسۇندا تاپىلاپ: «ھاجىكا، قورقمىسىلا، بېرىۋەرسىلە! سىلى دېمىگەنلىرى بىلەنمۇ ئۇلار مېنى بەش قولدەك بىلىدۇ! سىلى يۈرەكلىك بولۇپ، بىزنىڭ كۈچىمىزنى كۆرسىتىپ قويسىلا!» دەپتۇ.

قۇرۇلتاي جەريانىدا ئەخمەت ئەپەندىم راستتىنلا گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ «جاڭ گۇڭگۇەن» داچىسىغا ئايرىم ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ، گومىنداڭ غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى گېنېرال يۇ يىلىن «كەڭ قورساق» لىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن باشتىن - ئاخىر ئەپەندىمگە «ھەمراھ» بوپتۇ. ئەمەلىيەتتە يۇ يىلىن ئەپەندىمگە چىن دىلىدىن ھەمراھ بولدىمۇ ياكى ئەپەندىمنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىنى نازارەت قىلدىمۇ بۇنىسى ھەممىگە ئايان.

«مىنگو گېزىتى»گە 1946- يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مۇنداق بىر خەۋەر بېسىلغان:

نەنجىڭ 1 ـ چېسلا تېلېگراممىسى: مىللىي قۇرۇلتاينىڭ 6 ـ قېتىملىق يىغىنى 2 ـ چېسلا چۈشتىن ئاۋۋال ۋە چۈشتىن كېيىن بىر كۈن ئېچىلدى. چۈشتىن ئاۋۋال سائەت 10 دىن 12 گىچە ۋەكىل بەي چۇڭشى رىياسەتچىلىك قىلدى؛ چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تىن 6 گىچە ۋەكىل بەي يۈنتى رىياسەتچىلىك قىلدى. ھەيئەت رىياسەتكە 1 ـ گۇرۇپپىدىن جياڭ جۇڭجېڭ (يەنى جياڭ جېيېشى ـــ ت)، خۇ شى، جاڭ ۋەنشېڭ، گۇ جېڭگاڭ، ئەخمەتجان، كۇڭ سۈيگەن، خۇاڭ گوشۇ، دىڭ ۋېيفېن، گو جۇڭخۇەي، تيەن جيۇڭجىن قاتارلىقلار نۆۋەتچى بولدى. بەلگىلەنگەن كۈنتەرتىپ بويىچە، كاتىبات باشقارمىسى تەبرىك تېلېگراممىسى ۋە رۇخسەت سوراش خەت ـ تېلېگراممىلىرىدىن مەلۇمات بەرگەندىن تاشقىرى، مۇھاكىمە قىلىنىدىغان ئىش يەنىلا ئاساسىي قانۇن لايىھەسى توغرىسىدا كەڭ دائىرىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش بولدى. كاتىبات باشقارمىسى ھەرقايسى ۋەكىللەرنىڭ ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنىڭ ھەرقايسى تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىغا قاتنىشىشى توغرىسىدىكى پىكىر ئېلىش ئالاقىلىرىنى تارقاتتى، ۋاقتى 1 ـ چېسلا كەچكە قەدەر.

619

قۇرۇلتاي جەريانىدا ، شىنجاڭ ۋەكىللىرى ئىچىدىكى گومىنداڭ غالچىلىرى شىنجاڭدىكى ھەربىي ۋە ساقچىلارنىڭ سايلامغا قاتناشقان ئاممىغا ئوق چىقىرىپ نۇرغۇن ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىدىن ئېغىز ئاچماي، ئەكسىچە: ئەخمەتجان ئادەم ئەۋەتىپ، تۇركىستان نوغايبايېفنى ئۆلتۈرۈۋەتتى دەپ جار سالدى، ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىپ ئىغۋا تارقاتتى، قۇرۇلتايدىكىلەرنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ جامائەت پىكرى پەيدا قىلىشقا ئۇرۇندى. يەنە كېلىپ «ئىلى توپىلاڭچىلىرى» ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇپلا قالماي، بەلكى تىغ ئۇچىنى پۈتۈن بىر مىللەتكە قاراتتى دەپ داۋراڭ سېلىشتى. ئەپەندىم سالماقلىق بىلەن ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل سەپسەتىلىرىنى پاش قىلدى. جۈملىدىن مەركەزنىڭ شىنجاڭغا تەكشۈرۈش



ئەخمەتجان نەنجىڭدە سۇن كې بىلەن كۆرۈشتى.



گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ ۋەقەنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىقلىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلدى. شۇنداقلا بۇنداق سەپسەتىلەرگە قارىتا قاتتىق رەددىيە بېرىپ:

«... بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ دۈشمىنى خەنزۇ خەلقى ئەمەس، بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ دۈشمىنى ئىستىبدات ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلەر، مۇستەبىت سىياسەتنى ياقلىغۇچىلار، خەلقنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغان ھاكىممۇتلەقچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھىمايىچىلىرى...» دېدى.

گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى يەنە ئىچكى ئۇرۇش مەيدانلىرىدىكى مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، خەلقنى قورقۇتۇش مۇددىئاسىدا، دۆلەت ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇلۇق، ھاۋا ئارمىيەلىرىنى مانېۋىر ئۆتكۈزۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ۋەكىللەرنى مانېۋىرنى كۆرۈشكە مەخسۇس تەشكىللىگەن ۋە مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغان. «مىنگو گېزىتى» نىڭ 1946 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى سانىدا بۇ ئىش مۇنداق خەۋەر قىلىنغان:

## مىللىي قوزغىلىڭ قوراللىق قىسىملىرى، ھاۋا ئارمىيەسى بىرلەشمە ماڭپۇرنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىندى

[شىنشى ئاگېنتلىقى، نەنجىڭ 3 ـ چېسلا تېلېگراممىسى] مىللىي قوزغىلىڭ قوراللىق قىسىملىرى ئۆتكەن يىلى ئۆتكەن ئىشنى قايتا مەملىكەتلىك ھۆكۈمەت دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسىنىڭ قوزغىلىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئالاقىدار دائىرىلەردىن يېڭى قوراللارنىڭ ئىشلىتىلىشى توغرىسىدا ئېكسكۇرسىيە قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى، ئارمىيە دائىرىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق مۇشۇ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شەھەر ئەتراپىدىكى رايونىدىكى «مىڭگۇڭ» ئايرودرومىدا قوزغىلىڭ، ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ بىرلەشمە ماڭپۇرنى ئۆتكۈزۈپ، پايتەختتىكى كېلىپ مىللىي قوزغىلىڭ قوراللىق قىسىملىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى. ماڭپۇرنىڭ «باش نازارەتچى» لىكىنى قوماندان تاڭ ئېنبو ئۈستىگە ئالدى، پىيادە قىسىملار مەكتىپىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە كوماندىرى لىۋ جېنچىڭ قوماندانلىق قىلدى؛ توپچى قىسىملار مەكتىپىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە كوماندىرى جىن جېن نازارەتچى بولدى؛ ماڭپۇرنىڭ ئىشتاب باشلىقلىقىنى شېن جويۇ ئۈستىگە ئالدى. ماڭپۇرغا قاتناشقانلار قوزغىلىڭ ئارمىيەسى، ھاۋا ئارمىيەسى، توپچى قىسىم، ئاتلىق قىسىم، قوزغىلىڭ قىسمى، پاراشوتچى قىسىم، خىمىيەلىك قوراللار قىسمى قاتارلىق قىسىم تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كۆلىمى ئىنتايىن زور، نەنجىڭ ئەتراپىدا تۇرۇۋاتقان دۆلەت ئارمىيەسى ۋە ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ كۈندىكى كاتتا ماڭپۇرغا قاتناشتى. بۇ ماڭپۇردا دۆلەت ئارمىيەسىنىڭ بارلىق يېڭى تىپتىكى قوراللىرى، مەسىلەن، ئوت پۈركۈگۈچ، يىراق مۇساپىلىك زەمبىرەك، يۇقىرى سۈرئەتلىك تانكا، مىنا، ئىس ـ تۈتەك بومبىسى قاتارلىق ھەر خىل يېڭى تىپتىكى قوراللار تولۇق ئىشقا سېلىندى. ماڭپۇر ئاخىرلاشقاندا قوماندان تاڭ ئېنبو ۋەكىللەرنى دالا تامىقى بىلەن كۈتۈۋالدى.

مەزكۇر گېزىتتە دېيىلگىنىدەك، بۇ قېتىمقى ھەربىي مانېۋىر مىللىتىق، پىلىموتلارنىڭ تاتاتلىغان ئاۋازلىرى، توپ - زەمبىرەكلەرنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك گۈمبۈرلەشلىرى، ھاۋادا ئايروپىلانلارنىڭ غۇيۇلداپ ئۇچۇشلىرى ۋە تانكىلارنىڭ ئۇياقتىن - بۇياققا گۈركىرەپ مېڭىشلىرى ئىچىدە «ھەيۋەتلىك» ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. پۈتكۈل مانېۋىر جەريانىدا، يۇ يۇرېن ئەپەندى باشتىن - ئاخىر ئەپەندىمنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي ھەمراھ بوپتۇ.

قۇرۇلتاي مەزگىلىدە خەلقنى كولدۇرلىتىش ۋە ئالداشقا ئادەتلىنىپ قالغان گومىنداڭ تەشۋىقات ۋاستىلىرىمۇ بىكار قالماپتۇ. گومىنداڭ مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى چېڭ سۇيپېي ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بېرىپ «قىزغىن» كۈتۈۋاپتۇ. تۈرلۈك تەشۋىقات، جامائەت پىكرى ۋاستىلىرىمۇ ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر ئارقىلىق ئەپەندىمگە يېقىنلاشماقچى بوپتۇ. بىرمۇنچە مۇخبىرلار ئەپەندىمنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەپەندىم چىرايلىقچە رەت قىلىپ، باشتىن - ئاخىر ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىدىكى خادىملارمۇ زىيارەت قىلىشقا كەلگەنلەرگە ئەخمەتجان ئەپەندىنىڭ ئادەتتە مۇخبىرلار بىلەن كۆرۈشمەيدىغانلىقىنى ھەمدە كەمدىنكەم پىكىر بايان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

1946 - يىل 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، «مىللىي قۇرۇلتاي» ئاخىرلىشىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، ئەپەندىم ئۆز پىكرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن «نەنجىڭ گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ بىر قېتىملىق زىيارىتىنى رەسمىي قوبۇل قىلىپ، مۇخبىر ئوتتۇرىغا قويغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىپتۇ. «نەنجىڭ گېزىتى» دە مۇخبىرنىڭ زىيارەت خاتىرىسى تۆۋەندىكىدەك ئېلان قىلىنغان:

## شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان

شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق باشقارمىسىدىكى خادىملارنىڭ ئېيتىشىچە، ئەخمەتجان ئەپەندى مۇخبىرلارنى ئىنتايىن ئاز كۈتۈۋالىدىكەن ھەمدە ناھايىتى ئاز سۆزلەيدىكەن.

مەن 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 8 يېرىمدا پۈتۈشكەن ۋاقىت بويىچە ئىش باشقارمىسىغا بېرىپ، قوبۇلخانىدا يېرىم سائەت ساقلىدىم، خىزمەتچىلەر مېنى ئارقا بىنادىكى ئۇنىڭ ياتاقخانىسىغا باشلاپ باردى، مۇئاۋىن باش كاتىپ ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ تەرجىمانلىق قىلىشى بىلەن، 50 مىنۇت سۆھبەتلەشتىم. سۆھبەتتىكى سوئال ـ جاۋاب تۆۋەندىكىچە:

1 ـ سوئال: ئەخمەتجان ئەپەندى، سىز شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۆلكىگىلەردە رەئىس بىلەن مۇئاۋىن رەئىسنىڭ خىزمەت ھوقۇقى قانداق ئايرىلغان؟ ئىككىڭلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق دەرىجىسى قانداق؟

جاۋاب: مەن ۋەزىپىگە ئولتۇرغىلى ئاران تۆت ئاي بولدى، بۇ قېتىم نەنجىڭگە كېلىشتىن بۇرۇن خىزمەت ھوقۇقى تەقسىماتى ھەققىدە سۆزلىشىشنى باشلىغانىدۇق. بۇنىڭدىكى پرىنسىپ مۇنداق: ① رەئىس بولغۇچى دىپلوماتىيە، ھەربىي ئىشلار ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە مەسئۇل؛ ② مۇئاۋىن رەئىس مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە نورمال ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ، مالىيە ـ ئىقتىسادنى دېسەك ئىككىيلەن بىرلىكتە بىر تەرەپ قىلىمىز. بۇنداق تەقسىمات پەقەت پرىنسىپال جەھەتتىكى تەقسىمات، ئەمەلىيەتتە بىز ھەممە مەسىلىلەردە ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىمىز، مائارىپقا ئائىت مەسىلىلەرمۇ شۇنداق. مېنىڭ رەئىس جاڭ جىجۇڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ناھايىتى ياخشى.

2 ـ سوئال: سىز ئۆزىڭىزنىڭ سىياسىي بىلەن شۇغۇللىنىش تەجرىبىڭىزنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

جاۋاب: مېنىڭ سىياسىيغا بىۋاسىتە قاتناشقان ۋاقتىم 1944 ـ يىلى باشلانغان. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى مەن پەقەت مەدەنىيەت ـ مائارىپ خىزمىتىنى ئىشلىگەن، ئەمما مەن سىياسەت ئىلمىنىمۇ تەتقىق قىلغان. مەن سودىگەرلەر بىلەنمۇ ئارىلىشىپ باققان، بىراق مەن سودىگەر ئەمەس. مەن بۇ يىل 7 ـ ئايدا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئامما تەرىپىدىن سايلاپ چىقىلدىم.

3 ـ سوئال: بەزىلەر شىنجاڭدا 14 مىللەت بار دېسە، بە-

زىلەر پەقەت تۆت مىللەتلا بار دەيدۇ، بۇلارنىڭ قايسىسى توغرا؟ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا تۇتقان ئورنى قانداق؟

جاۋاب: شىنجاڭدا تۈركىي مىللەتلەر (ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاتار قاتارلىق ئالتاي تىلى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ — ئاپتوردىن)، خەنزۇ، موڭغۇل ۋە ئاق ئورۇسلار دەيدىغان ئاساسلىق تۆت خىل مىللەت بار. ئەزەلدىن ئىستاتىستىكا قىلىنىپ باقمىغانلىقتىن، ھەرقايسى مىللەت نوپۇس سانىنى ئېيتىپ بېرىش ناھايىتى قىيىن، مەن ئاساسسىز مۆلچەر قىلسام بولمايدۇ. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئاھالىسىنى بەزىلەر 3~4 مىليون دېسە، يەنە بەزىلەر 10 نەچچە مىليون دەيدۇ، مېنىڭ قارىشىمچە تەخمىنەن 5~6 مىليون كېلىدۇ. ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەر شىنجاڭ ئۆلكىسى ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 85%ىنى تەشكىل قىلىدۇ. (گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، بىز شىنجاڭدىكى موڭغۇل ئاھالىسىنىڭ تەدرىجىي ئازلاپ كېتىۋاتقانلىق مەسىلىسى ئۈستىدە توختالدۇق. مەن ئۇنىڭدىن راست ياكى يالغان ئىكەنلىكىنى سورىدىم، ئۇ راست دەپ جاۋاب بەردى ۋە بۇنى مۇنداق ئۈچ خىل سەۋەب بىلەن چۈشەندۈردى: ① مەدەنىيەت ئارقىدا، ساقلىقنى ساقلاش كەمچىل؛ ② دىنىي قاراش بەك كۈچلۈك، راھىبلار بەك كۆپ؛ ③ تۇرمۇش سەۋىيەسى بەك تۆۋەن، ياشاش شەرتلىرىگە توغرا كەلمەيدۇ).

4 ـ سوئال: بەزىلەر شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئاپتونومىيەدىن يۇقىرى، مۇستەقىللىقتىن تۆۋەن بولۇشى كېرەك دەيدۇ، كونكرېت ئېيتقاندا، بۇنى زادى قانداق قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: مىللىي ئاپتونومىيەنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دىپلوماتىيە ۋە دۆلەت مۇداپىئەسىدىن باشقىلىرىدا تامامەن ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى كېرەك.

5 ـ سوئال: تۈركىي مىللەت بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: بىز ئۇيغۇرلار تۈركىي مىللەتلەرنىڭ بىرى، شەرقىي تۈركىستان بولسا پەقەتلا جۇغراپىيەلىك ئاتالغۇ.

6 ـ سوئال: شىنجاڭ دۆلەت مۇداپىيەسىدىكى چېگرا رايون، ئۇنىڭ دۆلەت مۇداپىئە كۈچى، تەييارلىقى قانداق؟

جاۋاب: بۇنىڭغا بىرنېمە دېيىش قىيىن، مېنىڭ شەخسىي قارىشىمچە، شىنجاڭ ھازىر تاشقى خەۋپكە دۇچ كەلمىدى، ئەگەر دۇچ كېلىپ قالسا، ھازىرقى كۈچ ئەلۋەتتە يەتمەيدۇ.

ئەخمەتجان ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئائىلە ئەھۋالى ئۈستىدە توختالدى، ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ ئوتتۇراھال ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەنىكەن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى جىق ئىكەن، ئۇلار دېھقانچىلىق، سودىگەرلىك دېگەندەك ھەر خىل كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۆزى بۇ يىل 32 ياشقا كىرىپتۇ، ئايالى ئۆيدە بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىكەن، چوڭ قىزى توققۇز ياشقا كىرىپتۇ①، كىچىك قىزى ئەمدىلا ئىككى ئايلىق بوپتۇ. ئۆزى ناخشا ـ مۇزىكا ۋە بارلىق سەنئەتنى ياخشى كۆرىدىكەن. يېقىندا «ياقۇت كۆكمارال» دېگەن كىنونى كۆرۈپ، ناھايىتى قىزىقكەن دەيدۇ. مۇئاۋىن باش كاتىپ بىلەن تاپانچا ئاسقان مۇھاپىزەتچىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزى يالغۇز مېنى بىنانىڭ ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.



يۇقىرىقى زىيارەت خاتىرىسىدە تىلغا ئېلىنغان مۇئاۋىن باش كاتىپ ــ ئابدۇكېرىم ئاببباسوفنى، «تاپانچا ئاسقان» مۇھاپىزەتچى ــ شوپۇر ئابلەھەتنى كۆرسىتىدۇ.

شوپۇر ئابلەھەتنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى:

ئابلەھەت ئەخمەت ئەپەندىنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، تاكى ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىگە قەدەر ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلدى. ئازادلىقتىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە بىرىنچى تۈركۈمدە تاللاپ ئەۋەتكەن ھەربىيلەر بىلەن چاڭچۈندىكى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ئۇچقۇچىلار مەكتىپىگە ئايروپىلان ھەيدەشنى ئۆگەنگىلى بېرىپ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن تەربىيەلىنىدىغان ھاۋا ئارمىيە شۆبە ئەترىتىنىڭ كۇرسانتى بولدى. لېكىن بىر قېتىملىق پاراشوتتىن سەكرەش مەشىقىدە، ئېھتىياتسىزلىقتىن پۇتى سۇنۇپ كەتكەچكە، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي، ھەربىي

① چوڭ قىزى ــ ئەخمەتجان ئەپەندىم بىلەن ماھىنۇر خانىم غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە ئەكەلدۇرۇپ بېقىۋالغان قىزى رىزۋانگۈلنى كۆرسىتىدۇ، ــ ت.

سەپتىن چىكىنىپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى. ئاندىن ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە تەنتەربىيەسى بۆلۈمىدە خىزمەت قىلدى. 1961 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ بېرىپ، 1998 ـ يىلى قىرغىزىستاننىڭ پايتەختى بىشكەكتە ئالەمدىن ئۆتتى.

«مىللىي قۇرۇلتاي» ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ بىر ـ بىرىنى ئەيىبلەپ، توختىماي تالاش ـ تارتىش قىلىشى، غەلۋە ـ غوۋغا كۆتۈرۈشلىرى ئىچىدە ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. ئەپەندىم ئاخىرى گومىنداڭنىڭ ھىيلىگەر ئەپت ـ بەشىرىسىنى يەنە بىر قېتىم تونۇپ يەتتى ـ دە، قۇرۇلتاينىڭ پىكىر قالدۇرۇش دەپتىرىگە تۆۋەندىكى بىر جۈملە مەردانە سۆزنى يېزىپ قالدۇردى:

> بىز مەدەنىيەت تەرەققىياتى، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە خەلقچىللىق سىياسىتىنىڭ تولۇق تۇرمۇشقا ئاشۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلىمىز!
>
> ئەخمەتجان قاسىمى
> *1946* ـ يىل *12* ـ ئاينىڭ *24* ـ كۈنى



«مىللىي قۇرۇلتاي» جەريانىدا، ئەپەندىم جياڭ جيېشى بىلەن رەسمىي ۋە غەيرىي رەسمىي بولۇپ ئالتە قېتىم كۆرۈشتى. جياڭ جيېشى ئۆز ئوغلى جياڭ جىڭگونى ئەپەندىمگە ھەمراھ قىلىپ ئېكسكۇرسىيەگە، ساياھەتكە ئورۇنلاشتۇردى. ئەپەندىم بىلەن جياڭ جىڭگونىڭ نەنجىڭدىكى ئۇچرىشىشى ئۇلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىشى ئىدى. بىر يىل بۇرۇن، يەنى 1945 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئەخمەت ئەپەندىم گېنېرال جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئۈرۈمچىدە تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا، جياڭ جىڭگو موسكۋاغا بېرىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن ئۆتكەندە ئەخمەت ئەپەندىم ئۇنىڭ بىلەن ئاددىيلا كۆرۈشكەنىدى. بۇ قېتىم ئەخمەت ئەپەندىم جياڭ جىڭگو بىلەن نەنجىڭدە ئۇچراشقاندا، ھەر ئىككىسى قائىدە ـ يوسۇن بويىچە، قارشى تەرەپنى ھۆرمەتلەشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتى، ئۇلار بىۋاستە رۇسچە پىكىر ئالماشتۇرۇشتى. جياڭ جىڭگو ئەخمەت ئەپەندىمگە ھەمراھ بولۇپ شىنجاڭ ۋەكىللىرىنى جۇڭشەن قەبرىستانلىقى،

چىشياشەن تېغى قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇپتۇ. چىشيا-شەن تېغىغا چىققاندا ئالايىتەن دالا كاۋىپى زىياپىتى بېرىپ، ۋەكىللەرنى شىنجاڭنىڭ قوي گۆشى كاۋىپى بىلەن كۈتۈۋاپتۇ، بۇنىڭ بىلەن دوستا-نىلىق ۋە يېقىنچىلىقنى ئىپادىلەپتۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەرنى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە گومىنداڭ تەشۋىقات ئورۇنلىرى كىنوغا ئېلىپ، ھۆججەتلىك فى-لىم قىلىپ تارقاتقان، تا ھازىرغىچە ساقلانماقتا.

1946 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «مىللىي قۇرۇلتاي» بىر مەھەللىك زىلزىلە، تالاش - تارتىشلار ئىچىدە ئالمان - تالمان يىغىشتۇ-رۇلۇپ، قۇرۇلتاينىڭ «غەلىبىلىك» يېپىلغانلىقى جاكارلاندى.

12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جياڭ جيېشى نەنجىڭ-دىكى زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىدە شىنجاڭ ۋەكىللىرىنى ئاخىرقى قېتىم قوبۇل قىپتۇ.

شۇ كۈنى، جياڭ جيېشى ئۈستىگە يېشىل يېپىنچا ئارتقان، گېنې-رال پولكوۋنىكلىق فورمىسىنى تازا قاتۇرۇپ كىيگەن، مەيدىسىگە بەش دانە ئوردېن تاقاپ، بېشىغا گومىنداڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ ئامېرىكا پاسونىدىكى قاسقان شەپكىسىنى كىيگەنىدى، ئۇ ئاق پەلەي كىيگەن ئوڭ



جياڭ جيېشى ئەخمەتجانلارغا زىياپەت بەردى.

قولىنى چىقىرىپ، كولۇمىسىرىگەن قىياپەتتە ئەخمەت ئەپەندىم قاتارلىق شىنجاڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ ۋە ئېغىر جىجياڭ تەلەپپۇزىدا تىنچلىق سوراپتۇ. ئارقىدىن بارلىق ۋەكىللەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈپتۇ.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا جەمئىي 1355 ۋەكىل قاتناشقانىكەن. ئەمما قۇرۇلتايدا خەلقنىڭ ئارزۇسى گەۋدىلەندۈرۈلمىگەن. جۇڭگو كومپارتىيەسى ۋەكىل قاتناشتۇرمىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى ئىلغار دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارمۇ ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتمىغان.

ئەپەندىم «مىللىي قۇرۇلتاي»غا قاتنىشىش جەريانىدا، جۇڭگو كومپارتىيەسى بىلەن ئالاقە باغلاش ئىشىنى مەخپىي ئورۇنلىغان. يولداش دۇڭ بىۋۇ جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ بىر نەپەر ئالاقىچىسىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىدىغان بولغان. لېكىن كومپارتىيەنىڭ ئالاقىچىسىنى نەنجىڭدىن بىۋاسىتە ئېلىپ مېڭىش ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. بۇنىڭ بىردىنبىر ئامالى گومىنداڭنىڭ دىققەت ـ نەزەرىدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ، ئايلىنىپ مېڭىش ئىدى.

ئەپەندىم ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئۆگىنىشنى باھانە قىلىپ، قۇرۇلتاي كاتىبات باشقارمىسىغا باشقا جايلارغا ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە چىڭداۋغا بېرىپ ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئايالىنىڭ تۇغقانلىرىنى يوقلاپ كېلىش ھەققىدە تەلەپ قويغان.

ھالبۇكى، ئەپەندىملەرنىڭ چىڭداۋنى ئايلىنىپ مېڭىشىدىكى ھەقىقىي مەقسىتى، ئەمەلىيەتتە جۇڭگو كومپارتىيەسى تەيىنلىگەن ئالاقىچىنى ئەكېتىش ئىدى.

جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بولسا بۇ مەقسەتنى ھەرگىز قىياس قىلالمايتتى+، ئۇنىڭ ئويىدا شىنجاڭ ۋەكىللىرىنىڭ ئىچكىرىدىكى كۆپرەك جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشى يامان ئىش ئەمەس ئىدى. جياڭ جيېشى بۇ تەلەپكە قوشۇلۇپ، ئامېرىكىلىقلار رەپىقىسى سۇڭ مېيلىڭغا سوۋغا قىلغان ئايروپىلاننى مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ ۋە ئوغلى جياڭ جىڭگونىڭ ئېكسكۇرسىيە جەريانىدا ئەپەندىملەرگە پۈتۈن مۇساپە بويىچە ھەمراھ بولۇشنى بۇيرۇپتۇ. شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، جياڭ جيېشىنىڭ مەقسىتى «توپىلاڭ كۆتۈرگەن رايون» دىن كەلگەن ۋەكىللەرگە جىقراق يەرلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈش ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ئەخمەتجان، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، كېرىم ھاجى، زىيا سەمەدى، مەخسۇت تېيىپوف، خەمىت سۇلتان، ئابلەھەت مەخسۇم قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەتتىن كەلگەن سەككىز ۋەكىل ھەمدە مۇھاپىزەتچى ئابلەھەت باشقا جايلارغا ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا مېڭىپتۇ. جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئەخمەت ئەپەندىملەرنىڭ ئېكسكۇرسىيە كۆنتەرتىپىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى باشقا ۋەكىللەر بىلەن بىرگە 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شىنجاڭغا قايتىپتۇ.

قۇرۇلتاي رىياسەتچىلىرى ئەسلىي ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق بىر قىسىم ۋەكىللەرنى بېيپىڭ، تيەنجىن، شېنياڭ، چاڭچۇن قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغانىكەن. ئېكسكۇرسىيە لىنىيەسى ھەققىدە ئەپەندىمدىن پىكىر ئالغاندا، ئەخمەت ئەپەندىم چىڭداۋغىمۇ بارساق دېگەن تەلەپنى قويۇپتۇ.

بۇ تەلەپنىڭ سەۋەبى ئىنتايىن ئاددىي ھەم قايىل قىلارلىق:
شىنجاڭ ۋەكىلى ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئايالى چىڭداۋلىق خەن-



ئەخمەتجان قاتارلىقلار جياڭ جىڭگونىڭ ھەمراھلىقىدا نەنجىڭدىكى چىشياشەن تېغىدا ئېكسكۇرسىيەدە بولدى.

زۇ. ئابدۇكېرىم ئابباسوف چىڭداۋغا بېرىپ باقمىغان. ئىچكىرىگە كېلىش ئاسان ئەمەس. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئايالىنىڭ يۇرتىنى كۆرۈپ، تۇغقانلىرىنى يوقلاپ ئۆتۈشى ئىنتايىن ئورۇنلۇق.

ئەمەلىيەتتە، ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف چىڭداۋغا بېرىپ تۇغقان يوقلاش باھانىسى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتىدىغان ئالاقىچىسىنى يوشۇرۇن ئېلىپ مېڭىش، ئۇنى تۇغقان دەپ ئاتاش ئارقىلىق مەخپىيەتلىكنى ساقلاش، چاندۇرۇپ قويماسلىقنىڭ ئەپچىل چارىسىنى تېپىپ قويغانىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئەپەندىم بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ نەنجىڭدىكى قانۇنلۇق ۋە سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ئىش باشقارمىسىغا ئوچۇق ـ ئاشكارا بېرىپ، يولداش دۇڭ بىۋۇنى زىيارەت قىلغان. كۆرۈشۈش جەريانىدا ئەخمەت ئەپەندىم جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىشتىن ئىبارەت قەتئىي مەخپىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مېھمانخانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەپەندىم ئۆزىنىڭ ئاسان كۆزگە چېلىقىپ قالىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوفقا بۇ ۋەزىپىنى مەخپىي ئورۇنلاشنى تاپشۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن زىيا سەمەدى ئىككىسى مېيىۋەن يېڭى كەنتىدىكى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىغا مەخپىي بارغان. چېنىپ قالماسلىق ئۈچۈن زىيا سەمەدى كۆزەتچىلىك قىلىپ سىرتتا تۇرۇپ تۇرغان. ئابدۇكېرىم ئابباسوف باشقارمىغا يوشۇرۇن كىرىپ يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشكەن ھەمدە قۇرۇلتاي ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئابدۇكېرىم ئابباسوف تۇغقان يوقلاش نامىدا چىڭداۋغا بېرىپ، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ئالاقىچىسىنى چىڭداۋدىن ئېلىپ ماڭسا، تېخىمۇ بىخەتەر بولىدىغانلىقىنى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن يولداش دۇڭ بىۋۇ جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ئالاقىچىسى يولداش پېڭ گوئەننى نەنجىڭدىن چىڭداۋغا ئالدىنئالا مەخپىي ماڭدۇرۇۋەتكەن.

بۇ نەقەدەر ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇش، نەقەدەر خەتەرلىك ئويۇن ـ ھە!

ھەممە ئىش تەقمۇتەق بولۇپ، پەقەت پەيتىنى تېپىپ ھەرىكەت قىلىشلا قالغانىدى.

نەنجىڭدىن ئايرىلىشىدا، ئەپەندىم بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف ماسلىشىپ، سىرتقا قارىتا ئابدۇكېرىمنىڭ ئايالى لۇ سۇشىننىڭ تۇغقانلىرى چىڭداۋدا، بۇ قېتىم ئابدۇكېرىم بىز بىلەن چىڭداۋغا بېرىپ ئايالىنىڭ



جياڭ جيېشى 1946 ـ يىلى 11 ـ ئايدا نەنجىڭدە «مىللىي قۇرۇلتاي»غا قاتنىشىشقا كەلگەن شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قوبۇل قىلدى. سولدىن بەشىنچىسى جياڭ جيېشى، ئالتىنچىسى ئەخمەتجان، سەككىزىنچىسى شاۋ لىزى، توققۇزىنچىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوف.



تۇغقانلىرىنى يوقلايدۇ، مۇمكىن تېپىلسا بىرەر تۇغقىنىنى ئۈرۈمچىگە ئەكېتىدۇ دەپ گەپ تارقاتقان. ئەپەندىملەر كۆرۈنۈشتە چىڭداۋنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش بىلەن تەڭ ئابدۇكېرىمنىڭ تۇغقانلىرىنى يوقلاش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە گومىنداڭنىڭ مەخسۇس ئايروپىلانىدا بىر كوممۇنىستنى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن ئېلىپ ماڭماقچى ئىدى.

1946 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، جياڭ جىڭگونىڭ ھەمراھلىقىدا، ئەخمەت ئەپەندىم قاتارلىق سەككىز نەپەر ۋەكىل «مېيلىڭ» ناملىق مەخسۇس ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بېيپىڭغا قاراپ ئۇچۇپتۇ. جياڭ جىڭگو ھەتتا ئايروپىلاننى ئۆزى ھەيدەپ، ۋەكىللەرگە ئۇچۇش تېخنىكىسىنى نامايان قىلىپمۇ بېرىپتۇ.

بۇ دەل گومىنداڭ ئارمىيەسى شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو رايونلىرىدا كەينى ـ كەينىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراۋاتقان، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ئارقا ـ ئارقىدىن ھۇجۇمغا

ئۆتتۈپ، غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەۋاتقان تارىخىي دەۋر ئىدى. جياڭ جيېشى كۈتۈلمىگەن ۋەقە يۈز بېرىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەنلىكتىن، ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭ ۋە چاڭچۈنلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپتۇ.

ئەپەندىملەر بېيپىڭگە بارغان ۋاقتى دەل 1947 ـ يىل يېڭى يىلنىڭ بىرىنچى كۈنىگە توغرا كەپتۇ. ئۇلار بېيپىڭدا گومىنداڭنىڭ يېڭى يىللىق زىياپىتىگە قاتنىشىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشىپتۇ. بېيپىڭدىكى ئېكسكۇرسىيە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئەپەندىم ھەمراھلىرى بىلەن تيەنجىننى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۈچۈن پويىزغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقىپتۇ. جياڭ جىگو ئۇلارنىڭ پويىزدا ماڭغانلىقىدىن ئىنتايىن ئەنسىرەپتۇ، چۈنكى، ئۇ پويىزنىڭ كۈتۈلمىگەن يەردىن ھۇجۇمغا ئۇچراپ قېلىشىدىن قورققانىكەن. ئۇنىڭغا ئايانكى، ئەگەر راستىنلا ۋەقە يۈز بېرىدىغان بولسا، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە تېخىمۇ چوڭ داۋالغۇش بولاتتى، ئەلۋەتتە.

ئەپەندىم ھەمراھلىرى بىلەن 1947 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تيەنجىنگە يېتىپ كەپتۇ. جياڭ جىگو بولسا بېيپىڭدا بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئەپەندىملەرنى ئېلىپ چىڭداۋغا بېرىش ئۈچۈن 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى يەنە شۇ «مېيلىڭ» ناملىق مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن تيەنجىنگە كەپتۇ ـ دە، ئەپەندىملەرنى ئېلىپ چىڭداۋغا ئۇچۇپتۇ.

مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (يەنى 1947 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى (سەيشەنبە) «داگاڭ گېزىتى» نىڭ 2 ـ بېتىدە بىر پارچە خەۋەر ئېلان قىلىنغان، تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

## ئەخمەتجان جياڭ جىگو بىلەن بىر ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ چىڭداۋغا قاراپ ئۇچتى

(مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقى، تيەنجىن 6 ـ چېسلا خە- ۋىرى)

شىنجاڭلىق مىللىي قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىدىن ئەخمەتجان قاتارلىقلار 6 ـ چېسلا ئەتىگەن سائەت *10* دا جياڭ جىگو جا-

نابلىرى بىلەن بىر ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ تيەنجىندىن چىڭداۋغا قاراپ ئۇچتى. بۇ ئايروپىلان سائەت 9 يېرىمدا بېيپىڭدىن تيەنجىنگە يېتىپ كەلگەنىدى. جياڭ جىڭگو جانابلىرى ئايروپىلاندىن چۈشۈپ بىرئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن، شەھەرگە كىرمەيلا يۈرۈپ كەتتى.

ئەخمەت ئەپەندىملەر چىڭداۋدا ئىككى كۈن تۇرۇپ، 1947 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئايالىنىڭ ئاتالمىش «ئىككىنچى يېزنىسى» — جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ئەزاسى پېڭ گوئەن (مەخپىي ئىسمى ۋاڭ نەندى) نى ئېلىپ، ئايروپىلان بىلەن ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. نەچچە كۈندىن كېيىن شىنجاڭغا بىخەتەر قايتىپ كەلدى.

2003 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، مەن چىڭداۋغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيەدە بولدۇم. ئۇ يەردە 1934 ـ يىلى ئىتالىيەلىكلەر سالغان ھەشەمەتلىك بىر ئىمارەتنى كۆردۈم. مەزكۇر ئىمارەت ھازىر ئالىي دەرىجىلىك بىر مېھمانخانا ئىكەن. مېھمانخانىنىڭ تېمىغا ئويۇپ يېزىلغان مۇنۇ سۆزلەر مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى:

«1947 ـ يىلى 1 ـ ئايدا جياڭ جىڭگو مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ھەمراھ بولۇپ مۇشۇ مېھمانخانىغا چۈشكەن».

مەن بۇ مېھمانخانىغا چۈشكەنلىكىمدىن تولىمۇ سۆيۈندۈم. مەن يەنە شەندۇڭ ئۆلكىلىك ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللىرى ئىچىدە ئەينى چاغدىكى ئەھۋال خاتىرىلەنگەن بىر پارچە ماتېرىيالنىمۇ كۆردۈم.

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ نەنجىڭدىكى ئىش باشقارمىسىغا بېرىپ يولداش دوڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ھەمدە جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ئالاقىچىسى پېڭ گوئەننى ئېلىپ قايتقانلىقى توغرىسىدىكى تەپسىلاتلارنى كېيىنكى بابتا بايان قىلىمەن.

# 35. دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز

1947 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم نەنجىڭدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى.

ئەپەندىم «مىللىي قۇرۇلتاي» غا قاتناشقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، گومىنداڭنىڭ قاتتىق نازارىتىدىن ئەپچىللىك بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، جۇڭگو كومپارتىيەسى ئەۋەتكەن ئالاقىچىنى مەخپىي هالدا ساق ـ سالامەت ئۈرۈمچىگە ئەكەلدى.

ئۇلار ئاخىرقى هېسابتا ناتونۇش بىر ئادەمنى بىخەتەر هالدا ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى.

«ئابباسوفنىڭ ئايالى لۇ سۈشىننىڭ ئىككىنچى هەدىسىنىڭ يولدىشى ۋاڭ نەندى چىڭداۋدىن ئۈرۈمچىگە بىللە كەپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئەخمەت ئەپەندىم ئايروپىلاندىن چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئاڭلىدىم. بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ ئىش هەققىدە مەيلى ئابدۇكېرىم بولسۇن، مەيلى ئەخمەت ئەپەندىم بولسۇن باشقىلار تۇرماق بىزلەرگىمۇ تىنىمىغانىدى.

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ مۇنداق بىر مەشهۇر سۆزى بار:

«دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز»

بۇ بىر دىيالېكتىك ماتېرىيالىزملىق پەلسەپىۋى ئىدىيە سىڭگەن هۆكۈم ئىدى. شىنجاڭدا كوممۇنىزم بايرىقىنى ئاشكارا كۆتۈرۈپ چىقىش شارائىتى پىشىپ يېتىلمىگەن، جۇڭگو كومپارتىيەسىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تەشۋىق قىلغىلى ۋە كومپارتىيە خىزمەتلىرىنى ئاشكارا ئېلىپ بارغىلى بولمايدىغان مۇرەككەپ ئەهۋالدا، ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ هەرقايسى تەرەپلەردىن كېلىدىغان تەهدىت ۋە سۆز ـ چۆچەكلەردىن قورقماي، مۇشۇنداق بىر دانا هۆكۈمنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويالىشى ئۇنىڭ يۇقىرى سىياسىي ئاڭغا هەم يۈكسەك پاراسەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئەلۋەتتە!

ئەپەندىم ئەنە شۇ ئىنچام ، مېغىزلىق، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك ھەمدە چوڭقۇر مەنىگە ئىگە سۆزى ئارقىلىق كىشىلەرگە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دۈشمىنى گومىنداڭ، گومىنداڭنىڭ دۈشمىنى جۇڭگو كومپارتىيەسى، شۇنىڭ ئۈچۈن گومىنداڭنىڭ دۈشمىنى بولغان جۇڭگو كومپارتىيەسى دەل بىزنىڭ دوستىمىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەندى.

بۇ ھۆكۈم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا كۆرۈلگەن خاتا خاھىش ۋە خاتا ئىدىيەلەرگە خاتىمە بېرىپ، ئىنقىلاب يۆنىلىشىنىڭ توغرا يولنى بويلاپ مېڭىشى ئۈچۈن ئىنتايىن كۈچلۈك رول ئوينىغانىدى.

ھەممىگە ئايانكى، شىڭ شىسەي جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، 8 ـ ئارمىيەنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىش باشقارمىسى پۈتۈنلەي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، شۇ سەۋەبتىن ئۈچ ۋىلايەت ۋە ئۈرۈمچىدە جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورگىنى ياكى ئالاقە باغلاش نۇقتىلىرىدىن بىرىمۇ قالمىدى.

ئەپەندىم نەنجىڭدىكى قۇرۇلتايغا بارىدىغان ۋاقىتتا جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى بىلەن ئالاقە باغلاشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. شۇڭا قۇرۇلتاي جەريانىدا ئەخمەت ئەپەندىم دادىللىق بىلەن جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىغا بېرىپ يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى ھەققىدە تەپسىلىي دوكلات قىلدى، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى، جۈملىدىن يولداش دۇڭ بىۋۇ يەنئەننىڭ تەستىقلىشى ئارقىسىدا جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ نەنجىڭدىكى ئىش باشقارمىسىدا ئىشلىگەن ۋاقتىدا، پېڭ گوئەن ئىسىملىك بىر يولداشنى جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ئورنىتىش ئۈچۈن، بىر راتسىيە بىلەن ئەخمەت ئەپەندىمگە قوشۇپ مەخپىي يوسۇندا شىنجاڭغا ئەۋەتتى.

ئەخمەت ئەپەندىملەر خېيىم ـ خەتەرلەرنى يېڭىپ بىخەتەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈن يولداش پېڭ گوئەننىڭ ئىسمىنى «ۋاڭ نەندى» دېگەن يالغان ئىسىمغە ئۆزگەرتىپ، سىرتقا قارىتا «لۇ سۇشىننىڭ ئىككىنچى ھەدىسىنىڭ يولدىشى، چىڭداۋدىن تۇغقان يوقلاپ كەلدى» دېگەن خەۋەر تارقىتىلدى. پېڭ گوئەن سەل ئاقساپ

ماڭغاچقا ھەممىمىز ئۇنى «لوۋاڭ توكۇر» دەپ چاقىرىپ، شۇ ئارقىلىق پېڭ گوئەننىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى سىرتقا قارىتا يوشۇرۇپ قالدۇق. راستىنى دېگەندە، بىز تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئىچىدىمۇ ۋاڭ نەندىنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى.

يولداش پېڭ گوئەننىڭ ئەسلىي ئىسمى پېڭ چاڭگۇي. پېڭ گوئەن دېگەن ئۇنىڭ نەنجىڭدە سىرتقا قارىتا ئىشلەتكەن ئىسمى ئىكەن. جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىدا رادىستلىق قىلىدىكەن. شىنجاڭغا كېلىدىغان چاغدا، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈن ئىسمىنى «ۋاڭ نەندى» دېگەن ئىسىمغا ئۆزگەرتىپتۇ.

پېڭ چاڭگۇينىڭ «ۋاڭ نەندى» دېگەن مەخپىي ئىسمىمۇ ئالاھىدە مەنىگە ئىگە. «ۋاڭ» دېگىنى فامىلىسى، خەنزۇچە بىر خەت بىلەن يېزىلىدۇ، ئىسمى «نەندى»، خەنزۇچە ئىككى خەت بىلەن يېزىلىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ ئىسمىدىكى «نەن» دېگىنى «نەنجىڭ» دىكى «نەن»نى، «دى» دېگىنى ئۈرۈمچىنىڭ خەنزۇچە كونا ئاتىلىشى «دىخۇا» دىكى «دى»نى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، «نەندى» دېگەنلىك «نەنجىڭدىن ئۈرۈمچىگە» دېگەنلىك ئىدى.

ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن «ۋاڭ نەندى»نى ئۈرۈمچىگە ئەكېلىش جەريانىدا ئىنتايىن مەخپىي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، خەتەرلىك ئەھۋال ئىچىدە تۇرۇقلۇقمۇ، گومىنداڭنىڭ نازارىتىدىن ئۆزلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن قاچۇرۇپ بىخەتەر ئەكەلگەنىدى. بىز بۇ ۋەقەلەردىن كېيىنرەك خەۋەر تاپتۇق. ئەپەندىم ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دەسلەپتە بۇ جەرياندىكى ئەھۋاللارنى مېنىڭدىن مەخپىي تۇتتى. كېيىن شوپۇر ئابلەھەت ماڭا بۇ ئىشنىڭ جەريانىنى ئېيتىپ بەردى.

بىر كۈنى مەن ئىچىم پۇشۇپ ئەپەندىمنىڭ شوپۇرى ئابلەھەتتىن سورىدىم:

— ئەخمەتجان ئاكاڭ گومىنداڭنىڭ ئۇۋىسىدا بىرەر خەتەرگە يولۇقمىغاندۇ؟

ئۇ دۇدۇقلاپ بىر نەرسە دېمەي تۇرۇۋالدى، مەن ئۇنى قىستىغاندىن كېيىن:

— ھەدە، ئۇلارغۇ (گومىنداڭنى دېمەكچى) بىزنى ناھايىتى ئوبدان كۈتۈۋالدى. مەن بولسام ئەخمەتجان ئاكامغا قاراۋۇللۇق قىلدىم، ھۆججەت سومكىسىنى كۆتۈرۈپ يېنىدا يۈردۈم، — دېدى.

— بۇ گەپلەرنى قوي، سىلەر زادى نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئۇزاق ۋاقىت ھايال بولۇپ قالدىڭلار؟ دېگىنە، ئۇ يەردە بىرەر خەتەرلىك ئىش يۈز بەرمىگەندۇ؟

— ئۇلارغۇ (گومىنداڭنى دېمەكچى) بىزگە ھېچقانداق خېيىم-خەتەر يەتكۈزەلمىدى، — دېدى ئابلەھەت ماڭا يېقىنراق كېلىپ پەس ئاۋازدا، — ئەمما بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز جىق ئاۋارىچىلىك تېپىۋالغىلى تاس قالدۇق. مۇشۇ ئەخمەتجان ئاكامنىزە...

— سۆزلىگىنە، توختاپ قالدىڭغۇ؟ — دەپ سورىدىم تاقەتسىزلىنىپ.

— ئاۋۇ توكۇر لوۋاڭ... ئۇ كومپارتىيەنىڭ ئادىمى جۇمۇڭ، چىڭداۋدا بىز بىلەن بىللە ئايروپىلانغا چىقتى. ئاڭلىساق ئالىيە ھەدەم (لۇشۇننى دېمەكچى) نىڭ ئىككىنچى ھەدىسىنىڭ يولدىشى دەيدۇ... گەپ ئۆزىمىزدە. ئەخمەتجان ئاكام ئەجەب خەتەرلىك ئىشتىن بىرنى قىلدى، بۇ ئىنتايىن مەخپىي ئىش، ئەگەر گومىنداڭ سېزىپ قالىدىغان بولسا، توكۇر لوۋاڭ تۇتۇپ كېتىلىپلا قالماستىن، ئەخمەتجان ئاكامنىڭ بېشىغا نېمە ئىشلارنىڭ كېلىدىغىنىنى كىم بىلىدۇ دەڭە...

ئابلەھەت ئىشنىڭ جەريانىنى ماڭا ئەينەن سۆزلەپ بەردى:

— شۇ كۈنى ئەخمەتجان ئاكام مېنى تۇيۇقسىز چاقىرىپ، گەپ-سۆز قىلمايلا، قۇرۇلتايدىن ئالغان پىكاپنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئەخمەتجان ئاكام بىلەن ئابدۇكېرىمكام كەينى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. پىكاپ بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن، كىچىك بىر ھويلىغا كېلىپ توختىدى. ئەسلىدە بۇ جاي «مېيىۋەن» يېڭى كەنتى 6-نومۇرلۇق قورۇ دېگەن يەر ئىكەن، كومپارتىيەنىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى ئىكەن. بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۆيگە قاراپ ماڭساق، چەتئەل مۇخبىرلىرى سىياقىدىكى بىر نەچچە ئادەم ئۆيدىن چىقىپ كېلىۋاتىدۇ. مەن بۇ يەر ئادەتتىكى بىر مېھمانخانا بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتىمەن. ئۆيگە كىرىپ بىز بىر ئادەم بىلەن كۆرۈشتۇق. ھېلىقى ئادەم دۇڭ بىۋۇ ئەپەندى دېگەن كىشى ئىكەن. ئابدۇكېرىمكام تەرجىمانلىق قىلدى. مەن ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ، كارىدوردا قاراۋۇللۇق قىلدىم. ئالاھەزەل 20 مىنۇت ئۆتكەندە، ئەخمەتجان ئاكاملار قايتىپ چىقتى. بىز ئەمدىلا ئىشىكتىن چىقىشىمىزغا، يەنە بىر قارا پىكاپ ھويلىغا كىرىپ توختىدى-دە، پىكاپتىن بىرنەچچە ئادەم چۈشۈپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. يولدا چارلاۋاتقان

637

ساقچىلارمۇ ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى، قارىغاندا بۇ يەر سىرتقا قارىتا ئاشكارا ھەم قانۇنلۇق جاي بولسا كېرەك، — ئابلەھەت توختىماي سۆزلەيتتى، — بىز ئۇ يەردىن چىقىپ مېھمانخانىغا قايتىپ كېلىۋاتقىنىمىزدا، ئەخمەتجان ئاكام ماڭا قاتتىق جېكىلەپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمىزنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىقىمنى دەپ، مېنى قاتتىق ئاگاھلاندۇردى...

ئابلەھەتنىڭ بايانىنى ئاڭلاپ، مەن ئاساسىي جەھەتتىن بۇ سىرنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدۇم. كەچتە مەن ئەپەندىمگە:

— ھازىر مەن نۇرغۇن سىناقلارنى باشتىن ئۆتكۈزدۇم، شۇڭا ماڭا ئىشىنىشىڭىز كېرەك، — دەپ ئاغرىندىم.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماڭا ۋاڭ نەندىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. مېنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە مۇنداق:

جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى تار بىر كوچىغا جايلاشقان قورۇدا ئىكەن. دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا بىر بىنا بولۇپ، يولداش دۇڭ بىۋۇ تۇرۇشلۇق جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ نەنجىڭدىكى ئىش باشقارمىسى بىلەن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قارىشىپ تۇرىدىكەن. گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونلىرى ئۇدۇلدىكى بىنانىڭ دېرىزىسىدىن ئىش باشقارمىسىنى مەخپىي كۆزىتىپ تۇرىدىكەن. بىراق جياڭ جيېشى كومپارتىيەنىڭ ئىش باشقارمىسىنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلغان بولغاچقا، دۆلەت ئىچىدىكى بارلىق گېزىت - ژۇرنال مۇخبىرلىرى، چەت ئەل ئاخبارات خىزمەتچىلىرى، ھەرقايسى ساھە زاتلىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ئىش باشقارمىسىغا ئاشكارا ۋە ئەركىن كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىكەن. بۇ ھال ئەخمەت ئەپەندىمنى تېخىمۇ قولايلىق شارائىت بىلەن تەمىنلەپتۇ. شۇڭا، ئەپەندىم بىلەن ئابدۇكېرىم ئۇزۇن يىللىق شوپۇرى ھەم مۇھاپىزەتچىسى بولغان ئابلەھەتنى بىرگە ئېلىپ، 1946 - يىل 12 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال پىكاپقا ئولتۇرۇپلا جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىغا بېرىپتۇ. ئابدۇكېرىم خەنزۇچىغا ئۇستا بولغاچقا، بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتا ھەم تەرجىمانلىق قىلىپ، ھەم ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ، ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپتۇ. ئۇلار يولداش دۇڭ بىۋۇغا تەپسىلىي دوكلات قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ نىشانى كومپارتىيەگە ئوخشاشلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىنى يوقىتىش بولۇپ، ھازىر باسقۇچلۇق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى، 11 ماددىلىق

«تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالانغانلىقى، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقى، سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پىروگراممىسىنى ئېلان قىلغانلىقى قا-تارلىق ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرۇپتۇ. ئۇلار جۇڭگو كومپارتىيەسى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ غەلىبىلىرىگە چىن يۈرەكتىن خۇشال بولغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ كۈرەش نىشانى بويىچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى بىلەن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇ-نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەپەندىم يولداش دۇڭ بىۋۇغا جۇڭگو كومپارتى-يەسىنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ۋەكىل ئەۋەتىشى ھەققىدە تەلەپ قويۇپتۇ. يولداش دۇڭ بىۋۇ ھازىرقى باسقۇچتا شىنجاڭدا كومپار-تىيە بايرىقىنى ئاشكارا كۆتۈرۈپ چىقىشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى، ئالدى بىلەن ئالاقىچى ئەۋەتىپ مۇناسىۋەت ئورنىتىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپتۇ. ئىككى تەرەپنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈن، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ئالاقىچىسىنى ئېلىپ مېڭىش ۋەزىپىسىنى ئابدۇكېرىم كونكرېت ئىجرا قىلىدىغان بوپتۇ. كۆرۈشۈش ۋاقتى ئۇزاق بولماي، ئاساسىي مەقسەت ئېيتىلىپ، ئالاقىلىشىش ئۇسۇ-لى ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىنكى كونكرېت ئىشلارنى يولداش ئابدۇكې-رىم بىلەن تاق لىنىيەدە ئالاقە باغلاپ، مەخپىي ئېلىپ بارىدىغان بوپتۇ. كۆرۈشۈشتىن كېيىن، ئەپەندىم ئابدۇكېرىم بىلەن ئابلەھەتنى ئېلىپ كومپارتىيەنىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىدىن تېز چىقىپ كېتىپتۇ.

ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەپەندىم بىلەن ئابدۇكېرىم ئاب-باسوف مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، نەنجىڭدە خېيىم - خەتەر بەك زور بولغاچقا، تۇغقان يوقلاش نامى بىلەن چىڭداۋغا بېرىپ، جۇڭگو كومپار-تىيەسىنىڭ ئالاقىچىسى بىلەن چىڭداۋدا ئۇچرىشىشنى بېكىتىپتۇ. بۇ لايىھە ئىنتايىن يوشۇرۇن، ئەپچىل ۋە ئىشەنچلىك ئىكەن. ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئايالىنىڭ تۇغقىنىنىڭ ئابدۇكېرىم بىلەن بىللە ئىچكىرى-دىن شىنجاڭغا تۇغقان يوقلىغىلى بېرىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق باھانە بو-لۇپ، بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق كومپارتىيەنىڭ ئادىمىنى ئاشكارا ھالدا بىرگە ئېلىپ ماڭغىلى بولاتتىكەن. ئابدۇكېرىم ئادەتتە ئەپەندىمنى ھۆرمەتلەپ ئاكا دەيتتى. مەيلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى دەۋرىدە بولسۇن ياكى بىرلەشمە ھۆكۈمەت دەۋرىدە بولسۇن، ئۇ بىر ياش مۇنەۋۋەر رەھبەر

بولۇپلا قالماستىن، يەنە تېخى ئەپەندىمنىڭ قابىل ياردەمچىسى ئىدى.
ئابدۇكېرىم ئۆزى زېرەك ۋە باتۇر يىگىت، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى
ھۆكۈمىتى ئەزالىرى ئىچىدە خەنزۇ تىلىنى پۇختا بىلىدىغان بىردىنبىر
رەھبىرىي خادىم. ئۇ يولداش پېڭ گوئەننى شىنجاڭغا ئەكېلىش مەسىلى-
سىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

يولداش دۇڭ بىۋۇ تەيىنلىگەن جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ئالاقىچى-
سى يولداش پېڭ گوئەننى شىنجاڭغا قانداق ئەكېتىشنىڭ دەسلەپكى لايى-
ھەسى تۈزۈپ چىقىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەينى چاغدىكى گومىنداڭ ئەك-
سىيەتچىلىرى كومپارتىيە ئەزالىرىنى ھەدەپ تۇتۇۋاتقان، ھەممە جاينى
ئاق تېررورلۇق قاپلىغان يىللاردا، بۇ ئىنتايىن ئىنچىكە، خەتەرلىك بىر
ئىش ئىدى.

بارچە مەسلىھەت ۋە تەييارلىقلار پۈتۈپ، پەيت كۈتۈپ ھەرىكەت قى-
لىشلا قاپتۇ.

1946 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، جياڭ جيېشى ئەخمەتجان
قاتارلىق شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەزالىرىنى قوبۇل قىپتۇ، ئىككىن-
چى كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، زىيا سەمەدى، مەخ-
سۇت تېيىپوف، خەمىت سۇلتان، ئابلەھەت مەخسۇم، ئەنۋەر سالىجان،
كېرىم ھاجى ۋە شوپۇر ئابلەھەت قاتارلىق سەككىز ئادەم جياڭ جىڭگو-
نىڭ ھەمراھلىقىدا «مېيلىڭ» ناملىق مەخسۇس ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ
نەنجىڭدىن بېيپىڭ، تيەنجىن، چىڭداۋلارغا قاراپ «سەيلە ـ ساياھەت قى-
لىش» ئۈچۈن ماڭدىغان بوپتۇ. مېڭىش ئالدىدا، ئىشتىن ھېچقانداق چا-
تاق چىقماسلىقى ئۈچۈن، ئەپەندىم زىيا سەمەدىگە ئابدۇكېرىم ئابباسوف
بىلەن ياخشى ماسلىشىپ، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق
ئىش باشقارمىسى بىلەن ئالاقىلىشىش خىزمىتىنى ئوبدان پۇتكۈزۈپ
كېلىشنى تاپشۇرۇپتۇ. ۋەكىللەر ئۆمىكى نەنجىڭدىن ئايرىلىشتىن ئىككى
كۈن بۇرۇن، ئەپەندىم شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئۇرۇمچى
ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى زىيا سەمەدىنى تۇيۇقسىز ئۆزى
چۈشكەن جاڭ جىجۇڭ داچىسىغا چاقىرتىپ كەپتۇ ۋە ئابدۇكېرىم ئابا-
سوف بىلەن بىرگە جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ نەنجىڭدىكى ئىش باشقار-
مىسىغا بېرىپ ئالاقىلىشىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپتۇ. زىيا سەمەدى ئۆ-
زىنىڭ يازغان كىتابىدا ھاياتىدىكى بۇ كەچۈرمىشلەرنى تەپسىلىي بايان
قىلغانىدى.

بۇ يەردە مەن زىيا سەمەدى يازغان كىتابتىكى ئاشۇ ۋەقەنىڭ جەريا-نىنى ئوقۇرمەنلەرگە ئەينەن تەقدىم قىلىمەن:

............

«ئەپەندىم دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، كوچا تەرەپكە قاراپ سۆ-زىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— ئاباسوف سىزگە ھېچ نەرسە دېمىدىمۇ؟ — دەپ سو-رىدى.

— تاماقلانغان ۋاقتىمىزدا «ئاخشاملىقتا بىر جايغا بارىمىز» دېگەندەك قىلدۇ، سەۋەبىنى ئېيتمايلا كېتىپ قالدى.

— جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى بولغان دۇڭ بىۋۇ بىلەن ئۇچرىشىش ئۆتكۈزۈلىدۇ، بۇ ئەلۋەتتە ئىنتايىن مەخپىي ھالەتتە ئۆتىمكى لازىم.

— شۇنداقمۇ؟! — مەن ھاياجانلاندىم.

— ئۇچرىشىش ۋاقتى *20* — *30* مىنۇتتىن ئاشماسلىقى كېرەك، بۇ قېتىم پەقەت ئالاقە باغلاشلا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمدى ئۇچرىشىش ئەمەلىيتى ئۆزۈڭلەرنىڭ تاپقۇرلۇقۇڭلارغا، ھوش-يارلىقىڭلارغا باغلىق!

— چۈشىنىشلىك دېدىمۇ، لېكىن مەسىلىنىڭ تۈپ ماھىيـ-تىگە ئانچىلا تونۇشۇپ يېتەلمىگەنىدىم. شۇڭلاشقا ئەخمەت ئە-پەندىمدىن قايتىلاپ سورىماق بولدۇم ـ يۇ، تىلىم بارمىدى. ئاب-باسوفتىن ئېنىقلاي دېگەن قارارغا كەلدىم ـ دە خوشلاشتىم.

قايتىپ كېلىۋېتىپ «نېمە ئۈچۈن ئەخمەت ئەپەندىم كومپار-تىيە ۋەكىلى بىلەن ئۆزى يۈز تۇرانە سۆزلەشمەيدۇ» دېگەن قانداقتۇر گۇمانلىق سوئالنى قايتا ـ قايتا كۆڭۈلدىن كەچۈر-دۈم. «بەلكىم، — دەيتتىم يەنە ئۆزۈمگە ئۆزۈم جاۋاب بەرگەندە-دەك، — خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى بىلەن گومىنداڭچىلار قو-شۇنلىرى قانلىق جەڭ قىلىشىۋاتقان بىر كەسكىن پەيتتە، ئومۇ-مىي ئىشقا دەخلى بولۇپ قېلىشىدىن ئۆزىنى چەتكە تارتىپ، ۋاستە ئارقىلىق مۇناسىۋەت باغلاشنى ئورۇنلۇق ھېسابلىغاندۇ. ئەگەر ئەخمەت ئەپەندىنىڭ كومپارتىيە بىلەن ئەمەلىي مۇناسىۋ-

تى ئاشكارىلىنىپ قالسا، گومىنداڭچىلار شاۋقۇن كۆتۈرۈپ، شىنجاڭ پاجىئەسى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ، رىياكسىيون كۈچ-لەر تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقار ئىدى». بۇ مېنىڭ شۇ كەمدىكى شەخسىي مۇلاھىزەم ئىدى.

ئابباسوف بىلەن چاڭئەن مېھمانخانىسىنىڭ كەچلىك قەھ-ۋەخانىسىدا ئۇچراشتۇق.

— ئەخمەت ئەپەندى ھەممىنى چۈشەندۇرگەندۇ؟ — سورىدى ئابباسوف ئولتۇرا - ئولتۇرمايلا.

— شۇنداق، ئادىتى بويىچە قىسقىلا ئېيتتى، — دېدىم.

— ئۇچرىشىش كومپارتىيەنىڭ نەنجىڭدىكى بىر كىتابخا-نىدا بولماقچى، ئەگەر تۇساتتىن ئۆزگىرىش بولمىسا، — دېدى ئۇ.

— شېڭ شىسەي تۈرمىسىدىن ئازاد قىلىنغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىچىدە جاڭ لەيلۇ (جاڭ خۇزا) دېگەن ئادەم بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ پىچىرلاپ تۇرۇپ.

— جاڭ خۇزا؟ — مەن ئويلىنىپ قالدىم. *11* ماددىلىق بې-تىم بويىچە تۈرمىدە تىرىك قالغان *180* چە كوممۇنىست ئازاد قى-لىنىپ، ئۇرۇمچى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال ليۇ يا-جې يېتەكچىلىكىدە جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ئاساسىي بازىسى يەنئەنگە يەتكۈزۈپ قويۇلغانىدى. مەن شۇ كەمدە ئۈچ ۋىلايەت تەرىپىدىن ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىنى قىلىپ تەيىنلەنگەنلە-كىم ئۈچۈن بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولىدىغان، لېكىن جاڭ لەيلۇ دېگەن ئادەمنى دەرھال ئېسىمگە ئالالمىدىم.

— جاڭ خۇزا، جاڭ ساقال، — تەكرارلىدى ئابباسوف.

— ئۆزى زەڭگەرەك، ساقىلى ئۇزۇن...

— ھە، توغرا، ئېسىمگە كەلدى.

— ھە دەل ئۆزى! — دېدى خۇشال بولغاندەك ئابباسوف، — ھازىر ساقىلى يوق، جاڭ خۇزا ئەمەس، جاڭ چۈجاڭ.

— بۇ گەپچە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپسەن - دە؟

— بىرلا قېتىم، ئاشۇ يولداش بىزنى ھېلىقى كىتابخانىغا باشلاپ بارماقچى، بىزنى سائەت *6* دە «جەڭگاھ» فوتو ئىستۇدى-

يەسى ئالدىدا كۈتۈپ تۇرماقچى...

مەسلىھەتىمىز بويىچە ئىككىمىز رىكشىغا ئولتۇرۇپ «جەڭ-گاھ» مېھمانخانىسىغا بارىمىز ـ دە، سۈرەتكە چۈشىمىز. ئاندىن ۋاقىت يەتكەندە كوچىغا چىقىپ، شەرتلىك نومۇرلۇق ماشىنىغا ئولتۇرىمىز. بۇ ۋاقىتتا قاراڭغۇ چۈشۈپ كۆز باغلىنىدۇ. بۇ كۈنى ئادەتتە كىيىپ يۈرىدىغان بەقەسەم پەيزا كەمچەت تۇماقنىڭ ئور-نىغا پىلاش ۋە شلەپە كىيىۋېلىشتۇق. بىز سۈرەتكە چۈشۈپ دەل بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كوچىغا چىقىشىمىزغا شەرتلىك ماشىنا كېلىپ توختاپ، ماشىنىنىڭ كەينى ئىشىكى ئېچىلدى، بىز ماشىنا نومۇ-رىغا قاراپ دەرھال ئولتۇردۇق. جاڭ خۇزا تىنچلىق، ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، كىتابخانىغا يەتمەستىن ماشىنىدىن چۈشۈپ قالىدىغانلىقىمىزنى ۋە 200 قەدەمچە ئالدىغا ماڭغاندا ئۈچ چاق-لىق رىكشا ھارۋا كەينىمىزدىن يېتىپ كېلىپ بىزنى ئولتۇرغۇزىد-دىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. قايتقاندا بولسا، كىتابخانىنىڭ ئار-قىسىدىكى كوچىدا باشقا ماشىنا كۈتۈپ تۇرۇشنى ۋە نومۇر بەلگىلىرىنى ئېيتىپ بەردى. سۆزلىشىش ۋاقتى 25 مىنۇتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك دەپ ئۇقتۇردى. مارشرۇت ئەينەن بولدى. بىز ئالدىنئالا كېلىشۇالغىنىمىز بويىچە، مەن كىتابخانا ئىچىدە كىتابلارنى تاللىغاچ «قۇيرۇق» بار ـ يوقلۇقىغا قارىدىم. ئاباسوف بولسا كىتاب جاۋەنلىرىگە قارىغان بولۇپ، غېپىدە دۇكاننىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. كىتابلارنى تاللاپ بولدۇم. سى-لىق مۇئامىلە سېتىقچى يىگىت، شۇنداق رەتلىك چىگدى، ئۇنىڭ چاققان قول ھەرىكەتلىرىگە قاراپ تەشۋىشلىك مىنۇتلارنىڭ ئۆتكىنىنى بىلمىگەندەك بولدۇم، سائەتكە قارىدىم، 22 مىنۇت ئۆتۈپتۇ، يەنە ئۈچ مىنۇت بار... نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكىم دۈپۈل-دەپ كەتتى، ئۈچ مىنۇت ئۈچ سائەتتەك بىلىنىپ كەتتى.

ئاباسوف ئىككى مىنۇت كېچىكىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئىچىدى-كى خۇشاللىق ھاياجىنى كۈلۈپ كېلىشىدىن بەلگىلىك ئىدى. بىز خۇشاللىقتا خەتەرنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك ھالەتنى كەچۈر-گەندۇق. ئىككىمىز ئىككى بولاق كىتابنى قولتۇقلىغىنىمىزچە كىتابخانىدىن چىقتۇق. ئارقا كوچىغا ئۆتۈشىمگە جاڭ خۇزا ئېيت-قان ماشىنا كېلىپ توختىدى. بۇ قېتىم بىز كەينىمىزدىن بىرسى

قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك ئالدىراپ ـ سالدىراپ ماشىنىغا ئولتۇرۇ ـ ۋالدۇق. جاڭ خۇزىنىڭ «ھەممە ئىش جايىدىدۇر» دېگەن سوئا ـ لىغا ئاباباسوف:

ــــ جاڭ خۇزا، ئىنتايىن ياخشى، سىزگە كۆپ رەھمەت، جاڭ ئۇستام، ــــ دېدى. بىزنى يەنىلا جەڭگاھ سۈرەتخانىسىنىڭ ئالدىغا چۈشۈرۈپ قويغان جاڭ خۇزا «زەيجەن» (يەنە كۆرۈش ـ كىچە) دېدى ـ دە، يۈرۈپ كەتتى.

ئاباباسوف بىلەن چۈشكەن سۈرەتلىرىمىزنى ئېلىپ، ئۆز يا ـ تاقلىرىمىزغا قايتتۇق.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئاباباسوف كىتابخانىنىڭ كەينى ئىشـ ـ كىدىن چىقىپ كومپارتىيەنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىغا كىرىپ، دۇڭ بىۋۇغا شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسىنى يەتكۈزگەن، دۇڭ بىۋۇ بولسا ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدىكى دېموكراتىك ھەرد ـ كەتتىن، «خ ئى پ» نىڭ (خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى) تەشكى ـ لىي ئىش ئىزلىرىدىن قانائەتلەنگەن ۋە مىللىي ئارمىيەنىڭ مەۋ ـ جۇت بولۇپ تۇرۇشى ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە، بىراق ھا ـ زىر كوممۇنىزم بايرىقىنى ئاشكارا كۆتۈرۈپ چىقىشنىڭ شەرت ـ شارائىتى تېخى پىشىپ يېتىلمىدى دەپ قاراپتۇ. جۇڭگو كومپار ـ تىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، مەخسۇس بىر ئادەمنىڭ سىمسىز رادىيو تېلېگراف ئاپپاراتىنى ئېلىپ، ئەخ ـ مەتجان ۋە ئابدۇكېرىم ئاباباسوفلارغا ھەمراھ بولۇپ شىنجاڭغا بېرىپ ئىشلىشىنى قارار قىلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

(زىيا سەمەدىنىڭ «ئەخمەت ئەپەندى»ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى).

يۇقىرىقى بايانلار بۇ قېتىمقى مەخپىي ئالاقە باغلاش ھەرىكىتىنىڭ شاھىتى ــــ شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەزگىلىدە ئۈچ ۋىلا ـ يەت ئەۋەتكەن ۋەكىل سۈپىتىدە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىـ ـ نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان زىيا سەمەدى يازغان كىتابتىكى مۇناسـ ـ ۋەتلىك قۇرلار.

زىيا سەمەدى 1917 ـ يىلى ياركەنت شەھىرىنىڭ خونخاي يېزىسىدا

تۇغۇلغان، ئۈسمۈرلۈك دەۋرىدە غۇلجىدا ئوقۇغان، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدە ئىشلىگەن. 1938 - يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. 1944 - يىلى تۈرمىدىن چىقىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. 1946 - يىلى 6 - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. ئۇ يەنە ئەخمەتجان ئەپەندىمگە ھەمراھ بولۇپ «مىللىي قۇرۇلتاي» غا قاتناشقان. 1947 - يىلى بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن، غۇلجىغا قايتىپ بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولغان ھەمدە ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئوپېراسى «غېرىب - سەنەم»، «قانلىق داغ» قاتارلىقلارنى يازغان. ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. 1958 - يىلى تەنقىدكە ئۇچرىغان، ئىككىنچى يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان، 2000 - يىلى ئالمۇتادا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

زىيا سەمەدىنىڭ بايانلىرىدا، ئەخمەت ئەپەندىم نەنجىڭدىكى «مىللىي قۇرۇلتاي»غا قاتناشقان ۋاقتىدا، ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاۋۋال يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن ئاشكارا كۆرۈشكەنلىكى، ئارقىدىن مەخپىي ھالدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن زىيا سەمەدىنى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىغا ئەۋەتكەنلىكى، زىيا سەمەدىنىڭ ئىشىك سىرتىدا قاراۋۇللۇق قىلغانلىقى، ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئىش باشقارمىسىغا كىرىپ يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشكەنلىكىدىن ئىبارەت تەپسىلاتلارھەقىقىي تەسۋىرلەنگەن. ئابدۇكېرىم ئابباسوف يولداش دۇڭ بىۋۇغا «شىنجاڭ خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» ھەققىدە توختىلىپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسى بار دەپ دوكلات قىلغانىكەن. ناھايىتى روشەنكى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېر - جەڭچىسىنىڭ ھەممىسىنى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى دەپ ئىشەنچ بىلەن ئېيتالىغان. ئەمەلىيەتتە خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسىنىڭ پەقەت نەچچە ئونلا ئەزاسى بار ئىدى. ئابدۇكېرىمنىڭ بۇنداق دوكلات قىلىشى ھەرگىز ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، خۇددى ئەخمەت ئەپەندىم ئۈرۈمچىدىكى ئوچۇق چوڭ يىغىندا «بىزنىڭ پارتىيەمىز بار، پۈتۈن شىنجاڭ-

دىكى 4 مىليوندىن ئارتۇق خەلقنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ پارتىيە ئەزالىرىمىز» دېگەنگە ئوخشاش، ئابدۇكېرىم ئابباسوفمۇ مىللىي ئارمىيەمىزنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئوفىتسېر ـ جەڭچىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى دەپ تونۇشتۇرغان. ئابدۇكېرىم ئابباسوفتىكى ھېچكىمدە يوق ئىككى ئالاھىدىلىك ئىشلارنىڭ كونكرېت ئەمەلىيلىشىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. بۇنىڭ بىرى، ئابدۇكېرىم خەنزۇ تىلىنى پۇختا بىلىدۇ، يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن بىۋاستە سۆزلىشەلەيدۇ، دېمەك مەقسەتنى ئېنىق ئۇقتۇرالىشىدا شەك يوق؛ يەنە بىرى، ئايالى خەنزۇ مىللىتىدىن، «ئايالىمنىڭ تۇغقىنى»نى شىنجاڭغا ئەكېتىمەن دەيدىغان باھانە بۇ ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ئىنتايىن مۇھىم يول ئېچىپ بەرگەن.

جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۇرۇمچىگە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىشى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم ۋەقە. گەرچە شىنجاڭغا يولداش پېڭ گوئەندىن ئىبارەت بىرلا ئادەم كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كېلىشى ئۈچ ۋىلايەت بىلەن جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئېلېكتىر توك بېسىمىنىڭ تۆۋەن بولۇشى سەۋەبىدىن ۋاڭ نەندى يەنئەن بىلەن ئالاقە باغلىيالماي قالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ جۇڭگو كومپارتىيەسى بىلەن ئالاقە ئورناتقانلىقىنىڭ تارىخىي دەلىلى.

ئەخمەت ئەپەندىم جۇڭگو كومپارتىيەسىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى، جۇڭگو كومپارتىيەسى ئەزالىرىنى بىزنىڭ دوستىمىز دەپ بىلەتتى. ئۇنىڭ بۇ كۆزقارىشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ سىياسىي يۆنىلىشىدە يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى. بىراق ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، جۇڭگو كومپارتىيەسىنى ئاشكارا تىلغا ئېلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئالاھىدە مۇھىتتا، ئۇ كومپارتىيە ئەزالىرىنى «ئىچكىرىدىكى خەلقچىللەر» دەپ ئاتاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا جۇڭگو كومپارتىيەسى بىلەن بىر يولغا ماڭىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى، شۇنداقلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دۈشمىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دۈشمىنى جۇڭگو كومپارتىيەسى دېگەن يەكۈنگە ئاساسەن «دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز» دېگەن پەلسەپىۋى ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويدى.

گومىنداڭنىڭ نەنجىڭدە ئېچىلغان «مىللىي قۇرۇلتاي»ى 43 كۈن

داۋام قىلدى، قۇرۇلتاي يىپىلغاندىن كېيىن ئەخمەت ئەپەندىم بىرنەچچە ۋەكىلنى باشلاپ ئىچكىرى ئۆلكىدىكى باشقا جايلارغا ئېكسكۇرسىيەگە باردى. جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ۋە باشقا ۋەكىللەر ناھايىتى تېزلا ئۈرۈمچىدىگە قايتىپ كەلدى. ئەمما «مىللىي قۇرۇلتاي» نىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى بېسىقماي تۇرۇپلا، جياڭ جيېشى ساختا قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، ئازاد رايونلارغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، كومپارتىيەنى يوقىتىش مەخپىي بۇيرۇقىنى چۈشۈردى.

جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1946 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئۈرۈمچىدە ئارمىيە - ھۆكۈمەت يىغىنى ئېچىپ، «مىللىي قۇرۇلتاي» نىڭ مەزمۇنىنى يەتكۈزدى، ئۈچ ۋىلايەتكە تاقابىل تۇرۇشتىمۇ ئۇيۇشتۇرۇش (تەشكىللەش) ئارقىلىق ئۇيۇشتۇرۇشقا (تەشكىللەشكە)، تەشۋىقات ئارقىلىق تەشۋىقاتقا تاقابىل تۇرۇش تاكتىكىسىنى ئورۇنلاشتۇردى. 1947 - يىل 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى گومىنداڭ 6 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ نەنجىڭگە قاراپ ئۇچتى، شۇ كەتكەنچە نەنجىڭدە ئىككى ئايدىن ئارتۇق تۇردى.

ئەپەندىم ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىدىن بولۇپ جەمئىي سەككىز ئادەم 1946 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 1947 - يىل 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگە قەدەر، جياڭ جىڭگونىڭ بىۋاسىتە ھەمراھلىقىدا باشقا جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

ئەپەندىملەرنىڭ شىنياڭ، چاڭچۇنلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش پىلانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپتۇ. ئۇلار بېيپىڭ، تيەنجىنلەردىكى ئېكسكۇرسىيەنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، 1947 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جياڭ جىڭگو ئۆزى ھەيدىگەن «مېيلىڭ» ناملىق مەخسۇس ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ تيەنجىندىن چىڭداۋغا بېرىپتۇ. ئۇلار چىڭداۋدا ئىككى كۈن تۇرۇپ، ۋاڭ نەندىنى ئېلىپ 8 - چېسلا نەنجىڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئايروپىلان ئالمىشىپ شىنجاڭغا قاراپ ئۇچۇپتۇ. قايتىش سەپىرىدە لەنجۇدا بىرنەچچە كۈن توختاپ، 1947 - يىل 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى.

شۇنداق! ئەخمەتجان ھايات - ماماتىغا قارىماي دۈشمەن بىلەن ئېلىشتى، ھەتتا دۈشمەننىڭ يۈرىكى بولغان نەنجىڭدە «مىللىي قۇرۇلتاي»

غا قاتناشقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن بىللە
ئاخىر جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى يولداش
دۇڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ئالاقە ئورناتتى.

ئەخمەتجان قۇربان بولغاندىن كېيىن، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ نەن-
جىڭدە جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى
بىلەن ئالاقە ئورناتقانلىقىدىكى ئىش ئىزلىرىنى ئەسلەشتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، مەن زۇڭلى جوۋ ئېنلەي بىلەن كۆرۈشكەن
ۋاقتىمدا، ئۇ ئەخمەتجان قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ۋاپاتىغا چوڭ-
قۇر تەزىيە بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئەخمەتجاننىڭ خېيىم - خەتەرگە قا-
رىماي، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمى-
سىغا بېرىپ، جۇڭگو كومپارتىيەسى بىلەن ئالاقە ئورناتقانلىقىغا يۇقىرى
باھا بەرگەنىدى.

بۇ بىر ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت. لېكىن چېكىدىن ئاشقان «سولچىل»
لۇشيەن زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان دەۋرلەردە، بەزىبىر يامان غەرەزلىك
كىشىلەر ئەخمەتجاننىڭ بۇ تارىخىي تۆھپىسىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇ-
نۇپ، ئۆزلىرىنىڭ رەزىل مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇشتى.

ھالبۇكى، پاكىت ھامان مۇنازىرىدىن ئۇستۇن تۇرىدۇ.

1984 - يىلى، يولداش تۇڭ شياۋپېڭ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت-
لەرنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ژۇرنىلىنىڭ
1984 - يىللىق 11 - سانىدا ئۇلارنىڭ جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ نەن-
جىڭدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىغا بېرىپ ئالاقە ئورناتقان جەريانى با-
يان قىلىنغان ئەسلىمىسىنى ئېلان قىلدى.

غۇلجىغا بېرىشىم بىلەنلا ئۆتكەن ئىشلار ئېسىمگە كېلىش-
كە باشلىدى. *1946* - يىلى *1* - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت خەلق ۋە-
كىللىرى بىلەن گومىنداڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ «تىنچلىق بىتى-
مى» ئىمزالىدى. *11* - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەر-
لىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىقلار
قۇرۇلتايغا قاتنىشىش ئۈچۈن نەنجىڭغا كەلگەندە، جۇڭگو كوم-
پارتىيەسىنىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىغا بېرىپ
يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشۈپ، جۇڭگو كومپارتىيەسى

مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشنى تەلەپ قىلدى. مەركەزنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، دۇڭ ئاقساقال راتسىيەچى يولداش پېڭ گۇئەننى مەخپىي هالدا كىچىك راتسىيە ئاپپاراتىنى ئېلىپ ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن غۇلجىغا بېرىشقا ئەۋەتتى...

بۇ ماقالىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆتكەن ئىشلار قەلبىمنى يەنە بىر قېتىم هاياجانلاندۇردى.

مەن ئەينى ۋاقىتتا ماقالىنى كۆرگەندە، سالامەتلىكىم ئانچە ياخشى بولمىغانلىقتىن، شىنجاڭدا تۇرۇپ، ئوغلۇم ئادىلجانغا ئەينى يىللاردا يولداش دۇڭ بىۋۇغا كاتىپلىق قىلغان، ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغان يولداش تۇڭ شياۋپېڭنى مەخسۇس زىيارەت قىلىشنى هاۋالە قىلدىم.

1985 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كەچتە، ئوغلۇم ئادىلجان جۇڭنەنخەينىڭ يېنىدىكى بېيجىڭ شەهىرى فۇيۇ كوچىسى 8A ـ نومۇرلۇق قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش تۇڭ شياۋپېڭنى مەخسۇس زىيارەت قىلدى. ئوغلۇم ئىشىك باققۇچىغا يولداش تۇڭ شياۋپېڭنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئىشىك باققۇچى يولداش تۇڭ شياۋپېڭغا تېلېفون قىلىپ، زىيارەت قىلىش ئۈچۈن مېهمان كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. يولداش تۇڭ شياۋپېڭ زىيارەت قىلغۇچىنىڭ ئەخمەتجاننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دەرهال ئوغلۇمنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بېرىپتۇ. يولداش تۇڭ شياۋپېڭ بويى پاكارراق، ئورۇق، تېتىك هەم ناهايىتى روهلۇق ئادەم بولۇپ، ئۆيىگە ئۆز قولى بىلەن يازغان هەر خىل هۆسنخەت ئەسەرلىرى ئېسىلغانىكەن. ئوغلۇم ئالدى بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، كېلىش مەقسىتىنى ئېيتقاندىن كېيىن يولداش تۇڭ شياۋپېڭ ئوغلۇمغا مۇنداق دەپتۇ:

— 1946 ـ يىلى، بىزنىڭ نەنجىڭدىكى ئىش باشقارمىمىز سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلگەن بولغاچقا، ئوخشاش بولمىغان هەر خىل سىياسىي قاراشتىكى پارتىيە ـ گۇرۇھ زاتلىرى، مۇخبىرلار ۋە چەت ئەللىكلەر ئەركىن كىرىپ ـ چىقالايتتى. ئەينى چاغدا بىز نەنجىڭدىكى «مېييۈەن»

يېڭى كەنتى 6 ـ نومۇرلۇق هويلىدا تۇراتتۇق. بىراق گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى بىزنى ھەمىشە مەخپىي كۆزىتىپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بەزى پائالىيەتلەرنى مەخپىي ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولاتتۇق.

— گومىنداڭ جاھىللىق قىلىپ «مىللىي قۇرۇلتاي» ئاچتى. يولداش جوۋ ئېنلەي 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئاچقاندىن كېيىن، دېڭ يىڭچاۋ، بەي شياڭگو قاتارلىق كىشىلەرنى ئېلىپ يەنئەنگە قايتىپ كەتتى. مۇدىر دۇڭ بىۋۇ ۋە مەن قاتارلىق بىرنەچچە يولداش ئىش باشقارمىسىدا قېپقالدۇق. ئەينى چاغدا ئەخمەتجان، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋە باشقا بىرەيلەن بىرلىكتە زىيارەتكە كەلدى. قائىدە بويىچە، خۇددى باشقا پارتىيە ـ گۇرۇھ زاتلىرىنىڭ ئادەتتىكى بېرىش ـ كېلىشىگە ئوخشاش، ئۇلار كۈندۈزى ئىش باشقارمىسىغا كېلىپ ئاددىي زىيارەت قىلدى ۋە پاراڭلاشتى ھەمدە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ناھايىتى تېزلا قايتىپ كەتتى.

— نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئاخشىمى ئابدۇكېرىم ئابباسوف كەلدى. يولداش دۇڭ بىۋۇ مېنى ئاشخانا ئۆيىنىڭ يېنىدىكى ئۆيدە ياتقان يولداش پېڭ گوئەننى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. مەن دەرھال بېرىپ ئۇنى چاقىرىپ كەلدىم. كېيىن مەخسۇس پىلانلاش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، يولداش پېڭ گوئەن شىنجاڭغا باردى...

بۇ ئىش توغرىسىدا، ئەينى چاغدا نەنجىڭگە بىرگە بارغان باشقا خىزمەتداشلارنىڭ بايانىنىمۇ ئاڭلاپ باقايلى، شۇنداقتا تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز.

مەخسۇت تېيىپوف ئەينى چاغدا چىڭداۋغا بارغان چاغدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق بايان قىلىدۇ:

— ئەينى چاغدا، ئەخمەت ئەپەندىم بۇرۇتىنى تەۋرەتمەي تۇرۇپ ھېچقايسىمىز ھېچيەرگە قىمىرلىيالمايتتۇق، — دېدى مەخسۇتكام سۆزىنى داۋام قىلىپ، — نەنجىڭدە بىز جياڭ جيېشىنىڭ ئوغلى جياڭ جىڭگونىڭ ھەمراھلىقىدا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جياڭ جيېشىنىڭ خانىمى سۇڭ مېيلىڭغا سوۋغا قىلغان ئاق رەڭلىك ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، باشقا جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا باردۇق. ئايروپىلانغا «مېيلىڭ» دەپ نام بېرىلگەنىكەن. بىز چىڭداۋغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن دېڭىز ساھىلى ۋە باشقا سەيلىگاھلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ئەخمەتجان ئەپەندى مېنى ئۆزىنىڭ ياتىقىغا چاقىرتتى، ئەخمەت ئەپەندىم شۇ

چاغدا ياتاقتا ئابدۇكېرىم ئاباسوف بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرغانىكەن.

— كەلسىلە، مەخسۇتكا، — دېدى ئەخمەت ئەپەندى مۇلايىم سالام بېرىپ، — سىلىنى ئازراق ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇق. ئابدۇكېرىمنىڭ ئايالىنىڭ تۇغقانلىرىنى بىللە بېرىپ يوقلاپ كەلسەڭلەر دېيىشىۋاتىمىز. ياقا يۇرتقا ئۇ ئۆزى يالغۇز بارسا ياخشى بولمايدۇ، سىلى ھەمراھ بولۇپ بېرىپ كەلسىلە، قانداق؟

— بولىدۇ، — دېدىم مەن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ.

بىز ئابدۇكېرىم ئاباسوف بىلەن مېھمانخانىدىن چىقىپ پىيادە مېڭىپ كەتتۇق. مەن نېمىشقا ماشىنا سورىمايمىز دېسەم، ئابدۇكېرىم ماڭا، يول يىراق ئەمەس، مەخسۇتكا، پىيادە مېڭىپ سەيلە قىلغاچ ئەتراپنى كۆرۈپ ماڭساق ياخشى ئەمەسمۇ، دېدى. بىز پاراڭلاشقاچ يولدا كېتىۋاتقىنىمىزدا، ئابدۇكېرىم ماڭا ئايالى لۇ سۇشىننىڭ چىڭداۋلىق ئىكەنلىكىنى، بۇ يەردە ئايالىنىڭ تۇغقانلىرى بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بىز بىر يېرىم سائەتتەك يول يۈرۈپ بىر خۇرجالارنىڭ قورايلار بىلەن قورشاپ قويغان كىچىك بىر ھويلىسىغا يېتىپ باردۇق. ئىچكىرىگە كىرسەك بىرقانچە «كىشى» پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىكەن، بىز ئۇزاق ئولتۇرمايلا قوزغالدۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يەرلىك دېھقانلارغا ئوخشاش كىيىنگەن، سەل ئاقسايدىغان بىر ئادەم بىز بىلەن بىللە قايتتى. ئابدۇكېرىم ماڭا بۇ كىشىنى ئايالىمنىڭ تۇغقىنى بولىدۇ، بىز بىلەن بىللە شىنجاڭغا بارىدۇ دەپ تونۇشتۇردى. مەنمۇ «ھە» لا دېدىم، يەنە بىر يېرىم سائەتتەك يول مېڭىپ مېھمانخانىغا قايتىپ كەلدۇق. ئەپەندىم بىزنى مېھمانخانىدا كۈتۈپ ئولتۇرغانىكەن. ئەينى چاغدا مەنمۇ سوراپ باقماپتىكەنمەن. ئەسلىدە بۇ ئادەم پېڭ گوئەن ئىكەن، ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ خىزمەت ئىشلىگەنىدى.

مەخسۇت تېيىپوف 1904 - يىلى تۇغۇلغان، تۇرپاندىن. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان مەزگىلدە بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ 8 - باشقارمىسى دەپ ئاتالغان قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇ ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار زات بولۇپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن بىز غۇلجىغا قايتماقچى بولغان ۋاقتىمىزدا، ئۇمۇ بىز بىلەن بىرگە كېتىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما ئەخمەتجان ئۇنىڭغا بىرمۇنچە خىزمەت ئىشلەپ، ئۈرۈمچىدە قېپقالسا تېخىمۇ زور رول

ئوينىيالايدىغانلىقى توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك قاتناش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولۇپ، پارتىيە ۋە خەلققە نۇرغۇن تۆھپىلەرنى قوشتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەز-گىلىدە، ئۇ نۇرغۇن ناھەقچىلىككە ئۇچرىدى، كېيىن سىياسەت ئەمەلىيـ-لىشىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولدى. 1990 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى.

ئەپەندىم نەنجىڭدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە ئالاقىدار خادىملارغا قۇرۇلتاي ئەھۋالىنى ۋە ئېچىلىدىكى ئېكسكۇرسىيە ـ زىيارەت ئەھۋالىنى كۆپ قېتىم تونۇشتۇردى.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ «تاللانما ئەسەرلەر»دە مۇنداق بىر ئابزاس سۆز بار:

«1947 ـ يىلى بىز ئۆلكىدىن ۋەكىل بولۇپ قۇرۇلتايغا بارغاندۇق. قۇرۇلتاي گومىنداڭ ۋە كومپارتىيە ۋەكىللىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئېچىلىشى كېرەك ئىدى... بىراق كومپارتىيە مەتبۇئاتىنىڭ يېزىشىچە، قۇرۇلتاي ئېچىلىش ۋاقتىدا، گومىنداڭ كومپارتىيە بىلەن ھەمكارلىشىشنى لايىق تاپماي، قۇرۇلتاي يال-غۇز گومىنداڭنىڭ خاھىشىدا ئېچىلدى. نەتىجىدە، گومىنداڭ بى-لەن كومپارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى بىتىم بۇزۇلۇپ، گومىنداڭ كوم-پارتىيە ئىشغال قىلغان جايلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كومپارتىيە قۇرۇلتايغا قاتناشمىدى. گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقى-دا ئېچىلغان بۇ قۇرۇلتايدا قوبۇل قىلىنغان ئاساسىي قانۇننىڭ بىزنىڭ ئۆلكىگە دائىر جايلىرىنى بىز قۇرۇلتايدىن قايتىپ كەل-گەندە كۆپچىلىككە بىر قۇر بايان قىلىپ ئۆتكەندۇق.

تەبىئىي، بىز قۇرۇلتاي ۋاقتىدا خەلق تۈزۈمىگە ئاساسلانغان قانۇننى قوبۇل قىلىشقا چېلىشقان بولساقمۇ، لېكىن بىزنىڭ ئۆلكە ۋەكىللىرى قۇرۇلتايغا قاتناشقان گومىنداڭ ۋەكىللىرىنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمىنى تەشكىل قىلغاچقا، بىزنىڭ چېلىشىمىز تەسىر قىلالمايتتى، قۇرۇلتايغا بىزنىڭ تاشلىغان توغرا پىكىرلىرد-

مىزنىڭ ھېچقانداق ئېتىبارغا ئېلىنمىغانلىقى تەئەججۈپلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز قۇرۇلتايدا ئاساسىي قانۇننى ئىنكارمۇ قىلمىدۇق، ئېتىراپمۇ قىلمىدۇق، خەلقىمىزنىڭ ئۇنىڭدىن خۇلاسە چىقىرىشىغا تاشلىغاندۇق».

(ئەخمەتجان قاسىمى: «تاللانما ئەسەرلەر» 240 ــ، 241 ــ بەتلەر)

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي جەريانىدا، ئەپەندىم ئىچكىرى ئۆلكىدىكى نۇرغۇن ئەھۋاللارنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى بىلەن تېخىمۇ ياخشى تونۇشتى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن رەسمىي كۆرۈشتى. بۇلار بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇلۇغۋار نىشانغا مۇستەھكەم ئاساس سېلىپ بەردى. بۇ ھەقتە ئەپەندىم كۆپ قېتىم نۇتۇق سۆزلىدى. تۆۋەندىكى نۇتۇقتا ئۇنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن پاكىتلار ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىدىن چىقارغان يەكۈننى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

653

«... بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز ئىچكىرىگە بارغاندا، گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ئىشتاب باشلىقى چېن چېڭ دېگەن كىشى ئىكەن. ئۇ ھەربىي ئىشلارغا ‹ئۇستا› ئادەم ئىكەن، ئۇ قۇرۇلتايغا بايانات بەرگەندە، ‹بىز كومپارتىيە بىلەن كېلىشمىدۇق... تېز يوقىتىمىز دېسەك ئۈچ ئايدا ياكى بەش ئايدا يوقىتىمىز...› دېگەنىكەن.

بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز ساياھەت قىلماق بولىدى. جەنۇبنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، شەرقتە چاڭچۈن، تيەنجىن، چىڭداۋ، لۇشۇن، شىنياڭ، بېيپىڭ شەھەرلىرىگە بارماق بولغانىكەن. بېيپىڭ، تيەنجىن، چىڭداۋنى ئايرىلاپ نەنجىڭگە قايتىپتۇ. چاڭچۈن، شىنياڭ شەھەرلىرىگە بارالمىغانىكەن. بۇ ۋاقىتتا، بۇ شەھەرلەر مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مۇستەھكەم ساقلىنىۋاتقان شەھەرلەردىن ئىكەن.

بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز ئىچكىرىگە بېرىپ قايتىپ كەلگىلى ئىككى يىل بولدى. چىن چىڭ ئەپەندى كومپارتىيەنى تۈگىتىشنىڭ ئورنىغا، كومپارتىيە چىن چىڭ ئەپەندىنى تۈگىتىپ قويۇپتۇ. رادىيو خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، ۋەكىللىرىمىز بارماق بولغان شەھەرلەرگە هازىر مەركىزىي هۆكۈمەت تەرىپىدىن بارماق بولسا بارالمايدىكەن. ئىككى يىل ئۆتتى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئەهۋالىمۇ شۇنچىلىك ئۆزگەردى. بىز بارغان بېيپىڭ شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدا كومپارتىيە، ئىچىدە گومىنداڭ. تيەنجىن شەھىرىدە كومپارتىيە تۇرۇپتۇ. ۋەكىللىرىمىز بارماق بولغان چاڭچۈن، شېنياڭ ئاللىقاچان قولدىن كېتىپ قاپتۇ. ۋەكىللىرىمىز چۈشۈپ ئۆتكەن خەنكۇ، ۋۇچاڭ دېگەن شەھەرلەرنىڭ بىر قىسمى قولدىن كېتىپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ جۇڭگونىڭ شەرقىي تەرىپى ۋە شەرقىي شىمالى پۈتۈنلەي قولدىن كېتىپ، شەرقىي جەنۇبنىڭ بىر قىسىم جايلىرىغا كومپارتىيە كىرىۋېلىپ، بىر قىسمىدا گومىنداڭ قاپتۇ.

... گومىنداڭنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىسترى بەي چۇڭشى دوكلات قىلغان. ئۇنىڭ دوكلاتىچە گومىنداڭنىڭ ئارمىيە سانى 3 مىليون، كومپارتىيەنىڭ ئارمىيە سانى 1 مىليون بولۇپ، كومپارتىيەنىڭ بىر مىليون ئارمىيەسىگە قورال يېتىشمەيدىكەن؛ گومىنداڭنىڭ ئىسكىلاتلىرىدا زاپاس قوراللىرى ساقلىنىدىكەن.

بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز شۇ ۋاقىتتا كومپارتىيە ئارمىيەسىنىڭ باشلىقى جۇ دې دېگەن كىشىنىڭ ئامېرىكا مۇخبىرىنىڭ سوئالىغا بەرگەن جاۋابىغا قاراپ هەيران قالغانىكەن. مۇخبىرنىڭ ئامېرىكىنىڭ گومىنداڭغا ياردەم بېرىشىگە قانداق قارايسىز؟ دېگەن سوئالىغا ئۇ كىشى ‹قارشى ئالىمىز...› دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن. مۇخبىرنىڭ: ‹بۇ غەلىتە گەپقۇ، ئۇ گومىنداڭغا ياردەم بېرىۋاتقان بولسا، سىز قانداق قارشى ئالىسىز؟› دېگەن سوئالىغا ئۇ كىشى: ‹بىزدە قورال كەمچىل، ئامېرىكا قورال ئەكېلىپ بەرسە، بىز قوراللىنىمىز› دېگەنىكەن. بىز بۇ قوماندانىنىڭ گېپىنى پاختىمىكىن دېگەنىدۇق. هازىرقى مەتبۇئات خەۋىرىچە، كومپارتىيەنىڭ ئارمىيە سانى 3 مىليونغا يېتىپتۇ، 3 مىليونلۇق گومىنداڭ ئارمى-

يەسى بولسا *1* مىليونغا چۈشۈپ قاپتۇ...»

(ئەخمەتجان قاسىمى: «تاللانما ئەسەرلەر»، *217* ـ، *218* ـ، *219* ـ بەتلەر.)

ئەپەندىم قۇرۇلتايغا قاتنىشىش جەريانىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سۇيىقەست، ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى تونۇپ يېتىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلققە، دېموكراتىيەگە قارشى ماھىيىتىنى پاش قىلدى. ھەر خىل باھانىلەرنى كۆرسىتىپ، قۇرۇلتايغا پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گومىنداڭنىڭ بۇ سىياسىي سەھنىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، شىنجاڭدا پارتلىغان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىدە قولغا كەلگەن غەلىبىلەرنى ئەتراپلىق تەشۋىق قىلدى، گومىنداڭنىڭ دۈشمىنى بولغان جۇڭگو كومپارتىيەسى بىلەن بىۋاستە ئالاقە ئورناتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، مەن مەخسۇس نەنجىڭغا بېرىپ، ئەينى يىللاردىكى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىنىڭ ئورنىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم. ئۇ يەردە مەن ئەخمەتجاننىڭ يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن سۆزلەشكەن چاغدىكى ئۇستەل ـ ئورۇندۇقلارنى كۆردۈم. ئىش باشقارمىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى مەخپىي كۆزىتىش ئۇچۇن ئىشلەتكەن كىچىك بىنانى كۆردۈم. ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ مۇشۇنداق قاتتىق ئاق تېررورلۇق ئىچىدە تۇرۇقلۇق، ئاخىر ئۆز دوستىنى تاپقانلىقىنىڭ نەقەدەر تەسكە توختىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

بۇ ئۆتمۈشنى ھەر قېتىم ئەسلىگىنىمدە، ئەخمەتجاننىڭ ئاشۇ مەشھۇر ھۆكۈمى ھامان قۇلاق تۈۋىمدە ياڭرايدۇ:

«دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز!»

# 36. تۇرپاننى كۆزدىن كەچۈرگەندە ئۇرۇمچىدە يۈز بەرگەن نامايىش

«مىللىي قۇرۇلتاي» ئاخىرلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي 1946 ـ يىل 12 ـ
ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جياڭ جيېشى ئىچكى ئۇرۇش توغرىسىدا مەخپىي
بۇيرۇق چۈشۈردى:
«... بۇ بولسا ئارمىيەمىز بىلەن كومپارتىيە باندىتلىرى ئوتتۇرد-
سىدىكى سىياسىي كۈرەشكە مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي مەسىلە. پېقىر
سەركەردىلىرىمىزنىڭ ھەرگىزمۇ بىپەرۋالىق قىلماي، ئەمەلىي ھەرىكەت-
لىرى ئارقىلىق قاتتىق ئىجرا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. كونىلاردا ‹قىل-
غان ئىشىڭ ئەمدى يېرىمىغا يەتتى› دېگەن گەپ بار، ‹مىللىي قۇرۇلتاي›
غەلىبىلىك يېپىلىپ، ئاساسىي قانۇن بېكىتىلگەن ھازىرقى پەيتتە، دۆ-
لەت ئىچى ـ سىرتىنىڭ ھۆكۈمىتىمىز بىلەن ئارمىيەمىزگە بولغان
كۆزقاراش، دىققەت ـ ئېتىبارلىرى بىردىنلا ئىجابىيلىققا قاراپ ئۆزگەر-
دى. باندىتلار ئارمىيەسىنىڭ روھىي جەھەتتە قانداق ئىكەنلىكى توغرد-
سىدا سۆز ئاچمايلا قويايلى، ئۇلار مەيلى ھەربىي، مەيلى سىياسىي جە-
ھەتتە بولسۇن، ئەجەللىك زەربىلەرگە ئۇچرىدى. ئارمىيەمىزنىڭ باندىت
تازىلاش ئىشلىرى ھازىر ھالقىلىق پەيتكە قەدەم قويدى، سەركەردىلىرد-
مىز بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر يىل ئىچىدە روھىنى ئۇرغۇتۇپ، جاسارەت
بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، ئاشۇ ياۋۇز باندىتلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ،
ئىنقىلابنىڭ ئاخىرقى توسالغۇلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلىسىلا، جاھاننى ما-
لىمانچىلىققا سالغان بالايىئاپەت بىر كۈنى تىنچىيدۇ، پۈتۈن مەملىكەتتە
ئۈچ مەسلەك ئەمەلگە ئېشىپ، زۇڭلىنىڭ ۋە ئىنقىلاب يولىدا قۇربان
بولغان قوماندان ـ جەڭچىلىرىمىزنىڭ روھى ئەمىن تاپىدۇ، ئوفىتسېر ـ
ئەسكەرلىرىمىزنىڭ بۈيۈك تۆھپىسى مىللىي ئىنقىلابنىڭ شانلىق تارد-

خىي سەھىپىسىگە مەڭگۈ خاتىرىلىنىدۇ. ھەممەيلەننىڭ ئاداققىچە تىرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن!»

شىنجاڭغا كەلسەك، گومىنداڭنىڭ ئىستراتېگىيەسىگە ماسلىشىش ئۈچۈن شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى ھە دەپ قىلىچىنى بىلەپ، چوڭ قىرغىنچىلىق تەييارلىقىغا چۈشتى. بۇ چاغدا جاڭ جىجوڭ ئەپەندى بولسا گومىنداڭ 6 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن نەنجىڭگە كەتكەنىدى.

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى جاھىل كۈچلىرى ھۇجۇم قوزغاش ئۈچۈن تۈركىستان نوغايبايېفنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، باشقىدىن چۇقان كۆتۈرگىلى تۇردى. تۈركىستاننىڭ خوتۇنى ئەزىزە ئۆزۈندىن بېرى گومىنداڭ جاھىل كۈچلىرىنىڭ شۇنداقلا ئوسمان، خادىۋاڭ قاتارلىقلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ كەلگەنىدى. ئەمدىلىكتە بولسا گومىنداڭ جاھىل كۈچلىرى ئوت قۈيرۇقلۇق قىلىپ ئەزىزەنى ۋەقە تۇغدۇرۇشقا قۇتراتتى. بىر مەيدان «پۇرۇچ قونچاق ئويۇنى» ئويناپ، ئەخمەت ئەپەندىمگە قارشى يېڭى دولقۇن كۆتۈرۈشكە ئۇرۇندى.

ئەپەندىم نەنجىڭدىن قايتقان كۈننىڭ ئەتىسى ئاپتومات ئاسقان بىر ياش بالا كېلىپ تەھدىت سالغان مەزمۇندىكى بىر پارچە تەشۋىق ۋەرەقىسىنى ئەپەندىمگە تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ، ۋەرەقەدە: «ئەخمەتجان تۈركىستاننىڭ ئۆلۈشىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك، ئۇ باشقىلارنى قۇترىتىپ تۈركىستاننى ئۆلتۈرگۈزگەن، ھازىر بۇنىڭ ھېسابىنى بېرىشى كېرەك، ئۈچ كۈن ئىچىدە جاۋاب بەرسۇن...» ۋاھاكازا دېيىلگەن. ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن، تۈركىستاننىڭ خوتۇنى ئەزىزە ئەخمەت ئەپەندىمگە يەنە بىر پارچە خەت يېزىپ تەھدىت سالدى. گومىنداڭ ھەربىي دائىرىلىرىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، ئەزىزە مۇتتەھەملىك بىلەن جار سېلىپ ھەممە يەردە ئىغۋا تارقىتىپ يۈردى، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئاممىنى قۇترىتىپ: «تۈركىستاننى ئەخمەتجان ئۆلتۈرگەن، بىزمۇ ئەخمەتجاندىن قانغا قان، جانغا جان ئالىمىز»، «سەنلەر ئۈچىنغا چىققان قىزىل پاچاقلار، كوممۇنىستلار...» دەپ ۋالاقشىدى.

ناھايىتى ئېنىقكى، گومىنداڭ جاھىل كۈچلىرى ئەزىزەگە يەل بېرىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى.

نەچچە كۈندىن كېيىنكى بىر يەكشەنبە كۈنى ئەزىزە بىرمۇنچە ئادەملەرنى كەينىگە سېلىپ ۋە بىر توپ ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ ۋارقىراپ ـ

جارقىراپ بىزنىڭ جەنۇبىي گۇلباغدىكى ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى. ئۇلار: «ئەخمەتجان، بۇياققا چىق! بىزنىڭ سوئالىمىزغا جاۋاب بەر...»، «ئەخمەتجاننى يوقىتايلى!» دەپ چۇقان سېلىشتى ۋە دەرۋازىدىن بۆسۈپ كىرمەكچى بولدى.

دەرۋازا ئالدىدا پوستتا تۇرغان جەڭچىلەر ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن يىرگىنىپ، ئۇلارنى توستى. ئەپەندىم دەرۋازىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ يۈز بەرگەن ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتى ۋە پىسەنت قىلماي مىيىقىدىلا كۈلۈپ قويدى. ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇنداق غوۋغالارنى نۇرغۇن قېتىم بېشىدىن كەچۈرگەن، ئۆلۈم تەھدىتىگىمۇ جىق ئۇچرىغانىدى. بۇگۈنكى بۇ «ئۇششاق پاشىلار»نىڭ ۋىڭىلدىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن قېتىغا ئالغۇچىلىكىمۇ بىر ئىش ئەمەس ئىدى!

تۇركىستان ئۇچىغا چىققان گومىنداڭچى ئۇنسۇر بولۇپ، گومىنداڭ تەرىپىدىن ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى. ئۇ بۇلتۇر سايلامغا نازارەت قىلىش گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ھاۋالىسى بىلەن تارباغاتايغا بارغان چاغدا، ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلغانىكەن. بىر كۈنى ئۇ دۆربىلجىن كىنوخانىسى ئالدىدا گومىنداڭنى مەدھىيەلەپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ھاقارەتلەيدىغان تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقىتىپ، ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان؛ تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقىرىپ ئاممىغا تەھدىت سالغان. غەزەپلەنگەن ئامما ئۇنى قاتمۇقات قورشىۋېلىپ، نەق مەيداندىلا «ئۇرە -ئۇر» قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، شۇنداق قىلىپ، «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك، تۇركىستان تېگىشلىك جاجىسىنى يېگەنىدى. ئەمدىلىكتە گومىنداڭنىڭ ئوڭ قانات كۈچلىرى يەنە بۇ ئىشنى باھانە قىلىپ ئەخمەتجانغا ئىبلىس چاڭگىلىنى ئۇزاتماقچى بولۇشقانىدى.

جاڭجال ئۇلغىيىپ بىر يەرگە بارغاندا، ئارقا سەپ قوغداش ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىم پەخرىدىن روسۇلوف كىرىپ كەلدى - دە، ئەپەندىمگە سىرتتا يۈز بەرگەن ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ: «ئەپەندىم، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ ئىشنى ئۆزۈم جايىدا بىر تەرەپ قىلىمەن» دېدى. ئەپەندىم ئەھۋالنى تېخىمۇ ئېنىق ئۇققاندىن كېيىن جايىدا ئولتۇرغىنىچە ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئويلىنىپ قالدى، كۆز ئالدىدىكى ۋەقە گەرچە كۆرۈنۈشتە كىچىك بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئارقىسىدا تېخىمۇ چوڭ بىر سۇ-

يىقەستىنىڭ بارلىقىنى قىياس قىلدى. ئۇ پەخرىدىندىن كەلگەن ئامىغا سوغۇقانلىق بىلەن تەربىيە ئىشلەپ، ئالدانغان ئامما بىلەن يامان غەرەز-لىك كىشىلەرگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە:

— ئەزىزەگە ئېيتىپ قويغىن، «قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرمىسۇن»، مەن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولمايمەن، ھەقىقەت دېگەن مەڭگۈ ھەقىقەت! — دېدى.

پەخرىدىن غوجا ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەپ، بۇ بىر تۈركۈم «ئامما»نىڭ قايمۇقۇپ ئالدام خالتىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكىنى ئېيتتى ۋە ئېپتىخارلىق بىلەن:

— سىلەر ئۆزۈڭلارنى قالتىس چاغلاپ كېتىۋاتامسىلەر؟ مەن دەپ قوياي، ئەخمەت ئەپەندىم سىلەردىن يۈز ھەسسە كۆپ ئادەمنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرىسىمۇ قىلچە قورقۇپ قالمايدۇ. شەرمەندىچىلىككە قالماي دېسەڭلەر، بالدۇرراق ئۇۋاڭلارغا كېتىۋالغىنىڭلار تۈزۈكمىكىن! — دېدى

ئەسلىدە بۇ بىر توپ ئادەم گومىنداڭنىڭ جاھىللىرى تەرىپىدىن يىغىپ كېلىنگەنىكەن. ھەربىرىگە ئازراقتىن پۇل ۋە چايدەك بىرنېمە-لەرنى بېرىپ، چاتاق چىقىرىشقا كۈشكۈرتۈپتۇ. پەخرىدىن ئۇلاردىن گومىنداڭنىڭ قانچىلىك پۇل بەرگەنلىكىنى سوراپ مەسخىرە قىپتۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئادەملەرنىڭ تولىسى شەھەرنىڭ چەت رايونلىرىدىن ئالداپ كېلىنگەن، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئامما ئىدى. بىزنىڭ ئادەملىرىمىز قايتا - قايتا چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ قىلىپ قويغىنىدىن خىجالەت بولۇشۇپ، بۇ ئويۇندىن بىر - بىرلەپ چېكىنىپ چىقىپ غىپپىدە تىكىۋېتىشتى. تۈركىستاننىڭ خوتۇنى كەينىگە قاراپ، ئۆزىگە ئەگىشىپ كەلگەنلەرنىڭ تىكىۋەتكىنىنى كۆرۈپ، ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى سېزىپتۇ - دە، تېرىككىنىدىن ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ، سالپايغان پېتى يولىغا راۋان بوپتۇ.

بۇ دەل ئۈرۈمچىدە زىمىستان قىش بولۇۋاتقان 1 - ئاي ۋاقتى ئىدى. كىشىلەر ئۈستىگە جۇۋا، پۇتىغا كېلەڭسىز پىيمىلارنى كىيىپ يۈرۈشەتتى. چانا سۆرەپ ماڭغان ئاتلارنىڭ بەدىنى بۇرنىدىن چىققان ھوردىن قىروۋ باغلاپ كەتكەنىدى. يولدىكى قارلار ئات ھارۋىلىرىنىڭ چاقىدا بېسىلىپ، ئەينەكتەك سىلىقلىشىپ توڭلاپ كەتكەنىدى. بۇلار بۇ يىلقى قىشنىڭ نەقەدەر سوغۇق ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. بىز غۇلجىدىكى چاغلاردا، تاغدىن كېسىپ كېلىنگەن قارىغايلارنى كالتە - كالتە ھەرد-

دەپ، ئاندىن ئۇنى پالتا بىلەن يېرىپ ئوچاقتا قالاپ ئىسسىناتتۇق. بۇ
خىل ئوتۇننى «سەرجان» دەپ ئاتايتتۇق. مانا ئەمدى ئۈرۈمچىدە ھاۋا بەك
سوغۇق، شۇنچە جىق كۆمۈر قالاپمۇ ئۆيدىكى تام مەشنى ئىسسىتماق
تەسكە چۈشۈۋاتاتتى.

بىر دولقۇن ئۆتۈپ كېتىپ، جاھان يەنە بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتقاندەك بولدى. ئەمدىلىكتە نۇرغۇن كىشىلەر ئەپەندىمدىن «مىللىي قۇرۇلتاي» ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى. كۆپچىلىكنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئەپەندىم ئۆزىنىڭ ئىچكىرىدە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى مەملىكەتنىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ بىر قېتىم دوكلات بېرىشكە قوشۇلدى.

1947 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ئەپەندىم ئۈرۈمچىدىكى بىر قېتىملىق ئاممىۋى يىغىلىشتا «قۇرۇلتايدا قوبۇل قىلىنغان ئاساسىي قانۇن ۋە ئۆلكىمىزنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئىچكى ئەھۋالى» دېگەن تېمىدا ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ نۇتقىدا «مىللىي قۇرۇلتاي»نىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ تونۇشتۇرۇپ، جياڭ جېيشىنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلىدى، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ جاھىل كۈچلىرىنىڭ ئۇزلۇكسىز ۋەقە تۇغدۇرۇپ، خەلقنى باستۇرغانلىق جىنايى قىلمىشلىرىنى سۆكتى ھەمدە نۆۋەتتىكى بەزى مەسىلىلەرگە قارىتا ھەممىنى قايىل قىلارلىق ئوبدان جاۋابلارنى بەردى. خەلقىمىزنى «11 بىتىم»گە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، سىياسىي پىروگراممىنى تولۇق ئىجرا قىلىش، جۈملىدىن گومىنداڭ جاھىل كۈچلىرىنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچراپ كەتمەسلىككە چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى بەزى ئەھۋاللارنىمۇ ئەسلەپ ئۆتتى، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتىنى مۇپەسسەل شەرھلىدى. نۇتۇقنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

## قۇرۇلتايدا قوبۇل قىلىنغان ئاساسىي قانۇن ۋە ئۆلكىمىزنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئىچكى ئەھۋالى

مۆھتەرەم قېرىنداشلار!

بىز ئىچكىرىگە بېرىپ قايتقاندىن كېيىن، بىزنىڭ سۆزىمىزنى

بىر ئاغىلاشقا ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇپسىزلەر، كەلگەن كۈنلىرى مەجلىس ئۆتكۈزەيلۇق دەپمۇ ئويلىغانىدۇق، لېكىن، جەنۇبقا سايلام ئىشلىرىنى نازارەت قىلىشقا كەتكەن مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان ئەپەندىم، تەمرات نازىرى مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىم، مائارىپ نازىرى سەيپىدىن ئەپەندىم، ئاقسۇغا كەتكەن ئابدۇرېھىم ئەپەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنى تاماملاپ قايتماقچى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقانلىقىمىزدىن بىرئاز كۈتۈپ، ئۇلارنىڭ قاتنىششى بىلەن بىرلىكتە بىر مەجلىس ئېچىشنى مۇۋاپىق تاپقانىدۇق.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەجلىسىمىزنىڭ ئېچىلىشى سوزۇلۇپ كەتتى. مەن بۈگۈن ئېچىكرىدىن ئالغان ئومۇمىي تەسىراتىمنى مۇكەممەل سۆزلەپ بېرەلمەيمەن، چۈنكى، ئالغان ئومۇمىي تەسىراتنى مۇكەممەل سۆزلەپ ئۆتمەك ئۈچۈن، بىر مەجلىس كۇپايە قىلمايدۇ. بۇ توغرۇلۇق ئايرىم ماقالە يازماقچىمەن.

ئۆزىڭىزلەرگە مەلۇم، بىز 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان بىلەن كۆتۈرۈلۈپ، قومۇلدا يېرىم سائەت توختاپ، خېجۇغا بېرىپ بىر كېچە قوندۇق. 12 ـ چېسلا لەنجۇغا يېتىپ بېرىپ، تۆت كۈن تۇردۇق. 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى لەنجۇدىن كۆتۈرۈلۈپ ۋۇچاڭدا يېرىم سائەت توختاپ، شاڭخەيگە چۈشتۇق، شاڭخەيدە بەش كۈن تۇرۇپ، 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى پويىز بىلەن نەنجىڭگە كەلدۇق. يولدا ھەربىر چۈشكەن جايىمىزدا بىزنى ئىدارە باشلىقلىرى ۋە خەلق ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئېلىپ ئىززەت قىلدى. نەنجىڭگە بارغان كۈنى سائەت 11 دە جياڭ ۋېييۈەنجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئومۇمىي ئەھۋالدىن يېرىم سائەت سۆزلەپ بەردىم.

شۇ كۈنى جياڭ جىڭگو، بەي چۇڭشى قاتارلىق بىر قاتار ئەپەندىلەر بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۆلكىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالدىن پىكىرلەشتۇق.

1946 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئۆلكىمىزدىن بارغان ۋەكىللەر ئەتىگەندە مەجلىس ئاچتۇق. شۇ كۈنى سۇن كې ئەپەندىم، شاۋ لىزى ئەپەندىم ۋە بىر قاتار كىشىلەر بىلەن كۆرۈشتۈم.

1946 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن باشلاپ قۇرۇل-

تاي مەجلىسى داۋام قىلدى. مەجلىس داۋامىدا كىملەر بىلەن قانداق، قانچە قېتىم كۆرۈشكەنلىكىم ۋە قانداق مەسىلىلەر توغ- رۇلۇق سۆزلەشكەنلىكىم ھەققىدە ئالاھىدە بىر ماقالە يازماقچى- مەن.

ھازىر سىزلەرنى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغان مەسىلە — بىزنىڭ قۇرۇلتايغا تاشلىغان تەكلىپلىرىمىز ۋە ئۇنىڭ قوبۇل قىلىنغانلى- قى ياكى قوبۇل قىلىنمىغانلىقى مەسىلىسىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بىۋاستە شۇ مەسىلىنىڭ ئۆزىگىلا ئۆتەي.

قۇرۇلتايغا قانداق مەسىلە تاشلاش توغرۇلۇق ئويلىنىپ تۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، قۇرۇلتايغا تاشلىنىدىغان تەكلىپ كېيىنكى پىكىر توپلاش يىغىنىدا خەلق تەرىپىدىن بىزگە تاپشۇرۇلغان مەسىلە ئىدى. بۇ خەلق تەرىپىدىن تاشلانغان مە- سىلىلەر يەكۈنىنى بىز قۇرۇلتايغا تاشلىدۇق. ئۇ مەسىلە ئۆلكى- مىزگە مىللىي مۇختارىيەت تەلەپ قىلىش مەسىلىسى ئىدى.

بىز تەلەپ قىلغان يۈكسەك مىللىي مۇختارىيەت قانداق مۇختارىيەت ئىدى؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمەك ئۈچۈن مېنىڭ شۇ پىكىر توپلاش مەجلىسىدە خەلققە بەرگەن جاۋابىمغا بىر نەزەر سالماق لازىم. مەن بۇ جاۋابىمدا: «بۈگۈنكى بىزنىڭ مەسىلىمىز باراۋەرلىكنى تەمىن ئېتىش ۋە خەلقچىللىق سىياسىتىنى تۇرمۇشتا ئاشۇرۇش مەسىلىسى» دېگەنىدىم. دېمەك، بىز قانداقلىكى مۇختارىيەت تە- لەپ قىلمايلى، شۇ ئاساسىي پرىنسىپ ئىچىدە بولىدۇ. ھازىر ۋە كېلەچەكتە، ئومۇمەن، قايسىلا ۋاقىت بولمىسۇن، بىز ئۆلكى- مىزدە يالغۇز بىر مىللەتنىڭ ياكى بىر گۇرۇھ مىللەتلەرنىڭ يەنە بىر مىللەت ياكى بىر گۇرۇھ مىللەتلەر ئۈستىدىن ھاكىملىق قى- لىشىغا يول قويمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تەلەپ قىلغان مىللىي مۇختارىيەت — ئۆلكىمىزدىكى ھاكىمىيەتنى ياكى ئىجرائىيە ھا- كىمىيەتنى يالغۇزلا ئۇيغۇرلارغا ياكى تۈركىي ئىرقلارغا تولۇق ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئۆلكىمىزدىكى بارلىق مىللەتلەرنى باراۋەر قىلىپ تولۇق خەلقچىللىق سىياسەتنى تۇر- مۇشتا ئاشۇرۇش مەسىلىسى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تەلەپ قىلغان مىللىي مۇختارىيەت مەسىلىسىنى يالغۇزلا بىر مىللەت

ياكى بىر گۇرۇھ مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىنىلا كۆزلەيدىغان مەسىلە دەپ ئويلاش توغرا بولمايدۇ. مىللىي مۇختارىيەت مەسىلىسىنى بىز قويغاندا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ياكى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھوقۇق مەسىلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ قويغاندۇق. بىزنىڭ ئاساسىي مەقسىتىمىزنىڭ ئۆلكە بويىچە ئەمەلدە ھەقىقىي باراۋەر ئىكەنلىكىنى تەمىن ئېتىش ۋە ھاكىمىيەتنى تولۇق خەلققە تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم، شۇنداق قىلغاندىلا ئۆلكىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى دوستلۇقنى تەمىن قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىز ياخشى بىلىمىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تەلەپ قىلغان مىللىي مۇختارىيەت رەسمىيەت جەھەتتىن تەمىنلەنگەن تەقدىردە، تەبىئىيكى بۇ مىللىي مۇختارىيەت ئۆلكە ئىچىدىكى خەلقلەرنىڭ نوپۇسىغا قاراپ، ھەر مىللەتتىن تەشكىل قىلىنغۇسى ۋە ئۆلكە ئىچىدىكى پۈتۈن مىللەت ۋەكىللىرىدىن چاقىرىلغۇسى. كېڭەش دۆلەتنىڭ تاشقى سىياسىتى ۋە دۆلەت مۇداپىئە ئىشلىرىدىن باشقا پۈتۈن ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، كېڭەش قۇرۇلتىيىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئىجرا قىلماق تەبىئىي. بىز قۇرۇلتايدا ئاساسىي قانۇنغا مىللەت باراۋەرلىكى كىرگۈزۈلسۇن دەپ تەكلىپ قىلغىنىمىزدىن مەقسەت بىزنىڭ ئۆلكىنى يالغۇز تۈركىي مىللەتلەرگىلا بېرىلسۇن دېگەن تەكلىپ ئەمەس، بەلكى «ئۆلكىمىزدىكى ھەممە مىللەت خەنزۇ مىللىتى بىلەن باراۋەر قىلىنسۇن» دېگەن تەكلىپتىن ئىبارەت ئىدى. قۇرۇلتايدا قوبۇل قىلىنغان ئاساسىي قانۇننىڭ 5 ـ ماددىسىدا «جۇڭخۇا مىنگودىكى مىللەتلەر بىردەك باراۋەر» دەپ يېزىلغان.

7 ـ، 8 ـ، 9 ـ، 10 ـ، 11 ـ، 12 ـ، 13 ـ، 14 ـ، 15 ـ، 16 ـ، 17 ـ، 18 ـ ماددىلىرىدا خەلق ھوقۇقى تۆۋەندىكىچە يېزىلغان:

7 ـ ماددا: جۇڭخۇا مىنگودىكى خەلقلەر ئەر ـ ئايال، دىن، ئىرق، سىنىپ، پىرقە ئايرىماستىن قانۇندا ئوخشاش باراۋەردۇر.

8 ـ ماددا: خەلقنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك

بېرىلىدۇ. نەق مەيدان جىنايەتچىلىرىنىڭ قولغا ئېلىنىشى قانۇندا ئايرىم بەلگىلەنگەنلىك سىرتىدا، ئەدلىيە ۋە سىياسىي ئورگانلىرىنىڭ قانۇنىي تەرتىپتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، قولغا ئېلىپ قاماپ قويۇشغا بولمايدۇ. ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە بولماي تۇرۇپ، سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىشغا، سوراقتا تارتىشغا ۋە جەرىمانە قويۇشغا بولمايدۇ. قانۇن تەرتىپى بويىچە بولماي قولغا ئېلىش، قاماپ قويۇش، جەرىمانە قويۇش ئىشلىرى قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ.

كىشىلەر جىنايەت گۇمانى بىلەن قولغا ئېلىنىپ، قاماپ قويۇلىدىغان چاغدا، قولغا ئېلىپ قاماپ قويغۇچى ئورگان ئۇنى قولغا ئېلىپ قاماپ قويۇشتىكى سەۋەبلەرنى خەت ئارقىلىق ئۆزىگە ۋە ئۇ كىشى كۆرسەتكەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا مەلۇم قىلىشى ھەمدە 24 سائەت ئىچىدە ئۇنى باشقۇرغۇچى سوت مەھكىمىسىنىڭ سوراقتا تارتىشغا تاپشۇرۇشى كېرەك. ئۆزى ۋە باشقىلار ئۇنى باشقۇرغۇچى سوت مەھكىمىسىدىن 24 سائەت ئىچىدە قولغا ئېلىپ قاماپ قويغۇچى ئورگاندىن ئاچىقىپ سوراق قىلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

سوت مەھكىمىسىنىڭ بۇ ئىلتىماسنى رەت قىلىشغا بولمايدۇ ھەمدە قولغا ئېلىپ قامىغۇچى ئورگانلارنىڭ ئالدى بىلەن تەكشۈرۈپ جاۋاب بېرىشىنى بۇيرۇشقا بولمايدۇ. قولغا ئېلىپ قاماپ قويغۇچى ئورگاننىڭ سوت مەھكىمىسىنىڭ ئېلىپ چىقىپ سوراق قىلىشنى رەت قىلىشغا ۋە كېچىكتۈرۈشگە بولمايدۇ. خەلق قانۇنسىز قولغا ئېلىنىپ قاماپ قويۇلغاندا، ئۆزى ياكى باشقا كىشى سوت مەھكىمىسىدىن بۇنىڭ ئاساسىنى تەكشۈرۈپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، سوت مەھكىمىسىنىڭ بۇنى رەت قىلىشغا بولمايدۇ ھەمدە 24 سائەت ئىچىدە قولغا ئېلىپ قاماپ قويغۇچى ئورگاندىن سۈرۈشتۈرۈپ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

*9* ـ ماددا: ھازىر ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقانلاردىن باشقا، خەلق ھەربىي سوتتا تارتىلمايدۇ.

*10* ـ ماددا: خەلق ئولتۇرۇش، تۇرۇش ھەم كۆچۈپ يۈرۈش ئىشلىرىدا ئەركىن ھوقۇقلۇق بولىدۇ.

*11* ـ ماددا: خەلقتە سۆزلەش، ئۆگىتىش، ئۆگىنىش، ئەسەر يېزىش ۋە نەشر قىلىش ئەركىنلىكى بولىدۇ.

*12* ـ ماددا: خەلقتە مەخپىي خەۋەرلىشىش ئەركىنلىكى بولىدۇ.

*13* ـ ماددا: خەلقتە دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بولىدۇ.

*14* ـ ماددا: خەلقتە يىغىلىش ۋە جەمئىيەت قۇرۇش ئەركىنلىكى بولىدۇ.

*15* ـ ماددا: خەلقنىڭ تىرىكچىلىك، خىزمەت قىلىش ۋە مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك بېرىلىدۇ.

*16* ـ ماددا: خەلقتە ھۆكۈمەتكە تىلەك، تەكلىپ بېرىش، شىكايەت قىلىش، ئەرز ـ دادلىرىنى بايان قىلىش ۋە سوتلىشىش ھوقۇقى بولىدۇ.

*17* ـ ماددا: خەلقتە سايلاش، ئورنىدىن قالدۇرۇش، ئىجاد قىلىش، قائىدە قارار قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

*18* ـ ماددا: خەلقتە ئىمتىھانغا قاتنىشىش، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئۆتەش ھوقۇقى بولىدۇ.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدا، *112* ـ ۋە *113* ـ ماددىلىرىدا تۆۋەندىكىچە بەلگىلىمە چىقىرىلغان:

*112* ـ ماددا: ئۆلكىدە ئۆلكىلىك قۇرۇلتاي چاقىرىلىپ، ئۆلكىلىك، ناھىيەلىك مۇختارىيەت ئومۇمىي پرىنسىپىغا ئاساسەن ئۆلكىلىك مۇختارىيەت قانۇنى تۈزۈپ چىقىلىدۇ. لېكىن، ئۇ ئاساسىي قانۇن بىلەن توقۇنۇشماسلىقى لازىم. ئۆلكىلىك قۇرۇلتاينىڭ تەشكىلى ۋە سايلىمى قانۇندا بەلگىلىنىدۇ.

*113* ـ ماددا: ئۆلكىلىك مۇختارىيەت تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم:

(*1*) ئۆلكىدە ئۆلكىلىك كېڭەش قۇرۇش، ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى ئۆلكە خەلقىدىن سايلىنىش.

(*2*) ئۆلكىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇش ۋە ئۇنىڭدا بىر نەپەر ئۆلكە باشلىقى بولۇش، ئۇ ئۆلكە خەلقى تەرىپىدىن سايلىنىش.

(3) ئۆلكە بىلەن ناھىيەلەرنىڭ مۇناسىۋىتى: ئۆلكىگە قا-راشلىق بولغان قانۇن تۈزۈش ھوقۇقىنى ئۆلكىلىك كېڭەش ئىجرا قىلىدۇ.

سايلامدا شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆز بويامچىلىق قى-لىش خاھىشىغا قارىتا 132 ـ ماددىدا مۇنداق ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان:

132 ـ ماددا: سايلامدا تەھدىت سېلىش، پۇل بىلەن ئال-داش ئىشلىرى قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. سايلام ئۈستىدىكى ئەرز ـ شىكايەتلەر سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

139 ـ ماددا: ھەرقانداق پارتىيە ـ گۇرۇھ ۋە شەخس قو-راللىق كۈچنى سىياسىي كۈرەش قورالى قىلىشقا بولمايدۇ.

140 ـ ماددا: ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەر قوشۇمچە مە-مۇرىي ۋەزىپە ئۆتەشكە بولمايدۇ.

قۇرۇلتايدا قوبۇل قىلىنغان ئاساسىي قانۇننىڭ بەلگىلىمە-سى بويىچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى خەلق تەرىپىدىن سايلىنىدۇ، ئۆلكىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئۆلكە خەلقلىرىنىڭ قۇرۇلتىيىدا قانۇن قوبۇل قىلىنىدۇ.

«بىزنىڭ ئۆلكە خەلقىنى بۈگۈن بۇ قانۇن قانائەتلەندۈرە-لەمدۇ؟» دېگەن سوئالنى بىرىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى، خەلقنىڭ بۈگۈنكى تەلىپى نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى-نى بىتىمنىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە بىتىمگە بىنائەن ئۆتكۈزۈلگەن سايلام ئەمەلدە كۆرسەتتى.

بۈگۈنكى كۈندىكى خەلقىمىزنىڭ ئارزۇسى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە قوراللىق كۈچ ئارىلاشمىغان خەلقچىللىق سىياسىتىنى تۇرمۇشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى سايلام نەتىجىلىرى ئىسپاتلىدى.

مۇستەبىتلەر نېمە ئۈچۈن ھەمىشە قورال كۈچى ئارقىلىق تەھدىت سېلىشقا ئۇرۇنىدۇ؟

مەن نەنجىڭدىن قايتىپ كېلىپ، ئايروپىلاندىن چۈشۈشۈم-گىلا بىرەيلەن ماڭا: «رەئىس ئەپەندىم، ئۈرۈمچىنىڭ ۋەزىيىتى

666

ئىنتايىن جىددىي، بەزىلەر سىزنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرمەكچى بو-
لۇۋاتىدۇ» دېدى. چوڭ ــ كىچىك كوچىلارنىڭ ھەممە يېرىگە
ئەخمەتجان، رەھىمجان ۋە ئابدۇكېرىم ئاباسوف قاتارلىقلارنى
ئۆلتۈرۈش توغرىسىدىكى تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى چاپلىنىپ كې-
تىپتۇ. مەن قايتىپ كېلىپ ئىككىنچى كۈنى، قولىدا ئاپتومات
كۆتۈرۈۋالغان ئاشخان ئىسىملىك بىر ياش بالا ماڭا بىر پارچە
تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى تاپشۇرۇپ، ئۈچ كۈن ئىچىدە ئېنىق
جاۋاب بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. شۇ كۈنى مېنىڭ تۇرالغۇمى-
نىڭ ئەتراپىنى 30 ~ 40 ئاتلىق ئادەم ئايلىنىپ يۈردى.

ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەزىزە خانىم (تۈركىستان-
نىڭ ئايالى) نىڭ ماڭا يازغان بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم،
ئۇ خېتىدە مېنى ئۆلتۈرىمەن دەپتۇ. دەرھەقىقەت، مەن بىر ئادەم-
نى ئۆلتۈرۈش ئاسان ئىش. چۈنكى، مېنىڭ خەلقتىن باشقا بىر-
مۇ ھاپىزەتچىم يوق. ئۇرۇمچىدە كىمنىڭ مېنى ئۆلتۈرمەكچى
بولۇۋاتقانلىقىنى ھەركىم بىلىدۇ. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ساقچى-
لىرىمىزنىڭ «بۇنىڭدىن قىلچە خەۋىرى يوق»، مېنىڭ مېنى ئۆل-
تۈرمەكچى بولغانلارنى دەرھال يىغىپ ئۇلارغا بىر ئادەمنى ئۆل-
تۈرۈشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق، ھېچقانداق ئاساسىمۇ يوق،
گەپ ئەخمەتجان بىر كىشى ئەمەس، ئەخمەتجان، رەھىمجان
ئەپەندىم، ئابدۇكېرىم ئەپەندىملەر مىڭلاپ ــ ئون مىڭلاپ دېگۈم
كەلدى (ئۇزاققا سوزۇلغان گۈلدۈراس ئالقىشلار). بۇلارنى ئۇ-
زۇل ــ كېسىل يوقىتىش ئۈچۈن ئاز دېگەندىمۇ ئۆلكە خەلقىنىڭ
50% نى ئۆلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. كاشكى شۇنچە كۆپ
ئەخمەتجان، رەھىمجان، ئابدۇكېرىملەر ئۆلۈمدىن قورقىدىغان
ئىنسان بولسا (چاۋاك). ئاللا ئىگەم جاننى ئالمىغۇچە بۇلار بۇ-
گۈنكى دۇنياغا مېھماندۇر. شۇنچە كۆپ ئەخمەتجان، رەھىم-
جان، ئابدۇكېرىملەر خەلق رازى بولغاندىلا مۇئاۋىن رەئىس،
نازىر بولالايدۇ. ئەگەر سايلامدا 50% ئادەم ئۇلاردىن رازى بول-
مىسا، ئۇلار ئورنىدىن ئۆزلۈكىدىن ئايرىلىشى كېرەك. ئۇلار
راستتىنلا زۆرۈر بولمىسا، ئۆلتۈرۈشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، سايل-
مىسلا بولىدۇ ــ دە، لېكىن گەپ ھەرگىز بۇنداق ئەمەس. ھا-
زىر بىرمۇنچە كىشىلەر خەلقچىللىق سىياسەتنىڭ بېسىمنى بەك

قاتتىق ھېس قىلىنىۋاتىدۇ. ھەرقانداق ۋاستىنى قوللىنىپ خەلقنى چەكلەش كويىدا بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن مەلۇم ۋاستىنى قوللىنىپ بىرەر ۋەقە سادىر قىلىشى، شۇ يول بىلەن خەلقنى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتكارلىرىنى قورقۇتۇشى كېرەك. ئاندىن كېيىن بىر بۆلۈك كىشىلەرنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، بىر بۆلۈك كىشىلەرگە زەربە بېرىپ ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك. مۇستەبىت، ئىستىبدات ھاكىمىيەتنىڭ قوللىنىدىغان ئەڭ ئاددىي سۈيىقەستى مانا مۇشۇ. مېنىڭچە، «جاڭ بۇجاڭنى يوقىتايلى» دېگەن تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى ئەنە شۇ زاۋۇت ئىشلەپ چىققان بولسا كېرەك. ئۆلتۈرەيلى، قىرىپ - چاپايلى دېگەن شوئارلارنى بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. مۇبادا ئۇ ئۇلارنىڭ كەسپى بولسا، بىز ئۇلارنىڭ سۈيىقەستىنى ئېچىپ تاشلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بۇنى بىزنىڭ دوستلىرىمىز قىلغان بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ نىشاندىن ئادىشىپ قالغانلىقىدىندۇر، ئۇلار توغرا يولغا چىقىشى كېرەك. بىزنىڭ يوشۇرىدىغان ھېچقانداق سىرىمىز يوق، ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئاشكارا. بىراۋلار مەخسۇس خوتەندىن كېلىپ ماڭا: «بىز بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمىز، بۇيرۇق چۈشۈرسىلە. ئاتلىنىپ چىقىشقا بىز تەييار» دېدى. مەن بۇيرۇق چۈشۈرمەيلا قالماي، ئەكسىچە ئۇلارغا تىنچلىق بىتىمىدىن بىردىن بەردىم. بۇ ھېلىمۇ مېنىڭ بارلىق قېرىنداشلارغا بېرىدىغان جاۋابىم. شىڭ شىسەي خەلقىمىزگە بەش - ئالتە يىل تەھدىت سېلىپ باققان. ۋۇ جۇڭشىنمۇ تەھدىت سېلىپ باققان. لېكىن، ئۇلار تەھدىت سېلىش ئۇسۇلى بىلەن تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدى. ھازىر سۈيىقەست، ھىيلە - نەيرەڭ، قىرىش، چېپىش، ئالداش ئۇسۇللىرى بىلەن مۇستەھكەم تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان ھېچقانداق ئادەم يوق. بۈگۈن خەلقنىڭ شىللىسىگە مىنىۋالغان مۇناپىقلار ئەتىلا پۇشايمانغا قالىدۇ. ئۆلكىمىزنىڭ تىنچلىقىنى ۋە بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش شەرت - شارائىتى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ئاساسىدىكى خەلقچىللىق سىياسىتىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ماددا بېتىمغىمۇ كىرگۈزۈلگەن، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىغىمۇ كىرگۈزۈلگەن، ئاساسىي قانۇنغىمۇ كىرگۈزۈلگەن. قىسقىسى،

ھازىر ئۆلكىمىزدە ھېچكىمنىڭ رايىغا باقمايدىغان مۇستەبىتلەر-نىڭ قوللانغان ھەرقانداق تەھدىت سىياسىتى قىلمىشى، پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىۋاتقانلىقىنىلا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، خالاس (چاۋاك).

خەلق يەنە قوزغىلاڭ كۆتۈرەمدۇ؟

ھازىر بەزىلەر ھەممە يەردە «مۇسۇلمانلار قوزغىلاڭ كۆ-تۈرمەكچى، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان قۇرماقچى...» دې-گەندەك سۆزلەرنى تارقىتىپ يۈرمەكتە. بىزنىڭچە بۇ گەپنىڭ تا-مامەن ئاساسى يوق. بۇ پەقەت ئىلگىرى تارقالغان ئاتالمىش «قازاقلارنىڭ ھوقۇقى قالمىدى، ئۇيغۇرلار تۈركىستاننى ئۆز-لۈردى، ئىلىلىقلار كوممۇنىزم قۇرماقچى» دېگەندەك ئۆسەك سۆزلەر بىلەن ئوخشاش بىر قېلىپتىن چىققان پىتنە - پاساتلار-دىن ئىبارەت، خالاس. ئاللا گۇۋاھ، بىز مۇسۇلمان. مۇسۇلمانلار ھەرگىز ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. رەھمجان ئەپەندىم، ئو-بۇلخەيرى ئەپەندىم ۋە مەن پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە ۋەكىل بولۇپ تىنچلىق بىتىمگە ئىمزا قويدۇق (قىزغىن ئالقىشلار). ئۆلكىدىكى $99\%$ خەلق بۇ ۋەكىللەرنى قىزغىن قارشى ئالدى، يېڭى ھۆ-كۈمەتنى خەلقچىل ھۆكۈمەت دەپ چىن دىلىدىن ھىمايە قىل-دى، بۇنى ئادەتتىكى ھەربىر ھەرىكىتى بىلەن ئىسپاتلىدى. مەسىلەن، بىز ئىچكىرىگە بېرىشتىن ئىلگىرى قومۇل خەلقى شۇ يەردىكى مىلىتارىستلارنىڭ رەھىمسىزلىكىگە چىدىماي قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنىكەن. مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان ئەپەندىم، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئەپەندىم ۋە باش كاتىپ لىۋ مېڭچۈن ئەپەندىلەر مەخسۇس قومۇلغا بېرىپ بۇ ۋەقەنى بىر كېچىدىلا توغرا بىر تەرەپ قىلدى. تاغلىقلار تىنچلاندى. لېكىن ئۆزۈڭلارغا مەلۇمكى، ھەربىي ۋە ساقچىلار شەرتنى بۇزغان. يېقىندا تۇرپاندا ئون نەچچە ئادەم قولىغا قورال ئېلىپ، كۆرەش قىلماقچى بولۇپتۇ، ئۇلارنىڭ ئە-ۋەتكەن ۋەكىلى مېنى ئىزدەپ كېلىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش لازىممۇ ئەمەسمۇ؟ دەپ سورىدى (بۇنى گومىنداڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرغان — ئاپتوردىن).

مەن ئۇلارغا: «بىز قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بولدۇق، ھازىر بىز 〈تىنچلىق بىتىمى〉 گە ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك» دېدىم. شۇنداق

قىلىپ، باشقىلار ئۇلاردىن: «سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بىزنىڭ رەھ-
بىرىمىز قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى تەستىقلىغان يازما ئىسپات بار-
مۇ؟» دەپ سوراپتۇ، ئۇلارنىڭ قولىدا ھېچقانداق ئىسپات بولمى-
غانلىقتىن، كىشىلەر ئۇلارنى ناھىيەلىك ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ
بېرىپتۇ. شۇ كۈنى مەن مۇنداق بىر خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالدىم،
ئەگەر ئەينى چاغدا ھەربىي قوشۇن ئوتتۇرىغا چىقىپ توسۇغان
بولسا، تۇرپان خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى ئىكەن.

بۇ ئىككى ئىش خەلقىمىز ھەرقانچە زۇلۇم چەكسىمۇ رەھ-
بەرلىرىنىڭ توغرا ھۆكۈم چىقىرالايدىغانلىقىنى، كۆتەلەيدىغانلى-
قى ۋە سەۋر قىلالايدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. قىس-
قىسى، ھازىرقى مەسىلە ئاساسىي قانۇن ۋە بىتىمنىڭ خەلقنىڭ
تەلىپىنى قاندۇرالايدىغان - قاندۇرالمايدىغانلىقىدا، ئاساسىي قا-
نۇن ۋە بىتىمدە تۈزۈپ چىقىلغان ھوقۇقنىڭ ھەقىقىي تۈردە
خەلققە تاپشۇرۇلىدىغان - تاپشۇرۇلمايدىغانلىقىدا. مەسىلە
ھۆججەتلەردە بەلگىلەنگەن ھوقۇقنىڭ ئۇزۇل - كېسىل خەلق-
قە تاپشۇرۇلىدىغان - تاپشۇرۇلمايدىغانلىقىدا، ھېچقانداق
چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىدا؛ مەسىلە مەمۇرىي ۋە ھەربىي
كۈچنىڭ ھەرقانداقىنىڭ خەلقنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە بى-
ۋاستە ياكى ۋاستىلىك ئارىلاشماسلىقىدا.

خەلقچىل سىياسەت يولغا قويۇلدى، ھەربىر مىللەت بارا-
ۋەر ھوقۇققا ئىگە بولدى. ھەركىمنىڭ سۆز قىلىش، مەتبۇئات،
يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ھوقۇقى بار. لېكىن كۆرسىتىلگەن دائىرى-
دىن چىقىپ كەتكەن تەھدىت ۋە كۈچ كۆرسىتىش ھەرىكىتىدە
بولۇشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭغا ئە-
مەلىيەتتە رىئايە قىلىش كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا
خەلقچىل سىياسەتنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ،
خەلقمۇ قوزغىلاڭ قىلىپ ئولتۇرمايدۇ.

خەلقىمىزنىڭ دۈشمىنى كىم؟

تارىخىمىزدىن ئېلىپ قارىغاندا، ئۆلكىمىزدىكى ھۆكۈمدارلار
ئۆلكىمىزدە مانجۇ، خەنزۇ خەلقى بىلەن يەرلىك خەلقلەر مۇنا-
سىۋىتىنى پاتىرىتىسى ۋە قەبىلىلەر ياكى سىپارتالىقلار (ئەيلۈت
خەلقىگە ھاكىم بولۇپ ئالغان ئاز سانلىق قۇلدارلار) بىلەن ئەي-

لۇتلار (قەدىمكى يۇنانىستاننىڭ جەنۇبىدىكى سىپارتا دېگەن جايدىكى قۇللار) مۇناسىۋىتى قىلىپ كەلگەنىدى.

سىپارتالىقلار بىلەن ئەيلۇتلار ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قۇلدارلار بىلەن قۇللار مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش، بۇ يەردىكى ھۆكۈمدارلار بىلەن يەرلىك مۇسۇلمان ۋە موڭغۇل خەلقلىرى ئارىسىدىمۇ قۇلدارلار بىلەن قۇللار مۇناسىۋىتى مەۋجۇت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يەرلىك مۇسۇلمانلار بىلەن موڭغۇللار خەنزۇ ۋە مانجۇلارنى موڭغۇل ۋە مۇسۇلمان خەلقىنىڭ قاتىللىرى ۋە گۆركارلىرى دەپلا ھېسابلايتتى.

*1911* ـ يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىلىرى تارتۇۋېلىنغاندىن كېيىن مانجۇلارمۇ مۇسۇلمانلار بىلەن موڭغۇللار تەرىپىگە ئىتتىرىۋېتىلدى. خەنزۇ مىللىتى مۇسۇلمان، موڭغۇل، شىبە، سولۇن قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ سىپارتالىقلىرى بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ قۇلدارلىق بىلەن قۇللۇق مۇناسىۋەتنى يوقىتىش ئۆلكىمىزدىكى ئاساسىي مەسىلە بولۇپ قالدى. پەقەت مۇشۇنداق مۇناسىۋەتنى يوقاتقاندا، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشەنگەن شېڭ شىسەي مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ ۋە ئۇلغىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىلگىرىكىدەك ھالەتنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. بۇنداق مۇناسىۋەتنى يوقىتىشنىڭ بىرلا يولى بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ئاساسىدىكى خەلقچىل سىياسەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى تەمىن ئەتمەك ئۈچۈن بەزى تەدبىرلەرنى كۆردى. پۈتۈن ئىدارىلەرگە يەرلىك ئادەملەردىن خىزمەتچىلەرنى جەلپ قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يەرلىك مۇسۇلمان ۋە موڭغۇللار بىلەن مانجۇ ۋە خەنزۇ مىللىتى ئارىسىدا بىرقەدەر ئىشەنچ پەيدا بولۇشقا باشلاپ، خەنزۇلار بىلەن دوستلۇق مۇئامىلە باشلاندى. شۇ يول بىلەن خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ۋە ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان شېڭ شىسەي ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، يەنە خەلق ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئىستىبدات ھاكىمىيەتنى قۇرۇۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلەر تېخى ئېسىڭلەردىن كۆتۈ-

رۆلگىنى يوق. دېمەك، ئەنە شۇ شېڭ ۋاقتىدىكى ئۇزاق داۋام قىلمىغان، ناھايىتى قىسقا ئۆمۈر سۈرگەن، تولۇق تۈرمۇشقا ئاشمىغان مىللەتلەر باراۋەرلىكى ئاساسىدىكى خەلقچىل سىياسەت ئۆلكىمىز تىنچلىقىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت ئىسپات قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز قايسىبىر مىللەتكە قارشى قارىتىلغان ھەرىكەت ئەمەس ئىدى. بۇ قېتىمقى بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز ئۆلكىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ھەقىقىي باراۋەرلىكىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن قوزغالغان ھەرىكەت ئىدى. راست، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ئىستىبدات ھاكىمىيەت بىلەن ئالاقىسى بولمىغان خەنزۇ ئەھلىدىنمۇ زەربىگە ئۇچرىغانلىرى يوق ئەمەس، ئۇلار ناھايىتى ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ، بۇنى بىز ئىنكار قىلالمايمىز. لېكىن، ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سابىق ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل ئەمەلدارلىرىنى ئەيىبلەش كېرەك. چۈنكى، ئۇلار ئەھۋالنىڭ ئەڭ جىددىيلەشكەن مەزگىلىدە خەنزۇ ئەھلىگە قورال تارقىتىپ بەردىلەر، خەنزۇ خەلقى بىلەن ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنىڭ پەرقىنى ئاجرىتالماي تۇرغان خەنزۇدىن باشقا خەلق قوزغالغاندىن كېيىن، خەنزۇ خەلقىنىڭ قولىدىكى قورالنى كۆرۈپ، «بىزنىڭ دۈشمىنىمىز خەنزۇ ئىكەن» دەپ ھېسابلاپ قالدى. غۇلجا قوزغىلىڭى كېڭىيىپ ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، غۇلجىدىكى خەنزۇ خەلقى «بىزنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيەت بىلەن ھېچقانداق ئالاقىمىز يوق» دەپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، خەلقىمىز ئۇلارغا نىسبەتەن توغرا مۇناسىۋەتتە بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۈگۈن خەلقىمىز ئۆزىنىڭ دۈشمىنى خەنزۇ مىللىتى ئەمەسلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. بۈگۈن خەلقىمىز ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنى ياقلىغۇچى، ئىستىبدات سىياسىتىنى ھىمايە قىلغۇچى، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان مۇتەئەسسىپ ئۇنسۇرلارنى، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن خەلق مەنپەئەتىنى پۈتۈنلەي سېتىۋېتىدىغان جاھىل ئۇنسۇرلارنى ئۆزىنىڭ دۈشمىنى دەپ ھېسابلايدۇ. خەلقىمىز قايسى مىللەتتىن بولمىسۇن، خەلقچىللىق سىياسىتىگە قارشى چىقىپ، مۇستەبىتلەر ئا-

رىسىدىن ھىمايىچىلەر تېپىشقا ئۇرۇنىغۇچىلارنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. خەلقىمىز ئومۇمەن خەنزۇ مىللىتىگە قارشى تۇرمايدۇ. خەنزۇ خەلقىنىڭمۇ دۈشمىنى بولغان مۇستەبىتچىلەرگە قارشى تۇرىدۇ.

دېمەك، بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ دۈشمىنى خەنزۇ مىللىتى ئەمەس، بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ دۈشمىنى ئىستىبدات ھاكىمىيەتنى ياقلىغۇچى، مۇستەبىت سىياسەتنى خالىغۇچى، خەلق ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغۇچى مۇتەئەسسىپ ئۇنسۇرلار ۋە ئۇلارنى ھىمايە قىلغۇچىلاردۇر.

قومۇلنى كىم سورايدۇ؟

مەن ئۈچكىرىگە قۇرۇلتايغا ئۆتۈپ كېتىپ بارغىنىمدا، قومۇل خەلقىدىن يولۋاس بەگ ئەپەندىم ئۈستىدىن «قومۇل مېنىڭكى»، «قومۇلنى مەن سورايمەن» دەيدۇ دېگەن شىكايەت چۈشتى. مەن ئۈچكىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يېقىندا قومۇلدىن يەنە بىر «يولۋاس بەگ ئەپەندىم ئۈچكىرىدىن تاپانچىلارنى ئېلىپ چىقىپتۇ، دەرۋازىسىنى ئىككى ئەسكەر دائىم ساقلاپتۇ، مەن قومۇلنى سورايمەن، قومۇل مېنىڭكى، قومۇلدا كىمنىڭ ھەققى بار ئىكەن، قېنى قايسىڭ ماڭا ئىتائەت قىلمايسەن؟» دەپ خەلقنى قورقۇتۇپتۇ، دېگەن شىكايەت كەلدى.

ھەقىقەتتە قومۇل كىمنىڭكى ۋە قومۇلنى كىم سورايدۇ؟

مەن ھازىر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، لېكىن، مەن ئىنقىلابقا ئاتلانغان ۋاقىتتا مەن رەئىسنىڭ مۇئاۋىنى بولىمەن، دەپ ئويلىغىنىم يوق ئىدى. بىز ئومۇمەن تەخت ئۈچۈن كۈرەشكەن ئەمەس ئىدۇق، ھازىرمۇ مەن ھەرگىز مۇئاۋىن رەئىسلىك دائىملىق مېنىڭ ئورنۇم دەپ ئېيتمايمەن. بىزنىڭ كۈرەشىمىزنىڭ ئاساسىي مەقسىتى — ئىستىبدات ھاكىمىيەتنى يوقىتىپ، ھاكىمىيەتنى خەلققە ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى، خەلقچىل سىياسەت دېمەك، ھاكىمىيەتنى خەلققە تاپشۇرماق دېمەكتۇر. بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسىنى خەلق سايلايدۇ. شۇ ۋاقىتتا خەلق كىمنى خالىسا، شۇ كىشى رەئىس بولىدۇ. رەئىس خەلقنىڭ دېگىنىنى قىلمىسا، خەلق ئۇنى ئېلىپ تاشلايدۇ. ھېچكىم رەئىسلىك مېنىڭ ئورنۇم، مەن رەئىس

بولمەن دەپ ئېيتالمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئاز كۈندە ۋالىيلارنىمۇ خەلق سايلايدۇ. ھېچبىر ۋىلايەت ھېچكىمنىڭ ئەمەس، ھەربىر ۋىلايەتنىڭ ئىگىسى شۇ ۋىلايەتنىڭ خەلقىدۇر. ۋىلايەتنىڭ خەلقى كىمنى خالىسا، شۇ كىشى شۇ ۋىلايەتكە ۋالىي بولىدۇ ۋە شۇ ۋىلايەت خەلقىنىڭ خىزمەتچىسى بولىدۇ. ئەمما شۇ ۋىلايەتنىڭ غوجايىنى ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە شۇ ۋىلايەتنى سورىغۇچىدۇر. دېمەك، قومۇل خەلقى يولۋاس بەگ ئەپەندىنى ھىمايە قىلىپ ۋالىيلىققا سايلىسا، قومۇلنى يولۋاس بەگ ئەپەندىم سورايدۇ. قومۇل خەلقى يولۋاس بەگ ئەپەندىمنى ۋالىي قىلىپ سايلىمىسا، يولۋاس بەگ ئەپەندىم قومۇلنى سورىيالمايدۇ. بۇنى خەلقىمىز ياخشى چۈشەنىشى لازىم. ھېچكىمنىڭ ھېچكىمدىن ھېچقانداق ئارتۇق جايى يوق، ھەممىنىڭ ھەممىگە ئوخشاشلا خۇسۇسىيەتلىرى بار، ھەممە ئوخشاشلا بىر ئاللانىڭ بەندىسى، ئاللانىڭ بەندىسى بولغان كىشى ئۆزىگە ئوخشاش بەندىدىن قورقۇپ، ھۆرمەت قىلىشى پەقەت يارىمايدۇ. چۈنكى، ھېچكىم خەلقنىڭ ئىگىسى بولالمايدۇ. (داۋاملىق چاۋاك)

تۈركىستاننى كىم ئۆلتۈردى؟

تۈركىستان (بۇ كىشىنىڭ مىللىتى قازاق، ئىسمى تۈركىستان) نى بىز ئالتاي ۋىلايىتىگە سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ بەلگىلەپ بەردۇق، سالىسنى تارباغاتاي ۋىلايىتىگە ئەۋەتتۇق. مەن چۆچەكتىن قايتىپ كېلىۋاتقان ۋاقىتتا، قۇتۇبىدا تۈركىستان بىلەن سالىسلارنى يولۇقتۇردۇم، ئۇلارغا ۋەزىيەت بىلەن ھېسابلىشىپ ئىش ئېلىپ بېرىشلىرى توغرۇلۇق تاپشۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتىم. ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن «دۆربىلجىندە تۈركىستان ئۆلتۈرۈلدى» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدىم. ماڭا كەلگەن خەۋەر مەزمۇنى — تۈركىستان ئەپەندىم دۆربىلجىن كىنوخانىسى ئالدىدا كىتاب تارقاتقان ۋاقتىدا، «تارقاتقۇزمايمىز» دەپ ئارىدا جاڭجال چىقىپ، خەلق تۈركىستاننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنىش ئۈچۈن ئەيسا بەگنىڭ 5 - سېنتەبىر ئېچىلغان قۇرۇلتايدا سۆزلىگەن نۇتقىغا نەزەر سالماق

لازىم. مانا ماڭا كەلگەن خەۋەرنىڭ مەزمۇنى شۇنىڭدىن ئىبارەت. قانداقلىكى بولمىسۇن، ئەلۋەتتە تۈركىستاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە قەتئىي قارشىمىز. ئومۇمەن قاتىللىق، بۇنداق ئايرىم كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش بىزنىڭ يولىمىز ئەمەس، ھېلىغۇ تۈركىستان ئىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا بىزنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز بولغان تەقدىردىمۇ ۋە جەمئىيەتتە ئەڭ يۇقىرىقى ئورۇننى ئالغان كىشى بولسىمۇ، ئۇنداق ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلىغا قەتئىي قارشىمىز. ئايرىم كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش بىلەن مەۋجۇت تۈزۈمنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىز ناھايىتى ياخشى بىلىمىز. ئەگەر بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن تۈزۈمنى ئۆزگەرتىشكە بولىدىغان بولسا، بىز ئاللىقاچان شېڭ شىسەينى بىر بۇلۇڭدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتۇق (گۇلدۇراس ئالقىشلار). لېكىن، بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن تۈزۈمنى مۇتلەق ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىز ياخشى بىلىمىز. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئايرىم كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئىستىبداتچىلارنى قوزغىتىشقا ۋە يۈزلەپ بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ تۈرمىگە چۈشۈشىگە ۋە ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

دېمەك، بىز ئايرىم كىشىلەرنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە نەزەرىيە جەھەتتىنمۇ قەتئىي قارشىمىز.

675 شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن نەنجىڭگە كېتىشتىن ئىلگىرى «دۆربىلجىنگە بىر تەكشۈرۈش ھەيئىتى ئەۋەتىڭلەر، تەكشۈرۈپ كەلسۇن» دەپ تاپشۇرۇپ كەتكەنىدىم. ئەلۋەتتە، تۈركىستاننىڭ ئايرىم كىشى ياكى ئايرىم كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى ئېنىقلانسا، ئۇنىڭغا قاتتىق جازا بېرىلىشى كېرەك. لېكىن، ھازىرقى مەسىلە يالغۇز تۈركىستاننىڭ ئۆلۈمىدە ئەمەس، مەن نەنجىڭگە مېڭىشتىن ئىلگىرى، ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى خادىۋاڭ خانىم جانابلىرى مېنىڭ ئالدىمغا كىرىپ، «تۈركىستاننى تۈرمىدە ئۆلتۈردى» دېدى.

بىزدىن ھېچقانداق سۆز بولمىغاچ، يەنە بىر كۈنى كېلىپ «تۈركىستاننى ئۈرۈمچىدىكى قازاق ياشلىرى ئۆلتۈرۈۋەتتى» دېدى. بۇنىڭغىمۇ ئۈن چىقارمىغاندۇق. بۇ يەنە «تۈركىستاننى ئابدۇكېرىم ئۆلتۈردى» دېدى. ئۇنىڭغىمۇ ئۈن چىقارمىدۇق. قورۇلتايغا كېتىۋېتىپ لەنجۇغا بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە «تۈر-

كىستاننى ئەخمەت ئەپەندىم ئۆلتۈرۈۋەتتى» دەپ گەپ تارقاتتى.
هازىر تۈركىستاننى ئۆلتۈرگەن قاتىللار ئۈرۈمچىدىكى قازاق
ياشلىرى، ئەخمەت ئەپەندىم، رەھىمجان ئەپەندىم، ئابدۇكېرىم
ئەپەندىم ۋە دەللىقان ئەپەندىملەر بولۇپ قالدى. ھېسابنى
مۇشۇ پەددە قىلىدىغان بولسا، تۈركىستاننى ئۆلتۈرگەن قا-
تىللار جەزمەن تېخىمۇ كۆپ بولۇپ چىقىدۇ. ھازىرچە قاتىللار
مۇشۇنچىلىك بولۇپ تۇرسۇن.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى فرانسىيەدە دېموكراتلار بى-
لەن ئەكسىيەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا جىددىي كۈرەش بولۇپ ئۆت-
كەن. ھەربىي تەرەپ دېلفىس زەبىد دېگەن بىر يەھۇدىينى ۋە-
تەن خائىنى دەپ ئەيىبلىگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ گۇناھسىز ئىكەن.
لېكىن، ئۇنىڭ گۇناھكار ياكى گۇناھكار ئەمەسلىكى دېموكرات-
يە بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىك ئوتتۇرىسىدىكى، ھەققانىيلىق ۋە
تەرەققىيپەرۋەرلىك بىلەن مۇستەبىتلىك، ئىستىبداتلىق ئوتتۇرد-
سىدىكى كۈرەش مەسىلىسىگە بېرىپ تاقالغان. ئەگەر دېلفىس
زەبىد گۇناھكار دەپ ئېلان قىلىنسا، بۇ خەلق ھوقۇقىنىڭ دەپ-
سەندە قىلىنغانلىقىنىڭ ئالامتى؛ گۇناھسىز دەپ ئېلان قىلىنسا،
خەلق ھاكىمىيتى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ ئالامتى بولىدىكەن.
بۇ مەسىلە توغرىسىدا مەشھۇر فرانسىيە يازغۇچىسى ئېمىل
زولا «مەن شكايەت قىلىمەن» دەپ بىر كىتاب يېزىپ، مۇستە-
بىت، ئىستىبداتلارنى ئەيىبلىگەن. بۈگۈنكى كۈندە ئېمىل زولا
هايات بولغان بولسا، تۈركىستاننىڭ مەسىلىسىنى توغرا يېشىپ
بەرگەن بولاتتى.

باشقىلارنى كىم ئۆلتۈردى؟

كۇچادىن ئالغان ئېنىق خەۋەرگە قارىغاندا، كۇچادىكى دا-
ۋۇت ۋاڭ ھەربىي ۋە ساقچى ئەمەلدار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ
يىغىلىشقا كەلگەن خەلقنى پىلىموتقا تۇتقان. نەتىجىدە بىر خە-
ۋەردە توققۇز ئادەم، يەنە بىر خەۋەردە *15* ئادەم ئۆلگەن. خوتەن
كېرىيەدىن ئېلىنغان ئېنىق خەۋەرگە قارىغاندا، سايلام مەجلىسى
ئاچقان ۋاقىتتا كېرىيەدە مىلتىقلار ئېتىلىپ تۇرغان. نەتىجىدە تۆت
ئادەم ئۆلگەن. ئۇ ئاممۇۋى يىغىن ئېچىلغاندا يۈز بەرگەن ئىش.
بۇنىڭدىن تاشقىرى، «مېنىڭ ئىسمىم» نى، «مېنىڭ بالام» نى «بى-

تىم» دېمەك «ھوقۇق» دېمەك دېگىنى ئۈچۈن قاماپ قويىدى، مېنىڭ ئاتامنى «بالاڭ غۇلجىدا ھەربىي خىزمەتتە ئىكەن» دەپ قاماپ قويىدى، دېگەن ئەرزلەر توختىماي كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. خەلقنىڭ ئەرزىنى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى بىز سايلامنى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتكەن ۋەكىللىرىمىز ۋە خەلقنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ باقايلى:

جەنۇبنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

قەشقەردە ئەھۋال بىرئاز ياخشى دەيدۇ. ئەھۋال ياخشى بولغان قەشقەرنىڭ ئەھۋالىنى ۋەكىلىمىز سەيپىدىن ئەپەندىمدىن ئاڭلاپ باقايلى.

*(1)* بۇرۇن تاشقورغان پارتىزانلىرىغا قاتناشقان ئابىت قارى، ھەسەن ھاجى ۋە تۇرسۇنئاخۇن دېگەن كىشىلەر بار ئىكەن. بۇلار يېڭىسارغا قاراشلىق «قىزىل» دېگەن يۇرتتىن بولۇپ، پارتىزانلار تەركىبىدە مەسئۇل خىزمەتلەردە بولغانىكەن. بىتىمدىن كېيىن، ئۇلار قوراللىرىنى تاشلاپ قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ يەردىكى ھەربىيلەر بۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى تالىۋالغانىنىڭ سىرتىدا، ھاياتىغا خەۋپ سېلىپ قويغانىكەن. مەن يېڭىسارغا بارغاندا، ئۇلار ماڭا ئەھۋالنى ئېيتىپ ئەرز بەردى، ماڭا پەقەت كوچىدا كۆپچىلىك ئالدىدا ئۇچراشتى. مەن كېيىن جاۋابىنى بەرمەكچى بولۇپ قايتتىم، مەن قايتىپ يېرىم سائەت ئۆتمەي، يېڭىساردىكى پولكوۋنىك، قىرغىز ئۇيۇشما رەئىسى باراتبېك دېگەن كىشى ئارقىلىق ئۇ ئۈچ ئادەمنى چاقىرتىپ قامىغان. باراتبېكنى تاغقا چىقىرىۋەتكەن. بىز گېنېرال جاڭغا (*42* - دىۋىزىيەنىڭ باشلىقى) ئۇلارنى چىقىرىش توغرۇلۇق تەكلىپ بەرسەك، ھەربىيلەر تەرىپىدىن قامالغىنى يالغان، دەپ ئىنكار قىلدى. كېيىن باراتنى چاقىرتىپ سورىغاندا، ئۇ خاتا قىپتىمەن دېدى ۋە ئىسپات قىلىپ ھۆججەت بەردى (بۇ ھۆججەت بۇرھان ئەپەندىمدە). بۇ ھالدا بىز بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جىجۇڭغا تېلېگرامما بەرگەنىدۇق، ئۇ يەردىكى ھەربىيلەر جاڭ بوجاڭغا ھەم بىزگە «ئۇ ئۈچ كىشى تاشقورغان ئارقىلىق چەت مەملىكەتكە قېچىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئۇنى بىر پادىچى كۆرۈپتۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

(2) مارالبېشى ساقچى ئىدارىسى باشلىقىنىڭ 470 مىڭ دوللارغا خىيانەت قىلغانلىقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، ئۇ دەلىل - ئىسپاتلىرى بىلەن سوتقا بېرىلگەن، ئۇنىڭ ئورنىغا قۇربان ناملىق بىر كىشى ۋالىي ئىدارىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ۋە بۇ ھەقتە ئىچكى ئىشلار نازارىتىگە خەۋەر قىلىنغانىدى. لېكىن ئون كۈن ئۆتمەي، قۇربانىنى ھەربىيلەر باغلاپ يېڭى شەھەرگە ئەۋەتىپ بېرىپتۇ، بىز ئۇنى ۋالىي مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇش توغرىسىدا بىرقانچە قېتىم ئېيتتۇق، بۈگۈن، ئەتە دەپ بىز قايتقانغا قەدەر تاپشۇرمىدى. بىز كېلەردە كۆردۇقكى، سوتقا بېرىلگەن سابىق باشلىقنى سوتتىن چىقىرىپ، مارالبېشى ساقچى ئىدارىسىگە يەنە باشلىق قىلىپ قويۇپتۇ.

(3) يوپۇرغا ناھىيەلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جىڭ شۈيۈەن خىيانەتلىرى ئۈچۈن ئورنىدىن ئېلىپ سوتقا بېرىلگەن، بۇنى ۋالىي مەھكىمىسى ئالىي سوتقا مەلۇم قىلغانىدى. بۇ ئادەمنىمۇ ھەربىيلەر سوتتىن چىقىرىۋېلىپ يەنە ئۆز خىزمىتىگە قويۇپتۇ.

(4) ئادەملەر يوقىلىپ كېتىش ئىشلىرى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىكەن. مەسىلەن، ياسىن ئاتلىق بىر كىشى ئىز - دېرەكسىز يوق بولۇپ كېتىپتۇ، كېيىن ھەربىي تۈرمىدىن چىققان ئۈچ كىشى ياسىننى «ھەربىي تۈرمىدە كۆردۈم» دېگەن. ھەربىي تەرەپ بۇنى بىلگەندىن كېيىن ئۈچ كىشىنى يەنە ھەربىيلەر ئەكىرىپ ئۇرۇپ تۇرۇپ، ئىككىسىگە مەجبۇرىي رەۋىشتە ياسىننى «كۆرمىدۇق» دەپ ھۆججەت يازغۇزۇۋالغان ۋە بىرەيلەننى قول قويۇپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن چىقارمىغان. يەنە يېقىندا ئابدۇللا داموللام دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى قەشقەرگە كېلىپ ياسىن سەتەڭ بىلەن ھەق تەلەپ دەۋاسى قىلغانىدى، بۇ ھەم دېرەكسىز يوق بولۇپ كەتتى.

(5) بىز بارغاندىن كېيىن، بۇرۇن خەلققە زالىملىق قىلغان خەلق دۈشمەنلىرىدىن بىرى جەمئىيەت خىزمىتىدىن سىقىپ چىقىرىلغانىدى. لېكىن ھەربىي ۋە ساقچى تەرەپ دەرھال ئۇنى قوللاپ، يۇقىرى خىزمەت بېرىش بىلەن ھىمايە قىلماقتا. مەسىلەن، يېڭىشەھەر ھاكىمى خۇاڭ چىيۈنى ھەربىي ۋە ساقچى باشلىقى قىلىپ ئۇنىڭغا پولكوۋنىكلىق ئۇنۋانى بەردى. ئابدۇل-

رەھىم، ئابدۇلقېيۇم، مامۇت بەگ، ئەھمەت بەگ... لەرنى قوللاپ يۈلىدى. ئۇنداقلار يەنە ئىككىنچى ئۇسۇل بىلەن ئۆز رولىنى ئوينىماقتا، ياسىن سەتەڭ، ئىمىنھاجى دېگەن كىشىلەرنى قوللاپ ھەرىكەتكە سالماقتا.

(6) يەكەن ۋالىيسى جۇ فاڭگاڭ مائارىپ نازارىتىدىن بارغان ئەنۋەر يۇسۇپنى قاماپ يوقاتتى، ئۇ ئىنكار قىلىدۇ. ئەمما، بىزدە ئۇنىڭ قامىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق پاكىتلار بار، بۇرھان ئەپەندىم ھەم بار.

خوتەن ئەھۋالى توغرۇلۇق مۇھەممەتئىمىن ھەزرىتىمنىڭ بايانىتىنى ئاڭلاپ كۆرەيلى:

(1) خوتەن ۋىلايىتىدە ئىستىبدات قۇيرۇقلىرىدىن بولغان بەك ئازچىلىق كىشىلەردىن باشقا، پۈتۈن خەلق يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى، بىتىم ۋە سىياسىي پروگراممىسىنى ھىمايە قىلىدۇ. سايلام كۈنلىرىدە قېرى، ياش، ئەركىشى ۋە خوتۇن كىشىلەر بىتىم، سىياسىي پروگراما ۋە سايلام قائىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىشقا كىرىشتى.

(2) بۇ ئەھۋالدىن ئۆزىگە زىيان كېلىشىدىن قورققان بىرقانچە مۇستەبىت ئۇنسۇرلار ھەربىي باشلىقلارنىڭ پاناھىغا كىرىپ، خەلقچىللىق ھەرىكىتىنى كۈچەپ توختىتىشقا ھەرىكەت قىلدى. بۇلارنىڭ ئىشلىرى قىسقىچە مۇنداق:

① سايلام نازارەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى 15 يىل بۇرۇن چوماق كۆتۈرۈپ ئىنقىلاب قىلىپ 20 مىڭ خەنزۇنى ئۆلتۈرگەن، ئۇ غۇلجا ئىنقىلابچىلىرىدىندۇر، بۇلارنى ھۆكۈمەت سايلام خىزمىتىگە ئەۋەتكەن بولسىمۇ، بۇلار شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خەلقنى قوزغىلاڭغا قۇتراتماقتا، ھازىر خوتەندە 22 پولك ئەسكەر تەشكىل قىلدى، پولكوۋنىكلىرى پالان - پالانلار... 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قاراقاشتا دۇمباق چېلىپ قوزغىلاڭ باشلىماقچى، دەپ ئارقا - ئارقىدىن خوتەن ھەربىي باشلىقى ليۇغا ۋە باشقا يۇقىرىقى ھەربىي ئورۇنلارغا يالغان مەلۇمات بەرگەن. ھەربىيلەر بۇ مەلۇماتنىڭ يالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، خەلقچىللىق ھەرىكىتىنى باسماق ئۈچۈن، بۇ مەلۇماتنى باھانە قىلىپ، پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتىدە ھەربىي ھالەت

يۈرگۈزدى.

② ھەربىيلەر مەزكۇر يالغان بوھتانغا ئاساسلىنىپ، *12* ـ ئاينىڭ *10* ـ كۈنى قاراقاشتىكى سايلام ھەيئىتى ۋە تەشۋىقات ھەيئىتىدىن *12* ياشنى تۇتۇپ، قاماپ، قىيناپ، ئىككى كىشىنىڭ تىلىدىن «ئىنقىلابىي تەشكىلاتىمىز راست» دەپ ھۆججەت ئالدى، ھۆججەت بەرمىگەنلەرنى ھەددىدىن ئارتۇق قىيناپ قامىدى. *12* ـ ئاينىڭ *25* ـ كۈنى، بۇرھان ئەپەندىم، سەيپىدىن ئەپەندىم ۋە مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىملەر خوتەنگە كېلىپ، ھەربىي باشلىق ۋە ۋالىي نۇربەگنى قاتتىق سىققاندىن كېيىن، *12* ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۇلار قاراقاشقا بېرىپ قامالغانلارنى چىقاردى. لېكىن، ئۇلارغا «ئىشپىيونلۇق» قىلىپ بېرىش ۋە باشقا شەرتلەرنى قويۇپ ھۆججەت ئېلىپ چىقاردى، مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان ئەپەندى باشلىق ئۈچ ھۆكۈمەت ئەزاسىنىڭ «خەلقتە ھېچبىر قارشى ھەرىكەت يوقلۇقىغا بىز كېپىل، ھەربىي ھالەتنى يوقىتىڭ» دېگەن قايتا ـ قايتا تەۋسىيەلىرىنى قوبۇل قىلمىدى.

يۇقىرىقى ئىستىبدات قۇيرۇقلىرى، بىرنەچچە مۇستەبىت ھاكىم، ۋالىي ۋە ھەربىيلەر ئۈرۈمچىگە ياشلار ئۈستىدە تۈرلۈك تۆھمەتلەرنى توقۇپ تېلېگراممما ئەۋەتتى، ئۈرۈمچىدىن «بۇ راست بولسا، مۇھەممەتئىمىن نازىر بىلەن بىرلىكتە تۈزىتىڭلەر» دېگەن تېلېگراممما كەلدى. بۇ تېلېگراممما بارغان زامان مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىدىن ھېچ سۆز سورىمايلا، ياشلارنى قاتتىق سىقىپ، ئۇرۇپ، سولاپ قىينىغلى باشلىدى. مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىنىڭ جېنىغا سۇيىقەست قىلماق ئۈچۈن، ھەربىي باشلىق ۋە ۋالىي خوتەندە ۋە قاراقاشتا ئىككى سۇيىقەستچىنى سەككىز سەر ئالتۇن ۋە *40* تۈمەن دوللارغا سېتىۋالدى، لېكىن سۇيىقەست ھەرىكىتى سادىر بولۇشتىن بۇرۇن مەلۇم بولۇپ قېلىپ نەتىجىسىز قالدى.

③ كېرىيەدە سايلام مەجلىسىنى تارقاتماق ئۈچۈن، ھەربىي ۋە ساقچىلار بىرلىشىپ بازار ھەم مەجلىس ئورنىغا قارىتىپ تەخمىنەن *70* پاي ئوق ئاتتى، يەتتە كىشىگە ئوق تېگىپ، تۆتى ئۆلدى، مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى ۋالىيغا ۋە ھەربىي باشلىققا «بۇ ۋەقەنى تەكشۈرۈپ جىنايەتچىگە جازا بېرىڭلەر» دەپ ئالا-

ھىدە رەسمىي قەغەز يازسمۇ، بۇ ئىككىسى تەكشۈرگۈچى دەپ ئىككى پەيجاڭنى ئەۋەتتى، پەيجاڭلار كېرىيەدە بىرنەچچە كۈن ئويناپ قايتىپ كەلدى.

④ كېرىيە، چىرا ۋە لوپ ناھىيەلىرىدە ئەسكەر ۋە ساقچىلار زىيالىي ياشلارنى كۆرگەن يەردە «مۇھەممەتئىمىن چوماقچىنىڭ قۇيرۇقلىرى، ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ قۇيرۇقلىرى» دەپ تىللاپ ئۇرۇپ ـ سوقتى. چارىلىرىمىز ئۆزىمىز شۇ ناھىيەدە بار كۈنلىرىمىزدە ئەمەلگە ئاشالدى، بىز قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چىرادا ئىككى مۇئەللىمنى قامىدى. خوتەن ھەربىي باشلىقى لوپقا ئادەم ئەۋەتىپ رەجەپ توختى باشلىق 19 مۇئەللىمنى تۇتۇپ، خوتەنگە ئەكېلىپ قامىدى.

⑤ قاراقاشتا خەلق سايلىغان سايلام نامزاتلىرىنى قورقۇتۇپ نامزاتلىقتىن چىقىرىۋېتىپ، مۇستەبىتلەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يۇرىدىغان شياڭجاڭ، باۋجاڭ ۋە يۈزباشلىرىنى نامزاتلىققا تەيىن قىلدى. شەھەردە كۈندۈزلىرىمۇ ھەربىي ھالەت ئىجرا قىلىپ، خەلقنى شەھەرگە كىرىشتىن توسۇدى، بۇ سەۋەبتىن قاراقاشتا خەلقچىللىق ئۇسۇلى بىلەن سايلام يۈرگۈزۈش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن سايلام قىلىنمىدى.

⑥ خەلقچىللىق ئۇسۇلى بىلەن سايلام ئۆتكۈزۈلگەن ئالتە ناھىيەدىن كېرىيە، لوپ، خوتەن، گۇما ناھىيەلىرىنىڭ يېڭى سايلانغان يەرلىك ھاكىملىرىغا ئىش ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ھەربىي باشلىق ۋە ۋالىي توسقۇنلۇق قىلدى، مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان ئەپەندىمنىڭ بۇ ھەقتە بەرگەن رەسمىي بۇيرۇقىنى رەت قىلدى.

⑦ بىز بۇيان كەلگەندىن بېرى، خوتەن زىيالىيلىرىنىڭ باشلىقى بولغان مۇھەممەت ئەلى داموللامنى ھەربىي ئىدارىگە ئېلىپ بېرىپ قامىدى، مېنىڭ كانۋايىم ئابدۇل مەجىدنى ۋە تەرجىمانىم ئوسماننى ئوغرىلىقچە تۇتۇپ ھەربىيدە قامىدى.

بۇنىڭدىن باشقا ئەھۋاللارنى ۋەكىللەر ئۆزلىرى سۆزلەپ بېرەر.

ئەمدى خەلقنىڭ ئۆز ئاغزىدىن دادى ـ ئەھۋالنى ئاڭلاپ باقايلى: مەن بىر ـ ئىككى جايدىن كەلگەن ئەرزنى ئوقۇپ بېرەي، مانا ئاقسۇدىن كەلگەن خەتنىڭ ئايرىم جايلىرى:

«سىياسىي پروگراما بويىچە ھەقىقەتنى ياقلىغۇچىلارنى قاماش ئىشلىرى داۋام قىلماقتا، مەسىلەن، ئۈچتۇرپاندا ئابدۇل ئەھەتخاننى، ئاقسۇدا ئوبۇلقاسىم ئىبراھىمنى، تۇرسۇن ياسىن، پەتتارجان ۋە باشقىلارنى، بايدا مۇھەممەت ھاشىم، مەخمۇت سىدىق، ئابدۇرەھىم، ھەسەننى، كۇچادا ئەزىز يۈسۈپ، ھامۇت ئەزىز، مۇھەممەتئىمىن ۋاھىدى، ئابدۇل ئەزىز، ئىبراھىم، مۇھەممەت نىياز، ئابدۇللا ئىسلام، ھەسەن شېرىپ ۋە باشقىلارنى، شۇ ئارىدا روزى ئىبراھىم، مىجىت، تاش مۇھەممەتنى، توقسۇدىن ئابدۇقېيۇم، شايىتنى، ئاقسۇ قۇمباشتىن ئاتاۋۇللا قارى، روزى خۇيجاڭ، نىياز بەگ، توختى موللا، نەمەت يۈزبېگى، ئىمىنقارى ھاجىم، ئىمىن ئەلەم ئاخۇنۇمنى، كەلپىندىن خۇدابەردى سېلىم، ئابدۇلخالىق ۋە ئابدۇرەھىملەرنى بىگۇناھ قاماققا ئالغان.

قاماش باھانىسى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، قىمار ئوينىدى، نەشە چەكتى، ئوغرىلىق قىلدى، ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلدى دېگەنگە ئوخشاش تۈرلۈك بوھتانلار. بىتىم ۋە سىياسىي پروگرامىغا قارشى ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتلارنى ھەر دائىم ئوچۇقتىن - ئوچۇق يۈرگۈزۈپ تۇرماقتا، خەلقنى تەشۋىشكە سالماقتا. بىزدە ئاتوم بار، بىر ئاتوم بىلەن شىنجاڭنى يەر بىلەن يەكسان قىلىمىز، دېيىشمەكتە.

ئىلىدىن بارغانلارنىڭ ھەممىسىگە پەقەت كۈن يوق. ئوبۇلقاسىم، ئابدۇرەھىملەر تېخىچە قاماقتا. *10* ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ئىلىدىن قورغان بىلەن بايغا قايتقان خەلقلەرنى قاماپ ئۇرۇپ، بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن چىقارغان، چىقىپ بىر كۈندىن كېيىن ئابدۇللا دېگەن ئادەم ئۆلگەن. *11* ـ ئايدا ھۆكۈمەت ئەزاسى جۇڭ دىخۇا ئەپەندىم ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن ئۈچ نەپەر ئادەمنى قاماپ ئۇرۇپ، قىيناپ شۇلارنىڭ نامىدا تۈرلۈك ئەپسانە سۆزلەر بىلەن كوچىلارغا خەت چاپلىغان. مەخسۇم داموللام، ئوسمان داموللام، ئىسمايىل قازىئاخۇنۇملار يىغلايدۇ. ئۇلار نازارەت ئاستىدا، بىچارىلەرگە پەقەت كۈن يوق».

كىم ئۇيغۇرلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەتتى دېگەن؟

«قازاقلاردا ھوقۇق قالمىدى، ئۇيغۇرلار ئۈستۈنلۈكنى ئى-

گىلەپ كەتتى» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر ئەمەلىيەتتە «تۈر-كىستاننى كىم ئۆلتۈردى» دېگەن گەپ بىلەن باغلىنىشلىق. بۇ مەسلىنى خادىۋاڭ خانىم بىتىم ئىمزالىنىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قايتىدىن تەشكىللەنگەندىن كېيىن ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىپ كۆ-تۈرۈپ چىققان، ھازىرمۇ ئىغۋا تارقىتىپ يۈرمەكتە. ھەممەيلەن-گە مەلۇمكى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قايتىدىن تەشكىللەش خەلقچىل سىياسەت ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، ئومۇمىي خەلق نورمال سايلام خىزمىتىگە كىرىشىشتىن ئاۋۋال قوللانغان ۋاقىتلىق تەدبىر ئىدى. خەلقچىل سىياسەت يولغا قويۇلغاندىن كېيىن مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ئىشقا ئاشقان بولاتتى — دە، ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ نىسبىتى بويىچە بەلگىلەشكە توغرا كېلەتتى.

ھازىرچە مىللەت دېگەن بۇ ئاتالغۇنى نەزەرىيە جەھەتتىن چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرماي، 13 —، 14 — ئەسىرلەردە موڭغۇللار بىلەن تۈركىي مىللەتلەرنىڭ بىر ئۇقۇمدا ئىكەنلىكىنىمۇ، قا-زاقلارنىڭ ئەسلىدىكى ئۈچ خانلىقتىن (كىچىك يۈز، ئوتتۇرا يۈز، چوڭ يۈز) بىر خانلىق بولۇپ شەكىللەنگىنىگە 250 يىل بولغانلىقىنىمۇ تىلغا ئالماي، پەقەت بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بىتىم ئىجرا قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا قازاق خەلقىنىڭ ھوقۇقىنىڭ كاپالەت-لەندۈرۈلگەن — كاپالەتلەندۈرۈلمىگەنلىكىنى تەھلىل قىلىپ كۆرسەكلا كۇپايە. دېمەكچىمەنكى، قازاقنىڭ ئاھالىسى ئۇي-غۇرلارنىڭ ئاھالىسىدىن ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن نوپۇسىغا قاراپ ئاز سان بېرىش كېرەك دەۋاتقىنىمىز يوق، قازاقلار بىلەن ئۇي-غۇرلارنى پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ھەرقان-داق ئادەم بېشىنى تاشقا مىڭ ئۇرسىمۇ ئۇلارنى ئايرىۋېتەلمەيدۇ (گولدۇراس ئالقىشلار). ئۇيغۇرلار بىلەن قازاقلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ئوخشاش، تىلى ئوخشاش، تۇرار يېرى ئوخشاش، تا-رىخى ئوخشاش، ئاتا — بوۋىلىرى ئوخشاش، جايلاشقان يېرى ئوخشاش، ئوزۇقىمۇ ئوخشاش، ئوچىقىمۇ ئوخشاش، ئوخ-شاش، يەنە ئوخشاش (گولدۇراس ئالقىشلار). شۇڭا ئۇلارنىڭ تەقدىرى بىر، ئارزۇسى بىر، سېلىقى بىر، تەلپى بىر، ئىستىقبا-لى بىر، كېلەچىكى بىر (گولدۇراس ئالقىشلار). كىمكى ئۇلار-

نىڭ ئارىسىغا زىددىيەت سالىمەن دېسە، شۇ كىشى دۈشمەن، شۇنداقلا شەرمەندە بولىدۇ. بۇنىڭغا تارىختىن سان ـ ساناقسىز مىساللارنى كەلتۈرۈپ ئولتۇرۇش هاجەت ئەمەس. بۇنىڭغا تۇنۇگۇنكى ئىلى ۋەقەسىدىكى كىچىككىنە مىسالنى كەلتۈرۈشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. ئىلىنىڭ نىلقا دېگەن يېرىدە غېنى قاتارلىق كىشىلەر ئىسيان كۆتۈرۈپ چىققان چاغدا لىۋ بىڭدې دېگەن بىرەيلەن مەخسۇس ئىلىغا بېرىپ قازاقلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سالماقچى بولغان. ئۇ ئالدى بىلەن قازاقلار ئىچىدىكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنى يىغىپ كېلىپ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، پۇل ـ پۇچەك، نەرسە ـ كېرەك بېرىپ، سىلەر ئۇنداق ياخشى، مۇنداق ياخشى، ئەڭ سادىق ئادەمسىلەر دېگەن، يەنە ئۇيغۇرلار ئۇنداق يامان، مۇنداق يامان، هازىر ئۇلار ئۇنداق قىلىۋاتىدۇ، مۇنداق قىلىۋاتىدۇ. سىلەر ئۇلارنىڭ پاراكەندىچىلىكلىرىگە يول قويساڭلار بولمايدۇ. سىلەر ساداقەتلىك كۆرسەتسەڭلەر كەلگۈسىدە ئۇنداق بولىسىلەر، مۇنداق بولىسىلەر دېگەن. ئاندىن كېيىن ئۇ يەنە ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنى يىغىپ كېلىپ ئۇلارغا: قازاقلار ئەزەلدىن ئوغرى، ئەگەر ئۇلارغا يول قويساڭلار دۇكانلىرىڭلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدۇ. سىلەر هازىر ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملەردۇرسىلەر، ئەلەڭگەي ـ بەلەڭگەي دېگەن، مېھمان قىلىپ سوۋغا ـ سالام بەرگەن، يەنە تېخى پۇلمۇ، نەرسىمۇ بەرگەن. ئاندىن كېيىن قازاقلارغا نىلقا قەلئەلىرىنى ساقلاشقا قورال تارقىتىپ بەرگەن.

ئۇنىڭ بۇ ئىشى قوزغىلاڭچىلار ئۈچۈن ئەكسىچە چوڭ ياردەم بولغان: بىرىنچىدىن، قەلئەلەرنى ساقلىغۇچىلار قوزغىلاڭچىلارغا يول ئېچىپ بەرگەن. ئىككىنچىدىن، قوزغىلاڭچىلار بىر قىسىم قورال ـ ياراغقا ئىگە بولۇپ قالغان. دېمەك، ئۇيغۇرلار بىلەن قازاقلار ئارىسىغا زىددىيەت سالماقچى بولغانلار ئاخىرى چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە، كىمكى قازاقلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا زىددىيەت سالماقچى بولسا، ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دوستلۇقىغا قارشى تۇرغان بولىدۇ، هاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىغا قارشى تۇرغان بو-

لىدۇ، ئۇ پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ، ئەينى زاماندا مەركەزنىڭمۇ دۈشمىنى بولغان بولىدۇ. كەلگۈسىدە بىز يېڭىباشتىن ھۆكۈمەت تەشكىل قىلغان چاغدا، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشىنى مىللەتنىڭ ۋە قەبى- لىنىڭ تەركىبى بويىچە تۆۋەندىكىدەك تۈزۈپ چىقىمىز:

شېڭ شىسەي تىزىمغا ئالغان مەزگىلدە (مىنگونىڭ 31 ـ يىلى) ئۆلكىمىزنىڭ مىللەت تەركىبى تۆۋەندىكىدەك بولغان:

| | |
|---|---|
| ئۇيغۇر | 72.1% |
| قازاق | 8.4% |
| قىرغىز | 1.9% |
| موڭغۇل | 7.2% |
| خەنزۇ، مانجۇ، شىبە، سولۇن | 5.4% |
| خۇيـزۇ | 5.4% |
| تاجىك | 0.4% |
| ئۆزبېك | 0.2% |
| تاتار | 0.1% |
| رۇس | 0.4% |
| باشقىلار | 0.5% |

بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 25 كىشىدىن تەركىب تاپتى. يۇقىرىقى مىللىي تەركىب بويىچە تەقسىم قىلغاندا مۇنداق بولۇشى كېرەك:

| | | |
|---|---|---|
| ئۇيغۇر | 18 كىشى | 72% |
| قازاق | 2 كىشى | 8% |
| خەنزۇ، مانجۇ، شىبە، سولۇن | 1 كىشى | 4% |
| موڭغۇل، قىرغىز | 1 كىشى | 4% |
| خۇيزۇ | 2 كىشى | 8% |
| باشقىلار | 1 كىشى | 4% |

بىز بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل ئىلگىرى ياۋروپالىقلارنىڭ شىنجاڭ ئاھالىسىنى ئىستاتىستىكا قىلىش ئەھۋالىغا قاراپ باقايلى:

| | |
|---|---|
| ئۇيغۇر | 69.4% |

| | |
|---|---|
| قازاق | 8.3% |
| قىرغىز | 1.8% |
| موڭغۇل | 7.5% |
| خەنزۇ | 5.4% |
| خۇيــزۇ | 5.4% |
| باشقىلار | 2.2% |

يۇقىرىقى ئىستاتىستىكىغا ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەت لەرگە تېخىمۇ كۆپرەك ئېتىبار بېرىشكە توغرا كەلسە، ئەھۋال مۇنداق بولىدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| ئۇيغۇر | 16 كىشى | 64% |
| قازاق | 2 كىشى | 8% |
| موڭغۇل | 2 كىشى | 8% |
| خەنزۇ | 1 كىشى | 4% |
| خۇيزۇ | 1 كىشى | 4% |
| باشقىلار | 3 كىشى | 12% |

بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىنكى ھازىرقى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەھۋالى:

| | | |
|---|---|---|
| ئۇيغۇر | 7 كىشى | 28% |
| خەنزۇ | 7 كىشى | 28% |
| قازاق | 4 كىشى | 16% |
| قىرغىز | 1 كىشى | 4% |
| ئۆزبېك | 1 كىشى | 4% |
| تاتار | 1 كىشى | 4% |
| شىبە | 1 كىشى | 4% |
| موڭغۇل | 1 كىشى | 4% |
| خۇيزۇ | 2 كىشى | 8% |

پۈتۈن ئۆلكە ئاھالىسىنىڭ 72% نى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇرلار 28% ئورۇننى، پۈتۈن ئۆلكە ئاھالىسىنىڭ 11% نى تەشكىل قىلىدىغان قازاقلار بىلەن قىرغىزلار 20% ئورۇننى ئىگە-

لەپ تۇرسا، يەنە كىم ئۇيغۇرلار ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ كەتتى
دېيەلەيدۇ؟ ئالتاينىڭ ۋالىيسى قازاق، ئۇرۇمچىنىڭ ۋالىيسى قاـ
زاق، تارباغاتاينىڭ ۋالىيسى قازاق، ئىلىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى
قازاق، ئالتاينىڭ مەمۇرىي ھۆكۈمدارى قازاق، تارباغاتاينىڭ
قىسمەن ھاكىملىرى ۋە مەمۇرىي ھۆكۈمدارلىرى قازاق، ئىلى
ۋىلايىتىنىڭ قازاقلار ئولتۇراقلاشقان رايونلىرىنىڭ ھاكىمى قازاق.
بۇ ھالدا قانداقمۇ ئۇيغۇرلار ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ كەتتى دېـ
گىلى بولىدۇ؟ خادىۋاڭ خانىم بۇ مەسىلىلەرنى ئويلاپ باقتىمـ
كىن. مەن دادىللىق بىلەن ئۇيغۇر ـ قازاق خەلقىگە ۋەكىل بوـ
لۇپ ئېيتالايمەنكى، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تالىشىدىغان
ھېچقانداق نەرسە يوق (گۇلدۇراس ئالقىشلار).

مەسىلىنىڭ ماھىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ
كەتكەنلىكىدە ئەمەس، مەسىلىنىڭ ماھىيىتى بەزىلەرنىڭ بۇنى
باھانە قىلىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇۋاتقانلىقىدا. ئەمەلىيەتتە
بۇ قازاق خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە خىلاپلىق قىلغانلىق. گەپ شۇ
يەردىكى، ئايرىم ئادەملەر كۆرۈنۈشتە ئورۇن تالىشىۋاتقاندەك
قىلغىنى بىلەن، ماھىيەتتە ئىستىبداتلىق سىياسەتنى قوللىماقتا
ۋە ئۇنىڭغا ھامىيلىق قىلماقتا (كۈلكە).

لېكىن بۇلار ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرماي قالمايدۇ. قائىدە
بويىچە ئېيتقاندا، مەنمۇ «غەم يېيىشىم» كېرەك، چۈنكى ھازىر
مەن خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇپ تۇرغان بىر مۇئاۋىن رەـ
ئىس. كەلگۈسىدە ھەقىقىي خەلقچىل سىياسەت يولغا قويۇلغان
چاغدا، خەلق ئەركىن سايلام ھوقۇقىغا ئىگە بولغاندا، ئۇ چاغدا
مەنمۇ خەلق مېنى يەنىلا ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا سايلىشارمۇ دەپ
غەم يېيىشىم كېرەك.

«ئۆچكە جان قايغۇسىدا، قاسساپ ياغ قايغۇسىدا» دېگەنـ
دەك، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە خەلق ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىكىنىڭ غېـ
مىدە بولۇۋاتقان چاغدا بىز تەختىمىزنىڭ غېمىدە بولساق، بىزنى
كىم ھىمايە قىلىدۇ؟ بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بىز ھە دېسە سەن
ئۇيغۇر، مەن قازاق دەپ تالىشىپ ئۆتسەك قانداق بولىدۇ؟

مۇشۇ قائىدە بويىچە بولغاندا، سەن قىزاي، ئالبان دەپ

ئايرىساق بولىدىكەن — دە، ھەتتا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ قىزايلارنىمۇ ئايرىپ:

چىپار ئايغىر بىلەن مېركىت
جېدىك بىلەن جاستابان
جانتېگەي بىلەن ئېتىل
چېرۋىس بىلەن كۆنزادىق
قاراتاس بىلەن موين دېسەك ياكى

......

ئاندىن ئۇيغۇرلارنى قەشقەرلىق، خوتەنلىك، يەكەنلىك دەپ بۆلۈۋەتسەك، ھەممىيلەن ئۆزى بەگ — ئۆزى خان بولۇپ، ھوقۇق — مەنپەئەت تالىشىپ توختىمىسا، ئايرىم كىشىلەر بۇنىڭدىن ئاجايىپ خۇشال بولۇپ كېتىدۇ — دە! بۇنداق بۆلگۈنچىلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا نېمە مۇكاپات بەرسەك بولار! (كۈلكە) لېكىن، ھېلىمۇ ياخشى بۈگۈنكى كۈندە خەلقىمىز ئۇيۇلتاشتەك بىردەك ئىتتىپاقلاشقان (چاۋاك).

مۇستەبىتلەر بۇنى كۆرۈپ ئولتۇرالماي كېتىشتى. بۈگۈنكى كۈندە بىزگە كىمنىڭ ئۈستۈنلۈكتە تۇرۇشى كېرەك ئەمەس. ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيلى دېگەن گەپلەرنى تاشلىشىمىز، ئۇنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ئاساسىدىكى خەلقچىللىق سىياسىتى دېگىنىمىز مانا مۇشۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئەھۋالى ئېنىق مەلۇم بولۇپ تۇرغان، پۈتۈن ئۆلكە خەلقى بۇنداق ھادىسىلەرنى تۈگىتىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىۋاتقان چاغدا، پۈتۈن خەلقىمىز بىتىمنى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىنى ھىمايە قىلىۋاتقان، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىۋاتقان چاغدا، خادىۋاڭ خانىم جانابلىرى كىملەرگە ۋەكىل بولۇپ، كىم ئۈچۈن دۇمباق چېلىۋاتىدىكىن؟ بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ھەتتا مەركەزمۇ بۇ دۇمباقنى چالمايدىغان بولۇپ كەتتى. دۇمباقچىلارغا ئۆلكىمىزدە ئورۇن يوق، خەلقچىل سىياسەت چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ، خەلق خەلقچىل

سىياسەتكە توسقۇن بولۇشقا ھەرگىز يول قويمايدۇ (چاۋاكلار).
قىلچە شۇبھە يوقكى، ئايرىم مۇستەبىتلەرنىڭ خەلقچىل
سىياسەتكە بۇزغۇنچىلىق سېلىش غەرىزى چوقۇم يەر بىلەن
يەكسان بولىدۇ.
بىز نېمىگە قارشى تۇرىمىز؟
مەن ئىلگىرىكى نۇتۇقلىرىمدا ھەرقايسىڭلارغا: «بىزنىڭ
مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز ئۆز نۆۋىتىدە دېموكراتىك ھەرى-
كەت» دېگەنىدىم. مۇشۇ سۆزدىنلا بىزنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈ-
سىدىكى مەقسىتىمىزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولى-
دۇ. بىز ئۆلكىمىزگە پەقەت بىرلا مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلى-
شىغا قارشى تۇرىمىز، بىراق بىز ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەرگىز پۈت-
كۈل بىر مىللەتكە قارشى تۇرمايمىز (چاۋاك). شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا، مەيلى قانداق ئەھۋالدا بولمىسۇن، كىمنىڭ قولىدا بول-
مىسۇن، مۇستەبىت ھاكىمىيەتلا بولىدىكەن، بىز قەتئىي قارشى
تۇرىمىز. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، بىز خەلق ئۈستىدىن
ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ھاكىمىيەتنىڭ بىر ئادەمنىڭ قولىدا بو-
لۇشىغا قارشى تۇرىمىز، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىققا قارشى تۇرى-
مىز، خەلقنىڭ ھوقۇقىغا ۋە ئەركىنلىكىگە تاجاۋۇز قىلىشقا
قارشى تۇرىمىز (چاۋاك). بىزنىڭ خەلقىمىز بىزنىڭ بىر مىللەتكە
قارشى تۇرمايدىغانلىقىمىزنى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە قارشى تۇر-
مايدىغانلىقىمىزنى ئېنىق بىلىشى كېرەك. ئەگەر بۈگۈنكى كۈندە
كىمكىن دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە، پۈتۈن بىر خەنزۇ مىللىتىگە قارشى
تۇرىدىكەن، ئۇ تىنچلىق بىتىمىگە قارشى تۇرغان، ھاكىمىيەت
يۈرگۈزۈش پىروگراممىسىغا قارشى تۇرغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن بۇنداق كىشىلەر چاتاق چىقىرىدۇ، شۇنداق ئىكەن، ئۇ
خەلقنىڭ دوستى ئەمەس.
بىز بىتىمدە بەلگىلەنگەنلەردىن ھالقىپ ھەرقانداق تۈستى-
كى ھەرقانداق ھەرىكەتنى قوللىمايمىز، چۈنكى ئۇنداق ھەرى-
كەتلەر خەلقنى بىھۇدە قان تۆكۈش، قۇربان بېرىشلەرگە ئېلىپ
بارىدۇ، شۇڭا بىز قەتئىي قارشى تۇرىمىز، چۈنكى بۇنداق قى-
لىقلار قانۇنغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

بىز بۇگۈن ئۆلكىمىزدىكى ئىستىبدات ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدۇق ۋە خەلققە تاپشۇرۇپ بېرىپ خەلقنىڭ ئەركىلىكىنى ئىشقا ئاشۇردۇق، ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىنىڭمۇ كىردىدىغان تۆشۈكى قالمىدى. كىمكىن خەلقنىڭ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلماقچى بولسا، ئۇ زەربىگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھازىر خەنزۇ مىللىتىگە قارشى تۇرۇۋاتمايمىز، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگىمۇ قارشى تۇرۇۋاتمايمىز. بىز ئىسپانىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى سېرۋانتېسنىڭ داڭلىق ئەسىرى «دونكىخوت» نى ئەسلەپ باقساق بولىدۇ. رومانىدا دونكىخوت بىلەن ئۇنىڭ ياردەمچىسى سانچۇپانسانىڭ مۇشەققەتلىك سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن ھەمدە سانچۇپانسا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىر ئىشمۇ بايان قىلىنغان.

بىر كۈنى دونكىخوت بىلەن سانچۇپانسا ئوۋ ئوۋلاشقا چىققان بىر كىنەزنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ. كىنەزنىڭ بۇ ئىككىسىنىڭ بەكمۇ جاپا تارتىپ كەتكەنلىكىگە قاراپ ئىچى ئاغرىيدۇ ـ دە، ئاخىرىدا سانچۇپانسانى باستى ئارىلىنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەيدۇ. سانچۇپانسا ئون كۈن باش ۋالىي بولۇپ، بەكمۇ ئادىل ئىش تۇتىدۇ. ئەمما كېيىن كىنەزنىڭ ئادەملىرى ئارال دۆشمەننىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىدى دەپ يالغان ئېيتىپ قەستەن قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرىدۇ. ئۇلار بىچارە سانچۇپانسانى ئىككى قالقاننىڭ ئارىسىغا ئېلىپ باغلاپ ئۇرۇپ، دەسسەپ ـ چەيلەپ ھاقارەتلەيدۇ. ئەلۋەتتە بىز ۋالىي، ھاكىملىرىمىزنىڭ باستى ئارىلىنىڭ باش ۋالىيلىرىدىن بولۇپ قېلىشىنى خالىمايمىز ۋە ئۇنداق قىلىشقا قەتئىي قارشى تۇرىمىز (قىزغىن چاۋاكلار). بىز ئايرىم ھەربىي سەركەردىلەرنىڭ ھامىيلىقىدا ئايرىم مۇستەبىتلەرنىڭ ئۆز تۇرالغۇلىرىنى گېلتىمبىر (فرانسىيە ئىنقىلابى دەۋرىدە خەلق يىغىلىشلىرىنى ۋە نامايىشلىرىنى ئوققا تۇتقان ھەربىي قوشۇن) نىڭ قوماندانلىق ئىشتابىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز؛ بىز بەزىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بىرلىككە كېلىش ئورنىغا «قانلىق سىياسەت» نى (بىسماركچە قورال كۈچى ئارقىلىق گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش سىياسىتىنى)دەسسىتىش تەكلىپىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز (قىزغىن ئال-

قىشلار). بىز ئېغىزدىلا ھاكىمىيەتنى خەلققە تاپشۇرۇپ، ئەمەلـ-
يەتتە بەزى ئورگانلارنى تىنچلىق بىتىمگە ۋە ھاكىمىيەت يۈر-
گۈزۈش پىروگراممىسىغا قارشى تۇرىدىغان قوماندانلىق ئىشتابـ-
غا ئايلاندۇرۇۋېلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز. بىز سۆز ئەركىنـ-
لىكى، مەتبۇئات ئەركىنلىكى دەپ توۋلاپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە
ھەرخىل گېزىت ـ ژۇرناللارنى تاقاشقا، راست گەپ قىلىشقا
جۈرئەت قىلغان كىشىلەرنى تىنچلىق بىتىمگە ۋە ھاكىمىيەت
يۈرگۈزۈش پىروگراممىسىغا قارشى تۇرغۇچى دەپ ئاتاشقا قەتـ-
ئىي قارشى تۇرىمىز. ئەگەر ئۇ كىشىلەر راستتىنلا شۇنداق بولـ-
سا، ئۇلارنى ئاشكارا سوتلاش كېرەك. لېكىن ھەقىقەتەن ئۆزى
ئۇنداق قىلمايلا قالماستىن ئەكسىچە چارلوتتې (فرانسىيە ئىنـ-
قىلابى دەۋرىدە خەلقنىڭ دوستى ماررانى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن
ئايال)، بۇئون (ئامېرىكا ئىنقىلابى دەۋرىدە لىنكولىننى قەستلەپ
ئۆلتۈرگەن ئارتىس قاتىل) قاتارلىق ئادەملەرنىڭ ئاشكارا ھەرد-
كەت قىلىشىغا يول قويغان؛ بىز مىللىي باراۋەرلىك ئاساسىدىكى
مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى قوللىغان
مارىيا ئانتونى (فرانسىيە پادىشاھى ليۇدۇۋىكنىڭ ئايالى، فرانـ-
سىيە ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ كاتتىبېشى، ئا-
رىغا بۆلگۈنچىلىك سالغۇچى، پىتنەـپاساتچى ئايال) غا ئوخـ-
شاش كىشىلەرگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز؛ بىز ئىنسانپەرۋەرلىك
دېگەن نام ئاستىدا بىگۇناھ ئاممىغا زىيانكەشلىك قىلىشقا قەتئىي
قارشى تۇرىمىز؛ بىز ئايرىم كىشىلەرنىڭ ئاتوم بومبىسىنى داۋراڭ
قىلىپ، ئاممىۋى يىغىنلاردا ئاشكارا تەھدىت سېلىپ، «ئەگەر مەن
كۆرسەتكەن كىشىلەرنى ھاكىم قىلىپ سايلاشمايدىغان بولۇشـ-
ساڭ قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، ئىلى، تارباغاتايغا بىردىن ئاتوم
بومبىسى ئاتىمەن!» دەپ چۇقان كۆتۈرۈشلىرىگە قەتئىي قارشى
تۇرىمىز (قىزغىن چاۋاك). بىز ئەشەددىي خەلق دۈشمەنلىرىگە
قەتئىي قارشى تۇرىمىز، خەلق جازالاشنى تەلەپ قىلغان، نو-
مۇسسىز فاشىست جۇ فاڭگاڭلار خەلق سوتىغا تارتىلمايلا قالماسـ-
تىن، ئەكسىچە گافول (*19* ـ ئەسىرنىڭ *70* ـ يىللىرى گېرمانـ-
يەنىڭ بىسمارك دەۋرىدە ئارمىيەنىڭ سەركەردىسى بولغان) نىڭ

691

پاناھىغا ئېرىشىپ، ھازىرغىا قەدەر قانۇنىي جازاغا تارتىلماي،
ئىچكىرىدە قېچىپ يۈرمەكتە (قىزغىن چاۋاك). بىز ئىچكى قىسمى-
مىزدىن خائىن چىقىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز؛ بىز بىرلەشمە
ھۆكۈمەتنىڭ فىرانسىيە ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىكى
ليۇكسېمبۇرگ كومىتېتىغا ئايلىنىپ قېلىشىغا قەتئىي قارشى تۇ-
رىمىز (فىرانسىيە ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە خەلق ھوقۇقى-
نى قوغداش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش نامى بىلەن قۇرۇل-
غان ساختا كومىتېت، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھېچقانداق رولى بول-
مىغان) (قىزغىن چاۋاك).

خەلقىمىز تۇزۇم بىلەن ھوقۇقنى پەرقلەندۈرۈشى كېرەك.
مەسىلەن، كۆچادا بىر ھارۋىكەش بار دەيلى. ئەگەر ساقچى ئۇ-
نىڭغا ئوڭ تەرەپ بىلەن ماڭ دېسە، ئۇ بويسۇنمىسا، قامچىسىنى
ساقچىنىڭ بۇرنىغا تەڭلەپ تۇرۇپ «ياق» دېسە، بۇنى خەلقنىڭ
ھوقۇقى دېيىشكە بولمايدۇ، ئۇنى تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغانلىق
دەيمىز. مۇبادا ئىككىلەن ئۇرۇشۇپ قالغاندا ساقچى ئاجرىتىمەن
دەپ كېلىپ تاياق يېسە، بۇنى تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىش، مۇت-
تەھەملىك دەيمىز. بىز مانا مۇشۇنداق تەشكىلسىزلىك، تەرتىپ-
سىزلىك ۋە مۇتتەھەملىككە قارشى تۇرىمىز، بۇنداق تەشكىل-
سىزلىككە، تەرتىپسىزلىككە ۋە مۇتتەھەملىككە قارشى تۇرىمىز،
بۇنداق تەشكىلسىزلىككە، تەرتىپسىزلىككە ۋە مۇتتەھەملىككە
ھەرگىز يول قويمايمىز.

سايلام جەريانىدا بەزى ئەمەلدارلار سۇيىقەست ئىشلەت-
كەن. تىنچلىق بىتىمدە ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار سايلام ئارقى-
لىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن، لېكىن ئايرىم
مۇستەبىتلەر ئۆز ئادەملىرىنىڭ سايلىنىشى ئۈچۈن ھەر خىل
يوللار بىلەن خۇپىيانە ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان. بىز بۇنداق
قىلىقلارغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز ۋە بۇنداق قىلىقلارنىڭ مەۋ-
جۇت بولۇشىغا قەتئىي يول قويمايمىز. (قىزغىن چاۋاكلار)

خەلق قانداق قىلىشى كېرەك؟

ھازىر خەلق ناھايىتى ئىتتىپاق. دۈشمەن (ھېچكىمنىڭ را-
يىغا باقمايدىغان مۇستەبىت كۈچلەر) خەلقنىڭ بىردەك ئىتتىپاق-
لىشىشىنى خالىمايدۇ. بىز ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى

ئىتتىپاقلىقنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىشىمىز ۋە كۈچەيتىشىمىز كې-
رەك. بىز ئۇلارنىڭ «بىتىمنىڭ بولۇشىلا ھەرگىز كۇپايە قىلماي-
دۇ، بىتىمنىڭ سىرتىدا تېخىمۇ كۆپرەك ھوقۇقتا ئىگە بولۇشى-
مىز، مۇستەقىل ھۆكۈمەت قۇرۇشىمىز كېرەك» دېگەنگە ئوخشاش
گەپلىرىگە تېخىمۇ ئىشەنمەسلىكىمىز ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ كەت-
مەسلىكىمىز كېرەك. بىز بىر كۈن ھۆكۈمەتتە بولىدىكەنمىز، بىر
كۈن ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىشىمىز كېرەك (چاۋاك). بىزدە ھېچ-
قانداق قورقۇش كەيپىياتى بولماسلىقى كېرەك (چاۋاك). بىزنىڭ
ئۆلكىگە ئالتە دانە ئاتوم بومبىسى ئاتىمەن دېگەن ئەسكەرنىڭ
ھەرقانداق ئادەمگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ھېچقانداق سالاھىيتى
يوق. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ گېپى بىلەن ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى ئاشكا-
رىلاپ بېرىدۇ، خالاس. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئاتوم بومبىسى دې-
گەن نېمە ناھايىتى قىممەتمىش. پۈتۈن ئۆلكىمىزنى ساتساقمۇ
بىرنى سېتىۋالغىلى بولماسمىش (كۈلكە). ئەلۋەتتە، بۇ يەرگە
ئالتە دانە ئاتوم بومبىسى ئېتىشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئادەم
چىقمايدۇ. يۇرتىمىزدىكى بەزى مۇستەبىتلەر خەلق ئالدىدا توۋا
قىلىشتا يوق، ئەكسىچە ئۆزلىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ داۋاملىق
زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىش قەستىدە بولۇۋاتىدۇ، ئۇنداقلار ئە-
تە خەلق تەرىپىدىن سوراققا تارتىلىدۇ (گۈلدۈراس ئالقىشلار).
خەلق ئۇلاردىن ھەرگىز قورقمايدۇ! ئەگەر بۇ مۇستەبىتلەر بىرەر
خەۋپكە ئۇچرىساق ئىچكىرىگە قېچىپ كېتىمىز دېگەندەك تەلەي
سىناش روھىي ھالىتىنى ۋاقتىدا ئۆزگەرتىۋالمىسا، ئۇ ھالدا نا-
ھايىتى كېچىكىپ قالغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇگۈن ھىيلە -
مىكىر ئىشلىتىدىغان بولسا، ئەتە خەلق ئۇلارنى سۇر - توقاي
قىلىپ سوت مۇنبىرىگە چىقىرىدۇ (كۈلكە، چاۋاكلار).

ئەخمەتجان ئۆز نۇتقىدا يەنە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى:

شەرقىي تۈركىستان، چىنى تۈركىستان، ئالتە شەھەر،
يەتتىسۇ، جۇڭغارىيە، قەشقەرىيە قاتارلىقلار جۇغراپىيەلىك ئا-

تالغۇلاردىن ئىبارەت. ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ياشاۋاتقان خەلق ھۆكۈمرانلارنىڭ دەھشەتلىك ئېزىشى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىغا چىداپ تۇرالماي، ئەكسىيەتچىل ۋە چىرىك ھۆكۈمرانلىققا قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار «مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى يوقىتايلى!» دەپ ئۈنلۈك شوئار توۋلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە بۇ تۆت ۋىلايەتتە خەلقچىل سىياسەتنى يولغا قويدى. قوزغىلاڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، بىز رادىيودىن جياڭ ۋېيۈەنجاڭنىڭ چېگرا رايوندىكى خەلقلەرگە مىللىي مۇختارىيەت ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدىكى سۆزىنى ئاڭلىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مەسىلىنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىش تەكلىپىنى بەردۇق. كېيىنكى نەتىجە كۆپچىلىككە ئىنتايىن ئايان. تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى، ئۆلكىمىزدىكى باشقا ۋىلايەتلەرگە ئوخشاش بىر ۋىلايەت سۈپىتىدە، ئۆلكىمىزنىڭ تەركىبىي قىسمىغا يېڭىباشتىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى جاكارلىدى. «تىنچلىق بىتىمى» دە پىكىر بايان قىلىش، مەتبۇئات، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ئەركىنلىكى بېرىلگەنلىكى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئۆلكە خەلقى يېڭى ھۆكۈمەتنى «خەلقچىل ھۆكۈمەت» دەپ قاراپ، «خەلقچىل سىياسەت»، «ئازادلىق»، «ئەركىنلىك» دېگەندەك سۆزلەرنى مىللىي ئازادلىق دېگەن سۆز بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ پائالىيىتىگە سىڭدۈردى... ھازىر بۇ سۆز ھەرگىز «مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» قۇرىمىز دېگەن مەنىگە ئىگە ئەمەس، بەلكى مۇستەبىت سىياسەتنى داۋاملىق يۈرگۈزۈشكە يول قويماسلىقتەك بىر تۈرلۈك خەلق ئىدىيەسىنى ئىپادىلەيدۇ...

ئەخمەتجان كەسكىن ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:

شەرقىي تۈركىستان بىر جۇغراپىيەلىك ئاتالغۇدىنلا ئىبارەت

بولۇپ، سىياسىي ھەرىكەتنىڭ نەزەرىيەسى بولالمايدۇ، ئەگەر كىمكى ئۇنى سىياسىي ھەرىكەتنىڭ نەزەرىيەسى قىلىدىكەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دۈشمىنى ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ دۈشمىنى ھېسابلىنىدۇ، بۈگۈنكى كۈندە، كىمكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ سىرتىدىكى چۈشەنچىنى بازارغا سالىدىكەن، بىز ئۇنى تىنچلىق بىتىمگە قارشى چىقتى دەپ ھېسابلايمىز. بىز بۇ خىل قىلمىشنى دۆلىتىمىز ۋە خەلقىمىزگە زىيانلىق دەپ قارايمىز.

... بۈگۈنكى كۈندە، خەلقىمىز «مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇشقا ھەرگىز يول قويمايدۇ، «تىنچلىق بىتىمى»نى يۈرگۈزمەسلىككىمۇ ھەرگىز يول قويمايدۇ.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، خەلقىنىڭ ئىستىقبالى چەكسىز پارلاق!

ئەخمەتجاننىڭ نۇتقى ئاخىرلىشىشى بىلەن، كىشىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇزۇنغىچە چاۋاك چالدى. گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى، ھاياجانلىق شوئارلار ئارقا ـ ئارقىدىن كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن زال قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى:



«ياشىسۇن ئەخمەتجان ئەپەندى! يوقالسۇن مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق! ياشىسۇن خەلقچىل سىياسەت!».

ئەخمەتجان يىغىن مەيدانىدىكىلەرگە قول ئىشارىتى قىلىپ قايتا ـ قايتا ئېھتىرام بىلدۈرگەن بولسىمۇ، زالدىكى چاۋاك ئۇزاققىچە بېسىلمىدى، ئەپەندىم ئۈنلۈك ئاۋازدا: «ياشىسۇن خەلقىمىز!» دەپ ئۈنلۈك توۋلاپ ئاممىغا يەنە بىر قېتىم ئېھتىرام بىلدۈردى. زالنىڭ ئىچى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمۈلدى. ئاممىنىڭ كەيپىياتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئەۋجىگە چىقتى. كۆپچىلىك قىيقاس ـ چۇقان سېلىشىپ ئەخمەتجاننى ئورىۋېلىشتى.

بۇ چاغدا ئۇرۇمچىنىڭ ۋەزىيىتى يامانلىشىشقا يۈزلىنىۋاتاتتى. بىز بۇنى سېزىپ تۇرغان بولساقمۇ، بىراق باشتىن ـ ئاخىر سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇردۇق. دەرۋەقە، ئۇزۇن ئۆتمەي سىياسىي ۋەزىيەتتە جىددىي ئۆزگىرىش بولدى. بۇنىڭ چوڭقۇر سىياسىي سەۋەبى بار ئىدى:

1947 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، گومىنداڭ مەركىزىي كومى-
تېتى جۇڭگو كومپارتىيەسى بىلەن بولىدىغان سۆھبەتنى ئەسلىگە كەل-
تۈرۈشنى رەت قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. 2 ـ ئايغا كەلگەندە، گومىنداڭ
ئارمىيەسى كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئازاد رايونلارغا كەڭ كۆلەمدە
ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. بۇ چوڭ كىلىماتتىكى ئۆزگىرىشكە ئەگەشكەن
گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي ۋە ساقچىلىرىمۇ قۇترىشقا باشلاپ،
قانلىق قىلىچىنى ئويناتقىلى تۇردى، يەر ـ جاھاننى ئاق تېررورلۇق
قاپلاپ، ھەممىلا يەردە ئادەم تۇتىدىغان، ئادەم ئۆلتۈرىدىغان جاللاتلار پەيدا
بولدى. دەل بۇ ۋاقىتتا جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى گومىنداڭنىڭ ئومۇمىي يى-
غىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن نەنجىڭگە كەتكەن بولغاچقا، شىنجاڭ گارنىزون
قوماندانى سۇڭ شىلىيەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆلكىلىك بىرلەشمە
ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە ئۆكتەملىك بىلەن مۇ-
داخىلە يۈرگۈزدى ھەمدە بىرقاتار جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ مەيدانغا چىقى-
شىغا بىۋاستە رېژىسسورلۇق قىلدى. سۇڭ شىلىيەن سۇيىقەست، ھىيى-
لە ـ مىكىر ئىشلىتىپ، ئەپەندىمنىڭ نورمال خىزمىتىگە ئاستىرتتىن
توسالغۇلۇق قىلدى. ئۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، بىر باھانە تېپىپ ئە-
پەندىمنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشتى. ۋاھالەنكى، ئەپەندىم
بۇنداق بولىدىغىنىنى ئالللىقاچان سېزىپ بولغانىدى. لېكىن ئۇ بۇ تەھ-
دىتتىن قىلچىلىك قورقۇپ قالمىدى، بىر تەرەپتىن كۆكرەك كېرىپ
گومىنداڭ جاھىل كۈچلىرى بىلەن تىغمۇتىغ كۈرەش قىلدى؛ يەنە بىر
تەرەپتىن ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ، ئۆز خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇردى،
جۈملىدىن ئەكسىيەتچىلەرگە يوچۇق تېپىپ كىرىۋالىدىغان ھېچقانداق
پۇرسەت بەرمىدى. گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان
زوراۋانلىقىنى پاش قىلىش مەقسىتىدە، ئەخمەت ئەپەندىم 1947 ـ يىلى
2 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە «ئويغان» گېزىتىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى. ئۇ ئۈچ
ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان چاغدا گېزىت چىقىرىش خىزمى-
تىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، گېزىتنىڭ خەلققە ئىنقىلابنى تەشۋىق قى-
لىدىغان، خەلقنى كۈرەشكە يېتەكلەيدىغان مۇھىم قورال ئىكەنلىكىنى
ئوبدان چۈشىنەتتى. مانا ئەمدى «ئويغان» گېزىتىنى ئۈچ ۋىلايەت ئىن-
قىلابىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى جەڭ قورالىغا ئايلاندۇرماقچى، ئىنقىلابنىڭ سا-
داسىنى پۈتۈن شىنجاڭغا ئاڭلاتماقچى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمى-
يىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان جەڭ مەيدانىغا پۈتۈن خەلقنى ئاتلاندۇر-

ماقچى. «ئويغان» گېزىتى تارقىتىلغان كۈنىدىن باشلاپلا، دۈشمەننىڭ يۈرىكىگە قادالغان ئۆتكۈر خەنجەر، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ، بەدىنىگە سانجىلغان تىكەن بولۇپ قالدى.

جياڭ جېيشىنىڭ كومپارتىيەگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرىكەتلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ جاھىل كۈچلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ ئاشكارا، تېخىمۇ ئەشەددىي ئېلىپ بېرىلدى. شۇڭا ھەممىمىز ھايات ـ ماماتىمىزنىڭ بىزگە قاراپ قەدەممۇ قەدەم يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى روشەن ھېس قىلىۋاتاتتۇق. بۇنداق زوراۋانلىق، جۇملىدىن «تىنچلىق بىتىمى»نى دەپسەندە قىلىش خەلق ئاممىسىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى تېخىمۇ قوزغىدى.

سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۈرۈمچىگە يېقىن جايلاشقان تۇرپان شەھىرىدە، شۇ يەردىكى ھەربىي ۋە ساقچىلار بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدا ئېغىر توقۇنۇش يۈز بەردى.

ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق: تۇرپاندا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ 231 ـ بىرىگادىسى ئىچكىرىدىكى گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ئازاد رايونلارغا غالجىرلارچە ھۇجۇم قىلىشىدىن «زور ئىلھام» ئېلىپ، دائىم تەرتىپ تەكشۈرۈش باھانىسى بىلەن ئۇدۇل كەلگەنلا يەردە ئادەم تۇتقان، ھۆكۈمەتكە قارشى تۇردى دېگەن بەتنام بىلەن بىگۇناھ ئاممىنى تۈرمىگە تاشلىغان، ئاياللارغا پەسكەشلىك قىلغان، پۇقرالارنى بۇلاپ ـ تالىغان، «تىنچلىق بىتىمى»نى خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلغان. نەتىجىدە، تۇرپان خەلقىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى قايناپ ـ تېشىپ، تېگىپ كەتسىلا پارتلايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنىدى. خەلق بۇ ھايۋانلارنىڭ جاجىسىنى بېرىدىغان بىر پۇرسەت كەلسىكەن دەپ كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

بىر كۈنى گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ 231 ـ بىرىگادا گازارمىسىغا ئۇن توشۇپ بېرىدىغان بىر ھارۋىكەش ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ بىرىگادا ئىشتابىنىڭ ئاشخانىسىغا ئۇن چۈشۈرۈپ بېرىۋاتقاندا، ئېھتىياتسىزلىقتىن ئىككى خالتا ئۇن سىيرىلىپ ياندىكى ئېرىقتا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر ئەسكەر يۈگۈرۈپ چىقىپ ئاق ـ قارىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، بىچارە ھارۋىكەشنى ئۇرۇپ يۈز ـ كۆزىنى كۆكەرتىۋېتىپتۇ، ھارۋىكەش قولى بىلەن يۈزىنى توسۇۋېلىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ كەچۈرۈم سوراپ يالۋۇرسىمۇ بولدى قىلماي، ئەكسىچە «ھارۋىكەش ئەسكەرنى ئۇردى» دېگەن بەتنامنى چاپلاپتۇ. بۇ چاغدا روتا كوماندىرى يۈگۈرۈپ

كېلىپ، «ھەربىي تەمىناتقا قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ‹ئىلى توپىلـ-ڭى› غا ماسلىششقا ئۇرۇندى» دەپ، ھارۋىكەشنى يەنە قاتتىق ئۇرۇپ، بۇ ئاۋاق ھارۋىكەشنىڭ ئۇستىبېشىنى قانغا بويىۋېتىپتۇ، ئۇنى ئاز دەپ بىر كۆزىنى كاردىن چىقىرىپتۇ.

بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، غەزەپلەنگەن ئامما بىردەمدىلا تەرەپ - تەرەپتىن توپلىنىپ، بىرىگادا ئىشتابىنىڭ قورۇسىغا بۆسۈپ كىرمەكچى بوپتۇ، ئادەم ئۇرغانلارنى قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىپتۇ. 231 - بىرىگا-دا دەرھال قوشۇن يۆتكەپ كېلىپ، ئاممىنى قورشىۋاپتۇ، گازارما ئۆگزى-لىرىنىڭ ھەممىسىگە پىلىموتلارنى تىكلەپ، ئوقـقا تۇتۇشـقا تەق بولـۇپ تـۇرۇپتۇ. زور قانـلىق ۋەقە سـادىر بولۇش ئـالدىدا تۇرۇۋاتـقان جىددىي پەيتتە، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان تۇرپان ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى ئابدۇ-راھمان مۇھىتى دەرھال نەق مەيدانغا كېلىپ، بۇ ئىشنى ئېغىر - بېسىق-لىق بىلەن بىر تەرەپ قىپتۇ. ھاكىمنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ، 231 - بىرىگادانىڭ باشلىقىمۇ توساتتىنلا مۇلايىملىشىپ، قاتىللارنى ئامما ئال-دىدا قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. دەرھال بىر يەردىن ئىككى ئەسكەرنى ئادەم ئۇرغانلار دەپ تۇتۇپ كەپتۇ. ئاندىن ئەپكەش، ئارغامچا تېپىپ كېلىپ، بايىقى ئادەم ئۇرغانلارنى ئاممىغا كۆرسىتىپ تـۇرۇپ دە-رەخكە ئېسىپ ئۆرىدىغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق ئاممىنىڭ تەلىپىنى قاز-دۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ھاكىم ئابدۇراھمان مۇھىتى بىر تەرەپتىن، ئاممىغا چۈشەنچە بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، بىرىگادا باشلىقىغا: «ئاممىنىڭ غەزەپ - نەپرىتى يالغۇز بۈگۈن يۈز بەرگەن ۋەقە سەۋەبىدىنلا قوزغالغان ئەمەس، ئەسكەردىن بىرنەچچىسىنى قامچىلاش بىلەنلا مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. دۆلەت ئارمىيەسى بولغانىكەن، مەركەز تەستىقلىغان ‹تىنچلىق بىتىمى› نى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قى-لىشى كېرەك، ئادەملەرنى خالىغانچە تۇتۇپ، خالىغانچە ئۇرسا قانداق بو-لىدۇ؟ مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى دەل مۇشۇنىڭدا» دەپتـۇ. كەينىـدىنلا ئابـدۇ-راخمان مۇھىتى ئاممىغا «تىنچلىق بىتىمى» نىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئارتۇقچە سۆز - ھەرىكەتلەردە بولماسلىق ھەققىدە چۈشەن-چە بېرىپتۇ. ئۆزىنىڭ ئادەم ئۇرغانلارنى جەزمەن جازالاش تەلىپىدە چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ، ئاخىرى بۇ ئىش ئامما تەلىپى بويىچە ھەل بولۇپ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بىر مەيدان قانلىق ۋەقەنىڭ ئالدى ئېلىنىپتۇ. ئابدۇراھمان مۇھىتىنىڭ ۋەقەنى سوغۇققانلىق بىلەن بىر

تەرەپ قىلىپ، خەلقنى قىرغىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقى ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە سازاۋەر بولغانىدى.

بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، تۇرپان خەلقى ئەپەندىمگە سالاملار يوللاپ، ئۇنى تۇرپانغا بىر كەلگەن بولسىڭىز دەپ كۆپ قېتىم تەكلىپ قىلغانىدى. ئەپەندىم ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ خىل ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بىگۇناھ ئاممىنىڭ ئورۇنسىز قۇربان بولۇشىدىن ساقلىنىش، خەلقنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇش، «تىنچلىق بىتىمى» نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، تۇرپانغا بېرىشىنىڭ ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

قەدىمىي يۇرت تۇرپاننىڭ ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 200 كىلومېتىرچە كېلىدۇ، تۇرپان تارىختا نۇرغۇنلىغان ۋەقەلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. تۇرپان ئويمانلىقى دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن بولۇپ، ئىئوردانىيەدىكى ئۆلۈك دېڭىزدىن قالسىلا، دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەڭ تۆۋەن جاي ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە قوچۇ قەدىمىي شەھىرى، يارغول قەدىمىي شەھىرى خارابىسى بار، مانا بۇلار شانلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي نامايەندىلىرى. بېزەكلىك مىڭئۆينىڭ تاملىرىغا قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرى قالدۇرۇلغان. تۇرپاننىڭ ئۇزۇمى دۇنياغا داڭلىق، يالقۇنتاغنىڭ ئاجايىپ مەنزىرىسى دۇنياغا مەشھۇر. بۇ يەرنىڭ كىلىماتى قۇرغاق، ھاۋاسى ئىسسىق. 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى مەجنۇنتاللار بىخ چىقىرىپ، ئېتىز ـ ئېرىقلار يېشىللىققا پۈركىنىدۇ، مەيىن شامال زېمىننى سىلاپ ئۆتۈپ باھار پەسلىنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

1947 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال ئەپەندىم تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقىدىغان بولدى، مەن لەڭمەن ئېتىپ ئۈزىتىپ قويماقچى بولدۇم. بىز ئۇيغۇرلاردا سەپەرگە چىقىدىغان ئادەمگە لەڭمەن ئېتىپ ئۈزىتىش ئۇنىڭ سەپىرىگە ئامانلىق تىلىگەنلىك بولاتتى. بىردەمدىن كېيىن رەھىمجان كىرىپ كەلدى، ئۇمۇ ئەپەندىم بىلەن سەپەرداش ئىكەن، ئىككىيلەن خۇشال ـ خۇرام، ئىشتىھا بىلەن لەڭمەننى يېيىشتى ـ دە، خوش دەپ ئىشىكتىن چىقىپ، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يولغا راۋان بولۇشتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار ئۇ-

رۈمچىدە قالدى.

تۇرپانغا بارىدىغان يول بەك ناچار بولۇپ، داۋانچىڭدا تېخىچە گومىنداڭنىڭ تەكشۈرۈش پونكىتى بار ئىدى. ئەپەندىم بىلەن رەھىمجان ماشىنىدا بىر كۈن چايقىلىپ تۇرپانغا كەچتە يېتىپ كەپتۇ. ئەپەندىمنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى تۇرپان خەلقىنى ناھايىتى خۇشال قىلىۋېتىپتۇ. ئەتىسى ئەپەندىمنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇققان خەلق، بەزىلىرى ئات - ئېشەكلىك، بەزىلىرى پىيادە، يەنە بەزىلىرى ھارۋىلىرىغا ئولتۇرۇپ تەرەپ - تەرەپتىن ئەپەندىم چۈشكەن جايغا قاراپ ئېقىپتۇ. بۇنىڭدىن چۆچۈگەن گومىنداڭ ھەربىي ۋە ساقچىلىرى بىخەتەرلىكنى قوغداش نامى بىلەن شەھەر دەرۋازىسىنى مەھكەم تاقاپ، ئاممىنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى توسۇپتۇ. بىراق نېمىلا دېگەنبىلەن ئەپەندىم ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۇ ھەربىي ۋە ساقچىلارغا ئۆزىدە بىخەتەرلىك مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ ۋە شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىشنى بۇيرۇپ، خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئۈچۈن مەزمۇت قەدەم تاشلاپ سېپىل دەرۋازىسىدىن چىقىپ پۇقرالار بىلەن كۆرۈشۈپتۇ.

2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشكە يېقىن، تۇرپان شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپتۇ. قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان كىشىلەر توپى بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئەخمەتجان بىلەن كۆرۈشۈشنى تەشنالىق، تاقەتسىزلىك ئىچىدە ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئۆزلۈكىدىن كەلگەن ئامما 10 مىڭدىن ئېشىپتۇ. ئەپەندىم دەرۋازىدىن چىقىپ ئاممىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغان چاغدا، ئاممىنىڭ كەيپىياتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە ياقتىن ئالقىش سادالىرى ياڭراپتۇ. كىشىلەر توپى خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك داۋالغۇپ، مۇشتۇملىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ، ئۇنلۇك شوئار توۋلاپ، ئەخمەتجاننى قاتمۇقات ئورىۋېلىشىپتۇ. ھاكىم ئابدۇراھمان مۇھىتى قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈپمۇ، ئاممىنى يول ئېچىپ بېرىشكە كۆندۈرەلمەپتۇ. بۇ چاغدا ئاممىنىڭ ۋەكىلى نەمەت خەلپەت تۇرپان خەلقىگە ۋاكالىتەن ئەپەندىمگە بىر دانە ئالتۇن مېدال تەقدىم قىپتۇ. ئۇ ئىلگىرى ئەپەندىم بىلەن ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە قامىلىپ ئازاب چەككەن، ھايات - ماماتلىق كۈنلەردە بىرگە بولغان دوستلاردىن ئىكەن. ئەمدىلىكتە ئۆز يۇرتىدا بۇ قەدىرلىك ئادەمنى كۈتۈۋېلىۋاتىدۇ، ئۇ قانداقمۇ ھاياجانلانماي تۇرالىسۇن! بۇ ۋاقىتتا «ياشىسۇن پاسىبانىمىز ئەخمەتجان ئە-



ئەخمەتجان 1947 - يىل 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە تۇرپاننى كۆزدىن كەچۈردى. سولدىكىسى ئەخمەتجان، ئوڭدىكىسى رەھىمجان.



پەندىم!» «ياشىسۇن تىنچلىق بىتىمى!» دېگەندەك شوئارلار يەر - جاھاننى
لەرزىگە كەلتۈرۈپتۇ. تەبىئىي شەكىللەنگەن بۇ ئاممىۋى يىغىلىشتا، ئال-
دىن تەييارلانغان سەھنە تۇرماق، ئېگىزرەك بىر پەشتاقمۇ يوق ئىكەن.
ئەخمەت ئەپەندىم خۇددى جەڭ مەيدانىدا «ھۇررا» دېگەن پېتى ئەڭ ئېگىز
چوققىغا ئېتىلغاندەك، ئوزىنىڭ پىكاپى ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپتۇ -
دە، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك سۆزلەر بىلەن ئاممىغا «تىنچلىق بىتىمى»
نى چۈشەندۈرۈپ نۇتۇق سۆزلەپتۇ. ئۆزىنىڭ ھېلىقى «توپىلاڭ كۆتۈر-
گەن» ئۈچ ۋىلايەتتىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتناشقان
ئەخمەتجان ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. ئۇ يەنە يۇمۇرلۇق قىلىپ: «تۇر-
پان خەلقىنىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپلا، تىنچلىق بىتىمىگە ‹ئۆز بې-
شىمچە› ئىمزا قويۇۋەتكەن ئەخمەتجان مەن بولىمەن» دەپ كىشىلەرنى
كۈلدۈرۈۋېتىپتۇ، ئارقىدىن ئاممىنىڭ «تىنچلىق بىتىمى» گە بولغان
چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن: «تىنچلىق بىتىمىگە ئىمزا
قويغىنىمغا ھەممىڭلار رازىمۇ - رازى ئەمەسمۇ؟» دەپ ئۈنلۈك سوراپ-
تۇ. بۇ چاغدا پۈتۈن مەيداندىكى ئامما چۇقان كۆتۈرۈشۈپ بىردەك: «بىز

رازى!» دەپ توۋلىشىپتۇ ھەممە گۇلدۇرمامىدەك قىزغىن چاۋاك ياڭرىتىپتۇ.

ئەخمەتجاننىڭ تۇرپاندىكى ئاممىۋى يىغىلىشتا سۆزلىگەن نۇتقى تۆۋەندىكىچە:

مۆھتەرەم قېرىنداشلار!

ھازىر تۇرپان خەلقى بىزگە ئالتۇن مېدال تەقدىم قىلدى. بۇ مېدال باھاسى قىممەت نەرسە ئەمەس. لېكىن، بۇنىڭ ھەققى ئەھمىيىتى ناھايىتى زور، بىباھادۇر. ھۆرمەت ـ ئىززەتنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. ھۆرمەت، ھىممەت خەلق قەلبىگە مۇۋاپىق بولسا، ئاندىن ھۆرمەت قولغا كېلىدۇ. ئەمما، بىز بۇ مېدالغا لايىق خىزمەت قىلالمىدۇق، سىزلەر ئۆتكەنكى خىزمەتلىرىمىزنى تەقدىرلەپ، بۇنىڭدىن كېيىن ياخشىراق ئىشلىسۇن دەپ بىزگە يەنىمۇ زور خىزمەت ئارتىپ قويدىڭىزلار.

بىر ئادەمنىڭ قىلغان سۆزىگە قارىماستىن، ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ھەرىكىتىگە تەڭ قاراش كېرەك. بۇ ھەقتە چىرايلىق سۆزلەش كەتمەيدۇ. لېكىن، خىجىللىقتىن سىزلەرنىڭ دۇئايىڭىزلارنى سوراپ كەلگەندۇق، سىزلەر بىزگە ئارتۇق خىزمەت قىلدىڭىزلار، قوبۇل قىلمىساق بولماس. سىزلەر بۇ مېدالنى بىزگە خىزمەت قىلار دېگەن ئۈمىد بىلەن بەرگىنىڭىزلەر ئۈچۈن قوبۇل قىلىمىز.

بۇ مېدالنى كەلگۈسىدىكى خىزمەت ئۇتۇقلىرىمىز ئۈچۈن ئالدۇق، مەن ئۆز ئىمكانىيەت دائىرىمىزدە، سىزلەرنىڭ ئىشەنگىنىڭىزلەرگە لايىق خىزمەت قىلىپ بېرىشكە ۋەدە بېرىمەن (ئالقىشلار).

مۆھتەرەم قېرىنداشلار!

مەن سىزلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ تۇرۇپتىمەن. مۇندىن تۆت ـ بەش كۈن بۇرۇن تۇرپان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا بىر دانە رەسىمىمنى ئەۋەتكەنىدىم. سىزلەرنىڭ بۇ رەسىمگە قىلغان ھۆرمەتلىرىڭىز ئۈچۈن خىجىل بولۇپ، ھەربىرىڭىزلەر بىلەن يۈزمۇ-يۈز كۆرۈشكىلى ئۆزۈم كەلدىم (ئالقىشلار).

قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم!

مەن ئەخمەت ئەپەندى، بېشى چوڭلۇق قىلىپ، خەلق مېنىڭ ئارقامغا كىرىدۇ، مېنىڭ ئاغزىمغا قارايدۇ، دەپ سىزلەرگە ۋەكىل بولۇپ، بىتىمغا قول قويغانلارنىڭ بىرىمەن، بىرى مانا رەھىمجان ئەپەندى!

ئەخمەتجاننىڭ جاراڭلىق ئاۋازى كۆكتە ياڭرىغاندا، ھەممە ئادەم ئۆزلۈكىدىن جىمىپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم كۆپچىلىك ئارىسىدىكى بىر مويسىپىت بىلەن بىر ئۆسمۈرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

مېنىڭ سىز ئاكا – ئۇكىلاردىن ھېچ ئارتۇق يېرىم يوق. مانا مەن ئاۋۇ ئولتۇرغان (60 ياشلاردىكى بىر كىشىنى كۆرسىتىپ) ئاتامنىڭ بالىسى. ماۋۇ كىچىك بالىنىڭ (بىر كىچىك بالىنى كۆرسىتىپ) ئاكىسى بولىمەن. مېنىڭدە ئارتۇقچە خۇسۇسىيەت يوق. سىزلەر نېمىنى ئويلىسىڭىزلار، مەن شۇنى ئويلايمەن.

مەن ئەخمەت ئەپەندى خەلق نامىدىن مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ، ھۆكۈمەت تەركىبىگە كىرگەن ئادەملەرنىڭ بىرىمەن.

سىزلەرنىڭ ماڭا قىلغان ئىززەت – ھۆرمەتلىرىڭىزگە مەن شەخسەن مەغرۇرلانمايمەن. ئەمما، ماڭا قىلغان بۇ ئىززەت – ھۆرمەتلىرىڭىز خەلققە قىلنغان ھۆرمەت بولغانلىقى ئۈچۈن، مەن كۆپ مەغرۇرلاندىم، روھلاندىم، ئىلھاملاندىم (ئالقىشلار).

مەيداندا كۆتۈرۈلگەن قىزغىن چاۋاك – ئالقىشلار ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ سۆزىنى يەنە بىر قېتىم ئۈزۈۋېتىپتۇ. ئەپەندىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:



سىزلەر «ئەخمەت ئەپەندىم بىزگە يېڭى بىر نەرسىلەرنى ئەكەلدىمىكىن» دەپ ئۈمىد قىلىۋاتىدىغانسىزلەر؟ مەن سىزلەرگە

ئېيتىدىغانلىنى ئېيتىپ بولغانمەن. ئەمدى مېنىڭ سىزلەردىن سورايدىغان بىرلا سۆزۈم بار. بۇنىڭغا ئۆزىڭىزلەر جاۋاب بېرىڭىزلەر.

«سىزلەر مېنى خەلقنىڭ ۋەكىلى، رەھبىرى دەپ تونۇمسىزلەر؟»

**يىغىلىشقا كەلگەن 15 مىڭغا يېقىن ئامما بىردەك «تونۇيمىز، تونۇيمىز» دەپتۇ ھەم «ياشىسۇن رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىم!» دەپ شوئار توۋلاپ، قىزغىن چاۋاك چېلىپ جاۋاب بېرىپتۇ.**

**ئەخمەتجان ئۇزاق قول ئىشارىتى قىلغاندىن كېيىن ئامما ئاران تىنچلىنىپتۇ. ئەخمەتجان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:**

قېرىنداشلار!

ئۆتكەنكى مۇستەبىت ھۆكۈمەت ھەققەتنى دەپسەندە قىلىپ بىزنى كەمسىتتى، ھاقارەتلىدى، قامىدى، قىيىندى، قىردى، چاپتى. شۇ سەۋەبتىن بىزمۇ بۇنداق زۇلۇمخور مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى تونۇمايمىز، دەپ كۆرەش قىلدۇق، قوراللىنىپ قوزغىلىپ چىقتۇق، ئاخىردا مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلدۇق، تىنچلىق بىتىمىنى ئىمزالىدۇق. مەن بۇ يەردە بىتىمنىڭ ھەربىر ماددىلىرى ھەققىدە ئايرىم توختالمايمەن. بىتىمنى ئۇزۇل - كېسىل ئىجرا قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا كۆپ سۆزلەپ ئۆتكەنمەن.

بىتىمگە يېزىلغان خەلق ئەركىنلىكى ۋە سىياسەت ھەققىدىكى مەزمۇنلار خەلققە تاپشۇرۇلغان. بىتىمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان خەلقچىللىق مەسىلىسى — مىسال قىلىپ ئېيتساق، مانا مەن خەلق ۋەكىلىمەن. ئەگەر مېنى خەلق «سەن بىزگە يارىمايسەن، بۇنىڭدىن كېيىن سېنى ئالمايمىز» دېسە، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن خىزمىتىمدىن بوشايمەن. باشقىلار ھەم شۇنداق. چۈنكى

هاكمىيەت خەلقنىڭ.
خەلق كىم؟ — خەلق سىزلەر.

ئەخمەتجان يەنە بىر قېتىم دېھقان سوۋېت بىر كىشى بىلەن باشقىچىرەك كېيىنگەن يەنە بىرەيلەننى كۆرسىتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

مەسىلەن، ماۋۇ دېھقاننى ئالساق، ئۇ بېلىگە بىر ناننى تۈگۈپ، ئەتىگەندە ئېتىزغا چىقىپ تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن كەتمەن چاپىدۇ. بۇ كىشى دېھقانچىلىق قائىدىلىرىنى ياخشى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىشى ئۆز ئەمەلىيىتىگە لايىق سىياسەت بەلگىلەپ بېرىدۇ؛ ئاۋۇ كىشىنى سودىگەر دەپ ئېيتساق، ئۇ كىشى سودىگەرچىلىك قائىدىلىرىنى ياخشى بىلىدۇ. قايسى يول بىلەن سودا قىلسا پايدا ئېلىشنى بىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ھەر كەسپتىكىلەر ئۆز ئەمەلىيىتىگە لايىق سىياسەت بەلگىلەپ بېرەلەيدۇ. بۇ ئولتۇرغان ئۆلىمالىرىمىز بىزنىڭ دىنىي رەھبەرلىرىمىز بولغانلىقتىن، بۇلار ھەم سىياسەت بەلگىلەيدۇ.

دېمەك، ھەربىر خەلق ۋەكىلى ئۆزى بەلگىلىگەن سىياسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بۇ خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولۇشى، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشى دەپ ئاتىلىدۇ.

بىتىمدە كۆرسىتىلگەن باراۋەرلىك، ئاممىباب تىل بىلەن ئېيتقاندا، ئىلىدا تۇغۇلغان بالا بىلەن نەنجىڭدە تۇغۇلغان بالا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ھوقۇقىمۇ، مەجبۇرىيىتىمۇ ئوخشاش دېگەنلىكتۇر. مانا بۇ تەرەپلەر قوبۇل قىلىنىپ ئېلان قىلىندى.

نەنجىڭدە تۇغۇلغان بالا بىلەن تۇرپاندا تۇغۇلغان بالىنىڭ مېڭىسى ئوخشاش. شۇڭا بىز ئەمدى تۇرپانغا ھاكىمنى نەنجىڭدىن ئەكەلمەيمىز. ھەرقايسى جايلاردىكى خەلق ھاكىمنى ئۆز خەلقىدىن سايلايدۇ. بۇ ھاكىم خەلقنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىق

خىزمەت قىلىپ بېرىدۇ. ئەگەردە خەلق ھاكىمغا نارازى بولسا، ئېلىپ تاشلايدۇ.

ماۋۇ ئابدۇراھمان ئەپەندىم ئۆزىڭىزلەر سايلاپ چىققان ھاكىم، سىزلەر ئۇ كىشىنىڭ سايلانغانلىقىغا رازىمۇ؟

مەيداندىكى ئاممىا بىردەك «رازى!» دەپ توۋلاپتۇ ۋە يەنە بىر قېتىم قىزغىن چاۋاك ياڭرىتىپتۇ. ئەپەندىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

بىز بۇ كىشىنىڭ كىيىمگە ياكى بايلىقىغا ھۆرمەت قىلمايمىز، ئەمەلىگىمۇ ھۆرمەت قىلمايمىز، بەلكى كۆپچىلىكنىڭ خىزمەتچىسى بولغانلىقىغا ھۆرمەت قىلىمىز. بىزنىڭ بۇ كىشىنى ھۆرمەت قىلغانلىقىمىز خەلقنى ھۆرمەت قىلغانلىقىمىز. دېمەك، خەلق ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن رەھبىرىنى ھۆرمەت قىلىشى كېرەك.

بىزگە بىرلىك، ئىتتىپاقلىق كېرەك. مەن بۇ يەرگە كېلىپ سىزلەرنىڭ روھىڭىزلارنى، بىرلىك، ئىتتىپاقىڭىزلارنى كۆرۈپ كۆپ خۇرسەن بولدۇم ۋە ئىلھاملاندىم. سىزلەرنىڭ بۇ ئىتتىپاقىڭىزلار بىلەن بۈگۈنكى بۇ قارشى ئېلىش مەجلىسىنى ئېچىپ تۇرغىنىڭىزلارنى كۆرۈپ، مەن ھەقىقەتەن خەلق ۋەكىلى ئىكەنلىكىمگە ئىشەندىم. مەن ئىلگىرى سىزلەرگە يۆلىنىپ چوڭ سۆزلىسەم، ئەمدى تېخىمۇ چوڭ - چوڭ سۆزلەيمەن، مەغرۇرلىنىمەن.

ئۇزاققا سوزۇلغان گۈلدۈراس ئالقىشلار ئەخمەتجاننىڭ سۆزىنى قايتا - قايتا ئۈزۈپ قويۇپتۇ. كۆپچىلىكنىڭ «ياشىسۇن خەلق ۋەكىلى!» دەپ توۋلاشلىرى كۆكتە ياڭراپتۇ، ئەخمەتجان قول ئىشارىتى بىلەن ئاممىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ ۋە سېپىل ئۈستىدىكى پوتەيلەرنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

بىز قوراللىق كۈرەشنى توختىتىپ بىتىم تۈزدۇق، تىنچلىققا ئېرىشتۇق. بىزدە باشقا بىر دۆلەت قۇرۇش ئويى يوق. ئەگەر بىز ئايرىلىمىز دېگەن بولساق، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پوتەيلەرنى ياسىغۇچى زاۋۇتلارنى ئېچىپ بولالايتتۇق. بىز بىر دۆلەت بولغانلىقىمىز ئۈچۈنمۇ بۇنداق پوتەيلەر كېرەك ئەمەس.

ئىستىقلالىيەت دېگەن نېمە؟ ئىستىقلالىيەت دېگەن سۆز مۇستەقىل دېگەن سۆزدۇر، يەنى مەن ئۆز ئالدىمغا بىر ھۆكۈمەت، مېنىڭ ئايروپىلانلىرىم، تانكىلىرىم، مۇنتىزىم قوشۇنۇم بار، چېگرالاردا قاتار تۇرالايدۇ، دۈشمەن كۆكسىگە سالالايدۇ، دېگەن سۆز بولۇپ، بۇنىڭ ئېتى ئىستىقلالىيەتتۇر.

بىزدە خەلق پارتىيەسى بار، مانا شۇ خەلق پارتىيەسىنىڭ باشلىقى مەن، ئەلۋەتتە بىر پارتىيە بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەزالىرى بولىدۇ.

سىزلەر بۇ پارتىيەنىڭ ئەزاسىمۇ ـ ئەمەسمۇ؟

ئەخمەت ئەپەندىم قىزىقچىلىق قىلىپ بارلىق ئەمگەكچى خەلقنى بىر پارتىيەنىڭ ئەزاسى دەپ ئاتاپ، سىلەر شۇ پارتىيەنىڭ ئەزالىرىمۇ دەپ سوئال قويۇپتۇ.

«ئەزاسى!» دەپ پۈتۈن خەلق جاۋابەن توۋلىشىپتۇ.



پارتىيەنىڭ ئەلۋەتتە نىزامنامىسى بولىدۇ، ئۇنىڭغا ھەممە ئەزالار بويسۇنۇشى لازىم بولىدۇ. مەن ھۆكۈمەت ۋەكىلى بولۇپ، ھۆكۈمەت ئالدىدا خىزمەت قىلىۋاتىمەن. ئەمدى سىزلەر مېنىڭ يولۇمدا ماڭامسىزلەر؟

پۈتۈن مەيداندىكى ئامما «ماڭىمىز!» دەپ ئۈنلۈك توۋلاپ، ئالقىش ياڭرىتىپتۇ.

بىزنىڭ خەلق پارتىيەمىزنىڭ نىزامنامىسى ۋە پروگراممىسى تىنچلىق بىتىمنى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىنى ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت. ئەنە شۇ بىزنىڭ نىشانىمىزدۇر. بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق ئادەمنىڭ خەلقنىڭ خەلقچىللىق سىياسىتىگە دەخلى يەتكۈزۈشىگە ھەرگىز يول قويمايمىز. بىزنىڭ خەلقىمىز ئەركىن ياشىشى كېرەك!

ئامما يەنە بىر قېتىم «ھۇررا» دەپ ئۈنلۈك توۋلىشىپ ، چاۋاك ئۈستىگە چاۋاك ياڭرىتىپ، قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمۈپتۇ. ئەپەندىم يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

سىزلەرنىڭ بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىقىڭلار ناھايىتى ياخشى ئىكەن؛ مۇشۇ ئىتتىپاقلىقىڭلارنى يەنىمۇ چىڭىتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولۇشى، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇپ كېتىشى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىتتىپاقلىق كېرەك. ئەگەر مەن، ئەي خەلقىم، پالانى ئىش مۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى، مۇنداق بولۇۋاتىدۇ، مەن بۇنىڭغا نارازى، بۇنى مۇنداق قىلىڭلار، دېسەم، سىزلەر دەرھال دېگىنىمدەك قىلىسىڭلار بولىدۇ، قىلما دېگەننى قىلمىسىڭلار بولىدۇ.
شۇ ۋاقىتتا سىزلەر مېنى بەكمۇ ھۆرمەت قىلغان ۋە ئىگىدارچىلىق قىلغان بولىسىزلەر. سىزلەر مېنى قورقماس رەھبىرىمىز دەۋاتىسىزلەر، بۇ مېنى ماختاپ ئاشۇرۇۋەتكىنىڭلار.

ئامما يەنە قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمۈپتۇ، «توغرا، شۇنداق!» دەپ توۋلىشىپتۇ.

مەن قورقمايمەن، ئارقامدا خەلق بار. مېنىڭدە بىر جان بار، لېكىن ھازىر مەن بىر جان ئەمەس، 5 ~ 6 مىليون جان، شۇ-

نىڭ ئۇچۇن مەن ھېچنېمىدىن قورقمايمەن (ئالقىشلار).

قېرىنداشلار!

ھەممە ئىشنى بىرلىكتە، ئىتتىپاقلىق بىلەن، مەسلىھەت بىلەن ئويلاپ قىلساق، ئۇ ئىش چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. ئويلىماي، ئالدىراپ قىلغان ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. مەسىلەن، يېقىندا بۇ يەردە بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتتۇپتۇ، خەلقىمىز ۋەقە تۇغدۇرغۇچىلارنى سۈرۈشتۈرۈپتىكەن، لېكىن رەھبەرلىكنىڭ بۇ ئىشتىن تېخى خەۋىرى يوق ئىكەن. رەھبەرلىك ۋەقەدىن تېخىچە خەۋەرسىز بولغاچقا، كۆپچىلىك ئۇلار (ھەربىيلەر) نىڭ قىلىقىغا چىداپ تۇرالماي ئۇلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپتۇ. بىلىمىز ياخشى، كۆپچىلىكنىڭ ئاقىلانە ئىش كۆرگەنلىكىگە رەھمەت. ئەگەر كۆپچىلىك ئاقىلانە ئىش كۆرمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ناھايىتى تەس بولار ئىدى. شۇڭا، كۆپچىلىكنىڭ مۇنداق ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق روھىغا ھۆكۈمەت ئەزاسى بولۇش نامى بىلەن چوڭقۇر تەشەككۈر ئېيتىمەن!

مۇشۇ بىرلىك، مۇشۇ ئىتتىپاقلىقىمىزلارنىڭ قىممىتىنى ياخشى بىلىپ، مۇستەھكەم ساقلىشىمىزلار كېرەك. شۇ ۋاقىتتا بىزگە ھېچ نەرسە تەڭ كېلەلمەيدۇ. قولىمىزدىكى ھۆرلۈك، ئەركىنلىكىمىزنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ.



بىلىش كېرەككى، بىرلىك، ئىتتىپاقلىق بولمىسا، قولىمىزدىكى ئەركىنلىك يوقىلىدۇ. قولىمىزدىكى ھاكىمىيەت، قولىمىزدىكى دۆلەت قۇشى ئۇچۇپ كېتىدۇ.

بۇنىڭدىن بىرنەچچە ۋاقىت بۇرۇن بىرلىك، ئىتتىپاقلىقتا تۇرۇپ كېڭەش ئەزالىرىنى ۋە ھاكىملارنى سايلىۋالدىڭىزلار، ھاكىم سىزلەرنىڭ خىزمەتچىڭىز بولۇپ، كېڭەش ئەزالىرى تەپتىشلىگۈچىلەردۇر.

ئالدىمىزدا يۇقىرىراق ۋالىي سايلاش ئىشى تۇرۇپتۇ. خەلقىمىز ئاز كۈندە ھەربىر ۋىلايەت مەركىزىدە ئۆزلىرىنىڭ ۋالىيلىرىنى سايلايدۇ. بۇ ھەقتە كۆپ توختالمايمەن.

يېقىندا بىر مىساللىق سۆزۈمدە «كىم ۋالىي بولۇشقا لايىق؟» دېگىنىمدە، ھېچكىم «مەن لايىق، مەن مەلۇماتلىق، مەن ۋالىي بولىمەن» دېيەلمىدى. چۈنكى خەلق كىمنى سايلىسا، شۇ

ۋالىي قىلىپ تەيىنلىنىدۇ.

ۋالىي ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىۋالغان ھۆكۈمران ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ خىزمەتكارىدۇر.

**ئارقىدىن ئەپەندىم نەنجىڭدە ئېچىلغان «مىللىي قۇرۇلتاي» دا ماقۇللانغان ئاتالمىش ئاساسىي قانۇن تۈزۈش مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپتۇ:**

يېقىندا مەن قۇرۇلتايغا بېرىپ كەلدىم، قۇرۇلتايدا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇن توغرىسىدىكى دوكلاتىم گېزىتتە ئېلان قىلىندى. شۇنىڭدىن كۆرەرسىزلەر. قىسقىسى، ئاز كۈندە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىرى سايلىنىدۇ، ئاساسىي قانۇنمۇ ئېلان قىلىنىدۇ. ئاساسىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك. ھازىرچە بىزگە *11* بىتىم ۋە سىياسىي پىروگرامما ئاساسىي قانۇندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەممىمىز بىرلىكتە مۇشۇنىڭغا ئېتىبار قىلىپ، بىتىم ۋە سىياسىي پىروگراممىنىڭ سىرتىغا چىقماسلىقىمىز كېرەك.

نېمە قىلىش كېرەك؟

ئۇشبۇ تۇرغان پۈتۈن خەلق ئىسلام دىنىدىكى خەلقلەرمىز، ئىسلام دېمەك مۇسۇلمانچىلىق دېمەكتۇر. ئىسلامدا ساۋاب توغرۇلۇق نۇرغۇن ئايەت ـ ھەدىسلەر بار. ساۋاب دېمەك باراۋەرلىك بولۇپ، باشقا دىندىكىلەرنى قىرىش مەنىسى چىقمايدۇ. بىز ئىسلام خەلقى ئۆز دىنىمىزنى ساقلايمىز، بىز ئىسلام خەلقى باراۋەرلىك ئىستەيمىز، جەبىر تارتىش، زۇلۇم چېكىشنى كۆتۈرمەيمىز، كىمكى بىزگە زۇلۇم قىلسا، بىز ئۇنىڭغا قارشىمىز.

ئۆزىمىزنى ساقلاش دىنىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۆزىمىزنىڭ بىلىم قابىلىيىتىمىزنى ئۆستۈرۈش بىلەن تاماملىنىدۇ.

ھازىرقى دەۋردە بىرقانچە تۈمۈر ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرىدۇ. بىزگە ھەقتائالا قۇرئان كەرىمدە «ئىقرا» يەنى «ئوقى» دېدى. بىز ئۆز قۇرئانىمىزدىكى ئىلىم ـ مەرىپەتىمىزنى ئوغرىلىتىپ قويغاندۇق. ئەمدى بۇ ئوغرىنى تېپىپ، يوقاتقان نەرسىمىزنى دولىمىزغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىشىمىز لازىم. 

بىزگە ئەڭ مۇھىم كېرەك بولغىنى ئىلىم - پەن. مانا بۇ كىشى ئۆزىڭىزلەرنىڭ ھاكىمى، بۇ كىشى چوڭ ئاكادېمىيەنى پۈتكۈزگەن ئەمەس، ئالدىمىزدا خىزمەت كۆپ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە كادىر كېرەك. مەسىلەن، ئەدلىيەنى ئۆزىمىز ئىدارە قىلىمىز دېگىنىمىزدە، ئەلۋەتتە قانۇن، ئەدلىيەگە يېتەرلىك كادىر كېرەك.

ئۆتكەنكى ۋاقىتلاردا خەلقىمىز مائارىپ خىزمەتچىلىرىنى يامان كۆرۈپ قالدى، بۇنىڭ سەۋەبى شۇ ۋاقىتتىكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ زەھەرلىك پىلانى بولۇپ، خەلقىمىزنى مائارىپتىن بەزدۈردى، بۇ خەلقىمىزنى جاھالەتتە قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالماقچى بولغانلىقىدىندۇر. بىز ئەمدى بۇ خىل ئەھۋالنى تونۇپ، يەنە شۇنداق قىلغۇچىلارنىڭ سىرىنى پاش قىلىشىمىز لازىم، كۈچىمىزنىڭ بارىچە مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز ۋە كۈچەيتىشىمىز لازىم.

ھازىرقى كۈندە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەمىنات ئىشلىرىنى، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مۇستەھكەم سىياسىي ئاڭ بولۇشى كېرەك.

مۇستەھكەم سىياسىي ئاڭ بولمىسا، تەمىنات، مائارىپ ئىشلىرىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، مەن تۇرپان خەلقىنىڭ مۇستەھكەم سىياسىي ئاڭ ۋە بىرلىكىڭىزلارنىڭ ساقلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھازىرقى تۇرپان خەلقى پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە ئۈلگە بولالايدۇ. بۈگۈنكى تۇرپان خەلقىنىڭ ئىتتىپاقى ۋە بىرلىكىگە قاراپ پۈتۈن ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ، دەپ سۆزۈمنى تاماملايمەن (گۈلدۈراس ئالقىشلار).

ياشىسۇن خەلقىمىزنىڭ بىرلىك - ئىتتىپاقى!
ياشىسۇن خەلقىمىزنىڭ ئىستىقبالى!
ياشىسۇن خەلقىمىزنىڭ ھۆرلۈكى، ئەركىنلىكى!

ئەخمەت ئەپەندىم سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، پۈتۈن مەيداندا ئۇزۇنغا سوزۇلغان چاۋاك سادىسى ياڭراپتۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ شوئار ئاۋازلىرى يەر - جاھاننى لەرزىگە ساپتۇ. ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تاشقان كىشىلەر ئەخمەت ئەپەندىمنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ قە-

دىرلىك رەھبىرىگە بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەپتۇ، ئەپەندىم ھەرقانچە قىلسىمۇ ئامما ئۇنى يەرگە چۈشۈرمەپتۇ. يېنىدا تۇرغان رەھىمجان، ئابدۇراھمان مۇھىتى قاتارلىقلارنىڭ قايتا - قايتا دەۋەت قىلىشى ئارقىسىدا، ئامما ئاران تەستە ئەپەندىمنى يەرگە چۈشۈرۈپتۇ. ئەپەندىم پىكاپقا چىقىپ قوزغىلىپ بولغۇچە، كەيپىياتى پەلەككە يەتكەن خەلق، يەنە بىر قېتىم ئەپەندىمنى پىكاپ بىلەن تەڭ قوشۇپ كۆتۈرۈۋاپتۇ.

ھالبۇكى، شۇ كۈنى، يەنى 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، دەل ئەخمەتجان تۇرپاننى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان پەيتتە، ئۈرۈمچىدە كىچىك كۆلەملىك ئاممىۋى نامايىش يۈز بەردى.

20 - چېسلا، ئۈرۈمچىنىڭ ئاققوۋۇق سىرتىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۇلۇبىدا ئۇيغۇر ئاممىسى يىغىن ئېچىپ، گومىنداڭنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى. ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەھەت مەخسۇم يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئابلەھەت مەخسۇم ئىككى ئاي ئىلگىرى نەنجىڭدە ئېچىلغان «مىللىي قۇرۇلتاي»غا قاتنىشىپ، گومىنداڭنىڭ ساختا خەلقچىللىق رەزىل قىياپىتىنى كۆرۈپ يېتىپ ئاخىرقى ئۈمىدىنى ئۈزگەنىدى. مانا ئەمدى گومىنداڭ دائىرىلىرى ئىككى يۈزلىمىچىلىك نەيرىڭىنى ئىشقا سېلىپ، خەلقنى ئالداپ، كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاۋاتىدۇ. خەلق ئاممىسى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ «تىنچلىق بىتىمى»نى كۆزگە ئىلماي، قوراللىق زوراۋانلىق قىلىشىدىن ھەرگىز يانمايدىغانلىقىنى، ئەكسىيەتچىلەردىن ياخشىلىق كۈتۈشكە بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئاممىۋى يىغىندا يۇقىرىقى ئەھۋاللار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، گومىنداڭنىڭ «تىنچلىق بىتىمى» نى خالىغانچە دەپسەندە قىلغان ۋە خەلققە زۇلۇم سالغان جىنايى قىلمىشلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىندى. يىغىنغا قاتناشقانلار بارغانسېرى غەزەپكە كېلىپ، يىغىن ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا 500 دىن ئارتۇق ئادەم پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ، ئۆزلۈكىدىن كوچىغا نامايىشقا چىقتى، نامايىشچىلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ، ھۆكۈمەتكە 30 نەچچە تۈرلۈك تەلەپنى قويدى. ھېلىمۇ ياخشى، پۈتكۈل نامايىش تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلغاچقا، ساقچىلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلمىدى.

ئۈرۈمچىدە قېپقالغان ئابدۇكېرىم ئابباسوف دەرھال تۇرپانغا تېلېفون بېرىپ، ئەپەندىمگە بۇ يەردە يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللارنى مەلۇم قىل-

دى، ئەپەندىم ئابدۇكېرىمگە ئاما ئۆزىنى بېسىۋالسۇن، دەرھال تارقىلىپ كەتسۇن دەپ، يوليورۇق بەردى.

تۇرپاندىكى ئەھۋالغا كەلسەك، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەن، يەنى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئەپەندىم 50 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاستانە با-زىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغاندا، دەل جامائەتنىڭ جۈمە نامىزىدىن تارقالغان ۋاقتىغا توغرا كەپتۇ. ئەپەندىمنىڭ «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە» دەيدىغان مىجەزى بولغاچقا، يۇرتداشلار بىلەن كوچىدا كەڭ ـ كۇشادە يۈز كۆرۈشۈپتۇ. تەرەپ ـ تەرەپتىن خەۋەر تېپىپ كەلگەن دېھقانلار شەھەر ئىچىدىن ئەگىشىپ كەلگەن ئاممىغا قوشۇلۇپ، كىچىككىنە ئاستانە بازىرىنى بىردەمدىلا ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇۋېتىپ-تۇ. ئەخمەت ئەپەندىم يەنە بىر قېتىم ئۇزاقتىن كەلگەن ئادەملەرنىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرىسىدە قاپتۇ. توپلانغان خەلق ئاممىسى ئەپەندىمنى يەنە بىر قېتىم نۇتۇق سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئەپەندىم ئىلاجسىز قەدىمىنى توختىتىپ، جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ئاممىغا نۇتۇق سۆزلەپتۇ. ئۇنىڭ يېقىملىق، چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرى خەلق ئاممىسى-نىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپتۇ:

> مۆھتەرەم ئاتا، ئاكا ـ ئۇكا، ئانا، سىڭىللار! مەن سىزلەر-گە چىن كۆڭلۈمدىن ھېسابسىز، ھېسابسىز، ئېيتىپ تۈگەتكۈ-سىز تەشەككۇرۇمنى بىلدۈرىمەن.
>
> سىزلەرگە رەھمەت، رەھمەت، رەھمەت!... ئېتىقادىڭىزلار-غا رەھمەت، ھۆرمىتىڭىزلەرگە رەھمەت، ئىززەتلىگىنىڭىزلەرگە رەھمەت، بىرلىك ـ ئىتتىپاقىڭىزلارغا رەھمەت، بۈگۈنكى كۈننى تونۇغانلىقىڭىزلارغا رەھمەت، مېنى ۋە سىياسەتنى توغرا تونۇ-غانلىقىڭىزلارغا رەھمەت (داۋاملىق ئالقىشلار).

ئەپەندىم خەلقىمىزنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ ئۆلكىلىك بىر-لەشمە ھۆكۈمەتتىن ئورۇن ئالغانلىقىنى ھىمايە قىلىشى كېرەكلىكى ھەمدە ئۆزىنىڭ زىممىسىدىكى ئېغىر ۋەزىپىلەر ئۈستىدە توختىلىپتۇ. شۇنداقلا «تىنچلىق بىتىمى»نى ئىجرا قىلىشنىڭ ئۆزى مۇستەبىت ھا-

كىمىيەتنى يوقىتىپ، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ
تەدبىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈپتۇ ۋە شۇنداق قىلغاندىلا خەلققە
ئەركىنلىك، بەخت ئەكەلگىلى بولىدىغانلىقىنى بايان قىپتۇ.
ئەپەندىمنىڭ سۆزىدىن قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن ئامما قاتتىق
ھاياجانلىنىپ، توختىماي چاۋاك چېپىتۇ، «ياشىسۇن باشپاناھىمىز ئەخمەت
ئەپەندى!» دەپ ئۈنلۈك شوئار توۋلىشىپتۇ. ئەپەندىم يەنە مۇنداق دەپتۇ.
«سىزلەر مېنى ئىنسانپەرۋەر، خەلقچىل، دەپ ھۆرمەت قىلدىڭىزلار.
سىزلەر مېنى ‹خەلق داھىيسى›، ‹خەلق دوستى› دەپ ھۆرمەت قىلدى-
ڭىزلار، سىزلەر مېنى ۋەكىلىمىز دەپ ھۆرمەت قىلدىڭىزلار، سىزلەر
مېنى بىزنىڭ يىغىمىزنى يىغلايدۇ دەپ ھۆرمەت قىلدىڭىزلار، سىزلەر
مېنى بىزنىڭ ھوقۇقىمىزنى ھىمايە قىلىدۇ دەپ ھۆرمەت قىلدىڭىزلار،
سىزلەر مېنى بىزنىڭ مەنپەئەتىمىزنى كۆزلەيدۇ دەپ ھۆرمەت قىلدى-
ڭىزلار، مۇشۇ چۈشەنچە بىلەنلا ھۆرمەت قىلغانلىقىڭىزلارغا رەھمەت. مەن
ھازىر مۇئاۋىن رەئىس، مېنى مۇئاۋىن رەئىس دەپلا ھۆرمەت قىلسىڭىزلار
توغرا بولماس ئىدى. مەن سىزلەرنىڭ ئۇ چۈشەنچىڭىزلەرگە لايىق بول-
سام، سىزلەرنىڭ ئۈمىدىڭىزلەرنى ئاقلىيالىسام، مەن ئۇ ھۆرمەتكە لايىق
بولغان بولار ئىدىم. لېكىن مۇشۇ ئىززەت، مۇشۇ ھۆرمەت بىلەن، ئۆزد-
ڭىزلەرنىڭ ھازىرقى سىياسەتنى ھۆرمەت ۋە ھىمايە قىلىدىغانلىقى-
ڭىزلارنى ئىپادە قىلغانلىقىڭىزلارغا رەھمەت. لېكىن، مەن سىزلەر ئويى-
لىغانچىلىك ھۆرمەتكە، ئىززەتكە لايىق ئەمەسمەن، چۈنكى مۇنچىلىك
ئىززەت ۋە ھۆرمەت ھېچ ۋاقىتتا بىر كىشىگە خاس ئىززەت ـ ھۆرمەت
بولالمايدۇ. مۇنچىلىك ھۆرمەت، مۇنچىلىك ئىززەت ئەگەر خەلق ئۈستى-
دىكى يۇقىرىقى ھاكىمىيەتكە قارىتىلغان بولسا، ھەقىقىي خەلق ۋەكىل-
لىرىدىن تەشكىل قىلغان، ھەقىقىي خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان
خەلق قۇرۇلتىيىغا ياكى مەجلىسىگىلا خاس ئىززەت ۋە ھۆرمەت بولى-
دۇ. توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇنداق ئىززەت ۋە ھۆرمەت يالغۇزلا ھوقۇقىنى
تونۇغان، ھازىرقى سىياسەتنى توغرا چۈشەنگەن قورقماس يۈرەك، يېڭىل-
مەس كۈچ، تۈگىمەس قۇدرەت، نۇرغۇنلىغان ئىمتىھاندىن ئۆتكەن دانا،
ئادىل، قابىل، قادىر خەلقىمىزگىلا خاس ئىززەت ـ ھۆرمەت بولىدۇ.
مۇشۇ ھۆرمەت بىلەن ئۆزىڭىزلەرنىڭ ھازىرقى سىياسەتنى ھۆرمەت
ۋە ھىمايە قىلىدىغانلىقىڭىزلارنى ئىپادە قىلغانلىقىڭىزلارغا رەھمەت.

(چاۋاكلار)

ئەپەندىم ئاخىردا كۆپچىلىكنى «تىنچلىق بىتىمى»نى ئۇزۇل - كېسىل ئىجرا قىلىشقا، بىرلىك - ئىتتىپاقلىققا، خەلقچىل سىياسەتنى قوغداش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىرىپتۇ ۋە سۆزىنى شوئارلار بىلەن ئاياغلاشتۇرۇپتۇ:

ياشىسۇن خەلقچىل سىياسەت!
ياشىسۇن خەلقىمىزنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ھۆرلۈكى!
ياشىسۇن خەلقىمىزنىڭ باراۋەرلىكى!
ياشىسۇن مىللەتلەرنىڭ دوستلۇقى!
يوقالسۇن ئىستىبدات ھاكىمىيەت!
ئەبەدىي كەلمىسۇن خەلقىمىزنىڭ بېشىغا قارا زۇلۇم سىياسەت!

خەلق «ياشىسۇن ئەخمەت ئەپەندىم!» دەپ شوئارلار ياڭرىتىپ، ئەخمەت ئەپەندىمنى يەنە بىر قېتىم بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈۋاپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ ئاستانىگە كەلگەنلىك خەۋىرى ناھايىتى تېزلا پىچانغا تاراپتۇ. مىڭلىغان دېھقانلار ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن پىچاندىن ئاستانىگە قاراپ يولغا چىققانىكەن، ئەخمەتجان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇلار كەلمىسۇن، ئۆزۈم ئالدىغا بارىمەن دەپ دەرھال ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئاستانىدىن ئاران تەستە خوشلىشىپ، پىچانغا قاراپ ماڭغاندا، ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان خەلق يەنىلا ئېشەكلىك، ئاتلىق، ھارۋىلىق ياكى پىيادە ئەپەندىمنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ.

ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەلگەن 3000 دىن ئارتۇق پىچان خەلقى تۇيۇق دېگەن يەردە ئەپەندىم بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. ئامما ھاياجىنىنى باسالماي، قىزغىن چاۋاك، شوئارلار ئىچىدە ئەخمەتجاننى قاتمۇقات ئورىۋاپتۇ، ئۇنىڭ نۇتۇق سۆزلەپ بېرىشىگە تەشنالىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئەخمەتجان ئەمدى سۆز ئېچىشىغا، ئارقا تەرەپتە تۇرغانلار: «كۆرەلمىدۇق، كۆرەلمىدۇق» دەپ ۋارقىرىشىپتۇ. ئەپەندىم دەرھال بىرلا ئىرغىپ يېنە-

دىكى ئاتنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ - دە، ئاتنىڭ ئېگىرى ئۈستىدە تىك تۇرۇپ ئامىمغا قول ئىشارىتى بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. كىشىلەر بۇنداق ئالىي رەھبەرنىڭ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئاددىي خەلققە ھۆرمەت بىلدۈرۈشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىكەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پۈتۈن مەيداندىكىلەر قىزغىن چاۋاك ياغدۇرۇپتۇ. قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن بۇ ئاتەش زېمىندا ئەخمەتجاننىڭ جاراڭلىق ئاۋازى يەنە بىر قېتىم ياڭراپتۇ:

«ئۆتكەن يىل 7 - ئايدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، مەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋەكىللىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتناشتىم. مەن ئاددىي بىر ئادەم، خەلقنىڭ ئوغلى».

ئەپەندىمنىڭ سۆزى خەلقنىڭ ئالقىش سادالىرى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ: «ئۆتكەن يىل 1 - ئايدا مەن ۋە مانا مۇشۇ يىغىندا تۇرغان رەھىمجان، ئىلىدىكى ئوبۇلخەيرى تۆرە ئۈچىمىز خەلق نامىدا ‹تىنچلىق بىتىمى› گە ئىمزا قويدۇق» دەپتۇ ئەپەندىم ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ. ئۇ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە يەنە قىزىقچىلىق قىلىپ كۆپچىلىكتىن سوراپتۇ: «سىزلەر مۇشۇنداق قىلغىنىمىزغا رازىمۇ - رازى ئەمەسمۇ؟» شۇ ھامان پۈتۈن مەيداندا يەنە بىر قېتىم گۈلدۈرمامىدەك چا-



ئەخمەتجان 1947 - يىلى 2 - ئايدا تۇرپاننى كۆزدىن كەچۈرگەندە، ئاممىغا ئات ئۈستىدە تۇرۇپ نۇتۇق سۆزلىدى.

ۋاڭ ئاۋازى ياڭراپ، ھەممەيلەن تەڭلا: «بىز رازى! بىز رازى!» دەپ چۇقان سالپتۇ.

ئەپەندىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «سىزلەر پىچان خەلقىمۇ مېنىڭ تىنچلىق بىتىمىگە ئىمزا قويغىنىمغا رازى بولغانىكەنسىزلەر، ئۇنداقتا بۇ ‹تىنچلىق بىتىمى›نى قەتئىي ئىجرا قىلىشىڭىزلاردا سۆز يوق» دەپتۇ.

ئەپەندىم مېغىزلىق، چۈشىنىشلىك سۆزلەر بىلەن ئىخچام سۆزلەپتۇ. ــ دە، سۆزى ئاخىرلىششى بىلەن ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ يىغىلىشقا قاتناشقان ئاممىغا يەنە بىر قېتىم سالام بېرىپتۇ.

پۈتۈن مەيداندىكى ئاممىا «ياشىسۇن ئەخمەت ئەپەندىم!» «سىزنى خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!» دېگەندەك شوئار ــ تىلەكلەرنى ياڭرىتىپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ ھەمراھلىرىدىن رەھىمجان، ئابدۇراھمان مۇھىتىلارنىڭ قايتا ــ قايتا دەۋەت قىلىشى بىلەن، كىشىلەر ئاخىر يول ئېچىپ بېرىپتۇ. شۇ كۈنى كەچتە، ئەپەندىم قاتارلىقلار پىچانغا يېتىپ كەپتۇ.

21 ــ چېسلا، يەنى ئەپەندىم پىچاندىكى ۋاقتىدا، ئۈرۈمچىدىكى ئاممىا يەنە داۋاملىق نامايىش قىلدى، نامايىشچىلار لوزۇنكىلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ شوئار توۋلاپ، «تىنچلىق بىتىمى»نى قەتئىي ئىجرا قىلىش ھەققىدە ھۆكۈمەتكە 55 تۈرلۈك تەلەپ قويىدى ھەمدە 72 سائەت ئىچىدە جاۋاب قايتۇرسۇن دەپ ئىلتىماس سۇندى.



بۇ كۈندىكى نامايىش ئاساسىي جەھەتتىن تەرتىپلىك ئۆتكەن بولسىمۇ، بىراق ئالاقىزەدىلىك ئىچىدە قالغان گومىنداڭنىڭ جاھىل كۈچلىرى نامايىشقا چىققان ئاممىنى قاتتىق باستۇرماقچى بولدى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئابدۇكېرىم ئاباسوف ئوتتۇرىغا چىقىپ نامايىشچى ئاممىغا نەسىھەت قىلدى، لېكىن نامايىشچىلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تېزدىن جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئاخىرىدا ھەر تەرەپلىمە، قايتا ــ قايتا سۆزلىشىش ۋە سەۋرچانلىق بىلەن قايىل قىلىش ئارقىلىق نامايىشچىلار قوشۇنى ئاستا ــ ئاستا تارقىلىپ كەتتى.

كېيىن، ئەخمەتجان «21 ــ فېۋرال» ئاممىۋى نامايىش ۋەقەسى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقاردى:

21 ـ فېۋرالدا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن نامايىش ناھايىتى
ئىنتىزاملىق بىلەن ئۆرنەك بولغۇدەك ئۆتكەن. بۇ نامايىش خەلق-
نىڭ بىرلىكى ۋە ئىتتىپاقىنى ئەمەلدە ئىسپات قىلغان. ھۆكۈمەت-
كە تاشلانغان تەلەپلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇۋاپىق تەلەپلەر ئى-
دى، لېكىن تەلەپلەرنىڭ جۈملە قۇرۇلۇشى ناھايىتى ئالدىراق-
سانلىق بىلەن ئويلىماستىن تۈزۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەڭ
زور خاتالىقلارنىڭ بىرى 55 ماددىدىن ئىبارەت تەلەپ تۈزۈپ،
ئۇنىڭ تولۇق ئورۇنلىنىشىغا 72 سائەت مۇددەت قويغانلىق. مەن
پىچاندا تۇرۇپ تېلېفون ئارقىلىق نامايىش بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى
ۋە نامايىشچىلارنىڭ قويغان تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ خاپا بولدۇم.
ئابدۇكېرىم ئەپەندىگە مېنىڭ نامىمدىن خەلققە جاۋاب بېرىڭ،
تېز تارقىلىپ كەتسۇن، مەن ئۆزۈم بېرىپ خەلققە جاۋاب بېرد-
مەن، دېدىم. ئابدۇكېرىم ئەپەندىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىغانلار
بولۇپتۇ. 55 ماددىلىق تەلەپ بېرىپ 72 سائەت مۇددەت بەردى
دېگەن سۆز ئورۇنلىساڭ ئورۇنلا، ئەگەر 72 سائەت ئىچىدە ئو-
رۇنلىيالمىساڭ باشقا ھۆكۈمەت قۇرىمىز، دېگەن سۆز بولىدۇ.
قانداقلىكى بولمىسۇن، نامايىشتا خەلق قويغان تەلەپلەر بول-
غانلىقتىن، بىز خەلق ۋەكىلى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، تەلەپلەر-
نىڭ تولىسىنى ھۆكۈمەت مەجلىسىدە قۇۋۋەتلەپ ھىمايە قىلىپ
چىقىشقا مەجبۇر بولغانىدۇق، ھۆكۈمەت بۇ تەلەپلەرنىڭ ئۇس-
تىدىن قارار چىقارغاندىن كېيىن، بىز نامايىشچىلار ۋەكىللىرىگە
ھۆكۈمەتنىڭ جاۋابىنى بەرگەنىدۇق. ئەمما بۇ نامايىش بىز تە-
رەپتىن قوزغالغان ئەمەس.

ئۈرۈمچىدە نامايىش يۈز بەرگەن چاغدا، مەن «جەنۇبىي گۈلباغ»دىكى
ئۆيىمىزدە ئىدىم. سىرتتىكى ئەھۋالنىڭ كەسكىنلىكىنى ئاڭلاپ، جىد-
دىيلىشىپمۇ قالدىم. شۇ كۈنى ئاخشىمى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئەخمەت-

جانغا يەنە بىر قېتىم تېلېفون قىلىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلىپتۇ. ئەخ-مەتجان ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ، شۇ ھامان تۇقسۇننى كۆزدىن كەچۈرۈش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئابدۇكېرىم ئاباباسوفقا ئەتىسى تېزدىن ئۈرۈمچىگە قايتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. كېچىدە ئابدۇ-كېرىم ماڭا تېلېفون قىلىپ، ئەپەندىمنىڭ ئەتە قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى ۋە ھەر خىل تەييارلىقلارنى قىلىپ قويۇشۇمنى جېكىلەپ، ھا-زىرچە بەك ئەنسىرەپ كەتمەسلىكىمنى تاپىلىدى.

گومىنداڭ جاھىل كۇچلىرى «21 ـ فېۋرال» ئاممىۋى نامايىشىنى «ئۇيغۇرلارنىڭ نامايىشى» دەپ ئاتىدى. ئەمما مۇھىمى، بۇ كۇندىكى نامـا-يىش ناھايىتى تىنچ ئاخىرلاشتى. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئابدۇكېرىم ئاباباسوف بۇ قېتىمقى نامايىشنى ئوڭۇشلۇق پەسەيتىپ، زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشى ۋە قانلىق ۋەقە يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

ئۈرۈمچىدە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكتىن، ئەپەندىم پىچاننى كۆزدىن كە-چۈرۈشنى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملاپ، توقسۇنغا بېرىش پىلانىنىمۇ ئە-مەلدىن قالدۇرۇپ، دەرھال ئۈرۈمچىگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقماقچى بوپتۇ. بىراق ياتاقنىڭ ئىشىكىدىن چىقار ـ چىقمايلا، ئۆزىنى ئۈچۈن كەلگەن ئامما تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم قاتمۇقات ئورىۋېلىنىپتۇ. ئەس-لىدە بۇ يەردىكىلەر ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ تۇرپاندا پىكاپنىڭ ئۈستىدە، تۇيۇقتا ئاتىنىڭ ئېگىرىدە تىك تۇرۇپ ئاممىغا ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقانىكەن ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ كۆڭلىگە ئاجا-يىپ ياققانىكەن. يۇقىرالار ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارىنىڭ بۇنداق قىلىپ باققىنىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا، بۇ ئىش قۇلاقتىن ـ قۇلاققا يېتىپ، ناھايىتى تېزلا ئامما ئىچىدە تارقالغانىكەن. شۇڭا ئەپەندىم ئامما ئارىسىدىن پەقەت چىقالماي قاپتۇ، ئىلاجسىزلىقتىن پىچان ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا خەلققە يەنە بىر قېتىم سۆز قىلىپ خوشلىشىپتۇ. سۆزىدە پىچاندىكى ئاممىنىڭ يولنى ئۇزۇن دېمەي تۇرپان ئاستانىغا كۆرۈشكىلى ماڭغانلىقىنى ئاڭلاپ، خەلقنى ئالاھىدە يوقلاپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ، ئامما قىزغىن چاۋاك چېلىپ، ئۇنلۇك بەخت تىلەپ خوشلىشىپتۇ ۋە يەنە بىر قېتىم «ياشىسۇن يولباشچىمىز ئەخمەت-جان ئەپەندى!» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلىشىپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ تۇرپان ۋە پىچاندا قىلغان سۆزلىرى خەلقنىڭ كۆڭلد-

گە ياققان، ئەپەندىم سۆزىدە ئاممىنىڭ ھېسسىياتىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان گەپ - سۆزلەردىن خالىي بولۇپ، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك سۆز - ئىبارىلەر بىلەن ئۆز مەقسىتىنى ئىپادىلىگەن ۋە خەلقنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، كېيىنكى كۈرەشلەردە باتۇرانە ئالغا ئىنتىلىشى ئۈچۈن ئاساس سالغانىدى.

ئەپەندىمنىڭ تۇرپاننى كۆزدىن كەچۈرگەنلىكى ۋە بۇ جەرياندا سۆزلىگەن بىرنەچچە قېتىملىق نۇتقى ئەينى چاغدا ئۈرۈمچىدە چىقىدىغان ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى»گە بېسىلىپ خەۋەر قىلىندى. ئوقۇرمەنلەر تەپسىلىي ئەھۋالنى بىلمەكچى بولسا شۇ گېزىتنى كۆرسە بولىدۇ.

ئەپەندىم ئەندىشە ئىچىدە ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۈرۈمچىدە قانلىق ۋەقە يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، يول بويى تاماقمۇ يېمەي، توختىماي مېڭىپتۇ. ماشىنا ئەگرى - توقاي تاغ يولىدا تېز يۈرەلمىگەچكە، داۋانچىڭغا كەلگۈچە ئۇلار بىر يۇتۇم سۇمۇ ئىچەلمەپتۇ. چۈشكە يېقىن داۋانچىڭغا يېتىپ كېلىپ، يول چېتىدىكى ئاددىي بىر ئاشخانىغا كىرىپتۇ - دە، ئالدىغا قىزغىنلىق بىلەن يۈگۈرۈپ چىققان ئاشپەز ئۇستامغا ھەربىرى ئۈچۈن بىر تەخسىدىن لەغمەن كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. بۇ چاغدا رەھىمجاننىڭ كۆزىگە تامغا ئېسىقلىق تۇرغان دۇتار چېلىقىپتۇ - دە، چاقچاق قىلغۇسى كېلىپ، ئالدىراش تاماق ئېتىۋاتقان ئاشپەز ئۇستامنى گەپكە ساپتۇ:

— ئۇستام، پاھ، سىزنىڭ بۇ دۇتارىڭىز ئاجايىپقۇ، قارىغاندا سىزمۇ ناخشا - پاخشا ئېيتىپ تۇرىدىكەنسىز - دە؟

ئاشپەز ئۇستام قويۇق تۇرپان شېۋىسىدە سۆزلەپلا كېتىپتۇ:

— بىز ئۇيغۇرلار مايناق ناخشا - ئۇسسۇلغا خۇمار خەق. بىيەگە كېپ تاماق يەيدىغان مېھمانلار بەزىدە دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، مېنىڭ بۇ كىچىككىنە ئاشخانامنى قىزىتىۋېتىدۇ، — ئاشپەز ئۇستام خۇشاللىقىدا شاگىرتىنى مېھمانلارغا تاماق سۇنۇشنى بۇيرۇپ، ئۆزى تامدىكى دۇتارنى قولىغا ئاپتۇ - دە، دۇتارنىڭ پەدىسىنى توغرىلىغاچ رەھىمجاندىن سوراپتۇ:

— قارىغاندا ئۆزلەمۇ دۇتار چالىدىغاندەك تۇرىدىلا، بىرەر پەدە چەپ بەرمەملا؟

— ياق، مەن چالالمايمەن، ئۆزىڭىز چېلىپ بېرىڭە! — دەپتۇ رە-

ھەمجان جاۋابەن.

ئاشپەز ئۇستام چايدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ، ئاغزىنى سىلىغۇەتكەندىن كېيىن:

— بولىدۇ، ئۇنداق بولسا مەن سىزلەرگە «داۋانچىلىك» نى ئېيتىپ بېرەي، — دەپتۇ - دە، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ:

داۋانچىڭنىڭ يېرى قاتتىق تاۋۇزى تاتلىق،
داۋانچىڭدا بىر يارىم بار قەمبەرخان ئاتلىق.
......

ئەپەندىم ئۇستامنىڭ ناخشىسىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ چېقىشىپ سوراپتۇ:

— قەمبەرخان ئاتلىق قىز راستتىنلا داۋانچىڭدا ئۆتكەنمۇ، ئۇستام؟

— بۇنى مەن نەدىن بىلەي، بىراق بۇ ناخشا دەقيانۇسنىڭ زامانىسىدىن تارتىپلا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقۇدەك. مەن چوڭ بولۇپ ئەقلىمنى تاپسام بۇ ناخشا باركەندۇق، ئاڭلىسام بوۋامىۇ بۇ ناخشىنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. بۇ بىر كونا ناخشا دەپباقسىلارا، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مەشرەپلەردە بىرىنچى بولۇپ مۇشۇ ناخشىنى ئېيتىمىز دېسىلە!

ئەخمەتجان بىلەن رەھىمجان قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— ئۇستام، داۋانچىڭنىڭ تاۋۇزى راستتىنلا شۇنداق تاتلىقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم يۇمۇرلۇق قىلىپ. ئاشپەز دۇتارىنى بىر يانغا تىكلەپ قويۇپ، بىر تەخسە لەڭمەننى ئەخمەتجاننىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ - دە، جاۋاب بېرىپتۇ:

— سىلىمۇ - زە، قەستەن سوراۋاتىدىلا - ھە؟ داۋانچىڭدا تاۋۇز نېمىش قىلسۇن؟ داۋانچىڭنىڭ تاۋۇزلىرىنى ئاللىقاچان قارا بورانلار ئاپقېچكەتكەندۇ، — ئاشپەز ئۆزىنىڭ سۆزىدىن ئۆزى قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

ئەپەندىم تاماق يەپ بولۇپ ئاشخانىدىن چىقىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلاپتۇ. ھەيۋەتلىك بوغدا چوققىسى ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان، تاغ باغرىدىكى چەكسىز ئوتلاق قار ئاستىدا ئۇخلاپ ياتقان. ئەپەندىم چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، قەدىمىي يول ۋە ئۇرۇش مەيدانىدىكى بۇ قەلئەگە، ئۇدۇل

ئۈرۈمچىگە كىرىشتىكى بوغۇز ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغان داۋانچىڭ تاغ ئېغىزىغا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن كۆز تىكىپتۇ. ئۇ ئاشخانا ئالدىدا باشقا مېھمانلار بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، ئالدىراپ ماشىنىغا چىقىپتۇ ـ دە، ئۇچقاندەك يۈرۈپ كېتىپتۇ.

ئاشپەز ئۇستام ئاشقان پۇلنى ئېلىپ مېھمانلارغا قايتۇرۇش ئۈچۈن ئالدىراپ ئىشىكتىن چىققاندا، مېھمانلار ئولتۇرغان ماشىنا ئاللىقاچان ئۇزاپ كەتكەنىكەن. ئاشپەز ئۇستام يىراقلاپ كېتىۋاتقان ماشىنىغا قاراپ، بۇ ئادەمنىڭ خەلق قەدىرلەيدىغان ئەخمەت ئەپەندىم ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە ئەپەندىمنىڭ مۇشۇ كىچىككىنە ئاشخانىدا ئۆز قولى بىلەن ئەتكەن تاماققا ئېغىز تەگكىنىدىن خۇرسەنلىك ھېس قىپتۇ. ئۇ قايتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان پۇلنى چىڭ سىقىمدىغان پېتى يىراقلاپ غايىب بولاي دەپ قالغان ماشىنىنىڭ كەينىدىن ھاياجان ئىچىدە كۆز ئۈزمەي قاراپ قاپتۇ...

غەيرەتجان ئوسمان
海热提江·乌斯曼
Ghayrat jan Osman